# قىسقىچە پەلسەپە لۇغىتى

# (1)

م. روزېنتال، پ. يۇدىن

مىللەتلەر نەشرىياتى

قىسقىچە پەلسەپە لۇغىتى (1)
مىللەتلەر نەشرىياتى

内 部 发 行
书号 M2049（4）23 上

# قىسقىچە پەلسەپە لۇغىتى

(1)

تۈزگۈچىلەر: م. روزېنتال، پ. يۇدىن

تەرجىمىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: م.ئابلاخۇن

مىللەتلەر نەشرىياتى

# نەشرىياتتىن

سوۋېت ئىتتىپاقى پەيلاسوپلىرى روزېنتال، يۇدىن تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «قىسقىچە پەلسەپە لۇغىتى» («كىچىك پەلسەپە لۇغىتى») دەسلەپ 1939-يىلى نەشر قىلىنغان، كېيىن بىرنەچچە قېتىم تۈزىتىلگەن، پۈتۈن لۇغەتكە جەمئى 610 سۆزلۈك كىرگۈزۈلگەن، ئۇ دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمنى تەتقىق قىلىش ۋە پەلسەپە تارىخىنى ئۆگىنىشتە مەلۇم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. لېكىن بۇ لۇغەتتە بەزى خاتالىق ۋە كەمچىلىكلەرمۇ بار، كىتابخانىلارنىڭ ئوقۇغاندا تەھلىل قىلىشى ۋە پەرقلەندۈرۈشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

كىتابخانىلارنىڭ ئۆگىنىش تەلىپىگە لايىقلىشىش ئۈچۈن، بۇ لۇغەت خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1958-يىلى نەشر قىلىنغان 2-نەشرى، 9-باسمىسىغا ئاساسەن نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

بۇ لۇغەتنىڭ تەرجىمىسىنى ئىسلام مەخسۇت، ئابدۇكېرىم، تۇرسۇن سادىق، ھورنىسا مامۇت، تۇرغۇنجان سۇلتان، ئىمىن يۈسۈپ، قۇتىڭشۇن، ئايشەم تاۋار، خۇاڭ دۇنبۇ، خەلچەم، يۈي ئەيدى ئىشلىدى، تەرجىمىنىڭ تەھرىرلىكىنى ئابدۇللا ئابلىز، رىيىمجان، م.ئىبلاخۇن ئىشلىدى.

## تۈزگۈچىدىن

«قىسقىچە پەلسەپە لۇغىتى»نىڭ 4-نەشرىگە 3-نەشرىدە بولمىغان بىرمۇنچە يېڭى سۆزلەر، تولۇقلىمىلار ۋە ئاتالغۇلار كىرگۈزۈلدى. بۇ لۇغەتنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن، قىسمەن سۆزلەرگە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى، بەزىلىرى قايتىدىن يېزىلدى ۋە تېگىشلىك قوشۇمچە قىلىندى.

4-نەشرىدە 1952-يىلدىكى 3-نەشرى چىققاندىن كېيىن گېزىت-ژۇرناللاردا ۋە كىتابچىلاردىن كەلگەن خەتلەردە قويۇلغان پىكىرلەر ۋە قىلىنغان مۇزاكىرىلەرمۇ نەزەرگە ئېلىندى.

1955-يىلدىكى كۆپەيتىلگەن 4-نەشرىدىمۇ بىرمۇنچە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى.

# مۇندەرىجە

## I

## ئا


ئابلىيار ........................ 1
ئابستراكت ئوخشاشلىق .................. 1
ئابوۋيان ........................ 5
ئاتلىق تۈزۈم ...................... 5
ئاتوم ........................ 7
ئاتوم يادروسى ...................... 14
ئاخۇنەۋۋ ........................ 17
ئارىستوتېل ........................ 19
ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئۆزگىرىپ بېرىشى ئىلمى ........... 23
ئاق ئاختاي ........................ 27
"ئاقلانىلار" ........................ 27
ئاكۆنا ........................ 29
ئاللا ........................ 30
ئائىلە ........................ 33
«ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» ... 37
ئالاھىدىلىك ........................ 39
ئالەم ........................ 39

ئالەمنىڭ مەركىزى قۇياش ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى تەلىمات ۋە
ئالەمنىڭ مەركىزى يەر شارى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى
تەلىمات .......................... 39
ئامىل نەزەرىيىسى .......................... 40
ئاناكساگور .......................... 41
ئانتاگونىستلىق زىددىيەت ۋە ئانتاگونىستسىز زىددىيەت ..... 42
ئانتروپولوگىزىم .......................... 49
ئانتىنومىيە .......................... 50
ئانتوتوۋىچ .......................... 51
ئانتولوگىيە .......................... 54
ئاڭلىق تۈزۈم .......................... 55
ئانىمىزىم .......................... 57
ئاۋېرروئې .......................... 58
ئاۋىېنارىئۇس .......................... 58
ئاۋگۇستىن .......................... 59
ئاۋىتسېننا .......................... 60

## ب

باراۋەرلىك .......................... 61
بازىس ۋە ئۈستقۇرۇلما .......................... 63
باكۇنىن .......................... 70
برۇنو .......................... 73
بېركلى .......................... 74
بېركسون .......................... 76
بېرنشتېين .......................... 78
بېقىندا سەزگۈ .......................... 79

بېكون، روجېر ........ 80
بېكون، فرەنسىس ........ 81
بېلىنسكىي ........ 84
بىر بىرىگە تەسىر كۆرسىتىش ........ 93
«بىر قەدەم ئالغا، ئىككى قەدەم ئارقىغا» ........ 93
بىر ئىلاھلىق دىن ........ 97
بىرلىك ........ 98
بىر مەنبەچىلىك ........ 98
«بىر مەنبەچىلىك تارىختىكى تەرەققىياتى مەسىلىسى
توغرىسىدا» ........ 99
بىلىش ........ 100
بىلىش نەزەرىيىسى ........ 106
بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى ........ 107
بىۋاستە سېزىم ........ 110
بىۋاستە سېزىمچىلىك ........ 111
بوتېيۇ ........ 111
بوگدانوۋ ........ 113
بۆتلېروۋ ........ 115
بۇددا دىنى ........ 119
بۇرژۇئا ئوبيېكتىپچىلىقى ........ 120


## پ


پاراللېلىزىم ........ 124
پان روھچىلىق ........ 125
پان ئىدىرەكچىلىك ........ 125
پان ئىلاھچىلىق ........ 126

پاۋلوۋ . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 126
پروتېستانت دىنى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 131
پرۇدون . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 134
پېتراشېۋسكىچىلار . . . . . . . . . . . . . . . . . . 136
پېرسونالىزم . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 140
پىتاگوراسچىلار . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 142
پىسارېۋ . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 143
پىسخولوگىيە . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 149
پىكىر . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 152
پىئېر . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 152
پلاتون . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 154
پلېخانوۋ . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 157
پوپچىلىق . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 162
پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى . . . . . . . . . . . . . 162
پرولېتارىيات سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋى . . . . . . 167
پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىونالىزمى . . . . . . . . 172
پەرەز . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 177
پەلسەپىدىكى ئالىي مەسىلە . . . . . . . . . . . . . 177
پەلسەپىدىكى پارتىيىۋىلىك . . . . . . . . . . . . . 177
پەلسەپىدىكى تۈپ مەسىلە . . . . . . . . . . . . . . 183
پەلسەپىدىكى ئىككى دۇنياچىلىق ئېقىمى . . . . . . 186
پەلسەپە . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 188
«پەلسەپە خاتىرىلىرى» . . . . . . . . . . . . . . . 196
«پەلسەپە نامراتلىقى» . . . . . . . . . . . . . . . 200
پەن . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 203
پۈتۈلمچىلىك . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 209

پۈتۈنلۈك نەزەرىيىسى ........................ 211

## ت

تارىخچىلىق، تارىخىي نۇقتىئىنەزەر ........................ 213
تارىخنىڭ دەۋر قىلىپ تۇرۇشى نەزەرىيىسى ........................ 215
تارىخىي ماتېرىيالىزم ........................ 217
تارىخىي ۋە مەنتىقىي ........................ 225
تاسادىپ ........................ 227
تاسادىپ سەۋەب نەزەرىيىسى ........................ 227
تاسادىپىلىق ........................ 227
تاشقى دۇنيا ........................ 227
تاشقى كۆرۈنۈش ........................ 228
تاۋار ئېتىقاتچىلىقى ........................ 229
تېپىلقپەرەسلىك ........................ 233
تېخنىكچىلار ........................ 234
تېلېس ........................ 236
تىرىلىش دەۋرىدىكى فرانسىيە تارىخشۇناسلىرى ........................ 236
تېزىس، قارشى تېزىس، بىرىكمە تېزىس ........................ 240
تېيبىرى ........................ 240
تىل ........................ 240
تىلسىماتچىلىق ........................ 244
تىمىريازېۋ ........................ 245
تولاند ........................ 250
تۇغما ........................ 251
تۇغما ئىدىيە ........................ 251
تۈيغۇ ........................ 252

تۈيغۇ نەزەرىيىسى ..... 255
تەبىر ..... 256
تەبىئە ..... 256
تەبىئى پەن ماتېرىيالىزمى ..... 259
تەبىئى-تارىخىي ماتېرىيالىزم ..... 259
تەبىئەت پەلسەپىسى ..... 260
«تەبىئەت دىيالېكتىكىسى» ..... 263
تەبىئەت دۇنياسى ..... 266
تەبىئەت ئىلاھچىلىقى ..... 267
تەبىئەتچىلىك (ناتۇرالىزم) ..... 268
تەپەككۇر ..... 269
تەجرىبىچىلىك ..... 274
تەجرىبە ..... 275
تەجرىبە بىر مەنبەچىلىكى ..... 277
تەجرىبە بەلگە نەزەرىيىسى ..... 278
تەجرىبە تەنقىتچىلىكى ..... 278
تەھلىل قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ..... 280
تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى ..... 283
تەدرىجىي تەرەققىيات ۋە ئىنقىلاپ ..... 283
تەرەققىيپەرۋەرلىك ..... 286
تەرەققىيات ..... 288
تەقدىرچىلىك ..... 288
تەسۋىرىي يېزىق نەزەرىيىسى ..... 289
تەسەۋۋۇر ..... 290
تەنقىتچىلىك ..... 291
تەنقىت ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىت ..... 292

تەنقىدىي چىنلىق نەزەرىيىسى ........................ 299
تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەت ........................ 300
تۈرلەرنىڭ ئۆزگىرىش ئەلماتى ........................ 302
تۈس ........................ 302

ج

جاھانچىلىق ........................ 304
جاھانگىرلىك ........................ 306
«جاھانگىرلىك كاپىتالىزمنىڭ يۇقىرى باسقۇچى» ........................ 312
جىنس ........................ 318
جىسمىنىڭ بىرلەمچى سۈپىتى ۋە ئىككىلەمچى سۈپىتى ........................ 320
جىمجىتلىق ........................ 320
جۇغراپىيە سىياسىچىلىقى ........................ 320
جۇغراپىيىلىك مۇھىت ........................ 323
جۇڭگو پەلسەپىسى ........................ 324
جەمئىيەت ........................ 340

چ

چاڭادائېۋ ........................ 341
چاكىنا ماتېرىيالىزم ........................ 343
چاۋچاۋادزې ........................ 344
چېرنىشېۋسكى ........................ 347
چەكسىزلىك ۋە چەكلىكلىك ........................ 355
چەكلىك ........................ 356

خ

خرىستىيان دىنى ........................ 357

خىيال .......... 362
خىيالىي سوتسىيالىزم .......... 363
خىيالىي سوتسىيالىزمچىلار .......... 367
خىيالكەشلىك پەلسەپىسى .......... 367
خۇسۇسىيەت .......... 367
خەلق دېموكراتىيىسى .......... 368
«"خەلق دوستلىرى" دېگەن نېمە ۋە ئۇلار سوتسىيال دېمو-
كراتىزمچىلارغا قانداق ھۇجۇم قىلىدۇ؟» .......... 382
خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق (نىسبەت بويىچە) راۋاجلىنىش
قانۇنىيىتى .......... 386

ھ

ھادىساتچىلىق .......... 393
ھادىسىلەرنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك باغلىنىشى، بىر-بىرىگە تەسىر
كۆرسىتىشى .......... 394
ھادىسەشۇناسلىق .......... 402
ھازىرقى زامان كاپىتالىزمىنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتى .. 403
ھايات .......... 406
ھايات كۈچ نەزەرىيىسى .......... 410
ھېراكلىت .......... 414
ھېكسلىي .......... 416
ھېككېل .......... 417
ھېس قىلماق .......... 419
ھېلۋېتىس .......... 419
ھوببېس .......... 422
ھوقۇق .......... 425

ھولباخ ........................ 427
ھەرىكەت ........................ 430
ھەرىكەتچىلىك ........................ 434
ھەقىقەت ........................ 436
ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى ........................ 436
ھۆكۈم ........................ 440
ھۆكۈمەتسىزلىك ........................ 442
«ھۆكۈمەتسىزلىكمۇ ياكى سوتسىيالىزممۇ؟» ........................ 446
ھۆجەيرە ........................ 452

## د

داروين ........................ 460
دالامبېر ........................ 464
دېتسگېن ........................ 465
دېكابىرچىلار ........................ 468
دېكارت ........................ 475
دېكارتچىلىق ........................ 478
دېمبوۋسكى ........................ 479
دېموكرىت ........................ 481
دېموكراتىيە ........................ 483
دىدېرو ........................ 488
دىلدىكى ........................ 491
دىمىتروۋ ........................ 491
دىيالېكتىكا ........................ 497
دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ........................ 504
«دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم» ........................ 512

ديالېكتىك ئۇسۇل ........................ 518
دىن ........................ 519
دېۋرىن ........................ 523
«دېۋرىنغا قارشى» ........................ 523
ديۇتى ........................ 532
دوبرولىيۇبوۋ ........................ 534
دوكۇچايېۋ ........................ 542
دوگما، دوگمىچىلىق ........................ 548
دۇنياقاراش ........................ 550
دۇنيانىڭ بىرلىكى ۋە خىلمۇ-خىللىقى ........................ 554
دەلىللەنگەن پەلسەپە ........................ 555
دەلىلچىلىك ........................ 555
دۆلەت ........................ 558
«دۆلەت ۋە ئىنقىلاب» ........................ 562

ر

رادىشېۋ ........................ 566
رادىيوئاكتىپلىق ........................ 571
راسېل ........................ 571
رېفلېكسىيە ........................ 573
روبىنې ........................ 573
روھچىلىق ........................ 575
رۇستاۋېلى ........................ 576
رۇسسو ........................ 580

ز

زامان ۋە ماكان ........................ 583

زىندىيەت . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 588
زىيالىلار . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 588

ژ

ژدانوۋ . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 593

س

ساددا چىنلىق نەزىرىيىسى . . . . . . . . . . . . . . . . 600
سان . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 601
سان ئۆزگىرىشىدىن سۈپەت ئۆزگىرىشىگە ئاتلىنىش . . . . . . . 601
سپېنسېر . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 610
سپىنوزا . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 612
ستاسوۋ . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 615
ستالىن . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 617
ستانىكېۋىچ . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 630
ستوئىكچىلار . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 632
ستولېتوۋ . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 635
سېچېنوۋ . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 637
سېلىشتۇرۇش (ئوخشىتىش) . . . . . . . . . . . . . . . . . 643
سېھانتىكىلىق پەلسەپە . . . . . . . . . . . . . . . . . . 644
سېن ـ سىمون . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 646
سكوۋورودا . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 651
سىرلىقلاشتۇرمىچىلىق . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 655
سىياسى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 656
سىنىپ . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 659
سىنىپىي كۈرەش . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 661

سوتسىيال داروۋىنىزىم . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 665
«سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاپتىكى ئىككى خىل تاكتىكىسى» . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 668
سوتسىيالىستىك دۆلەت . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 673
سوتسىيالىستىك رېئالىزىم . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 677
سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 681
سوتسىيالىستىك مۇسابىقە . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 681
سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت . . . . . . . . . . . . . . . . . . 685
سوتسىيالىزىم تۈزۈمى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 691
سوتسىيالىزىم ۋە كوممۇنىزىم . . . . . . . . . . . . . . . . . 698
سوتسىيالىزىمنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتى . . . . . . . . . . 707
«سوتسىيالىزىمنىڭ خىيالدىن پەنگە راۋاجلىنىشى» . . . . . . . . . 710
سوكرات . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 712
سول كېكىلچىلار . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 713
سوۋېت جەمىيىتىنىڭ مەنىۋى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى بىرلىكى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 713
«سوۋېت ئىتتىپاقىدا سوتسىيالىزىمنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىلىرى» . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 718
سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى سىنىپلار . . . . . . . . . . . . . . . . 725
سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دوستلۇقى . . . . . . 728
«سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلار) تارىخى قىسقىچە كۇرسى» . . . . . . . . . . . . . . . . . . 734
سوۋېت (سوتسىيالىستىك) ۋەتەنپەرۋەرلىكى . . . . . . . . . . . 739
سوۋېت ۋەتەنپەرۋەرلىكى . . . . . . . . . . . . . . . . . . 742
سۇبيېكت ۋە ئوبيېكت . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 742
سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزىم . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 743

سەزگۈ ........................... 743
سەكرەش ........................... 744
سەلتەنەت ........................... 748
سەۋەبىيەت ........................... 753
سوۋېت ۋە سان ........................... 757
سوپى ئىستىمالچىلىق ........................... 762


## ش


شپېنگلېر ........................... 765
شېلگۇنوۋ ........................... 767
شېللىڭ ........................... 769
شېۋچېنكو ........................... 773
شېۋجېڭجۇيى ........................... 777
شوپېنخوئېر ........................... 777
شۇلياتىكوۋچىلىق ........................... 779
شەخسنىڭ تارىختىكى رولى ........................... 779
شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ پەرقلەر ۋە بۇ پەرق-
لەرنى يوقىتىشنىڭ يولى ........................... 784
شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىق ........................... 788
شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ يوقى-
تىلىشى ........................... 792
شەكىل لوگىكىسى ........................... 792
شەكىل لوگىكىسى قانۇنىيىتى ........................... 797
شەكىل ۋە مەزمۇن ........................... 797
شۈبھىچىلىك ........................... 803

## غ

غەيرى لوگىكىچىلىق . . . . . . . . . . . . . . . . . 807
غەيرى مۇئەييەنلىك نەزەرىيىسى . . . . . . . . . . . . . 807
غەيرى ئەخلاقچىلىق . . . . . . . . . . . . . . . . . 807
غەيرى ئەقلىي . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 807
غەيرى ئۆزلۈكسىزلىك . . . . . . . . . . . . . . . . 808

## II

## ق

قارىمۇ-قارشى تەرەپلەرنىڭ كۆرىشى . . . . . . . . . . . . 809
قېينچىلىق . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 822
قامۇسچىلار . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 823
"قانۇنىي ماركسىزم" . . . . . . . . . . . . . . . . 825
قانۇنىيەت . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 827
قۇلدارلىق تۈزۈم . . . . . . . . . . . . . . . . . 835
قەدىمقى شەرق پەلسەپىسى . . . . . . . . . . . . . . 839
قەدىمقى يۇنان-رىم پەلسەپىسى . . . . . . . . . . . . 843

## ف

فابىان سوتسىيالىزمى . . . . . . . . . . . . . . . . 851
فاشىزم . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 853
فرانكو . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 855
فرېيدىزم . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 860

فېيېرباخ ........................ 861

«فېيېرباخ توغرىسىدا تېزىس» ........ 866

فېودالىزم ........................ 869

"فىزىكىلىق" ئىدىيالىزم ............ 873

فىشت ........................ 877

فۇرىيې ........................ 882


## ك


كابانىس ........................ 886

كابې ........................ 887

«كاپىتال» ........................ 888

كاپىتالىزم تۈزۈمى ................ 897

كاپىتالىزمنىڭ ئومۇمى كىرىزىسى ........ 902

كاتېگورىيە ........................ 905

كاتولىك دىنى ........................ 908

كار ........................ 912

كاززاپلىق ........................ 915

كاززاپلار ........................ 916

كالىنىن ........................ 917

كالۋىن دىنى ........................ 921

كامپانېللا ........................ 921

كانت ........................ 924

كائۇتسكى ........................ 929

كېيىن پەيدا بولماق ................ 931

كېلىشتۈرمىچىلىك ................ 931

كىرېنچىلار ........................ 933

كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىكى كاپىتالىزم قالدۇقلىرى ........ 934
كىمياگەرلىك ........................ 937
كىنىكچىلار ........................ 938
كومېنىسكى ........................ 939
كوممۇنىزم ........................ 941
«كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى» ........... 941
كوپېرنىك ........................ 944
كونت ........................ 946
كونديىاك ........................ 948
كوندورسې ........................ 950
كونكرېت ھەقىقەت ........................ 951
كونكرېت ئوخشاشلىق ........................ 952
كوۋالېۋسكى ........................ 952
كروچې ........................ 954
كۇۋې ........................ 955
كۋانت مېخانىكىسى ........................ 958
كوپ مەنبەچىلىك ........................ 963

## گ

گاسسېندى ........................ 965
گالىلې ........................ 967
گېرتسېن ........................ 970
گېگېل ........................ 978
گىزو ........................ 984
گنوست دىنى تەرەپدارلىرى ........................ 984
«گوتا پىروگراممىسىغا تەنقىت» ........................ 984

## ئې


ئېپىكۇر ........................ 988
ئېتىقاتچىلىق ........................ 990
ئېتىكا ........................ 990
ئېھتىماللىق ........................ 995
ئېھتىماللىق نەزەرىيىسى ........................ 998
ئېستېتىكا ........................ 998
ئېلېياچىلار ........................ 1005
ئېمپېدوكل ........................ 1006
ئېنتېلېخىيا ........................ 1007
ئېنگېلس ........................ 1007
ئېنېرگىيىچىلىك ........................ 1015
ئېنېرگىيە ........................ 1017


## ئى


ئىبنى رۇشد ........................ 1019
ئىبنى سىنا ........................ 1019
ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمى ........................ 1021
ئىجادىي ماركسىزم ........................ 1023
ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ھالەت ........................ 1026
ئىجتىمائىي ئىنقىلاپ ........................ 1028
ئىجتىمائىي ماددىي تۇرمۇش شارائىتى ........................ 1034
ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ........................ 1034
ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت ........................ 1035
ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت ۋە ئىجتىمائىي ئاڭ ........................ 1035

ئىجتىمائى ئورگانىزم نەزەرىيىسى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1036
ئىجتىمائىيەت . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1038
ئىجتىمائىيەتتىكى پىسخولوگىيىچىلەر . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1042
ئىجتىمائىيەتتىكى "جۇغراپىيىچىلەر" . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1044
ئىجتىمائىيەتتىكى سۇبيېكتىپ ئۇسۇل . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1045
ئىدرەك ۋە ئەقىل . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1047
ئىدىيالىزم . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1049
ئىدىيالىستىك تارىخقاراش . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1055
ئىدېئولوگىيە . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1058
ئىدىيە . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1059
ئىرادىچىلىك . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1061
ئىرادە ئەركىنلىكى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1064
ئىرق . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1064
ئىرقچىلىق . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1065
ئىستىخىيىلىك ماتېرىيالىزم . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1068
ئىستىخىيىلىك ۋە ئاڭلىقلىق . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1068
ئىسلاھاتچىلىق . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1070
ئىسلام دىنى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1075
ئىشلەپچىقىرىش . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1077
ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1081
ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1085
ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ
خاراكتېرىغا چوقۇم ئۇيغۇنلىشىش قانۇنىيىتى . . . . . . . . . . . . . . 1088
ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تۈرلىرى . . . . . . . . . . . . . . . 1094
ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1097
ئىقتىسات ۋە سىياسى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1099

ئىقتىسادىي ماتېرىيالىزم . . . . . . . . . . . . . . . . . 1103
ئىقتىساتۋازلىق . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1104
ئىككى مەنبەچىلىك . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1104
ئىككىلەمچى سۈپەت . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1105
ئىلاھ بەرھەقچىلىكى . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1105
ئىلاھ پاراسەتچىلىكى . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1106
ئىلاھسىزلىق . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1106
ئىلاھكويلۇق . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1109
ئىلاھ ئىزلىگۈچىلىك ۋە ئىلاھ ياسىغۇچىلىق . . . . . . . . 1110
ئىلاھىيەت . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1111
ئىلاھلار شەجەرىسى تەلىماتى . . . . . . . . . . . . . . 1111
ئىلمىي ئابستراكسىيە . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1111
ئىلمىي ئالدىن كۆرەرلىك . . . . . . . . . . . . . . . . 1115
ئىلمىي بولغان پەلسەپە تارىخى . . . . . . . . . . . . . 1118
ئىلمىي پەلسەپە تارىخى . . . . . . . . . . . . . . . . 1118
ئىلمىي كوممۇنىزم . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1126
ئىمكانىيەت ۋە رىياللىق . . . . . . . . . . . . . . . . 1129
ئىنسان مەركەز تەلىماتى . . . . . . . . . . . . . . . . 1133
ئىنساپەرۋەرلىك . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1133
ئىنسانىيلاشتۇرۇش قارىشى . . . . . . . . . . . . . . . 1137
ئىنكارچىلىق . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1138
ئىنكار قىلىشنى ئىنكار قىلىش . . . . . . . . . . . . . 1139
ئىنكاس نەزەرىيىسى . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1142


## ي


ياراتقۇچى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1147

ياشاش مەسلىكى ........................ 1147
ياش گېگېلچىلار ........................ 1149
يېزا جامائەسى ........................ 1151
يېشىش ........................ 1154
يېڭى توماسىزىم ........................ 1154
يېڭى پلاتونىزىم ........................ 1156
يېڭى چىنلىق نەزىرىيىسى ........................ 1157
يېڭى شەيئى ۋە كونا شەيئى ........................ 1159
يېڭى كانتچىلىق ........................ 1162
يېڭى گېگېلچىلىق ........................ 1163
يېڭى مەدرىس پەلسەپىسى ........................ 1165
يىغىنچاقلاش ۋە يېشىش ........................ 1165
يەھۇدى دىنى ........................ 1168
يەككىلىك، ئالاھىدىلىك ۋە ئومۇملىق ........................ 1171
يۇم ........................ 1175
يۇمىزىم ........................ 1176

## ل

لاسسال ........................ 1177
لاغايلاپ يۈرگۈچىلەر ........................ 1179
لافارگ ........................ 1180
لامارك ........................ 1181
لامېتترى ........................ 1185
لاۋروۋ ........................ 1188
لېبېدېۋ ........................ 1189
لېسسىڭ ........................ 1192

لېيبنىز ........................ 1194

لېنىن ........................ 1196

«لېنىنىزم ئاساسلىرى توغرىسىدا» ........................ 1209

لوباچېۋسكى ........................ 1212

لوك ........................ 1217

لوگىست ........................ 1219

لوگىكا ........................ 1221

لوگىكىلىق تەجرىبىچىلىك ........................ 1229

لوگىكىلىق دەلىلچىلىك ........................ 1230

لوگوس ........................ 1231

لومونوسوۋ ........................ 1231

لۇكرېتسى ........................ 1238

ليۇتېر دىنى ........................ 1238

«لىيۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ
ئاخىرى» ........................ 1238


## م


مايلى ........................ 1241

ماتېرىيالىستىك تارىخقاراش ........................ 1242

ماتېرىيالىزم ........................ 1242

«ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىدچىلىكى» ........................ 1251

ماخ ........................ 1260

ماخايىۋسكىچىلىق ........................ 1262

ماخىزىم ........................ 1263

ماھىيەت ۋە ھادىسە ........................ 1263

ماددا ........................ 1266

ماددا ھايات نەزىرىيىسى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1272
ماددى ئەشيالارنى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى . . . . . . . . . 1273
ماركس . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1276
ماركسىزم ــ لېنىنىزم . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1285
ماركسىزم ــ لېنىنىزم پەلسەپىسى . . . . . . . . . . . . . . . 1298
ماركسىزمچە دىيالېكتىك ئۇسۇل . . . . . . . . . . . . . . . . . 1298
ماركسىزملىق پەلسەپىۋى ماتېرىيالىزم . . . . . . . . . . . 1307
«ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى» . . . . . . . . . . 1315
«ماركسىزم ۋە مىللى مەسىلە» . . . . . . . . . . . . . . . . . 1321
ماركوۋىچ . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1323
ماكان . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1325
«مايمۇننىڭ ئادەمگە ئايلىنىش جەريانىدا ئەمگەكنىڭ رولى»
. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1326
مالبرانش . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1329
مالتۇسچىلىق . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1329
مال ــ مۈلۈك مۇناسىۋىتى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1332
ماۋ زېدۇڭ . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1332
مېتافىزىكا . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1341
مېتافىزىكىلىق ماتېرىيالىزم . . . . . . . . . . . . . . . . . 1343
مېتودولوگىيە . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1343
مېچنىكوۋ . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1343
مېخانىك ماتېرىيالىزم . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1346
مېخانىكىچىلار . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1348
مېلې . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1348
مېندېلىزم . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1350
مېندېلېيېۋ . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1353

مېنشېۋىكلارچە ئىدېيالىزىم ........................ 1358

مىچۇرىن ................................ 1358

مىچۇرىن تەلىماتى ........................ 1363

مىخايلوۋسكى ............................ 1371

مىلېتو ئېقىمى ........................... 1372

مىللىي مەسىلە .......................... 1373

مىللەت ................................ 1379

مىللەتچىلىك ............................ 1385

مىڭە .................................. 1389

مىنې .................................. 1393

مورگان ................................ 1393

مورېللى ............................... 1394

مور ................................... 1396

مونتېسكيۇ .............................. 1399

مۇتلەق بۇيرۇق .......................... 1401

مۇتلەق ھەقىقەت ۋە نىسبىي ھەقىقەت ................ 1402

مۇتلەق ئىدېيالىزىم ....................... 1407

«مۇقەددەس ئائىلە» ياكى «تەنقىت ئۈستىدە قىلىنغان تەنقىت»كە
تەنقىت» ................................ 1407

مۇقەررەرلىك ۋە تاسادىپىلىق ................... 1409

مۇنبەر سوتسىيالىزمى ...................... 1414

مۇۋاپىقلىق ............................. 1415

مۇۋازىنەت .............................. 1416

مۇۋازىنەتچىلىك .......................... 1416

مۇئەييەنلىك نەزەرىيىسى ۋە غەيرىي مۇئەييەنلىك نەزەرىيىسى
................................... 1417

مەدرىس پەلسەپىسى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1421
مەدەنىيەت . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1421
مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1427
مەزمۇن ۋە شەكىل . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1432
مەقسەتچىلىك . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1432
"مەڭگۈلۈك ھەقىقەت" . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1433
مەنپەئەتپەرەسلىك . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1434
مەنتىقىي ۋە تارىخىي . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1436
مەنچىلىك . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1436
مەۋجۇدىيەت . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1436
مۈلۈكچىلىك . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1437


## ن


ناروۋدنىكلىق . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1440
نالباندىيان . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1444
نامچىلىق . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1447
«نېمىس ئىدېئولوگىيىسى» . . . . . . . . . . . . . . . . . 1448
نىزامى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1451
نىسبىي ھەقىقەت . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1454
نىسبىيچىلىك . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1454
نىسبىيلىك پىرىنسىپى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1455
نىسبىيلىك نەزەرىيىسى . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1455
نىتشې . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1463
نيۇتون . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1465
«نېمە قىلىش كېرەك؟» . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1467
نەرسە ئېتىقاتچىلىقى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1471

ئەزىرىيە.......................... 1471
ئەزىرىيە ۋە ئەسلىيەت.................... 1472


## ۋ


ۋاستىپەرەسلىك...................... 1478
ۋاستە.......................... 1479
ۋىيسمانىزىم-مورگانىزىم............... 1480
ۋىكو.......................... 1484
ۋىلىيامس........................ 1486
ۋولتېر......................... 1492
ۋۇجۇتقا كەلمەك.................... 1494
ۋەتەنپەرۋەرلىك..................... 1495


## ئو


ئوبىېكت......................... 1499
ئوبىېكتىپ........................ 1499
ئوبىېكتىپ چىنلىق.................... 1499
ئوبىېكتىپ ھەقىقەت.................... 1499
"ئوبىېكتىپ" ئىدىيالىزىم................. 1503
ئوتتۇرا ئەسىر پەلسەپىسى................. 1503
ئوتتۇرا ئەسىردىكى "چىنلىق نەزىرىيىسى"........... 1509
ئوخشاشلىق....................... 1510
ئوسىپوۋسكى....................... 1511
ئوككام......................... 1514
ئوگارىۋ......................... 1514
ئوڭ قانات سوتسىيالىستلار................ 1519

18 ـ ئەسىردىكى فرانسىيە ماتېرىيالىزمى . . . . . . . . . . . . . 1522
ئومۇملۇق . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1522
ئوۋېن . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1523

## ئۇ

ئۇتوپىيە . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1527
ئۇرۇش . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1527
ئۇرۇق ۋە ئۇرۇقداشلىق جامائەسى . . . . . . . . . . . . . . 1533
ئۇسۇل . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1534
ئۇقۇم . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1538
ئۇقۇم نەزەرىيىسى . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1542
ئۇل . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1543
ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى . . . . . . . . . . 1543
ئۇمۇۋ . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1553
ئۇنىۋېرساللىق . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1555

## ئە

ئەپسانە . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1556
ئەركىنلىك ۋە زورۇرىيەت . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1557
ئەزەلىلىك ئىدىيالىزىم . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1560
ئەزەلىلىك ۋە تەجرىبىدىن تاشقىرىلىق . . . . . . . . . . . . 1560
ئەخلاق . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1561
ئەسلى زات، ھادىسە . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1565
ئەقىلچىلىق . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1566
ئەقلىي خۇلاسە چىقارماق . . . . . . . . . . . . . . . . . . 1568
ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانىي ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ

پەرقلەر ۋە بۇ پەرقلەرنى يوقىتىشنىڭ يولى.......... 1572
ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانىي ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-
قارشىلىق.............................. 1578
ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانىي ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى قارى-
مۇ-قارشىلىقنىڭ يوقىتىلىشى.................. 1581
ئەلا نەسىل تەلىماتى........................ 1581
ئەمگەك................................ 1584
ئەمگەكچىلەرگە قارىتىلغان كوممۇنىستىك تەربىيە.......... 1588
ئەمەلىي ئەرسە............................ 1593
ئەمەلىيەت.............................. 1593

## ئو

ئوزگە مەنپەئەتچىلىك........................ 1594
"ئوزىدىكى" سىنىپ ۋە "ئوزى ئۈچۈن" سىنىپ.......... 1594
"ئوزىدىكى ئەرسە" ۋە "بىز ئۈچۈن ئەرسە"............ 1596
ئوزلۈكىدىن بولىدىغان ھەرىكەت.................. 1597
ئوزلۈكىدىن پەيدا بولماق. ئوزلۈكىدىن پەيدا بولۇشنىڭ
تەرەققىياتى.............................. 1601
ئولچەم................................ 1601
ئولچەم مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تۈگۈنلۈك سىزىقى.......... 1602

## ئۆ

ئۆزۈلمىلىك ۋە ئۆزۈلمىسىزلىك.................. 1603
ئۆچ باسقۇچ فورمۇلىسى...................... 1604
ئۆچ باسقۇچلۇق يەكۈن چىقىرىش ئۇسۇلى............ 1605
ئۆستقۇرۇلما.............................. 1605

# ئا

**ئابېليار**، پېير Абеляр·Пьер **阿伯拉尔，比埃尔** (1079—1142) ئوتتۇرا ئەسىردىكى فرانسىيە پەيلاسوپى ۋە ئىلاھىيەتشۇناسى. پەلسەپەدىكى تۈپ مەسىلىدە يەنى تەپەككۇرنىڭ مەۋجۇدىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە (بۇ مەسىلە شۇ كەملەردە مەدرىس پەلسەپەسىدە "ئۇنىۋېرسالىلىق توغرىسىدىكى بەس-مۇنازىرە" بولۇپ ئىپادىلەنگەن) قانات يايدۇرۇلغان كۈرەشتە، ئۇ **ئۇقۇم نەزەرىيىسى***①نى تەشەببۇس قىلغان. ئابېلىيارنىڭ «ھەئە ۋە ياق» دېگەن ئەسىرى ئوتتۇرا ئەسىر شارائىتىدا ئىلغارلىق ئەھمىيىتىگە ئىگە بولغان، چۈنكى ئۇ "ئەقلىي ئاساس" ئارقىلىق دىنىي ئېتىقاتنى چەكلەش تەلۇۋنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دىنىي جەمئىيەتتىكى نوپۇزلۇق ئەرباپلارنىڭ ھوكۇمىدىكى كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان زىددىيەتلەرنى پاش قىلغان. ئۇنىڭ كوزقارىشى كاتولىك دىنىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن كۇپپارلىق كوزقارىشى دەپ ئەيىپلەنگەن.

**ئابستراكت ئوخشاشلىق** Абстрактное **抽象的同一性** тождество **ئوخشاشلىق***قا قاراڭ.

**ئابوۋيان**، خاچاتۇر Абовян·Хачатур **阿波维扬，**哈查杜尔

---

① بۇ لۇغەتتىكى* بەلگىسى قويۇلغانلىكى قىسىق ھەرپلەر بىلەن بېرىلگەن سۆز-ئىبارىلەر باشقا مەخسۇس ماددىدا سوزلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن پايدىلانسىڭىز بولىدۇ. — تەرجىمانىدىن.

(1805—1848) ئەرمېنىيىنىڭ ئۇلۇغ يازغۇچىسى، دېموكرا-
تىزىملىق مەرىپەتچى، ماتارىپشۇناس، ئەرمېنىيە يېڭى ئەدەبىياتىنىڭ
ۋە ئەرمېنىيە يېڭى ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاساسچىسى. ئابوۋيان روسىيە
دېموكراتىك ئەدەبىياتىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ۋەكىللىرى گرىبوئېدوۋ،
**بېلىنسكى*** قاتارلىق كىشىلەردىن ياخشى تەسىر ئالغان. ئابوۋيان
دېرپت داشۆبىسىدە ئوقۇغان مەزگىلدە (1830—1836)، ئىلغار رۇس
ئىجتىمائىي ئىدىيىسى ۋە پۇشكىن دەۋرىدىكى ئەدەبىيات تۇرمۇشنى
چوڭقۇر ئۆگەنگەن. بۇ ئۇنىڭ دۇنياقارىشىنىڭ شەكىللىنىشىدە زور
ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان. ئۇنىڭ دوستى ئەزەربەيجان مەرىپەتچى-
سى **ئاخۇندوۋ*** دېكابرىستلار بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەت باغلىغان.

ئابوۋيان «ئەرمېنىيىنىڭ جاراھىتى» دېگەن رومانىنىڭ (1840-
يىلى يېزىپ پۈتتۈرۈلگەن، 1856-يىلى دەسلەپكى نەشرى چىققان)
ئاپتورى، ئۇ يەنە باشقا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇ بۇ ئەسەر-
لىرىدە ئەرمېنىيە خەلقىنىڭ پېرسىيە ۋە تۈركىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا
قارشى مىللىي ئازاتلىق كۈرىشىنى قەھرىمانلىقلىرىنى كۈچلۈك ئەكس
ئەتتۈرگەن. ئۇ كىشىلەردە ئەركىنلىك ھوقۇقى بولۇشى كېرەكلىكىنى،
جۈملىدىن مىللىي ئەركىنلىك ھوقۇقى بولۇشى كېرەكلىكىنى
تەشەببۇس قىلىدۇ. ئابوۋياننىڭ قارىشىچە، ئەركىنلىك كىشىلەرنىڭ
تەبىي باراۋەرلىكىنىڭ نەتىجىسى، ئۇ قەبىھلىككە قارشى تۇرمايدىغان
خىرىستىيان دىنى ئەخلاقىنى ئىنكار قىلىدۇ ھەمدە خەلقنىڭ ئاكتىپ-
چانلىقى بار دېگەن ئىدىيىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇ: خىرىستىيان
دىنىنىڭ ئىدىيە سىستېمىسىنى "مىللەتچىزىنىڭ بەختسىزلىكى"نىڭ
سەۋەبلىرىدىن بىرى دەپ قاراش كېرەك، دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ،
خەلق قورال ئارقىلىق ئۆز دۈشمىنىگە قارشى تۇرۇشقا ھەقلىق، دەپ
ھېسابلايدۇ. ئابوۋياننىڭ ئەسەرلىرى خەلقنىڭ كۈچىگە بولغان
قەتئىي ئىشەنچ بىلەن تولغان.



ئابوۋيان ئۆز ئەسەرلىرىدە يانچىدار — ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچىلار، پوپىلار، راھىبلار، بايلارنىڭ ۋەھشىلىكىنى ئاشكارىلاپ، يانچىلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش كەيپىياتى قوزغالدى دەپ كۆرسەتتى. لېكىن 19-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدىن 40-يىللىرىغىچە ئەرمىنىيىدە سىنىپىي كۈرەش جەھەتتە ئېنىق ھېچقانچە تەرەققىيات بولمىغان ئىدى، بۇنداق ئەھۋالدا ئابوۋيان يانچىلىق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇش ئىدىيىسىنى ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزمغا راۋاجلاندۇرۇش، ئىنقىلاپ ئارقىلىق يانچىلىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىدى.

ئابوۋياننىڭ پەلسەپە قارشى ماتېرىيالىزمغا مايىل. ئابوۋيان خۇدا، "ئالەم روھى" دۇنيانى ياراتقان دەيدىغان دىنىي ئىدىيىلەرنىڭ ئۈستىدىن گۇمان قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قۇياش سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ھايۋاناتلار ھەم ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىگە دائىر تەبىي پەن قىياسلىرىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن ئىدى. ئابوۋيان ئۆزىنىڭ بارلىق ئىجادىيەتلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى "دۇنيادىكى ئىشلار"غا دىققەت قىلىشقا جەلپ قىلىشقا تىرىشتى ھەممە قىلچە يوشۇرماستىن مەسخىرە قىلىش تەلەپپۇزىدا "ئۇ دۇنيا" ئۈستىدە توختالدى. ئابوۋياننىڭ نەزىرىدە روھ پەقەت مەلۇم جىسىمنىڭ بىر خىل ئالاھىدىلىكى. "دەل-دەرەخ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ياشايدۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئاڭقىرالمايدۇ، ھايۋاناتلار ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئاڭقىرالىسىمۇ، بۇنداق ئاڭقىرىش مۇجمەل بولىدۇ؛ ئادەم مەۋجۇت

بولۇپ تۇرىدۇ. ياشايدۇ، ئادەم ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئاڭقىرالايدۇ، چۈنكى ئادەم تەپەككۇر قىلىدۇ." ئادەمنىڭ روھى ئادەم تېنىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئۇ تەن بىلەن بىللە ۋۇجۇتقا كېلىدۇ، بىللە يوقىلىدۇ، شۇڭا ئۇ دۇنيا ئۈستىدە توختىلىش مەنىسىز. ئادەمنىڭ ئۆلمەيدىغانلىقى ئۇنىڭ ئىشلىرىغا باغلىق. ئابوۋيان ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىنىڭ دىنغا ۋە ئىدىيالىزىمغا قارشى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، لېكىن ئۇ ئۆزى خۇداسىزلىق يەكۈنىنى چىقارمىغان ئىدى. بۇ ھال ئابوۋياننىڭ پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزىرىنىڭ زىددىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇنىڭ پەلسەپىسىنىڭ ماتېرىيالىزىمغا مايىللىقى بولۇپمۇ بىلىش ھەققىدىكى مەسىلىدە روشەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ بىلىشنىڭ مەنبەسى ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى شەيئىلەر دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "بىز شەيئىلەرنى ئالدى بىلەن تۇيغۇ جەھەتتىن ئېنىقلىۋېلىشىمىز، ئاندىن كېيىن پىكىر قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تەرتىۋىنى بىلىشىمىز كېرەك"؛ "ئالدى بىلەن تەجرىبە ئارقىلىق تەكشۈرۈشىمىز، ئاندىن كېيىن باش قاتۇرۇشىمىز كېرەك".

ئابوۋيان سەنئەت تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ ئەرمىنىيە ئەدەبىياتىدىن دىنىي سيۇژېتلارنى تاشلىۋېتىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا يۈزلىنىشنى، خەلقنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى، قەھرىمانلىقىنى، قەيسەرلىكلىرىنى ۋە ئالىجاناپ پەزىلىتىنى مەدھىيىلەشنى تەلەپ قىلدى. سەنئەتنىڭ ئالىي مەقسىدى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش.

ئابوۋياننىڭ ئىجادىيىتىدىكى ئاساسىي ئىدىيىلەردىن بىرى ئەرمىنىيە خەلقى بىلەن رۇس خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى ئۈزۈلمەس دوستلۇق توغرىسىدىكى ئىدىيە. "ئاسمان جىسىملىرى بىر بىرىگە سوقۇلىدۇ، مىللەتلەر پەيدا بولىدۇ ۋە يوقىلىدۇ، ھالبۇكى ئەرمىنىيە خەلقى تاكى ئاخىرقى نەپىسىگىچە، رۇسلار ئۆز دۆلىتىنى ئازات قىلىپ بەرگەن

كۆڭلەرنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ.» ئابوۋياننىڭ ئەرمىنىيە خەلقى بىلەن رۇس خەلقى ۋە جەنۇبىي كاۋكاز خەلقىنىڭ مەڭگۈلۈك دوستلۇقى توغرىسىدىكى ئىدىيىسى، ئۇنىڭ باشقا ئىدىيىلىرىگە ئوخشاشلا، ئەرمىنىيە مەدەنىيەت تارىخىدا غايەت زور رول ئوينىدى. بۇ ئىدىيىلەر 19-ئەسىردىكى دېموكراتىك ئەرمىنىيە مەدەنىيىتىنىڭ غەزنىسىگە كىرگۈزۈلدى. بۇ ئىدىيىلەر ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزىمچى نالباندياننىڭ راۋاجلاندۇرۇشى ئارقىلىق، نۇرغۇن جەھەتلەردە ئەرمىنىيە مەدەنىيىتىنىڭ كېيىنكى تەرەققىيات يولىنى بەلگىلەپ بەردى.

**ئاتىلىق تۈزۈم** 父权制 Патриархат ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمىنىڭ تەرەققىياتىدىكى بىر تارىخىي باسقۇچ بولۇپ، ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمىنىڭ ئاخىرلىرىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. ئەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە، ئۇرۇقداشلىق جامائەسىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغانلىقى بۇ تۈزۈمنىڭ بەلگىسى. ئاتىلىق تۈزۈمى ۋۇجۇتقا كەلگەن دەۋردە، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، دائىملىق ئاشىۋاتقان، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە قۇللۇق تۈزۈم تۇنجى ئىجتىمائىي چوڭ ئىش تەقسىماتى — چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقنىڭ ئايرىلىشى — ئاساسىدا بىرقەدەر تېز راۋاجلاندى.

ئاتىلىق تۈزۈمدىكى ئائىلە ئەر-خوتۇنلۇق ئائىلىدىن كەلگەن. ئەر-خوتۇنلۇق نىكا تۈزۈمى ئاستىدا كىشىلەر ئانىسىنىلا بىلىپ قالماستىن، بەلكى ئاتىسىنىمۇ بىلىدىغان بولدى. چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقنىڭ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى ئاساسىدىكى تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى رولى كۈنسايىن زورىيىپ، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردىكى يېتەكچىلەردىن بولۇپ قالدى. ئېنگېلس مۇنداق دەپ يازىدۇ: «چارۋىلار يېڭى تۇرمۇش ۋاستىسى بولۇپ قالدى. دەسلەپتە چارۋىلارنى كوندۇرۇش، ۋە كېيىن چارۋىلارغا قاراش ئەرلەرنىڭ ئىشى ئىدى. شۇڭا چارۋىلار ئەرلەرگە

تەۋە ئىدى؛ چارۋىلارغا ئالماشتۇرۇلغان ئاۋارلار ۋە قۇللارمۇ ئەرلەرگە تەۋە ئىدى.» («ماركس، ئېنگېلس ئەسەرلىرى» ئىككى توملۇق، 1955-يىل موسكۋا خەنزۇچە نەشرى، 2-توم، 308-بەت).

ئىلگىرى ئائىلە ئىقتىسادىنىڭ ئىجتىمائىلىقى تۈپەيلىدىن ئاياللار جەمئىيەتتە يېتەكچىلىك رول ئويناپ كەلگەن ئىدى، ئەمدى بولسا چارۋىچىلىقنىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە قول سانائەتنىڭ بارلىققا كېلىشىگە، ئائىلە ئىقتىسادىنىڭ ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىشتىكى بىقىندى مەھسۇلاتقا ئايلىنىپ قېلىشىغا ئەگىشىپ، ئاياللار يېتەكچىلىك قىلىش رولىنىمۇ ئوينىيالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئائىلىق تۈزۈم دەۋرىدە، ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى ئانىنى ئاساس قىلىپ بەلگىلىنەتتى؛ ئەرلەردە ئۆزىنىڭ خوتۇنىنى، بالىلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى يوق ئىدى. ئەمدى ئائىلىق تۈزۈم ئاغدۇرۇپ تاشلانغاندىن كېيىن، ئەرنىڭ بارلىق بالىلارنىڭ ئاتىسى ئىكەنلىكى بىردەك ئېتىراپ قىلىندى؛ ئىگىدارلىق ھوقۇقى بويىچە، خوتۇن ۋە بالىلار ئەرگە تەۋە بولدى. ئاتىلىق ھوقۇقىنىڭ يوقىلىشى ۋارىسلىق تۈزۈمىنىمۇ ئۆزگەرتتى. بۈگۈنكى كۈندە پەقەت ئاتىنىڭ ئۆزى تاپقان باللا ئاتىنىڭ ۋارىسى بولالايدىغان بولدى. شۇ سەۋەپتىن، بايلىق ئايرىم ئائىلىلەرگە مەركەزلىشىشكە باشلىدى، بۇ ھال ئىقتىسادتىكى تەڭسىزلىكنى زور دەرىجىدە چوڭقۇرلاشتۇردى ھەمدە شۇ چاغدا ئاتىلىق تۈزۈمىدىكى چوڭ ئائىلە بىلەن قارىمۇ-قارشى بولغان ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنى پارچىلىدى.

ئاتىلىق تۈزۈمىدىكى ئائىلە ئالدى بىلەن بىر خىل ئىقتىسادىي بىرلىك ئىدى. ئۇ بىر خىل ئائىلە جامائەسى بولۇپ، بۇ ئائىلە جامائەسى بارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ كوللېكتىپ خۇسۇسىي ئىگىسى ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە بىرنەچچە ئەۋلات بىۋاستە ئۇرۇق-تۇغقان ئاتىنىڭ ياكى جامائە ئۇرۇق باشلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولاتتى.

ئىپتىدائى جامائە تۈزۈمى پارچىلانغان دەۋردە، ھەرقايسى مىللەتلەردە ھەر خىل نامدىكى ئائىلىق تۈزۈمدىكى ئائىلە بولغان؛ مەسىلەن، نېمىسلاردىكى "ئائىلە جامائەسى" («Hausgenossenschaft»)، سېربوۋلاردىكى ۋە بۇلغارلاردىكى "ئائىلىق تۈزۈمدىكى چوڭ ئائىلە" («Задруга»)، رۇسلاردىكى "يېزا ئىتتىپاقى" («Вервь») ۋە "جامائەت ئاشخانىسى" («Печище») ۋە باشقىلار. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، خۇسۇسى مۈلۈكچىلىك ۋە ئالماشتۇرۇش تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلانغانلىقتىن، ئائىلىق تۈزۈمدىكى ئائىلىلەر يەككە-يەككە بىر ئەر، بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمدىكى كىچىك ئائىلىلەرگە بولۇنىدى. رۇس ئالىمى م. م. **كوۋالېۋسكى***نىڭ تەھپىسى ئۇنىڭ ئائىلىق تۈزۈمدىكى ئائىلىنىڭ بىر خىل تومۇمى ئۆتكۈنچى شەكىل ئىكەنلىكىنى، **يېزا جامائەسى***نىڭ مۇشۇ شەكىلدىن راۋاجلىنىپ چىققانلىقىنى بايقىغانلىقىدا.

**ئاتوم** Атом **原子** (گرېكچىسى ἄτομος — پارچىلانمايدىغان)

مەلۇم خىمىيۋى ئېلېمېنت خاراكتېرىدىكى ئىنتايىن ئۇششاق بولغان ماددى زەررىچە. ئاتوم بىر مۇكەممەل ماددى قۇرۇلما. "خىمىيۋى يەككىلىك" (مېندېلېيېۋ). شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە مۇرەككەپ سىستېما بولۇپ، بۇ سىستېما تېخىمۇ ئاددى بولغان زەررىچە — **ئاتوم يادروسى***غا ۋە ئېلېكترونغا ئاجرىلىدۇ. ئوخشاش بولغان ياكى بىر بىرىدىن پەرق قىلىدىغان ئاتوم بىرلىشىپ، بىر قەدەر مۇرەككەپ بولغان زەررىنى — مالېكۇلىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئاتوم ماددىنىڭ بىر قاتار مۇرەككەپلەشكەن شەكىللىرىنىڭ بىر باسقۇچى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئاتومنىڭ فىزىكىلىق ۋە خىمىيلىك خۇسۇسىيەتلىرى — ئۇنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، ۋالېنتلىقلىقى، مەلۇم سپېكتىر تارقىتىش ئىقتىدارى، ئېلېكترلىك قۇتۇپلىنىش ئىقتىدارى قاتارلىقلار — ئاتومنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئاتومنىڭ ئىچكى قىسمىدا پەيدا

بولغان جەريانلار تەرەپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇئەييەن دائىرە ئىچىدە، بۇ خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ئاتوم مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان فىزىكىلىق شەرتكە باغلىق بولىدۇ. بولۇپمۇ ئاتومنىڭ بىر قەدەر مۇرەككەپ بولغان قانداق سىستېمىغا تەۋە ئىكەنلىكىگە باغلىق بولىدۇ.

ئېنگېلس ئاتوم نۇقتىئەزىرىنى ئومۇمەن بايان قىلىپ كېلىپ، ئاتوم بىر پۈتۈن، شۇنىڭدەك مۇرەككەپ تۈزۈلمىلىك، ئالاھىدە سۈپەتلىك، ئىنتايىن ئۇششاق ماددى ئوبيېكت دەپ قارىغان ئىدى، كېيىن لېنىن بۇ نۇقتىئەزەرنى راۋاجلاندۇردى. بۇنداق دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمچە ئاتوم نۇقتىئەزىرى تا 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە تەبىي پەن ئالىملىرى ئىچىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن، ئاتوم مۇتلەق ئۆزگەرمەيدىغان ۋە پارچىلانمايدىغان زەررىچە دەپ قارايدىغان مېتافىزىكىلىق نۇقتىئەزەرگە تۈپتىن قارىمۇ-قارشى بولۇپ كەلدى. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ماددىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى، ئەڭ ئاددى ئېلېمېنتىنىڭ يەنى ئاتالمىش "ئالەم خىشى"نىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى تۈپتىن ئىنكار قىلىدۇ. ئېنگېلس ئەينى ۋاقىتتا ئاتومنى ماددىنىڭ پارچىلىنىشىنىڭ ئاخىرقى چېكى دەپ قارايدىغان زور كۆپچىلىك تەبىي پەن ئالىملىرىنىڭ ئەكسىچە مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: "......ئاتوم ھەرگىز ئاددى نەرسە ئەمەس، ھەرگىز بىز بىلىدىغان ئەڭ ئۇششاق ماددى زەررىچە ئەمەس." («تەبىئەت دىيالېكتىكىسى» رۇسچە نەشرى، 216-بەت) ئېنگېلسنىڭ قارىشىچە، ئاتوم ماددا شەكلىنىڭ چەكسىز تىزمىسىنىڭ بىر ھالقىسى. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆتكەن تەرەققىپەرۋەر فىزىكلار ۋە خىمىكلار، مەسىلەن، **مېندېلېيېۋ*** ئاتومنىڭ مۇرەككەپ تۈزۈلۈشلۈك ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشقا مايىل بولغان ئىدى.

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا فىزىكىدا

بولغان ئىنقىلاپ — ئېلېكترون، x نۇرى، بولۇپمۇ رادىيوئاكتىپلىقنىڭ كەشىپ قىلىنىشى — ئاتومنىڭ مۇرەككەپلىكى قائىدىسىنى تامامەن ئىسپاتلاپ بەردى. مۇشۇ چاغدىلا ئاتوم مۇسبەت زەرەتلىك يادرو ۋە مۇشۇ يادرونى دەۋر قىلغان ھالدا ئايلىنىدىغان مەنپىي زەرەتلىك زەررىچە يەنى ئېلېكتروندىن تەشكىل تاپقان مۇرەككەپ سىستېما دەپ قارىلىشقا باشلىغان ئىدى. لېكىن، ئۇرغۇنلىغان ئالىملار يەنىلا ئاتومنى تەشكىل قىلغان زەررىنى ماددىنىڭ ئەڭ ئۇششاق زەررىسى، ئېيتىمدائىي زەررە دەپ قارايتتى. لېنىن بۇنداق مېتافىزىكىلىق نۇقتىسىنەزەرگە قارشى تۇرغان ئىدى. فىزىكىدىكى يېڭى كەشپىيات ھەققىدە لېنىن مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: "....بۇنداق چوڭقۇرلىشىش تۈگىمەيدۇ، ئېلېكترونمۇ ئاتومغا ئوخشاشلا تۈگىمەس بولىدۇ... ئەمما ھازىرقى ئاتومدىن، بۈگۈن ئېلېكترون بىلەن ئېفىردىن ئېشىپ كېتەلمىگەن ئىكەن، شۇڭا دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم قەتئىي تۇردا، كۈندىن-كۈنگە تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىنسانىيەت ئىلمىنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنى بىلىشتىكى بۇ **ناھايەتسىزلىكىنىڭ** ھەممىسى ۋاقىتلىق، نىسبىي، تەخمىنىي خاراكتېرغا ئىگە. دەپ ھېساپلايدۇ. ئېلېكترونمۇ ئاتومغا ئوخشاشلا **ئاخىرىغا يەتكۈزۈپ بولمايدىغان بولىدۇ.....**" («ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىتچىلىكى»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 481-بەت).

ئاتوم تەلىماتى بىرنەچچە تەرەققىيات باسقۇچىنى باشتىن كەچۈردى. قەدىمقى زاماندا، ئاتوم تەلىماتى بىر تاللانتلىق پەرەز ئىدى. 18-ئەسىرگە كەلگەندە ئىلمىي قىياسقا ئايلاندى، 19-ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى 30 نەچچە يىلىدا ئىلمىي نەزەرىيىگە ئايلاندى. قەدىمقى زاماندىكى ئاتوم نەزەرىيىچىلىرىدىن لېۋكىپ، **دېموكرىت***، **ئېپىكۇر***، **لۇكرېتسى كار***لار ئاتومنى ماددىنىڭ ئەڭ ئۇششاق، مۇتلەق پارچىلانغىلى بولمايدىغان زەررىسى دەپ پەرەز قىلىشقان. قەدىمقى زامان ئاتوم نەزەرىيىچىلىرى مۇنداق دەپ پەرەز قىلىشقان: ئاتوم ئالاھىدە

خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئەمەس، ئۇنىڭ مۇتلەق سىڭىشچانلىقى يوق، ئۇلار پەقەت چوڭ-كىچىكلىكى ۋە شەكلى جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. ھەرقايسى ئاتوم ئۆز ئۆزى ھەركەت قىلىپ تۇرغان ماكان بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. چوڭ ماددا بىر توپ ئاتومنىڭ بىرلىشىشى بولىدۇ. ماددىنىڭ خۇسۇسىيىتى ماددىنى تەشكىل قىلغان ئاتومنىڭ تۈرى ۋە ئاتومنىڭ تىزىلىشى تەرتىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. يېڭى دەۋردىكى ئىلىمپەن قەدىمقى كىشىلەرنىڭ ئاساسىي نۇقتىنەزىرىنى قوبۇل قىلدى، ئۇ ئۆتكۈزمەسلىك ۋە پارچىلانماسلىقتىن باشقا قاتتىقلىقنى يەنى بولۇۋاتقان ھەركەتنىڭ ئىقتىدارىنى ساقلاشنى ئاتومنىڭ مۇقىم خۇسۇسىيىتى دەپ قارىدى. خىمىيۋى ئېلېمېنتلارنىڭ پەرقى شۇ ئېلېمېنتلارنى تەشكىل قىلغان ئاتومنىڭ پەرقى بولىدۇ دەپ قارىلىشقا باشلاندى. شۇنداقتىمۇ، يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان ئاتوم نۇقتىنەزىرى تېخى خىمىيە ۋە فىزىكىنىڭ ئاساسى بولالمايدۇ، چۈنكى ئۇلاردا ئاتوم توغرىسىدا ھېچقانداق كونكرېت ئىزاھات يوق (بۇ ئىزاھاتلارغا ئاساسەن ماددىنىڭ فىزىكىلىق ۋە خىمىيىلىك خاراكتېرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولىدۇ).

**لومونوسوۋ***نىڭ ئەسىردە ئاتوم نەزەرىيىسى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلاندۇرۇلدى. ئۇنىڭ بايانلىرى كېيىن 19-ئەسىردە خىمىيىدە راۋاجلانغان ۋە كونكرېتلاشتۇرۇلغان ئىدىيىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئاتوم خىمىيۋى ئېلېمېنتنىڭ ئىنتايىن ئۇششاق زەررىچىسى دەپ قارىلىشقا باشلىدى (دالتون). بۇ زەررىچىلەر مەلۇم خىمىيىلىك خاراكتېرغا ئىگە، مەسىلەن، قاتتىق مۇقىم مىقداردا باشقا ئېلېمېنتنىڭ ئاتومى بىلەن بىرىكىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە (مۇقىم نىسبەت قانۇنى ۋە ھەسسىلىك نىسبەت قانۇنى). ماسسا (ئاتومنىڭ ئېغىرلىقى) خىمىيىلىك ئاتومنىڭ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان خۇسۇسىيىتى (بەلگىسى)گە ئايلىنىدۇ. 19-ئەسىردە فىزىكا تەرەققى

قىلىش نەتىجىسىدە ھەر بىر ئېلېمېنتنىڭ ئاتومى (قىزىق گاز ھالىتى-
دە) ئالاھىدە سپېكتىر تارقىتىدىغانلىقى تېپىلدى (كىرخوف،
بۇنسېن). گاز ھەركىتى نەزەرىيىسىگە ئاساسەن (ماكسۋېل، بولتس-
مان)، ئاتومنىڭ مەلۇم چوڭ-كىچىكلىكتە ئىكەنلىكى (ئالاھى-
دە يۈز مىليوندىن بىر سانتىمېتىر) ئىسپاتلاندى. لومونوسوۋ، مەيلى
ئوخشاش بولغان ئاتوم بولسۇن ياكى ئوخشاش بولمىغان ئاتوم بول-
سۇن، ھەممىسى مۇرەككەپ زەررىچە يەنى مالېكۇلىنى ھاسىل قىلىدۇ،
دېگەن ئىدى. 19-ئەسىرگە كەلگەندە بۇ ئىدىيىنىڭ توغرىلىقى
ئىسپاتلاندى (كاننىتسارو). رۇس خىمىكى **بۇتلېروۋ** ئىجات
قىلغان مالېكۇلىنىڭ تۈزۈلۈش تەلىماتى-خىمىيىلىك تۈزۈلۈش
نەزەرىيىسى ئاتوم نەزەرىيىسى تەرەققىياتىدا غايەت زور رول ئوينى-
دى. خىمىيىلىك تۈزۈلۈش نەزەرىيىسى شۇنى ئىسپاتلىدىكى،
مالېكۇلىنىڭ خاراكتېرىنى ئۇنىڭ تەركىۋى بەلگىلەش بىلەنلا قالماس-
تىن، بەلكى مالېكۇلىدىكى ئاتومنىڭ بىرىكىش خاراكتېرىمۇ بەلگىلەيدۇ،
خۇسۇسەن ئاتومنىڭ ماكاندىكى تىزىلىشى بەلگىلەيدۇ. بىراق،
مۇتلەق كۆپ ساندىكى فىزىكلار ۋە خىمىكلار يەنىلا ئاتوم ئۆزگەر-
مەيدۇ، ئاتومنىڭ خاراكتېرىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ،
دەپ قاراشقان. شۇڭا ئوخشاش بولمىغان ئېلېمېنتلار ئوتتۇرىسىدىكى
باغلىنىش مۇئەييەنلەشتۈرۈلمىگەن. ئوخشاش بولمىغان تۈردىكى
ئاتومنىڭ مىقدارى يەنىلا ئابادىيىلىق دەپ قارالغان. مېندېلېيېۋ
دەۋر قىلىش قانۇنىنى كەشىپ قىلغاندىن كېيىنلا، ئاتومنىڭ تۈرلىرى-
نىڭ ئوخشاش ماددىنىڭ ئوخشاش بولمىغان تۈرلۈك شەكلى ئىكەن-
لىكى، ئۇلارنىڭ فىزىكا ۋە خىمىيىلىك خاراكتېرىنىڭ تۈرلۈك ئوخ-
شاش بولمىغان ئېلېمېنت بويىچە قانۇنىيەتلىك ھالدا ئۆزگىرىدىغانلىقى
ئىسپاتلاندى. دەۋر قىلىش قانۇنىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى تەبىئى پەن
تارىخىدىكى بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى. بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئىلىم-

يەن ئالدىغا ماددىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كونكرېت ئاتوم تۈزۈلۈشى نەزەرىيىسىگە ئاساسەن چۈشەندۈرۈش مەسىلىسىنى قويدى.

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاتومنىڭ مۇرەككەپ زەررىلەر سىستېمىسى ئىكەنلىكى بىلىندى، بۇ پاكىت ئاتوم ئىنتايىن تۇراقلىق بولىدۇ دېگەن پاكىتقا قارىمۇ-قارشى ئىدى. ئاتوم بىر سېكۇنت ئىچىدە يۈز مىليون قېتىملاپ ئۇرۇلۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۇرۇلغاندا ئادەتتە ئۆزىنىڭ خاراكتېرىنى — ئاتوم سىستېمىسى "ئادەتتىن تاشقىرى مۇقىم" بولىدىغانلىقىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. بۇ پاكىت توغرىسىدا كلاسسىك فىزىكىدا ھېچقانداق ئىزاھ تاپقىلى بولمايدۇ. پەقەت 20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا **كۋانت مېخانىكىسى*** كەشىپ قىلىنغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئاتوم يادروسى ۋە ئۇنى ئورىۋالغان ئېلېكترون توپىنىڭ قانداقىسىگە بىرلىككە كەلگەن، ئالاھىدە سۇپەتكە ئىگە مۇقىم زەررىنى — ئاتومنى تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى ئىزاھلاپ بەرگىلى بولىدىغان بولدى.

بۇ ئىزاھ 1924 - يىلى تېپىلغان ئېلېكترون، ئاتوم يادروسى ۋە ئاتوم قاتارلىق ئىنتايىن ئوخشاش بولغان ئوبيېكتنىڭ ئىككى ياقلىمىلىقىغا ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت پاكىتنى ئاساس قىلغان. زەررىچىلەر ئوبيېكتىنىڭ ئىككى ياقلىمىلىقى شۇ يەردىكى، بۇ ئوبيېكتلار ئۆز ھەركىتى داۋامىدا ھەم زەررىلەر خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ھەم دولقۇن خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، زەررىچىلەر ئوبيېكتى بىر پۈتۈنلۈك سۈپىتىدە، بىر زەررە سۈپىتىدە رول ئوينايدۇ، (مەسىلەن، ئۇرۇلغان چاغدا)، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ يەنە دولقۇن خاراكتېرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ ھەركىتى ئۆزى تەۋە بولغان پۈتكۈل سىستېمىنىڭ فىزىكىلىق شەرتلىرىگە باغلىق بولىدۇ. كۋانت نەزەرىيىسىگە ئاساسەن، ھازىرقى زامان فىزىكىسى ئاتومنىڭ تۇراقلىق ئىكەنلىكىنى، ئاتوم ھالىتى ئۆزگىرىشىنىڭ سەكرەشچانلىقى (يەنى ئاتالمىش ئېنېر-

گىيىنىڭ ۋە شۇنىڭدەك بەزى ئاتوم ھالىتىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى چۈشەن-
دۈرىدىغان باشقا مىقدارنىڭ كۋانتلىنىشى)نى چۈشەندۈرۈپ بېرىپلا
قالماستىن، بەلكى ئاتومنىڭ بىرىكىشى ئارقىسىدا ھاسىل بولغان
مالېكۇلىنى، كرىستال جىسمنى ۋە باشقا تېخىمۇ مۇرەككەپ سىستې-
مىلارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. مالېكۇلا ۋە
كرىستال جىسىم قاتارلىقلار بولسا يەنە بىر پۈتۈن تۈزۈلمە. يېقىنقى
20 يىلدىن بۇيانقى فىزىكىدىكى كەشپىياتلار ئېلېكتروننىڭ ئېلېكتروننىڭ
چەكسىزلىكى توغرىسىدىكى يولىيورۇقنى پۈتۈنلەي ئىسپاتلاپ بەردى.
ئاتالمىش "ئىپتىدائى" زەررىلەر—ئېلېكترون، مۇسبەت ئېلېكترون،
فوتون قاتارلىقلارنىڭ بىر بىرىگە ئايلىنىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ
خاراكتېرىنىڭ ئۇلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشى-
گە قاراپ ئۆزگىرىدىغانلىقى ئاللىقاچان ئىسپاتلانغان.

فىزىكا ئاتوم، مالېكۇلا ۋە شۇنىڭدەك باشقا زەررىلەر ئوبيېكتىنىڭ
ھەقىقىي مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە
بىۋاستە ئىسپاتلاپ بەردى. ھازىر، بىز زەرەتلىك زەررىلەرنىڭ
ھەرىكەت ئىزلىرىنى كورۈۋالالىغان ۋە ئاپاراتقا ئېلىۋالالىغاندىن باشقا،
ئېلېكترون مىكروسكوپ ئارقىلىق مىكرو مالېكۇلىنىمۇ بىۋاستە
كورەلەيمىز. مۇشۇنداق قىلىپ، يەن ئاتومنىڭ چىنلىقىنى ئىنكار
قىلىدىغان ھەمدە ئاتوم نەزىرىيىسى "ئاپتورۇقنىكى پەرەز"دىن
باشقا نەرسە ئەمەس دەيدىغان ئىدىيالىستلارنىڭ ھوكمىنى رەت
قىلدى. شۇنىڭدەك ھازىرقى زامان فىزىكىسى "فىزىكىلىق" ئىدىيا-
لىستلارنىڭ ئىنتايىن ئۇششاق بولغان زەررىنىڭ خاراكتېرىنى بىلگىلى
بولمايدۇ دەيدىغان ھوكمىنىمۇ ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ھازىرقى
زامان ئاتوم تەلىماتى فىزىكىنىڭ ئاساسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى
تېخنىكىنىڭمۇ ئاساسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئاتوم فىزىكىسى ۋە ئاتوم
يادروسى فىزىكىسى ئاساسىدا بەزى يېڭى سانائەت تارماقلىرى قۇرۇل-

دى. فىزىكا خاراكتېرى ئالدىن بەلگىلەنگەن يېڭى ماتېرىيالنى
ئىجات قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىشقا زور
ئىستىقبال ئېچىپ بەردى. لېكىن، بىز ھەرگىز ئاتوم تەلىماتى
مۇكەممەللىشىپ بولغان تەلىمات دەپ قارىماسلىقىمىز لازىم. ھازىرقى
زامان فىزىكىسىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنىڭ مەركىزى **ئاتوم
يادروسى*** ۋە "ئىپتىدائى" زەررىلەر مەسىلىسى بولۇۋاتىدۇ.

**ئاتوم يادروسى** Атомное ядро 原子核 نۇكلوندىن
تەركىپ تاپقان مۇسبەت زەرەتلىك ئاتومنىڭ مەركىزى قىسمى.
مۇسبەت زەرەتلىك يادرو زەررىسى (پروتون) بىلەن نېيترال يادرو
زەررىسى (نېيترون) نۇكلون دەپ ئاتىلىدۇ. يادرو زەررىسىنىڭ
ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە قوشۇلۇشى تۈرلۈك خىمىيۋى ئېلېمېنت-
لارنىڭ ھەر خىل-ھەر ياڭزا ئاتوم يادروسىنى تەشكىل قىلىدۇ.
نۇكلوننىڭ ماسسىسى ئېلېكتروننىڭ ماسسىسىدىن ئىككى مىڭ ھەسسە
دىگۈدەك چوڭ بولىدۇ، شۇڭلاشقا ئاتومنىڭ پۈتۈن ماسسىسى پۈتۈن-
لەي دىگۈدەك ئاتوم يادروسىنىڭ ئىچىگە توپلانغان بولىدۇ. ئاتوم
يادروسىنىڭ ئىچىدىكى پروتوننىڭ سانى (ئاتوم تەرتىپى) ئۇنىڭ
مۇسبەت زەرەتنى ۋە شۇ ئاتومنىڭ **مېندېلېيېۋ*** دەۋر قىلىش سىستېمىسى
ئىچىدە تۇتقان ئورنىنى بەلگىلەيدۇ. ئاتوم يادروسى ئىچىدىكى
نۇكلوننىڭ سانى ماسسىلىق سان دەپ ئاتىلىدۇ. ئاتوم يادروسىنىڭ
ماسسىسى نۇكلون ماسسىسىنىڭ يىغىندىسىدىن كىچىك بولىدۇ؛ ئاتوم
يادروسى شەكىللەنگەن ۋاقىتتا مەلۇم مىقداردا ئېنېرگىيە چىقىرىدۇ،
ئاتوم يادروسىنىڭ ماسسىسى مۇشۇنداق ئېنېرگىيە چىقىرىش نەتىجىسىدە
مۇناسىپ دەرىجىدە كېمىيىپ بارىدۇ. تۇراقلىق يادرولۇق ئاتومدىن
باشقا، تۇراقسىز يادرولۇق ئاتوممۇ بولىدۇ. تۇراقسىز يادرو
بىلەن تۇراقلىق يادرو ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئۇلار ئىچىدىكى نېيت-
روننىڭ ئاز-كۆپلۈكىدە. تۇراقسىز يادرو رادىيوئاكتىپلىق (لاتىنچە-

سى — radio — تارقىتىش) يادرو دەپ ئاتىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار پارچىلانغان چاغدا α زەررىنى، يەنى گېلىي ئاتومىنىڭ يادروسىنى چىقىرىدۇ. β زەررىنى، يەنى مۇسبەت زەرەتلىك زەررە ياكى مەنپى زەرەتلىك ئېلېكتروننى چىقىرىدۇ ($\beta^-$، $\beta^+$). شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە ئاتومنىڭ سىرتقى يوستىدىكى ئېلېكتروننى تارتىۋېلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق پارچىلىنىدۇ. ئاتوم تەرتىپى سانى 83 تىن ئېشىپ كەتكەنلىكى ئېلېمېنتنىڭ ئاتوم يادروسى رادىيوئاكتىپلىق بولىدۇ. 1896-يىلى بېككېرېل تۇنجى قېتىم ئۇرانىنىڭ رادىيوئاكتىپلىق ئىكەنلىكىنى تاپتى، ئارقىدىن پېيىر كيۇرى بىلەن ماريا كيۇرى سكولودوۋسكا، رېزېرفورد قاتارلىق كىشىلەر ئۇرانىنىڭ رادىيوئاكتىپ-لىقى توغرىسىدا تەپسىلى تەتقىقات ئېلىپ باردى. 1934-يىلى فرېدېرىك ژولىئوكيۇرى بىلەن ئىرېن كيۇرى سۈنئىي رادىيوئاكتىپ ئۇرىنى كەشىپ قىلدى؛ ئۇلار α زەررە ئۇراقلىق ئېلېمېنتقا تارقالغاندا، بۇ ئېلېمېنتلارنىڭ يېڭى، رادىيوئاكتىپلىق بولغان ئاتومغا ئىگە بولغىلى بولىدىغانلىقىنى تەھقىقلەشتۈردى. ھازىر تۈرلۈك ئاتوم رېئاكسىيىسى (ئاتوم يادروسىدا تۈرلۈك زەررىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىسىدا پەيدا بولغان ئۆزگىرىش) ئارقىلىق بارلىق خىمىيۋى ئېلېمېنتلار ئىچىدىن سۈنئىي ھالدا ئورغۇنلىغان رادىيوئاكتىپلىققا ئىگە ئاتومنى بەرپا قىلغىلى بولىدىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نېپتونىي، پلوتونىي، ئامېرىتسىي، كيۇرىي، بېركلىي قاتارلىق يېڭى خىمىيۋى ئېلېمېنتلارغا ئىگە بولغىلى بولىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى.

ئاتوم يادروسى ماددىنىڭ بىر خىل ئالاھىدە سۈپەت شەكلى بولۇپ، ئۇ ھەركەتنىڭ يېڭى سۈپەت شەكلى (ئاتوم ئېنېرگىيىسى) بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ. ئاتوم يادروسى ئىچىدە قارىمۇ-قارشى كۈچلەرنىڭ بىرلىكى بولىدۇ، يەنى پروتونلار ئوتتۇرىسىدىكى ئېلېك-تىرلىق چەتكە قېقىش كۈچى بىلەن يادرونىڭ ئىچكى قىسمىدىكى

نۇكلون ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ قىسقا مۇساپە ئارىلىقىدىكى ئالاھىدە يادرو تارتىلىش كۈچىنىڭ بىرلىكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. رادىيوئاكتىپلىق بىلەن يادرو رېئاكسىيىسىنىڭ تېپىلىشى تۈرلۈك ئاتوم يادروسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئۆزگىرىشلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن تەبىئەت دۇنياسىدا ئۆزگەرمەيدىغان ئېلېمېنتنىڭ يوقلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھازىرقى زامان ئاتوم يادروسى تەلىماتى دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ ماددىينىڭ تۈرلۈك شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى توغرىسىدىكى پرىنسىپىنى پۈتۈنلەي ئىسپاتلاپ بەردى، مېتافىزىكىنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان ئېلېمېنت توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنىڭ پۈت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى پۈتۈنلەي ئىسپاتلاپ بەردى. بىز يادرو رېئاكسىيىسى بىلەن سۈنئىي رادىيوئاكتىپلىقنى تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە ئۇران بىلەن پلۇتونىينىڭ بەزى ئىزوتوپلۇق ئاتوم يادروسىنىڭ پارچىلىنىشىنىڭ زەنجىرسىمان رېئاكسىيىسىنى تېپىپ چىقتۇق؛ زەنجىرسىمان رېئاكسىيە بولغان چاغدا مىندېلېيېۋ دەۋر قىلىش سىستېمىسىنىڭ ئىچىدىكى ئارىلىق ئېلېمېنتنىڭ ئاتوم يادروسى پەيدا بولىدۇ ھەمدە ئېنېرگىيە ھاسىل بولىدۇ، بۇنداق ئېنېرگىيە ئوخشاش مىقداردىكى ماددىدا خىمىيىلىك ئۆزگىرىش ھاسىل بولغان ۋاقىتتا (مەسىلەن، كۆيگەن چاغدا) ھاسىل بولىدىغان ئېنېرگىيىدىن مىليون-مىليون ھەسسە چوڭ بولىدۇ. ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل شەرتلەرگە باغلىق بولغان زەنجىرسىمان رېئاكسىيە بىر قەدەر ئاستا بېرىپ ياكى ناھايىتى تېز بېرىپ پارتلاشنى ھاسىل قىلىشى مۇمكىن (ئاتوم بومبىسى). ئاتوم ئېنېرگىيىسىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، پارچىلىنىش رېئاكسىيىسىدىن پايدىلانغىلى (يادرونىڭ پارچىلىنىشى) بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بىرىكىش رېئاكسىيىسىدىنمۇ پايدىلانغىلى بولىدۇ، مەسىلەن، ھىدروگېن يادروسىدىن گېلىي يادروسى ۋە

باشقا بىرىنىڭ ئىلمىي پادروسى شەكىللەندى. بۇنداق رېئاكسىيەلەرنىڭ تۈرغۇن يۇلتۇزدىكى ئېنېرگىيە بىلەن قۇياش ئېنېرگىيەسىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى ئىكەنلىكى ئېنىق.

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئاتوم قۇراللىرىنى شەرتسىز ھالدا مەنئى قىلىش، ئاتوم ئېنېرگىيەسىدىن تىنچلىق ئۈچۈن پايدىلىنىش يولىدا كۆرەش قىلماقتا. سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئاۋال ئاتوم قۇۋۋىتى ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى قۇردى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى ئاتوم قۇۋۋىتىنى سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ۋە تىبابەتچىلىك قاتارلىق جەھەتلەردە قوللىنىش ئۈچۈن داۋاملىق تەتقىقات ئېلىپ بارماقتا.

**ئاخۇندوۋ، مىرزا فاتالى** 阿洪多夫，米尔扎．法塔里 (1878—1812) Ахундов· Мирза Фатали ئەزەربەيجاننىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى، مۇتەپەككۇرى، جەمئىيەت ئەربابى، مەرىپەتچىسى. ئاخۇندوۋنىڭ دۇنياقارىشى ئىلغار روسىيە ئىجتىمائىي ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىدە، بولۇپمۇ روسىيە ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزمچىلىرى بېلىنسكى*، چېرنىشېۋسكى*، دوبروليۇبوۋ* قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن. پەلسەپە نۇقتىئىنەزىرىدىن ئېيتقاندا، ئاخۇندوۋ ماتېرىيالىست—خۇداسىزلىق تەرەپدارى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئەسلى زات يەنى ماددىي ئەسلى زات مەۋجۇت. بۇ ئەسلى زات بىر تۇتاش، مەڭگۈلۈك ۋە چەكسىز بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ دۇنيادىكى تۈرلۈك جەريانلار ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئۆزىدىكى سەۋەپ ۋە ئاساسى. ماددا بىرلەمچى، ئاڭ ئىككىلەمچى. تەبىئەت دۇنياسى پاكى ماددا ھەرقانداق ئاشقى كۆچكە بېقىنماستىن ئۆز ئالدىغا ئوبيېكتىپ ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ماكان ۋە زامان ماددىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان خۇسۇسىيىتى*. ئاخۇندوۋ ۋېيەلا-سوپ يۇمغا جاۋاپەن دېگەن ئەسىرىدە، سۇبيېكتىپ ئىدىيالىزىمنىڭ



سەۋەپ-نەتىجە قارىشىنى تەنقىت قىلدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، سەۋەبىيەت ۋە سەۋەپ-نەتىجە باغلىنىشى ئادەمگە ۋە ئۇنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئوبيېكتىپ كاتېگورىيە. ئاخۇندوۋ يەنە بىلىش نەزەرىيىسىدىكى بەزى مەسىلىلەرنى ماتېرىيالىستىك ھالدا ھەل قىلدى. ئۇنىڭ چىقىش نۇقتىسى مۇنداق: دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلىش تامامەن مۇمكىن، پەن بۇنى ئىسپاتلاپ بەرمەكتە. تۇيغۇ بىلىشنىڭ مەنبەسى. ئاخۇندوۋنىڭ ماتېرىيالىزمى مېتافىزىكىلىق ماتېرىيالىزم. ئۇ تارىخنى، ئىجتىمائى ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرگەندە، يەنىلا ئىدىيالىزم مەيدانىدا تۇرىدۇ.

ئاخۇندوۋ **ئىسلام دىنى**"غا ئۇرۇش جاكارلىغان خۇداسىزلىق تەرەپدارى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئىنسانلار پەن بىلەن دىنىي ئېتىقادنى ئارىلاشتۇرۇۋەتتى، بۇ نەق زور بىر خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىك. "دىنىي ئېتىقات بىلەن پەن بىر بىرىگە قارىمۇ-قارشى بولغان، بىر بىرى بىلەن زادىلا چىقىشالمايدىغان، بىر بىرى بىلەن باغلانمايدىغان ئىككى خىل نەرسە....." پەن ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان سەۋەپ. ھالبۇكى دىن دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ توختاپ قېلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان سەۋەپ. ئاخۇندوۋ: دىن شەرقنىڭ ئارقىدا قېلىشىدىكى تۈپ سەۋەپ، دەپ كېسىپ ئېيتىدۇ.

ئاخۇندوۋ ئەزەربەيجان تىياتىرى ۋە تىياتىر نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسچىسى. ئۇ نۇرغۇن ئىسىل كومېدىيىلەرنى يازغان، مەسىلەن، «گادژى كارا»، «زەرگەر موللا ئىبراھىم خەلىل»، «مۇسيۇ ژوردان ئەپەندى ۋە دەرۋىش ماستالى-شاھ»، «قاراقچىنى يەڭگەن ئېيىق»

ۋە باشقىلار. ئەزەربەيجان ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ ئېسىل ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسىرى ئەسەرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى، پەلسەپىۋى پوۋېست «ئالدانغان يۇلتۇز»نى ئاخۇندوۋ يازغان. ئاخۇندوۋ مەشھۇر شائىر، ئۇ لومونوسوۋ، دېرژاۋىن، گوگول، پۇشكىنلارنىڭ ئەسەرلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان. ئاخۇندوۋ پۇشكىننىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى توغرىسىدىكى «پۇشكىنگە تەزىيە» دېگەن مەشھۇر شېئىرىدا ئۆزىنىڭ بولغان ھېسسىياتىنى بېرىپ، بۇ ئۇلۇغ شائىرنى قەستلەشتەك جىنايى قىلمىشقا قاتتىق نەپرەتلەنگەن ۋە غەزەپلەنگەن. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: "بىلەمسىز پۇشكىننى، ئاڭلىغانمۇ شۇ زاتنى، شائىرلارنىڭ شائىرى پۇشكىن دېگەن ئاتنى،.... جان بەردى ئۇ بوپ جىنايى ئوقنىڭ قۇربانى، ئېلىپ كەتتى رەزىل ئوق شۇ ئوت يۈرەك جاننى، زۇلمەتنىڭ ئەلچىسى، قارا كۈچلەر غالچىسى، يىراقتىن ئېتىۋەتتى كۈيچى-شائىرىمىزنى." ئاخۇندوۋ رۇس مەدەنىيىتىگە ۋە رۇس تىلىغا ئىنتايىن يۇقىرى باھا بەردى. ئۇ مۇنداق دەپ ھېساپلىدى: "رۇس تىلى چوڭقۇر ئىدىيىنى ئىپادىلەش جەھەتتە تەڭداشسىز." ئاخۇندوۋ ئەزەربەيجان خەلقىنىڭ ھەقىقى ۋەتەنپەرۋىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دوستلۇقىنىڭمۇ قوغدىغۇچىسى. ئۇ جەنۇبىي كاۋكازدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا قېرىنداشلارچە، ئىنتېرناتسىيونالىزىملىق مۇناسىۋەت ئورنىتىشنى تەشەببۇس قىلدى.

ئاخۇندوۋنىڭ ئاساسىي پەلسەپە ئەسىرى: «ھىندىستان شاھزادىسى كېمال ئۇد دۆۋلىنىڭ پېرسىيە شاھزادىسى جالال ئۇد دۆۋلىگە يازغان 3 پارچە خېتى ۋە پېرسىيە شاھزادىسىنىڭ جاۋاپ خېتى» («ئاخۇندوۋنىڭ پەلسەپە، سىياسى ئەسەرلىرى توپلىمى»، 1940-يىل باكۇ نەشرىگە قاراڭ).

**ئارىستوتېل 亚里士多德 Аристотель** (مىلادىدىن ئىل-

گىرى (384 — 322) قەدىمقى يۇنان پەيلاسوپى، "قەدىمقى زامان-دىكى ئەڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر" (ماركس، «كاپىتال»، رۇسچە نەشرى، 1-توم، 414-بەت). ئارىستوتېل **پلاتون*** نىڭ شاگىرتى، لېكىن ئۇ پلاتوننىڭ ئىدىيالىستىك خىيال نەزەرىيىسىنى ئىرغىتىپ تاشلىغان ھەمدە ئۇنى قاتتىق تەنقىت قىلغان ئىدى. بۇ تەنقىت ئومۇمى ئىدىيالىستىك بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى چۈشەنچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئارىستوتېل مۇنداق دەپ قارايدۇ: **پلاتون** ماھىيەتنى بۇ خىل ماھىيەتكە ئىگە نەرسىلەردىن ئايرىپ چىقىدۇ، شۇنداق قىلىپ، ئومۇملىق (ئۇقۇم)نى ئايرىم نەرسىگە ئايلاندۇرىدۇ؛ ئۇ ئويغۇلۇق، رىيال دۇنيا بىلەن تەڭ ئورۇندا قويۇش ئۈچۈن، بىر ئالاھىدە، خىيالىي ۋە ئويغۇدىن تاشقىرى بولغان دۇنيانى ياراتتى. پلاتون خىيال ئەسلىي نەرسىنىڭ مودېلى، ئۇ ئەسلىي نەرسىگە بېقىنماي مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، لېكىن خىيال-دىن پايدىلىنىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئەسلىي نەرسىلەر پەقەت خىيالنىڭ ئەكس نۇرى، كۆلەڭگىسى ۋە مۇكەممەللەشمىگەن كۆچۈرۈلمىسىلا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئارىستوتېل ئۆزگەرمەيدىغان، ئويغۇدىن تاشقىرى بولغان ماھىيەتنى ئىختىراپ قىلىشنىڭ ھېسسى ئەسلىي نەرسىلەرنىڭ بارلىققا كېلىش ۋە ئۆزگىرىش سەۋەبلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى دەلىللەپ بەردى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر خىيال — مودېل، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېيىلسە، ئۇنداقتا ئۇ قۇرۇق گەپ قىلغانلىق بولىدۇ، شېئىرنىڭ ئىستارىسى بولىدۇ." بۇ يەردە ئارىستوتېلنىڭ پەلسەپىسىدىكى ماتېرىيالىستىك ئامىل ئايان بولىدى. "ئارىستوتېل-نىڭ پلاتوننىڭ 'خىيالىلىق' ئۈستىدىكى تەنقىدى **ئىدىيالىزىم** **يەنى ئومۇمى ئىدىيالىزىم** ئۈستىدىكى تەنقىت بولىدى......" (لېنىن،

............................................

ۋېيلىسەپە خاتىرىلىرى»، خەلق نەشرىياتى 1956-يىل خەنزۇچە



نەشرى، 288 ـ بەت) ئارىستوتېل پلاتون-
نىڭ ئەكسىچە، ئەمەلىي نەرسىنىڭ ئۆزىدە
ماھىيەت بولىدۇ، دەپ قەيت قىلىدى،
يەككىلىك بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان
ياكى يەككىلىكتىن ئايرىلغان ئومۇمىلىق
مەۋجۇت ئەمەس، دەپ ھېسابلىدى.
ئارىستوتېل مۇنداق دەيدۇ: ئۇنداق
بولمايدىكەن، "ھېس قىلغىلى بولىدىغان
ئاسمان بوشلۇقى، قۇياش ۋە ئايدىن باشقا، مۇقەررەر ھالدا يەنە بىر
ئاسمان بوشلۇقى، قۇياش ۋە ئاي مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولىدۇ. باشقا
ئاسمان جىسىملىرىمۇ شۇنداق بولىدۇ. لېكىن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش
ھوكۇملەرگە كىشىلەر قانداقمۇ ئىشىنەلىسۇن؟" لېنىن مۇنداق دەپ
كۆرسەتتى: ئارىستوتېل تاشقى دۇنيانىڭ چىنلىقىدىن گۇمانلانمىغان،
ئۇ ئومۇمىلىق بىلەن ئايرىمىلىق، ئۇقۇم بىلەن تۇيغۇ، ماھىيەت
بىلەن ھادىسە قاتارلىقلارنىڭ دىيالېكتىك مۇناسىۋىتىنى ئاڭقىرالمى-
غان. ئارىستوتېل، خىيال (ئۇنىڭ ئاتالغۇسى يەنى شەكلى بويىچە)
بىلەن ئەمەلىي نەرسە ئايرىلماستۇر، دەپ قارايدۇ.

ئارىستوتېل ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدېيالىزم ئوتتۇرىسىدا تەۋرىنىپ
قالغان، لېكىن ئېنىكى-ئەكتىدىن ئالغاندا ئۇ يەنىلا ئىدېيالىزمغا
مايىل. ئارىستوتېل مۇنداق دەپ قارايدۇ: ھەر بىر جىسىم، ھەر بىر
يەككە ئەمەلىي نەرسە ئىككى خىل مەنبە — ماددا ۋە شەكىلدىن
تۈزۈلگەن (مەسىلەن، مىس ھەيكەل مەلۇم شەكىلگە ئىگە مىستىن
ياسالغان). ئالەمنىڭ ئاساسى تۇراقسىز، پاسسىپ ھۇل — "1-ماددا".
لېكىن مۇنداق ماددا پەقەت ئابستراكتلىق ئىچىدىلا مەۋجۇت
بولۇپ تۇرىدۇ؛ ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆزى ماددا بولمىغان شەكىلنىڭ
پائالىيەتچانلىقى بىلەن بەلگىلىنىدۇ (ھەممىدە مەڭگۈ شۇنىڭ بىلەن

يەلكىلىنىدۇ). ماددا — نەرسىنىڭ مۇمكىنلىكى، ئىقتىدارى، ئۇقۇم شەكلى بولسا نەرسىنىڭ رېئاللىقى. مۇمكىنلىك ھەرىكەت تۈپەيلىدىن رېئاللىققا ئايلىنىدۇ؛ شەكىل ماددىلىشىدۇ، ماددا شەكىللىشىدۇ. ئارىستوتېل شەكىل بىلەن ماددىنى باغلاشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتا، **تولۇق** يەنى ماددىنىڭ بارلىق شەكىللىرىدىن **ئايرىلغان** يەنە بىر شەكىل مەۋجۇت، دەپ قارايدۇ. ئىدىيە، "مەن — دىگى تەپەككۇر"نىڭ ئەقلى — ئىلاھ دېگەن ئەنە شۇ. ئىلاھ دۇنيانىڭ ھەرىكەتسىز ئالغا سۈرگۈچىسى، ئۇ بىردىن-بىر ۋە ئەبەدى بولىدۇ. ئارىستوتېلنىڭ سۆزى بويىچە بولغاندا، ئالەم يەرنى مەركەز قىلغان شارسىمان جىسىم، يەرنىڭ ئۈستىدىكى بوشلۇقتا تۇرغۇن "يۇمىلاق شار"لار ئايلىنىپ تۇرىدۇ.

بىلىش نەزەرىيىسى جەھەتتە، (تەبىئەت پەلسەپىسى ۋە ماتېماتىكىدىكى تۈرغۈن مەسىلىلەر جەھەتتىكىگە ئوخشاش) ئارىستوتېل پلاتوندىن پەرق قىلىدۇ، ئۇ بىلىمنىڭ تۇيغۇنى مەنبە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، شۇڭا ئۇ ماتېرىيالىزمغا ناھايىتى يېقىنلاشقان. ئارىستوتېل دىيالېكتىكا بىلەن مېتافىزىكا ئوتتۇرىسىدا تەۋرىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پەلسەپىسى ناھايىتى زور دەرىجىدە دىيالېكتىك رېئالىزم ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئېنگېلس مۇنداق دەپ يازىدۇ: ئارىستوتېل "دىيالېكتىك تەپەككۇرنىڭ ئەڭ ئاساسىي شەكىللىرىنى تەتقىق قىلغان ئىدى" («دىيۇرىڭغا قارشى»، 1978-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 31-بەت). ئارىستوتېل ھەرىكەتنى ئىنكار قىلىدىغان ئېلىياچىلارنى تەنقىد قىلغان چاغدا: ئۇلار "ھەرىكەتسىزچىلەر" ۋە "تەبىئەتكە قارشى تۇرغۇچىلار" دېگەن ئىدى. ئۇ، ھەرىكەتنى چۈشەنمىگەندە، مۇقەررەر ھالدا تەبىئەت دۇنياسىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئارىستوتېلدىكى دىيالېكتىك ئامىللار ئۇنىڭ ئىمكانىيەت بىلەن رېئاللىقنىڭ، شەكىل بىلەن

مەزمۇنىنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلىلەردىكى سوزلىرىدە روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

قەدىمقى يۇنان — رىم پەلسەپىسىدە، ئارىستوتېل لوگىكىنى يارانقۇچى ئىدى. ئۇ سوز لوگىكىسىدا تەپەككۇر شەكلى بىلەن مەۋجۇدىيەتنى ئايرىۋەتمەيدۇ، بەلكى بىرلەشتۇرۇشكە كۇچەپ ئۇرۇنىدۇ، ئۇ لوگىكىنىڭ كاتېگورىيىسىنى ئوبيېكتىپ چىنلىق بويىچە شەرھىلەشكە كۇچەپ ئۇرۇنىدۇ. لېنىن مۇنداق دەپ كورسىتىدۇ: "ئارىستوتېل ئوبيېكتىپ لوگىكا بىلەن سۇبيېكتىپ لوگىكىنى **ھەممىلا يەردە ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ**، شۇنداقلا ئارىلاشتۇرۇۋېتىش نەتىجىسىدە ھەممىلا يەردە ئوبيېكتىپ لوگىكا **روشەنلىشىدۇ**." («پەلسەپە خاتىرىلىرى»، 1956 ـ يىل خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 334 ـ بەت) ئارىستوتېلنىڭ ئىجتىمائى سىياسى ئۇقتىسەزىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ قۇلدارلارنىڭ مۇتەپەككۇرى. ئۇ، بەزى كىشىلەرنىڭ قۇل بولۇشى، يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا ھوكۇمرانلىق قىلىشى "تەبىي" ئىش، دەپ قارىدى. ئارىستوتېلنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرى مۇنۇلار: «مېتافىزىكا»، «فىزىكا»، «جان توغرىسىدا»، «ئەخلاق ئىلمى»، «سىياسىشۇناسلىق»، «كاتېگورىيە قىسمى»، «ئالدىنقى قىسىم ۋە كېيىنكى قىسىم ئۇستىدە تەھلىل».

**ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئوزگىرىپ بېرىشى ئىلمى 天体演化学** Космогония كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئوزگىرىپ بېرىشى ئىلمىنىڭ ۋەزىپىسى چەكسىز ئالەمنىڭ بىزنىڭ تەتقىق قىلىش ئىقتىدارىمىزنىڭ چېكى پاتىدىغان ئاشۇ قىسمىدىكى ھەر خىل ئاسمان جىسىملىرىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى ۋە ئوزگىرىشىنى شەرھىلەپ بېرىشتىن ئىبارەت. بىزنىڭ قۇياش سىستېمىسىمىزنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ۋە ئوزگىرىشى ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئوزگىرىپ بېرىشى ئىلمىدىكى ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە

بولغان بىر مەسىلە. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتىمۇ، ھەرقانداق تەبىئىي پەن مەسىلىلىرىنى ھەل قىلغانغا ئوخشاش، يېقىنقى زامان ئاسترونومىيىسى ۋە يەر شارى توغرىسىدىكى پەن پەيدىن-پەي يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقان، بارغانسېرى مۇللىشىۋاتقان كۆپلىگەن كۆزدىتىلگەن ماتېرىياللارنى دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم مەيدانىدا تۇرۇپ توغرا چۈشەندۈرۈشنى ئاساس قىلىش لازىم. مۇندىن نەچچە ئون يىللار ئىلگىرى بۇ ماتېرىياللار يوق دېگۈدەك ئىدى، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئۆزگىرىپ بېرىشى توغرىسىدىكى تەلىماتنىڭ ئاساسى پەقەت خالىغانچە قىياس قىلىنغان بەزى ئالدىنقى شەرتلەر ئىدى، بۇ ئالدىنقى شەرتلەر ئالەم توغرىسىدىكى شۇ چاغدىكى چۈشەنچىگە ئاساسەن، تازا ئىشەنچلىكتەك تۇيۇلاتتى. كىشىلەر بۇ ئالدىنقى شەرتلەردىن نوقۇل خىيالكەشلىك ئۇسۇلى ئارقىلىق، بىزنىڭ سەييارىلەر سىستېمىمىزنىڭ ۋە پۈتكۈل ئورغۇن يۇلتۇزلار دۇنياسىنىڭ ئىلگىرىكى تارىخى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقاردى.

يېقىنقى 200 يىل مابەينىدە ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئۆزگىرىپ بېرىشى ئىلمىغا دائىر نۇرغۇن قىياسلار يارلىققا كەلدى. بىزنىڭ ئالەم توغرىسىدىكى بىلىمىمىزنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇ قىياسلار ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشتىن خالىي بولالمىدى ھەممە ئۇلارنىڭ ئورنىنى باشقا قىياسلار ئالدى. كانتنىڭ قىياسى (1755) ئالاھىدە زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ كېيىنكى مېتبورت تېپش توغرىسىدىكى قىياسلار ئۈچۈن ئاساس سالدى. ئېنگېلس بۇ قىياسقا ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىپ، ئۇنى ئۆزگىرىش قانۇنىنى ئالەمنىڭ ئاساسىي جەريانىنىڭ قانۇنى دەپ بىرىنچى بولۇپ تەتقىقلەشتۈرگەن بىر خىل ئىلمىي بولغان، ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئۆزگىرىشى توغرىسىدىكى تەلىمات دەپ ھىسابلىدى. تېخىمۇ مەشھۇر بولغان لاپلاسنىڭ قىياسى (1796) تاكى 20-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى 10 يىللىرىغىچە

بەكمۇ تارقالغان ئىدى. بۇ ئاتالمىش تۇمانلىق توغرىسىدىكى قىياس، شۇنىڭدەك 19-ئەسىردە ۋە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پەيدا بولغان تۇمانلىق توغرىسىدىكى قىياسنىڭ ئۆزگەرگەن تۈرىنىڭ ئۈرنىنى كېيىن جونىسنىڭ قىياسى ئالدى. جونىسنىڭ قىياسى بويىچە، سەييارىلەر مۇنداق شەكىللەنگەن ئىكەن: قۇياشنىڭ ئەتراپىدا، سىرتتىن كەلگەن بىر تۇرغۇن يۇلتۇز ئۆتكەن. بۇ تۇرغۇن يۇلتۇزدىكى سۇنىڭ كوتىرىلىش ۋە پەسىيىش كۈچىنىڭ تەسىر قىلىشى بىلەن قۇياش بىرخىل ماددىنى تاشلاپتۇ، بۇ ماددا قېتىشىپ سەييارىگە ئايلىنىپتۇ. جونىسنىڭ قىياسى بويىچە، مۇقەررەر ھالدا، بىزنىڭ قۇياش سىستېمىمىز ئالەمدە ئالاھىدە ئورۇۋىنى ئىگەللەيدۇ دېگەن خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ. بۇ خۇلاسە كۆزىتىپ ئولچەشكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ماتېرىيالىستىك نۇقتىنەزەر بىلەنمۇ قىلچە چىقىشالمايدۇ. سوۋېت ئالىملىرى بۇ قىياسنى ئەڭ ئاۋۋال تەپسىلى تەھلىل قىلدى ھەمدە ئاسمان جىسىملىرى مېخانىكىسى نۇقتىنەزىرىدىن قارىغاندىمۇ بۇ قىياسنىڭ قىلچە ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى كورسەتتى. ھازىر ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئۆزگىرىپ بېرىشى ئىلمى ئۇستىدە چەتئەللەردە كوپلىگەن ئىختىلاپلار بولىۋاتىدۇ، ئۇ يەرلەردە ئالەمنىڭ باش-ئاخىرى بار دېگەننى تەشۋىق قىلىدىغان، ئالەمدە "قىيامەت قايىم بولىدۇ"، ئۇ بولىدۇ، بۇ بولىدۇ دەيدىغان دىنىي ئىدىيالىستىك "نەزىرىيىلەر" كەڭ تارقالماقتا.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا، كۆزىتىلگەن ماتېرىياللارنى تەھلىل قىلىش ۋە كەڭ تۈردە يىغىنچاقلاش ئاساس قىلىنغان، ئىلمىي بولغان ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئۆزگىرىپ بېرىشى ئىدىيىسىنىڭ يونۇلۇشى ھەقىقى تۈردە تىكلەندى ۋە ئۇ راۋاجلانماقتا. مەسىلەن، تۇرغۇن يۇلتۇزلارنىڭ سەييارىلەرنىڭ ئالدىنقى مەزگىلدىكى باسقۇچىدىن بىر ۋاقىتتا ۋە توپ-توپ بولۇپ قوتۇلغانلىقى (ئامبارت سۇميان)،

تۇرغۇن يۇلتۇزلارنىڭ شەكىللىنىشى ناھايىتى بۇرۇنقى چاغلاردىلا باشلانغانلىقى ھەمدە ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقى، پەيدا بولغان تۇرغۇن يۇلتۇزلارنىڭ ئاستا-ئاستا پارچىلىنىپ، ھاۋا بوشلۇقىغا ئۆزىدىكى ماددىلارنى تاشلايدىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتىنى داۋاملىق، ئۈزلۈكسىز تۈردە ئاستىلىتىدىغانلىقى ھەمدە ئەتراپتىكى پىلانېتلار ئارىلىق ماددىسى بىلەن ئۆزئارا تەسىر قىلىشىدىغانلىقى (فېسېنكوۋ)، ئالەمدە سانسىزلىغان سەييارىلەر سىستېمىسىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ تۇرغۇن يۇلتۇزلارنىڭ مەنبەسى بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىشلىق ئىكەنلىكى شۇنىڭدەكلا قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان بىر جەريان ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلىم-پەنى يەر شارى ۋە قۇياش سىستېمىسىدىكى سەييارىلارنىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى تۈزۈش جەھەتتىمۇ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. ئو.يۇ. شمىت سەييارىلەرنىڭ شەكىللىنىش جەريانى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى تەتقىق قىلىپ چىقىپ، سەييارىلەر ئەسلىدە قۇياشنى چۆرىدەپ تۇرغان گاز جىسىملارنىڭ توزاڭ بۇلۇتلىرى زەررىلىرىدىن ھاسىل بولغان؛ قۇياش سامان يولى سىستېمىسىدا ھەرىكەت قىلىش جەريانىدا، شۇنىڭدەك گاز جىسىملار توزىگى بۇلۇتى بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا، بىر قىسىم زەررىلەرنى ئۆزىگە تارتىۋالغان بولۇشى مۇمكىن، بۇ زەررىلەر بارغانسېرى يوغان جىسىم بولۇپ شەكىللىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا سەييارىلەرنى ھاسىل قىلغان، دەپ مۇئەييەنلەشتۈردى. بۇ نەزەرىيە سەييارىلەرنىڭ يۇمىلاق شەكىلگە يېقىن كېلىدىغان ھەرىكىتىنى، سەييارىلەرنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىدىغانلىقىنى، سۈنئىي ھەمراھنىڭ تەرتىپ بويىچە ماڭىدىغانلىقىنى ۋە تەتۈر ماڭىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئۆزگىرىپ بېرىشى ئىلمىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مۇۋەپپەقىيىتى دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمچە دۇنيا-

قاراش يېتەكچىلىك قىلغان پەننىڭ ئەۋزەللىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

**ئاق تاختاي** 白板 Tabula rasa (لاتىنچىنىڭ سۆزمۇسۆز تەرجىمىسى "پاكىز تاختاي") ئەنگلىيە پەيلاسوپى **لوك*** ئىشلەتكەن ئاتالغۇ. ئۇ مۇشۇ ئاتالغۇ ئارقىلىق ئادەمنىڭ ئىڭىنىڭ ۋە بالىلارنىڭ دىلىنىڭ ئىپتىدائىي ھالىتىنى چۈشەندۈرىدۇ. لوك **دېكارت***قا ۋە **لېيبنىز***قا قارشى چىقىپ مۇنداق دەيدۇ: ئادەمدە ھېچقانداق تۇغما چۈشەنچە ياكى پرىنسىپ بولمايدۇ. ئادەم ئۆزىنىڭ بارلىق چۈشەنچىسى ۋە ئۇقۇملىرىنى تۇرمۇشتىن، تەجرىبىدىن ھاسىل قىلىدۇ. لوك شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەمنىڭ ئىڭىنىڭ ئىپتىدائىي ھالىتىنى بىر پارچە ئاق تاختايغا، يەنى پاكىز تاختايغا ئوخشىتىپ، تاشقى دۇنيادىكى شەيئىلەر ئادەمنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىغا تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بەلگىسىنى، ئوبرازىنى ۋە نامىنى مۇشۇ ئاق تاختايغا يېزىپ قويىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىنسانلارنىڭ بىلىش جەريانىغا تۇتۇلغان بۇنداق نۇقتىنەزەر، ئاساسىي جەھەتتىن ماتېرىيالىستىك نۇقتىنەزەر. ئەمما بۇ مېتافىزىكىلىق بىۋاسىتە كۆزىتىش ئاساسىدىكى ماتېرىيالىزم، چۈنكى ئۇ بىلىشنى ئادەمنىڭ تاشقى دۇنيانىڭ تەسىرگە ئۇچرىشى دېگەن ساپ پاسسىپ ھەرىكەت دەپ چۈشىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىلىش ئادەمنىڭ تەبىئەت دۇنياسىغا پائال تەسىر كۆرسىتىش جەريانىدا راۋاجلىنىدۇ. بىلىشنىڭ ئەمەلىي پائالىيەتتىن ئايرىلىپ تۇرۇپ ھاسىل بولۇشى مۇمكىن ئەمەس (**بىلىش***كە قاراڭ).

**"ئاقىلانىلار"** "爱智派" (Любомудри) 1823-يىلى ئاق سۆڭەك ياشلار موسكۋادا قۇرغان ئەدەبىيات ۋە پەلسەپە تەشكىلاتى بولۇپ، ئۇ "ئاقىلانىلار" جەمئىيىتى دەپ ئاتالغان. بۇ جەمئىيەتكە: ئودوئېۋسكى، ۋېنېۋىتىنوۋ، كوشېلېۋ، كىرېيېۋسكى ئاكا-ئۇكىلار، شېۋىرېۋ،

پوگودىن، دېكابرىچى كيۈخېلبېكېر قاتارلىق كىشىلەر قاتناشقان. بۇ جەمئىيەت 1824 ـ يىلىدىن 1825 ـ يىلىغىچە، «منېموزىنا» دېگەن ئەدەبىيات ـ پەلسەپە توپلىمىنى نەشر قىلغان. "ئاقىلانىلار"نىڭ ۋەزىپىسى روسىيە ماتېرىيالىزىملىق پەلسەپىگە قارشى كۈرەش قىلىش ۋە شېللىڭ*نىڭ ئىدىيالىزىملىق پەلسەپىسىنى تارقىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. "ئاقىلانىلار" جەمئىيىتى ئىدىيە جەھەتتە دېكابرىچىلار* بىلەن پۈتۈنلەي قارىمۇ-قارشى بولۇپ، ئۇ ياتچىلىق تۈزۈمگە قارشى ئىدىيىنىڭ ۋە ماتېرىيالىزىملىق پەلسەپىنىڭ روسىيىدە راۋاجلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى. شۇڭا ئىنقىلابقا مايىل بولغان ياشلار "ئاقىلانىلار"غا ئەگىشىپ ماڭماي، دېكابرىچىلارغا ئەگىشىپ ماڭدى. "ئاقىلانىلار" جەمئىيىتى ھېچقانداق نەتىجە چىقىرالمىغانلىقى ئۈچۈن 1825 ـ يىلى تارقالغان، "منېموزىنا" دېگەن توپلاممۇ نەشردىن توختىغان. دېكا-بىرچىلار قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغان ۋە 1830 ـ يىلى پولشا قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، روسىيىدە ئەكسىيەتچى كۈچلەر تېخىمۇ غالجىرلىشىپ كەتتى. شېللىڭنىڭ ئىدىيالىزىملىق پەلسەپىسى زىيالىيلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئىدى. ئۇ يىللاردا ئودوئېۋسكى ئۆچىغا چىققان سىرلىقلاشتۇرغۇچى بولۇپ قالدى، پوگودىن بىلەن شېۋىرېۋ تەلۋە ئەكسىيەتچىلەر ۋە "ھۆكۈمەت تەرەپ خەلقچىللىق تەزىرىيە-سى"نىڭ تارقاتقۇچىسى بولۇپ قالدى. ئى. كىرىيېۋسكى قاتارلىق كىشىلەر بولسا شېللىڭنىڭ "ئويغىنىش" پەلسەپىسىنىڭ تەشۋىقاتچىسى بولۇپ قالدى. "ئاقىلانىلار" جەمئىيىتى روسىيىنىڭ ئىجتىمائىي سىياسىي ئىدىيىسى ۋە پەلسەپىۋى ئىدىيىسىگە نىسبەتەن ئىنكار قىلىش رولىنى ئوينىدى، گەرچە بۇ رول ئالاھىدە روشەن بولمىغان بولسىمۇ؛ بۇ جەمئىيەتنىڭ بىر قىسىم كىشىلىرى 30 ـ 40 ـ يىللاردا يەنى نىكولاي ئەكسىيەتچىلىكى دەۋرىدە، ئۆزلۈك ئىدىيالىزىمچى گۇرۇھلارغا رەھبەرلىك قىلغان ھەمدە تەرەققىيپەرۋەر ۋە ئىنقىلابىي مۇتەپەككۇر-

لەرگە قارشى تۇرغان.

**ئاكۋىنا، توماس** Аквинский, Фома 阿奎那，托马斯 (1225—1274) ئوتتۇرا ئەسىردىكى خرىستىيان دىنى ئىلاھىيەتشۇناسى ۋە مەدرىس پەيلاسوپى، غەربىي ياۋروپا فېئودالىزمىنىڭ مەشھۇر مۇتەپەككۇرى. ئۇ ئىتالىيىدە تۇغۇلغان. كيولن، پارىژ، بولونىيە ۋە ناپلىيەتا ئىلاھىيەت ۋە پەلسەپە توغرىسىدا دەرس ئوتكەن. توماسنىڭ مېتافىزىكىلىق سىستېمىسى (توماسىزىم) تا بۈگۈنگىچە يەتلا رىم كاتولىك دىنىي جەمئىيىتىنىڭ رەسمىي تەلىماتى قىلىنماقتا. توماس پەلسەپىنى ئىلاھىيەتنىڭ قۇلى قىلىپ، ئۇ ئارقىلىق خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاپ، خرىستىيان دىنىنىڭ ئەپسانىلىرىنى "دەلىللەپ". فېئوداللىق تۈزۈمنى قوغدىدى ھەمدە پاپا ھاكىمىيىتىنىڭ دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش قارا نىيىتىنى ئاقلىدى. توماسنىڭ پەلسەپىسى ئىلاھىيەت دوگمىچىلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ مەزمۇنى دىنىي جەمئىيەت ئەقىدىلىرى ۋە دىنىي قائىدىلەرنى "ئىسپاتلاش"قا تىرىشىش مۇددىئاسى بىلەن بەلگىلەنگەن. توماس ئارىستوتېل تەلىماتىدىكى بارلىق جانلىق نەرسىلەرنى ئۇججۇقتۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭدىكى قېتىپ قالغان نەرسىلەرنى مۇستەھكەملىدى، ئۇ بۇرمىلانغان، شۇنىڭ بىلەن دىنىي جەمئىيەتنىڭ تەلىۋىگە ئۇيغۇن بولغان بۇنداق ئارىستوتېل تەلىماتىنى ئۆز پەلسەپىسىنىڭ ئاساسى قىلدى. **ئۇنىۋېرساللىق"** توغرىسىدىكى بەس-مۇنازىرىدە، توماس پەسسىپ قالغان مەدرىسچە چىنلىق نەزەرىيىسىنى قوغدىدى، ئۇ مۇنداق دەپ كېسىپ ئېيتتى: ئۇقۇم ھەم ھەرقايسى جىسىملاردىن بۇرۇن (خۇدانىڭ ئەقلىدە) مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ھەم ماددىلارنىڭ ئۆزىدە (مەسىلەن، ئادەتتە يەككىلىكتە) مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ھەم جىسىملاردىن كېيىن (مۇنۇ جىسىملارنى بىلگەن كىشىلەرنىڭ ئەقلىدە) مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

توماسىزىم پۈتۈن پەلسەپە تارىخىدا ئىلمىي ماتېرىيالىستىك دۇنيا-
قاراشقا ھەممىدىن بەك دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان پەلسەپە
سىستېمىلىرىنىڭ بىرى. 700 يىلدىن بۇيان، توماسىزىمچىلار ئىنساندى-
يەت جەمئىيىتىنىڭ ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىزچىل تۈردە
قارشى تۇرۇپ كەلدى. ھازىرقى زامان بۇرژۇئا پەيلاسوپلىرى
ئاكۋىناسنىڭ تەلىماتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئولۇغۋاتقان كاپىتال-
زىمنى قوغداش مەقسىدىگە ئۇيغۇنلاشتۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ. **(يېڭى
توماسىزىم*؛ ئوتتۇرا ئەسىردىكى "چىنلىق نەزەرىيىسى"** گە قاراڭ.)

**ئاڭ** 意识 Сознание ئادەمگە خاس بولغان، ئوبيېكتىپ
چىنلىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەڭ ئالىي شەكىل. ئادەمنىڭ ئېڭى
"ئادەم مېڭىسى دەپ ئاتىلىدىغان ئالاھىدە مۇرەككەپ بىر پارچە
ماددىنىڭ" رولىدىنلا ئىبارەت (لېنىن. «ماتېرىيالىزم ۋە ئەمپىرىيە
ئەنقىدچىلىك»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 414-بەت). ئىجتىمائىي
ئاڭنى ئىجتىمائىي ماددىي تۇرمۇش شارائىتىنى، ماددىي ئەشيالارنىڭ
ئىشلەپچىقىرىلىش ئۇسۇللىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىجتىمائىي ئىدىيە،
نەزەرىيە ۋە نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ يىغىندىسى دەپ چۈشىنىش كېرەك.

ئادەمنىڭ ئېڭى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەك پائالىيەت-
لىرىنىڭ جەريانىدىلا پەيدا بولىدۇ. شۇڭا ئۇچۇن، ئاڭ جەمئىيەت
تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى. كىشىلەر دەل ئەمگەك جەريانىدىلا، ئىش-
لەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياساش ۋە تەبىئەت دۇنياسىغا تەسىر كۆرسى-
تىش جەريانىدىلا، شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئاڭقىرالايدۇ ۋە
ئېچىپ بېرەلەيدۇ. ماھىيەتلىك نەرسە بىلەن ماھىيەتلىك بولمىغان
نەرسىنى، مۇقەررەر نەرسە بىلەن تاسادىپىي نەرسىنى پەرق ئېتە-
لەيدۇ، ھادىسىلەرنىڭ مۇقەررەر ۋە قانۇنىيەتلىك باغلىنىشىنى ئېچىپ
بېرەلەيدۇ. ئەمگەك جەريانىدا، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى
مۇھىتقا بولغان مۇناسىۋەتنىمۇ، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا قاتناشقان

كىشىلەرگە بولغان مۇناسىۋەتنىمۇ ئاڭقىرالايدۇ. ئاڭ ئىجتىمائىي ئەمگەك پائالىيىتى ئاساسىدىلا پەيدا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئالىي دەرىجىلىك ھايۋانلاردىمۇ ئاڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئاڭنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئەتراپتىكى مۇھىتقا پائالىيەتچان، ئاڭلىق ھالدا مۇئامىلە قىلىش ئىقتىدارىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ، چۈنكى بۇنداق ئىقتىدار كىشىلەرنى ئەتراپتىكى مۇھىتنى پەرقلەندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئەتراپتىكى مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بەلگىلەش ۋە مەقسەتلىك ئەمگەك پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ماركس ئىنسانلار ئەمگىكىنىڭ ھايۋانلارنىڭ "تەبىي ئىقتىدارلىق ئەمگەك شەكلى"گە ئوخشايدىغان ئالامەتلىرىنى مىسالغا ئېلىپ، ئادەمنىڭ پائالىيىتى مەقسەتلىك بولىدىغانلىقىنى، ھايۋانلاردا بولسا بۇنداق پائالىيەت بولمايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ھايۋانلار روھىي ھالىنىڭ راۋاجلىنىشى ئىنسانلار ئېڭى شەكىللىنىشتىن بۇرۇنقى باسقۇچتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئاڭنىڭ پەيدا بولۇشى تىلنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ. تىلنىڭمۇ ئاڭغا ئوخشاش تارىخى ئۇزۇن بولىدۇ. تىلنىڭ شەكىللىنىشى ئاڭنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە راۋاجلىنىشىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. ئاۋازلىق تىل كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئېڭىنى، ئۆزىنىڭ تەپەككۇرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىدىغان كۈچلەرنىڭ بىرى.

ئاڭنىڭ ماددىغا، مەۋجۇدىيەتكە بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسى — پەلسەپىنىڭ تۈپ مەسىلىسى. ئىدېئالىزم "روھ"، ئاڭنى بىرلەمچى، مەۋجۇدىيەت، ماددا ۋە تەبىئەت دۇنياسىنى ئىككىلەمچى دەپ ھېسابلايدۇ؛ بۇنىڭ ئەكسىچە، ماركسىزملىق پەلسەپىۋى ماتېرىيالىزم مۇنداق دەپ ھېسابلايدۇكى، ئاڭنىڭ سىرتىدا ۋە ئاڭغا باغلىق بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ماددا بىرلەمچى بولىدۇ، چۈنكى ئۇ تۇغما، تەسەۋۋۇر، ئاڭنىڭ مەنبەسى بولىدۇ، ئاڭ بولسا

ئىككىلەمچى، بېقىندىلىق بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ماددىنىڭ ئىنكاسى، مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىنكاسى بولىدۇ. ئاڭنىڭ ماددىغا، مەۋجۇدىيەتكە بولغان مۇناسىۋىتىدىكى ئىككىلەمچىسى تۆۋەندىكى بىرنەچچە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: ئاڭ پەقەت ماددا راۋاجلىنىش ۋە تەبىئەت دۇنياسى راۋاجلىنىشىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىدىلا پەيدا بولىدۇ؛ ئادەمدە ئىدىيە، نەزەرىيە بولۇپ ئىپادىلەنگەن ئاڭ پەقەت ئادەمنىڭ ئەتراپىتىكى مۇھىتنى ئىنكاس قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ؛ پۈتكۈل ئىجتىمائىي ئاڭ يەنى ئىجتىمائىي مەنىۋى تۇرمۇشنى كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇش شارائىتى، ماددىي ئەشيالارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بەلگىلەيدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيىتى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئېڭىنى بەلگىلەيدۇ. ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت قانداق بولسا، ئىجتىمائىي ماددىي تۇرمۇش قانداق بولسا، ئىجتىمائىي ئىدىيە، نەزەرىيە، سىياسىي نۇقتىنەزەر ۋە سىياسىي ئاپاراتلارمۇ شۇنداق بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئىجتىمائىي ئاڭمۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئىجتىمائىي مەنىۋى تۇرمۇش سىياسىي نۇقتىنەزەر، پەلسەپە، پەن، دىن، سەنئەت قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي ئاڭ شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. سىنىپىي جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئېڭى ھامان سىنىپىيلىققا ئىگە بولىدۇ.

ماركسىزم-لېنىنىزم كلاسسىكلىرى ئاڭنىڭ كېلىپ چىقىشىنىلا ئىزاھلاپ بېرىش بىلەن قالماستىن، بەلكى ئاڭ ۋە ئىدىيىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى داۋامىدىكى رولىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئۇلار مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىجتىمائىي ئاڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت ئاساسىدىلا كېلىپ چىققاندىن كېيىن، ئۆز نۆۋىتىدە بۇ مەۋجۇدىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ، يېڭى، ئىلغار ئىدىيە، نۇقتىنەزەر ۋە نەزەرىيىلەر جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيەرۋەر، ئىلغار كۈچلەرنىڭ مەنپەئەتىنى

ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇڭا ئۇلار تەرەققىيەرۋەر، ئىلغار كۈچلەرنىڭ كونا، زەئىپلەشكەن كۈچلەرگە قارشى كۈرىشىگە ياردەم بېرىدۇ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرىدۇ. "...... ئۇلارنىڭ تەشكىل قىلىش، سەپەرۋەر قىلىش ۋە ئۆزگەرتىش خىزمەتلىرى بولمىسا، ئىجتىمائىي ماددىي تۇرمۇش تەرەققىياتى جەريانىدا پىشىپ يېتىلگەن ۋەزىپىلەرنى ھەل قىلىشقا ئامالسىز قالىدۇ." (ستالىن، «لېنىنىزىم مەسىلىلىرى»، 1955-يىل خەنزۇچە نەشرى، 704-بەت) (**تەپەككۇر***گە قاراڭ.)

**ئائىلە** Семья 家庭 تارىختا ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، ئىنسانىيەتتە ئىككى جىنس بىرلىكتە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان تەشكىلىي شەكىل. ئىنسانلار تارىخى جەريانىدا، ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ خاراكتېرى، نىكا ۋە ئائىلە شەكلىدىكى ھەممە ئۆزگىرىشلەر ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئۇ تىكلىگەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنىڭ خاراكتېرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. يىراق قەدىمقى دەۋردە، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە، ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ خاراكتېرى قالايمىقان ئىدى، ھەر بىر ئايال ھەرقانداق بىر ئەرگە، ھەر بىر ئەرمۇ ھەرقانداق بىر ئايالغا مەنسۇپ ئىدى. ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل نىكا شەكلى ۋە ئائىلە شەكلى مۇشۇنداق ئىپتىدائىي ھالەتتىن تەرەققىي قىلىپ چىققان ئىدى. ئېنگېلس «**ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى**» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: ئىنسانلار تارىخى جەريانىدا 3 خىل ئاساسىي نىكا شەكلى بولغان. ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى دەۋرىدە قان-قېرىنداش ئائىلە شەكلى ۋە "پۇنالۇئال" ("پۇنالۇئال" دېگەن "يېقىن ھەمرا" دېگەن مەنىدە) ئائىلە شەكلىدىكى توپ نىكا تۈزۈمى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى. قان-قېرىنداش ئائىلىدە پەقەت ئاتا-ئانىلار

بىلەن باللارلا نىكالانسا بولمايتتى، ئاكا-ئۇكا بىلەن ھەدە-سىڭىل بىر بىرى بىلەن نىكالىناتتى. "پونالۇئال" ئائىلىدە ئاكا-ئۇكا بىلەن ھەدە-سىڭىل ئوتتۇرىسىدا جىنسىي مۇناسىۋەت قىلىنمايدىغان بولدى. بۇ دەۋردە تۇققانلىق مۇناسىۋەت پەقەت ئانا تەرەپكە ئاساسەن بەلگىلىنەتتى. ئانىلىق ھوقۇقى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى. بۇ ئائىلە شەكىللىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ئاياللار ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان ئىپتىدائىي ئائىلە ئىگىلىكى ئىدى. (**ئانىلىق تۈزۈم**"گە قاراڭ). كېيىن، نىكالىنىشقا بولىدىغان ئۇرۇق-تۇققانلارنىڭ دائىرىسى تېخىمۇ تارايدى. كونا توپ نىكا شەكلى بارا-بارا "جۈپ نىكالىق ئائىلە"گە ئورۇن بەردى. "جۈپ نىكالىق ئائىلە"دە بىر ئەر بىلەن بىر ئايال بىللە ياشايتتى. لېكىن كۆپ خوتۇن ئېلىش يەنىلا ئەرلەرنىڭ ھوقۇقى ئىدى ھەمدە نىكا مۇناسىۋىتى ناھايىتى ئاسانلا بۇزۇلۇپ كېتەتتى. بالا يەنىلا ئانىغا قالاتتى. چارۋىچىلىققا ئۆتۈش، بايلىقنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئىش تەقسىماتىنىڭ كۈنسايىن راۋاجلىنىشى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى بۇ تۈپ ئۆزگىرىش ئانىلىق ھوقۇقىنىڭ ئاغدۇرۇلغانلىقى، ئائىلە ھوقۇقىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە ئاساسىي رول ئوينايدىغان دادىنىڭ يەنى ئەرلەرنىڭ قولىغا ئۆتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ (**ئاتىلىق تۈزۈم**"گە قاراڭ). شۇنىڭ بىلەن ئاتىلىق تۈزۈمدىكى ئائىلە پەيدا بولدى. ئۇرۇق-تۇققانلىق مۇناسىۋەت دادا تەرەپكە قاراپ بەلگىلىنىدىغان بولدى. كېيىن، ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمىنىڭ گۇمران بولۇشىغا ئەگىشىپ بىر ئەر-بىر خوتۇنلۇق تۈزۈم پەيدا بولدى. خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلغان بىر ئەر-بىر خوتۇنلۇق ئائىلە، گەرچە بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن خۇددى ئېنگېلس كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، ئۇ تېخى ئەڭ يۇقۇرى دەرىجىدىكى نىكا شەكلى ئەمەس ئىدى. ئاياللار ئەرلەرنىڭ قولىغا ئايلاندى: "ئەڭ

دەسلەپكى سىنىپىي زۇلۇم ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى قۇل قىلىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا پەيدا بولغان" («ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، ئىككى توملۇق)، 1955-يىل موسكۋا خەنزۇچە نەشرى، 2-توم، 223-بەت). ئائىلە خۇددى جەمئىيەتنىڭ ئىخچام كۆرۈنۈشى بولۇپ، ئۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇرژۇئا جەمئىيىتىدە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئائىلىنىڭ تەشكىلىي شەكلىگە ئۆز تامغىسىنى باسقان بولىدۇ. بۇرژۇئا ئائىلىسىدە رەزىل ماددىي مۇددىئا بىلەن سودا خاراكتېرىدىكى نىكا مەنپەئەتى غايەت زور رول ئوينايدۇ. قانۇنىي زىناخورلۇق نىكاھنىڭ بىر قوشۇمچىسى بولۇپ قالىدۇ.

پەقەت ئەمگەكچى خەلق ئىچىدە، پەقەت ئېزىلگۈچى سىنىپلار ئىچىدە، بولۇپمۇ پرولېتارىيات ئىچىدىلا، باشقىچە بىر خىل ئۆزئارا مۇناسىۋەت يەنى يولداشلارچە ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ۋە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدىلا ھەقىقىي ئىنسانىي مۇھەببەت پەيدا بولىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ. بۇنداق مۇھەببەت يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىدىكى ئائىلە شەكلىنىڭ ئاساسى بولىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى ئاياللارنى ئۈزۈل-كېسىل ئازاتلىققا چىقىرىپ، ئۇلارنى بارلىق ھوقۇقتا ئەرلەر بىلەن باراۋەر قىلدى. ئاياللار ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىگە پائال قاتناشتى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەر بولدى، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى سالمىقىمۇ زور دەرىجىدە ئۆستى. ئاياللار سوۋېت جەمئىيىتىدە قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلاندى. بۇلار ئەر-ئاياللار مۇناسىۋىتىنىڭ خاراكتېرىغا ياخشى تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى. سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە، ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ھەقىقىي مۇھەببەت نىكالىنىشنىڭ ئاساسىي مۇددىئاسىدۇر. بۇنداق ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ

ئاساسى ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئورتاق بولغان ئىشلەپچىقىرىش،
ئىجتىمائى ۋە مەدەنىي مەنپەئەتى ھەم ئۇلارنىڭ ئىدىيە جەھەتتىن
يېقىنلىشىشى ئاساسىدا مۇستەھكەملەنىدى. مۇشۇ ئاساستا، تارىختا
كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭىچە ئائىلە — سوۋېت ئائىلىسى پەيدا بولىدى
ھەمدە يىلدىن-يىلغا مۇستەھكەملەنىدى. سوۋېت ئائىلىسى سوۋېت
جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي قاتلام ئورگىنى بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل سوۋېت
جەمئىيىتى بىلەن بىللە ياشايدىغان ھەمدە بىردەك مەنپەئەتكە ئىگە
بولغان ئورگانىك ھۈجەيرە. بۇ ئائىلىدە ئەر-خوتۇن ئىككىيلەن
ئۆز ئەمگىكى ئارقىلىق ئائىلە تۇرمۇشىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭلاشقا
ئائىلىدە تەڭ-باراۋەر ئورۇندا تۇرىدۇ. مەملىكەت بويىچە ماددىي
پاراۋانلىقنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ ئاھالىمۇ كۆپىيىپ
باردى، بۇ ھال پەرزەنتى كۆپ ئائىلىلەرنىڭ بارغانسىرى كۆپىيىپ
كېتىۋاتقانلىقىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئانا-بالىلارنى مۇھاپىزەت قىلى-
دىغان ئورگانلار، مەسىلەن، تۇغۇتخانا، ئانىلار، بالىلاردىن خەۋەر
ئېلىش ئورنى، يەسلى، بالىلار باغچىسى ۋە مەكتەپلەرنىڭ ئانا-
ئانىلارنىڭ فىزىولوگىك جەھەتتە ۋە روھىي جەھەتتە بالىلارنى
تەربىيىلىشىگە ياردەم بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەش مەسئۇلىيىتى بار.
ئەر-خوتۇننىڭ ئىدىيىدىكى بىرلىكى، بالىلارنى تەربىيىلەشتىكى
سوۋېتلەر پىرىنسىپى ۋە ئۇسۇلى ئائىلىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىنى ئىل-
گىرى سۈرىدۇ ھەمدە ئائىلىنى سوۋېتلەر جەمئىيىتىنىڭ ئۇل تېشىدىن
بىرى بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. سوۋېت ئائىلىسىنى يەنىمۇ
مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، تۇرمۇشتا، كىشىلەرنىڭ
ئېڭىدا ۋە ئاياللارغا تۇتۇلىدىغان پوزىتسىيىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇ-
ۋاتقان كاپىتالىزىم قالدۇقلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىش كېرەك.
سوۋېت جەمئىيىتىدىكى جامائەتچىلىك ۋە سوۋېت قانۇنى ئائىلىدىكى
بۇرژۇئا ئادەتلىرىنى ئەيىبلەپ، ئائىلىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە،

ئوسۇۋاتقان باش ئەۋلاتلارنىڭ يېتىلىشىگە ۋە تەربىيىلىنىشىگە كۆڭۈل بۆلمەكتە.

**«ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»** 《家庭，私有制和国家的起源》 «Происхождение семьи, частной собственности и государства»

ئېنگېلسنىڭ 1884-يىلى يازغان ئەسىرى. ئېنگېلس ل. **مورگان*** نىڭ «قەدىمقى زامان جەمئىيىتى» دىگەن كىتاۋىدىكى ماتېرىياللار ۋە ئېپتىدائى جەمئىيەت توغرىسىدىكى باشقا ئەڭ يېڭى ئىلمىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن، بۇ ئەسىردە قەدىمقى زامان جەمئىيەت تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي تارىخىي خۇسۇسىيەتلىرىنى تەتقىق قىلدى. ئېنگېلس ئالدى بىلەن نىكا ۋە ئائىلە شەكلىنىڭ قانداق قىلىپ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ئىجتىمائىي ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئۇنىڭ ئارقىدىن گىرىكلار، رىملىقلار ۋە نېمىسلاردىن ئىبارەت ئۈچ مىللەتنى مىسال قىلىپ تۇرۇپ، ئېپتىدائى ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىش جەريانىنى تەھلىل قىلدى ھەمدە بۇنداق يىمىرىلىشنىڭ ئىقتىسادىي سەۋەپلىرىنى ئېچىپ بەردى. ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى دەۋرىدە خۇسۇسىي مۈلۈك يوق ئىدى، سىنىپ ۋە دۆلەتمۇ يوق ئىدى. لېكىن ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئوسۇشى ۋە ئىش تەقسىماتى ئالماشتۇرۇش ۋە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە سىنىپنىڭ شەكىللىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. سىنىپىي زىددىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى ئۆز نۆۋىتىدە دۆلەتنى يەنى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان قورالنى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى، ئېزىلگۈچى سىنىپقا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ماشىنىنى پەيدا قىلدى. ئېنگېلس مۇنداق دەپ يازىدۇ: "دۆلەت سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىقنى تىزگىنلەشتىن ئىبارەت مۇشۇنداق ئېھتىياج تۈپەيلىدىن

پەيدا بولغانلىقى، ئۇ ئەينى ۋاقىتتا يەنە مۇشۇنداق سىنىپىي توقۇنۇش داۋامىدا پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئادەتتە ئەڭ كۈچلۈك، ئىقتىسادىي جەھەتتە ھوكۇمران ئورۇندا تۇرىدىغان سىنىپنىڭ دۆلىتى بولىدۇ، بۇ سىنىپ دۆلەتنىڭ ياردىمى بىلەن سىياسىي جەھەتتىمۇ ھوكۇمران سىنىپقا ئايلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئېزىلگۈچى سىنىپنى ئېزىش ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشتا يېڭى ۋاستىگە ئىگە بولىدۇ."
(«ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» (ئىككى توملۇق)، 1955-يىل موسكۋا خەنزۇچە نەشرى، 2-توم، 318-بەت)

ئېنگېلسنىڭ بۇ كىتاۋى مول نەزىرىيىۋى مەزمۇنغا ئىگە مەشھۇر ئەسەر. ئۇ جەمىيەتتىكى ھەر خىل-ھەر ياڭرا بۇرژۇئا نەزىرىيىلىرىگە زەربە بەردى. كىتابتا مۇنداق دەپ كورسىتىلىدۇ: (1) خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك، سىنىپ ۋە دولەت ئەسلىدىلا بار نەرسە ئەمەس، بەلكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىدا پەيدا بولغان؛ (2) ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار قولىدىكى دولەت مەڭگۈ زوراۋانلىق يۇرگۈزىدىغان، كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئېزىدىغان قوراللا بولىدۇ، خالاس؛ (3) سىنىپلارنىڭ يوقىلىشى خۇددى ئۇلارنىڭ ئىلگىرى پەيدا بولۇشىنىڭ مۇقەررەر بولغىنىغا ئوخشاش مۇقەررەر بولىدۇ. سىنىپلارنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ دولەتمۇ مۇقەررەر ھالدا يوقىلىدۇ. مانا بۇلار ئېنگېلسنىڭ مۇشۇ كىتابتا چىقارغان ئومۇمىي خۇلاسىسى. ئېنگېلس بۇ كىتابتا ئەينى ۋاقىتتا ماركسىزمنىڭ ئىپتىدائىي جەمىيەتنى چۈشەندۇرگەن ۋاقىتتىكى يېتىشسىزلىكلىرىنى تولۇقلىغان بولۇپ، ئۇ تا ھازىرغىچە يەنىلا تارىخىي ماتېرىيالىزمنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ئېنگېلس مۇشۇ كىتابتا ل. مورگاننىڭ تارىخىي ماتېرىيالىزمچە ئۇقۇمغا ماس كەلمەيدىغان فورمۇلىسىنى يەنى جەمىيەتنى ياۋايىلىق دەۋرى، ياۋايىلىق دەۋرى ۋە مەدەنىي دەۋر دەپ ئۈچ باسقۇچقا ئايرىيدىغان فورمۇلىسىنى تەك-

رارلايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئېنگېلس كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە بىر خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ. ئۇ: جەمئىيەتنىڭ ۋە ئىجتىمائى تۈزۈمنىڭ تەرەققىياتىنى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدىن باشقا، تۇرۇقنىڭ داۋاملىشىشىمۇ بەلگىلەيدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسىي ئامىل ماددىي ۋاستىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش ئۇسۇلى.

**ئالاھىدىلىك** 特殊的 Особенное **يەككىلىك، ئالاھىدىلىك ۋە ئومۇملىق***قا قاراڭ.

**ئالەم** 宇宙 Космос (گرېكچىسى κόσμος — ئالەم) دۇنيا، ئالەم — بىر تۇتاش، باغلىنىشلىق پۈتۈن گەۋدە. كىچىك ئالەم — ئېلېكترون، پروتون، نېيترون قاتارلىق ئىنتايىن ئۇششاق ماددىي زەررىچىلەر ماكانى. چوڭ ئالەم — سەييارىلەر، تۇرغۇن يۇلتۇزلار، يۇلتۇزلار سىستېمىسى قاتارلىق غايەت زور ماددىي جىسىملار ماكانى.

**ئالەمنىڭ مەركىزى قۇياش ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى تەلىمات ۋە ئالەمنىڭ مەركىزى يەر شارى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى تەلىمات** 宇宙的太阳中心说和宇宙的地球中心说 Гелиоцентрическая и геоцентрическая системы мира

16-ئەسىردىن ئىلگىرى، قەدىمقى زامان ئالىمى پتولېمېي (2-ئەسىر)نىڭ ئالەمنىڭ مەركىزى يەر شارى (گرېكچىسى γῆ — يەر) ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى تەلىماتى ئىزچىل تۈردە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن ئىدى. بۇ تەلىماتقا ئاساسلانغاندا، يەر شارى قىمىرلىمايدۇ، ئۇ — ئالەمنىڭ مەركىزى؛ پۈتكۈل ئالەم (قۇياش، ئاي، سەييارىلەر ۋە تۇرغۇن يۇلتۇزلار) يەر شارىنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىدۇ. **كوپېرنىك*** بۇ نەزەرىيىنىڭ قىلچە ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى دەلىللىدى ھەمدە بىر خىل يېڭى نەزەرىيە — ئالەمنىڭ مەركىزى قۇياش (گرېك-

چىسى ἥλιος — قۇياش) ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى تەلىماتنى ياراتتى.
بۇ تەلىماتقا ئاساسەن، ئالەمنىڭ مەركىزى قۇياش، سەييارىلەر (جۈمـ
لىدىن يەر شارىمۇ) قۇياشنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىدۇ. دىنىي جەمئىيەت
كوپېرنىكنىڭ ئىلمىي نەزەرىيىسىگە قارشى دەھشەتلىك كۈرەش قىلدى،
بۇنىڭ سەۋەبى بۇ خىل نەزەرىيە دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئەقىدىسىگە،
دۇنيانى خۇدا ياراتقان دېگەن دىنىي رىۋايەتكە تۈپتىن قارىمۇـ
قارشى ئىدى. قۇياش مەركەز تەلىماتى دىنىي دۇنياقاراشنىڭ ئاساـ
سىغا زەربە بەردى. كېيىن پەنگە قوبۇل قىلىنغان كوپېرنىك تەلىـ
ماتىغا مۇھىم تۈزىتىشلەر كىرگۈزۈلدى؛ قۇياش پەقەت قۇياش سىسـ
تېمىسىنىڭلا مەركىزى، قۇياش سىستېمىسىنىڭ ئۆزىمۇ ئالەم بوشلۇقىدا
ھەركەت قىلىدۇ. كوپېرنىك ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى 10 يىل ئىچىدە
قۇياش مەركەز تەلىماتىنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن، ئاسترونومىيە
جەدۋىلى تۈزۈپ چىقىلدى. ھازىرقى زامان بۇرژۇئا پەيلاسوپلىرى
تەبىئىي پەن ئالىملىرىنىڭ ئىدىيالىستىك تەۋرىنىشلىرىدىن پايدىلىنىپ،
ئاللىقاچان رەت قىلىپ تاشلانغان پتولېمى نۇقتىسىنەزەرىنى تىرىلدۈـ
رۈشكە ئۇرۇنماقتا. ئۇلار نىسبىيلىك نەزەرىيىسىدىن مۇنداق بىر
يەكۈن چىقاردى؛ كوپېرنىك تەلىماتى بىلەن پتولېمى تەلىماتىنىڭ
زادى قايسىسى توغرا دېگەن مەسىلە كارايىتى چاغلىق مەسىلىدەك
تۇرىدۇ، ھەر ئىككىسى "ئوخشاشلا توغرا"دەك تۇرىدۇ. بۇرژۇئازـ
يىنىڭ ئەكسىيەتچىل پىتى ئەنە شۇنداق قىلىپ ساختا ۋە پەندىن
ئىلگىرىكى ئالەم توغرىسىدىكى ئىدىيىگە قايتىپ كەتتى.

**Теория Факторов 因素论 ئامىل نەزەرىيىسى**

كەڭ تارقالغان بىر خىل بۇرژۇئا نەزەرىيىسى، ئۇ جەمئىيەتنىڭ
تەرەققىياتى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى بارلىق تارقاق تەرەپلەر ۋە شاراـ
ئىتلار (جۇغراپىيىلىك مۇھىت، سىياسى، ئىلىم-پەن، ئىرق، ئەخلاق
ۋاھاكازالار)نىڭ ئىگىلىكلىق رولىنىڭ نەتىجىسى، دەپ قارايدۇ.

بۇنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر تەرەپ مۇستەقىل بولغان، باشقا تەرەپلەردىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئامىلى (كۈچى) دەپ قارىلىدۇ. ئامىل نەزەرىيىسى — كىلىشتۈرمىچىلىك نەزەرىيىسى، ئۇ جەمئىيەت ھادىسىلىرىنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى — ئىقتىسادنىڭ سىياسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى، سىياسىنىڭمۇ ئىقتىسادقا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ۋاھاكازالارنى قۇرۇقتىن - قۇرۇق كۆرسىتىدۇ ھەمدە ھەممىنى شۇنىڭ بىلەن چۈشەندۈرىدۇ.

ماركسىزىم ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى بايقىدى، شۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بارلىق تەرەپلىرىنىڭ (سىياسىي تۈزۈم، قانۇن، ئىجتىمائىي ئاڭ شەكىللىرىنىڭ) ئىقتىسادىي بازىسنىڭ تەرەققىياتىغا باغلىق بولىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا بازىسنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم دەلىللىدى. لېكىن بۇ ھەرگىز، ماركسىزىم سىياسىي قۇرۇلما، ئىدىيە قاتارلىقلارنىڭ تارىخ جەريانىدىكى ئەھمىيىتىنى ئىنكار قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەت ئىقتىسادىي تۈزۈمىگە نىسبەتەن ئاكتىپ رول ئوينايدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ماركسىزىم، جەمئىيەت ئۈستقۇرۇلمىسىنىڭ بارلىق تەركىبلىرى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن زور ئەھمىيەتكە ئىگە، دەپ قارايدۇ. ماركسىزىم، جەمئىيەت بىرلىككە كەلگەن پۈتۈن گەۋدە، ئۇنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى ۋە ھەرقايسى قىسىملىرى بىر بىرىگە باغلىنىشلىق بولىدۇ ۋە بىر بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ لېكىن پۈتكۈل جەمئىيەت تەرەققىياتى ھەمدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر بىر ئايرىم ساھەنىڭ تەرەققىياتىنى، تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، **ماددىي نەشيالارنى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى**نىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشى بەلگىلەيدۇ، دەپ قارايدۇ.

**ئاناكساگور** (كىچىك ئاسىيادىكى كلازومېن دېگەن جايدىن)

**Анаксагор из Клазомен (в Малой Азии) 阿那克萨哥拉** (مىلادىدىن ئىلگىرى 500 — 428) قەدىمقى يۇنان پەيلاسوپى، ئۇزۇل-كېسىل بولمىغان ماتېرىيالىست، تەرەققىپەرۋەر قۇلدار دېموكراتىيەچىلەرنىڭ مۇتەپەككۇرى، قەدىمقى زامانىدىكى ئافىنانىڭ گۈللەنگەن مەزگىلىدىكى مەشھۇر دۆلەت ئەربابى پېرىكلىنىڭ دوستى. ئۇ، ماددىنىڭ بىرلەشمىسىلىك ئاملى ("ماددىنىڭ ئۇرۇقلىرى") چەكسىز سۈپەتلىك كۆپ خىللىقتا ئىكەن، بۇ ئاملىلار ئوخشاش بولمىغان تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق بارلىق مەۋجۇداتلار بولۇپ بىرلىشىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ ئىپتىدائى زەررىنىڭ بىرلىشىشى ۋە ئايرىلىشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بىر خىل ئىنتايىن يېنىك، ئۇششاق ماددا — "نۇس" (پاراسەت) دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ خۇداغا ئىشەنمىدى دېگەن بەدنام بىلەن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان، لېكىن قۇتقۇزۇپ قېلىنىپ ئافىنادىن قېچىپ چىققان. (**قەدىمقى يۇنان-رىم پەلسەپىسى***گە قاراڭ.)

## ئانتاگونىسلىك زىددىيەت ۋە ئانتاگونىسسىز زىددىيەت

**Антагонистические и неантагонистические противоречия 对抗性矛盾和非对抗性矛盾** ماركسىزمچە دىيالېكتىكا، قارىمۇ-قارشى تەرەپلەرنىڭ كۈرىشى، يېڭى بىلەن كونا ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش — ھەممە تەرەققىياتلارنىڭ مەنبەسى ۋە چىن مەزمۇنى، دەپ قارايدۇ. تەرەققىيات جەريانىدا ھەمىشە زىددىيەتلەر تۇغۇلۇپ تۇرىدۇ، يەنە كېلىپ بۇ زىددىيەتلەر ھەل قىلىنغاندىلا، ئاندىن ئىلگىرىلەش ھەرىكىتى ئۈچۈن ئاساس يارىتىلىدۇ. ماركسىزمچە دىيالېكتىكا زىددىيەتلەرنى ئانتاگونىسلىك زىددىيەت ۋە ئانتاگونىسسىز زىددىيەت دەپ ئىككى خىلغا ئايرىيدۇ.

**ئانتاگونىسلىك زىددىيەت** جەمئىيەتتىكى بىر-بىرىگە دۈشمەن سىنىپلار، گۇرۇھلار ۋە كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەسسە قىلغىلى

بولمايدىغان مەنپەئەتلەرنى ئاساس قىلغان زىددىيەتتىن ئىبارەت. بۇنداق زىددىيەتنى ئومۇمەن زورلۇق كۈچ يولى بىلەنلا، يەنى ئىنقىلاۋىي سىنىپىي كۈرەش ۋە بىر سىنىپنىڭ ئىككىنچى بىر سىنىپنى يېڭىشى بىلەن ياكى ئۇرۇش ئۇسۇلى ۋاھاكازالار ئارقىلىقلا ھەل قىلىش مۇمكىن. مەسىلەن، ئاساسىي مەنپەئەتلىرى تۈپتىن قارىمۇ-قارشى بولغان بۇرژۇئازىيە بىلەن پرولېتارىيات ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان زىددىيەت سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ يولى بىلەن ھەل قىلىنىدۇ. ماركس مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: كاپىتالىزم مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان چاغدا، "بۇرژۇئازىيە بىلەن پرولېتارىيات ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىق يەنىلا بىر سىنىپنىڭ ئىككىنچى بىر سىنىپقا قارشى كۈرىشىدىن ئىبارەت بولىدۇ، بۇ كۈرەش ئەڭ جىددىي باسقۇچىغا يەتكەن ھامان ئومۇمىي يۈزلۈك [totale] ئىنقىلاپقا ئايلىنىدۇ" («پەلسەپە نامراتلىقى»، رۇسچە نەشرى، 149-بەت).

سوۋېت ئىتتىپاقىدا، كاپىتالىزمدىن سوتسىيالىزمغا ئۆتۈش دەۋرىدە، ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئەمگەكچى دېھقانلار بىلەن شەھەر بۇرژۇئازىيىسى ۋە باي دېھقانلار ئوتتۇرىسىدا ئانتاگونىستىك زىددىيەتلەر مەۋجۇت ئىدى. بۇ ئانتاگونىستىك زىددىيەتلەرنى پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىدىكى دۆلەت ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنى يوقىتىش يولى بىلەن ھەل قىلدى. جاھانگىر دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرمۇ، جاھانگىر ئەللەر بۇرژۇئازىيىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرمۇ ئانتاگونىستىك زىددىيەتنىڭ مىسالى بولالايدۇ. كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ بازار تالىشىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى ئۇلارنىڭ ئۆز رىقابەتچىسىنى يوقىتىش مۇددىئاسى، بەزى جاھانگىر قاراقچىلارنىڭ يەنە باشقا بەزى جاھانگىر قاراقچىلارنىڭ مەنپەئەتلىرىنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا بېيىماقچى بولۇش ئارزۇسى مۇشۇ زىددىيەتلەرنىڭ مەنبەسىدۇر. بۇ ئانتاگونىستىك زىددىيەتلەر

سىنىپىي زىددىيەتلەر ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئانتاگونىستىك شەددەتلىك ۋە كەسكىن بولمايدۇ. لېكىن بۇ زىددىيەتلەرمۇ جاھانگىر دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى قوراللىق كۈرەشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ زىددىيەتلەر دۇنيانى قايتىدىن بۆلۈشۈۋېلىش، بازار ئالىشىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جاھانگىرلىك ئۇرۇشلىرىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. ئانتاگونىستىك زىددىيەتلەرنىڭ بەلگىسى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بۇ زىددىيەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ، بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ، قارىمۇ-قارشىلىققا ئايلىنىدۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش راۋاجلىنىپ كەسكىن توقۇنۇشلارغا ئايلىنىدۇ.

**ئانتاگونىستسىز زىددىيەت** شۇنداق زىددىيەتكى، بۇنداق زىددىيەتنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرىدىغانلار مەنپەئەتلىرى بىر بىرىنىڭكىنىڭ مۇتلەق ئەكسىچە بولغان دۈشمەن سىنىپلار ئەمەس، بۇنداق زىددىيەتلەر تۈپ مەسىلىدىكى زىددىيەتلەر بولماستىن، بەلكى ئايرىم ۋاقىتلىق مەسىلىلەر ئۈستىدىكى زىددىيەتلەردىن ئىبارەت بولىدۇ. ئانتاگونىستسىز زىددىيەتلەرنىڭ بەلگىسى ئانتاگونىستلىك زىددىيەتنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ؛ بۇنداق زىددىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ دۈشمەنلىشىش دەرىجىسىگە يېتىپ بېرىشى ناتايىن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشمۇ تەرەققىي قىلىپ توقۇنۇش دەرىجىسىگە يېتىپ بارمايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدا، سوتسىيالىزم ۋۇجۇتقا كېلىشتىن بۇرۇن، سوتسىيالىزمنى كەۋدىلەندۈرگۈچى ئىشچىلار سىنىپى بىلەن ئۇششاق مۈلۈكچى سىنىپ ھېسابلانغان دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر ئەنە شۇ ئانتاگونىستسىز زىددىيەتلەرنىڭ مىسالى. ئىشچىلار بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلارنىڭ ئاساسىي مەسىلىلەردە ئورتاق مەنپەئەت-

لەرمۇ مەۋجۇت، بۇ مەنپەئەتلەر ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ
تۇرغان زىددىيەتلەرنى بېسىپ چۈشىدۇ. بۇ ئورتاق مەنپەئەتلەر
شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، سوتسىيالىزىملا ئۇلارنى قۇللۇق ۋە ئېكسپىلا-
تاتسىيىدىن قۇتۇلدۇرالايدۇ ۋە ھەقىقى ئىنسانىيەت ھاياتى ئۈچۈن
شەرت ھازىرلىيالايدۇ. دېمەك، ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقى پرولې-
تارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ ئالىي پرىنسىپى. ئانتاگونىيىسىز زىد-
دىيەتلەر ئانتاگونىستىك زىددىيەتلەرگە ئوخشىمايدۇ، ئانتاگونىيىسىز
زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى شەپقەتسىز سىنىپىي كۈرەش ۋە
زورلۇق كۈچ ئۇسۇلى بولماستىن، بەلكى بۇ زىددىيەتلەرنى كەلتۈ-
رۈپ چىقارغۇچى تۈرلۈك ئىقتىسادىي شەرت-شارائىتلارنى قەدەممۇ-
قەدەم ۋە پىلانلىق سۈرئەتتە ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت. سوۋېت ئىتتى-
پاقى ئىشچىلار سىنىپى بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئانتاگونىيىسىز
زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش جەھەتتە ئۇلۇغ خەلقارا ئەھمىيەتكە
ئىگە شانلىق ئۈلگىلەرنى ياراتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا بۇ زىددىيەتلەر
كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئوششاق دېھقان ئىگىلىكىنى
سوتسىيالىستىك ئاساستا پەيدىن-پەي ئۆزگەرتىش يولى بىلەن ھەل
قىلىندى. ئىشچىلار سىنىپى بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئانتاگونى-
يىسىز زىددىيەتلەرمۇ كۈرەش داۋامىدا، يەنى دېھقانلارنىڭ خۇسۇسىي
مۈلۈكچىلىك روھىي ھالىغا ۋە ئوششاق بۇرژۇئا روھىي ھالىغا قارشى
تۇرۇش داۋامىدا ئۈزلۈكسىز ھەل قىلىنىپ كەلدى؛ لېكىن بۇ كۈرەش
ئىشچىلار سىنىپى بىلەن ئەمگەكچى دېھقانلار ئىتتىپاقىنى بۇزغىنى
يوق، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەملەپ، ئۇلار ئوتتۇر-
سىدىكى زىددىيەتلەرنى پەيدىن-پەي تۈگەتتى. ئىككى خىل مۈلۈك-
چىلىك شەكلى — ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى ۋە كولخوز مۈلۈكچىلىكى
مەۋجۇت بولغانلىقتىن، ئىشچىلار سىنىپى بىلەن كوللېكتىپ دېھقانلار
ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتلەردە بەزى پەرقلەر

يەنىلا ساقلىنىپ كەلمەكتە؛ بۇ پەرقلەر كوممۇنىزىمنىڭ تۆۋەن باس-
قۇچىدىن يۇقىرى باسقۇچىغا ئۆتۈش جەريانىدا پۈتۈنلەي يوقىلىدۇ.
ھەرقايسى خەلق دېموكراتىيىسى ئەللىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنى ئۈلگە
قىلىپ، ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقى ئاساسىدا، بۇ ئىككى سىنىپ ئوت-
تۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى قانداق ھەل قىلىشنى، ئۇششاق ۋە تار-
قاق يېزا ئىگىلىكىنى قانداق قىلىپ كەڭ كولەمدىكى سوتسىيالىستىك
يېزا ئىگىلىكىگە ئۆزگەرتىشنى ئۆگەنمەكتە.
سوتسىيالىزىمنىڭ غەلىبە قىلىشى بىلەن، مەملىكەت ئىچىدىكى
سىنىپى ئانتاگونىزمۇ يوقىلىپ بارىدۇ. ستالىن پارتىيىنىڭ 18-
قۇرۇلتىيىدا سوتسىيالىزىمنىڭ تارىخىي غەلىبىگە ئېرىشىش ئارقىسىدا،
سوۋېت ئىتتىپاقىدا شەكىللەنگەن يېڭى ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ مۇن-
داق دېيدۇ: "ھازىرقى ۋاقىتتىكى سوۋېت جەمئىيىتىنى ھەرقانداق
كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان خۇسۇسىيەت
شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، سوۋېت جەمئىيىتىدە ئانتاگونىسلىك، بىر
بىرىگە دۈشمەن سىنىپلار ئەمدى قالمىدى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى
سىنىپلار تۈگىتىلدى، سوۋېت جەمئىيىتىنى تەشكىل قىلغۇچى ئىشچىلار،
دېھقانلار ۋە زىيالىلار دوستلارچە ھەمكارلىق ئاساسىدا ھايات كەچۈ-
رىدۇ ۋە ئىشلەيدۇ. ھازىر كاپىتالىستىك جەمئىيەت ئىشچىلار بىلەن
كاپىتالىستلار ئوتتۇرىسىدىكى، دېھقانلار بىلەن پومېشچىكلار ئوتتۇرى-
سىدىكى كېلىشتۈرۈپ بولمايدىغان زىددىيەتلەر تۈپەيلىدىن پارچە-
لانماقتا، بۇ ھال كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى تۇراق-
سىزلاندۇرىدۇ؛ ئېكسپىلاتاتسىيە بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلغان سوۋېت
جەمئىيىتىدە بۇنداق زىددىيەتلەر پۈتۈنلەي يوق، سىنىپى توقۇنۇشلار
يوق، بۇ جەمئىيەتتە ئىشچىلار، دېھقانلار شۇنىڭدەك زىيالىلارنىڭ
دوستلۇق-ھەمكارلىق مەنزىرىسى ۋۇجۇتقا كەلدى. سوۋېت جەمئىي-
تىنىڭ مەنىۋى، سىياسىي بىرلىكى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر مىللەت

خەلقىنىڭ دوستلۇقى، سوۋېت ۋەتەنپەرۋەرلىكىدىن ئىبارەت مۇشۇن-
داق ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچلەر ئەنە شۇ ئورتاقلىق ئاساسىدا راۋاج-
لاندى.» («لېنىنىزىم مەسىلىلىرى»، 1955-يىل خەلق نەشرىياتى
خەنزۇچە نەشرى، 750-بەت)

لېكىن، ئانتاگونىزىملىك زىددىيەت تۈگىتىلگەن ئاساستا پەيدا
بولغان ئورتاقلىق سوتسىيالىزىم شارائىتىدا ھەممە زىددىيەتنىڭ
تۈگىتىلگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ماركسىزىم-لېنىنىزىم
بىزگە مۇنداق تەلىم بېرىدۇ: سوتسىيالىزىم جەمئىيىتىمۇ زىددىيەتلەر-
نىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ھەل قىلىنىشى، زىددىيەتلەرنىڭ كۈرىشى ئارقى-
سىدا تەرەققى قىلىدۇ. بىراق، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ تەرەققى-
ياتىدىكى زىددىيەت باشقىچە بىر خىل زىددىيەت بولۇپ، ئۇ ئانتا-
گونىزىمسىز زىددىيەتتىن ئىبارەت. مەسىلەن، جەمئىيەتتىكى ئىلغار
كۈچلەر بىلەن قالاق، ھورۇن كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت،
كىشىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك مەۋجۇتلۇقى بىلەن ئۇلارنىڭ ئېڭىدىكى
كاپىتالىزىم قالدۇقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئەنە شۇنداق زىد-
دىيەت بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر بۇ ھورۇن كۈچلەرگە ۋە كىشى-
لەرنىڭ ئېڭىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بارلىق كاپىتالىزىم قالدۇق-
لىرىغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىلمىسا، سوۋېت جەمئىيىتى كوممۇنى-
زىم يولىنى بويلاپ غەلىبىلىك ھالدا ئالغا باسالمايدۇ. بۇ قالدۇق-
لارنىڭ خىلمۇ-خىل ئىپادىلىنىش شەكىللىرى بار، مەسىلەن، بيۇ-
روكراتلىق، مىللەتچىلىك، جاھانچىلىق ۋە ئەمگەككە، ئومۇمىنىڭ
مۈلكىگە قارىتا غەيرى سوتسىيالىستىك پوزىتسىيىدە بولۇش ۋاھاكازا-
لار. ئانتاگونىزىملىك سىنىپلار بولمىغان شارائىتتا، يېڭىنىڭ كونىغا
قارشى، ئىلغارلىقنىڭ قالاقلىققا قارشى كۈرىشىلا ئىلگىرىلەۋاتقان
ھەركەتنىڭ مەنبەسى بولالايدۇ. زىددىيەتلەرنىڭ خاراكتېرىنىڭ
قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇلار كۈرەش ئارقىلىقلا ھەل قىلى-

ئىدۇ. پاكىتلارمۇ شۇنداق بولماقتا. زىددىيەتلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە مەزمۇنىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدىغىنى كۆرەشنىڭ شەكلىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ. سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى زىددىيەتلەرنى مەلۇم خىلدىكى ئىنقىلاب يولى بىلەن ھەل قىلىش زۆرۈر بولمايدۇ، بۇ زىددىيەتلەر سوتسىيالىزمدىن كوممۇنىزمغا پەيدىن-پەي ئۆتۈش جەريانىدا، سوتسىيالىزم ئاساسىدا ھەل قىلىنىدۇ ۋە ھەل قىلىنماقتا. سوۋېت جەمئىيىتىدە يېڭى، ئىلغار نەرسىلەرنىڭ كونا، چىرىك نەرسىلەرگە قارشى كۆرىشى داۋامىدا **تەنقىت ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىت** مۇھىم رول ئوينايدۇ.

سوۋېت جەمئىيىتىدە ئانتاگونىستىك سىنىپلار قالمىغانلىقتىن ھەممە مەنىۋى، سىياسى جەھەتتىن بىردەكلىك بارلىققا كەلگەنلىكتىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا، سىنىپىي كۆرەشنىڭ پۈتكۈل تىغ ئۇچى ھازىر خەلقارا سەھنىگە كۆچتى، خەلقارا سەھنىدە ئانتاگونىستىك ئىككى لاگېر ئوتتۇرىسىدا كۆرەش داۋام قىلماقتا. ئۇنىڭ بىرى تىنچلىق-دېموكراتىيە، سوتسىيالىزم لاگېرى، يەنە بىرى دۇنياۋى جاھانگىرلىك لاگېرى. لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ يوقىتىلغانلىقى مەملىكەت ئىچىدە ئايرىم دۈشمەنلەرنىڭ يوقلۇغىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. بۇ دۈشمەنلەر جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا، كوممۇنىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى تۈرلۈك يوللار بىلەن بۇزۇشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇ دۈشمەنلەرنىڭ ھىلە-مىكىرلىرىگە نىسبەتەن يۈكسەك سىياسى ھۇشيارلىقنى ساقلاش لازىم. ئۇلارنىڭ بۇنداق ھىلە-مىكىرلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئەمەلگە ئاشۇرغۇزماسلىق كېرەك. شۇنداقلا ئەڭ كىچىك بىپەرۋالىق ھادىسىلىرى بىلەنمۇ مۇرەسسەسىز كۆرەش قىلىش لازىم. مانا بۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىدا تولۇق كوممۇنىزم جەمئىيىتى قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇنلاشنىڭ زۆرۈر شەرتلىرى. **(قارىمۇ-**

قارشى تەرەپلەرنىڭ كۆرۈشى»گە قاراڭ.)

**ئانتروپولوگىزىم** 人本主义 Антропологизм (گرېكچىسى ἄνθρωπος — ئادەم، λόγος — تەلىمات دىگەن سۆزدىن كەلگەن). كونكرېت تارىخىي ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىن ئايرىلغان ھالدا ئادەمنى ئاساسلىغى بىئولوگىيەدىكى جانلىق مەۋجۇدات دەپ قارايدىغان بىر خىل پەلسەپە پىرىنسىپى. ئانتروپولوگىزىم ئادەمنى ماددى ماھىيەت ۋە روھىي ماھىيەتتىن ئىبارەت ئىككى خىل مۇستەقىل ماھىيەتكە بۆلۈشكە قارشى تۇرىدۇ، ئىدىيە ۋە ئاڭنى بىرلەمچى، ماددىنى ئىككىلەمچى دەيدىغان ئىدىيالىستىك تەلىماتقا قارشى تۇرىدۇ، ئۇ پەلسەپە جەھەتتىكى ماتىرىيالىستىك لۇشيەندە چىڭ تۇرىدۇ. ئەمما بۇنداق ماتىرىيالىزىم ئادەمگە نىسبەتەن ئابستراكت، مېتافىزىكىلىق ئۇقتىنەزەر بىلەن قارىغانلىقتىن، ئۇ چەكلىمىلىككە ئىگە. ئۇنىڭ چەكلىمىلىكلىكى ئۇنىڭ بىلىش ئەزىرىيىسى بىلەن ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرەلمەيدىغانلىقىدا، ماتىرىيالىزىمنى جەمئىيەت تارىخىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە تەتبىق قىلالمايدىغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. ئانتروپولوگىزىمنىڭ ۋەكىللىرىدىن، بىز جەمئىيەت، ئادەم ۋە سىنىپ توغرىسىدىكى كونكرېت بىلىمگە ئەمەس، بەلكى پەقەت ئابستراكت ھالىدىكى، "ئومۇمى ئادەم" توغرىسىدىكى ئۇقۇمىنىلا ئېرىشىمىز. يېڭى دەۋر پەلسەپىسىدە ئانتروپولوگىزىمنىڭ ئەڭ ئاتاقلىق ۋەكىلى **فېيېرباخ**. ئۇلۇغ رۇس ماتىرىيالىستى **چېرنىشېۋسكى**مۇ ئىدىيالىزىمغا قارشى تۇرۇش كۆرىشىدە پەلسەپىدىكى ئانتروپولوگىزىم پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرغان ئىدى. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: "......فېيېرباخ بىلەن چېرنىشېۋسكى ئىشلەتكەن ئاتالغۇ — پەلسەپىدىكى 'ئانتروپولوگىزىم پىرىنسىپى' — تار ئاتالغۇ. ئانتروپولوگىزىم پىرىنسىپىمۇ، تەبىئەتچىلىكمۇ **ماتىرىيالىزىم** توغرىسىدىكى ناتىق، يۈزە باياندىنلا ئىبارەت" (پەلسەپە خاتىرىلىرى،

1956 ـ يىل خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 57 ـ بەت). لېكىن چېرنىشېۋسكى نۇرغۇن جەھەتلەردە ئۆزىدىكى ئانتروپولوگىزمچە ماتېرىيالىزمغا ياتىدىغان ئاجىزلىقلارنى تۈگىتىپ، دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمغا خېلىلا يېقىنلاشقان ئىدى.

**ئانتىنومىيە** 二律背反 Антиномия (گرېكچىسى ἀντινομία — قانۇنىيەتلەر زىتلىقى) ئانتىنومىيە دېگەن بۇ ئاتالغۇ بىر بىرىنى چەتكە قاقىدىغان ۋە توغرا دەپ قارالغان ئىككى قائىدە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كۆرسىتىدۇ. نېمىس پەيلاسوپى **كانت***نىڭ پەلسەپە سىستېمىسىدا، ئەقلىي ئانتىنومىيە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. كانت ئەقىلنىڭ دۇنيانى بىلىشكە ئىنتىلگەندە مۇقەررەر ھالدا ئۆز ئۆزىگە زىت بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، بىراق ئۇنىڭ بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولىدۇ. كانت ئانتىنومىيىنى تۆۋەندىكى 4 خىلغا ئايرىيدۇ: (1) دۇنيا زامان ۋە ماكاندا چەكلىك بولىدۇ؛ دۇنيا زامان ۋە ماكاندا چەكسىز بولىدۇ. (2) دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەر ئاددىي، بۆلۈنمەس بولىدۇ؛ دۇنيادا ھېچقانداق ئاددىي نەرسە يوق، بارلىق نەرسىلەر مۇرەككەپ، بۆلۈنۈشچان بولىدۇ. (3) دۇنيادا ئەركىنلىك مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؛ دۇنيادا ئەركىنلىك بولمايدۇ، ھەممە نەرسە مۇقەررەر بولىدۇ. (4) دۇنيانىڭ ياراتقۇچىسى مەۋجۇت؛ دۇنيانىڭ ياراتقۇچىسى مەۋجۇت ئەمەس. كانتنىڭ پىكرىچە، ئانتىنومىيە پەقەت ئىنسانلارنىڭ ئەقلىگىلا خاس نەرسە ئىكەن. شەيئىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنىڭ زادى قانداق ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىز بىر نەرسە دېيەلمەيدىكەنمىز. كانتنىڭ بۇ تەلىماتى گەرچە بەزى دىيالېكتىك ئەركىپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، ئەمما ئانتىنومىيىنىڭ ئاساسىي مەنىسى پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ ئىنسانلارنىڭ بىلىشىدە چەكلىملىك بولىدىغانلىقىنى، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشكە بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشتىن،

پەتكە قارشى بولغان بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى نۇقتىسىنەزىرىنى ئوڭرغۇزۇش ۋە ئۇنى ئاقلاشتىن ئىبارەت. لېنىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: "كانتتا "ئانتىنومىيە' دىن تۆتى بار. ئەمىلىيەتتە ھەر بىر ئۇقۇم، ھەر بىر كاتېگورىيىسىنىڭ ئۆزىمۇ ئانتىنومىيىلىكتۇر" («پەلسەپە خاتىرىلىرى»، 1956-يىل خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 93-بەت) دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم نۇقتىسىنەزىرىدىن قارىغاندا، ئىنسانلارنىڭ ئۇقۇمىدىكى زىددىيەتلەر رېئال زىددىيەتلەرنىڭ ئىنكاسى، رېئال زىددىيەتلەرنىڭ كۆرىشى بولسا ماددىي دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى.

**ئانتونوۋىچ**، ماكسىم ئالېكسېيېۋىچ 安东诺维奇，马克西姆．阿列克谢也维奇 (1835—1918) Антонович, Максим Алексеевич

**چېرنىشېۋسكى***نى مەركەز قىلغان 19-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدىكى روسىيە ئىلغار پەلسەپىسىنىڭ ئاساسىي ۋەكىللىرىنىڭ بىرى. ئانتونوۋىچنىڭ پائالىيەتلىرى 19-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدىكى روسىيىنىڭ باشقا جەمىيەت ئەرباپلىرىغا ئوخشاش، يانچىلىق تۈزۈمنى بىكار قىلىش يولىدا كۈرەش قىلىنغان مەزگىللەردە ئەڭ ئاكتىپ ھالدا ئېلىپ بېرىلغان ئىدى. ئۇ يانچىلىق تۈزۈمگە قارشى دېخانلارنىڭ ئىنقىلاۋىي قارشىلىقىنى ئەكس ئەتتۈردى.

1859-يىلى ئانتونوۋىچ پېتېربۇرگ ئىلاھىيەت شۆبىيەتىنى پۈتتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دىنىي جەمىيەتنىڭ ئىستىقبالىدىن ۋاز كەچتى. **بېلىنسكى**، ***گېرتسىن*** ۋە چېرنىشېۋسكىلارنىڭ ئىدىيىسى ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان، ئىلغار تەبىي پەن ۋەكىللىرىنىڭ ئىدىيىسى ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان. ئۇ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىلا ماتېرىيالىست ۋە خۇداسىزلىق تەرەپدارى بولغان ئىدى. **دوبرولىيۇبوۋ*** بىلەن تونۇشۇش ئارقىلىق، ئانتونوۋىچنىڭ ئىجتىمائىي كۈرەشتىكى ئورنى ئاخىرقى ھېساپتا بەلگىلەندى. ئۇ «زاماندىشلار» ژورنىلىنىڭ

ئاكتىپ ماقالا يازغۇچىسى بولۇپ قالدى ھەمدە چېرنىشېۋسكىينىڭ تۈرتكە بولۇشى ئارقىسىدا، پەلسەپىۋى ماقالىلارنى يېزىشقا باشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىملىرى: «ھازىرقى زامان پەلسەپىسى»، «گېگېل پەلسەپىسى توغرىسىدا»، «ئىككى خىل تىپتىكى ھازىرقى زامان پەيلاسوپلىرى»، «ھازىرقى زامان فىزىئولوگىيىسى ۋە پەلسەپىسى»، «ھازىرقى زامان ئېستېتىكا نەزەرىيىسى»، «"دەۋر"گە مۇھەببەت»لەردىن ئىبارەت. ئانتونوۋىچ تەبىئى پەن مەسىلىلىرى توغرىسىدا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازدى. ئۇنىڭ «داروۋىن ۋە ئۇنىڭ نەزەرىيىسى»، «ماددى دۇنيا بىلەن روھىي دۇنيانىڭ بىرلىكى»، «تەبىئەت كۈچىنىڭ بىرلىكى»، «ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھاياتى»، «ھايۋانلارنىڭ ھاياتى»، «يار ۋە پار ماشىنىلىرى توغرىسىدا» دېگەنگە ئوخشاش ئەسەرلىرى ئىلغار تەبىئى پەن بىلىملىرىنى روسىيە جەمئىيىتىدە تارقاتتى، ھەمدە ئىلمىي ماتېرىيالىستىك دۇنياقاراشنىڭ شەكىللىنىشنى ئىلگىرى سۈردى.

ئانتونوۋىچ گېگېل* نىڭ ئىدىيالىزمىنى، كانت* نىڭ بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسىنى ۋە روسىيىنىڭ ئەكسىيەتچىل گېزىت-ژۇرناللىرىدىكى ئىدىيالىزمنى قەتئىي تۈردە تەنقىت قىلدى ھەمدە چېرنىشېۋسكىينىڭ ماتېرىيالىزمىنى كۈچەپ قوغدىدى ۋە تەشۋىق قىلدى. ئۇ چېرنىشېۋسكىينىڭ يۈركېۋىچ، كاتكوۋ باشچىلىقىدىكى روسىيە ئىدىيالىستلىرىغا قارشى كۈرىشىگە پائال قاتناشتى ھەمدە ئۆزىنىڭ جەڭگىۋار سۆزلىرىدە پەلسەپىۋى ماتېرىيالىزم ۋە ماتېرىيالىستىك بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ پرىنسىپلىرىنى باشتىن-ئاخىر بوشاشماي قوغدىدى. ئانتونوۋىچنىڭ فىزىئولوگىيە ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن يازغان ماقالىلىرى بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسلىرىنى رەت قىلىپ تاشلىدى ھەمدە ماتېرىيالىستىك ئىنكاس نەزەرىيىسىنى راۋاجلاندۇردى. بۇ ماقالىلار بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر



پەقەت ئۇزىنىڭ يېڭىلىقى ۋە ئەھمىيىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە. بىراق، ئانتونوۋىچنىڭ پەلسەپىۋى ئۇقۇملىرى ئۇستازى چېرنىشېۋسكىنىڭكىدىن كۆپ ئارقىدا قالغان ئىدى. چېرنىشېۋسكىنىڭ ماتېرىيالىزمى سىياسى بىلەن، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىدىغان ئىنقىلاۋى دېموكراتىك كۈرەش بىلەن زىچ باغلانغان؛ ئۇنىڭ ئەسەرلىرى سىنىپى كۈرەش روھىغا تولغان ئىدى. ھالبۇكى، ئانتونوۋىچ ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئاساسەن تەبىي پەن ۋە ماتېرىيالىزمغا ئەھمىيەت بەردى، كېيىن ئۇ سىياسەتتىن پۈتۈنلەي چەتلەپ، ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى تارقىتىش خىزمىتىگە كىرىشىپ كەتتى. ئانتونوۋىچنىڭ ماتېرىيالىزمى ئايرىم دىيالېكتىكا ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پەقەت بىۋاستە كۆزىتىلىدىغان، مېتافىزىكىلىق ماتېرىيالىزمدىن ئىبارەت ئىدى.

ئانتونوۋىچ ئەدەبىي تەنقىتچى ئىدى، ئۇ سەنئەتنىڭ رېئاللىقنىڭ نامايەندىسى بولۇشىنى، جەمئىيەت مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنى تەلەپ قىلدى، ئانتونوۋىچنىڭ ئەدەبىي تەنقىت جەھەتتىكى ئەڭ مەشھۇر ئەسىرى ئۇنىڭ «ھازىرقى زامان ئاسمودېيى» دېگەن ماقالىسى بولۇپ، ئۇ بۇ ماقالىدا 19-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدىكى روسىيە جەمئىيەت ئەرباپلىرىنىڭ ئىنقىلاۋى دېموكراتىزملىق يۈنىلىشىنى قوغدىدى، لىبېرالىزم لاگېرىنىڭ بۇ يۈنىلىشكە قىلغان ھاقارەتلىرىگە رەددىيە بەردى. ئۇ چېرنىشېۋسكىنىڭ ئېستېتىكا نەزەرىيىسىنى تەشۋىق قىلدى ۋە قوغدىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئومۇمى پەلسەپىۋى ئۇقۇملىرى چەكلىملىككە ئىگە بولغانلىقتىن، ئۇ ئېلان قىلغان بىر قىسىم ئايرىم قائىدىلەر چېرنىشېۋسكىنىڭ ئېستېتىكا

نەزەرىيىسىنىڭ جەڭگىۋار روھىغا زىت ئىدى. ئانتونوۋىچ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى چاغلىرىدا تامامەن تەبىي پەن تەتقىقاتى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى، ئۇ ئۆزى ئۈچۈن بىر خىمىيە تەجرىبىخانىسى قۇردى ھەمدە گېئولوگىيە تەتقىقاتى ئۈچۈن كۈچ چىقاردى. ئۇ گېئولوگىيە جەھەتتە ئۆزگىچە قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان ئەسەرلەرنى يازدى ۋە كەشپىياتلارغا ئىگە بولدى. «ئانتونوۋىچ پەلسەپە تاللانما ئەسەرلىرى» 1945-يىلى نەشردىن چىقتى.

**ئانتولوگىيە** 本体论 Онтология (گرېكچىسى ὀντολογία — مەۋجۇدىيەت توغرىسىدىكى تەلىمات دېگەن مەنىدە) ماركسىزمدىن ئىلگىرىكى پەلسەپىدىكى بىر ئىسىم بولۇپ، بىلىش نەزەرىيىسى (بىلىش توغرىسىدىكى تەلىمات) بىلەن ئوخشاشمايدىغان، مەۋجۇدىيەت توغرىسىدىكى، مەۋجۇدات توغرىسىدىكى تەلىماتنى كۆرسىتىدۇ. بۇرژۇئا پەلسەپىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ مەۋجۇدىيەت توغرىسىدىكى تەلىماتنى بىلىش توغرىسىدىكى تەلىمات بىلەن قارشىلاشتۇرۇپ، مەۋجۇدىيەتتىن، تەپەككۇر شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىن باشقا ۋە مەۋجۇدىيەتكە، ئوبيېكتىپ چىنلىققا باغلىق بولمىغان تەپەككۇر شەكلى توغرىسىدىكى تەلىماتنى بەرپا قىلىشقا ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت. "ئانتولوگىيە" دېگەن ئىسىمنىڭ ئىجادچىسى خىرىستىيان ۋولف (1679—1754) مەۋجۇدىيەت توغرىسىدىكى تەلىمات بىلەن بىلىش توغرىسىدىكى تەلىماتنى ئايرىۋەتكەن ئىدى. كېيىن، بۇرژۇئا پەلسەپىسىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا، ئانتولوگىيە بىلەن بىلىش نەزەرىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ پەرق قارىمۇ-قارشىلىققا ئايلىنىپ، شۇبھىچىلىك ۋە بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسىگە تەۋە ھەر خىل پەلسەپە ئېقىمى ئەۋج ئالدى ھەمدە ئىدىيالىستىك شەكىل لوگىكىسىدا كاتېگورىيە ۋە شەكىلگە بولغان ئەنئەنىۋى قاراش باشلاندى.

**ئانىلىق تۈزۈم (ئانا جەمەت تۇرۇقداشلىقى) 母权制 (母系氏族) Матриархат (материнский род)**

ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمى*نىڭ تەرەققىياتى جەريانىدىكى بىر تارىخىي باسقۇچ بولۇپ، ئاياللار ئىقتىسادىي جەھەتتە يېتەكچى رول ئوينىغانلىقى ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى. ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئانىلىق تۈزۈمنىڭ ئاساسى بولۇپ، بۇ خىل ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ئانىلىق تۈزۈم دەۋرىدە گۈللەندى. ئانىلىق تۈزۈمنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە تۆۋەندىكى بىرنەچچە ئاساسىي سەۋەب بار: ھەر مىللەت خەلقى تەرەققىياتىنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا، توپ نىكاھى يولغا قويۇلغان ئىدى، باللار ئاتىسىنى بىلمەيتتى، ئانىسىنىلا بىلەتتى. كېلىپ چىقىشىنى پەقەت ئانا جەمەتى تەرەپتىن ھۆكۈم قىلىشقىلا بولغانلىقتىن، ئاياللار تەرەپتىكى تۇققانچىلىق مۇناسىۋىتىلا ئېتىراپ قىلىناتتى. توي قىلغاندىن كېيىن ئاياللار يەنىلا ئۆز قەۋمىدە قالاتتى، ئەر بولسا خوتۇنىنىڭ قەۋمىگە كۆچۈپ بېرىپ ئورۇنلىشاتتى. بۇ ئەھۋال ئاياللارنىڭ غايەت زور تەشكىللىگۈچىلىك رولىنى بەلگىلىدى. ئاياللارنىڭ قەۋمنىڭ پۈتۈن ئىقتىسادىنى باشقۇرۇشى — ئانىلىق تۈزۈمنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئەڭ ئاساسىي سەۋەب ئىدى. شۇ چاغلاردا ئوۋچىلىق ئىشەنچلىك تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى يەتكۈزۈپ بېرەلمەيتتى. دېھقانچىلىق ئەمگىكىنىڭ ئۈنۈمى بىر قەدەر يۇقىرى ئىدى. دېھقانچىلىقنى بولسا دەسلەپتە ئاساسلىقى ئاياللار قىلاتتى. ئائىلە ئىقتىسادى بارلىققا كېلىپ، مۇقىم ئولتۇراقلىشىش تۇرمۇشىغا ئۆتكەندە ئاياللارنىڭ رولى تېخىمۇ ئاشتى. تۇرار جايغا قاراش، ئۆي ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، ماددى بۇيۇملارنى يىغىپ ساقلاش، كۆكتات تېرىش ۋە تاماق ئېتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئورۇنلاش ئاياللارنىڭ مەجبۇرىيىتى ئىدى. ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمىدە ئائىلە ئىقتىسادى غايەت زور رول ئوينىدى. ئۇ ئىجتىمائىيلىققا ئىگە

بولۇپ، ئاياللار ئائىلىنىڭ باشقۇرغۇچىسى ئىدى. چارۋىچىلىقنىڭ
بارلىققا كېلىشىگە ۋە راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئاياللارنىڭ رولى
بارا-بارا تۆۋەنلىدى، ئەرلەر بولسا جەمئىيەتتىكى ئاساسىي ئىشلەپ-
چىقىرىش كۈچى بولۇپ قالدى. بارلىق بايلىق، ئىشلەپچىقىرىش
قوراللىرى، چارۋا، شۇنىڭدەك كېيىنكى قۇللار بارا-بارا ئەرلەرنىڭ
مۈلكى بولۇپ قالدى. ئاياللار ئىككىنچى ئورۇنغا سىقىپ چىقىرىلدى،
چۈنكى ئائىلە ئىقتىسادى پەقەت ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىشتىكى
بىقىندا قىسىلا بولۇپ قالدى. ئىلگىرىكى ئەركىن ئايال ئەمدى
ئېرىنىڭ چاكىرى بولۇپ قالدى. "ئانىلىق تۈزۈمنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى
**ئاياللارنىڭ دۇنياۋى تارىخىي مەغلۇبىيىتى** بولدى. ئەرلەر ئائىلىنىڭ
باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قولىغا ئالدى، ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ شەرەپلىك
ئورنىنى قولدىن كەتكۈزۈپ، چاكارغا، جىنسىي تەلەپنى قاندۇرغۇچىغا
ۋە بالا تۇغىدىغان ھەم ئۆستۈرىدىغان ئاددىي قورالغا ئايلىنىپ قالدى."
(«ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى،
4-توم، 52-بەت)

بۇرژۇئازىيىنىڭ چاكىنا تارىخ ئىلمى ئانىلىق تۈزۈمنىڭ مەۋجۇت-
لۇقىنى ئىنكار قىلىدى. ئۇ ئانىلىق تۈزۈمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار
قىلغان ئىكەن، ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمىدىن ئىبارەت ھەر مىللەت
خەلقىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىكى ئەڭ دەسلەپكى ئىجتىمائىي، ئىقتى-
سادىي باسقۇچىنىمۇ ئىنكار قىلىدۇ. بۇرژۇئا ئالىملىرى **ئاتىلىق
تۈزۈمى*** دەسلەپتىلا بار ئىجتىمائىي تۈزۈم ئىدى دەپ ھېسابلىدى.
بۇ سۆزنىڭ مەتبەسى ناھايىتى روشەن، چۈنكى ئىپتىدائىي جامائە
تۈزۈمىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە مەۋجۇت بولغان ئاتىلىق تۈزۈم
خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن ئۆزئارا مۇناسىۋەت-
لىك. ئەگەر ئاتىلىق تۈزۈم دەسلەپتىلا بار ئىدى دېيىلىدىغان
بولسا، ئۇنداقتا خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكمۇ دەسلەپتىلا بار بولغان ۋە

ئەبەدى تۇزۇم بولغان بولىدۇ. زور تۇركۇم ئىرقشۇناسلىق ماتېرىياللىرى ئائىلىلىق تۇزۇمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاپ، بۇرژۇئا ئالىملىرىنى ئائىلىلىق تۇزۇمنى ئىنكار قىلىدىغان مەيداندىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر قىلدى. لېكىن ئۇلار يەنە: پەقەت "ناچار"، رەڭلىك ئىرقتىلا ئائىلىلىق تۇزۇم بولغان دەپ كېسىپ ئېيتتى؛ ئۇلارنىڭ قارىشىچە، "ئەلا" ئىرقتا بولسا ئىزچىل ھالدا ئاتىلىق تۇزۇم مەۋجۇت بولغانمىش. ماركسىزىم توغرا ئىلمىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن، بۇ نۇقتىنەزەرنىڭ سەپسەتە ئىكەنلىكىنى تولۇق دەلىللەپ بەردى. ئىپتىدائىي جامائە تۇزۇمى تەرەققىي قىلىپ مەلۇم مەزگىلگە كەلگەندە، يەنى بىرىنچى باسقۇچتا، ھەر مىللەت خەلقىدە قىلچە مۇستەسناسىز ھالدا ئائىلىلىق تۇزۇم بولغان ئىدى.

**ئانىمىزىم 万物有灵论 Анимизм** (لاتىنچىسى anima— روھ) ئانىمىزىم تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئەرۋاھلاشتۇرۇش. تەبىئەتتىكى ھەر بىر نەرسىنىڭ كەينىدە ئۇنى ئىزگىنلەپ تۇرىدىغان، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ئەرۋاھ بار دەپ قاراش دېمەكتۇر. ئانىمىزىم ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدىلا ۋۇجۇتقا كەلگەن. ئانىمىزىمنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا كىشىلەرنىڭ تەبىئەت ئالدىدا ئىقتىدارسىز بولۇشى، تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى بىلمەسلىكى ئاساس بولغان. "تەبىئەت كۈچلىرى ئىپتىدائىي ئادەملەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىر خىل يات، سىرلىق، زۇلۇم سالغۇچى نەرسە ئىدى. **بارلىق** مەدەنىيەتلىك مىللەت باشتىن كەچۈرگەن مۇئەييەن باسقۇچتا، ئىپتىدائىي ئادەملەر تەبىئەت كۈچلىرىنى ئادەملەشتۈرۈش يولى بىلەن چۈشەنگەن. دەل مۇشۇ تەبىئەت كۈچلىرىنى ئادەملەشتۈرۈش ئارزۇسى ھەممىلا يەردە خۇدانى ياراتتى......" (ئېنگېلس. «دىيۇرىڭغا قارشى»، رۇسچە نەشرى. 326-بەت) باشلانغۇچ ئانىمىزىم دىن ۋە پەلسەپىۋى ئىدىيالىزمنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرى.

ئاۋېرروئىي 阿威罗伊 Аверроэс «ئىبنى رەشد»گە قاراڭ.

ئاۋېنارىئۇس، رىخارد 阿芬那留斯, 理查 Авенариус, Рихард (1843—1896) ئەكسىيەتچى نېمىس پەيلاسوپى، سۇبيېكتىپ ئىدېيالىست، تەجرىبە تەنقىتچىلىكى «نىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى. ئاۋېنارىئۇس دۇنيانىڭ ئوبيېكتىپ چىنلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساس قىلىدىغىنى: پەقەت تۇيغۇلا «مەۋجۇت نەرسە دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنىشى مۇمكىن» دېگەن سۇبيېكتىپ ئىدېيالىستىك قائىدە. ئاۋېنارىئۇسنىڭ سۆزى بويىچە بولغاندا، ئاڭ بىلەن مەۋجۇدىيەت، سۇبيېكت بىلەن ئوبيېكت («مەن» بىلەن «مۇھىت») دائىم، مۇقەررەر باغلىنىش («پرىنسىپال ماسلىق»)تا تۇرىدۇ؛ ئاڭ بولمىسا، مەۋجۇدىيەت بولمايدۇ، مەۋجۇدىيەت بولمىسا، ئاڭ بولمايدۇ. لېكىن ئاۋېنارىئۇسنىڭ قارىشىچە بۇ باغلىنىشنىڭ ئاساسى ئاڭ. ئۇنىڭچە بولغاندا، شەيئىلەر ئاڭدىن ئايرىلسا، تەپەككۇر قىلىدىغان سۇبيېكتتىن ئايرىلسا، مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. شۇڭا ئاۋېنارىئۇس ئېيتقان «مەن» بىلەن «مۇھىت»نىڭ باغلىنىشى يەنى «پرىنسىپال ماسلىق» — سۇبيېكتىپ ئىدېيالىزىم. زورمۇ-زور قۇراشتۇرۇلغان بۇنداق سىستېما پەنگە خىلاپ، چۈنكى پەن شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئاڭ ماددىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى، يەر شارىدا ئىنسانىيەتسىز ۋە ئادەم ئېڭىسىز بىر مەزگىل بولغان. ئاۋېنارىئۇس «پرىنسىپال ماسلىق» تەلىماتى پەيدا قىلغان بىمەنىلىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئوخشاشلا بىمەنە بولغان بىر سىرلىقلاشتۇرمىچىلىق نەزەرىيىسىنى يەنى «يوشۇرۇن مەركىزىي ئەزا» نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئىدېيالىستىك نەزەرىيە بويىچە بولغاندا، ئىنسانلار تېخى پەيدا بولمىغان ۋە يەر شارى مەۋجۇت بولغان چاغدا، ئوزىمىزنىڭ ئاللىقاچان مەۋجۇت ئىكەنلىكىمىزنى «تەسەۋۋۇر قىلغان» ياكى قىياس قىلغان بولۇپ قالىمىز.

ئاۋېنارىئۇس بوگدانوۋ*، بازاروۋ قاتارلىق روسىيە ماخىزمچىلىرىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن. لېنىن «ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىتچىلىكى»* دېگەن كىتاۋىدا ئاۋېنارىئۇسنىڭ پەلسەپىسىنى ئەجەللىك يېرىگە تەككۈزۈپ تەنقىت قىلىپ، ئۇنى جاھانگىرلىك دەۋرىدىكى ئەكسىيەتچىل ئىدىيىلەرنىڭ بىر خىل ئىپادىسى دەپ كۆرسەتتى. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بۇ پەلسەپە راھىبلىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ مەقسىدى بېركلى* بىلەن يۇم*نىڭ پەلسەپىسىنىڭكىگە ئوخشاش.

**ئاۋگۇستىن**، ئاۋرېلىي Августин, Аврелий **奥古斯丁，奥略里** (354—430) ھىپپون (ئافرىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدا)نىڭ باش روھانىسى، قەدىمقى زامان خىرىستىيان دىنىنىڭ مەشھۇر ئىلاھىيەتشۇناسى ۋە سىرلىقلاشتۇرغۇچى پەيلاسوپى، ماتېرىيالىزمنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى. ئاۋگۇستىننىڭ پەلسەپىۋى تەلىماتى **يېڭى پلاتونىزم***غا يېقىن كېلىدۇ. ئۇ يات ئۇنسۇرلار ۋە بىدئەتچىلەرنى چەتكە قېقىشنى تەلۋىلەرچە تەرغىپ قىلغان ئىدى. يۇنان—رىم پەلسەپىسىنىڭ تەرەققىپەرۋەر ئەنئەنىسىنى قاتتىق ئۆچ كۆرەتتى. ئاۋگۇستىن ئۆزىنىڭ «خۇدا ماكانى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە خىرىستىيان دىنىنىڭ پۈتۈن دۇنيا تارىخى (تەقدىرچىلىك نۇقتىنەزىرىدىن قارىغاندا) خۇدا تەرىپىدىن ئالدىنالا بەلگىلەنگەن دېگەن نۇقتىنەزىرىنى ئالغا سۈرگەن. ئۇ "خۇدا ماكانى" يەنى چېركاۋنىڭ پۈتۈن دۇنيادىكى ھۆكۈمرانلىقىنى "بەندىلەر ماكانى" يەنى "قاتمۇ-قات گۇناھقا بوغۇلغان" ئومۇمى دۆلەتكە قارىمۇ-قارشى قويغان. ئاۋگۇستىن كېيىنكىسىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى زاۋالغا يۈز تۇتۇۋاتقان دەۋردە يات دىنغا ئېتىقات قىلغان رىم دەپ ھېساپلىدى. ئاۋگۇستىن خىرىستىيان دىنى ئىلاھىيىتىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى. ئاۋگۇستىننىڭ نۇقتىنەزىرى تا ھازىرغىچە يەنىلا چېركاۋچىلار ۋە

ئىدىيالىزم قارا كۈچلىرى تەرىپىدىن ئەكسىيەتچىل ۋە جاھالەتچى-
لىك روھىي قورال سۈپىتىدە پايدىلىنىلىپ كەلمەكتە.

ئاۋىتسېننا Авицсина 阿维森纳 ئىبنى سىنا"غا قاراڭ.

## ب

**باراۋەرلىك** 平等 Равенство ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل ئىجتىمائىي سىنىپلار باراۋەرلىك دېگەن بۇ ئۇقۇمغا پرىنسىپ جەھەتتىن خىلمۇ-خىل مەنىلەرنى بېرىدۇ. بۇرژۇئازىيىنىڭ ئاتالمىش باراۋەرلىكى — يۇقىرىلارنىڭ كىشى كىشىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ساقلانغان، سىياسىي ۋە مال-مۈلۈك جەھەتتىكى باراۋەرسىزلىك، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھوقۇقسىزلىقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شارائىت-تىكى قانۇن جەھەتتىكى باراۋەرلىكتىنلا ئىبارەت. شۇڭلاشقا، بۇرژۇئازىيىنىڭ باراۋەرلىكى كورۇنۇشتىكىلا باراۋەرلىك. باراۋەرلىك شوئارى بۇرژۇئازىيىنىڭ فېئوداللىق تەبىقە باراۋەرسىزلىكىگە ۋە پۈتكۈل فېئوداللىزمغا قارشى ئىنقىلاۋىي كۈرىشى مەزگىلىدە ئىلغار رول ئوينىغان ئىدى، بۇرژۇئازىيىنىڭ غەلىبە قىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ شوئار كاپىتالىزمنىڭ زۇلمىغا ئۇچراۋاتقان ئاممىنى ئالدايدىغان قورالغا ئايلىنىپ قالدى.

ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ باراۋەرلىك توغرىسىدىكى ھەر خىل نەزەرىيىلىرى، ئاساسەن، 19-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، بۇرژۇئا باراۋەرلىكىنىڭ يۈزەكىلىكى ۋە ساختىلىقى قىپ-يالىڭاچ ھالدا ئاشكارىلىنىشقا باشلىغاندا، كەڭ تارقالدى. ئۇششاق بۇرژۇئا مۇتەپەككۇرلىرىدىن **پرۇدون***، شتىرنېر قاتارلىقلار بۇرژۇئاچە باراۋەرلىك ئۇقۇمىنى كېڭەيتىپ، بۇنىڭغا كىشىلەرنىڭ مال-مۈلۈك مۇناسىۋەتلىرى جەھەتتىكى باراۋەرلىك تەلىۋىنى كىرگۈزۈشكە ئۇرۇن-دى. ھالبۇكى، ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ باراۋەرلىك قارشى

ئەكسىيەتچىل ۋە خىيالدۇر، چۈنكى ئۇ سىنىپنى، سىنىپىي باراۋەرسىزلىكنى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىنى يوقىتىشنىڭ زورۇرلۇكىنى چىقىش نۇقتا قىلغان ئەمەس. ئۇششاق بۇرژۇئاچە باراۋەرلىك قارىشىنىڭ قوغدىغۇچىلىرى خۇسۇسىي مۈلۈكنى يوقىتىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويمايدۇ. ئۇلار باراۋەرلىكنى خۇسۇسىي مۈلۈك ئىگىلەشتىكى باراۋەرلىك ھوقۇقى دەپ چۈشىنىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا سوتسىيالىزم غەلىبىگە ئېرىشكەن شارائىتتا، ئۇششاق بۇرژۇئاچە باراۋەرلىك قارىشىنى تىرىلدۈرۈشكە ئۇرۇنۇشلار بولدى، بۇ، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەمگىكىنىڭ سۈپىتىگە ۋە سانىغا ئاساسلانماي، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئېھتىياج ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش جەھەتتە تەڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىشتا ئىپادىلەندى. بۇنداق تەڭ تەقسىماتچىلىق توغرىسىدىكى تەشۋىقات ئەكسىيەتچىلدۇر. ستالىن پرولېتارىياتچە، ماركسىزمچە باراۋەرلىك قارىشىغا ئىنتايىن چوڭقۇر تەبىر بەردى: "ماركسىزم بىلىدىغان باراۋەرلىك شەخسىي ئېھتىياج ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش جەھەتتىكى باراۋەرلىك ئەمەس، بەلكى سىنىپنىڭ يوقىلىشى، يەنى: (A) كاپىتالىستلارنى ئاغدۇرغان ۋە مەھرۇم قىلغاندىن كېيىن، بارلىق ئەمگەكچىلەرنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىدىن باراۋەر قۇتۇلۇپ ئازاتلىققا ئېرىشىشى؛ (B) ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي مۈلكىگە ئايلانغاندىن كېيىن، كوپچىلىككە نىسبەتەن باراۋەر ھالدا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ بىكار قىلىنىشى؛ (C) كوپچىلىكتە قابىلىيىتىگە يارىشا ئەمگەك قىلىشتىن ئىبارەت باراۋەر مەجبۇرىيەتنىڭ بولۇشى، بارلىق ئەمگەكچىلەردە ئەمگىكىگە يارىشا ھەق ئېلىشتىن ئىبارەت باراۋەرلىك ھوقۇقىنىڭ بولۇشى (سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە)؛ (D) كوپچىلىكتە قابىلىيىتىگە يارىشا ئەمگەك

قىلىشتىن ئىبارەت باراۋەر مەجبۇرىيەتنىڭ بولۇشى، بارلىق ئەمگەك-چىلەردە ئېھتىياجىغا قاراپ تەمىنلىنىشتىن ئىبارەت باراۋەرلىك ھوقۇقىنىڭ بولۇشى (**كوممۇنىزم** جەمئىيىتىدە). شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، ماركسىزم شۇنداق دەپ قارايدۇكى، كىشىلەرنىڭ خاھىشى ۋە ئېھتىياجى سوتسىيالىزم دەۋرىدىمۇ، كوممۇنىزم دەۋرىدىمۇ سۈپەت جەھەتتە ياكى سان جەھەتتە بولسۇن، بىر بىرىگە ئوخشاش ۋە باراۋەر بولمايدۇ ھەم ئۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

"مانا بۇ—ماركسىزمنىڭ باراۋەرلىك قارىشى." («ستالىن ئەسەرلىرى»، 1956-يىل خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 13-توم، 314-بەت) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەقىقى باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ئاساسىي قانۇنىدا بېكىتىلدى.

## Базис и надстройка 基础和上层建筑 بازىس ۋە ئۈستقۇرۇلما

"بازىس جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىدىكى ئىجتىمائى-ئىقتىسادىي تۈزۈمدىن ئىبارەت؛ ئۈستقۇرۇلما جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، قانۇن، دىن، سەنئەت، پەلسەپە نۇقتىنەزەرلىرىدىن شۇنىڭدەك بۇ نۇقتىنەزەرلەرگە مۇۋاپىق كېلىدىغان سىياسىي مۇئەسسەسەلەر، قانۇن مۇئەسسەسەلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مۇئەسسەسەلەردىن ئىبارەت." (ستالىن. «ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى»، 1974-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-بەت) ماركسىزملىق ئىجتىمائى پەندە، بازىس ۋە ئۈستقۇرۇلما مەسىلىسى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. نىمىنىڭ ئىجتىمائى بازىس، نىمىنىڭ ئۇنىڭ ئۈستقۇرۇلمىسى ئىكەنلىكىنى، بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلما ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ قانداق

بولىدىغانلىقىنى توغرا چۈشەنگەندە، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بەرگىلى ۋە جەمئىيەت تارىخى ئۆتمۈشتىكى سۇبيېكتىپچىلىق نۇقتىئىنەزەرىنى تۈگەتكىلى بولىدۇ.

ماركسىزم بازىسنى كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يىغىندىسى دەپ چۈشىنىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بۇنداق ياكى ئۇنداق تۈرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا مۈلۈكچىلىكنىڭ شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ھالىتى بىزگە **ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى*** گە كىمنىڭ ئىگىدارلىق قىلىدىغانلىقىنى — پۈتۈن جەمئىيەتمۇ ياكى ئايرىم شەخسلەر، گۇرۇھ ياكى سىنىپنىڭ ئىگىدارلىق قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇ ئارقىلىق باشقا كىشىلەر، گۇرۇھ ياكى سىنىپلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ بېرىدۇ. ماركس «سىياسىي ئىقتىسات تەنقىدىگە دائىر» دېگەن ئەسىرىنىڭ سۆز بېشىدا مۇنداق دەپ كورسەتكەن ئىدى: "بۇ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يىغىندىسى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىنى يەنى رېئال بازىسنى تەشكىل قىلىدۇ. قانۇنىي ۋە سىياسىي ئۈستقۇرۇلما شۇ رېئال بازىس ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ ھەمدە مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئاڭ شەكىللىرى مۇشۇ رېئال بازىسقا مۇۋاپىق بولىدۇ." («سىياسىي ئىقتىسات تەنقىدىگە دائىر»غا سۆز بېشى ۋە مۇقەددىمە»، 1975-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 4-بەت) بازىس بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ، بازىس بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى ئايرىپ تاشلاشقىمۇ بولمايدۇ. بازىس بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئارىلاشتۇرۇۋېتىلسە، ئىشلەپچىقىرىش بىۋاسىتە ھالدا ئۈستقۇرۇلمىنى بەلگىلەيدۇ دەيدىغان خاتا يەكۈن كېلىپ چىقىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىسادىي بازىسنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق ئۈستقۇرۇلمىنى بەلگىلەيدۇ. بازىس بىلەن ئىشلەپچىقىرىش

بىر بىرىدىن ئايرىۋېتىلسە، ئىدىيالىزىم تەرەپكە كېتىپ قېلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە باغلىق ئەمەس دەيدىغان خاتا كۆزقاراش كېلىپ چىقىدۇ.

بازىس ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە ئەمەس. ئۇ تارىخىي يوسۇندا ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىدا پەيدا بولىدىغان ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈم. مەسىلەن، سوتسىيالىزىم جەمئىيىتىنىڭ بازىسى كاپىتالىزىم تۈزۈمى شارائىتىدىكى بازىسقا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. سوتسىيالىزىم جەمئىيىتى بازىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ ھەمدە كىشىنى كىشى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئەھۋالى بولمايدۇ. كاپىتالىستىك بازىس ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان خۇسۇسىي كاپىتالىستىك مۇلۇكچىلىكنىڭ ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغانلىقى ۋە ياللانما ئەمگەكنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بازىس ئىقتىسادىي جەھەتتە جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئۈستقۇرۇلما بولسا سىياسىي، قانۇن، ئېستېتىكا قاتارلىق ئىدىيەلەر بىلەن جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ ھەمدە جەمئىيەت ئۈچۈن مۇناسىپ سىياسىي، قانۇن مۇئەسسەسەلىرىنى بەرپا قىلىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن بىۋاسىتە ئالاقىلاشماسلىق ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى جەمئىيەتنىڭ بازىسىنى بىۋاسىتە بەلگىلەيدۇ. ئۈستقۇرۇلما بولسا ۋاستىلىك ھالدا، ئىقتىسات ئارقىلىق، بازىسنىڭ ۋاستىچىلىكى ئارقىلىقلا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئالاقە باغلايدۇ. ئۈستقۇرۇلما ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى دەرھاللا ۋە توغرىدىن-توغرا ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ، بەلكى بازىس ئۆزگەرگەندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىشتا بولغان ئۆزگىرىشلەرنىڭ بازىستا بولىدىغان

ئۆزگىرىشلەردە ئەكس ئېتىشى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇ ماركسىزىملىق قائىدە تۈرلۈك چاكىنىلاشتۇرغۇچىلارغا قارشى كۈرەشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. چاكىنىلاشتۇرغۇچىلار بىۋاستە ھالدا ئىشلەپچىقىرىشتىن قانۇن ئىدىيىسى، ئېستېتىكا ئىدىيىسى قاتارلىق ئىدىيىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئۈستقۇرۇلمىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە راۋاجلىنىشىنىڭ ھەقىقى قانۇنىيىتىنى بۇرمىلايدۇ، ئۇنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشتىكى رولى ۋە ئەھمىيىتىنى بۇرمىلايدۇ.

ستالىن ئۆزىنىڭ «ماركسىزىم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى»* دېگەن ئەسىرىدە ئۈستقۇرۇلما بىلەن ئىقتىسادىي بازىسنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەردى. ئالدى بىلەن، ئۈستقۇرۇلما بازىسقا مەھكەم يېقىنغان بولىدۇ، ئۇ ئىقتىسادىي بازىسنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. جەمىيەت تارىخى تۇرغۇن مىساللار ئارقىلىق، جەمىيەتنىڭ ئۈستقۇرۇلمىسى قانداق قىلىپ كونا ئىقتىسادىي بازىسنىڭ يوقىلىشى ۋە يېڭى ئىقتىسادىي بازىسنىڭ پەيدا بولۇشى تۈپەيلىدىن ئۆزگىرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. دېمەك ئۈستقۇرۇلما بىلەن بازىس ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق قانۇنىيەتلىك باغلىنىش بىزنى نېمە ئۈچۈن تۈرلۈك تارىخىي دەۋرلەردە تۈرلۈك سىياسى، قانۇن، ئېستېتىكا ئىدىيىلىرى قاتارلىق ئىدىيىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ئۆمرى قىسقىراق بولىدۇ، ئۇ مەلۇم بىر ئىقتىسادىي بازىس مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋە رول ئوينىغان دەۋرنىڭ مەھسۇلى. ئۈستقۇرۇلما بازىسقا باغلىق بولۇپ، شۇ بازىسنىڭ يوقىتىلىشىغا ئەگىشىپ يوقىتىلىدۇ ۋە شۇ بازىسنىڭ يوقىلىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ يوقىلىپ بارىدۇ.

ئۈستقۇرۇلما گەرچە مۇئەييەن ئىقتىسادىي بازىس ئاساسىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تۈرلۈك چاكىنىلاشتۇرغۇچىلار-

نىڭ خىيال قىلغىنىدەك پاسسىپ نەرسە ئەمەس. شۇنداقلا ئىقتىسادىي
بازىسىمۇ ھەرگىز جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى بىردىن-بىر ئاكتىپ
كۈچ ئەمەس. "ئىستىخىيىلىك"نى تەشۋىق قىلىدىغان، پرولېتارىيات
دىكتاتۇرىسىنىڭ سوتسىيالىزىمنى قۇرۇشتىكى زورۇرلۇكىنى ئىنكار
قىلىدىغان "ئىقتىساتۋازلار" ۋە مېنشېۋىكلەر ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ئاكتىپ
رولىنى ئىنكار قىلغۇچى چاكىنىلاشتۇرغۇچىلاردۇر. ئىنقىلاۋىي
كۈرەش ئېلىپ بېرىلمىسىمۇ، بۇرژۇئازىيە ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇپ
تاشلانمىسىمۇ كاپىتالىزىم تىنچ يول بىلەن سوتسىيالىزىمغا كىرەلەيدۇ
دەيدىغان ماركسىزىمغا قارشى نەزەرىيىنى تەشۋىق قىلىدىغان ھازىرقى
زامان ئوڭقانات سوتسىيالىستلىرىنىڭ كاتتىۋاشلىرى چاكىنىلاشتۇر-
غۇچىلارنىڭ ئۈستقۇرۇلما پاسسىپلىققا ئىگە دەيدىغان نۇقتىنەزىرى-
دىن مەقسەتلىك پايدىلانماقتا. ماركسىزىم-لېنىنىزىم زەئىپ ئەك-
يەتچىل تەرتىپنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان بۇ ئاغمىچىلىقچە
ئەكسىلئىنقىلاۋىي "نەزەرىيە"نى بىتچىت قىلدى. ماركسىزىم بىردىن
ئۈستقۇرۇلما يەنى دۆلەت تۈزۈمى، قانۇن ھەمدە سىياسىي، پەلسەپە
قاتارلىق ئۇقۇملارنىڭ ئۆزىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بازىسىنى
راۋاجلاندۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەشكە كۆرسىتىدىغان غايەت زور
تەسىرىنى نەزەرگە ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق بولماي مۇمكىن
ئەمەس، بازىس شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈستقۇرۇلمىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرى-
دۇكى، ئۇ ئۈستقۇرۇلمىنى ئۆزىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە مۇستەھكەملى-
نىشىگە ياردەم بەرگۈزىدۇ. سىنىپىي جەمئىيەتتە، ئۈستقۇرۇلما
سىنىپىيلىققا ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆز بازىسىغا ئېتىۋارسىز قارىشى،
بارلىق سىنىپلارغا باپ-باراۋەر مۇئامىلە قىلىشى مۇمكىن ئەمەس،
بولمىسا ئۇ ئۈستقۇرۇلما بولالماي قالىدۇ. ئۈستقۇرۇلما بازىسقا زور
تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىدۇ ياكى
ئەكسىچە ئاستىلىتىدۇ. مەسىلەن، جاھانگىر بۇرژۇئازىيە ئۆز دۆلىتى-

دىن پايدىلىنىپ، پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىغا قارشى تۇرىدۇ، جەمىيەتنىڭ ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بۇرژۇئا دۆلىتى سىياسى تەسىر ۋە ئىدىيۋى تەسىر پەيدا قىلىدىغان بارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، ئاممىنىڭ سىياسى ئېڭىنى يىغۇتلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى جاھانگىرلىك سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش قورالىغا ئايلاندۇرىدۇ. بۇنىڭدىن، سىياسى ئۈستقۇرۇلمىنىڭ بۇ پەردە پائال ئەكسىيەتچىل رول ئوينىغانلىقىنى كورۇۋېلىشقا بولىدۇ. پرولېتارىيات ھاكىمىيىتنى قارتۇۋالغاندىن كېيىن، **ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ خاراكتېرىغا چوقۇم ئۇيغۇنلىشىش قانۇنىيىتى**"دىن پايدىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان بۇرژۇئا خۇسۇسى مۈلۈكچىلىكىنى يوقىتىدۇ ھەمدە ئۈششاق دېھقان ئىگىلىكىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىك، سوتسىيالىستىك ئىگىلىك بولىشىغا بۇرۇلۇشى ئۈچۈن شەرت-شارائىت ھازىرلايدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان سوتسىيالىستىك ئومۇمى مۈلۈكچىلىك خۇسۇسى مۈلۈكچىلىكنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ. بۇ پەردە سىياسى ئۈستقۇرۇلما جەمىيەت، ئىجتىمائى ئىگىلىك ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئاكتىپ ئىنقىلاۋىي رول ئوينايدۇ.

سوتسىيالىزىم شارائىتىدا، ئۈستقۇرۇلمىنىڭ رولى تولىمۇ زور بولىدۇ. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەپ شۇكى، سوتسىيالىزىم جەمىيىتى بىلەن كاپىتالىزىم جەمىيىتى ئوخشاش ئەمەس. كاپىتالىزىم جەمىيىتىدە، ئىگىلىك ئىستىخىيلىك ھالدا راۋاجلىنىدۇ؛ سوۋېت سوتسىيالىستىك جەمىيىتىدە بولسا خەلق ئىگىلىكى ئىلمى ئاساستا تۈزۈلگەن پىلانغا ئاساسەن راۋاجلىنىدۇ، بۇ پىلان سوتسىيالىزىمنىڭ ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىدا ھېچقانداق دۆلەت سوۋېت دۆلىتى ئوينىغاندە-

كىدەك ئىقتىسادى تەشكىللەش رولى ۋە مەدەنىيەت-مائارىپ جەھەتتىكى رولىنى ئوينىغان ئەمەس. كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە سوۋېت دۆلىتىنىڭ سىياسىتى ئىقتىسادى بازىسىنىڭ تەرەققىياتىدا شۇنىڭ ئۈچۈن كۈچلۈك رول ئوينايدۇكى، بۇ سىياسەت سوتسىيالىزىمنىڭ ئوبيېكتىپ ئىقتىسادى قانۇنىيىتىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا تۈزۈلىدۇ، پىشىپ يېتىلۋاتقان تارىخىي تەلەپكە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. كوممۇنىستىك پارتىيە جەمئىيەت تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى بىلىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇ كەلگۈسىدىكى ئىقتىسادى تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي جەريانىنى مۆلچەرلىيەلەيدۇ. دۆلەتنىڭ ھەركەت پروگراممىسىنى شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا تۈزەلەيدۇ ھەمدە خەلق ئاممىسىنى بۇ پروگراممىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلالايدۇ. شۇڭا، ماركسىزم ئۈستقۇرۇلما ئىقتىسادى بازىسقا باغلىق دەپ ھساپلاپلا قالماستىن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ئىقتىسادى بازىسنىڭ تەرەققىياتىدا غايەت زور ئاكتىپ رول ئوينايدىغانلىقىنىمۇ زور كۈچ بىلەن تەكىتلەيدۇ. ھازىر، سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئورۇنلاش ھەمدە پەيدىن-پەي كوممۇنىزىمغا ئۆتۈشتىن ئىبارەت غايەت زور ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتقان چاغدا، سوۋېت دۆلىتىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەپ، ئەمگەكچى ئاممىنى كوممۇنىستىك روھ، سوۋېت ۋەتەنپەرۋەرلىكى روھى بىلەن تەربىيىلەپ، پۈتكۈل ئىدېيىۋى سەپنى مۇستەھكەملەپ، كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىكى كاپىتالىزم قالدۇقلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىش — مانا بۇلار غەلىبە بىلەن ئىلگىرىلەشنىڭ مۇھىم شەرتى.

ماركسىزم، لېنىنىزىمنىڭ جەمئىيەتنىڭ بازىسى ۋە ئۈستقۇرۇلمىسى توغرىسىدىكى تەلىماتى كاپىتالىزم تۈزۈمىنى يوقىتىش ۋە كوممۇنىزىمنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىكى ئۈنۈملۈك

قىبلىنامە. ماركسىزم-لېنىنىزم بىزگە مۇنداق دەپ تەلىم بېرىدۇ: بۇرژۇئا دۆلىتى، بۇرژۇئا قانۇنى كاپىتالىستىك ئىقتىسادى بازىسى يەنى كىشىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان ۋە ئېزىدىغان ئىگىلىك تۈزۈمىنى ساقلاپ قېلىشقا پائال ياردەمدە بولغان ئىكەن. ئۇ ھالدا، بۇرژۇئازىيە ھاكىمىيىتىنى يوقاتماي تۇرۇپ، كاپىتالىزم تۈزۈمىنى يوقاتقىلى، ئىشچىلار سىنىپى ۋە پۈتۈن ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىجتىمائى ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىزم قۇرغىلىمۇ بولمايدۇ. بۇرژۇئا دىكتاتۇرىسىنى يوقىتىپ، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى تىكلەيدىغان سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ئارقىلىقلا، كاپىتالىزمدىن سوتسىيالىزمغا ئۆتۈشنى كاپالەتلەندۈرگىلى، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنى قۇرۇش ۋە ئاندىن كېيىن كوممۇنىزم جەمئىيىتىنى قۇرۇش ئۈچۈن شەرت-شارائىت ھازىرلىغىلى بولىدۇ. بۇ—ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ بازىس ۋە ئۈستقۇرۇلما توغرىسىدىكى قائىدىسىدىن چىقىرىلغان يەكۈن.

**باكۇنىن، مىخائىل ئالېكساندروۋىچ** 巴枯宁，米哈伊尔·亚历山大罗维奇 Бакунин, Михаил Александрович (1814—1876) ھوكۇمەتسىزلىكنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى. ماركسىزم ۋە ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى. ئۇ ياشلىق دەۋرىدە سىياسىي بىلەن كارى يوق ئىدىيالىست ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ كۆزقارىشى ئۇششاق بۇرژۇئا رادىكالىزمغا مايىللىشىشقا باشلىدى. باكۇنىن 1840-يىلى چەتئەلگە چىقتى. ئۇنىڭ ھوكۇمەتسىزلىك نۇقتىئەزىرى 60-يىللاردا پەتى ئۇ سىبىرىيىدىن قېچىپ، ئىككىنچى نۆۋەت چەتئەلدە مۇھاجىر بولۇپ تۇرغان چاغدا شەكىللەنگەن. باكۇنىن بىرىنچى ئىنتېرناتسىونالنىڭ ئەزاسى ئىدى، ئۇ بۇزغۇنچىلىق ھەركەتلىرى سەۋەبىدىن( ئۇ ھوكۇمەتسىزلىك مەيدانىدا تۇرۇپ، ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ نەزەرىيىسى ۋە تاكتىكىسى بولغان ماركسىزمغا

جاھىللىق بىلەن قارشى تۇرغان) . 1872 ـ يىلى بىرىنچى ئىنتېرناتسىو-
نالدىن قوغلاپ چىقىرىلغان. باكۇنىننىڭ شۇ مەزگىلدىكى پەلسەپە
نۇقتىنەزىرى ۋە ئىجتىمائىيەت نۇقتىنەزىرى تەبىئەت قارىشى
جەھەتتىكى ماتېرىيالىزم بىلەن جەمىيەت قارىشى جەھەتتىكى ئىدىيا-
لىزم ۋە مېتافىزىكىنىڭ ئارىلاشمىسى بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ھۆكۈمەت-
سىزلىك تەلىماتىنىڭ ئاساسى ئىدى. باكۇنىننىڭ ھۆكۈمەتسىزلىك
نەزەرىيىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ماركس بىلەن ئېنگېلس كۆرسەتكەن-
دەك، ئۇچىغا چىققان كىشىتۈزۈمچىلىكتىن ئىبارەت. باكۇنىن
كەلگۈسى جەمىيەتنى تەسۋىرلىگەندە، كوممۇنىزم جەمىيىتىنىڭ
ئالاھىدىلىكى كوللىكتىپ مۈلۈكچىلىك ئىدىيىسىنى پرۇدونىنىڭ
شەخسنىڭ مۇتلەق ئەركىنلىكىدىن ئىبارەت ھۆكۈمەتسىزلىك ئىدىيىسى
بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، شەخسلەرنىڭ مۇتلەق ئەركىنلىكىنى پۈتكۈل
ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ئالىي مەقسىدى دەپ جاكالايدۇ.
باكۇنىن، گويا ۋارىسلىق ھوقۇقىنىڭ بىكار قىلىنىشى ئىجتىمائىي ئۆز-
گىرىشنىڭ چىقىش نۇقتىسى بولۇشقا تېگىشلىكتەك، **سېن-سىمون***
دىن ۋارىسلىق ھوقۇقىنى بىكار قىلىش ئىدىيىسىنى ئوغرىلىۋالدى.
باكۇنىن بۇنداق قالايمىقان ئىدىيىگە يەنە سىنىپلارنىڭ سىياسىي،
ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي جەھەتتىكى باراۋەرلىكى توغرىسىدىكى
ئىدىيىنى قوشتى. ماركس بۇنداق بۇرژۇئا سەپسەتىسىنى قاتتىق
تەنقىت قىلىپ، "سىنىپىي باراۋەرلىك" دېگىنى "ئەمگەك بىلەن
كاپىتالنى كېلىشتۈرۈش" ئىدىيىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، دەپ
كۆرسەتتى. باكۇنىن پرۇدوندىن ئاساسلىقى دۆلەت بىلەن سىياسىي
كۈرەشنى ئىنكار قىلىدىغان ھۆكۈمەتسىزلىك نۇقتىنەزىرىنى كۆچۈرۈ-
ۋالغان. ئېنگېلس مۇنداق دەپ يازىدۇ: "باكۇنىننىڭ ئۆزىگە خاس
بىر خىل نەزەرىيىسى بار، ئۇ بولسىمۇ پرۇدونىزم بىلەن كوممۇنى-
زمنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ئىبارەت، بۇنىڭدىكى ئەڭ ئاساسىي نەرسە

شۇكى، ئۇ يوقىتىشقا تېگىشلىك ئاساسىي بالايى-ئاپەت كاپىتال ئەمەس، يەنى جەمئىيەت تەرەققىياتى نەتىجىسىدە كاپىتالىستلار بىلەن ياللانما ئىشچىلار ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىق ئەمەس، بەلكى دۆلەت دەپ ھېساپلايدۇ." («ماركس-ئېنگېلس خەت-چەكلىرى»، 1978-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 61-بەت)

باكۇنىن ماركسنىڭ سىنىپىي كۈرەش ۋە پۇرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى توغرىسىدىكى تەلىماتىغا قالجىرلىق بىلەن قارشى تۇرىدۇ. ئۇ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۆز دىكتاتۇرىسى (كوممۇنىزىم جەمئىيىتىنى قۇرۇش قورالى)نى ئورنىتىش يولىدا ئېلىپ بارغان سىياسىي كۈرەشكە قارشى تۇرۇپ، "ئىجتىمائىي كۈرەش"، "ئىجتىمائىي ئىنقىلاب"نى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئۇ "ئىجتىمائىي كۈرەش"، "ئىجتىمائىي ئىنقىلاب"نى تېزلىكتە "دۆلەتنى ۋەيران قىلىش"، كوچىلەر بىلەن دېھقانلار ئېلىپ بارىدىغان ئىستىخىيىلىك "قوزغىلاڭ" دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ماركس: بۇنداق "قوزغىلاڭ" دەرھال "ھوكۈمەتسىزلىك، كوممۇنىزىملىق، خۇداسىزلىق جەننىتى"گە بارىدىغان يولنى ئېچىپ بېرىدۇ، دەپ مەسخىرە قىلىدۇ. باكۇنىن روسىيە كاپىتالىزىمدىن خالىي بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. باكۇنىزىم — نارودنىكلىقنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەلىرىدىن بىرى. ماركس بىلەن ئېنگېلس باكۇنىننىڭ نەزەرىيىسىنى ۋە ئۇنىڭ ياۋروپا ئىشچىلار ھەركىتىدىكى بۇزغۇنچىلىقلىرىنى ئەجەللىك تۈردە تەنقىت قىلدى ھەم باكۇنىزىمنىڭ پۇرولېتارىيات سوتسىيالىزىمغا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان ئۇششاق بۇرژۇئاچە ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بەردى. لېنىن ۋە ستالىن ھوكۈمەتسىزلىك نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنى ئەبجەق چىققۇدەك تەنقىت قىلدى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە سوتسىيالىزىم بايرىقى ئاستىغا يوشۇرۇنۇۋالغان ھوكۈمەتسىزلەردىن ئىبارەت ماركسىزىم دۈشمەنلىرى پاش قىلىندى.

**Бруно, Джордано 布鲁诺，乔尔丹诺 برۇنو، گىوردانو** (1548—1600) ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدىكى ئىتالىيە پەيلاسوپى، ئىلغار يېڭى دۇنياقاراشنىڭ بېشارەتچىسى، دىنىي جەمىيەتكە، مەدرىس پەلسەپىسىگە ۋە دىنىي ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە قارشى تۇرۇشتىكى تىز پۈكمەس جەڭچى. مەھكىمە شەرئىي ئۇنى رىمدا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

برۇنونىڭ پەلسەپىسى **كوپېرنىك***نىڭ تەلىماتىنى ئاساس قىلدى، ھەمدە ئۇنى، سان-ساناقسىز دۇنيا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، قۇياش ھەركەتلەنمەيدىغان نەرسە ئەمەس، ئۇنىڭ بىلەن باشقا تۇرغۇن يۇلتۇزلار ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇن ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتىدۇ؛ يەر شارىنىڭ ئۈستىدىكى ئاتموسفېرا قاتلىمى يەرشارى بىلەن بىللە ئايلىنىپ تۇرىدۇ، دېگەنگە ئوخشاش ئۇرغۇن يېڭى قائىدىلەر ئارقىلىق تولۇقلىدى. برۇنونىڭ يۈرەكلىك بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان تەلىماتى **دىن***غا بېرىلگەن تازا كۈچلۈك زەربە بولدى. برۇنونىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى ئالەمدىكى ماددىلارنىڭ بىردەك بولىدىغانلىقى، ئالەمنىڭ بىزنىڭ پىلانىتلار سىستېمىمىزغا ئوخشاش سانسىزلىغان يۇلتۇزلار سىستېمىسىنىڭ يىغىندىسى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئىدىيىدىن ئىبارەت. بۇنداق ئىدىيە گەرچە يەنە يان ئىلاھچىلىق تاشقى پوستىغا ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئىلمىي دۇنياقاراشنىڭ تەرەققىياتىدا غايەت زور رول ئوينىدى. دۇنيانىڭ تارىخىي تەرەققىياتى توغرىسىدىكى ئىدىيىنى برۇنو ئوتتۇرىغا قويدى؛ ئۇ يەنە يەرشارىدا دائىم گېئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ تۇرىدۇ دېگەن قائىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇنىڭ بىلەن تەرەققىيات چۈشەنچىسىنى گېئولوگىيە ساھەسىگە ئېلىپ كىردى. برۇنونىڭ ھەركەتكە بولغان چۈشەنچىسى مېتافىزىكىلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، ماددا بىلەن ھەركەت ئاجرالماستۇر، دەپ قارىدى. برۇنو تەبىئەت دۇنياسىنى تەجرىبە ئارقىلىق ئىلمىي

يوسۇندا بىلىشنى تەلەپ قىلدى، ئۇ ئۆلۈك مەدرىس پەلسەپىسىنى ۋە ئۇنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىن ئايرىلغان تەبىر ۋە قۇرۇق كوپتۇرمە سوزلىرىنى قەتئىي ئىرغىتىپ تاش-لىدى. تەبىئەت دۇنياسىنى بىلىش جەھەتتە، تەجرىبىدىن باشقا ئىنسانلارنىڭ ئەقلىمۇ زور رول ئوينىشى لازىم. مۇشۇن-داق بولۇپلا قالماستىن، ئىنسانلار ئەقلىنىڭ



ئەڭ زور ۋەزىپىسى تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلىش. دەۋرنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، برۇنونىڭ تەلىماتى ھەر خىل ئىلاھىيەت تۈسىنى ئالماي قالمىدى، مەسىلەن، ئۇ تەبىئەت دۇنياسى بىلەن خۇدانى ئارىلاشتۇ-رۇۋەتتى. لېكىن برۇنونىڭ پان ئىلاھچىلىقى شۇ چاغدا ماتېرىيا-لىستىك دۇنياقاراشنى تەشۋىق قىلىشتىكى ئەڭ قۇلايلىق شەكىل بولغان ئىدى. بۇرژۇئا پەلسەپىسى تاكى ھازىرغىچە يەنىلا جىنىنىڭ بىرىچە برۇنونى ئىدىيالىست دەپ تورۇۋېلىۋاتىدۇ. بۇرژۇئا پەيلاسوپلىرى سىلاۋيانلار ئىدىيىسىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىنى ۋە ئۇنىڭ غەربىي ياۋروپانىڭ ئىدىيىسىگە بولغان تەسىرىنى يوققا چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلۇغ پولشا ئالىمى كوپېرنىكنىڭ ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئالغا راۋاجلاندۇرغان گىوردانو برۇنونىڭ رولىنى توۋەنلەتتى. برۇنونىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى مۇنۇلار: «سەۋەب، مەنبە ۋە بىرلىك توغرىسىدا»، «چەكسىزلىك، ئالەم ۋە كوپ دۇنيا توغرىسىدا» («گىوردانو برۇنونىڭ دىئالوگلىرى»، 1949-يىل نەشرىگە قاراڭ)، «كورەڭلەپ كەتكەن بىرتقۇچلارنى قوغلاپ چىقىرىش».

**بىركلى،** جورج **贝克莱,** 乔治 Беркли. Джордж (1684—1753) ئەكسىيەتچى ئىنگلىز پەيلاسوپى، ئېپىسكوپ، سۇبيېكتىپ ئىدىيالىست، ماتېرىيالىزمنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى. بىركلىنىڭ

يىغىنچە: شەيئىلەرنىڭ بارلىق سۈپىتى ۋە شەيئىنىڭ ئۆزى ئىنسانلارنىڭ سەزگۈسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس؛ ئەتراپىمىزدىكى شەيئىلەر كىشىلەرگە باغلىق بولمىغان ۋە ئوبيېكتىپ ھالدا مەۋجۇت بولمايدۇ؛ پەقەت سەزگۈلا رېيال بولىدۇ. شۇڭا بېركلى، شەيئىلەر كىشىلەرنىڭ ئىدراك قىلىش دائىرىسىدىلا مەۋجۇت؛ مەۋجۇدىيەت ئىدراك قىلىنىش دېمەكتۇر، دەپ دەۋا قىلىدۇ. ئەمما بۇنداق قاراش بېركلىنى مەنچىلىككە پاتۇرۇپ، ئۇنى ئىدراك قىلغۇچى سۇبيېكتتىن، يەنى ئۆزىدىكى "مەن"دىن باشقا بارلىق ھەقىقىي مەۋجۇت نەرسىلەر (ئادەممۇ بۇنىڭ ئىچىدە)نىڭ ھەممىسى ئوبيېكتىپ مەۋجۇت ئەمەس، دېگەن نۇقتىغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. بېركلى بۇنداق مەنچىلىك خاتالىقىدىن قۇتۇلالمىغۇچى بولغاندا، ئۇ پەلسەپەسىدىكى تۈپ قائىدىلەر (شەيئىلەر سەزگۈلەرنىڭ بىرىكمىسى) بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدۇ؛ ئۇ، سەزگۈگە بېقىنمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئىلاھ سەزگۈنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى سەۋەپ دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بېركلى ئوبيېكتىپ ئىدېئالىزمغا يېقىنلىشىپ قالىدۇ ۋە دۇنيا "مەن"نىڭ چۈشەنچىسى ئەمەس، بەلكى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان روھىي سەۋەپنىڭ نەتىجىسى، دەپ تونۇيدۇ. بېركلىنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى پەنگە ئىنتايىن ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدۇ، ئۇنىڭ مەقسىدى خۇداسىزلىقنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسى بولغان ماتېرىيالىزمغا قارشى تۇرۇش. بېركلى مۇنداق دەپ يازىدۇ: "خۇداسىزلىق ۋە دىنگە قارشى بولغان بارلىق دەھرىيلىك سىستېمىلىرى ماددىي ياكى جىسمانىي ئەسلى زات توغرىسىدىكى تەلىمات ئاساسىغا قۇرۇلغان... ماددىي ئەسلى زات ھەممە دەۋرلەردە خۇداسىزلارنىڭ نەقەدەر بۇيۈك دوستى بولۇپ كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. ئۇلارنىڭ بارلىق غەلىتە سىستېمىلىرى بۇ ماددىي ئەسلى زاتقا شۇنچىلىك روشەن، شۇنچىلىك شەرتلىك يوسۇندا

باغلانغانكى، ئەگەر بۇ ئۇل تاش ئېلىپ تاشلانسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پۈتۈن بىنامۇ ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ." بېركلىنىڭ پەلسەپىسى 18-ئەسىردىكى ئەنگلىيە چوڭ بۇرژۇئازىيىسىنىڭ 17-ئەسىردىكى ئەنگلىيە ماتېرىيالىزمىغا نىسبەتەن ئەكسىيەتچىل بولۇپ، ئۇ ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ ھەم بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىنقىلاپتىن قورقىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەكسىيەتچىلىكتە ئۇچىغا چىققان بېركلىنىڭ دىننى نومۇسسىزلىق بىلەن قوغدىغانلىقى ئەينى ۋاقىتتا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنىڭ ھاكىمىيىتىنىمۇ قوغدىغانلىقىدۇر؛ بېركلى دىننىڭ ۋەزىپىسى خەلقنى ئىتائەت قىلدۇرۇشتا دەپ قارايدۇ. بېركلىنىڭ نۇقتىنەزەرى **ماخىزىم***دا تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇلدى.

لېنىن «ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىتچىلىكى» دېگەن كىتاۋىدا، بېركلى ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ نۇقتىنەزەرلىرىنى قاتتىق تەنقىت قىلىدۇ. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ھازىرقى زامان بۇرژۇئا پەيلاسوپلىرى بېركلىنىڭ سۇبيېكتىپ ئىدېيالىزمىغا ئاساسلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ پەلسەپە نەزەرىيىلىرىنى ياراتتى. (**پىراگماتىزم***؛ **يېڭى چىنلىق نەزەرىيىسى***؛ **لوگىكىلىق دەلىلچىلىك***كە قاراڭ) بېركلىنىڭ ئاساسىي ئەسەرلىرى مۇنۇلار: «ئىنسانلارنىڭ بىلىش پرىنسىپلىرى» (1710)، «گىلاس بىلەن فىلونوئۇس ئوتتۇرىسىدىكى ئۈچ سوھبەت» (1713).

**بېرگسون،** ئانرى Бергсон, Анри 柏格森,昂利 (1859—1941) فرانسۇز ئىدېيالىستىك پەيلاسوپى، سىرلىقلاشتۇرمىچى، سوتسىيالىزم، دېموكراتىيە ۋە ئىلمىي ماتېرىيالىستىك دۇنياقاراشنىڭ دۈشمىنى، جاھانگىر بۇرژۇئازىيىنىڭ تەسىرى ئەڭ زور پەيلاسوپلىرىدىن بىرى. بېرگسوننىڭ ئىدېيالىزمى جاھانگىرلىك دەۋرىدىكى بۇرژۇئا پەلسەپىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئېنىق ئىپادىلەيدۇ. ئۇ

بولسىمۇ غەيرى ئەقلىيلىككە يۈزلىنىش، يەنى مەنتىقىي، ئەقلىي بىلىشنى بىۋاسىتە ئىنكار قىلىشقا يۈزلىنىش ھەممىدە يەن بىلەن ئاشكارا ھالدا ئادا-جۇدا بولۇشتىن ئىبارەت. بېرگسون پەلسەپىسىنىڭ مەركىزىي مەزمۇنى ئىلمىي بىلىشكە، ئىلمىي قانۇنىيەتكە ۋە ئەقلىي، لوگىكىلىق تەپەككۇرغا تۆھمەت قىلىشقا ۋە ھاقارەت قىلىشقا كۈچەپ ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت. ئۇ پەن ھەقىقەتنى بىلىپ يېتەلمەيدۇ، لوگىكىلىق تەپەككۇر رىياللىقنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرەلمەيدۇ؛ پەن ئەمەلىيەت داۋامىدىلا ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ، لېكىن ھەقىقەتنى بىلىپ يېتەلمەيدۇ، دېگەن نەرسىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇپ يوللار بىلەن ئۇرۇنىدۇ. بېرگسون سىرلىق بىۋاسىتە سېزىم ئىقتىدارى يەنى بىۋاسىتە ۋە بىۋاسىتە سېزىم ياردىمى بىلەن "چۈشىنىش" قابىلىيىتىنى ئەقلىي، لوگىكىلىق بىلىشكە قارشى قويىدۇ. بېرگسوننىڭ بىۋاسىتە سېزىم دېگىنى راھىبلىقتا ۋە ئەكسىيەتچىل ئۆقتىنەزەرلەرگە تازا قولايلىق تۇغدۇرۇپ بەردى. بېرگسون ئىلمىي ماتېرىيالىزمنىڭ تەبىەت قارىشىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ روھ ئەلاچىلىقى ئاساسىدىكى مىستىفىزىكىسىنى ۋە بۇ خىل مىستىفىزىكىلىق "سوزۇلۇشچانلىق" ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بېرگسون: غەيرى ماددى "ساپ سوزۇلۇشچانلىق" كائىناتنىڭ نېگىزى، دەيدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ماددا، زامان، ھەرىكەت "سوزۇلۇشچانلىق"نىڭ ئۇرلۇكچە ئىپادىلىنىش شەكىللىرىدىنلا ئىبارەت. ئەمەلىيەتتە، بېرگسوننىڭ "سوزۇلۇشچانلىق" ئۇقۇمى پەقەت "روھ" دېگەن كونا ئۇقۇم — بارلىق ئىدىيالىزم ۋە سىرلىققا ئىشىنىشچىلىقنىڭ ئاساسى — نى ئىپادىلەيدىغان يېڭى سۆز، خالاس. ھاياتقا بولغان قاراش جەھەتتە، بېرگسون بىئولوگىيە ئىلمى بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان **جانلىق كۈچ تەۋرىنىشى**"دە چىڭ تۇردى. ئۇ "ھاياتنىڭ ھاياجانلىنىشى"نى ئاساس قىلىدىغان "ئىجادىي تەدرىجى تەرەققىيات" تونۇرىسىدىكى

سىرلىق ئىدىيىسى ئورگانىك دۇنيا تەرەققىياتى توغرىسىدىكى تەبىئەت ئىلمى قارىشىنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. بۇنداق پەنگە قارشى ئىدىيە بېرگسوننى دۇنيانى يارىتقۇچى ئالەمنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى دېگەن دىنىي يەكۈننى بىۋاسىتە چىقىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇلۇغ رۇس ئالىمى تىمىريازېۋ بېرگسوننى "تەجرىبىدىن بىۋاسىتە سېزىمگە، فىزىئولوگىيىدىن جانلىق كۈچ نەزەرىيىسىگە ئۆتۈش"نى خىيال قىلىپ، "300 يىل" ئارقىغا چېكىنگەن "تازا سېپى ئۆزىدىن بولغان مېتافىزىك" دەپ ئاتىدى.

بېرگسوننىڭ ئەكسىيەتچىل ئىجتىمائىيىتى ئېكسپلاتاتسىيىنى ۋە ھەربىي ئاجاۋۇزچىلىقنى ئاقلايدۇ. ئۇ سىنىپنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئىدارە قىلىشى بىر خىل "تەبىئىي" ئىجتىمائىي ھالەت، ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك پرىنسىپىنى ئاساس قىلغان دېموكراتىيە بولسا "تەبىئەتكە خىلاپ" دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ ئۇرۇشنى ساقلانغىلى بولمايدىغان "تەبىئىي قانۇنىيەت" دەپ ئاتايدۇ. ھازىرقى زاماندىكى جاھانگىرلىكنىڭ ئەكسىيەتچىل مۇتەپەككۇرلىرى ۋە دىنىي جەمئىيەتتىكى ئەكسىيەتچىلەر بېرگسوننىڭ پەلسەپىسىدىن كەڭ تۈردە پايدىلانماقتا. كاتولىك دىنىنىڭ "ھازىرقى زامانچىلىق" پەلسەپىسى (لېروۋئا قاتارلىق كىشىلەر) بېرگسوننىڭ پەلسەپىسىنى ئاساس قىلغان. ئىتالىيە فاشىزمىنىڭ كاتتىۋاشلىرىمۇ مۇشۇ پەلسەپىگە تايانغان ئىدى.

**بېرنشتېين، ئېدۋارد** Бернштейн, Эдуард 伯恩施坦，爱德华 (1850—1932) شىيۇجېڭجۇيىسى ۋە ئاغمىچىلىقنىڭ ۋەكىلى، گېرمانىيە ئىسلاھاتچى سوتسىيال-دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن بىرى. بېرنشتېين "تۈزىتىش كىرگۈزۈش" نامى بىلەن ماركسىزمنىڭ تۈپ قائىدىلىرىنى ئىنكار قىلدى ۋە ھە دەپ بۇرمىلىدى. ئۇ ماركسنىڭ سىنىپىي كۈرەش نەزەرىيىسىگە قارشى تۇردى؛ ماركسنىڭ كاپىتالىزمنىڭ مۇقەررەر ھالدا يىمىرىلىدىغانلىقى توغرى-

سىدىكى ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ھەم پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى توغرىسىدىكى تەلىماتىغا قارشى تۇردى. بېرنشتېين پرولېتارىياتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى، گويا «بەلگىلەنمىگەن» مەقسىتىدىن — سوتسىيالىزمدىن يۈز ئۆرۈدى. ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ بىردىن-بىر ۋەزىپىسى كاپىتالىزم تۈزۈمى شارائىتىدىكى ئىشچىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى «ياخشىلاش» ئۈچۈن بەزى ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىشنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت، دەپ قارىدى. شۇنداقلا «ئاخىرقى مەقسەت ھېچنېمە، ھەرىكەت ھەممە» دېگەن بىر ئاقمىچىلىق فورمۇلىنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېنىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: بېرنشتېيننىڭ بۇ «بىر مەھەل دەۋر سۈرگەن سۆزى» شىۋجېڭجۇيىنىڭ ماھىيىتىنى — «ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېتىش، كۆز ئالدىدىكى ۋەقەگە مادارا قىلىش»، پرولېتارىياتنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى ئۇنتۇش، بىردەملىك ئەملىي مەنپەئەت ياكى خىيالىي مەنپەئەتنى دەپ پرولېتارىياتنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىشنى ئىنتايىن ئېنىق كۆرسەتتى. «ئىشچى ئاقسۆڭەكلەر» بېرنشتېينچىلىقنىڭ تۈۋرۈكى، بۇرژۇئازىيىنىڭ تەسىرىنى ئىشچىلار سېپى ئارىسىدا تارقاتقۇچىلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

پەلسەپە جەھەتتە، بېرنشتېين ماركسىزمنىڭ ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكىسىغا قارشى تۇردى، شۇنداقلا ئۇنى **گېگېل***نىڭ ئىدىيالىستىك دىيالېكتىكىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. بېرنشتېيننىڭ پەلسەپىۋى نۇقتىنەزىرى ماركسىزمنىڭ ئىدىيالىزم ۋە كانتىزم (**كانت***قا قاراڭ) بىلەن كېلىشتۈرمىچىلىك، پىرىنسىپسىزلىق ئاساسىدا بىرلەشتۈرۈلۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېنىن ئۆزىنىڭ بىرقانچە ئەسىرى («ماركسىزم ۋە شىۋجېڭجۇيى»، «نېمە قىلىش كېرەك؟»، «دۆلەت ۋە ئىنقىلاپ») دە بېرنشتېيننىڭ شىۋجېڭجۇيىلىق نۇقتىنەزىرىنى پۈتۈنلەي ئېچىپ تاشلىدى.

**بىقىندا سەزگۈ** (لاتىنچىسى: ad — بىقىن-) Апперцепция **统觉**

ماق، perceptio — سەزگۈ دېگەن سۆزلەردىن كەلگەن) ھەر بىر يېڭى سەزگۈنىڭ سەزگۈ ئۈستىدىكى كىشىنىڭ بۇرۇنقى تۇرمۇش تەجرىبىلىرىگە ۋە ئادەمنىڭ بىر-بىر تەرىپىنى سەزگەن چاغدىكى روھىي ھالىتىگە بولغان بېقىندىلىقى. **لېيبنىز***نىڭ ئىدىيالىستىك پەلسەپىسىدە بېقىندا سەزگۈ مەندىكى ئاڭ دېگەنلىك بولىدۇ (**ھىس قىلماق***قا ئوخشايدۇ). ئەزەلىي بېقىندا سەزگۈ **كانت*** پەلسەپە-سىدىكى ئىدىيالىستىك ۋە مېتافىزىكىلىق خاتا ئۇقۇم، كانتنىڭ قارىشىچە، تەجرىبىنىڭ ئومۇمىي بىرلىكىنىڭ ئاساسى ئاڭدا ئەكس ئەتكەن دۇنيانىڭ ئوبيېكتىپ ماددىي بىرلىكى ئەمەس، بەلكى "ساپ ئاڭ"نىڭ ئۆزىدە بولغان سۇبيېكتىپ بىرلىكتىن ئىبارەت.

**بېكون**، روجېر Бэкон, Роджер 培根，罗吉尔 (تەخمىنەن 1214—1294) ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەنگلىيە مۇتەپەككۇرى— يېڭىلىق تەرەپدارى، يېڭى دەۋر تەجرىبە پېنىنىڭ ھوكۈماسى، شەھەر قول ساناتچىلەر قاتلىمىنىڭ ئىلغار مۇتەپەككۇرى. ئۇ ھۆكۈمران ئورۇندىكى فېئوداللىق ئادەت، ئىدىيە ۋە سىياسىلارنى پاش قىلدى. گەرچە بېكوننىڭ دۇنياقارىشى ئۆزۈل-كېسىل بولمى-سىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا ئېنىق ماتېرىيالىستىك خاھىش بار ئىدى. ئۇ قىرائەتخانىلارچە كىتابپازلىق ئادىتىنى ئەيىبلەپ، كۆپچىلىكنى تەجرىبە ئارقىلىق تەبىئەتنى تەتقىق قىلىشقا چاقىرىدۇ. بېكون پەننى مۇستەقىل تەتقىق قىلىشنى ۋە پەننى يېڭىلاشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۆلۈك دوگمىغا قارشى تۇرىدۇ. ئۇ، بارلىق پەننىڭ مەقسىدى ئادەمنىڭ تەبىئەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنى كېڭەيتىپ، ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىشتىن ئىبارەت، دەپ قارايدۇ. بېكون قەدىمقى يۇنان، رىم ۋە ئەرەب پەنلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىدۇ. گەرچە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە كىمياگەرلىك ۋە مۇنەججىملىك خۇراپاتلىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پەن ۋە تېخنىكىدا

ئۇرغۇن يۈرەكلىك پەرەزلەرنى قىلىدۇ. بېكون ئۇلار ئۇقتىسنەزەردە بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئىبادەتخانا تۈرمىسىگە قامىلىدۇ.

Бэкон, Френсис 培根, 弗兰西斯 **بېكون، فرىنسىس** (1561—1626) مەشھۇر ئىنگلىز پەيلاسوپى، "**ئىنگلىز ماتېرىيالىزمى** ۋە پۈتكۈل **ھازىرقى زامان تەجرىبە** پېنى"نىڭ بوۋىسى («ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 1957-يىل خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 2-توم، 163-بەت). بېكون ئوتتۇرا ئەسىر پەلسەپىسىنى ئۆتكۈر تەنقىت قىلىدۇ. ئۇ، مەدرىس پەلسەپىسى ۋە ئىلاھىيەت پەننىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدى، دەپ ھېسابلايدۇ. بېكون ئىلمىي بىلىش يولىدا كۈرەش قىلىدۇ. ئۇ، "ھەقىقىي پەلسەپە" "ئەمەلىيەت" خاراكتېرىغا ئىگە بولۇشى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، تەبىئەت ھادىسىلىرىنى تەھلىل قىلىش ئاساسىغا قۇرۇلۇشى، ئۆزىنىڭ خۇلاسىسىدە تەجرىبە ماتېرىيالىنى ئاساس قىلىشى لازىم، دەيدۇ.

بېكون تۇيغۇ بارلىق بىلىمنىڭ مەنبەسى، تەبىئەت دۇنياسى ۋە ماددا بولسا تەتقىقاتنىڭ دۈيشاتى دەپ قارايدۇ. ماركس مۇنداق كۆرسىتىدۇ: بېكوننىڭ قارىشىچە، "**تۇيغۇ** تامامەن ئىشەنچلىك، بارلىق بىلىمنىڭ **مەنبەسى**. پەن **تەجرىبە پېنى** بولۇپ، ھېسسىي ماتېرىياللارنى **ئەقلىي ئۇسۇل** ئارقىلىق رەتلەش پەن بولىدۇ. يىغىنچاقلاش، تەھلىل قىلىش، سېلىشتۇرۇش، كۆزىتىش ۋە تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش—ئەقلىي ئۇسۇلنىڭ ئاساسىي شەرتلىرى" («ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 1957-يىل خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 2-توم، 163-بەت). "تەبىئەتكە بوي سۇنغان"دىلا، يەنى تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىگە ئەمەل قىلغاندىلا، كىشىلەر ئالدىن تەبىئەتنى بىلەلەيدۇ ۋە تەبىئەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلالايدۇ. تەبىئەت دۇنياسى ھەرىكەت ھالىتىدە تۇرىدۇ، لېكىن بېكوننىڭ قارىشىچە، ھەرىكەت



ماددىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى "تەبىئىي" خۇسۇسىيەت. بېكون ماددا ھەرىكىتىنىڭ سۈپەت جەھەتتىكى خىلمۇ-خىللىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ھەرىكەتنى جىسىمنىڭ ماكاندا مېخانىك يۆتكىلىشى دەپ ھېساپلىمايدۇ. بىراق شۇ چاغدىكى تارىخىي شارائىت ۋە ئىلمىي سەۋىيە تۈپەيلىدىن، بېكون ماددا ھەرىكىتىنىڭ شەكلى مەسىلىسىنى توغرا ھەل قىلالمايتتى. ئۇنىڭ پەلسەپىسى ئومۇمەن ئېيتقاندا، مېخانىكچىلىق خاراكتېرغا ئىگە. ئۇ ھەرىكەتنى 19 خىلغا بۆلىدۇ، بۇنداق بۆلۈش سۈنئىي بولۇپ، ئىلمىي ئەمەس ئىدى. بېكون بىلىشنىڭ يىغىنچاقلاش ئۇسۇلىنى تۇنجى قېتىم ئىلمىي جەھەتتىن ئەڭ مۇكەممەل تۈزۈپ چىقىدۇ. بېكون، بىلىش جەريانىدا سەۋەب-نەتىجە باغلىنىشىنى، ئايرىم شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى تەھلىل قىلىشنى چىقىش نۇقتىسى قىلىش زۆرۈر، ھەرقانداق ئىشەنچلىك ھەقىقەت كۆپلىگەن پاكىتنى ئاساس قىلىشى زۆرۈر؛ كىشىلەر كۆپلىگەن پاكىتنى سېلىشتۇرغاندا، يەككە، ئايرىم نەرسىلەر ھەققىدىكى بىلىشنى ئومۇمى نەرسە ھەققىدىكى بىلىشكە، خۇلاسىگە كۆتۈرۈش مۇمكىن، دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. بېكون ئابستراكت تەپەككۇرنىڭ بىلىش جەريانىدىكى زۆرۈرلۈكىنى ئىنكار قىلمايدۇ، لېكىن ئۇ بىلىش جەريانىنىڭ بۇ تەرىپىنىڭ ھەقىقى رولىنى چۈشەنمەيدۇ، شۇنداقلا بولەكلەشنىڭ رولىنى تۆۋەن مۆلچەرلەيدۇ. ئۇنىڭ بىلىش ئۇسۇلى مېتافىزىك ئۇسۇل.

بېكوننىڭ ئاساسىي ئەسىرى «يېڭى قورال» (1620) دىگەن ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭغا ئارىستوتېلنىڭ «قورال ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق نام بېرىلگەن. «يېڭى قورال»دا مەدرىس پەلسەپىسى نۇقتىنەزىرى تەپسىلى تەنقىتلەنگەن، ئىلىم-پەن

بىلىملىرىنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولغان خاتا ئۇقۇم ۋە ئىدىيەلەر تەھلىل قىلىنغان. بېكون بۇ خاتا، خىيالىي ئىدىيە ۋە خۇراپىي قاراشلارنى "ئىرقىي خىيال"، "ئۆڭكۈر خىيالى"، "بازار خىيالى" ۋە "تىياتىرخانا خىيالى"دىن ئىبارەت 4 خىل خىيال (بۇت)قا ئايرىيدۇ. "ئىرقىي خىيال"نىڭ مەنبەسى ئىنسان ئەقلىنىڭ تۈپ ماھىيىتى، چۈنكى "كىشىنىڭ ئەقلى تەكشى بولمىغان بۇدۇر-چوقۇر ئەينەككە ئوخشايدۇ. كىشىنىڭ ئەقلى ئۆزىنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى شەيئىلەرنىڭ تۈپ ماھىيىتىگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ، شۇڭا ئۇ ئەكس ئەتتۈرگەن شەيئى بۇرمىلانغان، غەيرى تەبىئىي بولىدۇ". "ئۆڭكۈر خىيالى" ھەر بىر كىشىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئالغان تەربىيىسى، قىزىقىشى، ئادىتى ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتىغا باغلىق بولىدۇ. "بازار خىيالى" تىل تەرىپىدىن بىرلەشتۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە بەلگىلەنگەن سۆزلەرنى ئىشلىتىشتىن بارلىققا كېلىدۇ. "تىياتىرخانا خىيالى"نىڭ مەنبەسى ھەر خىل خاتا پەلسەپە سىستېمىلىرى، ئالدى بىلەن ئىدىيالىستىك سىستېمىدىن ئىبارەت.

بېكون ئۈزۈل-كېسىل ماتېرىيالىست ئەمەس. ماركسنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ تەلىماتى تېخى "ئىلاھىيەت ئۈزۈل-كېسىلسىزلىكى" بىلەن تولغان. بېكون ماددىنىڭ مەڭگۈلۈكلۈكىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىر چاغدا، خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇقىنىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇ ھەقىقەتنىڭ ئىككى ياقلىمىلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى: بىشارەت ۋە ئېتىقات ساھەسى ئىلاھىيەتكە، سەۋەبىيەت ساھەسى پەنگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇڭا ئۇ، ئادەمدىمۇ ئىككى خىل روھ: زېھنىي، ئەقلىي روھ ۋە ھېسسىي، غەيرى ئەقلىي روھ بولىدۇ، ئالدىنقىسى خۇدا تەرىپىدىن يارىتىلغان، كېيىنكىسى بولسا ماددىي ۋە جىسمانىدۇر، دەپ ھېسابلايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ماتېرىيالىزمى ئىلاھىيەت ۋە دىن بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ؛ دەرۋەقە، ئىلاھىيەت

ۋە دىن ئۇنىڭ نۇقتىنەزىرىدە ئاساسلىق رول ئوينىمايدۇ. بېكوننىڭ پەننى تۈرگە ئايرىشى ئىدىيالىستىك بولۇپ، ئۇ بۇنداق تۈرگە ئايرىشنىڭ ئاساسى ھەر خىل "روھىي ئىقتىدارلار" (ئەستە تۇتۇش، تەسەۋۋۇر، ئىدراك)تىن ئىبارەت، دەپ ھېساپلايدۇ.

بېكوننىڭ جەمئىيەت توغرىسىدىكى قارىشى ئىدىيالىستىك مەيدانغا ئاساسلانغان. بېكوننىڭ ئىجتىمائىي-سىياسىي نۇقتىنەزەرلىرى ئەنگلىيە چوڭ بۇرژۇئازىيىسى ۋە بۇرژۇئازلاشقان ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بېكون ئۇلۇغ برىتانىيىنىڭ سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى ئاكتىپ ھىمايە قىلىدۇ، ئۇلۇغ برىتانىيىنىڭ دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە ھىندىستاننى بېسىۋېلىش غەرىزىنى قوللايدۇ. ئۇ پادىشالىق مۇتلەق ھاكىمىيەت تۈزۈمىنى ئەڭ ياخشى دۆلەت تۈزۈمى دەپ ھېساپلايدۇ، ئۇنىڭ قارىشىچە، خەلق ئالتۇنلاڭنىڭ مەنبەسى. بېكوننىڭ پەلسەپىسىدە نۇرغۇن زىددىيەتلەر ۋە ئۈزۈل-كېسىلسىزلىكلەر بولسىمۇ، ئۇ پەن بىلەن دىننى بىرلەشتۈرۈۋېتىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پەلسەپە نۇقتىنەزەرلىرى ماركسىزىمدىن بۇرۇنقى پەلسەپە تەرەققىياتىدا غايەت زور رول ئوينىغان ھەمدە كېيىنكى ماتېرىيالىست پەيلاسوپلارغا—**ھوببىس***، **لوك***لارغا ۋە 18-ئەسىردىكى فرانسىيە ماتېرىيالىستلىرىغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. بېكوننىڭ ئەڭ مۇھىم ئەسەرلىرى مۇنۇلار: «يېڭى قورال»، «پىرىنسىپ ۋە ئاساس توغرىسىدا».

**بېلىنسكىي**، ۋىسسارىيون گرىگورىيېۋىچ **别林斯基，维萨里昂·格里哥里也维奇**
**Белинский, Виссарион Григорьевич** (1811—1848) روسىيە ماتېرىيالىستىك پەلسەپىسىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى، ئۇلۇغ ئىنقىلابىي دېموكراتىزمچى، ئىنقىلابىي دېموكراتىك ئېستېتىكىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى، تالانتلىق ئەدەبىي تەنقىدچى. بېلىنسكىنىڭ ئىنقىلابىي دېموكراتىزىملىق، ماتېرىيالىستىك

دۇنياقارىشى دېھقانلارنىڭ پومېشچىكلار ۋە چارىزىمغا قارشى كۈنسايىن ئۇرلەۋاتقان كۈرىشىنىڭ تەسىرى ئاستىدا شەكىللەنگەن. 19-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرى ۋە 40-يىللىرىدا روسىيىدىكى بارلىق ئىدىيىۋى ۋە سىياسىي كۈرەش يانچىلىق تۈزۈم مەسىلىسىگە مەركەزلەشتى. بېلىنسكىي 30-يىللاردا مەرىپەتچى، يانچىلىق تۈزۈمنىڭ دۈشمىنى ئىدى، لېكىن ئۇ تېخى ئىنقىلاۋىي يەكۈن چىقارمىغان ئىدى. 40-يىللارنىڭ باشلىرىدا بېلىنسكىي ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزىملىق مەيدانىدا قەتئىي تۇردى ھەمدە يانچىلىق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇش ۋە ئېزىلگۈچى دېھقانلارنىڭ ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى ئىنقىلاۋىي كۈرەشكە ئىدىيە جەھەتتە رەھبەرلىك قىلدى. ئۇ "مەملىكىتىمىزنىڭ ئازاتلىق ھەركىتىدە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئورنىنى پۈتۈنلەي ئالغان پېقىر زىيالىيلىرى"نىڭ پېشىۋاسى («لېنىن ئەسەرلىرى»، رۇسچە 4-نەشرى، 20-توم، 223-بەت). بېلىنسكىي دېھقانلار ئىنقىلاۋى توغرىسىدىكى شوئارلارنى كېيىنكى چاغلاردىكى **چېرنىشېۋسكىي*** ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىدەك بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا قويمىغان بولسىمۇ، لېكىن ماھىيەتتە ئۇ: پەقەت خەلق ئىنقىلاۋىلا يانچىلىق تۈزۈمنى ئۈزۈل-كېسىل يوقىتالايدۇ، ئەمگەكچى خەلقنى ئازات قىلالايدۇ، دېگەن يەكۈننى چىقاردى. بېلىنسكىي پومېشچىكلار روسىيىسىنىڭ ئۈچ "قورغىنى" — يانچىلىق تۈزۈم، مۇستەبىتلىك تۈزۈم ۋە دىنىي جەمئىيەتنى رەھىمسىزلىك بىلەن تەنقىت قىلدى. 1847-يىل 7-ئاينىڭ 3-كۈنى گوگولغا يېزىلغان مەشھۇر خەت (بۇ خەتنىڭ ئېلان قىلىنىشى تا 1905-يىلغا قەدەر مەنئى قىلىنىپ كەلدى) بېلىنسكىينىڭ ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزمىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىسپاتى. بۇ ئىنقىلاۋىي "ۋەسىيەت" بېلىنسكىينىڭ ئەدەبىي پائالىيىتى ۋە ئىجتىمائىي سىياسىي پائالىيەتلىرىنى يەكۈنلىدى، ئۇ "دېموكراتىك ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ تەكشۈرۈشتىن ئۆتمىگەن ئىسىل ئەسىرى، تا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر

ئۇ يەنىلا غايەت زور، جانلىق ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ كەلمەكتە" (يۇقۇرقى كىتاب، 223 — 224 ـ بەتلەر). بۇ خەت، بېلىنس-كىنىڭ 40 ـ يىللاردا يازغان بارلىق ئەسەرلىرىگە ئوخشاش، ئىزىلگۈچى دېھقانلار ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى، ئۇلار-نىڭ روھىي كەيپىياتى ۋە ئارزۇسىنى چوڭقۇر ئىپادىلىدى.



بېلىنسكىنىڭ پەلسەپۋى ئۇقتىسنەزەرلىرىنىڭ تەرەققىيات جەريانى مۇرەككەپ بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ دۇنياقارىشى شەكىللەنگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە (بۇ مەزگىل تەخمىنەن 30 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا قەدەر داۋاملاشتى) گېگېل پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، پەلسەپۋى ئىدىيالىزىم مەيدانىدا تۇرغان ئىدى. لېكىن ئۇ ئىدىيا-لىزىمدىن ناھايىتى تېزلا قول ئۈزدى. بېلىنسكى ئەمگەكچى خەلقنى ئازات قىلىش يولىدا قىزغىنلىق بىلەن كۈرەش قىلغان بىر ئىنقى-لابچى، ئۇ ئىدىيىنى ئەمەلىيەتتىن، نەزەرىيىنى تۇرمۇشتىن ئايرىۋې-تىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىدىيالىستىك پەلسەپە بىلەن مۇرەس-سەلەشمىگەن ئىدى. 40 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا، روسىيە ۋە غەربىي ياۋروپالاردىكى ئەكسىيەتچىل ئىدىيىلەرگە قارشى كۈرەش جەريانىدا، بېلىنسكى ئىدىيالىزىمدىن ماتېرىيالىزمىغا بۇرالدى. ئۇ پەلسەپە جەھەتتە ئاڭلىق، قەتئىي ـ تەۋرەنمەس ماتېرىيالىست بولۇپ قالدى. ئۇ پەلسەپىنىڭ پىرىنسىپلىرىدا قىزغىنلىق بىلەن چىڭ تۇردى. ئۇ مۇنداق دەپ ھۆكۈم قىلدى: تاشقى دۇنيادىكى ماددىي مۇھىت كىشىلەرنىڭ ئېڭى، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى بەلگىلەيدۇ، "ئەڭ ئابستراكت ئەقلىي چۈشەنچە مەلۇم قابىلىيەت ۋە خاراكتېرغا ئىگە چوڭ مېڭە پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس". ئۇ

مەڭگۈ ئابستراكتلىق ئىچىدە ياشايدىغان، تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئادەم تېنىنى تەتقىق قىلىش ئۆزىنىڭ ئىززەت-ئىكرامىغا زىيان يەتكۈزىدۇ، دەپ ھېساپلايدىغان سىرلىقلاشتۇرۇشچىلار ۋە گېرمانىيىنىڭ ئىدىيالىستىك "مۇجمەل پەلسەپىسى"نىڭ قوللىغۇچىلىرىنى مەسخىرە قىلدى. بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى ۋە شۈبھىچىلىككە قارشى تۇرغان چاغدا، ئۇ كىشىلەرنىڭ دۇنياغا توغرا تونۇش ئىمكانىيىتى توغرىسىدىكى ئىشەنچىسىنى مۇستەھكەملەشكە كۈچەپ ھەرىكەت قىلدى. بېلىنسكى ماتېرىيالىزملىق مەيدانغا ئۆتكەنلىكتىن، ئۆزىنىڭ دۇنيا توغرىسىدىكى دىيالېكتىك نۇقتىنەزەرىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە تېخىمۇ چوڭقۇر دەلىللەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. بېلىنسكى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ: تەرەققىيات مەڭگۈ مەلۇم بىر نۇقتىدا توختاپ قالمايدۇ، دەيدۇ. ئۇ، ئىلگىرىلەۋاتقان، تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقۇرى دەرىجىگىچە بولىدىغان ھەركەت تەۋرەنمەس تۇرمۇش قانۇنىيىتى، دەپ قارايدۇ. بېلىنسكىنىڭ پىكرىگە ئاساسەن، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىدىكى ئىچكى زىددىيەتلەرنىڭ كۈرىشىنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرايدۇ، تەرەققىيات كونا شەيئىلەرنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە يېڭى شەيئىلەرنىڭ يارىتىلىشى ئارقىسىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

بېلىنسكىنىڭ ماتېرىيالىزمى **ئانتروپولوگىزم*** ئامىلىدىن خالى بولالمىدى؛ ئۇ **ئومۇمى** ئادەم، ئادەمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ھادىسىلىرىدىن ئادەمنىڭ روھى پائالىيىتى ۋە ئەخلاق-پەزىلەتلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش توغرىسىدا ھەمىشە توختىلىدۇ. ئۇ ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىنى جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئالغا ئىلگىرىلەش ھەركىتىنىڭ مەنبەسى شۇنداقلا ھەرقانداق توختاپ قېلىپ ئالغا باسماسلىقنىڭ مەنبەسى دەپ قارايدۇ، كونا بىلەن يېڭى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى بولسا ئەقىل بىلەن كونا قاراش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش دەپ

تەسۋىرلەيدۇ. لېكىن فېيېرباخ* (پېلىنسكى ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان)نىڭ ئەكسىچە، پېلىنسكى ئىنسانلار تۇرمۇشىنى تەرەققىيات ئىدىيىسى ۋە تارىخچىلىق پرىنسىپى بىلەن چۈشەندۈرۈشكە كۆچەپ تۇرۇۋندۇ. پېلىنسكىنىڭ قارىشىچە، ئادەملەرنىڭ ئېھتىياجى، ئادەملەرنىڭ ھەۋىسى ۋە ئادەملەرنىڭ ئۆزى جەمئىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. پېلىنسكى جەمئىيەتنىڭ سىنىپىيلىقىنى كوزدە تۇتۇپ، كونا-يېڭى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش زور ئەھمىيەتكە ئىگە، دەپ قارايدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: "بىز ھەر بىر تەبىقە ئۆزىمىزنىڭ ئالاھىدە تەرىپىمىزگە — كىيىم-كېچەك، تەققى-تۇرۇق، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئادەتلىرىمىزگە ئىگىمىز...... ئوخشاش بىر جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى...... ئارىلىق ناھايىتى چوڭ!"

پېلىنسكى ماركسنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. ئۇ «نېمىس-فرانسۇز يىللىق مەجمۇئەسى»نى ئوقۇغان، ئۇنىڭدا ماركسنىڭ «گېگېلنىڭ قانۇن پەلسەپىسىگە تەنقىتكە مۇقەددىمە»، «يەھۇدىيلار مەسىلىسى ھەققىدە» دېگەن ماقالىلىرى بېسىلغان ئىدى. ئۇ ماركسنىڭ بۇ ئەسەرلىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدىيەلەرنى يالغۇز ئۆزىدىكى روسىيىگە تارقىتىشقا ئاماللىسىزلىقتىن ئەپسۇسلانغان ئىدى. پېلىنسكىنىڭ رىياللىق ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزىرى قىلچىلىك بىۋاستە كۆزىتىش خاراكتېرىدا ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ دۇنياقارىشى جەڭگىۋارلىق، پائالىيەتچانلىق، ئىنقىلابىيلىق خاراكتېرغا ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ ئىدىيىسى ۋە قاراشلىرى بىرلا مەقسەت — دېموكراتىيە پرىنسىپىغا ئاساسەن جەمئىيەتكە ئىنقىلابىي ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشكە بويسۇنغان ئىدى.

پېلىنسكىنىڭ ئىجتىمائىيەت نۇقتىئىنەزىرىدە، تارىخىي قانۇنىيەت توغرىسىدىكى ئىدىيە ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. پېلىنسكىنىڭ

پىكىرىگە ئاساسەن، تارىخىي دەۋرلەرنىڭ ئالمىشىشى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر سىستېمىسىنىڭ يەڭگۈشلىنىشى ھەرگىز ئاسادىيى بولمايدۇ، ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر ۋە قانۇن چىقارغۇچىلارنىڭ رايى بويىچە ئەمەلگە ئاشۇرۇلمايدۇ؛ بۇنداق يەڭگۈشلىنىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى تارىخىي زورۇرىيەت ۋە قانۇنىيەت سەۋەبىدىن بولىدۇ. لېكىن، بېلىنسكى تارىخىي قانۇنىيەت توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى ئىلمىي ھالدا دەلىللەپ بېرەلمىدى، بۇ خىل ئىدىيە بىلەن تارىختىكى ئەمەلىي جەريانىنى پاپسالاشتۇرالمىدى، بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب، ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشىغا ئىدىيالىستىك جەمئىيەت تارىخقارىشى توسقۇن بولدى. ئۇ سىنىپىي كۈرەش، كونا بىلەن يېڭى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى ئۇيۇتىن بەلگىلەيدىغان سەۋەبىنىڭ ئالدى بىلەن ماددىي ئەشيالارنى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت بولىدىغانلىقىنى كۆرمىدى. ئۇ ئىشچىلار سىنىپىنى ئادەتتىكى ئېزىلگۈچى ئاممىدىن پەرقلەندۈرمىدى؛ ئۇنىڭ قارىشىچە، پرولېتارىيات پەقەت جەمئىيەتتىكى ئەڭ قاتتىق ئازاپ چەككەن تەركىپ. لېكىن، بېلىنسكى ئىجتىمائىيەتتە تۇرغۇن ماتېرىيالىستىك تەخمىنلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ تارىختا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. ئۇ ئىنقىلاۋىي ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ھاكىمىيەتنى بارلىق ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ قولىغا ئۆتكۈزۈش لازىم، دەپ قارىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: خەلق ئاممىسى نوۋەتتە تېخى جەمئىيەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىيەلمەيۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن جەمئىيەتنىڭ كەلگۈسىدىكى تەقدىرى ھامان ئاشۇلارغا باغلىق: "...... ئاما غەپلەتتە ياتقان چاغدا، سىلەر خالىغىنىڭلارنى قىلىڭلار! ھەممىنى ئۆزەڭلار بەلگىلەيدىڭلار"؛ لېكىن ئاما ئويغانغان چاغدا، دېھقانلار ئازاتلىقى مەسىلىسى "تەبىي ھالدا پاسسىپ ئۇسۇللار ئارقىلىق ھەل بولىدۇ، بۇ ئۇسۇل روسىيە ئاقسۆگەكلىرىنى قاتتىق بىئارام قىلىدۇ.

دېھقانلار ئىنتايىن فەزەپلەنمەكتە. ئۇلار چۈشەندىمۇ ئازاتلىقنى ئارزۇلايدۇ". بېلىنسكى روسىيىدە سانائەت، سودا ۋە تومۇريولىنى راۋاجلاندۇرۇشنى قىزغىن تەشەببۇس قىلدى. ئۇ كاپىتالىزمنىڭ فېئودال يانچىلىق تۈزۈمىدىن ئىلغار ئىكەنلىكىنى بايقىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە شۇنى چۈشىنەتتىكى، ھازىرقى بۇرژۇئازىيە "كۆرەش قىلىۋاتمايدۇ، بەلكى غەلىبىسىنى تەبرىكلەۋاتىدۇ": كاپىتالىزم پېقىر مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمايدۇ، ئۇنىڭ خەلق ئاممىسىغا ئەركىنلىك ۋە بەخت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. بېلىنسكىنىڭ قارىشىچە، باراۋەرلىككە پەقەت بۇرژۇئازىيە (ئۇنىڭ ئاتىشىچە، جەمئىيەت گەۋدىسىدىكى "سېلىس يارىسى")نىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىنلا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

بېلىنسكى خىيالىي سوتسىيالىزمچى ئىدى. ئۇ، سوتسىيالىزم ئىدىيىسى مەن ئۈچۈن ھەممە، دېگەن ئىدى. بېلىنسكى غەربىي ياۋروپا خىيالىي سوتسىيالىزمىنىڭ ئىل ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلدى، ئۇنىڭ ئىدىيىسى غەربىي ياۋروپا خىيالىي سوتسىيالىزمىغا قارىغاندا بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلىدى. ئۇنىڭ خىيالىي سوتسىيالىزمى ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزم بىلەن بىرىكىپ كەتكەن. بېلىنسكى جەمئىيەتتىكى قۇللۇق تۈزۈمنى تىنچ ئۇسۇل بىلەن ئەمەس، بەلكى زورلۇق كۈچ ئىشلىتىلىدىغان ئىنقىلاب ئۇسۇلى بىلەن يوقىتىشنى ئۈمىت قىلدى. بېلىنسكى روسىيە خەلقى ئارىسىدىكى ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر ئىدى. ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزم ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىنىڭ ئاساسى بولدى. بېلىنسكى روسىيىنىڭ يانچىلىق تۈزۈم رىياللىقىدىكى زۇلمەتلىك ۋە رەزىل تەرەپىنى ماختىغان پانسلاۋىيانىزمچىلارغا ۋە ئۇلار بىلەن زىچ تىل بىرىكتۈرگەن سلاۋىيانىزمچىلارغا قارشى تۇرغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە "ئىنسانلار ئىچىدىكى پاسپورتسىز سەرگەردانلار"—جاھانپەرەسلەر، بۇرژۇئا-يومشىشلىك

لىبېراللىرى، روسىيىنى كاپىتالىستىك ياۋروپانىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇرۇشقا ئۇرۇنغان ھەمدە روسىيە خەلقى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيىتىنى ھە دەپ ھاقارەتلىگەن «غەربىي ياۋروپا تەرەپدارلىرى»نى قاتتىق سۆكتى. بېلىنسكى مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: باتۇر، زېرەك، چېچەن ۋە قەيسەر بولۇش، سىرلىقلاشتۇرمىچىلىق خاھىشى ۋە دىنىي بىۋاستە كۆزىتىش بولماسلىق، ئىشلەشكە جۈرئەت قىلىش، ئەمگەكنى سۆيۈش، ئەقىل-پاراسەتلىك بولۇش، دۈشمەنگە قارشى كۆرەشتە قەھرىمانلىق كۆرسىتىش، — مانا بۇلار روسىيە خەلقىنىڭ ئۆچمەس پەزىلىتى. ئۇلۇغ روسىيە خەلقىنىڭ بۇ پەزىلەتلىرى ئۇلارنى چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىنى مەغلۇپ قىلىش، ئۆز تېررىتورىيىسى، ئەركىنلىكى ۋە مۇستەقىللىقىنى قوغداش ھەمدە مىللىي دۆلىتى ۋە مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بېلىنسكى: روسىيە خەلقىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى روسىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش ئىشلىرىدا ئۆزىگە خاس ئالاھىدە رول ئوينىغانلىقىنى كۆپ قېتىم تەكىتلەپ كۆرسەتكەن ئىدى. بېلىنسكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ دوستانە ئۆتۈشىنى ياقلايتتى، ئۇ روسىيىدىكى ھەرقايسى ئېزىلگۈچى مىللەتلەرگە بولغان ھېسداشلىقنى قوزغاشقا تىرىشىپ، يارلىق مىللىي زۇلۇم ۋە زوراۋانلىققا قارشى تۇردى. ئۇ دۇنيا ئەللىرى خەلقلىرىنىڭ زىچ ئالاقىسى ۋە ھەمكارلىقىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چوڭقۇر بىلەتتى ھەمدە روسىيىنىڭ ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىگە مىللىي ھەمكارلىق، يېڭى بەختلىك تۇرمۇش جەھەتتە ئۈلگە كۆرسىتىشىنى ئۈمىد قىلدى. بېلىنسكى روسىيىنىڭ ئۇلۇغ كەلگۈسى توغرىسىدا ئالدىنالا بىشارەت بېرىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئەۋرە-چەۋرىلىرىمىزگە ھەۋەسىم كېلىدۇ. ئۇلار چوقۇم 1940-يىلدىكى روسىيىنى — مەدەنىي دۇنياغا رەھبەرلىك قىلىپ، پەن ۋە سەنئەتكە تۈرلۈك قانۇنىيەتلەرنى كۆرسىتىپ بېرىۋاتقان ھەمدە يارلىق مەدەنىي

ئىنسانلارنىڭ سەمىمىي ھۆرمىتىگە ئېرىشىۋاتقان روسىيىنى كۆرەلەيدۇ."

بېلىنسكى ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزملىق ئېستېتىكا ۋە تەنقىتنىڭ بوۋىسى. ئۇ سەنئەتنىڭ ماھىيىتىگە ماتېرىيالىستىك تەبىر بەردى. بېلىنسكى مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: سەنئەت ــ رىياللىقنىڭ كۆچۈرۈلمىسى، ئۇ قايتىدىن نامايەن قىلىنىۋاتقان، گويا يېڭىۋاشتىن يارىتىلىۋاتقان دۇنيا. بېلىنسكى سەنئەتنىڭ رېئالىزملىقىنى نەزەرىيە جەھەتتىن چوڭقۇر دەلىللىدى. بېلىنسكى سەنئەتنىڭ ئالىيجاناب ئىجتىمائىي ۋەزىپىسىنى ئومۇمنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى، ئۇ سەنئەتنىڭ رىياللىققا بولغان بىۋاستە كۆزىتىش يۈزلىنىشىنى ئەيىبلىدى. ئۇ مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: چوڭقۇر ئىدىيىۋىلىككە ئىگە سەنئەتلا ھەقىقىي سەنئەت بولىدۇ، بۇ خىل سەنئەت كىشىلەرگە تۇرمۇشنىڭ توغرا تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، جەمئىيەتتىكى زۇلۇمغا قارشى تۇرىدۇ. ھەقىقىي سەنئەت خەلقتىن ئايرىلغان بولمايدۇ، بەلكى خەلق بىلەن تۇرمۇشتا بىللە بولىدۇ. خەلقنى ئەزگۈچىلەرگە قارشى تۇرۇشقا ئۈندەيدۇ، خەلقنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە چاقىرىدۇ. بېلىنسكى: "خەلقچىللىق بۈگۈنكى كۈندىكى ئېستېتىكىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى نۇقتىسى......" دەپ يازىدۇ. "بېلىنسكىدىن باشلاپ، روسىيە ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزملىق زىيالىلار ساھەسىنىڭ بارلىق مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرى 'ساپ سەنئەت'، 'سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت' دېگەن نىمىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلماي كەلدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سەنئەتنىڭ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلۇشى، سەنئەتنىڭ يۇقىرى ئىدىيىۋىلىك ۋە ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشى لازىملىقىنى تەرغىپ قىلىشتى." (ژدانوۋ) بېلىنسكىنىڭ ئەدىبىي تەنقىت ئەسەرلىرى روسىيە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن مۆلچەرلىگۈسىز ئەھمىيەتكە ئىگە. بۈگۈنكى كۈندە، بۇ ئەسەرلەر يەنىلا يېپ-يېڭى ۋە ئەھمىـ

يەتلىك بولۇپ تۇرماقتا. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سەنئەت ساھەسىدىكىلەر بېلىنسكىنىڭ ئېستېتىكا ۋە ئەدەبىي تەنقىت ساھەسىدە ئىجات قىلغان بارلىق قىممەتلىك نەرسىلىرىدىن پايدىلانماقتا. ئۇنىڭ سەنئەت جەھەتتە بارلىق قالاق نەرسىلەر بىلەن مۇرەسسەلەشمەسلىك روھىنى ئۆگەنمەكتە، ئۇنىڭ ئىلغار سەنئەتنىڭ يۈكسەك ۋەزىپىنى زېمىنىگە ئالىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى، سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن خىزمەت قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلماقتا. بېلىنسكىنىڭ ئاساسىي ئەسەرلىرى مۇنۇلار: «ئەدەبىي خىيال» (1834)، «پۇشكىن ئەسەرلىرى توغرىسىدا» (1843—1846)، «1846-يىلدىكى روسىيە ئەدەبىياتىغا بىر نەزەر» (1847)، "1847-يىلدىكى روسىيە ئەدەبىياتىغا بىر نەزەر» (1848)، «1847-يىل 7-ئاينىڭ 3-كۈنى گوگولغا يېزىلغان خەت» قاتارلىقلار. «بېلىنسكىنىڭ پەلسەپە ماقالىلىرىدىن تاللانمىلار» ئىككى توملۇق بولۇپ، 1948-يىلى نەشر قىلىندى؛ «بېلىنسكىي ئەسەرلىرى» جەمئى 13 توم؛ بېلىنسكىنىڭ خەتلىرى جەمئى 3 توم (بۇنىڭ ئىچىدە ئىنتايىن كۆپ قىسمى مەزمۇن جەھەتتە نەزىرىيىۋى ئەسەرلەردىن قېلىشمايدۇ)، 1914-يىلى نەشر قىلىنغان. بېلىنسكىنىڭ نۇرغۇن قول يازمىلىرى ۋە ماتېرىياللىرى 1948—1951-يىللىرى نەشر قىلىنغان 3 توپلاملىق «ئەدەبىي مىراسلار»غا كىرگۈزۈلگەن.

**بىر بىرىگە تەسىر كۆرسىتىش** Взаимодействие 相互作用

**هادىسىلەرنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك باغلىنىشى، بىر بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى*** گە قاراڭ.

**«بىر قەدەم ئالغا، ئىككى قەدەم ئارقىغا»** «Шаг вперёд, Два шага Назад» «进一步，退两步» لېنىننىڭ 1904-يىل 2—5-ئايلاردا يازغان ئەسىرى بولۇپ، شۇ يىلى 5-ئايدا نەشر قىلىنغان. بۇ ئەسەردە يېڭى تىپتىكى ماركسىزملىق پارتىيىنىڭ

تەشكىلىي پىرىنسىپلىرى تۈزۈپ چىقىلغان، بۇ پىرىنسىپلار سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋە بارلىق قېرىنداش كوممۇنىستىك پارتىيىلەرنىڭ تەشكىلىي ئاساسى بولۇپ قالدى. لېنىن بۇ كىتاۋىدا مېنشېۋىكلارنىڭ روسىيە سوتسىيال-دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى 2-قۇرۇلتىيىنىڭ قارارىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان ھەركەتلىرىگە قايتۇرما زەربە بەرگەن. مېنشېۋىكلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان مەتبۇئاتى — «ئۇچقۇن» گېزىتىنى ئىگەللىۋالغاندىن كېيىن، ئىنتىزامغا رىئايە قىلمايدىغان ھوكۇمەتسىزلىك قىلمىشلارنى ئاقلاش ۋە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سوتسىيالىزم ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىغا رەھبەرلىك قىلالايدىغان ھەقىقىي ماركسىزملىق پارتىيىنىڭ قۇرۇلۇشىغا تۈرلۈك يوللار بىلەن توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن، گېزىتتىن پايدىلىنىپ تەشكىلىي جەھەتتىكى تارقاقچىلىقنى، پارتىيىۋىلىككە ۋە پارتىيە ئىنتىزامىغا بۇزغۇنچىلىق سېلىشنى ھە دەپ تەرغىب قىلغان. مېنشېۋىكلار ئىنقىلاۋىي پارتىيىنى ئەمەس، بەلكى ئىسلاھاتچى پارتىيىنى ھىمايە قىلاتتى، ئۇلار روسىيىدە غەربىي ياۋروپادىكى ئىككىنچى ئىنتېرناتسىونال پارتىيىسىگە ئوخشاش ئىشچىلار پارتىيىسى بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. لېنىن «بىر قەدەم ئالغا، ئىككى قەدەم ئارقىغا» دېگەن كىتاۋىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ماركسىزملىق پارتىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىر قىسمى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئويغانغان، ئىلغار، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى بىلىمى ۋە سىنىپىي كۈرەش قانۇنىيىتى بىلىمى بىلەن قوراللانغان قوشۇنى؛ پارتىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىياسىي يولباشچىسى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ جەڭگىۋار قوماندانلىق ئىشتابى؛ كىمكى پارتىيىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ ئىشچىلار ھەركىتىنى ئىستىخىيىلىك ئەھۋالدا قالدۇرىدۇ، ئىشچىلار ھەركىتىنى ئىشچىلار بىرلەشمىچىلىكى ھەركىتىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: پارتىيە ئىش-

چىلار سىنىپىنىڭ ئىلغار، ئۇيغانغان قوشۇنى بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە بىرلىككە كەلگەن ئىرادە، بىرلىككە كەلگەن ھەرىكەت، بىرلىككە كەلگەن ئىنتىزام ئاساسىدا ئىتتىپاقلاشتۇرۇلغان تەشكىللىك قوشۇن، شۇڭلاشقا، ئۇ باشتىن-ئاخىر جەڭگىۋار پرولېتارىياتنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ، تەشكىلچانلىق ۋە ئىنتىزامچانلىق روھىنى يۈز مىليونلىغان پارتىيىسىز ئىشچىلار ئاممىسى بىلەن ئەمگەكچى ئامما ئىچىگە سىڭدۈرىدۇ. پارتىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىلغار، تەشكىللىك قوشۇنى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىنىپىي تەشكىلاتىنىڭ ئەڭ ئالى شەكلى. بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۈرەش داۋامىدا، پرولېتارىيات تۈرلۈك تەشكىلاتلار — ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، پارلامېنتتىكى پارتىيە ئۇمىكى، كوپېراتىپ، ياشلار ئىتتىپاقى، مەدەنىيەت-مائارىپ ئورگانلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تەشكىلاتلارنى قۇردى، بۇ تەشكىلاتلار ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كۈرىشىدە ناھايىتى زور رول ئوينىغان، لېكىن بۇنىڭدىكى ھەر بىر تەشكىلات پرولېتارىياتنىڭ قىسمەن مەنپەئەتىنىلا قوغدايدۇ. پرولېتارىياتنىڭ سىنىپىي كۈرىشىنى بىرلىككە كەلگەن، نىشانى مەركەزلەشكەن، تۈپ مەنپەئەتنى ھەل قىلىدىغان كۈرەشكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، شۇنداق بىر تەشكىلات بولۇشى زۆرۈركى، بۇ تەشكىلات پرولېتارىياتنىڭ بارلىق تەشكىلاتلىرىغا رەھبەرلىك قىلىدۇ، ئۇلارنى ئىنقىلاب يولىغا باشلايدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەممە پائالىيەتلىرىنى پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرەشكە بويسۇندۇرىدۇ. پەقەت ماركسىزملىق پارتىيىلا بۇنداق تەشكىلات بولالايدۇ.

پارتىيە كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن مۇستەھكەم ئالاقە باغلىسىلا، پارتىيە ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالمىسىلا ھەمدە ئىشچىلار سىنىپى ئىچىدىكى مۇنەۋۋەرلەر بىلەن ئۆزىنى دائىم تولۇقلاپ تۇرسىلا، پارتىيە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى جەڭچىلىك

رولىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. پارتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپى بويىچە (قانۇنىي شارائىتتا دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپى بويىچە) تەشكىللىنىپ، بىرلىككە كەلگەن پارتىيە نىزامنامىسى ۋە پارتىيە ئىنتىزامىغا ئىگە بولسىلا، پارتىيە قۇرۇلتىيىدەك بىر تۇتاش رەھبەرلىك ئورگىنى بولسىلا، پارتىيە قۇرۇلتىيى يېپىق مەزگىلدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدەك بىر تۇتاش رەھبەرلىك ئورگىنى بولۇپ، ئازچىلىق كۆپچىلىككە بويسۇنۇش، ھەر بىر تەشكىلات مەركىزىي كومىتېتقا بويسۇنۇش، تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلات يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتقا بويسۇنۇش پرىنسىپى يولغا قويۇلسىلا، پارتىيە ئۆز رولىنى توغرا جارى قىلالايدۇ. لېنىن پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرىنى بەلگىلەپ بەردى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى كوللېكتىپ رەھبەرلىك پرىنسىپىدۇر. پارتىيە ئۆزىنىڭ بارلىق ئەزالىرىدىن — ئادەتتىكى ئەزالار ياكى رەھبەرلەردىن ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىشنى تەلەپ قىلغاندىلا، پارتىيە ئىچىدە ئىنتىزامغا رىئايە قىلمايدىغان پارتىيە ئەزالىرى بولمىغاندىلا، ئاندىن جەڭگىۋار، ئىنقىلاۋىي تەشكىلات بولالايدۇ. لېنىن بۇ كىتاۋىدا ئىلگىرى سۈرگەن ماركسىزىملىق پارتىيىنىڭ تەشكىلىي پرىنسىپى ئەنە شۇ. "ئۇنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى شۇنىڭدىكى، بۇ كىتاپتا لېنىن ماركسىزىم تارىخىدا تۇنجى قېتىم **پارتىيە توغرىسىدىكى تەلىماتنى** ئىشلەپ چىقتى، پارتىيە پرولېتارىياتنىڭ رەھبىرىي **تەشكىلاتى** ئىكەنلىكىنى، پرولېتارىياتنىڭ قولىدىكى ئاساسىي **قورال** ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، بۇنداق قورال بولمىسا، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى يولىدىكى كۈرەشتە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى." («سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلار) تارىخى قىسقىچە كۇرسى»، 1978 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 112 ـ بەت)

لېنىن ماركسىزىمنىڭ مۇستەھكەم ئاساسىغا تايىنىپ، بۇ كىتاپتا

مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «كاپىتالىزىمنىڭ نىسبىي تىنچ راۋاجلىنىش دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ۋە پارلامېنت كۈرىشىگىلا مۇۋاپىق كېلىدىغان 2-ئىنتېرناتسىئونال پارتىيىلىرى، يېڭى دەۋردە يەنى سىنىپىي توقۇنۇش ئاشكارا خاراكتېر ئالغان، ھاكىمىيەت مەسىلىسى يەنى پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى مەسىلىسى كۈنتەرتىپكە قويۇلغان چاغدا قىلچە كارغا كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. لېنىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: "پرولېتارىياتنىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىدە، تەشكىللىنىشتىن باشقا قورالى يوق. بۇرژۇئا دۇنياسىدىكى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ھۆكۈمەتسىز ھالدىكى رىقابەت ئارقىسىدا پارچىلىنىپ كېتىۋاتقان، كاپىتالغا مەجبۇرى ئەمگەك قىلىش ئارقىسىدا ئېزىلگەن، دائىم نامرات، قارا تۇرمۇش ۋە چۈشكۈن 'تۈۋەن قاتلام'غا تاشلىنىۋاتقان پرولېتارىياتنىڭ يېڭىلمەس كۈچكە ئايلىنالىشىنىڭ ۋە مۇقەررەر ئايلىنىشىنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ ماركسىزم پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن شەكىللەنگەن ئىدىيىۋى بىرلىكىنىڭ تەشكىللىنىشتەك ماددى بىرلىك بىلەن مۇستەھكەملەنگەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بۇ تەشكىللىنىش مىليونلىغان ئەمگەكچىلەرنى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئارمىيىسى قىلىپ بىرلەشتۈرىدۇ. زەئىپلەشكەن روسىيە مۇستەبىت ھاكىمىيىتى بولسۇن ياكى زەئىپلىشىۋاتقان خەلقارا كاپىتال ھاكىمىيىتى بولسۇن، بۇ ئارمىيە ئالدىدا چىداشلىق بېرەلمەيدۇ." («ماركس، ئېنگېلس ۋە ماركسىزم توغرىسىدا»، 1977-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 242—243-بەتلەر)

**بىر ئىلاھلىق دىن** Монотеизм 一神教 بىرنەچچە ئىلاھقا ئېتىقاد قىلىدىغان كۆپ ئىلاھلىق دىننىڭ ئەكسىچە بولغان، بىرلا ئىلاھقا ئېتىقاد قىلىدىغان دىن، دىنىي ئېتىقادنىڭ ئالىي دەرىجىدىكى تەرەققىيات باسقۇچىدا. قەۋم تۈزۈمى دەۋرىدە، ھەر بىر قەۋمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىلاھى بار ئىدى. قەۋملەر تەرەققى قىلىپ يۇقىرى باسقۇچقا

يەتكەندە، كىشىلەر بىرنەچچە ئىلاھقا ئېتىقات قىلىشقا باشلىدى؛ ھەر بىر ئىلاھنىڭ ئۆز ئالدىغا نامى ۋە "ھەركەت دائىرىسى" بار ئىدى. دىنىي ئېتىقاتنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەۋەج ئېلىشى جەمئىيەتنىڭ سىنىپلارغا بۆلۈنۈشى ۋە دۆلەتنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن باغلىنىشلىق بولىدى. شەكىللىنىپ بولغان دۆلەتتە بىر ئىلاھقا ئېتىقات قىلىدىغان دىن (بىر ئىلاھلىق دىن) بەرپا قىلىندى. خان-پادىشالارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، تەڭرى توغرىسىدىكى ئىدىيىمۇ ۋۇجۇتقا كەلدى. ئېنگېلس مۇنداق دەپ يازىدۇ: "بىر تۈتاش ئىلاھ" مۇستەبىت پادىشانىڭ كۆچۈرۈلمىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، بىر تۈتاش پادىشا بولمىسا، بىر تۈتاش ئىلاھنىڭ بولۇشى مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس،..." («ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، روسچە 1-نەشرى، 21-توم، 45-بەت) لېكىن، ھازىرقى زامان دىنىدىكى بىر ئىلاھلىق دىن نىسبىي بولىدۇ، چۈنكى ئىلاھ، تەڭرىقۇت، ئىلاھە، پەيغەمبەر ۋاھاكازالارغا ئېتىقات قىلىش ماھىيەتتە بىرنەچچە ئىلاھقا ئېتىقات قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**بىرلىك** 单子 Монада (گرېكچىسى μονας — يەككىلىك). ماركسىزمدىن ئىلگىرىكى پەلسەپىلەردە ئەڭ ئاددىي، بۆلۈنگىلى بولمايدىغان بىر پۈتۈن كەۋدىنى ئىپادىلەيدىغان پەلسەپىۋى ئاتالغۇ. يۇنان پەلسەپىسىدە، "بىرلىك" دېگەن بۇ ئاتالغۇ مەۋجۇت پىرىنسىپلارنىڭ بىرى بولغان يەككىلىكنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلگەن ئىدى. يېڭى پەلسەپىدە، **لېيبنىز*** پەلسەپىسىدە ئىشلىتىلىشىچە، بىرلىك جىمى كائىناتنىڭ ئاساسى شۇنداقلا ئۆزى ھەركەتلىنەلەيدىغان مۇستەقىل روھىي ماھىيەت. بىرلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش خۇدانىڭ ئالدىن بېكىتكەن مۇۋازىنىتىنىڭ ئىپادىسى. لېيبنىزنىڭ ئىدىيالىستىك بىرلىك تەلىماتىدا دىيالېكتىكا ئامىللىرى بار ئىدى.

**بىر مەنبەچىلىك** 一元论 Монизм (گرېكچىسى μονος —

بىر) **ئىككى مەنبەچىلىك***نىڭ ئەكسىچە بولغان، بارلىق شەيئىلەرنىڭ مەنبەسى پەقەت بىرلا، دەپ قارايدىغان پەلسەپىۋى تەلىمات. ماتېرىيالىستىك بىر مەنبەچىلىك ۋە ئىدېيالىستىك بىر مەنبەچىلىك بولىدۇ. ماتېرىيالىستلار، ماددا دۇنيانىڭ مەنبەسى ھەم ئاساسى دەپ قارايدۇ. ئىدېيالىستلار بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە، روھ بارلىق ھادىسىلەرنىڭ بىردىن-بىر مەنبەسى، دەپ قارايدۇ. **گېگېل*** ئىدېيالىستىك بىر مەنبەچىلىكنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى، ئۇ، مۇتلەق ئىدېيە بارلىق شەيئىلەرنىڭ بىردىن-بىر مەنبەسى، دەپ قارايدۇ. ئىدېيالىستىك بىر مەنبەچىلىك دىننى، راھىبلىقنى بىۋاسىتە قوغدايدۇ. ماركس بىلەن ئېنگېلس ياراتقان دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىملا ئىلمىي بىر مەنبەچىلىك پەلسەپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ماتېرىيالىستىك بىر مەنبەچىلىك دۇنيا ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ماددىي بولىدۇ، دۇنيادىكى بارلىق ھادىسىلەر ھەركەت قىلىپ تۇرىدىغان ماددىلارنىڭ ھەرخىل ھالەتلىرىدىن ئىبارەت دېگەن قاراشنى ئاساس قىلىدۇ. ماركس بىلەن ئېنگېلس تارىختا بىرىنچى قېتىم ماتېرىيالىستىك تەلىماتنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشقىچە كېڭەيتتى. ماركسىزم-لېنىنىزم كلاسسىكلىرى جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسىي كۈچ ماددىي ۋاستىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش شەكلى دەپ كۆرسىتىلىدۇ.

**«بىر مەنبەچىلىك تارىخقاراشىنىڭ تەرەققىياتى مەسىلىسى توغرىسىدا»** «论一元史观的发展问题» «К вопросу о развитии монистического взгляда на историю»

**پلېخانوۋ***نىڭ ئەسىرى بولۇپ، 1895-يىلى بېلتوۋ دېگەن تەخەللۇس بىلەن نەشر قىلىنغان. بۇ كىتاب "تولۇپ-توغرا بىر ئەۋلات روسىيە ماركسىزمچىلىرىنى يېتىشتۈردى......" («لېنىن ئەسەرلىرى»، رۇسچە 4-نەشرى، 16-توم، 243-بەت) بۇ كىتابتا ماركسىزم پەلسەپىسى بايان قىلىنىشتىن باشقىرى، يەنە نارودنىكلارنىڭ ئەكسىيەتچىل

كۆزقارىشى جوڭقۇر تەنقىت قىلىنغان، بۇ تەنقىت شۇ دەۋردە ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. بۇ كىتاپنىڭ ئالدىنقى 4 بابىدا ماركستىن ئىلگىرىكى پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىيەت تەھلىل قىلىنغان، جۈملىدىن 18-ئەسىردىكى فرانسىيە ماتىرىيالىستلىرى، ئىرىلىش دەۋرىدىكى فرانسىيە بۇرژۇئا تارىخشۇناسلىرى، خىيالىي سوتسىيالىزىمچىلارنىڭ كۆزقارىشى شۇنىڭدەك نېمىس ئىدىيالىستىك پەلسەپىسى تەنقىدىي ھالدا مۇھاكىمە قىلىنغان. پلىخانوۋ بۇ تەلىماتلارنىڭ تارىخىي چەكلىمىلىكلىكى ۋە سىنىپىي چەكلىمىلىكلىكىنى ئېچىپ بەردى ھەمدە پەقەت ماركس بىلەن ئېنگېلسلا ئىلمىي ماتىرىيالىزىملىق پەلسەپىنى يارىتىپ بەردى، پەقەت ماركسىزىملا ھەقىقى ئىجتىمائى پەننى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى ھەمدە جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ ماددى ئاساسىنى تاپتى دەپ كۆرسىتىپ بەردى. پلىخانوۋ بۇ كىتاپتا نارودنىكلارنىڭ "قەھرىمانلار" بىلەن "قارا خەلق" توغرىسىدىكى ئەكسىيەتچىل نەزىرىيىسىنى تەتقىق قىلدى، بۇ كىتاپنىڭ 5-بابىدا يېقىنقى زاماندىكى، يەنى ماركسىزىملىق ماتىرىيالىزىمنى بايان قىلىپ بەردى، ماركسىزىمنىڭ شەخسنىڭ تارىختىكى رولى ۋە جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى توغرىسىدىكى كۆزقارىشىنى شەرھلەپ بەردى. پلىخانوۋنىڭ بۇ ئەسىرى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ماركسىزىمنىڭ پەلسەپىۋى كۆزقارىشىنى ۋە تارىخىي ماتىرىيالىزىملىق كۆزقارىشىنى تەتقىق قىلىشتا يەنىلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ كىتاپنىڭ ئەڭ يېڭى نەشرى 1949-يىلى تارقىتىلدى.

**بىلىش** Познание 认识 ماركسىزىملىق پەلسەپە بىرىنچى بولۇپ ئىنسانلارنىڭ پىكىر قىلىش تارىخىدا بىلىشنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بەردى ھەمدە رېئاللىقنى بىلىش جەريانىنىڭ قانداق پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئىلمىي يوسۇندا كۆرسىتىپ بەردى. ماركسىزىملىق بىلىش نەزەرىيىسى كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا باغلىق بولمىغان ھالدا

مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان تاشقى ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئېتىراپ قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ ۋە بىلىشنى مۇشۇ ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ئىنكاسى دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، ماركسىزم تاشقى دۇنيانى بىلىش تامامەن مۇمكىن دېگەن قاراشنى ئاساس قىلىدۇ. ماركسىزمنىڭ بۇ ئاساسىي قائىدىلىرى ئىدىيالىزم بىلەن تۈپتىن قارىمۇ-قارشى. ئىدىيالىزم يا بىلىشنى مەلۇم سىرلىق "مۇتلەق ئىدىيە"، روھ، ئىلاھ ۋاھاكازالار ئۈستىدىكى بىلىش دەپ قارايدۇ (بۇ **"ئوبيېكتىپ ئىدىيالىزم"** دەپ ئاتىلىدۇ). يا بىلىشنى ئادەمنىڭ ئۆزىدىكى سۇبيېكتىپ چۈشەنچە، تۇيغۇ ۋە ھالەتلەر ئۈستىدىكى بىلىش دەپ قارايدۇ (**بۇ سۇبيېكتىپ ئىدىيالىزم**" دەپ ئاتىلىدۇ). ماركسىزم دۇنيانى بىلىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان تۈرلۈك ئىدىيالىستىك نەرسىلەرنى رەت قىلدى. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ دۇنيانى بىلىش مۇمكىنلىكى توغرىسىدىكى تەلىماتى پەلسەپەدىن ئىبارەت بۇ پەننىڭ ئىنتايىن ئۇلۇغۋار مۇۋەپپەقىيىتى، بۇ تەلىمات كىشىلەرنى، ئىنسانلار ئەقلىنىڭ تۈرلۈك ھادىسىلەرنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ماھىيىتىنى كۆزىتەلەيدىغانلىقىغا، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ۋە جەمئىيەتتىكى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرنى تاپالايدىغانلىقى ۋە ئۇلارنى كىشىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەندۈرىدۇ.

لېكىن، ماركسىزم پەلسەپىسىنىڭ توھپىسى ئۇنىڭ بىلىشنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بەرگەنلىكى، بىلىشنىڭ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى، دۇنيانى بىلىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى ئىسپاتلىغانلىقى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئۇنىڭ غايەت زور توھپىسى ئۇنىڭ بىلىشنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى ھەممىدىن ئاۋال چۈشەندۈرۈپ بەرگەنلىكىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. ماركسقىچە ئۆتكەن پەلسەپىدە بۇ مۇھىم مەسىلە توغرىسىدىكى تۈرلۈك ناتوغرا ئىدىيىلەر ھۆكۈمران ئورۇندا ئىدى. بەزى پەيلاسوپلار **تەجرىبىچىلىك**" دەي-

داندا چىڭ تۇرۇۋېلىپ، تۇيغۇ، بىۋاستە كۆزىتىشلەرنىڭ بىلىشتىكى رولىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدى، نەزىرىيىۋى تەپەككۇر، يىغىنچاقلاش ۋە ئابستىراكسىيىنىڭ رولىنى بولسا ئىنكار قىلدى. يەنە بەزى پەيلاسوپلار بولسا **ئەقىل ئەلاچىلىقى**" مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەقلىي پائالىيەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدى، ئەقلىيلىقنى بىردىن-بىر بىلىش كۈچى دەپ ھېسابلاپ، ھېسسىي بىلىش، تەجرىبە ۋە كۆزىتىشنىڭ ئەھمىيىتىگە سەل قارىدى. ماركسقىچە بولغان ماتېرىيالىستلار ئىدېيالىستلارغا قارشى كۈرەشتە، بىلىشنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدا ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكىنى توغرا يوسۇندا ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن؛ ئەمما ئۇلار بىلىشنى مېتافىزىكىلىق ئاساستا چۈشەنگەن، ئۇلار بىلىش جەريانىنىڭ ھەممە مۇرەككەپلىكلىرىنى چامىلاپ يېتەلمىگەن، تەپەككۇرنىڭ رىياللىقنى بىلىش جەريانىدىكى پائال رولىنى تۆۋەن مۆلچەرلىگەن. مېتافىزىكىلىق ماتېرىيالىستلارنىڭ ئەكسىچە، ئىدېيالىستلار تەپەككۇرنىڭ پائالىيەتچانلىقى قائىدىسىنى ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئىنكار قىلىش دەرىجىسىگە ئاپىرىپ قويىدۇ، تەپەككۇر ۋە ئاڭنى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ياراتقۇچىسى قىلىپ قويىدۇ. ۋاھالەنكى، ھەممىدىن ئاساسلىقى شۇكى، ماركسقىچە بولغان بارلىق پەيلاسوپلار ئەمەلىيەتنىڭ بىلىش داۋامىدىكى بىرىنچى ئورۇندا) تۇرىدىغان مۇھىم ئەھمىيىتىنى بىلمەيتتى، بىلىشنى ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان نەرسە دەپ بىلەتتى.

ماركسىزملىق پەلسەپىلا مۇشۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە جاۋاب بەردى. ئۇ تەجرىبىچىلىك بىلەن ئەقىل ئەلاچىلىقىنىڭ چەكلىمىلىكلىگىنى تۈگەتتى، مېتافىزىكىلىق ماتېرىيالىزمنىڭ چەكلىمىلىكلىگىنى تۈگەتتى ھەمدە ئەمەلىيەتنى بىلىش مەسىلىسىنىڭ مەركىزى قىلدى. ماركسىزم شۇنى ئېنىق بەلگىلىدىكى، بىلىش ئۇلۇغ نەرسە ئەمەس، رىياللىقنى "سۈرەت تارتقان پەردە" ئەكس ئەتتۈرۈش ئەمەس،

بەلكى مۇرەككەپ دىيالېكتىك جەريان. ماركسىزىم ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكنى بىلىش جەھەتكە تەتبىقلاپ: بىلىش جەريانى بىر بىرى بىلەن باغلانغان تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ باسقۇچلار ئارىسىدا قانۇنىيەتلىك سەۋەبىيەت مۇناسىۋىتى مەۋجۇت، دەپ كۆرسىتىدۇ. لېنىن بۇ جەرياننىڭ ماھىيىتىنى ۋە بۇ جەرياننىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرى ھەم دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئىنتايىن چوڭقۇر فورمۇلىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى بىلىشنىڭ دىيالېكتىك جەريانىنىڭ ھەر بىر باسقۇچىدا پەيدا بولىدىغان، رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان شەكىللەرنى كۆرسىتىپ بەردى. لېنىن بىزگە مۇنداق دەپ تەلىم بېرىدۇ: "جانلىق بىۋاسىتە كۆزىتىشتىن ئابستراكت تەپەككۇرغا بېرىش، **شۇنداقلا ئابستراكت تەپەككۇردىن ئەمەلىيەتكە بېرىش،** — مانا بۇ، **ھەقىقەتنى** بىلىش، ئوبيېكتىپ چىنلىقنى بىلىشنىڭ دىيالېكتىك يولى." («پەلسەپە خاتىرىلىرى»، 1956-يىل خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 155-بەت)

تۇيغۇ، سەزگۇ، تەسەۋۋۇر، قىسقىسى، رېئاللىقنى جانلىق بىۋاستە كۆزىتىش — بارلىق بىلىشلەرنىڭ چىقىش نۇقتىسى. تۇيغۇ — تاشقى دۇنيانىڭ كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا تەسىر قىلىشىدىكى كۆۋرۈك. لېكىن بۇ بىرىنچى باسقۇچتا، بىلىش ئاساسەن ئايرىم شەيئىلەرنىڭ ئوبرازىنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، شەيئىلەرنىڭ تاشقى جەھەتتىنلا ئېچىپ بېرىدۇ. تۇيغۇ، سەزگۇ ۋە تەسەۋۋۇرلار ھادىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى، ماھىيەتلىك باغلىنىشلارنى يەككە ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ ۋە ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرەلمەيدۇ. تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىش — بىلىشنىڭ مەقسىدى، بۇ مەقسەتكە بىلىشنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىدىلا يەنى ئابستراكت تەپەككۇر ياردىمى بىلەنلا يەتكىلى بولىدۇ. ئابستراكت تەپەككۇر

ئۆيغۇ ۋە سەزگۈ قولغا كەلتۈرگەن ماتېرىياللارنى يىغىنچاقلايدۇ، شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەردىكى ماھىيەتلىك بولمىغان ۋە ئاددىي نەرسەلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ ماھىيىتىگە چوڭقۇر چوكىدۇ. يىغىنچاقلاشنىڭ نەتىجىسى ئىلمىي بىلىش تىكلىگەن ئۇقۇم، كاتېگورىيە ۋە قانۇن بولۇپ قىسقىچە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ماددا، ھەركەت، سىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى دىگەنگە ئوخشاش ئۇقۇملار، قىممەت قانۇنى، سىنىپىي كۈرەش قانۇنىيىتى، سوتسىيالىزىمنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتى دىگەنگە ئوخشاش قانۇنىيەتلەر ئەنە شۇنداق. بىلىش جەريانىنىڭ بۇ ئىككى باسقۇچى — جانلىق بىۋاسىتە كۆزىتىش ۋە ئابستىراكت تەپەككۇر — بىرلىككە كەلگەن بولۇپ، بىر باسقۇچ يەنە بىر باسقۇچقا ئوتىدۇ. ئۇلار رىياللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىرلىككە كەلگەن دىيالېكتىك جەرياننىڭ ئىككى باسقۇچى.

ئەمەلىيەت — پۈتۈن بىلىش جەريانى ۋە بىلىش جەريانىنىڭ ھەر بىر باسقۇچىنىڭ ئاساسى، ئېرىشىلگەن بىلىمنىڭ ھەقىقەتلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئالىي ئۆلچەم. ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيەت پائالىيەتلىرى جەريانىدا، ئۆزلىرىنىڭ تەبىەت دۇنياسىغا پائال تەسىر كورسىتىش جەريانىدا ئەتراپىدىكى دۇنيانى بىلىدۇ. بىلىمنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق سىناش بىلىش جەريانىنىڭ ئالىي باسقۇچى، ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ قانۇنىيىتىنىڭ ئىنسانلار مەقسىدە ئەكس ئېتىشىنىڭ ئالىي باسقۇچى. بىلىشنىڭ ھەر بىر قەدىمى ئەمەلىيەت داۋامىدىلا، كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي پائالىيىتى داۋامىدىلا سىنىلىدۇ. تەپەككۇر جەريانى ئارقىلىق ئېرىشىلگەن ھەقىقەتمۇ ئەمەلىيەت داۋامىدىلا تەكشۈرۈلىدۇ. "ئادەم ئۆز تەپەككۇرىنىڭ ھەقىقەتلىكىنى، يەنى ئۆز تەپەككۇرىنىڭ رىياللىقى ۋە كۈچىنى، باشقىچە ئېيتقاندا، ئۆز تەپەككۇرىنىڭ بۇ دۇنيالىق ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەت داۋامىدا ئىسپاتلىشى لازىم. تەپەككۇرنىڭ

رېياللىققا ئىگە پاكى ئىگە ئەمەسلىكى توغرىسىدا ئەمەلىيەتتىن چەتلىگەن ھالدا مۇنازىرە قىلىش ـــ ساپ مەدرىس پەلسەپىسىچە مەسىلە." (ئېنگېلس. «لىيۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى»، 1975 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 95 ـ بەت)

ئەمەلىيەتنى بىلىش جەريانىدىن چىقىرىۋېتىدىغان ھەمدە بىلىش جەريانىنى ئابىستىراكىت تەپەككۇر ئارقىلىق ئورۇنلىنىدىغان جەرياندەك تۇرىدۇ دەپ قارايدىغان ھۆكۈم ئىنتايىن خاتا، ماھىيەتتە ئىدېيالىستىك ھۆكۈم. بۇنىڭ سەۋەبى، ئەمەلىيەت ـــ ماددا ھەركىتى. لېنىن **«ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىتچىلىكى»*** دېگەن كىتاۋىدا، ئەمەلىيەتنى بىلىش جەريانىدىن چىقىرىۋېتىشنىڭ ئۆزى باشقا نەرسە ئەمەس، دەل ماخىزىم بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدى. "ماركسىزىمچىلار: ئەگەر ئەمەلىيەت ئۆلچىمى بىلىش نەزىرىيىسىنىڭ ئاساسى قىلىنىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، بىز مۇقەررەر ھالدا ماتېرىيالىزىمغا ئىگە بولىمىز، دەيدۇ. ماخ: ئەمەلىيەت ماتېرىيالىستىك بولسا بولىۋەرسۇن، لېكىن نەزىرىيە پۈتۈنلەي باشقا بىر ئىش، دەيدۇ." (لېنىن. «ماتېرىيالىزىم ۋە تەجرىبە تەنقىتچىلىكى»، 1972 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 239 ـــ 240 ـ بەتلەر) ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن بىلىملا ئوبيېكتىپ ھەقىقەت بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. بىلىش جەريانى ئابىستىراكىت تەپەككۇر باسقۇچىدا ئاخىرلاشمايدۇ، بەلكى ئۇ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق سىنايدىغان يۇقىرى باسقۇچقا كۆتىرىلىشى كېرەك.

دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم يەنە تۈرلۈك قانۇنىيەتلىك بىلىملەر بىلەن قوراللاندۇرىدۇ، كىشىلەر بۇ قانۇنىيەتلەرگە ئاساسەن ئوبيېكتىپ دۇنيانى بارغانسېرى چوڭقۇر بىلىدۇ. (**مۇتلەق ھەقىقەت ۋە نىسبىي ھەقىقەت***؛ **بىلىش نەزىرىيىسى***؛ **ئوبيېكتىپ ھەقىقەت***؛ **ئۇقۇم***؛ **نەزىرىيە ۋە ئەمەلىيەت***كە قاراڭ.)

**بىلىش نەزەرىيىسى** 认识论 Гносеология (گرېكچە γνωρις — بىلىم، λογος — سۆز، تەلىمات دېگەن سۆزلەردىن كەلگەن) ئىنسانىيەتنىڭ رېياللىقنى بىلىش، ھەقىقەتنى ئىزلەشتۈرۈش ئىقتىدارى توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى تەلىمات، بىلىشنىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى ۋە بىلىش جەريانىنىڭ ئىشقا ئېشىش شەكلى توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى تەلىمات. پەلسەپەدىكى تۈپ مەسىلىنى ماتېرىيالىستىك ئاساستا ھەل قىلىش ياكى ئىدېيالىستىك ئاساستا ھەل قىلىش — مانا بۇ بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ چىقىش نۇقتىسى. ماتېرىيالىستىك بىلىش نەزەرىيىسى: شەيئىلەر بىزدىن تاشقىرىدا مەۋجۇت، بىزگە باغلىق ئەمەس؛ بىزنىڭ تۇيغۇمىز تاشقى دۇنيانىڭ ئوبرازى ۋە ئىنكاسى، دېگەننى چىقىش نۇقتا قىلىدۇ. ئىدېيالىستىك پەلسەپە بىر بولسا ئىنسانلارنىڭ بىلىشى سىرلىق ئىدىيىلەرنىڭ ئىنكاسى دەپ تۇرىۋالىدۇ (پىلاتون* ۋە گېگېل*نىڭ "ئوبيېكتىپ" ئىدېيالىزمى)، بىر بولسا دۇنيا تۇيغۇ جەريانىدا شەكىللەنگەن، چۈنكى شەيئى "تۇيغۇلار قوشۇلمىسى"دىن ئىبارەت دەپ ھېسابلايدۇ (بېركلى* ۋە ماخىزىمچىلارنىڭ سۇبيېكتىپ ئىدېيالىزمى)، بىر بولسا دۇنيانى بىلىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى پرىنسىپ جەھەتتە ئىنكار قىلىدۇ (يۇم* ۋە كانت*نىڭ بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى). جاھانگىرلىك دەۋرىدىكى ئەكسىيەتچىل بۇرژۇئازىيە پەلسەپىسى ئىنسانلارنىڭ بىلىشىنى مىڭبىر ئاماللار بىلەن چەكلەش، تۆۋەنلىتىشكە ئۇرۇنىدۇ. لېنىن كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، بۇنداق ئەكسىيەتچىل بۇرژۇئازىيە پەلسەپىسىنىڭ بىلىش نەزەرىيىسىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىشتىن مەقسىدى تۈرلۈك تىلسىملاشتۇرۇشقا ۋە جىن-ئەرۋاھلار ھەققىدىكى تەلىماتلارغا ھامىيلىق قىلىشتىن ئىبارەت. ئۇ ئوبيېكتىپ دۇنيانى پرىنسىپ جەھەتتە بىلگىلى بولمايدىغانلىقنى بىلىش نەزەرىيىسى بىلەن ئىسپاتلىماقچى ۋە بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ قانۇنىيەتلىرىنى

بىلىشكە بولىدىغانلىقىغا ۋە دۇنيانى ئىنقىلاپ ئارقىلىق ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسى يۇقىرى بولىدۇ. ماركستىن بۇرۇنقى ماتېرىيالىزم دۇنيانى بىلىشكە بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئەمما ئۇ بىلىشكە مېتافىزىكىلىق ئاساستا قارايدۇ، دىيالېكتىكىنى بىلىش جەريانىغا تەتبىق قىلالمايدۇ. ھەقىقەتنى بىلىش تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى دەپ چۈشىنەلمەيدۇ. كونا ماتېرىيالىزم بىلىشنى تەبىئەتنى بىۋاستە كۆزىتىشتىن ئىبارەت قىلىپ قويىدۇ. چۈنكى ئۇ ئادەم توغرىسىدىكى ئابستراكت ئىدىيىنى ئاساس قىلىدۇ، ئۇ ئادەمنىڭ ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنىڭ بىلىش تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ماركسىزىملىق پەلسەپىۋى ماتېرىيالىزىملا ئىلمىي بىلىش نەزىرىيىسىنى تارىختا بىرىنچى بولۇپ بەرپا قىلدى (**بىلىش*: ئىنكاس نەزىرىيىسى*؛ نەزىرىيە ۋە ئەمەلىيەت***كە قاراڭ).

تەبىئەت دۇنياسى، جەمئىيەت ۋە تەپەككۇر تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ ئومۇمى قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بەرگەن ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكا بىردىن-بىر ئىلمىي بىلىش نەزىرىيىسىنى ھازىرلاپ بەردى. ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكىنىڭ "ئۆزى ھازىرقى ۋاقىتتا ئېيتىلىۋاتقان بىلىش نەزىرىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنداق بىلىش نەزىرىيىسى ئۆزىنىڭ ئوبيېكتىنى ئوخشاشلا تارىخىي يوسۇندا كۆزىتىشى كېرەك، بىلىشنىڭ مەنبەسى ۋە راۋاجلىنىشىنى، يەنى بىلمەسلىكتىن بىلىشكە ئۆتۈشنى تەتقىق قىلىشى ۋە يىغىنچاقلىشى كېرەك" (لېنىن. «ماركس، ئېنگېلس ۋە ماركسىزم توغرىسىدا»، 1977-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 17-بەت).

Агностицизм 不可知论 **بىلگىلى بولماسلىق نەزىرىيىسى**

(گرېكچىسى αγνωστος—بىلگىلى بولمايدىغان) بىر خىل ئىدىيالىستىك نەزىرىيە، ئۇ، دۇنيانى بىلگىلى بولمايدۇ، ئىنسانلارنىڭ

ئەقلى چەكلىك بولىدۇ، ئۇيغۇدىن باشقا ھېچنەرسىنى بىلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. 18-ئەسىردىكى **يۇم*** بىلەن **كانت***نىڭ پەلسەپىسى بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسىنى تۈزدى. 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى بۇرژۇئا پەلسەپىدە ۋە جاھانگىرلىك دەۋرىدە، بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى ئىنتايىن زور دەرىجىدە تەرەققى قىلدى.

لېنىن **«ماتېرىيالىزىم ۋە تەجرىبە تەنقىدچىلىكى»*** دېگەن كىتاۋىدا ماتېرىيالىزىمنىڭ بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى بىلەن ئۇيۇتىن قارىمۇ-قارشى ئىكەنلىكىنى ئېنىق شەرھىلەپ بەردى. ئۇ بۇ كىتاۋىدا، بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسىنىڭ بىرخىل ئۆچىغا چىققان ئىپادىسى بولغان ماخىزىمنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىدى ھەمدە ئۇنىڭ قوغدىغۇچىلىرىنى ئۇزۇل-كېسىل تارمار قىلدى. لېنىن پەلسەپەدىكى ئىككى لۇشيەن ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دېگەن ئىدى: "بىر لۇشيەن: ئۇيغۇ بىزنى نەرسىلەرنىڭ توغرا تەسۋىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ، بىز **شۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزىنى** بىلىمىز، تاشقى دۇنيا بىزنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىمىزغا تەسىر قىلىپ تۇرىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. مانا بۇ — بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى تەرەپدارى قوشۇلمايدىغان ماتېرىيالىزم. خوش، بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى تەرەپدارىنىڭ لۇشيەنىنىڭ **ماھىيىتى** نېمە؟ شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ، ئۇيغۇدىن نېرىغا ئۆتمەيدۇ، **ئۇ ھادىسىلەرنىڭ بۇ دۇنياسىدا توختاپ قالىدۇ**، ئۇيغۇنىڭ چېگرىسىنىڭ تاشقىرىسىدا ھەرقانداق "ھەقىقى ئىشەنچلىك" نەرسىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. **بۇ نەرسىلەرنىڭ ئۆزى** (يەنى ئۆزىدىكى نەرسە......) توغرىسىدا بولسا بىزنىڭ ئۇلارنى ھەقىقى بىلىشىمىز پەقەت مۇمكىن ئەمەس، مانا بۇ — بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى تەرەپدارىنىڭ ئىنتايىن مۇئەييەن باياناتى. دېمەك،... ماتېرىيالىست، ئۆزىدىكى نەرسە مەۋجۇت،

ئۇنى بىلگىلى بولىدۇ، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى تەرەپدارى بولسا ئۆزىدىكى نەرسە توغرىسىدىكى بىلىشكە يول قويمايدۇ، بىزنىڭ ئۆزىدىكى نەرسىنى ھەقىقىي بىلىشىمىز پەقەت مۇمكىن ئەمەس دەپ جاكالايدۇ.* («ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىدچىلىكى»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 176-بەت) يۇم بىلەن كانتنىڭ ۋە باشقا نۇرغۇن ئىدېئالىست پەيلاسوپلار (**كونت**،* **سپېنسېر*** قاتارلىقلار)نىڭ نۇقتىئىنەزەرى ئەنە شۇنداق. بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرى خىلمۇخىل. كانت گەرچە "ئۆزىدىكى نەرسە"نىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ، ئەمما ئۇلارنى بىلگىلى بولىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ؛ يۇم ۋە باشقا بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى تەرەپدارلىرى بولسا شەيئىلەرنىڭ ھەرقانداق ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇقىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدۇ، چۈنكى ئۇلار بۇ مەۋجۇدىيەتنى بىزەمۇ ھەقىقىي بىلگىلى بولمايدۇ دەپ قارايدۇ.

ئېنگېلس **«فېيېرباخ ۋە نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى»*** دېگەن كىتاۋىدا ۋە باشقا ئەسەرلىرىدە بۇ ئىككى خىل نۇقتىئىنەزەرلەرنى چوڭقۇر تەنقىد قىلدى. بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى — **شۈبھىچىلىك*** نىڭ بىلىش جەھەتتىكى بىر خىل ئىپادىسى. بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى تەرەپدارلىرى شۈبھىچىلىك تەرەپدارىدۇر، چۈنكى ئۇلار "ئۆزىدىكى نەرسە"نى بىلىشنىڭ مۇمكىنلىكىدىن شۈبھىلىنىدۇ. بىلىشنىڭ ئوبيېكتىپلىقى ۋە تاشقى دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقى قاتارلىقلاردىن شۈبھىلىنىدۇ. بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى ھازىرقى زامان بۇرژۇئا پەلسەپىسىدە كەڭ تۈردە ئېقىپ يۈرمەكتە، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئىلمىي بىلىشنى ۋە لوگىكىلىق تەپەككۇرنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدۇ، سىرلىقلاشتۇرمىچىلىق ۋە غەيرى ئەقلىيچىلىك قاتارلىقلارنى تەرغىپ قىلىدۇ. بىلگىلى بولما-

لىق نەزەرىيىسىنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ پەننى چەكلەشكە ئۇرۇنغانلىقىدا، چۈنكى ھەقىقىي پەن بارلىق يېڭى، تەرەققىي قىلىپ تۇرىدىغان نەرسىلەرنى قوللايدۇ، ئۆلۈۋاتقان، چىرىۋاتقان نەرسىلەرگە قارشى تۇرىدۇ. بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى پەيلاسوپلىرى ئەمگەكچى خەلقنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى بىلىشكە بولغان دىققەت-ئېتىۋارىنى بۇراشقا كۆچەپ ئۇرۇنىدۇ، چۈنكى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت مۇقەررەر ھالدا ئەمگەكچى خەلقنى كوممۇنىزمغا قاراپ مېڭىشقا يېتەكلەيدۇ.

ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسىنى رەت قىلدى، پەن تەبىئەت دۇنياسىدىكى ۋە جەمئىيەتتىكى ھادىسىلەرنى كۈندىن-كۈنگە چوڭقۇر ۋە ئەترابلىق بىلىۋاتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بىلىشىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇتلەق چەك مەۋجۇت ئەمەس. تەبىئەت دۇنياسىدا بىلگىلى بولمايدىغان نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. پەقەت ئاللىقاچان بىلىۋېلىنغان نەرسە ۋە تېخى بىلىۋېلىنمىغان، ئەمما كەلگۈسىدە پەن ۋە ئەمەلىيەتنىڭ كۈچى تەرىپىدىن ئېچىلىدىغان ۋە بىلىۋېلىنىدىغان نەرسە دېگەن پەرقلا مەۋجۇت.

**بىۋاسىتە سېزىم** Интуиция 直觉 ئىدېئالىستلار بىۋاسىتە سېزىمنى ئىچكى بىۋاسىتە كۆزىتىشنىڭ پەۋقۇلئاددە ئىقتىدارى، ئىلھامى دەپ چۈشىنىدۇ، كىشىلەر بۇ خىل ئىلھامدىن پايدىلىنىپ، ئاڭنىڭ ئەقلىي پائالىيىتى (لوگىكىلىق پائالىيەت)سىزمۇ ھەقىقەتنى بىلەلەيمىش. ئەنە شۇنداق چۈشىنىلگەن بىۋاسىتە سېزىم بىرخىل ئاجايىپ، سىرلىق ۋە ئەقلىي بولمىغان بىلىش ئىقتىدارى بولىدۇ (**شېللىڭ***، ھارتمان، **بېرگسون***). ماتېرىيالىست **سپىنوزا***نىڭ تەلىماتىدا، بىۋاسىتە سېزىم ئەقىل ئەلاچىلىقى خاراكتېرىغا ئىگە ھەمدە ئۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى بىر خىل يۇقىرى دەرىجىلىك ۋە ئەقلىي بولغان، قىزغىنلىق ۋە تۇيغۇغا ئالدانمىغان بىلىش بولىدۇ.

ئىدىيالىستلار ئاڭ بەزىدە بەزى مەسىلىلەرنى "ئۆشتۈمتۈت" ھەل قىلا-
لايدۇ، دېگەن قىياسقا ئاساسەن، بىۋاستە سېزىم ئۇقۇمىنى سىرلىقلاش-
تۇرۇۋەتتى. ئەمەلىيەتتە، دەل دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ تەلىم
بەرگىنىدەك: بىزنىڭ بەزىدە ھەقىقەتنى سەزگۈرلۈك ۋە بىۋاستە
سېزىم بىلەن ئاڭقىرىۋالىدىغان بىلىش ئىقتىدارىمىز تەجرىبىنى ئاساس
قىلغان، يەنى ئىلگىرى ئېرىشكەن ئەمەلىي بىلىمنى ئاساس قىلغان،
مۇشۇ بىلىملەر مەسىلىلەرنى گويا "ئۆشتۈمتۈت" توغرا ھەل
قىلىش ئىمكانىيىتىنى بەرگەن. شۇڭا، دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم
ئەمەلىيەتكە، ئاڭنىڭ لوگىكىلىق پائالىيىتىگە تايانمايدىغان يەۋقۇلئاددە
تۇغما بىلىش، دەپ ئىدىيالىستىك يوسۇندا چۈشەندۈرۈلگەن ئۇنداق
بىۋاستە سېزىمنى ئىنكار قىلىدۇ.

**بىۋاستە سېزىمچىلىك** Интуитивизм 直觉主义

بۇرژۇئا پەلسەپىسىدىكى بىر ئەكسىيەتچىل سۇبيېكتىپ ئىدىيالىستىك
ئىلمىي ئېقىم. ئۇ كىشىلەرنىڭ تۇيغۇ، ئەقىل ۋە ئەمەلىي پائالىيەت
ئارقىلىق دۇنيانى بىلەلەيدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ، بىۋاستە سېزىم
بىلىشنىڭ بىردىن-بىر مەنبەسى دەپ دەۋا قىلىدۇ ھەمدە بىۋاستە
سېزىمنى بىر خىل يەۋقۇلئاددە سىرلىق "ئاڭدىن تاشقىرى" ئىقتىدار
قىلىپ ئىدىيالىستىك يوسۇندا چۈشەندۈرىدۇ. ھازىرقى زامان بۇرژۇئا
پەلسەپىسىدە بىۋاستە سېزىمچىلىكنىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋەكىلى
بېرگسون*.

**بوتېۋ،** خرىستو Ботев, Христо 波特夫，赫利斯多 (1848—1876)
بۇلغارىيىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى ۋە ماركسىزم ئىلگىرىكى ماتېرى-
يالىزمنى ياقىلىغۇچى پەيلاسوپ. بوتېۋنىڭ دۇنياقارىشىدا ئىنقىلاۋىي
دېموكراتىزم بىلەن خىيالىي سوتسىيالىزم زىچ بىرلىشىپ كەتكەن.
**گېرتسېن** بىلەن **چېرنىشېۋسكى*** بوتېۋنىڭ نۇقتىنەزىرىنىڭ شەكىل-
لىنىشىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن، بوتېۋ بۇلغارىيىدە ئۇلار-

نىڭ ماتېرىيالىستىك ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلدى. خرىستو بوتېۋ روسىيەدە ئۈچ يىل تۇرغان ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزىملىق ئىدىيىسىنىڭ تەرەققىياتىدا ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. بۇلغارىيە دېخانلار ئىنقىلاۋىنىڭ يولباشچىسى بوتېۋ، تۈركىيە فېئوداللىرى ۋە ئەل ئىچىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، بۇلغارىيەدە سوتسىيالىزىم تۈزۈمىنى ئورنىتىش مۇمكىن، دەپ ھېسابلىدى. بوتېۋنىڭ قارىشىچە، "سوتسىيالىزىم پىرىنسىپى" دېخانلارنىڭ يېزا جامائەلىرىدە ئەسلىدىن مەۋجۇت ئىدى. ماركسنىڭ «كاپىتال» دېگەن ئەسىرىنىڭ 1-تومى ۋە غەرپ ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، بوتېۋ ۋاپات بولۇشتىن بىرقانچە يىل بۇرۇن، سوتسىيالىزىمنىڭ يارىتىقۇچىلىرى پرولېتارىيات بولىدۇ، دېگەن پىكىرنى چىقاردى. لېكىن، ئۇ خاتا ھالدا، ئادەتتىكى كەمبەغەللەرنى پرولېتارىيات دەپ قارىدى. ئۇ تارىخىي جەرياننى ئەقىلنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ كۆرەش جەريانىدا راۋاجلانغانلىقى ۋە مۇكەممەللەشكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارىدى. بوتېۋ تەبىئەت دۇنياسى توغرىسىدىكى نۇقتىنەزەر جەھەتتە ماتېرىيالىست ئىدى. ئۇ دىنىنى قاتتىق سۆكۈپ، دىن ئەمگەكچىلەرنى روھىي جەھەتتىن قۇل قىلىشنىڭ قورالى، دەپ ھېسابلىدى. ئىنقىلاۋىي پائالىيەت جەريانىدا، بوتېۋنىڭ دىيالېكتىكىسى راۋاجلىنىشقا مۇۋەپپەق بولدى. ئۇ مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىش ھالىتىدە تۇرماقتا: "رەھىمسىز تارىخ لوگىكىسى كونا، چىرىك نەرسىلەرنى يوقىتىشنى......يېڭى، ساغلام ۋە ئىنسان تەبىئىتىنىڭ نەرسىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ." يېڭى شەيئىلەر كونا شەيئىلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ. ئۇ ئىنقىلاپ ئىجتىمائىي كۆرەشنىڭ ئالىي شەكلى. "ھەر بىر مىللەتنىڭ زەپەر دەرۋازىسى" دەپ ھېسابلىدى. بوتېۋ لىبېراللارنى ئۈزۈل-كېسىل تەنقىت قىلدى.



بوتيۋ قىزغىن ۋەتەنپەرۋەر ۋە ئىنتېرناتسىونالىزمچى ئىدى، مىللەتچىلىك ۋە جاھانپەرەسلىكنىڭ دۈشمىنى، سلاۋيان مىللەتلىرى خەلقىنىڭ دوستى ئىدى. ئىستېتىكا جەھەتتە، بوتيۋ چېرنىشېۋىسكىنىڭ نەزەرىيىسىنى ياقلىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا رېئالىزم بىلەن ئىنقىلاۋىي رومانتىزم ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەن. بوتيۋنىڭ شېئىرلىرى بۇلغارىيىنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەرىكىتى تارىخىدا ئىنتايىن زور دەرىجىدە سەپەرۋەر قىلىش رولىنى ئوينىدى (1948-يىلى نەشر قىلىنغان «خرىستو بوتيۋ تاللانما ئەسەرلىرى» ۋە 1952-يىلى نەشر قىلىنغان «خرىستو بوتيۋ ماقالىلىرى توپلىمى»غا قاراڭ).

**بوگدانوۋ، ئالېكساندر ئالېكساندروۋىچ** **波格丹诺夫，**亚历山 **Боданов, Александр Александрович** 大.亚历山大罗维奇 (1873—1928) روسىيە سوتسىيال-دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، كەسپى دوختۇر؛ بىر مەھەل بولشېۋىكلەرگە قوشۇلۇپ يۈرگەن. ئۇ 1905-يىل ئىنقىلاۋىدىن بۇرۇنلا پەلسەپە جەھەتتە شىۋېبىگچىلىق كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلىغان. ئىنقىلاپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىياسىي كۈرەش ۋەزىپىلىرى توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەر، جەھەتتە ۋە پەلسەپە جەھەتتە ئۇنىڭ بولشېۋىكلەر بىلەن بولغان ئىختىلاپلىرى تېخىمۇ روشەنلەشتى. بوگدانوۋ بولشېۋىكلەرگە قارشى گۇرۇھ بولغان "ئالغا گېزىتى تەرەپدارلىرى" ۋە "چاقىرىۋالغۇچىلار"نىڭ تەشكىلاتچىسى. لېنىن ئۇلارنى "شەكلىنى ئۆزگەرتكەن" مېنشېۋىكلەر، يېڭى ئەمەلدىن قالدۇرغۇچىلار دەپ ئاتىدى. ئەكسىيەتچىلىك دەۋرىدە، بوگدانوۋ ماركسىزمغا قارشى

ئۇرغۇچىلارنىڭ كاپۇر ئارىلى پارتىيە مەكتىۋىنىڭ تەشكىلاتچىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ بازاروۋ، لۇناچارىسكى، مېنشېۋىكلاردىن يۇشكېۋىچ ۋە ۋالېنتىنوۋلار بىلەن بىللە ماركسىزملىق پەلسەپە نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىغا قارشى چىقتى. بوگدانوۋ ماخىزمچە پەلسەپىسىنىڭ ئالاھىدە تۈرى بولغان تەجرىبە بىر ھەدىبەچىلىكى*نى ياراتتى. لېنىن «ماتېرىئا-يالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىدچىلىكى»* دېگەن كىتاۋىدا بوگدانوۋنىڭ پەلسەپە كۆزقارىشىنى قاتتىق تەنقىت قىلدى.

1913-يىلى بوگدانوۋ «تومۇمىي يۈزلۈك ئۇيۇشتۇرۇلغان پەن» دېگەن كىتاۋىنى ئېلان قىلدى، بۇ كىتاپ ماركسىزمغا نىسبەتەن باشتىن-ئاياق دۈشمەنلىك بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇ ئىدىيالىزم بىلەن مېخانىكچىلىقنىڭ ئەكسىيەتچىل بىرىكمىسى. بۇ كىتاپتا دەۋا قىلىنغان "ئۇيۇشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتىسنەزەر"نىڭ تۈپ مەنىسى جەمىيەت تەرەققىياتىدىكى ئىقتىسادىي مەسىلە ۋە باشقا مەسىلەرنىڭ ئىجتىمائىي، سىنىپىي مەزمۇنىنى يۇتتۇللەي يوققا چىقىرىشتىن، ئالاھىدە جەمىيەت قانۇنىيىتىنى مېخانىك ھەركەت قانۇنىيىتى قىلىپ قويۇشتىن ئىبارەت. "ئۇيۇشتۇرۇلغان پەن" سىنىپىي دۈيكاللىق بولغان جەمى-يەتتە، تەرەققىياتنىڭ تۈپ ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچى سىنىپىي كۈرەش ئەمەس، بەلكى جەمىيەت بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدا "تەڭپۇڭلۇق ئورنىتىش"تىن، شۇنداقلا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى "تەشكىللەش"تىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ. ئۇ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىشلەپ-چىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدىن ئايرىلغان تولۇق تېخنىكا جەريانىدىن ئىبارەت، دەپ ھىساپلايدۇ. بۇخارىن ۋە سوۋېت خەلقىنىڭ باشقا دۈشمەنلىرى بوگدانوۋنىڭ "تەشكىللەنگەن پەن" دېگەن ئىسمىدىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قارشى چىقتى. ئۇلۇغ ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، بوگدانوۋ "پرولېتارىيات مەدەنىيىتى" توغرىسىدىكى مېنشېۋىكلىك-ماخىزملىق

نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى، كوممۇنىستىك پارتىيە سوۋېت سوتسىيالىستىك مەدەنىيىتى بىلەن سىغىشالمايدىغان بۇنداق دۈشمەن نەزەرىيىنى ئېچىپ تاشلىدى.

**بۇتلېروۋ، ئالېكساندىر مىخايلوۋىچ** 布特列罗夫，亚利 Бутлеров, Александр Михайлович 山大·米哈伊洛维奇 (1828—1886) ئۇلۇغ رۇس خىمىكى، ئورگانىك بىرىكمىلەرنىڭ خىمىيىلىك تۈزۈلۈشى توغرىسىدىكى نەزەرىيە (1861)نىڭ ئاساسى سالغۇچىسى. بۇ نەزەرىيە خىمىيىنىڭ ئىلگىرىكى پۈتۈن تەرەققىياتىنىڭ يەكۈنى ۋە ھازىرقى زاماندا ھەر خىل خىمىيىلىك بىرىكمىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ تەجرىبىخانىلاردا ھەم سانائەتتە بىرىكىش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىشنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى بولدى. بۇتلېروۋ بۇ نەزەرىيىنى تەتقىق قىلغان چاغدا، ئىستىخىيىلىك ھالدا ماتېرىيالىستىك مەيداندا بولدى. ئۇ ئاتومنىڭ ئوبيېكتىپ چىنلىقىنى ۋە ئاتومنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چەكسىز بىلىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. بۇتلېروۋ، ماددىنىڭ ھەر خىل ئالاھىدىلىكلىرى ئۆزئارا سەۋەپ-نەتىجە باغلىنىشىدا بولىدۇ، دەپ كورسەتتى. ئۇ، خىمىيە نەزەرىيىسى تەجرىبە ماتېرىياللىرىنىڭ يەكۈنى، دەپ كورسەتتى ھەمدە تەبىئەت كۈچلىرىنى بويسۇندۇرۇش ھەم ئۇنى ئىنسانلار جەمئىيىتىگە خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، تەجرىبە ماتېرىياللىرىنى يىغىنچاقلىغان ئاشۇ نەزەرىيىنى ئىگەللەش كېرەك دەپ ئالاھىدە تەكىتلىدى. بۇتلېروۋ ژېرار بىلەن كېكۇلېنىڭ بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى نۇقتىسىنەزىرىگە قارشى كۆرەش قىلىش داۋامىدا، بىر مۇرەككەپ مالېكۇلىنىڭ خىمىيىلىك خاراكتېرىنىڭ مۇشۇ مالېكۇلىنى تەشكىل قىلغان ئاتوملارنىڭ خاراكتېرى، سانى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى خىمىيىلىك مۇناسىۋەت ھەم ئۆزئارا تەسىر كورسىتىشكە باغلىق بولىدىغانلىقىنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن دەلىللەپ بەردى. بۇتلېروۋ ئۆزىنىڭ مالېكۇلىلارنىڭ



خىمىيىلىك تۈزۈلۈشى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىدە، مالېكۇلىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاتوملار ئوتتۇرىسىدىكى خىمىيىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسى بولغان ھەممە ھەر خىل ئەملىي نەرسىلەردىكى مالېكۇلىلارنىڭ ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى خىمىيىلىك مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسى بولغان ئومۇمىي قانۇنىيەتنى ئېچىپ بەردى. بۇ قانۇنىيەت بۇتلېروۋ نەزەرىيىسىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنىدۇر. بۇ قانۇنىيەت بۇقۇرىدا بايان قىلىنغان خىمىيىلىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ ماھىيىتىنى يەنى خىمىيىلىك ھادىسىلەرنىڭ سەۋەبىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇتلېروۋ خىمىيىلىك ئۆزگىرىشلەرنى تەتقىق قىلغاندا، مالېكۇلىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاتوملار ئوتتۇرىسىدىكى خىمىيىلىك مۇناسىۋەتنى، ئاتوملارنىڭ بىرىكىش تەرتىۋىنى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى تەسىرنىڭ خاراكتېرىنى يەلگىلەشكە مۇمكىن بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بۇتلېروۋ مالېكۇلىدىكى ئاتوملار (بۇ ئاتوملار مەيلى بىۋاسىتە بىرىككەن بولسۇن، ياكى باشقا ئاتوملار ئارقىلىق بىرىككەن بولسۇن)نىڭ بىر بىرىگە بولغان تەسىرىنى مۇھاكىمە قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئالاھىدە كۆرسەتتى. مالېكۇلىدىكى ئاتوملارنىڭ بىر بىرىگە تەسىر قىلىشى توغرىسىدىكى تەلىمات بۇتلېروۋنىڭ نەزەرىيىسىنىڭ بىر تەركىۋىي قىسمى. بۇتلېروۋ مالېكۇلىنىڭ خىمىيىلىك ئالاھىدىلىكىنىڭ مالېكۇلىنىڭ خىمىيىلىك تۈزۈلۈشىگە بولغان بېقىندىلىقىنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتە تەتقىق قىلىشقا بەكمۇ دىققەت قىلدى. بۇتلېروۋ ئىزومېر ھادىسىلىرىنى نەزەرىيە جەھەتتىن چۈشەندۈردى. ئۇ خىمىيىلىك ھادىسىلەر ماددىلار ھەركىتىنىڭ ئىپادىسى دەپ ھېسابلىدى. شۇڭا ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: نۇرغۇن خىمىكلارنىڭ چۈشەنچىسىنىڭ ئەكسىچە، مالېكۇلا قانداقتۇ ھەركەتلەنمەي جىم تۇرىدىغان نەرسە ئەمەس،

مالېكۇلىدىكى ئاتوملار ئۈزلۈكسىز ھەركەتلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ— مالېكۇلىنىڭ خىمىيىلىك تۈزۈلۈشىگە بولغان ئىستىخىيىلىك، دىيالېكتىك قاراش، بۇ قاراشقا ئاساسەن، بۇتلېروۋ 1877 ـ يىلى خىمىيە تارىخىدا بىرىنچى قېتىم تائۇتومېر ھادىسىسىنى، يەنى بەزى ماددىلارنىڭ مالېكۇلىلىرىدا ھېچقانداق تاشقى تەسىر بولمىغان ئەھۋالدا يۈز بەرگەن قايتىلىما ئۆزگىرىشنى چۈشەندۈردى. (مۇشۇنىڭدىن ئىلگىرى، ئۇ 1862 ـ يىلى تائۇتومېر ھادىسىسىنىڭ بىرىنچى خىل ئەھۋالىنى تېپىپ چىققان. 1863 ـ يىلى بۇ كونكرېت ئەھۋالنىڭ "تۈزۈلمىسى"نى چۈشەندۈرگەن ئىدى.) بۇتلېروۋ ھەر بىر مالېكۇلىنىڭ پەقەت بىر خىللا تۈزۈلمىسى بولىدىغانلىقىنى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بەزى خىمىكلار تائۇتومېرلارنى سىرلىقلاشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈشكە كۆچەپ ئۆرۈنغاندا تەشەببۇس قىلغىنىدەك، بىرلا ۋاقىتتا ئىككى خىل قۇرۇلما بولىدۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئالاھىدە كۆرسەتىپ ئۆتتى. بۇتلېروۋ كۆپ خىل بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەجرىبە جەھەتتە ئۆزىنىڭ نەزەرىيىسىنى ئىسپاتلىدى ھەم راۋاجلاندۇردى.

بۇتلېروۋنىڭ نەزەرىيىسى خىمىيىلىك بىرىكىش ئۈچۈن بولۇپمۇ ئورگانىك خىمىيىلىك بىرىكىش ئۈچۈن كەڭ يول ئېچىپ بەردى، ئۇنىڭ نەزەرىيىسى تەجرىبىخانا ۋە سانائەتتە ئىلمىي ئالدىن كۆرەرلىكنىڭ كۈچلۈك قورالىدۇر. بۇ نەزەرىيىنىڭ ياردىمى بىلەن بىز كۆپلىگەن تەبىئى بىرىكمىلەرنىڭ خىمىيىلىك تۈزۈلۈشىنى بىلىۋالدۇق، بىز تەبىئەت دۇنياسىدا تېپىلمايدىغان مىليونلىغان خىمىيىلىك بىرىكمىلەرنى تەجرىبىخانا ۋە سانائەتتە بىرىكتۈرۈش يولى بىلەن ياساپ چىقتۇق، كۆپ يىللىق ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىسپاتلانغان بۇتلېروۋنىڭ نەزەرىيىسى يېقىنقى نەچچە 10 يىل ئىچىدە ھازىرقى زامان فىزىكىسى تەمىنلىگەن ماتېرىياللار تەرىپىدىن، ئالدى بىلەن، **كۋانت مىخانى-**

كىسى"نى ئاساس قىلغان ئېلېكترون چۈشەنچىسى تەرىپىدىن تېخىمۇ تولۇقلاندى. ئېلېكترون چۈشەنچىسى بىزنى تەبىي پەندىكى خىمىيەلىك باغلىنىشلارنىڭ ماھىيىتىنى، مالېكۇلىدىكى ئاتوملار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا بولىدىغان خىمىيىلىك تەسىرلەرنى ۋە خىمىيىلىك رېاكسىيەلەرنىڭ "قۇرۇلمىسى"نى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى خىمىكلىرى بۇتلېروۋنىڭ نەزەرىيەسىنى ئىسپاتلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە ئەڭ مۇھىم رول ئوينىدى.

بۇتلېروۋنىڭ نەزەرىيىسى ۋە بىرىكىش ئۇسۇلى ئىدىيالىستىك "جانلىق كۈچ" چۈشەنچىسىگە ئۈزۈل-كېسىل زەربە بەردى، بۇ چۈشەنچە بويىچە بولغاندا، "جانلىق كۈچ" جانلىق ئورگانىزمدا رول ئوينايمىش ھەم ئۇ ئورگانىك بىرىكمىلەرنىڭ بىرىكىشىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرەلەيدىغان بىردىن-بىر سەۋەبمىش. خىمىيە بىلەن مۇناسىۋىتى بولمىغان ئادەتتىكى پەلسەپە مەسىلىسىدە، بۇتلېروۋ ئىدىيالىست ھەم ئىلاھ چۈشۈرۈش ھېكمىتىنىڭ تەشۋىقاتچىسى ئىدى. لېكىن، بىلىم ساھەسىدىكى بەزى كىشىلەرگە يامان تەسىر پەيدا قىلغان ئىلاھ چۈشۈرۈش ھېكمىتى توغرىسىدىكى تەشۋىقات بۇتلېروۋنىڭ ئىستىخىيىلىك ماتېرىيالىزىم خاراكتېرىغا ئىگە بولغان خىمىيە نۇقتىنەزەرىگە تەسىر قىلالمىدى.

بۇتلېروۋ روسىيە ياش ئىلىم-پەن كادىرلىرىنى تەشكىللىك تۈردە يېتىشتۈرۈش، روسىيە ئىلىم ئېقىمىنى مۇستەھكەملەش، قىزلار-ئالىي ماتارىپىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلغار ئالىي ماتارىپنى يولغا قويۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. ئۇ روسىيە ئورگانىك خىمىيە خىزمەتچىلىرى ئىلمىي ئېقىمىنى ئۆز قولى بىلەن بەرپا قىلدى. ئۇ روسىيىدىكى بەزى ئىلغار، ۋەتەنپەرۋەر پىروفېسسورلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، چار پادىشا ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلىم-پەن جەھەتتىكى ئەكسىيەتچىل

سىياسىتىگە قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ ئىلىم-پەننى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. بۇتلېروۋنىڭ «ماددىنىڭ خىمىيىلىك تۈزۈلۈشى ھەققىدە» (1861)، «خىمىيىلىك تۈزۈلمە نەزەرىيىسىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى ئەھمىيىتى» (1879)، «خىمىيىلىك تۈزۈلمە ۋە 'ئورۇننى ئېلىش رولى نەزەرىيىسى'» (1885) قاتارلىق ئەسەرلىرى بار («بۇتلېروۋنىڭ ئورگانىك خىمىيە توغرىسىدىكى ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، 1951-يىل نەشرىگە قاراڭ).

**بۇددا دىنى** Буддизм 佛教 دىنلارنىڭ بىرى، مىلادىدىن 6-5 ئەسىر ئىلگىرى ھىندىستاندا بارلىققا كەلگەن. بۇددا دىنى پاسسىپ ۋە تەقدىرگە تەن بېرىدىغان ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىپ، كىشىلەرنى ھازىرقىغا شۈكرى قىلىشقا ئۈندەيدۇ. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ھۆكۈمران سىنىپلار ئۇنى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى ھەمدە ئۇ مىلادىدىن 3 ئەسىر ئىلگىرى ھىندىستاننىڭ دۆلەت دىنى بولۇپ قالدى. بۇددا دىنى پەيدىن-پەي ھىندىستاندا ئۆز رولىنى يوقىتىپ، جۇڭگو، ياپونىيىلەردە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، شەرقىي ئاسىيادىكى باشقا مەملىكەتلەردە كەڭ تارقالدى. ئۇ يەتكەنلا يېرىدە شۇ يەرنىڭ شارائىتىغا ماسلاشتۇرۇلدى ھەمدە شۇ جايلارنىڭ بۇرۇنقى ئېتىقات ئادەتلىرى ئۇنىڭغا قوبۇل قىلىندى. موڭغۇلىيە ۋە شىزاڭدا بۇددا دىنى لاما دىنى شەكلىنى ئالدى. بۇددا دىنى كەڭ تارقالغان مەملىكەتلەردە، بۇددا دىنى فېئوداللىق تۈزۈمنى مۇستەھكەملەشتە پائال رول ئوينىدى. بۇددا دىنىنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ئىنتايىن زور فېئودال غوجىلارنىڭ ئىلكىدە بولاتتى.

بۇددا دىنى جاننىڭ قايتا تىرىلىشى توغرىسىدىكى ئەقىدىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئۇنىڭدا ئۆلگۈچىنىڭ جېنى شۇ كىشىنىڭ "بۇرۇنقى ئۆمرى"دىكى ھەركىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىغا قاراپ ئادەمگە، ھايۋانغا ياكى ئوسۇملۈككە ئايلىنىدۇ دېيىلىدۇ. بۇددا دىنىنىڭ بۇ خىل

ئەقىدىسى ئەمگەكچى خەلقنى روھىي جەھەتتىن قۇل قىلىش قورالى. ئەمگەكچى خەلقنى ئازاپ-ئوقۇبەتلىك ھازىرقى ھالەتكە شۈكرى قىلىشقا ئۈندەيدىغان قورال. بۇددا دىنى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئازاپ-ئوقۇبەتكە ئۇچرىشى ئۇلارنىڭ "بۇرۇنقى ئۆمرى"دە گويا قىلغانلىقىدىن بولغان، دەيدۇ. ئۇ كىشىلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرۈش، ئۆزىگە ھاي بېرىش، سەۋىرچان بولۇش، يامانلىققا قارشى چىقماسلىق، پانىي ئالەمدىكى گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلمەسلىككە دالالەت قىلىدۇ. بۇددا دىنىنىڭ تەلىماتلىرى بويىچە، ئازاپ-ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، "نىرۋانە" ھالەتكە يېتىش، يەنى بارلىق ئارزۇ-ھەۋەسلەردىن كېچىش، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ پېيىگە چۈشۈش خاھىشلىرىنى تىزگىنلەش لازىممىش. بۇددا دىنى ئۆز ئېتىقاتچىلىرىنىڭ روھىي ھالىتىگە ئۆتشاق-چۈشەك مۇراسىملارنى بەلگىلەش بىلەن تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار ھەمىشە بۇددا دىنىنىڭ ئەكسىيەتچىل ئىدىيىسىدىن پايدىلىنىپ، ئاممىنىڭ نامراتلىق ۋە ھوقۇقسىزلىققا بولغان قارشىلىقىنى باستۇرىدۇ، سىنىپىي دۈشمەنلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ. ھازىرقى زامان جاھانگىر بۇرژۇئازىيىسى بۇددا دىنىدىن، بۇددا دىنى تەشكىلاتلىرىدىن، بۇددا دىنىنىڭ ئەكسىيەتچى يۇقىرى قاتلام ئۆتسۇرلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرماقتا.

**Объектив- 资产阶级的客观主义 بۇرژۇئا ئوبيېكتىپچىلىقى**
**изм буржуазный** تارىخىي جەرياننىڭ مۇقەررەرلىكى ۋە قانۇنىيەتلىكلىكى ھەققىدىكى بىر خىل چۈشەندۈرۈش، ئۇ كاپىتالىزىم تۈزۈمىنى قوغدايدۇ ۋە مەدھىيىلەيدۇ. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ بۇرژۇئا ئۇقۇمنەزىرىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان "پارتىيىزلىك" بىلەن نىقابلايدۇ. "ئوبيېكتىپچىلىق" ئەمەلىيەتتە سۇبيېكتىپچىلىقتىن، ئېكسپىلا-

تاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەقىقىي ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى قەستەن يوققا چىقىرىش-تىن ئىبارەت. مەسىلەن، **"قانۇنىي ماركسىزم"**نىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان ستروۋې 19-ئەسىردىكى روسىيىدە كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى تارىخىي مۇقەررەرلىكنى بىلمەيدىغان نارودنىك-لارنى تەنقىتلىگىنىدە، كاپىتالىزىمغا قارشى كۈرەشتىن ۋاز كېچىشنى تەرغىب قىلىدۇ، ئۇ بۇنىڭدا كاپىتالىزىم ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىك بويىچە تەرەققىي قىلىدۇ، دېگەننى ئاساس قىلىدۇ. ئۇ كاپىتالىزىمدىكى يارىشتۇرۇپ بولمايدىغان زىددىيەتلەرنى ۋە بۇ زىددىيەتلەرنىڭ راۋاجلىنىشى مۇقەررەر يوسۇندا پرولېتارىيات ئىنقىلابىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. بۇنداق ئوبيېكتىپچىلىق-نىڭ ئەكسىچە، ماركسىزم-لېنىنىزىم: كاپىتالىزىم تارىخىي مۇقەررەر-لىككە ئاساسەن پەيدا بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ ھالاك بولۇشىمۇ قانۇنى-يەتكە تارىخىي رەۋىشتە ئۇيغۇن بولىدۇ، دېگەننى ئىسپاتلىدى. ماركسىزم ئىلمىي تەھلىل قىلىنغان ئوبيېكتىپلىققا پارتىيىۋىلىك ئاساسىدىن قارايدۇ، ئۇ بىزدىن تارىخىي ۋەقەلەرگە ئىنقىلابىي پرو-لېتارىيات نۇقتىنەزىرىدىن باھا بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ماركسىزملىق پارتىيىۋىلىك شەيئىلەرنى ھەقىقىي تۈردە ئوبيېكتىپ تەتقىق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېتىراپ قىلماسلىق ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ تامامەن مۇشۇنداق تەتقىقاتنى ئاساس قىلىدۇ. دەل تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ جەريانى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشى سوتسىيالىزىمنى كاپىتالىزىمنىڭ ئورنىغا ئىنقىلابىي تەرزدە دەسسىتىدۇ. ئىنقىلابىي ماركسىزمچىلار رىياللىقنى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ھەقىقىي ئوبيېكتىپ تەھلىل قىلىشتىن قورقمايدۇ، چۈنكى بۇنداق تەھلىل ماركسىزم-لېنىنىزم تەلى-ماتىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ماركسىزمدا پارتىيىۋىلىك

بىلەن ئىلمىي ئوبيېكتىپلىق بىر بىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. بۇرژۇئازىيە ئىدېئولوگىيىسى بولسا بىلىش جەھەتتىكى ئىلمىي ئوبيېكتىپلىققا زىت كېلىدۇ. شۇڭا، بۇرژۇئا پەيلاسوپلىرى ئۆزلىرىنىڭ سىنىپىي ماھىيىتىنى "ئوبيېكتىپچىلىق"، "پارتىيىسىزلىك" بىلەن يوشۇرۇشقا كۈچەپ ئۇرۇنىدۇ.

كوممۇنىستىك پارتىيە ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىدىكى بارلىق ئوبيېكتىپچىلىق ئىپادىلىرىگە قارشى تۇرىدۇ. بۇنداق ئىپادىلەر بۇرژۇئا ئىدىيىسىنىڭ قالدۇقى بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر قىسىم پەيلاسوپلىرى، ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىچىلىرى، تارىخشۇناس-لىرى قاتارلىقلار ئارىسىدا تېخىچە ساقلانماقتا. سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىدىيە مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارارىدا، 1947-يىلى ئېلىپ بېرىلغان پەلسەپە مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى مۇھاكىمىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «پەلسەپە تارىخى» نىڭ 3-تومىدىكى كەمچىلىكلەر توغرىسىدىكى قارارىدا، ئوبيېكتىپچىلىق ۋە **مۇنبەر سوتسىيالىزمى*** نىڭ قالدۇقلىرى كەسكىن تەنقىد قىلىندى. ئوبيېكتىپچىلىقنىڭ پەلسەپىدىكى ئىپادىلىرى: ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدېئالىزمدىن ئىبارەت ئىككى پەلسەپىۋى لاگېر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشكە سەل قاراش، ماتېرىيالىزمنىڭ دۈشمەنلىرىنى كەسكىن تەنقىتلەشنى بىلمەسلىك ياكى خالىماسلىق، قارىيلىق قىلىش، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتتىن ئايرىۋېتىش، ئىلغار پەلسەپىۋى ئىدىيە ئۆزىنىڭ ھەر بىر قەدىمىنى تۈرلۈك ئەكسىيەتچىل نۇقتىنەزەرلەرگە قارشى جىددىي كۈرەشلەر ئارقىلىق باسىدىغانلىقىنى چۈشەنمەسلىكتىن ئىبارەت. جەڭگۇۋارلىق، پارتىيىۋىلىك ۋە ھۇجۇم قىلىدىغان روھنىڭ يوق بولۇشى ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ئىنقىلاۋىي ماھىيىتىگە زىت كېلىدىغان ئوبيېكتىپچىلىقنىڭ ئالامىتى. پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازلىرى

ماركس، ئېنگېلس، لېنىن ۋە ستالىننىڭ ئەسەرلىرى بۇرژۇئا ئىدېئولوگىيىسىگە قارشى تۇرۇش، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بارلىق دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇش كۈرەشلىرىدە ئىنقىلاۋىي جەڭگىۋارلىقنى نامايەن قىلىشنىڭ ئۈلگىسىنى كۆرسەتتى. (پەلسەپىدىكى پارتىيە-ۋىلىك*كە قاراڭ.)

# پ

**پاراللېلىزم** 平行主义 Параллелизм بۇ، پەلسەپە جەھەتتە ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدېئالىزمنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇش قىسمىدە بولغان تەلىمات. ئۇ، رېئال دۇنيادىكى ماددى تەرەپ بىلەن چۈشەنچە تەرەپ پاراللېل بولغان ئىككى قاتار سۈپىتىدە بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتەلمەيدۇ، ئىككى تەرەپ پاراللېل سىزىق بويىچە تەڭ تەرەققى قىلىدۇ دەپ قارايدۇ. پەلسەپىدە **ئىككى مەنىيەچىلىك**" دەپ ئاتالغان تەلىمات مانا مۇشۇنداق. پسىخولوگىيە ۋە فىزىئولوگىيە جەھەتتە، بۇ خىل تەلىمات "پسىخولوگىيىلىك-فىزىئولوگىيىلىك پاراللېلىزم" دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ، روھىي ھالىلىق جەريان نېرۋا جەريانى بىلەن پاراللېل، ئەمما ئۇنىڭ نېرۋا جەريانى بىلەن ئىچكى باغلىنىشى يوق، دەپ ھېساپلايدۇ.

پاراللېلىزمنىڭ بارلىق ئىپادىلىرى ماتېرىيالىزمغا ئىنتايىن زىت كېلىدۇ، چۈنكى ئۇ، روھ، ئاڭ ماددىدىن ئايرىلغان ھالدا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پاراللېلىزم ئىدېئالىزمغا ئوخشاش، ئاڭنىڭ مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ. پسىخولوگىيە ۋە فىزىئولوگىيە جەھەتتە، "پسىخولوگىيىلىك-فىزىئولوگىيىلىك پاراللېلىزم" روھىي ھال ئالىي تۈزۈلۈشلىك ماددا بولغان مېڭىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى قائىدىگە قارشى تۇرىدۇ. پاۋلوۋنىڭ ئالىي نېرۋا پائالىيىتى توغرىسىدىكى تەلىماتىنىڭ پۈتۈن

تېغ ئۇچى پسىخولوگىيىلىك-فىزىئولوگىيىلىك پاراللېلىزىمنىڭ ئىدىيالىستىك نەزەرىيىسىگە قارىتىلغان. پاۋلوۋ بۇ خىل نەزەرىيىنىڭ قوغدىغۇچىلىرىنى "ئىككى مەنبەچىلىك تەرەپدارلىرى—ئانىمىزىمچىلار" دەپ ئاتىدى. پاۋلوۋ مۇنداق بىر "ئىككى مەنبەچىلىك تەرەپدارى" شېللىڭتون ئۈستىدە توختالغاندا: "ئۇ ئىككى مەنبەچىلىك تەرەپدارى، ئۇ كەۋدىنى، ئۆلۈك ھالدا. گويايى بار تەن ۋە مەڭگۈ ياشاپ تۇرىدىغان، مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان روھتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلىدۇ" دېگەن ئىدى. ئىجتىمائىي پەن جەھەتتە، پاراللېلىزىم تارىخىي ماتېرىيالىزىمغا قارشى تۇرىدۇ. چۈنكى تارىخىي ماتېرىيالىزىم جەمئىيەتتىكى روھىي تۇرمۇش ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىنكاسى، ئۇ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ دەپ قارايدۇ.

**پان روھچىلىق** 泛心论 Панпсихизм پەن بىلەن زىتلىشىدىغان ئىدىيالىستىك ئۇقۇمنەزەر، ئۇ بارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىدە جان بار دەپ قارايدۇ. ئۇ **ئانىمىزىم**"نىڭ پەلسەپىدىكى كۆچۈرۈلمىسى. ئۇرغۇن ھازىرقى زامان بۇرژۇئا ئىدىيالىستىك پەيلاسوپلىرى (پېرسونالىزىم تەرەپدارى، "يېڭى چىنلىق نەزەرىيىسى تەرەپدارى" ۋەتخود، "تەنقىدىي چىنلىق نەزەرىيىسى تەرەپدارى" ستراڭ قاتارلىقلار) نىڭ ھەممىسى بۇ خىل چىرىك ئۇقۇمنەزەرنىڭ ئاشكارا مۇرىتلىرى. روھىي ھاللىق ھەركەتنىڭ ماددىي فىزىئولوگىك ئاساسى توغرىسىدىكى ئىلمىي قاراش بۇ خىل ئىدىيالىستىك نەزەرىيىنى پۈتۈنلەي رەت قىلىپ تاشلىدى.

**پان ئىدرەكچىلىك** 泛理论 Панлогизм مەۋجۇدىيەت بىلەن تەپەككۇرنىڭ بىرلىكى توغرىسىدىكى ئىدىيالىستىك (گېگېلچىلىق) نەزەرىيە. پان ئىدرەكچىلىكنىڭ قارىشى بويىچە بولغاندا، تەبىئەت دۇنياسى بىلەن جەمئىيەتنىڭ پۈتكۈل تەرەققىياتى "ئالەم روھى"نىڭ ئەقلى، لوگىكىلىق پائالىيىتىنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلۇشىدىن

ئىبارەت. ماركسىزىملىق پەلسەپىۋى ماتېرىيالىزىم تۇپەيلى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان مەيدانىنى چىقىش قىلىپ، دۇنيا ماددا ھەرىكىتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى بويىچە راۋاجلىنىدۇ، ئۇ ھېچقانداق "ئالەم روھى"غا مۇھتاج ئەمەس، دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ.

**پان ئىلاھچىلىق** 泛神论 Пантеизм (گرېكچە τὸ πᾶν-پان، θεός-ئىلاھ دېگەن سۆزلەردىن كەلگەن) بىر خىل پەلسەپىۋى تەلىمات، بۇ خىل تەلىمات بويىچە بولغاندا، ئىلاھ ئىنسانى بولمىغان مەنىيە؛ بۇ مەنىيە تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرتىدا بولماستىن، بەلكى تەبىئەت دۇنياسى بىلەن تەڭ ئورۇنىدا تۇرىدۇ. دېمەك، پان ئىلاھچىلىق روھنى تەبىئەت دۇنياسىغا سىڭدۈرۈپ، تەبىئەتتىن تاشقىرى مەنبەنى ئىنكار قىلىدۇ. ئىلگىرى ماھىيەت جەھەتتە ماتېرىيالىستىك تەبىئەت قارىشى (مەسىلەن، گىئوردانو، برۇنو* تەلىماتى، بولۇپمۇ سپىنوزا* نىڭ تەلىماتى) ھەمىشە پان ئىلاھچىلىق شەكلىدە مەيدانغا كەلگەن ئىدى، ھازىر پان ئىلاھچىلىق دۇنيانىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئىلاھقا باغلىق دېيىدىغان ئىدىيالىستىك نەزەرىيىگە ئايلىنىپ، بۇرژۇئا پەلسەپىسىنىڭ پەن بىلەن دىننى ياراشتۇرۇش يولىدىكى ئەكسىيەتچىل ئۇرۇنۇشى بولۇپ قالدى.

**پاۋلوۋ، ئىۋان پېتروۋىچ** 巴甫洛夫,伊万·彼得罗维奇 Павлов, Иван Петрович (1849—1936) ئۇلۇغ رۇس فىزىئولوگى ۋە مۇتەپەككۇرى، سوۋېت ۋەتىنىنى قىزغىن سۆيگۈچى ۋەتەنپەرۋەر. پاۋلوۋنىڭ 60 نەچچە يىللىق ئىلمىي پائالىيىتىدە، قان ئايلىنىش، ھەزىم قىلىش ۋە نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئوزۇقلىنىش ئىقتىدارى قاتارلىق فىزىئولوگىيىلىك ساھەلەردە نۇرغۇن مەشھۇر كەشپىياتلىرى بار، ئۇنىڭ چوڭ مېڭە فىزىئولوگىيىسى توغرىسىدىكى تەلىماتىمۇ پەندىكى يېڭى كەشپىيات.

پاۋلوۋ -19-ئەسىردىكى روسىيە ماتېرىيالىستىك پەلسەپىسىنىڭ



ۋە تەبىي پەن جەھەتتىكى ئىلغار ئەنئەنىسىنىڭ ۋارىسى، بولۇپمۇ ئۇ روسىيە فىزىئولوگىيىسىنىڭ ئاتىسى دەپ ئاتالغان **سېچېنوۋ*** تەلىماتىنىڭ ۋارىسى. ئۇ ھايۋانلار ۋە ئىنسانلارنىڭ ئالىي نېرۋا پائالىيىتى توغرىسىدىكى تەلىماتنى ياراتتى، شۇنىڭ بىلەن تەبىي پەندە ھەقىقىي ئىنقىلاپ قىلدى. پاۋلوۋ ئۆزىنىڭ تەلىماتى ئارقىلىق ئىدىيالىستىك پسىخولوگىيىگە ئەجەللىك زەربە بەردى ھەم ھەقىقىي ئىلمىي، ماتېرىيالىستىك پسىخولوگىيىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئاساس سالدى. پاۋلوۋ "روھىي ھالەت سەۋەبى بىلەن شۆلگەي ھاسىل بولۇشى"نىڭ ماھىيىتىنى تەتقىق قىلغاندا: يېيىلگەن نەرسىلەر ئېغىزدا شۆلگەي چىقىرىشقا تەسىر كۆرسەتكەندىن تاشقىرى، ھەرقانداق تاشقى قوزغاتقۇچىلار، مەسىلەن، نۇر، ئاۋاز ۋە تېرىنىڭ تەسىرگە ئۇچرىشى قاتارلىقلارمۇ مۇشۇنداق تەسىرلىك قوزغىتىشتىن كېيىن ھايۋانلار ئوزۇقلاندۇرۇلىدىغانلا بولسا، ھايۋانلارنىڭ شۆلگەي پەيدا قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئىنتايىن مۇھىم پاكىتنى تاپتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، پاۋلوۋ بىرىنچى خىل رېفلېكسنى **شەرتسىز** رېفلېكس، ئىككىنچى خىل رېفلېكسنى بولسا **شەرتلىك** رېفلېكس دەپ ئاتىدى. تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، شەرتلىك رېفلېكس مەيلى مۇسبەت ياكى مەنپىي بولسۇن، شەرتسىز رېفلېكس ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ، ئىككىلا ھالدا ھايۋانلارنىڭ دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان تاشقى مۇھىت شارائىتىغا ناھايىتى ئوبدان ماسلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. شەرتلىك رېفلېكسنى شەكىللەندۈرۈش ۋە بۇزۇشنىڭ ئوبيېكتىپ ئۇسۇلى پاۋلوۋ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنى ھايۋانلارنىڭ ئالىي نېرۋا پائالىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرىنى ئېنىقلىۋېلىش

ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. پاۋلوۋ مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: ۋاقىت-
لىق باغلىنىش يەنى شەرتلىك رېفلېكسنىڭ ھايۋان چوڭ مېڭە
يېرىم شارىنىڭ پوستلۇغىدا شەكىللىنىشى ۋە بۇزۇلۇشى ھەم نېرۋا
سىستېمىسىنىڭ تەھلىل قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيىتى
ھايۋانلارغا مۇرەككەپ رېئاللىقنى ئاڭقىرىش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ.
ئاشقى تەسىر ۋە ئىچكى ئەزا، موسكۇل، سۆڭەك ھەم تۇتاشتۇرغۇچى
ئەزالاردىن ھاسىل بولغان ئىچكى تەسىر ھايۋانغا سىگنال بېرىپ،
فىزىولوگىيىلىك ئەھمىيىتى جەھەتتىن ئۇنىڭغا پايدىلىق ياكى پايدى-
سىز بولغان شارائىتلارنى خەۋەر قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھايۋانلارنىڭ
ئوبيېكتىپ جەھەتتە مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. چوڭ
مېڭە پوستلۇغى مۇشۇ بارلىق سىگناللارنى ئىنكاس قىلىدىغان ۋە
جاۋاب تەرىقىسىدىكى ھەرىكەتلەرنى پەيدا قىلىدىغان باشقىش قورال.
پاۋلوۋنىڭ تەلىماتىغا ئاساسلانغاندا، ئادەمدە **بىرىنچى سىگنال
سىستېمىسى** (ئاشقى دۇنيانىڭ بىۋاسىتە تەسىرى توغرىسىدىكى
ئىنكاس) بولۇشتىن تاشقىرى، يەنە **ئىككىنچى سىگنال سىستېمىسى**
يەنى ئادەمنىڭ ئالى نېرۋا پائالىيىتىدە زور ئۆزگىرىش پەيدا قىلغۇچى
سۆزلەش بار. پاۋلوۋنىڭ ئىككىنچى سىگنال سىستېمىسى توغرىسىدىكى
تەلىماتى ماركسىزمنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە
ئىگە. بۇ تەلىمات ئىنسانلارغا خاس بولغان تەپەككۇرنىڭ فىزىولوگى-
يىلىك ئاساسىنى ئېچىپ بەردى، تىل، سۆز ۋە ئۇقۇمنىڭ قوللىنىلىشى
ئىنسانلار تەپەككۇرىنىڭ تەرەققىياتىدا غايەت زور رول ئوينىماقتا.

ئوبيېكتىپ جەھەتتە ھايۋانلارغا نىسبەتەن ئاكتىپ ياكى پاسسىپ
ئەھمىيىتى بولغان ھەر خىل قوزغاتقۇچلارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن
چوڭ مېڭە پوستلۇقىنىڭ مەلۇم يېرىدە ھاياجانلىنىش ياكى تورمۇز-
لىنىش پەيدا بولىدۇ. ھاياجانلىنىش جەريانى ياكى تورمۇزلىنىش
جەريانى پۈتكۈل چوڭ مېڭە پوستلۇغىغا كېڭىيىدۇ، ئاندىن مۇشۇ

جەريانلار پەيدا بولغان مەلۇم پەرگە مەركەزلىشىدۇ. ھاياجانلىنىش ۋە تورمۇزلىنىش جەريانلىرىنىڭ ئۆزئارا تەسىرى چوڭ مىڭىنىڭ نورمال ئىشلىشىنى بەلگىلەيدۇ. پاۋلوۋ يۇقۇرى دەرىجىلىك ھايۋانلار ئۇيقۇسىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇيقۇ چوڭ مىڭە يېرىم شارى پوستلۇقىنىڭ تولۇق تورمۇزلىنىش ئىكەنلىكىنى دەلىللىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پاۋلوۋ يەنە گىپنوزلۇق مېخانىزمى ۋە چۈشنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. پاۋلوۋ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا نېرۋا سىستېمىسىدىكى نورماللىقنى تەتقىق قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھايۋانلارنىڭ تەجرىبە خاراكتېرلىق نېرۋا كېسەللىكى تەلىماتىنى ياراتتى. پاۋلوۋ ئادەمنىڭ نېرۋا ۋە روھىي كېسەللىكلىرىنى داۋالاش ساھەسىدە زور ۋە قىممەتلىك تۆھپە قوشتى. ھايۋانلارنىڭ نېرۋا سىستېمىسى تىپلىرى ئىلمىي ئاساستا تۈرگە ئايرىشتا پاۋلوۋ بەرپا قىلغان ئۇسۇل ھەمدە ئۇنىڭ ھايۋانلار نېرۋا سىستېمىسىنىڭ تەدرىجى تەرەققىياتى ۋە شەرتلىك رېفلېكسىنىڭ داۋاملىشتۇرۇۋۇشى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقاتى غايەت زور ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

پاۋلوۋنىڭ شاگىرتلىرى ۋە ۋارىسلىرى نۇرغۇنلىغان تەجرىبىخانىلاردا پاۋلوۋنىڭ ئىلمىي مىراسلىرىنى تەتقىق قىلدى. بۇ، ئەمەلىي ئىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى نۇرغۇنلىغان مۇھىم تارماقلارنىڭ خىزمىتىنى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتۈردى. پاۋلوۋ تەلىماتى بەزى باشقا ئىلمىي تارماقلار ئۈچۈن بولۇپمۇ تىببىي ساھە ئۈچۈن ئىنتايىن چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە. پاۋلوۋنىڭ ئالىي نېرۋا پائالىيىتى توغرىسىدىكى تەلىماتى دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ تەبىي پەن جەھەتتىكى ئاسالىرىدىن بىرى. ئۇ ماتېرىيالىستىك ئىنكاس نەزەرىيىسى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئىلمىي ئاساس يارىتىپ بەردى. پاۋلوۋنىڭ ئالىي نېرۋا پائالىيىتى توغرىسىدىكى تەلىماتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئەگەر تاشقى

دۇنيا ھايۋانلارنىڭ سەزگۈ ئەزالىرى ۋە مېڭىسىگە تەسىر قىلمىسا، ھەرقانداق روھىي پائالىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ھايۋانلارنىڭ روھىي ھالىتى تاشقى ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ئىنكاسىدۇر.

پاۋلوۋ تەلىماتى پۈتۈنلەي تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىش ئىدىيىسى بىلەن تولغان، ئۇ روھىي پائالىيەت قانۇنىيىتى توغرىسىدىكى مېتافىزىكىلىق ئىدىيىنى تارمار قىلدى. پاۋلوۋ ھايۋانلارنىڭ رېفلېكسلىق ھەرىكىتىنى بەزى رېفلېكسلارنىڭ ئورنىنى ئىككىنچى خىلدىكى بەزى رېفلېكسلارنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىگەللىشى، ھاياجانلىنىش بىلەن تورمۇزلىنىش، تارقىلىش بىلەن مەركەزلىشىشتىن ئىبارەت قارىمۇ-قارشى جەريانلارنىڭ كۆرىشى دەپ قارىدى. پاۋلوۋ تەلىماتىنى پەلسەپە جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇش — تەبىئەت دۇنياسىغا تەتبىق قىلىنغان ماركسىزىملىق پەلسەپىۋى ماتېرىيالىزم ۋە دىيالېكتىكىنىڭ قائىدىلىرىنى تېخىمۇ بېيىتىش ھەم كونكرېتلاشتۇرۇشتا غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە. پاۋلوۋنىڭ كەشپىياتلىرى ئىدىيالىزمغا ۋە ئەكسىيەتچىل ئىدىيىلەرنىڭ بارلىق ئىپادىلىرىگە قارشى ئىدىيىۋى كۈرەش ئېلىپ بېرىشنىڭ قورالى.

كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاھىدە غەمخورلۇقى تۈپەيلىدىن، پاۋلوۋنىڭ خىزمىتى سوۋېت دەۋرىدە مىسلىسىز كەڭ كۆلەمدە بولدى. پاۋلوۋ سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى پەن تەرەققىياتىغا قىلغان غەمخورلۇقىغا ئىنتايىن ئېتىۋار بىلەن قارىدى. پاۋلوۋ ئۆز نۇتۇقلىرىدا ۋە ياشلارغا قالدۇرغان ۋەسىيەتنامىسىدە، كۆپچىلىكنى ئۆزىنىڭ بارلىق كۈچى ۋە بىلىمىنى ۋەتەنىنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن تەقدىم قىلىشقا چاقىردى. ئۇ سوۋېت ۋەتىنىنىڭ ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋىرى، ئۇ ئۆز ۋەتىنىنىڭ چارىزىم ۋە كاپىتالىزم ئاسارىتىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن قازانغان ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن پەخىرلەندى.

پاۋلوۋنىڭ ئەسەرلىرىدىن: سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى 1951 — 1952-يىللىرى نەشر قىلغان «پاۋلوۋ ئەسەرلىرى»1 — 6-توملىرى ۋە 1949-يىلى نەشر قىلىنغان «پاۋلوۋ چارشەنبە كۈنىدە»نىڭ 1 — 3-توملىرى بار. كېيىنكى تومغا پاۋلوۋنىڭ ئۆز شاگىرتلىرى بىلەن قىلغان سوھبەتلىرىنىڭ خاتىرىلىرى ۋە تېز خاتىرىلەر كىرگۈزۈلگەن.

**پروتېستانت دىنى** 新教 Протестантизм خرىستىيان دىنى*نىڭ ئۇرغۇن مەزھەپلىرىنىڭ ئومۇمى ئاتىلىشى، بۇ مەزھەپلەر 16-ئەسىردىكى فېئوداللىزم*غا ۋە ئۇنىڭ ئىدىيىۋى تۈۋرۈكى (كاتولىك دىنى)گە قارشى دىنىي ئىسلاھات بىلەن باغلانغان ھالدا بارلىققا كەلگەن. جەمئىيەتتىكى سىنىپلارنىڭ كاتولىك دىنىي جەمئىيىتىگە ۋە پاپا ھاكىمىيىتىگە قارشى كۆرىشى فېئوداللىزمغا قارشى بىر خىل ئىنقىلاۋىي قارشىلىق كۆرسىتىش شەكلى بولدى. پروتېستانت دىنى ھەممىدىن ئاۋۋال گېرمانىيىدە تارالدى. 1517-يىلى، مارتىن ليۇتېر گۇناھى ساقىت تۇمار (گۇناھدىن كەچۈرۈم قىلىش گۇۋاھنامىسى) سېتىشقا قارشى تۇرۇپ، كاتولىك دىنىي جەمئىيىتىنى ئىسلاھ قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى، بۇ گېرمانىيە كاتولىك دىنىي جەمئىيىتىگە ۋە پاپا ھاكىمىيىتىگە قارشى ئاشكارا كۆرەشنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى. ئەۋج ئالغان بۇ كۆرەشتە ھەر بىر سىنىپ ئۆز مەقسىتىگە يېتىش كويىدا بولدى. دېھقانلار بىلەن شەھەر كەمبەغەللىرى ئىنقىلاپ ئارقىلىق فېئوداللىزمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا كۆچەپ ھەركەت قىلدى (1525-يىلقى گېرمانىيە ئىنقىلاۋىي ھەركىتىگە رەھبەرلىك قىلغان توماس مۈنزېر دېھقانلار ۋە شەھەر پېقىرلىرىنىڭ مۇتەپەككۇرى ئىدى). شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرا سىنىپلىرى (سودىگەرلەر، كاسىپلار، بىر قىسىم تۆۋەن قاتلام ئاقسۆڭەكلەر ۋە ۋالىق-كۆڭۈللار)نى ئىتتىپاقلاشتۇرغان ئوتتۇرا ھال مۈلۈكدارلار سىنىپى لاگېرى بولسا

ئىبادەتخانىلارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئىبادەتخانىلارنىڭ يەرلىرىنى مۇسادىرە قىلىش، راھىبلار تەبىقىسىنى بىكار قىلىش، دىنىي جەمئىيەتنى ئاز يەدەل بىلەن تەشكىللەش. بۇنىڭ بىلەن دىنىي جەمئىيەتنى ئۆزلىرىگە بوي سۇندۇرغان قىلىش، دىنىي جەمئىيەتنى رىم پاپىسىغا بويلەنمەيدىغان قىلىش كويىدىلا بولدى. ئوتتۇرا ھال مۈلۈك-دارلار سىنىپى لاگېرى 1525-يىلىدىكى دىخانلار ئۇرۇشىنىڭ كەڭ كۆلەملىك بولغانلىقىدىن قورقۇپ كېتىپ، ۋاڭ-گۇڭلار ۋە كاتولىك دىنىي جەمئىيىتى بىلەن مۇرەسسەلەشتى. 1529-يىلى، ۋاڭ-گۇڭلار گېرمانىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ پارلامېنتىدا دىن ئىسلاھاتىغا قارشى قارار ماقۇللىغان. ئاز بىر قىسىم ۋاڭ-گۇڭلار بۇ قارارغا قارشى چىققان، شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ليۇتېرنىڭ دىن ئىسلاھاتى تەلىماتىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىكى ئادەم پروتېست دەپ ئاتالغان. كېيىن باشقا ئەللەردە دىن ئىسلاھاتىنى ھىمايە قىلىدىغان كىشىلەرمۇ پروتېست دەپ ئاتالغان.

پروتېستانت دىنى دىنىي مۇراسىملارنى ئەمەلدىن قالدۇرمىدى، پەقەتلا ئۇنى بۇرژۇئازىيىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇردى: ئۇ دۇئا-تەكبىر مۇراسىمنى ئاددىيلاشتۇردى، شۇنداقلا دۇئانى مىللىي تىلغا تەرجىمە قىلدى (كاتولىك دىنىدا ئومۇمىي يۈزلۈك قوللىنىلىدىغان لاتىنچىنىڭ ئورنىغا)، سالام بېرىش سانىنى ئازايتتى، بۇتقا ۋە سۈرەتكە سەجدە قىلىشنى تەرك ئەتتى، رىم پاپىسىنىڭ ھاكىمىيىتىنى بىكار قىلدى. پروتېستانت دىنىمۇ **كاتولىك دىنى*** ۋە باشقا بارلىق دىنلارغا ئوخشاش ئىلاھقا ۋە تەبىئەتتىن تاشقىرى باشقا كۈچكە ھەم ئۇ دۇنياغا بولغان ئېتىقاتنى تەرغىپ قىلىدۇ، ئۇ-ئىلمىي ئىدىيە ۋە ئازاتلىق ھەرىكىتىنىڭ دۈشمىنى. ماركس مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: "......ليۇتېرنىڭ **ئىلاھقا ئېتىقات قىلىش** ئاساسىدىكى قۇللۇق تۈزۈمى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى ئۇنىڭ بۇ تۈزۈم ئورنىغا

ئېتىقات قۇللۇقى تۈزۈمنى دەسسەتكەنلىكىدىنلا بولدى". («ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1979-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 15-بەت) بۇرژۇئازىيىنىڭ دىنىي دۇنياقارىشى كالۋىن (1509—1564)نىڭ "تەقدىرنىڭ يازمىشى" توغرىسىدىكى تەلىماتىدا لىيۇتېر دىنىدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن. كالۋىننىڭ بۇنداق تەلىماتى ھەر بىر بەندىنىڭ تەقدىرىنى خۇدا ئالدىن بەلگىلەپ قويغانلىقى توغرىسىدىكى تەلىماتتىن ئىبارەت. بۇنداق تەلىمات "تۆۋەندىكى پاكىتنىڭ دىنىي جەھەتتىكى ئىنكاسى ئىدى: سودا رىقابىتى دۇنياسىدا مۇۋەپپەقىيەت ياكى مەغلۇبىيەت شەخسنىڭ پائالىيىتىگە ياكى پاراستىگە باغلىق بولماستىن، ئۇنىڭ ئىلكىدە بولمىغان ئەھۋالغا باغلىق." (ئېنگېلس: «سوتسىيالىزمنىڭ خىيالدىن پەنگە راۋاجلىنىشى»، 1976-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 43-بەت). كاتولىك دىنىي جەمئىيىتى پروتېستانت دىنىنىڭ تارقىلىشىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن دىن ئىسلاھاتىغا قارشى تەدبىرلەرنى كۆرۈپ، مەھكىمە شەرئىيە ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە ئىيېزۇئىتلار جەمئىيىتىنى قۇردى (1540).

ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە باشقا ئەللەردىكى ھازىرقى زامان پروتېستانت دىنىي جەمئىيەتلىرى ئۆزىنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىدە جاھانگىر بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتىدۇ، سوتسىيالىستىك ئىشچىلار ھەرىكىتىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارايدۇ. گېرمانىيىدە، پروتېستانت دىنىي جەمئىيىتى گىتلېر فاشىزمى بىلەن ھەمكارلاشتى. نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ پروتېستانت دىنىي جەمئىيىتى ئىتتىپاقىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان دۇنيا خرىستىيان جەمئىيىتى جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشتىكى قورالى. پروتېستانت دىنىمۇ، كاتولىك دىنىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى باشچىلىقىدىكى سوتسىيالىزم-تىنچلىق-دېموكراتىيە لاگېرىغا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدۇ. بۇ ھال ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپىنى يوقىتىپ

باردى. ئەمما ئارىسىدا كۈنسايىن ئازىيىپ بېرىۋاتقان دىنىي تەسىرلەرنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، پروتېستانت دىنىي جەمئىيىتى كۈندىن-كۈنگە كاتولىك دىنىي جەمئىيىتىدىن نۇرغۇن دىنىي مۇراسىملارنى كۆچۈرۈپ كېلىپ، ئۇنى پروتېستانتلارغا تەسىر كۆرسىتىشنىڭ ۋاستىسى قىلدى. 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، پروتېستانت دىنىي جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىك گۇرۇھىنىڭ ۋاتىكان بىلەن يېقىنلىشىش غەرەزسىزى بارغانسېرى كۈچەيدى، ۋاتىكان تەرەپ بولسا 1949-يىلى كاتولىك ئېپىسكوپلىرىغا پروتېستانت دىنىي جەمئىيىتى بىلەن ھەمكارلىشىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى، بۇ ئارقىلىق "دىنىي بىرلىك سەپ" قۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، **خەلق دېموكراتىيىسى*** ئەللىرىگە ۋە خەلقارا ئىشچىلار ھەركىتىگە قارشى تۇرماقچى بولدى.

**پرۇدون،** پىير ژوزېف Прудон, 蒲鲁东，比埃尔·约瑟夫 Пьер Жозеф (1809—1865) فرانسۇز سىياسى مۇھاكىمىچىسى، ئىقتىسادشۇناس ۋە جەمئىيەتشۇناس، ھازىرقى زامان ھۆكۈمەتسىزلىكنىڭ ئەجداتلىرىدىن بىرى، ئۇششاق بۇرژۇئا مۇتەپەككۇرى. ئۇ ئۇششاق خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى ئەبەدىل-ئەبەت ساقلاپ قېلىشنى خام خىيال قىلاتتى ھەمدە ئۇششاق بۇرژۇئا مەيدانىدا تۇرۇپ، چوڭ بۇرژۇئازىيە مۈلۈكچىلىكىنى تەنقىت قىلاتتى. ماركس بىلەن ئېنگېلس **«كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»**دە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: پرۇدوننىڭ جاھىللىق بىلەن ئىستىگىنى "ھازىرقى جەمئىيەت كېرەك، لېكىن بۇ جەمئىيەتنى ئىنقىلابىيلاشتۇرىدىغان ۋە پارچىلاپ تاشلايدىغان ئامىللار كېرەك ئەمەس" («كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» 1975-يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 98-بەت) يەنى ئىنقىلابىي پرولېتارىيات كېرەك ئەمەس دېگەندىن ئىبارەت. پرۇدون سىنىپىي كۈرەش، پرولېتارىيات ئىنقىلابى ۋە پرولېتارىيات

دىكتاتۇرىسىغا قارشى تۇراتتى. ئۇ، مەخسۇس بىر "خەلق بانكىسى" تەشكىل قىلىپ، "ئۆسۈمسىز ئىناۋەتلىك قەرز پۇل" تارقىتىش يولى بىلەن ئىشچىلارنىڭ خۇسۇسىي ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى هازىرلىۋې-لىشىغا ياردەم قىلىپ، ئۇلارنى قول ساناائەتچىگە ئايلاندۇرۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. پرۇدوننىڭ ئالاھىدە بولغان "ئايرىۋاشلاش بانكىسى" قۇرۇش توغرىسىدىكى قۇرۇق خىياللىرىمۇ، ئوخشاشلا، ئەكسىيەتچىل خاراكتېرغا ئىگە ئىدى، ئۇنىڭ قارىشىچە، ئەمگەك-چىلەر بۇنداق بانكىلار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك مەھسۇلات-لىرىنىڭ "ئادىل" سېتىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغۇدەكمىش، شۇنداقلا ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان كاپىتالىستىك مۈلۈكچىلىكمۇ دەخلى قىلىنمىغۇدەكمىش. پرۇدون گەرچە هۆكۈمەتسىزلىك مەيدانىدا تۇرۇپ دۆلەتنى ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتا ناپولېئون III نىڭ هۆكۈمىتىگە خۇشامەت قىلىپ، ناپولېئونىزملىق ھاكىمىيەتنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆز پىلانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۈمىد باغلىغان. پرۇدون ئۆزىنىڭ «نامراتلىق پەلسەپىسى» (1846) ۋە باشقا ئەسەرلىرىدە، چاكىنا مېتافىزىك قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. ئۇ، جەمئىيەتنى ئابستراكت، مەڭگۈ ئۆزگەرمەس ھەققانىيەتچىلىك نۇقتىنەزىرىدىن كۆزەتكەن. پرۇدون گېگېل*نىڭ مۇتلەق ماتېرىيالىزملىق روھىغا، يەنە كېلىپ گېگېلنىڭ ناھايىتىمۇ چاكىنىلاشتۇرۇۋېتىلگەن مۇتلەق ئىدىيالىزملىق روھىغا ئەمەل قىلىپ، جەمئىيەت تارىخىنى ئىدىيىنىڭ تارىخى دەپ قارايتتى ھەمدە بۇنداق تارىخنىڭ تەرەققىياتىنى دىيالېكتىك تەرەققىيات قىلىپ سۈرەتلەيتتى. ھالبۇكى، پرۇدوننىڭ دىيالېكتىكىسىنىڭ ئىلمىي دىيالېكتىكا بىلەن قىلچىمۇ ئورتاقلىقى يوق، ئۇ گېگېل ئىدىيالىزملىق دىيالېكتىكىسىنىڭ كوچۇرۇلمىسى، بەلكى ئەسكىلىكتە نەچچە ھەسسە ئېشىپ چۈشىدىغان كوچۇرۇلمىسى. پرۇدون قارىمۇ-قارشى تەرەپ-

لەرنىڭ بىرلىكىنى "ناچار" تەرەپ بىلەن "ياخشى" تەرەپنىڭ مېخانىكىلىق يىغىندىسى دەپ چۈشىنەتتى ھەمدە بۇنى ئاساس قىلىۋېلىپ، كاپىتالىزمنى ئىسلاھ قىلىشنى، كاپىتالىزمنىڭ "ناچار" تەرەپلىرىنى يوقىتىپ، "ياخشى" كاپىتالىزم قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. پرۇدون ھۆكۈمەتسىزلىكنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى ئىدى. ماركس **«پەلسەپە نامراتلىقى»** دېگەن مەشھۇر ئەسىرىدە پرۇدوننىڭ "نامراتلىق پەلسەپىسى" دېگەن كىتابىنى قاتتىق تەنقىد قىلدى.

**پېتراشېۋسكىچىلار 彼得拉舍夫斯基派 Петрашевцы**

پەقىر زىيالى ئەرباپلار (19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا روسىيىدىكى يانچىلىق تۈزۈمگە قارشى بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ قاتناشقۇچىلىرى)نى ئاساسىي ئەزا قىلغان كىچىك تەشكىلات. بۇ تەشكىلاتقا رەھبەرلىك قىلغان كىشى بۇتاشېۋىچ-پېتراشېۋسكى ئىدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ پۈتۈنلەي مۇقىم بولغان ۋە مۇكەممەل بولغان ھەرىكەت پروگراممىسى يوق. بۇنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم كىشىلەر يومشاق-بۇرژۇئازىيىنىڭ لىبېرالىزمىغا مايىل بولۇپ، تىنچ تەشۋىقاتنىلا ئېتىراپ قىلىدۇ؛ يەنە بىر قىسىم كىشىلەر بولسا ئىنقىلابىي كۈرەش ئۇسۇلىنىڭ ھىمايىچىلىرى. بۇ تەشكىلات تەشكىلىي ۋە سىياسىي-ئىدىيىۋى جەھەتلەردىن تېخى تامامەن شەكىللىنىپ بولمىغان چاغدا چار پادىشا ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ رەھبەرلىرىنى قولغا ئالدى. بۇ تەشكىلات 1849-يىلى يەنى ئۆزى بارلىققا كېلىپ 4-يىلى ۋەيران قىلىندى.

پېتراشېۋسكىچىلار شۇ چاغلاردىكى روسىيىنىڭ ئىجتىمائىي شارائىتى ۋە سىياسىي شارائىتىدىن قاتتىق يىرگىنەتتى. خانىكوۋ پېتراشېۋسكىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر كەچكى يىغىندا ھەسرەتلەنگەن ھالدا: "ۋەتىنىم ئاسارەتتە تۇرماقتا، ۋەتىنىم دەپسەندە قىلىنماقتا" دېگەن ئىدى. پېتراشېۋسكى چاقىرغان داڭلىق "جۈمە" يىغىلىشىدا، ئۇلار

تۇرلۇك نەزىرىيىۋى مەسىلىلەر ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەر توغرىسىدىكى دوكلات، سوز ۋە ئىلمىي ئۇتۇقلارنى مۇھاكىمە قىلىپ، مەخپىي تەشكىلاتلار ئۇيۇشتۇرۇش، قوزغىلاڭ كوتىرىش، دېھقانلارنى ئازات قىلىش، سوتلارنى يېڭىلاش ۋە نەشرىيات ئەركىنلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىرلىشەتتى. **گېرتسېن***، **بېلىنسكى***لارنىڭ ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزىم ئىدىيىسى پېتراشېۋسكىچىلارغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كورسەتتى. بۇ مەزھەپنىڭ رادىكال نۇقتىسىنەزىرى بۇتاشېۋىچ-پېتراشېۋسكى ئۇزگەن «چەتتىن كىرگەن سوزلەر يانچۇق لۇغىتى»نىڭ 2-نەشرىدە ئەكس ئېتىدۇ. بۇنىڭدا ئۇ "ماتېرىياليزم"، "سىرلىقلاشتۇرمىچىلىق"، "ئەخلاق"، "تەبىئەت قانۇنى" ۋە "مىللىي خاراكتېر" دېگەنگە ئوخشاش سوز-ئاتالغۇلارنى چۈشەندۇردى. پېتراشېۋسكى بۇ لۇغەتتە: سىرلىقلاشتۇرمىچىلىق "ئەڭ زور يېڭىلىشىش ...... ئۇ ئىنسانىيەت ئەقىل-پاراستىنىڭ تەرەققىياتىغا ھەممىدىن بەك توسقۇن بولىدۇ"، ئۇ بىر خىل "بىمەنە سېستىما" دەپ يازىدۇ. پېتراشېۋسكى چۈشەندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: "پەقەت ھەم ماددىنى، ھەم روھىنى نەزەردە تۇتقان، شۇنىڭ بىلەن دۇنيادا ماددىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىگە ھەقىقى ئىشەنگەن ئادەملەرلا" ئاندىن "ماتېرىيالىست" دېگەن نامغا ھەقىقى تۇردە مۇناسىپ بولالايدۇ. پېتراشېۋسكىچىلار خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇغىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئىلاھسىزلىق تەرەپدارلىرى، شۇنداقلا ئۇلار ماتېرىيالىزىمغا مايىل. پېتراشېۋسكىچى تول مۇنداق دەيدۇ: دىنىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە بىر تەرەپتىن "كىشىلەرنىڭ زالىم، غايەت زور تەبىئەت كۈچى ئالدىدا ئىقتىدارسىز بولغانلىقى سەۋەب بولغان"، يەنە بىر تەرەپتىن "سىرتقى نوپۇزدىن پايدىلىنىپ ئوزىنىڭ ئەخلاق مىزانلىرى ۋە يۇقىرالىق مىزانلىرىنى مۇستەھكەملەش"نى ئۇمىت قىلىش سەۋەپ بولغان. دىن خۇدادىن

ئىبارەت بۇ نوپۇزنى ياراتتى، شۇڭا كىشىلەر شۇ چاغدىكى جەمئىيەتتىكى كۈچلۈكلەر ۋە غالىپلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بارلىق ئەخلاق ئۆلچەملىرى ۋە سىياسىي ئۆلچەملىرىنى زورمۇ-زور بۇ نوپۇزغا تاڭدى. پېتراشېۋسكىچىلار مائارىپ، پەن ۋە بىلىمنىڭ قوغدىغۇچىلىرى، ئۇلار بىلىمسىزلىككە، خۇراپاتلىققا ۋە دىنغا قارشى تۇردى. پېتراشېۋسكىنىڭ پىكرىچە بولغاندا، ھەرقانداق بىلىم رىيال بىلىمدىن ئىبارەت. بىلىم تەبىئەت دۇنياسى ۋە جەمئىيەتنىڭ قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ، شۇڭا ئۇ ئىنسانىيەتكە پايدىلىق. پېتراشېۋسكىچىلار گېرمانىيە ئىدىيالىستلىرىنىڭ تۇرمۇشتىن، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغانلىقىنى تەنقىت قىلدى. پېتراشېۋسكىچى كاشكىن ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىمۇ تەجرىبە ئۇسۇلىنى تەتبىق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ئىجتىمائىي پەننىڭ كەمچىلىكى پاكىتقا ئاساسلانمىغانلىقىدا ۋە پاكىتنى تەھلىل قىلمىغانلىقىدا دەپ قارىدى. كاشكىن گېگېلنى تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئىنسانىيەتنى كۆزدە تۇتماي، ئابستراكت تەپەككۇرنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات دۇيشاتى قىلدى دەپ تەنقىت قىلدى. كاشكىن كانتنىڭ ئەقلىيچىلىقىنىمۇ ئىرغىتىپ تاشلىدى.

پېتراشېۋسكىچىلارنىڭ جەمئىيەت تارىخقارىشى ئىدىيالىستىك ئىدى. پېتراشېۋسكى 18-ئەسىردىكى ئاقارتىش ھەرىكىتى ئىدىيىسىگە ئەمەل قىلاتتى، ئۇ مۇنداق دەپ ھۆكۈم قىلدى: ئادەم "ئەسلىدە ياخشى. يامان دەپ ئايرىلمايدۇ، ئادەملەرنىڭ ياخشى، يامان دەپ ئايرىلىشى پەقەت زامان، ئىجتىمائىي تۈزۈم شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ھالىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان". قانۇن چىقىرىش كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىي قىياپىتىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ. پېتراشېۋسكى ھەقىقىي گۈزەل ئەخلاققا يېتىش ئۈچۈن، فېئودال ھۆكۈمرانلىق ئاساسىدىكى سىياسىي تۈزۈمنى يوقىتىش لازىم، دەپ قارىدى. ئۇ:

ھەقىقى تەرەققىپەرۋەر، "ئىجتىمائى پاراۋانلىق شائىلىق ئىدىيىسىنى قىبلىنامە قىلغان" ھاكىمىيەت بېشىدىكىلەر "نامىنى مەڭگۈ قالدۇرۇش ئۈمىدىدە، ئۆزلىرىگە قاراشلىق جەمئىيەتتە گۈزەل يېڭى تۈزۈمنى يولغا قويىدۇ" دەپ ئىشەنچ قىلدى. ئۇ تۇرمۇش شارائىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنى كىشىلەرنىڭ ئارزۇسى ۋە تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش لازىم دەپ تەشەببۇس قىلدى. پېتراشېۋىسكىچىلار بۇ جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ تەلىپىنىڭ قاندۇرۇلۇشى يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالمايدىغان، بۇنىڭ ئىچىدە شەخسلەرنىڭ مەنپەئەتپەرەسلىكى گۇرۇھلارنىڭ مەنپەئەتپەرەسلىكىنىڭ ئىچىدە بولىدىغان، ئەتراپىچە بولغاندىمۇ شۇنداق بولىدىغان جەمئىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن قىلچە شۈبھىلەنمەيدۇ. بۇنداق ئىناق جەمئىيەت فېئوداللىزم ۋە كاپىتالىزمغا خاس بولغان بارلىق كەمچىلىكلەر ۋە زەھەرلەرنى تازىلايدىكەن. پېتراشېۋىسكىنىڭ قارىشىچە، ئىلگىرىكى بارلىق نىكاھ شەكىللىرى ۋە ئائىلە شەكىللىرى كىشىنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار ئاياللارنى ئىقتىسادىي زۇلۇم ۋە سىياسىي زۇلۇمغا ئۇچرىتىش ئاساسىغا قۇرۇلغان. شۇڭا پېتراشېۋىسكىچىلار جەمئىيەت تۇرمۇشىنى ئىنسانلارنىڭ تۇغما تەبئىتى **بويىچە ئۆزگەرتىشنى تەشەببۇس قىلدى. فۇرىيې*** پېتراشېۋىسكىچىلارغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. پېتراشېۋىسكى ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ مەقسىدى سوتسىيالىزم ئىدىيىسىنىڭ روسىيىدە ئەمەلگە ئېشىشىنى بارلىق كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى. ئۇلارنىڭ سوتسىيالىزمى خىيالىي سوتسىيالىزم ئىدى، ئۇرغۇن پېتراشېۋىسكىچىلارنىڭ نەزەرىدىكى سوتسىيالىزم ھەرگىز سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئەمەس ئىدى. لېكىن، شۇ چاغدىكى روسىيىنىڭ شارائىتىدا، ئۇلارنىڭ "ئادەملەرنىڭ بەخت-سائادىتى" ئۈچۈن قىلغان كۈرەشلىرى روسىيە يانچىلىرىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ھوقۇقىنى

قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرەش بولدى. بۇ كۈرەشنىڭ مەقسىدى يانچىلىق تۈزۈمگە قارشى تۇرۇش، كىشىلەرنىڭ زۇلۇم ۋە خورلۇققا ئۇچرىشىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت. پېتراشېۋسكىچىلارنىڭ تۆھپىسى ئۇلارنىڭ فېئودال يانچىلىق تۈزۈمگە، ئىدېئالىزمغا قارشى تۇرغانلىقىدا. ئۇلارنىڭ روسىيىنىڭ ئازادلىق ھەرىكىتى ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيە تەرەققىياتى ئۈچۈن قوشقان قىممەتلىك تۆھپىسى ئەنە شۇ.

**پېرسونالىزم** 人格主义 **Персонализм** (لاتىنچە persona — پېرسونا دېگەن سۆزدىن كەلگەن) ئوتتۇرىغا چىققان ئەكسىيەتچىل ئىدېئالىستىك پەلسەپىۋى پىكىر ئېقىمى بولۇپ، ھازىرقى زامان بۇرژۇئا پەلسەپىسىدە ناھايىتى كەڭ تارقالغان. بۇ خىل ئىدېئالىزىمنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇ "پېرسونالىزم"نى بىرلەمچى دەپ قارايدۇ. پېرسونالىزم "پېرسونا"نى مەۋجۇدىيەتنىڭ روھىي نېگىزى دەپ چۈشەندۈرىدۇ. پېرسونالىزم 17-ئەسىردىكى نېمىس ئىدېئالىستى لېيبنىز"نىڭ كائىناتنىڭ ئاساسى روھىي "يەككىلىك" بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تەلىماتىنى تىرىلدۈردى. ئىلمىي ماتېرىيالىستىك دۇنياقاراش، تەبىئەت دۇنياسى ماددىي نەرسىلەرنىڭ يىغىندىسى، دەپ قارايدۇ. پېرسونالىزم بۇنداق نۇقتىنەزەرگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، تەبىئەت دۇنياسى روھنىڭ يەنى "پېرسونا"نىڭ يىغىندىسى دېگەن ئىدېئالىستىك نۇقتىنەزەرنى ياساپ چىقتى. پېرسونالىزم تەبىي پەن توغرىسىدىكى يەكۈننى رەزىللىك بىلەن ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، بارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرى (فىزىكىلىق، بىولوگىيىلىك)نىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى— ھەر بىر ھادىسىدە ئەزەلدىن بار بولغان روھىي مەنىيە دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. پېرسونالىزم مەقسەت نەزەرىيىسى ئارقىلىق قانۇنىيەتلىك ئىلمىي چۈشەنچىگە قارشى تۇرىدۇ. مەقسەت نەزەرىيىسى تەبىئەت ھادىسىلىرى سەۋەب-نەتىجە چەكلىمىسىگە ئاساسەن راۋاج-

لاشماستىن، ئۇزىگە يۈكۈلگەن مەقسەت بويىچە راۋاجلىنىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. پېرسونالىزىم ئاشكارا دىنىي پەلسەپە. پېرسونالىزىم تەرەپدارلىرى دۇنيانى ھاسىل قىلىپ تۇرىدىغان نۇرغۇن "پېرسونا"لار ئۈستىدە بىر "ئالىي پېرسونا"—ئىلاھ بار دەپ ھېساپلايدۇ. پېرسونالىزىم ئىلاھ كۆيلۈقىنى تەشەببۇس قىلىدۇ، يەنى ئىلاھنى ئەقىل ۋە ئىرادىگە ئىگە ھەم دۇنيانى ياراتقان بىر خىل ئىنسانىيلىق دەپ قارايدۇ. بۇنداق ئىدىيالىستىك پەلسەپە ھەتتا **يان ئىلاھچىلىق*** ۋە **تەبىئەت ئىلاھچىلىقى*** دەك مۇشۇنداق بىر قەدەر موتىدىل دىنىي شەكىللەرنىمۇ ماقۇل كۆرمەيدۇ. پېرسونالىزىم تەرەپدارلىرى ماتېرىيالىزىمغا جاھىللىق بىلەن قارشى تۇرىدۇ، كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېڭىنى چىرىك خۇراپىي ئىدىيە بىلەن زەھەرلەيدۇ.

پېرسونالىزىمنىڭ ئاساسچىسى—ئامېرىكا پەيلاسوپى بوتۇن (1847—1910). ھازىر ئامېرىكىدا پېرسونالىزىمنىڭ ۋەكىللىرى—فلىيوۋېللىڭ ۋە برايتمان، ئەنگلىيىدە كىر، گېرمانىيىدە پسىخولوگىيە ئالىمى ستېرن، فرانسىيىدە مۇنيې ۋە ئەكسىيەتچىلىكتە ئۇچىغا چىققان روسىيە مۇھاجىرى بېردياييۇ مۇشۇنداق ئىدىيالىزىمنىڭ ئەڭ ئاتاقلىق ۋەكىللىرى. ئامېرىكا ئىنسانىيلىق تەرەپدارلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي نۇقتىئىنەزەرلىرى پېرسونالىزىمنىڭ كاپىتالىزىم تۈزۈمىنى بىۋاستە قوغدايدىغانلىقىنى ئىنتايىن ئېنىق ئاشكارىلىدى. پېرسونالىزىم ماتېرىيالىستىك تارىخقاراشتىن ھاسىل قىلىنغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ئۈستىدە ئىنقىلاۋىي ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى تەلىماتقا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، ئىدىيالىستىك ئەكسىيەتچىل يەكۈننى، يەنى دۇنيانى ئەمەس، بەلكى "پېرسونا"نى روھىي ئۆزگەرتىش، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، كاپىتالىزىم تۈزۈمى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ دەخلىسىزلىكىنى

ساقلاش، شۇنداقلا "روھىي جەھەتتە ئوز ئوزىنى تەربىيىلەش"، "ئەخلاقىي جەھەتتە قايتا يېتىلىش"كە ئىرىشىش كېرەك دېگەن يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. پېرسونالىزىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يەكۈنى يېڭى دۇنيا ئۈچۈن كۈرەش قىلماستىن، "يېڭى روھ" ئۈچۈن كۈرەش قىلىش لازىم دېگەندىن ئىبارەت. بۇ يەكۈن مۇشۇ پەلسەپىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ئېنىق كورسىتىپ بەردى، چۈنكى ئۇ ئەمگەكچى ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە قارشى تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەقىقى ئىجتىمائى ئازاتلىقىغا ۋە سىياسى ئازاتلىقىغا قارشى تۇرىدۇ. فرانسىيە پېرسونالىزىم تەرەپدارلىرى گۇرۇھىي يەنى مونىيېچىلار گۇرۇھى («ئېسپىرىت» گۇرۇھى)نىڭ سىياسى مەيدانى ئامېرىكا پېرسونالىزىم تەرەپدارلىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. بۇ گۇرۇھ تۇراقسىز رادىكاللاردىن بولغان ھەم ئىدىيالىزىم ۋە شەخسىيەتچىلىك بىر تەرەپلىمە قارىشىنىڭ تەسىرى بولۇپ قالغان ئۇششاق بۇرژۇئازىيە زىيالىيلىرىدىن تەركىب تاپقان ئىدى.

**پىتاگوراسچىلار Пифагорейцы 毕达哥拉斯派** قەدىمقى يۇنان پەيلاسوپى پىتاگوراس (مىلادىدىن بۇرۇن تەخمىنەن 580 — 500)نىڭ مۇرىتلىرى. مىلادىدىن 4 ئەسىر ئىلگىرى تەسىرى ئىنتايىن چوڭ بولغان پىتاگوراس ئېقىمى ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن قىممەتلىك توھپىلەرنى قوشقان، لېكىن، پىتاگوراسچىلار سان ئۇقۇمىنى مۇتلەقلەشتۈرۈپ، ساننى ماددى نەرسىلەردىن ئايرىپ تاشلىدى، نەتىجىدە ئۇلار ئىدىيالىزىم يولىغا مېڭىپ، سانلار مۇناسىۋىتىنى شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى دەپ قارىدى. بۇنداق ئىدىيالىزىم ئاساسىدا پىتاگوراسچىلارنىڭ سىمۋولچىلىقى ۋە خۇراپاتلىققا تولغان سان توغرىسىدىكى سىرلىقلاشتۇرمىچىلىقى پەيدا بولدى. پىتاگوراس ئېقىمىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيالىستىك ۋە سىرلىقلاشتۇرمىچىلىق خاھىشىمۇ راۋاجلاندى. پىتاگوراس-

چىلار بىر پەلسەپە مەزھىپى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كروتونى (ئىتالىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمى)دا قۇرۇلغان قۇلدار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسى تەشكىلاتى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. قەدىمقى زاماندىكى قۇلدارلىق تۈزۈمى جەمىيىتى زاۋالغا يۈز تۇتقان دەۋردە، يېڭى پلاتونىزىمچىلار پىتاگوراسچىلارنىڭ سان ئۈستىدىكى سىرلىق-لاشتۇرمىچىلىقىغا ۋارىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

**پىسارېۋ**، دمىترىي ئىۋانوۋىچ **皮萨列夫，德米特利·伊万诺维奇** (1840—1868) **Писарев, Дмитрий Иванович** ئاتاقلىق رۇس ماتېرىيالىستى ۋە ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزىمچىسى. ئۇ يانچىلىق تۈزۈمنى يوقىتىشنى، ئەمگەكچى كاپىتالىنىڭ زۇلمىدىن ئازات قىلىشنى قىزغىن تەشەببۇس قىلغان. پىسارېۋ 1861-يىلى پېتېربۇرگ داشۆبىسىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، سىياسى ئوبزور خاراكتېرلىق ماقالىلارنى يېزىشقا بېرىلگەن، ئۇ «رۇس تىلى» دېگەن ئىلغار ژورنالنىڭ ئىشىغا رەھبەرلىك قىلغان ھەمدە بۇ ژورنالدا **چېرنىشېۋسكى*** باشقۇرغان «زامانداشلار» ژورنىلىنىڭ لۇشيەنىنى، يەنى ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزىملىق لۇشيەننى ئىزچىللاشتۇرغان. پىسارېۋ ئۆزىنىڭ قىسقىغىنا ھاياتىدا (ئۇ 28 يېشىدا سۇغا چۆكۈپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە 4 يېرىم يىل ۋاقتى سىياسى جىنايەتچى سۈپىتىدە پېتروپاۋلوۋ قورولىدا تەزەربەنت ئاستىدا ئۆتكەن) روسىيىنىڭ ئىجتىمائى ئىدىيىسىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. **بېلىنسكى**،* **دوبرولىيۇبوۋ*** ئۆلۈپ كەتكەن، **گېرتسىن*** يىراق جايلاردا قېچىپ يۈرگەن، چېرنىشېۋسكى بولسا سىبىرىيەگە كان رايونىغا سۈرگۈن قىلىنغان يىللاردا، پىسارېۋ جەمىيەتتىكى ئىلغار زات، بولۇپمۇ ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ "ئىدىيىۋى يوپۇزى" بولۇپ قالدى. ئۇ، بىزنىڭ بارلىق تەپەككۇرىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىدى "كىشىلەر ئاچ-يالىڭاچلىقتا ئولتۇراتقان قۇتۇلغۇسىز مەسىلىنى



تۈزۈل-كېسەل ھەل قىلىش" بولۇشى لازىم، دېگەن ئىدى. ئۇ ئوقۇغۇچى ۋاقتىدىلا ئوزىنى يانچىلىق تۈزۈمنىڭ دۈشمىنى دەپ ئاتىغان ئىدى. ئۇ زورلۇق كۈچ ئارقىلىق "ئوڭۇشلۇق ھالدا ھوكۈم-رانلىق قىلىۋاتقان رومانوۋ سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش"نى چاقىرىق قىلغان ئىدى. ئىنقىلاپ قىلىشنى ئاشكارا چاقىرىق قىلىشقا مۇمكىن بولمىغانلىقتىن، ئۇ پۈتۈن زېھنىي قۇۋۋىتى بىلەن خەلق ئارىسىدا پەننى بىلىم-لەرنى تارقاتتى. ئۇ مائارىپ تەرەققىي قىلسا، ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئۆسىدۇ، خەلقنىڭ پاراۋانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ دەپ قارايدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ تەكىتلەپ: بىر دولەتتە يالغۇز سانائەتنىڭلا تەرەققىي قىلىشى، بايلىق-نىڭ ئېشىشى ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ ئامىمنىڭ پاراۋانلىق مەسىلى-سىنى ھەل قىلالمايدۇ، دېدى. ئۇ مۇنداق دەپ كورسەتتى: فرانسىيەدە، بولۇپمۇ ئەنگلىيەدە بايلىقنىڭ ئېشىشى، ئەكسىچە، ئەمگەكچى ئامىمنىڭ كۈندىن-كۈنگە نامراتلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇ تارىخ بىلىملىرى، تەبىئىي پەن ۋە "سانائەتچىلىك" تەشۋىقاتىنى جەمئىيەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمىنى دېموكى-راتىك ئاساستا ئوزگەرتىش بىلەن ئورگانىك يوسۇندا بىرلەشتۈردى. ئۇ يەنە خەلق ئاممىسىنىڭ ھەل قىلغۇچ رولىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈشكە ئىنتىلدى. ئۇ لىبېراللارنى "ئىلغارلىق ھەققىدىكى سوز-ئىبارىلەرنى يورقىلىتىدىغان بىر توپ ھەر رەڭ-ھەر شەكىلدىكى ئەبلەخلەر" دەپ ئاتىدى. ئۇ پارتىيە-گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەسسەچىلىك سىياسىتىنى قاتتىق سوكۈپ، سىياسىي قاراشتىكى ئىختىلاپلارنى يوشۇر-

ماسلىق، بەلكى بۇ ئىختىلاپلارنى تامامەن ۋە ئۈزۈل-كېسىل ئاشكارىلاش كېرەك، دەپ ھېساپلىدى.

پىسارېۋ ئابستراكت ئىنسانپەرۋەرلىكتىن ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزمغا ۋە خىيالىي سوتسىيالىزمغا ئۆتكىنىدە، سوتسىيالىزم ئىدىيىسىنىڭ باتۇر تەشۋىقاتچىسى بولۇپ قالدى. ئۇ كەلگۈسىنىڭ سوتسىيالىزمغا مەنسۇپ بولىدىغانلىقىغا چوڭقۇر ئىشىنەتتى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىي گۇم بولدى، فېئوداللىق تۈزۈم گۇم بولدى، مۇستەبىتلىك تۈزۈم گۇم بولدى؛ ۋەھشى كاپىتال ھۆكۈمرانلىقىمۇ ئاخىر بىر كۈنى گۇم بولىدۇ." پىسارېۋ روسىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا، ساناتئەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىشچىلار مەسىلىسىنىڭمۇ تۇرمۇش ۋە سىياسىدىكى ئاساسىي مەسىلە بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئالدىن كۆرگەن ئىدى. پىسارېۋ پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئاشۇ مەزگىل، لېنىن بەرگەن چوڭقۇر تەبىر بويىچە، دەل سوتسىيالىزم بىلەن دېموكراتىزم روسىيىدە بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن مەزگىل ئىدى. شۇڭا، مەملىكەت ئىچىدىكى ئەڭ ئىلغار ئەرباپلار، جۈملىدىن پىسارېۋمۇ، بارلىق ئەمگەكچىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچى خەلق ئاممىسىنىڭ (ئومۇمەن، يەنىلا دېھقانلار ئاممىسىنىڭ) مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى.

پەلسەپە نۇقتىسىنەزىرى ۋە ئىجتىمائىيەت نۇقتىسىنەزىرىدىن ئېيتقاندا، پىسارېۋ چېرنىشېۋسكىينىڭ ماتېرىيالىستىك پەلسەپىگە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ ماتېرىيالىزم لاگېرىدىكى پەلسەپە ئۇستازلىرى (**ئېپىكۇر***دىن تارتىپ تاكى چېرنىشېۋسكىيغىچە)نى ئىزچىل تۈردە قوغدىدى، ئىدىيالىستىك (**پلاتون***، **گېگېل***دىن تارتىپ تاكى يۇركېۋىچ ۋە گىرىگورېۋغىچە بولغانلارنىڭ) يالغان-ياۋىداق سۆزلەرنى ئىزچىل تۈردە ئېچىپ تاشلىدى، ئىدىيالىزمنىڭ نەزەرىيە

جەھەتتىكى بىمەنىلىكىنى ۋە ئەكسىيەتچىل سىياسىي ئىشائىتى ئېچىپ تاشلىدى. پىسارېۋ مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: ماددا بىلەن ھەركەت يوقالمايدۇ، ئەبەدىي بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرى چەكسىز بولىدۇ. "تەبىئەت دۇنياسىدىكى ماددا ۋە كۈچ قىلچىمۇ يوقالمايدۇ......"، تەبىئىي قانۇنىيەتمۇ ماددىي خاراكتېرغا ئىگە بولغان بولىدۇ؛ مۇشۇ قانۇنىيەتلەرنىڭ "ھەممىسى ئوخشاشلا چەكسىز ئالەمدىكى ماددىلارنىڭ مۇقەررەر، ئەبەدىي ئالاھىدىلىكىدىن كېلىپ چىققان". مەۋجۇدىيەت، ماددا بىرلەمچى، ئاڭ ئىككىلەمچى. ئادەمنىڭ پۈتۈن روھىي دۇنياسى، ئەقىللىق چۈشىنىپ يېتەلىگەن مۇددىئا، خىيال قاتارلىقلارمۇ تاشقى ھادىسىلەرنىڭ كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتىدىكى ئىنكاسى. پىسارېۋ مۇنداق دەيدۇ: ئادەم تەبىئەت دۇنياسىدىكى پاسسىپ نەرسە بولماستىن، بەلكى پائالىيەتچان، ئاكتىپ جانلىق مەۋجۇدات. پەننى كىشىلەر ئۆز مەيلىچە توقۇپ چىقارغان ئەمەس، "ئۇ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سۈرىتى، ئېنىق ئېچىپ بېرىلگەن، بىلىۋېلىنغان، قانۇنىيىتى تەتقىق قىلىشقا ماھىر ئىنسانلارنىڭ ئەقلى تەرىپىدىن بايقىۋېلىنغان تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۆزى". پىسارېۋ پەننىڭ ئوبيېكتىپلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. پەقەت سۆزلىگۈچىنىڭ سۇبيېكتىپ قارىشىنىلا ئەكس ئەتتۈرىدىغان، تەتقىقات ئوبيېكتىنىڭ ئوبيېكتىپ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرمەيدىغان ئۇقۇملارغا قەتئىي رەددىيە بەردى. پىسارېۋ سەنئەت، سەنئەت ئىجادىيىتىمۇ، ئىلىم-پەن ئىجادىيىتىگە ئوخشاش، رىياللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر خىل شەكىل دەپ قارىدى. 19-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرى، روسىيەدە ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدىيالىزم ئوتتۇرىسىدا ئېستېتىكا مەسىلىسىدىكى كۈرەش يەنە ئۆتكۈر بولدى. ئىدىيالىستلار شىللىڭ*دىن كېيىن، سەنئەت ئىجادىيىتى مەقسەتسىز بولىدۇ، ئەقىلنىڭ ئىختىيارىدا بولمايدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلىشتى. پىسارېۋ قەتئىلىك بىلەن ئەكسىيەتچىل ئېستېتى-

كىغا قارشى تۇردى، "نوقۇل سەنئەت" كە قارشى تۇردى، ئىجتىمائى مەقسەتكە ئىگە، مەزمۇنلۇق، دېموكراتىزىملىق سەنئەت ئىدىيىسىنى قوغدىدى. پىسارېۋ مۇنداق دىدى: شائىرلار ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىم، جەمئىيەتتىكى ئادالەتسىزلىكلەرگە قاتتىق نەپرەتلىنىشى لازىم، يېزىقچىلىقتا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىشى لازىم. پىسارېۋ گەرچە چېرنىشېۋسكى بىلەن دوبرولىيۇبوۋنىڭ ماتېرىيالىستىك ئېستېتىكا پرىنسىپىنى قوغدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەيتى ۋاقىتتا ئېغىر خاتالىقمۇ ئۆتكۈزدى. مەسىلەن، ئۇ مۇزىكا، ئويمىچىلىق، رەسساملىقنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنى ۋە دۇنيانى بىلىشتىكى ئەھمىيىتىنى ئىنكار قىلدى، پۇشكىن ئەسەرلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئەھمىيىتىنى ئىنكار قىلدى. پىسارېۋنىڭ پەلسەپە نۇقتىنەزىرىدىكى تارىخي چەكلىمىلىك ئېستېتىكىغا ئائىت ھەر خىل مەسىلىلەردە ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. ئەمما پىسارېۋ ئوتتۇرىغا قويغان خىيال، غايىسىنىڭ بىلىش ۋە ئىجادىيەتتە رولى بارلىقى توغرىسىدىكى ئىدىيە ماتېرىيالىستىك بىلىش نەزەرىيىسىگە قوشۇلغان بىر غايەت زور تۆھپە. لېنىن ئۆزىنىڭ «نېمە قىلىش كېرەك؟» ۋە «پەلسەپە خاتىرىلىرى» دىگەن ئەسەرلىرىدە، پىسارېۋنىڭ «پايدىلىق خىيال» توغرىسىدىكى چوڭقۇر پىكرىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.

پىسارېۋنىڭ ئەسەرلىرى مېخانىكىچىلىق، مېتافىزىكا ئامىللىرى بىلەن بىللە، يەنە كۈچلۈك دىيالېكتىكا ئامىللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇ روسىيەدە دارۋىنىزىمنى قىزغىن تەشۋىق قىلدى. پىسارېۋ ئۆلۈۋاتقان كونا شەيئىلەر بىلەن پەيدا بولۇۋاتقان يېڭى شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى ئېنىق كۆرگەن ئىدى. پىسارېۋ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىيەت ئەسەرلىرىدە ناھايىتى كۆپ ئاناقلىق دىيالېكتىك ئىدىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن، ئۇ تارىخ تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىكلىكىنى ۋە ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى چۈشىنىشتە بولسا

پۈتۈنلەي ماركسىزمدىن ئىلگىرىكى ئىدىيالىستىك ئىجتىمائىيەت مەيدانىدا تۇردى. ئۇ بىلىمنىڭ تەرەققىياتىنى، خەلق ئېڭىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلغارلىقنىڭ ئاساسى دەپ قارىدى، ھالبۇكى، پىسارېۋنىڭ ئەسەرلىرىدە تارىخىي پاكىتلارغا ماتېرىيالىستىك يوسۇندا مۇئامىلە قىلىدىغان ناھايىتى كۆپ ئامىللار بار ئىدى. ئىقتىسادشۇناس بولغان پىسارېۋ ئەمگەك قىممىتى تەلىماتىنى راۋاجلاندۇردى. ئۇ ئەمگەكنىڭ ۋە ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ تارىخ جەريانىدىكى رولىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. ئۇ ئاممىنىڭ ماددىي تەلىۋىنىڭ رولىغا، ئىقتىسادىي ئامىللارنىڭ رولىغا ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ئوينىغان ھەل قىلغۇچ رولىغا خېلىلا توغرا چۈشەنچىدە بولدى. پىسارېۋ مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: تارىخنىڭ ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچى "قاچان، قەيەردە بولمىسۇن، ئايرىم كىشىلەردە مەۋجۇت ئەمەس، كىچىك تەشكىلاتتىمۇ مەۋجۇت ئەمەس، ئەدىبىي ئەسەرلەردىمۇ مەۋجۇت ئەمەس، بەلكى خەلق ئاممىسى ياشايدىغان تۇرمۇش، ئاساسلىقى ئىقتىسادىي شارائىتتا مەۋجۇت". ئۇ ــ ئەمگەكچى دېھقانلار ئاممىسىنىڭ مۇتەپەككۇرى، شۇڭا ئۇ جەمئىيەتتىكى ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىگە پۈتۈنلەي ئىنقىلاب ۋاستىسى بىلەن قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى.

ئۇ چاغلاردا پىسارېۋنىڭ تەسىرى ئىنتايىن زور بولغان ئىدى، روسسىيىدىكى ۋە ئۇنىڭغا خوشنا بولغان سلاۋيان دۆلەتلىرىدىكى ئىلغار ئىدىيە ساھەسىدىكىلەر ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى قىزىقىپ ئوقۇغان ئىدى. ئۇ روسسىيىدە تەبىئىي پەننىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىنقىلاۋىي ئەھمىيەتكە ئىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى، روسسىيىدىكى ئاتاقلىق ئالىملاردىن باخ، **پاۋلوۋ***، **تىمىريازېۋ*** قاتارلىق كىشىلەر پىسارېۋنىڭ ئۇلارغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئېتىراپ قىلغان ئىدى. سۋېتوزار **ماركوۋىچ***، كاراۋېلوۋ ۋە سلاۋيان دۆلەتلىرىدىكى باشقا

ئىلغار ئەرباپلارنىڭ دۇنياقارىشىمۇ پسارىۋ ۋە چېرنىشېۋسكىنىڭ ئىجتىمائىيەت نۇقتىسىنەزىرىنىڭ تەسىرى ئاستىدا شەكىللەنگەن.

پسارىۋنىڭ پەلسەپە ئەسەرلىرى ۋە ئىجتىمائى سىياسى ئەسەرلىرى: «19 ـ ئەسىردىكى مەدرىس پەلسەپىسى» (1861)، «شېدو-فېرروتى ھاملىتىدىكى روسىيە ھوكۇمىتى» (1862)، «ئەمگەك تارىخى ھەققىدە نومۇس مۇلاھىزە» (1863)، «ھايۋاناتلار ۋە ئوسۇملۇكلەر دۇنياسىدىكى تەدرىجى تەرەققىيات» (1864)، «تارىخ قولىيازمىلىرى» (1864)، «ھېنرىخ ھاينې» (1867)، «1789 ـ يىلدىكى فرانسىيە دېھقانلىرى» (1868) قاتارلىقلار.

**پسىخولوگىيە** **心理学** Психология روھىي ھالەت توغرىسىدىكى پەن. روھىي ھالەت ئوبېكتىپ رىياللىقنىڭ ئادەم مېڭىسىدىكى ئىنكاسى. بۇ خىل ئىنكاسنىڭ تۇيغۇ، سەزگۇ، تەسەۋۋۇر، ئوقۇم، ھىسسىيات، ئىرادە ۋە ئاڭ قاتارلىق خىلمۇ-خىل شەكىللىرى بار. ئىنكاس جەريانى ۋە ئىنكاس نەتىجىسى ئادەمنىڭ تۇرلۇك پائالىيەتلىرى ۋە قىلىقلىرىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئىنساننىڭ تۇغما خۇسۇسىيتى ۋە ئىجتىمائىي شارائىت (ئاساسەن تەربىيە)نىڭ تەسىرى بىلەن چەكلىنىپ تۇرىدىغان شەخسى خۇسۇسىيەت ھەر خىل ئىپتىياج، قىزىقىش، مىجەز، خۇلۇق، قابىلىيەت، ھەۋەس قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

پسىخولوگىيە دەسلەپتە پەلسەپە دائىرىسىدە تەرەققىي قىلغان. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، كىشىلەر تەجرىبە ئارقىلىق روھىي ھاللىق ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلغانلىقتىن، ئۇ مۇستەقىل پەن سۈپىتىدە پەلسەپەدىن ئايرىلىپ چىقتى. تەجرىبىۋى پسىخولوگىيە، ناھايىتى ئۇزۇن بىر مەزگىلگىچە، مېتافىزىك نۇردە ماددا بىلەن روھىي ھالەتنى قارىمۇ-قارشى قىلىپ قويغان ئىدى. ئۇ روھىي ھاللىق ھادىسىلەرنى پەقەت ئوز ئوزىنى كوزىتىش ئارقىلىقلا بىلگىلى

بولىدىغان نوقۇل سۇبيېكتىپ ھادىسە دەپ قارىدى. بۇ ئۇسۇل ھېچقانداق ئۈنۈم بەرمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئىلغار ئىدىيىلىك بەزى پسىخولوگلار روھىي ھادىسىلەرنىڭ ئاساسى بولغان فىزىئولوگىيىلىك جەريانىنى تەتقىق قىلدى. لېكىن كۆپلىگەن پسىخولوگلار روھىي ھاللىق ھادىسىلەرنى يەنىلا مېڭىدىن چەتلىگەن ھالدا تەتقىق قىلدى، ياكى مېڭىنى پىكىر قىلىش قورالى ۋە ئالاھىدە تەقلىتچىكى غەيرىي ماددىي ئەسلى زاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئەزا دەپ قاراشتى.

ھازىرقى ۋاقىتتا، ئىدىيالىستىك پسىخولوگىيە بۇرژۇئا تۈزۈمى ۋە بۇرژۇئا ئىدىيە سىستېمىسىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئەڭ قالاق، ئەڭ ئەكسىيەتچىل ئىدىيىلەرنىڭ ئوۋۇسىغا ئايلىنىپ قالدى.

ماركستىن ئىلگىرىكى دەۋردە، 19 - ئەسىردىكى رۇس ئىنقىلاۋىي دېموكراتىيىچىلىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىدىيىلىرىدىن ئىلھاملانغان مەشھۇر تەبىئىي پەن ئالىمى سېچېنوۋ* روھىي ھالەت توغرىسىدىكى ئىلغار ئىلىمنىڭ راۋاجلىنىشىدا زور رول ئوينىدى. سېچېنوۋ «مېڭە رېفلېكسى» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىدە، بارلىق روھىي پائالىيەتلەرنىڭ رېفلېكسلىق خاراكتېرى توغرىسىدىكى قائىدىنى تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويىدى ھەم مۇرەككەپ روھىي ھالەت جەريانى — تەپەككۇر، ئىرادە، كەيپىياتنى مېڭىنىڭ رېفلېكسى دەپ قارىدى. سېچېنوۋنىڭ ۋارىسى، زامانىمىزدىكى ئۇلۇغ فىزىئولوگ پاۋلوۋ* تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ئالىي نېرۋا پائالىيىتى ياكى روھىي پائالىيەت توغرىسىدىكى تەلىماتنى تەتقىق قىلدى ۋە دەلىللىدى، بۇ تەلىمات ماتېرىيالىستىك پسىخولوگىيىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى.

تەل-تۆكۈس ماتېرىيالىستىك پسىخولوگىيىنىڭ پەلسەپە ئاساسى 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ماركس بىلەن ئېنگېلس تەرىپىدىن

تۇنجى قېتىم بەرپا قىلىندى. ئىلمىي پسىخولوگىيە دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم قائىدىلىرىنى قىبلىنامە قىلىپ ھەم پاۋلوۋ تەلىماتىنى ئاساس قىلىپ، روھىي ھالەتنى يۇقىرى دەرىجىدە تەشكىل تاپقان ماددا يەنى مېڭىنىڭ خۇسۇسىيىتى، بۇنداق خۇسۇسىيەت ھايۋانلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى جەريانىدا پەيدا بولىدۇ دەپ قارىدى. ئىنسانىيەت روھىي ھالىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇ يەردىكى، جەمئىيەت تارىخى، بولۇپمۇ كىشىلەرنىڭ ئەمگىكى روھىي ھالەتنىڭ تەرەققىياتىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئوبيېكتىپ دۇنيا سەزگۇ ئەزا ئارقىلىق مېڭىگە تەسىر قىلىپ، ئادەم مېڭىسىنىڭ پائالىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. رىياللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ھەر خىل روھىي ھالەت شەكىللىرى — مېڭە پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى. مېڭىگە قىلىنغان تەسىر رىياللىقنىڭ سىگنالى، مېڭىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇنداق سىگنال مەلۇم بىئولوگىك ئەھمىيەتكە ئىگە، ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، يەنە ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكىمۇ ئىگە. تىل، ئىنسانلار سۆزى كىشىلەرنىڭ ئەمگىكى جەريانىدا تارىخىي يوسۇندا پەيدا بولغان ۋە راۋاجلانغان. ئىنسانلار سۆزى — بىر خىل ئالاھىدە بولغان، ئىنسانلارغىلا خاس ۋە رىيال سىگنال سىستېمىسى يەنى ئىككىنچى سىگنال سىستېمىسى. سۆز مەزمۇنى كەڭ، مەنىسى كۆپ قوزغاتقۇچى بولۇپ، ئۇ رىياللىقتىكى بارلىق كونكرېت سىگناللارنىڭ ئورنىنى باسىدۇ. ئىككىنچى سىگنال سىستېمىسى ئادەمنىڭ ئالى نېرۋا پائالىيىتى ئۈچۈن يېڭى پرىنسىپلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ ئىنسانلار تەپەككۇرىنىڭ ۋە ئېڭىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ماددىي ئالدىنقى شەرت. ئىككىنچى سىگنال سىستېمىسى بىرىنچى سىگنال بىلەن زىچ باغلانغان ھالدا رول ئوينايدۇ. ئۇ ئادەمنى ئابستراكت تەپەككۇر پائالىيىتى ئېلىپ

بېرىش ۋە رىياللىقتىكى تۈرلۈك ھادىسىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلىدۇ، بۇنداق ئىقتىدار ئادەمنىڭ ھايۋانغا قارىغاندا غايەت زور ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئادەمنىڭ ئېڭى ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيىتىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، ئۇ باشتىن تارتىپلا جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى. ئادەمنىڭ ئېڭى ئەمگەك جەريانىدا پەيدا بولۇش بىلەنلا بىر خىل پائالىيەتچانلىققا ئىگە بولىدۇ، بۇ پائالىيەتچانلىق ئىنسانلارنىڭ ھەر خىل پائالىيەتلىرىدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۇلۇغ ئىنقىلاۋىي ئۆزگىرىش ئېلىپ بېرىلغانلىقتىن، سوتسىيالىستىك جەمئىيەت قۇرۇش جەريانىدا، سوۋېت كىشىلىرىنىڭ روھىي قىياپىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر بولىدى. كىشىنى كىشى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ھادىسىلىرىدىن خالىي بولغان يېڭى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئاساسىدا، كىشىلەرنىڭ ئەمگەك، جامائەت مۈلكى ۋاھاكازالارغا بولغان پوزىتسىيىسى تۈپتىن ئۆزگەردى. ئىلمىي پسىخولوگىيە كىشىلەر ئېڭىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىنى ۋە يېڭى كىشىلەرنىڭ، خۇسۇسەن ئوسۇۋاتقان ياش ئەۋلادلارنىڭ ئەخلاقىي قىياپىتىنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇ، ھەر بىر كىشىنىڭ جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتتە ئومۇمىي يۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ۋاستىلىرىنى ۋە ئۇسۇللىرىنى ئىزدىمەكتە.

پسىخولوگىيە روھىي ھالەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن، بىلىش نەزەرىيىسى ۋە دىيالېكتىكىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ئۈچۈن قىممەتلىك ماتېرىياللارنى بەردى.

پىكىر 观念 Идея ئىدىيە* گە قاراڭ.

پېئېر، بېيىل 培尔, 比埃尔 Бейль,Бэйль, Пьер (1647—1706) فرانسىيىنىڭ مەشھۇر سىياسىي مۇھاكىمىچىسى ۋە

پەيلاسوپى. خۇددى ماركس كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، پىشىر مېتافىزىكا ۋە ئىلاھىيەت مەدرىس پەلسەپىسىگە بولغان ئېتىقاتىنى نەزىرىيە جەھەتتىن بۇزۇپ تاشلىدى. ئۇ ئاشكارا ھالدا: ئىلاھىزلاردىنلا تەركىپ تاپقان جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى تامامەن مۇمكىن، دېگەن ئىدى. ئۇ: كىشىلەرنى ھاقارەتلەيدىغان نەرسە ئىلاھىزلىق بولماستىن، بەلكى دىنىي بىر تەرەپلىمە قاراش، دەپ يازغان ئىدى. پىشىر **دېكارت***تىن كېيىن: گۇمانلىنىش ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىشنىڭ بىردىن-بىر ئۇسۇلى؛ ھەقىقەتكە يېتىش يولى گۇمانلىنىشتىن ئۆتۈش كېرەك؛ لېكىن ھەقىقەتنىڭ ئۆزى ئوبيېكتىپ يوسۇندا، ھەقىقەتنى بىلىشتىكى سۇبيېكتقا باغلىق بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دەپ جاكالىدى. پىشىر: ھەقىقەت ئومۇمى ئەنئەنىۋى ئادەتلەر تەرىپىدىنمۇ يوقىتىۋېتىلمەيدۇ، بارلىق كىشىلەرنىڭ بىردەك قوشۇلۇشى بىلەنمۇ يوقىتىۋېتىلمەيدۇ، دېدى. شۈبھىچىلىك — پىشىرنىڭ مېتافىزىكا ۋە مەدرىس پەلسەپىسىگە قارشى كۈرەش قىلىشتىكى قورالى. ماركس: پىشىر ئاساسلىقى **سپىنوزا*** بىلەن **لېيبنىز***غا رەددىيە بەرگەن، دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. پىشىر سپىنوزانى تەنقىت قىلغان چېغىدا ماددىنىڭ ئەسلى زاتى — دۇنيادىكى بارلىق ئۆزگىرىش ۋە بارلىق ھادىسىلەرنىڭ ئاساسى — بىلەن ئىلاھنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشنىڭ بىمەنىلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. پىشىر ئەسلى زات بىرلىككە كەلگەن بولىدۇ، لېكىن ئۇ بىردىن-بىر نەرسە ئەمەس، دېگەن ھوكۈمگە مايىل ئىدى. سپىنوزا ھەر بىر جىسىم ئومۇمى ئەسلى زاتنىڭ پارچىلىرىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئومۇمى ئەسلى زاتقا ئوخشاش دەپ ھىساپلايدۇ، لېكىن پىشىر ھەر بىر جىسىمنى مۇستەقىل ئەسلى زات دەپ قاراشقا بولىدۇ دەيدۇ. ئۇ، ئالەم مۇستەقىل ۋە ئەقلىيلىككە ئىگە سان-ساناقسىز ئەسلى زاتتىن تەركىپ تاپقان، دەپ قارايدۇ.

بېيىل لېيبنىزنىڭ ئاتالمىش تەقدىرنىڭ يازمىشىغا ماس كېلىش توغرىسىدىكى تەلىماتىنىمۇ تەنقىت قىلدى. بېيىل مۇنداق سوئال قويىدۇ: مۇبادا لېيبنىزنىڭ ئويلىغىنىدەك، بىز ياشاۋاتقان بۇ ئەڭ گۈزەل دۇنيادا ھەممە نەرسە ياخشىلىق ۋە گۈزەللىككە يۈزلىنىدىغان بولسا، ئۇنداقتا جىنايەت، بالايى-ئاپەت ۋە ئالدامچىلىق نەدىن كېلىدۇ؟ ئەگەر جىنايەت مۇقەررەر ھالدا تەقدىر يازمىشىنىڭ ماسلىقىدىن يۈز بېرىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا جىنايەت قانداقمۇ جازاغا تارتىلىدۇ؟ شۇڭلاشقا، بېيىل ئەخلاق بىلەن دىنىنى بىر بىرىگە باغلىماسلىق كېرەك، دەپ ھېسابلىدى. بېيىل مۇنداق دەيدۇ: دىنىي ئېتىقادى ھەممىدىن كۈچلۈك بولغان كىشى ئەڭ ئەخلاقسىز كىشى بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىلاھسىزلار يۈكسەك ئەخلاققا ئىگە بولۇشى مۇمكىن. دىن شەھۋانىي نەپسىنى چەكلىيەلمەيدۇ. ئادەمنىڭ ئەقلى دىنىنىڭ ياردىمىسىزمۇ قايسى ھەركەتلەرنىڭ ماختاشقا ئەرزىيدىغانلىقىنى، قايسى ھەركەتلەرنىڭ ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى بەلگىلىيەلەيدۇ. ياخشىلىق خۇدادىن قورقۇش ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى ئىختىيارىيلىق ئاساسىدا بولۇشى كېرەك. بېيىل: كىشىلەرنىڭ ھەركىتى ئىنجىلنىڭ ئەمىر-مەرۇپلىرىگە باغلىق بولماستىن، دۆلەتنىڭ قانۇنىغا باغلىق: دۆلەتنىڭ قانۇنى ئۆزگەرسە، ئەخلاقمۇ ئۆزگىرىدۇ، دەپ قارايدۇ. بېيىل پادىشالىق ھاكىمىيىتىنىڭ ھىمايىچىسى ئىدى. گەرچە بېيىل ئۆزىنىڭ شۈبھىچىلىكىنى ئەقلىگە تەتبىق قىلغان، دىن ئۈستىدىكى تەنقىدى ئانچە ئۈزۈل-كېسىل بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ پەلسەپىسى يەنىلا ئاكتىپ رول ئوينىغان ئىدى. بېيىلنىڭ ئاساسلىق ئەسىرى «تارىخ تەنقىدى لۇغىتى» (1695—1697) دىن ئىبارەت.

**پلاتون** 柏拉图 Платон (مىلادىدىن ئىلگىرى 427—347) قەدىمقى يۇناننىڭ ئىدىيالىستىك پەيلاسوپى، ماتېرىيالىزم ۋە پەننىڭ

ئەشەددىي دۈشمىنى. ئافىنا دېموكراتىك ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرغۇچى. ئۇ ئۆزىنىڭ سىياسىي نۇقتىسىنەزىرى ۋە پەلسەپە نۇقتىسىنەزىرى ئارقىلىق ئەكسىيەتچىل ئافىنا ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىغان. لېنىن پەلسەپە جەھەتتىكى ئىككى لۇشيەن، ئىككى پارتىيە-گۇرۇھ ئۈستىدە توختالغاندا، دائىم دېموكرىتنىڭ ماتېرىيالىستىك لۇشيەنى بىلەن پلاتوننىڭ ئىدىيالىستىك لۇشيەنىنى قارىمۇ-قارشى قوياتتى. پلاتوننىڭ پەلسەپىسى "ئوبيېكتىپ" ئىدىيالىزمنىڭ پەلسەپە بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسى ئۆزگەرمەس، مەڭگۈ تەۋرەنمەس "ھەقىقىي مەۋجۇدىيەت"نى يەنى ئۇ ئالەمدىكى روھىي ماھىيەتلىك دۇنيانى پاكىي خىيالىي دۇنيانى بۇ ئالەمدىكى ئۆزگىرىشچان تەبىي نەرسىلەر دۇنياسى بىلەن قارىمۇ-قارشى قىلىپ قويۇشتىن ئىبارەت. پلاتون خىيالىي دۇنيا بىرلەمچى، سەزگىلى بولىدىغان ئەمەلىي نەرسىلەر دۇنياسى ئىككىلەمچى ۋە ئۇنىڭغا بېقىنغان ھالدا پەيدا بولغان دەپ ھېسابلايدۇ. پلاتوننىڭ قارىشىچە، ئەمەلىي نەرسىلەر پەقەت خىيالىي دۇنيانىڭ كولەڭگىسى. مەسىلەن، دەرەخ، ئات، سۇ قاتارلىقلار ئۇ دۇنيادىكى دەرەخ، "ئات" قاتارلىق خىيالىي ئۇقۇملارنىڭ مەھسۇلى. بىلىش نەزەرىيىسى جەھەتتە، پلاتون قەدىمقى زامان مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ تۇيغۇ نەزەرىيىسىگە قارشى تۇرۇپ، تۇيغۇ ھەقىقىي بىلىمنىڭ مەنبەسى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى تۇيغۇ ئەمەلىي نەرسىلەر دۇنياسىنىڭ دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ؛ ھەقىقىي بىلىمنىڭ مەنبەسى ئادەمنىڭ يوقالمايدىغان جېنىنىڭ خىيالىي دۇنيا توغرىسىدىكى ئەسلىمىسى، بۇ خىيالىي دۇنيانى جان چوقۇم ئۆلىدىغان تەن بىلەن بىللە تۇرۇشتىن ئىلگىرى بىۋاسىتە كۆزەتكىلى بولىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. پلاتون دىيالېكتىكىنى جاننىڭ خىيالىلىقىنى ئەسلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان ئۇسۇل دەپ ھېسابلايدۇ، ئۇ دىيالېكتىكىنى سۆزلىشىش جەريانىدا ئۇقۇملارنى

سېلىشتۇرۇش ۋە تەھلىل قىلىش سەنئىتى دەپ چۈشىنىدۇ. پلاتوننىڭ پەلسەپىسى ئىدېئالىستىك ئۇقۇم دىيالېكتىكىسىغا يېقىنلىشىشقا باشلىغان. پلاتون دۇنيانى ئىلاھ ياراتقان دېگەن دىنىي ئەقىدە ئارقىلىق ماتېرىيالىزمنىڭ يۈتمەس-تۈگىمەس، قانۇنىيەتلىك راۋاجلىنىۋاتقان ئالەم توغرىسىدىكى ئۇقۇمنەزەرىيىگە قارشى تۇرىدۇ، ئىلاھىيەت ئارقىلىق مۇئەييەنلىك نەزەرىيىسىگە قارشى تۇرىدۇ. لېنىن پلاتوننىڭ "تەبىئەت پەلسەپىسى"نى "ئىنتايىن بىمەنە سىرلىق ئىدېيە" دەپ كەسكىن تەنقىدلىگەن ئىدى.

ئىجتىمائىي-سىياسىي مەسىلە جەھەتتە، پلاتون ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەڭگۈلۈك ھۆكۈمرانلىقىنى دەلىللەشنى مەقسەت قىلغان بىر خىل نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ "غايىۋى مەملىكەت" توغرىسىدىكى تەلىماتىدا ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئۈچ تەبىقىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ئاساس قىلىشى كېرەكلىكىنى دەلىللىدى، بۇ ئۈچ تەبىقە مۇنۇلار: ھاكىمىيەت بېشىدىكى پەيلاسوپلار، مۇھاپىزەتچىلەر، دېھقانلار بىلەن قول سانائەتچىلەر. بىرىنچى تەبىقە، يەنى ئەڭ يۇقىرى تەبىقە دۆلەتنى باشقۇرىدۇ؛ ئىككىنچى تەبىقە دۆلەت تەرتىپىنى ساقلايدۇ؛ ئۈچىنچى تەبىقە ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. پلاتون قۇللارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش تۈزۈمىنى مەڭگۈ مۇستەھكەملەيدىغان بۇنداق ئىش تەقسىماتى "تەبىئىي بولىدۇ ۋە ئۆزگەرمەيدۇ" دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ، "ئاۋام خەلق"نىڭ دۆلەتنى باشقۇرىدىغان ھەرقانداق خىزمەتلەرگە قاتنىشىشىغا يول قويمايدۇ. ئۇ دېموكراتىك ھاكىمىيەت دۆلەت تۈزۈمىدىكى تۆۋەن شەكىل دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇنىڭ پىكرىچە، ئاقسۆڭەكلەر جۇمھۇرىيىتى غايىۋى تۈزۈم ھېسابلىنىدۇ. ماركس پلاتوننىڭ ئىجتىمائىي ئۇقۇمنەزەرىيىنى شەرھىلىگەندە مۇنداق دەپ يازىدۇ: "پلاتوننىڭ جۇمھۇرىيىتىدە، ئىش تەقسىماتى دۆلەت

قۇرۇشنىڭ ئاساسى پىرىنسىپى ھېساپلىنىدۇ. شۇڭا، بۇنداق جۇمھۇرىيەت مىسىر تەبىقە تۈزۈمىنىڭ ئافسانادا غايىۋىلەشتۈرۈلۈشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس......" («كاپىتال» رۇسچە نەشرى، 1-توم، 374—375-بەتلەر) پلاتوننىڭ تەلىماتىغا **يېڭى پلاتونىزىم*** ۋە **خىرىستىيان دىنى*** ۋارىسلىق قىلدى ۋە بۇ تەلىمات تۇرغۇن ئەكسىيەتچىل، پەنگە قارشى، سىرلىقلاشتۇرمىچىلىق ئۇقتىسنەزەرلىرىنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالدى. ھازىر، جاھانگىرلىكنىڭ مۇتەپەككۇرلىرىمۇ پەنگە ۋە ئاممىنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتلىرىگە قارشى كۈرەش قىلىشتا پلاتوننىڭ تەلىماتىدىن پايدىلانماقتا.

**پلېخانوۋ، گېورگى ۋالېنتىنوۋىچ** **普列汉诺夫，格奥尔基·瓦连廷诺维奇** **Плеханов, Георгий Валентинович** (1856—1918) ئاتاقلىق رۇس ماركسىزمچىسى، رۇسىيەدە تۇنجى ماركسىزملىق تەشكىلات بولغان "ئەمگەكنى ئازات قىلىش جەمئىيىتى"گە ئاساس سالغۇچى. ئۇنىڭ پۈتۈن پائالىيىتى 3 باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ: 1875-يىلدىن 1883-يىلغىچە، ئۇ نارودنىك ئىدى؛ 1883-يىلدىن 1903-يىلغىچە، ماركسىزمچى بولدى؛ 1903-يىلدىن كېيىن ئوڭچىللىق يولغا مېڭىپ، مېنشېۋىككە ئايلىنىپ كەتتى ۋە مېنشېۋىزمنىڭ يولباشچىسى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنقىلاۋىي ماركسىزمدىن يۈز ئۆرۈدى. ئۇ چەتئەلدە مۇھاجىر بولۇپ تۇرغاندا (پلېخانوۋ 1880-يىلى چەتئەلگە چىقىپ كەتكەن) نارودنىكلار بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزگەن ئىدى. ئۇ 1883-يىلى چەتئەلدە تۇنجى رۇسىيە ماركسىزملىق تەشكىلاتى بولغان "ئەمگەكنى ئازات قىلىش جەمئىيىتى"نى تەشكىللىدى. بۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرى ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىنى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىپ، چەتئەلدە نەشر قىلدى ھەم رۇسىيىگە مەخپىي تارقاتتى. **گېرتسېن***، **بېلىنسكى***، **چېرنىشېۋسكى*** ۋە **دوبرولىيۇبوۋ***لارنىڭ ئىنقىلاۋىي



ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، پلېخانوۋ ئىلمىي سوتسىيالىزمنى قوبۇل قىلدى، ئۇنىڭ بۇ باسقۇچتىكى نەزىرىيىۋى ئەسەرلىرى رۇس ئىشچىلار ھەركىتىگە ئىنتايىن چوڭ مەنپەئەت يەتكۈزدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قابىلىيىتى ۋە يۈكسەك ئەدىبىي تالانتى بىلەن ماركسىزمنى دەلىللىدى ۋە قوغدىدى، شۇنىڭ بىلەن ماركسىزم روسىيىدە تارقىلىشقا باشلىدى. پلېخانوۋ يازغان «سوتسىيالىزم ۋە سىياسى كۈرەش»، «بىزدىكى پىكىر ئىختىلاپلىرى»، «بىر مەنبەلىك تارىخقاراشنىڭ تەرەققىياتى مەسىلىسى ھەققىدە» قاتارلىق كىتابلار ماركسىزمنىڭ روسىيىدە غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن ئاساس سالدى. پلېخانوۋ رۇس ماركسىزمچىلىرى ئىچىدە نارودنىكلار نەزىرىيىسىگە بىرىنچى بولۇپ قارشى چىققان ئادەم. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدە نارودنىكلارغا قاتتىق زەربە بەردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياتچىلىق تۈزۈم روسىيىدە بىكار قىلىنغاندىن كېيىنكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر توغرىسىدىكى تەھلىلىگە ئاساسلىنىپ: نارودنىكلارنىڭ، روسىيە دېھقانلار يېزا جامائەسى ئارقىلىق سوتسىيالىزمغا ئۆتىدۇ، روسىيە غەيرى كاپىتالىستىك تەرەققىيات يولى بىلەن بارىدۇ، دېگەن نەزىرىيىسىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ۋە قىلچىمۇ ئاساسى يوقلۇقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. لېكىن ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، پلېخانوۋ بىلەن "ئەمگەكنى ئازات قىلىش جەمىيىتى"دە ئېغىر خاتالىقلار بار ئىدى. "ئەمگەكنى ئازات قىلىش جەمىيىتى"نىڭ پىروگراممىسىدا نارودنىكلار نۇقتىسىنەزەرلىرىنىڭ قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان ئىدى. مەسىلەن، پىروگراممىدا شەخسى تېرورلۇق تاكتىكىسىغا يەنىلا يول قويۇلغان ئىدى.

90-يىللارغا كەلگەندە، لېنىن نارودنىكلىقنى ئىدىيە جەھەتتىن

ئۈزۈل-كېسىل تارمار قىلدى. پلېخانوۋ پرولېتارىيات پەقەت دېخانلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەندىلا ئاندىن چارىزىم ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدىغانلىقىنى چۈشەنمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بەزى ئەسەرلىرىدە دېخانلارغا تامامەن سەل قارىدى، ئۇ "بۇرژۇئازىيە بىلەن پرولېتارىياتنى ئاشقىرى"، ئىنقىلاپتا ئاساس قىلغىلى بولىدىغان "باشقا ئىجتىمائىي كۈچنى كورمىدۇق" دەيدۇ. ئۇ ئەركىن بۇرژۇئازىيىنى ئىنقىلاپقا ياردەم بېرەلەيدىغان بىر خىل كۈچ دەپ قارىدى. پلېخانوۋنىڭ خاتالىقلىرى ئۇنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى مېنشېۋىزملىق نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ بىخى ئىدى. شۇنداقلا پرولېتارىياتنىڭ روسىيە بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋىدىكى رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئىنكار قىلىشنىڭ چىقىش نۇقتىسى ئىدى. «ئۇچقۇن» گېزىتى پارتىيە پروگراممىسىنىڭ لايىھىسىنى تۈزگەندە، پلېخانوۋ لېنىن تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى شوئارى ئورنىغا "ئەمگەكچىلەر بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچىلار دىكتاتۇرىسى" دېگەن مۈجمەل شوئارنى قويماقچى بولدى. روسىيە سوتسىيال-دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ 2-قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، پلېخانوۋ ئاغمىچىلار بىلەن مۇرەسسەلىشىش مەيدانىغا ئوتۇشكە باشلىدى، كېيىن، ئۆزىمۇ ئاغمىچىلار تەرىپىگە دومىلاپ، مېنشېۋىكلارغا بېقىنىپ كەتتى. ئۇ 1905-يىلى، ئىنقىلاپ مەسىلىسىگە لىبېرال كۆزقاراش مەيدانىدا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلدى ۋە لېنىننىڭ بولشېۋىكلىق تاكتىكىسىغا قارشى چىقتى. ستولىپىن ئەكسىيەتچىلىكى يىللىرىدا، ئۇ بولشېۋىكلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، پارتىيىگە قارشى بولغان "تاۋغۇست" ئىتتىپاقىغا قارشى تۇردى. كېيىن بېرىپ، ئۇ تامامەن ئاغمىچىلار لاگېرىغا كىرىپ كەتتى. جاھانگىرلىك دۇنيا ئۇرۇشى (1914—1918) يىللىرىدا، ئۇ مېنشېۋىكلارنىڭ دولەت ھىمايىچىلىكى تاكتىكىسىنى ھىمايە قىلدى، لېكىن ئۇلۇغ ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىغا بولسا دۈشمەنلىك پوزىتسىيىدە

بولدى.

پلېخانوۋ بۈيۈك شۆھرەت قازانغان بولسىمۇ، لېكىن ئىشچىلار ئۇنىڭ پرولېتارىياتلىق لۇشيەندىن چەتنەپ كەتكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەندە، ئۇلار پلېخانوۋدىن چەك-چېگرىنى قەتئىي ئايرىدى. پلېخانوۋنىڭ سىياسىي جەھەتتىن ئۆزگەرگەنلىكى ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى ئەسەرلىرىدىمۇ ئەكس ئەتتى. ئۇنىڭ بارلىق ئەڭ ياخشى ماركسىزملىق پەلسەپە ئەسەرلىرى 1883-يىلدىن 1903-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا يەنى مېنشېۋىزم تەرەپكە ئاغماستىن بۇرۇن يېزىلغان ئىدى. "ئۇ شەخسەن ئۆزى ئىلگىرى ناھايىتى زور خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن ئىدى. 1883-يىلدىن 1903-يىلغىچە بولغان 20 يىل ئىچىدە ئۇ كۆپلىگەن داڭلىق ئەسەرلەرنى، بولۇپمۇ ئاغمىچىلارغا، ماخىزىمغا ۋە نارودنىكلارغا قارشى ئەسەرلەرنى يازدى." («لېنىن ئەسەرلىرى»، رۇسچە 4-نەشرى، 20-توم، 333-بەت) پلېخانوۋنىڭ ئۇلۇغ خىزمىتى شۇكى، ئۇ پەلسەپىۋى ماتېرىيالىزم ئۈچۈن كۈرەش قىلدى، ئىدېئالىزمغا قارشى تۇردى، ماركسىزمنى كانتىزم بىلەن بىرىكتۈرمەكچى بولغان كۆپلىگەن ئۇرۇنۇشلارغا قارشى تۇردى. پلېخانوۋ **بېرنشتېين***نىڭ شىۋجېڭجۇيىسىنى كەسكىن تەنقىت قىلدى. پلېخانوۋ ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدە ماتېرىيالىزملىق تارىخقاراش توغرىسىدىكى بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە، ئالايلۇق، شەخسنىڭ تارىختىكى رولى مەسىلىسى ئۈستىدە چوڭقۇر ماركسىزملىق تەھلىل ئېلىپ باردى. لېنىن پلېخانوۋنىڭ پەلسەپە ئەسەرلىرىدىكى ئېغىر كەمچىلىك ۋە خاتالىقلارنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتتى. مەسىلەن، ئۇ ناھايىتى زور خاتالىقلارنى ئۆتكۈزگەن ئىدى: ئۇ ماركسىزملىق بىلىش نەزەرىيىسىگە قارىمۇ-قارشى بولغان ئىدېئالىزملىق **تەسۋىرىي يېزىق نەزەرىيىسى***نى قۇۋۋەتلىدى، بىلىش نەزەرىيىسى بىلەن دىيالېكتىكىنى بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىپ، بۇ ئىككىسىنىڭ بىر پۈتۈن نەرسە ئىكەنلى-

گىنى بىلەلمىدى، دىيالېكتىكىنىڭ ماركسىزملىق بىلىش نەزەرىيىسى
ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىدى؛ ئۇ تەجرىبىسىنى چۈشىنىشتە ماتېرىيالىزم
بىلەن ئىدېيالىزمنى ئېنىق پەرق ئەتمەي، ئىدېيالىزمغا ئارقا يول
قالدۇرۇپ قويدى؛ ئۇ دىيالېكتىكا قانۇنىنى مىساللارنىڭ يىغىندىسى
قىلىپ قويدى؛ ئۇ جۇغراپىيە شارائىتىنىڭ جەمئىيەتنىڭ تارىخىي
جەريانىدىكى رولىغا تولىمۇ ئۈستۈن باھا بەردى؛ ئۇ 19 ـ ئەسىر-
دىكى ئۇلۇغ رۇس مۇتەپەككۇرلىرىنى ۋە ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزمە-
چىلارنى ھەمىشە غەربىي ياۋروپا پەيلاسوپلىرىنىڭ ئاددىي تەخلىتچى-
لىرى قىلىپ تەسۋىرلەيتتى. ئۇنىڭ ماخىزىمچىلارغا بەرگەن تەنقىدى
ئابستىراكىت تەنقىت ئىدى. ئۇ ماخىزىم بىلەن تەبىي پەن كىرى-
زىسىنىڭ باغلىنىشىنى بايقىيالمىدى. پلېخانوۋ ئۆتكۈزگەن خاتالىقلار-
نىڭ نەزەرىيىۋى مەنبەسى شۇكى، ئۇ ماركسىزم ئاساسچىلىرىنىڭ
پەلسەپە ساھەسىگە قوشقان يېڭى خاراكتېرلىق نەرسىلىرىنى تولىمۇ
تۆۋەن باھالىدى. ئۇنىڭ خاتالىقىنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسى بولسا ئۇنىڭ
بۇرژۇئا لىبېرالىزمى ۋە غەربىي ياۋروپا ئاقىمچىلىرىنىڭ تەسىرىگە
ئۇچرىغانلىقىدىن ئىبارەت. پلېخانوۋ ئىجادىي ماركسىزم مەيدانىدا
تۇرمىدى، ئۇ ماركسىزم نەزەرىيىسىگە دوگما ئاساستا قاراپ، ئىنقى-
لاۋىي ھەركەتنىڭ مەركىزىنىڭ روسىيىگە كۆچكەنلىكىنى كۆرەلمىدى،
جاھانگىرلىك ۋە پىرولېتارىيات ئىنقىلاۋى دەۋرىدىن ئىبارەت يېڭى،
كونكرېت تارىخىي شارائىتتىكى روسىيە تەرەققىياتىنىڭ خۇسۇسىيەت-
لىرىنى نەزەرگە ئالمىدى.

پلېخانوۋ ئىنتايىن تالانتلىق ئەدەبىيات تەنقىتچىسى ئىدى، ئۇ
ئەدەبىيات ۋە سەنئەت ساھەسىدىكى پەنگە قارشى ئىدېيالىستىك
نۇقتىنەزەرلەرنى پاش قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئىشلارنى قىلدى.
بىلىنسكى ۋە چېرنىشېۋسكىنىڭ نۇقتىنەزەرلىرى ئۇنىڭ ئېستېتىكى-
لىق نۇقتىنەزىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ تەسىر

كورسەتتى. پلېخانوۋ ئۇرغۇن ماركسىزملىق ئېستېتىكا مەسىلىلىرىنى مۇلاھىزە قىلىپ كورگەن ئىدى. ئۇ ئىدىيالىزملىق سەنئەت نۇقتىئىنەزىرىگە قارشى تۇردى، دېكادېنتلارنىڭ "سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت" دېگەن شوئارلىرىغا قارشى تۇردى، ئوزىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت توغرىسىدىكى تەنقىدىي ماقالىلىرىدا، بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋىلىك تەلىۋىدە چىڭ تۇردى. پلېخانوۋنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەسەرلىرى مۇنۇلار: «سوتسىيالىزم ۋە سىياسىي كۈرەش» (1883)، «بىزدىكى پىكىر ئىختىلاپلىرى» (1885)، «بىر مەنبەلىك تارىخقاراشنىڭ تەرەققىياتى مەسىلىسى ھەققىدە» (1895)، «ماتېرىيالىزمنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى ماقالىلار» (1896)، «ماتېرىيالىزملىق تارىخقاراش ھەققىدە» (1897)، «شەخسنىڭ تارىختىكى رولى مەسىلىسى توغرىسىدا» (1898).

**پوپچىلىق** **教父学** **Патристика** 1—5-ئەسىرلەردىكى خرىستىيان دىنىنىڭ ئىلاھىيىتى، يەنى يېڭى دىنىي ئەقىدىلەرنى قوغدايدىغان ۋە "يات دىن بولغان" قەدىمقى يۇنان-رىم پەلسەپىسىگە قارشى تۇرىدىغان "دىنىي جەمئىيەت موتىۋەرلىرى" تەشەببۇس قىلغان دىنىي قوغداش نەزەرىيىسى. 3-ئەسىردىن باشلاپ، پوپچىلىق قەدىمقى يۇنان-رىم پەلسەپىسىگە ئاددىيلا ھالدا قارشى تۇرماستىن ۋە ئۇنى ئەيىبلىمەستىن، بەلكى ئوزىنىڭ ئەڭ ئەكسىيەتچىل شەكىللىرىدىن يەنى **يېڭى پلاتونىزم***دىن پايدىلىنىپ، خرىستىيان دىنىنى دەلىللەپ بېرىشكە كۈچىنىڭ بېرىچە ئۇرۇندى. تېرتۇللىيان (تەخمىنەن 150—222)، ئالېكساندرىيىلىك كلېمېنت (تەخمىنەن 150—215)، ئورىگېن (تەخمىنەن 185—254) ۋە **ئاۋگۇستىن*** قاتارلىقلار پوپچىلىقنىڭ ئەڭ ئاتاقلىق ۋەكىللىرىدۇر.

**پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى** **无产阶级专政** **диктатура пролетариата** "ئەگەر بىز پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى دېگەن

بۇ تارىخىي پەلسەپىۋى ۋە ئىلمىي بولغان لاتىنچە ئاتالغۇنى ئادەت-تىكى تىلغا تەرجىمە قىلساق ئۇ مۇنداق دېگەنلىك بولىدۇ:

كاپىتال زۇلمىنى ئاغدۇرۇش كۈرىشىدە، بۇنداق زۇلۇمنى ئاغدۇ-رۇش جەريانىدا، غەلىبىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش كۈرىشىدە، يېڭى سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي تۈزۈم ئورنىتىش ئىشلىرىدا، سىنىپ-لارنى پۈتۈنلەي يوقىتىش يولىدىكى پۈتكۈل كۈرەشتە، پەقەت بىر سىنىپ، يەنى شەھەردىكى ۋە ئومۇمەن زاۋۇتلاردىكى ئىشچىلار، يەنى سانائەت ئىشچىلىرىلا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى بارلىق ئەمگەكچى ئاممىغا رەھبەرلىك قىلالايدۇ." (لېنىن. «ماركس، ئېنگېلس ۋە ماركسىزم توغرىسىدا»، 1977-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 723-بەت)

پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى پرولېتارىيات دۆلىتى ئارقىلىق گەۋدى-لىنىدۇ ۋە ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقى پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ ئالىي پىرىن-سىپى. پرولېتارىيات پەقەت ئەمگەكچى دېھقانلار ئاممىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەندىلا، ئاندىن ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بارلىق كىشىلەرنىڭ جانجان مەنپەئەتىگە مۇناسىۋەتلىك مەقسەتكە، يەنى كاپىتالىزمنى يوقىتىش ۋە كوممۇنىزم قۇرۇش مەقسىدىگە يېتە-لەيدۇ.

ستالىن پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ ئۈچ مۇھىم تەرىپىنى مۇن-داق بايان قىلىدۇ:

"(1) پرولېتارىيات ھاكىمىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنى باستۇرۇش، ۋەتەننى قوغداش، باشقا ئەللەر پرولې-تارلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى مۇستەھكەملەش، دۇنيا ئەللىرى ئىنقى-لاۋىنىڭ تەرەققىياتى ۋە غەلىبىسىنى ئالغا سۈرۈش.

(2) پرولېتارىيات ھاكىمىيىتىدىن پايدىلىنىپ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنى بۇرژۇئازىيىدىن پۈتۈنلەي ئاجرى-

تىپ چىقىش، پرولېتارىياتنىڭ بۇ ئامما بىلەن بولغان ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەملەش، بۇ ئاممىنى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىشقا جەلپ قىلىش، پرولېتارىياتنىڭ بۇ ئاممىغا قارىتا دۆلەت رەھبەرلىكىنى يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش.

(3) پرولېتارىيات ھاكىمىيىتىدىن پايدىلىنىپ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنى ئۇيۇشتۇرۇش، سىنىپلارنى يوقىتىپ، سىنىپسىز جەمئىيەتكە يەنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ئۆتۈش.

پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى مۇشۇ ئۈچ تەرەپنىڭ بىرىكىشىدىن ئىبارەت...... پەقەت بۇ ئۈچ تەرەپنى ئومۇملاشتۇرغاندىلا، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى توغرىسىدا مۇكەممەل ئۇقۇمغا ئىگە بولالايمىز.» (ستالىن، «لېنىنىزم ئاساسلىرى توغرىسىدا»، 1976-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 232—233-بەتلەر)

ماركسىزم بىزگە مۇنداق دەپ تەلىم بېرىدۇ: پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى زورلۇق كۈچ بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، ئۇ زورلۇق كۈچلا ئەمەس، ھەتتا ئاساسلىقى زورلۇق كۈچ ئەمەس. ئىچكى ئۇرۇش دەۋرىدە، گەرچە دىكتاتۇرىنىڭ زورلۇق كۈچى ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرسىمۇ، لېكىن بۇ ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرغانلىق ئەمەس؛ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش دەۋرىدە، تىنچلىق خىزمىتى، تەشكىلىي خىزمەت ۋە مەدەنىيەت خىزمىتى ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، لېكىن بۇمۇ تېخى يوقىتىلمىغان ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارغا زورلۇق كۈچ ئىشلىتىشتىن ۋاز كەچكەنلىك ئەمەس.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ دۆلەت شەكلى — سوۋېتلەر. بۇ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئاممىۋى ۋە ئەڭ دېموكراتىك بولغان، شەھەر-يېزىلاردىكى بارلىق ئەمگەكچىلەرنىڭ تەشكىلاتى، شۇنداقلا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەمگەكچى ئاممىغا بولغان

دۆلەت رەھبەرلىكىنى يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىدىغان تەشكىلات. سوۋېتلەر 1905-يىلدىكى ئىنقىلاپتا بارلىققا كېلىپ، ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ دۆلەت شەكلىگە، ئىشچى-دېھقانلار ھاكىمىيىتىنىڭ خاراكتېرىنى ئەڭ توغرا ئىپادىلەيدىغان شەكىلگە ئايلاندى.

ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىلغار قوشۇنى ۋە سىياسىي ئاۋانگارت قوشۇنى بولغان كوممۇنىستىك پارتىيە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى سىستېمىسىدىكى مۇھىم رەھبەرلىك كۈچ ۋە يېتەكچى كۈچ. كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك رولى سوۋېت ئىتتىپاقى ئاساسىي قانۇنىنىڭ 126-ماددىسىدا قانۇن رەسمىيىتى بىلەن بېكىتىلدى. پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى ئۆزىنىڭ تەشكىلىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى دائىملىق ئەمەلىيىتىدە، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوپېراتىپ ۋە ياشلار ئىتتىپاقى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلىرىغا تايىنىدۇ. مۇشۇ تەشكىلاتلار پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى سىستېمىسىدىكى "پىشاڭ" ۋە "ۋاسىتە". شۇنداقلا پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى تۈزۈمىدە پرولېتارىيات دۆلىتى بىلەن بارلىق ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنى چىڭ تۇتىدىغان ئاساسىي ھالقا: ئىشچىلار سىنىپى مۇشۇ تەشكىلاتلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ جەمئىيەتكە بولغان دۆلەت رەھبەرلىكىنى يۈرگۈزىدۇ.

سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ دىكتاتۇرىسىمۇ بارغانسېرى تەرەققىي قىلىدۇ ۋە مۇستەھكەملىنىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1936-يىلى ماقۇللانغان، سوتسىيالىزمنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى غەلىبىسى مۇقىملاشتۇرۇلغان يېڭى ئاساسىي قانۇنىدا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ رەھبەرلىك رولى يەنىلا ساقلاپ قېلىنغان. ئاساسىي قانۇن ئىشچىلار سىنىپى دىكتاتۇرىسى ئاساسىغا كېڭەيگەنلىكىنى، ئىشچىلار سىنىپى دىكتاتۇرىسىنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتكە

بولغان دۆلەت رەھبەرلىكىنى يۈرگۈزۈشتە تېخىمۇ جانلىق ۋە تېخىمۇ قۇدرەتلىك سىستېما بولۇپ قالغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئىشچىلار سىنىپى دىكتاتۇرىسىنىڭ (رەھبەرلىكىنىڭ) ساقلىنىپ قېلىشى، ئالدى بىلەن شۇندىق دېگەنلىك بولىدۇكى، سوتسىيالىزىمدىن تەدرىجى ھالدا كوممۇنىزىمغا ئۆتۈش جەريانىدا، رەھبەرلىك رولىنىڭ يەنىلا ئىشچىلار سىنىپىغا، يەنى ئىلغار ۋە تېخىمۇ چىنىققان سىنىپقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئىشچىلار سىنىپى دىكتاتۇرىسى ئاساسىنىڭ كېڭىيەلىشى ۋە مۇستەھكەملىنەلىشى، ئالدى بىلەن دېھقانلارنىڭ ئۈزۈل-كېسىل ۋە قەتئى ھالدا سوتسىيالىزىم يولىغا ماڭغانلىقىدىن، دېھقانلارنىڭ تەۋرىنىپ تۇرىدىغان تۇراقسىز كۈچتىن سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەم، كۈچلۈك تۈۋرۈكىگە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشچىلار سىنىپى دىكتاتۇرىسىنىڭ تۈۋرۈكىگە ئايلانغانلىقىدىن بولدى. (**سوتسىيالىستىك دۆلەت**"كە قاراڭ)

سوۋېت ئىتتىپاقى فاشىست ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقتىن، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكى ئۇرغۇن مەملىكەتلەردە خەلق دېموكراتىيىسى تۈزۈمى بارلىققا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن پۈرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ يېڭى شەكلى مەيدانغا چىقتى. فاشىزىمغا قارشى مىللىي ئازاتلىق ئۇرۇشلىرىنىڭ پەۋقۇلئاددە تارىخىي شارائىتىدا بارلىققا كەلگەن **خەلق دېموكراتىيىسى**" سوۋېت ھاكىمىيىتىدىن ئىبارەت بۇ پۈرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ ئالىي شەكلى بىلەن ئوخشاش بىر مەقسەتكە ئىگە. خەلق دېموكراتىيىسىدىن ئىبارەت بۇ پۈرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى شەكلىدىكى دۆلەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى لېنىننىڭ: "كاپىتالىزىمدىن كوممۇنىزىمغا ئۆتۈشتە، ئەلۋەتتە ئىنتايىن مول ۋە مۇرەككەپ سىياسىي شەكىللەر پەيدا بولماي قالمايدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ماھىيىتى جەزمەن بىر، ئۇ بولسىمۇ **پۈرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى**" (لېنىن: «دۆلەت ۋە

ئىنقىلابى»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 57-بەت) دېگەن دانا ھۆكمىنى پۈتۈنلەي ئىسپاتلىدى.

**无产阶级社会主 پرولېتارىيات سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى**

**Пролетарская, социалистическая революция 义革命**

پرولېتارىيات سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى يوقىتىش ۋە يېڭى سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى تەشكىللەش ئۈچۈن، بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرىسىنى زورلۇق يولى بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئورنىتىش دېمەكتۇر. ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ ئۈلگىسى. ستالىن «لېنىنىزىم مەسىلىلىرى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىدا پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ بۇرژۇئا ئىنقىلابىدىن پەرقلىنىدىغان 5 نۇقتىسىنى كۆرسەتتى:

"(1) بۇرژۇئا ئىنقىلابى، ئادەتتە، بىر قەدەر تەييار كاپىتالىستىك ئىگىلىك شەكلى ھازىرلانغان ۋاقىتتا باشلىنىدۇ، بۇنداق شەكىل ئاشكارا ئىنقىلابتىن ئىلگىرى فېوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۆسكەن ھەمدە پىشىپ يېتىلگەن بولىدۇ؛ پرولېتارىيات ئىنقىلابى بولسا تەييار سوتسىيالىستىك ئىگىلىك شەكلى ھازىرلانمىغان، ياكى ھازىرلانمىغان دېگۈدەك ۋاقىتتا باشلىنىدۇ.

(2) بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش ھەمدە بۇ ھاكىمىيەتنى مەۋجۇت بۇرژۇئا ئىگىلىكىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش؛ پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى بولسا ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن يېڭى، سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنى بەرپا قىلىش.

(3) بۇرژۇئا ئىنقىلابى، ئادەتتە، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش بىلەن تاماملىنىدۇ؛ پرولېتارىيات ئىنقىلابى ئۈچۈن بولسا، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش پەقەت ئىنقىلابنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ ھەمدە ھاكىمىيەت

كونا ئىگىلىكنى ئۆزگەرتىش ۋە يېڭى ئىگىلىكنى ئۇيۇشتۇرۇشنىڭ ۋاستىسى قىلىندۇ.

(4) بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى بىر ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى گۇرۇھنى يەنە بىر ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى گۇرۇھنىڭ ئورنىغا ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىرىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئۈچۈن كونا دۆلەت ماشىنىسىنى پاچاقلاپ تاشلاش زۆرۈر ئەمەس؛ پۇرولېتارىيات ئىنقىلاۋى بولسا بارلىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى گۇرۇھلارنى ھاكىمىيەت بېشىدىن چۈشۈرىدۇ ھەمدە بارلىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ يولباشچىسى بولغان پۇرولېتارىياتنى ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىرىدۇ. شۇڭا ئۇ كونا دۆلەت ماشىنىسىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى دۆلەت ماشىنىسىنى دەسسەتمەي تۇرالمايدۇ.

(5) بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى مىليونلىغان ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنى ئۇزاقراق مۇددەتكىچە بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرالمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ ئاممىا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ئەمگەكچىلەر؛ پۇرولېتارىيات ئىنقىلاۋى بولسا پۇرولېتارىيات ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە يېڭى، سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش يولىدا، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنى پۇرولېتارىيات بىلەن ئۇزاق مۇددەت ئىتتىپاق تۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ ۋە ئىگە قىلىشى لازىم، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ ئاممىا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ئەمگەكچىلەر.» (ستالىن، «لېنىنىزىم ئاساسلىرى توغرىسىدا»، 1976-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 217 — 219-بەتلەر)

ماركسىزىم كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى توغرىسىدىكى چوڭقۇر ۋە ئىلمىي تەھلىللەرگە ئاساسەن، پۇرولېتارىيات ئىنقىلاۋى

مۇقەررەر ھالدا تۇغۇلىدۇ-دېگەن خۇلاسىنى چىقاردى. تارىخ بىزگە شۇنى ئۇقتۇرۇدىكى، ئۇلۇۋاتقان سىنىپ ئۆزلۈكىدىن تەختتىن چۈشۈپ، ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئىككىنچى بىر سىنىپقا ئۆتۈنۈپ بەرگەن ئەھۋال ھېچقاچان كۆرۈلگەن ئەمەس. ماركسىزمنىڭ ئاساسچىلىرى پرولېتارىياتنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلابتىكى ۋەزىپىلىرىنى، شۇنىڭدەك بۇرژۇئازىيە دۆلەت ماشىنىسىنى پاچاقلاپ تاشلاشنىڭ ۋە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئورنىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى دەلىللەپ بەردى. 19-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدا، ماركس بىلەن ئېنگېلس مونوپولىيىدىن بۇرۇنقى كاپىتالىزم—يۇقىرى ئۆرلەش يولى بويىچە ئازدۇر-كۆپتۇر مۇقىم ھالدا تەرەققىي قىلىۋاتقان كاپىتالىزم-نىڭ شەرت-شارائىتىغا ئاساسەن، پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى بارلىق ئىلغار ئەللەردىكى ياكى ھېچبولمىغاندا، كۆپچىلىك مەدەنىيەتلىك ئەللەردىكى پرولېتارىيات بىرلىكتە ھەركەتلەندۈرۈلگەندىلا ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ، دەپ قارىغان ئىدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ بىر ئەلدە غەلىبە قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ ھېساپلىغان ئىدى. بۇ نەزەرىيە مونوپولىيىدىن بۇرۇنقى كاپىتالىزم دەۋرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا توغرا ئىدى.

لېنىن ماركسىزمنى ئىجادىي راۋاجلاندۇردى. ئۇ 1915-يىل بىلەن 1916-يىل ئارىلىقىدا يازغان «ياۋروپا قوشما ئىشتاتلىرى شوئارى ھەققىدە»، «پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ ھەربىي پروگراممىسى» دېگەن ئىككى ماقالىسىدا پرولېتارىيات سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى توغرىسىدىكى يېڭى، داھىيانە نەزەرىيىنى، يەنى سوتسىيالىزمنىڭ ئالدى بىلەن بىرنەچچە ياكى ھەتتا يالغۇز بىر كاپىتالىستىك ئەلدە غەلىبە قازىنىشى مۇمكىنلىكى، شۇنىڭدەك جاھانگىرلىك دەۋرىدە ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي تەرەققىياتىنىڭ تەكشى بولمايدىغانلىقى تۈپەيلىدىن سوتسىيالىزمنىڭ بارلىق ئەللەردە بىرلا

ۋاقىتتا غەلىبە قازىنىشى مۇمكىن ئەمەسلىكى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. لېنىن بۇ نەزەرىيىنى ئۆزىنىڭ كاپىتالىزم تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى — جاھانگىرلىك باسقۇچى توغرىسىدىكى ئىلمىي تەھلىلىگە ئاساسەن چىقارغان. 1905 - يىلدىكى بىرىنچى قېتىملىق روسىيە ئىنقىلابى دەۋرىدىلا، لېنىن **«سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابتىكى ئىككى خىل تاكتىكىسى»*** دېگەن كىتابىدا، جاھانگىرلىك دەۋرىدىكى بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بەلگىلىرىنى ئېچىپ بەردى، بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىنى سوتسىيالىستىك ئىنقىلابقا ئايلاندۇرۇش توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى دەلىللىدى. لېنىن سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب توغرىسىدىكى يېڭى نەزەرىيىنىڭ ئاساسىنى شۇ چاغدىلا بەرپا قىلغان ئىدى. "بۇ نەزەرىيىگە ئاساسەن، پرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابى جەريانىدا دېھقانلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش شارائىتى ئاستىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان رەھبەرلىك ھوقۇقى پرولېتارىياتنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب جەريانىدا باشقا ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ئەمگەكچىلەر ئاممىسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش شارائىتى ئاستىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان رەھبەرلىك ھوقۇقىغا ئايلاندۇرۇلۇشى لازىم؛ پرولېتارىيات بىلەن دېھقانلارنىڭ دېموكراتىك دىكتاتۇرىسى بولسا پرولېتارىياتنىڭ سوتسىيالىستىك دىكتاتۇرىسىغا ئاساس ھازىرلىشى لازىم." («سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلار) تارىخى قىسقىچە كۇرسى»، 1978 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 168 — 169 - بەت) لېنىن 1905 - يىلى بەرپا قىلغان سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب توغرىسىدىكى بۇ يېڭى نەزەرىيىسىدە سوتسىيالىزم ئالدى بىلەن يالغۇز بىر مەملىكەتتە غەلىبە قازىنىشى مۇمكىنلىكى توغرىسىدا تېخى بىۋاسىتە خۇلاسىگە كەلمىگەن. لېكىن بۇ نەزەرىيە، خۇددى «سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلار) تارىخى قىسقىچە

كۆرسىەدا كورستىلگىنىدەك، بۇنداق خۇلاسىگە كېلىش ئۈچۈن زورۇر بولغان بارلىق پاكىت، ھېچبولمىغاندا، بارلىق ئاساسىي تەركىبلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېنىن 1915-يىلى ئەنە شۇ خۇلاسىگە كەلدى. لېنىن، جاھانگىرلىك دەۋرىدە كاپىتالىزمنىڭ ئۆزىگە خاس زىددىيەتلىرى بارغانسېرى كەسكىنلىشىدۇ، دەپ كورسەتتى. كاپىتالىستىك ئەللەردە زۇلۇمنىڭ كۈچىيىشى مۇشۇ ئەللەردە ئىنقىلاب كىرىزىسىنىڭ كوپىيىشىگە، ئەمگەك بىلەن كاپىتال ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ كەسكىنلىشىشىگە سەۋەب بولدى. جاھانگىر ئەللەر بىلەن مۇستەملىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر بارغانسېرى كەسكىنلەشتى. جاھانگىرلىك شارائىتىدا ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تەرەققىياتتىكى تەكشىسىزلىكنىڭ كۈچىيىشى جاھانگىر ئەللەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى چوڭقۇرلاشتۇردى ۋە كەسكىنلەشتۈردى، مانا بۇ بازارنى، خام ئەشيا مەنبەلىرىنى تالىشىش ۋە دۇنيانى قايتىدىن بۆلۈۋېلىش ئۈچۈن بولغان ئۇرۇشلارنىڭ يىلتىزى ئىدى. بۇ ئۇرۇشلار جاھانگىرلىكنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، جاھانگىرلىك سېپىنىڭ ئەڭ ئاجىز ھالقىلىرىنى بۆزۈپ تاشلاشنىڭ ئىمكانىيىتىنى ھازىرلىدى.

لېنىن مۇستەملىكىلەر بىلەن بېقىندى ئەللەرنىڭ مىللىي ئازاتلىق ھەرىكەتلىرى مەسىلىسىنى يېڭى شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇنى پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ زاپاس ئارمىيىسى مەسىلىسى دەپ قارىدى ھەمدە كاپىتالىستىك ئەللەردىكى پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ مۇستەملىكە ۋە بېقىندى ئەللەردىكى مىللىي ئازاتلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن جاھانگىرلىككە قارشى ئىنقىلابىي بىرلىك سەپ تۈزۈشى مۇمكىنلىكىنى ۋە مۇقەررەرلىكىنى كورسىتىپ بەردى.

ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى لېنىننىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب توغرىسىدىكى يېڭى نەزەرىيىسىنى مۇكەممەل سۈرەتتە دەلىللىدى. يېڭى شارائىتتا يەنى سوۋېت ئىتتىپاقى سوتسىيالىزمنىڭ

غەلىبىسى ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقان ۋە جاھانگىرلىكنىڭ زىددىيەتلىرى يارقىنىرى كەسكىنلىشىۋاتقان شارائىتتا، ستالىن ۋە لېنىننىڭ باشقا شاگىرتلىرى ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلابى توغرىسىدىكى تەلىماتلىرىنى راۋاجلاندۇردى ۋە بېيىتتى. كوممۇنىستىك پارتىيە سوتسىيالىزم دۈشمەنلىرىنىڭ سوتسىيالىزم سوۋېت ئىتتىپاقىدا غەلىبە قىلالمايدۇ دېيىشكەن ئەكسىلئىنقىلابىي نۇقتىئىنەزىرىنى ئېچىپ تاشلىدى.

ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلابى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىنقىلابتىكى ئىستراتېگىيىسى ۋە تاكتىكىسى توغرىسىدىكى تەلىماتلىرى دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر كوممۇنىستىك پارتىيىلىرىنىڭ سوتسىيالىزم ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان كۆرەشلىرىدە ئەڭ ئۆتكۈر نەزەرىيىۋى قورال.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا غەلىبە قىلغان پرولېتارىيات ئىنقىلابى دۇنيا بويىچە تۇنجى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئۇرغۇن مەملىكەتلەر جاھانگىرلىك سېستىمىسىدىن ئايرىلىپ چىقتى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەل قىلغۇچ رول ئوينىشى بىلەن بۇ دۆلەتلەر فاشىستلار گېرمانىيىسى ۋە جاھانگىرلار ياپونىيىسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى، شۇنىڭدەك بۇ ئەللەردىكى خەلقنىڭ ئازاتلىق يولىدا كۆرەش ئېلىپ بېرىشى ئارقىسىدا، بۇ ئەللەر **خەلق دېموكراتىيىسى*** ۋە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىغا ماڭدى. جۇڭگو خەلقى ئىچكى ئەكسىلئىنقىلابىي كۈچلەرنى ۋە چەتئەل جاھانگىرلىرىنى يېڭىشتەك ئۇلۇغ غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەجرىبىلىرى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ غەلىبىسى پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ تېچلىق، دېموكراتىيە ۋە سوتسىيالىزمنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۆرەشلىرىگە ئىلھام بەرمەكتە.

**无产阶级国际主义　پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىيونالىزمى**

Пролетарский интернационализм (لاتىنچىسى inter—...... ئارىسىدا، natio—مىللەت) ھەرقايسى ئەللەر پرولېتارلىرى ۋە ئەمگەكچى خەلقىنىڭ خەلقارا ئىتتىپاقلىق ئىدىيىسى، ھەرقايسى ئەل كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئوز پائالىيىتىدە ئاساسلىنىدىغان ئۆلۈغ پرىنسىپلىرىدىن بىرى. پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىونالىزمى بۇرژۇئا مىللەتچىلىكىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ، بۇرژۇئا مىللەتچىلىكى مىللەتلەر ئارىسىغا بولگۈنچىلىك سالىدۇ، بىر مىللەتنى ئىككىنچى بىر مىللەتكە قارشى تۇرۇشقا كۇشكۇرتىدۇ، پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىونالىزمى يولسا تېڭلىق، دېموكراتىيە ۋە سوتسىيالىزم ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان مىللەتلەرنىڭ ئەمگەكچى خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدۇ.

ماركس بىلەن ئېنگېلس «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»دە پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىونالىزمى توغرىسىدىكى ئىدىيىنى تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىپ، ھەرقايسى مەملىكەت پرولېتارىياتىنىڭ كاپىتالىستىك زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش كۈرىشىدىكى مەنپەئەت بىردەكلىكىنى كورسىتىپ بەردى. ھەرقايسى مەملىكەت، ھەرقايسى مىللەت ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ھەممىسى ئوزىنىڭ ئىجتىمائى ئازاتلىقى ئۈچۈن، بۇرژۇئا ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ۋە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى تىكلەش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. ۋاھالەنكى، مەلۇم بىر مىللەت ئىشچىلار سىنىپى ئوزىنىڭ كۈرىشىنى باشقا مىللەتلەر پرولېتارىياتىنىڭ كۈرىشى بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ قارىسا بولمايدۇ، چۈنكى ياتقۇز ئوز مەملىكىتىدىكى بۇرژۇئازىيىلا ئەمەس، بەلكى باشقا مەملىكەتلەردىكى بۇرژۇئازىيىمۇ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ دۈشمىنى. بۇنىڭ بىلەن ھەرقايسى مەملىكەت پرولېتارىياتى ۋە ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئوزلىرىنىڭ ئورتاق دۈشمىنىگە قارشى كۈرەش يولىدىكى ئورتاق تۇپ مەنپەئەتى كېلىپ چىقتى. ماركس بىلەن ئېنگېلس "پۈتۈن

دۇنيا پرولېتارلىرى، بىرلىشىڭلار" دېگەن شوئار ئارقىلىق پرولې-
تارىيات ئىنتېرناتسىونالىزمىنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ
بەردى.

پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىونالىزمى، بۇرژۇئا مۇتەپەككۇرلىرى ۋە
ئىسلاھاتچى مۇتەپەككۇرلەرنىڭ ھاقارەتلىگىنىدەك، ئىشچىلار سىنى-
پىنىڭ ئۆز مىللىتى ھەم ۋەتىنىنىڭ تەقدىرىگە قىلچە ئېتىۋار بەرمەي-
دىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىونالىزى-
مىدا، پرولېتارىياتنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە بولغان ھەقىقىي قىزغىن
مۇھەببىتى، ئۆز ۋەتىنىنى سىنىپىي زۇلۇم ۋە مىللىي زۇلۇمدىن
قۇتۇلدۇرىدىغان ئارزۇسى باشقا مەملىكەت ئەمگەكچى خەلقىنىڭ
ئەركىنلىك، تېچلىق، دېموكراتىيە ۋە سوتسىيالىزمنى قولغا كەلتۈ-
رۈش يولىدىكى كۈرىشىگە قىلىدىغان ياردىمى بىلەن ماس، كەلگەن
ھالدا بىرلەشتۈرۈلگەن. پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىونالىزمى بىرەر
مىللەتنىڭ باشقا مىللەتلەرگە ھەتتا ئەڭ ئاجىز مىللەتكە قارىتا
كەمسىتىش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇشقا زادىلا يول قويمايدۇ، چۈنكى
ھەر بىر مىللەت، مەيلى ئۇنىڭ چوڭ مىللەت بولۇشى ياكى كىچىك
مىللەت بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، دۇنيا مەدەنىيىتىنى راۋاجلان-
دۇرۇشقا ئۆز تۆھپىسىنى قوشقان. پەقەت ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سوت-
سىيالىستىك ئىنقىلاۋىلا مىللىي زۇلۇمنى پۈتۈنلەي تۈگىتەلەيدۇ، ھەممە
مىللەتلەر ئارىسىدا يېڭى ۋە دوستانە مۇناسىۋەت تىكلەيدۇ. «كوممۇ-
نىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»دە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلىدۇ:
"كىشىنىڭ كىشىنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشى يوقىتىلغان ھامان، مىل-
لەتنىڭ مىللەتنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىمۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە
يوقىلىدۇ.

مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىق يوقال-
غان ھامان، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىك مۇناسىۋەتلىرىمۇ

شۇنىڭ بىلەن بىللە يوقىلىدۇ." («كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»، 1975-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 78-بەت)

مونوپولىيىدىن ئىلگىرىكى كاپىتالىزم شارائىتىدىلا، ھەرقايسى مەملىكەت پرولېتارلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئۇلارنىڭ ئورتاق دۈشمىنى بولغان بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۈرەش داۋامىدا شەكىللەنگەن ھەم راۋاجلانغان. جاھانگىرلىك شارائىتىدا، بۇ ئومۇمىي سەپ زور دەرىجىدە كېڭەيتىلدى. خەلقارا پرولېتارىياتنىڭ سوتسىيالىزمنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرىشى مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە ئەللەردىكى خەلقنىڭ ئۆز مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى بىلەن بىرلىشىپ كەتتى. پرولېتارىيات ئىتتىپاقلىقى ئىدىيىسى يەنى جاھانگىرلىك زۇلمىغا ئۇچرىغان ھەرقايسى مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ئىدىيىسى يۈز مىليونلىغان كىشىلەر تەرىپىدىن ئىگەللىنىپ، ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ غايەت زور كۈچىگە ئايلاندى.

پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋى پارتىيىسىنىڭ تەشكىلىي ئورگانلىرىدىمۇ ۋە بارلىق پائالىيىتىدىمۇ پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىونالىزمى پىرىنسىپى سىڭدۈرۈلگەن. سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىللەتچىلەرگە قارشى رەھىمسىز كۈرەش قىلدى، بۇ مىللەتچىلەر بۆلەك-بۆلەك مىللەت ئىشچىلىرىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، ئۇلارنى ئۆز ئالدىغا يېتىم قالدۇرۇپ، شۇنىڭ بىلەن بۇرژۇئازىيىنىڭ ئۇلارنى بىر-بىرلەپ تارمار قىلىشىغا ياردەم بېرىشكە تىرىشقان ئىدى. لېنىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: "كىمكى پرولېتارىيات ئۈچۈن خىزمەت قىلماقچى بولىدىكەن، ئۇ ھالدا، ئۇ ھەر مىللەت ئىشچىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، "ئۆز مىللىتىنىڭ" ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ بۇرژۇئا مىللەتچىلىكىگە قارشى كۈرەشنى ئېگىلمەي-سۇنماي ئېلىپ بېرىشى لازىم." («لېنىن ئەسەرلىرى»،

رۇسچە 4-نەشرى، 20-توم، 9-بەت)

روسىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئېلىپ بارغان ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋى بۇرۇنمۇ ۋە ھازىرمۇ غايەت زور خەلقارا ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ جاھانگىرلىكنىڭ مۇستەملىكىچى دۆلەتلەردىكى ئەمەلىي كۈچلىرىنى ئاجىزلاشتۇردى، جاھانگىرلىكنىڭ مۇستەملىكىلەردىكى ھۆكۈمرانلىقىنى تەۋرىتىۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل دۇنيا كاپىتالىزمىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مەسىلە بولۇپ قالدى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا فاشىستلارنىڭ زۇلمەتلىك كۈچلىرىنى يەڭگەنلىكى ئۈچۈن، ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكى نۇرغۇن مەملىكەتتىكى ئەمگەكچى خەلقلەر كاپىتالىزم بويۇنتۇرۇقىدىن قۇتۇلۇپ، يېڭى ھايات تىكلەشتىن ئىبارەت داغدام يولغا مېڭىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، باشقا مەملىكەتلەردىكى ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قىلغان قېرىنداشلارچە ياردىمى بۇرۇنمۇ ۋە ھازىرمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى كۈچىنىڭ قۇدرەتلىك مەنبەلىرىدىن بىرى. سوۋېت خەلقى بىلەن باشقا مەملىكەت خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق خەلقارا ياردەمدە ئۇلارنىڭ ئورتاق جانجان مەنپەئەتى كۆزدە تۇتۇلغان.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا مىللىي مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشى، **سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دوستلۇقى**" ئاساس قىلىنغان يېڭى تىپتىكى، كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ قۇرۇلغانلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن خەلق دېموكراتىك دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى يېڭى خەلقارا مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىتىلىشى — بۇلارنىڭ ھەممىسى پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىونالىزمى ئىدىيىسىنىڭ ئەمەلىيەتتە گەۋدىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كوممۇنىستىك پارتىيە سوۋېتلىكلەرنى **سوۋېت ۋەتەنپەرۋەرلىكى**" روھى بىلەن تەربىيىلەيدۇ. سوۋېت

ۋەتەنپەرۋەرلىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر تەركىبى، يەنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ باراۋەرلىك-دوستلۇق ئىدىيىسى، تىنچلىق، دېموكراتىيە ۋە سوتسىيالىزمنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا كۈرەش قىلىۋاتقان ھەر-قايسى مەملىكەت خەلقىگە ياردەم بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. سوۋېت ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىونالىزمىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ. پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىونالىزمى بىلەن جاھانگىرلىق* بىر بىرىگە تۈپتىن قارىمۇ-قارشىدۇر.

**پەرەز** 公设 Постулат (لاتىنچىسى postulatum — تەلەپ قىلىندىغىنى) پەرەز دېگەن بىر ئاتالغۇ بولۇپ، ئىسپاتلاشنىڭ بىر خىل چىقىش نۇقتىسى قىلىنغان، لېكىن تېخى ئىسپاتلانمىغان ھۆكۈمنى كۆرسىتىدۇ.

**پەلسەپىدىكى ئالىي مەسىلە** 哲学的最高问题 Высший вопрос философии **پەلسەپىدىكى تۈپ مەسىلە***گە قاراڭ.

**پەلسەپىدىكى پارتىيىۋىلىك** 哲学的党性 Партийность философии پارتىيىۋىلىك پرىنسىپى ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ بارلىق پەلسەپە مەسىلىلىرى ۋە پەلسەپە مەزھەپلىرىنىڭ كۈرەشلىرى توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزىرىنىڭ ماھىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ. ماركسىزم-لېنىنىزم بىزگە مۇنداق دەپ تەلىم بېرىدۇ: سىنىپىي جەمئىيەتتىكى ھەرقانداق ئىدېئولوگىيە مەلۇم سىنىپنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، شۇڭا پەلسەپىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئىدىيىۋى مەزھەپلەر، پەلسەپىۋى مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئىپادىسى. كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي سىنىپ پرولېتارىيات ۋە بۇرژۇئازىيىدىن ئىبارەت، شۇ سەۋەبتىن ئىككى خىل ئىدېئولوگىيە ۋە ئىككى خىل دۇنياقاراشنىڭ يەنى سوتسىيالىستىك دۇنياقاراش بىلەن بۇرژۇئا دۇنياقارىشىنىڭ قارىمۇ-قارشىلىقى ۋە كۈرىشى بولۇپ تۇرىدۇ. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم — پرولې-

لېتارىياتنىڭ سوتسىيالىستىك ئىدېئولوگىيىسىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى،
پرولېتارىياتنىڭ دۇنياقارىشى. بۇنداق ئىلغار دۇنياقاراشقا قارىمۇ-
قارشى بولغان ھەر خىل ئىدېئالىستىك ۋە مېتافىزىك مەزھەپلەر
بار بولۇپ، ئۇلار جاھانگىر بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ.

مەلۇم بىر سىنىپنىڭ ئىدېئولوگىيىسى ۋە پەلسەپىسى شۇ سىنىپنىڭ
خۇسۇسىيىتىنى، شۇ سىنىپنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت سىستېمىسىدىكى
ئورنىنى شۇنىڭدەك شۇ سىنىپنىڭ جەمئىيەت تارىخىدىكى رولىنى ئىپادى-
لەيدۇ. ماركسىزمنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى پەلسەپە تارىخىدىكى بىر
سەكرەش بولۇپ، بۇ ئالدى بىلەن ماركسىزم ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىسىنىڭ
پرولېتارىيات، ئەمگەكچىلەر ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى خەلق
ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى ئاساسلاپ بېرىدىغان ئىدىيە سىستېمىسى
بولغانلىقىدىندۇر. بۇرۇنقى بارلىق پەلسەپىۋى مەزھەپلەر ۋە سىستې-
مىلار، جۈملىدىن ئەينى ۋاقىتتا ئىلغار بولغان پەلسەپىۋى مەزھەپلەر
ۋە سىستېمىلار ئاز سانلىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنىڭ، ياكى
گەرچە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارغا قارشى تۇرسىمۇ، لېكىن
خەلقتىن ئايرىلىپ قالغان ئايرىم شەخسلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىل-
لىك قىلىدۇ.

پەلسەپىدىكى ئىككى ئاساسلىق، قارىمۇ-قارشى بولغان، بىر-
بىرىنى ئىنكار قىلىدىغان پارتىيە-گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش —
ماتېرىيالىزمنىڭ ئىدېئالىزمغا قارشى كۈرىشى. لېنىن: ماركس ۋە
ئېنگېلسنىڭ ئىنتايىن ئۇلۇغ تۆھپىسى ئۇلارنىڭ يېرىم ئەسىر داۋا-
مىدا ئىدېئالىزم بىلەن كۈرەش قىلىپ، پەلسەپىۋى ماتېرىيالىزمنى
راۋاجلاندۇرغانلىقىدا ۋە ئىلگىرى سۈرگەنلىكىدە، دەپ قارايدۇ.
لېنىننىڭ يېڭى تارىخىي دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئېلىپ
بارغان تەتقىقاتلىرى ماركسىزمنى بېيىتتى ھەم ماركسىزمنىڭ
پەلسەپىدىكى پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇردى.

لېنىن «ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىتچىلىكى» دېگەن كىتاۋىدا پارتىيىۋىلىك پرىنسىپى مەسىلىسى ئۈستىدە چوڭقۇر مۇھاكىمە يۈرگۈزدى. لېنىن بىرگە مۇنداق دەپ تەلىم بېرىدۇ: پەلسەپىۋى مەزھەپلەرنى تەھلىل قىلغاندا، كوپلىگەن غەلىتە نەيرەڭلىك ئىبارىلەرنىڭ تېگى-تەكتىگە يەتكەندىلا، پەلسەپىدىكى ئىككى ئاساسىي لۇشيەننى ۋە ئىككى ئاساسىي مەزھەپنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. لېنىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: "......تەجرىبە تەنقىتچىلىكىنىڭ بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ چۇۋالچاق ئىبارىلىرى كەينىدە، پەلسەپىدىكى پارتىيە گۇرۇھلار كۆرىشىنى كورمەي بولمايدۇ. بۇنداق كۆرەش تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى بىر بىرىگە دۈشمەن سىنىپلارنىڭ خاھىشلىرىنى ۋە ئىدىيە سېتىملىرىنى ئىپادىلەيدۇ." («ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىتچىلىكى»، 1977-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 677—678-بەتلەر) لېنىن ئىدىيالىزمنى، ئۇنىڭ قانداق شەكىل بىلەن ئىپادىلىنىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئېچىپ تاشلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېنىن ماخىزمچىلار ۋە باشقا پەيلاسوپلارنىڭ ماتېرىيالىزمدىنمۇ، ئىدىيالىزمدىنمۇ ئۈستۈن تۇرۇش بولىدىكى رەزىل ئۇرۇنۇشلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇلنى ئەكسىيەتچىل پەلسەپىگە مالىلىشىش دەپ سوكتى. لېنىن مۇنداق دەيدۇ: "پەلسەپە جەھەتتە پارتىيىۋىلىك يوق دېگەن ئىمە ئىدىيالىزمغا ۋە ئېتىقاتچىلىققا پەسكەشلىك بىلەن نىقاپلانغان ھالدا خوشامەت قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس." (يۇقۇرقى كىتاب، 674-بەت) لېنىننىڭ «ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىتچىلىكى» دېگەن كىتاۋى پەلسەپىدىكى دۈشمەن مەزھەپنى تەنقىت قىلىش جەھەتتە پرىنسىپاللىقتا چىڭ تۇرۇشنىڭ ۋە قىلچە مۇرەسسە قىلماسلىقنىڭ نەمۇنىسى، ماتېرىيالىزمنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن كۆرەش قىلىشتا مەقسەتچانلىققا باي بولۇشنىڭ ۋە باتۇرلارچە ئالغا بېسىشنىڭ ئۈلگىسى.

كوممۇنىستىك پارتىيە ئۆزىنىڭ پۈتكۈل پائالىيىتى داۋامىدا، ماركسىزم پەلسەپىسىگە ۋە پۈتكۈل ماركسىزم نەزەرىيىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە قارشى كۆرەش قىلدى. پارتىيە دېبورىن گۇرۇھىنىڭ **مېنشېۋىكلارچە ئىدىيالىزمى***نى، كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرگۈچى ئۇنسۇرلارنىڭ مېخانىكىچىلىق نەزەرىيىسى ۋە **"مۇۋازىنەت نەزەرىيىسى"***نى ھەممىدە ماركسىزم پەلسەپىسىگە دۈشمەن بولغان باشقا بارلىق ئېقىملارنى تارمار قىلدى. 1947-يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى رىياسەتچىلىك قىلغان پەلسەپە مەسىلىسى ھەققىدىكى مۇھاكىمە پەلسەپىدىكى پىرىنسىپاللىق ۋە پارتىيىۋىلىك ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۆرەشتە زور رول ئوينىدى. بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە سوۋېت ئىتتىپاقى پەيلاسوپلىرىنى ئەكسىيەتچىل بۇرژۇئا ئىدېئولوگىيىسى ۋە جاھانگىر بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىدىيالىستىك پەلسەپىسىگە قارشى كۆرەش قىلىشقا، ئايرىم سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئوبيېكتىپچىلىق، مۇنبەر سوتسىيالىزمى، مەدرىسچە كەيپىياتلارغا ۋە دوگمىچىلىقنىڭ ئىپادىلىرىگە قارشى كۆرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقى بويىچە ھەم ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئىقتىسادىي مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى، بۇ قېتىمقى مۇھاكىمىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي پەنلىرىدە ساقلانغان ئىنتايىن ئېغىر كەمچىلىكلەر، نۇرغۇن مەسىلىلەردىكى ماركسىزمغا ئېغىر ھالدا خىلاپ بولغان ھەركەتلەر ئېچىپ تاشلاندى. ستالىن بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە ھەققىدە يازغان **«سوۋېت ئىتتىپاقىدا سوتسىيالىزمنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىلىرى»*** دېگەن ئەسىرىدە، بىر قىسىم سوۋېت ئىتتىپاقى ئىقتىسادشۇناسلىرى ۋە پەيلاسوپلىرى ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن سوتسىيالىستىك ئىقتىسات قانۇنىيىتىنى ئىرادىچىلىك بىلەن، سۇبيېكتىپ ئىدىيالىستىك ئاساستا شەر-

ھىلەشلەرگە دەككە بەردى، سوتسىيالىزىم مەسىلىلىرى ۋە سوتسىيالىزىمدىن كوممۇنىزىمغا ئۆتۈش مەسىلىلىرىدىكى مېتافىزىك نۇقتىئىنەزەرلەرنى تەنقىت قىلدى. ماركسىزىمغا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان بوگدانوۋ—بۇخارىنلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات قاراشلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي پەنلىرىگە ئوغرىلىقچە ئېلىپ كىرىش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلارغا قەتئىي قايتۇرما زەربە بەردى.

كوممۇنىستىك پارتىيە سوۋېت ئىتتىپاقى پەيلاسوپلىرىغا، ئىقتىسادشۇناسلىرىغا ۋە ئىدىيە سېپىدىكى بارلىق خىزمەتچىلەرگە زامانىمىزدىكى جىددىي مەسىلىلەر ئۈستىدىكى كونكرېت تەتقىقاتلارنى ماركسىزىمغا قارشى نۇقتىئىنەزەر ۋە نەزەرىيىلەر ئۈستىدىكى قاتتىق تەنقىت بىلەن بىرلەشتۈرۈشنى ئۆگىتىپ كەلدى.

پەلسەپىدىكى پارتىيىۋىلىك پىرىنسىپىنى تەل-تۆكۈس ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەر خىل مەسىلىلەرنى ئىجادىي پوزىتسىيە بىلەن ھەل قىلىش، ماركسىزىم-لېنىنىزىم پەلسەپىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىش ۋە تەجرىبە بىلەن ئەمەلىيەتنى زىچ بىرلەشتۈرۈش زۆرۈر. پەلسەپىدىكى پارتىيىۋىلىك ئوبيېكتىپچىلىق بىلەن سىغىشالمايدۇ. "ماتېرىيالىزىمنىڭ ئۆزىدە پارتىيىۋىلىك بار بولۇپ، ئۇ ئۆزگىرىشكە نىسبەتەن ھەر بىر باھا بېرىشتە توپ-توغرا، ئاشكارا ھالدا مەلۇم ئىجتىمائىي گۇرۇھنىڭ مەيدانىدا تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ." («لېنىن ئەسەرلىرى»، 1955-يىل خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 1-توم، 379-بەت) بۇرژۇئا مۇتەپەككۇرلىرى تارىخنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ئېچىپ تاشلىيالمايدۇ ۋە بۇنداق قىلىشنىمۇ خالىمايدۇ، ئۇلار ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنىڭ خۇسۇسىي مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، رىياللىقنى بۇرمىلاش، پاكىتنى ئويدۇرۇپ چىقىش يولى بىلەن ئۇلارنىڭ پەنگە قارشى نەزەرىيىسى ۋە پىكىرلىرىنى دەلىللىمەكچى بولىدۇ. بۇرژۇئا مۇتەپەككۇرلىرى

ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچىل نۇقتىنەزەرلىرىنى "پارتىيۋىلىكى يوق" ۋە "پۈتۈن ئىنسانىيەتكە مەنسۇپ" نۇقتىنەزەر قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن كۈچىنىڭ بېرىچە تىرىشىدۇ. ماركسىزم-لېنىنىزم كلاسسىكلىرى، بىزگە، جاھانگىرلارنىڭ مەنپەئەتىنى ھىمايە قىلىدىغان بۇرژۇئا ئىدىيولوگىيىسىنىڭ ئاقىلغۇچىلىرىنىڭ "پارتىيۋىلىكى يوق" ۋە "پۈتۈن ئىنسانىيەتكە مەنسۇپ" دېگەن چۈمپەردىلىرىنى يىرتىپ تاشلاش توغرىسىدا تەلىم بېرىدۇ. ئەكسىيەتچى كۈچلەر بىلەن ئىلغار كۈچلەر ئىنتايىن دەھشەتلىك كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتقان دەۋردە سىنىپتىن ئاشقىرى پەلسەپىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق پەلسەپىنى تەشۋىق قىلىش بۇرژۇئازىيە ئادەتلىنىپ كەتكەن ئالدامچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. پەلسەپىدىكى پارتىيۋىلىك پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش خەلقارا سەھنىدىكى بۇرژۇئا ئىدىيولوگىيىسىگە قارشى ئېگىلمەي-سۇنماي كۈرەش قىلىش، سوتسىيالىستىك ئىدىيولوگىيىنى بوشاشماي تەشۋىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ بۇرژۇئا ئىدىيولوگىيىسىدىن ئەۋزەللىكىنى چۈشەندۈرۈش، بارلىق نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي پائالىيەتلەردە ئىككى خىل دۇنياقاراشنىڭ يەنى سوتسىيالىستىك دۇنياقاراش بىلەن بۇرژۇئا دۇنياقارىشىنىڭ قارىمۇ-قارشىلىقىنى كۆزدە تۇتۇش ھەمدە سوتسىيالىزمنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش دېمەكتۇر.

ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار يوقىتىلغان سوۋېت ئىتتىپاقىدا ماركسىزمنىڭ ئىدىيە سېستىمىسى پۈتۈنلەي ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگەللىدى، ئۇ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىپلا قالماي، بەلكى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى بارلىق ئەمگەكچىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. سوۋېت جەمئىيىتىدە، بۇرژۇئا ئىدىيىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ سىنىپىي ئاساسى يوق ۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. لېكىن بۇ يەردە بۇرژۇئا ئىدىيە-

سىنىڭ قالدۇقى تېخى بار؛ بىزگە زىت بولغان تۇققىسىنەزەر ۋە ئىدىـ
يىلەرنىڭ سىرتتىن يەنى كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىن بىزگە سىڭىپ
كىرمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلالمايمىز. شۇ سەۋەبتىن، سوۋېت ئىتتىـ
پاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى 19-قۇرۇلتىيى بىزدىن بۇرژۇئا
ئىدىيىسىنى پاش قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى.
پەلسەپەدىكى پارتىيىۋىلىك، يۈكسەك ماركسىزىمدىكى پارتىيىۋىـ
لىككە ئوخشاشلا، بىردىن-بىر ئىلمىي ۋە ئىنقىلاۋىي بولغان ماركـ
سىزىم-لېنىنىزىم ئىدىيە سىستېمىسىنى قوغداش ۋە ئىجادىي راۋاجـ
لاندۇرۇش ئۈچۈن، بۇرژۇئا ئىدېئولوگىيىسى ۋە ئۇنىڭ قالدۇقلىرىغا
قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرىدۇ.

**پەلسەپەدىكى تۈپ مەسىلە** Основной вопрос философии 哲学的基本问题
ياكى پەلسەپەدىكى ئالى مەسىلە دەپمۇ
ئاتىلىدۇ. پەلسەپەدىكى تۈپ مەسىلە تەپەككۇرنىڭ مەۋجۇدىيەتكە،
ئاڭنىڭ تەبىئەت دۇنياسىغا بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسى بولۇپ ھېساپـ
لىنىدۇ. بۇ مەسىلە شۇنىڭ ئۈچۈن تۈپ مەسىلە دەپ ئاتىلىدۇكى،
بۇ مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشىغا ئاساسلانغاندىلا، ئاندىن دۇنياقاراشـ
تىكى باشقا بارلىق مەسىلىلەرنى مەلۇم دەرىجىدە چۈشەندۈرگىلى
بولىدۇ. ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: پەيلاسوپلارنىڭ
ئىدېئالىستلار لاگېرى ۋە ماتېرىيالىستلار لاگېرى دېگەن ئىككى لاگېرغا
بۆلۈنۈشى ئۇلارنىڭ نېمىنى بىرلەمچى دەپ قارىشىغا-مەۋجۇدىـ
يەت، تەبىئەت دۇنياسى بىرلەمچى ياكى ئاڭ، تەپەككۇر بىرلەمچى
دەپ قارىشىغا باغلىق بولىدۇ. ئىدېئالىستىك پەلسەپىنىڭ ۋەكىلـ
لىرىنىڭ ھەممىسى ئاڭ، ئىدىيە ۋە روھ بىرلەمچى دەپ قارايدۇ.
ماتېرىيالىستلار بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە تەبىئەت دۇنياسى، ماددا بىرلەمـ
چى، ئاڭ بولسا ماددىغا بېقىنغان بولىدۇ، ئۇ ئىككىلەمچى دەپ قارايـ
دۇ. ماتېرىيالىزىمنىڭ پەلسەپەدىكى تۈپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمۇ

ئىككى مەنبەچىلىكنىڭ تامامەن ئەكسىچە بولىدۇ، ئىككى مەنبەچىلىك ماددى تەرەپمۇ، روھى تەرەپمۇ ئىككى مۇستەقىل ماھىيەت سۈپىتىدە ئوز ئالدىغا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ دەپ قارايدۇ. ستالىن «دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزىم» دېگەن ئەسىرىدە ماركسىزىمنىڭ پەلسەپىدىكى تۈپ مەسىلىسى ھەل قىلغانلىقىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: "ئىدىيالىزىم، پەقەت بىزنىڭ ئېڭىمىزلا ھەقىقى رەۋىشتە مەۋجۇت، ماددى دۇنيا، مەۋجۇدىيەت ۋە تەبىئەت دۇنياسى پەقەت بىزنىڭ ئېڭىمىزدىلا، تۇيغۇلىرىمىز، تەسەۋۋۇرلىرىمىز ۋە ئۇقۇملىرىمىزدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دەپ دەۋا قىلىدۇ. ماركسىزىملىق پەلسەپىۋى ماتېرىيالىزىم بۇنىڭ ئەكسىچە، ماددا، تەبىئەت دۇنياسى ۋە مەۋجۇدىيەت ئاڭنىڭ سىرتىدا، ئاڭغا بېقىنمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئوبيېكتىپ رىياللىق؛ ماددا بىرلەمچى، چۈنكى ئۇ تۇيغۇ، تەسەۋۋۇر ۋە ئاڭنىڭ مەنبەسى؛ ئاڭ ئىككىلەمچى، ھاسىلىي نەرسە، چۈنكى ئۇ ماددىنىڭ ئىنكاسى، مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىنكاسى؛ تەپەككۇر — تەرەققى قىلىپ ئالى دەرىجىدە كامالەتكە يەتكەن ماددىنىڭ مەھسۇلى يەنى ئادەم مېڭىسىنىڭ مەھسۇلى، ئادەم مېڭىسى بولسا تەپەككۇر ئەزاسى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەگەر قاتتىق خاتا قىلىشنى خالىمايدىكەنمىز تەپەككۇرنى ماددىدىن ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ، دەپ ھېساپلايدۇ." («سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلار) تارىخى قىسقىچە كۇرسى»، 1978-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 248—249-بەتلەر)

تەپەككۇرنىڭ مەۋجۇدىيەتكە بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنىڭ ئىككىنچى تەرىپىمۇ يەنى دۇنيانى بىلىش مۇمكىنلىكى مەسىلىسى؛ كىشىلەر ئەتراپتىكى دۇنيانى بىلەلەمدۇ؟ دېگەن مەسىلىمۇ بار. ئىدىيالىستىك پەلسەپە ئەزەلدىن دۇنيانى بىلىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى ئىنكار قىلىپ كەلدى. بۇرژۇئا پەيلاسوپلىرى ئارىسىدا دۇنيانى

بىلگىلى بولمايدۇ دەپ قارايدىغان بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى كەڭ تارقىلىپ كەلدى. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسىنى رەت قىلىپ تاشلىدى. بىزنىڭ تۇيغۇلىرىمىز، تەسەۋۋۇرىمىز ۋە ئۇقۇملىرىمىز ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ كۆچۈرمىسى ۋە ئىنكاسى. ئەمەلىيەت بىلىشىمىزنىڭ ھەقىقەت ياكى ھەقىقەت ئەمەسلىكىنى سىنايدىغان ئۆلچەم.

تەپەككۇرنىڭ مەۋجۇدىيەتكە بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى پەلسەپىدىكى توپ مەسىلە دەپ يەكۈنلەش ماركسىزمنىڭ غايەت زور تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ تەبىر تۇنجى قېتىم پەلسەپە تارىخىدا ئىنتايىن ئىلمىي ۋە رەت قىلىپ بولمايدىغان بىر ئۆلچەمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىزنى ماتېرىيالىستىك پەلسەپىنى ھەرقانداق شەكىلدىكى پەلسەپىۋى ئىدېئالىزمدىن — مەيلى ئۇ ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى قانداق تەبىرلەر بىلەن يوشۇرۇۋالغان بولسۇن — پەرقلەندۈرۈۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇ تەبىرنىڭ توغرىلىقى ۋە چوڭقۇرلۇقى بىزنى پەلسەپىدىكى رەڭمۇ-رەڭ ئىدېيىۋى ئېقىملار، ئىلمىي ئېقىملار ۋە مەزھەپلەرنى ئىككى ئاساسىي ۋە ئۆزئارا قارىمۇ-قارشى لاگېرغا ئايرىش، بۇنىڭ بىلەن پەلسەپىدىكى كۈرەشنى يەنى ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدېئالىزم ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ قانۇنىيىتى مەسىلىسىنى پۈتۈنلەي ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ماركسىزم تەپەككۇرنىڭ مەۋجۇدىيەتكە بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ھەرقانداق پەلسەپىدىكى ئەڭ ئاساسلىق، ئالىي مەسىلە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئارقىلىق، بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ پۈتۈن مەسىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەڭ ئومۇمىي، ئەڭ كەڭ ئۇقۇملارنىمۇ ھازىرلاپ بەردى. بۇ ئۇقۇملار مەۋجۇدىيەت ۋە تەپەككۇر قىلىش ئۇقۇمىدىن ئىبارەت. لېنىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: "......بىلىش نەزەرىيىسى قوللىنالايدىغان ئۇقۇملارنىڭ ئىچىدە مەۋجۇدىيەت

ۋە تەپەككۇر، ماددا ۋە تۇيغۇ، فىزىكىلىق ۋە روھىي ھالىتى دېگەن ئۇقۇملاردىنمۇ كەڭ ئۇقۇم بارمۇ؟ يوق. بۇلار كەڭلىكتە چېكىگە يەتكەن ئۇقۇملار، ئەسلىيەتتە بىلىش نەزەرىيىسى ھازىرغا قەدەر بۇ ئۇقۇملاردىن ئاشقىرى چىقىپ كەتكىنى يوق......پەقەت ئالدامچىلار (ئالدامچى ماخىزىمچىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.—تەھرىردىن) ياكى ئىنتايىن ئەخمەقلەرلا كەڭلىكتە چېكىگە يەتكەن بۇ ئىككى ئۇقۇم 'قاتارى'غا ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ بىرلەمچى ئىكەنلىكىنى 'ئاددى ھالدا تەكرار-لاشتىن ئىبارەت' بولمىغان بىر تەبىرنى بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ." («ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىدچىلىكى» 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 251—252-بەتلەر) ماركسىزم-لېنىنىزم كلاسسىكلىرى ماركسىزمنىڭ پەيلاسوپلارنى ئۆتۈپتىن قارىمۇ-قارشى بولغان ئىككى لاگېرغا ئايرىيدىغان. پەلسەپىدىكى تۈپ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئاساسەن پەلسەپىدىكى **پارتىيىۋىلىك*** پىرىنسىپىنى بەلگىلىدى. بۇ پىرىنسىپ ماركسىزم پەيلاسوپلىرىدىن ماتېرىيالىستىك پەلسەپە بىلەن ئىدېئالىستىك پەلسەپىنى توغرا پەرقلەندۈرۈپ، ئۇلارنى قارىمۇ-قارشى ئورۇندا قويۇش ۋە ھەرقانداق ئىدېئالىزمغا قارشى كۈرەش-لەردە پەلسەپىدە بىردىن-بىر ئىلمىي ئېقىم بولغان دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمنى قەتئىي قوغداشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**哲学上的内在论学派 پەلسەپىدىكى ئىچكى دۇنياچىلىق ئېقىمى** **Имманентная щкола в философии** (لاتىنچىسى immanens—ئەسلىدە بار، ئەزەلدىن بار) 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى بۇرژۇئا پەلسەپىسىنىڭ ئەڭ ئەكسىيەتچى سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزم مەزھەپلىرىدىن بىرى. شۇپپې، شۇبېرت-سولدېرن، رېمكې ۋە لېكلېرلار ئۇنىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى. تەجرىبە تەنقىدچىلىرىدىن بولغان **ماخ***، **ئاۋېنا-رىئۇس***لار ئۇزلىرىنىڭ بۇ ئېقىم بىلەن ئىنتايىن قويۇق مۇناسىۋىتى

بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. روسىيە شىۋجىڭجۇيىچىلىرى ئىچىدىمۇ بۇ ئېقىمنىڭ مۇرتلىرى (بوگدانوۋ*، بازاروۋ، يۇشكېۋىچ قاتارلىقلار) بار ئىدى. بۇ پەلسەپە ئېقىمىنىڭ ۋەكىللىرى: مەۋجۇدىيەت ئاڭدا "ئەزەلدىن بار"، يەنى دۇنيا ئاڭدىن ئايرىلغان ھالدا مەۋجۇت بولالمايدۇ، ئۇ ئاڭنىڭ ئىچىدە مەۋجۇت بولىدۇ ياكى ئاڭ بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ.

پەلسەپىدىكى ئىچكى دۇنياچىلىق ئېقىمى كانتچىلىقنىڭ ئۆزگەرگەن تۈرى، ئۇ **كانت*** تەلىماتىدىكى ماتېرىيالىزم ئامىلىنى — كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا باغلىق بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان "ئۆزىدىكى نەرسە" توغرىسىدىكى تەلىماتنى تاشلىۋېتىپ، ماددىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىپ، **يۇم*** ۋە **بېركلى***لەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئىدېئالىستىك مەيدانىغا ئۆتۈپ كەتكەن. پەلسەپىدىكى ئىچكى دۇنياچىلىق ئېقىمى تەبىي پەننىڭ ۋەزىپىسى ماددىنى تەتقىق قىلىش ئەمەس، بەلكى تۇيغۇلارنىڭ قوشۇلۇشى ۋە تۇتىشىش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت دەپ جاكالايدۇ؛ ئۇنىڭ قارىشىچە، تۇيغۇ پەننىڭ بىردىن-بىر ئىشەنچلىك ئوبيېكتى. بارلىق ئىچكى دۇنياچىلىق تەرەپدارلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈملىرىدە مۇقەررەر ھالدا مەنچىللىككە يېتىپ قالىدۇ. مەنچىللىكتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئىچكى دۇنياچىلىق تەرەپدارلىرى (شۇپپېرت-سولدېرن ئۆتنىگغا كىرمەيدۇ، چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ "بىلىش ئەزىرىيىسىدىكى مەنچىللىك" مەيدانىدا تۇرىدىغانلىقىنى ئوچۇقتىن-ئوچۇق جاكالىغان) "ئومۇمى ئاڭ" ياكى "تۈر ئېڭى" ئۇقۇمىنى توقۇپ چىقاردى ھەمدە بۇنداق ئاڭ كىشىلەرنىڭ مېڭىسىگە باغلىق بولمىغان ھالدا ھەقىقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلدى. ئىنتايىن روشەنكى، تەبىەت دۇنياسىدا ھەم چوڭ مېڭىنىڭ مەھسۇلى بولمىغان، ھەم ماددىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئەكس ئەتتۈرمەيدىغان ئۇنداق ئاڭ ئەزەلدىن بولمىغان ۋە بولۇشىمۇ

مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، "تومۇمى ئاڭ" ئىدېيالىستىك ئويدۇرمىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئىچكى دۇنياچىلىق تەرەپدارلىرى بۇ ئويدۇرمىنى ئاساس قىلىپ، يەنى گويا مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان مەلۇم چىنلىقنى ئاساس قىلىپ، ئىلاھنىڭ چىنلىقىنى ۋە روھنىڭ ئۆلمەيدىغانلىقىنى "ئىسپاتلاپ"، ئاتالمىش "ئىلمىي ئىلاھىيەت"نى يارىتىشقا ئۇرۇندى. ئۇلار ھەتتا بۇ ئويدۇرمىدىن پايدىلىنىپ ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلالايدىغان باشقا بارلىق ئەكسىيەتچىل ئىدېيىلەرنى "دەلىللىدى". لېنىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: "......ئىچكى دۇنياچىلىق تەرەپدارلىرى— ئەكسىيەتچىلىكتە ئۇچىغا چىققان ئەكسىيەتچىلەر، ئېتىقاتچىلىقنىڭ ئاشكارا ۋائىزلىرى، سېپى ئۆزىدىن بولغان جاھالەتچىلەر. ئۇلارنىڭ ئىچىدە **ئاشكارا تۈردە** دىننى ئۆزىنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋىلىكى ئەڭ كۈچلۈك بولغان ئەسىرى بىلەن قوغدىمىغان، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇ ياكى بۇ ئىدېيىنى ئاقلىمىغان **بىرىمۇ يوق**." («ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىدچىلىكى»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 382-بەت) 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، پەلسەپىدىكى ئىچكى دۇنياچىلىق ئېقىمى نۇرغۇنلىغان ئۇششاق گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن، ئۇلار بۈگۈنگىچە دىننى تەشۋىق قىلىش بىلەن داۋاملىق شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە.

**پەلسەپە** 哲学 Философия (گرېكچىسى φιλος — دوست، σοφια — پاراسەت) پەلسەپىدىن ئىبارەت بۇ پەن تارىخ تەرەققىياتىنىڭ بېرىشى داۋامىدا ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ كەلدى. ماركسىزم پەيدا بولغانغا قەدەر پەلسەپە پەننىڭ پەنى سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن ئىدى، ئۇ، دۇنيا ھەققىدىكى ھەممە دەلىللەنگەن بىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەممە بارلىق پەنلەرنىڭ ئورنىنى ئالغان ئىدى. بۇ تارىختا شۇنىڭ ئۈچۈن زورۇركى، ئۇ چاغدا تەبىەت دۇنياسى

بىلەن ھەر خىل ئىجتىمائى كونكرېت بىلىملەر ئېنىق تولۇق تەرەققىي قىلمىغان، يەنى ئېنىق تۈرلەرگە ئايرىلمىغان ئىدى. ھەر خىل كونكرېت پەنلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ماركسىزىمنىڭ پەيدا بولۇشى بۇنداق پەلسەپىگە خاتىمە بەردى. پەننىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى، تەجرىبىۋى پەنلەرنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ھەقىقىي باغلىنىشىنى ئېچىپ بېرەلەيدىغان بولۇشى ھەممە شەيئى بىلەن ھادىسە ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك كونكرېت دەلىللەنگەن بىلىملەرنىڭ كونا پەلسەپىنىڭ بولۇپمۇ ئىدېئالىستىك پەلسەپىنىڭ خىيالىي ئويدۇرمىلىرىنىڭ ئورنىنى ئېلىشى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىستېما (بۇنىڭ ئىچىدە مۇستەقىل پەن پەقەت پەلسەپىنىڭ قايىرىم قىسىملىرى ۋە بۆلەكلىرىدۇر) ئىگىلەشكە ئۇرۇنغان پەلسەپىدىن ئىبارەت بۇ "پەنلەرنىڭ پېنى"نى ئارتۇقچە نەرسە قىلىپ قويدى. گېگېل* پەلسەپىسى مۇشۇنداق سىستېمىنى ئورنىتىشتا قىلىنغان ئەڭ ئاخىرقى سىناق ئىدى. ژدانوۋ 1947-يىلىدىكى پەلسەپە مۇھاكىمە يىغىنىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتۇ: "پەنلەرنىڭ پېنى" دەپ ئاتالغان پەلسەپىگە خاتىمە بېرىلگەنلىكى، مەيلى تەبىئىي پەن، ئىجتىمائى پەن ئۈچۈن ياكى پەلسەپىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن ئېيتقاندا بولسۇن، ئىلغار ھادىسىدۇر. ماركسىزىملىق پەلسەپە ئىلگىرىكى پەلسەپە سىستېمىسىغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ باشقا پەنلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان پەن ئەمەس. ماركسىزىملىق پەلسەپە ماددىينىڭ بىرلەمچى، ئاڭنىڭ ئىككىلەمچى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى تەلىمات، تەبىئەت دۇنياسى، ئىنسانلار جەمىيىتى ۋە تەپەككۇرنىڭ ئەڭ ئومۇمىي تەرەققىيات قانۇنىيىتى توغرىسىدىكى تەلىمات؛ ئۇ ئىلمىي بىلىش ۋە ئىنقىلاۋىي ئۆزگەرتىشنىڭ ئەمەلىي پائالىيەتلىرىنىڭ ئۇسۇلى ۋە قورالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

پەلسەپىدىكى تۈپ مەسىلە تەپەككۇرنىڭ مەۋجۇدىيەتكە بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدۇر. پەلسەپىدىكى بارلىق مەزھەپلەر مۇشۇ

مەسىلىنى ھەل قىلىشقا قاراپ ماتېرىيالىزم لاگېرى ۋە ئىدېيالىزم لاگېرىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ لاگېرغا ئايرىلىدۇ. ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدېيالىزم ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش، ئىلغار ماتېرىيالىستىك لۇشيەننىڭ بۇ كۈرەش داۋامىدا شەكىللىنىشى ۋە تەرەققى قىلىشى پەلسەپىنىڭ ئۇزۇن ئەسىردىن بۇيانقى پۈتۈن تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى. ماتېرىيالىزمنىڭ ئىدېيالىزمغا قارشى كۈرىشىدە جەمئىيەتتىكى ئىلغار سىنىپنىڭ ئەكسىيەتچى سىنىپقا قارشى كۈرىشى ئىپادىلىنىپ چىقتى.

ئەڭ قەدىمقى دەۋردىلا جۇڭگودا ۋە ھىندىستاندا پەلسەپە بارلىققا كەلگەن ئىدى. مىلادىدىن 7 ــ 6 ئەسىر بۇرۇن قەدىمقى يۇناندىمۇ پەلسەپە پەيدا بولغان، يەنە كېلىپ يۇقۇرى دەرىجىدە تەرەققى قىلغان ئىدى. ئوتتۇرا ئەسىردە پەلسەپە مۇستەقىل بىر پەن سۈپىتىدە مەۋجۇت بولماستىن، بەلكى ئىلاھىيەتنىڭ بىر قىسمىلا ئىدى. 15 ـ، 16 ـ ئەسىر ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ مەدرىس پەلسەپىسىدىن، قەتئىي ھالدا، تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈپ تەتقىق قىلىشقا قاراپ بۇرۇلۇش باشلانغان مەزگىل ئىدى. كاپىتالىستىك مۇناسىۋەتلەرنىڭ تەرەققى قىلىشى، سانائەت ۋە سودىنىڭ تەرەققى قىلىشى، جۇغراپىيە ۋە ئاسترولوگىيىدىكى ئۇلۇغ كەشپىياتلار ۋە تەبىئىي پەننىڭ باشقا جەھەتلىرىدىكى نەتىجىلەر تەجرىبە بىلىمگە ئاساسلانغان يېڭى دۇنياقاراشنىڭ پەيدا بولۇشىغا تۈرتكە بولدى. **كوپېرنىك***، **گالىلېي*** ۋە گوردانو **برۇنو***لارنىڭ كەشپىياتى ئارقىسىدا، پەن زور بىر قەدەم ئىلگىرىلىدى. ماتېرىيالىستىك پەلسەپە سىستېمىسى تەبىئەت دۇنياسىنى تەھلىل قىلىش ئاساسىدا ئۇسۇپ يېتىلىشكە باشلىدى. 17 ـ ئەسىر ۋە 18 ـ ئەسىر ماتېرىيالىستىك دۇنياقاراش جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان دەۋر بولدى. ئەنگلىيىدە ف. **بېكون**،* **ھوببىس*** **تولاند***، پرىستلىيلارنىڭ ماتېرىيالىستىك نەزەرىيىسى ۋۇجۇتقا كەلدى. گوللاندىيىدە **سپىنوزا***نىڭ ماتېرىيالىستىك نەزەرىيىسى ۋۇجۇتقا كەلدى،

فرانسىيەدە **لامېتتىرى***، **ھولباخ***، **ھېلۋېتىس*** ۋە **دىدرو***لارنىڭ ماتېرىيالىستىك نەزەرىيىسى بارلىققا كەلدى. روسىيەدە **لومونوسوۋ***، **رادىشچېۋ***لارنىڭ ماتېرىيالىستىك نەزەرىيىسى بارلىققا كەلدى. ماتېرىيالىستلارنىڭ تەلىماتىدا پەلسەپىۋى ئىدىيالىزم قاتتىق تەنقىت قىلىندى، دىنىي كۆزقاراشلارغا زەربە بېرىلدى. دۇنيانىڭ ماددىلىقى ھەققىدىكى پرىنسىپلار دەلىللەندى. كىشىلەرنىڭ تۇيغۇ ۋە ئەقىل ئىقتىدارى جارى قىلدۇرۇلدى. لومونوسوۋ ئىنسانلارنىڭ ئىدىيە تارىخىدا بىرىنچى بولۇپ ماددا بىلەن ھەرىكەتنىڭ ساقلىنىش قانۇنىنى كەشپ قىلدى. بۇ قانۇن ماتېرىيالىزمنى تەبىئىي پەن جەھەتتىن دەلىللەشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. رادىشچېۋ ماتېرىيالىست بولۇپلا قالماستىن، بەلكى خەلقنى يانچىلىق تۈزۈمنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلغان جەڭچى ئىدى. شۇ دەۋردە، ئىلغار ئىجتىمائىي ھەرىكەت، خەلقنىڭ شۇنىڭدەك ئىنقىلابىي بۇرژۇئازىيىنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى كۈرىشى ماتېرىيالىستىك دۇنياقاراش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىدى. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "ياۋروپانىڭ پۈتۈن يېقىنقى زامان تارىخىدا، بولۇپمۇ 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، بارلىق ئوتتۇرا ئەسىر تاشلاندۇقلىرىغا قارشى، يانچىلىق تۈزۈمگە ۋە يانچىلىق تۈزۈم ئىدىيىسىگە قارشى ھەل قىلغۇچ جەڭ ئېلىپ بېرىلغان فرانسىيەدە، ماتېرىيالىزم تەبىئىي پەن تەلىماتلىرىنىڭ ھەممىسىگە سادىق بولغان، خۇراپاتلىق، ساختىپەزلىك ۋاھاكازالارغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدىغان بىردىن-بىر ئىزچىل پەلسەپە بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، دېموكراتىيىنىڭ دۈشمەنلىرى ماتېرىيالىزمغا بارلىق كۈچى بىلەن "رەددىيە بېرىپ"، بۇزغۇنچىلىق ۋە تۆھمەت قىلىپ، قانداقلا بولمىسۇن ھەممىشە دىنىي قوغداپ ياكى قوللاپ كەلگەن تۈرلۈك پەلسەپىۋى ئىدىيالىزملارنى قوغداپ كەلدى." («ماركس، ئېنگېلس ۋە ماركسىزم توغرىسىدا»، 1977-

يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 103 ـ بەت) لېكىن ماركستىن ئىلگىرىكى ماتېرىيالىزم چەكلىمىلىككە ئىگە ئىدى. ئۇ مېخانىكىلىق، مېتافىزىكىلىق ماتېرىيالىزم ئىدى. ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئىدىيالىستىك مەيداندا تۇرۇپ چۈشەندۈرەتتى. لېكىن ئۇ شۇ چاغدا غايەت زور تەرەققىيپەرۋەرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

17 ـ ۋە 18 ـ ئەسىرلەردە ئەنگلىيىدە **بېركلى***، **يۇم***نىڭ ئىدىيالىستىك نەزەرىيىلىرى پەيدا بولدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا **كانت***، **شېللىڭ***، **فىشت*** ۋە **گېگېل*** قاتارلىق كىشىلەرنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىغان بولغان نېمىس پەلسەپىسى بارلىققا كەلدى، بۇلار ماتېرىيالىزمغا نىسبەتەن ئەكسىيەتچىلىك ئىدى. ئىدىيالىستلار تەبىئىي پەن بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلىغان ھالدا راۋاجلانغان ماتېرىيالىستىك پەلسەپە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى يوقىتىشقا، "مۇتلەق روھ" ھەممىدىن ئەلا، خۇدا ھەممىدىن ئەلا، سۇبيېكتىپ "ئۆز" ھەممىدىن ئەلا دەيدىغان دىنىي كۆز قاراشلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى. نېمىس پەلسەپىسى بولۇپمۇ گېگېل پەلسەپىسىنىڭ ئۇلۇغ نەتىجىلىرى دىيالېكتىك ئۇسۇل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بۇ دىيالېكتىك ئۇسۇل يەنە ئىدىيالىزم ئاساسىغا قۇرۇلغان، پەقەت ماركسىزملا ئۇنىڭ ئەقلىغە مۇۋاپىق بولغان، ئاكتىپ مېغىزىدىن پايدىلاندى ھەمدە ئىنقىلابىي ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكىنى بەرپا قىلدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا، پەلسەپىدە ئەڭ ئۇلۇغ ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. پەننىڭ ئەڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئاساسىدا ماركسىزملىق پەلسەپە مەيدانغا كەلدى. بۇ پەلسەپە كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە ئەڭ ئىنقىلابىي بولغان سىنىپ يەنى پرولېتارىياتنىڭ مەنپەئەتىنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىكى ئىپادىسى ئىدى. بۇ كونا پەلسەپىدىن بىردىن ـ بىر ئىلمىي بولغان ھەمدە تەبىئىي پەندىكى

ماتېرىياللار ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى تارىخىي تەجرىبىلىرى تەرىپىدىن ئومۇمىي يۈزلۈك دەلىللەنگەن يېڭى پەلسەپىگە بولغان ھەقىقىي ئىنقىلاۋىي سەكرەش ئىدى. بارلىق كونا پەلسەپىۋى مەزھەپلەر ۋە ئىدىيىۋى ئېقىملارنىڭ ھېچقاچانمۇ تۇرغۇن مۇرىتلىرى بولغان ئەمەس، ئۇلار كەڭ خەلق ئاممىسىغا تەسىرمۇ كۆرسەتكەن ئەمەس. كونا پەلسەپە سىستېمىسى ئاساسەن ئايرىم كىشىلەرنىڭ تەلىماتى ئىدى، ئۇ ئالاھىدە شەخسلەر ئۈچۈنلا ئېھتىياجلىق ئىدى. ماركسىزملىق پەلسەپە ئادەتتە چۈشىنىپ كېلىنگەن پەلسەپە مەزھىپى ئەمەس، پەلسەپىدە تەرتىپ بويىچە پەيدا بولغان، ئازساندا مۇرىتقا ئىگە يېڭى ئىلىم ئېقىمى ئەمەس، بەلكى مىليونلىغان ئەمگەكچىلەرنىڭ، ئالدى بىلەن ئىشچىلار سىنىپى-دىن ئىبارەت ئەڭ ئىلغار، ئەڭ ئىنقىلاۋىي سىنىپنىڭ ئىدىئولوگىيىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ماركسىزم-لېنىنىزم پرولېتارىياتنىڭ ئىدىو-لوگىيىسى، كاپىتالىزمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم قۇرۇشنىڭ يولى توغرىسىدىكى تەلىمات. شۇڭلاشقا، ماركسىزملىق پەلسەپە مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ پەلسەپىسى، مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ ئازاتلىقنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ئۇلۇغ ۋە يېڭىلمەس قورالى. ئۇنىڭ بۇ خۇسۇسىيەتلىرى ھەرقانداق بىر پەلسەپىدە ياكى ھەرقانداق پەلسەپە مەزھەپلىرىدە بولۇپ باقمىغان، بەلكى بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. كونا ماتېرىيالىزم بىۋاسىتە كۆزى-تىدىغان ماتېرىيالىزم بولۇپ، ئۇ دۇنيانى ئىنقىلاۋىي يوسۇندا ئۆز-گەرتىش ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويمىغان. يېڭى پەلسەپە يەنى ماركسىزملىق پەلسەپە ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ دۇنيانى ئىنقىلاۋىي ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆزگەرتىش ئىكەنلىكىنى جاكالايدۇ.

ماركسىزم يۇقىرى شەكىلدىكى ماتېرىيالىزمنى — دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمنى بەرپا قىلدى. ئۇ ماركسىزمدىن ئىلگىرىكى ئىلغار

ئىدىيىلەر ئوتتۇرىغا قويغان، بىراق ھەل قىلالمىغان ھەممە مەسىلە-
لەرنى ھەل قىلدى. كونا، ماركستىن ئىلگىرىكى ھەممە پەلسەپە
جۈملىدىن ماتېرىيالىستىك پەلسەپىمۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھەر خىل
ھادىسىلەرنى توغرا چۈشەندۈرەلمىدى. ماركس بىلەن ئېنگېلستىن
ئىلگىرى بىمەنە ئىدىيالىستىك تارىخقاراش ھۆكۈمران ئورۇندا
تۇراتتى. پرولېتارىيات مۇتەپەككۇرلىرى تۈنجى قېتىم ئىجتىمائىي
پەننى تەبىئىي پەنگە (مەسىلەن، بىئولوگىيە) ئوخشاش توغرا پەنگە
ئايلاندۇردى. ئۇلار بەرپا قىلغان تارىخىي ماتېرىيالىزم نەزەرىيىسى
ئىلمىي پەلسەپىنىڭ غايەت ئۇلۇغ نەتىجىسىدۇر. بۇ نەزەرىيە جەم-
ئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەقىقىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى كۆرسىتىپ
بەردى، كاپىتالىزمغا قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتقان ئېزىلگۈچى
سىنىپلارنى قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارنى جەمئىيەت تەرەققىياتى قانۇنىيىتى
توغرىسىدىكى توغرا بىلىملەرگە ۋە تارىخىي مۇقەررەرلىك بويىچە،
جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى بويىچە ئاڭلىق ھالدا
ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. دىيالېكتىك
ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم بولغانلىقى ئۈچۈنلا، سوتسىيا-
لىزم خام خىيالدىن، خىيالدىن پەنگە ئايلىنالىدى. ماركسىزىملىق
پەلسەپە بىلەن پرولېتارىيات سوتسىيالىزمى چەمبەرچەس باغلى-
نىشلىق، ماركسىزىملىق پەلسەپە پرولېتارىيات سوتسىيالىزمىنىڭ
نەزەرىيىۋى ئاساسى.

19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، دېھقانلار يانچىلىق تۈزۈمگە قارشى
ئۆتكۈر كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتقان شارائىت ئاستىدا، روسىيىدە
ماتېرىيالىستىك پەلسەپىنىڭ شىددەت بىلەن تەرەققىي قىلىش جەريانى
بارلىققا كەلدى. روسىيىنىڭ زور بىر تۈركۈم مەشھۇر ئىنقىلاۋىي
دېموكراتىزمچىلىرى — **بېلىنسكىي***، **گېرتسېن***، **چېرنىشېۋسكىي***
ۋە **دوبرولىيۇبوۋ***لار شۇ چاغدا يانچىلىق تۈزۈمگە قارشى كۆتۈرۈل-

گەن دېخانلار ئىنقىلاۋىنىڭ ئىدىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى، ئۇلار قوزغىلىپ كونا تۈزۈمنىڭ قورالى بولغان پەلسەپىۋى ئىدىيالىزىمغا قارشى تۇردى ھەمدە ماركستىن ئىلگىرىكى دەۋردىكى ئەڭ ئىلغار ماتېرىيالىستىك پەلسەپىنى دەلىللىدى. روسىيە ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزىمچىلىرىنىڭ جەڭگىۋار ماتېرىيالىزىمىدا قىلچە يۇۋاشتە كۆزىتىش خاراكتېرى يوق ئىدى؛ ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزىمچىلار جەمئىيەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى چۈشەنگەن ئىدى، ئۇلار خەلق ئاممىسىنىڭ تارىختىكى چوڭ رولىنى تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىش پىرىنسىپى ئاساسىدا چۈشەنگەن ئىدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس ئۇلۇغ ئالىم ۋە كاپىتالىزىمنى تەنقىت قىلغۇچى چېرنىشېۋىسكى بىلەن دوبروليۇبوۋغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەردى. بىراق يانچىلىق تۈزۈمىدىكى روسىيىنىڭ شارائىتى ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزىمچىلارنىڭ دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزىم سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلۈشىگە يول قويمايتتى، گەرچە ئۇلار شۇ نىشانغا قاراپ ماڭغان بولسىمۇ.

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، روسىيىدە كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، روسىيە ئىشچىلار سىنىپى تېز زورايدى، كېيىن كاپىتالىزىمنىڭ يېڭى دەۋرىدە يەنى جاھانگىرلىك دەۋرىدە ئۇ پۈتكۈل خەلقارا پۈرولېتارىياتنىڭ ئاۋانگارت قوشۇنى بولۇپ قالدى. بۇ چاغدا، تارىخىي شەرت-شارائىت مۇناسىۋىتى بىلەن روسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ بارلىق زىددىيەتلىرىنىڭ تۈگۈنى بولۇپ قالدى. ئىنقىلاۋىي ھەركەتنىڭ مەركىزى روسىيىگە يۆتكەلدى، روسىيىدە، دۇنيادا ئەڭ ئىنقىلاۋىي بولغان پۈرولېتارىيات — روسىيە پۈرولېتارىياتى باشچىلىقىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ خەلق ئىنقىلاۋىي دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، روسىيە لېنىنىزىمنىڭ — ماركسىزىمنىڭ يېڭى يۇقىرى باسقۇچىنىڭ، جاھانگىرلىك ۋە پۈرولېتارىيات ئىنقىلاۋى

دەۋرىدىكى ماركسىزمنىڭ بۆشۈكى بولۇپ قالدى. روسىيىدە ھەممىدىن بۇرۇن جاھانگىرلىكنىڭ كىشەنلىرى چېقىپ تاشلاندى ھەمدە سوتسىيالىزم غەلىبىسىنىڭ يېڭى دەۋرى ئېچىلدى. ماركس ۋە ئېنگېلسنىڭ ئىلمىي سوتسىيالىزم ئىدىيىسى ئالدى بىلەن روسىيىدە غەلىبىگە ئېرىشتى. روسىيىدە سوتسىيالىزمنىڭ غەلىبە قىلىشى ماركسىزمنىڭ ۋە ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ ئىنتايىن ئۇلۇغ غەلىبىسىدۇر. روسىيە پرولېتارىياتى ۋە خەلقارا پرولېتارىياتنىڭ داھىسى لېنىننىڭ ئەسەرلىرىدە ماركسىزملىق پەلسەپە يېڭىچە ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەتراپلىق راۋاجلاندۇرۇلدى. لېنىن ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ بارلىق تەركىبىي قىسمىنى — دىيالېكتىك ئۇسۇلنى، ماتېرىيالىزم نەزەرىيىسىنى ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمنى راۋاجلاندۇردى. ئۇ ماركسىزملىق پەلسەپىنى ئىككىنچى ئىنتېرناتسىونال ئاقمىچىلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قوغداپ قالدى ھەمدە پرولېتارىياتنىڭ بۇ قۇدرەتلىك نەزەرىيىۋى قورالىنى تېخىمۇ ئۆتكۈر قىلدى. ستالىننىڭ ئەسەرلىرىدە ماركسىزملىق پەلسەپە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلاندۇرۇلدى. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم بىلەن تارىخىي ماتېرىيالىزم، بۈگۈنكى كۈندە، دۇنيا پرولېتارىياتىنىڭ ئازاتلىق كۈرىشىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى، **خەلق دېموكراتىيىسى*** دۆلەتلىرىنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇشىدىكى نەزەرىيىۋى ئاساسى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا كوممۇنىزم قۇرۇشنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى بولۇپ قالدى. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ھازىرقى زامان تەبىئىي پەنلىرىنىڭ بىردىن-بىر ئىلمىي ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ تەبىئەت دۇنياسىنى ۋە جەمئىيەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىش ۋە ئۆزگەرتىشتىكى بىردىن-بىر ئىلمىي نەزەرىيىدۇر.

**«پەلسەپە خاتىرىلىرى»** «哲学笔记» «Философские тетради» لېنىننىڭ پەلسەپە ھەققىدىكى خاتىرىسى بولۇپ، ئۇ

«لېنىن ئەسەرلىرى توپلىمى»نىڭ 9‐ۋە 12‐توملىرىغا كىرگۈزۈلدى. 1933‐يىلى بىرىنچى قېتىم كىتابچە قىلىپ نەشر قىلىندى. «پەلسەپە خاتىرىلىرى» لېنىننىڭ تۈرلۈك پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنى ئوقۇغان ۋاقىتدا (ئاساسەن 1914 ــ 1916‐يىللىرى) يازغان مول مەزمۇنلۇق خاتىرىسى. لېنىن ئۆزى ئوقۇغان ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىنى قىسقىچە خاتىرىلىگەندىن باشقا، يەنە نۇرغۇنلىغان مۇھىم باھا، خۇلاسە ۋە يەكۈنلەرنى يازغان. «پەلسەپە خاتىرىلىرى» تۆۋەندىكى ئەسەرلەر‐دىن، يەنى ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ «مۇقەددەس ئائىلە»، ليۇد‐ۋىگ فېيېرباخنىڭ «دىننىڭ ئۆز ماھىيىتى توغرىسىدىكى لېكسىيەلەر توپلىمى»، گېگېلنىڭ «لوگىكا»، «تارىخ پەلسەپىسى ھەققىدە لېكسىيە» ۋە «پەلسەپە تارىخى ھەققىدە لېكسىيە»، لاسساللنىڭ «ئەفىسلىق تېتىقسىز پەيلاسوپ ھېراكلىتنىڭ پەلسەپىسى» ۋە ئارىس‐توتېلنىڭ «مېتافىزىكا» دېگەن ئەسەرلىرىدىن يېزىلغان خاتىرىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «پەلسەپە خاتىرىلىرى»دىكى «دىيالېكتىكا مەسىلىلىرى توغرىسىدا» دېگەن قىسقا ماقالا دىققەت قىلىشقا تاھايىتى ئەرزىيدۇ. بۇنىڭدا لېنىن ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكىنىڭ ماھىيىتىنى قىسقىچە ۋە چوڭقۇر شەرھلەپ بەرگەن. «پەلسەپە خاتىرىلىرى» نۇرغۇن تەبىئى پەنگە ئائىت كىتابلارغا يېزىلغان باھالارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېنىن «مۇقەددەس ئائىلە» دېگەن ئەسەردىن يازغان خاتىرىسىدە ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ **گېگېل*** بىلەن **ياش گېگېل‐چىلار***نىڭ ئىدېئالىستىك پەلسەپىسىنى تەنقىت قىلىدۇ. لېنىن: «مۇقەددەس ئائىلە» دېگەن ئەسەردە ماركس ئىلمىي سوتسىيالىزمغا ئاللىقاچان يېقىنلاشقان، دەيدۇ. لېنىن فېيېرباخنىڭ «دىننىڭ ئۆز ماھىيىتى ھەققىدىكى لېكسىيەلەر توپلىمى» دېگەن كىتاۋىدىن يازغان خاتىرىسىدە ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ ماتېرىيالىزمى بىلەن **فېيېرباخ***نىڭ ماتېرىيالىزمى ئوتتۇرىسىدىكى تۈپ پەرقنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

لېنىننىڭ گېگېلنىڭ بىر نەچچە پارچە ئەسىرى ھەققىدە يازغان خاتى-
رىلىرى گېگېلنىڭ ئىدىيالىستىك دىيالېكتىكىسىنى جەڭگىۋار روھ
بىلەن تەنقىت قىلىشنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېنىن ھەر
بىر مەسىلىدە ماركسىزىملىق دىيالېكتىكا بىلەن ئىدىيالىستىك دىيا-
لېكتىكىنىڭ تۈپ پەرقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈپ، بىزنى گېگېلنىڭ
دىيالېكتىكىسىنى تەنقىت قىلمايدىغان پوزىتسىيىدىن ساقلىنىش
توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرغان ئىدى. بۇ خاتىرىلەردىن لېنىننىڭ پەل-
سەپە مەسىلىسىدىكى پارتىيىۋىلىكى، ئىنقىلاۋىي قىزغىنلىقى ۋە ئۇنىڭ
گېگېل پەلسەپىسىنىڭ ئەكسىيەتچىل تەرىپىنى تەنقىت قىلغاندا
تۇتقان مۇرەسسەسىزلىك روھى ئىنتايىن روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا لېنىن گېگېل دىيالېكتىكىسىدا غايەت زور
قىممەتكە ئىگە نەرسىنىڭ بارلىقىنى، گېگېلنىڭ دىيالېكتىكىسىنى
ماتېرىيالىستىك ئاساستا چۈشىنىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ مۇنداق
دەيدۇ: "مەن ھەمىشە گېگېلنىڭ ئەسەرلىرىنى ماتېرىيالىستىك كۆز-
قاراش بىلەن ئوقۇشقا تىرىشتىم: گېگېلنىڭ تەلىماتى ئايىغى ئاسمانغا
قاراپ قالغان ماتېرىيالىزم (ئېنگېلسنىڭ سۆزى) — دېمەك، مەن
ئىلاھ، مۇتلەق ۋە ئوقۇل ئىدىيە قاتارلىقلارنى ئاساسەن چۆرۈۋەتتىم."
(«پەلسەپە خاتىرىلىرى» 1956-يىل خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە
نەشرى، 80-بەت) لېنىن مۇنداق دەيدۇ: گېگېل پەلسەپىسىنىڭ
ئەقلىغە مۇۋاپىق مەزمۇنى ئۆزلۈكسىز ھەركەتلىنىش تەلىماتى،
قارىمۇ-قارشى تەرەپلەرنىڭ كۈرىشى ئارقىلىق بولىدىغان مەڭگۈلۈك
تەرەققىيات توغرىسىدىكى تەلىماتتىن ئىبارەت.

«پەلسەپە خاتىرىلىرى»دىكى مەركىزىي مەسىلە — دىيالېكتىكا.
«پەلسەپە خاتىرىلىرى»دە لېنىن ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكا
نەزەرىيىسىنى راۋاجلاندۇردى ھەمدە ئۇنى كونكرېتلاشتۇردى.
ئۇنىڭدا لېنىن دىيالېكتىكىنىڭ ئورغۇنلىغان چوڭقۇر تەبىرلىرىنى

ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ تەبىرلەر دىيالېكتىكىنىڭ ماھىيىتىنى ئەتراپلىق يېشىپ بەردى. لېنىننىڭ دىيالېكتىكا، لوگىكا ۋە بىلىش نەزەرىيەسىنىڭ بىردەكلىكى توغرىسىدىكى يوليورۇقلىرى پەلسەپىنىڭ تەرەققىياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىدىيالىستلار بىلەن مېتافىزىكلار تەپەككۇر قانۇنىيىتى بىلەن ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ قانۇنىيىتىنى ئايرىپ تاشلايدۇ، لوگىكىنى نوقۇل تەپەككۇر شەكلى توغرىسىدىكى تەلىمات دەپ قارايدۇ، بۇنىڭ ئەكسىچە لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: تەپەككۇر ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، تەپەككۇر قانۇنىيىتى تەبىەت قانۇنىيىتىگە ئويغۇنلىشىدۇ. «پەلسەپە خاتىرىلىرى» پۈتۈن پەلسەپە مەسىلىلىرىگە ئائىت بولغان ئىنتايىن چوڭقۇر چۈشەنچە ۋە ئىدىيىنىڭ مەنبەسى. لېنىن بۇنىڭدا **كانت***نىڭ بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسىنى، مېتافىزىكىلىق لوگىكىنى تەنقىت قىلىپ، لوگىكا ۋە لوگىكا كاتېگورىيىسىگە ماركسىزمچە تەبىر بېرىپ، دىيالېكتىك بىلىش جەريانىنى بايان قىلىپ، دىيالېكتىكىنىڭ ماھىيىتى ۋە ئاساسىي ئامىلىنى ئەتراپلىق شەرھىلەپ بەردى. «پەلسەپە خاتىرىلىرى»دە لېنىن دىيالېكتىك لوگىكىدىن ئىبارەت مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىش توغرىسىدا نۇرغۇن مۇھىم يوليورۇقلارنى بەرگەن ئىدى. بۇ جەھەتتە ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغىنى لېنىننىڭ ئىدىيە تارىخى بىلەن پىكىر قانۇنىيىتىنىڭ لوگىكىدىكى بىرلىكى توغرىسىدىكى يوليورۇقى، تېخنىكا تارىخى، تەبىي پەنلەر تارىخى، بوۋاقلارنىڭ ۋە ھايۋانلارنىڭ ئەقلىنىڭ راۋاجلىنىش تارىخى قاتارلىقلارنى پەلسەپە جەھەتتە يەكۈنلەش، شۇنىڭ بىلەن توغرا بىلىش نەزەرىيىسىنى تىكلەش توغرىسىدىكى يوليورۇقى بولىدى. لېنىننىڭ گېگېلنىڭ «پەلسەپە تارىخى ھەققىدە لېكسىيە» دېگەن كىتاۋى ھەققىدىكى خاتىرىسى ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدۇ. لېنىن بۇ ئەسەرگە بەرگەن باھاسىدا پەلسەپە تارىخىنىڭ ماتېرىيالىزم

بىلەن ئىدىيالىزمنىڭ كۈرەش تارىخى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى ھەمدە كېيىنكى ماتېرىيالىزمنى مەنسىتمىگەنلىكى ۋە بەزى كونا پەيلاسوپلارنىڭ (**پىلاتون*** قاتارلىقلارنىڭ) ئىدىيالىستىك نۇقتىنەزەرىگە چوقۇنغانلىقى ئۈچۈن كەسكىن تەنقىتلىدى. لېنىن تەبىي پەن ئەسەرلىرىگە بەرگەن باھاسىدا ئىدىيالىزمنى تەبىي پەنگە كۆچۈرۈپ كىرمەكچى بولۇش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلارنى قاتتىق سۆكۈپ، بۇ ئۇرۇنۇشلارنىڭ سىنىپىيلىكىنى ئېچىپ تاشلىغان ئىدى.

«پەلسەپە خاتىرىلىرى» — ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكىنى ئىجادىي يوسۇندا راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ماركسىزملىق پەلسەپە ساھەسىدىكى بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەرنىڭ پروگراممىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «پەلسەپە خاتىرىلىرى»نى ئوقۇغان چاغدا شۇنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى، بۇ ئەسەرنى لېنىن مەتبەئەگە بېرىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزى ئۈچۈن يازغان خاتىرىلەردىن تۈزۈپ چىقىلغان.

**«Нищета Философии» «哲学的贫困» «پەلسەپە نامراتلىقى»**

ماركسنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ئەسەرلىرىدىن بىرى، بۇ ئەسەردە ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ پرىنسىپلىرى شەرھلەنگەن. بۇ كىتاب 1847-يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا فرانسۇزچە يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا فرانسۇز ئۇششاق بۇرژۇئا پەيلاسوپى ۋە ئىقتىسادشۇناسى، ھۆكۈمەتسىزلىك تەرەپدارى **پرۇدون*** نىڭ نۇقتىنەزەرلىرىگە قارشى ئۇرۇش كۆزدە تۇتۇلغان. 1846-يىلى، پرۇدوننىڭ «ئىقتىسادىي زىددىيەتلەر سىستېمىسى» (ياكى «نامراتلىق پەلسەپىسى») دېگەن ئەسىرى دۇنياغا كەلگەن. ئۇ بۇ ئەسىرىدە، ئۇششاق خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىش غەرىزىدە، ئۇنى غايىۋىلەشتۈرۈۋەتكەن. ئۇ كاپىتالىزمنى ۋە ئۇنىڭ ئاساسى بولغان تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى يوقىتىشنى ئەمەس، بەلكى كاپىتال-

زىمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ياخشىلاش، ئىسلاھ قىلىشنى تەرغىپ قىلغان. پرۇدون ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان خۇسۇسى مۈلۈكچىلىك بىلەن ئالماشتۇرۇش ھەرقانداق جەمىيەتنىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان ئاساسى دەپ ھېساپلاپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان خۇسۇسى مۈلۈكچىلىك بىلەن ئالماشتۇرۇش "تۆپ مەنىدىن ئالغاندا ھەقىقى نەرسە" دەيدۇ. پرۇدون كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ "يامان" تەرىپى ۋە يامان ئاقىۋىتىنى يوقىتىش ئارقىلىق، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئۈچۈن "ياخشى"، "پايدىلىق" بولغان تەرەپلەرنى ساقلاپ قېلىش يولى بىلەن ئومۇمى بەخت-سائادەتكە كاپالەتلىك قىلىشنى ئۈمىت قىلغان؛ نامراتلىقنى سىنىپى كۆرەش ۋە ئىجتىمائى ئىنقىلاپ ئارقىلىق ئەمەس، تىنچ ۋە ئىسلاھات-چىلىق ئۇسۇلى بىلەن يوقىتىشنى ئۈمىت قىلغان. ماركس ئۆزىنىڭ «پەلسەپە نامراتلىقى» دېگەن كىتاۋىدا، ئىنتايىن بىمەنە، چاكىنا، ئەكسىيەتچىل بولغان بۇنداق خام خىياللارنى قاتتىق تەنقىت قىلغان. ماركس پرۇدوننىڭ بۇنداق "دىيالېكتىك" ئىبارىلىرىنىڭ يەنىكە ئىنتايىن قارشى خاراكتىرىنى ۋە ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك خاراكتىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، پرۇدونىنىڭ بۇرژۇئا نەزەر دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمىگەنلىكىنى، ئۇنىڭ كاپىتالىزىمنىڭ ئىقتىسادىي زىددىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش "ئۇسۇلى"نىڭ ۋە بۇ زىددىيەتلەرنى ئويدۇرما ھالدا "ھەل قىلىش"نىڭ "ئىلمىي جەھەتتە ئالدامچىلىق، سىياسى جەھەتتە خوشامەتچىلىك......" («ماركس-ئېنگېلس ئاللانما ئەسەرلىرى» (ئىككى توملۇق)، 1954-يىل موسكۋا خەنزۇچە نەشرى، 1-توم، 374-بەت)ئىسن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ماركسنىڭ بۇ كىتاپتا گېگېلنىڭ ئىدىيالىستىك دىيالېكتىكىسى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەنقىتلىرى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ماركس رېياللىقتا ماتېرىيالىستىك ئاساستا قارايدىغان دىيالېكتىك ئۇسۇل

ئارقىلىق ئىدىيالىستىك دىيالېكتىكىغا قارشى تۇرغان.

پرۇدون پرولېتارىياتنىڭ ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى رولىنى ۋە ئەھمىيىتىنى تامامەن چۈشەنمەيتتى. ماركس مۇنداق دەپ يازىدۇ: پرۇدون ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى "نامراتلىق دېگەن نامراتلىق دەپ قارايدۇ. ئۇلار نامراتلىقنىڭ ئىنقىلاۋىي بۇزغۇچ تەرىپىنى كۆرمەيدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ تەرەپ كونا جەمئىيەتنى ئاغدۇرماي قالمايدۇ" («پەلسەپە نامراتلىقى»، رۇسچە نەشرى، 108-بەت). ماركس ئۆزىنىڭ «پەلسەپە نامراتلىقى» دېگەن كىتاۋىدا كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئانتاگونىستىك خاراكتېرىنى ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكا بىلەن ئىلمىي يوسۇندا تەھلىل قىلدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: خەلق ئاممىسىنىڭ نامراتلىشىپ كېتىشىدىكى ھەقىقىي سەۋەپ ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ زۇلۇم ۋە بالايى-ئاپەتكە ئۇچرىشىدىكى ھەقىقىي سەۋەپ كاپىتالىستنىڭ ئەمگەكنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغانلىقى. لېكىن كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بولسا يېڭى بىر سىنىپ بولغان پرولېتارىيات — كاپىتالىزىمنىڭ گۆركارى ۋە يېڭى جەمئىيەتنى بەرپا قىلغۇچى ئۆسمەكتە، تەشكىللەنمەكتە، تەربىيىلەنمەكتە ۋە چىنىقماقتا. "ئىشچىلار سىنىپى ئازاتلىقىنىڭ شەرتى — بارلىق سىنىپنى يوقىتىش..... بارلىق سىنىپ يوقىتىلغىچە، بۇرژۇئازىيە بىلەن پرولې-تارىيات ئوتتۇرىسىدىكى ئانتاگونىسيە يەنىلا بىر سىنىپنىڭ يەنە بىر سىنىپقا قارشى كۈرىشىدىن ئىبارەت بولىدۇ، بۇ كۈرەش ئەڭ جىددى باسقۇچىغا يەتكەن ھامان، ئۇ ئومۇمىي يۈزلۈك (totale) ئىنقىلاپقا ئايلىنىدۇ..... سىنىپ ۋە سىنىپىي ئانتاگونىسيە يوق ئەھۋال ئاستىدىلا، **جەمئىيەتنىڭ تەدرىجىي ئىلگىرىلىشى سىياسىي ئىنقىلاپ** ھېساپلانمايدۇ. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بولسا، ھەر قېتىملىق ئومۇمىي ئىجتىمائى ئىسلاھاتنىڭ ھارپىسىدا ئىجتىمائى پەننىڭ يەكۈنى ھامان مۇنداق بولىدۇ: **'يا جەڭ قىلىش، يا ھالاك بولۇش؛ يا قانلىق جەڭ**

قىلىش، يا يوقىلىش. مەسىلىنىڭ قويۇلۇشى مۇقەررەر ھالدا شۇن-
داق بولىدۇ.»» (يۇقۇرىدىكى كىتاپ، 148-، 149-بەتلەر) ماركس
ئۆز ئەسىرىنى ئاشۇنىداق سۆزلەر بىلەن ئاياقلاشتۇرغان. «پەلسەپە
نامراتلىقى» دىگەن بۇ كىتاپتا پرولېتارىيات سىنىپى كۈرىشىنىڭ
تارىخىي رولى ۋە ۋەزىپىسى ئىنتايىن چوڭقۇر شەرھىلەنگەن.
ماركسىنىڭ بۇ ئەسىرى بۈگۈنكى كۈنىدىمۇ يەنىلا رىيال ئەھمىيەتكە
ئىگە. ئۇ يەنىلا پرۇدون ئىدىيىسىنى ئاساس قىلغان ئىسلاھاتچىلارغا
قارشى كۈرەش قىلىشنىڭ ئۆتكۈر قورالى.

پەن 科学 Наука ئىجتىمائىي تارىخىي تۈرمۇش جەريانىدا
توپلانغان، تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە تەپەككۇر ھەققىدىكى تۈرلۈك
بىلىملەر سىستېمىسى. پەن-بىلىمنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇددەتلىك تەرەققىيا-
تىنىڭ يەكۈنى. پەننىڭ مەقسىدى تۈرلۈك ھادىسىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ
قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىش ۋە تۈرلۈك ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرۈپ
بېرىشتىن ئىبارەت. تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىگە
قارىتا تونۇش بولمايدىكەن، پەننى بىلىشمۇ بولمايدۇ ۋە بولۇشىمۇ
مۇمكىن ئەمەس. ماركسىزمنىڭ چىقىش نۇقتىسى شۇكى، پەن
ئاسادىپىلىقنىڭ دۈشمىنى. چۈنكى كىشىلەر پەقەت رىياللىقنىڭ
ئاسادىپىي ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسلانماي، بەلكى رىياللىقنىڭ
مۇقەررەر، قانۇنىيەتلىك باغلىنىشلىرىغا ئاساسلانغاندىلا، ئاندىن
رىياللىقنى تەتقىق قىلالايدۇ ۋە بىلەلەيدۇ ھەم چوڭقۇر شۇنداق
قىلالايدۇ. ئايرىم ئاسادىپىلىقلار توغرىسىدىكى بىلىملەرنى پەن
دىگىلى بولمايدۇ، چۈنكى تەبىئەت ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ
جەريانىنى ئاسادىپىلىق بەلگىلىمەيدۇ، بەلكى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت
بەلگىلەيدۇ، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنى ئىنكار قىلىش پەننى ئىنكار
قىلىش بىلەن تەڭ. پەننىڭ ۋەزىپىسى ئاسادىپىي، قالايمىقان
ھادىسىلەردىن ئۆتۈپ، سىرتىدىن كۆرگىلى بولمايدىغان ئوبيېكتىپ

قانۇنىيەتلەرنى تېپىپ چىقىش ۋە تەتقىق قىلىش ھەمدە مۇشۇ
ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەر توغرىسىدىكى بىلىملەر ئارقىلىق ئەمەلىي
پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرنى قوراللاندۇرۇش، ھەممە
ساھەدە، پەن بىرگە تۈپ قانۇنىيەتنىڭ كۆرۈنۈشتىكى قالايمىقان
ھادىسىلەردىكى رولىنى كۆرسىتىپ بەردى. پەننىڭ كۈچى ئۇنىڭ
يىغىنچاقلىيالايدىغانلىقىدا. پەن جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ
تەرەققىي قىلىدۇ ۋە ئىلگىرىلەيدۇ؛ پەننىڭ ئىلگىرىلىشى ئۇنىڭ
رېئاللىقنى كۈندىن-كۈنگە توغرا ۋە چوڭقۇر ھالدا بىلىپ
بارىدىغانلىقىدا.

پەن كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى ئاساسىدا
بارلىققا كېلىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ. جەمئىيەت تارىخىنىڭ ھەر بىر
باسقۇچىدا، پەن شۇ چاغدىكى كىشىلەرنىڭ رېئال دۇنيانىڭ
تۈزۈلۈك قانۇنىيەتلىرىنى بىلىش دەرىجىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.
كىشىلەر ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن تەبىئەت كۈچلىرىنى ئاچىدۇ ۋە
ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ. ماركس ۋە ئېنگېلس مۇنۇلارنى دەلىللىدى:
پەن تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان نەرسە بەزى
مەسىلىلەر ۋە ئۇقۇملارنىڭ لوگىكىلىق تەرەققىياتى بولماستىن،
بەلكى ئالدى بىلەن تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى، ماددى
ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى. ئەگەر تېخنىكىنىڭ
ئەھۋالى "ناھايىتى زور دەرىجىدە ئىلىم-پەننىڭ ئەھۋالىغا باغلىق
بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئىلىم-پەننىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ زور
دەرىجىدە تېخنىكىنىڭ ئەھۋالىغا ۋە ئېھتىياجىغا باغلىق بولىدۇ.
جەمئىيەتكە تېخنىكا جەھەتتىن ئېھتىياج چۈشكەن ھامان، بۇنداق
ئېھتىياج ئىلىم-پەننى ئون داشۆينىڭ ئالغا سۈرگىنىدىكىدىنمۇ
بەكرەك ئالغا سۈرۈۋېتىدۇ" («ماركس-ئېنگېلس خەت-چەكلىرى»
1978-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 144-بەت). مەسىلەن، 16-ئەسىر

ۋە 17-ئەسىردىكى ئاقما جىسىملار تۇرغۇنلۇق مېخانىكىسى ئىتالىيىدىكى تاغ كەلكۈنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە ئىجات قىلىنغان. كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، تەبىي پەن ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. بۇرژۇئازىيە سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن پەنگە ئېھتىياجلىق بولغان ئىدى. ئەمما، كاپىتالىزم شارائىتىدا، پەن كاپىتالنىڭ كۈچى بولۇش سۈپىتىدە ئىشچىلار سىنىپى بىلەن قارىمۇقارشى بولىدۇ. پەننىڭ كەشىپ قىلىنىشى ئىشچىلارنىڭ ئەمگىكىنى يەڭگىللەتمەستىن، ئەكسىچە ئۇلارغا بولغان ئېكسپىلاتاتسىيىنى كۈچەيتىدۇ. كاپىتالىزم ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، تەبىي پەن سانائەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى نەتىجىسىدە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى، ھالبۇكى، بۇرژۇئازىيىنىڭ سىنىپىي مەنپەئەتى ۋە ئىقتىسادىي بازىسى بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىق بولغان بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىجتىمائىي پېنى جەھەتتە بولسا ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي قانۇنىيىتىنى بۇرمىلايدىغان ئىدىيالىزم ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ.

پرولېتارىيات مۇتەپەككۇرلىرى ماركس بىلەن ئېنگېلسلا جەمئىيەت تەرەققىياتى قانۇنىيىتى توغرىسىدىكى ھەقىقىي پەننى بەرپا قىلدى. ئۇلار بەرپا قىلغان دۇنياقاراش تەبىي پەننىمۇ كاپىتالىزم دەۋرىگە خاس بولغان پەلسەپىۋى چەكلىمىلىكتىن (ئىدىيالىستىك پەلسەپىنىڭ تەسىرىدىن ۋە مېتافىزىكىلىق تەتقىقات ئۇسۇلىنىڭ تەسىرىدىن) قۇتۇلدۇردى.

سوتسىيالىزمنىڭ غەلىبىسى ھەممە پەنلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن چەكسىز ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى تۈرلۈك سىنىپلار ئىچىدە پەننىڭ ئالغا قاراپ راۋاجلىنىشىغا ھەممىدىن بەك كۆڭۈل بۆلىدىغانلار ئىشچىلار سىنىپى. ئۇ كوممۇنىزم جەمئىي-

تىنى قۇرۇشتا پەننىڭ بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن پايدىلىنىدۇ. ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى پەننىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى دەۋر ئاچتى. كاپىتالنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ئازات بولغان پەن ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلدى. سوتسىيالىزم بىلەن پەن ئايرىلمايدۇ. سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى پەننىڭ غايەت زور دەرىجىدە يۈكسىلىشىدىن دېرەك بەردى. سوتسىيالىزم كاپىتالىزمنىڭ پەن تەرەققىياتى يولىدا ئورناتقان بارلىق توسالغۇلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلىماقتا. پەن خىزمىتىدىكى تارقاقچىلىق، قول سانائەت ئۇسۇلى، ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتى، قارغۇلۇق، شەخسىيەتچىلىك ۋە باشباشتاقلىق قاتارلىق كاپىتالىزم شارائىتىدا ساقلانغىلى بولمايدىغان ئەھۋاللارنىڭ ئورنىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا باشقا بىر خىل ئەھۋال يەنى پەننىڭ بارلىق كۈچلىرى ۋە ۋاستىلىرىدىن پىلانلىق ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق ھالدا پايدىلىنىش ئارقىلىق، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ خەلق ئىگىلىكى، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى رېئال مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئالدى. سوۋېت ھاكىمىيىتى ئورنىتىلغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىلدە، لېنىن پەن ۋە تېخنىكىنىڭ ئەڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئاساسىدا پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنى قايتا تەشكىل قىلىشنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانى (ئېلېكتىرلەشتۈرۈش پىلانى)نى تۈزدى. پەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا سوتسىيالىستىك پرىنسىپ بويىچە بەرپا قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ھازىر سوۋېت پېنى نۇرغۇن تارماقلاردا دۇنيا پەنلىرى بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرماقتا. سوۋېت ئىتتىپاقىدا، ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئاتوم قۇۋۋىتى ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى پەننىڭ بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئارقىلىق خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا؛ ئۇلارنىڭ خەلق ئۈچۈن خىزمەت

قىلىش ھەرگىز ناتىلاجلىقتىن بولغان بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ سەممىيىتىدىن، ئىختىيارىيلىقىدىن بولغان. ئىلغار دۇنياقارىشى يەنى ماركسىزم-لېنىنىزم تەلىماتىنى قىبلىنامە قىلغان سوۋېتنىڭ ئىلغار پېنىنىڭ ۋەزىپىسى، مەقسىدى ۋە مۇددىئاسى شۇنىڭدەك ئۇنىڭ سوۋېت جەمئىيىتىدە ئېرىشكەن قوللاشلىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ **ئۇمۇمىي خەلق** پېنى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ۋەزىپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى بۇ ۋەزىپىلەرنى ھەل قىلىش جەھەتتىمۇ ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ، خىيالىغا كەلگەننى قىلماستىن، ئىلغار سوۋېتلىكلەرنىڭ تەجرىبىلىرىگە تايىنىدۇ، يەنى سانائەت، يېزا ئىگىلىكى خادىملىرى، چارۋا ماللارنى باققۇچى تەجرىبە ئىگىلىرى، مىچۇرىنچە ئۆسۈملۈك ئۆستۈرگۈچىلەر، قابىلىق كىشىلەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە ۋە ئىجادىي ئىدىيىسىگە تايىنىدۇ. سوۋېت دۆلىتىدە، بەزى ئالىملارلا پەننى ئالغا سۈرگۈچىلەر بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن تېخنىكا يېڭىلىغۇچى ئىشچىلار ۋە كوللېكتىپ دېھقان تەجرىبە ئىگىلىرىمۇ پەننى ئالغا سۈرگۈچىلەردۇر. سوۋېت ئىتتىپاقىدا، پەن خادىملىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش خادىملىرىنىڭ دوستانە ھەمكارلىقى ئۈزلۈكسىز راۋاجلانماقتا ۋە كېڭەيمەكتە. بۇنداق دوستانە ھەمكارلىق پەننىڭ غەلىبىلىك راۋاجلىنىشىدىكى بىر يېڭى قۇدرەتلىك تۈرتكە كۈچ.

سوۋېت پېنى بىلەن كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىكى پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئاجرىلىپ قالمايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى چەتئەللەرنىڭ پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئىنتايىن ھۆرمەت قىلىدۇ ھەمدە باشقا دۆلەتلەردىكى ئىلغار ئالىملار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت باغلايدۇ.

سوۋېت جەمئىيىتىدىكى پەننىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ بىرلىكى پرىنسىپىنى ئۈزۈل-كېسىل ئىزچىللاشتۇرىدۇ. ئەمەلىي پائالىيەتنىڭ يېڭى تەجرىبىلىرى پەننى بېيىتماقتا ھەمدە كونا نەتىجىلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، پەننى ئالغا ئىلگىرىلەت-

مەكتە. سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى پەننىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىك-
لىرىنىڭ بىرى شۇكى، ئۇ نەزەرىيىنى قاتماللاشتۇرۇپ قويۇشقا، نەزە-
رىيىنى بىر يۈرۈش بىر تەرەپلىمە قاراشقا ئايلاندۇرۇپ قويۇشقا
قارشى تۇرىدۇ. پەندە، خىزمەت كۆرسەتكەن بەزى پىشقەدەم ئالىم-
لارنىڭ ۋەكىللىرى، ئۆزىگە خاتا ھالدا پەننى "مونوپول قىلغۇچى"
دەپ قاراشقا باشلىغانلىقتىن، ئۇلاردا دائىم ئىلگىرىلىمەي بىر ئىزدا
توختاپ قېلىش ھادىسىلىرى كۆرۈلدى. ھەققىي ئىلغار پەن پەندىكى
كونا ئەنئەنىلەرنى بۇزۇپ تاشلىغان ۋە يېڭى ئىلغار ئەنئەنىنى ئور-
ناتقان يېڭى ياش كۈچلەرنىڭ، كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئالىملارنىڭ،
ئەمەلىيەتچىلەرنىڭ ۋە يېڭىلىقچىلارنىڭ پەن خىزمىتىگە قاتنىشىشقا
كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. سوۋېت پېنىدىكى يېڭى بىلەن
كونا ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئۆتكۈزۈشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۇسۇلى
**تەنقىت ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىت**تىن ئىبارەت. ئىجادىي مۇنازىرە
ۋە مۇھاكىمە پەننىڭ تەرەققىياتىدا زور رول ئوينايدۇ. ماركسىزم
بىزگە: ئەگەر ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەر ئوتتۇرىسىدىكى بەس-
مۇنازىرە بولمىسا، تەنقىت ئەركىنلىكى بولمىسا، ھەرقانداق پەننىڭ
راۋاجلىنىشى مۇمكىن ئەمەس، دەپ تەلىم بېرىدۇ. بۇ قائىدە پەن-
دىكى بىر ئىزدا توختاپ قېلىش ھادىسىلىرىگە، مۇتەئەسسىپلىككە ۋە
ئاراكچېيېۋچە ھۆكۈمرانلىققا① قارشى كۈرەشتە زور ئەھمىيەتكە
ئىگە. سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇيۇشتۇرغان پەلسەپە، بىئولوگىيە، تىلشۇ-
ناسلىق، فىزىئولوگىيە، سىياسىي ئىقتىسات قاتارلىقلارغا دائىر مۇھاكى-
مىلەرنىڭ تەجرىبىلىرى ئىسپاتلىدىكى، ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەر

① چار پادىشا دەۋرىدىكى ئەكسىيەتچى سىياسەتچى ئاراكچېيېۋ چەكسىز
ساقچى ھاكىمۇتلەقلىقى تۈزۈمىنى يولغا قويغان. بۇ يەردە ئىلىم ساھەسىدىكى
مۇستەبىتلىك، ھاكىمۇتلەقلىق ئىشلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. — تەرجىماندىن.

ئۆتتۈرىسىدىكى بەس-مۇنازىرە داۋامىدا، تەنقىت ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىت داۋامىدا، يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىدۇ. كونا نەرسىلەرنى چۆرۈپ تاشلايدۇ، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن كونا نەرسىلەرگە چىڭ ئېسىلىۋالىدىغان مۇتەئەسسىپلەرنى پاش قىلىدۇ ھەممە يەردىكى بارلىق ئىلغار، يېڭىلىق ياراتقۇچىلارنىڭ خىزمىتىگە يول ئېچىپ بېرىدۇ.

سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئورۇنلانغان ھەمدە كوممۇنىزمغا پەيدىن-پەي ئۆتۈۋاتقان دەۋردە سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ ئالدىغا غايەت زور ۋەزىپە قويۇلدى. پەننىڭ يېڭى دولقۇنى ئۈچۈن مىسلىسىز ئىمكانىيەت يارىتىلدى ھەمدە تۈرلۈك ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىدىن تۈرلۈك پەننى مەسىلىلەرنى باتۇرلۇق بىلەن، ئىجادىي ھالدا ھەل قىلىش، تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە، تېزلىك بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش تەلەپ قىلىندى. كوممۇنىستىك پارتىيە سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىنىڭ ئالدىغا يېقىنقى مەزگىل ئىچىدە چەتئەللەرنىڭ پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئېشىپ كېتىش ۋەزىپىسىنى قويدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى بۇ ۋەزىپىنى غەلىبىلىك ئورۇنلاش ئۈچۈن تىرىشماقتا. سوۋېت ئىتتىپاقىدا، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مۈلكى بولۇپ قالغان پەن كوممۇنىزم قۇرۇشنىڭ قورالى.

**پۈتۈلمىچىلىك** 预成论 Преформизм ئورگانىك جىسىملارنىڭ ئۆز ھاياتى جەريانىدا تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۆزگىرىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان بىر خىل ئىدىيالىستىك ۋە مېتافىزىكىلىق تەلىمات. پۈتۈلمىچىلىك: ئورگانىك جىسىملارنىڭ ھەممە نەرسىسى ئالدىن پۈتۈپ قويۇلغان، شۇڭا ئورگانىك جىسىملاردا ياراتقۇچى ئىگەم تۆرەلمىگە سېپقويغان نەرسىلا بار، دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. پۈتۈلمىچىلىك تەرەپدارلىرىنىڭ قارىشىچە، تۆرەلمە ھەممە ئەزاسى ۋە

خاسلىقى بولغان كىچىككىنە ئورگاننىڭ جىسىم ئىمىش، شۇڭا، ئورگاننىڭ جىسىملارنىڭ ھاياتى جەريانىدا، ھېچقانداق يېڭى نەرسە پەيدا بولماسمىش، پەقەتلا تەييار نەرسىنىڭ مىقدارى ئاشارمىش. پۈتۈلمىچىلىك ئورگاننىڭ جىسىملاردىكى تەرەققىياتنى ئىنكار قىلغان ئىكەن، ئۇ ھالدا، جانلىقلارنىڭ غەيرى جانلىقلاردىن كېلىپ چىققانلىقىنى لوگىكا جەھەتتە جەزمەن ئىنكار قىلىدۇ. مۇشۇنداق ئۇقتىنەزەرگە ئاساسەن، جانلىقلار ھەركەت يارىتىش نەتىجىسى بولىدۇ. ھايات تۇغرىسىدىكى بۇنداق ئىدىيە 16-ئەسىردە بارلىققا كەلگەن بولۇپ، شۇ چاغدىكى دىنىي دۇنياقاراشقا ۋە ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلمىغان ئەھۋالغا تامامەن ئۇيغۇن ئىدى. ئىدىيالىستلار "جان ئۆلمەيدۇ" دېگەنگە ئوخشاش ئەكسىيەتچىل ئىدىيالىستىك قاراشلارنى دەللىلەش ئۈچۈن پۈتۈلمىچىلىكتىن ئىبارەت بۇنداق مېتافىزىكىلىق ۋە دىنىي نەزەرىيىنى قوغدايدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئىلمىي كەشپىياتلار پۈتۈلمىچىلىك تەرەپدارلىرىنىڭ بىمەنە ئۇقتىنەزەرلىرىنى ۋە ماددىنىڭ جانلىق ئورگاننىڭ شەكلى توغرىسىدىكى باشقا مېتافىزىكىلىق ئىدىيەلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. بىراق پۈتۈلمىچىلىك تەرەپدارلىرى يېڭى كەشپىياتلاردىن پايدىلىنىپ ۋە ئۇنى بۇرمىلاپ، ئۆزىنىڭ ئۇقتىنەزەرلىرىنى يېڭى شارائىتتا ماسلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئۆزلىرىنى نىقاپلاشقا باشلىدى. جانلىقلار ئىلمىي تەرەققىياتىدا ئىرسىيەتلىك مەسىلىسى ئەڭ مۇرەككەپ مەسىلىلەرنىڭ بىرى. پۈتۈلمىچىلىك تەرەپدارلىرى بۇ مەسىلىگە ئېسىلىۋېلىپ، تۈرلۈك نىقاپلار ئاستىدا ئۆز ئىستىھكامىنى ساقلاپ قېلىشقا كۈچەپ ئۇرۇنىدۇ. ۋېيسمان-مورگانىزىم، ماھىيەتتە، يولەكچىرەك پۈتۈلمىچىلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ۋېيسمان-مورگانىزىمنىڭ تۈپ چىقىش ئۇقتىسى پۈتۈلمىچىلىكنىڭ چىقىش ئۇقتىسىنىڭ دەل ئۆزى. ۋېيسمان-مورگانىزىمنىڭ قارىشىچە، گېنى، تۆرەلمە ماددىسى ۋە باشقا مېتافىزىكىلىق ماھىيەت دېگەن نەرسىلەر مەۋجۇت

ئىمىش، ئۇلار مەڭگۈلۈك، ئۆزگەرمەس، يوقالماس ئىمىش، ئۇلار ئورگانىك جىسىملارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بەلگىلەرمىش. دېمەك، پۈتۈلمىچىلىك ئاۋۋال 16-ئەسىردىكى دىنىي نۇقتىنەزەرنىڭ پەندىكى ئىنكاسى سۈپىتىدە پەيدا بولغان، بۈگۈنكى كۈندە بولسا ۋىسمان — مورگانىزىمنىڭ نەزەرىيىسى بولۇپ قالدى. پۈتۈلمىچىلىك نەزەرىيىسى دىيالېكتىك تەرەققىيات ئىدىيىسىگە ئۈپتىن قارىمۇ-قارشى، تەرەققىيات ئىدىيىسى تەرەققىيات بارا-بارا بولغان سان ئۆزگىرىشلىرى ئارقىسىدا كېلىپ چىققان سۈپەت ئۆزگىرىشىدىن ئىبارەت دەپ ھېسابلايدۇ. جانلىقلارنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ تۈپكى قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىدىغان مىچۇرىن تەلىماتى مانا مۇشۇنداق دىيالېكتىك تەرەققىيات قارىشى ئاساسىدا بەرپا بولغان. بۇ نۇقتىنەزەر بىزنى ئورگانىك جىسىملارنىڭ تىپلىرىنىڭ ئۆزگىرىش يوللىرىنى چۈشىنىش ۋە ئىنسانلارنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن بۇنداق ئۆزگىرىشنى ئاقىلق تۈردە تىزگىنلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

**پۈتۈنلۈك نەزەرىيىسى** **Холизм (Философия 整体论** целостности — "پۈتۈنلۈك پەلسەپىسى"، گرېكچىسى — τὸ ὅλον — پۈتۈنلۈك) ئىدېئالىستىك "ئۇشتۇمتۇت تەرەققىيات" پەلسەپىسىنىڭ ئۆزگەرگەن تۈرى، بۇنداق پەلسەپىنى ئەنگلىيىنىڭ سىمىتس دېگەن يۇەنشۇەيى (1870—1950) كەشپ قىلغان. پۈتۈنلۈك نەزەرىيىسى بىر خىل ئەكسىيەتچىل ئىدېئالىستىك تەلىمات، ئۇنىڭ ئاساسى بىرلىككە كەلگەن ۋە ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولغان پرىنسىپلارنى سىرلىق قىلىپ بۇرمىلاشتىن ئىبارەت. پۈتۈنلۈك نەزەرىيىسىدە "پۈتۈنلۈك" "قىسمەنلىك" ئۈچۈن ئېيتقاندا بىرلەمچى بولىدىغانلىقى، پۈتۈنلۈكنى پۈتۈنلۈك نەزەرىيىسىنىڭ ئەركىن قىسمىدىن ئىبارەت قىلىپ قويۇشقا بولمايدىغانلىقى تەكىتلەندى. شۇنداق قىلىپ "پۈتۈنلۈك" دېگەن بۇ ئۇقۇم سىرلىق ئىدېئالىستىك مەزمۇنغا ئىگە قىلىندى. پۈتۈنلۈك نەزەرىيە-

سىنىڭ قارىشىچە، ئالەم سىرلىق "پۈتۈنلۈك"نىڭ قاتتىق سېستىمىسى-
دىن ئىبارەت. سىمىتس ئۆزىنىڭ پەلسەپىسىدىن ئەنگلىيە جاھانگىر-
لىكىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئاشكارا ئەكسىيەتچىل
سىياسى يەكۈنىنى چىقاردى: ئۇ بىرىتانىيە مۇستەملىكىچى ئىمپېرىيە
تۈزۈمىنى مەدھىيىلەپ، بېقىندا تۇرۇۋاتقان مىللەتلەر ۋە سىنىپلار-
نىڭ مەلۇم يۇقىرى دەرىجىلىك "پۈتۈنلۈك" ئۈچۈن بۇ تۈزۈمگە بوي
سۇنۇشىنى تەلەپ قىلدى.

# ت

**تارىخچىلىق، تارىخىي نۇقتىنەزەر** 历史主义, 历史观点 **Историзм, исторический подход** ئۇنىڭدا شەيئىلەر، ۋەقەلەر، ھادىسىلەر شۇ شەيئىلەرنى، شۇ ۋەقەلەرنى ۋە شۇ ھادىسىلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن كونكرېت تارىخىي شارائىتقا ئاساسەن، شەيئىلەرنىڭ، ۋەقەلەرنىڭ ۋە ھادىسىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ھەم تەرەققىي قىلىشى نۇقتىسىنەزىرىدىن تەتقىق قىلىنىدۇ. ماركسىزمچە دىيالېكتىك ئۇسۇل بارلىق ھادىسە، ۋەقە ۋە شەيئىلەرنى ھادىسە، ۋەقە ۋە شەيئىلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش نۇقتىسىدىن كۆزىتىدۇ. دۇنيادا يەككە ھادىسە بولمايدۇ، ھەر بىر ھادىسە باشقا ھادىسىلەر بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھەرقانداق ھادىسىگە تارىخىي نۇقتىنەزەر بىلەن قارىغاندىلا، بۇ ھادىسە بىلەن باغلىنىشلىق بولغان كونكرېت تارىخىي ئەھۋالنى تەھلىل قىلغاندىلا، ئاندىن بۇ ھادىسىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

ئابستراكت، ئۆلۈك فورمۇلىلارنى تارىخنى كونكرېت تەتقىق قىلىش ئورنىغا قويۇش ماركسىزمنىڭ تارىخچىلىق پرىنسىپى بىلەن ئىسلا سىغىشالمايدۇ. ماركسىزملىق ئۇسۇل رىياللىقنى ھەرقانداق بۇرمىلاشقا قارشى تۇرىدۇ، ئۆتمۈشتىكى پاكىتلارنىڭ كونكرېت تارىخىي شارائىتلىرىغا قارىماي بۇ ۋەقەلىكلەرنى قەستەن بۇرمىلاشقا قارشى تۇرىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلەر) مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1938-يىل 11-ئاينىڭ 14-كۈندى-

دىكى «سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى (ب) تارىخى قىسقىچە كۇرسى»، نەشر قىلىنغاندىن كېيىن پارتىيىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتى توغرىسىدىكى قارارىدا پوكروۋىسكى "ئېقىمى"نىڭ ماركسىزىمغا قارشى ماھىيىتى پاش قىلىنىپ مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: "يېقىنقى مەزگىللەرگىچە، تارىخ پېتىدە كۆرۈلگەن ماركسىزىمغا قارشى بۇرمىلاش ۋە چاكىنىلاشتۇرۇش پوكروۋىسكى "ئېقىمى" دېگەن ئېقىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كەلدى. بۇ ئېقىم تارىخى پاكىتلارنى بۇرمىلاپ، تارىخى ماتېرىيالىزىمغا خىلاپلىق قىلدى، تارىخى پاكىتلارنى تارىخى ۋەقەلەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى شارائىتىنى نەزەردە تۇتماستىن، بەلكى بۈگۈننى نەزەردە تۇتقان ھالدا شەرھىلىدى. ئۇنىڭ ھەقىقى تارىخنى بۇرمىلىغانلىقى ئەنە شۇنىڭدىن بولدى." پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ داھىلىرى ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ بارلىق ئەسەرلىرى شۇنىڭدەك كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ تۈرلۈك قارارلىرى ماركسىزىم-لېنىنىزىمنىڭ ھادىسىلەرگە تارىخى نۇقتىنەزەر بىلەن قاراش توغرىسىدىكى قائىدىسىنى تەلتۆكۈس قوللىنىشنىڭ نەمۇنىسى.

بۇرژۇئا ئېجتىمائىيىتى تارىخقا خىلاپ، ئۇ تۈپتىنلا مېتافىزىكا. يېڭى كانتچىلىق ئېقىمى ۋە باشقا ئېقىملار ۋەكىللىگىدىكى بۇرژۇئا ئېجتىمائىيىتى تارىخچىلىق پرىنسىپلىرىنى، ئىنسانىيەت جەمىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىكلىكىنى ئوچۇقتىن-ئوچۇق ئىنكار قىلىدۇ. بۇرژۇئا ئېجتىمائىيىتى تارىخچىلىققا شۇنىڭ ئۈچۈن دۈشمەنلىك بىلەن قارايدۇكى، ئۇ تارىخى ھەقىقەتتىن قورقىدۇ، بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى ئىشلارنى ئوبيېكتىپ رەۋىشتە تەتقىق قىلىشتىن قورقىدۇ، چۈنكى بۇنداق تەتقىقات كاپىتالىزىم جەمىيىتىنىڭ تارىختا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ۋاقىتلىق ئىكەنلىكىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلايدۇ.

(دوگما، دوگمىچىلىق*؛ ھادىسىلەرنىڭ ئومۇمى يۈزلۈك باغلىنىشى، بىر بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى*گە قاراڭ.)

**تارىخنىڭ دەۋر قىلىپ تۇرۇشى نەزەرىيىسى** 历史循环论 Теория Исторического круговорота ئىتالىيە مۇتەپەككۇرى ۋىكو* كەشىپ قىلغان ئىدىيالىستىك نەزەرىيە. بۇ نەزەرىيە بويىچە، ئىنسانلار جەمئىيىتى؛ ئىلاھلىق دەۋرى، قەھرىمانلىق دەۋرى ۋە ئىنسانلىق دەۋرىدىن ئىبارەت 3 ئاساسىي تەرەققىيات باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرگەن. ۋىكونىڭ ئىلاھلىق دەۋرى دېگىنىدە ئىنسانلارنىڭ بالىلىق دەۋرى يەنى ئىپتىدائىي دەۋرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىككىنچى باسقۇچى قەھرىمانلىق دەۋرى ياكى ياشلىق دەۋرى دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ دەۋردە ئاقسۆڭەكلەر دۆلىتى پەيدا بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنسانلار قىرانلىق دەۋرىگە كىرگەن، بۇ دەۋردە تەبىقە ئىمتىيازلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، شەكلەن بولغان، بۇرژۇئازىيىچە باراۋەرلىك ئورنىتىلغان. ۋىكونىڭ قارىشىچە، بۇ باسقۇچتىن كېيىن جەمئىيەت گۇمران بولۇشقا باشلايدۇ، ئىنسانىيەت تارىخى يېڭىۋاشتىن ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچقا قايتىدۇ. ھازىرقى زاماندىكى ئەكسىيەتچى پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىيەتتە ۋىكونىڭ نەزەرىيىسىدىكى ئىلغار تەركىپلەر، يەنى جەمئىيەت ئالغا قاراپ راۋاجلىنىدۇ دېيىدىغان چۈشەنچىلەر، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىكلىكى ۋاھاكازالار چۆرۈپ تاشلانغان، ئىنسانلار مەڭگۈگە ئۆزىنىڭ چىققان يېرىگە قايتىدۇ دېيىدىغان ئەكسىيەتچىل چۈشەنچىگە ھە دەپ تەرغىپ قىلىنغان. تارىخنىڭ دەۋر قىلىپ تۇرۇشى نەزەرىيىسى تارىخ چاقىنى ئارقىغا بۇراش كويىدا بولغان، جاھانگىرلىكنىڭ تەربىيە كۆرگەن قوغدىغۇچىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى قورالىغا ئايلىنىپ قالدى. ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى، فاشىزىمچىلارنىڭ بوۋىسى نىتسشې* بىلەن شپېنگلېر* بۇ نەزەرىيىنى يەنە رەتلىدى

ۋە تەرغىپ قىلدى. نىسىپ "مەڭگۈلۈك تەسلىگە قايتىش" نەزەرىيەسىنى يەنى تۇتىۋشتە مەۋجۇت بولغان بەلكى ئاللىقاچان يوقالغان بارلىق نەرسىلەر قايتا مەيدانغا كېلىدۇ دەپ قارايدىغان نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شپېنگلېر "ياۋروپانىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى" ۋە ئۇنىڭ ئىپتىدائى دەۋرگە قايتىش دېگەن نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. جاھانگىرلىكنىڭ بۈگۈنكى بەزى مۇتەپەككۇرلىرى ئەكسىيەتچىل دەۋر قىلىپ تۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ ۋەكىللىرىدۇر. مەسىلەن، ئەنگلىيىنىڭ ئەكسىيەتچى سىياسەتۋازى ۋە ئىجتىمائىيەتشۇناسى ۋانستارت جەمئىيەتنىڭ چېكىنىشى توغرىسىدىكى "نەزەرىيە"نى تەشۋىق قىلىپ، ئىنسانلار ئالغا قاراپ مەلۇم مۇساپىنى باسقاندىن كېيىن ئالغا ئىلگىرىلىمەي ئارقىغا چېكىنىدۇ، دېدى. ئامېرىكىدا ئەكسىيەتچىل ئىجتىمائىيەتشۇناس روس تارىخنىڭ دەۋر قىلىپ تۇرۇشى نەزەرىيىسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل ئىدىيىنى تەرەققى قىلدۇرۇپ: كاپىتالىزم تىكلەنگەندىن كېيىن، جەمئىيەت يەنە ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىمەيدۇ، دەپ "دەلىللىدى". يەنە بىر پەيلاسوپ ۋە ئىجتىمائىيەتشۇناس — گاررىگتون ئامېرىكىدا بىرنەچچە كىتاپ چىقاردى، بۇ كىتاپلىرىدا دەۋر قىلىپ تۇرۇش نەزەرىيىسىگە ئاساسەن، ھازىرقى زامان ئىنسانلىرىنىڭ مۇقەررەر ھالدا ئوتتۇرا ئەسىرگە ۋە كاتولىك دىنى جەمئىيەتنى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرگە قايتىدىغانلىقىنى "دەلىللىدى". فرانسىيىدە، يېڭى توماسچى مارىتېن "ئوتتۇرا ئەسىرگە قايتىش" شوئارى ئاستىدا تارىخنىڭ دەۋر قىلىپ تۇرۇشى نەزەرىيىسىنى قوغدىدى. پۈتۈن دۇنيادىكى ئىلغار ئالىملارنىڭ ھەممىسى بۇنداق ئەكسىيەتچىل بولغان تارىخنىڭ دەۋر قىلىپ تۇرۇشى نەزەرىيىسىگە قارشى كۈرەش قىلماقتا.

تارىخىي ماتېرىيالىزم ئەكسىيەتچىل بولغان تارىخنىڭ دەۋر قىلىپ تۇرۇشى نەزەرىيىسىگە رەددىيە بەردى، جەمئىيەتنىڭ **ئىشلەپچىقىرىش**

مۇناسىۋەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ خاراكتېرىغا چوقۇم ئۇيغۇنلىشىش قانۇنىيىتى* بويىچە ئالغا قاراپ راۋاجلىنىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تەلىماتنى ئىلمىي يوسۇندا ئاساسلاپ بەردى. ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمىدىن قۇللۇق تۈزۈم، فېئوداللىق تۈزۈم ۋە كاپىتالىستىك تۈزۈم ئارقىلىق سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمغا ئۆتۈش ــ مانا بۇ جەمئىيەتنىڭ ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىش يولى. بۇنداق تەرەققىيات يېڭى بىلەن كونا ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش داۋامىدا، زەئىپ نەرسە بىلەن يېڭى نەرسە ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش داۋامىدا بارلىققا كېلىدۇ. كونا، زەئىپ كۈچلەر قانچە قارشىلىق كۆرسەتسىمۇ، لېكىن كەلگۈسى ئىستىقبال ھامان ئىلغار يېڭى شەيئىلەرگە مەنسۇپ بولىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرى، خەلق دېموكراتىك ئەللىرىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى ۋە جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى شۇنى ئېنىق ئىسپاتلاپ بەردىكى، بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىزدە، تۈرلۈك يوللارنىڭ ھەممىسى ئارقىغا ئەمەس، بەلكى ئالغا، كوممۇنىزمغا ئېلىپ بارىدۇ.

**Исторический материализм 历史唯物主义 تارىخىي ماتېرىيالىزم** ياكى **ماتېرىيالىستىك تارىخقاراش** دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تارىخىي ماتېرىيالىزم دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ قائىدىلىرىنى كېڭەيتىش يولى بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى تەتقىق قىلىدۇ، يەنى دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ قائىدىلىرىنى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلىرىگە، جەمئىيەتنى تەتقىق قىلىشقا تەتبىق قىلىدۇ. ئۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرى ھەققىدىكى پەن.

ماركستىن ئىلگىرى، ئىدېيالىستىك تارىخقاراش پەلدە ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇراتتى. تارىخىي ماتېرىيالىزم نەزەرىيىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشىنى ماركسنىڭ تارىخنى ۋە تارىخىي ۋەقەلەرنى چۈشەندۈرۈشتىكى ئۇلۇغ كەشپىياتلىرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

ئېنگېلس مۇنداق كۆرسەتتى: "خۇددى دارۋىن ئورگانىك دۇنيانىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى كەشىپ قىلغىنىغا ئوخشاش، ماركس ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى يەنى تارىختىن بۇيان مۇرەككەپ-چىگىش ئىدېئولوگىيە نىقابلاپ كەلگەن بىر ئاددىي پاكىتنى كەشىپ قىلدى: كىشىلەر ئەڭ ئاۋۋال يېيىشى، ئىچىشى، تۇرار جايغا ئىگە بولۇشى، كىيىنىشى لازىم، شۇنىڭدىن كېيىنلا سىياسى، ئىلىم-پەن، سەنئەت، دىن ۋە باشقىلار بىلەن شۇغۇللىنالايدۇ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن، توغرىدىن-توغرا ماددىي تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى، دېمەك، بىر مىللەت ياكى بىر دەۋرنىڭ مۇئەييەن ئىقتىسادىي تەرەققىيات باسقۇچى ئاساسنى تەشكىل قىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ دۆلەت تۈزۈمى، قانۇن توغرىسىدىكى نۇقتىنەزىرى، سەنئەت ھەتتا دىن توغرىسىدىكى ئىدىيىلىرى مانا مۇشۇ ئاساستا تەرەققى قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇلارنى مۇشۇ ئاساستىن چۈشەندۈرۈش كېرەك، بۇرۇنقىدەك تەتۈرسىچە چۈشەندۈرمەسلىك كېرەك." («ماركس ھەققىدە»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 25—26-بەتلەر)

تارىخىي ماتېرىيالىزم كىشىلەرنىڭ ياشىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددىي بايلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ تەرەققىياتى كىشىلەرنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ۋە بىر خىل جەمئىيەت تۈزۈمىدىن ئىككىنچى بىر خىل جەمئىيەت تۈزۈمىگە ئۆتۈشنى بەلگىلەيدىغان ئاساسىي كۈچ دەپ قارايدۇ. ھەرقانداق جەمئىيەت بولسۇن، ماددىي بايلىقلارنى ئىشلەپچىقارمايدىكەن، ئۇنداق جەمئىيەت ياشاپ تۇرالمايدۇ. كىشىلەر ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئەمگەك قوراللىرى ۋە تېخنىكىنىڭ ياردىمى بىلەن تەبىئەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەمدە ئۇز تۇرمۇشلىرى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەرسىلەرگە ئېرىشىدۇ. جەمئىيەتنىڭ تەرەققى قىلىشى ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا باغلىق. ئىنسانلار تەرەققى قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى

ئىشلىتىش ۋە ياساش دەرىجىسىگە يەتكەن ۋاقىتتىن تارتىپ ئىنسانلار جەمىيىتىنىڭ تارىخى باشلاندى. ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققى قىلغانسېرى كىشىلەرنىڭ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ئىقتىدارى شۇنچە زورىيىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ماددى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىككىنچى تەرىپى، يەنى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدىمۇ شۇنىڭدەك جەمىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمىدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئاساسىدا پەيدا بولغان ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە پۈتۈنلەي مۇۋاپىق كېلىدىغان يېڭى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ زور دەرىجىدە تەرەققى قىلىشىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ۋە ھەل قىلغۇچ كۈچتۇر. تارىختىكى ئىجتىمائى ئىقتىسادىي شەكىللەر (ئىپتىدائى جامائە تۈزۈمى، قۇلدارلىق تۈزۈم، فېوداللىق تۈزۈم، كاپىتالىزم تۈزۈمى، سوتسىيالىزم تۈزۈمى)نىڭ ئالمىشىشى بىر تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئورنىنى ئىككىنچى بىر تۈرلۈك ئىلغارراق ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئىگىلىگەنلىكىدۇر. بۇنداق ئالمىشىش ھەرقانداق ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر ۋە قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن نەتىجىسى. يېڭى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى، ئادەتتە، كونا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئىنقىلاپ ۋاسىتىسى بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئارقىلىق تىكلىنىدۇ.

ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ تۆھپىسى شۇ يەردىكى، ئۇلار ئەڭ ئالدى بىلەن ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتىگە، كىشىلەرنىڭ بارلىق تارىخىي پائالىيەتلىرىنىڭ ئاساسىنى ھاسىل قىلىدىغان ماددى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئوبيېكتىپ شارائىتلىرىغا دىققەت قىلدى. تارىخىي ماتېرىيالىزم مەيدانغا كەلگەنلىكتىن "ئىلگىرى تارىخقاراش ۋە سىياسى قاراش جەھەتتە ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا

تۇرۇپ كەلگەن گادىرماشلىق ۋە باشباشتاقلىقنىڭ ئورنىنى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئارقىسىدا، قانداق قىلىپ بىر خىل ئىجتىمائى تۇرمۇش تۈزۈلمىسىدىن باشقا بىر خىل تېخىمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك تۈزۈلمىنىڭ راۋاجلىنىپ چىقىدىغانلىقىنى، مەسىلەن، يانچىلىق تۈزۈمدىن قانداق قىلىپ كاپىتالىزم ئۆسۈپ چىقىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان ئىنتايىن مۇكەممەل ۋە پۇختا بولغان بىر خىل ئىلمىي نەزەرىيە ئالدى" («لېنىن ئەسەرلىرىدىن تاللانما» ئىككى توملۇق»، 1953-يىل خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 1-توم، 71-بەت).

تارىخىي ماتېرىيالىزم جەمئىيەت تارىخىنى شەخسلەرنىڭ قالايمىقان، ئىختىيارىي ھەرىكىتى، كىشىلەرنىڭ ئىرادە ۋە ئارزۇسىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارايدىغان ئىدېيالىزملىق نەزەرىيىسىنى ئۈزۈل-كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىمۇ، خۇددى تەبىئەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئوخشاش، كىشىلەرنىڭ خالىغانچە قاراملىق قىلىشلىرىغا ۋە سۇبيېكتىپ ئارزۇسىغا باغلىق بولماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە ۋە ئېڭىغا بېقىنمايدىغان ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە باغلىق. كىشىلەر ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرنى تېپىشقا، ئۇلارنى بىلىشكە، تەتقىق قىلىشقا، ئۆز پائالىيەتلىرىدە ئۇلارنى مۆلچەرلەشكە، ئۇلاردىن ئۆزلىرىنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن پايدىلىنىشقا، بەزى قانۇنىيەتلەرنىڭ رولىنى چەكلەپ، ئىككىنچى خىلدىكى بەزى قانۇنىيەتلەر ئۈچۈن كەڭ پائالىيەت زېمىنى ئېچىشقا قادىر، ئەمما كىشىلەر قانۇنىيەتلەرنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ ۋە يوق قىلىۋېتەلمەيدۇ. كىشىلەر بولۇپمۇ يېڭى قانۇنىيەت ئىجات قىلالمايدۇ. تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ بۈيۈك ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، ئۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تاپتى ۋە ئۇلارنى نەزەرىيە جەھەتتىن ئىسپاتلاپ بەردى. شۇنداق قىلىپ پرولېتارىياتنى ۋە ئۇنىڭ

پارتىيىسىنى ئىنقىلاپ ئارقىلىق جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى بىلىم بىلەن قوراللاندۇردى. خۇددى لېنىننىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، ماتېرىيالىستىك تارىخقاراش بارلىق شەخسىي پائالىيەتلەرنى سىنىپىي پائالىيەتكە يىغىنچاقلايدۇ، دېمەك سىنىپىي كۈرەش جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدۇ.

ماددىي ئەشيا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ جەمئىيەتنىڭ بارلىق ھاياتى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ئىكەنلىكىنىڭ مەلۇم بولۇشى كىشىلەرگە ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ تارىختىكى بۈيۈك ئىجادىي رولىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تارىخى ماددىي بايلىقلارنى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئۆز تارىخى ئىكەنلىكى، يەنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ئاساسىي كۈچ بولغان ھەمدە جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددىي بايلىقلارنى ئىشلەپچىقارغۇچى ئەمگەكچى ئاممىنىڭ تارىخى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى.

جەمئىيەتنىڭ بارلىق تۈزۈملىرى، سىياسىي ئورگانلارنىڭ مۇئەييەن خاراكتېرى شۇنىڭدەك كىشىلەرنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرى، نۇقتىئىنەزەرلىرى، ئىدىيىسى ۋە نەزەرىيىلىرىمۇ جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا، ئىجتىمائىي ماددىي مەۋجۇدىيەتكە ئاساسەن شەكىللىنىدىكەن. **ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت ئىجتىمائىي ئاڭنى بەلگىلەيدۇ.** ئەگەر سىياسىي ئورگان، ئىدىيە ۋە نەزەرىيىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ماددىي ئاساسىنى، يەنى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمىدىن چەتنەپ كېتىلسە، ئۇ چاغدا سىياسىي ئورگان، ئىدىيە ۋە نەزەرىيىلەرنىڭ ماھىيىتىنى توغرا چۈشەنگىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئىقتىسادىي بازىس (**بازىس ۋە ئۈستقۇرۇلما***غا قاراڭ) نەزەردە تۇتۇلماي، بەلكى ئورگان ۋە ئىدىيىلەر نەزەردە تۇتۇلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا نېمە ئۈچۈن بۇ دەۋردە بۇنداق ئورگان ۋە

ئىدىيىلەر پەيدا بولۇپ، ئىككىنچى بىر دەۋردە باشقا خىل ئورگان ۋە ئىدىيىلەر پەيدا بولىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. ئىجتىمائىي ئاڭنى — سىياسىي، قانۇن، سەنئەت نۇقتىنەزەرلىرى، پەلسەپە، دىن ۋە باشقا ئىدىيە شەكىللىرىنى — كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بەلگىلەيدۇ، ئۇ ئىقتىسادىي بازىسنىڭ ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ تۈپتىن ئۆزگىرىش ياسايدۇ. لېكىن تارىخىي ماتېرىيالىزم نەزەرىيىسى سىياسىي ئورگان، ئىدىيە ۋە نەزەرىيىلەرنىڭ مەنبەسىنى ۋە ئۇلارنىڭ بازىسقا بولغان بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈشتە، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى زور ئەھمىيىتىنى ھەرگىز ئىنكار قىلمايدۇ. تارىخىي ماتېرىيالىزم ئىقتىسادىي ماتېرىيالىزمدىن پەرقلىنىدۇ، ئىقتىسادىي ماتېرىيالىزم ئىدىيىنىڭ ھېچقانداق رولى يوق دەپ قارايدۇ. تارىخىي ماتېرىيالىزم بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئىدىيىنىڭ غايەت زور رولىنى تەكىتلەيدۇ. ئىجتىمائىي، سىياسىي ئورگانلار ۋە ئىدىيە بارلىققا كەلگەن ھامان ئۇلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان شەرت-شارائىتقا تەسىر كۆرسەتكۈچى بىر خىل كۈچكە ئايلىنىدۇ. ئۇلار يا جەمئىيەتنىڭ قالاق قاتلاملىرى ۋە سىنىپلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئەكسىيەتچى كۈچ سۈپىتىدە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئاستىلاشتۇرىدۇ، يا بولمىسا جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈپ، ئىلغار ۋە ئىنقىلابىي سىنىپ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن، جەمئىيەت توغرىسىدىكى پەن، خۇددى بىيولوگىيىگە ئوخشاش، توغرا پەنگە ئايلاندى. تارىخىي ماتېرىيالىزم كوممۇنىستىك پارتىينىڭ ئەمەلىي پائالىيەتلىرى ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگە. پرولېتارىيات پارتىيىسى سىياسىي جەھەتتە خاتالاشماسلىق ئۈچۈن ئۆز پائالىيىتىدە

ئابستراكىت "ئىنسانىيەت ئەقلى پرىنسىپى"نى چىقىش نۇقتىسى قىلماستىن، بەلكى كونكرېت ئىجتىمائىي ماددىي تۇرمۇش شارائىتلىرىنى ۋە ئىجتىمائىي ماددىي تۇرمۇش تەرەققىياتىنىڭ رېئال ئېھتىياجىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىش لازىم.

ماركس «سىياسىي ئىقتىسات پىپەنىگە دائىر» ناملىق كىتابىنىڭ سۆز بېشىدا تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىدۇ: "كىشىلەر ئۆز تۇرمۇشىدىكى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشتا ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان، مۇئەييەن، زۆرۈر مۇناسىۋەتلەردە، يەنى ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ مۇئەييەن تەرەققىيات باسقۇچىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدە بولىدۇ. بۇ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يىغىندىسى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنى، يەنى رېئال بازىسىنى تەشكىل قىلىدۇ، قانۇنىي ۋە سىياسىي ئۈستقۇرۇلما شۇ رېئال بازىس ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ ھەمدە مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئاڭ شەكىللىرى مۇشۇ رېئال بازىسقا مۇۋاپىق بولىدۇ. ماددىي تۇرمۇشنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى پۈتكۈل ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش جەريانلىرىنى بەلگىلەيدۇ. كىشىلەرنىڭ ئېڭى كىشىلەرنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى بەلگىلىمەيدۇ، ئەكسىچە، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيىتى كىشىلەرنىڭ ئېڭىنى بەلگىلەيدۇ. جەمئىيەتنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە، ئۆزلىرىنىڭ ھەركەت قىلىش ئورنى بولۇپ كەلگەن مەۋجۇت ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ياكى مال-مۈلۈك مۇناسىۋەتلىرى (بۇ پەقەت ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ قانۇنىي ئاتىلىشىدىنلا ئىبارەت) بىلەن زىتلىشىپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بۇ مۇناسىۋەتلەر ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات شەكلىدىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى بوغىدىغان كىشەنگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا

ئىجتىمائىي ئىنقىلاب دەۋرى يېتىپ كېلىدۇ. ئىقتىسادىي بازىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ناھايىتى چوڭ بولغان پۈتكۈل ئۈستقۇرۇلمىدا يا ئاستا-يا تېز ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. بۇ ئۆزگىرىشلەرنى تەكشۈرگەندە، تۆۋەندىكى ئىككى نەرسىنى: ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتلىرى جەھەتتە يۈز بەرگەن ۋە تەبىي پەنگە خاس ئېنىقلىق بىلەن ئۆچۈق كۆرسىتىشكە بولىدىغان ماددىي ئۆزگىرىشلەر بىلەن كىشىلەر بۇ توقۇنۇشنى ئاڭقىرىۋېلىش ھەم ئۇنى يېڭىش يولىدا پايدىلىنىدىغان قانۇن، سىياسىي، دىن، سەنئەت ياكى پەلسەپە شەكىللىرى، قىسقىسى، ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى شەكىللەرنى دائىم پەرقلەندۈرۈپ تۇرۇش لازىم. بىز بىر ئادەمگە باھا بېرىشتە ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان قارىشىنى ئاساس قىلماسلىقىمىز، شۇنىڭغا ئوخشاشلا، بۇنداق بىر ئۆزگىرىش دەۋرىگە باھا بېرىشتىمۇ ئۇنىڭدىكى ئاڭنى ئاساس قىلماسلىقىمىز كېرەك؛ ئەكسىچە، بۇ ئاڭنى ماددىي تۇرمۇشتىكى زىددىيەت جەھەتتىن، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەۋجۇت توقۇنۇش جەھەتتىن چۈشەندۈرۈش كېرەك. مەيلى قايسى ئىجتىمائىي شەكىل بولسۇن، ئۇ ئۆزىنىڭ سىغىمىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ھەممىسى تولۇق جارى بولمىغىچە ھەرگىز يوقالمايدۇ؛ يېڭى ۋە تېخىمۇ يۇقىرى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بولسا، ئۇلارنىڭ ياشىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددىي شەرت-شارائىتلار كونا جەمئىيەتنىڭ قوينىدا پىشىپ يېتىلمىگىچە ھەرگىز پەيدا بولمايدۇ. شۇڭا ئىنسانلار ھەرقاچان ئۆزى ھەل قىلالايدىغان ۋەزىپىلەرنىلا ئوتتۇرىغا قويىدۇ، چۈنكى ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ كۆرگەندىلا شۇنى بىلگىلى بولىدۇكى، ۋەزىپىنىڭ ئۆزى ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ ماددىي شەرت-شارائىتلىرى بارلىققا كەلگەندىلا ياكى، ھېچ بولمىغاندا، ۋۇجۇتقا كېلىۋاتقان جەرياندىلا پەيدا بولىدۇ." (ماركس، «سىياسىي

ئىقتىسات تەنقىدىگە دائىر»غا سوز بېشى ۋە مۇقەددىمە»، 1975-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 4—6-بەتلەر)

لېنىن ۋە ستالىنلار ئۇزلىرىنىڭ جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ جاھانگىرلىك ۋە پرولېتارىيات ئىنقىلاۋى دەۋرىدىكى، سوتسىيالىزم قۇرۇش دەۋرىدىكى يېڭى شارائىتلىرى توغرىسىدا يۈرگۈزگەن تەھلىللىرىگە ئاساسەن، ماركس ۋە ئېنگېلس بەرپا قىلغان تارىخىي ماتېرىيالىزم نەزەرىيىسىنى راۋاجلاندۇردى ۋە بېيىتتى.

**تارىخىي ۋە مەنتىقىي** **历史的和逻辑的** **Историческое и логическое** ئىككى پەلسەپۋى كاتېگورىيە. ئۇلاردا مەنتىقىي بىلىش جەريانىنىڭ جەمىيەتنىڭ پۈتكۈل تارىخىي تەرەققىيات جەريانى بىلەن، جۈملىدىن بىلىشنىڭ تارىخىي جەريانى بىلەن بولغان باغلىنىشى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. ھەقىقىي ئىلمىي بىلىش تەبىئەت دۇنياسى ۋە جەمىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنىڭ ئىنكاسى. ھەرقانداق ھادىسىنى ئۇنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە يوقىلىشىدىن؛ يەنى ئۇنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىن كۆزەتكەندىلا، ئاندىن توغرا بىلىش ھاسىل بولىدۇ. شەيئىلەرنى بىلىش شەيئىلەرنىڭ بارلىققا كېلىش ۋە تەرەققىي قىلىش تارىخىنى ئەكس ئەتتۈرۈش دېگەنلىك. شۇڭا مەنتىقىي نەرسىلەر، ئومۇمەن ئېيتقاندا، تارىخىي نەرسىلەر بىلەن ئۇيغۇنلىشىدۇ. ئەمما ئىككىلىسىنىڭ ئۇيغۇنلىشىشىدىن: تەپەككۇرنىڭ مەنتىقىي جەريانى ئاشۇ بارلىق كونكرېت، كۆپ خىللىق ۋە مۇپەسسەل بولغان تارىخنى تەكرارلىنىشى شۇنىڭدەك ئاشۇ بارلىق تاسادىپىي ئامىللار ۋە ماھىيەتسىز ئامىللار بولغان تارىخنى تەكرارلىشى زورۇر، دېگەن مەنە چىقمايدۇ. مەنتىقىي نەرسىلەر ئاشۇ تاسادىپىي تارىخىي نەرسىلەرنىڭ ئىستىسنا قىلىنىشىدۇر، ئۇ ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنىڭدەك ئەڭ تۈپكى قانۇنىيەتلىك تارىخىي نەرسىلەر بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئېنگېلس مۇنداق دەپ يازىدۇ: تارىخ قەيەردىن باش-

لانسا، پىكىر يۈرگۈزۈشمۇ شۇ يەردىن باشلىنىشى لازىم. پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ راۋاجلىنىشى بولسا تارىخ جەريانىنىڭ ئابستراكت ۋە نەزەرىيە جەھەتتىن باش-ئاخىر ئىزچىل بولغان شەكىلدە ئەكس ئېتىشىدىن باشقا نەرسە بولمايدۇ......" («ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، 1981-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 210-بەت) ماركسنىڭ «كاپىتال» دىگەن ئەسىرى مەنتىقى نەرسە بىلەن تارىخى نەرسىنىڭ بىرلىككە ئاساسلىنىپ تەھلىل يۈرگۈزۈشنىڭ شانلىق ئۈلگىسى. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «كاپىتال»دا كاپىتالىزم تارىخى بايان قىلىنىدۇ ھەمدە كاپىتالىزم تارىخى نەزەرىيە جەھەتتىن ئومۇملاشتۇرۇلغان ئۇقۇملار تەھلىل قىلىنىدۇ، مەسىلەن، قىممەت شەكلى توغرىسىدىكى مەنتىقى تەھلىلدە ئالماشتۇرۇشنىڭ تەرەققىيات تارىخى تەكرارلىنىدۇ. دىيالېكتىك لوگىكىدا تەپەككۇر قانۇنى، ئۇقۇم، كاتېگورىيە شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ بېكىتىملىرى ۋە تەۋەلىك مۇناسىۋەتلىرى (تەڭداشلىق مۇناسىۋىتى، ئوزئارا مۇناسىۋىتى، باغلىنىشى ۋە بىر بىرىگە يېقىنىشى)، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، تەپەككۇر تارىخىغا ئويغۇن كېلىدۇ. لېنىن مۇنداق يازىدۇ: "ئومۇمەن ئېيتقاندا، لوگىكىدا تەپەككۇر تارىخى تەپەككۇر قانۇنى بىلەن ماسلىشىشى كېرەك." («پەلسەپە خاتىرىلىرى»، 1956-يىل، خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 232-بەت) بىلىشنىڭ جانلىق بىۋاستە كۆزىتىشتىن ئابستراكت تەپەككۇرغىچە ۋە ئابستراكت تەپەككۇردىن ئەمەلىيەتكىچە بولغان دىيالېكتىكلىق جەريانىدىن ئىبارەت بۇ فورمۇلىسى شۇنى كۆرسىتىدۇكى، مەلۇم بىر شەيئىنى بىلىشنىڭ مەنتىقى جەريانى بىلىشنىڭ تارىخى جەريانىنى ئاددى ۋە قىسقىچە تەكرارلاپ تۇرىدۇ، يەنى بىۋاستە ماتېرىياللارنى بىلىشتىن تەبىئەت دۇنياسى ۋە جەمئىيەتنىكى تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە تېخىمۇ مۇھىم تەرەپلەرنى بايقاش جەريانىغا ئۆتىدۇ. ماركسىزىمچە پەلسەپىنىڭ مەنتىقى

نەرسىلەر بىلەن ئارىخىي نەرسىلەرنىڭ ئۆزئارا بىرلىكى توغرىسىدىكى قائىدىسى پىكىر بىلەن رېئاللىقنى، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى، مەنتىق بىلەن تارىخنى، ۋاھاكازالارنى ئىدىيالىستىك ۋە مېتافىزىكىلىق يوسۇندا بىر بىرىدىن ئاجرىتىۋېتىشكە قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇ رېئال دۇنيانى بىلىشنىڭ مېتودولوگىيە جەھەتتىكى كومپاسى.

**تاسادىپ** 偶性 Акциденция (لاتىنچىسى accidens— تاسادىپىلىق) شەيئىلەرنىڭ ۋاقىتلىق، ماھىيەتلىك بولمىغان ئالاھىدىلىكى. "تاسادىپ" دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەدرىس پەلسەپىدە ھەمدە 17—18-ئەسىرلەردىكى پەلسەپىدە ھەممىدىن بەك كەڭ تارالغان. تاسادىپ بىر خىل ئۆزگىرىۋاتقان ھالەت، ئۇ شەيئىلەرنىڭ گويا ئۆزگەرمەس ماھىيىتى ياكى ئەسلى زات بىلەن قارىمۇ-قارشى.

**تاسادىپ سەۋەب نەزەرىيىسى** 偶因论 Окказионализм
17-ئەسىردىكى دىنىي ئىدىيالىستىك تەلىمات. بۇ تەلىمات خۇدانىڭ بىۋاسىتە ئارىلىشىشى دېگەننى بانا قىلىپ، روھ بىلەن تەن ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشنى چۈشەندۈرگىلى بولماسلىقتەك قىيىنچىلىقنى يەڭمەكچى بولىدۇ، بۇ قىيىنچىلىقنى **دېكارت***نىڭ ئىككى مەنبەچىلىكى مۇقەررەر سۈرەتتە كەلتۈرۈپ چىقارغان. فرانسىيىنىڭ روھچىلىق تەرەپدارلىرىدىن **مالبرانش*** تاسادىپ سەۋەب نەزەرىيىسىنى شۇنداق دەرىجىگە يەتكۈزگەنكى، ھەرقانداق سەۋەب-نەتىجىنىڭ بىر بىرىنى شەرت قىلىشچالىمىغۇ خۇدانىڭ قىلمىشى دەپ قارالدى.

**تاسادىپىلىق** 偶然性 Случайность **مۇقەررەرلىك ۋە تاسادىپىلىق***قا قارالسۇن.

**تاشقى دۇنيا** 外部世界 Внешний мир كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىن تاشقىرىدا ۋە كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا باغلىق بولمىغان ھالدا

مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ھەممە بىر بىرىگە باغلىنىشلىق بولغان ھەر خىل ماددى شەيئىلەرنىڭ، ھادىسىلەرنىڭ يىغىندىسى. ماتېرىيالىستلار تاشقى دۇنيا بىلىشنىڭ بىردىن-بىر مەنبەسى دەپ قارايدۇ. ئىدېئالىستلار بولسا، تاشقى دۇنيا يا ئالەمدىن تاشقىرى روھنىڭ ياراتمىشى («ئوبيېكتىپ» ئىدېئالىزم)، يا شەخس ئېڭىنىڭ مەھسۇلى (سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزم)، دەپ قارايدۇ.

**تاشقى كۆرۈنۈش** (ساختا كۆرۈنۈش) Видимость (кажимость) 外观（假象）

شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىنىڭ كىشىلەر تەرىپىدىن بىۋاستە سېزىلىدىغان ئالامەتلەر ئارقىلىق ئىگە بولغان بىر خىل ئىپادىسى. دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم بىزگە مۇنداق دەپ تەلىم بېرىدۇ؛ بىلىش تاشقى كۆرۈنۈشتىن ماھىيەتكە كىرىشى، ھادىسىلەردىكى تاشقى كۆرۈنۈشنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىشى كېرەك. بۇرژۇئا پەلسەپىدە تارقىلىپ يۈرگەن چۈشەنچىلەر تاشقى كۆرۈنۈش بىلەن ماھىيەتنى ئايرىۋېتىدۇ، تاشقى كۆرۈنۈشنىڭ ئوبيېكتىپلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. لېنىن بۇنىڭ ئەكسىچە مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: تاشقى كۆرۈنۈش ماھىيەتنىڭ بىر خىل ئىپادىسى، ماھىيەتنىڭ بىر ھالقىسى. ماھىيەت بىلەن تاشقى كۆرۈنۈش ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كۆرۈش كېرەك، دېمەك، ھادىسىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى ھادىسىلەرنىڭ ئىچكى ماھىيىتى، ھادىسىلەرنىڭ ھەركەت قانۇنىيىتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ؛ پەننىڭ كۈچى شۇ يەردىكى، ئۇ شەيئىلەرنىڭ ئادەتتە كۆزەتكىلى بولمايدىغان ماھىيىتى، قانۇنىيىتىنى شەيئىلەرنىڭ تاشقى يۈزەكى نەرسىلىرىدىن ئۆتۈپ ئېچىپ بېرەلەيدۇ. بىراق بۇ خىل پەرق چەكلىك بولىدۇ، مۇتلەق بولمايدۇ، چۈنكى شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ئۇلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. «ساختا كۆرۈنۈش» نەرسىلەر ماھىيىتىنىڭ بىر مۇئەييەنلىكى، ماھىيەتنىڭ بىر تەرىپى، ماھىيەتنىڭ بىر ھالقىسى. ماھىيەت

مەلۇم ساختا كورۇنۇشكە ئىگە......

ساختا كورۇنۇش (ساختا كورۇنۇشتىكى نەرسىلەر) ماھىيەتنىڭ ئوز ئوزىدىكى **ئىنكاسى**. (لېنىن. «پەلسەپە خاتىرىلىرى»، 1956 ـ يىل خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 111 ـ ، 112 ـ بەتلەر) لېنىن يۇمنىڭ شۇبھىچىلىكىنى ۋە كانتنىڭ ئىدىيالىزمىنى ئوتكۇر ھالدا تەنقىت قىلدى. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى "بىۋاستە ھىس قىلىنغان نەرسىلەر"نىڭ ھىچقانداق ئوبيېكتىپ ئەھمىيىتى يوق. ساختا كورۇنۇش، تاشقى قۇرۇق خىيالىي خاراكتېرغا ئىگە دەپ ھىساپلىدى. ئىدىيالىستلار ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شەيئىلەرنى بىلگىلى بولمايدۇ، ئادەم شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ھەرگىزمۇ ئېنىق بىلەلمەيدۇ دىگەن يەنگە قارشى قائىدىنى ئىسپاتلىماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار يۈزەكى، تاشقى نەرسىلەر بىلەن ماھىيەتلىك، ئىچكى نەرسىلەرنى ئايرىپ تاشلايدۇ. لېنىن دەريا سۇيىنىڭ ئېقىشىنى مىسال كەلتۈرۈپ، ساختا كورۇنۇش بىلەن ماھىيەتنىڭ پەرقىنى شەرھىلىدى ھەمدە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى ئېچىپ بەردى: "......ماھىيەتلىك بولمىغان نەرسە، ساختا كورۇنۇشتىكى نەرسە، يۈزەكى نەرسە ھامان يوقىلىپ تۇرىدۇ، 'ماھىيەت' تەك ئۇنداق 'پۇختا'، ئۇنداق 'مۇستەھكەم' بولمايدۇ. مەسىلەن، دەريا سۇيى ئاققاندا، كوپۇك ئۇستىدە بولىدۇ، ئۇلۇغ ئېقىم ئاستىدا بولىدۇ. **ئەمما كوپۇكمۇ** ماھىيەتنىڭ ئىپادىسى!" («پەلسەپە خاتىرىلىرى»، 1956 ـ يىل خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 108 ـ بەت) دىمەك، ماركسىزم تاشقى كورۇنۇشنى خىيالىي تۈيغۇغا ئايلاندۇرۇشقىمۇ قارشى تۇرىدۇ، تاشقى كورۇنۇشنى ماھىيەت بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكىمۇ قارشى تۇرىدۇ. (**ماھىيەت ۋە ھادىسە**"گە قاراڭ.)

Товарний Фетишизм 商品拜物教 **تاۋار ئىبتىقاتچىلىقى**

خۇسۇسى مۈلۈكچىلىك ئاساس قىلىنغان تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى

شارائىتىدا، بولۇپمۇ كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىدا مۇقەررەر پەيدا بولغان، كىشىلەرنىڭ بۇيۇم، تاۋار ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىگە بولغان بۇرمىلانغان، خاتا ۋە ساختا نۇقتىئىنەزىرى. بۇنىڭدا، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ھەقىقىي خاراكتېرى نىقابلانغان، پەردىلەنگەن ۋە بۇرمىلانغان. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەپ شۇكى، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئاساس قىلىنغان جەمئىيەتتە، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئالاقىسى بىۋاسىتە ئەمەس، بەلكى بازارلاردا مال ئالماشتۇرۇش، تاۋارلارنى ئېلىش-سېتىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ. شۇڭلاشقا كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئالاقىسى تاۋار تونىغا ئورىلىدۇ، ياكى ماركس ئېيتىپ ئۆتكەندەك، بۇيۇملىشىدۇ، نەتىجىدە بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش ئالاقىسى نەرسە بىلەن نەرسىنىڭ مۇناسىۋىتى دىگەن بۇرمىلانغان خاراكتېرنى ئېلىپ، گويا نەرسىنىڭ، تاۋارنىڭ خۇسۇسىيىتىدەك بولۇپ كورۈنىدۇ.

تاۋار ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىدا، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ھوكۈمرانلىق قىلغان ئەھۋالدا، ئىقتىسادىي قانۇنىيەت قارىغۇلارچە بولىدۇ ۋە بۇزغۇنچىلىق رول ئوينايدۇ. ئۇلار ئىستىخىيىلىك كۈچ سۈپىتىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ يەردە، كىشىلەر (تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار) ئوزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىگە ئىگىدارلىق قىلالمايدۇ. ھەر بىر تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچى تاۋارنى ئوز ئالدىغا ئىشلەپچىقىرىدۇ، ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشمايدۇ. بۇنداق جەمئىيەت ئېھتىياجىنى چۈشەنمەيدۇ ھەم ئۇنىڭ چۈشىنىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇ ئوزىنىڭ مەنپەئەتىگە ئاساسەنلا ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ ئىشلەپچىقارغان ھىلىقى تاۋارى بازارغا يەنە قانچىلىك كىرىدىغانلىقى، ئۇنىڭ تاۋارلىرى قانداق باھادا سېتىلىدىغانلىقى، ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنى تولىيەلەيدىغان-تولىيەلمەيدىغانلىقى، تاۋارلارغا خېرىدار

چىقىش-چىقماسلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. كاپىتالىزم شارائىتىدا، تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ تەقدىرى تاۋارنىڭ ئىستىخىيىلىك ھەركىتى، ئايلىنىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. قىممەت قانۇنىيىتى، رىقابەت ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىكى ھۆكۈمەتسىزلىك قانۇنىيىتىنىڭ رول ئويىنىشى نەتىجىسىدە، بىر تۈركۈم تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار بېيىپ كېتىدۇ، لېكىن مۇتلەق كۆپ ساندىكى تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋەيران بولىدۇ. شۇڭلاشقا، مۇنداقلا قارىماققا كىشىلەر (تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار)نىڭ تەقدىرى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە ئەمەس، بەلكى بۇيۇمغا، تاۋارغا باغلىقتەك كۆرۈنىدۇ. كىشىلەر ئىشلەپچىقارغان بۇيۇم، تاۋار كىشىلەر ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتتە كىشىلەر ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقىنى بۇيۇم بولماستىن، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى، بۇيۇم تونىغا ئورىنىۋالغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتۇر. كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ بۇنداق بۇيۇملىشىشى، كىشىلەرنىڭ بۇيۇم، تاۋارنىڭ ئىستىخىيىلىك ھەركىتىگە بولغان بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى تاۋار ئىبتىقاتچىلىقىنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى. كىشىلەر ئارىسىدا، بۇيۇم ۋە تاۋار ئۆز ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، مەلۇم سىرلىق خاراكتېرغا ئىگە دەيدىغان خاتا چۈشەنچە شەكىللىنىپ قالغان، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇلاردا بۇنداق خاراكتېر يوق. ماركس تاۋار ئىبتىقاتچىلىقىنى دىنىي ئەرسە ئىبتىقاتچىلىقى بىلەن سېلىشتۇرغان: "بىر ئوخشىتىش تېپىش ئۈچۈن، بىزگە دىنىي ئالەمنىڭ خىيالىي مۇھىتىغا كىرىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردە، ئادەم مېڭىسىنىڭ مەھسۇللىرى كىشىلەر بىلەنمۇ، بىر-بىرى بىلەنمۇ مۇئەييەن مۇناسىۋەتلەردە بولغان، ئۆز ھاياتىغا ئىگە مۇستەقىل مەۋجۇداتلار بولۇپ كۆرۈنىدۇ. تاۋارلار دۇنياسىدا، كىشىلەرنىڭ قولى بىلەن ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارمۇ شۇنداق ھالدا بولىدۇ. مەن بۇنى ئەرسە ئىبتىقاتچىلىقى دەپ ئاتايمەن. ئەمگەك

مەھسۇلاتلىرى تاۋار سۈپىتىدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغانلا ۋاقىتتا، ئۇ مۇقەررەر ھالدا نەرسە ئېتىقاتچىلىق خاراكتېرىنى ئالىدۇ. شۇ سەۋەپتىن بۇنداق خاراكتېر تاۋار ئىشلەپچىقىرىشىدىن ئايرىلمايدۇ.»
(«كاپىتال»، رۇسچە نەشرى، 1-توم، 79-بەت)

كاپىتالىستىك تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى شارائىتىدا، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئىلاھلاشتۇرۇلۇشى چېكىگە يېتىدۇ. كاپىتال، مۇئاش، پايدا، ئۆسۈم ۋە كاپىتالىستىك ئىقتىسادنىڭ باشقا كاتېگورىيىلىرىدە بۇرژۇئازىيە بىلەن پرولېتارىيات ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي ئانتاگونىزملىق مۇناسىۋەت ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن، بۇ كاتېگورىيىلەرنىڭ تاشقى ئىپادىلىنىش شەكلى ئەمگەكنىڭ كاپىتالغا بويسۇنۇشى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىشىدەك ھەقىقىي ئەھۋالنى يېپىپ تۇرىدۇ. ھادىسىلەرنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا، كاپىتالىست بىلەن ئىشچىنىڭ مۇناسىۋىتى باراۋەرلىك ئاساسىدىكى، تاۋار ئىگىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىدىغانلىقىدەك پاكىت يوشۇرۇنغان بولىدۇ. كاپىتالىزم پەيدا قىلغان باراۋەرلىك ۋە ئەركىنلىك توغرىسىدىكى بارلىق خىيالىي تۇيغۇلارنىڭ مەنبەسى كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە ساقلانغىلى بولمايدىغان، بۇنداق بۇرمىلانغان ئىقتىسادىي كاتېگورىيىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىدىن ئىبارەت.

بۇرژۇئازىيىنىڭ چاكىنا سىياسىي ئىقتىسادى كاپىتالنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى يېپىش ۋە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىشىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى يوشۇرۇش مەقسىتىدە تاۋار ئېتىقاتچىلىقىدىن پايدىلىنىدۇ. ماركس تاۋار ئېتىقاتچىلىقىنىڭ سىرى، مەنبەسى، ئوبيېكتىپ ئاساسىنى بىرىنچى بولۇپ ئېچىپ تاشلىدى. تاۋار ئېتىقاتچىلىقى تارىخىيلىققا ئىگە. ئۇ كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ يوقىلىدۇ.

سوتسىيالىزم شارائىتىدا، ئىگىلىك پىلانلىقتا ئىگە بولغان شارائىتتا، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى مەۋجۇت بولۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن تاۋار ئىپتىقاتچىلىقىنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى يوقىلىپ بارىدۇ. شۇڭلاشقا، تاۋار ئىپتىقاتچىلىقى، يەنى كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىگە بولغان بۇرمىلانغان قاراشلىرىمۇ يوقىلىپ بارىدۇ. چۈنكى تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى سوتسىيالىزم شارائىتىدا ئادەتتىكى تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى بولماستىن، بەلكى ئالاھىدە تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى، كاپىتالىست قاتناشمىغان، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك بولمىغان ئەھۋالدىكى تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى بولىدۇ، بۇنداق تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى بىرلەشكەن سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقارغۇچىلار (دۆلەت، كولخوز، كوپېراتىپ)نىڭ تاۋارلىرى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان سوتسىيالىستىك مۈلۈكچىلىك خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق راۋاجلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. جەمئىيەتنىڭ شۇنداق ئوبيېكتىپ مۇمكىنچىلىكى باركى، ئۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ئاڭلىق ھالدا تىزگىنلەپ، ئىقتىسادىي قانۇنىيەتتىن پىلانلىق تۈردە پايدىلىنىپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ پاراۋانلىقىنى كۆزلەيدۇ. جەمئىيەتتە بۇيۇمنىڭ ھەركىتى ئەمدى ئىستىخىيىلىك بولغان، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ھەقىقىي مەزمۇنىنى يوشۇرىدىغان ھەركەت بولمايدۇ. شۇڭلاشقا، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە، تاۋار ئىپتىقاتچىلىقى، يەنى كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىگە بولغان بۇرمىلانغان قارىشى يوقىلىپ بارىدۇ.

**تىنچلىقپەرەسلىك** 和平主义 Пацифизм (لاتىنچىسى pacificus — كېلىشتۈرۈش) بۇرژۇئا لىبېرالىزمىنىڭ سىياسىي پىكىر ئېقىمى. ئۇ تىنچلىقنى تەشۋىق قىلىدۇ ھەمدە پەقەت تەشۋىق قىلىش ئارقىلىقلا بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىدىكى ئۇرۇش

سەۋەبىنى يوقاتقىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. تېخنىكىپەرەسلىك كاپىتالىزىمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئۇرۇشنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ئاساسى ۋە مەنبەسى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ پاكىتنى يوققا چىقىرىدۇ. شۇنداقلا تېخنىكىپەرەسلىك ھەققانىي ئازاتلىق ئۇرۇشىنىڭ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنىمۇ ئىنكار قىلىدۇ. ماركى-سىزىم-لېنىنىزىم تېخنىكىپەرەسلىكنىڭ بۇرژۇئاچە ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىدى. لېنىن 1915-يىلى مۇنداق دەپ يازىدۇ: "تېخنىكىپەرەسلىك ۋە تېخنىكىنى ئابستراكىت ھالدا تەشۋىق قىلىش ئىشچىلار سىنىپىنى ئالدايدىغان شەكىللەرنىڭ بىرى." («لېنىن ئەسەرلىرى»، رۇسچە 4-نەشرى، 21-توم، 141-بەت) پەقەت دۇنيادا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئاساسىدىلا، ئاندىن ئۇرۇشنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى بارلىق مەنبەنى تامامەن يوقاتقىلى بولىدۇ. لېكىن بۇ ئەمگەكچى ئامما، بارلىق تېچلىق ھىمايىچىلىرىنىڭ ئۇرۇشقا قارشى كۆرىشىنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىك دېگەنلىك ئەمەس. جاھانگىرلار قوزغىغان ئۇرۇشتا (ئەمگەكچى) خەلق ھەممىدىن قاتتىق ئازاپ-ئوقۇبەتكە ئۇچرايدۇ. شۇڭا، ئۇرۇش ئىغۋاگەرچىلىرىگە قارشى كۆرەش ئۇلارنىڭ جانىجان مەنپەئەتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يۈز مىليونلىغان تەشكىللىك تېچلىق ھىمايىچىلىرى ۋەكىللىرىنى ئەۋەتىپ دۇنياۋى تېچلىق يىغىنىغا، ۋېنادا ئۆتكۈزۈلگەن دۇنيا خەلقىنىڭ تېچلىقنى قوغداش يىغىنىغا ۋە ھېلسىنكى دۇنيا تېچلىق يىغىنىغا قاتناشتۇردى. ئىنسانىيەت تارىخىدا تۇنجى قېتىم تەشكىللىك تېچلىق سېپى مەيدانغا كەلدى.

**تېخنىكىچىلار** Технократы 技术派 تېخنىكىچىلار كاپىتالىزىم سىستېمىسىنىڭ ئومۇمى كرىزىسى مەزگىلىدىكى ئەكسىيەتچىل ئىجتىمائىيەت پىكىر ئېقىمىنىڭ ھىمايىچىلىرى، ئۇلار دۆلەت كاپىتالىزىمىنى تەشۋىق قىلىدۇ. بۇ خىل پىكىر ئېقىمى ئامېرىكىدا پەيدا

بولغان بولۇپ، بۇرژۇئا ئىقتىساتشۇناسى ۋېبلېننىڭ ئىدىيىسىنى ئاساس قىلغان، 30 ــ يىللاردا كەڭ تارقالغان ئىدى (ھ. سكوت، لېيوب قاتارلىق كىشىلەر). ئامېرىكىدا ۋە ياۋروپادىكى جاھانگىر دۆلەتلەردە تېخنىكچىلارنىڭ تەشكىلاتلىرى بارلىققا كەلگەن ئىدى. تېخنىكچىلار ئىجتىمائىيەتنىڭ "نەزىرىيىۋى ئاساسى" دەل تېخنىكا ۋە ئىقتىساتنىڭ سىياسىي بىلەن بولغان ھەقىقىي مۇناسىۋىتىنى تامامەن بۇرمىلاشتىن ئىبارەت. تېخنىكچىلار تېخنىكىنىڭ ئىقتىسات بىلەن سىياسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇشىنى تەرغىپ قىلىدۇ. ئۇلار جەمئىيەتنى ئىنقىلاۋىي، سوتسىيالىستىك تەرىزدە ئۆزگەرتىشكە قارشى تۇرىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ: پۈتكۈل ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا رەھبەرلىك قىلىش ۋە دۆلەتنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى "تېخنىك"لارغا يەنى سانائەت رەھبەرلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىش، بۇ ئارقىلىق كاپىتالىزمنى داۋالاش. دېگەن رېتسېپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. تېخنىكچىلار جەمئىيەتنىڭ سىنىپىي قۇرۇلمىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مەقسىدىنى بەلگىلەيدىغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ جەمئىيەت تۇرمۇشىدىكى ھەقىقىي رولىنى ئامالىنىڭ بارىچە يوققا چىقىرىدۇ، ھازىرقى زامان كاپىتالىزمىدىكى ھۆكۈمەتسىزلىك ۋە قالايمىقانچىلىقلارنى گويا "سىياسەتچى"لەرنىڭ دۆلەتنى باشقۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى دەپ كىشىلەرنى ئىشەندۈرۈشكە كۆچەپ ئۇرۇنىدۇ. تېخنىكچىلارنىڭ كاپىتالىزم ئىقتىسادىي ۋە سىياسىيغا قىلغان ساختا، قايمۇقتۇرۇش خاراكتېرلىق تەنقىتلىرىدە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ سانائەت مونوپول تەشكىلاتلىرىغا بىۋاستە ۋە ۋاستىلىك ھالدا بوي سۇنۇشىدىن ئىبارەت مۇشۇنداق ھادىسىنى ئاقلايدىغان بىر خىل غەرەز يوشۇرۇنغان، بۇنداق ھادىسە ھازىرقى جاھانگىر دۆلەتلەردىكى ئەمەلىي پائالىيەتلەردە ئىنتايىن ئومۇمىي يۈزلىنىش بولۇۋاتىدۇ. جاھانگىر دۆلەتلەردە سانائەت مونوپول تەشكىلاتلىرىنىڭ كاتتىۋاشلىرى ۋە جىگىلىرى دۆلەت ئورگانلىرىدا مۇھىم

ۋەزىيەتلەرنى ئىگەللەپ تۇرماقتا.

ھازىر، تېخنىكچىلارنىڭ ئىجتىمائىيىتى ئاشكارا ھالدا مىلىتارىزملىق خاراكتېر ئالدى. تېخنىكچىلار كوككە كۆتەرگەن ئاتوم قورالى مۇسابىقىسى دەل ئۇلارنىڭ تېخنىكا ھەممىدىن ئەلا دېيدىغان "تەلىمات"نى تەشەببۇس قىلغانلىقىنىڭ ئېنىق ئىسپاتى.

تارىخىي ماتېرىيالىزىمنىڭ **ماددىي ئەشيالارنى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى***نىڭ جەمئىيەت تۇرمۇشىدىكى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقى توغرىسىدىكى تەلىماتىدىن قارىغاندا، تېخنىكچىلار نەزىرىيىسىنىڭ ساختىلىقى ئىنتايىن روشەن.

**泰勒斯** **فېلىس** (كىچىك ئاسىيادىكى مىلېتلۇق) Фалес из Милета (в Малой Азии) (小亚细亚米利都地方的人)

(تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرى 624—547-يىللار) تەكشۈرۈشكە بولىدىغان تارىخىي بار قەدىمقى يۇنان پەلسەپىسىنىڭ تۇنجى ۋەكىلى، ئىستىخىيىلىك ماتېرىيالىزىم ئېقىمى—**مىلېتۇ ئېقىمى***نىڭ ئاساس سالغۇچىسى.

**复辟时代的** **تىرىلىش دەۋرىدىكى فرانسىيە تارىخشۇناسلىرى** Французские историки Эпохи Реставрации **法国历史学家**

تېيررى، گىزو، مىنې—ناپولېون ئاغدۇرۇپ تاشلانغاندىن كېيىنكى فرانسىيە سۇلالىسىنىڭ تىرىلىش دەۋرىدىكى بۇرژۇئا تارىخشۇناسلىرى. ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى شۇنىڭدىكى، ئۇلارنىڭ تارىخ تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە بولغان چۈشەنچىلىرى 18-ئەسىردىكى فرانسىيە ماتېرىيالىستلىرىدىن ئېشىپ كەتكەن. تىرىلىش دەۋرىدىكى فرانسىيە تارىخشۇناسلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە فېئودالىزم تارىخى بىلەن بۇرژۇئا جەمئىيىتىنىڭ شەكىللىنىش تارىخىنى 3-تەبىقىنىڭ (مىللەتنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ) ئاقسۆڭەكلەر ۋە راھىبلار (مىللەتنىڭ ئازچىلىقى)غا قارشى كۈرەش تارىخى دەپ قارىدى.

گىزو، مىنې، تيېررى فرانسىيە ماتېرىيالىستلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمنى سىياسىي ئورگانلار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ دېگەن نەزەرىيىسى بىلەن قانائەتلىنىپ قالمىدى، ئۇلار، سىياسىي ئورگانلار جەمىيەتتىكى پۇقرالارنىڭ تۈزۈمى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، مال-مۈلۈك مۇناسىۋىتىگە سىنىپىي كۈرەش سەۋەبچى بولىدۇ، دەپ ئىسپاتلىماقچى بولدى. تيېررى ئۆزىنىڭ «تارىخ تەتقىق قىلىنغان 10 يىل» دېگەن ئەسىرىدە ئاقساقاللار جەمىيىتى مەزھىبى بىلەن كاتولىك دىنى مەزھىبى ئوتتۇرىسىدىكى دىنىي كۈرەشنى ھەرقايسى پارتىيىلەر سىنىپلارنىڭ مال-مۈلۈك جەھەتتىكى مەنپەئەتى ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەش، دەپ ھېسابلىدى. تيېررى بۇ كۈرەشنى ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ "ئەمەلىي مەنپەئەتى" بەلگىلەيدۇ دەپ قارىدى. گىزو «فرانسىيىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن كىتابىدا رىم ئىمپېرىيىسى گۇم بولغاندىن كېيىنكى دەۋرنى تەتقىق قىلىپ، يەر مۇناسىۋىتى تارىخنىڭ ئاساسى، دېدى. مىنې ئۆزىنىڭ «فرانسىيە ئىنقىلاۋى تارىخى» دېگەن ئەسىرىدە 1789-يىلىدىكى ئىنقىلابنىڭ سەۋەبلىرىنى تەھلىل قىلغىنىدا ئوخشاشلا: ئىنقىلابنىڭ سەۋەبلىرى ھەرقايسى ئىجتىمائىي سىنىپلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ماددىي مەنپەئەتىدە، دېگەن يەكۈننى چىقاردى.

فرانسىيىنىڭ بۇ تارىخشۇناسلىرى گەرچە ئىجتىمائىي تۈزۈمنى مال-مۈلۈك مۇناسىۋىتىگە ئاقاپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى مال-مۈلۈك مۇناسىۋىتى ۋە قانۇن مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى تېخى چۈشەنمەيتتى. سىنىپلارنىڭ پەيدا بولۇش مەسىلىسىدە، ئۇلار ئىدىيالىزملىق بوي سۇندۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار بوي سۇندۇرۇش جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەل قىلغۇچ كۈچى دەپ قارىدى، ھالبۇكى، سىنىپلارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە مەۋجۇت بولۇپ

تۇرۇشىنىڭ مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىدى. مەسىلەن، تىيېرى، فېئودال سىنىپلار نىمىلارنىڭ يەرلىك گاللى-فىم ئاھالىسىنى بوي سۇندۇرۇشى بىلەن پەيدا بولغان؛ بوي سۇندۇرغۇچىلار فېئودال ئاقسۆڭەكلەر بولۇپ شەكىللەنگەن، بوي سۇندۇرۇلغۇچىلار 3-تەبىقە بولۇپ شەكىللەنگەن، دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ سەۋەبتىن تىيېرى بۇرژۇئازىيە بىلەن فېئودال ئاقسۆڭەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى ئۇ جايدىكى يەرلىك ئاھالى-لەرنىڭ بوي سۇندۇرغۇچىلارنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلادىغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشى دەپ قارىدى. مىنې بۇنداق ياكى ئۇنداق شەكىل-دىكى مال-مۈلۈك مۇناسىۋىتىنىڭ پەيدا بولۇش، راۋاجلىنىش ۋە يوقىلىش سەۋەبلىرىنى چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، سىنىپنىڭ ئوزىنىڭمۇ نىمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىدى، ئۇ مال-مۈلۈك مۇناسىۋىتىنى بوي سۇندۇرۇش ئارقىلىق چۈشەندۈردى. ھالبۇكى، بوي سۇندۇرۇش ئۆتنىڭ نەزىرىدە ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىدە ئەسلىدىن بار بولغان بىر خىل ھۆكۈمرانلىق نەپسى ئىدى. تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، تىيېرىش دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلار يەنىلا ئىدىيالىزىم مەيدانىدا تۇردى. گىزو «ياۋروپا مەدەنىيەت تارىخى» دېگەن كىتاۋىدا: كىشىلەرنىڭ ھەركىتىنى ئاخىر "ساپ ئىدىيە" بەلگىلەيدۇ، دەيدۇ. گىزو مۇنداق دەپ يازىدۇ: "سىرتتىكى ۋەقەنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، دۇنيانى، ئاسماننى، ئادەم ياراتقان؛ دۇنيانىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ھەركىتى ئادەمنىڭ ھېسسىياتى، ئىدىيىسى، شۇنىڭدەك ئەخلاق، روھ جەھەتتىكى مايىللىقىغا باغلىق بولىدۇ؛ ئىجتىمائىي ئەھۋال ئادەمنىڭ ئىچكى ئەھۋالىغا باغلىق بولىدۇ."

تىيېرىش دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلار لىبېرال بۇرژۇئازىيىسىنىڭ مۇتەپەككۇرلىرى بولۇپ، ئۇلار بۇرژۇئازىيىنىڭ فېئودالىزىمغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بىلىدۇ. 3-تەبىقىنىڭ

فېودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشى ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. لېكىن ئۇلار 3-تەبىقىنىڭ ئىچكى زىددىيىتىنى ئىنكار قىلىپ، راھىبلار ۋە ئاقسۆڭەكلەردىن باشقا بارلىق خەلقنى 3-تەبىقىگە كىرگۈزىدۇ. ئۇلار سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئىلگىرى ئىلغار بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. لېكىن بۇرژۇئا ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا سىنىپىي كۈرەشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ ھەمدە سىنىپىي كۈرەشنى "غالجىرانە ھەرىكەت" دەيدۇ. ئۇلار سىنىپىي تېچلىق ئىدىيىسىنى، كاپىتالىزىمنىڭ ۋە سىنىپىي پەرقنىڭ مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى تەرغىپ قىلىپ، سىنىپىي زىددىيەتنى قەستەن يوققا چىقىرىدۇ. ماركس 1854-يىل 7-ئاينىڭ 27-كۈنى ئېنگېلسقا يازغان خېتىدە مۇنداق دەيدۇ: "...... تېيېررىنىڭ «3-تەبىقىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە غەلىبە تارىخى» (1853) دېگەن كىتاۋى مېنى بەك قىزىقتۇردى. شۇنىسى ئاجايىپكى، فرانسىيە تارىخشۇناسلىقىدىكى 'سىنىپىي كۈرەش'نىڭ بوۋىسى بولغان بۇ ئەپەندى ئەسەرنىڭ كىرىش سۆزىدە ھازىرمۇ بۇرژۇئازىيە بىلەن پرولېتارىيات ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىققا كۆزى يەتكەن ھەمدە 1789-يىلدىن بۇرۇنقى 3-تەبىقە تارىخىدا ئاللىقاچان مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بۇنداق قارىمۇ-قارشىلىقنى بايقىغان 'يېڭى ئەرباپ'قا غەزەپ-نەپرىتىنى ياغدۇردى. ئۇ، 3-تەبىقە جۈملىدىن ئاقسۆڭەكلەر ۋە راھىبلاردىن باشقا بارلىق تەبىقىنى، بۇرژۇئازىيىنىڭ مۇشۇ تەبىقىلەر ئىچىدە ۋەكىللىك رول ئوينايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنىدى." («ماركس، ئېنگېلس خەت-چەكلىرىدىن تاللانمىلار»، رۇسچە نەشرى، 80-بەت) 1830-يىلدىكى ئىنقىلابتىن كېيىن، تىرىلىش دەۋرىدىكى تارىخشۇناسلار بۇرژۇئا تۈزۈمىنىڭ ئاشكارا ئاقلىغۇچىلىرى بولۇپ كەتتى. 1848-يىلدىكى ئىنقىلابتا، گىزو ئىشچىلار سىنىپىنى قىرغان جاللاتقا ئايلىنىپ كەتتى.

**تېزىس، قارشى تېزىس، بىرىكمە تېزىس** 正题，反题，合题 Тезис, Антитезис, Синтез "ئۈچ باسقۇچ فورمۇلىسى"غا قاراڭ.

**تىيېررى، ئاۋگۇستىن** Тьерри Огюстен 梯叶里，奥古斯丹 (1795—1856) "تىرىلىش دەۋرىدىكى فرانسىيە تارىخشۇناسلىرى"غا قاراڭ.

**تىل** Язык 语言 "تىل شۇنداق ۋاستە ۋە قورالكى، كىشىلەر ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئۆزئارا ئالاقىلىشىدۇ، پىكىر ئالماشتۇرىدۇ، بىر بىرىنى چۈشىنىدۇ." (ستالىن، «ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى»، 1974-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 30-بەت) ئىنسانلارنىڭ تىلى ماددى ماتېرىياللار — ئاۋاز، سۆز، سۆز شەكلى ۋە سۆزلەردىن قانۇنىيەتلىك تۈردە جۈملە تۈزۈش سىستېمىسى. تىل بىر خىل ئىجتىمائى ھادىسە. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەمگەك پائالىيىتى جەريانىدا پىكىر ئالماشتۇرۇشقا ماسلىشىش ئېھتىياجىدىن كېلىپ چىققان. تىل بولمىسا، ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىش مۇمكىن ئەمەس، جەمئىيەتنىڭ ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس.

تىل بىلەن تەپەككۇر بىر بىرى بىلەن ئىنتايىن زىچ باغلىنىشلىق. تىل ئادەمنىڭ تەپەككۇر پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسىنى، بىلىش پائالىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى سۆز ۋە جۈملىلەر بىلەن خاتىرىلەيدۇ، مۇقىملاشتۇرىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەتتىكى پىكىر ئالماشتۇرۇشلىرى مۇمكىنچىلىككە ئايلىنىدۇ. ماركس ۋە ئېنگېلس: تىل ئىدىيىنىڭ بىۋاستە رىياللىقى، ئەمەلىي ۋە رىيال ئاڭ، دەپ ھېسابلايدۇ. تىل ئادەمنىڭ ۋە ئۇنىڭ تەپەككۇرىنىڭ تەرەققىياتىدا غايەت زور رول ئوينايدۇ. ئىنسانلار بىلىشىنىڭ ھايۋاناتلارنىڭ پسىخولوگىك ھەرىكىتىگە ئوخشىمايدىغان مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن

بىرى سۆز ۋە تىلدىن ئىبارەت. تىل ئادەمنى ئىلمىي ئۇقۇملارنى، كاتېگورىيىلەرنى ئىجاد قىلىشقا، ئىلىم-پەننىڭ قانۇنىيىتىنى شەرھىلەشكە، بۇنىڭ بىلەن ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىگە چوڭقۇر چۆكۈشكە مۇۋەپپەق قىلىدۇ. تىل بولمىسا، ئىنسانلارنىڭ ئىدىيىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ، راۋاجلىنالمايدۇ. ئىدىيالىستلار ئاڭنى تىلدىن ئايرىۋېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئاڭنى ماددىغا بېقىنمايدىغان مەلۇم بىر خىل نەرسە دېمەكچى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئاڭ، تەپەككۇر تىلنىڭ ياردىمى ئارقىلىقلا ئوبيېكتىپ چىنلىقنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. تىل تەپەككۇرنىڭ "تەبىي ماددىسى". پەقەت ئىدىيالىستلار تىلنىڭ "تەبىي ماددىسى" بىلەن ئالاقىسىز تەپەككۇر توغرىسىدا، تىلسىز تەپەككۇر توغرىسىدا سۆزلەيدۇ.

تەبىئىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تىلنىڭ سىنىپىيلىكى يوق. ئۇ پۈتكۈل جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئالاقىلىشىش قورالى، ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان سىنىپىي ئورنى بىلەن ئالاقىسى يوق. تىل ھەممە سىنىپلار ئۈچۈن بىردەك، ئەمما ھەرقايسى سىنىپلار تىلغا كۆڭۈل بولمەي تۇرالمايدۇ. ئۇلار تىلدىن ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش يولىدا پايدىلىنىش مەقسىتىدە كۈچىنىڭ بېرىچە ئامال قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە سۆزلۈكلىرىنى، ئالاھىدە ئاتالغۇلىرىنى، ئالاھىدە سۆزلىرىنى تىلغا تاڭىدۇ، بۇنىڭ بىلەن "سىنىپنىڭ" ئادەت تىلى، كەسىپداشلار تىلى دېگەنلەر پەيدا بولىدۇ. بىراق بۇ كەسپىي تىللار تىل بولالمايدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى، ئۇلاردا ئاساسىي لۇغەت تەركىبى يوق ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ گرامماتىكىلىق تۈزۈلۈشى يوق.

ھەر بىر تىلدا تىلنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاساسىي لۇغەت تەركىبى بىلەن گرامماتىكىلىق تۈزۈلۈشىنى ئايرىۋېلىش لازىم. تىلدىكى بارلىق سۆزلەر قوشۇلۇپ تىلنىڭ سۆزلۈكىنى تەشكىل

قىلىدۇ. سۆزلۈكلەرنىڭ ئاساسىي قىسمى ئاساسىي لۇغەت تەركىۋى بولۇپ، ئۇ ھەممە تۈپ سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تۈپ سۆزلەر ئاساسىي لۇغەت تەركىۋىنىڭ يادروسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاساسىي لۇغەت تەركىۋى ھەممىدىن مۇقىم بولىدۇ، ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ساقلىنالايدۇ. تىلنىڭ تەرەققىياتى ۋە بېيىشى ئۇنىڭ سۆزلۈكىنىڭ بېيىشى ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىكلىكىگە باغلىق. مارردەك، تىلنى ئۈستقۇرۇلما بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىش ئىنتايىن چوڭ خاتالىق بولىدۇ. تىل ئۈستقۇرۇلمىدىن پەرق قىلىدۇ، ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن بولغان ئالاقىسى ۋاستىلىك بولىدۇ، بازىسىنىڭ ۋاستىچى بولۇشى بىلەن بولىدۇ؛ تىلنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن بولغان ئالاقىسى بولسا بىۋاستە بولىدۇ، ئۇ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن بىۋاستە ئالاقىدار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئادەمنىڭ باشقا ھەممە پائالىيەتلىرى بىلەنمۇ بىۋاستە ئالاقىدار بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تىلنىڭ سۆزلۈكىنى دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ دېسىمۇ بولىدۇ. گىرامماتىكا سۆزلەرنىڭ ئۆزگىرىش قائىدىلىرى ۋە سۆزدىن جۈملە تۈزۈش قائىدىلىرىنىڭ يىغىندىسى. گىرامماتىكا بولغاندا، تىل ئادەمنىڭ ئىدىيىسىنى ماددى تىل پوستىغا ئىگە قىلىدۇ. تىلنىڭ گىرامماتىكىلىق تۈزۈلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى تىلنىڭ ئاساسىي لۇغەت تەركىۋىنىڭكىدىنمۇ ئاستا بولىدۇ. تىلنىڭ گىرامماتىكىلىق تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسى ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ساقلىنالايدۇ، چۈنكى بۇ ئاساسى ئۇزۇن دەۋرلەر داۋامىدا جەمئىيەتكە ئوبدان خىزمەت قىلىپ بېرەلەيدۇ. مارر ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى ئىنسانلار ئەڭ دەسلەپتە "قول تىلى" ئىشلەتكەن دەپ تۇرۇۋالىدۇ، بۇنداق دېيىش ئىلىم-پەنگە زىت كېلىدۇ. تاۋۇشلۇق تىل ياكى سۆز تىلى ئىزچىل تۈردە ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ بىردىن-بىر تىلى بولۇپ كەلدى.

تىل تەرەققىي قىلىۋاتقان ھادىسە. ئەمما تىلنىڭ تەرەققىي

قىلىشى بازىس بىلەن ئۇستقۇرۇلمىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئوخشمايدۇ.
ستالىن مارر ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى تەرغىپ قىلغان، تىل تەرەققىياتى
"باسقۇچلۇق" بولىدۇ دەيدىغان، ماركسىزىمغا قارشى نەزەرىيىگە
رەددىيە بەردى. تىل تەرەققىياتىدا، بىر خىل سۈپەت ھالىتىدىن
باشقا بىر خىل سۈپەت ھالىتىگە ئۆتىدىغان چىددى، تۇيۇقسىز
ئايلىنىش دېگەن نەرسە بولمايدۇ. تىلنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى
بولغاچقا، ئۇنىڭدا بۇنداق تەرەققىياتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.
تىلنىڭ كونا سۈپەتتىن يېڭى سۈپەتكە ئايلىنىشى پارتلاش خاراكتې-
رىدىكى ئۇسۇل بىلەن ۋە كونا تىلنىڭ "تۇيۇقسىز" يوقىلىشى ھەم يېڭى
تىلنىڭ "تۇيۇقسىز" پەيدا بولۇشى يولى بىلەن ئەمەلگە ئاشمايدۇ،
بەلكى كونا سۈپەت ئامىللىرىنىڭ پەيدىن-پەي ئۆلۈپ بېرىشى ۋە
يېڭى سۈپەت ئامىللىرىنىڭ پەيدىن-پەي راۋاجلىنىشى بىلەن
ئەمەلگە ئاشىدۇ. تىلنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى—ئوبيېكتىپ قانۇنى-
يەت. تىلنىڭ بەزى تەرەققىيات قانۇنىيىتى، مەسىلەن، يېڭى سۈپەت
ئامىللىرىنىڭ پەيدىن-پەي توپلىنىش ۋە كونا سۈپەت ئامىللىرىنىڭ
پەيدىن-پەي ئۆلۈپ بېرىش قانۇنىيىتى ھەممە تىللار ئۈچۈن ئور-
تاق بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، ھەرقانداق بىر تىلنىڭ ئۆزىگە خاس
ئىچكى قانۇنىيەتلىرى بولىدۇ، بۇ قانۇنىيەتلەر ئازدۇر-كۆپتۇر
چەكلىك مەزگىلدە رول ئوينايدۇ، ئۇلار تارىخىي يوسۇندا ۋاقىتنچە
مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان قانۇنىيەتلەر، تىل تەرەققىياتىنىڭ
ئومۇمى قانۇنىيىتى بىلەن ئايرىم قانۇنىيىتى گەرچە پەرقلىق بولسىمۇ،
لېكىن ئۇلار ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولىدۇ.

ئانتىگونىيلىك جەمئىيەت شارائىتىدىكى تىللارنىڭ تەرەققىياتى
ۋە ئۆزئارا تەسىر قىلىشىنى سوتسىيالىزىم دۇنيا مىقياسىدا غەلىبە
قازانغان شارائىتتىكى تىللارنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزئارا تەسىرىدىن
پەرقلەندۈرۈش كېرەك. ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار پەتىلا

ھوكۈمران كۈچ بولۇپ تۇرغان، مىللىي زۇلۇم ۋە مىللەتلەر ئارا ئىشەنمەسلىك يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شارائىتتا، تىلنىڭ قوشۇلۇشى بىر خىل تىلنىڭ يەنە بىر خىل تىلنى يەڭگەنلىكى بولىدۇ. ئىككى خىل تىلنىڭ قوشۇلۇشى نەتىجىسىدە ئۈچىنچى خىل يېڭى تىل پەيدا بولمايدۇ، بەلكى بىر خىل تىل غالىب بولۇپ چىقىدۇ ۋە يەنە بىر خىل تىل مەغلۇپ بولىدۇ. شۇنداقلا تەدرىجىي تۈردە يوقىلىپ بارىدۇ. سوتسىيالىزم پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، تىل باشقا بىر قانۇنىيەت بويىچە تەرەققىي قىلىدۇ. ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار، ئەزگۈچى مىللەتلەر ۋە ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولماسلىقى، مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئىناقلىق ۋە ھەمكارلىق، تىلنى بوغىدىغان ۋە تىلنى ئاسسىمىلاتسىيە قىلىدىغان سىياسەتنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى ئارقىسىدا، نەچچە يۈزلىگەن مىللىي تىل بىر بىرىنى بېيىتىدۇ، بۇ تىللار ئىچىدىن رايون دائىرىلىك تىللار ئايرىلىپ چىقىدۇ، ئاندىن كېيىن رايون خاراكتېرلىق تىللار بىرلىككە كەلگەن بىر خىل خەلقارا تىل بولۇپ بىرىكىدۇ، بۇنداق تىل ھەرقايسى مىللەتلەر تىللىرىنىڭ ۋە رايون خاراكتېرلىق تىللارنىڭ جەۋھىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. (**«ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى»***گە قاراڭ.)

**تىلسىماتچىلىق** 玄秘主义 Оккультизм (لاتىنچە occultus — سىرلىق دېگەن مەنىدە) پەنگە قارشى ئەكسىيەتچىل "نەزەرىيە". ئۇ، تەبىئەت دۇنياسىدا سىرلىق، چۈشەنگىلى بولمايدىغان، تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچ مەۋجۇت، گويا بەزى ئالاھىدە شەخسلەر بۇ كۈچ بىلەن ئالاقە قىلالايدۇ، دېگەننى تەشۋىق قىلىدۇ. تىلسىماتچىلىق ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئايال باخشى، جادۇگەر ۋە سېھىرگەرلەرگە ئىشىنىشنىڭ قالدۇقى بولۇپ، ئەكسىيەتچىل ئىدىيالىزمنىڭ ئەڭ قەبىھ تۈرلىرىدىن بىرى. تىلسىماتچىلىق دىن ۋە ئىدىيالىزم-

نىڭ باشقا شەكىللىرىگە ئوخشاشلا، بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خەلق ئاممىسىنىڭ ئېڭىنى قايمۇقتۇرىدىغان قورال. نۇرغۇن جاھانگىر دۆلەتلەردە تىلسىماتچىلىق ھە دەپ تەرغىپ قىلىنماقتا. (**روھچىلىق***قا قاراڭ.)

**تىمىريازېۋ**، كىلىمېنت ئاركادىيېۋىچ **季米里亚捷夫**，克里门特阿尔卡季也维奇 **Тимирязев, Климент Аркадьевич** (1843—1920) ئۇلۇغ رۇس ئالىمى، دارۋىنىزىم، ماتېرىيالىستىك بىئولوگىيە ئۈچۈن كۈرەش قىلغان جەڭچى، ھازىرقى زامان فوتوسىنتېز تەلىماتىنىڭ ئاساسچىسى. تىمىريازېۋ ياشلىق دەۋرىدىلا 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆتكەن ئۇلۇغ رۇس مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزىملىق ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلدى، ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق ئىلىم-پەن پائالىيىتى ۋە ئىجتىمائىي پائالىيىتى ئارقىلىق ئىلغار پەن ھەم ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. تىمىريازېۋ ئىلغار قاراشتا بولغانلىقتىن، چارپادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدى. 1894-يىلىدىن باشلاپ مەخپىي ساقچىلار ھەمىشە ئۇنى پايلاپ يۈردى. ماركسىزم-لېنىنىزم ئىدىيىسى ۋە كۈنسايىن ئۆرلەۋاتقان ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، تىمىريازېۋ چارىزىم شارائىتىدىلا ئۇلۇغ، غالىب كوممۇنىزم تۇغى ئاستىدا تۇردى. تىمىريازېۋ ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىنى قىزغىن ئالقىشلىدى. موسكۋا-كورسك تۆمۈريولىنىڭ ئىشچىلىرى ئۇنى موسكۋا سوۋېتىغا ۋەكىل قىلىپ سايلىدى. بولشېۋىك ئالىملار ئۇنى سوتسىيالىزم شۇيۈەنى (كېيىن كوممۇنىزم شۇيۈەنى دەپ ئۆزگەرتىلگەن) نىڭ ئاكادېمىكى قىلىپ سايلىدى. مائارىپ خەلق كومىسسىيىسى تىمىريازېۋنى دۆلەتلىك پەن-تېخنىكا ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلىدى. تىمىريازېۋ گېزىت-ژۇرناللاردا جاھانگىرلارنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە



ئۇنىڭ داھىيغا قىلغان ھۇجۇمىنى پاش قىلدى، "14 دۆلەت"نىڭ پاش سوۋېت جۇمھۇرىيىتىگە ئەسكەر كىرگۈزۈشتىكى جاھانگىرلىك تاجاۋۇزچىلىق مەقسىتىنى ئېچىپ تاشلىدى. لېنىن 1920-يىل 4-ئاينىڭ 27-كۈنى تىمىريازېۋغا يازغان خېتىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: "سىزنىڭ بۇرژۇئازىيىگە قارشى تۇرىدىغان ۋە سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ھىمايە قىلىدىغان سۆزلىرىڭىزنى ئوقۇپ ئىنتايىن خۇرسەن بولدۇم." («لېنىن ئەسەرلىرى»، رۇسچە 4-نەشرى، 35-توم، 380-بەت) لېنىننىڭ بۇ پەردە كوزدە تۇتقىنى تىمىريازېۋنىڭ «پەن ۋە دېموكراتىيە» دېگەن كىتاۋى، بۇ ئالىم بۇ كىتاۋىدا ئىلىم-پەن خادىملىرىنىڭ ئەمگەكچى خەلق بىلەن ئىتتىپاقلىشىشىنى چاقىرىق قىلغان. تىمىريازېۋنىڭ ۋاپات بولۇشىتىن بىرقانچە سائەت ئىلگىرى قىلغان سۆزى كوممۇنىستىك پارتىيىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەتكە ۋە چەكسىز ساداقەتكە تولغان، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، شۇنداقلا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، لېنىنىزىمنى ئىجرا قىلىۋاتقان بولشېۋىكلار خەلقنىڭ بەخت-سائادىتىنى دەپ خىزمەت قىلىۋاتىدۇ، ئۇلار خەلقنى بەختكە يېتەكلەيدۇ.... ۋلادىمىر ئىلىچقە يەتكۈزۈپ قويۇڭلار، ئۇنىڭ نەزىرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتە ئۇلۇغ دۇنياۋى مەسىلىلەرنى تالانتلىق ھالدا ھەل قىلىشىغا مەن چىن قەلبىمدىن قايىلمەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن دەۋرداش بولغانلىقىم ۋە ئۇنىڭ شانلىق ئىشلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنلىكىمنى بىر خىل بەخت ھېسابلايمەن. مەن ئۇنى ئىززەتلەيمەن ھەم بارلىق كىشىلەرنىڭ مېنىڭ ئۇنى ئىززەتلەيدىغانلىقىمدىن خەۋەردار بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن."

پەلسەپۋى نۇقتىنەزەر جەھەتتە. تىمىريازېۋ ئىدىيالىزمغا قارشى مۇرەسسەسىز كۈرەش قىلغان قەتئىي ماتېرىيالىست. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە پەلسەپىدىكى ئىدىيالىستىك لۇشيەننى، يەنى: **پلاتون***دىن تارتىپ بېرگسون، بېتسون، ماخ، جېمىس قاتارلىقلارغىچە بولغان سۇبيېك-تىپ ئىدىيالىستلارنى ئەيىبجىنى چىققۇدەك تەنقىت قىلدى. تىمىريازېۋ "تارىخىي ئۇسۇل"غا ئاساسەن تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندى، بۇ خىل ئۇسۇل تۇرغۇن ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكا ئامىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مەسىلەن، ئۇ تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك باغلى-نىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئېتىراپ قىلىدۇ: قارىمۇ-قارشى تەرەپلەر-نىڭ كۈرىشى، سەۋەبىيەت ۋە زورۇرىيەت قاتارلىقلارنى ئېتىراپ قىلىدۇ. تىمىريازېۋ ئاتاقلىق ئىلىم-پەن ئومۇملاشتۇرغۇچى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى، مەسىلەن، «دارۋىن ۋە ئۇنىڭ تەلىماتى» ھەم «بىئولوگى-يىدىكى تارىخىي ئۇسۇل» قاتارلىقلار ھازىرغا قەدەر يەنىلا دارۋىن تەزىرىيىسى شەرھىلەنگەن ئېسىل ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تىمىريازېۋنىڭ «ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھاياتى» دېگەن كىتاۋىمۇ تازا ئالقىشلاندى. تىمىريازېۋ ئورگانىك دۇنيانىڭ تەرەققىياتىنى ھەققىي ماتېرىيالىستىك يوسۇندا چۈشەندۈردى، شۇڭا ئۇ دارۋىنغا قارىغاندا زور بىر قەدەم ئىلگىرىلىدى.

تىمىريازېۋ ئاتالمىش "ئەنئەنىۋى" دارۋىنىزمچىلارغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ، ئەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىلى تۈرلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كۈرەش ئەمەس، بەلكى ئورگانىك جىسىملاردا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدىغان تاشقى مۇھىت، بۇ خىل ئۆزگىرىشنى مۇستەھكەم-لەيدىغان ئىرسىيەتچانلىق، شۇنداقلا ئورگانىك جىسىملارنى تىپلارغا ماس كېلىدىغان تاللىنىشقا ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت، دەپ ھېساب-لايدۇ. ئۇ، ئورگانىك جىسىملار بىلەن مۇھىت ئايرىلماس بىرلىككە ئىگە، دەپ قارايدۇ، شۇڭا ئۇ **لامارك*** تەلىماتىدىكى توغرا بىر

تەرەپكە يەنى ئورگانىك جىسىملارنىڭ تىپى مۇھىتقا باغلىق دېگەن
تەرەپكە ناھايىتى يۇقىرى باھا بەردى. تىمىريازېۋ مۇنداق دەپ
يازىدۇ: "پەقەت لاماركىزىمنىڭ بۇ تەرىپى بىلەن دارۋىنىزىمنى
بىرلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن بىولوگىيىنىڭ ۋەزىپىسىنى تەل-تۆكۈس
ئورۇنلىغىلى بولىدۇ." تىمىريازېۋ ئورگانىك جىسىملارنىڭ ئۆزگىرىش-
چانلىقى ئورگانىك جىسىملارنىڭ ئەتراپتىكى شارائىتقا ماسلىشىشى
تۈپەيلىدىن بارلىققا كەلگەن دەپ قارايدۇ. ئۇ ئورگانىك جىسىملار-
نىڭ تاشقى مۇھىت شارائىتىغا بولغان ئېھتىياجى توغرىسىدىكى
قائىدىنى ھەممىدىن ئاۋال ئوتتۇرىغا قويدى. تىمىريازېۋ ئۆسۈملۈك-
لەرنىڭ يېتىلىش باسقۇچىدىكى ئالمىشىشنى كۆرسەتتى. شۇنداق
قىلىپ ئورگانىك جىسىملارنىڭ يەككە يېتىلىشىدە سۈپەت ئۆزگىرىش-
نىڭ بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ كۆرسەتتى. بۇ قائىدە كېيىن
مىچۇرىن تەرىپىدىن، بولۇپمۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ باسقۇچلۇق يېتىلىش
نەزەرىيىسىنى ياراتقان ئاكادېمىك لىسېنكو تەرىپىدىن راۋاجلاندۇ-
رۇلدى. تىمىريازېۋ جىنسلىق شالغۇتلاشتۇرۇش مۇمكىنچىلىكىنى
ئېتىراپ قىلىپلا قالماستىن، بەلكى جىنسسىز شالغۇتلاشتۇرۇشنىڭ
مۇمكىنچىلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلدى ھەمدە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ چەتتىن
چاڭلىشىشىنىڭ زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئۇ
ۋېيسمانىزىم-مېندېلىزىمنى كەسكىن تەنقىد قىلدى، چۈنكى مېندېلى-
زىم گويا مۇھىتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدىغان بىر خىل ئالاھىدە نەسىل
تارقاتقۇچى ماددا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ. تىمىريازېۋ-
نىڭ فوتوسىنتېز جەھەتتىكى تەتقىقات خىزمىتى بىولوگىيىنىڭ
تەرەققىياتىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ بۇ ھادىسىلەرنىڭ ئان
ئورگانىكلار دۇنياسىدىكى ھادىسىلەرگە ئوخشاش ئېنېرگىيىنىڭ
ساقلىنىش قانۇنى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.
شۇنداق قىلىپ ئۇ جانلىق كۈچ نەزەرىيىسى ۋە ئۇنىڭ گويا ھايۋا-

ناتلار ـ ئۆسۈملۈكلەردە ئەسلىدە بار بولغان پەۋقۇلئاددە "جانلىق كۈچ" توغرىسىدىكى تەلىماتقا ئەبجەشى چىققۇدەك زەربە بەردى. تىمىريازېۋ بىئولوگىيىنىڭ ۋەزىپىسىنى پەقەت ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى بىلىش بىلەنلا چەكلەپ قويمىدى. ئۇ ئورگانىك جىسىم تىپلىرىنى مەقسەتلىك ھالدا ئۆزگەرتىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ئىلىم ـ پەن دېخانلارغا ئىلگىرى بىرلا باشاق چىقىرىدىغان زىرائەتلەرنى قانداق قىلىپ ئىككى باشاق چىقىرىدىغان قىلىشنى ئۆگىتىپ قويۇشى لازىم. تىمىريازېۋ «يېزا ئىگىلىكى ۋە ئۆسۈملۈك فىزىئولوگىيىسى» دېگەن كىتابنى يازدى. ئۇ بۇ كىتابىدا يېزا ئىگىلىك پەنىگە ئائىت نۇرغۇن مۇھىم قائىدىلەرنى تەتقىق قىلدى.

بۇرژۇئازىيە يېڭى كۈنسايىن چىرىكلىشىۋاتقان شارائىتتا، چارىزىم شارائىتىدا، تىمىريازېۋ داروۋىنىزمنىڭ ماتېرىيالىستىك مېغىزىنى قوغداپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇپ، بىئولوگىيە تەرەققىياتىدىكى يېڭى سوۋېت باسقۇچى ــ مىچۇرىن تەلىماتى ئۈچۈن تەييارلىق قىلدى. بۇ ئۇلۇغ رۇس بىئولوگىيە ئالىمى ۋە مۇتەپەككۇرىنىڭ مەشھۇر تۆھپىسى ئەنە شۇ. نەچچە ئون يىل ئىچىدە، تىمىريازېۋ ئىلغار، ماتېرىيالىستىك بىئولوگىيىنىڭ داروۋىنىزمغا قارشى تۇرغۇچىلار، ۋېيسمانىزمچىلار، جانلىق كۈچ نەزەرىيىسى تەرەپدارلىرى ۋە باشقا تۈرلۈك "ئىزىمچىلار" ھەم تۈرلۈك "ئالىملار" (تىمىريازېۋ ئاشۇ كىشىلەرنى ئەنە شۇنداق ئاتايتتى) ۋەكىللىكىدىكى ھەر خىل، ھەر ياڭزا ئەكسىيەتچىل ئىدېئالىستىك مەزھەپلەرگە قارشى تۇرۇشقا ئىزچىل تۈردە رەھبەرلىك قىلدى. تىمىريازېۋ بىئولوگىيە قانۇنىنى جەمئىيەت ھادىسىلىرى ساھەسىگە كۆچۈرۈپ كېلىدىغان چاكىنا قىلمىشلارنى قاتتىق ئەيىبلىدى.

1940—1973-يىللىرى «تېمىريازېۋ ئەسەرلىرى»نىڭ 1—10-توملىرى نەشر قىلىندى، 1948—1949-يىللىرى «تېمىريازېۋ تاللانما ئەسەرلىرى»نىڭ 1—4-توملىرى نەشر قىلىندى.

**تولاند،** جون Толанд, Джон 托兰德，约翰 (1670—1722)

ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇر ماتېرىيالىست پەيلاسوپى. ئۇنىڭ ماتېرىيالىستىك نۇقتىسىنەزەرلىرى ئەنگلىيىنىڭ چوڭ بۇرژۇئازىيىسى ئاقسۆڭەكلەر بىلەن مۇرەسسەلىشىش سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇۋاتقان، ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە بولسا فېوداللارغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئەنگلىيىنىڭ كاپىتالىزىمنى راۋاجلاندۇرۇش يولىغا مېڭىشىنى تەشەببۇس قىلىۋاتقان دەۋردە راۋاجلانغان. تولاند مانا مۇشۇنداق بۇرژۇئا دېموكراتىيىچىلىرىنىڭ مۇتەپەككۇرى ئىدى. تولاند ئەركىن پىكىر قىلغۇچىلار ھەركىتىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى، ئۇ فرانسىيە مەرىپەتچىلىرى **ۋولتېر،* دىدېرو،* ھولباخ،* ھېلۋېتىس*** قاتارلىق كىشىلەرگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن. دەسلەپتە تولاند تەبىئەت ئىلاھچىلىق نۇقتىسىنەزىرى ئارقىلىق دىننى تەنقىت قىلدى، كېيىن خۇداسىزلىق مەيدانىغا ئۆتتى. ئۇ جان ئۆلمەيدۇ، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن تېگىشلىك ئاقىۋەتكە ئۇچرايدۇ، دۇنيانى خۇدا ياراتقان دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى ئىنكار قىلىپ، ئىنجىلنىڭ خۇدادىن كەلگەنلىكىنى دەللىللىدى. ئۇ مۇقەددەس يادىكارلىقنى ئىنكار قىلىپ، دىننىڭ مەنبەسىنى كىشىلىك دۇنيانىڭ شارائىتى ئارقىلىق چۈشەندۈرمەكچى بولدى، ۋاھاكازالار. تولاندنىڭ كۆرسەتكەن ئاساسىي خىزمىتى ئۇنىڭ ماددا بىلەن ھەركەتنىڭ بىرلىكى توغرىسىدىكى تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدا. تولاند ھەركەت ماددىنىڭ تۈپ ۋە كەم بولسا بولمايدىغان ئالاھىدىلىكى دەپ قارايدۇ. ئۇ مۇشۇ مەيداندا تۇرۇپ **سپىنوزا***نى تەنقىت قىلدى، چۈنكى سپىنوزا ھەركەت ماددىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ئەمەس دەپ قارىغان

ئىدى؛ تولاند نيۇتون*، دېكارت*لارنىمۇ تەنقىت قىلدى، چۈنكى ئۇلار خۇدا ھەركەتنىڭ مەنبەسى دەپ قارىغان ئىدى. تولاند، ماددا ئەبەدى بولىدۇ ۋە يوقالمايدۇ؛ ئالەم چەكسىزدۇر، دەپ قارايدۇ. لېكىن، تولاند يەنىلا مېخانىك ماتېرىيالىزم دائىرىسىدە توختاپ قالغان: ئۇ تاسادىپىلىقنى ئىنكار قىلىدۇ، تەپەككۇر نوقۇل چوڭ مېڭە ماددىسىنىڭ فىزىكىلىق ھەركىتى، ماددىنىڭ ھەركىتى ئۇنىڭدىكى سۈپەت ئۆزگىرىشى بىلەن مۇناسىۋەتسىز، دەپ ھېسابلايدۇ. تولاندنىڭ خۇداسىزلىق توغرىسىدىكى «خرىستىيان دىنى سىرلىق ئەمەس» (1696) دېگەن ئەسىرى راھىبلارنىڭ قاتتىق غەزىۋىنى قوزغىغانلىقتىن كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. تولاند قولغا ئېلىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئىرلاندىيەدىن كەتكەن. ئۇنىڭ ئاساسىي پەلسەپە ئەسىرى «سېرېنىغا خەت» (1704).

**تۇغما** 先天 Априори (لاتىنچە a priori — ئەزەلدىنلا بار بولماق) تەجرىبىدىن، پاكىتتىن ئاۋال بولۇش دېگەن سۆز. شۇڭا "تۇغمىلىق توغرىسىدىكى ھۆكۈم" شۇنداق ھۆكۈمكى، ئۇ تەجرىبە ۋە ئەمەلىيەتكە ئاساسلانماستىن، "ساپ" ئەقلىي قۇرۇق تەسەۋۋۇرنى ئاساس قىلىدۇ. مەسىلەن، **كانت***نىڭ ئىدىيالىستىك پەلسەپىسىدە، ماكان، زامان قاتارلىقلار ئوبيېكتىپ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئاڭدا ئەكس ئەتكەن ئالاھىدىلىكلىرى بولماستىن، تۇغما بىۋاستە كۆزىتىش شەكلى بولىدۇ.

**ھاسىلى** (لاتىنچە a posteriori — كېيىن پەيدا بولغان) تۇغما بولۇشنىڭ ئەكسى، تەجرىبىدىن كېيىن ھاسىل بولۇش، تەجرىبىدىن كېلىش، پاكىتتىن كېلىش دېگەن مەنىدە. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ھەمىشە تەجرىبە ۋە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلمىغان بىلىشنى ئىنكار قىلىدۇ.

**تۇغما ئىدىيە** 天赋观念 Врождённые идеи بەزى ئىدى-

پالستىك تەلىماتتا ئېيتىلىشىچە، تۇغما ئىدىيە گويا تەجرىبىگە تايانمايلا ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا ئۆزلىكىدىن بولىدىغان ئىدىيە ئىمىش. قەدىمقى يۇنان — رىم پەلسەپىسىدە **پلاتون*** بۇنداق ئىدىيالىستىك تەلىماتنى راۋاجلاندۇردى. يېقىنقى زامان پەلسەپە تارىخىدا **دېكارت*** بۇنداق نۇقتىنەزەرنى تېخىمۇ مۇكەممەل ھالدا بايان قىلدى. دېكارت ئاللاھ توغرىسىدىكى ئىدىيە، ئۆزگەرمەس، ئەبەدىي ماھىيەت توغرىسىدىكى ئىدىيە، شۇنىڭدەك روشەن، ئېنىق ئالاھىدىلىككە ئىگە بارلىق گېئومېترىيىلىك ئۇقۇملار تۇغما ئىدىيە ۋە ئۇقۇم بولىدۇ دەپ قارىدى. نېمىس پەيلاسوپى **لېيبنىز***مۇ ئوخشاشلا، ئادەمنىڭ ئومۇمىي ئىدىيىسى تەجرىبىدىن ھاسىل قىلىنغان بولماستىن، ئادەمنىڭ روھىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، لېكىن بۇ ئىدىيىلەر دېكارتنىڭ قارىشىدىكىدەك تەييار ئۇقۇم ئەمەس، بەلكى تۇغما بىلىم پىرىنسىپى ۋە تۇغما قابىلىيەت، دەپ قارىدى. **كانت***نىڭ بىلىش شەكلى (زامان، ماكان، سەۋەبىيەت قاتارلىقلار)نىڭ ئەزەلىيلىكى توغرىسىدىكى تەلىماتى تۇغما ئىدىيە توغرىسىدىكى نەزەرىيە بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. پەلسەپە تارىخىدىكى ماتېرىيالىزمچى مەزھەپلەرنىڭ ۋەكىللىرى تۇغما ئىدىيە توغرىسىدىكى ئىدىيالىستىك تەلىماتنى كەسكىن تەنقىد قىلدى. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم: ئادەمنىڭ بارلىق تەسەۋۋۇرى، ئۇقۇمى، ئىدىيىسى مۇستەسناسىز ھالدا تەجرىبە ۋە ئەمەلىيەتنىڭ نەتىجىسى ۋە يىغىنچاقلىنىشى، ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى دەپ كېسىپ ئېيتىدۇ.

**تۇيغۇ** 感觉 Ощущение ماددىي دۇنيادىكى شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيەتلىرى سەزگۈ ئەزالىرىغا تەسىر قىلىش نەتىجىسىدە ئادەمنىڭ ئېڭىدا بولىدىغان ئىنكاس. بىزنىڭ تۇيغۇمىز تاشقى دۇنيانىڭ ئوبرازى. تۇيغۇ — ماددىي دۇنيانىڭ ئېڭىمىزدا

ئەڭ ئاددى ۋە ئەڭ دەسلەپ ئەكس ئېتىش شەكلى. ئۇ، رىياللىقنىڭ كىشلەرنىڭ ئېڭىدىكى مۇرەككەپرەك بولغان ئەكس ئېتىش شەكىللىرى، مەسىلەن، **سەزگۈ***، **تەسەۋۋۇر*** شۇنىڭدەك تۈرلۈك تەپەككۇر شەكىللىرى (**ئۇقۇم***، **ھۆكۈم***، **ئەقلىي خۇلاسە چىقارماق***) ئۈچۈن ماتېرىيال يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. دېمەك، تۈيغۇ ئەتراپىمىزدىكى ماددى رىياللىق توغرىسىدىكى بارلىق بىلىملەرنىڭ مەنبەسى. "بىز ئەملىي نەرسىنىڭ ھەرقانداق شەكلىنىمۇ، ھەركەتنىڭ ھەرقانداق شەكلىنىمۇ، تۈيغۇدىن باشقا يول بىلەن بىلەلمەيمىز......" (لېنىن. «ماتېرىيالىزىم ۋە تەجرىبە تەنقىتچىلىكى»، 1972 ـ يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 557 ـ بەت). ماددى نەرسىلەر ۋە ھادىسىلەر سەزگۈ ئەزالىرىمىزغا تەسىر قىلغان چاغدا نېرۋىمىزنى قوزغىشىدۇ، بۇ قوزغىتىش يۈرەك نېرۋىسىنى بويلاپ چوڭ مېڭە يېرىم شارىنىڭ پوستىغا يەتكەندە تۈيغۇ ھاسىل بولىدۇ. **پاۋلوۋ*** تۈيغۇنىڭ ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان پۈتكۈل ئاناتومىيىلىك ـ فىزىئولوگىيىلىك ئەزالارنى تەھلىل ئەزالىرى دەپ ئاتىدى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، تۈيغۇنىڭ ھاسىل بولۇش جەريانى تاشقى قوزغىتىش كۈچىنىڭ ئاڭغا ئايلانغانلىقىنىڭ پاكىتى، بۇ جەريان مەركىزى نېرۋا سىستېمىسى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ.

ھايۋانات ئورگانىزمىنىڭ تۈيغۇسى ئۇنىڭ مۇئەييەن تەرەققىيات باسقۇچىدىلا پەيدا بولىدۇ. ھايۋانات ئورگانىزمىنىڭ تۈزۈلۈشى قانچىكى يۇقۇرى بولسا، ئۇنىڭ نېرۋا سىستېمىسى ۋە ئۇنىڭ ھەركىتىمۇ شۇنچە مۇرەككەپ بولىدۇ. ئۇنىڭ تۈيغۇسىمۇ شۇنچە خىلمۇ ـ خىل ۋە شۇنچە مۇكەممەل بولىدۇ. ئىنسان تۈيغۇسىنىڭ تەرەققىياتى كىشىنىڭ ئەمەلىيىتى، ئەمگىكى، يەنى ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنىڭ مۇرەككەپلىكى بەلگىلىگەن.

ئادەمنىڭ تۈيغۇسى **تەپەككۇر*** بىلەن، يەنى رىياللىقنى ئىخچام،

ۋاسىتىلىك بىلىش شەكلى بىلەن ئاجرالماس ھالدا باغلانغان بولىدۇ. شۇڭا تۇيغۇ ھەمىشە ئاقىلغىلىق خاراكتېرغا ئىگە بولىدۇ. ھەممە تۇيغۇ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ: 1. ماددى دۇنيادىكى شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تۇيغۇلار، مەسىلەن، كۆرۈش، ئاڭلاش، پۇراش، تەمنى تېتىش ۋە تۇتۇش سەزگۈلىرى. بۇ سەزگۈ ئەزالىرى بەدىنىمىزنىڭ سىرتىدا ياكى شۇنىڭغا يېقىن جايلىرىغا جايلاشقان. 2. بەدىنىمىزدىكى ئايرىم قىسىملارنىڭ ھەرىكىتىنى ۋە ئىچكى ئەزالىرىمىزنىڭ ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تۇيغۇلار، مەسىلەن، ھەرىكەت تۇيغۇسى، تەڭپۇڭلۇق تۇيغۇسى ۋە ئەزالار تۇيغۇسى. بۇ سەزگۈ ئەزالىرى ئادەم بەدىنىنىڭ چوڭقۇر جايلىرىغا ياكى ئىچكى ئەزالىرىنىڭ سىرتىغا جايلاشقان.

ماخىزىمچىلار، دەلىلچىلار ۋە باشقا سۇبيېكتىپ ئىدېئالىستلار: تۇيغۇ بىلىش سۇبيېكتىنى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى دۇنيادىن ئاجرىتىپ تاشلايدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. ئۇلار: ئادەمنىڭ تۇيغۇسى ماددى رېئال شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەر خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئىنكاسى بولماستىن، شەيئىلەرنىڭ ۋە ھادىسىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن قىلچە ئوخشاشلىقى بولمىغان بەلگە ۋە ئالامەتلىرىدىنلا ئىبارەت، دەيدۇ. ئىلمىي بولمىغان بۇ نۇقتىنەزەرگە ئاساسلانغاندا، ئادەم ئۆز بەدىنىدىكى تۇيغۇنىڭ سىرتىغا چىقالمايدۇ، ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىن تاشقىرى تۇرىدىغان ۋە ئادەمگە باغلىق بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان شەيئىلەرنىڭ ۋە ھادىسىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلەلمەيدۇ. لېنىن **«ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىدچىلىكى»*** دېگەن كىتاۋىدا سۇبيېكتىپ ئىدېئالىستلارنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى مەسىلىسىگە دائىر ھەر جەھەتتىكى (جۈملىدىن تۇيغۇ مەسىلىسى جەھەتتىكى) كاززاپلىقى ۋە ئويدۇرمىلىرىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. لېنىن مۇنداق يازىدۇ: "ئىدېئالىستىك پەلسەپىنىڭ كاززاپلىقى

شۇ يەردىكى، ئۇ، تۇيغۇنى ئاڭنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن باغلىنىشى دەپ ئەمەس، بەلكى ئاڭنى تاشقى دۇنيادىن ئايرىپ تۇرغۇچى توساق، تام دەپ قارايدۇ؛ تۇيغۇ بىلەن تۇيغۇن بولغان تاشقى ھادىسىلەرنىڭ ئوبرازى دەپ ئەمەس، بەلكى 'بىردىن-بىر مەۋجۇدىيەت' دەپ قارايدۇ." («ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىتچىلىكى»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 68-بەت) لېنىن: ئادەمنىڭ ئەمىلىيتى بىلىشىمىزنىڭ ھەقىقەتلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم، ئۇ، سۇبيېكتىپ ئىدىيالىستلارنىڭ تۇيغۇ مەسىلىسىدىكى بارلىق ئويدۇرمىلىرىنى رەت قىلىپ تاشلىدى، دەپ كۆرسەتتى.

**تۇيغۇ نەزەرىيىسى** Сенсуализм **感觉论** (لاتىنچىسى sensus — تۇيغۇ) تۇيغۇنى بىلىشنىڭ بىردىن-بىر مەنبەسى دەپ تونۇيدىغان بىر خىل پەلسەپىۋى تەلىمات. ئەگەر تۇيغۇ ئوبيېكتىپ رېياللىقنىڭ ئىنكاسى دەپ قارالسا (ئەمىلىيەتمۇ ھەقىقەتەن شۇنداق)، ئۇ ھالدا ئىزچىل-كېسەل تۇيغۇ نەزەرىيىسى، مۇقەررەر سۈرەتتە، ماتېرىيالىزمغا ئېلىپ بارىدۇ. ماتېرىيالىستىك تۇيغۇ نەزەرىيىسى تەرەپدارلىرى — **ھولباخ***، **ھېلۋېتىس***، **فېيېرباخ***لار تۇيغۇ تاشقى شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىغا تەسىر قىلىشى سەۋەبىدىن ھاسىل بولىدۇ دەپ قارايدۇ. لېكىن ئەگەر تۇيغۇ پەقەت سۇبيېكتىپ نەرسە، تۇيغۇدىن تاشقىرى گويا ھېچنەرسە مەۋجۇت ئەمەس ياكى بىلگىلى بولمايدىغان مەلۇم بىر خىل "ئۆزىدىكى نەرسە"لا مەۋجۇت دەپ قارىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا تۇيغۇ نەزەرىيىسى سۇبيېكتىپ ئىدىيالىزمغا ئېلىپ بارىدۇ (**بېركلى***، **يۇم***، **كانت،*** **ماخ***، **ئاۋېنارىئۇس***، **بوگدانوۋ***لار). شۇڭا، تۇيغۇ نەزەرىيىسىنىڭ ئۆزىنى ئالغاندا، ئۇ ماتېرىيالىزمنىڭ شەكىللىنىشىدە ناھايىتى زور رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن پەلسەپىدە بىرسىبىر ماتېرىيالىزملىق لۇشيەنىنىڭ ئىپادىسى

ھېساپلانمايدۇ.

دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم بىزگە مۇنداق دەپ ئۆگىتىدۇ: تۇيغۇ نەزىرىيىسىنىڭ بىر شەرتىلا، يەنى تۇيغۇنىڭ بىزنىڭ بىلىمىمىزنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايدۇ. پەلسەپىۋى ئېقىمغا ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئۆلچىمى تۇيغۇ تاشقى شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئىنكاسىمۇ، ئەمەسمۇ، ياكى ئوبرازىمۇ، ئەمەسمۇ، دېگەن مەسىلىنى شۇ ئېقىمنىڭ قانداق ھەل قىلغانلىقىدا. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم مۇشۇ مەسىلىگە ئېنىق ۋە تەپسىلىي جاۋاب بېرىدۇ. ئۇ بىزگە مۇنداق ئۆگىتىدۇ: سەزگۈ تاشقى دۇنيانىڭ ۋە ھەرىكەتلىنىۋاتقان ماددىنىڭ كوچۇرۇلمىسى، سۈرىتى ۋە ئىنكاسىدۇر، ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن تەسەۋۋۇر ۋە ئۇقۇم تۇيغۇ ئاساسىدا قايتىدىن پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم تۇيغۇ نەزىرىيىسىنىڭ چەكلىملىكلىكىگىمۇ خاتىمە بەردى، مۇنداق چەكلىملىك — بىلىشنىڭ ئەقلىي باسقۇچىغا، يەنى لوگىكا باسقۇچىغا سەل قاراشتا ئىپادىلىنىدۇ. تۇيغۇ بىلىشنىڭ بىرىنچى باسقۇچى ياكى باشلىنىش باسقۇچىدىنلا ئىبارەت، ھسسى بىلىشكىلا تايىنىش تاشقى دۇنيا قانۇنىيەتلىرىنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشىمىزگە ياردەم بېرەلمەيدۇ. تۇيغۇ ماتېرىياللىرىنى ئابستىراكىت، نەزىرىيىۋى تەپەككۇر يىغىنچاقلايدۇ ۋە قايتا ئىشلەيدۇ، شۇنىڭدەك ھسسى بىلىش بىلەن لوگىكىلىق بىلىش كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي پائالىيىتى ئاساسىدا بىرلەشكەندىلا، ئاندىن ئوبيېكتىپ ھەقىقەتكە ئېرىشەلەيدۇ. (**تەجرىبىچىلىك***، **ئەقلىچىلىق؛ بىلىش***كە قاراڭ.)

**تەبىر** 定义 Дефиниция (لاتىنچە *definitio*) شەيئىلەرنىڭ ماھىيەت ئالاھىدىلىكى ياكى ئۇقۇمنىڭ خاس مەزمۇنى ۋە دائىرىسى توغرىسىدىكى توغرا لوگىكىلىق بەلگىلىمە.

**تەبىقە** 等级 Сословия قۇلدارلىق تۈزۈم ۋە فېئوداللىق

تۈزۈمگە خاس سىنىپلارنى پەرقلەندۈرۈش شەكلى. تەبىقە ئەسلىي ئىجتىمائىي ئورنىلا ئەمەس، بەلكى دۆلەتتە تۇتىدىغان قانۇنىي ئورنىمۇ ئوخشىمايدىغان ئىجتىمائىي گۇرۇھلار. ھەر بىر تەبىقىدە مۇئەييەن قانۇنىي ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت بولىدۇ. تەبىقە تەركىبى ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، فېئوداللىق دەۋردىكى فرانسىيىدە: (1) راھىبلار، (2) ئاقسۆڭەكلەر، (3) ئۈچىنچى تەبىقىدىكىلەر (دېھقانلار، قول سانائەتچىلەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار) دېگەن ئۈچ خىل تەبىقە بولغان ئىدى. يانچىلىق تۈزۈمدىكى كونا روسىيىدە ئاقسۆڭەكلەر "ئالىجاناپ" تەبىقە دەپ قارىلاتتى. ئاقسۆڭەكلەر باج-سېلىق تاپشۇرمايتتى، تەن جازاسىغا تارتىلمايتتى، پەقەت پەۋقۇلئاددە ئاقسۆڭەكلەر سوتىلا ئۇلارنى سوتقا تارتالايتتى. يالغۇز ئۇلاردىلا يەر-زېمىن ۋە يانچىلارنى ئىگىلەش ھوقۇقى بولاتتى. راھىبلارمۇ ئىمتىيازغا ئىگە تەبىقە بولۇپ، ئۇلار مەجبۇرىيەت ئۆتىمەيتتى، باجمۇ تۆلىمەيتتى. مىشچانلار (ئاساسەن شەھەر قول سانائەتچىلىرى، سودىگەرلەر) ۋە دېھقانلار بولسا تۆۋەن دەرىجىلىك ھەم باج تۆلەيدىغان تەبىقە ئىدى. لېنىن مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: "...... قۇللۇق جەمئىيەت ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتتە سىنىپلار پەرقى يەنە ئاھالىلەرنىڭ تەبىقىگە بۆلۈنۈشى بىلەنمۇ بەلگىلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەر بىر سىنىپنىڭ دۆلەتتە تۇتىدىغان ئالاھىدە قانۇنىي ئورنىمۇ بۇنىڭغا ئەگىشىپ بەلگىلىنىدۇ. شۇڭا، قۇللۇق جەمئىيەت ۋە فېئوداللىق جەمئىيەت (جۈملىدىن يانچىلىق جەمئىيەت)تىكى سىنىپلارمۇ ئالاھىدە تەبىقىلەردۇر. بۇنىڭ ئەكسىچە، كاپىتالىزم، بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىدە بارلىق پۇقرالار قانۇن جەھەتتە تەڭ ھوقۇقلۇق بولىدۇ، تەبىقىگە بۆلۈنۈشلەر (ئەڭ بولمىغاندا پىرىنسىپ جەھەتتە) يوقالغان بولىدۇ. شۇڭا سىنىپلار تەبىقە بولۇشتىن قالىدۇ. جەمئىيەتنىڭ سىنىپلارغا بۆلۈنۈشى قۇللۇق جەمئىيىتىمۇ،

فېوداللىق جەمئىيەتكىمۇ ۋە بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىگىمۇ ئورتاق نەرسە، لېكىن ئالدىنقى ئىككى خىل جەمئىيەتتە سىنىپلار تەبىقە بولىدۇ، كېيىنكىسىدە بولسا سىنىپلار تەبىقە بولمايدۇ." («لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە نەشرى، 6-توم، 93-بەت) تا ھازىرغىچە، كۆپ ساندىكى كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە تەبىقە بۆلۈنۈشنىڭ قالدۇقلىرى يەنە ساقلىنىپ كەلمەكتە. كونا فېودالىق مۇناسىۋەتلەر تېخىچە ئۈزۈل-كېسىل بىتچىت قىلىنمىغان دۆلەتلەردە (مەسىلەن، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە) بۇنداق قالدۇقلار تولىمۇ ئېنىق كۆرۈلمەكتە. جاھانگىرلىك دەۋرىدە ئەڭ ئەكسىيەتچىل بۇرژۇئا گۇرۇھلىرى، ھەممىدىن ئاۋال ئىتالىيە ۋە گېرمانىيىنىڭ فاشىستلىرى تەبىقە بۆلۈنۈشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى. گىتلېر ئەكسىيەتچى باندىتلار گۇرۇھى مۇنداق بىر خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم ئورنىتىشقا ئۇرۇندىكى، بۇ تۈزۈمدە "لويىلار سىنىپى" يەنى يېڭى ئاقسۆڭەكلەر بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا ئوتتۇرا سىنىپ تۇرىدۇ، ئىجتىمائىي ئېھرامنىڭ ئەڭ تېگىدە بولسا كەڭ "نامسىز" كىشىلەر، يۈز مىليونلىغان "ئەبەدىي مالايلار" تۇرىدۇ.

بۇرژۇئازىيە تېخى بىر ئىنقىلابىي سىنىپ بولۇپ تۇرغان ۋاقىتلاردا، ئۇ تەبىقە ئىمتىيازىغا قارشى تۇرغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئەكسىيەتچى بۇرژۇئازىيە ئۆز سىنىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، جەمئىيەتنى ئوتتۇرا ئەسىرگە قايتۇرماقچى، بىمەنىلىك تەبىقە تەسكىرىلىگىنى تىرىلدۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. روسىيىدە، ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى ھەتتا 1917-يىلدىكى بۇرژۇئازىيە فېۋرال ئىنقىلابىدىن كېيىن يەنىلا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان تەبىقە بۆلۈنۈشلىرىنى تولۇق، تەل-تۆكۈس يوقاتتى. 1917-يىل 11-ئاينىڭ 23-كۈنى (كونا كالېندار بويىچە 10-كۈنى) پۈتۈن روسىيە مەركىزىي ئىجرائىيە كومىتېتى ۋە خەلق كومىتېتى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ

تەبىقىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇردى. سوتسىيالىستىك دۆلەت بارلىق ئەمگەكچىلەر ئۈچۈن ھەقىقىي باراۋەرلىك ھوقۇقىنى تىكلەپ بەردى.

**تەبىي پەن ماتېرىيالىزمى** **自然科学的唯物主义** **Материализм естественнонаучный** **تەبىي-تارىخىي ماتېرىيالىزم***غا قاراڭ.

**تەبىي-تارىخىي ماتېرىيالىزم** **自然历史的唯物主义** **Естественно-исторический материализм** تەبىي پەن ماتېرىيالىزمى، ئىستىخىيىلىك ماتېرىيالىزم "تەبىي پەن ئالىملىرىنىڭ مۇتلەق زور كۆپچىلىكىنىڭ ئېڭسىز ئەكس ئەتتۈرىدىغان تاشقى دۇنيانىڭ ئوبيېكتىپ چىنلىقىغا بولغان ئىستىخىيىلىك، ئاڭسىز، قېلىپلاشمىغان، پەلسەپە جەھەتتىن غەرەزسىز ئىشەنچى" (لېنىن. «ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىدچىلىكى»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 643-بەت). لېنىن «ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىدچىلىكى»دە ئىستىخىيىلىك ماتېرىيالىست، «ئالەمنىڭ سىرى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى **ھېككېل***نى مىسالغا ئالغان. ھېككېل ئۆزىنى ماتېرىيالىست دەپ ھېسابلىمايدۇ، لېكىن ئۇ ئىلىم-پەننى چىقىش قىلىپ، ماتېرىيالىستىك خۇلاسە چىقىرىدۇ، شۇنداق قىلىپ تەبىي-تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ توغرىلىقىنى دەلىللەيدۇ. نورمال پىكىر قىلىدىغان ھەرقانداق كىشى تەبىي ھالدا، ئەمەلىيەت جەريانىدا (تەجرىبىسىگە ئاساسەن)، دۇنيانىڭ ماددىي ئىكەنلىكىگە، بىزنىڭ ئېڭىمىزدىن تاشقىرى، بىزنىڭ ئېڭىمىزغا باغلىق بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىغا ھەقىقىي ئىشىنىدۇ. بىراق، ئاڭلىق بولمىغان، ئىستىخىيىلىك تەبىي پەن ماتېرىيالىزمى ئاڭلىق ماتېرىيالىزمغا ئايلاندۇرۇلمايدىكەن، ئۇنداقتا ئۇ چاكىنا تەجرىبىچىلىك ۋە دەلىلچىلىك بولۇپ قالىدۇ. ئىدىيالىستلار تەبىي پەن ماتېرىيالىزمىنىڭ ئاجىزلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى پەلسەپىۋى ئىدىيالىزم

مەيدانغا باشلاش كويىدا بولدى. لېنىن «ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىتچىلىكى»دە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: تەبىي پەندە كىرىزىس يۈز بېرىشتىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى تەبىي پەن ئالىملىرىنىڭ پەننىڭ ئەڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى پەلسەپىۋى نۇقتىنەزەر ئارقىلىق چۈشەنمىگەنلىكىدىن ئىبارەت؛ بۇ كىرىزىسنى يېڭىش ئۈچۈن، پەقەت كونا، مېتافىزىكىلىق، مېخانىكىلىق تەبىي پەن ماتېرىيالىزمىدىن ئاڭلىق، دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمغا ئۆتۈش لازىم. لېنىن «جەڭگىۋار ماتېرىيالىزمنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدا دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمچىلارنى ماتېرىيالىزمغا مايىل بولغان ھازىرقى زامان تەبىي پەننىڭ ۋەكىللىرى بىلەن تۈزگەن ئىتتىپاقنى مۇستەھكەملەشكە، تەبىي پەن ئالىملىرىنىڭ تەبىي پەن ماتېرىيالىزمىنى ئاڭلىق، دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈشكە چاقىرغان ئىدى. لېنىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: "ھەرقانداق تەبىي پەن، ھەرقانداق ماتېرىيالىزم، ئەگەر تولۇق ئىشەنچلىك پەلسەپىۋى ئاساسى بولمايدىكەن، بۇرژۇئا ئىدىيىسىنىڭ چىرىتىشىگە ۋە بۇرژۇئا دۇنياقارىشىنىڭ تىرىلىشىگە قارشى كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرالمايدۇ. بۇ كۈرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش، ئۇنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش ھەممە تولۇق غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، تەبىي پەن ئالىملىرى ھازىرقى زاماننىڭ ماتېرىيالىستلىرىدىن بولۇشى، ماركس ۋەكىللىك قىلغان ماتېرىيالىزمنىڭ ئاڭلىق ھىمايىچىلىرىدىن بولۇشى، يەنى دىيالېكتىك ماتېرىيالىستلاردىن بولۇشى كېرەك." (لېنىن.«ماركس، ئېنگېلس ۋە ماركسىزم توغرىسىدا»، 1977-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 861—862-بەتلەر)

**تەبىئەت پەلسەپىسى** Натурфилософия **自然哲学** 17— 18-ئەسىرلەردە ئەۋج ئالغان تەبىئەت دۇنياسى توغرىسىدىكى پەلسەپە، ئۇ چاغلاردا تەجرىبىۋى تەبىي پەن تەبىئەت دۇنياسىدىكى

ئۇرغۇن ھادىسىلەرنى شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئوبيېكتىپ باغلىنىشى ۋە بىر بىرىگە بېقىندىلىقىنى تېخى ئىلمىي ھالدا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى. تەبىئەت پەلسەپىسى دۇنيا توغرىسىدا تەجرىبىۋى ماتېرىياللارنى ئەمەس، بەلكى ئابستراكت خىيالكەشلىك پرىنسىپىنى ئاساس قىلىدىغان بىلىملەرنى ئوتتۇرىغا قويماقچى بولدى. ئېنگېلس **«لىيۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى»*** دېگەن كىتاۋىدا تەبىئەت پەلسەپىسىنى تەپسىلى چۈشەندۈرگەن ئىدى. ئۇ، تەجرىبىۋى تەبىئى پەندە قولغا كەلگەن ئەڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئاساسەن، تەبىئەت دۇنياسىدىن ئىبارەت بۇ باغلىنىشلىق پۈتۈن گەۋدىنىڭ ئومۇمى قىياپىتىنى تازا سىستېمىلىق شەكىل ئارقىلىق تەسۋىرلەشكە بولىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. ئارقىدىنلا مۇنداق دەيدۇ: ئىلگىرى ئاتالمىش تەبىئەت پەلسەپىسىنىڭ ۋەزىپىسى ئەنە شۇ ئىدى، ئۇ چاغلاردا تەبىئەت پەلسەپىسى "تېخى بىلىنمىگەن رېئال باغلىنىشنىڭ ئورنىغا قايىۋى، خىيالىي باغلىنىشلارنى قويۇش، پاكىتلارنى ئويدۇرما بىلەن تولۇقلاش، رېئاللىقتىكى بوشلۇقنى ساپ تەسەۋۋۇر بىلەن تولدۇرۇش يولى بىلەنلا تەسۋىرلىيەلەيتتى. بۇ پەلسەپە بۇنداق قىلغان ۋاقتىدا بەزى تالانتلىق پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى بەزى كەشپىياتلاردىن بېشارەت بەردى، لېكىن، ئىنتايىن بىمەنە چۈشەنچىلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ چاغدا، شۇنداق بولماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە، كىشىلەر تەبىئەتنى تەتقىق قىلىش نەتىجىسىنى پەقەت دىيالېكتىك تۈردە يەنى ئۇلارنىڭ ئۆزىدىكى باغلىنىش بويىچە كۆزەتسىلا، بىزنىڭ زامانىمىزدا كىشىنى قانائەتلەندۈرىدىغان ‘تەبىئەت سىستېمىسى’نى تۈزۈپ چىقالايدىغان چاغدا، بۇنداق باغلىنىشنىڭ دىيالېكتىك خاراكتېرى ھەتتا تەبىي پەن ئالىملىرىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ مېتافىزىكىدىن تەلىم ئالغان كاللىسى ئۇنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر قىلغان

چاغدا، تەبىەت پەلسەپىسى ئاخىرقى ھساپتا چىقىرىۋېتىلدى. ئۇنى
ئىرلەشتۈرۈش يولىدىكى ھەرقانداق ئۇرۇنۇش ئارتۇقچە ئۇرۇنۇش
بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئارقىغا چېكىنىش بولىدۇ" (ئېنگېلس،
«لىيۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى»،
1975 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 67 ــ 68 ـ بەتلەر). گېرمانىيىنىڭ
ئىدىيالىستىك پەلسەپىسىدە يەنى **شېللىڭ، * گېگېل*لارنىڭ**
پەلسەپىسىدە تەبىەت پەلسەپىسىنىڭ ئۇقتىسەزىرى ئەڭ تىپىك
ھالدا ئىپادىلەنگەن. شېللىڭ "ماددا ياساش"نى تەبىەت پەلسەپى-
سىنىڭ مۇقەررەر ۋەزىپىسى دەپ قارىدى. ئۇ مەلۇم "ئالەم روھى"نى
تەبىەت ھادىسىلىرىنى ياغلاپ تۇرىدىغان ۋە تەشكىللەيدىغان كۈچ
دەپ قارىدى. ئۇ تەبىەت دۇنياسى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى مەقسەت-
نىڭ رولى، تازا ئويىدان بولۇش، بەدىي مۇكەممەللىككە يېتىش
يولىدىكى ئىنتىلىش دەپ قارىدى. شېللىڭ يورۇقلۇقنى "تەبىەتنى
ئىچكى جەھەتتىن بىۋاستە كۆزىتىش"، ئېغىرلىق كۈچىنى تەبىەتنى
"سىرتقى جەھەتتىن بىۋاستە كۆزىتىش" دەپ قارىدى. گېگېل تەبىەت
دۇنياسىنى روھنىڭ، مۇتلەق ئىدىيىنىڭ "جەتلەشتۈرۈلۈشى" دەپ
قارىدى. گېگېلنىڭ سۆزى بويىچە بولغاندا، تەبىەت دۇنياسىنىڭ
ئۆزى يېرلىككە كەلمىگەن، مۇكەممەل ئەمەس؛ تەبىەت ھادىسىلىرى-
نىڭ ئۆزى تارقاق، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش "مۇتلەق ئىدى-
يە"نىڭ تەرەققىياتى ئارقىسىدا ئورنىتىلغان. گېگېل مۇشۇنى ئاساس
قىلىپ، غەيرى ئورگانىك دۇنيا بىلەن ئورگانىك دۇنيانىڭ تەرەققىيا-
تىنى ئىنكار قىلدى. تەجرىبىۋى تەبىى پەنگە ئائىت تەجرىبە ماتېرى-
ياللىرىغا سەل قاراشنىڭ يەنە بىر تەرىپى كونكرېت ھادىسىلەر
توغرىسىدىكى خىيالىي بولغان، ئىنتايىن بىمەنە كۆزقاراش، مەسى-
لەن، گېگېلنىڭ ئۆزۈمىنىڭ پىشىشى قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنىڭ پەيدا
بولۇشىغا باغلىق دېگەنگە ئوخشاش كۆزقاراشلاردىن ئىبارەت. ئېنى-

گېلس تەبىئەت پەلسەپىسىنى كەسكىن تەنقىت قىلغان ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ مەلۇم ئاكتىپ ئامىللىرى ۋە پاكىتنى تەجرىبىگىلا ئاساسلىنىپ بايان قىلىشنى خالىمايدىغان نىيىتىنىمۇ كۆرسەتكەن ھەمدە تەبىئەت پەلسەپىسىنىڭ بەزى چوڭقۇر قىياسلىرىنى، مەسىلەن، گېرمانىيە تەبىئەت پەلسەپىسى پەيلاسوپى ئوكېن (1779— 1851) ئوتتۇرىغا قويغان تەرەققىيات ئىدىيىسىنى تولۇقسىز ھالدا كۆرسەتكەن ئىدى.

ئىلغار تەبىئىي پەن ئۆزىنى بويى سۇندۇرىدىغان مەلۇم تەبىئەت پەلسەپىسىگە مۇھتاج ئەمەس، چۈنكى دىيالېكتىك ماتېرىيالىزملىق پەلسەپە ئۆتكى تەبىئەت دۇنياسى ئۈستىدە نەزەرىيىۋى تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتا كۈچلۈك ئۇسۇلنى ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان، ئەمما، بۇرژۇئازىيە ئىلىم-پېنى ۋە پەلسەپىسى بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر يەنىلا تەبىئەت پەلسەپىسىدىن ئىبارەت بۇ ساختا نەزەرىيىنى تىرىلدۇرۇشكە ئۇرۇنماقتا.

**«تەبىئەت دىيالېكتىكىسى»** «自然辩证法» «Диалектика природы» ئېنگېلسنىڭ ئەسىرى، 1925-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا 1-قېتىم نەشر قىلىنغان. بۇ ئەسەر ئېنگېلس 1873-يىلىدىن 1883-يىلىغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە، ئىنتايىن مۇھىم بولغان تەبىئەت دىيالېكتىكىسى مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىپ يازغان ئۇرغۇن خاتىرىلەرنىڭ توپلىمى. ئېنگېلس مۇنداق دەپ قارايدۇ: دىيالېكتىك ماتېرىيالىزملىق پەلسەپە تەبىئىي پەن ۋە ماتېماتىكىنىڭ ئومۇمىي يەكۈنلىك بىلىملىرىنى ئاساس قىلىشى كېرەك؛ تەبىئىي پەن بىلەن ماتېماتىكىمۇ پەقەت دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ئاساسىدىلا ياخشى راۋاجلىنالايدۇ. «تەبىئەت دىيالېكتىكىسى» دېگەن كىتابتا تەبىئىي پەن ۋە ماتېماتىكىنىڭ تارىخى پەلسەپە جەھەتتە چوڭقۇر تەتقىق قىلىنغان، ماتېرىيالىستىك دىيالېك-تىكىدىن ئىبارەت ئەڭ ئىلغار، ئەڭ ئىنقىلابىي نەزەرىيىگە ئاساسەن،

تەبىي پەنلەردىكى بىر قاتار مۇھىم مەسىلە تەھلىل قىلىنغان. بۇ ئەسەردە مېخانىك ماتېرىيالىزم چوڭقۇر تەنقىت قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇرژۇئا تەبىي پەن ئالىملىرى ۋە ماتېماتىكلىرىنىڭ ئىدىيالىستىك تەلىماتلىرى شۇنداقلا مېتافىزىكىلىق ئۇسۇللىرىمۇ چوڭقۇر تەنقىت قىلىنغان. شۇ چاغدىكى تەبىي پەننى پىششىق بىلىدىغان ئېنگېلس مېتافىزىكىلىق تەبىئەت قارىشىنىڭ ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلغانلىقتىن قانداق قىلىپ ئىچكى جەھەتتە يىمىرىلگەنلىكىنى ھەممە يېقى، ئىنقىلاۋىي دىيالېكتىك ئۇسۇلغا ئورۇن بوشىتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئېنگېلس دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ ماددىلارنىڭ تۈرلۈك ھەرىكەت شەكىللىرى توغرىسىدىكى تەلىماتىنى تەپسىلىي ھالدا دەلىللىدى. ئېنگېلس تەبىي پەن ۋە ماتېماتىكىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى تەھلىل قىلغان چاغدا، تەبىي پەن ئالىملىرىنىڭ قانداق قىلىپ مېتافىزىكىلىق پىكىر قىلىش ئۇسۇلىدىن ۋاز كېچىپ، دىيالېكتىك پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا كۈنسايىن مەجبۇر بولغانلىقىنى چۈشەندۈردى ھەمدە ئۇنىڭ تەبىي پەننىڭ تەرەققىياتىغا قانداق ياخشى تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. ئېنگېلس تەبىي پەننىڭ نۇرغۇن تۈپ قانۇنىيەتلىرىنى پەلسەپە جەھەتتىن تەپسىلىي تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ دىيالېكتىك ماھىيىتىنى ئېچىپ بەردى. مەسىلەن، ئۇ ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنىنى يەنى ئېنېرگىيىنىڭ سۈپەت ئۆزگىرىش قانۇنىنىڭ چىن مەنىسىنى چۈشەندۈردى ھەمدە ئۇنى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ مۇتلەق قانۇنى دەپ ئاتىدى. ئېنگېلس ئىسسىقلىق مېخانىكىسىنىڭ 2-قائىدىسىنىمۇ تەتقىق قىلىپ، بۇرژۇئا ئالىملىرىنىڭ ئالەم دىمىقلىنىشقا قاراپ كېتىۋاتىدۇ دېگەن بىمەنە يەكۈنلىرىنى ئېچىپ تاشلىدى. بۇ خىل نەزەرىيە، دەل ماركسنىڭ كۆرسەتكىنىدەك، ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنىغا ۋە ئۆزگىرىش قانۇنىغا زىت كېلىدۇ.

ئېنگېلس دارۋىن*نىڭ ئۆزلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى تەلىماتىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، بۇ تەلىماتنىڭ كەمچىلىك ۋە خاتالىقلىرىنى ئاشكارىلىدى؛ ئۇنىڭ دارۋىن نەزەرىيىسىنىڭ كەمچىلىكى توغرىسىدىكى قارىشى، بۈگۈنكى كۈندە، دارۋىن نەزەرىيىسىنىڭ چەكلىمىسىنى تۈگەتكەن مىجۇرىن تەلىماتىدا ئۇرغۇن جەھەتلەردىن شائىلىق يوسۇندا دەلىللەندى. ئېنگېلس ئەمگەكنىڭ ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققى قىلىشى جەريانىدىكى رولى مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. ماتېماتىكا جەھەتتە، ئېنگېلس چەكسىزلىك (چەكسىز چوڭلۇق ۋە چەكسىز كىچىكلىك) مەسىلىسى ئۈستىدە ناھايىتى كوپ تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى. ئۇ، بىزنىڭ چەكسىزلىك توغرىسىدىكى چۈشەنچىمىزدە تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۆزىنىڭ چوڭ-كىچىكلىك جەھەتتىكى چەكسىزلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، دەپ كورسەتتى. ئۇ يەنە ئالىي ماتېماتىكىدا ئۆزگىرىشچان سانلارنىڭ قوللىنىلغانلىقى دەل دىيالېكتىكىنىڭ ئالىي ماتېماتىكىغا سىڭىپ كىرگەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئېنگېلس ئاسادېپلىق بىلەن مۇقەررەرلىكنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى تەتقىق قىلدى. تەبىي پەندىكى بۇ مۇرەككەپ پەلسەپە مەسىلىسىدە، ئېنگېلس دىيالېكتىك ئۇسۇلنى جانلىق ھالدا قوللىنىپ، مېخانىكىچىلىق ۋە ئىدىيالىزىمنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان خاتا نۇقتىنەزىرىنى پاش قىلدى ھەمدە بۇ مەسىلىتى ماركسىزىملىق نۇقتىنەزەر ئارقىلىق ھەل قىلدى. ئېنگېلس ئىدىيالىستلارغا قارشى كۈرەشتە ماركسىزىنىڭ تەبىئەت قانۇنىيىتىنىڭ ئوبېكتىپلىقى توغرىسىدىكى تەلىماتىنى قوغدىدى ۋە راۋاجلاندۇردى. ئەلۋەتتە، ئېنگېلس «تەبىئەت دىيالېكتىكىسى»دا شەرھىلىگەن تەبىي پەنگە ئائىت مەخسۇس مەسىلىلەرنىڭ قىسمەن تەرەپلىرى بۈگۈنكى كۈندىكى يېڭى كەشپىياتلار ئارقىسىدا كونىراپ قالدى. لېكىن ئۇمۇمەن ئېيتقاندا، ئېنگېلسنىڭ «تەبىئەت

دىيالېكتىكىسى» مۇنۇلارنى تولۇق ئىسپاتلىدى؛ ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكا قانۇنى توغرىسىدىكى بىلىم ئەگەر مەخسۇس پەننىڭ مول بىلىملىرى بىلەن بىرلەشسە، تەبىئىي پەندە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر قىسىم پرىنسىپلىق، (پەلسەپىۋى، مېتودولوگىيىگە دائىر) مەسىلەرنى توغرا ھەل قىلالايدۇ. «تەبىئەت دىيالېكتىكىسى»دىكى نۇرغۇن قائىدىلەر تەبىئىي پەننىڭ كېيىنكى توپ-توغرا ئەچچە ئون يىللىق تەرەققىياتىدىن بىشارەت بەردى. بۇ كىتاب مۇرەككەپ تەبىئىي پەن مەسىلىلىرىگە دىيالېكتىك ھالدا مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئۈلگىسى، ئۇ پەيلاسوپلار ۋە تەبىئىي پەن ئالىملىرىغا ئىلىم-پەندىكى ئىدېيالىزمنىڭ ۋە سىرلىقلاشتۇرمىچىلىقنىڭ ھەرقانداق ئىپادىسىگە، بولۇش جەھەتتە دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم پرىنسىپلىرىدىن يۈز ئۆرۈيدىغان ھەرقانداق ھەركەتلەرگە مۇرەسسەلەشمەسلىك پوزىتسىيىسى بىلەن مۇئامىلە قىلىش ھەققىدە تەلىم بەردى.

ئېنگېلس ئۆزى «تەبىئەت دىيالېكتىكىسى» دېگەن كىتابنى باستۇرماقچى ئەمەس ئىدى، بۇ كىتاب ئېنگېلسنىڭ خەتلىرى، خاتىرىلىرىنىڭ توپلىمى ئىدى. ئېنگېلسنىڭ بۇ ئەسىرىنى تەتقىق قىلغاندا بۇنى ھېسابقا ئېلىش لازىم.

**تەبىئەت دۇنياسى** Природа 自然界 ھەر خىل-ھەر ياڭزا ئىپادىلىنىش شەكلى ۋە ھەركەت شەكلىدىكى ماددا. تەبىئەت (دۇنيا)نىڭ بىرلىكى ئۇنىڭ ماددىيلىقىدا. تۈرلۈك تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئىلمىي يوسۇندا چۈشەندۈرگەن چاغدا ھېچقانداق سىرتقى، روھىي ۋە ئىلاھىي سەۋەبلەر شۇنداقلا ئۇنىڭغا نوقشاپ كېتىدىغان باشقا سەۋەبلەرنىڭ زادىلا كېرىكى يوق. ماتېرىيالىستىك تەبىئەت قارىشى تەبىئەت دۇنياسىنى ساددا ھالدا ئۆز پېتىچە، ھېچقانداق قوشۇمچىسىز چۈشىنىشتىن ئىبارەت...." (ئېنگېلس. «تەبىئەت دىيالېكتىكىسى»، 1979-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 341-بەت)

ئىدېئالىستلار تەبىئەت دۇنياسى ئاڭ ھادىسىسى دەپ دەۋا قىلىدۇ. مەسىلەن، كانت پەقەت ئىنسانىيەتنىڭ ئىدرىكىلا ئەتراپىمىزدىكى قالايمىقان ھادىسىلەرنى رەتكە سالىدۇ ۋە قانۇنىيەتكە ئىگە قىلىدۇ دەپ قارايدۇ. گېگېل تەبىئەت دۇنياسى روھنىڭ چەت-لەشتۈرۈلۈشى دەپ قارايدۇ. ماخ تەبىئەت دۇنياسى سۇبيېكتىپ تۇيغۇنىڭ قوشۇلمىسى دەپ قارايدۇ، ۋاھاكازالار. ئەمەلىيەتتە تەبىئەت دۇنياسى ئاڭدىن ئاشقىرى، ئاڭغا باغلىق بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ئوبيېكتىپ چىنلىق. تەبىئەت دۇنياسى ئەبەدىي راۋاجلىنىدۇ، زامان ۋە ماكان جەھەتتە ئۇنىڭ باش-ئاخىرى بولمايدۇ. ئورگانىكلارنىڭ جېنى، ماددىلارنىڭ تۇيغۇ قابىلىيىتى ئورگانىكسىز ماددىلاردىن پەيدا بولغان. ئادەم تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئالىي مەھسۇلى. ئادەم تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزى ياراتقان ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ئارقىلىق تەبىئەت دۇنياسىغا تەسىر كۆرسە-تىدۇ، تەبىئەت دۇنياسىنى ئۆزگەرتىدۇ، تەبىئەت كۈچىنى ئىنسان-لارنىڭ مەقسىدى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. 16-ئەسىردىن 18-ئەسىرگە قەدەر، ئىلىم-پەندە تەبىئەت دۇنياسى مۇتلەق ئۆزگەرمەيدۇ، دېگەن ئىدىيە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئىدى. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم تەبىئەت دۇنياسىنى ھەرىكەتلىنىپ ۋە راۋاجلىنىپ تۇرىدۇ دەپ قارىدى، ئۇ تەبىئەت دۇنياسىغا نىسبەتەن تارىخىي نۇقتىنەزەرنى تىكلىدى.

**تەبىئەت ئىلاھچىلىقى** **自然神论** **Деизм** (لاتىنچىسى deus — ئىلاھ) تەبىئەت ئىلاھچىلىقى دېگەن تەلىمات ئىلاھ پەقەت دۇنيانىڭ ئادەمچە بولمىغان ياراتقۇچىسى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ دەپ ھېسابلايدۇ، شۇنىڭدەك دۇنيانى تەبىئەت قانۇنىيىتى ئىدارە قىلىدۇ دەپ ھېسابلايدۇ. تەبىئەت ئىلاھچىلىقى ئەنگلىيىدە بارلىققا

كەلگەن. 17 ـ ۋە 18 ـ ئەسىرلەردىكى ئىنقىلاۋىي بۇرژۇئازىيە فېودالىزىمغا قارشى كۈرەشتە ئەركىنلىك ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلدى ھەمدە دىنىي جەمئىيەتنىڭ نۇرغۇن ئەقىدىلىرى ۋە مۇراسىملىرىنى بىكار قىلدى. فېوداللىق دىنىي جەمئىيەت دۇنياقارىشى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان شارائىتتا، تەبىئەت ئىلاھچىلىقى ھەمىشە خۇداسىزلىقنىڭ يوشۇرۇن شەكلى، ماتېرىيالىستلارنىڭ دىندىن قۇتۇلۇشقا قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدىغان ئۇسۇل بولۇپ كەلدى. ئەنگلىيىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى تەبىئەت ئىلاھچىلىقى تەرەپدارى چېربېرى (1583—1648) دىننى ئالدامچىلار ـــ پوپلار ـــ نىڭ ياراتقانلىقىنى دەلىللىدى. تەبىئەت ئىلاھچىلىقىنىڭ يەنە بىر ۋەكىلى ئەخلاقشۇناسلىق پەيلاسوپى شېفتسبېرى (1671—1713) ئەخلاق بىلەن دىننىڭ مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى، دىننىڭ كىشىلەرنىڭ ئەخلاقسىز ھەركەتلەردە بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىنى دەلىللىدى. 18 ـ ئەسىردە فرانسىيىنىڭ تەبىئەت ئىلاھچىلىقىنىڭ ۋەكىللىرى **ۋولتېر***، **رۇسسو***لار ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە، تەبىئەت ئىلاھچىلىقى دىگەننى ۋىۋىسكا قىلىۋېلىپ، دىننى ئاقلاش قەستى يوشۇرۇنماقتا.

**Натурализм 自然主义 (ناتۇرالىزم) تەبىئەتچىلىك**

(لاتىنچىسى natura — تەبىئەت) پەلسەپىدە تەبىئەتچىلىك دىگەندە تەبىئەت قانۇنىيىتى (ھاۋا كىلىماتى شارائىتى، جۇغراپىيىلىك مۇھىت، كىشىلەرنىڭ بىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئىرقىي ئالاھىدىلىك قاتارلىقلار)دىن ئىلمىي بولمىغان ھالدا پايدىلىنىپ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى چۈشەندۈرۈش ئىستىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. تەبىئەتچىلىك **ئانتروپولوگىزىم***غا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئانتروپولوگىزىممۇ كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى باشقۇرۇۋاتقان ئالاھىدە قانۇنىيەتنى چۈشەنمەيدۇ. 17 ـ ئەسىر ۋە 18 ـ ئەسىر پەلسەپىلىرىدىكى تەبىئەتچىلىك روھ ئىلاھچىلىقىغا قارشى كۈرەشتە ئاكتىپ رول ئوينىغان ئىدى، لېكىن،

كېيىن ئۇ چېكىنىپ ئەكسىيەتچىل، ئىدىيالىستىك نەزەرىيىگە ئايلاندى. **ھالتۇسچىلىق***، **سپېنسېر***نىڭ ئورگانىزىم نەزەرىيىسى، "سوتسىيال دارۋىنىزىمچىلار"نىڭ تۈرلۈك نەزەرىيىلىرى (ئورگانىك ماددىلارنىڭ تۈرلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىش سەۋەبى ئارقىلىق جەمئىيەت تەرەققىياتىنى چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇش) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ تىپكە كىرىدۇ. سەنئەت جەھەتتىكى تەبىئەتچىلىك دەل رېاللىقنى قوپال ھالدا تەسۋىرلەش، رېاللىققا نىسبەتەن ئىدىيىۋى چۈشەنچە كەم بولۇش، ماھىيەتلىك نەرسىلەر بىلەن ماھىيەتلىك بولمىغان نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش، تەپسىلاتقا ئارتۇقچە ئەھمىيەت بېرىپ كېتىش قاتارلىقلاردۇر.

**تەپەككۇر** 思维 Мышление ئالاھىدە ئۇيۇشقان ماددا — **مېڭە***—نىڭ ئالىي مەھسۇلى. تەسەۋۋۇر، ئۇقۇم، ھۆكۈم قاتارلىقلار ئارقىلىق ئوبيېكتىپ رېاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر خىل پائالىيەتچان جەريان. تەپەككۇر باشتىن-ئاخىر مۇئەييەن ماددىنىڭ ھەرىكەت شەكلى يەنى ئادەم مېڭىسىنىڭ پائالىيىتى بىلەن باغلانغان بولىدۇ. ئىدىيالىستلار تەپەككۇرنى مۇستەقىل، ماددىغا بېقىنمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، تەبىئەتتىن تاشقىرى مەنىيەنىڭ مەھسۇلى، يەنى ئىلاھ، مۇتلەق ئىدىيە قاتارلىقلارنىڭ مەھسۇلى دەپ قارايدۇ. پەننى بىلىملەر ئىدىيالىستلارنىڭ بۇنداق دىنىي جۆيلۈشلىرىنى ئاللىبۇرۇن رەت قىلىپ تاشلىدى. ھازىرقى زامان ئىلىم-پېنى تەپەككۇرنىڭ ماددىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىكەنلىكىنى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھالدا دەلىللىدى. ئۇلۇغ رۇس ئالىمى **پاۋلوۋ*** ۋە ئۇنىڭ ئىلمىي ياراتقان ھايۋاناتلارنىڭ ئالىي نېرۋا پائالىيىتى توغرىسىدىكى ماتېرىيالىستىك تەلىمات بۇ جەھەتتە ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە. پاۋلوۋ چوڭ مېڭىنىڭ پسىخولوگىيىلىك پائالىيەتنىڭ ماددىي ئاپپاراتى ئىكەنلىكىنى تولۇق دەلىللىدى. ئۇ مۇنداق

دەپ يازىدۇ: "...... پسىخولوگىيىلىك پائالىيەت چوڭ مېڭىنىڭ مەلۇم قىسمىنىڭ فىزىولوگىيىلىك پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى......" پاۋلوۋ يەنە ئىتنىمۇ ئوز ئىچىگە ئالغان ئالى ھايۋاناتلارنىڭ تەھلىل قىلىش، ۋە ئومۇملاشتۇرۇش قابىلىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، يەنى ئۇلارنىڭ ئايرىم تەسىرلەرنى پەرق ئېتەلەيدىغانلىقىنى ۋە باغلىيالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئاكادېمىك پاۋلوۋنىڭ تەتقىقاتى ئېنگېلسنىڭ: "پۈتكۈل ئىدرەكى پائالىيەت" يەنى يىغىش، يېشىش ھەتتا مەلۇم دەرىجىدە ئابستراكسىيىلەش، نامەلۇم شەيئىلەرنى تەھلىل قىلىش، ئومۇملاش-تۇرۇش ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى يەنى تەجرىبە "بىز بىلەن ھايۋاناتلارغا ئورتاق" دېگەن مەشھۇر قائىدىسىنى كارامەت دەلىللىدى. ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: تۆۋەندىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسى "ئادەم ۋە ئالى ھايۋانلارغا نىسبەتەن تامامەن ئوخشاش. ئۇلار پەقەت دەرىجە جەھەتتىن (ھەر بىر ئەھۋال ئاستىدىكى ئۇسۇلنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى جەھەتتىن) ئوخشىمايدۇ، خالاس" («تەبىئەت دىيالېكتىكىسى»، 1979-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 383-بەت). ئەگەر مۇشۇ پسىخولوگىيىلىك پائالى-يەتلەرنىڭ ئامىللىرى بولمايدىكەن، ھايۋاناتلار ياشىيالمايدۇ، ئەت-راپىدىكى مۇرەككەپ مۇھىتنى توغرا پەرق ئېتەلمەيدۇ.

دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ھايۋاناتلار بىلەن ئادەمنىڭ پسىخولو-گىيىلىك پائالىيىتىنىڭ بەزى ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرىنى بەلگىلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئادەمنىڭ تەپەككۇرى بىلەن ھايۋاناتلارنىڭ پسىخولوگىيىلىك پائالىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى تۈپ پەرقنىمۇ كۆرسەتتى. بۇنداق تۈپ پەرق شۇ يەردىكى، تەپەككۇر پسىخولوگىيىلىك پائالى-يەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ۋە يېڭى سۈپەتلەرگە ئىگە شەكلى، ئۇ جەمئىيەت تەرەققىياتى ئاساسىدا ئەمگەك نەتىجىسىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن. ئەمگەك ئادەمنى ۋە ئادەمدە بولىدىغان پسىخولوگىيىلىك

پائالىيەتنى يەنى تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىنى ياراتقان. ئادەمنىڭ تەپەككۇرى بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە، ئۇنى جەمئىيەت تارىخىدىن ئايرىلىپ تۇرۇپ چۈشەنگىلى بولمايدۇ. تەپەككۇر بىلەن ھايۋاناتلارنىڭ پسىخولوگىيىلىك پائالىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك شەكلى ئوتتۇرىسىدىكى ئىنتايىن مۇھىم پەرقلەرنىڭ بىرى شۇكى، تەپەككۇر ئۆزىنىڭ ئابستراكت پائالىيىتى نەتىجىسىدە مۇقىملاشقان ئۇقۇملارنى ھاسىل قىلالايدۇ ھەمدە بۇ ئۇقۇملارنى تەدبىق قىلالايدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي جانلىق مەۋجۇدات ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ تەبىەتكە ماسلىشىپلا قالماستىن، بەلكى ئاساسلىقى ئەمگەك جەريانىدا، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا تەبىەتنى ئۆزگەرتىدىغانلىقىنى، تەبىەتنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدىغانلىقىنى مولچەرلەش لازىم. ئابستراكت پائالىيەتلەرنى بارغانسېرى چوڭقۇر ئېلىپ بارىدىغان تەپەككۇر قابىلىيىتى، ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلىدىغان، تەبىەت قانۇنىيىتىنى بىلىدىغان تەپەككۇر قابىلىيىتى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ۋۇجۇتقا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان.

ئىنسانلار تەپەككۇرىنىڭ ئەڭ تىپىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭ سۆز، تىل بىلەن ئايرىلماس مۇناسىۋىتى بار. ئادەمنىڭ بىلىش پائالىيىتى، ئادەمنىڭ تەپەككۇرى تىل ماتېرىياللىرى ئاساسىدىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ ئىنسانلار تەپەككۇرىنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ خىل خاراكتېر ھايۋاناتلارنىڭ پسىخولوگىيىلىك پائالىيىتىنىڭ ساپ بىيولوگىيە جەھەتتىكى خاراكتېرىغا ئوخشىمايدۇ. ماركسىزىم بىزگە مۇنداق دەپ تەلىم بېرىدۇ: تىل كىشىلەرنىڭ ئالاقە قورالى، ئۇ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى، ئەمگەكنىڭ ئىجتىمائىيلىقى سەۋەبىدىن ۋۇجۇتقا كەلگەن. ئەگەر تىلدىن ئىبارەت بۇ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە قورالى بولمىغان

بولسا، ئىجتىمائى ئەمگەكتە تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. پاۋلوۋنىڭ ئادەمگە خاس بولغان ئىككىنچى سىگنال سىستېمىسى توغرىسىدىكى تەلىماتى تەپەككۇرنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئاساسىنى، ئىنسان تەپەككۇرى بىلەن ھايۋاناتلارنىڭ پسىخولوگىيىلىك پائالىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئېچىپ بەردى. ئاۋۇشلۇق تىل ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ تەرەققىياتىدا زور رول ئوينىدى، ئۇ كىشىلەرنىڭ ھايۋاناتلار دۇنياسىدىن ئايرىلىپ جەمئىيەت بولۇپ ئۇيۇشۇشىغا ياردەم بەردى. ستالىن ماركسىزمنىڭ تىل ۋە تەپەككۇر توغرىسىدىكى، تىلنىڭ تەپەككۇرگە بولغان تەسىرى توغرىسىدىكى قائىدىلىرىنى ئىجادىي ھالدا راۋاجلاندۇرۇپ، ئاتالمىش مارر تەلىماتى مۇرىتلىرىنىڭ ئىدىيالىستىك نۇقتىنەزىرىنى يەنى ساپ تەپەككۇر، تىل ماتېرىياللىرىنى ئاساس قىلمايدىغان تەپەككۇر مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن دەپ ھېسابلايدىغان نۇقتىنەزىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ستالىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: "ئادەمنىڭ كاللىسىدا قانداق پىكىرلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ۋە بۇ پىكىرلەرنىڭ قانداق ۋاقىتتا پەيدا بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، بۇ پىكىرلەر پەقەت تىل ماتېرىيالى ئاساسىدىلا، تىلدىكى سۆزلەر ۋە جۈملىلەر ئاساسىدىلا پەيدا بولىدۇ ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. تىل ماتېرىياللىرىدىن خالى بولغان، تىلنىڭ 'تەبىي ماددىسى'دىن خالى بولغان يالىڭاچ پىكىرلەر مەۋجۇت ئەمەس. 'تىل پىكىرنىڭ بىۋاستە رېئاللىقى' (ماركسنىڭ سۆزى). پىكىرنىڭ چىنلىقى تىلدا ئىپادىلىنىدۇ. پەقەت ئىدىيالىستلارلا تىلنىڭ 'تەبىي ماددىسى' بىلەن باغلىنىشلىق بولمىغان تەپەككۇر ھەققىدە، تىلسىز تەپەككۇر ھەققىدە سۆزلىيەلەيدۇ." («ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى»، 1974-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 54—55-بەتلەر)

تەبىئەت دۇنياسى ئىنسانلارنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىغا تەسىر كۆرسىتىش جەريانىدا، كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي ھەركىتى جەريانىدا ۋۇجۇتقا

كەلگەن ھېسسى سەزگۈلەر ۋە تەسەۋۋۇرلار تەپەككۇرنىڭ بىۋاستە ئاساسى. ئادەمنىڭ تەپەككۇرى، ئىدىيىسى مۇشۇ سەزگۈلەر ۋە تەسەۋۋۇرلاردىن مەزمۇنغا ئىگە بولىدۇ. ئىدىيە مۇشۇ ئوبرازلار، سەزگۈلەر، تەسەۋۋۇرلاردىن ئايرىلسا، ئۇنىڭ ھېچقانداق مەزمۇنى بولماي قالىدۇ. تەپەككۇرنى مۇشۇنداق چۈشەنگەنلىك، ئادەمنىڭ ئىدىيىسىنى ھېسسى سەزگۇ ۋە ئوبرازدىن ئايرىپ تاشلايدىغان، شۇ سەۋەبتىن ئۇنى ئوبيېكتىپ دۇنيادىنمۇ ئايرىپ تاشلايدىغان ئىدىيالىزمغا قارشى تۇرغانلىق بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە تەپەككۇر ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ ئىنكاسىدۇر.

لېكىن، تەپەككۇرنى ھېسسى تەسەۋۋۇر ۋە ئوبراز قىلىپ يىغىنچاقلاشقا بولمايدۇ. تەپەككۇر ئابستراكت پائالىيەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانلىقتىن، ئىلمىي ئۇقۇم ۋە كاتېگورىيىنىڭ ياردىمى بىلەن تۈرلۈك ھېسسى ماتېرىياللارنى يىغىنچاقلىيالايدۇ (**ئىلمىي ئابستراكسىيە***گە قاراڭ).

دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم تەپەككۇرنى ساپ فىزىئولوگىيىلىك جەريانغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ دەپ ھېسابلايدىغان چاكىنا ئىدىيىگە قارشى تۇرىدۇ. تەپەككۇر ماددىنىڭ يۈكسەك سۈپەتلىك، فىزىئولوگىيىلىك جەريان بىلەن ئوخشاش بولمىغان بىر خىل ئالاھىدىلىكى. كەلگۈسىدە، شۈبھىسىزكى، تەپەككۇر ئادەم مېڭىسىدىكى مۇئەييەن مالېكۇلىلار ھەركىتى ۋە خىمىيىۋى ھەركەت بولۇپ يىغىنچاقلىنىدۇ، يەنى تەپەككۇر بۇ ھەركەتلەر تەرىپىدىن چۈشەندۈرۈلىدۇ. دېمەك، تەپەككۇرنىڭ ماھىيىتى، تەپەككۇر سۈپىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ.

ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا، تەپەككۇر غايەت زور رول ئوينايدۇ. كىشىلەر تەپەككۇرگە تايىنىپ تەبىئەتنى ۋە ئىجتىمائىي ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرنى بىلىدۇ ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي پائالىيىتىدە مۇشۇ ئوبيېكتىپ قانۇ-

نىيەتلەردىن پايدىلىنىدۇ. (**بىلىش***كە قاراڭ.)

**تەجرىبىچىلىك** 经验论 Эмпиризм (گرېكچىسى ἐμπειρία — تەجرىبە) ھېسسىي تەجرىبىنى بىلىشنىڭ بىردىن-بىر مەنبەسى دەپ قارايدىغان پەلسەپۋى تەلىمات. ئىدېئالىزملىق تەجرىبىچىلىكمۇ بار، ماتېرىيالىزملىق تەجرىبىچىلىكمۇ بار. ئىدېئالىزملىق تەجرىبىچىلىك (**بېركلى***، **يۇم***، **ماخ***، **ئاۋېنارىۇس***، **بوگدانوۋ***، ھازىرقى زامان "لوگىكا تەجرىبىچىلىكى تەرەپدارلىرى" ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار) تەجرىبىنى تۇيغۇ ياكى تەسەۋۋۇرنىڭ يىغىندىسىدىنلا ئىبارەت قىلىپ قويىدۇ، ماددىي تەبىئەت دۇنياسىنىڭ تەجرىبىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ. ماتېرىيالىزملىق تەجرىبىچىلىك (ۋ. **بېكون***، **ھوببىس***، **لوك***، 18-ئەسىردىكى فرانسۇز ماتېرىيالىستلىرى): ماددىي تەبىئەت دۇنياسىدىكى نەرسىلەر ھېسسىي تەجرىبىنىڭ ئاساسى، دەپ قارايدۇ. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ئىدېئالىزملىق تەجرىبىچىلىكنى ئىنكار قىلىپ، ماتېرىيالىزملىق تەجرىبىچىلىكنىڭ چىقىش نۇقتىسى ئاساسىي جەھەتتىن توغرا دەپ قارايدۇ. لېكىن دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم تەجرىبىچىلىكنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكلىكىنىمۇ رەت قىلىدۇ، بۇنداق بىر تەرەپلىمىلىك ماركستىن بۇرۇنقى ماتېرىيالىزمنىڭ خۇسۇسىيىتى بولۇپ، بۇ خىل ماتېرىيالىزم نەزەرىيىنىڭ ۋە ئىلمىي ئابستراكسىيىنىڭ رولىغا يېتەرلىك باھا بەرمەيدۇ. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ھېسسىي تەجرىبە بارلىق بىلىشنىڭ ئاساسى دەپ قاراش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىلمىي نەزەرىيىنىڭ، ئىدىيىنىڭ ۋە ئۇقۇمنىڭ غايەت زور رولىنىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. تۇيغۇ بىلەن تەپەككۇر بىر پۈتۈن بىلىش جەريانىنىڭ ئىككى باسقۇچى. "چۈشىنىش ئۈچۈن، چۈشىنىشنى، تەتقىقاتنى تەجرىبىدىن باشلاشقا، تەجرىبىدىن ئومۇملىققا كۆتۈرۈلۈشكە توغرا كېلىدۇ." (لېنىن. «پەلسەپە خاتىرىلىرى»، 1956-يىل خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى،

192 ـ بەت)

**تەجرىبە** 经验 Опыт تار مەنىدىكى تەجرىبە ئادەتتە بىزنىڭ بىلىملىرىمىزنى تەجرىبەخانا ئۇسۇلى ۋە ئەتراپتىكى رىياللىقنىڭ تۈرلۈك ھادىسىلىرىنى كۆزىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەجرىبە قىلىش خاراكتېرىدىكى سىناشتىن ئىبارەت دەپ چۈشىنىلىدۇ. ماركسىزم تەجرىبە كىشىلەر ئىجتىمائى ئەمەلىيىتىنىڭ پۈتكۈل يىغىندىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ قارايدۇ. تەجرىبە كىشىلەرنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش جەريانىدا، ئەمەلىي پائالىيىتى جەريانىدا، شۇنىڭدەك ئالدى بىلەن كىشىلەرنىڭ ھەم تەبىئەتنى ئۆزگەرتىشى، ھەم ئۆزىنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا بارلىققا كېلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تەجرىبە بىلىشنىڭ ئاساسى ۋە ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى. ئىدىيالىستلار (مەسىلەن، ماخىزىمچىلار)نىڭ تەزىرىيىسىگە ئاساسلانغاندا، تەجرىبىگە نىسبەتەن بىز ماددىي نەرسىلەر ۋە ھادىسىلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ تۇيغۇسى ۋە ئۆزىمىزنىڭ بىۋاستە ھېسسىياتى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنمىز. ھازىرقى زامان بۇرژۇئا پەيلاسوپلىرى (پراگماتىزم ۋە دەلىلچىلىك تەرەپدارلىرى، ۋاھاكازالار) تەجرىبىدىن ئىبارەت بۇ ئۇقۇمنى تۈرلۈك يوللار بىلەن بۇرمىلايدۇ ۋە ئۇنى سۇئىئىستىمال قىلىدۇ، ئۇنىڭغا تايىنىپ ئىدىيالىزمنى مۇستەھكەملەشكە ئۇرۇنىدۇ. ئۇلارمۇ ماخىزىمچىلارغا ئوخشاش تەجرىبىنى تۇيغۇنىڭ يىغىندىسى، تۇيغۇنىڭ پائالىيىتى ۋە تۇيغۇنىڭ ھالىتى دەپ چۈشىنىدۇ. لېنىن «**ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىتچىلىكى**»* دېگەن كىتاۋىدا سۇبيېكتىپ ئىدىيالىستلارنىڭ "تەجرىبە" چۈشەنچىسىدىن پايدىلىنىپ قىلغان ھىلە-نەيرەڭلىرىنى ئېچىپ تاشلىدى. ئۇ: تەجرىبە تەنقىتچىلىكى تەرەپدارلىرى ۋە تەجرىبە بىر مەتبەچىلىكى تەرەپدارلىرىدىن ئىبارەت بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەر بۇ چۈشەنچىنى

شۇنىڭ ئۈچۈن سۆزنى ئىستېمال قىلىدۇكى، ئۇلار "چىنلىق نەزەرىيىسى تەرەپدارلىرى" قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قىپ-يالىڭاچ سۇبيېكتىپ ئىدىيالىزمىنى نىقابلايدۇ، دەپ كۆرسەتتى. لېنىن: "تەجرىبە" چۈشەنچىسىنى ماتېرىيالىزملىق يول بىلەن چۈشەندۈرۈشكىمۇ، ئىدىيالىزملىق يول بىلەن چۈشەندۈرۈشكىمۇ بولىدۇ، شۇڭا بىرەر پەيلاسوپنىڭ تەجرىبىسىدىن مىسال كەلتۈرۈشكە قاراپلا، ئۇنى ماتېرىيالىست دەپ ھېسابلاشقا بولمايدۇ دەپ كۆرسەتتى. پلېخانوۋ ماخىزمچى كارستاننىڭ تەجرىبە "تەتقىقاتنىڭ ئوبيېكتى" دېگەن نۇقتىنەزىرىنى ماتېرىيالىزملىق قائىدە دەپ ئاتىغاندا، لېنىن پلېخانوۋنى كەسكىن تەنقىد قىلغان ئىدى. لېنىن مۇنداق كۆرسەتتى: گەپ تەجرىبىنى قانداق چۈشىنىشتە. "...... 'تەجرىبە' دېگەن سۆزنىڭ ئاستىغا شۈبھىسىز ھالدا، پەلسەپىدىكى ماتېرىيالىزملىق لۇشيەن بىلەن ئىدىيالىزملىق لۇشيەن يوشۇرۇنۇشى مۇمكىن، شۇنداقلا يۇمىزىم لۇشيەنى بىلەن كانتىزىم لۇشيەنى يوشۇرۇنۇشىمۇ مۇمكىن، لېكىن تەجرىبىگە تەتقىقات ئوبيېكتى دەپ تەبىر بېرىشمۇ، بىلىشنىڭ ۋاستىسى دەپ تەبىر بېرىشمۇ تېخى بۇ جەھەتتىكى ھېچقانداق مەسىلىنى ھەل قىلمىدى." (لېنىن. «ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىدچىلىكى»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 664-بەت)

پەقەت ماتېرىيالىزملا تەجرىبىگە ئىلمىي تەبىر بېرىدۇ: تەجرىبە — كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا باغلىق بولمىغان ئوبيېكتىپ تەبىئەت دۇنياسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىنسانىيەت ئەمەلىيىتىدۇر، يەنى كىشىلەر تەرىپىدىن يارىتىلغان ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ئارقىلىق تەبىئەت دۇنياسىنى ئۆزگەرتكۈچى ئىنسانىيەت ئەمەلىيىتىدۇر. تەجرىبىنى مۇشۇنداق ماتېرىيالىزملىق چۈشىنىش بىلىش نەزەرىيىسىگە، پەنگە ۋە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىگە نىسبەتەن زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەقىقىي ئىلمىي نەزەرىيە تەجرىبىنى ئاساس قىلىدۇ، ئۇ،

تەجرىبىنىڭ نەزىرىيىۋى يەكۈنى، شۇنداقلا تەجرىبىدىن چىقىرىلغان خۇلاسە.

**تەجرىبە بىر مەنبەچىلىكى** **经验一元论** Эмпириомонизм

**بوگدانوۋ*** روسىيىدە بەرپا قىلغان بىر خىل شەكلى ئۆزگەرگەن **تەجرىبە تەنقىتچىلىكى*** ياكى شەكلى ئۆزگەرگەن ماخىزىم. تەجرىبە بىر مەنبەچىلىكى ماركسىزىم دۈشمەنلىرىنىڭ ماتېرىيالىزىملىق پەلسەپە ئورنىغا سۇبيېكتىپ ئىدېيالىزىمنى دەسسىتىش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرىدىن بىرى. بوگدانوۋ "تەجرىبە بىر مەنبەچىلىكى" (بۇنىڭدا نوقۇل "تەجرىبە"نى ئاساس قىلغان پەلسەپە كوزدە تۇتۇلىدۇ)دىن ئىبارەت بۇ يېڭى ئاتالغۇنى قوللىنىش ئارقىلىق ئۆز پەلسەپىسىنىڭ ئاپ-ئاشكارا سۇبيېكتىپ ئىدېيالىزىملىق خاراكتېرىنى يوشۇرىدۇ. بوگدانوۋنىڭ تەجرىبە بىر مەنبەچىلىكنى بەرپا قىلىشتا قوللانغان ئۇسۇلى شۇكى، ئۇ **ئاۋېنارىيۇس*** ۋە **ماخ*** پەلسەپىسىدە تەبىئەت دۇنياسىنى يارىتىقۇچى سۈپىتىدە رول ئوينايدىغان شەخسى ئاڭنىڭ ئورنىغا كوللېكتىپنىڭ ئېڭىنى دەسسىتىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، فىزىكىلىق دۇنيا "كوللېكتىپ ئىنسانلار"نىڭ "ئىجتىمائىي ھالدا ئۇيۇشقان" تەجرىبىسى. لېنىن بوگدانوۋنى تەنقىد قىلغاندا: "شەخسنىڭ ئېڭى ئورنىغا ئىنسانلار ئېڭىنى قويۇش بىلەن، ياكى بىر كىشىنىڭ تەجرىبىسى ئورنىغا ئىجتىمائىي تۈردە تەشكىللەنگەن تەجرىبىنى قويۇش بىلەن پەلسەپىۋى ئىدېيالىزىم يوقىلىدۇ دەپ قاراش بىر كاپىتالىستنىڭ ئورنىغا ھەسسەدارلىق شىركىتىنى قويسىلا كاپىتالىزىم يوقىلىدۇ دەپ قاراش بىلەن باراۋەر" («ماتېرىيالىزىم ۋە تەجرىبە تەنقىتچىلىكى» 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 419-بەت) دەيدۇ. بوگدانوۋ پۈتكۈل تەبىئەت دۇنياسى ئاڭنىڭ مەھسۇلى دەيدۇ. تەجرىبە بىر مەنبەچىلىكى پەلسەپىسى، خۇددى ئۇنىڭ بۇۋىسى ماخىزىمغا ئوخشاشلا، سۇبيېكتىپ ئىدېيالىزىملىق پەلسەپە. تەجرىبە بىر مەنبەچىلىكى ماھىيەتتە راھىپچە-

لىقنى قوغدايدۇ. لېنىن تەجرىبە بىر ھەنبەچىلىكىنىڭ **ئىلاھ ئىزلىگۈچىلىك ۋە ئىلاھ ياسىغۇچىلىق*** بىلەن بولغان باغلىنىشىنى ئېچىپ تاشلىدى.

**تەجرىبە بەلگە نەزەرىيىسى** 经验符号论 Эмпириосимволизм بىر خىل سۇبيېكتىپ ئىدېئالىستىك پەلسەپە، **ماخىزىم***نىڭ ئۆزگەرگەن تۈرى. روسىيەدىكى ئەكسىيەتچىلىك يىللىرىدا، مېنشېۋىك يۇشكېۋىچ مۇشۇ پەلسەپىنى تەرغىپ قىلغان ئىدى. تەجرىبە بەلگە نەزەرىيىسى تاشقى دۇنيانىڭ ئوبيېكتىپلىقىنى ۋە ماتېرىيالىستىك ئىنكاس نەزەرىيىسىنى ئىنكار قىلىدۇ، تەسەۋۋۇر بىلەن ئۇقۇم ماددى دۇنيانىڭ ئوبرازى ئەمەس، بەلكى پەقەت بىزنىڭ تۇيغۇمىزنىڭ بەلگىسى، ئالامىتىدىنلا ئىبارەت دەپ ھىساپلايدۇ. (**تەسۋىرىي يېزىق نەزەرىيىسى***گە قاراڭ.)

**تەجرىبە تەنقىتچىلىكى** 经验批判主义（"批判经验"的哲学） Эмпириокритицизм (Философия «критического опыта») ("تەجرىبىنى تەنقىت قىلىدىغان" پەلسەپە) ياكى ماخىزىم دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا گېرمانىيە ۋە ئاۋستىرىيىدە پەيدا بولغان ئەكسىيەتچىل سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزملىق پەلسەپىۋى ئېقىم. تەجرىبە تەنقىتچىلىكى نەزەرىيىسىنى **ئاۋېناريۇس*** بىلەن **ماخ*** ئىجات قىلغان. تەجرىبە تەنقىتچىلىكى "تەجرىبە" دىگەن بۇ ئۇقۇمنى پۈتۈنلەي ئىدېئالىزملىق يوسۇندا بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈشنى ئاساس قىلىدۇ. تەجرىبە تەنقىتچىلىكى تەرەپدارلىرى تەجرىبىنى كىشىلەر بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش جەريانى، كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ئارقىلىق تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش جەريانى دەپ ئىلمىي رەۋىشتە چۈشەنمەستىن، بەلكى تەجرىبىنى ئوبيېكتىپ رىياللىق بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان ئىنسانىيەت تەسىراتلىرى، ئىنسانىيەت

تۈيغۇلىرىنىڭ يىغىندىسى دەپ سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزمىچە چۈشىندۇ. تەجرىبە-تەنقىتچىلىكى تەرەپدارلىرى مۇنداق ھۆكۈم قىلىدۇ: بارلىق ھادىسىلەرنىڭ ئاساسى "دۇنيا ئامىلى" ياكى "تەجرىبە ئامىلى". ھەر بىر جىسىم "ئامىللارنىڭ بىرىكمىسى". ئاۋېنارىيۇس بىلەن ماخ "ئامىل" دېگەن بۇ ئاتالغۇدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ تۈيغۇنى ھادىسىنىڭ ئاساسى قىلىۋالغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىتنى يوشۇرىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ "ئامىل" دېگىنى تۈيغۇ دېگەنلىكتۇر. شۇڭا، تەجرىبە تەنقىتچىلىكى **بېركلى***نىڭ سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزمىنىڭ ئاساسىي شەرتلىرىنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىدى. ئاۋېنارىيۇس بىلەن ماخ سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزمىچە تەبىئەت قارىشىنى راۋاجلاندۇردى، ئۇلار مۇنداق دەپ ئىسپاتلايدۇ: سۇبيېكت (ئاڭ، تۈيغۇ) بولمايدىكەن، ئوبيېكت (دۇنيا)نىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى ئوبيېكتىپ ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرمايدۇ؛ ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ماخنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، تەجرىبە تەنقىتچىلىكى فىزىكلار ئىچىدە كەڭ تارقىلىش بىلەن بىللە، "فىزىكىلىق" **ئىدېئالىزم***نىڭ پەلسەپىۋى ئاساسىغا بولۇپ قالدى. فىزىكىدىكى ئەڭ يېڭى كەشپىياتلار (ئاتومنىڭ ئېلېكترون ۋە پروتونغا بۆلۈنۈشى، ئاتومنىڭ ئېلېكتىر ماگنىتچانلىقى ۋە باشقا كەشپىياتلار) دىيالېكتىك ماتېرىيالىزملىق نەزەرىيەلەرنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئەمما دىيالېكتىك ماتېرىيالىزملىق مەيداندا تۇرمايدىغان بەزى فىزىكلارنىڭ تونۇشىچە، بۇ يېڭى كەشپىياتلار "ماددىنىڭ يوقالغانلىقى"، "ھەقىقەتنى بىلگىلى بولمايدىغانلىقى"، ئىدېئالىزملىق مەيدانغا قاراپ بۇرۇلۇش لازىملىقى ۋاھاكازالارنى ئىسپاتلارمىش.

لېنىن ئۆزىنىڭ «ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىتچىلىكى»* دېگەن ئەسىرىدە تەجرىبە تەنقىتچىلىكىنىڭ تۈپ يىلتىزىنى، بۇ خىل

پەلسەپىنىڭ ئەكسىيەتچىل ئىدىيالىزىملىق ۋە يوشۇرۇن راھىپچىلىق پەلسەپە ئىكەنلىكىنى ئېچىپ تاشلىدى ھەمدە ستولىپىن ئەكسىيەتچىلىكى دەۋرىدە روسىيىدە ئەۋج ئالغان ماخىزىم تەرەپدارلىرى (بوگدانوۋ*، يۈشكېۋىچ ۋە باشقىلار)نى تارمار قىلدى. ماخىزىمنىڭ ھازىرقى بۇرژۇئا پەلسەپىدە ھەر خىل ئىپادىلىنىش شەكىللىرى بار.

**تەھلىل قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش 分析和综合 Анализ и синтез** (1) تەھلىل قىلىش (گرېكچىسى — ἀνάλυσις — ئاجرىتىش) شەيئىلەرنى ياكى ھادىسىلەرنى ئاددىي تەركىبىي قىسىملارغا بۆلۈش دېمەكتۇر؛ (2) ئومۇملاشتۇرۇش (گرېكچىسى σύνθεσις — بىرلەشتۈرۈش، تۈزۈش) شەيئىلەر ياكى ھادىسىلەرنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنى بىر پۈتۈنلۈك قىلىپ بىرلەشتۈرۈش، شەيئىلەرنى بىرلىككە كەلگەن نەرسە دەپ قاراش دېمەكتۇر.

مېتافىزىكا تەھلىل قىلىش بىلەن ئومۇملاشتۇرۇشنى بىر بىرىنى چەتكە قاقىدىغان ئىككى ئۇسۇل ھېسابلاپ، بۇلارنى قارىمۇ-قارشى قىلىپ قويىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكا بىزگە تەھلىل قىلىش بىلەن ئومۇملاشتۇرۇش بىرلىككە ئىگە دەپ تەلىم بېرىدۇ. ئېنگېلس مۇنداق دەپ يازىدۇ: تەپەككۇر بىر بىرىگە باغلىنىشلىق بولغان ئامىللارنى بىر پۈتۈنلۈككە بىرلەشتۈرگەن بولسا، ئوخشاشلا، ئاڭ ئوبيېكتىپلىرىنى ئۇز ئامىللىرىغا ئاجرىتىدۇ. تەھلىل بولمىسا، ئومۇملاشتۇرۇش بولمايدۇ." («دىيۈرىڭغا قارشى»، 1978-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 73-بەت) لېنىنمۇ ئوخشاشلا بىلىش جەريانىدىكى تەھلىل قىلىش بىلەن ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ بىرلىكىنى تەكىتلىگەن ئىدى. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: دىيالېكتىكىنىڭ ئامىللىرىدىن بىرى — "تەھلىل قىلىش بىلەن ئومۇملاشتۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش، — ھەرقايسى قىسىملارنى ئاجرىتىش ۋە مۇشۇ قىسىملارنىڭ ھەممىسىنى يىغىش، جەملەش" («پەلسەپە خاتىرىلىرى»،

1956 ـ يىل خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 209 ـ بەت).

تەھلىل قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئىنسانلارنىڭ بىلىشىنىڭ كۈچلۈك ۋاستىسى. ئەگەر مۇشۇ ۋاستىلەر بولمىسا، ئۇنداقتا ھەتتا تۆۋەنغۇ، سەزگۈ قاتارلىق ئەڭ ئاددىي، ئاساسلىق روھىي ھالەتلىق پائالىيەت شەكىللىنىشىمۇ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئوبيېكتىپ دۇنيا، ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ھادىسىلەر كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئىنتايىن مۇرەك‑كەپ ۋە كونكرېت ھالدا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. كونكرېت نەرسىلەر ـ كۆپ خىل نەرسىلەرنىڭ بىرلىكى. ئەگەر كونكرېت نەرسىنى بىرقانچە تەركىبىي قىسىملارغا ۋە ئامىللارغا بۆلمىگەندە، تەھلىل قىلمىغاندا، شۇ كونكرېت نەرسىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر خىمىك خىمىيىۋى جەريانىنىڭ ھەرقايسى تەركىبىي قىسىملىرىنى يەنى خىمىيىۋى ئېلېمېنتلار، ئاتوملار، مالېكۇلىلارنى تەھلىل قىلىپ چىقالمىسا، ئۇنداقتا ئۇ خىمىيىۋى جەرياننى، ئاتومنىڭ بىرىكىش ۋە ئاجرىلىش قانۇنىيىتىنى پەقەتلا بىلمەيدۇ. ئوخشاشلا، ئەگەر ئىقتىسات‑شۇناس تەھلىل قىلىش ئارقىلىق كاپىتالىزمنىڭ ئامىللىرىنى يەنى تاۋار، باھا، قىممەت، قوشۇمچە قىممەت قاتارلىقلارنى تېپىپ چىقىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ماھىيىتىنى بىلمىسە، ئۇنداقتا ئۇمۇ كاپىتالىزمنى ۋە ئۇنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى پەقەتلا بىلمەيدۇ.

ھالبۇكى، شەيئىلەرنى مۇكەممەل بىلىشتە يالغۇز تەھلىل قىلىش بىلەنلا ئورۇنلىغىلى بولمايدۇ، تەھلىلنى يەنە ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن تولۇقلاشقا توغرا كېلىدۇ، چۈنكى ئومۇملاشتۇرۇش تەھلىلنىڭ نەتىجىسىگە ئاساسەن، ھەر خىل شەيئىلەرنى ۋە ھادىسىلەرنى بىر پۈتۈنلۈك سۈپىتىدە بىلىدۇ. ماركس «كاپىتال»*دا دىيالېكتىك بىلىشنىڭ نەمۇنىسىنى ياراتتى، ئۇ تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. ماركس كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى، ھەر خىل ئامىللىرىنى تەھلىل

قىلغاندىن كېيىن، يەنە كوزگە كورۈنەرلىك قىلىپ ئۇمۇملاشتۇرۇش ئېلىپ باردى، بۇنداق ئۇمۇملاشتۇرۇش كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرى بىلەن ھەر بىر قانۇنىيەتلىرىنىڭ دىيالېكتىك ئۆزئارا باغلىنىش نۇقتىسىدىن كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

لېنىن ۋە ستالىننىڭ ئەسەرلىرى تەھلىل قىلىش ۋە ئۇمۇملاشتۇرۇشنى دىيالېكتىك تۈردە قوللىنىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە كۈرەشتىكى ھەر خىل مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى بىلىشنىڭ روشەن نەمۇنىسىنى كورسەتتى. مەسىلەن، لېنىن «جاھانگىرلىك كاپىتالىزمنىڭ يۇقىرى باسقۇچى» دېگەن كىتاۋىدا، كاپىتالىزمنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى ئەھۋالىغا ئاساسەن، «كاپىتال»دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدىيىنى راۋاجلاندۇرۇپ، جاھانگىرلىكنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر ھالدا ئېچىپ تاشلىدى. شۇ چاغدا لېنىن تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنىمۇ، ئۇمۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلىنىمۇ قوللاندى. لېنىن ئالدى بىلەن تەھلىل قىلىش ئارقىلىق كاپىتالىزمنىڭ يېڭى ۋە يۇقىرى باسقۇچى بولغان جاھانگىرلىكنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەرەپلىرىنى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى تەتقىق قىلدى. لېنىن بۇ خۇسۇسىيەتلەرنى كورسەتكەن ۋە شەرھلىگەندىن كېيىن، ئۇمۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق بۇ خۇسۇسىيەتلەرنى يەكۈنلىدى ھەمدە جاھانگىرلىكنىڭ ماھىيىتىگە بىر ئۇمۇمىي تەبىر بەردى. ستالىن «ماركسىزم ۋە مىللىي مەسىلە» دېگەن كىتاۋىدا، مىللەتنىڭ ماھىيىتىنى بەلگىلىگەن چاغدا، ئالدى بىلەن تەھلىل قىلىش ئارقىلىق مىللەتكە خاس بولغان خۇسۇسىيەتلەرنى يەنى ئورتاق تىل، ئورتاق جاي، ئورتاق ئىقتىسادىي تۇرمۇش ۋە ئورتاق روھىي ھال تەبىي خىسلەتلەرنى تېپىپ چىقتى. ئاندىن كېيىن ئۇمۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق "مىللەت" دېگەن ئۇقۇمغا چوڭقۇر

بىر تەبىر بەردى، بۇ تەبىر مىللەتنىڭ ھەممە ئاساسىي خۇسۇسىيىتىنى يىغىنچاقلىدى.

شۇڭا بىلىش جەريانىدا، تەھلىلىي بولۇشى، ئومۇملاشتۇرۇشىي بولۇشى لازىم، بۇ ئىككىسى ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكىدىكى بىقىندا تەركىپكە كىرىدۇ.

Эволюционная теория, или теория эволюции 进化论 **تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسى** يەنى دارۋىنىزم (دارۋىن"غا قاراڭ).

Эволюция и революция 进化和革命 **تەدرىجى تەرەققىيات ۋە ئىنقىلاپ** تەدرىجى تەرەققىيات ئاستا-ئاستا، پەيدىن-پەي بولىدىغان سان ئۆزگىرىشىدىن ئىبارەت كۆپىيىش؛ ئىنقىلاپ تېز، تۇيۇقسىز بولىدىغان سۈپەت ئۆزگىرىشى. مېتافىزىكىلىق تەرەققىيات قارىشى سان ئۆزگىرىشىنىلا ئېتىراپ قىلىدۇ، پەيدىن-پەي بولىدىغان تەدرىجى تەرەققىيات بىرىشىنىلا ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇنداق تەرەققىيات قارىشى سەكرەشنى، ئىنقىلاۋىي ئۆزگىرىشنى ئىنكار قىلغاچقا، يېڭى سۈپەتلىك نەرسىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى چۈشەندۈرەلمەيدۇ. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىم بۇنداق تەرەققىيات قارىشىغا قارشى تۇرىدۇ ھەمدە بىزگە: ھەركەتتە ئىككى خىل شەكىل يەنى تەدرىجىي تەرەققىيات شەكلى ۋە ئىنقىلاپ شەكلى بولىدۇ، دەپ تەلىم بېرىدۇ. ئۇششاق-چۈششەك، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان، ئۈزۈلمەسلىك سان ئۆزگىرىشى تەدرىجى تەرەققىيات شەكلىدە پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ، بۇ ئۆزگىرىشلەر تۈپ، ئىنقىلاۋىي سۈپەت ئۆزگىرىشىنى تەييارلايدۇ. سۈپەت ئۆزگىرىشلىرى بولسا سەكرەش شەكلىدە پەيدا بولىدۇ. شۇڭا، تەرەققىياتنى سان ئۆزگىرىشىلا ئەمەس، بەلكى سەكرەش شەكلىدىكى، ئىنقىلاۋىي تەرەققىيات، تەدرىجى ئىلگىرىلەش جەريانىدىكى توختاپ قېلىش، ساننىڭ سۈپەتكە ئايلىنىشى دەپ چۈشىنىش كېرەك. بۇنىڭ-

دىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، تەدرىجى تەرەققىيات بىلەن ئىنقىلاپنى بىر بىرىدىن ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بۆلۈنمەس باغلىنىشقا ئىگە، ھەقىقى تەرەققىيات تەدرىجى تەرەققىيات بىلەن ئىنقىلاپنىڭ بىرلىكى بولىدۇ.

"تەرەققىپەرۋەر كىشىلەر ئىتتىپىلىك يوسۇندا، ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، كونا تۈزۈملەرگە بەزى ئۇششاق-چۈششەك ئۆزگەرتىشلەر ۋە سان ئۆزگىرىشلىرىنى كىرگۈزۈپ بارغان چاغدا، بۇ ھەركەت تەدرىجى تەرەققىيات بولىدۇ.

بۇ تەرەققىپەرۋەر كىشىلەر بىرلىشىپ، ئورتاق بىر ئىدىيىدە بولۇپ دۈشمەن لاگىرىغا ئېتىلىپ، كونا تۈزۈمنى تۈپ-يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاپ، تۇرمۇشقا سۈپەت ئۆزگىرىشى كىرگۈزۈش يەنى يېڭى تۈزۈمنى تىكلەشنى كۆزلىگەن چاغدا، بۇ ھەركەت ئىنقىلاۋىي ھەركەت بولىدۇ.

تەدرىجى تەرەققىيات ئىنقىلاپنى تەييارلايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئاساس سالىدۇ، ئىنقىلاپ بولسا تەدرىجى تەرەققىياتنى ئاخىرغا يەتكۈزىدۇ، تەدرىجى تەرەققىياتنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشىنى ئالغا سۈرىدۇ." («ستالىن ئەسەرلىرى»، 1953-يىل خەنزۇچە نەشرى، 1-توم، 277-بەت)

ماركسىزىم-لېنىنىزىم ئاغمىچىلىققا قارشى تۇرىدۇ، چۈنكى ئاغمىچىلىق ئىنقىلاپنىڭ ئىجتىمائى تۈزۈمنى تۈپتىن ئۆزگەرتىدىغان قورال ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ ھەمدە ئىنقىلاۋىي كۈرەشنىڭ ئورنىغا ئىسلاھاتنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرەشنى دەسسىتىدۇ. بىر ئىنقىلابچى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىسلاھات پەقەت ئىنقىلاپنىڭ قوشۇمچە مەھسۇلاتى بولىدۇ، ئاساسلىقى ئىنقىلاۋىي كۈرەشتۇر. ماركسىزىم-لېنىنىزىم ئىنقىلاپ بىلەن تەدرىجى تەرەققىياتنى ئايرىۋېتىش نەزەرىيىسىگە، ھەركەتنىڭ ئىنقىلاۋىي شەكلىنى ئېتىراپ قىلىپ،

تەدرىجى تەرەققىياتنىڭ زورۇرىيتىنى ئىنكار قىلىش يەنى پەيدىن-پەي تەييارلىق كورۇش ۋە ئاممىنى ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئىنقىلاۋىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشنىڭ زورۇرىيتىنى ئىنكار قىلىش تەزىرىيىسىگمۇ قارشى تۇرىدۇ. بۇنداق ئۇششاق بۇرژۇئازىيە نەزىرىيىسى ئاممىنى ئىنقىلاۋىي سەكرەشكە تەييارلىق كورىدىغان ۋەزىپىلەردىن ۋاز كەچتۇرىدۇ ۋە ئىشچىلار ھەركىتىگە غايەت زور زىيان كەلتۇرىدۇ؛ ئۇمۇ تەدرىجى تەرەققىياتچىلىق نەزىرىيىسىگە ئوخشاشلا ئەكسىيەتچىل نەزىرىيە. تەدرىجى تەرەققىياتنىڭ زورۇرىيتىنى ئىنكار قىلىش ھوكۇمەتسىز ئىشچىلار ئۇيۇشمىچىلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتى. "ھوكۇمەتسىز ئىشچىلار ئۇيۇشمىچىلىرى 'ئۇششاق ئىشلار'نى رەت قىلىدۇ، بولۇپمۇ پارلامېنت مۇنبىرىدىن پايدىلىنىشقا قارشى تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق تاكتىكىنىڭ ئوزى كۇچ توپلاپ، ئۇلۇغ ئوزگىرىشلەرنى يارىتىشنى بىلمەي، 'ئۇلۇغ كۇنلەر'نىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۇتكەنلىكتۇر." (لېنىن. «ماركس، ئېنگېلس ۋە ماركسىزم توغرىسىدا»، 1977-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 444-بەت) ھازىرقى زامان ئوڭ قانات سوتسىيالىستلىرىنىڭ كاتتىۋاشلىرى ئىشچىلار سىنىپى ۋە بارلىق ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ئاسىيلىق قىلىدىغان ھەركەتلەرنى نەزىرىيە جەھەتتىن ئاقلاش ئۇچۇن، بۇرژۇئازىيىنىڭ تەدرىجى تەرەققىياتچىلىق نەزىرىيىسىدىن پايدىلىنىۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئاۋىستىرىيىلىك ئىسلاھاتچى رېننېر «يېڭى دۇنيا ۋە سوتسىيالىزم» دېگەن كىتاۋىدا: كاپىتالىزمدىن سوتسىيالىزمغا ئوتۇش سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ نەتىجىسى بولماسلىقى، بەلكى پەيدىن-پەي "قەلبىدىن غەلىبىگە" ئوتۇشتەك ئەھۋال ئاستىدا، بۇرژۇئا تۇزۇمىنىڭ يېڭىلىنىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى كېرەك، دەپ تەرغىپ قىلغان. ماركسىزم-لېنىنىزم كاپىتالنىڭ بۇ قۇللىرىنى پاش قىلىدى ھەمدە بىزگە مۇنداق دەپ تەلىم بەردى: پەقەت ئىنقىلاپ ئارقىلىقلا،

ئىنقىلاۋىي سەكرەش ئارقىلىقلا، ئاندىن كاپىتالىزمنى يوقاتقىلى ۋە سوتسىيالىزمنى قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ.

ۋاھالەنكى، دىيالېكتىكا بىزدىن بارلىق تەدرىجىي تەرەققىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي ئۇزۇقۇمىغا تارىخ ئۇقتىسەزىرى بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. پەقەت جەمىيەت قارىمۇ-قارشى سىنىپلارغا بۆلۈنۈپ تۇرغان ۋاقىتتىلا سەكرەش ئاندىن سىياسىي ئىنقىلاپ، پارتلاش خاراكتېرىغا ئىگە بولىدۇ، دېمەك، مەۋجۇت ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ۋە يېڭى ھاكىمىيەتنى بەرپا قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. جەمىيەتتە قارىمۇ-قارشى سىنىپلار بولمىغان شارائىتتا، كونا سۈپەتتىن يېڭى سۈپەتكە ئۆتۈشتە سىياسىي ئىنقىلاپ، پارتلاش شەكلى قوللىنىلمايدۇ. («سان ئۆزگىرىشىدىن سۈپەت ئۆزگىرىشىگە ئايلىنىش»، **«سەكرەش»**كە قاراڭ.)

**تەرەققىيپەرۋەرلىك** 进步 Прогресс تەرەققىيپەرۋەرلىك — ئالغا قاراپ راۋاجلىنىش، تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقىرى دەرىجىگە، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە قاراپ راۋاجلىنىش دېمەكتۇر. تەرەققىيپەرۋەر ئىدىيە پەن ۋە مەدەنىيەتنىڭ ئۆتكەندىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ باشقا جەھەتلىرىدىكى تەرەققىياتىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ فېوداللىق تۈزۈمگە قارشى كۈرىشىدە ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان. كاپىتالىزم تۈزۈمىنىڭ غەلىبە قازىنىشى ۋە ئورنىتىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇرژۇئازىيە ئىدېئولوگىيىسى تەرەققىيپەرۋەر ئىدىيىگە قارشى تۇرۇشقا باشلىغان بولىدى. تەرەققىيپەرۋەر ئىدىيىگە قارىمۇ-قارشى بولغان ھەر خىل-ھەر ياڭزا نەزەرىيىلەر، مەسىلەن، جەمىيەت مەڭگۈ دەۋر قىلىپ تۇرۇش نەزەرىيىسى، باشلانغۇچ ھالەتكە قايتىش نەزەرىيىسى ۋاھاكازالار بار. جاھانگىرلىك مۇتەپەككۇرى شپېنگلېر* «ياۋروپانىڭ زاۋالغا يۈز تۇتۇشى» ۋە مەدەنىيەتنىڭ ھالاك قىلىنىشىنىڭ مۇقەررەرلىكى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسنى

ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ھازىرقى زامان بۇرژۇئا پەلسەپىسى تەرەققىيپەرۋەرلىكنى رەت قىلىش كىرەك دەپ ئاشكارا تەرغىپ قىلدۇ ۋە "چېكىنىش" نەزەرىيىسىنى يەنى جەمئىيەتنىڭ چېكىنىشى، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ جەزمەن ھالاك بولۇشى ۋە ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي ئايىنىشى ۋاھاكازالار توغرىسىدىكى نەزەرىيىلەرنى تۈزۈپ چىقتى. ئەمەلىيەتتە، پەقەت كاپىتالىزىم تۈزۈمىلا گۇم بولىدۇ. بۇرژۇئا مۇتەپەككۇرلىرى كاپىتالىزىمنىڭ يوقىلىشىنى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ يوقىلىشى دەپ تەسەۋۋۇرلىمەكچى بولىدۇ. ئىش يۈزىسىدە، كاپىتالىزىمنىڭ ئورنىنى سوتسىيالىزىم ئىنقىلاۋىي يوسۇندا ئېلىش جەمئىيەتنىڭ مىسلىسىز ئىلگىرىلىگەنلىكى، ئىنسانلارنىڭ ئۈچقاندەك تېز ئىلگىرىلىگەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاغمىچىلار ۋە شىۋجېڭجۇيىچىلار بۇرژۇئازىيىگە ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن تەرەققىيپەرۋەرلىك ئۇقۇمىنى بۇرمىلايدۇ. ئۇلار تەرەققىيپەرۋەرلىكنى مەۋجۇت بۇرژۇئا تۈزۈمى دائىرىسىدە بولىدىغان ئاستا، تەدرىجىي تەرەققىيات دەپ چۈشىنىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرژۇئا سىياسىتىگە خۇشامەت قىلىشىنى تەرەققىيپەرۋەر سۆز-ئىبارىلەر بىلەن ياپىدۇ.

تەرەققىيپەرۋەر ئىدىيە پەقەت ماركسىزىم-لېنىنىزىم تەلىماتىدىلا ھەقىقىي ئىلمىي تۈردە دەلىللىنىدۇ. ماركسىزىم-لېنىنىزىم جەمئىيەت راۋاجلىنىدۇ دەپ ئاددىي ھالدا مۇئەييەنلەشتۈرۈپ قويمايدۇ، بەلكى ئىنسانلار جەمئىيەت تارىخىنىڭ ئالغا قاراپ راۋاجلىنىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ بىر باسقۇچتىن تېخىمۇ يۇقىرى بىر باسقۇچقا ئۆتۈشىنىڭ ھەقىقىي، ھەممىدىن ئاۋۋال ماددىي سەۋەبلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ، قايسى سىنىپنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇۋاتقانلىقىنى ۋە قايسى سىنىپنىڭ جەمئىيەتنىڭ ئالغا قاراپ راۋاجلىنىشىغا توسالغۇ بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ماددىي ئەشيالارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش ئۇسۇلى ۋە بۇنىڭدا بولۇپ تۇرىدىغان ئۆزگىرىشلەر جەم-

يەت تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسىي كۈچلەر. ئۇلار سىنىپىي تەرەققىيپەرۋەرلىكنىڭ گەۋدىلەندۈرگۈچىسى، ئۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان مۇتەئەسسىپ ۋە ئەكسىيەتچى ئىجتىمائىي كۈچلەرگە قارشى تۇرىدۇ. ماركسىزم-لېنىنىزم كىلاسسىكلىرى بىزگە مۇنداق دەپ ئۆگىتىدۇ: كونا نەرسىلەرنىڭ زاۋالغا يۈز تۇتۇشى ۋە يېڭى نەرسىلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، راۋاجلىنىشى بىلەن باغلانغان قارىمۇ-قارشى تەرەپلەرنىڭ كۈرىشى تەرەققىيپەرۋەرلىكنىڭ ئاساسى، شۇنداقلا بارلىق تەرەققىياتنىڭمۇ ئاساسى. سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە كوممۇنىزم تۈزۈمى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يۈكسىلىشى، ئىلىم-پەن، سەنئەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن چەكسىز كەڭ زېمىن يارىتىپ بېرىدۇ.

**تەرەققىيات Развитие 发展** دىيالېكتىكا*: تەدرىجىي تەرەققىيات ۋە ئىنقىلاپ*قا قاراڭ.

**تەقدىرچىلىك 宿命论 Фатализм** (لاتىنچىسى *fatalis* — پېشانىگە پۈتۈلگەن) تارىخنىڭ تەرەققىياتى بەلگىلىك بولمايدىغان بىر كۈچ يەنى تەقدىر تەرىپىدىن ئالدىنالا بەلگىلەنگەن بولىدۇ دەپ ھېسابلايدىغان ئىدېيالىستىك نەزەرىيە. تەقدىرچىلىك پارتىيە، سىنىپنىڭ تارىختىكى ئاكتىپ ئىجادىي رولىنى ئىنكار قىلىپ، ئادەملەرنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە تارىخىي ۋەقەلەرگە ئارىلىشىشى بىھۇدە ئاۋارىچىلىق، ئادەم شەپقەتسىز تارىخىي قانۇنىيەت خالىغانچە نېرى-بېرى قىلىدىغان، قارىغۇلارچە ھەرىكەت قىلىدىغان قورچاقتىنلا ئىبارەت دەپ قارايدۇ. تەقدىرچىلىك ئەكسىيەتچىل نەزەرىيە، چۈنكى ئۇ پاسسىپلىقنى، ئىقتىدارسىزلىقنى، تەقدىرگە تەن بېرىشنى تەرغىب قىلىپ، ئىنقىلاۋىي كۈرەشنى ئىنكار قىلىدۇ.

ماركسىزم-لېنىنىزىمنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى قانۇنىيىتى توغرى-

ىدىكى تەلىماتى، شەخس، سىنىپ ۋە پارتىيىنىڭ جەمئىيەت تەرەق-
قىياتىدىكى رولى توغرىسىدىكى تەلىماتى ھەم تەقدىرچىلىككە
قارىمۇ-قارشى، ھەم بارلىق جەمئىيەت تەرەققىياتىنى "قەھرىمان"
ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭ پائالىيەتلىرىگە مەنسۇپ قىلىپ قويىدىغان
سۇبيېكتىپچىلىققا قارىمۇ-قارشى قويۇلغان. ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ
تارىخىي مۇقەررەرلىك توغرىسىدىكى تەلىماتى ۋە جەمئىيەت تەرەققى-
ياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى توغرىسىدىكى تەلىماتى شەخسنىڭ
تارىختىكى رولىنى* ھەرگىزمۇ يوققا چىقارمايدۇ. ماركسىزم-لېنىنىزم
تارىخنى كىشىلەر ئۆزلىرى يارىتىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى
ئىجتىمائىي ماددىي تۇرمۇش تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى تەرىپىدىن
چەكلىنىدۇ ۋە بەلگىلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. (**"ئەركىنلىك ۋە زورۇر-
يەت"**كە قاراڭ.)

**Теория иерог-** 象形文字论 **تەسۋىرىي يېزىق نەزەرىيىسى**
**лифов** بىر خىل ئىدىيالىزملىق نەزەرىيە بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ
تۇيغۇلىرى ۋە تەسەۋۋۇرلىرى شەيئىلەرنىڭ كۆپىيىسى ئەمەس، پەقەت
شەيئىلەر بىلەن ئوخشاپ كەتمىگەن بەلگىلەر (تەسۋىرىي يېزىق)
دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ نەزەرىيىنىڭ ھىمايىچىلىرى بىزنىڭ سەزگۈ
ئەزالىرىمىز دۇنياغا بولغان توغرا بىلىشنى يەتكۈزۈپ بېرەلمەيدۇ،
بىزنىڭ ئېڭىمىز ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى ھەر خىل شەيئىلەرنى ئىنكاس
قىلمايدۇ دەپ تۇرىۋالغان. بۇ نۇقتىنەزەر كىشىلەرنىڭ دۇنيانى
بىلىش مۇمكىنلىكىگە بولغان ئىشەنچىنى بۇزىدۇ، ئۇ بىۋاستە ئىدىيا-
لىزمغا باشلايدۇ. "تەسۋىر 'تەسۋىرلىنىدىغان' تەرىپنىڭ چىقلىقىنى
ئالدىنقى شەرت قىلىش چوقۇم ۋە مۇقەررەر. 'ئالامەت'، بەلگە،
تەسۋىرىي يېزىق پۈتۈنلەي زورۇرىيىتى بولمىغان بىلگىلى بولما-
لىق نەزەرىيىسى تەركىپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇقۇملاردىن ئىبا-
رەت." (لېنىن. «ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىدچىلىكى»، 1977-يىل

ئۇيغۇرچە نەشرى، 439-بەت) تەسۋىر گەرچە تەسۋىرلىنىدىغان نەرسە بىلەن مەڭگۈ پۈتۈنلەي بىر يەردىن چىقىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن بۇ بەلگە ئەمەس، بەلكى ھەقىقى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان نەرسىنىڭ تەسۋىرى. لېنىن **«ماتېرىيالىزىم ۋە تەجرىبە تەنقىتچىلىكى»** دىگەن **كىتاۋىدا پلېخانوۋ***نىڭ تەسۋىرىي يېزىق نەزەرىيىسىنى ماركسىزىملىق ئىنكاس نەزەرىيىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىدىغان خاتالىقىنى تەنقىت قىلغان. سوۋېت ئىتتىپاقىدا مېخانىزىمچىلار (ل. ئاكسېلرود قاتارلىقلار) تەسۋىرىي يېزىق نەزەرىيىسىنى تەشۋىق قىلغان ئىدى. ھازىر، تۈرلۈك شەكىلدىكى ئۆزگەرگەن تەسۋىرىي يېزىق نەزەرىيىلىرى بۇرژۇئا پەلسەپىسىدە كەڭ تارقىلىپ يۈرمەكتە. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىم **ئىنكاس نەزەرىيىسى*** بىلەن تەسۋىرىي يېزىق نەزەرىيىسىگە قارشى تۇرىدۇ.

**تەسەۋۋۇر 表象** Представление تاشقى دۇنيادىكى تۈرلۈك ھادىسىلەرنىڭ روشەن ھېسسى ئوبرازى. تەسەۋۋۇر تۇيغۇ، سەزگۈ بىلەن بىرلىكتە ھېسسى بىلىشنى ھاسىل قىلىدۇ. ياكى **پاۋلوۋ***نىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، رىيال بىرىنچى سىگنال سىستېمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. تەسەۋۋۇر ئىككى جەھەتتىن سەزگۈگە ئوخشىمايدۇ. سەزگۈ مۇئەييەن كونكرېت ئەھۋال ئاستىدا سەزگۈ ئەزالىرىمىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان يەككە شەيئىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. سەزگۈگە قارىغاندا تەسەۋۋۇر شەيئىلەرنى تېخىمۇ يىغىنچاق، تېخىمۇ ئابستراكت ئەكس ئەتتۈرۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، بىركىشى مەلۇم بىر خىل ئەھۋال ئاستىدا مەلۇم بىر تۈپ ئاق قېيىن دەرىخىنى سېزىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاق قېيىن دەرىخى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرى ئۇ كۆرگەن نۇرغۇن ئاق قېيىن دەرەخلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بىرلەشكەن بولىدۇ. ھالبۇكى، ھەر بىر تۈپ ئاق قېيىن دەرىخىنىڭ باشقا بىرتۈپ ئاق قېيىن دەرىخى بىلەن

ئوخشاش بولىدىغان ئالاھىدىلىكلىرى شۇنىڭدەك ئۇ كىشى مۇشۇ ئاق قىيىن دەرەخلىرىنى سەزگەن ۋاقتىدىكى كونكرېت ئەھۋاللارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى مەۋجۇت بولماي قالىدۇ. تەسەۋۋۇر سەزگۈگە قارىغاندا تېخىمۇ يىغىنچاق، تېخىمۇ ئابستراكت ئوبراز، ئۇنىڭ ئۆزى شەيئىلەر توغرىسىدىكى مەلۇم بىر خىل ئەمىلىي تەجرىبىنىڭ يىغىندىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، بىر ياغاچچى بىلەن بىر سەنئەتكارنىڭ ئاق قىيىن دەرىخى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرى ئانچە ئوخشاش بولمايدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ مۇشۇ دەرەخ بىلەن بولغان ئەمىلىي مۇناسىۋىتىگە باغلىق بولىدۇ. **سېچېنوۋ*** تەسەۋۋۇرنى شەيئىلەر توغرىسىدىكى ھېسسى بىلىشنىڭ ئەخمىنى خۇلاسىسى دەپ ئاتىدى. پاۋلوۋ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: تەسەۋۋۇر سەزگۈگە قارىغاندا ئالى نېرۋا پائالىيىتىنىڭ بىرقەدەر يۇقۇرى سەۋىيىسىدە ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. دېمەك، تەسەۋۋۇرنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى سەزگۈنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىگە قارىغاندا مېڭىنىڭ تېخىمۇ مۇرەككەپ، تېخىمۇ ئىنچىكە ئەكس ئەتتۇرۇش خىزمىتىنى ئىشلىشىگە، يەنى تەھلىل قىلىشى (تاشقى تەسىرلەرنى ئۇرلۇك تەركىپلەرگە ئايرىشى) ۋە ئومۇملاشتۇرۇشى (ئوخشىشىپ كېتىدىغان تەركىپلەرنى باغلىشى)غا مۇھتاج.

ماركسىزىملىق پەلسەپىۋى ماتېرىيالىزىم تەسەۋۋۇرنى بىرلەمچى، ماددىنى ئىككىلەمچى ۋە ئىنسان تۇيغۇسىغا بېقىنغۇچى دەپ قارايدىغان ئىدىيالىستىك نۇقتىنەزەرنى ئېچىپ تاشلىدى. ئەمىلىيەتتە، ماددا بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزغا بېقىنمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. تەسەۋۋۇر بولسا مېڭىنىڭ مەھسۇلى، تاشقى دۇنيادىكى شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئىنكاسى.

**تەنقىتچىلىك** **批判主义** Критицизм **كانت***نىڭ ئۆزىنىڭ ئىدىيالىستىك پەلسەپىسىگە قويۇۋالغان ئىسمى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ پەلسەپىسىنىڭ ئاساسىي مەقسىدىنى كىشىلەرنىڭ بىلىش ئىقتىدارىنى

تەنقىت قىلىشتىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ. كانت تەنقىت قىلىش ئارقىسىدا، ئىنساننىڭ ئەقلىنىڭ شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشى مۇمكىنلىكىنى ئىنكار قىلىدى. ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلگىلى بولىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان ھەمدە ئىدىيالىستىك ھالدا چۈشىنىلگەن تەجرىبىنىلا بىلىشنىڭ مەنبەسى دەپ قارايدىغان باشقا بارلىق سۇبيېكتىپ ئىدىيالىستىك مەزھەپلەرمۇ تەنقىتچىلىك دەپ ئاتىلىدۇ.

**تەنقىت ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىت 批评和自我批评 Критика и самокритика** ماركسىزملىق پارتىيە ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ باشقا تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۆز پائالىيىتىدىكى كەمچىلىك ۋە خاتالىقلارنى ئاشكارىلاش ۋە تۈگىتىشتە قوللىنىدىغان ئاساسىي ئۇسۇلى. سوۋېت جەمئىيىتىدە، تەنقىت ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىت تەرەققىياتنىڭ ئەڭ ئاساسىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچلىرىنىڭ بىرى.

ماركس ئالللىبۇرۇن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ ئىلگىرىكى ئىنقىلابلاردىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئوڭۇشلۇق يۈكسىلىش ئۈچۈن ئۆز ئۆزىنى تەنقىت قىلىپ تۇرىدۇ. لېنىن ۋە ستالىن يېڭى شارائىتتا ماركسنىڭ بۇ قائىدىسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۆز ئۆزىنى تەنقىت قىلىش ئاغمىچى ۋە ئىسلاھاتچى پارتىيىلەرگە ئوخشىمايدىغان ھەقىقىي پرولېتارىيات پارتىيىسىگە خاس بولغان ئالاھىدىلىك، دەپ كۆرسەتتى. لېنىن تەنقىت ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىتنى دادىل ئېلىپ بېرىش كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم پرىنسىپلىرىنىڭ بىرى دەپ ھېسابلىدى. لېنىن مېنشېۋىكلار، سوتسىيال ئىنقىلابچىلار، كائۇتسكىچىلارنى شۇنداقلا ماركسىزمنىڭ باشقا دۈشمەنلىرىنى پاش قىلغان چاغدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: تەنقىت ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىتتىن قورقۇش ئۇلارنىڭ پارتىيىسىنىڭ چىرىشىنىڭ مەنبەسى، ئۆز ئۆزىنى تەنقىت قىلىش كونتىرەئىگو روھلۇق، ھاياتىي كۈچكە ئىگە بارلىق

پارتىيىلەر ئۈچۈن مۇتلەق زۆرۈر. كەڭ ئەمگەكچى ئاممىدىن ئايرىلغان ھالدا ئۆز خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پارتىيىلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئىزىدا توختاپ قېلىپ ئالغا باسالمايدۇ. ئەنئەنە ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىتتىن قورقىدۇ. ھەقىقىي پرولېتارىيات پارتىيىسى — ئىشچىلار سىنىپى ۋە بارلىق ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ جەڭگىۋار ئاۋانگارت قوشۇنى — خاتالىق ۋە كەمچىلىكلەرنى تەنقىت قىلىش ئارقىلىق ئۆز كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسىغا تەربىيە بېرىدۇ ھەمدە غەلىبە قىلىش يولىدىكى توسقۇنلۇقلارنى تەنقىت ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىتكە تايىنىپ تۈگىتىدۇ.

سوۋېت دۆلىتى قۇرۇلغان كۈندىن ئېتىۋارەن، كوممۇنىستىك پارتىيە تەنقىت ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىتنى يېڭى ھاكىمىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى، ئۇنى سوتسىيالىزم ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىكى كۈچلۈك قورالغا ئايلاندۇردى. لېكىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان چاغلاردا، سوۋېت جەمىيىتى تەرەققىياتىنىڭ تۈپ قانۇنىيىتى سىنىپىي كۈرەش بولۇپ ئىپادىلەنگەن ئىدى. مەملىكەت ئىچىدە دۈشمەن سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى ئانتاگونىستىك زىددىيەت مەۋجۇتلا بولىدىكەن، ئۇنداقتا بۇ خىل ئەھۋالغا زىددىيەتلەرنى يېشىدىغان مەلۇم شەكىللەر ئارقىلىق ماسلىشىش لازىم. سوۋېت ئىتتىپاقىدا سوتسىيالىزىمنىڭ غەلىبىسى بۇ خىل ئەھۋالنى تۈپتىن ئۆزگەرتتى. ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار يوقىتىلدى. ئىشچىلار سىنىپى ۋە دېھقانلار يېڭى سىنىپلارغا ئايلاندى. ئۇلار بىر تۇتاش سوتسىيالىستىك ئىگىلىك ئاساسىدا، ئۆزئارا زىچ ھەمكارلاشماقتا ھەمدە يېڭى سوۋېت زىيالىيلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، بىرلىكتە ئۆز پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارماقتا. سوۋېت جەمىيىتىنىڭ روھىي ۋە سىياسىي جەھەتلەردىكى بىردەكلىكى بارلىققا كەلدى، يەنى كاپىتالىزمغا تۈزۈمگە خاس بولغان ئىجتىمائىي قارىمۇ-قارشىلىق

شۇنداقلا مۇشۇ قارىمۇ-قارشىلىق تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان
دەھشەتلىك سىنىپىي كۈرەش سوۋېت ئىتتىپاقىدا مەڭگۈگە يوقالدى.
لېكىن ئەگەر سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى قارىمۇ-قارشى سىنىپلار ۋە
ئۇلارغا خاس بولغان زىددىيەتلەرنىڭ يوقىلىشى ئارقىسىدا سوۋېت
جەمئىيىتىدىكى بارلىق زىددىيەتلەرمۇ يوقىلىدۇ، دەپ قارالسا، ئۇ
خاتا بولىدۇ. زىددىيەتلەر بارلىققا كېلىپ ۋە ئۆزگىرىپ تۇرمىسا،
تەرەققىياتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ھازىر، سوۋېت ئىتتىپاقى
سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئورۇنلىغان ۋە كوممۇنىزىمغا قاراپ
پەيدىن-پەي ئۆتۈۋاتقان مەزگىلدە، بىر قاتار زىددىيەتلەرنى
ئۆزگىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغىنى
ئامىنىڭ يېڭى، سوتسىيالىستىك تۇرمۇش بىلەن كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا،
روھىي ھالىتىدە، ئۆرپ-ئادەتلىرىدە ساقلانغان كاپىتالىزىم قالدۇق-
لىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت. كونا بىلەن يېڭى
ئوتتۇرىسىدىكى، ئىلغارلىق بىلەن مۇتەئەسسىپلىك ئوتتۇرىسىدىكى
كۈرەش بولىسا، بىر قىسىم، سوۋېتلىكلەردىكى دۆلەتكە قارشى
كەيپىيات، بىيۇروكراتلىق، مىللەتچىلىك قالدۇقلىرى ئۆزگىتىلمىسە،
ئۇلارنىڭ جامائەت مۈلكى ۋە ئەمگەككە بولغان غەيرى سوتسىيا-
لىستىك پوزىتسىيىسى ئۆزگىتىلمىسە، ئالغا ئىلگىرىلەش ھەركىتىگە
توسقۇنلۇق قىلىدىغان بارلىق نەرسىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىنمىسا،
كوممۇنىزىمنى غەلىبىلىك يوسۇندا قۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭا سوۋېت
جەمئىيىتىمۇ زىددىيەتلەرنى ئۆزگىتىش ئاساسىدا راۋاجلىنىدۇ. لېكىن
بۇ زىددىيەتلەر كاپىتالىزىم جەمئىيىتىدىكىدەك دەھشەتلىك سىنىپىي
كۈرەش ۋە سىياسىي ئىنقىلابنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان كونا
ئانتاگونىستىك زىددىيەتلەر ئەمەس. سوۋېت جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى
زىددىيىتىنىڭ خاراكتېرى ئانتاگونىستىك ئەمەس، چۈنكى ئۇلارنىڭ
ئارقىسىدا تۈپتىن قارىمۇ-قارشى بولغان مەنپەئەتتە چىڭ تۇرىدىغان

بىر بىرىگە دۈشمەن سىنىپلار يوق. ئانتاگونىستىك بولمىغان بۇ زىددىيەتلەر سوۋېت جەمئىيىتىدىكى بارلىق ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆپ ئۆرتاقلىقى دائىرىسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

سوۋېت جەمئىيىتىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ يېڭى مەزمۇنى بۇ زىددىيەتلەرنى ئۆكتىشنىڭ يېڭى شەكلى ۋە يېڭى ئۇسۇللىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. "كۆرەش" دېگەن كونا ئۇقۇمغا يېڭى مەزمۇن قوشۇلدى. بۇ خىل كۆرەشنىڭ سالمىقى كوممۇنىستىك تەربىيە ۋە ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق قايىل قىلىش ئۇسۇلىغا يۆرىلىدى؛ ئەلۋەتتە، سوتسىيالىستىك جامائەت تۇرمۇشى مىزانلىرىغا يامان غەرەز بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلغان ئۇنسۇرلارغا، سوۋېت خەلقىنىڭ تېخى يوقىتىلمىغان قالدۇق دۈشمەنلىرىگە، يەنىلا مەجبۇرلاش، زورلۇق كۈچى ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. سوۋېت جەمئىيىتىدىكى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشنىڭ يېڭى تارىخىي شەكلى، پارتىيىنىڭ بۇ زىددىيەتلەرنى پاش قىلىش ۋە ئۆكتىشتىكى ئەڭ ئۆتكۈر قورالى تەنقىد ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىدتىن ئىبارەت.

سوۋېت جەمئىيىتى كاپىتالىزم جەمئىيىتىگە ئوخشىمايدۇ، كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە تەرەققىيات ئىستىخىيىلىك بولىدۇ. كىرىزىس ئىشلەپچىقىرىشنى تەڭشەپ تۇرىدۇ، سوۋېت جەمئىيىتى بولسا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پىلانلىق راۋاجلىنىشى ئاساسىغا قۇرۇلغان. پارتىيە ۋە دۆلەت قەتئىي تۈردە سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا رول ئوينايدىغان ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنى ۋە مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش پىلانىنى تۈزمەكتە. بىز ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى بارلىق ئوبيېكتىپ شەرت-شارائىت ۋە ئىمكانىيەتلەرگە يەنى تەبىي بايلىق مەنبەلىرىگە، بۇ بايلىق مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىپ خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ھاكىمىيىتىگە، كاپىتالىزمغا خاس ساقايماس

كېيىنلەردىن خالى بولغان سوۋېت تۈزۈمىگە ۋە ئالغا ئىلگىرىلىشى-
مىزگە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئىگە. بارلىق
ۋەزىيەت بۇ ئىمكانىيەتلەردىن ھەقىقىي يوسۇندا پايدىلىنىشقا ماھىر
بولۇشنىلا ئىبارەت. ۋاھالەنكى، بۇنداق قىلىش كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە،
ئۇلارنىڭ ئەمگەك ئىرادىسىگە ۋە ۋەتەن پاراۋانلىقىنى كۆزلەپ
خىزمەت قىلىشتەك قەتئىي نىيىتىگە باغلىق. شۇڭا تەنقىت ۋە ئۆز
ئۆزىنى تەنقىتنىڭ قانچە زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ئۆز ئۆزىدىن
مەلۇم، ئۇ خىزمەتتىكى بارلىق كەمچىلىكلەرگە يەنى كونا قائىدىلەرگە
يېپىشىۋېلىش، سورەلمىلىك ئىستىلى، بيۇروكراتلىق ۋە يېڭى ئۇسۇل
بويىچە خىزمەت قىلىشنى خالىماسلىق ھادىسىلىرىگە قارشى كۈرەش
قىلىش قورالى، كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە سوۋېت دۆلىتىنىڭ پىلانى-
نىڭ ئورۇنلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان بارلىق ھادىسىلەرگە قارشى
كۈرەش قىلىش قورالى. سوۋېت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ھەركەت-
لەندۈرگۈچ كۈچى بولغان تەنقىت ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىتنىڭ ئەھمىيىتى
شۇ يەردىكى، بۇ ئارقىلىق بىز مەقسەتكە يېتىدىغان يولىمىزنى
تازىلاپ، تەرەققىياتقا توسقۇن بولىدىغان توسالغۇلارنى تۈگىتىپ،
كوممۇنىزىمغا قاراپ ئىلگىرىلەشتىكى ھازىرقى ئوبىكتىپ ئىمكانى-
يەتنى تېخىمۇ تېز سۈرئەت بىلەن رىياللىققا ئايلاندۇرالايمىز. تەنقىت
ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىتنىڭ بۇ خىل رولى سوتسىيالىستىك مۇسابىقىدە
روشەن ئىپادىلىنىدۇ، بۇ خىل مۇسابىقە ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ
ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈشتىكى كۈرەش ئۇسۇلى، شۇڭا ئۇ
كوممۇنىزىمدىن ئىبارەت يۇقىرى باسقۇچقا ئۆتۈشنى قولغا كەلتۈرۈش-
تىكى كۈرەش ئۇسۇلى. ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىگە
سەمىمىي كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان خەلق ئاممىسى ئاللىقاچان يەتكەن ئەمگەك
ئۈنۈمدارلىقى سەۋىيىسىگە تەنقىدىي ھالدا مۇئامىلە قىلماقتا، ئۆز
ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنىڭ يېڭى يولى ۋە

يېڭى ئۇسۇللىرىنى ئىزدەنمەكتە، ۋاھاكازالار. ئىلغار ئىشچىلار ئىسلىدە بەلگىلەنگەن ئەمگەك نورمىسىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇپ ئورۇنلىماقتا. مۇشۇنداق قىلىپ ئارقىدا قالغان ھەمراھلىرىنى تەنقىتلىمەكتە ھەمدە ئۇلارنىڭ خىزمەتلىرىنى ياخشىلىشىغا ياردەم بەرمەكتە، ئۇلارنىڭ ئىلغارلار سەۋىيىسىگە يېتىشىۋېلىشىغا ياردەم بەرمەكتە. سوتسىيالىستىك مۇسابىقە ئاممىنىڭ ئۆز ئۆزىنى تەنقىتىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ھالدا، ئىنقىلاۋىي تۈردە ئېلىپ بارغانلىقىنىڭ ئىپادىسى.

تەنقىت ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىت كونا بىلەن يېڭى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ يېڭى شەكلى، زىددىيەتلەرنى تۈگىتىش قورالى، ئۇ سوۋېت دۆلىتىدىن ئىبارەت ئەڭ ئالى دېموكراتىيە شەكلى يەنى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە شەكلىنىڭ ماھىيىتىدىن يارالغان كەلگەن. سوۋېت دۆلىتى—ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ ئۆز دۆلىتى، ئۇنىڭ كۈچمۇ ئەنە شۇ يەردە. شۇڭا، ئاممىنى يېڭى تۇرمۇشنى ئاكتىپلىق بىلەن يارىتىشقا، قۇرۇلۇشتىكى بارلىق كەمچىلىكلەرگە ھوشيارلىق بىلەن دىققەت قىلىشقا ھەمدە بۇ كەمچىلىكلەرنى پاش قىلغان ۋە تەنقىد قىلغان شارائىتتىلا، يەنى تۆۋەندىن يۇقىرىغا بولغان تەنقىتنى قانات يايدۇرغان شارائىتتىلا، سوۋېت جەمىيىتى غەلىبە بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدۇ. تۆۋەندىن يۇقىرىغا بولغان تەنقىت يەنى كەڭ ئەمگەكچىلەر ئاممىسىدىن كەلگەن تەنقىت بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تۆۋەندىن يۇقىرىغا بولغان بۇ خىل تەنقىتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ جاسارىتى ۋە ئىجادىي تەشەببۇسكارلىقى ئىپادىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ دۆلەتنىڭ خوجايىنىلىق تۇيغۇسى ئىپادىلىنىدۇ.

تەنقىت ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىتنىڭ غايەت زور رولىنى تەكىتلىگەن چاغدا مۇنۇلارغا دىققەت قىلىش شەرت: قانداقلىكى تەنقىت

تەرەققىياتىنىڭ ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولۇۋەرمەيدۇ، بەلكى
پەقەت سوۋېت جەمئىيىتىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرىدىغان تەنقىتلا تەرەققى-
ياتىنىڭ ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولىدۇ. دۈشمەن ئۇنسۇرلار
بىزنىڭگە قارشى بولغان، كوممۇنىزمغا قارشى بولغان ئۇقتىسنەزەر-
لەرنى ئوغرىلىقچە ئېلىپ كىرىش قەستىنى يوشۇرۇشنى مەقسەت
قىلغان تەنقىت بىلەن كوممۇنىزم ئىشلىرىنى مۇستەھكەملەشنى مەق-
سەت قىلغان ھەقىقى تەنقىتنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈش لازىم. پارتىيە-
نىڭ 19-قۇرۇلتىيىدا تەنقىت ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىتنىڭ سوۋېت
تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتىكى رولى
مەسىلىسىگە ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلدى. مەركىزىي
كومىتېتىنىڭ خۇلاسە دوكلادىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: تەنقىت
ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىت بوغۇپ قويۇلغانلىقى ئورۇنلاردا، تۆۋەندىن
يۇقۇرىغا بولغان تەنقىت يېتەرلىك قانات يايدۇرۇلمىغانلىقى ئورۇن-
لاردا، مۇقەررەر ھالدا بيۇروكراتلىق، چىرىكلىشىش ھەتتا دولەت
ئورگانلىرىنىڭ ئايرىم ھالقىلىرى بۇزۇلۇش قاتارلىق غەلىتە ھادى-
سىلەر يۈز بېرىدۇ.

پارتىيىنىڭ 19-قۇرۇلتىيى تەنقىت ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىتنىڭ
سوۋېت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا بولغان غايەت زور رولىنى مولچەر-
لىگەنلىكتىن، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى نىزامنامىسىگە
پارتىيە ئەزالىرى ئۆتەشكە تېگىشلىك مۇنداق بىر مەجبۇرىيەتنى
كىرگۈزدى: "ئۆز ئۆزىنى تەنقىت ۋە تۆۋەندىن يۇقۇرىغا بولغان
تەنقىتنى قانات يايدۇرۇش، خىزمەتتىكى كەمچىلىكلەرنى ئېچىپ
تاشلاش ھەمدە تۈزىتىپ تۈگىتىش، يۈزەكى نەتىجىلەرگە قارشى
تۇرۇش، خىزمەتلەردىكى مۇۋەپپەقىيەتلەردىن قانائەتلىنىپ قېلىشقا
قارشى تۇرۇش كېرەك. تەنقىتنى بوغۇش ئىنتايىن رەزىل قىلمىش.
تەنقىتنى بوغقان، مەدھىيىنى تەنقىتنىڭ ئورنىغا قويغانلىقى كىش-

لەرنى پارتىيە قوشۇنىدا قالدۇرۇشقا بولمايدۇ.»*

تەنقىت ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىت ئىلىم-پەن، ئەدەبىيات، سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىجادىي مۇنازىرە بولمىسا، ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرنىڭ تالاش-تارتىشى ۋە تەنقىت ئەركىنلىكى بولمىسا، ئىلىم-پەن، ئەدەبىيات، سەنئەت غەلىبىلىك ھالدا راۋاجلىنالمايدۇ. تەنقىت ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىت كەڭ ئاممىنى كوممۇنىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىشقا جەلپ قىلىشتىكى بىر خىل شەكىل، ئۇ سوۋېتلىكلەرنىڭ بۇرژۇئا ئىدىيىسىنىڭ قالدۇقلىرىنى يۇگىتىشكە ياردەم بېرىدۇ.

**تەنقىدىي چىنلىق نەزىرىيىسى** (پەلسەپەدە) **批判实在论** Критический реализм (в Философии) (哲学上的) ئامېرىكىدىكى بۇرژۇئا ئىدىيالىستىك پەلسەپە مەزھەپلىرىدىن بىرى، 20-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرىدىن 30-يىللىرىغا قەدەر كەڭ تارقالغان. بۇ ئېقىمنىڭ ۋەكىللىرى لوۋجوي، پرات، روجېرس، ستروڭ، سانتايانا قاتارلىقلار. تەنقىدىي چىنلىق نەزىرىيىسىنىڭ يېڭى چىنلىق نەزىرىيىسىگە ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇ بىلىشتىكى ئوبيېكت بىلەن سۇبيېكتنىڭ ئوخشاشلىقىنى، مەۋجۇدىيەت بىلەن ئاڭنىڭ ئوخشاشلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئەمما تەنقىدىي چىنلىق نەزىرىيىسى تەرەپدارلىرى ئىلمىي ئىنكاس نەزىرىيىسى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى خاتا بولغان بىلگىلى بولماسلىق نەزىرىيىسى ئارقىلىق يېڭى چىنلىق نەزىرىيىسى بىلەن قارشىلىشىدۇ. بۇنداق بىلگىلى بولماسلىق نەزىرىيىسى لېنىننىڭ **«ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىدچىلىكى»*** دېگەن كىتاۋىدا قاتتىق تەنقىت قىلىنغان بەلگە نەزىرىيىسى ياكى تەسۋىرىي بېزەك نەزىرىيىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. تەنقىدىي چىنلىق نەزىرىيىسى تەرەپدارلىرى بىلىش بىلەن ئوبيېكتىپ چىنلىقنىڭ ئوتتۇرىغا ئۆتكىلى بولمايدىغان بىر چېگرا سىزىپ، ئۇقۇم بىلەن چۈشەنچە ئوبيېكتىپ

چىنلىقنىڭ كىشىلەر ئېڭىدىكى ئىنكاسى ئەمەس، بەلكى «لوگىك ماھىيەت»تىكى ئالاھىدە ۋە مۇستەقىل دائىر دەپ داۋا قىلىدۇ. بىر قىسىم تەنقىدىي چىنلىق نەزەرىيىسى تەرەپدارلىرى ئىككى مەنبەچىلىك مەيدانىدا تۇرىدۇ، يەنى ئۇلار ماددا بىلەن روھ ئوخشاشلا دۇنيانىڭ ئاساسى دەپ قارايدۇ (مەسىلەن، روجېرس)؛ يەنە بىر قىسىم تەنقىدىي چىنلىق نەزەرىيىسى تەرەپدارلىرى سۇبيېكتىپ ئىدىيالىزىمدا چىڭ تۇرىدۇ (مەسىلەن، سترولاڭ، سانتايانا) ياكى قىپ-يالىڭاچ سىرلىقلاشتۇرمىچىلىقتا چىڭ تۇرىدۇ (مەسىلەن، پرات). يېڭى چىنلىق نەزەرىيىسى تەرەپدارلىرى بىلەن تەنقىدىي چىنلىق نەزەرىيىسى تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىسىدىكى چۇقان-سۈرەنلىك بەس-مۇنازىرە ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مۇنداق بىر پاكىتنى يېپىپ قالالمايدۇ، ئۇ بولسىمۇ، بۇ ئىككى ئېقىمنىڭ ھەر ئىككىلىسىلا ئۆزئارا رىقابەتلىشىۋاتقان ۋە ئىلمىي ماتېرىيالىستىك دۇنياقاراشقا قارشى تۇرىدىغان، ھازىرقى زامان يېڭى ئىدىيالىستىك ئاساستا بۇرمىلايدىغان ئىككى خىل شەكىلدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

**تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەت 基本经济规律 Основной Экономический закон** مەلۇم ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ماھىيىتىنى بەلگىلەيدىغان قانۇنىيەت. تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەت ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم ئايرىم تەرىپى ياكى مەلۇم ئايرىم جەريانىنى بەلگىلىمەستىن، بەلكى ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ بارلىق ئاساسلىق تەرەپلىرى ۋە بارلىق ئاساسلىق جەريانلىرىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، ئۇ مەلۇم ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ باشقا بارلىق قانۇنىيىتى ۋە ھادىسىلىرىنى چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى. مەسىلەن، **ھازىرقى زامان كاپىتالىزىمىنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتى** * كاپىتالىزم شارائىتىدا دەۋرىي خاراكتېرلىق كرىزىسنىڭ

قانۇنىيىتىنى، پرولېتارىياتنىڭ مۇتلەق نامراتلىشىشى ۋە نىسپىي نامراتلىشىشى شۇنىڭدەك ئۇرۇش پارتلاشنىڭ سەۋەبى قاتارلىقلارنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ؛ بۇنىڭ ئەكسىچە، **سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتى*** بولسا سوتسىيالىزم شارائىتىدا نېمە ئۈچۈن كرىزىس ۋە ئىشسىزلىق يۈز بەرمەيدىغانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن ئەمگەكچى خەلقنىڭ ماددىي پاراۋانلىقى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بارىدىغانلىقىنى ۋە باشقىلارنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ھەر بىر ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ — ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمىنىڭ، قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ، فېئوداللىزمنىڭ، كاپىتالىزمنىڭ، سوتسىيالىزمنىڭ — ئۆزىنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتى بولىدۇ. ھەرقانداق ئىجتىمائىي ھالەتتە بىرلا تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بولىدۇكى، بىرنەچچە تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتمۇ باشقا ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەرگە ئوخشاش، ئوبيېكتىپلىققا ئىگە، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسى تەرىپىدىن يارىتىلغان بولماستىن، بەلكى مۇئەييەن ئىقتىسادىي شارائىت ئاساسىدا پەيدا بولىدۇ. تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەت باشقا ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەرگە ئوخشىمايدۇ، ئۇ: ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنىڭ مەقسىتى نېمە؟ ئىشلەپچىقىرىش ئۆز تەرەققىياتىنىڭ ماۋۇ ياكى ئاۋۇ تارىخىي باسقۇچىدا قايسى ۋەزىپىلەرگە بويسۇنىدۇ؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاپ بېرىدۇ.

سوتسىيالىزمدىن ئىلگىرىكى تۆرلۈك ئىجتىمائىي ھالەتلەر (قۇلدارلىق تۈزۈمى، فېئوداللىزم، كاپىتالىزم) سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىقنى ئاساس قىلغان ئىجتىمائىي ھالەت بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتىنىڭ ئەڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار رەھىمسىز تۈردە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغان ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ ياراتقان قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئۆزىنىڭ قىلى-

ۋالىدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ ئۇپ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتى باشقا بىرّ خىل ئىجتىمائىي خاراكتېرغا ئىگە. سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئېھتىياجىنى، يەنى ئادەمنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ ئۇپ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتى سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئىلگىرىكى باشقا ھەرقانداق ئىجتىمائىي تۈزۈمدىن مىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

**تۈرلەرنىڭ ئۆزگىرىشى تەلىماتى** 种变说 **Трансформизм**

يەنى تەدرىجىي تەرەققىيات تەلىماتى، جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئۆزگىرىشى ھەققىدىكى تەلىمات. تۈرلەرنىڭ ئۆزگىرىشى تەلىماتى مۇنداق دەپ ئۆگىتىدۇ: ھازىرقى زاماندىكى كۆرۈلگەن ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرلىرى بۇرۇنقى ساني كۆپ بولمىغان، ھازىرقى زاماندىكىگە ئوخشىمايدىغان ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەر تۈرلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەبىئەت تارىخىي جەريانىدا بارا-بارا ئۆزگىرىشى ئارقىلىق پەيدا بولغان. تۈرلەرنىڭ ئۆزگىرىشى تەلىماتى جانلىق مەۋجۇداتلار ئۆزگەرمەيدۇ، تەبىئەت دۇنياسىدا تەرەققىيات بولمايدۇ دەيدىغان مېتافىزىكىلىق ئىدىيىلەرگە قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. تۈرلەرنىڭ ئۆزگىرىشى تەلىماتى **دارۋىن*** تەلىماتىدا دەلىللەندى.

**تۈس** 样态 **Модус** ماركسىزمدىن ئىلگىرىكى پەلسەپىدە قوللىنىلغان پەلسەپىۋى ئاتالغۇ. ئۇ جىسىمنىڭ بەزى ھالەتتە بولىدىغان ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنداق ئالاھىدىلىك **خۇسۇسىيەت***كە ئوخشىمايدۇ، خۇسۇسىيەت جىسىمنىڭ ھەرقانداق ھالەتتە كەم بولسا بولمايدىغان ئالاھىدىلىكى. **سپىنوزا***نىڭ پەلسەپىسىدە ئەسلى زاتنىڭ بارلىق ۋاقىتلىق ھالەتلىرى تۈس دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ھالەتلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى سەۋەب ئۇنىڭ ئۆزىدە

ئەمەس، بەلكى ئەسلى زات ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتىدە؛ ئۇستە جى-
سىمنىڭ چەكسىز خىلمۇ-خىللىقى ۋە ئۇنىڭ ۋاقىتلىق خاراكتېرى ئىپادىلىنىدۇ، بۇنداق خىلمۇ-خىللىق ۋە ۋاقىتلىق خاراكتېردا بولسا بىرلىككە كەلگەن، مەڭگۈلۈك ۋە چەكسىز بولغان ماددىي **ئەسلى زات*** گەۋدىلىنىدۇ.

## ج

**جاھانچىلىق** 世界主义 Космополитизм (گرېكچە κοσμος — جاھان، πολιτης — پۇقرا) ئۆز ۋەتىنىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن كارى بولماسلىق، مىللەتنىڭ ئەنئەنىسىگە ئېتىبارسىز قاراش، مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىك ۋە مىللەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشنى تەشۋىق قىلىدىغان بىر خىل بۇرژۇئازىيىچە ئەكسىيەتچىل ئىدېئولوگىيە. بۇ خىل تەشۋىقات پۈتكۈل دۇنيانىڭ ھەر بىر شەخسنىڭ ۋەتىنى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش نىقاۋى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھازىرقى زامان جاھانگىرلىكىنىڭ مۇتەپەككۇرلىرى جەددى تارقاتقان جاھانچىلىق مونوپول تەشكىلاتلارنىڭ ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ مىللى مۇستەقىللىقىغا قارشى تۇرۇشتىكى قورالى، ئەركىن خەلقنى ئىقتىسادىي ۋە سىياسى جەھەتتە قۇل قىلىشنىڭ ئىدىيىۋى قورالى. جاھانگىرلار جاھانچىلىق، "دۇنيا ھۆكۈمىتى" قاتارلىقلار توغرىسىدىكى ئىدىيىلەرنى تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق خەلقنىڭ ھوشيارلىقىنى بوشاشتۇرۇپ، ئۇلار ئارىسىدا ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىدىغان ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى ساتىدىغان ئىدىيىنى يېتىشتۈرۈشكە كۈچەپ تۇرۇۋاتىدۇ.

جاھانچىلىق ھازىرقى زامان بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئىدېئولوگىيىسى. ھازىرقى زامان بۇرژۇئازىيىسى ئۆزىنىڭ تار شەخسى مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرىدۇ. ئۇلار مۇشۇنداق خۇسۇسى مەنپەئەت ئۈچۈن مىللەتنى ساتىدىغان ھەرقانداق شۇملۇقلارنى قىلىشتىن يانمايدۇ.

ستالىن سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 19-قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: "ئىلگىرى مىللەتنىڭ ھوقۇقىنى ۋە مۇستەقىللىقىنى قوغدىغان. مىللەتنىڭ ھوقۇقىنى ۋە مۇستەقىللىقىنى 'ھەممىدىن ئۈستۈن' كۆرگەن بۇرژۇئازىيە مىللەتنىڭ سەردارى ھېساپلانغان ئىدى. ھازىر، 'مىللىي پرىنسىپ' تىن ئەسەرمۇ قالمىدى. ھازىر بۇرژۇئازىيە مىللەتنىڭ ھوقۇقى ۋە مەنپەئەتىنى سېتىش ھېساۋىغا ئامېرىكا دوللىرىغا ئېرىشىۋاتىدۇ. مىللىي مۇستەقىللىق ۋە مىللىي ئىگىلىك ھوقۇقى دېگەن بايراقنى تاشلىۋەتتى." جاھانچىللىق بۇرژۇئازىيىنىڭ مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى سېتىشقا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدىغان دالدىغۇچ. بۇرژۇئازىيىنىڭ ھەرقانداق ۋاقىتتا مىللەتنىڭ مەنپەئەتىگە ئاسىيلىق قىلىشىغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدىغان دالدىغۇچ. ئوڭ قانات سوتسىيالىستلارنىڭ نۇرغۇن يولباشچىلىرىمۇ جاھانچىللىق ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلماقتا.

پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىونالىزمى بىلەن بۇرژۇئازىيىنىڭ جاھانچىللىقى تامامەن قارىمۇ-قارشى. پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىونالىزمى ئىشچىلار سىنىپى ۋە بارلىق ئەمگەكچىلەرنىڭ مىللىي مەنپەئەتىنىڭ ماسلاشتۇرۇلغان ھالدا بىرلەشتۈرۈلۈشىنى، ھەقىقىي خەلق ۋەتەنپەرۋەرلىكى بىلەن مىللىي ئۆچمەنلىكنىڭ ئەڭ چوڭقۇر مەنبەسى بولغان كاپىتالىزمغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان پۈتۈن دۇنيا پرولېتارىياتىنىڭ خەلقارا ئىتتىپاقلىق روھىنىڭ ماسلاشتۇرۇلغان ھالدا بىرلەشتۈرۈلۈشىنى ئىپادىلەيدۇ. كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە ئىشچىلار پارتىيىسى مىللىي مۇستەقىللىق ۋە مىللىي ئىگىلىك ھوقۇقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە؛ ئۇلار — ئۆز دۆلىتىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقى ئۈچۈن، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەشكۈچى ھەقىقىي جەڭچىلەر.

جاھانچىللىق پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىونالىزمى ئىدىئولوگىيىسى

بىلەن، سوۋېت ۋەتەنپەرۋەرلىكى بىلەن چىقىشالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كوممۇنىستىك پارتىيە جاھانگىرلىقنىڭ بىزنىڭ ئىدىيىۋى سېپىمىزدىكى ئەكسىيەتچىل يۈرۈشتا مەدەنىيىتىگە چوقۇنۇش، سوۋېت مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئىنكار قىلىش، رۇس مىللىتىنى ۋە ئۇ ئىجات قىلغان ئىلغار پەن، ئەدەبىيات ۋە سەنئەتنىڭ مۇنەۋۋەر رولىنى تۆۋەنلىتىش ۋە كەمسىتىش، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مىللىي ئەنئەنىسىگە سەل قاراشتەك ھەر خىل ئىپادىلىرىگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتمۇ پۈتۈن دۇنيا مەدەنىيىتى ياراتقان بارلىق ئۇلۇغ قىممەتلىك نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىدۇ. ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش — سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ ئىدىيولوگىيىسىدە مۇقەررەر بولىدىغان ئالاھىدىلىك.

سوۋېت ئىتتىپاقى جاھانگىرلىكى بىزنىڭ ئىدىيىۋى سېپىمىزنىڭ ئايرىم جەھەتلىرىدىكى ۋەتەن كوزقارىشى بولمىغان جاھانگىرلىقلارنىڭ كىچىك گۇرۇھىغا زەربە بەردى. جاھانگىرلارنىڭ كىشىلەرنى زەھەرلەيدىغان بۇ قوراللىغا قارشى داۋاملىق كۈرەش قىلىش، سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق سوۋېت ۋەتەنپەرۋەرلىكى ئىدىيىسى ۋە روھىنى جارى قىلدۇرۇش، **پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىونالىزمى*** ئىدىيىسىنى جارى قىلدۇرۇش — بىزنىڭ ۋەزىپىمىز.

**جاھانگىرلىك** 帝国主义 Империализм كاپىتالىزمنىڭ يۇقىرى ۋە ئاخىرقى باسقۇچى بولۇپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى پەيدا بولغان. جاھانگىرلىك كاپىتالىزمنىڭ ئۆتكەندىكى بارلىق تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى. ماركسىزمچىلار ئىچىدە، لېنىن بىرىنچى بولۇپ ئۆزىنىڭ «**جاھانگىرلىك كاپىتالىزمنىڭ يۇقىرى باسقۇچى**»* دېگەن ئەسىرىدە جاھانگىر-

لىكنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىلمىي ھالدا شەرھلىدى، جاھانگىرلىكنىڭ مەرەزلىرىنى ۋە ئۇنىڭ مۇقەررەر ھالدا يوقىلىشىدىكى شەرتلەرنى ئېچىپ بەردى. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: "جاھانگىرلىك كاپىتالىزىمنىڭ تەرەققىي قىلىپ شۇنداق بىر دەرىجىگە يەتكەن باسقۇچىكى، ئۇنىڭدا مونوپول تەشكىلاتلارنىڭ ۋە پۇل مۇئامىلە كاپىتالىنىڭ ھوكۇمرانلىقى ئورنىتىلغان، چەتكە كاپىتال چىقىرىش ئالاھىدە زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان، خەلقارا ترېستلار دۇنيانى بۆلۈشۈشكە باشلىغان، ئەڭ چوڭ كاپىتالىستىك دۆلەتلەر دۇنيادىكى ھەممە زېمىننى پۈتۈنلەي بۆلۈشۈپ بولغان بولىدۇ." («جاھانگىرلىك كاپىتالىزىمنىڭ يۇقىرى باسقۇچى»، 1976 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 157 ـ بەت)

كاپىتالىزىمنىڭ ئۆزىنىڭ يۇقىرى ۋە ئاخىرقى باسقۇچىغا يەنى جاھانگىرلىككە ئۆتۈشىدىكى ئاساسلىق نۇقتىسى شۇكى، مونوپولىيە ھوكۇمرانلىقى ئەركىن رىقابەت ھوكۇمرانلىقىنىڭ ئورنىغا دەسسىگەن بولىدۇ. مونوپولىيە ــ جاھانگىرلىكنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكى، جاھانگىرلىكنىڭ ماھىيىتى. مونوپولىيە كاپىتالىستىك ئەللەرنىڭ ئىقتىسادىدا ۋە سىياسىيسىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ، شۇڭا، ئاز ساندىكى مونوپول كاپىتالىستلارنىڭ زور كۆپ ساندىكى ئاھالىگە سالىدىغان زۇلمى ئىلگىرىكىدىن يۈز ھەسسىلەپ ئېغىرلىشىدۇ، كۆرۈنەرلىك بولىدۇ ۋە تاقەت قىلىپ تۇرغۇسىز دەرىجىگە يېتىدۇ. كاپىتالىزىم 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىلا راۋاجلىنىپ بىر ئوچۇم جاھانگىر تالان ـ تاراج قىلغۇچىلار پۈتۈن يەر شارىدىكى ئىنتايىن زور كۆپ ساندىكى ئاھالىنى مۇستەملىكە قىلىپ ئېزىدىغان ۋە مالىيە جەھەتتىن بوغىدىغان دۇنياۋى سىستېما بولۇپ قالدى.

ستالىن لېنىننىڭ جاھانگىرلىك توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى ئىجادىي يوسۇندا راۋاجلاندۇردى. ئۇ لېنىننىڭ كاپىتالىزىمنىڭ

مونوپول تەشكىلاتلىرىنىڭ جاھانگىرلىك مەزگىلىدە يۇقىرى پايدىغا ئېرىشىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تۈپ قائىدىلىرىگە ئاساسەن **ھازىرقى زامان كاپىتالىزمىنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتى***نى بايان قىلدى. بۇ قانۇنىيەت كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ مونوپولىيە باسقۇچىدىكى بارلىق ئاساسىي تەرەققىيات جەريانىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ قانۇنىيەتنىڭ ماھىيىتى: ئۆز دۆلىتىدىكى ئەمگەكچى خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش چارىسى ئارقىلىق باشقا دۆلەت خەلقلىرىنى قۇل قىلىش ۋە ئۆزلۈكسىز تۈردە تالان-تاراج قىلىش چارىسى ئارقىلىق ۋە قاراقچىلىق ئۇرۇشى ھەم خەلق ئىگىلىكىنى ھەربىيلەشتۈرۈش چارىسى ئارقىلىق ئەڭ زور دەرىجىدىكى كاپىتالىستىك پايدىغا كاپالەتلىك قىلىش.

جاھانگىرلىك كاپىتالىزمنىڭ ئالاھىدە تارىخىي باسقۇچى، سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ ھارپىسى. جاھانگىرلىك دەۋرىدە، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى يۇقىرىغا قاراپ ئۆرلىمەستىن، بەلكى تۆۋەنگە قاراپ ماڭىدۇ. مونوپول تەشكىلاتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقانلىقى جەمئىيەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بارلىق زۆرۈر ماددىي ئالدىنقى شەرتلەرنى ھازىرلاپ بېرىدۇ. لېكىن جاھانگىرلىك دەۋرىدە، دۆلەتنىڭ مونوپول تەشكىلاتلارغا بوي سۇنۇشى تۈپەيلىدىن كۈچەيگەن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش جەريانى بىر ئوچۇم كاپىتالىستلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ خەلق ئاممىسىغا قارىتىلغان ئېكسپىلاتاتسىيىسى چېكىگە يېتىپ، ئۇلارنى ئىنتايىن كەمبەغەللىككە ۋە ۋەيرانچىلىققا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. جاھانگىرلىك دەۋرىدە، كاپىتالىزمنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىقى بىلەن خۇسۇسىي كاپىتالىستىك ئىگىلەشتۈرۈش شەكلى ئوتتۇرىسىدىكى

تۈپ زىددىيىتى يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلىنىدۇ ۋە ئۆتكۈرلىشىدۇ.

جاھانگىرلىك باسقۇچىدىكى كاپىتالىزىم ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەرەققىي قىلىشى يولىدىكى توسالغۇ بولۇپ قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئىلگىرىلەتمەي بىر ئىزدا توختىتىپ قويىدۇ ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدۇ. جاھانگىرلىك دەۋرىدە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن بۇرژۇئا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئار دائىرىسى ئوتتۇرىسىدىكى كۈندىن-كۈنگە كەسكىنلىشىۋاتقان توقۇنۇشنىڭ ئىپادىلىرى: بارغانسېرى چوڭقۇرلاشقان، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىغا ئىگە بولغان ئىقتىسادىي كرىزىس، كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىش سۈرئىتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك ئاستىلىشى، ھەرقايسى مونوپول ئىتتىپاقلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتنىڭ مىسلىسىز كەسكىنلىشىشى، دۇنيانى بۆلۈشۈۋېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇش. جاھانگىرلىك دەۋرىدە، جەمئىيەتنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشى سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئورنىغا ئىنقىلابىي ھالدا دەسسىشى يولى ئارقىلىق **ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ خاراكتېرىغا چوقۇم ئۇيغۇنلىشىش قانۇنىيىتى***نىڭ تەلىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا جىددىي مۇھتاج.

جاھانگىرلىك كاپىتالىزىمنىڭ بارلىق ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي، سىنىپىي ۋە مىللىي زىددىيەتلىرىنى مىسلىسىز كەسكىنلەشتۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسلىق زىددىيەتلەر: (1) ئەمگەك بىلەن كاپىتال ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت؛ (2) ھەرقايسى مالىيە گۇرۇھلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە دۇنيانى بۆلۈشۈۋېلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغان ھەرقايسى كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى

زىددىيەت؛ (3) ھەرقايسى مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر بىلەن مۇستەملىكىلەر ۋە بېقىندى دۆلەتلەردىكى كەڭ ئاھالىلەر ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت.

جاھانگىر بۇرژۇئازىيە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاش ۋە مۇستەھكەملەش كۈرىشىدە، زەئىپلىشىپ كەتكەن كاپىتالىستىك بازىس ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مونوپول تەشكىلاتلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى كېلەڭسىز ۋە مۇرەككەپ دۆلەت ئورگانلىرىدىن باشلاپ تاكى ئەمگەكچى خەلققە قارىتا ئېلىپ بارىدىغان تۈرلۈك ئىدىيىۋى قۇل قىلىشقىچە بولغان بارلىق ئۈستقۇرۇلمىسىدىن ئەڭ زور چەكتە پايدىلىنىشقا كۈچەپ ئۇرۇنىدۇ. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: جاھانگىرلىك دەۋرىدىكى سىياسىي ئۈستقۇرۇلمىنىڭ خۇسۇسىيىتى دېموكراتىيىدىن يۈز ئۆرۈش، دېموكراتىيىنى بىر ئوچۇم مالىيە كاپىتالى مۇشتۇمزورلىرىنىڭ زورلۇق-زومىيولۇق قىلىشىنى يوشۇرىدىغان پەردىگە ئايلاندۇرۇۋېلىش. سىياسىي جەھەتتىكى ئەكسىيەتچىلىككە يۈزلىنىش. جاھانگىرلىك مەيلى تاشقى سىياسەتتە بولسۇن ياكى ئىچكى سىياسەتتە بولسۇن، دېموكراتىيىنى ئىنكار قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ. مالىيە كاپىتالىنىڭ ئاشكارا تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىقى ۋە ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنى ئاشكارا باستۇرۇشتىكى ۋاستىسى قىلىنغان فاشىستىك خاھىش جاھانگىرلىك دەۋرىدىكى تىپىك خاھىش ھېسابلىنىدۇ.

جاھانگىرلىك دەۋرىنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇنىڭدا ھەرقايسى كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي تەرەققىياتى ئىنتايىن تەكشىسىز بولىدۇ. لېنىننىڭ جاھانگىرلىك توغرىسىدىكى تەلىماتى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب توغرىسىدىكى يېڭى نەزەرىيىنىڭ ئاساسى. بۇ تەلىماتنىڭ ئەڭ چوڭ مۇۋەپپەقىيىتى شۇكى، لېنىن جاھانگىرلىك دەۋرىدىكى كاپىتالىزمنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي تەرەققىياتىنىڭ

تەكشىسىزلىك قانۇنىيىتىنى تاپتى. بۇ قانۇنىيەت ھەرقايسى كاپىتا-لىستىك دولەتلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۆزئارا مۇناسىۋەت جەھەتتە مونوپولىيە قىلىشتىن ئىلگىرىكى مەزگىلدە بولۇپ ئۆتكەن نىسبى تەڭپۇڭلۇقنى يوقاتقانلىقىنى كورسەتتى. مۇشۇ قانۇنىيەتنىڭ رولى تۈپەيلىدىن بەزى دولەتلەر باشقا بەزى دولەتلەردىن ئېشىپ كېتىدۇ، باشقا بەزى دولەتلەرنى دۇنيا بازىرىدىن سىقىپ چىقىرىدۇ ھەمدە باشقا بەزى دولەتلەر بىلەن بىرلىكتە دۇنيانى بولۇشۇۋېلىش كۈرىشىگە قاتنىشىدۇ. دۇنيانى بولۇشۇۋېلىش كۈرىشى جاھانگىرلىك لاگېرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەرنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈپ، دۇنيا جاھانگىرلىكى زەنجىرىنىڭ مەلۇم ھالقىسىنى بۇزۇپ تاشلاش مۇمكىن-چىلىكىنى، سوتسىيالىزمنىڭ ئايرىم دولەتلەردە غەلىبە قازىنىش مۇمكىنچىلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

لېنىننىڭ جاھانگىرلىك سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ ھارپىسى دېگەن قائىدىسى ئەمەلىيەتتە تولۇق ئىسپاتلاندى. ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋى روسىيىنى دۇنيا جاھانگىرلىك زەنجىرىدىن قۇتۇلۇپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى نەتىجىسىدە، ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكى نۇرغۇن دولەتلەر دۇنيا كاپىتا-لىزىم سىستېمىسىدىن قۇتۇلدى.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، بولۇپمۇ ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىنىڭ نەتىجىسىدە **كاپىتالىزمنىڭ ئومۇمىي كرىزىسى*** باشلاندى. ئىنسانىيەت تارىخىدىكى يېڭى دەۋر يەنى سوتسىيالىزمنىڭ غەلىبە قىلىش دەۋرى باشلاندى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، بولۇپمۇ ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكى نۇرغۇن دولەتلەر كاپىتالىزم سىستېمىسىدىن ئايرىلىپ **خەلق دېموكراتىيىسى*** تۈزۈ-مىنى ئورناتقانلىقتىن، كاپىتالىزمنىڭ ئومۇمىي كرىزىسىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى باشلاندى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كاپىتالىزم سىستېمىسىنىڭ

زور دەرىجىدە ئاجىزلاشقانلىقىنى، دېموكراتىيە كۈچلىرى ۋە سوتسىيالىزم كۈچلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

**«جاھانگىرلىك كاپىتالىزمنىڭ يۇقۇرى باسقۇچى»**

«帝国主义是资本主义的最高阶段» «Империализм, как высшая стадия капитализма»

لېنىننىڭ ئەسىرى، 1916-يىلى يېزىلغان، 1917-يىلى ئېلان قىلىنغان. لېنىن-نىڭ بۇ ئەسىرى ماركسنىڭ «كاپىتال» دېگەن ئەسىرىنىڭ بىۋاستە داۋامى. لېنىن بۇ ئەسىرىدە كاپىتالىزمنىڭ يېڭى دەۋرگە يەنى جاھانگىرلىك دەۋرگە قەدەم قويغاندىن كېيىنكى تارىخي تەرەققىياتىنى يىغىنچاقلىدى. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: جاھانگىرلىك كاپىتالىزمنىڭ يۇقۇرى، ئاخىرقى باسقۇچى، كاپىتالىزمنىڭ تەييارتاپ، چىرىگەن، ئۆلۈۋاتقان باسقۇچى.

لېنىن بۇ كىتاۋىنىڭ ئالدىنقى 6 بابىدا جاھانگىرلىكنىڭ 5 ئاساسىي خۇسۇسىيىتىنى تەھلىل قىلدى. مونوپولىيىدىن بۇرۇنقى كاپىتالىزم دەۋرىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان ئەركىن رىقابەت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ توپلىنىشىنى ۋە كاپىتالنىڭ مەركەزلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، شەكىللىنىپ بولغان مونوپول تەشكىلاتلار ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئويناشقا باشلايدۇ، مانا بۇ جاھانگىرلىكنىڭ بىرىنچى خۇسۇسىيىتى. ئىشلەپچىقىرىش شۇنداق غايەت زور كۆلەمگە يېتىدۇكى، رىقابەت ئەركىنلىكىنىڭ ئورنىنى مونوپول تەشكىلاتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دەسسەيدۇ. مانا بۇ جاھانگىرلىكنىڭ ئىقتىسادىي ماھىيىتى. جاھانگىرلىك كاپىتالىزمنىڭ مونوپولىيە باسقۇچى. مونوپولىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ھەرگىز كاپىتالىزمدىكى كىرىزىس، رىقابەت، ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتى شۇنىڭدەك باشقا مەرەزلەرنىڭ يوقالغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ؛ ئۇنىڭ ئەكسىچە، مونوپولىيە پۈتكۈل كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆزىگە خاس

بولغان ئىشلەپچىقىرىشتىكى قالايمىقانچىلىقنى ۋە ھۆكۈمەتسىزلىك
ھالىتىنى كۈچەيتىدۇ ۋە كەسكىنلەشتۈرىدۇ. "......ئەركىن رىقابەت-
تىن ئۆسۈپ چىققان مونوپولىيە رىقابەتنى يوقىتالمايدۇ، بەلكى ئۆزىنى
رىقابەتنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ، رىقابەت بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ
تۇرىدۇ، شۇڭا تۈرلۈك ئىنتايىن ئۆتكۈر، ئىنتايىن كەسكىن
زىددىيەتلەر، سۈركىلىشلەر ۋە توقۇنۇشلار كېلىپ چىقىدۇ." («جا-
ھانگىرلىك كاپىتالىزمنىڭ يۇقىرى باسقۇچى»، 1976-يىل ئۆزبېكچە
نەشرى، 155-بەت) بانكىلارنىڭ توپلىنىشى ۋە بانكا مونوپول
تەشكىلاتلىرىنىڭ شەكىللىنىشى بانكىنى ۋاستىچىدىن پۇل مۇئامىلە
بازىرىدىكى ھەممىگە قادىر مونوپول قىلغۇچىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.
ئەڭ چوڭ بانكا ۋە سانائەت مونوپول تەشكىلاتلىرى بىرلەشكەندىن كې-
يىن مالىيە كاپىتالى مەيدانغا كېلىدۇ. مالىيە كاپىتالى جاھانگىرلىك-
نىڭ ئىككىنچى خۇسۇسىيىتى. جاھانگىرلىك ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنى
تالان-تاراج قىلىش شەكلىدە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان بىر
ئوچۇم مالىيە مۇشتۇمزورلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دېمەكتۇر. جاھانگىر-
لىك باسقۇچىدىكى كاپىتالىزىم ئۆچۈن ئېيتقاندا، چەتكە تاۋار چىقىرىش-
تىن باشقا، چەتكە كاپىتال چىقىرىشمۇ ئۆتنىڭ بىر خۇسۇسىيىتى ھې-
سابلىنىدۇ. ئەڭ يۇقىرى پايدىنى قوغلىشىش داۋامىدا، كاپىتال ئەر-
زان ئەمگەك كۈچىگە ۋە ئەرزان خام ئەشياغا ئىگە دۆلەتلەرگە
قاراپ ئاقىدۇ. چەتكە تاۋار چىقىرىشقا قارىغاندا ئۈستۈنلۈكنى ئىگەل-
لىگەن چەتكە كاپىتال چىقىرىش باشقا بەزى دۆلەتلەر ۋە مۇستەم-
لىكىلەردىكى ئەمگەكنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشقا ئايىنىپ جان
باقىدىغان دۆلەتلەرنى تەييارتاپ قىلىپ قويىدۇ، كاپىتالىستىك دۆلەتلەر
ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ۋە مەبلەغ سالىدىغان سورۇنلارنى تالىشىش
كۈرىشىنى بارغانسېرى كەسكىنلەشتۈرىدۇ. جاھانگىرلىكنىڭ ئۈچىنچى
خۇسۇسىيىتى ئەنە شۇ. جاھانگىرلىكنىڭ تۆتىنچى خۇسۇسىيىتى شۇكى،

ھەرقايسى مونوپول ئىتتىپاقلار ئالدى بىلەن مەملىكەت ئىچىدىكى بازارلارنى بۆلۈشىدۇ. ئاندىن كېيىن بەزى ئەڭ زور خەلقارا مونوپول بىرلەشمىلەر ئوتتۇرىسىدا پۈتكۈل دۇنيادىكى كاپىتالىزىم بازىرىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن بۆلۈشىدۇ. شەكىللىنىۋاتقان، ئىنتايىن قۇدرەتلىك بولغان، پۈتكۈل دۇنيادىكى كاپىتالىزىم بازىرىنى بۆلۈشۈۋېلىۋاتقان خەلقارا مونوپول ئىتتىپاقلار (كارتېللار، سىندىكاتلار، ترېستلار، كونسېرنلار)مۇ نۇرغۇن ئايرىم مونوپول تەشكىلاتلار ۋە مونوپول گۇرۇھلاردىن تەشكىللەنگەن. ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭ پايدا نورمىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن كەسكىن كۆرەش ئېلىپ بارىدۇ. مانا بۇ خەلقارا مونوپول بىرلەشمىدىكى رىقابەتنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ. بۇ مونوپول تەشكىلاتلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كېلىشىملەرنى مۇقىمسىز قىلىپ قويىدۇ، ھەرقايسى مونوپول قىلغۇچىلارنى بازارلارنى قايتىدىن بۆلۈشۈۋېلىش ئۈچۈن ئۆزئارا كۆرەشكە سالىدۇ. ئەڭ زور مونوپول ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن دۇنيانى بۆلۈشۈۋېلىشى جاھانگىرلىكنىڭ بەشىنچى خۇسۇسىيىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭ بەشىنچى خۇسۇسىيىتى شۇكى، جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ دۇنيا زېمىنىنى بۆلۈشۈۋېلىشى ئاخىرلاشقان بولىدۇ ھەمدە ئۇلار دۇنيانى قايتىدىن بۆلۈشۈۋېلىش ۋە باشقىلارنىڭ يەرلىرىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىدۇ. جاھانگىرلىك دەۋرىدە كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي تەرەققىياتىنىڭ تەڭپۇڭ بولماسلىقى قانۇنىيىتى تۈپەيلىدىن بەزى كاپىتالىستىك دۆلەتلەر تەرەققى قىلىپ باشقا كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىن ئېشىپ كېتىپ، دۇنيا سەھنىسىدىكى كۈچ سېلىشتۇرمىسىدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ. مانا بۇ بۆلۈشۈۋېلىنغان دۇنيانى بىرنەچچە كاپىتالىستىك دۆلەت قايتا بۆلۈشۈۋېلىش مەسىلىسىنى كۈنتەرتىپكە قويىدۇ. نەتىجىدە ئاساسەن بارلىق كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ۋە دۇنيا ئەللىرى خەلقلىرى جاھانگىرلىك ئۇرۇشىغا ئېلىپ كىرىلىدۇ. دۇنيانى قايتىدىن بۆلۈشۈ-

ۋېلىش كۈرىشى مەلۇم بىر جاھانگىر دۆلەتلەر گۇرۇھى ياكى مەلۇم بىر ئەڭ كۈچلۈك كاپىتالىستىك دۆلەتنىڭ دۇنياۋى زومىگەرلىكنى ئورنە- تىش يولىدىكى كۈرىشىگە ئايلىنىدۇ. لېنىن ئۆز ئەسرىدە كائۇتس- كىنىڭ كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئىتتىپاقى ۋە بىرلەشمىسى توغرىسىدىكى "ئادەتتىن تاشقىرى جاھانگىرلىك" نەزەرىيىسىنى ئەجەللىك تەنقىت قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: مەيلى بۇ ئىتتىپاقلار قانداق شەكىلدە بولسا بولسۇن، "مەيلى بىر جاھانگىرلىك ئىتتىپاق باشقا بىر جاھانگىرلىك ئىتتىپاققا قارشى تۇرسۇن، ياكى بولمىسا **بارلىق** كۈچ- لۈك جاھانگىر دۆلەتلەر بىر ئومۇمىي ئىتتىپاق بولۇپ ئۇيۇشسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇرۇشلار ئارىلىقىدىكى 'ۋاقىتلىق ئارام ئېلىشتىنلا' ئىبارەت **بولماي قالمايدۇ**. تېچ ئىتتىپاق ئۇرۇشنى تەييارلاۋاتقان بولىدۇ، ئەينى ۋاقىتتا يەنە ئۇرۇش داۋامىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن بولىدۇ ۋە بىر بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ، **ئەينى بىر** ئاساستا، يەنى دۇنيا ئىقتىسادى ۋە دۇنيا سىياسىدىكى جاھانگىرلىك ئالاقىسى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى ئاساسىدا تېچ كۈرەش شەكلى بىلەن تېچ بولمىغان كۈرەش شەكلىنىڭ بىر بىرىگە ئالمىشىشىدەك ئەھۋال پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ" («جاھانگىرلىك كاپىتالىزمنىڭ يۇقۇرى باسقۇ- چى»، 1976-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 214-بەت). يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى دۇنيا تارىخىدىكى پاكىتلار لېنىننىڭ بۇ سۆزلە- رىنىڭ توغرىلىقىنى پۈتۈنلەي ئىسپاتلىدى. ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ئارىلىقىدىكى "ۋاقىتلىق ئارام ئېلىش" تۇتتىن بىر ئەسىرگە يەتمىگەن ۋاقىتلا داۋاملاشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىككى قېتىملىق ئۇرۇش ئارىلىقى يەنە ئۇرغۇنلىغان ئايرىم ھەربىي توقۇنۇشلار بىلەن تولدى.

لېنىن 7-بابتا جاھانگىرلىكنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى توغرى- سىدىكى تەھلىلىنى يەكۈنلەپ، جاھانگىرلىك باسقۇچىدىكى كاپىتا-

لىزىمنىڭ ماھىيىتىنى بايان قىلدى، ھازىرقى زامان كاپىتالىزىمنىڭ بارلىق ئايرىم تەرەپلىرىنى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى يىغىنچاقلىدى.

لېنىن ٨-باپتا كاپىتالىزىمنىڭ جاھانگىرلىك باسقۇچىدىكى تەيىيارتاپلىقىنى ۋە چىرىكلىكىنى چۈشەندۈردى. كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىكى ئىقتىسادىي تۇرمۇشنىڭ مونوپوللىشىشى كاساتچىلىق ۋە چىرىكلىشىش يۈزلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نەتىجىدە سىيىي ئۇزىدىن بولغان سۈتخور دۆلەتلەر ۋە ئۆسۈمگە قەرز بېرىدىغان دۆلەتلەر مەيدانغا كەلدى، بۇ دۆلەتلەر كاپىتالىزىم دۇنياسىدىكى مۇستەملىكىلەر ۋە بېقىندا دۆلەتلەردىكى يۈز مىليونلىغان ئاھالىنى تالان-تاراج قىلدى. سۈتخور دۆلەتلەر تەييارتاپ، چىرىگەن كاپىتالىستىك دۆلەتلەر دېمەكتۇر.

لېنىن ئۇز ئەسىرىدە ئىشچىلار ھەرىكىتىدىكى ئاقمىچىلىقنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەسىنى ئېچىپ تاشلىدى. كاپىتالىستلار مۇستەملىكىلەر ۋە بېقىندا دۆلەتلەردىن شىلىۋالغان غايەت كوپ مونوپوليىلىك نورمىدىن تاشقىرى پايدا ئىقتىسادىي جەھەتتە پرولېتارياتنىڭ يۇقۇرى قاتلام ئۇنسۇرلىرىنى سېتىۋېلىش مۇمكىنچىلىكىنى پەيدا قىلدى. بۇ خىل ئەھۋال ئىشچىلار ھەرىكىتىدىكى ئاغمىچىلىق ۋە ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئاقمىچىلىق بىلەن جاھانگىرلىك ئۆزئارا زىچ باغلانغان بولىدۇ. ھەر بىر كاپىتالىستىك دۆلەتتىكى ھەممە جاھانگىرلار ئۇزلىرىنىڭ ئىشچىلار سىنىپى ئىچىدىكى گۇماشتىلىرى—ئاقمىچىلار—ئارقىلىق ئىشچىلار ھەرىكىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىشقا ھەمدە ئۇنى ئاغمىچىلىق يولىغا سېلىشقا كۇچەپ ئۇرۇنىدۇ. شۇڭا ئاقمىچىلىققا ۋە ئۇنىڭ ئىدىيىسىگە قارشى كۆرەش ئېلىپ بېرىلمايدىكەن، پرولېتارياتنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەرىكىتى غەلىبىلىك راۋاجلىنالمايدۇ.

٩-باپتا ماركسىزىمغا قارشى جاھانگىرلىك تەزىرىيىسى تەنقىت

قىلىنغان. لېنىن كائۇتسكىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى ئەجەللىك يېرىگە تەككۈزۈپ تەنقىت قىلدى؛ كائۇتسكى جاھانگىرلىكنى پەدەزلەپ، ئۇنىڭ ئەڭ چوڭقۇر زىددىيەتلىرىنى يوشۇرۇپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ "تەركىنلىكى" ۋە "دېموكراتىيىسى"نى مەدھىيىلەشكە ئۇرۇندى. لېنىن، جاھانگىرلىكنىڭ ئالاھىدىلىكى **ئومۇمى يۈزلۈك** سىياسى ئەكسىيەتچىلىك دەپ كورسەتتى.

لېنىن ئاخىرقى بىر باپتا يەنى 10-باپتا جاھانگىرلىكنىڭ تارىخى ئورنىنى بەلگىلىدى ھەمدە جاھانگىرلىك كاپىتالىزىمنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنىڭ ھارپىسى دەپ ھوكۈم قىلدى. كاپىتالىزىمنىڭ جاھانگىرلىك باسقۇچىدا ئېرىشكەن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كەڭ كولەمدە ئىجتىمائىلاشتۇرۇلۇشى بىلەن ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ كىشىنى بولۇپ قالغان كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئوتكۈر ئانتاگونىستىك زىددىيەت يۈز بېرىدۇ. جاھانگىرلىك ئامىنى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپقا يۈزلەندۈرىدۇ، بۇنداق ئىنقىلاپ كاپىتالىستىك تۈزۈمنى يوقىتىش ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى جەمىيەت قۇرۇش ئۈچۈن شەرت-شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ.

لېنىننىڭ «جاھانگىرلىك كاپىتالىزىمنىڭ يۇقىرى باسقۇچى» دېگەن كىتاۋىنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، لېنىن كاپىتالىزىمنىڭ جاھانگىرلىك باسقۇچىنى تەھلىل قىلىش ئاساسىدا سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنىڭ يېڭى نەزەرىيىسىنى ياراتتى، يېڭى نەزەرىيە نەتىجىسىنى تۈزۈپ چىقتى، جاھانگىرلىك دەۋرىدە، سوتسىيالىزىمنىڭ دۇنيادىكى ھەممە ئەللەردە ياكى زور كوپ ساندىكى ئەللەردە بىرلا ۋاقىتتا غەلىبە قازىنىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، ئەمما سوتسىيالىزىمنىڭ ئالدى بىلەن بىر ياكى بىرنەچچە كاپىتالىستىك ئەلدە غەلىبە قازىنىشىنىڭ مۇمكىنلىكىنى دەلىللىدى. لېنىننىڭ

سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى "ھەرقايسى مەملىكەت پۈرولېتارىياتلىرىغا ئىنقىلاپنىڭ ئىستىقبالىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئۆز مەملىكىتىدىكى بۇرژۇئازىيىگە ھۇجۇم قىلىش يولىدىكى تەشەببۇسكارلىقىنى تولۇق جارى قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇلارغا مۇشۇنداق ھۇجۇمنى ئۇيۇشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇش شارائىتىدىن پايدىلىنىشنى ئۆگەتتى، ئۇلارنىڭ پۈرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبىسىگە بولغان ئىشەنچىنى كۈچەيتتى" («سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلار) تارىخى قىسقىچە كۇرسى»، 1978-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 384—385-بەتلەر).

**جېمس، ۋىلىيام** 詹姆斯，威廉 Джемс, уильям (1842—1910) ئامېرىكىلىق پسىخولوگ ۋە ئىدېئالىزمچى پەيلاسوپ. ھازىرقى زامان بۇرژۇئا پەلسەپىسىدىكى ئەكسىيەتچىل سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزم ئېقىمى — **سۆزگى ئىستىھالچىلىق**"نىڭ ئاساسچىسى. جېمسنىڭ پەلسەپىسى جاھانگىرلىك دەۋرىدىكى بۇرژۇئا ئىدېئولوگىيىسىنىڭ غەيرى ئەقىلچىلىككە، ئەقلىي ۋە مەنتىقىي تەپەككۇرنى ئوچۇقتىن-ئوچۇق ئىنكار قىلىشقا بۇرۇلغانلىقىنى روشەن ئىپادىلىدى. چىرىك كاپىتالىستىك ئەكسىيەتچىل پەلسەپە ئىلغار ماتېرىيالىزملىق ئىدىيە بىلەن بولغان كۈرەشتە، ئىلمىي بىلىشتىن ئادا-جۇدا بولۇشنى ئاشكارا تەرغىپ قىلدى. جېمس ماتېرىيالىزملىق دىيالېكتىكىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى. ئۇ مېتافىزىكىلىق لوگىكىنىڭ ئاساسى يوقلۇقىنى ئومۇمىي لوگىكىنىڭ ئاساسى يوقلۇقى دەپ دەۋا قىلىشقا ئۇرۇندى. جېمس غەيرى لوگىكىچىلىق (لوگىكىنى ئىنكار قىلىش) ئارقىلىق مېتافىزىكىغا قارىتىلغان دىيالېكتىكىلىق تەنقىتكە قارشى چىقتى. ئۇنىڭ ئەكسىيەتچىل پەلسەپىسىنىڭ مەركىزى ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىپ، ماتېرىيالىزملىق ئىنكاس نەزەرىيىسىگە قارشى تۇرۇش. جېمس ھەقىقەتنى ئوبيېكتىپ رىياللىقنىڭ ئاڭدىكى

ئىنكاسى دەپ قاراشقا قارشى تۇردى. "ئەپلىك"، "پايدىلىق" بولىدىغان ۋە "ئەمەلىي مەقسەت"كە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقى نەرسىلەرنى، توغرىسىنى ئېيتقاندا، جاھانگىر بۇرژۇئازىيە ئۈچۈن ئەپلىك، پايدىلىق بولغان ۋە ئۇنىڭ سىنىپىي مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقى نەرسىلەرنى جېمس ھەقىقەت دەپ ئاتىدى.

سۇبيېكتىپ ئىدېئالىستىك "پەلسەپىدىكى" كاززاپلىق ئارقىلىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ بارلىق ئىدىيە ۋە تەلەپلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنىڭ چەكسىز ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بەردى. تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، جېمس پەلسەپىسىدىكى "ئېتىقات ئىرادىسى"نى يەنى ئاشكارا ئەكسىيەتچىل ئۇقىسىنەزەرلىنى "ھەقىقەت"نىڭ ئورنىغا قويىدى. جېمس ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يارىتقان "رادىكال تەجرىبىچىلىك" شەكلى ئۆزگەرگەن سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزمدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇ، **ماخىزىم**"دىن ئانچە چوڭ پەرقلەنمەيدۇ. سۇبيېكتىپ ئىدېئالىستىك بىلەن ماخىزىمنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئۇ، ئاڭنىڭ بىۋاستە كۆزىتىش رولىنى ئەمەس، بەلكى ئاڭنىڭ پائالىيەتچانلىق رولىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. "ماتېرىيالىزملىق نۇقتىسىنەزەردىن قارىغاندا، ماخىزىم بىلەن سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزمنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق... ئەرزىمەيدىغان ۋە ئىنتايىن مۇھىم بولمىغان پەرق..." (لېنىن. «ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىتچىلىكى»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 635-بەت). جېمس "نوقۇل تەجرىبە"دىن يەنى ئاڭ ۋە ئوبيېكتتىن باشقا ھەرقانداق رېئال نەرسىلەرنى ئېتىراپ قىلمايدىغان ئۇنداق "تەجرىبىچىلىك"نى "رادىكال تەجرىبىچىلىك" دەپ ئاتىدى. لېنىننىڭ **«ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىتچىلىكى»** دېگەن كىتابىدا سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزمغا قارىتىلغان قاتتىق تەنقىدى جېمسنىڭ ئىدېئالىزمىغىمۇ قارىتىلغان. پسىخولوگىيە جەھەتتە جېمس **ئىرادە-چىلىك**"نىڭ باشلىقلىرىدىن بىرى. سۇبيېكتىپ ئىدېئالىستىك ۋە ئىرادىچە-

لىك، ئوخشاشلا، تاجاۋۇزچى جاھانگىر بۇرژۇئازىيىسىنىڭ تەۋەككۇلچىلىك قىلىشتىكى نەزەرىيىۋى ئاساسى.

**جىسىمنىڭ بىرلەمچى سۈپىتى ۋە ئىككىلەمچى سۈپىتى**

**Первичные и вторичные качества вещей 物体的第一性的质和第二性的质**

ماركستىن بۇرۇنقى بەزى ماتېرىيالىستلار (مەسىلەن، **لوك***) بېيىلىشچانلىق، ھەركەت، شەكىل، ھەجىم قاتارلىقلارنى جىسىمنىڭ بىرلەمچى سۈپىتى ياكى خاسلىقى دەپ ئاتايدۇ. رەڭ، ئاۋاز، پۇراق، تەم قاتارلىقلارنى بولسا جىسىمنىڭ ئىككىلەمچى سۈپىتى دەپ ئاتايدۇ. ئۇلار، جىسىمنىڭ بىرلەمچى سۈپىتى ئوبيېكتىپ بولىدۇ، ئۇ كىشىلەرنىڭ سەزگۈسىگە باغلىق بولمايدۇ، شەيئىلەر قانداقلا ئۆزگەرسىمۇ ئۇ ساقلىنىپ قېلىۋېرىدۇ؛ ئىككىلەمچى سۈپىتى بولسا، ئۇ خۇددى بىلگۈچى سۇبيېكت سەزگۈ ئەزالار ئارقىلىق شەيئىلەرگە قوشۇپ قويغىنىدەك سۇبيېكتىپ بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىدىيالىست **بېركلى*** لوكنىڭ ئىككىلەمچى سۈپەت سۇبيېكتىپلىققا ئىگە دېگەن خاتا قائىدىسىنى دەستەك قىلىۋېلىپ، ئىككىلەمچى سۈپەت ۋە بىرلەمچى سۈپەتنىڭ ئىككىلىسىلا سۇبيېكتىپ بولىدۇ، دەپ قاراش بىلەن ماددى نەرسىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇقىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدۇ. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ئىدىيالىزمنىڭ بىرلەمچى سۈپەت ۋە ئىككىلەمچى سۈپەت دەپ ئايرىشىنى رەت قىلىدۇ. شەيئىلەرنىڭ بارلىق سۈپىتى شەيئىلەردە ئەزەلدىن بار، ئۇ ئوبيېكتىپ دەپ قارايدۇ. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم شۇنى قەيت قىلىدۇكى، ئىنسانلار ئېڭىنىڭ شەيئىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ سۈپىتىنى ئىنكاس قىلىشىنىڭ توغرا ياكى توغرا ئەمەسلىكى ئەمەلىيەت ۋە تەجرىبە ئارقىلىق تەكشۈرۈلىدۇ.

**جىمجىتلىق** Покой 静止 **ھەركەت***كە قاراڭ

**جۇغراپىيە سىياسەتچىلىكى 地理政治论**

Геополитика بىر خىل ئەكسىيەتچىل ساختا ئىلىم "نەزىرىيەسى". ئۇ جۇغراپىيىلىك ئامىلنى دەستەك قىلىۋېلىش ئارقىلىق جاھانگىرلىكنىڭ تاشقى سىياسىتىنى دەلىللەشكە ئۇرۇنىدۇ. جۇغراپىيە سىياسىچىلىقى مۇنۇلارنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنىدۇ: گويا كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ جۇغراپىيىۋى ئەھۋالىنىڭ ئۆزى، چېگرالارنى ئېچىش ۋە "تۇرمۇش ماكانلىرى"غا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، باشقا دۆلەتلەرنىڭ تېررىتورىيىسىنى تارتىۋېلىشنى تەلەپ قىلارمىش. جۇغراپىيە سىياسىچىلىقىنىڭ ساختا نەزىرىيە ئاساسى جۇغراپىيىلىك مۇھىت جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ، دەيدىغان تۈپتىن خاتا بولغان كۆزقاراشتىن ئىبارەت. ماركسىزم بىزگە مۇنداق دەپ تەلىم بېرىدۇ: جۇغراپىيىلىك مۇھىت جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ئاساسىي سەۋەپ بولالمايدۇ. دېمەك، دۆلەتلەرنىڭ تاشقى سىياسىتى، ھەرقانداق قىلغان بىلەنمۇ، ئىنتايىن ئاستا ئۆزگىرىۋاتقان جۇغراپىيىلىك شارائىتنىڭ مەھسۇلى بولالمايدۇ، ئۇنىڭ تۈپتىن ئۆزگىرىشى، دەل تارىخىي تەجرىبىلەرنىڭ كۆرسەتكىنىدەك، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىسىدا بارلىققا كېلىدۇ. جۇغراپىيە سىياسىچىلىقى ئەڭ زور چەكتە پايدا شىلىۋېلىشقا ئۇرۇنىدىغان مونوپول كاپىتالىزمنىڭ مەھسۇلى.

"جۇغراپىيە سىياسىچىلىقى" دېگەن بۇ ئاتالغۇنى شىۋىتسىيىنىڭ ئەكسىيەتچى دۆلەت مەسىلىلىرى مۇتەخەسسىسى، پان گېرمانىزمچى چېللېن 1-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە قوللىنىشقا باشلىغان. لېكىن جۇغراپىيىلىك شارائىتنىڭ كېڭەيمىچىلىك سىياسىتى ۋە تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتىنى بەلگىلەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇش جاھانگىرلىك دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە يەنى 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئامېرىكا، گېرمانىيە،

ئەنگلىيىلەردە بارلىققا كەلگەن ئىدى. گېرمانىيىنىڭ بۇرژۇئا سىياسى جۇغراپىيە ئىلمىنىڭ ئاساسى سالغۇچىسى راتسېل، ئەنگلىيىنىڭ ئەكسىيەتچى جۇغراپىيە ئالىمى ماكىندېر، ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇشپەرەس دېڭىز مىلىتارىزىمچىسى مەخەن جۇغراپىيە سىياسىچىلىقى "ئىدىيىسى"نى تەشۋىق قىلغان ئىدى. جۇغراپىيە سىياسىچىلىقى ئۆزى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان ئىرقچىلىق نەزەرىيىسىگە ئوخشاش، گىتلېرنىڭ دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئۇرۇنغان قاراقچىلىق "ئىدېئولوگىيىسى"نىڭ ئاساسى بولدى. جۇغراپىيە سىياسىچىلىقىنىڭ ياپونىيىدىكى ئۆزگەرگەن تۈرى ياپونىيە مىلىتارىزىمچىلىرىنى پۈتۈن ئاسىيانى ئىشغال قىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشنى مەقسەت قىلغان، سېسىق نامى پۇر-كەتكەن "ئورتاق گۈللىنىش چەمبىرىكى" دېگەن سەپسەتىدىن ئىبارەت. جۇغراپىيە سىياسىچىلىقى گىتلېر فاشىستلىرىنىڭ "ئىدېئولوگىيە"سى سۈپىتىدە بەربات بولغاندىن كېيىن، يەنە ھازىرقى زامان جاھانگىرلىكىنىڭ "ئىدېئولوگىيە"سىنىڭ بىر تۈپ تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى. ئامېرىكىنىڭ جۇغراپىيە سىياسى-چىلىرى (سپېكمەن، ئۆللېر، كىففېر قاتارلىقلار) شەرقىي يېرىم شار بىلەن غەربىي يېرىم شارنى بىر بىرىگە قارىمۇ-قارشى قويىدىغان جۇغراپىيە سىياسىچىلىقىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرىنى ھەربىي ئىتتىپاق ۋە ھەربىي بازىلار ئارقىلىق قورشىۋېلىشنى ئاشكارا چاقىرىق قىلماقتا.

ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭغا بېقىندى ئەللەردە، ھازىرقى زامان جۇغراپىيە سىياسىچىلىرى قانداقتۇ "يەر شارى" ئۈستىدە يەنى دۆلەت چېگرىسىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان جۇغراپىيە ئۈستىدە گەپ ساتماقتا، ئۇلار دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى پرىنسىپىدىن ۋاز كېچىپ،

ئادەتتىن تاشقىرى ئىمپېرىيىلەرنى قۇرۇشنى، بۇ خىل ئادەتتىن تاشقىرى ئىمپېرىيىلەرنىڭ باشلىقلىرىنىڭ ئامېرىكا مونوپول كاپىتالىستلىرى بولۇشنى كۈچەپ تەشەببۇس قىلماقتا.

**جۇغراپىيىلىك مۇھىت** 地理环境 Географическая среда

ئەتراپىمىزدىكى تەبىئەت دۇنياسى، جەمئىيەت تۇرمۇشنىڭ تاشقى تەبىي شارائىتلىرى: ھاۋا كىلىماتى، تۇپراق، كان بايلىقلىرى ۋاھاكازالار. جۇغراپىيىلىك مۇھىت جەمئىيەتنىڭ ماددى تۇرمۇشىدا زۆرۈر بولغان ۋە دائىملىق شارائىتلارنىڭ بىرى، ئۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتەلەيدۇ، مەسىلەن، ياخشى جۇغراپىيىلىك مۇھىتقا، مول تەبىي بايلىق مەنبەسىگە ئىگە دۆلەتلەردە شۇنداق بولىدۇ؛ ئۇنىڭ ئەكسىچە، ياخشى تەبىي شارائىت بولمىسا، ئۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن، جۇغراپىيىلىك مۇھىت جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ھەرگىز ھەل قىلغۇچ رول ئوينىمايدۇ؛ جۇغراپىيىلىك مۇھىت ناھايىتى ئۇزاق مەزگىل ئىچىدە نىسبى ئۆزگەرمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى ناھايىتى ئاستا بولىدۇ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزگىرىشى بولسا كۆپ تېز بولىدۇ. روشەنكى، جۇغراپىيىلىك مۇھىت جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى بولالمايدۇ. جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ جەمئىيەتكە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ماددى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە باغلىق، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئوخشاش بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بۇنداق تەسىرمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، دەريا-ئۆستەڭلەر، دېڭىز-ئوكيانلار جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا كىشىلەرنىڭ ئالاقە قىلىشىغا توسقۇن بولغان ئىدى؛ لېكىن كېمىسازلىق ۋە دېڭىز قاتنىشى تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي تېپىشىغا ئەگىشىپ، ئۇلار مۇھىم قاتناش يولى، ھەرقايسى ئەللەر

خەلقلىرى بىر بىرىگە يېقىنلىشىدىغان ۋە ئالاقىلىشىدىغان قورال بولۇپ قالىدى. بىر چاغلاردا تۈرغۇن كېرەكلىك كان بايلىقلىرى (كۆمۈر، نېفىت، رودا قاتارلىقلار)نىڭ جەمئىيەتكە ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئىدى؛ ھالبۇكى سانائەت ۋە تېخنىكا تەرەققىياتى ھازىرقى زامان سەۋىيىسىگە يەتكەن شارائىتتا، بۇ قېزىلما بايلىقلار ماددى ئەشيالارنى ئىشلەپچىقىرىشتا غايەت زور رول ئوينىماقتا. تەبىئەت دۇنياسىدىكى مول تەبىئىي بايلىقلاردىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ خاراكتېرىغا باغلىق.

كاپىتالىزم تۈزۈمى تەبىئەت دۇنياسىغا قاراقچىلارچە مۇئامىلە قىلىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىنى كەلسە-كەلمەس ئېچىش ئارقىسىدا، تەبىئىي بايلىقلاردىن پايدىلىنىپ جەمئىيەتكە پاراۋانلىق يارىتىش ئىمكانىيىتى كۈندىن-كۈنگە ئازىيىدۇ، لېكىن بۇرژۇئا تىجارەتچىلىرى بۇنىڭغا قىلچە كۆڭۈل بولمەيدۇ. سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، تەبىئەت دۇنياسىدىن پايدىلىنىپ ئەمگەكچى خەلققە پاراۋانلىق يارىتىشقا كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىلدى.

**جۇڭگو پەلسەپىسى 中国哲学 Философия Китая** مىلادى-دىن ئىلگىرىكى ئىككى مىڭ يىلدىن مىڭ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، دەل جۇڭگودا ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمى ھالاك بولۇۋاتقان چاغدا، ئىستىخىيىلىك ماتېرىيالىزمچە دۇنياقاراش مەيدانغا كەلدى. قەدىمقى زاماندىكى جۇڭگولۇقلار كائىنات بەش خىل ئېلېمېنتتىن يەنى مېتال، ياغاچ، سۇ، ئوت، تۇپراقتىن ھاسىل بولغان، بۇ بەش خىل ئېلېمېنتنىڭ ئورتاق ئاساسى ھاۋاغا ياكى ئېفىرغا ئوخشاپ كېتىدىغان ماددى ئەسلى زات-گاز دەپ ھېساپلىغان ئىدى. كېيىن، لاۋزىنىڭ تەرىققەت توغرىسىدىكى تەلىماتى، يەنى كائىناتتىكى تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشلەرنىڭ قانۇنىيەتلىكلىكى توغرىسىدىكى تەلىماتى بارلىققا كەلدى، بۇ ئىپتىدائىي ماتېرىيالىستىك ئىدىيە مۇكەممەل پەلسەپە

سىستېمىسىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، لاۋزىنىڭ پەلسەپە ئېقىمى مىلادىيىدىن 5 ـ 6 ئەسىر ئىلگىرى مەيدانغا كەلگەن ئىكەن. بۇ ئىلىم ئېقىمى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرغان. لاۋزى: "كاتتىلارنىڭ باج-سېلىقنى كۆپ ئېلىشى ۋەجىدىن پۇقرا ئاچ-زېرىن ئۆتۈشكە مەجبۇر بولۇپ تۇرۇر" دەيدۇ.

لاۋزىنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى: تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشى مۇئەييەن يول يەنى تەرىقەت بويىچە تەدرىجى تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ، ھېچقانداق تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچنىڭ مۇداخىلىسىگە ئۇچرىمايدۇ، دىگەندىن ئىبارەت. تەرىقەت (قانۇنىيەت)كە ئاساسەن، دۇنيادىكى ھەممە نەرسە ھەركەت قىلىپ ۋە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، بارلىق شەيئىلەر ئۆزگىرىش جەريانىدا مۇقەررەر ھالدا ئۆزىنىڭ قارىمۇ-قارشى تەرىپىگە ئايلىنىدۇ. لاۋزى: چەكسىز ئۆزگىرىش جەريانىدا، يېڭى نەرسىلەر ئەزەلدىن كونا نەرسىلەرنى يېڭىپ كېلىۋاتىدۇ، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ، شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ تەبىي جەريانىغا ئارىلاشماسلىق لازىم، دەپ ھىساپلايدۇ. لاۋزى كىشىلەرنى پاسسىپ بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ. كىشىلەرگە ئالغا باسماسلىق ۋە ئىپتىدائى تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا تەلىم بېرىدۇ. لاۋزىنىڭ تەلىماتى گەرچە تارىخىي چەكلىملىككە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما پۈتكۈل جۇڭگو پەلسەپە ۋە مەدەنىيەت تارىخىدا زور رول ئوينىغان. لاۋزىنىڭ ئاساسىي توھپىسى ئۇنىڭ تەبىي تەرىقەت بىلەن "تەقدىر ئىلاھى"نىڭ قارىمۇ-قارشىلىقى ئارقىلىق ، رىياللىقنىڭ ماھىيىتى بولغان دۇنيانىڭ ئومۇمى قانۇنىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قىياس قىلغانلىقىدا. لاۋزىنىڭ ۋارىسى، داڭلىق ماتېرىيالىست ياڭ جۇ (مىلادىيىدىن 4 ئەسىر ئىلگىرى) تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلغان ھەممە

ئەجداتلارغا چوقۇنۇشقا قارشى تۇرغان. ياڭ جۇ تەلىماتىدا ئادەمگە ئەڭ ئەھمىيەت بېرىلگەن. ئۇ شەخسىي ئەركىنلىكى ئىدىيىسى — "مەن ئۈچۈن" يەنى ھەممە نەرسە ئادەم ئۈچۈن دېگەن ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان. لاۋزى بىلەن ياڭ جۇنىڭ ماتېرىيالىستىك تەلىماتى ھەر خىل ئىدىيالىستىك ئېقىملارغا، بولۇپمۇ كۇڭزىچىلارغا قاتتىق زەربە بەردى.

كۇڭزىچىلارنىڭ ئاساسچىسى كۇڭزى (مىلادىيىدىن ئىلگىرى 551 — 479)، ئۇ جۇڭگو تارىخىدا تۇنجى خۇسۇسىي مەكتەپ ئاچقان. ئۇ بولۇپمۇ ئىنسانىي تەربىيە مەسىلىسىدە تۇرغۇن ئەقىلگە مۇۋاپىق پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. لېكىن كۇڭزىنىڭ تەلىماتى ئومۇمەن ئېيتقاندا، كونىلىقنى ساقلاش خاراكتېرىنى ئالغان. ئۇ قەدىمقى زامان جۇڭگو تۇرمۇشىدىكى بارلىق يېڭى نەرسىلەرگە قارشى تۇرغان، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن كونا ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىپ، كونا ئەنئەنىۋى تۈزۈمنىڭ دىنىي رەسىم-قائىدىلىرىنى ئەبەدىلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنغان، ئۇ كىشىلەرنى "ئېسىلزادىلەر" ۋە "تېگى پەسلەر" دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىغان. كۇڭزى "تېگى پەسلەر" "ئېسىلزادىلەر"گە باش ئېگىپ ئىتائەت قىلىشى كېرەك دەپ ھېسابلىغان. بۇ مەقسەتتە "رەھىمدىللىق" يەنى "ئىنسانىيەرۋەرلىك" دېگەن ئۇقۇمنى ئاساس قىلغان ئەخلاق تەلىماتىنى تۈزگەن. كۇڭزى "تەقدىر ئىلاھى"غا ئىشىنەتتى.

مو دى (موزى) (مىلادىيىدىن ئىلگىرى 479 — 381) كۇڭزى تەلىماتىنى كەسكىن تەنقىت قىلدى. ئۇ كۇڭزى ئوتتۇرىغا قويغان "ئىنسانپەرۋەرلىك" ئىدىيىسى پېقىرلارغا قارشى نەرسە دەپ كېسىپ ئېيتتى. مو دى كۇڭزىنىڭ "ئىنسانىيەرۋەرلىك" ئىدىيىسىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن "ئومۇمىي مېھرىۋانلىق" ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مۇشۇ ئىدىيە بويىچە، ھەممە ئادەم تۇغۇلغاندىن تارتىپلا باپ-

باراۋەر، ئۇلار بىر بىرىگە ياردەم بېرىشى لازىم. مو دى بەگلىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشقا كۈچىنىڭ بېرىچە قارشى تۇرىدۇ، خەلققە تېنچ تۇرمۇش كەچۈرۈش شارائىتى يارىتىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. مو دى كۆڭزىچىلارنى تەنقىت قىلغاندا: تەقدىر پىشانىگە پۈتۈلگەن بولمايدۇ، ئادەم ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ، بۇ "تەقدىر ئىلاھى" بولۇپ ئىپادىلىنىدىغان "ئومۇمىي مېھرىۋانلىق" پرىنسىپىنى تۇرمۇشتا قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا باغلىق، دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، مو دىنىڭ تەلىماتى ئىدىيالىزىم خاراكتېرىنى ئالغان، لېكىن ئۇنىڭ تەلىماتىدا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىلىش نەزەرىيىسىدە، ئورغۇن ماتېرىيالىستىك تەركىب بار.

مو دىنىڭ مۇرىتلىرى — "مو زىچىلار" ئۇزىنىڭ ئۇستازىنىڭ ئەخلاق ئۇقتىسنەزەرى ۋە پەلسەپە ئۇقتىسنەزەرىنى ئالغا راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنى سىرلىقلاشتۇرمىچىلىق قېپى بولغان "تەقدىر ئىلاھى"دىن خالى قىلدى. ئۇلار قەدىمقى جۇڭگودا ئەڭ ئاۋال ئاددى ماتېرىيالىستىك مەيدانىنى چىقىش قىلىپ، بىلىش نەزەرىيىسىنى ۋە لوگىكا ئىلمىنى مۇھاكىمە قىلدى. مو زىچىلارنىڭ ئۇقتىسنەزەرىدىن قارىغاندا، بىلىشنىڭ ئۈچ تەركىۋى قىسمى بار: ھېسسىي بىلىش، ئەقلىي بىلىش ۋە بىلىمىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھمىيىتى. ئۇلار "مۇنازىرە" ئۇقۇمى ("بەس-مۇنازىرە"، "دىيالوگ"، "دىيالېكتىكا")نى ئوتتۇرىغا قويىدى، "مۇنازىرە"نىڭ ۋەزىپىسى "ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىش" ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مو زىچىلار مۇنداق بەزى لوگىكىلىق بىلىش ئۇسۇللىرىنى، مەسىلەن، تەھلىل قىلىش ۋە سىنتېزلاش، يىغىنچاقلاش ۋە يېيىش، تۈرگە ئايرىش، سېلىشتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى تەتقىق قىلدى. ئۇلار، بىزنىڭ ھۆكۈمىمىز ۋە چۈشەنچىمىز شەيئىلەرنى ئاساس قىلىشى ھەمدە رىياللىققا ماس كېلىشى لازىم، دەپ ھېسابلىدى.

مىلادىدىن 4 — 3 ئەسىر ئىلگىرى ئوتكەن كۆڭزىنىڭ مۇرىدى

مېڭزى ۋە لاۋزىنىڭ تەرەققىيات توغرىسىدىكى تەلىماتىنى ئىدىيالىستىك يوسۇندا چۈشەندۈرگەن جۇاڭزى قاتارلىقلار ماتېرىيالىزمنىڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرى. شەيئىلەر بىلەن ھەركەتنىڭ چىنلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان خۇيشى ۋە گۇڭسۇن لۇڭلارمۇ ئىدىيالىزم لاگېرىغا تەۋە كاززاپلاردۇر.

قەدىمقى جۇڭگودىكى ماتېرىيالىزم ئىدىيالىزمغا ۋە سىرلىقلاشتۇرمىچىلىققا قارشى كۆرەش قىلىش داۋامىدا ئالغا قاراپ راۋاجلاندى. شۈنزى (مىلادىدىن ئىلگىرى 298—238) شۇ چاغدىكى مەشھۇر ماتېرىيالىست بولۇپ، ئۇ قەدىمقى زاماندىكى كۆڭزىچىلار ئىچىدىكى ئىلغار پىكىر ئېقىمىنىڭ ئاساسىي ۋەكىلى ئىدى.

شۈنزى: ئاسمان ئاڭغا ئىگە ئەمەس، ئاسمان تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىر تەركىۋىي قىسمى، دەيدۇ. ئۇ، ئادەم شەيئىلەرنى بىلىپلا قالماستىن، شەيئىلەرنى ئىگەللىيەلەيدۇ ۋە شەيئىلەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنالايدۇ دېگەن پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۈنزىنىڭ تەلىماتى دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ۋە تارىخنىڭ تەرەققىياتىنى قولغا كەلتۈرگۈچى قانۇنچىلارنىڭ ئىدىيىۋى مەنبەلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. قانۇنچىلار تەلىماتىنىڭ تۈپ ئىدىيىسى دۆلەتنىڭ تىكلىگەن قانۇنى كونا ئەنئەنىۋى مۇناسىۋەتلەرنى يوقىتىش ۋە قەدىمقى زامان جۇڭگو جەمئىيىتىنى ئۆزگەرتىشنىڭ قورالى بولۇشى كېرەك دېگەندىن ئىبارەت. بۇ ئېلىم ئېقىمىنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىلى—شۈنزىنىڭ شاگىرتى خەن فېي (مىلادىدىن 3 ئەسىر ئىلگىرى). مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، قانۇنچىلارنىڭ ئىجتىمائىي-سىياسىي غايىسى ئەمەلگە ئاشتى، بىرلىككە كەلگەن جۇڭگو قۇرۇلدى. ئەمما ئۇزاق ئۆتمەي، قۇللار، ئەركىن دېھقانلار ۋە قول سانائەتچىلەرنىڭ قوزغىلىڭى پارتلىدى، ئۇرۇش ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇردى. داۋجىياۋ دېگەن يېڭى دىن بارلىققا كەلدى، بۇ دىن لاۋزىنىڭ تەرەققىيات توغرىسىدىكى

تەلىماتىنى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە يۇرىملاپ، قەدىمقى زاماندىكى خۇداسىزلىق تەرەپدارى بولغان بۇ پەيلاسوپنى خۇدا قىلىپ كورسەتتى. دۇڭ جۇڭشۇ (مىلادىدىن ئىلگىرى 2 ـــ 1 ئەسىرلەر)نىڭ تەلىماتىدىمۇ كۆڭزىچىلار ئىلاھىيەتىنىڭ ئاساسى قىلىندى.

ئۇرغۇن ماتېرىيالىستلار قوزغىلىپ دىنىي سىرلىقلاشتۇرمىچىلىققا قارشى تۇردى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ۋاڭ چۇڭ (مىلادىنىڭ 27 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، تەخمىنەن مىلادىنىڭ 97 ـ يىللىرى ئولگەن) ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ۋاڭ چۇڭ: ئالەم تەبىدى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ماددى ئەسلى زات ـــ ھاۋادىن ھاسىل بولغان، ئالەمدە تەرىققەت رىياللىق تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى سۈپىتىدە رول ئوينايدۇ، دەپ ھىساپلايدۇ. ۋاڭ چۇڭ ئادەمنى تەبىى جانلىق مەۋجۇدات، ئۇمۇ ماددى ئەسلى زات ـــ ھاۋادىن ھاسىل بولغان دەپ قارايدۇ. ۋاڭ چۇڭ جان ئولمەيدۇ دەيدىغان ئۇتىرۇقىسىز گەپنى ئېچىپ تاشلىدى، ئۇ جەزمەنلەشتۇرۇپ، ئادەمنىڭ جېنى بەدەندىكى ھاۋا بىلەن قاننىڭ ئايلىنىشى جەريانىدا پەيدا بولغان جانلىق ساپ ھاۋا؛ بۇ ساپ ھاۋا ھاۋا بىلەن قاننىڭ ئايلىنىشىنىڭ توختىشى بىلەن يوقايدۇ، دەيدۇ. ۋاڭ چۇڭنىڭ تەلىماتى قەدىمقى جۇڭگودا ماتېرىيالىزىم تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچى ئىدى.

مىلادى 2 ـــ 6 ـ ئەسىرلەردە، قەدىمقى زاماندىكى جۇڭگو جەمىيىتىدە چوڭقۇر كىرىزىس يۈز بەرگەن شارائىتتا، داۋجياۋ دىنى بىلەن بۇددا دىنىنىڭ دىنىي سىرلىقلاشتۇرمىچىلىقى تازا ئەۋج ئالدى. ئىدىيالىستىك پەلسەپە بىلەن دىن ئوتتۇرىسىدىكى چەك ـ چېگرا ئۆچكەندى. تەرەققىپەرۋەر تەلىماتلاردىكى ماتېرىيالىستىك مەزمۇننى يوقىتىپ كەلگەنلىك، ئۇنى دىنىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرغان تۇرغۇن پەيلاسوپلار مەيدانغا چىقتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاتاقلىق

داۋجياۋ دىنى مۇتەپەككۇرى گې خۇڭ (4-ئەسىر) بولۇپ، ئۇ پەلسەپەدىكى داۋجياۋ دىنىنى ئۆزۈن ئۆمۈر كورۇشنىڭ ئۇسۇلى دەپ قارىدى. سىرلىقلاشتۇرۇلغان داۋجياۋ دىنى كۆزقاراشلىرىنىڭ ئىدىيالىزمى بىلەن كۈندىن-كۈنگە زىچ بىرلىشىپ كەتتى. بۇددا دىنىنىڭ ئىلاھىيەتشۇناسلىرى جاننىڭ تەبىئىتى توغرىسىدا، بارلىق بىلەن يوقلۇقنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ئارقا-ئارقىدىن، ئۈزلۈكسىز بەس-مۇنازىرىنى قانات يايدۇردى. بۇ چاغدا، نۇرغۇن ئاتاقلىق مۇتەپەككۇرلار — پەي ۋېي (3-ئەسىر)، پاۋ جىڭيەن (4-ئەسىر)، فەن جېن (5—6-ئەسىر) ۋە باشقا نۇرغۇن كىشىلەر قوزغىلىپ سىرلىقلاشتۇرمىچىلىققا ۋە ئىدىيالىزمغا قارشى تۇردى.

7—9-ئەسىرلەردە، فېئودالىزم گۈللەنگەن مەزگىلدە، بۇددا دىنى جۇڭگونىڭ ئىدىيە ساھەسىدە ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگەللىدى. بۇددا دىنى پەلسەپىسى بارلىق مەدەنىيەت ساھەسىگە سىڭىپ كىردى. كۇڭزىچىلار بىلەن داۋجياۋ دىنى ئىككىنچى ئورۇنغا سىقىپ چىقىرىلدى. جەڭگۋار ماتېرىيالىست لۇي سەي (7-ئەسىر) سىرلىقلاشتۇرمىچىلىققا ۋە ئىدىيالىزمغا قارشى تۇردى. بۇددا دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەرقايسى مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدا شەپقەتسىز كۈرەش بولدى. بۇ كۈرەش ئوتتۇرا ئەسىردە ياۋروپادا بولغان نامچىلىق بىلەن چىنلىق نەزەرىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشكە ئوخشاپ كېتەتتى. نەتىجىدە بۇددا دىنى جەنۇب مەزھىپى ۋە شىمال مەزھىپىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ مەزھەپكە بۆلۈندى. بۇ ھال بۇددىستلارنىڭ كۈچىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇردى ۋە ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىگە ياردەم بەردى. ئالدى بىلەن كۇڭزىچىلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ قولىدىن كەتكەن بازىسىنى قايتۇرۇۋېلىشىغا ياردەم بەردى. بەزى كۇڭزىچى پەيلاسوپلار بۇددا دىنىنىڭ مەدرىس پەلسەپىسىنى تەنقىت قىلغاندا، ماتېرىيالىستىك خاھىشنى ئاساس

قىلغان بىر قاتار پرىنسىپلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەمما كېيىنكى بىر مەزگىلدە، كۆزگۈچىلار بۇددىستلارنىڭ ئۈستىدىن ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، يەنە ئۇلارنىڭ ئىدىيالىستىك پەلسەپىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا باشلىدى. جۇ شى (1130—1200) باشچىلىقىدىكى ئاتالمىش "ئەنئەنىچىلەر" كۆزگۈچىلار ئىدىيالىزمىنىڭ تەرەققىي قىلىپ يەتكەن يۇقىرى پەللىسى ئىدى. جۇ شى دۇنيا ئىككى مەنبەدىن، يەنى ماددىي بولمىغان ئەقىل ۋە ماددىي ھاۋادىن تەركىب تاپقان؛ ئەقىل ئەقلىيلىقنىڭ ئىجادىي كۈچى، ئۇ پاسسىپ ماددا بولغان ھاۋانى كونكرېت نەرسە قىلىپ شەكىللەندۈرىدۇ ھەم بۇ كونكرېت نەرسىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ دەپ ھېسابلايدۇ. جۇ شى چۈشەنچىسىنىڭ مەنبەسى بولغان ئەقىل ئادەمنىڭ ئىجابىي پەزىلىتىنى، يەنى ياخشىلىققا ئىنتىلىشنى ھاسىل قىلغان، ماددىي ئەسلى زات بولغان ھاۋا بولسا ئادەمگە سەلبىي پەزىلەتنى، يەنى ھەسلىقنىڭ قايمۇقتۇرۇشىغا بويسۇنۇش پەزىلىتىنى ئاتا قىلغان دەپ كېسىپ ئېيتىدۇ. جۇ شى پەيلاسوپلارنىڭ ۋەزىپىسى بارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ياخشى پەزىلىتىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە ئۇلاردىكى يامان مۇددىئانى يېڭىش دەپ ھېسابلايدۇ. فېئوداللىق تۈزۈم شارائىتىدا، بۇ، ئەمگەكچىلەر قىلچە ئاغرىنماستىن بارلىق ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە چىدىسۇن ۋە ھۆكۈمران ئورۇندىكى ئاقسۆڭەكلەرگە يۇۋاشلىق بىلەن ئىتائەت قىلسۇن، بۇ ئاقسۆڭەكلەر بولسا ئەمگەكچىلەرنى دەھشەتلىك تۈردە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلسۇن ۋە ۋەھشىلىك بىلەن ئېزسۇن دېگەنلىك ئىدى. جۇ شىنىڭ تەلىماتى جامائەتچىلىك تەرىپىدىن رەسمىي ئەنئەنىۋى ئىدىيە دەپ ئېتىراپ قىلىنغان ئىدى، نۇرغۇن ئەسىرلەردىن بۇيان، ئۇ فېئودالىق جۇڭگونىڭ ئىدىيە ساھەسىدە مونوپوللۇق ئورۇننى ئىگىلىدى.

لېكىن "ئەنئەنىچىلەر"نىڭ ئەتراپىدا دۈشمەنلىرى بار ئىدى. سول

قانات تەنقىتچىلەردىن يې شى (1150—1223) ۋە چېن لياڭ (1143—1194) ئۇنىڭغا قارشى تۇردى، ئۇلار جۇ شىنىڭ ئىدىيالىزىمىغا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىلىش نەزەرىيىسىدىكى ئەزەلىلىككە رەددىيە بەردى. يې شى بىلەن چېن لياڭ ئالىملارنى پايدىسى بولمىغان مەدرىس پەلسەپىسىدىن ۋاز كېچىپ، خەلقنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشقا چاقىردى. "ئەنئەنىچىلەر"نى ئوڭ تەرەپتىن تەنقىت قىلىش لۇ جيۇيۈەن (1139—1192)دىن باشلاندى. ئۇ جۇ شىنىڭ ئەقىل بىلەن ھاۋانىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى تەنقىت قىلدى. كېيىن، ئوڭ تەرەپتىن كەلگەن بۇلداق تەنقىتلەر ۋاڭ ياڭمىڭ (1472—1528) ۋەكىللىك قىلغان پۈتكۈل سۇبيېكتىپ ئىدىيالىزم سىستېمىسىنى ھاسىل قىلدى. ۋاڭ ياڭمىڭ ئاڭنىڭ سىرتىدا ماددا ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتى مەۋجۇت ئەمەس، مېنىڭ چۈشەنچەم ماددا دەپ دەۋا قىلدۇ. ۋاڭ ياڭمىڭنىڭ قارىشىچە، ئادەمنىڭ تەجرىبىسى ئادەمنى يولدىن ئازدۇرىدىكەن، بارلىق نەرسىلەر بىزنىڭ "مەن"گە باغلىق ئىكەن، مۇشۇ نۇقتىنەزەرگە ئاساسەن، ئۇ "بىلمەك بىلەن قىلماقنىڭ بىرلىكى" نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنىڭدىن مەقسىتى فېئوداللىق تۈزۈمنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇش ئىدى. ۋاڭ ياڭمىڭ ۋە ئۇنىڭ سانى كۆپ بولغان مۇرىتلىرى كۆڭزىچىلارنىڭ ئەكسىيەتچىل ئىدىيىسىنى قايتىدىن ئەۋج ئالدۇرۇشقا ھەمدە خەلق ئاممىسىنى ئەزگۈچىلەرگە قارشى كۈرەشتىن ۋاز كەچتۈرۈشكە ئۇرۇندى. كېيىن، ۋاڭ ياڭمىڭ ئىلىم ئېقىمى فېئوداللىق جۇڭگودا "ئەنئەنىچىلەر" بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان يېتەكچى ئورۇندىكى ئىدىيىۋى مەزھەپلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

لېكىن، ۋاڭ ياڭمىڭ ئىلىم ئېقىمىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەرخىل مەزھەپلەر مەيدانغا كەلدى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا شەپقەتسىز كۈرەش

بولىدى، بۇ كۆرەش جەريانىدا، ۋاڭ ياڭمىڭنىڭ بەزى مۇرىتلىرى ماتېرىيالىستىك مەيدانغا ئۆتتى ھەمدە كۆڭزىچىلارغا ئاشكارا جەڭ ئېلان قىلدى. كۆڭزىچىلارغا قارشى بۇ پەيلاسوپلار ئىچىدە لى جۇ (1527—1602) كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئورۇندا تۇرىدۇ.

17-ئەسىردە، فېئودالىزمنىڭ كىرىزىسى ئېغىرلاشقان ۋە يات مىللەت بويي سۇندۇرغۇچىلىرى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن شارائىت ئاستىدا، جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى ئىلغار زاتلار ئىدىيالىستىك تەلىماتقا قارشى كۈرەشنى كەڭ تۈردە قانات يايدۇردى. خۇاڭ زۇڭشى (1610—1696) بىلەن ۋاڭ چۇەنشەن (1619—1692) بۇ كۈرەشكە رەھبەرلىك قىلدى. خۇاڭ زۇڭشى قىزغىن ۋەتەنپەرۋەر ۋە مانجۇ بويي سۇندۇرغۇچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىكى قورقماس باتۇر جەڭچى ئىدى. دۈشمەنگە قوراللىق قارشى تۇرۇش مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئىلىم-پەن خىزمىتى ۋە فېئوداللىققا قارشى دېموكراتىك ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللاندى. خۇاڭ زۇڭشى مەنسەپدارلارنى ۋە تۆرىلەرنى پادىشا ئۈچۈن خىزمەت قىلماي، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا چاقىردى. خۇاڭ زۇڭشى پەلسەپەدىكى تۈپ مەسىلىنى ماتېرىيالىستىك مەيدان ئاساسىدا ھەل قىلدى. ئۇ، دۇنيادا يۈز بېرىدىغان چەكسىز ئۆزگىرىشلەردە، پەقەت ماددى ئەسلى زات (ھاۋا)لا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، پۈتكۈل ماكان مۇشۇ ماددى ئەسلى زات بىلەن تولغان بولىدۇ، دەيدۇ. مەشھۇر ماتېرىيالىست ۋاڭ چۇەنشەنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دېموكراتىك ئىدىيىنى راۋاجلاندۇردى. ئۇ، پادىشانىڭ خۇسۇسى مۈلكى دەپ قارىلىپ كەلگەن يەر-زېمىن ئەسلىيەتتە خەلققە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك، دەپ ھېسابلىدى. ۋاڭ چۇەنشەن شۇ چاغدىكى سىرلىقلاشتۇرمىچىلىقنى ئېچىپ تاشلىدى، ماددىنىڭ ئەبەدىيلىكى، ماددىنىڭ بىرلەمچىلىكى، ماددى قانۇنىيەتنىڭ ئوبيېكتىپلىقى قاتارلىق مەسىلىلەرنى

ئومۇمى يۈزلۈك مۇھاكىمە قىلدى. ئۇ "جىسىم بىلەن ھەركەتنىڭ بىرلىكى" نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

18 ـ ئەسىردە، چىڭ سۇلالىسى تازا گۈللەنگەن دەۋردە، چوڭ ئالىم ۋە ماتېرىيالىست پەيلاسوپ دەي جېن (1723 — 1777) ھۆكۈمران ئورۇندىكى ئىدىيىگە، يەنى ئاتالمىش "ئەنئەنىچىلەر" گە قارشى تۇردى. دەي جېن مۇنداق دەيدۇ: ماددى دۇنيادا ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىش جەريانى بولۇپ تۇرىدۇ، بۇ ئۆزگىرىش جەريانى "توختىماي داۋاملىشىپ تۇرىدۇ". بۇلارنىڭ ھەممىسى رىياللىقنىڭ ئۆزىدە بولغان تەبىي قانۇنىيەت — تەرتىپتىن ئىبارەت. دەي جېننىڭ پىكرى بويىچە، بۇ قانۇنىيەتنى بىلىش ئۈچۈن، شەيئىلەرنى، ھەتتاكى ئۇنىڭ ئەڭ كىچىك قىسىملىرىنىمۇ كونكرېت تەھلىل قىلىش كېرەك.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، جۇڭگو يېرىم مۇستەملىكە ھالەتكە ئايلىنىپ قالغان چاغدا، دېھقانلار ھەركىتى — تەيپىڭ تيەنگو ئارمىيىسى قوزغىلىڭى (1851 — 1864) كەڭ كۆلەمدە قانات يايدى. تەيپىڭتيەنگو ئارمىيىسى قوزغىلىڭىنىڭ مۇتەپەككۇرى ۋە تەشكىلاتچىسى خۇڭ شيۇچۇەن (1812 — 1864) ياۋروپالىقلار جۇڭگوغا كىرگۈزگەن خرىستىيان دىنى تەلىماتىنى قالقان قىلىپ، تەيپىڭ تيەنگو ئارمىيىسى بەرپا قىلغان "تەيپىڭتيەنگو"دا يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بارماقچى بولدى. تەيپىڭتيەنگو ئىنقىلاۋى گەرچە باستۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن تەيپىڭتيەنگونىڭ باراۋەرلىك ئىدىيىسى كېيىنكى بىر مەزگىللىكى دېھقانلار ھەركىتى ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، يېڭى ئىنقىلاب دولقۇنىنىڭ ئۇرۇلىشىنىڭ ئەسىرى ئاستىدا، فېئودالىزم ۋە مۇستەملىكىچى دۆلەتلەرنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن زۇلمىغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگودا ئىككى خىل سىياسىي ـ ئىدىيىۋى مەزھەپ مەيدانغا كەلدى، ئۇنىڭ پروگراممىسى ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇل ئارقىلىق جۇڭگونى

"يېڭىلاش"نى تەشەببۇس قىلىش ئىدى. بىرخىلى سۇن جۇڭشەن باشچىلىقىدىكى ئىنقىلاۋىي دېموكراتلار بولۇپ، ئۇلار جۇڭگودىكى فېوداللىق، بيۇروكراتلىق تۈزۈمنى تۈپتىن پاچاقلاپ تاشلاش، مەملىكەت ئىچىدىكى مەنچىڭنىڭ ھوكۇمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ۋە جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىشنى تەلەپ قىلدى؛ يەنە بىرخىلى كاڭ يۇۋېي (1858 — 1927) باشچىلىقىدىكى ئىسلاھاتچىلار بولۇپ، ئۇلار "يۇقۇرىدىن تۆۋەنگىچە" بولغان بەزى ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ئاجىزلىتىش ھەمدە فېودال پادىشالىق تۈزۈمىنىڭ ئاساسىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى ئاستىدا دۆلەتنىڭ ئەسلىي كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلدى. تەن سىتۇڭ (1865 — 1898) ئىلغار ئىسلاھاتچى مۇتەپەككۇرلاردىن بىرى ئىدى. ئۇ ماتېرىيالىزىم مەيدانىدا تۇردى. تەن سىتۇڭ كونگزىچىلارنىڭ ئىدىيالىزىمىغا رەددىيە بەردى، ئۇ ھەرخىل شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى 73 خىل خىمىيۇى ئېلېمېنتنىڭ ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ماسلىشىشىدىن ھاسىل بولغان؛ ئۇلارنى بىرلەشتۈرگەن ئاساس بولسا جىسمىنىڭ ئۆزىدە بار بولغان كۈچ ياكى ئىقتىدار — "ئېفىر" دەپ ھېسابلىدى. تەن سىتۇڭنىڭ تەلىماتىچە، ئالەم دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تارىخىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ، ئىنسانلار جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا شۇنداق دەۋرگە يېتىدۇكى، ئۇ چاغدا پۈتۈن يەرشارىدا "دۆلەت چېگرىسى بولمايدۇ، ئۇرۇش يوقىلىدۇ......نەپرەتۋازلىق تۈگەيدۇ". ئۇ چاغدا ھەممە ئادەمدە ئەركىنلىك بولىدۇ، جەمئىيەتتە "ئېسىلزادىلەر ـ پەسلەر...... باي ـ كەمبەغەل دېگەن پەرق بولمايدۇ" دەپ مۇئەييەنلەشتۈردى. تەن سىتۇڭنىڭ ماتېرىيالىستىك تەلىماتىدا فېودالىزىمغا قەتئىي قارشى تۇرۇش ئىدىيىسى سىڭدۈرۈلگەن؛ ئۇنىڭ تەلىماتى ئىسلاھاتچىلارنىڭ

سول قانىتىنىڭ مەنچىڭ خاندانلىقىغا قارشى تۇرۇش كۆرىشىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى بولدى.

سۈن جۇڭشەن (1866 — 1925) جۇڭگودا 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆتكەن ئەڭ ئاتاقلىق ئىنقىلابچى. 1911 ـ يىلىدىكى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ھارپىسىدىلا، سۈن جۇڭشەن جۇڭگو ئىنقىلابچىلىرىنىڭ سىياسىي پروگراممىسىنى تۈزدى. لېنىن بۇ سىياسىي پروگراممىغا يۇقىرى باھا بەرگەن ئىدى. 1912 ـ يىلى لېنىن «جۇڭگودىكى دېموكراتىزم ۋە نارودنىكلىق» دېگەن ماقالىسىدا: "جەڭگىۋار، ھەقىقىي دېموكراتىزم سۈن جۇڭشەننىڭ پروگراممىسىنىڭ ھەر بىر قۇرىغا سىڭدۈرۈلگەن" دەپ يازغان ئىدى. سۈن جۇڭشەنىڭ "سەنمىنجۇيى" سى — مىللىي مەسىلەك (مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش)، خەلق ھوقۇقى مەسلىكى (جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ئورنىتىش) ۋە خەلق تۇرمۇشى مەسلىكى (يەر تېرىغۇچىنىڭ يېرى بولۇش ۋە كاپىتالغا چەك قويۇش) — ئۇنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۈردى. سۈن جۇڭشەن گەرچە سۇبيېكتىپ جەھەتتە، جۇڭگو فېئوداللىق ـ قالاق ھالەتتە بولغانلىقتىن، ئۇزىنىڭ ئىقتىسادىي پروگراممىسىغا تايانغاندا كاپىتالىزمدىن "خالىي" بولالايدۇ، دەپ قارىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي پروگراممىسى ئوبيېكتىپ جەھەتتە جۇڭگوغا كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىيات يولىنى ئېچىپ بەردى. سۈن جۇڭشەن دارۋىننىڭ دۇنيانىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى ماتېرىيالىستىك نەزەرىيىسىگە يۈكۈنلەي قوشۇلۇپ، بىلىش نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى بىر قاتار ماتېرىيالىستىك ئىدىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. لېكىن، بەزى مەسىلىلەردە (زېھىن ئەمگىكىنى قاراپ كىشىلەرنى 3 تۈرگە ئايرىش، ئاتالمىش "ھاياتلىق مەنبەسى" توغرىسىدىكى ھايات كۈچ نەزەرىيىسى تەلىماتى ۋاھاكازالاردا) ئۇ ئىدىيالىزمغا ناھايىتى زور دەرىجىدە يول قويدى. سۈن جۇڭشەن تەلىماتىنىڭ گەرچە ئۇز

ئۇنىڭغا زىت ۋە بۇرژۇئاچە چەكلىمىلىك تەرەپلىرى بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو پەلسەپىسىدىكى ناھايىتى زور بىر ئىلگىرىلەش. بۇ تەلىماتنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئىنقىلاۋىي كۈرەش جەريانىدا ئۆزىدىكى مۇتەئەسسىپ تەركىپلەرنى تاشلاپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭىدى. "ئۇ (سۇن جۇڭشەن) ھاياتىدا، ئۆزىنىڭ سەنمىنجۇيىسىنى راۋاجلاندۇردىكى، تاشلاپ قويمىدى. سۇن جۇڭشەن ئەپەندى ئۆزىنىڭ مەسلىكىنى تاشلاپ قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىغان ۋاقىتلار ئەزەلدىن بولغان ئەمەس، ئۇ سەنمىنجۇيىدا باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇردى ھەمدە سەنمىنجۇيىنى راۋاجلاندۇردى." (ماۋ زېدۇڭ) سۇن جۇڭشەن روسىيە ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى قايتىدىن تەكشۈردى، سەنمىنجۇيى تەلىماتىنى ئالغا راۋاجلاندۇردى، روسىيە بىلەن بىرلىشىش، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن بىرلىشىش، ئىشچى-دېھقانلارغا يار-يۆلەك بولۇشتىن ئىبارەت 3 سىياسىي پىرىنسىپنى كىرگۈزدى. سۇن جۇڭشەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سەمىمىي دوستى. ئۇ روسىيە ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىنى قىزغىن ئالقىشلىدى، ئۇنى "ئىنسانىيەتنىڭ زور ئۈمىدى" دەپ ئاتىدى.

سۇن جۇڭشەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچى يۇقىرى قاتلام ئۇنسۇرلىرى سۇن جۇڭشەن تەلىماتىنىڭ ئەكسىيەتچىل ۋە مۇتەئەسسىپ قىسمىنى كۆتۈرۈپ چىقتى ھەمدە ئۇنىڭ نامىنى نىقاب قىلىپ تۇرۇپ، مىللەتكە ئاسىيلىق قىلىش يولىغا ماڭدى. پەقەت جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئۇنىڭ ئىلغار قوشۇنى— كوممۇنىستىك پارتىيىلا سۇن جۇڭشەننىڭ ئىدىيىۋى مىراسلىرىنىڭ قانۇنلۇق ۋارىسى بولدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى سۇن جۇڭشەننىڭ ئۇششاق بۇرژۇئازىيىچە خىيالى ھەم مۇتەئەسسىپ نۇقتىئىنەزىرىنى تەنقىت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يېڭى

ئۇنىڭ سىياسىي پروگراممىسىدىكى ۋە ئىقتىسادىي پروگراممىسىدىكى ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزىم مېغىزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاشۇردى ۋە راۋاجلاندۇردى. ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىنىڭ بىۋاسىتە تەسىرى ئارقىسىدا، 1919-يىلى جۇڭگودا جاھانگىرلىككە ۋە فېودالىزىمغا قارشى قۇدرەتلىك "4-ماي ھەرىكىتى" بولدى. جۇڭگودىكى بىرىنچى تۈركۈم ماركسىزىمچىلار بۇ ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلدى، ئۇلار شۇ چاغدا، فېودالىزىم ۋە جاھانگىرلىك ئىدىيىسىگە قارشى قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلدى، كۆڭرىچىلىقنى ۋە باشقا دىنىي پەلسەپە تەلىماتلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىدى، سىرلىقلاشتۇرمىچى-يېڭى كانتىزىمچى بولغان جاڭ جۈنمەي، لياڭ چىچاۋ قاتارلىقلارنى ئەجەللىك تەنقىد قىلدى، سۇنى ئىستىمالىي خۇشى ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ خائىنلىق رولىنى پاش قىلدى. 1921-يىلى قۇرۇلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى، ئۇزىنىڭ ئىدىيىۋى دۈشمىنىگە قارشى كۈرەش قىلىش داۋامىدا، كۆچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخىي مەنبەسىنى ۋە جاھانگىرلىكنىڭ مالىيى بولغان جۇڭگو مىللەتچىلىرىنىڭ خائىنلىق رولىنى پاش قىلدى، ماركسىزىم-لېنىنىزىم كلاسسىكلىرىنىڭ ئاساسلىق پەلسەپە ئەسەرلىرى، مەسىلەن، ئېنگېلسنىڭ «ديۇرىڭغا قارشى»، «ليۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى»، «تەبىئەت دىيالېكتىكىسى» دېگەن ئەسەرلىرى، لېنىننىڭ «ماتېرىيالىزىم ۋە تەجرىبە تەنقىدچىلىكى» دېگەن ئەسىرى، ستالىننىڭ «لېنىنىزىم ئاساسلىرى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرى ۋە باشقا كىتابلار خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىندى. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى باستۇرۇپ تۇرسىمۇ، ماركسىزىم-لېنىنىزىم ئەسەرلىرى پۈتۈن مەملىكەتتە كەڭ تارقالدى. 1934-يىلى گومىنداڭ ھوكۇمرانلار گۇرۇھى كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى

كۆرەشتە "يېڭى تۇرمۇش ھەرىكىتى" دېگەن نىمىنى ئۇيۇشتۇردى، بۇنىڭدىكى ئاساسىي مەقسىدى ئەكسىيەتچىل كۇڭزىچىلار ئەخلاقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ فاشىستىك ھاكىممۇتلەقلىقىنى مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت ئىدى. جۇڭگو خەلقىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى، ئەكسىيەتچى ئامېرىكا ئىدىيالىست پەيلاسوپلىرىنىڭ مۇرىتى چېن لىفۇ سېستىق تامى يۇر كەتكەن "يېڭى تۇرمۇش ھەرىكىتى"نى نەزەرىيە جەھەتتىن "ئاساسلىدى". جۇڭگو كوممۇنىستلىرى گومىنداڭ ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنىڭ ئىدىيە ۋە سىياسىتىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىدى. ماركسىزىم پەلسەپىسى ئۈستىدە كەڭ تەشۋىق ئېلىپ باردى. **ماۋ زېدۇڭ**" نىڭ ئاشۇ مەزگىلدىكى «ئەمەلىيەت توغرىسىدا» ۋە «زىددىيەت توغرىسىدا» دېگەن داڭلىق پەلسەپە ئەسەرلىرى دوگمىچىلىققا ۋە تەجرىبىچىلىككە ئەجەللىك زەربە بەردى، دوگمىچىلىق ۋە تەجرىبىچىلىك كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئوڭچىل ۋە "سول" چىل ئاغمىچىلىقنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى ئىدى. ماۋ زېدۇڭ رەھبەرلىكىدىكى كوممۇنىستىك پارتىيە ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكىنى ئىجادىي يوسۇندا تەتبىقلاپ، ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى دۈشمىنىنى تارمار قىلدى، ھەقىقىي ئىلمىي ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكىنى تۈزۈپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو خەلقى جاھانگىرلىك ۋە فېئوداللىزىم ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنى يېڭىپ، تارىخىي خاراكتېرلىق غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى.

ئۇلۇغ جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبىسى ماركسىزىم-لېنىنىزىم ئىدىيەسىنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىنى ۋە بۇرژۇئازىيە پەلسەپىسىنىڭ جۇڭگودا بەربات بولغانلىقىنى نامايەن قىلدى. ماركسىزىم-لېنىنىزىم خەلق جۇڭگوسىدىكى كەڭ ئىلغار زىيالىيلارنىڭ ۋە ئاكتىپ سىياسىي پائالىيەتچىلەرنىڭ بايرىقى بولۇپ قالدى. جۇڭگو ماركسىزىمچىلىرى بۇرژۇ-

ئازىيىنىڭ ئىدىيالىستىك پەلسەپىسىگە قارشى تۇرۇش، ماركسىزىملىق دۇنياقاراشتا چىڭ تۇرۇش، ماتېرىيالىستىك پەتدە چىڭ تۇرۇش كۆرىشىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەرخىل ئىلمىي مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئەسەرلىرىدىن كەڭ تۈردە پايدىلانماقتا. جۇڭگودا **پاۋلوۋ*** نىڭ ئالىي نېرۋا پائالىيىتى توغرىسىدىكى ماتېرىيالىستىك تەلىماتى ۋە **مىچۇرىن*** نىڭ شۇنىڭدەك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەبىي پەن ساھەسىدىكى باشقا ۋەكىللىرىنىڭ ئىدىيىسى پائال تۈردە تارقىتىلماقتا.

**جەمئىيەت** Общество 社会 **ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ھالەت*، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تۈرلىرى*** گە قاراڭ.

# چ

**چائادائېۋ**، پېتر ياكوۋلېۋىچ **恰达也夫，彼得·雅柯夫列维奇**
(1794—1856) **Чаадаев, Пётр Яковлевич** رۇس ئىدىيا-
لىستىك پەيلاسوپى. 1836-يىلى چائادائېۋ «دۇربۇن» دېگەن
ژۇرنالدا ئۆزىنىڭ بىرىنچى پارچە «پەلسەپە ھەققىدە خەت»
نى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن داڭ چىقارغان. **دېكابىرچىلار**"
قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، دەھشەتلىك نىكولاي ئەك-
سىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقى شارائىتىدا، چائادائېۋ يازغان «خەت»
"پۈتكۈل روسىيىنىڭ ئىدىيە ساھەسىنى زىل-زىلىگە كەلتۈردى"
(گېرتسېن). بۇ مەشھۇر ئەسەردە، ئۇنىڭ يانچىلىق تۈزۈم رىياللى-
قىنىڭ قالاقلىقىغا ۋە توختاپ قېلىش ھالىتىگە قارىتا ئەيىپلەش
خاراكتېرلىق تەنقىدى ئىنتايىن كۈچلۈك بولدى. بۇ «خەت»
يانچىلىق تۈزۈم ئۈستىدىن قىلىنغان قاتتىق شىكايەتنامە بولدى.
چائادائېۋ بۇنداق توختاپ قېلىش ھالىتىنىڭ سەۋەبى شۇ چاغدىكى
روسىيىنىڭ ئىجتىمائىي شارائىتى ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆردى. ئۇ
مۇنداق دەپ يازىدۇ: "بۇ بارلىق روھ، بارلىق ئىدرەككە ھۆكۈمران-
لىق قىلىدىغان تۇۋەتتىكى ئەھۋال كەلتۈرۈپ چىقارغان تەبىي
نەتىجە." چائادائېۋ مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: يانچىلىق تۈزۈم ۋە
پراۋۇسلاۋىيە مەزھىپىدىكى ۋىزانتىن دىنى جەمئىيىتى مۇقەررەر
ھالدا روسىيىنى توختاپ قېلىش ۋە ئادالىقتا قېلىش ھالىتىگە
چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئۇ سلاۋيانىزىمغا، روسىيە مۇستەبىتلىك تۈزۈمىنىڭ
تۈۋرۈكى — ئۇرۇقداشلىق يانچىلىق تۈزۈمنى غايىۋىلەشتۈرۈشكە قارشى

تۇردى. ئۇ روسسىيە جەمئىيىتىدىكى ئىلغار ئەرباپلارنى قۇللۇق تۈزۈمنى يوقىتىپ، روسسىيىنىڭ ئالغا قاراپ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن شەرت-شارائىت ھازىرلاشقا چاقىردى. چائادائېۋ گەرچە دېكابىرچىلارغا يېقىن بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ دېكابىرچىلارغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ روسسىيىدە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ يولى سىياسىي ئۆزگىرىش ياساش ئەمەس، بەلكى پەيدىن-پەي ئەخلاقنى يېڭىلاش دەپ ھېسابلىدى. چائادائېۋ ئىدېيالىستىك پەلسەپىۋى تارىخقاراشنى راۋاجلاندۇردى، ئۇ: ئىنسان ئەقلىنىڭ كۈندىن-كۈنگە مۇكەممەللىشىشى، ئىنسانىيەتنى غايىۋى ئىجتىمائىي تۈزۈمگە قەدەم قويۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلدى. ھۆكۈمەت چائادائېۋ يازغان «خەت»كە دەھشەتلىك زىيانكەشلىك قىلىش ئارقىلىق تاقابىل تۇردى. «دۇربۇن» ژۇرنىلى پېچەتلەندى، ژۇرنالنىڭ تەھرىرلىرى سۈرگۈن قىلىندى، مەتبۇئات تەكشۈرۈش ئەمەلدارلىرىمۇ خىزمەتتىن بوشىتىلدى، چائادائېۋ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن سەۋدايى دەپ جاكارلاندى. ئۇنىڭ «پەلسەپە ھەققىدىكى 8 پارچە» خېتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئارگىناللىرى مۇسادىرە قىلىندى.

چائادائېۋ «سەۋدايىنىڭ ئۆزىنى ئاقلىشى» (1837) دېگەن ماقالىسىدا مۇنداق دەيدۇ: پەقەت رۇس خەلقىگە بولغان مۇھەببىتىم، ئۆز ۋەتىنىمنىڭ بەختىگە ۋە تەرەققىياتىغا بولغان تەشنالىقىم، مېنىڭ «پەلسەپە ھەققىدە خەت»تە روسسىيىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىگە ئۆتكۈر تەنقىت بېرىشىمگە تۈرتكە بولدى. چائادائېۋنىڭ ئىدېيالىستىك دۇنياقارىشىدا، ياتچىلىق تۈزۈمگە قارشى مەزمۇن سىرلىقلاشتۇرۇش ئامىللىرى ۋە ئەكسىيەتچىل ئىدىيە بىلەن زىت ھالدا گىرەلىشىپ كەتكەن. ئۇ روسسىيىنىڭ ئىلگىرىكى بارلىق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن نەرسىلىرىنى ئىنكار قىلىپ، روسسىيىنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى ئىنكار قىلىپ ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەن. چائادائېۋ كاتولىك دىنىنى

ماختىغان، ئۇ ئۇنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى كورەلمەيلا قالماستىن، ئۇنىڭ ئەكسىچە قۇللۇق تۈزۈمنى يوقىتىش ئۈمىدىنى ئۇنىڭغا باغلىغان. چاڭداتيۇنىڭ ئەسەرلىرى ۋە خەت-چەكلىرى 1913-يىلدىن 1914-يىلغىچە بولغان ئىككى يىل ئىچىدە يېغىپ ئىككى توم قىلىپ نەشر قىلىنغان. «ئەدەبىيات مىراسلىرى»نىڭ 22—24-سانلىرىدا، «ھالقا»نىڭ 1934-يىلدىكى 3—4-سانلىرىدا ۋە 1935-يىلدىكى 5-سانىدا ئۇنىڭ ئىلگىرى ئېلان قىلىنمىغان ئەسەرلىرى بېسىلغان.

**چاكىنا ماتېرىيالىزم 庸俗唯物主义 Вульгарный материализм**

19-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرى گېرمانىيىدە پەيدا بولغان بىر خىل پەلسەپىۋى پىكىر ئېقىمى. بۇ ئېقىمنىڭ ئىدىڭ ئاتاقلىق ۋەكىللىرى بۇشنېر، فوگت، مولېشوتلاردىن ئىبارەت. ئېنگېلس ئۇلارنى "ماتېرىيالىزم ئۇششاق ئېلىپ ساتارلىرى"نىڭ رولىنى ئوينايدىغان چاكىنىلاشتۇرغۇچىلار ۋە چاكىنا ماتېرىيالىزمنىڭ چار بازارچىلىرى دەپ ئاتىغان. چاكىنا ماتېرىيالىستلار ماددىنى بىردىن-بىر مەۋجۇدىيەت دەپ ئېتىراپ قىلسىمۇ ھەمدە "خۇداسىزلىق"نى قۇۋۋەتلىسىمۇ، بىراق ئۇلار جىگەر ئۆتنى ئىشلەپچىقارغاندەك، مېڭە ئىدىيىنى ئىشلەپچىقىرىدۇ، دەيدۇ، دېمەك ئۇلار تەپەككۇرنى قوپال، چاكىنا ھالدا چۈشەندۈرىدۇ. بۇنداق ئۇقۇم-نەزەر دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمدىن بىر قەدەم چېكىنگەنلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى 18-ئەسىردىكى فرانسۇز ماتېرىيالىزمىدىنمۇ بىر قەدەم چېكىنگەنلىكتۇر. چاكىنا ماتېرىيالىزمنىڭ خۇسۇسىيىتى دىيالېكتىكىغا تامامەن سەل قاراپ، ئاڭنىڭ ئاكتىپ رولىنى ئىنكار قىلىش، ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتكەن ھەركەت قانۇنىيىتى توغرىسىدىكى مېخانىك ئۇقۇم-نەزەرگە مەھكەم ئېسىلىۋېلىش ۋە جەمئىيەتنى ئىدىيالىستىك ئاساستا چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت. ئىجتىمائىي سىياسىي جەھەتلەردە چاكىنا ماتېرىيالىستلار كاپىتالىزمنىڭ ھىمايىچىلىرى، شۇنداقلا پرولېتارىيات ۋە ماركسىز-

نىڭ دۈشمىنىدۇر. ئۇلارنىڭ جەمىيەت توغرىسىدىكى تەلىماتىنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسى جەمىيەت قانۇنىيىتى بىلەن تەبىئەت قانۇنىيىتىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشتىن ئىبارەت. ئۇلار، ھاۋا، تۇزۇقلۇق ۋاھاكازالار كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىنى بىۋاستە بەلگىلەيدۇ، دەپ ھىساپلايدۇ. بۇشنىر مېتافىزىكىلىق ئىرسىيەت تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق سىنىپىي باراۋەرسىزلىك ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قانۇنلۇق ھادىسىلەرنى ئاقلايدۇ. ئۇنىڭ كاپىتالىزىمنى "ئىسلاھ قىلىش" ھەققىدىكى لايىھىسى بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتىگە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ.

**چاۋچاۋادزې،** ئىليا گىرىگورىېۋىچ 恰夫恰瓦泽,伊里亚·格里哥里也维奇 (1907—1837) Чавчавадзе Илья Григорьевич

گرۇزىيىنىڭ مەشھۇر كىلاسسىك ئەدىپلىرىنىڭ بىرى، 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى گرۇزىيە مىللى ئازاتلىق ھەركىتىنىڭ ئىدىيىۋى رەھبىرى. چاۋچاۋادزې پېتىربۇرگ داشۆبىدە ئوقۇغان. ئۇ پېتىربۇرگدا تۇرغان 4 يىلدا، ئەدىبىيات، پەلسەپە، قانۇن، سىياسى ئىقتىسات ۋە تارىخنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان. ئۇ **بېلىنسكى*، گېرتسېن*، چېرنىشېۋسكى* ۋە دوبرولیۇبوۋ*** لارنىڭ ئەسەرلىرىنى پىششىق بىلەتتى، بۇ ئۇنىڭ ئىلغار دۇنياقاراشىنى تىكلىشىنى ئىلگىرى سۈردى، چارپادىشا مۇستەبىتلىك تۈزۈمىگە ۋە يانچىلىق تۈزۈمگە بولغان ئۆچمەنلىكىنى چوڭقۇرلاشتۇردى. چاۋچاۋادزې ئوقۇغۇچىلار "توپىلىڭى" تۈپەيلىدىن داشۆبىدىن ئايرىلىپ، يۇرتىغا قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى، ئۇ يەردە، گرۇزىيىدىكى بىر ئىلغار زىيالىلار گۇرۇھىغا رەھبەرلىك قىلدى، بۇ گۇرۇھ قەتئى كۈرەش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئەكسىيەتچىل ئاقسۆڭەك مۇتەپەككۇرلارغا، ئەكسىيەتچىل يانچىلىق تۈزۈمگە ۋە تۇرۇقداشلىق شەكلىدىكى تۇختاپ قېلىش ھالىتىگە قارشى تۇردى. چاۋچاۋادزې «گرۇزىيە



ئاخباراتى» ژورنىلىنى تەسىس قىلدى، سەل كېيىنرەك يەنە «ئىۋېرىيە گېزىتى»نى تەسىس قىلدى. ئۇ مۇشۇ گېزىت ئارقىلىق چار ھۆكۈمىتىنىڭ گرۇزىيىدە يولغا قويغان رۇسلاشتۇرۇش سىياسىتىگە قارشى تۇرۇپ، گرۇزىن تىلىنى، ئەدەبىياتىنى ۋە مەكتەپلىرىنى قەتئىي قوغدىدى. چاۋچاۋادزېنىڭ پائالىيەتلىرى گرۇزىيىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇشىنىڭ بارلىق ساھەلىرىگە تارالدى. ئۇ مەشھۇر شائىر ۋە نەسرى ئەسەر يازغۇچى، ئۇ ئۇزىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدە گرۇزىيە دېھقانلىرىغا ئېگىلغان مەجبۇرى ئەمگەكنى ئەكىس ئەتتۈرۈپ، يانچىلىق تۈزۈمىنى يوقىتىشنى تەلەپ قىلدى. چاۋچاۋادزې، بىر تەرەپتىن، گرۇزىيە خەلقىنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىنى قوغداپ، ئۇنى گرۇزىيە ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ۋەيران قىلىشىدىن ساقلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، گرۇزىيە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭى، ئىلغار شەيئىلەرنىڭ بىخلىرىنى كۆكلەپ قويۇپ يېتىشتۈردى. ئۇ شۇ چاغدىكى گرۇزىيىنىڭ بارلىق مەدەنىيەت ئىجادىيەتلىرىدىكى ئاساسلىق شەخس ۋە تەشكىللاتچى. ئۇنىڭ ئىناۋىتى ۋە شۆھرىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، چارپادىشا ئەمەلدارلىرى ئۇنى چارىزىمنىڭ مۇستەملىكە سىياسىتىنىڭ چوڭ دۈشمىنى دەپ قارىدى. 1907 ـ يىل 9 ـ ئايدا، چاۋچاۋادزې چارپادىشا پايلاقچىلار ئىدارىسىنىڭ قاتىللىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

چاۋچاۋادزېنىڭ ئىلغار يەلسەپە ئۇقۇمنەزىرى ۋە ئېستېتىكىلىق ئۇقۇمنەزىرى روسىيە ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزمچىلىرىنىڭ ياخشى تەسىرى ئارقىسىدا ئاخىرقى ھاياتتا شەكىللەنگەن. چاۋچاۋادزې دۇنيانىڭ

ماددىلىقى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلگىلى بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ماددىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى ھەركەت ۋە تەرەققىيات دەپ ھېسابلايدۇ، ئۇ ئومۇمى يۈزلۈك تەرەققى قىلىش ۋە ئۆزئارا باغلىنىش ئىدىيىسىدىن ھەقىقەتنىڭ كونكرېتلىقىدىن ئىبارەت يەكۈننى چىقاردى، ئۇ ھەممە نەرسىنىڭ زامان، ماكان ۋە ئەھۋالغا باغلىق ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. چاۋچاۋادزې ئىلىم-پەن ۋە سەنئەت ئىجتىمائى تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى دەپ ھېسابلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىلىم-پەن ۋە سەنئەتنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە تۇرمۇشنىڭ جەريانىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنىمۇ تەكىتلەيدۇ. چاۋچاۋادزې ئىلىم-پەن ۋە سەنئەتنىڭ تۇرمۇشتىكى جىددى مەسىلىلەرگە جاۋاپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى، ئۇ "سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت" دەيدىغان ئەكسىيەتچىل نەزىرىيە بىلەن مۇرەسسەسىز كۈرەش قىلدى.

چاۋچاۋادزې تارىخقاراش جەھەتتە ئىدىيالىست ئىدى. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە مۇددىئاسى تارىخنىڭ ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچى دەپ ھېسابلايدۇ. لېكىن، چاۋچاۋادزې ماتېرىيالىستىك تارىخقاراشقا يېقىن نۇرغۇن كۆرۈنەرلىك قىياسلارنى قىلدى. چاۋچاۋادزېنىڭ قارىشىچە، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئۆز مىللىتى خەلقىنى چەكسىز قىزغىن سۆيۈش، ئۇنىڭ نۇرلۇق ئىستىقبالىغا بولغان تەۋرەنمەس ئىشەنچ، باشقا ھەرمىللەت خەلقىنى ھۆرمەت قىلىش، بولۇپمۇ ئۇلۇغ رۇس خەلقىنى ھۆرمەت قىلىش بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشكەن. گرۇزىيە خەلقى ئېغىر مىللى ۋە ئىجتىمائى زۇلۇمغا ئۇچرىغان پەۋقۇلئاددە ئەھۋالدا، چاۋچاۋادزې گويا مىللى زۇلۇم تۈپ بالايى-ئاپەتتەك، ھەرقايسى تەبىقىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچمەنلىك پەقەت گرۇزىيە خەلقىنىڭ رۇس مۇستەبىتلىك تۈزۈمىنىڭ زۇلمىغا قارشى كۈرىشىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ دېگەن خاتا يەكۈننى چىقاردى. چاۋچاۋادزې مۇشۇ خاتا تەشەببۇسنى چىقىش قىلىپ، تەبىقە ئىناقلىقى، تەبىقە تىنچ

ھەمكارلىق ئاساسىدا مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىشقا باشلىدى. گرۇزىيىدە كاپىتالىزم تەرەققىي قىلغان ۋە ئىشچىلار ھەركىتى يۇقىرى ئۆرلىگەن شارائىتتا، چاۋچاۋادزېنىڭ بۇ خاتا سىياسىي كۆزقاراشلىرى ئەكسىيەتچىل رول ئوينىدى. چاۋچاۋادزې گەرچە ئۆزى ياشىغان ئاشۇ دەۋردىكى ئاساسىي ۋەزىپىنى ئەمگەكچى ۋە خەلقنى ئازات قىلىش دەپ ھېسابلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ ۋەزىپىنى ھەل قىلىشنىڭ يولىنى ئىلمىي يوسۇندا تونۇپ يېتەلمىدى. پرولېتارىيات ھەركىتىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ گرۇزىيە خەلقىنىڭ ئازاتلىققا چىقىشىنىڭ بىردىن-بىر ئاساسىي ئىكەنلىكىنى كۆرەلمىدى.

**چېرنىشېۋسكىي، نىكولاي گاۋرىلوۋىچ** **车尔尼雪夫斯基**，尼古拉．加甫利洛维奇 **Чернышевский ,Николай Гаврилович** (1828—1889) ئۇلۇغ رۇس ئىنقىلابىي دېموكراتىزمچىسى، ماتېرىيالىست پەيلاسوپ، تەنقىدچى ۋە خىيالىي سوتسىيالىزمچى. روسىيىنىڭ 60-يىللاردىكى ئىنقىلابىي دېموكراتىزم ھەركىتىنىڭ يولباشچىسى ۋە ئىدىيىۋى ئىلھامچىسى بولغان چېرنىشېۋسكىي روسىيە سوتسىيال دېموكراتلىرىنىڭ مەشھۇر ئەجداتلىرىنىڭ بىرى. چېرنىشېۋسكىي "دېخانلار ئىنقىلابى توغرىسىدىكى ئىدىيىدە، بارلىق كونا ھاكىمىيەتلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش يولىدىكى ئاممىۋى كۈرەش توغرىسىدىكى ئىدىيە" («لېنىن ئەسەرلىرى»، رۇسچە 4-نەشرى، 17-توم، 97-بەت)دە ئىزچىل تۇردە چىڭ تۇردى. لېنىننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، چېرنىشېۋسكىينىڭ سىنىپىي كۈرەش كەيپىياتىغا تولغان ئەسەرلىرى پۈتكۈل بىر ئەۋلات رۇس ئىنقىلابچىلىرىنى تەربىيىلىدى.

چېرنىشېۋسكىينىڭ روسىيىدە ماتېرىيالىستىك پەلسەپىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتىكى تۆھپىسى ئىنتايىن ئۇلۇغ. ئۇ ئىزچىل-كەسكىن ماتېرىيالىست، پەلسەپىۋى ئىدىيالىزمنىڭ مۇرەسسەسىز دۈشمىنى.



"چېرنىشېۋسكى بىردىن-بىر ھەقىقىي ئۇلۇغ رۇسىيە يازغۇچىسى، ئۇ 50-يىللاردىن تاكى 1888-يىلغا قەدەر باشتىن-ئاخىر مۇكەممەل پەلسەپىۋى ماتېرىيالىستىك سەۋىيىنى ساقلاپ، يېڭى كانتىزىمچىلارنىڭ، چىنلىق نەزەرىيىسى تەرەپدارلىرىنىڭ، ماخىزىمچىلارنىڭ ۋە باشقا ھاماقەتلەرنىڭ تېتىقسىز ئالجىۋاقا سۆزلىرىنى ئىرغىتىپ تاشلىيالىغان." (لېنىن، «ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىتچىلىكى»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 670-بەت) چېرنىشېۋسكىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ماتېرىيالىستلار خەلق ئازاتلىقىغا قارشى بارلىق ئەكسىيەتچىلەر توپلانغان رۇسىيە ئىدىيالىستلىرى لاگېرىنى تەنقىد قىلدى. چېرنىشېۋسكى **كانت***، **گېگېل***، **بېركلى***، **يۇم*** ۋە دەللىچىلەرنىڭ ئىدىيالىزمىنى چوڭقۇر تەنقىد قىلدى ھەمدە ماتېرىيالىستىك نۇقتىنەزەرنى راۋاجلاندۇردى. بۇ نۇقتىنەزەرلەر ماركسقىچە بولغان ماتېرىيالىستىك پەلسەپىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى بولدى. چېرنىشېۋسكىنىڭ ماتېرىيالىزمى، كونا بىۋاسىتە كۆزىتىش ئاساسىدىكى ماتېرىيالىزمنىڭ ئەكسىچە، ئىنقىلاۋىيلىققا، پائالىيەتچانلىققا ئىگە. چېرنىشېۋسكى رېياللىققا بولغان بىۋاسىتە كۆزىتىش پوزىتسىيىسىنى تامامەن رەت قىلىپ تاشلىدى. ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى نۇقتىنەزەرلىرى "ئاددىي خەلق" يەنى ئەمگەكچى خەلقنىڭ يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ قۇل قىلىشى ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ قۇل قىلىشىدىن قۇتۇلۇش يولىدا كۈرەش ئىشلىرىغا تامامەن بوي سۇندى. چېرنىشېۋسكى بىلىش نەزەرىيىسى جەھەتتە قاتتىق ماتېرىيالىستىك مەيداندا تۇردى. ئۇ كانتنىڭ بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسىنى ۋە دۇنيانى بىلگىلى بولىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان باشقا ئىدىيالىستىك نەزەرىيەلەرنى كەسكىن تەنقىد

قىلدى. ئۇ، بىلىشنىڭ مەنبەسى كىشىلەرنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئوبيېكتىپ دۇنيادىن ئىبارەت، دەپ قارىدى. ئۇ ئەمەلىيەتنى بارلىق نەزەرىيەلەرنى سىنايدىغان ئۆلچەم دەپ ئاتىدى. چېرنىشېۋسكى فېيېرباخ*قا ئوخشاش گېگېلنىڭ دىيالېكتىكىسىنى ئىرغىتىپ تاشلىمىدى، بەلكى ئۇنى ماتېرىيالىستىك روھ بىلەن ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇندى. سىياسىي ئىقتىسات، تارىخ، ئېستېتىكا، بەدىئىي تەنقىت قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەردە چېرنىشېۋسكى رېئاللىققا دىيالېكتىك ھالدا مۇئامىلە قىلىشنىڭ شانلىق نەمۇنىسىنى كۆرسەتتى.

لېكىن، چېرنىشېۋسكى يانچىلىق تۈزۈم شارائىتىدا ياشىغان ۋە كۈرەش قىلغان ئىدى، شۇڭا بۇ خىل ئوبيېكتىپ ئەھۋالدا ئۇنىڭ ماركسنىڭ دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چېرنىشېۋسكىنىڭ ماتېرىيالىزمىدا بەزىبىر ئېغىر كەمچىلىكلەرمۇ بار ئىدى. چېرنىشېۋسكىنىڭ ئۆزى ئۆز ماتېرىيالىزمىنى ئانتروپولوگىزم ئاساسىدىكى ماتېرىيالىزم دەپ ئاتىدى. ئانتروپولوگىزم ئاساسىدىكى ماتېرىيالىزمنىڭ تارلىقى ۋە چەكلىملىكلىكى شۇ يەردىكى، ئۇ ئادەمنى مەلۇم ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ مەھسۇلى دەپ قارىماستىن، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى، بىولوگىيە ياكى فىزىولوگىيە كاتېگورىيىسىدىكى جانلىق مەۋجۇدات، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىدىن ئايرىلغان جانلىق مەۋجۇدات، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئانتروپولوگىزم ئاساسىدىكى ماتېرىيالىزمنىڭ بىلىش نەزەرىيىسىدىكى ئۆزىگە خاس بولغان ئاجىزلىقى يارلىققا كەلدى. ئۇ ماتېرىيالىزمنى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا كېڭەيتەلمىدى. ۋاھاكازالار، ئانتروپولوگىزم ئاساسىدىكى ماتېرىيالىزمنىڭ بۇ ئاللاھىدىلىكلىرى چېرنىشېۋسكىنىڭ دۇنياقارىشىدىمۇ ئەكس ئەتكەن.

لېكىن، چېرنىشېۋسكىنىڭ ئىنقىلابىي دېموكراتىزمى ئۇنىڭ

ئانتروپولوگىزىم ئاساسىدىكى ماتېرىيالىزىمىدىكى تۇرغۇن ئاجىزلىقلارنى تۈگىتىشكە ياردەم بەردى. مەسىلەن، چېرنىشېۋسكى مەلۇم مەسىلىلەردە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى ماتېرىيالىستىك نۇقتىئىنەزەرلەرگە يېقىنلاشتى. بۇ ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى جەمئىيەتنىڭ ستېپىلىش ۋە سىنىپىي مەنپەئەتنىڭ كېلىشتۈرۈپ بولماسلىقىنى چۈشەنگەنلىكىدە، سىنىپىي كۈرەشنىڭ تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنلىكىدە ئالاھىدە روشەن كۆرۈلىدۇ. چېرنىشېۋسكى ئوخشاشلا كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى بىلەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتىكى ئىقتىسادىي شارائىت ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى كۆرۈۋالدى؛ ئۇ نۇقتىلىق قىلىپ، خەلق مەنپەئەتى جەمئىيەت تارىخىدا ئاساسىي ئەھمىيەتكە ئىگە، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ خەلق ئاممىسى تارىخنىڭ باش قەھرىمانى دەپ قارىدى. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: "قانداق بولسا بولسۇن، پەقەت خەلق ئاممىسى قوللىغان ئىشتەكلا قۇدرەتلىك بولىدۇ، پەقەت خەلق ئاممىسى ھىمايە قىلغان تۈزۈملا مۇستەھكەم بولىدۇ." چېرنىشېۋسكىنىڭ ئىجتىمائىيەت نۇقتىنەزىرى بىلەن ئۇنىڭ ئىنقىلابىي دېموكراتىزىمى زىچ باغلىنىشلىق. پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىسات، ئېستېتىكا ۋە ئەخلاق ئىلمىدىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلغان چاغدا، چېرنىشېۋسكى ئەڭ ئالدى بىلەن بىر ئىنقىلابىي دېموكراتىزىمچى بولدى، ئېزىلگۈچى ئاممىنىڭ چارىزىمغا ۋە يانچىلىق تۈزۈمگە قارشى ئىنقىلابىي كۈرىشىگە ئىلھام بەرگۈچى بولدى. ئۇ پەقەت ئىنقىلابىي زورلۇق كۈچىلا يانچىلىق تۈزۈمنىڭ ئاساسىنى يوقۇۋېتەلەيدىغانلىقىنى، خەلق ئۈچۈن يېڭى تۇرمۇشقا ئېرىشىش يولىنى ھازىرلاپ بېرەلەيدىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى. ئۇ يانچىلىق تۈزۈم ۋە كاپىتالىزىم تۈزۈمىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ماھىيىتىنى چىرايلىق سۆز-ئىبارىلەر بىلەن يوشۇرىدىغان لىبېراللاردىن قاتتىق نەپرەتلىنەتتى. ئۇنىڭ ئۇلۇغ

تۈھپىسى روسىيە ۋە غەربىي ياۋروپا لىبېرالىزمىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي ماھىيىتىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئېچىپ تاشلىغانلىقىدا. ئۇ دېھقانلار ئىسلاھاتى دەۋرىدە، لىبېراللارنىڭ يانچىدارلارغا قىلغان خوشامىتىگە رەددىيە بەردى. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: چېرنىشېۋسكىي "رەسۋاسى چىقىپ كەتكەن "دېھقانلار ئىسلاھاتى"نىڭ بارلىق چەكلىمىسى، بارلىق نۇقسانلىرى ۋە ئۇنىڭ بارلىق يانچىلىق تۈزۈم خاراكتېرى"نى ئىنتايىن مۇكەممەل ھالدا بىلەتتى («لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە 4-نەشرى، 17-توم، 96-بەت). چېرنىشېۋسكىي ئۆزىنىڭ «مۇقەددىمە» دېگەن رومانىدا روشەن ۋە تىپىك رۇس لىبېراللىرىنىڭ ئوبرازىنى ياراتتى، بۇ لىبېراللارنىڭ دېھقانلارنى "ئازات قىلىش" توغرىسىدىكى سۆزلىرى ئۇلارنىڭ ھەركەتلىرى بىلەن زادى بىردەك ئەمەس. لېنىن چېرنىشېۋسكىي ۋە ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى يەنى شۇ چاغلاردىكى رۇس لىبېراللىرى يېڭى روسىيە ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان كۆرەشتىكى ئۆيىتىن قارىمۇ-قارشى بولغان ئىككى خىل تارىخىي يۆزلىنىش ۋە تارىخىي كۈچكە ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەپ ھېسابلىدى.

چېرنىشېۋسكىي دۆلەت مەسىلىسىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى، ئۇ يانچىلىق تۈزۈم ۋە بۇرژۇئا جەمئىيىتىدىكى دۆلەتنىڭ چىن ۋەزىپىسى شۇنداقلا "قىلچىلىك ئېيىمەلمەي زورلاۋانلىق قىلىش" ماھىيىتىنى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، ئىنقىلابىي دېموكراتىزمچى بولغان چېرنىشېۋسكىي مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: دېھقانلار ۋە باشقا ئەمگەكچىلەر سىنىپىنىڭ ئازاتلىققا ئېرىشەلىشى ياكى ئېرىشەلمەسلىكىنى دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ خەلق قولىغا ئۆتۈش ياكى ئۆتەلمەسلىكىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. ئۇ ئەنە شۇنداق روھ بىلەن شۇ چاغدىكى ئىلغار رۇس ياشلىرىنى تەربىيىلىدى؛ ئۇ ئىنقىلابچىلار بىلەن ئىتتىپاقلاشتى ھەمدە، ئۇلارغا خەلققە مەڭگۈ سادىق بولۇش توغرىسىدا تەربىيە بەردى. ئۇنىڭ باشچىلىقىدا چىققان «دەۋرداشلار» ژۇرنىلى

50 — 60 - يىللاردا روسىيە ئىنقىلاۋىي كۈچىنىڭ تىلى، يانچىلىق
تۈزۈمگە قارشى ئىنقىلاۋىي كۈرەشنىڭ تەشكىللاتچىسى، دىخانلار
ئىنقىلاۋىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ژورنال بولدى.

چېرنىشېۋسكىي كونا دىخان جامائەسى ئارقىلىق سوتسىيالىزمغا
ئۆتۈشنى خام خىيال قىلدى، ئۇ پەقەت پرولېتارىياتنىڭلا سوتسىيا-
لىزم قۇرالايدىغان كۈچ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتمىگەن ۋە تونۇپ
يېتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما، چېرنىشېۋسكىي ئۆزىنىڭ
سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىدە غەربىي ياۋروپادىكى خىيالىي سوتسىيال-
زىمچىلاردىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى ھەمدە ئىلمىي سوتسىيا-
لىزمغا ئىنتايىن يېقىنلاشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق ئۈمىدىنى ئىنقىلاپقا
باغلىدى. ئۇنىڭ خىيالىي سوتسىيالىزمى ئۇنىڭ ئىنقىلاۋىي دېموك-
راتىزمى بىلەن زىچ باغلانغان. غەربىي ياۋروپا خىيالپەرەسلىرىنىڭ
ئەكسىچە، ئۇ سىياسىغا سەل قارىمىدى، ئۇنىڭ ئۆزى ئاڭلىق ئىنقى-
لاۋىي سىياسەتچى ئىدى. ئۇ پەقەت تېخنىكا تەرەققىي قىلغان ئاساستىلا
سوتسىيالىزم قۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى، پەقەت خەلق ئاممىسىنىڭ
ئۆزىلا سوتسىيالىزمنىڭ ياراتقۇچىلىرى ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى.
چېرنىشېۋسكىينىڭ سىياسىي ئىقتىسات جەھەتتىكى ئەسەرلىرى ناھايىتى
زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ماركس مۇنداق دەپ كورسىتىدۇ: ئىقتىسات-
شۇناس چېرنىشېۋسكىي "'بۇرژۇئازىيە' سىياسىي ئىقتىسادىنىڭ بەربات
بولغانلىقى......"نى ئۇستىلىق بىلەن شەرھلىدى. («كاپىتال»، رۇسچە
نەشرى، 1-توم، 13-بەت). لېنىن چېرنىشېۋسكىينى كاپىتال-
زىمنى ئىنتايىن چوڭقۇر تەنقىت قىلغان تەنقىتچى دېگەن ئىدى.
چېرنىشېۋسكىي كاپىتالىزمدىكى كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان زىددى-
يەتلەرنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنغان چاكىنا بۇرژۇئا ئىقتىسادشۇناسلىرىنى
پاش قىلدى. چېرنىشېۋسكىي ئامېرىكىنىڭ چاكىنا ئىقتىسادشۇناسى
كېرىنى سىنىپىي مەنپەئەتلەرنىڭ "ماسلىشىش"نى تەشۋىق قىلغانلىقى

ئۈچۈن، رەھىمسىزلىك بىلەن تەنقىت قىلدى. چېرنىشېۋسكى ئۆزىنىڭ بىر يۈرۈش ئىقتىسادشۇناسلىق نۇقتىئىنەزىرىنى "ئەمگەكچى خەلققە خاس سىياسى ئىقتىسات" دەپ ئاتىدى. "ئەمگەكچى خەلققە خاس سىياسى ئىقتىسات"نىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى "مۈلۈكدارلار بىلەن ئەمگەكچىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئامالەن بىر ئادەمدە بىرلەشتۈرۈش" ئىدىيىسىدىن ئىبارەت. ئۇ ئەمگەك ئەمدى "سېتىلىدىغان تاۋار" بولماسلىقى لازىم دەيدۇ. ئۇنىڭ ئىقتىسات تەلىماتى نۇرغۇن خىيال-پەرەسلىك تۈسىنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ ئەمگەكچىلەر بىلەن كاپىتالىستلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كېلىشتۈرگىلى بولماي-دىغانلىقىغا بولغان تونۇشى ئۇنىڭ ئىقتىسات تەلىماتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك تەرەپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

چېرنىشېۋسكىنىڭ ئېستېتىكا ۋە ئەدەبىي تەنقىت جەھەتتىكى توھ-پىسى ئىنتايىن ئۇلۇغ. چېرنىشېۋسكى ئۆزىنىڭ «سەنئەت بىلەن رېئال-لىقنىڭ ئېستېتىكا جەھەتتىكى مۇناسىۋىتى» دېگەن ئەسىرىدە گېگېلنىڭ ئىدىيالىستىك سەنئەت قارىشىنى ئەجەللىك يوسۇندا تەنقىت قىلدى ھەمدە ئىنقىلاۋىي رېئالىزملىق سەنئەتنىڭ تۈپ پرىنسىپىنى بايان قىلدى. چېرنىشېۋسكىنىڭ ئەدەبىي تەنقىت ئەسەرلىرى، خۇددى بېلىنسكى* ۋە دوبرولىيۇبوۋ*نىڭ ئەسەرلىرىگە ئوخشاش، ئىلغار رۇس ئەدەبىياتى، رەسسامچىلىقى ۋە مۇزىكىسىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى؛ بۇ ئەسەرلەر ھازىرغا قەدەر ئۆز ئەھمىيىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە. چېرنىشېۋسكى سەنئەتنىڭ ۋەزىپىسى تۇرمۇشنى چىن ۋە رېئالىستىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈش، تۇرمۇشنى توغرا چۈشەندۈرۈش ۋە رېئاللىق ئۈستىدە توغرا ھۆكۈم چىقىرىشتىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ. ئۇ سەنئەتنىڭ يالغانچىلىق تۈزۈمنى تەنقىت قىلىشىنى تەلەپ قىلدى ھەمدە ئۆزىنىڭ ئېستېتىكا پرىنسىپى ئارقىلىق "تەنقىدىي رېئالىزم" پىكىر ئېقىمىنىڭ روسىيە سەنئىتىدە راۋاجلىنىشىنى ئىل-

گىرى سۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، چېرنىشېۋسكى: ھەقىقى گۈزەل نەرسىلەرنىڭ قۇپ-قۇرۇق غايىدە ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدە، تۇرمۇشنىڭ يېڭى يۇقىرى ئىجتىمائىي ھالەتكە قاراپ راۋاجلىنىشىدا بولىدىغانلىقىنى كۆرۈش لازىم، دەپ ھۆكۈم قىلدى. ئۇ سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەدىبىلىك رولىنى ناھايىتى يۇقىرى ئورۇنغا قويدى. چېرنىشېۋسكى — ئۇلۇغ يازغۇچى، «نېمە قىلىش كېرەك؟»، «مۇقەددىمە» قاتارلىق ئېسىل ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى.

چارپادىشا ھۆكۈمىتى چېرنىشېۋسكىگە دەھشەتلىك ھالدا زىيانكەشلىك قىلدى: ئۇنىڭغا پۇقرالىق ئۆلۈم جازاسى① ھۆكۈم قىلدى، ئاندىن ئۇنى ئېغىر ئەمگەككە سالدى، سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلدى، ئۇ يەردە ئۇ 20 يىلدىن ئارتۇق تۇردى. لېكىن، مەيلى ئېغىر ئەمگەك بولسۇن، ياكى سۈرگۈن بولسۇن، ھېچقايسىسى بۇ ئاتاقلىق ئىنقىلابچى ۋە مۇتەپەككۇرنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرالمىدى. چېرنىشېۋسكى ئۆز مىللىتىنى قىزغىن سۆيىدىغان ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر، ئۇ بابىت، چېچېرىن ۋە كاتكوۋنىڭ جاھانچىلىقىغا قارشى تۇردى، ئۇ مىللەتچىلەر ۋە ئىرقچىلاردىن قاتتىق نەپرەتلەندى. چېرنىشېۋسكى ئۆمۈر بويى ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلدى. ئۇنىڭ خەلقنىڭ گۈزەل كەلگۈسى ئۈچۈن قىلغان كۆرەشلىرى ئۇلۇغ رول ئوينىدى. چېرنىشېۋسكىنىڭ ئەڭ مۇھىم پەلسەپە ئەسەرلىرى مۇنۇلار: «سەنئەت بىلەن رىياللىقنىڭ ئېستېتىكىدىكى مۇناسىۋىتى» (1855)، «گوگول دەۋرىدىكى رۇس ئەدەبىياتى توغرىسىدا ئومۇمىي چۈشەنچە» (1855—1856)، «جامائەتنىڭ مۈلۈكچىلىك ھوقۇقىغا قارشى پەلسەپىۋى بىر تەرەپلىمىلىك ئۈستىدە تەنقىت» (1858)، «پەلسەپىدىكى ئانتروپولوگىزىم پىرىنسىپلىرى» (1860). 1876—1878-يىللىرى چېرنىشېۋسكى سۈرگۈندە ۋاقىتتا ئوغۇللىرىغا يازغان خەتلىرىدە ئۆزىنىڭ ئەڭ

① بىر خىل ھاقارەت خاراكتېرلىق يالغان ئۆلۈم جازاسى. — تەرجىماندىن.

ئاساسىي پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنى بايان قىلغان ئىدى.

**چەكسىزلىك ۋە چەكلىكلىك** **无限和有限** **Бесконечное и конечное**

مېتافىزىكا چەكسىزلىك بىلەن چەكلىكلىكنى بىر بىرىگە قارشى بولغان كاتېگورىيىگە بۆلۈپ تاشلايدۇ. ئەمەلىيەتتە چەكسىزلىك بىلەن چەكلىكلىك دىيالېكتىكىلىق ھالدا باغلانغان بولىدۇ. چەكسىزلىك پەقەت ماددىنىڭ چەكلىك شەكلى ئارقىلىق، پەقەت چەكلىكلىك ئارقىلىقلا مەۋجۇت بولىدۇ. ماددىي دۇنيا ماكان ۋە زامان جەھەتتە چەكسىز بولىدۇ، لېكىن ئۇ ئەينى ۋاقىتتا، يەنە تەرەققىي قىلىپ تۇرىدىغان چەكلىك شەيئى، ھادىسە ۋە جەريانلار-نىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت. چەكسىزلىك بىلەن چەكلىكلىك دېگەن بۇ ئۇقۇم توختىماي ھەركەت قىلىپ تۇرىدىغان ماددىلارنىڭ بۇنداق چىن باغلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. چەكلىك دېگەن ئۇقۇم كونكرېت شەيئى، ھادىسە ھەم جەريانلارنىڭ ماكان ۋە زامان جەھەتتىكى چەكلىملىكلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. چەكسىزلىك دېگەن ئۇقۇم بولسا مۇناسىپ ھالدا ماددىنىڭ ماكان ۋە زامان جەھەتتىكى ئۆلچەمسىزلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئۇقۇم ماددىي دۇنيادىكى شەيئىلەر، ھادىسىلەر ۋە جەريانلارنىڭ سۈپەت جەھەتتە چەكسىز كۆپ خىللىقلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. چەكسىزلىك قارىمۇ-قارشى بولىدۇ، ئۇ چەكلىكلىكنىڭ بارلىق كۆپ خىللىقلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، لېكىن ئۇ چەكلىك شەيئىلەرنىڭ ئاددىي يىغىندىسى ئەمەس، چۈنكى چەكسىزلىك مەڭگۈلۈك ھەركەت، ئۆزگىرىش، كونا شەيئىلەرنىڭ يوقىلىشى ۋە يېڭى شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئېنگېلس يامان چەكسىزلىك بىلەن ھەقىقىي چەكسىزلىكتىن ئىبارەت 2 خىل ئۇقۇمنى پەرقلەندۈرگەن. يامان چەكسىزلىك ئاددىي ھالدا چەكلىك دائىرىدىن ئۆزلۈكسىز ئېشىپ كېتىشنى، مەسىلەن، ئاددىي

رەقەملەر 1 + 1 + 1 + 1 + 1... تىزمىسىنى كۆرسىتىدۇ؛ چەكسىزلىك بۇ يەردە چەكسىز كۆپ بىرلىكنىڭ يىغىندىسىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنداق چەكسىزلىك بىلەن چەكلىكلىك خۇددى بىر بىرى بىلەن چىقىشالمايدىغان نەرسىدەك قارىمۇ-قارشى تۇرىدۇ. ھەقىقىي چەكسىزلىك بولسا ھەقىقىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەڭگۈ تەرەققىي قىلىپ تۇرىدىغان، چەكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان دۇنيانى كۆرسىتىدۇ. ماتېماتىكىدا ماتېماتىكىلىق تەھلىل ئاساسىنى تەشكىل قىلغان چەكسىز چوڭ، چەكسىز كىچىك دېگەن ئۇقۇملار رېئال مۇناسىۋەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ماتېماتىكىدىكى چەكسىز چوڭلۇقنىڭ ھەقىقىلىقى ماددىنىڭ ماكان ۋە زامان جەھەتتىكى چەكسىزلىكىدە، شەيئىلەرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنىڭ چەكسىز كۆپ خىللىقىدا كۆرۈلىدۇ. يۈتمەس-تۈگىمەسلىككە ئىگە بولغان ماددىنىڭ ئەڭ كىچىك زەررىچىسى ماتېماتىكىدا چەكسىز كىچىكلىكنىڭ ئەندىزىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: ھەرقايسى ئاسمان جىسىملىرىمۇ چەكسىز كىچىك ئەندىزە بولىدۇ، چۈنكى بۇ ئاسمان جىسىملىرىنى ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ماكان ئارىلىقىغا سېلىشتۇرساق (مەسىلەن، يۇلتۇز بىلەن يۇلتۇز ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق) ئۇ ئىنتايىن كىچىك كۆرۈنگەنلىكى ئۈچۈن ماتېماتىكىدا چەكسىز كىچىك نەرسە دەپ بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ماتېماتىكىلىق تەھلىل يەندە شۇنىڭ ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگىكى، چەكسىز چوڭلۇق، چەكسىز كىچىكلىك دېگەن ئۇقۇملار ماددىي دۇنيانىڭ چىن مۇناسىۋەتلىرى ئىچىدىن ئابستراكسىيىلەنگەن. شۇڭا چەكسىزلىك بىلەن چەكلىكلىك پەقەت ئۆز ئارا باغلىنىشتىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان، ئۆز ئارا سىڭىشىدىغان قارىمۇ-قارشى ئىككى تەرەپتىن ئىبارەت.

**چەكلىك** Конечное 有限 **چەكسىزلىك ۋە چەكلىكلىك*** كە قاراڭ.

## خ

**خرىستىيان دىنى** Христианство 基督教 ئەڭ كەڭ تار-
قالغان دىنلارنىڭ بىرى. خرىستىيان دىنى مىلادىيە 1 ـ 2 ـ ئەسىر-
لەردە رىم ئىمپېرىيىسىدە پەيدا بولغان. ئۇ دەسلەپتە "قۇللار،
ئازات بولغان قۇللار، كەمبەغەللەر ۋە رىم تەرىپىدىن بوي سۇندۇ-
رۇلغان ياكى تارقىتىۋېتىلگەن ھوقۇقسىز ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دىنى"
(«ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، رۇسچە 1 ـ نەشرى، 16 ـ توم،
2 ـ قىسىم، 409 ـ بەت) بولغان ئىدى. نامراتلىق، ھوقۇقسىزلىق،
دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيە دەستىدە ھالىدىن كەتكەن قۇللار
ھەمىشە قوزغىلاڭ كۆتۈرسىمۇ، لېكىن مەغلۇپ بولۇپلا تۇراتتى.
ئۇششاق دېھقانلار ۋە شەھەر كەمبەغەللىرىنىڭ ئەھۋالىمۇ قۇللارنىڭ-
كىدىن پەرقلەنمەيتتى. ئېزىلگەن ۋە قۇل قىلىنغان ئامما مەۋجۇت
ئىجتىمائىي تەرتىپنى ئۆزگەرتىشكە قادىر بولالمىدى. ئۇلارنىڭ
كۈچ ـ قۇدرىتىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى
ياخشىلايدىغان قۇتقۇزغۇچ خۇدا، ئاخىرەتلىك تۇرمۇش توغرىسىدىكى
خام خىياللار بىلەن ئۆزىگە تەسەللىي بېرەتتى. بۇ ھال يېڭى دىننىڭ
پەيدا بولۇشى ۋە تارقىلىشى ئۈچۈن ئوبدان ئىجتىمائىي ئاساس
ياراتتى. بۇنداق يېڭى دىن "باشقا بىر دۇنيادىكى" ئىنئام-جازانى،
ئەبەدىي بەخت ۋە ئەبەدىي ھاياتلىقنى ۋەدە قىلغۇچى خرىستىيان
دىنى ئىدى. خرىستىيان دىنى ھەر مىللەت خەلقىگە ئوخشاش
مۇئامىلە قىلىپ، بۇرۇنقى ئوخشاش بولمىغان ئېتىقاتتىكى كىشىلەرنى
ئايرىپ تاشلايدىغان بارلىق كونا دىنىي مۇراسىملارنى چۆرۈپ

تاشلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ چاغدا بارلىق دىنلار زاۋالغا يۈز تۇتقان ئىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى يېڭى دىننىڭ تارقىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى ھەمدە دەسلەپكى مەزگىلدىكى خرىستىيان دىنىنى تۈنجى دۇنيا خاراكتېرلىق دىن بولۇش ئېھتىماللىقىغا ئىگە قىلدى.

خرىستىيان دىنى شۇ زاماندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تۈرلۈك شەرق دىنلىرى (قۇياش ئىلاھى دىنى، يەھۇدى دىنى قاتارلىقلار) ۋە قەدىمقى يۇنان-رىم ئىدىيالىستىك پەلسەپىسىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى (يېڭى پلاتونچىلار، نوستى مەزھىپىدىكىلەر، ستوئىكچىلار قاتارلىقلار) نىڭ تەرىبىيلىرىدىن تۈرلۈك تەركىبلەرنى قوبۇل قىلدى. خرىستىيان دىنىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى شەرتلەر موجىزە، ئەۋلىيا ۋە قۇتقۇزغۇچىنىڭ يەرگە چۈشۈشى قاتارلىقلارغا بولغان ئېتىقادىنىڭ كەڭ تارقىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. مۇشۇ شارائىت ئاستىدا سىرلىق خرىستوسقا ئېتىقاد قىلىش ئەھۋالى پەيدا بولىدى. باشقا دىنلاردىكى قايتا تىرىلگەن ئىلاھلار خرىستوسنىڭ مودېلى بولدى. خرىستىيان دىنى قۇللۇق تۈزۈمگە قارشى تۇرمايدۇ. ئۇ، كىشىلەر ئۆلگەندىن كېيىن باراۋەر بولىدۇ، دەپ ۋەدە قىلىدۇ، ئۇ دائىم دۇنيادىكى ئىجتىمائىي باراۋەرسىزلىكنى ئاقلايدۇ، قۇللۇق تۈزۈم "جىنايەتكە بېرىلگەن جازا" دەپ ھېسابلايدۇ؛ قۇللارنى ئۆز ئىگىسىگە "خۇددى خرىستوسقا بوي سۇنغاندەك" بوي سۇنۇشقا، ئۆز دۈشمىنىنى سۆيۈشكە چاقىرىدۇ. خرىستىيان دىنىمۇ باشقا دىنلارغا ئوخشاش، ئىتائەتمەن بولۇشنى تەرغىب قىلىپ، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچىلارنى ئۆز ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى ئىنقىلابىي سىنىپىي كۈرەشتىن چەتلىتىدۇ. كېيىن ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ۋەكىللىرى بارا-بارا دەسلەپكى مەزگىلدىكى خرىستىيان دىنى تەشكىلاتلىرىغا كىرىپ، رەھبەرلىك ئورنىنى ئىگىلىۋالدى. خرىستىيان دىنىدىكى مەزھەپلەر كۆرىشىدە، رىياللىق

بىلەن مۇرەسسە قىلىشنى تەرغىپ قىلىدىغان ئەڭ موتىدىللەر مەزھىپى 2-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يەيدىن-يەي ئۈستۈنلۈكنى ئالدى. ئېپىسوپ باشچىلىقىدىكى دىنىي جەمئىيەت تەشكىلاتىمۇ شەكىللىنىشكە باشلىدى.

رىياللىق ۋە ئىجتىمائىي باراۋەرسىزلىك قاتارلىقلار بىلەن مۇرەسسە قىلىش توغرىسىدىكى دىنىي ئەقىدىلەر ۋە دۆلەتنىڭ ھوقۇقى خۇدادىن كېلىدۇ دەيدىغان دىنىي ئەقىدىلەر بۇ دىننى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارغا پايدىلىق نەرسە قىلىپ قويدى. 4-ئەسىرنىڭ بېشىدىلا خىرىستىيان دىنى رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ رەسمىي دىنى بولۇپ قالدى. قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ يىمىرىلىشى ۋە فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، خىرىستىيان دىنى فېئوداللىزم جەمئىيىتىنىڭ دىنىغا ئايلىنىپ، خىرىستىيان دىنىي جەمئىيىتى مەۋجۇت فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ ئەڭ ئادەتتىكى مەركەزلىك ئىپادىسى بولۇپ قالدى ۋە بۇ تۈزۈمنى مۇقەددەسلەشتۈردى. خىرىستىيان دىنىنىڭ ئەقىدىلىرى يانچىلىق تۈزۈمنى مۇستەھكەملەشكە ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدە، خىرىستىيان دىنىي جەمئىيىتى تەشكىلىي جەھەتتە فېئوداللىق ھوكۇمرانلىق ۋە تەۋەلىك تۈزۈمى يەنى فېئوداللىق تەبىقە تۈزۈمىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈردى ۋە قايتا تەكرارلىدى ھەمدە ئۇنى مۇقەددەسلەشتۈردى. خىرىستىيان دىنىي جەمئىيىتى 11-ئەسىردە رىم كاتولىك دىنىي جەمئىيىتى ۋە يۇنان پىراۋوسلاۋىيە دىنىي جەمئىيىتىگە بۆلۈندى. دىنىي جەمئىيەت ئوتتۇرا ئەسىردە ئەڭ چوڭ فېئودال بولۇپ، ئۇنىڭ غايەت كۆپ مال-مۈلۈكلىرى بار ئىدى ھەمدە ئۇ غايەت زور سىياسىي كۈچ ئىدى. كاتولىك دىنىنىڭ كاتتىۋىشى—رىم پاپاسى—پۈتكۈل دۇنياغا ھوكۇمرانلىق قىلىشقا ئۇرۇنغان ئىدى. جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى كۈرەشلىرىمۇ ئوخشاشلا دىنىي جەمئىيەت ۋە

دەۋرىشخانىلارغا قارىتىلغان ئىدى، غەربىي ياۋروپا ئەللىرىدە بولسا، ئالدى بىلەن، خەلق بىلەن دۈشمەنلەشكەن پاپا ھاكىمىيىتىگە قارىتىلغان ئىدى. ئۇنداق شارائىتتا، فېئوداللىق تۈزۈم ۋە دىنىي جەمئىيەتنى سوكۇشتە دائىم غەيرى ئىلاھىيەت شەكلى قوللىنىلاتتى. رىم كاتولىك دىنىي جەمئىيىتى فېئوداللار بىلەن بىرلىكتە ئازاتلىق ھەركەتلەرگە قارشى تۇردى. پاپا ھاكىمىيىتى قۇرغان سالقىچى سوت ئورگىنى— مەھكىمە شەرئى—ئەركىن پىكىرنىڭ كىچىككىنە ئىپادىلىرىنىمۇ رەھىمسىز تۈردە زىيانكەشلىك قىلدى. روسىيە ۋە باشقا ئەللەردە، پراۋوسلاۋىيە دىنىي جەمئىيىتىمۇ ئوخشاشلا ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار ھاكىمىيىتىنىڭ تۈۋرۈكى، تەرەققىپەرۋەر ئىدىيىلەرنىڭ دۈشمىنى ۋە باستۇرغۇچىسى ئىدى.

فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى كۈرەش قىلىش دەۋرىدە، بۇرژۇئازىيە كاتولىك دىنىغا قارشى تۇردى ھەمدە ئىسلاھات قىلىنغان بۇرژۇئا خىرىستىيان دىنى—پروتېستانت دىنى—ئارقىلىق كاتولىك دىنى بىلەن قارشىلاشتى. لېكىن خەلقنى روھىي جەھەتتىن قۇل قىلىشنىڭ قورالى بولغان دىن بىلەن پايدا-زىيان مۇناسىۋىتى بولغان بۇرژۇئازىيە ناھايىتى تېزلا كاتولىك دىنى بىلەن مۇرەسسەلەشتى. كاپىتالىزىم شارائىتىدا، خىرىستىيان دىنىنىڭ بارلىق مەزھەپلىرى، باشقا دىنىي مەزھەپلەرگە ئوخشاشلا، بۇرژۇئازىيە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تۈۋرۈكى، ئىشچىلار سىنىپىغا، سوتسىيالىزىمغا قارشى تۇرىدىغان قورال بولۇپ قالدى. بۇرژۇئازىيە تارىختا شەكىللەنگەن تۈرلۈك دىنلار ۋە ئۇلارنىڭ ئورگانلىرىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، ئىلمىي سوتسىيالىزىم ئىدىيىسىنىڭ تارقىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن، دائىم ئۇلارغا تايىنىپ ئىشچىلار سىنىپىغا بارغانسېرى ئۇستىلىق بىلەن تەسىر كۆرسىتىشنىڭ تۈرلۈك يېڭى شەكىللىرىنى ئىجات قىلدى. ئاتالمىش خىرىستىيان سوتسىيالىزىمى مۇشۇ شەكىللەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ

كاپىتالىست ۋە ئىشچىلارنىڭ "سىنىپىي تىنچلىق" دېگەن ساختا شوئار ئاستىدا ئەمگەكچى خەلقنى سىنىپىي كۈرەشتىن چەتلىتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

جاھانگىرلىك دەۋرىدە، تۈرلۈك دىنىي تەشكىلاتلار بولۇپمۇ خىرىستىيان دىنى تەشكىلاتى بۇرژۇئازىيە تەرىپىدىن سوتسىيالىستىك ئىشچىلار ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن پايدىلىنىلىدۇ. ۋاتىكان كاتولىك دىنىي جەمئىيىتى جاھانگىر مونوپول تەشكىلاتلار ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ، تىنچلىققا، دېموكراتىيىگە ۋە سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرىدۇ. ۋاتىكاننىڭ نۇرغۇن پائالىيەتچىلىرى تەرەققىيپەرۋەر پەنگە قارشى تۇرىدۇ، ئۇلار تەبىي پەندىكى ئەڭ يېڭى كەشپىيات ۋە يەكۈنلەرنى دىنىي روھ بىلەن چۈشەندۈرىدۇ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ۋە باشقا دەۋرلەردىكى ئەڭ ئەكسىيەتچىل پەلسەپىۋى ئىدىيالىزمنى تەشۋىق قىلىدۇ، دۇنيانىڭ ئۇزاق تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى ئەڭ كەڭ ئومۇمىي خەلق ھەرىكىتىگە قارشى تۇرىدۇ. كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە، خىرىستىيان دىنىي جەمئىيىتىنىڭ كۆپ قىسىم مالايلىرى تا ھازىرغىچە بۇنداق ئەكسىيەتچىل سىياسەتنى داۋاملىق يۈرگۈزمەكتە.

ئېنگېلس «برۇنو باۋېر ۋە دەسلەپكى مەزگىللەردىكى خىرىستىيان دىنى» ۋە «دەسلەپكى مەزگىللەردىكى خىرىستىيان دىنى تارىخى» دېگەن 2 پارچە ئىلمىي ماقالىسىدا خىرىستىيان دىنىنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئىجتىمائىي سەۋەبى ۋە دەسلەپكى مەزگىللەردىكى خىرىستىيان دىنى تارىخىدىكى ئاساسىي ئەھۋاللارنى تۇنجى قېتىم ئىنتايىن ئىلمىي ھالدا چۈشەندۈردى. ئېنگېلس «گېرمانىيە دېھقانلار ئۇرۇشى» دېگەن ئەسىردە ئوتتۇرا ئەسىردە ياۋروپادا يۈز بەرگەن تۈرلۈك دىنغا يات ئىشلارنىڭ ماھىيىتىنى شەرھلەپ بەردى. لېنىن «سوتسىيالىزم ۋە دىن»، «ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ دىنغا تۇتىدىغان

پوزىتسىيىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە خىرىستىيان دىنىنىڭ ئەكسىيەتچىل رولىنى كۆرسىتىپ بەردى.

**خىيال** 幻想 Фантазия (گرېكچىسى φαντασια — ئۇي)

ئوبيېكتىپ رىياللىقنىڭ ئىنسانلار ئېڭىدىكى ئالاھىدە ئىنكاسى، ئۇنى ئاساس قىلىدىغان، ھەقىقىي ھادىسىلەر ياكى ھەقىقىي بولمىغان ھادىسىلەر توغرىسىدىكى چۈشەنچە. مەيلى قايسى بىر خىل چۈشەنچە بولسۇن، ھەتتا ئەڭ قالايمىقان، قۇرۇق خىيالىي چۈشەنچە بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلار ئەقلىنىڭ نوقۇل سۇبيېكتىپ ئىجادىيىتى ئەمەس، ئۇنىڭ ئاساسى تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، ئوبيېكتىپ رىياللىقنىڭ ئىنكاسى. رىياللىقنى بۇرمىلاپ چۈشىنىش ئاساسىدىكى پايدىسىز خىيالنى رىيال دۇنيا توغرىسىدىكى بىلىمنى ئاساس قىلىدىغان پايدىلىق خىيالدىن ئېنىق پەرقلەندۈرۈش كېرەك. كېيىنكى بىر خىل خىيال ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي پائالىيىتىنىڭ بارلىق ساھەسىدە غايەت زور رول ئوينايدۇ. ئۇ ئىجادىيەتنىڭ زۆرۈر شەرتى. لېنىن مۇنداق دەيدۇ: "ئەڭ ئاددىي يەكۈنلەردە، ئەڭ ئاساسىي ئومۇمىي چۈشەنچە (ئومۇمىي "جوزا")دە **ئومۇمەن** مەلۇم تەركىبتە **خىيال** بولىدۇ." («پەلسەپە خاتىرىلىرى»، 1956-يىل خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 339-بەت) خىيال بەدىي ئىجادىيەتنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىلىم-پەن پائالىيىتى ئۈچۈنمۇ زۆرۈر. لېنىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: "...... خىيالنىڭ ئەڭ توغرا پەندىمۇ رول ئوينايدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىش بىمەنىلىك بولىدۇ......" (يۇقۇرىدىكى كىتاپ). لېنىن ھەتتا ماتېماتىكىدىمۇ خىيال بولۇشى كېرەكلىكىنى، ئەگەر خىيال بولمىسا، دىففېرېنسىيال بىلەن ئىنتېگرالنىڭ تېپىلىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدى. لېنىن پىسارېۋنىڭ خىيالنىڭ ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى قارىشىغا، يەنى "خىزمەتنى ئىلگىرى سۈرۈ-

دىغان پايدىلىق خىيال"نىڭ "قۇرۇق خىيال" بىلەن قارىمۇ-قارشى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى قارىشىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن ئىدى. پەرەزنىڭ ئىلىم-پەندىكى رولى ھەممىگە ئايان. ۋاھالەنكى، ھەرقانداق پەرەزدە ناھايىتى كۆپ نۇي تەركىۋى، ئىلمىي خىيال تەركىۋى بولىدۇ. خىيال تېخنىكا جەھەتتىمۇ ناھايىتى زور ئىجادىي ئەھمىيەتكە ئىگە. نۇرغۇن ئاتاقلىق تېخنىكىي كەشپىياتلار مەيدانغا كېلىشتىن ئىلگىرىلا خىيالىي ھېكايە يازغۇچىلار ئۇلىگىدىن بىشارەت بەرگەن ۋە ئۇلارنى تەخمىنىي سۈرەتلىگەن ئىدى.

رىياللىق بىلەن باغلىنىشلىق بولغان خىيال جانلىق، ئۈنۈملۈك بولىدۇ. رىياللىقتىن ئايرىلغان خىيال بولسا ئادەمدە دۇنياغا نىسبەتەن بىر خىل ناتوغرا چۈشەنچىنى پەيدا قىلىدۇ. دۇنيا ھەققىدىكى بۇنداق ناتوغرا، قۇرۇق خىيالىي چۈشەنچە دىنىي چۈشەنچىنىڭ ئاساسى. خىيالنىڭ تۇرمۇشتىن ئايرىلىش ئېھتىمالىمۇ بار، مانا بۇ — پەلسەپىۋى ئىدىيالىزمنىڭ ۋە دىننىڭ بىلىش نەزەرىيىسى جەھەتتىكى مەنبەلىرىدىن بىرى.

**خىيالىي سوتسىيالىزم** 空想社会主义 **Утопический социализм** ماركسنىڭ ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى بىلەن ئوخشاش بولمىغان بەزى سوتسىيالىزم تەلىماتلىرى. ئۇلار جەمئىيەتتىكى رىيال تۇرمۇش ۋە سىنىپىي كۈرەشتىن ئايرىلغان ھالدا كەلگ، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. خىيالىي سوتسىيالىزمچىلارنىڭ سوتسىيالىزم غايىسى پۈتۈنلەي ئىدىيالىزم ئاساسىغا ئورنىتىلغان، ئۇلار ئىجتىمائىي ماددىي تۇرمۇش شارائىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدىكى ھەممىدىن مۇھىم رولىنى چۈشەنمەيدۇ. خىيالىي سوتسىيالىزم فېئوداللىق تۈزۈم يىمىرىلگەن مەزگىلدە ۋۇجۇتقا كەلگەن، ئۇ ئىنقىلاۋىي ھەركەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك. توماس

**مور*** خىيالىي سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسچىسى، **كامپانېللا*** مەشھۇر خىيالىي سوتسىيالىزمچى. خىيالىي سوتسىيالىزم 18-ئەسىردە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلاندى (**مورېللى***، **مابلى***، **ھابلى***غا قاراڭ). كالود ئانرى **سېن-سىمون***،شارل **فۇرىيې*** ۋە روبېرت **ئوۋېن*** 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇلۇغ خىيالىي سوتسىيالىزمچىلاردۇر.

خىيالىي سوتسىيالىزم پرولېتارىياتنىڭ سىنىپىي كۈرىشى تېخى تولۇق راۋاجلانمىغان چاغدا ۋۇجۇتقا كەلگەن. ماركس مۇنداق دەپ يازىدۇ: "بارلىق سوتسىيالىزمچىلار — ھەرقايسى مەزھەپلەرنىڭ ئاساسچىلىرى، مۇنداق مەزگىلگە ياتىدۇكى، بۇ مەزگىلدە، كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى ئىشچىلار سىنىپىنى تېخى تولۇق چىنىقىش ھەمدە ياخشى تەشكىللىنىش ئىمكانىيىتىگە، تارىختىكى رول سۈپىتىدە دۇنيا سەھنىسىگە چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلمىغان بولىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇ ئازاتلىققا ئېرىشىدىغان ماددى شارائىتمۇ كونا دۇنيانىڭ ئىچكى قىسمىدا تېخى تولۇق پىشىپ يېتىشمىگەن بولىدۇ. ئىشچىلار سىنىپىنىڭ نامراتلىقى مەۋجۇت، لېكىن ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ ئۆزىنىڭ شەرت-شارائىتى تېخى ھازىرلانغىنى يوق." (ماركس ۋە ئېنگېلس. «پارىژ كوممۇنىسى»، رۇسچە نەشرى، 92-بەت) شۇڭا، سوتسىيالىزم توغرىسىدىكى تەشۋىقات مۇقەررەر ھالدا خىيالىي خاراكتېرنى، يەنى خام خىياللىق، رېئال بولمىغانلىق خاراكتېرىنى ئالغان. دەسلەپكى مەزگىلدىكى سوتسىيالىزم گەرچە خىيال خاراكتېرىنى ئالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئىلغار ئىجتىمائى ئىدىيىنىڭ تەرەققىياتىدا غايەت زور رول ئوينىدى. سېن-سىمون، فۇرىيې ۋە ئوۋېن ۋەكىللىكىدىكى خىيالىي سوتسىيالىزم ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ نەزەرىيە مەنبەلىرىنىڭ بىرى. ئېنگېلس ئىلمىي سوتسىيالىزم مۇشۇ خىيالىي سوتسىيالىزمچىلارغا تايانغان، دەپ كۆرسىتىدۇ.

ئۇلارنىڭ نەزەرىيىسى خىيال خاراكتېرىنى ئالغان بولسىمۇ، ئېنگېلس يەنىلا ئۇلارنى قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان ئەڭ كاتتا ئەقىل ئىگىلىرى دەپ ئاتىدى. («ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرىدىن تاللانما» (2-توملۇق)، 1954-يىل موسكۋا خەنزۇچە نەشرى، 1-توم، 627-بەت) خىيالىي سوتسىيالىزم كاپىتالىزىمنىڭ زىددىيەتلىرىنى چوڭقۇر ۋە ئېنىق تەنقىت قىلدى، سوتسىيالىزم كاپىتالىزىمنىڭ ئورنىنى مۇقەررەر ھالدا دەسسەيدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەندى، شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ يوقىلىدىغانلىقى، خۇسۇسىي مۈلۈكنىڭ يوقىلىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى ئالدىنالا كۆردى. لېكىن، خىيالىي سوتسىيالىزىمنىڭ ۋەكىللىرى كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ماھىيىتىنى ۋە سوتسىيالىزىمنىڭ غەلىبە قازىنىشىدىكى ئوبيېكتىپ شارائىتلارنى چۈشىنەلمىدى ھەمدە شەرھىيەلىمىدى. ئۇلار يېڭى جەمئىيەتنى يارىتقۇچى بولۇپ قالغۇسى كۈچلەرنىمۇ كۆرەلمىدى. خىيالچىلار، پرولېتارىيات پەقەتلا ئېزىلگۈچىلەر ئاممىسى، ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىش ۋە ياردەم قىلىش كېرەك دەپ ھېسابلايدۇ. لېكىن ئۇلارنى ئۇلۇغ تارىخىي كۈچ — ئۆزىنىڭ كۈرىشى ئارقىلىق سوتسىيالىستىك ئىدىيىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان بىردىن-بىر كۈچ دەپ قارىمايدۇ. خىيالچىلار "خەلقنىڭ (ئىشچىلارنىڭ) ئۆزىنىڭ ياردىمىگە تايانماي، بەلكى قانۇن تۈزۈش ۋە خىتابنامە ئېلان قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق بۇ ئالەمدىكى بەختنى ياراتماقچى بولىدۇ" («ستالىن ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتى 1953-يىل خەنزۇچە نەشرى، 1-توم، 10-بەت). شۇڭا، خىيالچىلارنىڭ نەزەرىيىلىرى باشتىن-ئاخىر پرولېتارىياتقا سەل قارايدىغانلا نەزەرىيىلەر، لېكىن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئازاتلىقى پەقەتلا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۆز ئىشى دېگەن بۇ ئۇلۇغ ئىدىيە ئامما ئارىسىدا يېتىشىپ يېتىلدى.

روسىيىدە خىيالىي سوتسىيالىزىم ئىدىيىسىنىڭ ۋەكىللىرى — **چېرنىشېۋسكىي***، **دوبروليۇبوۋ*** قاتارلىق ئىنقىلابىي دېھقانلارنىڭ مەشھۇر مۇتەپەككۇرلىرى. لېكىن 19 ـ ئەسىردىكى ئۇلۇغ روسىيە ئىنقىلابىي دېموكراتىزىمچىلىرىنىڭ سوتسىيالىزىم ئىدىيىسى ماركىستىن ئىلگىرىكى غەربىي ياۋروپا سوتسىيالىزىم ئىدىيىسىدىن ئېشىپ كەتتى. بۇنداق ئىدىيىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ئۇزۇل ـ كېسىل ئىنقىلابىلىققا ۋە ئىنقىلابىي دېموكراتىزىملىق جەڭگىۋار روھقا ئىگە ئىدى. ئىنقىلابىي دېموكراتىزىمچىلار تېچ تەشۋىقات ئارقىلىقلا سوتسىيالىزىم غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى، يېڭى جەمئىيەتنى كونا جەمئىيەتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشتەك بۇ ئىشقا ئەمگەكچى خەلقلا ھەقىقىي تۈردە بىۋاستە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ھالبۇكى ئۇلارنىڭ سوتسىيالىزىمىمۇ خىيالىي سوتسىيالىزىم ئىدى. شۇ چاغدا يانچىلىق تۈزۈمىدىكى روسىيىدە ئىلمىي سوتسىيالىزىمنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدىغان تارىخىي شارائىت تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن، پرولېتارىيات ئەمدىلا مەيدانغا كەلگەن ئىدى. شۇڭا، ئىنقىلابىي دېموكراتىزىمچىلار تېخى پرولېتارىياتلا سوتسىيالىزىمنى بەرپا قىلالايدىغان كۈچ دېگەن بۇ ئىلمىي يەكۈننى چىقىرالمايتتى، دېمەك ئۇلار ئىلمىي سوتسىيالىزىم نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويالمايتتى. ئىنقىلابىي دېموكراتىزىمچىلار كونا دېھقان يېزا جامائەسى ئارقىلىق سوتسىيالىزىمغا يېتىشنى خام خىيال قىلغان ئىدى. پەقەت ماركس ۋە ئېنگېلسلا سوتسىيالىزىمنى خىيالدىن پەنگە ئايلاندۇردى. ئۇلار مۇنۇلارنى ئىسپاتلىدى: سوتسىيالىزىم خام خىياللار، خىيالپەرەسلەر ياساپ چىقىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ كاپىتالىزىم جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ۋە پرولېتارىيات سىنىپى كۈرىشىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى، پرولېتارىياتنىڭ ۋەزىپىسى كاپىتالىزىمنى يوقىتىش ۋە سوتسىيالىزىم قۇرۇش. (**ئىلمىي كوممۇنىزىم***غا قاراڭ.)

**خىيالىي سوتسىيالىزمچىلار** 空想社会主义者 Социалисты-утописты «خىيالىي سوتسىيالىزم»غا قاراڭ.

**خىيالكەشلىك پەلسەپىسى** 思辨哲学 Спекулятивная Философия (لاتىنچىسى speculatio — بىۋاستە كۆزىتىش)

رېياللىقنى تەجرىبە ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن ئەمەس، پەقەت ئادەتتىنكى تۇغما پرىنسىپ ۋە ساپ خىيالكەشلىك نۇقتىسىنەزەردىن تەتقىق قىلىدىغان ئىدېيالىستىك پەلسەپە. خىيالكەشلىك پەلسەپىسى خىيالەت، «ساپ ئەقىل قابىلىيىتى»نى بىلىشنىڭ ئاساسىي مەنبەسى دەپ ھېسابلايدۇ. خىيالكەشلىك پەيلاسوپلىرىنىڭ قارىشىچە، ئۇلارنىڭ كاللىسىدا بەزى پرىنسىپلار خالىغانچە ئىجات قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ پرىنسىپلارنى زورىغا ئوبيېكتىپ رېياللىققا ياپ كەلتۈرۈپ، ئوبيېكتىپ رېياللىقنىڭ تەرەققىياتىنى مۇشۇ خىيالكەشلىك پرىنسىپلىرىغا بوي سۇندۇرغىلى بولىدۇ. خىيالكەشلىك پەلسەپىسىنىڭ يېقىنقى زاماندىكى ۋەكىللىرى **دېكارت***، **لېيبنىز***، **گېگېل*** قاتارلىق كىشىلەر. ئېنگېلس خىيالكەشلىك تەپەككۇر ئۇسۇلىنى تەنقىت قىلغاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتىدۇ: ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ چىقىش نۇقتىسى بىلەن خىيالكەشلىك پەلسەپىسىنىڭ چىقىش نۇقتىسى تامامەن بىر-بىرىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. «...... پرىنسىپلار تەتقىقاتنىڭ چىقىش نۇقتىسى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى: بۇ پرىنسىپلار تەبىئەت دۇنياسىغا ۋە ئىنسانىيەت تارىخىغا تەدبىق قىلىنمايدۇ، بەلكى ئۇلاردىن ئابستراكسىيە قىلىپ چىقىرىلىدۇ؛ تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئىنسانىيەت پرىنسىپلارغا ئۇيغۇنلاشمايدۇ، بەلكى پرىنسىپلار تەبىئەت دۇنياسىغا ۋە تارىخقا مۇۋاپىق كەلگەن ئەھۋالدىلا توغرا بولىدۇ.» (ئېنگېلس. «دىيۇرىنگغا قارشى»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 59-بەت)

**خۇسۇسىيەت** 属性 Атрибут شەيئىلەرنىڭ كەم بولسا

بولمايدىغان خاراكتېرى، ئۇنىڭسىز شەيئى مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ ۋە ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. **ئارىستوتېل*** ئۆزىنىڭ "مېتافىزىكا" سىدا شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا تايىنىدىغان خاراكتېرلارنى ئۇنىڭ تاسادىپى ھالەتلىرى بىلەن پەرقلەندۈرىدۇ. **دېكارت*** خۇسۇسىيەت ئەسلى زاتنىڭ تۈپ (ئوبيېكتىپ) خاراكتېرى دەپ قارايدۇ. تەندىن ئىبارەت ئەسلى زاتنىڭ خۇسۇسىيىتى سوزۇلۇشچانلىق، روھتىن ئىبارەت ئەسلى زاتنىڭ خۇسۇسىيىتى تەپەككۇر. **سپىنوزا*** بولسا سوزۇلۇشچانلىق بىلەن تەپەككۇر ئوخشاش بىر ئەسلى زاتنىڭ خۇسۇسىيىتى دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ نەزەرىيىسى بويىچە بولغاندا، ماددىي ئەسلى زات سانسىز خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدە كىشىلىككە مەلۇم بولغىنى پەقەتلا سوزۇلۇشچانلىق ۋە تەپەككۇردىن ئىبارەت ئىككى خۇسۇسىيەت. 18 ـ ئەسىردىكى فرانسىيە ماتېرىيالىستلىرى سوزۇلۇشچانلىق بىلەن ھەركەت ماددىنىڭ خۇسۇسىيىتى دەپ قارىغان، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى (مەسىلەن، **دىدېرو***، روبىنې) بولسا تەپەككۇرمۇ خۇسۇسىيەت دەپ قارىغان. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم **ھەركەت** ماددىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى (خۇسۇسىيىتى) دەپ قارايدۇ.

**Народная демократия 人民民主 خەلق دېموكراتىيىسى**

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى باشچىلىقىدىكى فاشىزىمغا قارشى ئىتتىپاقنىڭ گېرمانىيە، ياپونىيە جاھانگىرلىرىنى تارمار قىلغانلىقى، ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ئازاتلىق ھەركەتلىرى غەلىبىگە ئېرىشكەنلىكى ئارقىسىدا ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكى بەزى دۆلەتلەردە ۋۇجۇتقا كەلگەن دۆلەت سىياسىي تەشكىلىنىڭ بىر خىل يېڭى شەكلى. خەلق دېموكراتىيىسى تۈزۈمىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە غەلىبىلىك راۋاجلىنىشىنىڭ تۈپ شەرتى قۇدرەتلىك سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى، سوتسىيالىزمنىڭ سوۋېت

ئىتتىپاقىدا غەلىبىگە ئېرىشكەنلىكى، فاشىست تاجاۋۇزچىلارنىڭ تارمار قىلىنغانلىقى ئارقىسىدا كېلىپ چىققان خەلقارا كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشتىن ئىبارەت. خەلق دېموكراتىيىسى تۈزۈمىنىڭ كونكرېت شارائىتقا ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان تەرەققىيات باسقۇچلىرى بولىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ سىنىپىي مەزمۇنىدىمۇ زور ئۆزگىرىش بولىدۇ.

بىرىنچى باسقۇچ — جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزمغا قارشى ئىنقىلاب باسقۇچى. بۇ ئىنقىلاب جەريانىدا، خەلق دېموكراتىيىسى تۈزۈمى ئىنقىلاۋىي ھاكىمىيەت ئورگىنى سۈپىتىدە مەيدانغا كېلىدۇ. بۇنداق ھاكىمىيەت ئۆزىنىڭ مەزمۇنىدىن ئېيتقاندا، ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان ئىشچى-دېھقانلار دىكتاتۇرىسىدىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇنداق ھاكىمىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ تىغ ئۇچىنىڭ جاھانگىرلىككە، فاشىزىمغا قارشىلىغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ.

ئوتتۇرا ياۋروپا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپا ئەللىرىدە، خەلق دېموكراتىيىسى تۈزۈمى پائال تۈردە ئىچكى-تاشقى فاشىزىمغا قارشى تۇرۇش، مىللىي مۇستەقىللىقنى ھەم دېموكراتىيە-ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى جەريانىدا دۇنياغا كەلدى. بۇ كۈرەش سوۋېت ئىتتىپاقى باشچىلىقىدىكى دۇنيا تەرەققىيپەرۋەر كۈچلىرىنىڭ گىتلېر تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى قوزغىغان ھەيۋەتلىك ھۇجۇمىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ دۆلەتلەردىكى خەلقنىڭ فاشىستلارنىڭ قۇل قىلىشىدىن قۇتۇلۇپ، مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشىگە ياردەم بەردى، بەلكى ئۇ ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۈچلۈك ئىنقىلاۋىي تەسىر پەيدا قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى مەيلى ئىلگىرى بولسۇن ياكى ھازىر بولسۇن، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشمىدى، ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى

ئوتتۇرا ياۋروپا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەرنى قۇتراشقا پېتىنالمايدىغان قىلىپ قويدى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلاۋىي جاسارىتىنى كۈچەيتتى، تارىخ تەرەققىياتىنى تېزلەتتى. بۇ دۆلەتلەردىكى خەلق ئاممىسى كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فاشىست كۈچلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەن پايدىلىق شارائىتتىن پايدىلىنىپ، شەپقەتسىز سىنىپىي كۈرەش داۋامىدا ئىنقىلاۋىي بۇرۇلۇشنى تاماملاپ، خەلق دېموكراتىيىسى تۈزۈمىنى ئورناتتى.

خەلق دېموكراتىيىسى تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى چوڭ پۇل مۇئامىلە-مالىيەت بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ۋە پومېشچىكلارنىڭ تەختتىن غۇلاپ چۈشكەنلىكىدىن، ھاكىمىيەتنىڭ ئىشچىلار سىنىپى باشچىلىقىدىكى خەلقنىڭ قولىغا ئۆتكەنلىكىدىن دېرەك بەردى. ئوتتۇرا ياۋروپا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپا ئەللىرىدىكى ئىشچىلار سىنىپى خەلق ھاكىمىيىتىنى قۇرغاندىن كېيىن، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي دېموكراتىيە ۋەزىپىسىنى، ئاساسلىقى فېودالىزمغا قارشى يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىدى. ئۇلار فاشىستىك ھۆكۈمرانلىق ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋە سىياسىي جەھەتتە پەيدا قىلغان يارلىق ئاقىۋەتلەرنى تازىلاپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرىنىڭ تۈزۈل-كېسەل دېموكراتىيىلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش، يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىپ، فېوداللىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ قالدۇقلىرىنى تۈگىتىش لازىم ئىدى. بۇ باسقۇچتىكى ئەڭ مۇھىم ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەدبىر يەر ئىنقىلاۋى ئېلىپ بېرىش بولدى. يەر ئىنقىلاۋى جەريانىدا، پومېشچىكلارنىڭ يەرلىرى مۇسادىرە قىلىندى ھەمدە "يەر تېرىغۇچىنىڭ يېرى بولۇش" پىرىنسىپى بويىچە، بۇ يەرلەر دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىلدى، پومېشچىكلار سىنىپى يوقى-

تىلدى، ئەمگەكچى دېھقانلارنىڭ ماددى ئەھۋالى ياخشىلاندى. يەر ئىسلاھاتى دېھقانلارنىڭ يەرگە بولغان مۇلۇكچىلىكىنى ھەقىقىي ئورناتتى، ئىشچىلار سىنىپى بىلەن ئەمگەكچى دېھقانلارنىڭ ئىتتىپاقىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى. يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، فاشىزىم بىلەن قويۇق ئالاقىسى بولغان چوڭ مونوپول كاپىتالىلارمۇ مۇسادىرە قىلىندى. بۇ تەدبىرلەرنىڭ كاپىتالىزىمنى ئاجىزلاشتۇرغانلىقى ھەمدە ئۇنىڭ سوتسىيالىزىمغا قاراپ قەدەم تاشلىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغانلىقى سۆزسىز ئىدى. لېكىن شۇ چاغدىكى ئاشۇ كونكرېت شارائىتتا، ئۇ يەنىلا ئادەتتىكى دېموكراتىك تەدبىر دەپ قارالدى.

ئاساسىي دېموكراتىيە ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇنلانغانلىقى — فاشىست كۈچلەرنىڭ تارمار قىلىنغانلىقى، مىللى مۇستەقىللىق ۋە دېموكراتىيە ئەركىنلىكىنىڭ قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكى، فېئوداللىزىمنىڭ يوقىتىلغانلىقى — ئىنقىلابنىڭ بىرىنچى باسقۇچىنىڭ يەنى جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداللىزىمغا قارشى تۇرۇش باسقۇچىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئاياقلاشقانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئەلۋەتتە، يەنىلا تۇرغۇن دېموكراتىيە ۋەزىپىلىرى قېپقالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ۋەزىپىلەر يېڭى باسقۇچتا يەنى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب باسقۇچىدا ھەل بولۇپ كەتتى. ھازىر ئىشچىلار سىنىپى بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا ئۆتتى. سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ ئىستراتېگىيىلىك باسقۇچى باشلاندى.

بۇ مەزگىلدە بۇرژۇئازىيە يەنىلا بىر زور كۈچ. چۈنكى يېرىم پرولېتارلار ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازلار تەبىقىسىدە تېخى خېلى زور بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭىدۇ. ئۇ دۆلەتنىڭ سىياسى تۇرمۇشىدا يەنىلا ناھايىتى جانلىق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا سىياسى تەشكىلاتى، مەتبۇئاتلىرى بولىدۇ، پارلامېنتتا، ھۆكۈمەتتە

ۋە باشقا ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا ئۇزىنىڭ ۋەكىللىرى بولىدۇ.
بۇرژۇئازىيە كەڭ ئىقتىسادىي سەپتىمۇ ئىگەللىۋالغان، ئۇنىڭ ئۇرغۇن
بانكا ۋە زاۋۇتلىرى بولغان بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ كۈچى ۋە جانلىق-
لىقى ئۇزىنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى سىياسىي ئورنى ۋە ئىقتىسادىي
ئورنىغىلا باغلىق بولۇپ قالماستىن، بەلكى چەتئەل جاھانگىرلىكىنىڭ
قوللىشىغا ناھايىتى زور دەرىجىدە باغلىق بولىدۇ. ياۋروپادىكى
خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرىدىكى بۇرژۇئازىيە چەتئەلنىڭ قوتۇرى-
تىشى ئارقىسىدا، مەملىكەت ئىچىدە ھاكىمىيەتنى ئارتۇۋېلىش كويىدا
شەپقەتسىز كۈرەش ئېلىپ باردى. بۇرژۇئازىيە خەلق ھاكىمىيىتىنى
ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، بۇرژۇئا دىكتاتۇرىسىنى ئورنىتىش غەرىزىدە،
دېموكراتىك تەدبىرلەرنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا توسقۇنلۇق
قىلدى. خەلقنىڭ غەلبىسىنى مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش ئۈچۈن،
بۇرژۇئازىيىنى بىتچىت قىلىپ، ھاكىمىيەت مەسىلىسىنى تۈزۈل-
كىسىل ھەل قىلىش، ئىشچى-دېھقانلار دىكتاتۇرىسىدىن ئىشچىلار
سىنىپى دىكتاتۇرىسىغا ئۆتۈشنى كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك. ھاكىمىيەت
مەسىلىسى — سوتسىيالىستىك ئىنقىلابتىكى تۈپ مەسىلە. ھاكىمىيەت
مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن بۇرژۇئازىيىنىڭ
ئالدىمىغا چۈشكەن خەلق ئاممىسىنى بۇرژۇئازىيىنىڭ تەسىرىدىن
قۇتۇلدۇرۇش لازىم.

ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە جىددىي كۈرەشلەر جەريانىدا، كوممۇ-
نىستىك پارتىيە ۋە ئىشچىلار پارتىيىسى ئەمگەكچى خەلققە بۇرژۇئا-
زىيىنىڭ خەلققە قارشى، مىللەتكە قارشى سۈيىقەستىنى ئېچىپ
بەردى، بۇرژۇئازىيىنىڭ سىياسىي باشلىقلىرىنىڭ ئەكسىيەتچىل پىلا-
نىنى، بۇرژۇئا پارتىيىسىنىڭ چەتئەل جاھانگىرلىرىنىڭ كۈشكۈرتۈشى
بىلەن ئېلىپ بارغان بۇزغۇنچىلىق ھەركەتلىرىنى ئېچىپ بەردى،
شۇنىڭ بىلەن بۇرژۇئازىيىنىڭ خەلق ئارىسىدىكى تەسىرىنى بىتچىت

قىلدى. ئىشچىلار سىنىپى بۇرژۇئازىيىنى ئىجتىمائىي تۈزۈكتىن مەھرۇم قىلدى ۋە سىياسىي جەھەتتە ئۇنى فۇلاتتى؛ چەتئەل جاھانگىرلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بۇرژۇئا پارتىيىلىرىنى تارقىتىۋەتتى، بۇرژۇئازىيىنىڭ مەتبۇئاتلىرىنى پېچەتلىۋەتتى، بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋەكىللىرىنى ھۆكۈمەت ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىن قوغلاپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سانائەت، بانكا، ترانسپورت، پوچتا-تېلېگراف خام ئەشيا ۋە ئېنېرگىيىدىن ئىبارەت بايلىقلارنى دۆلەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزدى. ئىنقىلاۋىي كۈرەش جەريانىدا كونا، بۇرژۇئا دۆلەت ماشىنىسى ئۈزۈل-كېسىل پاچاقلاپ تاشلاندى. ئىشچىلار سىنىپى دىكتاتۇرىسىنىڭ رولىنى ئۆتىيەلەيدىغان يېڭى، خەلقنىڭ دۆلەت ماشىنىسى قۇرۇلدى. ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بولۇنۇش ھادىسىلىرىنىڭ تۈگىتىلگەنلىكى ھەم بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىشچىلار ھەركىتىدىكى گۇماشتىلىرىنىڭ، يەنى سوتسىيالىستلار پارتىيىسىنىڭ ئوڭ قانىتىنىڭ تازىلىنىشى ئارقىسىدا، ماركسىزىم-لېنىنىزمنى ئاساس قىلغان، بىرلىككە كەلگەن ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ شەكىللەنگەنلىكى — ھەرقايسى خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرىنىڭ پۈتۈن ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالدى. ياۋروپادىكى خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرىدە، يۇقۇرىدا ئېيتىلغان ھەر خىل ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەدبىرلەر ۋە سىياسىي تەدبىرلەرنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىي ئۆزگىرىش بولدى، ئۇ پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ ئورنىتىلغانلىقىنى نامايەن قىلدى. خەلق دېموكراتىيىسى تۈزۈمى مانا مۇشۇ دۆلەتلەردىكى ئىشچىلار سىنىپى دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت شەكلىدىن ئىبارەت.

خەلق دېموكراتىيىسى تۈزۈمى شەرقتىكى بەزى دۆلەتلەردە، مەسىلەن، جۇڭگو، چاۋشيەن، ۋيېتنامدىمۇ غەلىبىگە ئېرىشتى. بۇ دۆلەتلەردە، خەلق دېموكراتىيىسى تۈزۈمى گېرمانىيە، ياپونىيە

جاھانگىرلىرى بولۇپمۇ ياپونىيە جاھانگىرلىرى تارمار قىلىنغانلىقى، كاپىتالىزىم سىستېمىسى ئاجىزلاشتۇرۇلغانلىقى، خەلق ئاممىسى قەھرىمانلىق بىلەن ئازاتلىق كۈرىشى ئېلىپ بارغانلىقى ئارقىسىدا ئورنىتىلدى. خەلق دېموكراتىيىسى تۈزۈمىنىڭ جۇڭگو، چاۋشيەن، ۋيېتنامدىكى غەلىبىسى پۈتكۈل جاھانگىرلىك سىستېمىسىغا يېڭى، كۈچلۈك زەربە بولدى. ئاسىيادىكى خەلق دېموكراتىيىسى دولەتلىرىدە يۈز بەرگەن ئىنقىلاۋىي ۋەقەلەر ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە، چۈنكى بۇ دولەتلەر ئىلگىرى مۇستەملىكە دولەتلەر ئىدى، ئىلگىرى بۇ دولەتلەردە چەتئەل جاھانگىرلىرى، دەللال بۇرژۇئازىيە ۋە فېئوداللار زورلۇق قىلىشىپ يۈرىشەتتى.

خەلق دېموكراتىيىسىنىڭ تەرەققىيات يولى جۇڭگو، چاۋشيەن، ۋيېتنامغا كەڭ ئىستىقبال ئېچىپ بەردى. جۇڭگو خەلقى پەۋقۇلئاددە زور غەلىبىگە ئېرىشتى. جۇڭگو خەلقى كۆپ يىللاردىن بۇيان دېموكراتىيە-ئەركىنلىكنى، مىللىي مۇستەقىللىقنى ۋە خەلق دېموكراتىيىسىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئۈزلۈكسىز تۈردە قەھرىمانلىق بىلەن كۈرەش ئېلىپ باردى. جۇڭگو ئىنقىلاۋى ئىككى تەرەققىيات باسقۇچىغا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى باسقۇچى، ئۆزىنىڭ مەزمۇنىدىن ئېيتقاندا، جاھانگىرلىككە، فېئودالىزىمغا قارشى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپ. بۇ ئىنقىلابنىڭ ۋەزىپىسى ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئاممىسى جاھانگىرلىك، فېئودالىزىم ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزىمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئودالىلىق دولەتنى يېڭى دېموكراتىك دولەتكە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ ۋەزىپە غەلىبىلىك ئورۇنلىنىپ بولدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ۋە ئاساسلىق دېموكراتىك ئىسلاھاتنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقى جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئاياقلاشقانلىقىدىن ۋە

ئىككىنچى باسقۇچنىڭ يەنى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب باسقۇچىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. بۇ باسقۇچتىكى ۋەزىپە جۇڭگودا سوتسىيالىزم جەمئىيىتى قۇرۇش.

جۇڭگودا 5 خىل ئىگىلىك تەركىبى بار. بۇلار دۆلەت ئىگىلىكى، كوپېراتىپ ئىگىلىكى، ئۇششاق ناۋار ئىشلەپچىقىرىشى، دۆلەت كاپىتالىزمى، خۇسۇسىي كاپىتالىزم ئىگىلىكىدىن ئىبارەت. ھازىر جۇڭگو خەلقى سوتسىيالىستىك سانائەتلەشتۈرۈش ۋە يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش ئىشىنى ئېلىپ بارماقتا، سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا.

ماركسىزم-لېنىنىزم بىزگە: كاپىتالىزمدىن سوتسىيالىزمغا ئۆتۈشتە سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنى باشتىن كەچۈرۈش كېرەك. بۇ ئىنقىلاب جەريانىدا، ئىشچىلار سىنىپى ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغان ۋە ئۇزۇننىڭ دىكتاتۇرىسىنى ئورناتقاندىن كېيىن، كاپىتالىزم تۈزۈمىنى يوقىتىپ، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنى قۇرۇشقا كىرىشىدۇ، دەپ تەلىم بېرىدۇ. لېنىن كۆپ قېتىم، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت شەكلى خىلمۇ-خىل بولىدۇ، دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتكەن ئىدى. ئۇ مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: "كاپىتالىزمدىن كوممۇنىزمغا ئۆتۈشتە، ئەلۋەتتە، ئىنتايىن مول ۋە مۇرەككەپ سىياسىي شەكىللەر پەيدا بولماي قالمايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ماھىيىتى جەزمەن بىر، ئۇ بولسىمۇ **پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى**." («دۆلەت ۋە ئىنقىلاب»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 57-بەت)

خەلق دېموكراتىيىسى — خەلقنىڭ ھاكىمىيىتى، شۇنداقلا ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى بارلىق ئەمگەكچىلەرنىڭ ھاكىمىيىتى. خەلق دېموكراتىيىسى تۈزۈمىنىڭ سىنىپىي ئاساسى ئىشچىلار سىنىپى ۋە دېھقانلار، ئىشچى، دېھقانلارنىڭ مۇستەھكەم ئىتتىپاقى سوتسىيالىزمغا غەلىبىلىك ئىلگىرىلەشنىڭ ھەل قىلغۇچ شەرتلىرىنىڭ بىرى. بۇ

ئىتتىپاقتا ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. خەلق دېموكراتىيىسى تۈزۈمىنىڭ سىياسىي ئاساسى خەلق ئومۇمى يۈزلۈك، باراۋەر، بىۋاستە سايلام ھوقۇقىغا ئاساسەن، يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق سايلانغان ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدىن ئىبارەت، پۈتۈن دۆلەت ھاكىمىيىتى يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە مۇشۇ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا مەنسۇپ بولىدۇ. خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرىدە بىرنەچچە پارتىيە بار. لېكىن رەھبەرلىك قىلغۇچى ۋە يېتەكچىلىك قىلغۇچى كۈچ مۇشۇ دۆلەتلەردىكى كوممۇنىستىك پارتىيە. كوممۇنىستىك پارتىيە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىكىنى باشقا پارتىيەلەر بىلەن بۆلۈشۈپ ئۈستىگە ئالمايدۇ ۋە ئۇنداق قىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇرغۇن خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرىنىڭ ھۆكۈمەتلىرى گەرچە بىرلەشمە خاراكتېردىكى ھۆكۈمەتلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى رەھبەرلىك رولىنى ئوتەش پۈتۈنلەي ئىشچىلار سىنىپىغا مەنسۇپ.

پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ ئورنىتىلغانلىقى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنىڭ تۈرلۈك سىياسىي ۋەزىپىلىرىنىڭ ئورۇنلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ياۋروپادىكى خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرى كاپىتالىزمدىن سوتسىيالىزمغا ئۆتۈش دەۋرىگە كىردى. ھازىر ياۋروپادىكى خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرىدە سوتسىيالىستىك مۈلۈكچىلىك ۋە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل مۈلۈكچىلىك بار. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ھەر بىر خىل مۈلۈكچىلىكنىڭ ئىككى خىل شەكلى بار: سوتسىيالىستىك مۈلۈكچىلىك ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى ۋە كوپېراتىپ مۈلۈكچىلىكى دەپ ئايرىلىدۇ؛ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىي جەھەتتىن يەككە ئەمگەكنى ئاساس قىلغان ئۇششاق تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ مۈلۈكچىلىكىدىن تەركىب تاپقان، بىر قىسمى كىشىنى ئېكس-

پىلاتاتسىيە قىلىش ئاساسىغا قۇرۇلغان كاپىتالىستىك مۇلۇكچىلىكتىن
تەركىپ تاپقان. ياۋروپادىكى خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرىدە
سوتسىيالىستىك ئىگىلىك تەركىبى، ئۇششاق تاۋار ئىگىلىكى
تەركىبى، كاپىتالىستىك ئىگىلىك تەركىبىدىن ئىبارەت 3 خىل
ئىگىلىك تەركىبى بار. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا 3 سىنىپ، يەنى
ئىشچىلار سىنىپى، دېھقانلار ۋە بۇرژۇئازىيە مەۋجۇت؛ ئۇنىڭدىن
باشقا يەنە بىر ئىجتىمائىي تەبىقە يەنى زىيالىيلارمۇ مەۋجۇت. ياۋروپا-
دىكى خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرىنىڭ كاپىتالىزمدىن سوتسىيا-
لىزمغا ئۆتۈش قانۇنىيىتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك
قۇرۇلۇش دەۋرىدىكى تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى ئاساسەن ئوخشىشىپ
كېتىدۇ. خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرى پۈتۈن دۇنيادىكى ئازاتلىق
ھەرىكىتىنىڭ بىرىنچى "زەربىدار ئەترىتى" بولغان سوۋېت ئىتتىپاقى
كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەجرىبىلىرىدە سىنالغان ماركسىزم-
لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى قىبلىنامە قىلىپ، سوتسىيالىزمغا قاراپ
مائىماقتا ھەمدە ئۇنىڭغا يېتىپ بارىدۇ.

خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرى سىنىپىي مەنپەئەتنى "ماسلاش-
تۇرۇش" ۋە "مۇرەسسەلەشتۈرۈش" ئارقىلىق، كاپىتالىزمدىن سوتسى-
يالىزمغا "تىنچ ئۆسۈپ كىرىش" يولى بىلەن راۋاجلىنىدۇ دەيدىغان
نەزەرىيەلەرنىڭ ھەممىسى ماركسىزمغا قارشى، سوتسىيالىستىك
قۇرۇلۇش ئىشلىرى بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان نەزەرىيىلەر. بۇ
دۆلەتلەرنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىدىكى تۈپ مەسىلىلەردە بەزى
ئوخشاش قانۇنىيەتلەر رول ئوينايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ مەلۇم بىر دۆلەت-
نىڭ سوتسىيالىزم مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ئالاھىدە شەكىل ۋە
ئۇسۇلنى قوللىنىشنى ھەرگىز چەتكە قاقمايدۇ.

خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرىدە، بارلىق شەكىلدىكى (سىيا-
سىي، ئىقتىسادىي، ئىدىيىۋى) شەپقەتسىز سىنىپىي كۈرەش داۋام

قىلماقتا. جاھانگىرلار ۋە ئۇلارنىڭ مالىيى ۋاتىكان كۈشكۈرتكەن ۋە قوللىغان ئەكسىيەتچىلەر خەلق ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا كۆپ قېتىم ئۇرۇنۇپ كۆردى. ئىچكى-تاشقى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ بارلىق سۇيىقەستى تارمار قىلىندى، دۈشمەننىڭ جاسۇسلۇق ئەشكىلاتلىرى قولغا چۈشۈرۈلدى. خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرىدىكى ئەمگەكچى خەلق بۇرژۇئا ئۇنسۇرلارنىڭ ئىشنى ئاقسىتىش ۋە يوشۇرۇن زىيانكەشلىك قىلىش ھەرىكەتلىرىگە، باي دېھقانلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى غەلىبىلىك كۈرەش ئېلىپ بارماقتا. خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرى سوتسىيالىزم روھى، ماركسىزم-لېنىنىزم ئىدىيىسى ئارقىلىق ئەمگەكچى خەلقنى تەربىيىلەش بويىچە غايەت زور خىزمەتلەرنى ئېلىپ بارماقتا. خەلق دېموكراتىيىسى تۈزۈمى ئىشچىلار سىنىپى بىلەن شەھەر ۋە يېزىلاردىكى ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەملەش، ئۇلارنى سوتسىيالىزم قۇرۇش كۈرەشكە قاتناشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك ئىجرا قىلماقتا. خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرىدىكى ئىشچىلار سىنىپى پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت بۇ ئالىي پرىنسىپىنى ئۈزۈل-كېسىل ئەمەلگە ئاشۇرماقتا.

ھازىر خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرى ئىشچىلار سىنىپى دىكتاتۇرىسىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئۇيۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئاساسىي ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك تۈردە ئورۇنلىماقتا. خەلق دېموكراتىيىسى تۈزۈمى تونۇپ يەتكەن ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەرگە ئاساسەن، تامامەن **ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ خاراكتېرىغا چوقۇم ئۇيغۇنلىشىش قانۇنىيىتى***نىڭ تەلىۋى بويىچە، كونا ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى يەنى كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى بىتچىت قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي

تۈزۈلمىنىڭ ئورنىتىلىشىنى كاپالەتلەندۈرمەكتە. كاپىتالىزم پەيدا قىلغان ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىقى بىلەن خۇسۇسىي ئۈزلەشتۈرۈش شەكلى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى تۈگىتىش ئۈچۈن، خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئومۇمنىڭ ئىختىيارىغا ئېلىشنى يولغا قويماقتا. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئومۇمنىڭ ئىختىيارىغا ئېلىشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، **سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتى*** ۋە **خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق (نىسبەت بويىچە) تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتى*** بارلىققا كەلدى ھەم بۇلارنىڭ تەسىر كۆرسىتىش دائىرىسى كېڭەيمەكتە. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، خەلق ئىگىلىكىنى پىلانلاشتۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدى. ياۋروپادىكى خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرى ئازغىنا بىر قىسىم ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئومۇمنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋالغان چاغلاردىلا، بىرىنچى تۈركۈم پىلانىنى تۈزگەن ئىدى. بۇ پىلانلار قىسقا مۇددەتلىك بولۇپ، ۋاقتى بىر يىل، ئىككى يىل ياكى ئۈچ يىل ئىدى، بىر بىرىگە ئوخشىمايتتى، ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشىنى كاپالەتلەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. ياۋروپادىكى خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرى 1947 — 1948 - يىللىرى بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاپ بولدى. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئومۇمنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنغانلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ بايلىقى ئاشقانلىقى ئارقىسىدا، سوتسىيالىستىك ئىگىلىك زور دەرىجىدە راۋاجلاندى، بۇنىڭ بىلەن خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق راۋاجلىنىشىدىن ئىبارەت بۇ قانۇنىيەتنىڭ پائالىيەت دائىرىسى كېڭەيدى، شۇنداق قىلىپ پىلانلاشتۇرۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكى زورايدى. ياۋروپادىكى خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرى 5 يىللىق ياكى 6 يىللىق ئۇزاق مۇددەتلىك پىلانلارنى تۈزدى. بۇ پىلانلارنىڭ ئاسا-

لىق ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ۋەزىيىتى سوتسىيالىستىك ئېگىلىكىنىڭ ئاساسىنى قۇرۇش ئىدى. خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرىدىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەمگەك قىزغىنلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ توغرا سىياسىتى ئارقىسىدا، بۇ پىلانلار غەلىبىلىك ئورۇنلانماقتا. سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرىگە ئالاھىدە ئېتىۋار بىلەن ئىنتايىن كۆپ خىل ياردەملەرنى بەردى. سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرىگە قەرز پۇل بېرىشتە، ئۇلارنى بىرىنچى دەرىجىلىك تېخنىكا ئۈسكۈنىلەر بىلەن، خام ئەشيا بىلەن ئەرزان باھادا تەمىنلىدى، ئۇلارنىڭ تاۋارلىرىنى سېتىۋالدى، ئۇلارغا پەن-تېخنىكا جەھەتتىن غايەت زور ياردەم بەردى. ھازىر مەيدانغا كەلگەن دۇنياۋى سوتسىيالىستىك بازار خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ئامىل بولماقتا. ئۇ خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرىنى قوغدىماقتا، ئۇلارنى كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي بېسىمىدىن خالى قىلماقتا.

ھازىر ياۋروپادىكى خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرى ئاساسىي دىققەت-ئېتىۋارىنى سوتسىيالىستىك ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىنى قۇرۇشقا مەركەزلەشتۈرمەكتە. مۇشۇ مەقسەتتە، ياۋروپادىكى خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرى شۇنىڭدەك جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى سوتسىيالىستىك سانائەتلەشتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتىدۇ. بۇ دۆلەتلەردىكى ئەمگەكچى خەلق سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش داۋامىدا شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى: كونا زاۋۇتلارنى ئۆزگەرتىپ قۇردى، كۆپلىگەن مېتاللىچىلىق، ئېنېرگىيە، ماشىنىسازلىق، خىمىيە ۋە باشقا سانائەت تارماقلىرى بويىچە يېڭى كارخانىلارنى قۇردى. خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يوشۇرۇن كۈچى ئۈزلۈكسىز ئاشماقتا. خەلق

دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرىدىكى كوممۇنىستىك پارتىيىلەر لېنىننىڭ يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ يولى توغرىسىدىكى تەلىماتىنى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تەجرىبە-لىرىنى قىبلىنامە قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشكە ئۆتۈشنىڭ شەرتلىرىنى تەدرىجىي ياراتماقتا. مۇشۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرى بارلىققا كەلدى ھەمدە بۇ كوپېراتىپلار رولىنى ناھايىتى ياخشى جارى قىلدۇرماقتا. ئۇلارنىڭ سانىمۇ يىلدىن-يىلغا كۆپەيمەكتە. م ت س لارمۇ قۇرۇلماقتا. كوپېراتسىيىلىشىش ھەرىكىتى كەڭ كۆلەمگە ئىگە بولۇپ قالدى.

خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرى ئۆزئارا ياردەم بېرىشمەكتە. سوتسىيالىزم لاگېرىدىكى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىقنى ۋە ئىقتىسادىي كۈچنى ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي ھەمكارلىق كومىتېتى تەسىس قىلىندى، بۇ ھال ھەرقايسى ئەللەر ئوتتۇرىسىدا بىر خىل يېپ-يېڭى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنىڭ يەنى سوتسىيالىستىك مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىتىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇش سەۋىيە-سىنى ئۇستۇرۇش جەھەتتە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى؛ ئىشچىلار ۋە ئەمگەكچى زىيالىيلارنىڭ ئەمەلىي ئىش ھەققى ئۇستۇرۇل-دى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا، دەم ئېلىش تۈزۈمى قاتارلىقلار يولغا قويۇلدى، دېھقانلارنىڭ ماددىي پاراۋانلىقى ئىلگىرى سۈرۈلدى؛ كەڭ كۆلەملىك ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر تېزلىكتە كۆپەيتىلدى، ئالىي مەكتەپ-لەرنىڭ دەرۋازىسى ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە ئەمگەكچى زىيالىيلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە ئېچىپ بېرىلدى. خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرى لېنىن ۋە ستالىننىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى تەلىماتىنى قىبلىنامە

قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەجرىبىلىرىدىن كەڭ تۈردە پايدىلىنىپ، دېموكراتىيە پرىنسىپىغا ئاساسەن، مىللى مەسىلىنى ھەل قىلدى ۋە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى كۈنسايىن مۇستەھكەملىمەكتە.

خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرى تېچلىقپەرۋەر تاشقى سىياسەتنى ئىجرا قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىكتە تېچلىقنى پائال قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇرۇش ئىغۋاگەرچىلىرىگە قارشى تۇرماقتا.

خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرىدىكى ئەمگەكچى خەلق كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ۋە ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان دوستلۇقىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە مۇستەھكەملىمەكتە ھەم راۋاجلاندۇرماقتا. جاھانگىرلىكنىڭ قانداق سۇيىقەستلىك ھەركەتلەرنى ئېلىپ بېرىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇلار غەلىبىلىك تۈردە سوتسىيالىزم قۇرماقتا ۋە سوتسىيالىزمنى چەزمەن قۇرۇپ چىقىدۇ.

ئوتتۇرا ياۋروپا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەر، جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتى، چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى، ۋيېتنام دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرى خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ يېڭى شەكلى بولغان خەلق دېموكراتىيىسى تۈزۈمىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى كۆرسەتتى. خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرى — خەلقئارا ئازاتلىق ھەركىتىنىڭ يېڭى "زەربىدار ئەترىتى". ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى دېموكراتىيە ۋە سوتسىيالىزمنىڭ ئورتاق سېپىنى مۇستەھكەملىمەكتە.

## «"خەلق دوستلىرى" دېگەن نېمە ۋە ئۇلار سوتسىيال دېموكراتىزمچىلارغا قانداق ھۇجۇم قىلىدۇ؟»

«什么是 ‘人民之友’ 以及他们如何攻击社会民主主义者？»

«Что такое "Друзья народа" и как они воюют против социал-демократов?»

لېنىننىڭ ئەسىرى بولۇپ، 1894-

يىلى يېزىلغان، ئۇ يىلى 3 قىسىمغا بۆلۈپ نەشر قىلىنغان (رېزىنكا مەتبەدىكىسى بويىچە بېسىلغان). ئىككىنچى قىسمى يوقىلىپ كەتكەن. لېنىن بۇ ئەسىرىدە، ئۆزىنى "خەلق دوستلىرى" دېيىشىۋالغان، لېكىن ئەمەلىيەتتە خەلقنىڭ دۈشمەنلىرى بولغان نارودنىكلارنىڭ ھەقىقى ئەپتى-بەشىرىسىنى ئۈزۈل-كېسىل ئېچىپ تاشلىدى. **نارودنىكلىق*** روسىيىنىڭ سوتسىيال دېموكراتىزىم ھەركىتى ۋە ماركسىزىمنىڭ تارقىلىش يولىدىكى ئاساسىي ئىدىيىۋى توسالغۇ ئىدى. شۇڭا، ماركسىزىمنى روسىيىدە غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، نارودنىكلىقنى ئۈزۈل-كېسىل تارمار قىلىش، نارودنىكلىق ئىدىيىسىنىڭ ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ئۈزۈل-كېسىل پاش قىلىش كېرەك ئىدى. 19-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرىدىكى نارودنىكلار باي دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۇلار چارپادىشا ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرۇش يولىدىكى ھەرقانداق ئىنقىلاۋىي كۈرەشتىن يۈرۈنىلا ۋاز كېچىپ، روسىيىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان تۈزۈم بىلەن مۇرەسسەلىشىشتىن ئىبارەت لىبېرالىستىك مۇرەسسەچىلىك يولىغا ماڭدى. 90-يىللاردىكى نارودنىكلار پەلسەپە نەزىرىيىسى جەھەتتە **چېرنىشېۋىسكى*** دېن بىر قەدەم ئارقىغا چېكىندى، لېنىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: چېرنىشېۋىسكى ھەر خىل-ھەر رەڭدىكى ئىدىيالىزىمغا قارشى كۈرەش قىلدى، ئۇ سۇبيېكتىپچىلارنى، كانتىزىمچىلارنى ۋە دەللىچىلەرنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمىدى، نارودنىكلار بولسا بۇ دەللىچىلەرنىڭ ئارقىسىدىن چاپتى. نارودنىكلار جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ بېرىشى ئۈستىدە ئەكسىيەتچىل بولغان سۇبيېكتىپ ئىدىيالىزىم نۇقتىنەزىرىنى تەرغىپ قىلىپ، تارىخ قانۇنىيىتىنىڭ ئوبيېكتىپلىقىنى ئىنكار قىلدى. نارودنىكلار، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچى ئايرىم ئاتاقلىق كىشىلەر، "قەھرىمانلار"، "تەنقىدىي تەپەككۇر قىلىدىغان كىشىلەر" دەپ قارىدى، ئاممىنى،

خەلقنى يەنى ئۆزلىرى "قارا تۇرۇكلەر" دەپ ئاتىغانلارنى بولسا بۇ قەھرىمانلارغا قارىغۇلارچە بوي سۇنغۇچىلاردىنلا ئىبارەت، دەپ قارىدى. نارودنىكلار ئۆزلىرىنىڭ گېزىت-ژۇرناللىرىدا ماركسىزمغا جىننىڭ بېرىچە قارشى تۇردى. نارودنىكلىققا قارشى تۇرۇش كۈرەشىنى پلېخانوۋ ۋە "ئەمگەكنى ئازات قىلىش جەمئىيىتى" باشلىغان. لېكىن بۇ كۈرەشنى ئاخىرىغا يەتكۈزەلمىگەن ئىدى. پەقەت لېنىنلا نارودنىكلىقنى ئىدىيە جەھەتتە ئۈزۈل-كېسىل تارمار قىلدى. لېنىن ئىسپاتلىدىكى، 90-يىللاردىكى نارودنىكلار ئىنقىلابچى ئەمەس، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئالدىغا چارىزمنى ئىنقىلاب ۋاستىسى بىلەن ئاغدۇرۇپ تاشلاش ۋەزىپىسىنى قويمىدى، بەلكى پەقەت "**مەۋجۇت جەمئىيەت ئاساسىنى ساقلاپ قېلىش شەرتى ئاستىدا**، دېھقانلارنىڭ ئەھۋالىنى تۈزەشتۇرۇش ۋە 'ياخشىلاش'" قىلا ئىنتىلدى («لېنىن ئەسەرلىرى»، 1955-يىل خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 1-توم، 242-بەت). لېنىن نارودنىكلىقنىڭ سىنىپىي مەزمۇنىنى چۈشەندۈرۈپ كېلىپ مۇنداق دەپ كورسەتتى: نارودنىكلارنىڭ سوتسىيالىزم توغرىسىدىكى ئەسەرلىرىدە، قىلچىلىكمۇ سوتسىيالىزم پۇرىقى يوق، ئۇلارنىڭ بارلىق نەزىرىيىلىرى "ئەمگەكچىلەرنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئەسلا چۈشەندۈرمىگەن، شۇڭا ئۇ ئەمگەكچىلەرنىڭ ئازاتلىق ئىشلىرىغا ھەرگىز ياردەم بېرەلمەيدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ نەزىرىيىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ۋە ھىمايە قىلىدۇ......" (يۇقۇرقى كىتاب، 265-بەت). لېنىن نارودنىكلارنىڭ سوتسىيالىزمنى ئۇششاق بۇرژۇئازىيە سوتسىيالىزمى دەپ باھالىدى.

لېنىن بۇ ئەسىردە ماركسىزمنى قوغداپ ۋە نارودنىكلارنىڭ ماركسىزم تەلىماتىنى بۇرمىلىماقچى بولغان رەزىل ئۇرۇنۇشلىرىنى تارمار قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ماركسىزمنى راۋاجلاندۇردى،

دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزىم نەزەرىيىسىنى بېيىتتى. لېنىننىڭ پۈتۈن ئەسىرىدە، بولۇپمۇ ئەسەرىنىڭ بىرىنچى قىسمىدا ماركسىزىم پەلسەپىسى، خۇسۇسەن ماتېرىيالىستىك تارىخقاراش ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە ئېنىق بايان قىلىپ بېرىلدى.

لېنىن ماركسىزىمنى روسىيىنىڭ رېيال كونكرېت شارائىتىغا تەدبىقلاپ، روسىيە ماركسىزىمچىلىرىنىڭ جىددىي ۋەزىپىسىنى شەرھىلەپ بەردى. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ ماركسىزىملىق پروگراممىسى خاراكتېرلىق ھۆججىتى ئىدى. لېنىن ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەڭ جىددىي ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ كېلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: پرولېتارىيات "روسىيىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى بارلىق ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ بىردىن-بىر ۋە تەبىئىي ۋەكىلى" («ماركس، ئېنگېلس ۋە ماركسىزىم توغرىسىدا»، 1977-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 143-بەت). پرولېتارىيات ئۇلارغا رەھبەرلىك قىلىپ يانچىلىق تۈزۈمگە ۋە چارپادىشانىڭ مۇستەبىتلىك تۈزۈمگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىشى لازىم، ئەمما ئىشچىلار سىنىپى شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ كۈرەشكە مۇھتاجكى، بۇ كۈرەش بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىشقا قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىدىغان ۋاستە، ئۇ ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئاساسلىق دۈشمىنى بولغان كاپىتال ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۈچۈن يول تازىلايدۇ. لېنىن بۇ ئەسىرىدە، ئىشچى، دېھقانلار ئىنقىلاۋىي ئىتتىپاقىنىڭ چارىزمنى ۋە پومىشچىك، بۇرژۇئازىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىكى ئاساسىي ۋاستە ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئىدىيىنى بىرىنچى قېتىم ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ روسىيە ماركسىزىمچىلىرىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى تارقاق ماركسىزىملىق گۇرۇپپىلارنىڭ ئورنىغا، بىرلىككە كەلگەن ئىنقىلاۋىي سوتسىيال-دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسىنى ئۇيۇشتۇرۇشتىن ئىبارەت دەپ ھېسابلىدى. لېنىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: ئىشچىلار سىنىپىنىڭ

ئىلغار ۋەكىللىرى "ئىلمىي سوتسىيالىزم ئىدىيىسىنى، روسىيە ئىشچىلىرىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسى توغرىسىدىكى ئىدىيىنى چۈشەنگەن ۋاقىتتا، بۇ ئىدىيىلەر كەڭ تارقالغان ۋە ئىشچىلار ئارىسىدا ئۇلارنىڭ ھازىرقى تارقاق ئىقتىسادىي جەڭلىرىنى ئاڭلىق سىنىپىي كۈرەشكە ئايلاندۇرىدىغان مۇستەھكەم تەشكىلاتلارنى پەيدا قىلغان ۋاقىتتا، ئاندىن روسىيە ئىشچىلىرى بارلىق دېموكراتىيىچىلەرگە باشچىلىق قىلىپ، مۇستەبىتلىك تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلىيالايدۇ ھەمدە روسىيە پرولېتارىياتىنى (دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر پرولېتارىياتى بىلەن بىر قاتاردا تۇرۇپ) ئاشكارا سىياسىي كۈرەشنىڭ داغدام يولى بىلەن غالىبانە كوممۇنىستىك ئىنقىلابقا ئېلىپ بارىدۇ" («ماركس، ئېنگېلس ۋە ماركسىزم توغرىسىدا»، 1977-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 146-بەت).

**خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق (نىسبەت بويىچە) راۋاجلىنىش قانۇنىيىتى 国民经济有计划（按比例）发展的规律**
**Закон планомерного (пропорционального) развития народного хозяйства**

سوتسىيالىزمنىڭ ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتى. "خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق راۋاجلىنىش قانۇنىيىتى كاپىتالىزم شارائىتىدىكى رىقابەت ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھۆكۈمەتسىزلىكى قانۇنىيىتىگە قارىمۇ-قارشى نەرسە سۈپىتىدە پەيدا بولغان. بۇ قانۇنىيەت رىقابەت ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھۆكۈمەتسىزلىكى قانۇنىيىتى ئۆز كۈچىنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ ئومۇمنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈلۈشى ئاساسىدا پەيدا بولغان." (ستالىن، «سوۋېت ئىتتىپاقىدا سوتسىيالىزمنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىلىرى»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 10-بەت)

ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان ئومۇم مۈلۈكچىلىك خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق راۋاجلىنىش قانۇنىيىتىنىڭ رول ئويناشىنىڭ

ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىكىنى بەلگىلىدى، بىزمۇ مۇشۇ قانۇنىيەتكە ئاساسلانغاندىلا سوتسىيالىستىك ئىگىلىككە رەھبەرلىك قىلالايمىز.

خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق راۋاجلىنىش قانۇنىيىتى خەلق ئىگىلىكىنى پىلانلىق راۋاجلاندۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇشقا تېگىشلىك ۋەزىپىگە ئىگە بولغان چاغدىلا تېگىشلىك ئۈنۈمنى كۆرسىتەلەيدۇ. خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق راۋاجلىنىش قانۇنىيىتىنىڭ ئۆزى بۇ ۋەزىپىنى بېرەلمەيدۇ. بۇ ۋەزىپە **سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتى*** ئىچىدە بولىدۇ. شۇڭلاشقا، خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق راۋاجلىنىش قانۇنىيىتى سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتىنى ئۆزىنىڭ ئاساسى قىلغاندىلا، ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.

خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق راۋاجلىنىش قانۇنىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەلىۋى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى ئوتتۇرىسىدا تەرەققىيات داۋامىدىكى نىسبەت (ياكى ئۆزئارا ئۇيغۇنلىشىش)نى، ئۆزئارا ماسلىشىش ۋە تەڭپۇڭلۇقنى دائىم ساقلاپ تۇرۇشتىن ئىبارەت. كاپىتالىستىك ئىگىلىكتە، نىسبەتلىك بولۇش نىسبەتنىڭ بۇزۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ ھەمدە ئۇ دائىم بۇزۇلۇپ تۇرىدۇ؛ بۇنىڭ ئەكسىچە، سوتسىيالىزم شارائىتىدا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى (ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمال ۋاستىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تۈرلۈك تارماقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى، جۇغلانما بىلەن ئىستېمال ئوتتۇرىسىدىكى، ۋاھاكازالار) نىسبەتنى كىشىلەر مەقسەتلىك ھالدا، خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق راۋاجلىنىش ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە ئاساسەن بەلگىلەيدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئاساس قىلىنغان كاپىتالىزم شارائىتىدا، ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي

تارماقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەمگەك ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ تەقسىم قىلىنىشى ئىنتىخىپلىك ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ يەردە، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەڭشىگۈچىسى — قىممەت قانۇنىيىتى. بۇ قانۇنيەت قارىغۇلارچە، ئىنتىخىپلىك كۈچ سۈپىتىدە رول ئوينايدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك، خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق راۋاجلىنىشى قانۇنىيىتى ۋە بۇ قانۇنىيەتنى ئاساس قىلغان سوۋېت دۆلىتىنىڭ بارلىق ئىقتىسادىي سىياسەتلىرى قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ سوتسىيالىزم شارائىتىدا رول ئويناش دائىرىسىنى چەكلىدى. مۇشۇ شەرتلەر ئاستىدا، قىممەت قانۇنىيىتى ئەمدى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەڭشىگۈچىسى بولۇشتىن قالدى. سوتسىيالىزم شارائىتىدا، خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق راۋاجلىنىش قانۇنىيىتى خەلق ئىگىلىكىدىكى ئەمگەك ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى تەقسىماتىنىڭ تەڭشىگۈچىسى ھېسابلىنىدۇ. سوتسىيالىزم شارائىتىدا، خەلق ئىگىلىكىنىڭ نىسبىتى سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتى ۋە خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق راۋاجلىنىش قانۇنىيىتىنىڭ تەلىۋى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، شۇ سەۋەپتىن، بۇ تەلەپلەرنى تولۇق مولچەرلەش ھەمدە ئۇلارنى خەلق ئىگىلىكى پىلانىدا ئەكس ئەتتۈرۈش لازىم. ئەگەر بۇ تەلەپلەرگە خىلاپلىق قىلىنىدىغان بولسا، خەلق ئىگىلىكىدە نىسبەتنىڭ بۇزۇلۇشى كېلىپ چىقىدۇ. بۇنداق بۇزۇلۇش ئەھۋالى ئاخىرى خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق راۋاجلىنىش ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنىڭ رول ئوينىشى نەتىجىسىدە ئېچىپ تاشلانماي قالمايدۇ. يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان نىسبەتنىڭ بۇزۇلۇش ئەھۋالىنى يوقىتىش ئۈچۈن، خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق راۋاجلىنىش قانۇنىيىتى ماددى زاپاس كۈچ ۋە ئەمگەك زاپاس كۈچىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق راۋاجلىنىش ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن بەلگىلەنگەن نىسبەت ئۆزگەرتكىلى

بولمايدىغان نەرسە ئەمەس. بۇ نىسبەت سوتسىيالىستىك كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسى تەرىپىدىن، يەنى سانائەت، قاتناش، يېزا ئىگىلىكى قاتارلىقلارنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇش ۋەزىپىسى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بولىدۇ. كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى چوڭ ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش تۈرى ئوتتۇرىسىدا توغرا نىسبەتنى بەلگىلەش ئەڭ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى بولغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى ھەممىدىن ئاۋال راۋاجلاندۇرغاندىلا، كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. پۈتۈن ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىشنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى ھەممىدىن ئاۋال راۋاجلاندۇرۇش سوتسىيالىزىمدىن تەدرىجى ھالدا كوممۇنىزىمغا ئۆتۈشنىڭ مۇھىم شەرتى. كوممۇنىستىك پارتىيە ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ مۇشۇ ئوبيېكتىپ تەلەپلىرىگە ئاساسەن، ئۆتمۈشتىمۇ، ھازىرمۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پارتىيە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئاساسلىنىپ شۇنىڭدەك خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق (نىسبەت بويىچە) راۋاجلىنىش قانۇنىيىتىنىڭ تەلىپىنى ھېسابقا ئېلىپ، ھازىر يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ۋە خەلق ئىستېمال بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش پروگراممىسىنى يۈرگۈزمەكتە. خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق راۋاجلىنىش قانۇنىيىتىنىڭ تۈپ تەلىپى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئەقىلغە مۇۋاپىق تەقسىم قىلىش ۋە

ئۆتنگەندىن ئومۇمىي يۈزلۈك پايدىلىنىش، ئەمگەك ۋە ماددىي ئەشيا قاتارلىقلارنى تېجەشتىن ئىبارەت.

خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق راۋاجلىنىش قانۇنىيىتىنىڭ رولى خەلق ئىگىلىكىنى پىلانلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بەلگىلەيدۇ. سوتسىيالىستىك دۆلەت تۈزگەن ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش پىلانىدا بۇ قانۇنىيەت ئازدۇر-كۆپتۇر ھەقىقىي ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. بىرىنچى يىللىق پىلانىمىز ۋە 5 يىللىق پىلانىمىزنى خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق، نىسبەت بويىچە راۋاجلىنىشىدىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق راۋاجلىنىش قانۇنىيىتى پىلان ئورگانلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى توغرا پىلانلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بەلگىلەپلا قالماستىن، بەلكى پىلان ئورگانلىرىنى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى توغرا پىلانلاش **ئىمكانىيىتىگە** ئىگە قىلىدۇ. بىراق، بۇ ئىمكانىيەتنى رىياللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، بۇ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنى تەتقىق قىلىش، ئىگىلەش، ئۇنى توغرا تەتبىق قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش، بۇ قانۇنىيەتنىڭ تەلىپىنى تامامەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلەيدىغان پىلاننى تۈزۈپ چىقىشنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم. پىلان خىزمىتىدىكى خاتالىقلار خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئىشلىرىغا غايەت زور زىيانلارنى كەلتۈرۈشى مۇمكىن ھەمدە كەلتۈردى. سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى 1954-يىل 2-، 3-ئاي ئومۇمىي يىغىنىدا سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت پىلان كومىتېتى، سوۋېت ئىتتىپاقى يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ يېزا ئىگىلىك پىلانى جەھەتتە ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرى پاش قىلىندى ۋە ئۇلار قاتتىق ئەيىپلەندى. بۇ خاتالىقلار تۆۋەندىكى ئىككى جەھەتتە ئىپادىلەندى: بىر تەرەپتىن، ئۇكرائىنا سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ

جەنۇبىي قىسمى ۋە مولداۋىيە سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرغاق ۋە يېرىم قۇرغاق رايونلىرىدا، شىمالىي كاپكاز ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي رايونلىرىدا مەھسۇلاتى ئىنتايىن تۆۋەن بولغان كۆپ يىللىق ئوت-چۆپلەرنى تېرىش كۆلىمى نامۇۋاپىق ھالدا كېڭەيتىلگەن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشى، بولۇپمۇ كۆممە قوناق قاتارلىق زىرائەتنىڭ تېرىلىش كۆلىمى تارايتىلغان. خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق بولۇشى خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق راۋاجلىنىش قانۇنىيىتىنى ئاساس قىلغاندىلا ھەمدە ھەرقايسى جەھەتلەردە سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتىنىڭ تەلىپىگە مۇۋاپىقلاشقان شارائىتتىلا، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ.

خەلق ئىگىلىكى پىلانى ئىجتىمائىي ماددىي تۇرمۇش تەرەققىياتىنىڭ جىددىي تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، ئۇ سوتسىيالىزمنىڭ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتىنىڭ تەلىپىنى ئاساس قىلىپ، تۈمەنلىگەن ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ئىجادىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەيدۇ، شۇڭا، ئۇ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشنى بەلگىلەيدىغان ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان كۆرسەتمە، ئۇ يىراق كەلگۈسىنى نامايەن قىلىپ بېرىدۇ، ئۇ قۇدرەتلىك تەشكىللىگۈچى كۈچ ۋە سەپەرۋەر قىلغۇچى كۈچ. خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ ئۇلۇغ كۈچ-قۇدرىتى ئۇنىڭ رىياللىغىدا، يەنى يېڭى تۇرمۇشنى ياراتقۇچى مىليونلىغان-تۈمەنلىگەن ئەمگەكچىلەرنىڭ جانلىق ئەمەلىيەت پائالىيەتلىرىدە كۆرۈلىدۇ.

خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق راۋاجلىنىش قانۇنىيىتىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىگىلىكتىكى رولى ۋە بۇ قانۇنىيەتنى ئاساس قىلغان پىلانچانلىق سوتسىيالىستىك ئىگىلىك سىستېمىسى بىلەن كاپىتالىستىك ئىگىلىك سىستېمىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم پەرقلىرىنىڭ بىرى، سوتسىيالىستىك ئىگىلىك سىستېمىسىنىڭ كاپىتالىستىك ئىگىلىك سىستېمىسىدىن

ئەۋزەل تەرىپىنىڭ بىرى، خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق راۋاجلىنىش قانۇنىيىتىنىڭ رولى ۋە خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىقلىقى پۇختا-ئىشەنچلىك ۋە دائىملىق پايدىنىڭ ئالى شەكلىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنى خەلق ئىگىلىكىنى ۋەيران قىلىدىغان ھەمدە جەمىيەتكە غايەت زور ماددى زىيانلارنى كەلتۈرىدىغان ئىقتىسادىي كرىزىستىن خالى قىلىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ يۇقۇرى سۈرئەت بىلەن ئۈزلۈكسىز ئۇسۇشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ.

ھ

**ھادىساتچىلىق** 现象论 Феноменализм (گرېكچىسى φαινόμενον — ھادىسە) پەلسەپەدىكى سۇبيېكتىپ ئىدىيالىستىك ئېقىم. ھادىساتچىلىق ئىنسانلار پەقەت شەيئىلەردىكى ھادىسىنىلا بىلەلەيدۇ دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ؛ ھادىساتچىلىقنىڭ قارىشىچە، ھەقىقىي مەۋجۇدىيەتنى ۋە شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ھادىساتچىلىق بىلەن بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى ئوخشاش مەنىگە ئىگە. گېرمانىيە پەيلاسوپى **كانت*** پەقەت ھادىسىنىڭ ئۆزىنىلا بىلگىلى بولىدۇ، بۇ ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتى ("ئۆزىدىكى نەرسە")گە بولسا ئىنسانلارنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ دەپ ھېسابلايدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھادىساتچىلىقنىڭ ئالاھىدىلىكى ھادىسە بىلەن ماھىيەتنى ئايرىپ تاشلاشتىن ئىبارەت. تاشقى شەيئىلەرنىڭ ئادەمگە تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان تۇيغۇ ئاڭ بىلەن تاشقى دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشتىن ئىبارەت، ۋاھالەنكى، ھادىساتچىلىق بارلىق سۇبيېكتىپ ئىدىيالىزمغا ئوخشاشلا، تۇيغۇنى ئاڭ بىلەن تاشقى دۇنيانى بىر بىرىدىن ئايرىپ تاشلايدىغان تامغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ھادىساتچىلىق ھادىسىلەرنى ئىنسانلار تۇيغۇسىنىڭ يىغىندىسى دەپلا چۈشىنىش كېرەك دەپ ھېسابلايدىغان شەكلى ئۆزگەرگەن سۇبيېكتىپ ئىدىيالىزمدۇر. ماخىزمچىلار ھادىساتچىلارنىڭ ئۆزىدۇر. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ھادىساتچىلىق دۇنيا قارىشىغا قەتئىي رەددىيە بېرىدۇ. ھادىسە بىلەن ماھىيەت ئوتتۇرىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان ھاڭ يوق،

ھادىسە ماھىيەتنىڭ ئايان بولۇشىدۇر. ئىنسانلارنىڭ ئەمەلىيىتى، كىشىلەرنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلگىلى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى، شۇنىڭ بىلەن، ھادىساتچىلىقنىڭ قىلچە ئاساسسىز ئىكەنلىكى تازا ئوبدان ئىسپاتلاندى. (**ماھىيەت ۋە ھادىسە**»گە قاراڭ.)

**ھادىسىلەرنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك باغلىنىشى، بىر بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى** **现象的普遍联系，相互作用** Всеобщая связь явлений, взаимодействие

تەبىئەت دۇنياسى ۋە جەمئىيەتتىكى ھادىسىلەرنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك باغلىنىشى ۋە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى پىرىنسىپى ماركسىزمچە دىيالېكتىكىلىق ئۇسۇلنىڭ بىر تۈپ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ستالىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: "...... دىيالېكتىكا مېتافىزىكىغا ئوخشاش تەبىئەت دۇنياسىنى ئۆزئارا ئالاقىسىز، يەككە-يەككە ۋە بىر بىرىگە تاياتمايدىغان ئوبيېكتلارنىڭ ياكى ھادىسىلەرنىڭ تاسادىپىي دۆۋىسى دەپ قارىمايدۇ، ئەكسىچە، ئۇنى ئۆزئارا باغلانغان، بىرلىككە ئىگە بىر پۈتۈن گەۋدە، ئۇنىڭدىكى ھەرقايسى ئوبيېكتلار ياكى ھادىسىلەر بىر بىرىگە ئورگانىك ھالدا باغلانغان بولىدۇ، بىر بىرىگە تايىنىدۇ، بىر بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ دەپ قارايدۇ.

شۇڭا دىيالېكتىكىلىق ئۇسۇل شۇنداق ھساپلايدۇكى، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەرقانداق بىر ھادىسە ئەگەر يەككە-يىگانە، ئەتراپتىكى ھادىسىلەر بىلەن باغلانمىغان ھالدا ئېلىپ قارىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ، چۈنكى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ھەرقانداق ساھەسىدىكى ھەرقانداق بىر ھادىسە ئۆز ئەتراپىدىكى شارائىت بىلەن باغلانمىغان، ئۇلاردىن ئايرىلىپ تۇرغان ھادىسە دەپ قارىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا بۇ قىلچە ئەھمىيىتى يوق بىر نەرسە بولۇپ قالىدۇ؛ بۇنىڭ ئەكسىچە، ھەرقانداق بىر ھادىسە ئەت-

راپىدىكى ھادىسىلەر بىلەن ئاجرالماس ئالاقىدە بولىدۇ. ئەتراپىتىكى ھادىسىلەرنى تەقەززا قىلىدۇ دەپ قارىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا بۇ ھادىسىنى چۈشەنگىلى ۋە دەلىللىگىلى بولىدۇ.» («سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلار) تارىخى قىسقىچە كۇرسى»، 1978‑يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 235‑بەت)

ماركسىزمچە دىيالېكتىكىلىق ئۇسۇلنىڭ بۇ پرىنسىپى پەننى بىلىش جەھەتتە غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەگەر ھادىسىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ باغلىنىشى ۋە ئۆزئارا بېقىندىلىقى نەزەرگە ئېلىنمايدىكەن، ئۇ ھالدا، تەبىئەت دۇنياسى بىزنىڭ چۈشەنچىمىزدە قىلچە قانۇنىيىتى بولمىغان، ھېچقانداق مۇۋاپىق چۈشەنچە بەرگىلى بولمايدىغان تۇرغۇن ھادىسىلەرنىڭ قالايمىقان دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مەلۇم بىر ھادىسىنى بىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ باشقا ھادىسىلەر بىلەن بولغان سەۋەب‑نەتىجە باغلىنىشىنى ئېچىپ بېرىش كېرەك. مەسىلەن، ئەگەر ھايۋاناتلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر بىلەن ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شارائىتىنى بىر‑بىرىگە باغلاپ قارىمىغاندا، ھايۋاناتلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تەرەققىياتىنى توغرا چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. مىچۇرىن تەلىماتى بۇنداق باغلىنىش جانلىقلار دۇنياسى تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلىش جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم دەپ ھېسابلايدۇ. مەسىلەن، جاھانگىرلىك ئۇرۇشىدىن ئىبارەت بۇنداق ھادىسە كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، ھازىرقى زامان كاپىتالىزمىنىڭ زىددىيىتى ھەمدە ھازىرقى زامان كاپىتالىزمىنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتىگە باغلانغان ھالدا قارالمىسا، ئۇ ھالدا، ئۇنى ئىلمىي يوسۇندا چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى جاھانگىرلىك ئۇرۇشى كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ماركسىزملىق دىيالېكتىكا بىزدىن نەتىجىنىڭ سەۋەبكە بېقىندىغانلىقىنى بىلىشنى تەلەپ قىلىپلا قالماس-

تىن، بەلكى سەۋەب بىلەن نەتىجىنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ھالىتىدە تۇرىدىغانلىقىنىمۇ نەزەرگە ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن، ھەرقانداق دۆلەت تۈزۈمىگە ئەگەر مۇئەييەن ئىقتىسادىي تۈزۈم ۋە ئاشۇنداق دۆلەت تۈزۈمىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئىقتىسادىي بازىسقا باغلانغان ھالدا قارالسا، ئۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئەمما دۆلەت تۈزۈمى ۋە ھاكىمىيەت يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئىقتىسات ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمىگىمۇ غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، زىددىيەتلەر تەرەپپىدىن بۇزۇپ تاشلانغان ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئالغا قاراپ راۋاجلىنىش يولىدىكى توسالغۇغا ئايلىنىپ قالغان كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى كۆزەتكەندە، بۇرژۇئا دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئوينايدىغان رولىنى نەزەرگە ئالماي بولمايدۇ؛ بۇرژۇئازىيە ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىدىن پايدىلىنىپ، بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، كىشىنى كىشى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشنى ئاساس قىلغان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇ مىساللار ئۇلارنى ھادىسىلەرنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى ۋە ئۆزئارا تەقەززا قىلىشى جەھەتتىن كۆزىتىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن، ئەگەر ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ خاراكتېرىغا بولغان بېقىندىلىقىلا نەزەرگە ئېلىنىدىغان بولسا، ئۇ، بىر تەرەپلىمىلىك شۇنداقلا ئىنتايىن خاتا بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئاساسىدا پەيدا بولغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئۇيغۇن كەلگەن ۋاقىتتا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ماركسىزمچە دىيالېكتىكىلىق ئۇسۇلنىڭ ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ۋە بىر بىرىگە بېقىنىش توغرىسىدىكى قائىدىسىنىڭ ناھايىتى چوڭ ئەھمىيىتى بۇ قائىدىنىڭ رېئال دۇنيانىڭ قانۇنىيىتىنى ئېچىپ

بەرگەنلىكىدە. ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش تەبىئەت دۇنياسى ۋە جەمئىيەتتە ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرغان نەرسىنىڭ تاسادىپىيلىق ئەمەس، بەلكى تەبىئەت-دۇنياسى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى بەلگىلەيدىغان، كىشىلەرنىڭ ئىرادىسى ۋە ئېڭىغا باغلىق بولمىغان ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. سەۋەب-نەتىجە-لەرنىڭ باغلىنىشى ۋە بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى تەبىئەت دۇنياسى ۋە جەمئىيەت تۇرمۇشىدىكى ھادىسىلەرنىڭ قانۇنىيەتلىك ۋە مۇقەررەر تەرەققىيات يولىنى بەلگىلەيدۇ. تارىختىكى ھەر بىر ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ۋە ھەر بىر ئىجتىمائىي ھەركەتنى كۆزەتكەندە، بۇنداق تۈزۈمنى پەيدا قىلغان شارائىتلار ۋە بۇ تۈزۈم بىلەن باغلىنىشلىق بولغان شارائىتلارنى ئاساس قىلىش لازىم. قۇلدارلىق تۈزۈم ھازىرقى زامانىمىزدىن قارىغاندا، ئەقىلگە سىغمايدىغان ھادىسە، ئەمما ئىپتى-دائىي جامائە تۈزۈمى پارچىلىنىۋاتقان شارائىتتا، قۇلدارلىق تۈزۈم قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن ھادىسە. شۇنداقلا بىر ئىلغارلىق ھېسابلىناتتى. ئوخشاشلا، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتا ئىلغارلىق بولۇپ ھېسابلانغان بولسا، ھازىر جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ پۇتلىكاشاڭغا ئايلىنىپ قالدى. بىزنىڭ زامانىمىزدا، ھەممە يول كوممۇنىزىم يولىغا، يەنى ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي تۇرمۇش شارائىتىدا قانۇنىيەتلىك ئاساستا راۋاجلىنىۋاتقان ئىجتىمائىي تۈزۈمگە تۇتاشماقتا. مەلۇم تارىخىي شارائىتتا، رېال، قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن نەرسە، باشقا بىر شارائىتتا ھېچقانداق ئەھمىيىتى بولمىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

تەبىئەت دۇنياسى ۋە جەمئىيەتكە بولغان بۇنداق دىيالېكتىكىلىق قاراش مېتافىزىكىلىق قاراش بىلەن تۈپتىن قارىمۇ-قارشى؛ مېتافىزىكا ھادىسىلەرنى ئۇلارنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشى جەھەتتىن كۆزەتمەيدۇ، ئۇ تەبىئەت دۇنياسىنى بىرمۇنچە تاسادىپىي ۋەقەلەرنىڭ قالايمىقان

دۇنيانى دەپ قارايدۇ. بۇرژۇئا پەلسەپىسى ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئوبيېكتىپ باغلىنىشنى ئاڭلىق تۈردە ئىنكار قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلار ھوكۇمرانلىق ئورنىدا تۇرغان ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، ھادىسىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنىمۇ ئىنكار قىلىدۇ.

ماركسىزمچە دىيالېكتىكىلىق ئۇسۇلنىڭ ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش توغرىسىدىكى قائىدىلىرى ئەمەلىي پائالىيەت ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ سىياسىتى ئۈچۈن مولچەرلىگۈسىز ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ قائىدە بىزنى پۈتۈنلەي جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ كونكرېت تارىخىي شارائىتلىرىغا ئاساسەن، كۈرەشنىڭ ۋەزىپىلىرى ۋە شوئارلارنى بەلگىلەش، كوممۇنىستىك پارتىيىنى ئوبيېكتىپ تەرەققىياتقا بولغان مولچەرگە ئاساسەن ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيىسى ۋە تاكتىكىسىنى تۈزۈپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. رىياللىقتىكى ھادىسىلەرگە توغرا مۇئامىلە قىلىش، يەنى ھادىسىلەر بىلەن باغلىنىشلىق بولغان كونكرېت تارىخىي شارائىت، ماكان ۋە زامانىنى مولچەرلەش لازىم. ھادىسىلەرگە كونكرېت تارىخىي نۇقتىئىنەزەرگە ئاساسەن مۇئامىلە قىلىنمىسا، جەمئىيەت توغرىسىدىكى پەننىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ پەننى ئاساس قىلغان ئىستراتېگىيىسى ۋە تاكتىكىسىنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. تارىخقا قارشى مەسلەك — ماركسىزمنىڭ دۈشمىنى. ماركسىزم-لېنىنىزم ھادىسىلەرگە تارىخىي نۇقتىئىنەزەر بويىچە مۇئامىلە قىلغانلىقتىن، ئىجادىي يوسۇندىكى تەرەققىياتلارغا ئېرىشەلەيدۇ، ئۆزىنى ئاللىقاچان ئۆزگەرگەن تارىخىي ئەھۋاللارغا مۇۋاپىق يېڭى قائىدىلەر بىلەن بېيىتالايدۇ. بۇ نۇقتىنى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ غەلىبە قازانغاندىن كېيىنكى دۆلەتنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىشتەك بۇنداق مىسالدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، ئېنگېلس «سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ

غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، دۆلەت يوقىلىشى كېرەك دەپ ھېسابلايدۇ؛ سوۋېت ئىتتىپاقى ماركسىزمچىلىرى ھازىرقى خەلقارا ۋەزىيەت شارائىتىنى مۆلچەرلەپ، مۇنداق يەكۈن چىقاردى: ئىنقىلاپ غەلىبە قازانغان دۆلەت، ئەگەر جاھانگىر دۆلەتلەر تەرىپىدىن تارمار قىلىنىشنى خالىمايدىكەن، ئۇ ھالدا، ئۇ ئۆزىنىڭ دۆلىتى، دۆلەت ئورگانلىرى، ئاخبارات ئورگانلىرى ۋە ئارمىيىسىنى ئاجىزلاتماسلىقى، بەلكى پۈتۈن كۈچى بىلەن كۈچەيتىشى لازىم. ئېنگېلسنىڭ پىرىنسىپى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ماركسىزمچىلىرىنىڭ پىرىنسىپى قارىماققا تۈپتىن قارىمۇ-قارشىدەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق زىددىيەت يوق. ئېنگېلسنىڭ فورمۇلىسى سوتسىيالىزمنىڭ ئوخشاشلا بىر ۋاقىتتا پۈتۈن دۇنيادا ياكى زور كۆپ ساندىكى كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە غەلىبە قازىنالايدىغانلىقىدەك تارىخىي ئەھۋالنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى ماركسىزمچىلىرىنىڭ فورمۇلىسىنىڭ ئاساسلانغىنى بولسا، جاھانگىرلىك دەۋرىدىكى ئاللىقاچان ئۆزگەرگەن تارىخىي شارائىتتىن ئىبارەت، بۇ ۋاقىتتىكى شارائىت، سوتسىيالىزم ئالدى بىلەن بىر ياكى بىرنەچچە كاپىتالىستىك دۆلەتتە غەلىبە قازىنىدۇ دېگەندىن ئىبارەت. شۇڭلاشقا، بۇ فورمۇلىنىڭ ئىككىلىسى توغرا، بىراق ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز دەۋرىگىلا ئۇيغۇن كېلىدۇ، خالاس.

ماركسىزمچە دىيالېكتىكىلىق ئۇسۇلنىڭ ھادىسىلەرنىڭ ئومۇمىي باغلىنىشى توغرىسىدىكى قائىدىلىرى بىزنىڭ ماركسىزمنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ نەيرەڭۋازلىقى ۋە كېلىشتۈرمىچىلىكىنى ئېچىپ تاشلىشىمىزغىمۇ ياردەم بېرىدۇ. بۇرژۇئازىيە ۋە ئىسلاھاتچى مۇتەپەككۇرلەر ئاڭلىق ھالدا تۈرلۈك نەيرەڭۋازلىق ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىدۇ؛ ئۇلار ھادىسىلەرنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولغان ھەرقايسى تەرەپلىرىنىڭ پەيۋەندىسىدىن بەزى ئايرىم تەرەپلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، شەيئىلەر-

نىڭ ھەقىقىي ھالىتىنى خۇنۇكلەشتۈرمەكچى بولىدۇ، ياكى ئوخشاشمىغان تارىخىي شارائىتنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، مەلۇم تارىخىي ئەھۋالدىلا ھەقىقىي بولغان نەرسىنى باشقا بىر ئاللىقاچان ئۆزگەرگەن ئەھۋال ئىچىگە تىقىپ قويىدۇ. مەسىلەن، ئىككىنچى ئىنتېرناتسىونال ئاغمىچىلىرى، روسىيە مېنشېۋىكلىرى ۋە ئىنقىلاۋىي ماركسىزمنىڭ باشقا دۈشمەنلىرى ئاشۇنداق قىلدى. جاھانگىرلىك دەۋرىدە پەيدا بولغان يېڭى تارىخىي شارائىت پۇرولېتارىيات پارتىيىسىدىن كۈرەش شەكلىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، كونا، پارلامېنت شەكلى ۋە قانۇنىي شەكلىدىن ئىنقىلاۋىي شەكىلگە ئۆتۈپ، ئىشچىلار سىنىپىنى چېنىقتۇرۇپ، كاپىتالىزمغا بىۋاسىتە ھالدا زەربە بېرىشكە تەييارلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىراق، ئىككىنچى ئىنتېرناتسىونال ئىسلاھاتچىلىرى ۋە ئاغمىچىلىرى بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، تارىخىي ئەھۋاللارنىڭ تۈپتىن ئۆزگەرگەنلىكىنى "كۆرمىدى"، بۇ ئۆزگىرىشلەرگە سەل قارىدى، ئۇلار ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتلارنى ۋە ئىنقىلاۋىي كۈرەش ئۇسۇلىنى كېرەك قىلمىدى. كوممۇنىستىك پارتىيە ماركسىزمنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ بۇنداق سۇيىقەست ۋە ھىلە-مىكىرلىرىنى ئېچىپ تاشلىدى، ئۇلارنىڭ پۇرولېتارىيات ئىنقىلاۋىي ئىشلىرىغا ئۆچمەنلىك قىلىدىغان دوگمىسىنى تارمار كەلتۈردى. ماركسىزم-لېنىنىزملا ئىشچىلار سىنىپىغا توغرا، يېڭى تارىخىي دەۋرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىنقىلاۋىي تەشكىلات ۋە ئىنقىلاۋىي كۈرەشنىڭ ئۇسۇل ۋە شەكىللىرىنى كۆرسىتىپ بەردى.

ئۇنىڭدىن قالسا، دىيالېكتىكىلىق ئۇسۇل بىزدىن ماھىيەتلىك باغلىنىش ۋە مۇناسىۋەتنى ماھىيەتلىك بولمىغان باغلىنىش ۋە مۇناسىۋەتتىن ئېنىق ئايرىشنى، ئۇلارنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ قويمالىقنى، بۇ مۇرەككەپ-چىگىش، گىرەلىشىپ كەتكەن باغلىنىشلار ۋە مۇناسىۋەتلەر ئىچىدىن ئاساسلىق ۋە ھەل قىلغۇچ

خاراكتېرلىق قىسىملارنى تىپىپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇشۇنداق قىلغانىدىلا، ئاندىن بىز ئەمەلىي پائالىيەت داۋامىدا تۈرلۈك ۋەزىپىلەر ئىچىدىن ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئالاھىدە ھالقىلارنى بايقىيالايمىز ۋە پەرق ئېتەلەيمىز، بۇ ھالقىلارنى ئىگىلىگەندىلا، پۈتۈن ھالقىلار زەنجىرىنى ئىگىلىگىلى بولىدۇ. ماھىيەتلىك باغلىنىش ۋە مۇناسىۋەتنى ماھىيەتلىك بولمىغان باغلىنىش ۋە مۇناسىۋەتتىن ئېنىق پەرق ئېتەلمىگەندە، كېلىشتۈرمىچىلىك يولىغا مېڭىپ قېلىنىدۇ، شەيئىلەرنىڭ ھەرقايسى ئوخشاشمىغان تەرەپلىرىنى مېخانىكىلىق ھالدا بىر يەرگە يىغىپ قويۇش كېلىپ چىقىدۇ، تۈرلۈك ھادىسىلەرنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش جەھەتتىكى ماھىيىتى، ئاساسى ۋە ئاساسلىق قىسىملىرىنى چۈشەنگىلى بولمايدۇ. كوممۇنىستىك پارتىيە دەل مۇرەككەپ ئەھۋاللارغا بولغان دىيالېكتىكىلىق تەھلىلگە ئاساسەن، بارلىق ۋەزىپىلەر ئىچىدىكى ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە، ئاساسىي ھالقىلارنى ئۈتتۈۋېلىشتا ماھىر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ھامان ھەربىر يېڭى تارىخىي باسقۇچتا، پرولېتارىياتنى توغرا كۆرەش شوئارى بىلەن قوراللاندۇرالىدى. مەسىلەن، يۇقىرىقى دەرىجىدە راۋاجلانغان يېڭى تېخنىكىنى يارىتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدا سوتسىيالىزم قۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بىر مەزگىلدە، پارتىيە خەلق ئالدىغا "تېخنىكا ھەممىنى بەلگىلەيدۇ" دىگەن شوئارنى قويىدى. بۇ ۋەزىپە ئورۇنلىنىپ بولۇپ، ئاساسىي ۋەزىپە بۇنداق تېخنىكىنى ئىگىلىيەلەيدىغان كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش بولۇپ قالغاندا، پارتىيە "كادىر ھەممىنى بەلگىلەيدۇ" دىگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۈگۈنكى كۈندە بولسا سوۋېت ئىتتىپاقى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئورۇنلاش ھەمدە پەيدىن-پەي كوممۇنىزمغا ئۆتۈش مەزگىلىدە تۇرماقتا، شۇڭا كوممۇنىستىك پارتىيە سوۋېت خەلقىنى شۇنداق ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشقا سەپەرۋەر قىلماقتىكى، بۇ ۋەزىپىلەرنىڭ ئورۇنلىنىشى

ھازىرقى باسقۇچتا تومۇمى، ئەڭ ئاخىرقى ۋەزىپىسى، يەنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا پۈتتۈنلەي كوممۇنىزىمنى قۇرۇپ چىقىش ۋەزىپىسىنى غەلبىلىك ئورۇنلاشقا پايدىلىق.

**(1) Феноменология 现象学 ھادىسەشۇناسلىق**

ھادىسەشۇناسلىق گېگېل* پەلسەپىسىدىكى ئىنسانلار ئېڭىنىڭ بىۋاسىتە ھېسسى سەزگۈدىن "مۇتلەق بىلىم" گىچە بولغان تارىخىي تەرەققىياتى توغرىسىدىكى ئىدىيالىستىك تۈردە بۇرمىلانغان چۈشەنچە بولۇپ، بۇنداق تارىخىي تەرەققىيات روھنىڭ ئۆزلۈكىدىن راۋاجلىنىشى ۋە ئۆز ئۆزىنى بىلىشى دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ؛ (2) ھادىسەشۇناسلىق — نېمىس پەيلاسوپى ھوسسېر (1859—1938) تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان ھەمدە جاھانگىرلىك دەۋرىدە بۇرژۇئا پەلسەپىسىدە كەڭ تارقالغان بىر خىل ئەكسىيەتچىل سۇبيېكتىپ ئىدىيالىستىك تەزىرىيە. ھوسسېر ھادىسەشۇناسلىقنى ئاساسىي پەلسەپىۋى پەن قىلىپ بەلگىلەيدۇ. ھادىسەشۇناسلىق ئاڭ ھادىسىلىرىنىڭ ئوبيېكت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىشنى دۇيشىياڭ قىلىدۇ. ھالبۇكى، ھادىسەشۇناسلارنىڭ "ئاڭ" دېگىنىدە چىن ئىجتىمائىي ئاڭ كۆزدە تۇتۇلمايدۇ، ھەتتا تەپەككۇر قىلالايدىغان ئادەمنىڭ چىن ئېڭىمۇ كۆزدە تۇتۇلمايدۇ، بەلكى بىر خىل "تۇغۇل" ۋە ئەزەلىيلىك ئاڭ كۆزدە تۇتۇلىدۇ، بۇنداق ئاڭ ئادەمدىن ئايرىلغان، ئادەمنىڭ روھىي ھالىتى پائالىيىتىدىن ئايرىلغان، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇھىتتىن ئايرىلغان بولىدۇ. ھادىسەشۇناسلارنىڭ "ئوبيېكت" دېگىنىدە چىن شەيئىلەر، كونكرېت شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ كىشىلەر ئېڭىدىكى ئىنكاسى كۆزدە تۇتۇلمايدۇ، بەلكى ماددىي دۇنيا ۋە كونكرېت ھېسسى شەيئىلەر بىلەن قىلچە ئالاقىسى بولمىغان "ئىدىيىدىكى" ئوبيېكت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھادىسەشۇناسلىقنىڭ مۇرتىلىرى: ھادىسەشۇناسلىق — ئالدىنقى شەرتى بولمىغان پەن، ئۇ ھېسسى تەجرىبىلەرگە

بىقىنمايدۇ، ئۇ لوگىكىلىق ئۇقۇملاردىن ئاۋۋال بولىدۇ؛ ئۇنىڭ ئاساسى لوقۇل ئاڭقىنىڭ "بىۋاسىتە ماتېرىياللىرى" ئۇستىدىكى تەسۋىر ۋە تەھلىلدىن يەنى گويا ئۇ ئارقىلىق ئىدىيە ئوبيېكتىنىڭ "ماھىيىتى"نى "چۈشەنگىلى" بولىدىغانلىقىدەك كورۈنىدىغان بىر خىل ئەقلىي بىۋاسىتە سېزىمدىن ئىبارەت، دەپ دەۋا قىلىدۇ. مانا بۇ—ھادىسەشۇناسلىقنىڭ "ئوبيېكتى" ۋە ئۇنىڭ يەنگە قارشى ئۇسۇلى، بۇنداق ئۇسۇل كېرەكسىز، مەدرىسچە ھىلە-نەيرەڭ ئىشلىتىش ۋە چۈشىنىكسىز سوز-ئىبارىلەرنى ئىشقا سېلىش ئۇچۇن كەڭ زېمىن ئېچىپ بەردى. بۇنداق دېكادېنتلىق تەرەپدارلىرى پەلسەپىسىنىڭ ئاساسى مەقسىدى كىشىلەرنى ئەقلىدىن ئازدۇرۇپ، ئۇلارنى تۇرمۇش ۋە پەندىكى رېيال مەسىلىلەردىن يىراقلاشتۇرۇش، شۇنىڭدەك توغرا، ئەھمىيەتلىك نەزىرىيىۋى تەپەككۇر ئۇسۇلىدىن ۋاز كەچتۈرۈشتىن ئىبارەت. ھوسسەرلىنىڭ ھادىسەشۇناسلىقى **ياشاش مەسلىگى**"نىڭ پەلسەپىۋى ئاساسىدۇر." خەلقارا ھادىسەشۇناسلىق جەمىيىتى"نىڭ باش ئورگىنى نيۇ-يوركتا. بۇ باش ئورگان ھادىسەشۇناسلىقنىڭ ياقلىغۇچىلىرىنى توپلاپ، كۈندىن-كۈنگە كېڭىيىۋاتقان ماركسىزىملىق پەلسەپىۋى ماتېرىيالىزىمنىڭ ئىلغار ئىدىيىۋى تەسىرىگە قارشى كۈرەش قىلدى.

## ھازىرقى زامان كاپىتالىزىمىنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتى

**Основной экономический закон современного капитализма 现代资本主义的基本经济规律**

جاھانگىرلىك باسقۇچىدىكى كاپىتالىزىمنىڭ ماھىيىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەت. ستالىن مۇنداق دەپ كورسەتكەن ئىدى: "ھازىرقى زامان كاپىتالىزىمىنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرى ۋە تەلەپلىرىنى تەخمىنەن مۇنداق بايان قىلىشقا بولىدۇ: ئوز مەملىكىتى ئاھالىسىنىڭ زور كوپچىلىكىنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ھەمدە ئۇلارنى خانىۋەيران

قىلىش ۋە نامراتلاشتۇرۇش يولى بىلەن، باشقا مەملىكەت خەلقلىرىنى بولۇپمۇ ئارقىدا قالغان مەملىكەت خەلقلىرىنى قۇل قىلىش ۋە ئۈزلۈكسىز ھالدا تالان-تاراج قىلىش يولى بىلەن، شۇنىڭدەك ئەڭ يۇقىرى پايدا ئۈندۈرۈۋېلىشنى كاپالەتلەندۈرۈش مەقسىتىدە تۇرۇش قىلىش ۋە خەلق ئىگىلىكىنى ھەربىيلەشتۈرۈش يولى بىلەن ئەڭ زور دەرىجىدە كاپىتالىستىك پايدا ئېلىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش." («سوۋېت ئىتتىپاقىدا سوتسىيالىزمنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىلىرى»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 59-بەت) بۇ قانۇنىيەت ھازىرقى زامان كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ بارلىق ئاساسىي تەرەپلىرىنى ۋە بارلىق ئاساسىي جەريانلىرىنى بەلگىلەيدۇ، ھازىرقى زامان كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ماھىيىتىنى بەلگىلەيدۇ. ھازىرقى زامان كاپىتالىزمىنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتى كاپىتالىزمنىڭ كىشىنى تەئەججۈپلەندۈرگۈدەك زىددىيەتلىرىنى، جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى سىياسىتى ۋە تاشقى سىياسىتىنىڭ ئاساسى ۋە مەنبەسىنى ئېچىپ تاشلىدى. بۇ قانۇنىيەت ئۇقۇمى ھازىرقى زامان مونوپول كاپىتالىزمى شارائىتىدىكى قوشۇمچە قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ رولىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ بەردى. ھازىرقى زامان كاپىتالىزمى تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى، مەقسىتى ۋە شەرتىنىڭ ئوتتۇرىچە پايدا ئەمەس، بەلكى ئەڭ زور دەرىجىدىكى پايدا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئەڭ زور دەرىجىدە پايدا ئېلىشنىڭ مۇقەررەرلىكى ھازىرقى زامان مونوپول كاپىتالىزمىنىڭ ماھىيىتىدىن كېلىپ چىققان. ئەڭ زور دەرىجىدىكى پايدا كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى بىر قەدەر دائىملىق تۈردە ئىشقا ئاشۇرۇپ تۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر.

ھازىرقى زامان كاپىتالىزمى شارائىتىدا، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىتى مونوپول كاپىتالنىڭ ئەڭ زور دەرىجىدىكى

پايدىنى قولغا كەلتۈرىدىغان ۋاستىسىنى بەلگىلىمەكتە. ئۆز مەملىكـ
ىتىدىكى ئاھالىنىڭ زور كوپچىلىكىگە قارىتىلغان ئېكسپلاتاتسىيىسىنى
كۈچەيتىش ھەمدە ئۇلارنى خانىۋەيران قىلىش ۋە نامراتلاشتۇرۇش
ئەڭ زور دەرىجىدىكى پايدىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ۋاستىلىرىدىن
بىرى. جاھانگىرلار ئىش كۈنىنى ئۇزارتىش، ئەمگەك سىجىللىقىنى
ئاشۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن، ئىشچىلار سىنىپىغا بولغان ئېكسپلاتاتسـ
يىنى كۈچەيتىدۇ ئۇلار ئىش ھەققىنى ئەمگەك كۈچى قىممىتىدىن
تۆۋەن بەلگىلەيدۇ ھەمدە تاۋارنى سېتىۋالغۇچى ئەمگەكچى خەلقنى
باھانى مونوپول قىلىۋېلىش ئارقىلىق، تالان-تاراج قىلىدۇ. مونوپول
تەشكىلاتلار دېھقانلار، قول سانائەتچىلەر ۋە باشقا ئۇششاق خۇسۇسى
مۈلۈكدارلارنى خانىۋەيران قىلىدۇ، بىر قەدەر ئاجىز بولغان
رىقابەتچىلەرنى خانىۋەيران قىلىدۇ. ئۇلار دولەت خامچوتىنى
ئەمگەكچى خەلقنى تالان-تاراج قىلىدىغان قورالغا ئايلاندۇرۇۋالىدۇ.
بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇرژۇئازىيە بىلەن ئىشچىلار سىنىپى ۋە بارلىق
ئەمگەكچى خەلق ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي زىددىيەتنى ئىنتايىن
كەسكىن دەرىجىگە ئېلىپ بارىدۇ. مونوپول كاپىتالنىڭ باشقا مەملـ
ىكەت خەلقلىرىنى بولۇپمۇ ئارقىدا قالغان مەملىكەت خەلقلىرىنى قۇل
قىلىشى ۋە ئۈزلۈكسىز تالان-تاراج قىلىشى ئەڭ زور دەرىجىدە پايدا
ئېلىشنىڭ يەنە بىر ۋاستىسىدۇر. بۇ دولەتلەردىكى خەلقلەرنى ئېكسپـ
لاتاتسىيە قىلىش نەتىجىسىدە ھوكۇمرانلىق ئورنىدا تۇرغان ئاز
سانلىق بىرنەچچە "مەدەنى" مەملىكەت بىلەن مۇستەملىكە ۋە بېقىندا
مەملىكەتلەردىكى مىليونلىغان ئېزىلگۈچى خەلقلەر ئوتتۇرىسىدىكى
زىددىيەت يەنىمۇ كەسكىنلىشىدۇ، مىللى ئازاتلىق كۈرەشلەر كۈچـ
ىيىدۇ، پۈتۈن دۇنيا كاپىتالىزم سىپى يىمىرىلىدۇ. ئىككىنچى دۇنيا
ئۇرۇشى نەتىجىسىدە، مۇستەملىكە ۋە بېقىندا مەملىكەتلەرنىڭ مىللى
ئازاتلىق ھەركىتى مىسلىسىز ئۇلغىيىش نەتىجىسىدە، جاھانگىرلىكنىڭ

مۇستەملىكە سېتىمىسى، ئەملىيەتتە، يىمىرىلىپ بارماقتا. ھازىرقى زامان مونوپول كاپىتالىزمىنىڭ كاتتىۋاشلىرى ھەتتا تېخى باشقا كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنى تىزگىنلەش ۋە تالان-تاراج قىلىش، بىرمۇنچە مۇستەقىل دۆلەتلەرنى بېقىندا دۆلەتكە ئايلاندۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئەڭ زور دەرىجىدىكى پايدىغا ئىگە بولماقتا. بۇنىڭ بىلەن، ھەرقايسى پۇل مۇئامىلىسى بۇرژۇئازىيىسى گۇرۇھلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ۋە ھەرقايسى جاھانگىر دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بازارلارنى، خام ئەشيا چىقىدىغان جايلارنى ۋە مەبلەغ سېلىنىدىغان ئورۇنلارنى تالىشىش كۆرىشى داۋامىدىكى زىددىيەتلەر بارغانسېرى كەسكىنلىشىدۇ. كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ بازار تالىشىش كۆرىشى جاھانگىر دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلاشنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى. ئۇرۇش تەييارلىقى مۇسابىقىسى ۋە ئۇرۇش — مونوپول كاپىتالىستلارنىڭ ئەڭ زور دەرىجىدىكى پايدىنى قولغا كەلتۈرۈشىنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇللىرىدىن بىرى.

ھازىرقى زامان كاپىتالىزمىنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتىنىڭ رول ئويىنىشى نەتىجىسىدە **كاپىتالىزمنىڭ ئومۇمىي كرىزىسى*** كۈنسايىن چوڭقۇرلىشىدۇ، كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى بارلىق زىددىيەتلەر كۈچىيىدۇ.

**ھايات** 生命 Жизнь ئېنگېلس ھاياتقا مۇنداق دەپ مەشھۇر تەبىر بەرگەن ئىدى: "**ھايات ئاقسىل جىسىملارنىڭ مەۋجۇدىيەت ئۇسۇلى**، بۇنداق مەۋجۇدىيەت ئۇسۇلى ماھىيەتتە شۇ ئاقسىل جىسىملارنىڭ خىمىيىلىك تەركىۋىي قىسىملىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۆز ئۆزىدىن يېڭىلىنىپ تۇرۇشىدىن ئىبارەت." («دىيۇرىڭغا قارشى»، 1978-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 150-بەت) ھايات جەريانىنىڭ ماھىيىتى جانلىق نەرسىلەرنىڭ ئوخشاش بىر ۋاقىت ئىچىدە ئۈزلۈكسىز تۈردە پەيدا بولۇپ تۇرۇشى ۋە بۇزۇلۇپ تۇرۇشى، قوشۇ-

لۆپ تۈرۈشى ۋە ئاجرىلىپ تۇرۇشىدىن ئىبارەت. "مەيلى قەيەردە بولسۇن، ھاياتنىلا ئۇچرىتىدىكەنمىز، ھاياتنىڭ مەلۇم ئاقسىل جىسىم بىلەن باغلانغانلىقىنى كۆرىمىز. شۇنىڭدەك، مەيلى قەيەردە بولسۇن، پارچىلىنىش جەريانىدا بولمىغان ئاقسىل جىسىمنىلا ئۇچرىتىدىكەنمىز، مۇستەسناسىز ھالدا ھايات ھادىسىلىرىنىمۇ كۆرىمىز......

لېكىن بارلىق جانلىق مەۋجۇداتلارغا ئورتاق بولغان بۇ ھايات ھادىسىلىرى زادى قەيەردە كۆرۈلىدۇ؟ ئالدى بىلەن شۇ يەردە كۆرۈلىدۇكى، ئاقسىل جىسىم ئۆز ئەتراپىدىن ئۆزىگە لايىق باشقا ماددىلارنى ئالىدۇ، ئۇلارنى ئۆزلەشتۈرىدۇ، ئورگانىزمىدىكى باشقا كونىراق قىسىملار بولسا ئاجرىلىپ بارىدۇ ۋە چىقىرىپ تاشلىنىدۇ. باشقا جانسىز جىسىملاردىمۇ تەبىي جەريانىدا ئۆزگىرىش، ئاجرىلىش ياكى بىرىكىش ھاسىل بولىدۇ، بىراق بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىلگىرى-كىدەك نەرسە بولۇشتىن قالىدۇ. قىيا تاش ئۇۋۇلغاندىن كېيىن قىيا تاش بولۇشتىن قالىدۇ؛ مېتال ئوكسىدلانغاندىن كېيىن داتقا ئايلىنىدۇ. لېكىن جانسىز جىسىملاردا بۇزۇلۇشقا سەۋەب بولغان نەرسە ئاقسىل ماددىدا بولسا ياشاشنىڭ تۈپ شەرتى بولىدۇ. ئاقسىل جىسىمدىكى ھەرقايسى تەركىبىي قىسىملارنىڭ بۇنداق ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىشى، ئوزۇقلىنىش بىلەن چىقىرىپ تاشلاشنىڭ بۇنداق ئۈزلۈكسىز ئالمىشىپ تۇرۇشى توختىغان دەقىقىدىن تارتىپ، ئاقسىل جىسىمنىڭ ئۆزى ياشاشتىن توختاپ، ئاجرىلىشقا قاراپ ماڭى-دۇ، يەنى ئۆلىدۇ. دېمەك، ھايات، ئاقسىل جىسىمنىڭ مەۋجۇدىيەت ئۇسۇلى، ئالدى بىلەن، ئاقسىل جىسىمنىڭ ھەر بىر دەقىقىدە ھەم ئۆزى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە باشقا نەرسە بولۇشىدا؛ بۇنداق ئەھۋال جانسىز جىسىملاردا يۈز بەرگەندىكىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇنى سىرتتىن بولىدىغان مەلۇم جەريان پەيدا قىلمايدۇ، ئەكسىچە،

ھايات يەنى ئۆزۋۇقلىنىش ۋە چىقىرىپ تاشلاش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغان كونىنىڭ ئورنىنى يېڭىنىڭ ئېلىشى ئۆز ئۆزىدىن ئورۇنلىنىدىغان بىر خىل جەريان، بۇنداق جەريان ئۆزىنى كەۋدىلەندۈرگۈچىدە — ئاقسىل ماددىدا ئەسلىدىن بار بولغان، ئۆزىنىڭ بىلەن بىللە ھازىر بولغان بولۇپ، بۇنداق جەريانسىز ئاقسىل ماددىنىڭ مەۋجۇت تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس." («دىيۇرىنگغا قارشى»، 1978-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 151—152-بەتلەر) ئېنگېلس ئارقىدىنلا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: جانلىق نەرسىلەرنىڭ بارلىق ئاساسىي ئالاھىدىلىكى، مەسىلەن، تەسىرچانلىق، ئۆسۈش ۋە كۆپىيىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاقسىل ماددىلارنىڭ ئىچىدىكى كونىنىڭ ئورنىنى يېڭىنىڭ ئېلىشى سەۋەبىدىن قانۇنىيەتلىك ھالدا كېلىپ چىققان.

ھازىرقى زامان بىو-خىمىيىسى، فىزىولوگىيىسى ۋە باشقا پەنلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئېنگېلسنىڭ ئىدىيىسىنى تامامەن ئىسپاتلىدى. ئەزەلدىن پەلسەپىدىكى ئىككى ئاساسىي لۇشيەن، ئىككى ئاساسىي مەزھەپ، يەنى ئىدىيالىزىم بىلەن ماتېرىيالىزىم ھايات مەسىلىسىدە ئىزچىل تۈردە كۈرەش قىلىپ كەلدى. ئىدىيالىزىم بۇ مەسىلىدە ھايات كۈچ نەزەرىيىسى، ۋېيسمانىزىم-مورگانىزىم بولۇپ ئىپادىلەندى. ماركسىزىمدىن ئىلگىرىكى كونا ماتېرىيالىستلار ھايات كۈچ نەزەرىيىسىگە ئاكتىپ قارشى تۇرغان، ھايات مەسىلىسىدە مېخانىك ماتېرىيالىزىملىق نۇقتىئىنەزەرنى ئىسپاتلاشقا كۈچەپ تۇرۇۋىغان ھەمدە مۇشۇ ئارقىلىق ئىدىيالىزىم بىلەن قارشىلاشقۇچى بولغان ئىدى، لېكىن بۇنداق مېخانىك ماتېرىيالىزىم جانلىق مەۋجۇداتلار بىلەن جانسىز مەۋجۇداتلار ئوتتۇرىسىدىكى سۈپەت پەرقىنى ئىنكار قىلدى ھەمدە بارلىق ھايات ھادىسىلىرىنى فىزىكا-خىمىيىلىك، ھەتتا ئەڭ ئاددىي مېخانىك جەريانغا تاقاپ قويدى. دېكارت*، 18-ئەسىردىكى بەزى فرانسىيە ماتېرىيالىستلـ

ري ۋە باشقا كىشىلەر ئوخشىتىش ئارقىلىق جانلىق مەۋجۇداتلار ئورگانىزمى بىلەن ماشىنىنىڭ ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنغان ئىدى.

دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم مېخانىكىچىلارنىڭ ھاياتنى چۈشىنىش جەھەتتىكى چەكلىمىلىكلىكىنى تەنقىت قىلغان، جانلىق كۈچ تەزىرىيەسى تەرەپدارلىرىنىڭ ئىدىيالىستىك، راھىبلىق ئويدۇرمىلىرىنىمۇ تەنقىت قىلغان ئىدى. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ھايات ماددىسىنىڭ بىر خىل ھەركەت شەكلى دەپ ھېسابلىدى ھەمدە جانسىز ماددىدىن پەيدا بولغان ھايات ئىگە بولغان سۈپەت ئالاھىدىلىكلىرىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەردى. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم جانسىز نەرسىدىن جانلىق مەۋجۇداتلار ئورگانىزمىدىكى مۇرەككەپ قۇرۇلمىلارنى يارىتىش-يولىدىكى ئەخمىقانە ئۇرۇنۇشلارغا رەددىيە بەردى، ھايات مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ دەيدىغان ياكى ھاياتنىڭ پەيدا بولۇشى يارىتىش ھەركىتىنىڭ نەتىجىسى دەيدىغان ئىدىيىگىمۇ ئوخشاشلا رەددىيە بېرىپ، ھاياتنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى تارىخىي نۇقتىنەزەرنى دەلىللىدى ۋە ھاياتنىڭ غەيرى ئورگانىكلاردىن پەيدا بولۇشى جانسىز ماددىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك (بىرقانچە مىليون يىللار داۋام قىلغان) تەدرىجى تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى دەپ كورسەتتى. سوۋېت ئالىملىرى دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمچە دۇنيا قاراشنى قىبلىنامە قىلىپ، ھاياتنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى تەزىرىيىنى تۈزۈپ چىقتى. ھاياتنىڭ پەيدا بولۇشى ھاياتنىڭ ئىپتىدائى ئۇلىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بولىدۇ، بۇنداق ئىپتىدائى ئۇل—ھاياتلىق ماددىسى، ھاياتلىق ماددىسىنىڭ ئاساسىي تەركىۋىي قىسمى—ئاقسىل ماددىسى. ئەتراپتىكى مۇھىت ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىۋاتقان شارائىتتا، ھاياتلىق ماددىسىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ھاياتلىق ماددىسىنىڭ تۈزۈلمە شەكلىنى ۋە

ھاياتلىق ماددىسى ئىقتىدارىنىڭ كۆپ خىللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئورگانىكلارنىڭ بۇنداق كۆپ خىللىقى ھازىرقى ئەڭ ئاددىي ئورگانىك جىسىمدىن تارتىپ ئادەمگە قەدەر بولغان غايەت زور مىقداردىكى ئورگانىك جىسىم بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. دارۋىنىزىم يەر شارىدىكى ھاياتلىقنىڭ تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي جەريانىنى ۋە ھەر خىل ئورگانىك جىسىملار مەنبەسىنىڭ قانۇنىيەتلىكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، تۈرلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى، تەرەققىي قىلىشىنى يارىتىش ھەركىتىنىڭ نەتىجىسى دەپ ھېساپلايدىغان ئىدىيالىستىك ۋە دىنىي ئىدىيىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. مىچۇرىن تەلىماتى دارۋىنىزىمنى ئىجادىي ھالدا راۋاجلاندۇرۇپ، ئورگانىك ھاياتنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىلمىي يوسۇندا دەلىللەپ بەردى. مىچۇرىن تەلىماتى ھازىرقى زامان بۇرژۇئا دۇنياسىدا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ۋېيسمانىزىم-مورگانىزىمنىڭ ھايات توغرىسىدىكى ئىدىيالىستىك نەزەرىيىسىنى مەغلۇپ قىلدى. بۇنداق ھايات نەزەرىيىسى ئورگانىك جىسىملارنى تاشقى مۇھىتنىڭ ھەل قىلغۇچ تەسىرىدىن ئايرىلغان ھالدا تەتقىق قىلىپ، قوشۇلۇش ۋە ئاجرىلىش تىپىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ ئورگانىك جىسىملارنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ. (ھۆجەيرە*گە قاراڭ.)

**ھايات كۈچ نەزەرىيىسى** Витализм 活力论 بىئولوگىيىدىكى ئىدىيالىستىك مەزھەپ، ئۇ جانلىق مەۋجۇداتلار ئورگانىزمىدا بىر خىل ئالاھىدە "ھايات كۈچ" (vis vitalis) مەۋجۇت دېگەن سۆز ئارقىلىق ھاياتلىق جەريانىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھايات كۈچ نەزەرىيىسى تەرەپدارلىرى مۇنداق دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ: ئورگانىك دۇنيا بىلەن غەيرى ئورگانىك دۇنيا ئوتتۇرىسىدا ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان بىر ھالقا بار، چۈنكى ئورگانىك دۇنيا جانلىق مەۋجۇداتلار ئورگانىزمىدىكى بارلىق فىزىكا-خىمىيىلىك جەريانىنى

باشقۇرىدىغان، مۇئەييەن مەقسەتكە ئىگە بولغان، ماددىدىن تاشقىرى
(تەبىئەتتىن تاشقىرى) بىر خىل كۈچ تەرىپىدىن ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈل-
گەن. ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى كائىناتنىڭ جېنى
بار دېگەن ئىدىيىدىن ھايات كۈچ نەزەرىيىسىنىڭ دەسلەپكى شەكلى
بارلىققا كەلگەن ئىدى. **پلاتون***نىڭ "چېكىگە يەتكەن سەۋەب"
توغرىسىدىكى ئىدىيالىستىك ئىدىيىسى، **ئارىستوتېل***نىڭ مەقسەت-
لىك ھالدا رول ئوينايدىغان سەۋەب ("ئىنتېلېخىيا") توغرىسىدىكى
ئىدىيالىستىك ئىدىيىسى ھايات كۈچ نەزەرىيىسىنىڭ كېيىنكى بارلىق
تەرەققىياتلىرىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى. ھايات كۈچ نەزەرىيىسى
بىئولوگىيە جەھەتتە ھەل بولىدىغان بەزى مەسىلىلەر ساھەسىدە
ئۆزىنىڭ سېپىنى مۇستەھكەملەشكە يېقىن-ئاخىر كۈچەپ تۇرۇنۇپ
كەلدى. مەسىلەن، 18-ئەسىردىكى ھايات كۈچ نەزەرىيىسى
تەرەپدارلىرى (شتال قاتارلىق كىشىلەر) "ھايات كۈچ" بولمىسا،
جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئورگانىزمىدىكى ئورگانىك ماددىلار بىرد-
كەلمەيدۇ دېگەننى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇندى. گېرمانىيە خىمىكى
ۋىللېر 1824-يىلى بىرىنچى بولۇپ غەيرىي ئورگانىك ماددىلارنى بىرىك-
تۈرۈپ ئورگانىك ماددا — سۈيدۈك ماددىسىنى ياسىدى. ۋىللېرنىڭ
كەشپىياتى مۇشۇ مەسىلىدە ھايات كۈچ نەزەرىيىسىگە ئەجەللىك
زەربە بەردى. روسىيە خىمىكلىرى (بۇتلېروۋ قاتارلىق كىشىلەر)
نىڭ خىزمەتلىرى ھايات كۈچ نەزەرىيىسىنى تارمار قىلىشتا تېخىمۇ
زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقان ئورگانىك ماددىلار-
نىڭ تۈزۈلۈشى توغرىسىدىكى نەزەرىيىگە ئاساسەن، كۆپ خىل
ئورگانىك ماددىلارنى تەجرىبىخانىدا بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلىنى تەتقىق
قىلىپ چىقتى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن، ئورگانىك خىمىيە ئوخشاش
بولمىغان نەچچە ئون مىڭ خىل ئورگانىك ماددىلارنى بىرىكتۈرۈش
يولى بىلەن بارلىققا كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئىچىدە ياغ، كاربون سۇ

بىرىكمىسى، خورمون ۋە ۋىتامىن قاتارلىقلار بار. ھايات كۆچ
نەزەرىيىسى تەرەپدارلىرى جانلىق مەۋجۇداتلار دۇنياسىدا ئاتالمىش
ئورگانىك جىسىملارنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىقلىقىنى ئىپادىلىنىدۇ، بۇنداق
ئەقىلگە مۇۋاپىقلىق ئورگانىك جىسىملارنىڭ مايىللىشىش تۈزۈلمىسىنى
ۋە ئورگانىك جىسىملارنىڭ ياشاش شارائىتىغا بولغان لايىقلىشىشىنى
بەلگىلەيدۇ دەپ دەۋا قىلىدۇ؛ ئۇلار مۇشۇنىڭدەك دىيىش ئارقىلىق
ئۇزلىرىنىڭ ساختا ئەلىماتىنى "دەلىللەش"كە ئۇرۇندى. دىنىي
جەمىيەت ئەربابلىرى تەبىئەت دۇنياسىدا "ئىلاھىنىڭ پاراستى" ئايان
بولىدۇ دىگەننى "ئىسپاتلاش" ئۈچۈن ھايات كۆچ نەزەرىيىسى
تەرەپدارلىرىنىڭ مۇشۇ ئويدۇرمىلىرىغا قىزغىن ئەگىشىپ كەتتى.
**دارۋىن*** مۇشۇ مەسىلىدە ھايات كۆچ نەزەرىيىسىگە ۋە راھىپلىققا
ئەجەللىك زەربە بەردى، ئۇ ئورگانىك جىسىملارنىڭ مۇھىتقا
مايىللاشقان ھالدا لايىقلىشالىشىنىڭ "ئىلاھىنىڭ پاراستى"دىن ياكى
مەقسەتلىك ھالدا رول ئوينايدىغان "ھايات كۆچ" تىن بولغان
بولماستىن، بەلكى تەبىي تاللىنىش تەسىرىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك
تارىخىي تەرەققىياتنىڭ نەتىجىسىدىن بولغانلىقىنى دەلىللىدى.
شۇنداق قىلىپ، خۇددى ماركس ۋە ئېنگېلس كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك،
دارۋىن ئورگانىك جىسىملارنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىقلىقىدىن ئىبارەت
بۇ مەسىلىنى ماتېرىيالىستىك ھالدا چۈشەندۈردى ھەمدە مەقسەت
نەزەرىيىسىنى تەبىئەت دۇنياسىدىن قوغلاپ چىقاردى. ھايات كۆچ
نەزەرىيىسى تەرەپدارلىرى ئورگانىك جىسىمدىكى ھاياتلىق جەريانى
گويا ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش ۋە ئايلىنىش قانۇنىنىڭ باشقۇرۇشىدا
بولمايدۇ دەپ ھېسابلىدى، ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئويدۇرمىلىرى
**تىمىريازېۋ***نىڭ فوتوسىنتېز توغرىسىدىكى شانلىق ئەسەرلىرى
تەرىپىدىن ئۈزۈل-كېسىل رەت قىلىندى. تىمىريازېۋنىڭ بۇ ئەسەر-
لىرى ئورگانىك جىسىملارنىڭ ھاياتلىق جەريانىدىمۇ ئوخشاشلا

ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش ۋە ئايلىنىش قانۇنىنىڭ ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

جاھانگىرلىك دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، "يېڭى ھايات كۈچ نەزەرىيىسى" نامى بىلەن بىئولوگىيىدىكى ئىدىيالىزمنى تىرىلدۈرىدىغان يېڭى غەرەز مەيدانغا كەلدى. غەرپتە، يېڭى ھايات كۈچ نەزەرىيىسىنىڭ ۋەكىللىرى درىش، ئىككىيول قاتارلىق كىشىلەر ئىدى. مېندېل، ۋېيسمان، مورگانلارنىڭ ساختا بىئولوگىيىسى شەكلى ئۆزگەرگەن بىر خىل ھايات كۈچ نەزەرىيىسى. ھازىر غەرپتە ھايات كۈچ نەزەرىيىسىنىڭ يېڭى دولقۇنى مەيدانغا كەلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ قوغدىغۇچىلىرى ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدىيالىزمدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىق توغرىسىدا ئاغزىغا تەگمەي گەپ ساتماقتا ھەمدە ھايات كۈچ نەزەرىيىسىگە تۈرلۈك يېڭى ناملارنى كەشىپ قىلماقتا (مەسىلەن، "جانلىق مەۋجۇداتلار نەزەرىيىسى"، "**پۈتۈنلۈك نەزەرىيىسى***" ۋە باشقىلار). ھازىرقى زامان ھايات كۈچ نەزەرىيىسى ئورگانىك جىسىملارنىڭ بىرلىكى ۋە مۇكەممەللىكى مەسىلىسىنى "ھەل قىلغانلىقى" بىلەن، ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل ئىدىيالىستىك سېپىنى قوغدىماقچى بولىدۇ. ھايات كۈچ نەزەرىيىسى تەرەپدارلىرى مۇنداق دەپ ھېسابلايدۇ: بىر خىل ئالاھىدە، سىرلىق ھايات كۈچ ئورگانىك جىسىملارنىڭ بارلىق ھاياتلىق پائالىيەتلىرىنىڭ ئىپادە جەھەتتىكى بىرلىكى ۋە مۇكەممەللىكىنىڭ مەنبەسى، ئۇلار "ئېنتېلېخىيا"، "ئۈستۈنلۈك"، "بىئولوگىيىلىك مەيدان" دېگەنگە ئوخشاش بەزى ئاتالغۇلار ئارقىلىق بۇنداق ئالاھىدە، سىرلىق ھايات كۈچىنى ئىپادىلەيدۇ. **پاۋلوۋ***نىڭ مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئالىي قۇرۇلمىلىق جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭ بارلىق ھاياتلىق پائالىيەتلىرىنى تەڭشەش جەريانىدا يېتەكچىلىك رول ئوينايدىغانلىقى توغرىسىدىكى تەلىماتى ئورگانىك جىسىملارنىڭ بىر پۈتۈنلۈك

ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ مەسىلىنى ماتېرىيالىستىك ھالدا ھەل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ھايات كۈچ نەزەرىيىسى تەرەپدارلىرىنى مۇستەھكەملەشكە ئۇرۇنغان ئاخىرقى ئىستىھكامدىن قوغلاپ چىقاردى. ئېنگېلس ۋە لېنىن دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم مەيدانىدا تۇرۇپ ھايات كۈچ نەزەرىيىسىنى تەنقىد قىلدى. ھېككېل، تىمىريازېۋ، ئى. ئى. مېچنىكوۋ" ۋە باشقا نۇرغۇن مەشھۇر تەبىي پەن ئالىملىرى يېڭى جانلىق كۈچ نەزەرىيىسىنى ماتېرىيالىستىك نۇقتىئىنەزەر بىلەن ئۆتكۈر ھالدا تەنقىد قىلدى، ئۇلار پەننى قوغداپ، ئۇنى ئىدىيالىزمنىڭ زىيىنىدىن ساقلىدى.

**赫拉克利特**（爱非斯地方的人） (ئېفېسلىق) **ھېراكلىت** (Гераклит· Эфесский (مىلادىدىن بۇرۇن 540—480) يۇنانىنىڭ ماتېرىيالىست پەيلاسوپى، دىئالېكتىكىغا ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى. ھېراكلىت مۇنداق دەپ تەلىم بېرىدۇ: "دۇنيا—ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر پۈتۈن گەۋدە، ئۇنى ھېچقانداق تەڭرى ياكى ھېچقانداق ئادەم ياراتقان ئەمەس، ئۇ قانۇنىيەت بويىچە يانغۇچى، قانۇنىيەت بويىچە ئۆچكۈچى مەڭگۈ تىرىك ئوت بولۇپ كەلگەن، ھازىرمۇ شۇنداق، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ." ھېراكلىتنىڭ نەزەرىدە، ئوت دەسلەپكى ماددا ۋە دەسلەپكى كۈچ. ئوتنىڭ ئۆزگىرىشى سەۋەبىدىن، ماددا سۇ ۋە تۇپراققا ئايلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىر پۈتۈن نەرسە نۇرغۇن نەرسىگە ئايلىنىدۇ يەنى كۆرمىگەن نەرسىگە ئايلىنىدۇ. ئوت سۇ ۋە تۇپراققا ئايلانغان چاغدا، ئۇ "ئۆچكەن"—"يوقالغان" بولىدۇ؛ ھېراكلىت ئوتنىڭ "يوقىلىش" جەريانىنى "تۆۋەنگە" چۈشىدىغان يول"، ئەمما "يۇقىرىغا چىقىدىغان يول بىلەن تۆۋەنگە چۈشىدىغان يول بىر يولدۇر" دەيدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، سۇ ئۆز نۆۋىتىدە يالقۇنلۇق ئوتنى پەيدا قىلىدۇ؛ ھەممە نەرسە بىر پۈتۈن نەرسىگە ئايلىنىدۇ؛ جىمى نەرسە ئوتقا ئايلىنىدۇ—ئوت



"يېلىنجايدۇ"، "كويىدۇ"؛ مانا بۇنىڭ ئۆزى "يۇقۇرىغا چىقىدىغان يول" بولىدۇ. ئالەمدىكى ئوت كۆرمىگىلىغان نەرسىگە ئايلىنىدۇ، بۇ نەرسىلەر يەنە ئوتقا ئايلىنىدۇ، خۇددى ئالتۇن تاۋارغا، تاۋار يەنە ئالتۇنغا ئالماشتۇرۇلغىنىدەك. ھېراكلىتنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئوت — ماددا، ھەممە ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئاساسى، ئۇ دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنى بىر بىرىگە تۇتاشتۇرىدۇ.

ھېراكلىت، دۇنيا پەيدا بولۇش ۋە يوقىلىشتىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك جەرياندا تۇرىدۇ، چۈنكى ھەممە نەرسە سىدىرلاپ تۇرىدۇ، ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، دەپ ھېساپلايدۇ. قەدىمقى تارىخىي ماتېرىياللاردا: "ھېراكلىتنىڭ قارىشىچە ئالەمدە جىمجىتلىق ۋە ھەركەتسىزلىك بولمايدۇ، چۈنكى جىمجىتلىق ۋە ھەركەتسىزلىك ئۆلۈپ قالغان نەرسىنىڭ 'خۇسۇسىيىتى'. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھەممە نەرسىدە ھەركەت بولىدۇ — مەڭگۈلۈك ماددىدا مەڭگۈلۈك ھەركەت، يوقىلىدىغان ماددىدا ۋاقىتلىق ھەركەت بولىدۇ" دەپ كۆرسىتىلگەن. ھېراكلىتنىڭ نەزىرىدە، دۇنيا بىر بىرى بىلەن كۆرەش قىلىدىغان ئۇرغۇنلىغان قارىمۇ-قارشى تەرەپلەردىن تەركىپ تاپقان. قارىمۇ-قارشى تەرەپلەر بىر بىرىگە ئايلىنالايدۇ: "سوغاق ئىسسىققا، ئىسسىق سوغاققا ئايلىنىدۇ؛ ھول قۇرۇققا، قۇرۇق ھولغا ئايلىنىدۇ." شۇڭا، بىر قارشى تەرەپنىڭ مەۋجۇتلۇغى يەنە بىر قارشى تەرەپنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بەلگىلەيدۇ: "كېسەللىك سالامەتلىكنىڭ قەدرى-قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ." ھېراكلىت قارىمۇ-قارشى تەرەپلەرنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشىنى كۆرسىتىپ بەردى. ھەمدە قارىمۇ-قارشى تەرەپلەرنىڭ كۆرىشى تەرەققىياتنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىگىنى كۆرۈپ يەتتى.

ئۇنىڭ نەزىرىدە، بارلىق ئۆزگىرىشلەر ئىنتايىن قاتتىق قانۇنىيەتلىككە بويسۇنىدۇ، دۇنيادىكى ھاياتلىقنىڭ ئىلاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئالاقىسى يوق. "ھەممە كۆرەش ئارقىلىق ۋە زورۇرىيەت بويىچە يۈز بېرىدۇ." ئۇ ماددىنىڭ ئەسلى زاتىنىڭ ئۆزىدە ئەسلىدىن بار بولغان بۇنداق قانۇنىيەتنى لوگوس دەپ ئاتايدۇ.

ھېراكلىتنىڭ دىيالېكتىكىسى تارىخىي چەكلىمىلىككە ئىگە. ھېراكلىت ھەركەتنى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ دەۋر قىلىشى دەپلا چۈشىنىدۇ. ئۇ ئالغا راۋاجلىنىش ئىدىيىسىنى چەتكە سىقىپ چىقىرىدۇ. ھېراكلىت ماددا ھايات نەزىرىيىسى تەرەپدارى ئىدى. بىلىش نەزىرىيىسى مەسىلىسىدە، ئۇ ماتېرىيالىستىك ئىدىيىنى راۋاجلاندۇردى، بىلىش تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشى داۋامىدا ئۇز ماھىيىتىنى ئاشكارىلىشى كېرەك دەپ ھېسابلىدى. ئۇ: تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سادا سىغا قۇلاق سېلىش، "ھەركەتتىكى تەبىئەت دۇنياسىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش" كېرەك، دەيدۇ. ئۇ ھىسسى بىلىشنىڭ رولىنىمۇ، ئەقلىيلىقنىڭ ئەھمىيىتىنىمۇ تەكىتلەيدۇ. سىياسىي نۇقتىنەزىرىدىن ئېيتقاندا، ھېراكلىت قۇلدارلار سىنىپىنىڭ مەنپەئەتىنىڭ ۋەكىلى، قەدىمقى زامان دېموكراتىك سىياسىي تۈزۈمنىڭ دۈشمىنى.

**ھېكسلىي**، توماس Гексли, Томас 赫胥黎，托马斯 (1825—1895) ئەنگىلىيە تەبىي پەن ئالىمى، **دارۋىن***نىڭ دوستى ۋە مۇرىتى. ھېكسلىي بىئولوگىيە، سېلىشتۇرما ئاناتومىيە، پالېئونتولوگىيە ۋە ئىنسانشۇناسلىققا دائىر نۇرغۇن چوڭ ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى دارۋىنىزىمنى قوغداش ۋە دەلىللەش ئىشىدا غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇ تەبىي پەن جەھەتتە ئىستىخىيىلىك ماتېرىيالىست ئىدى، پەلسەپە جەھەتتە بولسا ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدىيالىزم ئارىسىدا ئارا مەيداندا تۇرۇۋشقا ئۇرۇندى. ھېكسلىي شۇ چاغلاردا ھوكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئېنىق-روشەن

ئىدىيالىستىك مەزھەپكە قارشى ئىدى، لېكىن ئۇ يۇم*دىن كېيىن، بىزنىڭ تۇيغۇمىزنى قوزغىغان ھەقىقىي سەۋەبنى بىز مەڭگۈ راستى بىلەن بىلەلمەيمىز، دەپ دەلىللىدى. ھېكسلىي ئۆزىنىڭ پەلسەپە جەھەتتىكى بۇنداق مەيدانىنى "بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى" دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئېنىق ئىزھار قىلدى.

**ھېككېل،** ئېرنىست Геккель, Эрнст 海克尔, 恩斯特 (1834—1919) گېرمانىيىنىڭ ئاتاقلىق تەبىي پەن ئالىمى، دارۋىنىزمنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرى («ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى» پاكى «ئىنسانلارنىڭ تەرەققىيات تارىخى»، «ئورگانىك جىسىملارنىڭ ئومۇمى مورفولوگىيىسى» قاتارلىقلار)دە **دارۋىن***نىڭ تەدرىجى تەرەققىيات تەلىماتىنى راۋاجلاندۇردى ھەمدە ئۇنى ئېخىمۇ كونكرېتلاشتۇردى. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە بولۇپمۇ «ئالەمنىڭ سىرى» دېگەن مەشھۇر كىتاۋىدا ئىدىيالىزم ۋە راھىپلىقنى رەھىمسىز تۈردە تەنقىت قىلغان ھەمدە ئەڭ يېڭى ئىلىم-پەن نەتىجىلىرىگە ئاساسەن مۇكەممەل ماتېرىيالىزم سىستېمىسىنى ئورنىتىشقا ئىنتىلگەن. ۋاھالەنكى، ئۇنىڭ دىنغا قارشى كۈرىشى ئۆزۈل-كېسىل بولمىغان. ئەينى ۋاقىتتا تەبىي پەندە كىرىزىس پەيدا بولغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۈرۈمچىلىغان بۇرژۇئا تەبىي پەن ئالىملىرى ئىدىيالىزمنىڭ ۋە دىننىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان بولسىمۇ، لېكىن ھېككېل تەرەققىيپەرۋەر ئالىملار قاتارىدا تۇرۇپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە تەبىئەت تارىخى توغرىسىدىكى ماتېرىيالىزمنى قەيسەرلىك بىلەن قوغداپ، ماخىزىم، يېڭى كانتچىلىق ۋە تەبىي پەندىكى باشقا ئەكسىيەتچىل ئىدىيالىستىك، بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسىچە پەلسەپە مەزھەپلىرىگە قارشى كۈرەش قىلغان. ئەمما، ھېككېل تەرەققىي قىلىپ دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم سەۋىيىسىگە يەتمىگەن، پەقەت دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم مەيدانىدا تۇرغاندىلا، ئاندىن تەبىي

بەندىكى ئىدىيالىزىم ۋە راھىبلىقنى تەزىرىيە جەھەتتە يېڭىپ چىققىلى بولىدۇ. خۇداسىزلىقنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن ھېككېل 1906-يىلى "بىر مەنبەچىلىك تەرەپدارلىرى جەمئىيىتى"نى قۇردى. ھېككېلنىڭ ئىلغار پەن ئۈچۈن، ماتېرىيالىستىك دۇنياقاراش ئۈچۈن داۋىل، ئوچۇق-ئاشكارا قىلغان كۈرىشى گېرمانىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدىلا ئەمەس، بەلكى دۆلەت سىرتىدىكى ئەكسىيەتچى بۇرژۇئا دىنىي خۇقۇقچىلار تەبىقىسىنىڭ قارشىلىقىنىمۇ قوزغىغان. شۇڭلاشقا ھېككېل زەربىگە ۋە زىيانكەشلىككە ناھايىتى بەك ئۇچرىغان. لېنىن «ماتېرىيالىزىم ۋە تەجرىبە تەنقىتچىلىكى»دىكى ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: "ھېككېلنىڭ «ئالەمنىڭ سىرى» دېگەن كىتابى پارلىق مەدەنىي مەملىكەتلەردە زور غوغا قوزغىدى. بۇ، بىر تەرەپتىن، ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدىكى پەلسەپىنىڭ **پارتىيۋىلىككە** ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىنتايىن كەۋدىلىك ھالدا چۈشەندۈرۈپ بەردى، يەنە بىر تەرەپتىن، ماتېرىيالىزمنىڭ ئىدىيالىزمغا ھەم بىلگىلى بولماسلىق تەزىرىيىسىگە قارشى كۈرىشىنىڭ ھەقىقىي ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بەردى." («ماتېرىيالىزىم ۋە تەجرىبە تەنقىتچىلىكى»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 647-بەت)

ھېككېل 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئۆتكەن مۇتلەق زور كۆپچىلىك تەبىي پەن ئالىملىرىنىڭ تېخى قېلىپلاشقان ماتېرىيالىستىك خاھىشلىرىغا ۋەكىللىك قىلغان. ئۇلارنىڭ تەبىئەت تارىخى توغرىسىدىكى ئىستىخىيىلىك ماتېرىيالىزمىغا ۋەكىللىك قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھېككېلمۇ ماتېرىيالىستىك ئىدىيىنى قوغدىغان بىرمۇنچە بۇرژۇئا تەبىي پەن ئالىملىرىغا ئوخشاش ئۆزىنى ماتېرىيالىست دەپ ئاتاشقا جۈرئەت قىلالمىدى، چۈنكى ئۇ دەۋرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، "تىقىپ يۈرگەن،

ماتېرىيالىزمىغا قارشى بولغان چاكىنا بىر تەرەپلىمە قاراشلار"غا ئەھمىيەت بەردى (يۇقۇرىدىكى كىتاب، 650-بەت). ئۇ ماددىغا قارىتا ماددا ھايات قارشى چۈشەنچىسىدە بولۇپ، ماددىنىڭ ھەممىسىدە ھايات بار دەپ قارىغان. بارلىق بۇرژۇئا ماتېرىيالىستلىرىغا ئوخشاش مېخانىكىلىق ئىجتىمائى تۇرمۇشقا بولغان كوزقاراش جەھەتتە يەنىلا ئىدىيالىست ئىدى. ئۇ داروۋىننىڭ ھايات ئۈچۈن كۈرەش قىلىش قانۇنىيىتىنى جەمئىيەتكە كوچۈرۈپ كېلىپ، سوتسىيال داروۋىنىزمچى ۋە ئەكسىيەتچىل ئىرقچىلىق ئىدىيىسىنىڭ تەشۋىقاتچىسى بولۇپ قالغان.

**ھېس قىلماق** 感知 Перцепция ھېس قىلماق يەنى سەزگۈ-شەيئىلەرنىڭ سەزگۈ ئەزالىرى ئارقىلىق ئاڭدا بىۋاستە ئەكس ئېتىشى.

**ھېلۋېتىس**، كىلود ئادرىيان 爱尔维修，克劳德·阿德里安 Гельвеций, Клод Адриан (1715—1771) 18-ئەسىردىكى فرانسىيە ماتېرىيالىزمى ۋە خۇداسىزلىقنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى، فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى ئەرباپلىرىنىڭ ئىدىيىۋى پېشۋالىرىدىن بىرى. ھېلۋېتىس پەقەت ماددى نەرسىلەرنىڭلا ھەقىقى مەۋجۇدىيەت ئىكەنلىكىنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلىدۇ؛ ئۇ ئادەم مېڭىسىدە پەيدا بولغان تەسەۋۋۇر ۋە ئۇقۇم، ماددى رىياللىق ئۇچۇن ئېيتقاندا ئىككىلەمچى بولىدۇ دەپ ھېساپلايدۇ. ھېلۋېتىس جان ئۆلمەيدۇ دەپ تونۇۋالىدىغان دىننى ئەقىدىلەرنى مەسخىرە قىلىدۇ ۋە ئادەمنىڭ تەن تۈزۈلۈشى ئۇنىڭ روھىي تۇرمۇشىنى بەلگىلەيدۇ، دەيدۇ. بىلىش نەزەرىيىسى جەھەتتە، ئۇ ماتېرىيالىزملىق تۇيغۇ نەزەرىيىسى مەيدانىدا تۇرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "تۇيۇلمىغانلىكى نەرسىلەرنى ئىدرەكمۇ چۈشىنەلمەيدۇ." تۇيغۇ ماكان ۋە زاماندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تاشقى شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەر سەزگۈ ئەزا-



لىرىمىزغا تەسىر كۆرسىتىش ئارقىسىدا پەيدا بولدى. ھېلۋېتىس بىزنىڭ ھېسسى سەزگۈلىرىمىزنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. ھېلۋېتىس فرانسىيەدىكى باشقا ماتېرىيالىزمچىلارغا ئوخشاش بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسىنىڭ دۈشـ مىنى ئىدى.

ھېلۋېتىس — جەڭگىۋار خۇداسىزلىق تەرەپدارى، ئۇ خۇداغا ئېتىـ قات قىلىش بەزى كىشىلەرنىڭ نادان-بىلىمسىز بولغانلىقىنىڭ ۋە يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ ھەرەمزىلىك ھالدا ئالدامچىلىق قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى دەيدۇ. ئۇ دىن بىلەن زالىملىقنىڭ بىۋاسىتە باغلىنىشىنى بايقىغان. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھېلۋېتىسنىڭ ماتېرىيالـ زىمى مېخانىك ۋە مېتافىزىكىلىق ماتېرىيالىزم ئىدى. ئۇ تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ئىنقىلاۋىي ئەمەلىي پائالىيەتنىڭ ئۇلۇغ رولىنى تېخىمۇ چۈشىنىپ كېتەلمىگەن ئىدى. ئۇ ماتېرىيالىزم پرىنسىپلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى چۈشەندۈرۈش مەقسىدىدە، ماتېرىيالىزملىق بىلىش نەزەرىيىسىنى راۋاجلاندۇرغان ئىدى. بىراق ئۇمۇ ماركستىن ئىلگىرىكى بارلىق باشقا ماتېرىيالىزمـ چىلارغا ئوخشاشلا، ئىدىيالىزملىق تارىخقاراش مەيدانىدا تۇردى. ئۇ: ئادەم ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ مەھسۇلى، ئادەمنىڭ مىجەز-خۇلقى تۇغما نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇنى تەجرىبە، مۇھىت بەلگىلەيدۇ، دەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ ماتېرىيالىزملىق چىقىش نۇقتىسى. ئۇ مۇھىت ۋە سىياسىي ئاپارات بىر ئادەمنىڭ مىجەز-خۇلقىنىڭ شەكىللىنىشىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ دەپ ھېساپلايدۇ، بۇ تەرەققىپەرۋەر ئەھمىيەتكە ئىگە پىكىر. بۇنىڭدىن: شارائىتنى، جەمئىيەتنى ۋە فېئوداللىق مۇناسىۋەتلەرنى ئۆزگەرتىش كېرەك، دېگەن

ئىنقىلاۋىي خۇلاسە چىقىدۇ. "ئادەمنىڭ مىجەز-خۇلقىنى مۇھىت
بەلگىلەيدىكەن، ئۇ ھالدا مۇھىتنى ئادەمنىڭ تەبىئىتىگە ئۇيغۇن كېلى-
دىغان مۇھىت قىلىش لازىم." («ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»،
1957-يىل خەنزۇچە نەشرى، 2-توم، 167-بەت). فرانسىيە ماتې-
رىيالىزمچىلىرىنىڭ بۇنداق تەرەققىيپەرۋەر جەمىيەت قارىشى 19-
ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى خىيالىي سوتسىيالىزمچىلارغا تەسىر كۆرسەت-
كەن. لېكىن، يەنە بىر تەرەپتىن، ھېلۋېتىس ئىدىيالىزىملىق روھ
بىلەن: ئىجتىمائىي مۇھىتنى يەنە مەۋجۇت قانۇن پەيدا قىلغان دەپ
ھۆكۈم قىلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: "قانۇن ھەممىنى پەيدا قىلىدۇ."
قانۇننى بولسا يەنە كېلىپ جەمىيەتتە ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەن
ئىدىيە بەلگىلەيدۇ. ھېلۋېتىس ئىدىيىنى پايدىلىق، زىيانلىق ۋە
ھېچقىسى يوق ئىدىيە دىگەن ئۈچ تۈرگە بۆلىدۇ. كىشىلەر ئۆزلىرى
ئۈچۈن پايدىلىق، مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئىدىيە بويىچە ھەرىكەت
قىلىدۇ. ھېلۋېتىسنىڭ قارىشىچە، روھىي دۇنيا مەنپەئەت قانۇنىغا
بويسۇنىدۇ. ئادەملەر ئۆزىنىڭ تەبىئىتىدىن ئېيتقاندا ھەممىسى شەخسىي
مەنپەئەتپەرەس بولىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى جاما-
ئەت مەنپەئەتىنى كۆزلەيدىغان، ئەقلىي مەنپەئەتپەرەسلىك پىرىن-
سىپىغا رىئايە قىلىدىغان، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ پاراۋانلىقىنى كۆزلەيدى-
غان تەرەپلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەخلاق جەھەتتىكى كەمچىلىك
قانۇندا نۇقسان بولغانلىقىدىن بولىدۇ. ئىنسانلار جەمىيىتىنى بۇنداق
ئىدىيالىزىملىق بىلەن چۈشەندۈرۈشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى خۇلاسىسى:
"پىكىر دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ" دىگەندىن ئىبارەت. مۇھىتنى
ئۆزگەرتىش دىگەن تەلەپ، كاپىتالىستىك تۈزۈمنى فېودالىزملىق
تۈزۈمنىڭ ئورنىغا قويۇش تەلىۋىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ھېلۋېتىس-
نىڭ غايىسى شەخسىي مەنپەئەتنى مەقسەت قىلغان، مەرتىۋىسى بىر-
دىنلا يۇقۇرىلاپ كەتكەن، ئىجتىمائىي پاراۋانلىقنى ئاشۇرۇشقا قارشى

تۇرمايدىغان، لېكىن شەخسى مەنپەئەتكە زىيان يەتكۈزۈشكە بولمايدىغان بۇرژۇئازلار ئىدى. ھېلۋېتىس خۇسۇسى مۈلۈكچىلىك پىرىنسىپىنى قوغدايدۇ، ئۇ مۈلۈك جەمئىيەتتىكى تولىمۇ روشەن بولغان تەڭسىزلىككىلا قارشى تۇرىدۇ. بىراق ھېلۋېتىسنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ سىياسى تۈزۈمى ۋە قانۇنىغا قىلغان تەنقىدى شۇ چاغدا تەرەققىيپەرۋەرلىك ئىدى.

ھېلۋېتىسنىڭ روھ توغرىسىدا (1758) دىگەن ئاساسلىق ئەسىرى 18‑ئەسىردىكى پەلسەپۋى ئىدىيە ۋە خۇداسىزلىق ئىدىيىسى جەمئىيەتتىكى مەشھۇر، تالانتلىق ئەسەرلەردىن بىرى بولۇپ، لېنىن ئۇنىڭغا ناھايىتى يۇقۇرى باھا بەرگەن ئىدى. بۇ ئەسەر دىنىي ۋە ئىدىيالىزملىق دۇنياقاراشقا قارىتا ئېلان قىلىنغان جەڭنامە ئىدى. دىدىرونىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ ― "تۈرلۈك ئاداۋەتكە ئۇچرىغان قاتتىق بىر كالتەك". ئەكسىيەتچىلەر بۇ كىتابنى "خىرىستىيان دىنى ئاساسلىرى"نى ۋەيران قىلدى دەپ كۆيدۈرۈۋېتىشكە ھۆكۈم قىلغان. ھېلۋېتىسنىڭ ماتېرىيالىزملىق خۇداسىزلىققا ئائىت يەنە بىر مەشھۇر ئەسىرى ― 1773‑يىلى نەشر قىلىنغان ئادەم ھەم ئۇنىڭ ئەقلى ۋە تەربىيە توغرىسىدا. ھازىرقى زامان فرانسىيە ئەكسىيەتچى پەيلاسوپلىرىنىڭ ھەممىسى ھېلۋېتىسنىڭ تەرەققىيپەرۋەر ئىدىيىسىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. فرانسىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىدىيالىزملىق ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە قارشى كۈرەش قىلغاندا، ھېلۋېتىسنىڭ ۋە 18‑ئەسىردىكى باشقا ماتېرىيالىستلارنىڭ ماتېرىيالىزملىق ئەنئەنەلىرىنىڭ كارامەت ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.

**Гоббс, Томас 霍布斯，托马斯** ھوببېس، توماس (1588―1679) ئەنگلىيىنىڭ مەشھۇر ماتېرىيالىست پەيلاسوپى. ماركس مۇقەددەس ئائىلە دىگەن ئەسىرىدە ماتېرىيالىزم تەرەققىياتىنىڭ تارىخىنى تەھلىل قىلىپ كېلىپ: "ھوببېس بېكوننىڭ ماتېرىيا‑

لىزىمنى سىستېمىلاشتۇردى" دەپ يازدى. («ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 1957-يىل خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 2-توم، 163—164-بەتلەر) هوببېس F. بېكوندىن كېيىن، پەلسەپە جەھەتتىكى ۋە ئىجتىمائى-سىياسى مەسىلە جەھەتتىكى فېوداللىق ئىدىيىلەرگە قەتئى قارشى تۇرىدۇ. هوببېس ماددى بولمىغان ھەر-قانداق ئەسلى زاتنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى مۇتلەق ئىنكار قىلىدۇ، ئۇ؛ بارلىق "روھ" ياكى "ماددى بولمىغان ئەسلى زات"نىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ خىيالىنىڭ مەھسۇلى دەيدۇ. هوببېس ئۇقۇم شەيئىدىن بۇرۇن ئوبيېكتىپ ھالدا مەۋجۇت دەپ قارايدىغان ئىدېيالىستىك تەلىماتقا ماتېرىيالىزم مەيدانىدا تۇرۇپ قارشى تۇرىدۇ. هوببېس ئىدېيالىستلارنى جۈملىدىن ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەدرىس پەيلاسوپ-لىرىنى سوكۇپ مۇنداق دەيدۇ: "بۇ ئادەملەر: دۇنيادا ياشىغان، ياشاۋاتقان ياكى ياشايدىغان پېتر، ئىۋان ۋە باشقا ھەممە ئادەمدىن تاشقىرى، بىز 'ئادەم' ياكى 'ئومۇمى ئادەم' دەيدىغان يەنە بىر خىل نەرسە بار، دەپ ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشەندۇرمەكچى بولىدۇ." هوببېس؛ ئادەمدىن تاشقىرىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان جىسىملار بىردىن-بىر چىنلىق، تەسەۋۋۇر ۋە ئۇقۇم بولسا مۇشۇ جىسىملارنىڭ ئادەمنىڭ ئېڭىدىكى ئىنكاسى، دېگەننى قەتئى تەشەببۇس قىلىدۇ. هوببېس؛ جىسىمنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى سوزۇلۇش، پەقەت سوزۇلۇش بىلەن چوڭ-كىچىكلىكلا جىسىمنىڭ دائىملىق ۋە كەم بولسا بولمايدىغان خۇسۇسىيىتى، جىسىمنىڭ باشقا بارلىق خۇسۇسىيەتلىرى دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ. هوببېس ماكان بىلەن زاماننىڭ ماددىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك شەكلى ئىكەنلىكىنى تېخى چۈشەنمىگەن. بۇ ئۇنىڭ ماتېرىيالىزمىنىڭ كەمچىلىكىدىن بىرى ئىدى. هوببېس، ماكان "بىزنىڭ تاشقىرىمىزدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان نەرسىلەرنىڭ خىيالىي

ئوبرازى": "......زامان بىزنىڭ تاشقىرىمىزدىكى ئۆزىدىكى نەرسە ئىچىدە ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرىمىزدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ" دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھوببىس يەنە، ماكان بىلەن زامان ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان جىسىملارنىڭ بىزگە تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىلىق شەكىللەنگەن ئىككى خىل ئۇقۇم، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھەرىكەتمۇ ماددى مەۋجۇدىيەتنىڭ ئومۇمى شەكلى ئەمەس، ھەرىكەت تۇرغۇن ھالەتكە ئوخشاش ماددىنىڭ ئۆزىگە خاس بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پەقەت بىر خىل تاسادىپىلىق، بىر خىل ماھىيەتسىز ئالاھىدىلىكتىن ئىبارەت.

ھوببىس ماددىلارنىڭ خىلمۇ-خىل ھەرىكەت شەكلىنى مېخانىك ھەرىكەتكە يىغىنچاقلايدۇ، بۇ ھال ئۇنى شەيئىلەر سۈپىتىنىڭ مۇئەييەنلىكى (مەسىلەن، نۇر، ئاۋاز، پۇراق، تەم، رەڭ ۋە باشقىلار)نىڭ ئوبيېكتىپلىقىنى ئىنكار قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. ھوببىسنىڭ ماتېرىيالىزمى مېخانىك ماتېرىيالىزم، ماركس ھوببىسنى بېكون بىلەن سېلىشتۇرۇپ كېلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: بېكوننىڭ تەلىماتىدا ماددا "شېئىرى ھېسسىلىق تەبەسسۇمى بىلەن كىشىنىڭ پۈتۈن قەلبىنى كۈلۈمسىرىتىدۇ"، ھوببىسنىڭ ماتېرىيالىزمىدا بولسا "ھېسسىلىق ئۆزىنىڭ روشەن تۈسىنى يوقىتىپ گېئومېترىيە ئالىملىرىنىڭ ئابستراكت ھېسسىلىقىغا ئايلىنىپ قالىدۇ". («ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 1957-يىل خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 2-توم، 163—164-بەتلەر) بىلىش نەزەرىيىسى جەھەتتە، ھوببىس ئاساسىي جەھەتتىن تۇيغۇ نەزەرىيىسى تەرەپدارى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، بىلىم بىلەن چۈشەنچە تۇيغۇلار دۇنياسىدىن كېلىدۇ، دەيدىغان پىرىنسىپنى تەرەققىي قىلدۇرمىدى.

«لېۋىئافان» دېگەن كىتابتا، ھوببىس ئىدىيالىستىك مەيدانىنى ئاساس قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائى-سىياسىي نۇقتىسىنەزىرىنى شەر-

ھالەيدۇ. ھوببېسنىڭ نۇقتىنەزىرى بۇرژۇئازىيىنىڭ فېودال ئاقسۆڭەكلەرگە قارشى كۆرىشىدە تۇنجى ھەل قىلغۇچ غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلگەن شارائىتنىڭ تەسىرى ئاستىدا شەكىللەنگەن. ئۇنىڭ تەلىماتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى: "تەبىي ھالەت" ئاستىدا يەنى دۆلەت تەشكىلاتى ھاسىل بولۇشتىن ئىلگىرى "ئادەم ئادەمگە نىسبەتەن خۇددى بۆرىدەك ئىدى" دىگەن ھۆكۈمدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئادەملەر ئارىسىدا شەپقەتسىز كۈرەش يەنى "بارلىق ئادەم بارلىق ئادەمگە قارشى تۇرىدىغان ئۇرۇش" بولىدۇ. ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى بۇنداق ھالەت ئۇزاققا سوزۇلالمايدۇ. چۈنكى ئۇ نورمال تۇرمۇشنى بۇزىدۇ. ھوببېس خەلق كېلىشىمى نەزىرىيىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ دۆلەت قۇرۇشتىكى مەقسىدى جەمئىيەتنىڭ تېچلىقىغا كاپالەت قىلىش، دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. ئۇ دۆلەتكە سىمۋوللۇق بىر نام بېرىپ، ئۇنى "لېۋىئافان" (تەۋراتتا ئېيتىلغان چەكسىز قۇدرەتلىك چوڭ مەخلۇق) دەپ ئاتىدى. ھوببېس پادىشالىق تۈزۈمىنى غايىۋى ھاكىمىيەت تۈزۈمى دەپ قارىدى. ئۇ جەمئىيەتتىكى ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيىنى مۇتلەق ئىنكار قىلدى. ھوببېسنىڭ پىكرىچە، چوڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ ھوقۇقى چەكسىز بولۇشى كېرەك ئىكەن. ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ـ سىياسىي نۇقتىنەزىرىدىكى ئاكتىپ ئامىل ئۇنىڭ دۆلەت ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى ئىلاھىيەت ئەقىدىلىرىنى تەنقىت قىلغانلىقىدا. لېكىن ئۇ بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىنى تەرەققىياتنىڭ چېكى دەپ قارايدۇ. ھوببېسنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى: "پۇقرالار توغرىسىدا" (1642)، "لېۋىئافان" (1651).

**ھوقۇق** 法 Право ھوقۇق كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى بەلگىلىك ئۇسۇل ئارقىلىق تەڭشەيدىغان دۆلەت نىزامى ۋە دۆلەت قانۇنىنىڭ يىغىندىسى. ھوقۇق جەمئىيەتتىكى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ دۆلەت قانۇنى دەپ

كورسىتىلگەن ئىرادىسى. ماركس ۋە ئېنگېلس «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»دا بۇرژۇئازىيە ھوقۇقىنىڭ خاراكتېرىنى بۇرژۇئازىيىگە تۇۋەندىكى سۆز بىلەن چۈشەندۈرگەن ئىدى: "...... سىلەرنىڭ ھوقۇقۇڭلار ئۆز سىنىپىڭلارنىڭ قانۇن دەپ كۆرسىتىلگەن ئىرادىسى، خالبۇكى، بۇنداق ئىرادىنىڭ مەزمۇنىنى ئۆز سىنىپىڭلارنىڭ ماددىي تۇرمۇش شارائىتى بەلگىلەيدۇ." (ماركس-ئېنگېلس: «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»، 1971-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 74-بەت) ماركس ۋە ئېنگېلسنىڭ بۇرژۇئازىيە ھوقۇقى توغرىسىدىكى بۇ تەبىرى ھەرقانداق ھوقۇقنىڭ ماھىيىتى ۋە مەزمۇنىنى بىلىشتىكى چىقىش نۇقتا. ماركسىزىم-لېنىنىزىم بىزگە مۇنداق دەپ تەلىم بېرىدۇ: ھوقۇق ۋە قانۇن مۇناسىۋەتلىرى ئىجتىمائى تۇرمۇشتىكى ئىقتىسادىي شارائىتنىڭ ئىنكاسىدىنلا ئىبارەت، ئۇلار ئۆزىدىنمۇ، ئىنسانىيەت روھىنىڭ تەرەققىياتىدىنمۇ بارلىققا كېلەلمەيدۇ ھەمدە كىشىلەر تەرىپى-دىن چۈشىنىۋېلىنمايدۇ. ھوقۇقنىڭ مەزمۇنى جەمئىيەتتىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر، جەمئىيەتتىكى ئىقتىسادىي بازىس تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

سوۋېتنىڭ سوتسىيالىستىك ھوقۇقى سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ قانۇن قىلىپ كۆرسىتىلگەن ئىرادىسى، خالبۇكى، بۇ ئىرادىنىڭ مەز-مۇنى ئىشچىلار سىنىپى دىكتاتۇرىسى ئالدىغا قويۇلغان ۋەزىپىلەر تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بۇ ۋەزىپىلەر تۆۋەندىكىچە: ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنى باستۇرۇش (ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار تېخى يوقىتىلمىغان چاغدا)، ئىشچىلار سىنىپى دېھقانلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش، سوتسىيالىزىم ۋە كوممۇنىزىم قۇرۇش. سوۋېتتىكى سوتسىيا-لىستىك ھوقۇق ۋە قانۇن تۈزۈش—ئىشچى-دېھقانلارنىڭ سوتسىيا-لىستىك دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي بازىسىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن قوللىنىدىغان ئاساسىي ۋاستىسى. ئىشچى-دېھقانلارنىڭ سوت-

سىيالىزىم مۇسىنى قوغداش ئۈچۈن قوللىنىدىغان ئاساسىي ۋاستىسى، بۇنىدىن كېيىن كوممۇنىزىمنىڭ يۇقىرى باسقۇچىغا قاراپ ئالغا قەدەم تاشلاشتىكى ئاساسىي ۋاستە.

دۆلەت چىقارغان قانۇن بىلەن ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. لېكىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بەزى ئىقتىسادشۇناسلىرى ۋە قانۇنشۇناسلىرى بۇ ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ، شۇڭا ئۇلار ئىرادىچىلىك نۇقتىسىنەزىرىدە تۇرۇپ، ئىجتىمائىي قانۇنىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ خاراكتېرىنى ئىنكار قىلىدۇ. كىشىلەرگە باغلىق بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى ئىجتىمائىي قانۇنىيەتكە ئوخشىمايدۇ، دۆلەت چىقارغان قانۇن كىشىلەرنىڭ ئىرادىسى بويىچە تۈزۈلىدۇ. ئۇلار پەقەت قانۇنىي جەھەتتىلا كۈچكە ئىگە بولىدۇ. بۇ قانۇنلار مەلۇم سىنىپنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ھەمدە بۇ مەنپەئەتلەرنى قوغداش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان بولىدۇ.

**ھولباخ،** پول ئانرى 霍尔巴赫, 保尔·昂利 Гольбах, Поль Анри (1723—1789) فرانسىيىنىڭ 18-ئەسىردىكى ماتېرىيالىزىمى ۋە خۇداسىزلىق نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىي ۋەكىللىرىدىن بىرى، فرانسىيىنىڭ ئىنقىلاۋىي بۇرژۇئا مۇتەپەككۇرى، «قامۇس»نى تۈزگۈچىلەردىن بىرى. «تەبىئەت سىستېمىسى» (بۇ كىتابتا فرانسىيە ماتېرىيالىزىمىنىڭ ئىلغار تەبىئەت پەن بىلەن بولغان باغلىنىشى روشەن ئىپادىلەنگەن) دېگەن مەشھۇر ئەسىرىنىڭ ۋە «نىقابى ئېچىپ تاشلانغان خىرىستىيان دىنى»، «ئىلاھىيەت رىسالىسى»، «مۇقەددەس مەرەز» دېگەنگە ئوخشاش دىننى سۆكىدىغان نۇرغۇن ماقالىلارنىڭ ئاپتورى. ھولباخ پەلسەپىدىكى ئاساسىي مەسىلىلەرنى ماتېرىيالىزىملىق روھ بىلەن ھەل قىلىدۇ، تەبىئەت دۇنياسى پۈتۈن كائىناتنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ھولباخنىڭ قارىشىچە، ماددا كىشى-



لەرنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئوبيېكتىپ چىنلىق. ئۇ، سوزۇلۇشچانلىق، ھەركەتچانلىق، بۆلۈنۈشچانلىق، قاتتىقلىق، ئېغىرلىق ۋاھاكازالار ماددىنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى، زىچلىق، سالماق، ھالەت، رەڭ ۋاھاكازالار بولسا ماددىنىڭ بېقىندىلىق خۇسۇسىيىتى، دەپ قارايدۇ.

ھولباخنىڭ زور تۆھپىسى ئۇنىڭ ھەركەتنىڭ ماددىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان خۇسۇسىيىتى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىدا. لېكىن ئۇ مېتافىزىكىلىق مېخانىك ماتېرىيالىزمچى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەركەتنى جىسىمنىڭ بوشلۇقتىكى ئاددىي يۆتكىلىشى دەپ چۈشىنىدۇ. ئۇ كەشپ قىلغان ھەركەت تۈرلىرىنى ئايرىش ئۇسۇلى بىر خىل توقۇل مېخانىكىلىق نەزىرىيە. ھولباخنىڭ تەلىماتى ئىلاھىيەتكە ۋە ئىدىيالىزمغا قارشى تۇرۇشنى، **بېركلى***نىڭ سۇبيېكتىپ ئىدىيالىزمغا قارشى تۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ھولباخ تەبىئەت دۇنياسى مەڭگۈ مەۋجۇت، ئۇنى ھېچكىممۇ يارىتالمايدۇ ۋە يوقىتالمايدۇ دەپ قارايدۇ. ھولباخ: "ماددا ئۆزىنىڭ كۈچى بىلەن ھەركەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ ھەركەت قىلىشى ئۈچۈن ھېچقانداق تاشقى تۈرتكە ھاجەت ئەمەس" دەپ ئۆگىتىدۇ. ھولباخ، تەڭرى ئەرۋاھ توغرىسىدىكى ھوكۇم ئاددىي ساۋاتقا خىلاپ كېلىدىغان بىمەنە خام خىيال، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئاڭ قۇرۇلمىلىق ماددىنىڭ خۇسۇسىيىتى. «تەبىئەت سىستېمىسى» دېگەن كىتابىدا، ھولباخ ئادەمنى ئىلاھىي تەرسە دەپ قارايدىغان دىنىي ئۇقتىسنەزەرلەرنى كەسكىن تەنقىت قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ: "ئادەم تەبىئەتنىڭ مەھسۇلى، ئۇ تەبىئەت دۇنياسىدا ياشايدۇ، تەبىئەت قانۇنىيىتى تەرەپىدىن ئىزگىنلىنىدۇ، ئۇنىڭ تەبىئەتتىن قۇتۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس؛

ئۇ (ھەتتا ئىدىيە جەھەتتە) تەبىئەتتىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ.» ئادەم تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى، ئۇ بارلىق جىسىملارغا ئوخشاش تەبىئەت قانۇنىيىتىگە بويسۇنىدۇ. ئىدىيالىستىك پەيلاسوپلار ئادەمنى تەن ۋە روھ دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈشكە ئۇرۇنىدۇ، ھولباخ بۇنىڭ قىلچە ئاساسى يوق دەپ قارايدۇ. «ئادەم تۈزۈلۈك ماددىسىدىن تەركىب تاپقان قۇرۇلمىلىق پۈتۈن گەۋدە.» ھولباخ ئىدىيالىستلارنىڭ ئۇقتىسنەزىرىگە يەنى ئۇلارنىڭ ئۆلمەس جاننىڭ مەۋجۇتلۇقى توغرىسىدىكى ئېتىقاتلىرىغا رەددىيە بېرىپ كېلىپ مۇنۇلارنى دەلىللىدى: ئادەمنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ئادەمنىڭ جىسمانى تۈزۈلۈشىگە باغلىق. تۇيغۇ كۈچى بىزنى دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ھېچقانداق تۇغما كۆزقاراش يوق. ئادەم ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىدىن ئەمەس، بەلكى تاشقى دۇنيادىن چۈشەنچە ھاسىل قىلىدۇ. ھولباخ مەقسەت نەزەرىيىسىگە ئۆزىنىڭ مېخانىك مۇئەييەنلىك نەزەرىيىسى بىلەن قارشى تۇرىدۇ. ئۇ بىز چۈشىنىپ ئېچىگە يېتەلمىگەن ھادىسىلەرنى تاسادىپىي ھادىسە دەپ ئاتايدۇ. ئۇ تاسادىپىيلىقنىڭ ئوبيېكتىپ خاراكتېرىنى چۈشەنمەيدۇ. ئۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىر خىل تەقدىرنىڭ جەريانى دەپ چۈشىنىدۇ.

ھولباخ ئىنسانلار جەمئىيىتىنى ئىدىيالىستىك، بۇرژۇئا ئاقارتىش ھەركىتى مەيدانىدىن كۆزىتىدۇ. ھولباخ گەرچە ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ خاسلىقنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلسىمۇ ،لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە: «پىكىر دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ» دېگەن ناتوغرا ئىدىيالىستىك يەكۈننى چىقىرىدۇ. ئۇ: ماتېرىيىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئەقلىيلىقنى ئوتتۇرا ئەسىردىكى جاھالەتلىك ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغاندىلا، ئىنسانلار فېئوداللىق زۇلۇمدىن قۇتۇلالايدۇ.

دەپ ھوكۇم قىلىدۇ. فرانسىيىنىڭ بۇرژۇئا مۇتەپەككۇرى بولغان ھولباخ ئاممىنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەركىتىدىن قورقۇپ، "يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە قاراپ ئېلىپ بېرىلىدىغان" ئىنقىلاپنى يەنى "مۇكەممەل بولغان" قانۇن ئارقىلىق فېئوداللىق تەبىقە تۈزۈمىدىن تېچ يول بىلەن بۇرژۇئازىيە تۈزۈمىگە ــ پادىشالىق ـ ئاساسىي قانۇنلۇق ھاكىمىيەتكە ياكى ھەتتا "تەرەققىيپەرۋەر" پادىشالىق ھاكىمىيەتكە ئۆتۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ھولباخ گەرچە دىنىنى سۆككەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دىنىنى نادانلىقنىڭلا نەتىجىسى دەپ قارايدۇ، ئۇ ھەم دىنىنى تارىخىي يوسۇندا تەنقىت قىلالمايدۇ، ھەم دىنىي دۇنياقاراشنىڭ سىنىپىي ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرەلمەيدۇ. لېكىن ئۇنىڭ خۇداسىزلىق توغرىسىدىكى ماقالىلىرى دىنىي جاھالەتلىك كۈچلەرگە ۋە خۇراپىيلىققا قارشى كۆرەشتە غايەت زور رول ئوينىدى. تا بۈگۈنگىچە ۋاتىكاننىڭ غالچىلىرى ھولباخقا "رەددىيە" بېرىپ كەلمەكتە.

**ھەركەت** 运动 Движение ماددىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئۇسۇلى، شەكلى، ماددىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ۋە كەم بولسا بولمايدىغان خۇسۇسىيىتى. ھەركەتمۇ ماددىغا ئوخشاش، مەڭگۈلۈك بولىدۇ، ئۇنى ياراتقىلىمۇ، ۋەيران قىلغىلىمۇ بولمايدۇ. دۇنيا ــ ھەركەت قىلىپ تۇرۇۋاتقان ماددا. ھەركەتسىز ماددىنىمۇ ۋە ماددىسىز ھەركەتنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ھەركەتنىڭ مەنبەسى ماددىنىڭ ئۆزىدە بولىدۇ، شۇڭا ھەركەتنى تۇنجى تۈرتكە ياكى ياراتقۇچى ئىگەم، خۇدا ۋە باشقا سىرلىق كۈچلەرگە ئوخشاش "تۈرتكە" بىلەن چۈشەندۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان فىزىكا جەھەتتىكى يېڭى كەشپىياتلار ماركسىزملىق ھەركەت تەلىماتىنى تامامەن دەلىللەپ بەردى. فىزىكىدا كەشىپ قىلىنغان ماسسا بىلەن ئېنېرگىيىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى قائىدە بۇنىڭ مىسالى.

بۇ قائىدە بويىچە، ئېنېرگىيىسىز ماسسا مەۋجۇت ئەمەس، بۇنىڭ ئەكسىچە، ھەرقانداق ماسسا مەلۇم ئېنېرگىيىگە ماسلىشىدۇ، ھەرقانداق ئېنېرگىيە مەلۇم ماسسىغا ماسلىشىدۇ؛ ئېلېكترون ھەركىتىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ماسسىسىمۇ ئارتىپ بارىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھازىرقى زامان ئىلىم-پەننى مېتافىزىكىلىق كونا تەبىيەتشۇناسلارغا خاس بولغان، ماددا بىلەن ھەركەتنى ئايرىۋېتىدىغان ئۇقۇمنى يەنىلا ئاغدۇرۇپ تاشلىدى، كونا، مېتافىزىكىلىق تەبىيەن ماددىنى ھەركەتتىن چەتلىگەن دەپ قارايدۇ، ئۇلۇغ، قاشاڭ ماسسا دەپ قارايدۇ.

يەلسەپىدىكى ۋە فىزىكىدىكى ھازىرقى زامان ئىدىيالىستلىرى يېڭى كەشپىياتتىن پايدىلىنىپ ھەركەتنىڭ ماددىسىزلىقىنى ئىسپاتلاشقا، لېنىن «ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىدچىلىكى»* دە ئېچىپ تاشلىغان ئىدىيالىستىك "ئېنېرگىيىچىلىك"* نى تىرىلدۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. مەسىلەن، يادروغا يېقىن تۇرىدىغان فوتوننىڭ ماددىنىڭ مەنپىي ۋە مۇسبەت ئېلېكترونلار جۈپىگە ئۆزگىرىشىدەك پاكىت ماددا ھەركىتىنىڭ ساپ، ماددىسىز ئېنېرگىيىسىدىن پەيدا بولۇشى دەپ چۈشەنىلىدى، مەنپىي ۋە مۇسبەت ئېلېكترونلارنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە فوتونغا ئۆزگىرىشىدەك پاكىت بولسا ماددىنىڭ يوقىلىشى، ساپ ئېنېرگىيە ۋە ساپ ھەركەتنىڭ پەيدا بولۇشى دېيىلدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ پاكىت دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ ھەركەت بىلەن ماددا توغرىسىدىكى، ھەركەت بىلەن ماددىنىڭ ئايرىلماس ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى تەلىماتىنى شانلىق تۈردە دەلىللىدى، چۈنكى مەيلى فوتون، مۇسبەت ئېلېكترون ياكى مەنپىي ئېلېكترون بولسۇن، ھەممىسى ماددى بولىدۇ، ھەممىسى ھەركەت قىلىپ تۇرىدىغان ھالەتتە تۇرىدۇ؛ ئۇلارنىڭ بىر بىرىگە ئايلىنىشى ھەركەت قىلىۋاتقان ماددىنىڭ بىر خىل شەكىل ۋە ھالەتتىن باشقا بىر خىل شەكىل

ۋە ھالەتكە ئۆتۈشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ھەرقانداق ھەرىكەتنىڭ ئىچكى تۈرتكىسى زىددىيەتتىن، قارىمۇ-قارشى تەرەپلەرنىڭ كۈرىشىدىن ئىبارەت. ئەڭ ئاددىي ھەرىكەت — جىسىمنىڭ ماكاندىكى ئورنىنىڭ يۆتكىلىشىمۇ زىددىيەت، چۈنكى ھەرىكەت قىلىۋاتقان جىسىم ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇنى بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە شۇ يەردە دېيىش مۇمكىن، شۇ يەردە ئەمەس دېيىشمۇ مۇمكىن. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم جىسىمنىڭ ماكاندىكى ئورنىنىڭ يۆتكىلىشىنىلا ھەرىكەت دەپ قالماستىن، تەبىئەت دۇنياسىدا ۋە جەمئىيەتتە يولۇقىدىغان ھەرقانداق ئاددەتتىكى ئۆزگىرىشنىمۇ ھەرىكەت دەيدۇ. ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي شەكىللىرى مۇنۇلار: ئالاھىدە قانۇنىيەت بويىچە بولىدىغان ماددا مىكرو زەررىچىلەرنىڭ ھەرىكىتى (ئېلېكترون، نېيترون قاتارلىقلار)، مېخانىك ھەرىكەت (جىسىمنىڭ ماكاندىكى ئورنىنىڭ يۆتكىلىشى)، فىزىكىلىق ھەرىكەت (ئىسسىقلىقنىڭ مالېكۇلىلار ھەرىكىتى، يورۇقلۇق، ئېلېكتىر ۋە باشقىلار)، خىمىيىۋى ھەرىكەت (ئاتوملارنىڭ بىرىكىشى ۋە ئاجرىلىشى)، ئورگانىك جىسىم ھەرىكىتى ياكى ھاياتلىق (ھۈجەيرە، ئورگانىك جىسىم)، ئاڭ، ئىجتىمائىي تۇرمۇش. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر ھەرىكەت شەكلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بار، شۇڭا، يۇقىرى دەرىجىلىك ھەرىكەت شەكلىنى تۆۋەن دەرىجىلىك ھەرىكەت شەكلىگە يىغىنچاقلاش توغرا ئەمەس؛ تەپەككۇر قانۇنىيىتىنى ئورگانىك جىسىملارنىڭ ھاياتلىق قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان بىئولوگىيە ئارقىلىقلا تەرىپلەشكە بولمايدۇ؛ شۇنىڭدەكلا ئورگانىك جىسىملارنىڭ رولىنى فىزىكىدىكى ياكى مېخانىكىدىكى ئىسسىقلىق قائىدىسى، تارتىش قائىدىسى قاتارلىقلار بىلەن تولۇق چۈشەندۈرۈشكىمۇ بولمايدۇ. چاكىنا بۇرژۇئازىيە ئىجتىمائىيەتشۇناسلىرىنىڭ ئىقتىسادىي كرىزىسنى ياكى ئىنقىلابنى قۇياشتىكى قارا داغ ياكى

پىلانىتلار ھەرىكىتى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە كەلسەك، بۇمۇ ئوخشاشلا بىمەنىلىك. مېخانىزىمچىلار ئادەتتە يۇقۇرى دەرىجىلىك ھەرىكەت شەكىللىرى فىزىكىلىق ھەرىكەت، خىمىيۇۋى ھەرىكەت ياكى مېخانىك ھەرىكەت ئاساسىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ دېگەن قاراشتى دەلىل كەلتۈرۈشىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق يۇقۇرى دەرىجىلىك ھەرىكەت شەكلىنى تۆۋەن دەرىجىلىك ھەرىكەت شەكلىگە يىغىنچاقلاشقا ئۇرۇنىدۇ. لېكىن مېخانىك ماتېرىيالىستلار چۈشەنمەيدۇكى، تۆۋەن دەرىجىلىك ھەرىكەت شەكلى بۇنداق ئەھۋالدا ئاساسلىق ئەمەس، بەلكى يېقىنىشلىق بولىدۇ، يۇقۇرى دەرىجىلىك ھەرىكەت شەكلىنىڭ ماھىيىتىنى ئۇنىڭ بىلەن تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس. "شۈبھىسىزكى، بىز كۆنلەرنىڭ بىرىدە تەپەككۇرنى تەجرىبە ئۇسۇلى ئارقىلىق مېڭىدىكى مالېكۇلىلىق ۋە خىمىيىلىك ھەرىكەت دەپ 'خۇلاسىلاپ' قويۇشىمىز مۇمكىن؛ لېكىن بۇنداق قىلىش بىلەنلا تەپەككۇرنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق ھالدا ئۆز ئىچىگە ئالغان بولامدۇ؟" (ئېنگېلس، «تەبىئەت دىيالېكتىكىسى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 431-بەت) ماددا ھەرىكىتىنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرى ئۆزئارا باغلانغان بولىدۇ ۋە بىر بىرىگە ئايلىنىدۇ؛ مۇئەييەن شارائىتتا مېخانىك ھەرىكەت فىزىكىلىق ھەرىكەت شەكلىگە ئايلىنىدۇ، فىزىكىلىق ھەرىكەت خىمىيۇۋى ھەرىكەت شەكلىگە ئايلىنىدۇ، ۋاھاكازا.

ھەرىكەت مۇتلەق بولۇش ۋە ئومۇمى يۈزلۈك بولۇش خاراكتېرىغا ئىگە، مەيلى قاچان ۋە قەيەردە بولسۇن. مۇتلەق جىمجىتلىق، مۇتلەق مۇۋازىنەت بولمايدۇ. مەسىلەن، تاش، ئۆي ۋە جوزا يەر شارىغا نىسبەتەن ئېيتقاندىلا جىمجىت، لېكىن ئۇلار يەر شارىغا ئەگىشىپ يەر شارىنىڭ ئوقىنى ۋە قۇياشنى دەۋرىي قىلىپ ھەرىكەت قىلىدۇ، شۇنداقلا قۇياش سىستېمىسى بىلەن بىللە ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، جىسىمدىمۇ ئىچكى مالېكۇلىلار ھەرىكىتى ۋە ئىچكى

ئاتوم ھەرىكىتى بولىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، جىسىملىق ۋە مۇۋازىنەت پەقەتلا ھەرىكەتنىڭ بىر تەركىبىدىنلا ئىبارەت. پەقەت ھەرىكەتلا مەڭگۈلۈك، مۇتلەق، ئۇزاق ۋاقىتلىق بولىدۇ. جىسىملىق باشتىن-ئاخىر نىسپىي، ۋاقىتلىق بولىدۇ. "......ئايرىم ھەرىكەت تەڭپۇڭلۇققا يۈزلىنىدۇ، ئومۇمىي ھەرىكەت بولسا يەنە ئايرىم تەڭپۇڭلۇقنى بۇزىدۇ." (ئېنگېلس. «تەبىئەت دىيالېكتىكىسى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 428-بەت) ماركسىزم پەلسەپىسى رېئاللىقتىكى ھەر بىر شەيئى، ھەر بىر ھادىسىنى ئۈزلۈكسىز ھەرىكەت قىلىش، راۋاجلىنىش ۋە ئۆزگىرىش ھالىتىدە تۇرىدۇ، پەيدا بولۇش ۋە يوقىلىش، ۋەيران بولۇش ۋە يارىلىش جەريانىدا تۇرىدۇ دەپ قارايدۇ. شەيئىنى پەيدا بولىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ، ئۆزگىرىدۇ دەپ ھېسابلاش ھەقىقىي رېئاللىقنى ئاساس قىلغانلىق، ماركسىزملىق دىيالېكتىكىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم تەلىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىق بولىدۇ.

**ھەرىكەتچىلىك** 行为主义 Бихевиоризм (ئىنگلىزچىسى behaviour—ھەرىكەت) ھازىرقى زامان ئامېرىكا بۇرژۇئا پسىخولوگىيىسىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر ئېقىملارنىڭ بىرى (ۋەكىللىرى ۋاتسون، لېشلى، ۋېيس، تولمان قاتارلىق كىشىلەر). ھەرىكەتچىلىك تەرەپدارلىرى ئاڭ—يۇقىرى قۇرۇلمىلىق ماددىلارنىڭ ئىقتىدارى—نىڭ چىنلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ ھەمدە ئىنسانلارنىڭ روھىي ھالىتىنى پۈتۈنلەي ئورگانلار جىسىملارنىڭ ئۆزىگە كەلگەن تەسىرىنىڭ فىزىيولوگىيىلىك ئىنكاسىغا يىغىنچاقلايدۇ. ۋاتسوننىڭ سۆزى بويىچە، "بۇ ناملار، مەسىلەن، ئاڭ، تۇيغۇ، سەزگۈ، تەسەۋۋۇر پاكى ئىرادە قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتىنى تەسۋىرلىگەندە چىقىرىپ تاشلاشقا بولىدۇ". شۇنداق قىلىپ، ھەرىكەتچىلىك پسىخولوگىيىنىڭ تەتقىقات نىشانىنى پسىخولوگىيىدىن چىقىرىپ تاشلايدۇ. **پاۋلوۋ**"نىڭ ئالى

نېرۋا پائالىيىتى توغرىسىدىكى ماتېرىيالىستىك تەلىماتى بۇنداق
بىمەنە. مېخانىكىچىلىق نۇقتىنەزەرىنى رەت قىلىپ تاشلىدى، روھىي
ھالەت جەريانىنىڭ ماددىي ۋە فىزىئولوگىيىلىك ئاساسىنى ئېچىپ
كۆرسەتتى. ھەركەتچىلىك ئاڭنىڭ بارلىق شەكلىنى پەن دائىرىسىدىن
سىرتقا قاقىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىدىيالىزىم ۋە راھىپلىق ئۈچۈن يول
ئېچىپ بېرىدۇ.

ھەركەتچىلىك ئادەملەرنىڭ ھەركىتى بىلەن ھايۋانلارنىڭ
ھەركىتىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ۋاتسون مۇنداق دەيدۇ: "ئادەم
بىيولوگىيىدىكى جانلىق مەۋجۇدات. ئۇنى باشقا ھەرقانداق ھايۋاننى
تەتقىق قىلغاندەك ئوخشاش تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ." ھەركەتچىلىك
ئادەم بىلەن ھايۋان ئوتتۇرىسىدىكى تۈپ، ماھىيەتلىك پەرقنى
يوققا چىقىرىدۇ، شۇنداق قىلىپ كىشىلەرنىڭ ئىنسانىيەت ئېڭى
تەرەققىياتىنىڭ ئىجتىمائىي قانۇنىيىتىنى ئىلمىي ھالدا بىلىشكە
توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ھەركەتچىلىك تەپەككۇر بىلەن تىلنىڭ ئۆزئارا
باغلىنىشىنى بۇرمىلايدۇ. ئۇ تەپەككۇرنى تىلغا يىغىنچاقلاپ، بۇنىڭ
بىلەن ئۇنى تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ ئايرىلماس باغلىنىشى، ئۇلار-
نىڭ بىرلىكى ئورنىغا دەسسەتمەكچى بولىدۇ. ۋاتسوننىڭ قارىشىچە،
تەپەككۇر پەقەت "مۇسكۇللار ھەركىتى" نىڭ بىر خىل شەكلى،
"يوشۇرۇن مۇسكۇل سىستېمىسى" غا ئىگە بولغان تىل ئىمىش.
ئۇ تىل ۋە تەپەككۇرنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئۇلارنىڭ
رېئال ئاساسى بولغان جەمئىيەتنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەم تەرەققىياتى،
ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتىن ئايرىپ تاشلايدۇ ھەمدە ئۇلارنى نوقۇل
روھىي ھاللىق جەريان دەپ قارايدۇ.

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پسىخولوگىيە ئىلمىنىڭ
بارلىق ئەڭ مۇھىم مەسىلىلىرىدە، يەنى ماددا بىلەن ئاڭ، ھايۋانات-
لارنىڭ روھىي ھالىتى بىلەن ئىنسانلارنىڭ روھىي ھالىتى، تەپەككۇر

بىلەن تىلنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە، ھەركەتچىلىك بىمەنە بولغان، پەلەگە قارشى مەيدان تۇتىدۇ. ئامېرىكىنىڭ ئىدىيالىستىك پەلسەپىسىدە ھەركەتچىلىك "يېڭى چىنلىق نەزەرىيىسى" نى "دەلىللەش" تىكى بىلىش نەزەرىيىسى قىلىپ قوللىنىلدى. ئەمگەكچىلەرنى ھايۋان قاتارىدا كۆرىدىغان، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشقىلا بولىدىغان خام ماتېرىيال دەپ بىلىدىغان تەيلور تۈزۈمى ۋە فورد تۈزۈمى دەل ھەركەتچى-لىكنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى.

**ھەقىقەت** Истина 真理 ئۇقۇم، ئىدىيە ۋە ئوبيېكتنىڭ بىرلىكى، ئوبيېكتىپ رېياللىقنى توغرا ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىلىم. (**ئوبيېكتىپ ھەقىقەت***؛ **مۇتلەق ھەقىقەت ۋە نىسبىي ھەقىقەت***؛ **كونكرېت ھەقىقەت***كە قاراڭ.)

**ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى** Критерий истины 真理的标准 بىلىمىمىزنىڭ ھەقىقەتلىكى ۋە ئىشەنچلىكلىكىگە ھۆكۈم قىلىشنىڭ مىزانى، ئىدىيىمىزنىڭ توغرىلىقىنى ھەم تۇيغۇلىرىمىز، تەسەۋۋۇرلىرىمىز ۋە ئۇقۇملىرىمىزنىڭ ئوبيېكتىپ رېياللىققا ئۇيغۇنلىشىش دەرىجىسىنى دەلىللەشنىڭ بەلگىسى. ئىدىيالىزم ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى ئىنسانلارنىڭ ئەقلى ئىجات قىلغان نەزەرىيە بىلەن ئوبيېكتىپ رېياللىقنىڭ بىرلىكى ئەمەس، بەلكى سۇبيېكتنىڭ تۇيغۇسى، ئىدىيىسى، ئۇقۇمىنىڭ "روشەنلىكى ۋە ئېنىقلىقى" ۋاھاكازا دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، ماخىزىمچىلار ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى "تەجرىبە" دەپ بىلىدۇ، لېكىن ئۇلار تەجرىبىنى ماتېرىيالىستىك ئاساستا چۈشەنمەيدۇ. ئۇلار تەجرىبىنى كىشىلەرنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنى ئەمەلىي ئۆزگەرتىش جەريانىدا تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشىنىڭ نەتىجىسى دەپ قارىماستىن، بەلكى تۇيغۇلارنىڭ يىغىندىسى، ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ كەچۈرمىشى دەپ قارايدۇ. بۇنىڭدا تۇيغۇنى تۇيغۇ ئارقىلىق سىناشقا توغرا كېلىدۇ. ماخىزىمچىلار مەنپەئەتچىلىك پاتقىقىدىن

ئۇملەپ چىقىۋېلىش نىيىتىدە "كوللېكتىپنىڭ تەشكىللىگەن تەجرىبىسى"نى ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇنداق نۇقتىنەزەرگە ئاساسلانغاندا، "ئومۇمىي ئەھمىيەت"كە ئىگە بولغان، كۆپچىلىك ئېتىراپ قىلغانلىكى نەرسە ھەقىقەت بولۇۋېرىدۇ. لېنىن بۇنداق ئىدىيالىستىك سەپسەتىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. لېنىن مۇنداق دەلىل كەلتۈرىدۇ: "ئىجتىمائىي يوسۇندا تەشكىللەنگەن تەجرىبە" نۇقتىنەزىرى بويىچە، جىن-ئەرۋاھقا ئىشىنىشكە ئوخشاش ئۆچىغا چىققان بىمەنە ئىدىيىلەر ئورۇنلۇق دېيىلسە بولۇۋېرىدۇ، چۈنكى بۇنداق ئېتىقادتىمۇ كىشىلەر "تەجرىبە" سىنىڭ بىر خىل شەكلى، دىنمۇ "ئومۇمىي ئەھمىيەت" كە ئىگە. چۈنكى مىليونلىغان كىشىلەر خۇدا، موجىزە قاتارلىقلارغا ئېتىقات قىلىدۇ. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن دىن ھەقىقەتكە ئايلىنالمايدۇ. ماخىزىمنىڭ "ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى"گە بولغان چۈشەنچىسى ھازىرقى زامان بۇرژۇئا پەلسەپىسىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ.

ماركسىزملىق پەلسەپىلا ئىنسانلارنىڭ بىلىشىنى ھەقىقىي ئىلمىي ئۆلچەم بىلەن قوراللاندۇرىدۇ. بۇنداق ئۆلچەم بىزنى ھەقىقەت بىلەن سەپسەتىنى پەرقلەندۈرۈش، ھەر بىر ھەقىقەتنى دەل، خاتاسىز رەۋىشتە سىناش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئەمەلىيىتى، كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى، سانائەت ۋە ئالىمنىڭ ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلىرى بۇ ئۆلچەمنىڭ دەل ئۆزى. ماركسىزم ئەمەلىيەتنى بىلىشنىڭ ئاساسى ۋە ئۇنىڭ ھەقىقەتلىكىنىڭ ئۆلچىمى دەپ چۈشەندى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىلىش نەزەرىيىسىدە ھەقىقىي ئۆزگىرىشنى ئىشقا ئاشۇردى. ماركستىن بۇرۇنقى كونا ماتېرىيالىزم بىۋاستە كۆزىتىدىغان ماتېرىيالىزم بولۇپ، ئۇ بىلىشنى ئەمەلىيەتكە، كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي پائالىيىتىگە باغلىمايدۇ. بەزى ماتېرىيالىستلارمۇ ئەمەلىيەت ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى دەپ ئوتتۇ-

رىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەمەلىيەتنى چۈشىنىشى يەنىلا
تار دائىرىدە بولۇپ، ئۇنى تارىخىي ئەمەلىيەت، كىشىلەرنىڭ ئىش-
لەپچىقىرىش پائالىيىتى دەپ قارىمايدۇ. ماركسىزم بىلىش بىلەن
ئەمەلىيەتنىڭ زىچ باغلىنىشىنى بىرىنچى بولۇپ كۆرسىتىپ بېرىش
بىلەن ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى مەسىلىسىنى بىردىن-بىر توغرا ھەل
قىلدى. ماركس «فېيېرباخ توغرىسىدا تېزىس» دېگەن ئەسىرىدە
مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "ئادەمنىڭ تەپەككۇرى ئوبيېكتىپ ھەقىقەت-
لىككە ئىگىمۇ، يوقمۇ دېگەن مەسىلە نەزەرىيە مەسىلىسى ئەمەس،
بەلكى ئەمەلىيەت مەسىلىسى. ئادەم ئۆز تەپەككۇرىنىڭ ھەقىقەتلى-
كىنى، يەنى ئۆز تەپەككۇرىنىڭ رىياللىقى ۋە كۈچىنى، باشقىچە ئېيت-
قاندا، ئۆز تەپەككۇرىنىڭ بۇ دۇنيالىق ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەت داۋامىدا
ئىسپاتلىشى لازىم. تەپەككۇرنىڭ رىياللىققا ئىگە ياكى ئىگە ئەمەسلىكى
توغرىسىدا ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان ھالدا مۇنازىرە قىلىش-ساپ
مەدرىس پەلسەپىچە مەسىلە." («لىيۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە نېمىس
كىلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى»، 1975-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى،
95-بەت) بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى ھەقىقىي بىلىشكە ئىگە
بولۇش مۇمكىنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ؛ ماركسىزم ئۇنىڭ ئۇتتۇرۇقسىز
ۋە قىلچە ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بىزنىڭ مەلۇم نەرسە
ياكى مەلۇم ھادىسە توغرىسىدىكى بىلىمىمىز ئەمەلىيەت تەرىپىدىن
ئىسپاتلانسىلا، دېمەك بۇ بىلىمىمىز ھەقىقىي بولغان بولىدۇ، ھەرقان-
داق بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى ئۇنى رەت قىلىۋېتەلمەيدۇ.
مەسىلەن، ھايات كۈچ نەزەرىيىسى تەرەپدارلىرى ۋە پەننىڭ باشقا
دۈشمەنلىرى جانلىقلار ئورگانىزمىنىڭ ھاياتى قانداقتۇ سىرلىق
"ھايات كۈچ"نىڭ ئىلكىدە بولىدۇ دەپ خالىغانچە داۋراڭ سالىدۇ،
لېكىن كىشىلەر ئورگانىك جىسىم تەرەققىياتىنىڭ ھەقىقىي ئوبيېكتىپ
قانۇنىيەتلىرىنى تونۇپ يەتتى ھەمدە ئەمەلىيەت جەريانىدا بۇ قانۇ-

نىيەتلەرنى ئىگەللىدى، شۇنىڭ بىلەن ھايات كۈچ نەزەرىيىسىنىڭ تامامەن ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. مىچۇرىن تەلىماتى ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەرنى ئەمەلىيەتتە ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى توغرىسىدىكى بىلىم بىلەن ئىنسانلارنى قوراللاندۇردى. مىچۇرىن*نىڭ ئۆزى ئەمەلىيەت ئارقىلىق، نەچچە ئونلىغان ھەتتا نەچچە يۈزلىگەن يېڭى مېۋە سورتلىرىنى يارىتىش ئارقىلىق ئۆز تەلىماتىنىڭ توغرىلىقىنى كۈچلۈك ئىسپاتلىدى. ئەمەلىيەت بارلىق نەزەرىيىنىڭ سىناق تېشى. ئەمەلىيەت ۋېيسمانىزىم-مورگانىزىمچىلارنىڭ ساختا پېنىنى ئېچىپ تاشلىدى، شۇنداقلا مىچۇرىن تەلىماتىنىڭ ھەقىقەتلىكىنى ئەتراپلىق ئىسپاتلىدى. ئىلمىي بىلىشنىڭ ھەممە ساھەسىدىكى (جۈملىدىن ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى) ئەھۋال ئەنە شۇنداق. بۇرژۇئا مۇتەپەككۇرلىرى ئىلمىي سوتسىيالىزىمنى خام خىيال، ئۇيدۇرما دەپ قارايدۇ. لېكىن، سوتسىيالىزىمنى قۇرغان سوۋېت خەلقىنىڭ تارىخىي ئەمەلىيىتى ۋە كاپىتالىزىم سېستىمىسىدىن ئايرىلىپ سوتسىيالىزىم قۇرۇۋاتقان بىرمۇنچە مەملىكەت خەلقلىرىنىڭ ئەمەلىيىتى ئىلمىي سوتسىيالىزىمنىڭ زامانىمىزدىكى ئۇلۇغ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى، بۇرژۇئا مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ تەلىماتى بولسا ئۆلۈم ئالدىدا جان تالىشىۋاتقان سىنىپلار چىڭ تۇرۇۋپ كېلىۋاتقان سەپسەتە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئەمەلىيەت ئىلمىي ھەقىقەتنى سىنايدۇ ۋە تەستىقلايدۇ، ئەمەلىيەت بارلىق ساختا نەزەرىيىلەرنى رەت قىلىدۇ.

ماركسىزىم ئەمەلىيەت ھەقىقەتنىڭ ئاغدۇرۇلماس ئۆلچىمى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىللە، يەنە بىردىن ئەمەلىيەتنىڭ ئۆزى تەرەققىي قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمەلىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ تۇرۇشى كونا ئەمەلىيەت ئاساسىغا قۇرۇلغان ھەقىقەتنى قايتىدىن تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ، چۈنكى كونا ئەمەلىيەت ئاساسى كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي پائالىيىتىنىڭ

يېڭى، تېخىمۇ يۇقۇرى سەۋىيىسى تەرىپىدىن رەت قىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتنى مۇشۇنداق چۈشەنگەندە ئىنسانىيەت ئىدىيىسىنى بىر ئىزدا توختىتىپ قويماي ئالغا سۈرگىلى ھەمدە ئىنسانلار ئىدىيىسى قولغا كەلتۈرگەن ھەقىقەتنى دوگمىغا ئايلىنىپ قېلىشتىن ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەتنىڭ ھەر بىر قەدەم ئىلگىرىلىشى بىزنىڭ بىلىمىمىزنى تېخىمۇ تولۇقلايدۇ، بەزى ھەقىقەتلەر تېخىمۇ راۋاجلانغان ئەمەلىيەت ئاساسىدا يەنىمۇ مۇكەممەللىشىدۇ ۋە كونكرېتلىشىدۇ (**نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت***كە قاراڭ).

**ھۆكۈم** 判断 Суждение تەپەككۇرنىڭ تۈپ بىلىش شەكىللىرىنىڭ بىرى. ھۆكۈم قىلىش—بىر تۈرلۈك بىلىش پائالىيىتى. ئۇ بۇ پائالىيەتتە پايدىلىنىپ، مۇئەييەنلەشتۈرۈش ياكى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق، شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەردە مەلۇم خۇسۇسىيەتنىڭ بار-يوقلۇقىنى ئېنىقلايدۇ. ھەرقانداق بىلىم ئالدى بىلەن ھۆكۈم بولىدۇ، چۈنكى پەقەت ھۆكۈم بولغاندىلا، ئاندىن بىرەر نەرسىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى ياكى ئىنكار قىلغىلى بولىدۇ. بىز ئۆزىمىز ھېس قىلغان شەيئىلەرنى چۈشەنگەن چېغىمىزدا، ئۇلارغا ھۆكۈم قىلىپ بولغان بولىمىز. ھۆكۈم، ئومۇمەن، **ئىگە، تولدۇرغۇچى ۋە كېسىم** سۆزلەردىن تەركىب تاپىدۇ؛ كېسىم سۆزلىرى بولسىلا، بىرلىككە كەلگەن ھۆكۈم پائالىيىتى بولىدۇ. مەسىلەن، "ئىۋان ئادەم" دىگەن ھۆكۈمدە، ئىۋان—ئىگە، ئادەم—تولدۇرغۇچى ياكى خەۋەر ھەم كېسىم سۆز. ئىۋان—ئايرىملىق، ئادەم—ئومۇملىق. ئايرىملىق بىلەن ئومۇملىقنىڭ سېلىشتۇرمىسى ئارقىلىق، شەيئىلەر ئۈستىدە توغرا ھۆكۈم چىقىرىمىز. تەبىئەت دۇنياسىدا ئايرىملىق بىلەن ئومۇملىقنىڭ بىرلىكى بولىدۇ. بىلىشنى مەقسەت قىلغان ھۆكۈم گويا تەبىي بىرلىكنى بۇزۇپ، ئىگە بىلەن تولدۇرغۇچىنى قارىمۇ-قارشى قىلىپ قويغاندەك كۆرۈنىدۇ ("ئىۋان—ئادەم")، لېكىن بۇ دەل

رىياللىقنىڭ ئۆزىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، ئايرىملىق بىلەن ئومۇملىقنىڭ بىرلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن، بىر تۇتاش ھۆكۈم قىلىش پائالىيىتىدە ئۇلارنى يىغىۋېلىشتىن بىرلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا كېسىم سوز ھۆكۈمنىڭ ئىنتايىن مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

ماركسىزم-لېنىنىزمىلىق پەلسەپە ھۆكۈم توغرىسىدا توغرا قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. گەرچە **ئارىستوتېل** "ھۆكۈمنى ماتېرىيالىزىم مەيدانىدا تۇرۇپ چۈشەندۈرگەن، مەسلەن، ئۇ: "كىمكى پارچىلانغان نەرسىنى پارچىلاندى، باغلانغان نەرسىلەرنى باغلاندى دەپ ھېساپلىسا، ئۇ توغرا قىلغان بولىدۇ، كىمنىڭ قارىشى شەيئىلەرگە ئويغۇن كەلمىسە، ئۇ خاتا قىلغان بولىدۇ" دېگەن بولسىمۇ، لېكىن كونا مېتافىزىكىلىق لوگىكىدا، ھۆكۈم ئۇقۇمنىڭ بىر ئاددى بىرلەشمىسى دەپ قارالدى. ھەرقانداق ھۆكۈم يا چىن ھۆكۈم، يا يالغان ھۆكۈم بولىدۇ. ئوبيېكتىپ رىياللىقنى توغرا ئەكس ئەتتۈرگەن ھۆكۈم چىن ھۆكۈم بولىدۇ، رىياللىققا ئويغۇن بولمىغان ھۆكۈم يالغان ھۆكۈم بولىدۇ. ھۆكۈم ئاساسەن ئەستىقىي ھۆكۈم ۋە ئىنكار ھۆكۈم دېگەن ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. تەپەككۇردا ئەستىقىي ھۆكۈم رىياللىقتىكى باغلىنىشلىق نەرسىلەرنى تۇتاشتۇرىدۇ، ئىنكار ھۆكۈم تەبىئەت دۇنياسىدا ئايرىلىپ تۇرغان نەرسىلەرنى بۆلۈۋېتىدۇ. ھەرقانداق ۋاقىتتا ھۆكۈمنى A — A دېگەن شەكىلۋازلىق، مېتافىزىكىلىق قورمۇلىغا يىغىنچاقلاشقا بولمايدۇ. ھۆكۈم چوقۇم بىلىمنى ئاشۇرىدۇ. "ئوخشاشلىقنىڭ ئۆزىدە پەرقلىقلىق بولىدۇ، بۇ پاكىت ھەر بىر قائىدىدە ئىپادىلىنىدۇ، بۇ يەردە خەۋەر بىلەن ئىگە ئوخشاش بولماسلىقى كېرەك. **پىيازگۈل بىر خىل ئوسۇملۇك، ئەتىرگۈل قىزىل بولىدۇ**، بۇ يەردە مەيلى ئىگىدە ياكى خەۋەردە بولسۇن، ھامان خەۋەر ياكى ئىگە ئۆز ئىچىگە ئالالمايدىغان بىرەر نەرسە بولىدۇ." (ئېنگېلس. «تەبىئەت دىيالېكتىكىسى»، 1979-يىل ئۇيغۇرچە

نەشرى، 367 ــ 368 ـ بەتلەر)

ئېنگېلس «تەبىئەت دىيالېكتىكىسى»دا ھوكۇمنى چوڭقۇر ۋە دىيالېكتىك رەۋىشتە تۈرلەرگە ئايرىدى ھەمدە يەنە بىر ئېخىمۇ يۇقىرى باسقۇچقا تەييارلىق كورۇۋاتقان بىرقانچە خىل ھوكۇم شەكلىنى چۈشەندۈردى. ئېنگېلس سوزلى يەككە ھوكۇم ("سۈركىلىشتىن ئىسسىقلىق ھاسىل بولۇش")دىن باشلىغان، ئاندىن كېيىن ئالاھىدە ھوكۇم ("بارلىق مېخانىكىلىق ھەركەتلەر سۈركىلىش ئارقىلىق ئىسسىقلىققا ئايلىنالايدۇ") ئۈستىدە توختالغان، بۇ يەردە بىر خىل ئالاھىدە ھەركەت شەكلى يەنى مېخانىكىلىق ھەركەت شەكلىنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالدا يەنە بىر ئالاھىدە ھەركەت شەكلى (ئىسسىقلىق)گە ئۆزگىرىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈلگەن. 3 ـ خىل ھوكۇم ئومۇمى ھوكۇم ــ ئالى شەكلى ("ھەرقانداق ھەركەت شەكلى ھەرقانداق باشقا ھەركەت شەكلىگە ئۆزگىرەلەيدۇ ۋە ئۆزگەرمەي قالمايدۇ"). سوز ـ جۈملىلەر ــ ھوكۇمنىڭ تىل شەكلى. ماركسىزمنىڭ تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ بىرلىكى توغرىسىدىكى تەلىماتىغا ئاساسەن، سوز ـ جۈملە شەكىللىرى توغرىسىدىكى تەتقىقاتقا بىرلەشتۈرۈپ، ھوكۇمنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىش لازىم.

ھوكۇمەتسىزلىك 无政府主义 Анархизм (گرېكچە αναρχια ــ رەھبەرسىز، ھاكىمىيەتسىز دىگەن سوزدىن كەلگەن) ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ۋە لۇكچەك پرولېتارىياتنىڭ ئىدېئولوگىيىسى. بۇنداق ئىدېئولوگىيە ئىلمىي كوممۇنىزم نەزەرىيىسىگە تۈپتىن قارشى كېلىدۇ. ئۇ ھەرقانداق تارىخىي شارائىتتا جەمئىيەتتىكى بارلىق ھاكىمىيەت ۋە دولەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەشۋىق قىلىدۇ. ھوكۇمەتسىزلەر ئۆزلىرىنى بارلىق دولەت ھاكىمىيىتىنىڭ دۈشمىنى، بولۇپمۇ پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ مۇرەسسەسىز دۈشمىنى دەپ ئاتايدۇ. ئۇلار سىياسىنى ئىنكار قىلغان بولىۋالىدۇ، ئەمەلىيەتتە

"ئىشچىلار سىنىپىنى **بۇرژۇئازىيىنىڭ** سىياسىتىغا بويسۇندۇ-
رۇش......" خىيالىدا بولىدۇ («لېنىن ئەسەرلىرى»، روسچە 4-نەشرى، 5-توم، 303-بەت). لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەندۇ: ھۆكۈمەتسىزلىك ئېكسپلاتاتسىيىگە قارشى بەزى بىر ئاددىي سوز-ئىيارىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن باشقا، ھېچقانداق نەرسىنى ئېلىپ چىققىنى يوق؛ ئۇلار ئېكسپلاتاتسىيىنىڭ مەنبەسىنى چۈشەنمەيدۇ، جەمىيەتنىڭ سوتسىيالىزمغا قاراپ راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى كورمەيدۇ، سىنىپى **كۈرەشنىڭ** سوتسىيالىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ئىجادىي كۈچ" ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ (يۇقىرىدىكى كىتاب، 300-بەت).

ھۆكۈمەتسىزلىك: ھۆكۈمەتسىز شەخسىيەتچىلىك، ھۆكۈمەتسىز ئىشچىلار ئۇيۇشمىچىلىقى ۋە ھۆكۈمەتسىز كوممۇنىزم دەپ بىرنەچچە خىلغا ئايرىلىدۇ. **ھۆكۈمەتسىز شەخسىيەتچىلىك** بىرخىل ئۇچىغا چىققان ھۆكۈمەتسىزلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دەسلەپكى مەزگىللەردىكى ھۆكۈمەتسىزلىكنىڭ مۇتەپەككۇرى نېمىس كاسپار شمىدت (1806—1856) (ئۇنىڭ ماكس شتىرنېر دېگەن تەخەللۇسى خېلى تونۇلغان) ئىدى. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: "ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەندىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق...... مەن ھەرقانداق دولەتكە، ھەتتا ئەڭ دېموكراتىك دولەتكىمۇ تۇرۇش ئىلان قىلىمەن." ھۆكۈمەتسىزلەردىن بولغان **پرودون** (1809—1865) ئۆزىنىڭ "ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش" ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىدىغان شەخسى ئەركىنلىك ئەھدىنامىسى تۈزۈش توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى ئارقىلىق ھۆكۈمەتسىزلىك ئىدىيىسىنى فرانسىيە ۋە باشقا دولەتلەردىكى ئىشچىلارنىڭ ئېڭىغا سىڭدۈرمەكچى بولىدى. پرودونچىلار "خەلق بانكىسى" قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ خىيالپەرەسلىك ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلدى. بۇ خىل بانكىغا تايانغاندا بۇرژۇئازىيە تۈزۈمى دائىرىسىدە ئىشچىلارنىڭ ئەمگەك مەھسۇ-

لاتلىرىنى ئالماشتۇرۇشنى تەرتىپكە سالغىلى ۋە كىشىنى كىشى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان ھادىسىلەرنى يوقاتقىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇنداق ئىدىيە بۇرژۇئازىيە ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى، چۈنكى ئۇ ئىشچىلار سىنىپىنى ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش كۈرىشىدىن، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپتىن ۋاز كەچتۈرەتتى. ماركس بىلەن ئېنگېلس **«مۇقەددەس ئائىلە»***، **«نېمىس ئىدىيولوگىيىسى»*** ۋە **«پەلسەپە نامراتلىقى»*** قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ماركس شتىرنېر ۋە پرۇدوننىڭ زىيانلىق بولغان ھۆكۈمەتسىزلىك خىيالپەرەسلىكىنى بىرىنچى قېتىم ئېچىپ تاشلىدى. روسىيە سوتسىيال دېموكراتىزمىنىڭ پېشۋاسى **چېرنىشېۋسكى*** پرۇدوننى كەسكىن تەنقىت قىلدى.

**ھۆكۈمەتسىز ئىشچىلار ئۇيۇشمىچىلىقى** (فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى "ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى" دەپ ئاتىلىدۇ) فرانسىيە، ئىسپانىيە، ئىتالىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە راۋاج تاپتى. ھۆكۈمەتسىز ئىشچىلار ئۇيۇشمىچىلىقى، بارلىق ھۆكۈمەتسىزلەرگە ئوخشاش، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىدىكى دۆلەتنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلار سىياسىي كۈرەش ۋە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ پارتىيىسىگە بىردەك قارشى تۇرىدۇ. ئۇلار ئەڭ مۇھىم رول ئوينايدىغىنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى، ئىش تاشلاش بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىشتىكى ئاساسىي ئۇسۇل دەپ ھېسابلايدۇ. ھۆكۈمەتسىز ئىشچىلار ئۇيۇشمىچىلىقى تەرەپدارلىرى ئىشچىلار ھەرىكىتىگە بۆلگۈنچىلىك سالدى، ماركسىزمغا قارشى تۇرۇپ، تروتسكىچىلارنى قوللىدى، ھۆكۈمەتسىز ئىشچىلار ئۇيۇشمىچىلىرىنىڭ بەزى كاتتىۋاشلىرى فاشىزمنىڭ ھىمايىچىلىرىغا ئايلىنىپ كەتتى. **باكۇنىن*** روسىيىدىكى داڭلىق ھۆكۈمەتسىزلەردىن بولۇپ، ئۇ ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىنىڭ ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ دۈشمىنى ئىدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس باكۇنىنغا ۋە باكۇنىزمغا قارشى مۇرەسسەسىز كۈرەش ئېلىپ بارغان

ئىدى.

ھوكۇمەتسىزلىكنىڭ يەنە بىر خىلى — كوروپوتكىن (1842 — 1921) نىڭ **ھوكۇمەتسىز كوممۇنىزمى** ئىدى. كوروپوتكىن ئىجتىمائىي مەنپەئەتنى شەخسنىڭ خۇسۇسىي مەنپەئەتىنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ، لېكىن تارىخقارىشىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ئىدېيالىست ئىدى، شۇنداقلا ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ دۈشمىنى ئىدى. ئۇ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنى ۋە ھوكۇمەتنى روھىي جەھەتتىن تەسىرلەندۈرۈشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ.

ماركسىزم ھوكۇمەتسىزلىك نەزىرىيىسىنى ۋە ئەمەلىيىتىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇنى پرولېتارىيات ۋە بارلىق ئەمگەكچى ئاممىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە قارىمۇ-قارشى بىر خىل ئېقىم دەپ كۆرسەتتى. ھوكۇمەتسىزلىك شەخسنى ۋە شەخسىي مەنپەئەتنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ، ماركسىزم بولسا ئەمگەكچى ئاممىنىڭ مەنپەئەتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ. پەقەت خەلق ئاممىسىنى كاپىتالنىڭ زۇلمى ۋە قۇل قىلىشىدىن قۇتۇلدۇرغاندىلا، ئاندىن شەخسنى ئازات قىلغىلى، شەخسنىڭ جىسمانىي ۋە ئەقلىي كۈچىنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك راۋاجلىنىشى ئۈچۈن شەرت-شارائىت يارىتقىلى بولىدۇ. ماركسىزم شۇنى ئىسپاتلىدىكى، سوتسىيالىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئورنىتىدىغان سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپنى ئېلىپ بېرىش كېرەك.

ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىدىن ئىلگىرىلا، ھوكۇمەتسىزلەر روسىيىدىكى باشقا بارلىق ئۇششاق بۇرژۇئا گۇرۇھلىرىغا ئوخشاش، ئەكسىلئىنقىلاۋىي پارتىيە-گۇرۇھقا ئايلىنىپ كەتتى. ئىچكى ئۇرۇش دەۋرىدە، ئەكسىلئىنقىلاۋىي باي دېھقانلار سىنىپىنىڭ كاتتىۋېشى (ئۇكرائىنلىق ماخنو) ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى جاھانگىرلارنىڭ غالچىلىرى ھوكۇمەتسىزلىك شوئارى بىلەن نىقاپلانغان ئىدى.

كاپىتالىستىك ئەللەردە، كوممۇنىستىك پارتىيە بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەمگەكچىلەر قوشۇنىغا بولغۇنچىلىق سېلىشتا پايدىلىنىۋاتقان ھوكۇمەتسىزلىك ئىدىيىسىگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلماقتا.

**«ھوكۇمەتسىزلىكمۇ ياكى سوتسىيالىزممۇ؟»**

«Анархизм или социализм?» 《无政府主义还是社会主义?》

ستالىننىڭ ئەسىرى بولۇپ، بۇ ئەسەردە ھوكۇمەتسىزلىك تەنقىت قىلىنغان ۋە ماركسىزملىق دۇنياقاراشنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى شەرھلەپ بېرىلگەن. بۇ كىتاب دەسلەپتە تىبىلىستا گروزىن يېزىقىدا چىقىدىغان بولشېۋىكلار گېزىتى بولغان «يېڭى ھايات» گېزىتى، «يېڭى دەۋر» گېزىتى، «بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز» گېزىتى ۋە «ۋاقىت» گېزىتىدىن ئىبارەت 4 خىل گېزىتتە 1906-يىل 6-ئايدىن 1907-يىل 4-ئايغىچە ماقالا سۈپىتىدە بېسىلغان ئىدى. ستالىن بۇ پەلسەپىۋى ماقالىلارنى ھوكۇمەتسىز كروپوتكىنچىلار، چېركازىشۋىلى قاتارلىقلار ھەمدە ئۇلارنىڭ مۇرتلىرى سېرىتېلى ۋە گوگېلىيەلەرنىڭ ماركسىزملىق پارتىينىڭ دۇنياقارىشىغا — دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە ئىلمىي سوتسىيالىزمغا ھۇجۇم قىلغانلىقى سەۋەبىدىن يازغان. ستالىن بۇ ماقالىلىرىدا ماركسىزمنىڭ دۈشمىنى بولغان مېنشېۋىكلار ۋە ھوكۇمەتسىزلەرنى پاش قىلدى ھەمدە ئىدىيە جەھەتتىن تارمار قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ماركسىزم نەزەرىيىسىنى قوغدىدى ۋە راۋاجلاندۇردى. ستالىن پەلسەپىنىڭ ۋە ئىلمىي سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي مەسىلىلىرى ئۈستىدە ھوكۇمەتسىزلەرنى تەنقىت قىلدى، ماركسىزملىق دۇنياقاراش ۋە ماركسىزمنىڭ ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىنى مۇكەممەل ۋە چوڭقۇر شەرھىلەپ بەردى. ستالىن بۇ ئەسىرىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: پەقەت ماركسىزمچىلارلا ھەقىقىي سوتسىيالىزمچى ۋە ھەقىقىي ئىنقىلابچى ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساس قىلىنغان يېڭى

ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئورنىتىش ئۈچۈن پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم، دەپ ھېساپلايدۇ. ھوكۇمەتسىزلەر "كىچىك يېزا جامائەسى سوتسىيالىزمى"نى تەرغىپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ھەققى سوتسىيالىزمچىلار ئەمەس؛ ئۇلار پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ زورۇرلۇقىنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن، ھەقىقىي ئىنقىلابچى ئەمەس، خۇددى بارلىق ئاغمىچىلارغا ئوخشاش، ھوكۇمەتسىزلەر ئىشچىلار ھەركىتىدە بۇرژۇئازىيىنىڭ تەسىرىنى تارقىتىدۇ.

ھوكۇمەتسىزلىك بىلەن ماركسىزم بىر بىرىگە قارىمۇ-قارشى بولغان، بىر بىرىنى تۈپتىن چەتكە قاقىدىغان ئىككى خىل دۇنياقاراش. ھوكۇمەتسىزلەرنىڭ دۇنياقارىشى پەقەت ئوخشىمايدىغان بەزى پەلسەپە نۇقتىنەزەرلىرىنىڭ كېلىشتۈرمىچىلىك قوشۇلمىسىدىن ئىبارەت. ماركسىزم بولسا بىردىن-بىر ئىلمىي، ئۈزۈل-كېسىل، "مۇكەممەل دۇنياقاراش، پەلسەپىۋى سىستېما. ماركسنىڭ پرولېتارىيات سوتسىيالىزمى بۇ پەلسەپىۋى سىستېمىدىن ئۆز ئۆزىدىن مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ پەلسەپىۋى سىستېما دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم دەپ ئاتىلىدۇ" («ستالىن ئەسەرلىرى»، 1953-يىل خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 1-توم، 274-بەت). ماركسىزم بارلىق تىپتىكى ۋە بارلىق شەكىلدىكى مېتافىزىكا، ئىدىيالىزم ۋە چاكىنا ماتېرىيالىزمنى تۈپتىن ئىنكار قىلىدۇ، ئۇلارنى پەننىڭ دۈشمىنى دەپ قارايدۇ. ستالىن بۇ ئەسىرىدە ماركسىزملىق نەزەرىيە مەسىلىسىنى پرولېتارىياتنىڭ سىنىپىي-ئىنقىلاۋىي كۈرىشىنىڭ جىددىي ۋەزىپىسىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ چوڭقۇر شەرھلەپ بەردى. ستالىن ماركسىزملىق دىيالېكتىك ئۇسۇلنى، ماتېرىيالىزملىق نەزەرىيىنى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتقا تەدبىق قىلىنىشى بولغان تارىخىي ماتېرىيالىزمنى يەنى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى توغرىسىدىكى، سىياسىي كۈرەش قانۇنىيىتى توغرىسىدىكى پەننى ناھايىتى ئىخچام ئۇسۇل

يىلەن ئېنىق قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بەردى.

ستالىن بۇ كىتابنىڭ 1-قىسمىدا، دىيالېكتىكىلىق ئۇسۇل ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنىنى تەتقىق قىلغىنىدا، ماركسىزىملىق دىيالېكتىكىنىڭ ئاساسى قائىدىلىرىنى تەھلىل قىلىپ ۋە قوغداپ، ھوكۇمەتسىزلەرنىڭ ھۇجۇمىغا رەددىيە بەردى. ستالىن پرولېتارىياتنىڭ سىنىپىي كۆرىشىنىڭ دىيالېكتىكىسىدىن جانلىق، روشەن مىساللارنى كەلتۈرۈپ، دىيالېكتىكىنىڭ سوتسىيالىزىم ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىكى ئاساسىي ۋەزىپىلەرنى چۈشىنىشتىكى ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلار ھەركەت قىلىپ تۇرىدۇ ۋە راۋاجلىنىپ تۇرىدۇ. دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەر ھەركەت قىلىپ تۇرىدىغانلىقى، ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقى، پەيدا بولۇپ تۇرىدىغانلىقى، ئۆسۈپ يېتىلىپ تۇرىدىغانلىقى، ئۆلۈپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، تۇرمۇشتا ھامان يېڭى نەرسىلەر بىلەن كونا نەرسىلەر، ئىنقىلاۋىي نەرسىلەر بىلەن مۇتەئەسسىپ نەرسىلەر بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ھامان كۆرەش بولۇپ تۇرىدۇ. دىيالېكتىك ئۇسۇلنىڭ بىزدىن كۆتىدىغان تەلىۋى ئاساسەن: ھەممىنى ھەركەت ۋە تەرەققىيات نۇقتىسىنەزىرى بويىچە كۆزىتىش ھەمدە مۇشۇ نۇقتىغا ئاساسەن تۇرمۇشنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا قانداق يارغىلى بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەش، تۇرمۇشتا نىمىلەر بۇزۇلۇۋاتقانلىقىنى، نىمىنىڭ يارىتىلىۋاتقانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. ماركسىزىمنىڭ تۇرمۇشتا يېڭىدىن پەيدا بولىۋاتقان، كۈندىن-كۈنگە ئۆسۈپ بېرىۋاتقان نەرسىلەرنىڭ غالىپ ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى قائىدىسى ناھايىتى زور نەزىرىيىۋى ۋە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ قائىدە سوتسىيالىزىم جەڭچىلىرىگە شۇنى ئۆگىتىدۇكى، تۇرمۇشتىكى يېڭىدىن ئۆسۈۋاتقان نەرسىلەرنى كورۇش، ئۇنىڭغا تايىنىش كېرەك. پرولېتارىياتنىڭ يۈتمەس-تۈگىمەس كۈچ-قۇدرىتىگە، پرولېتارىياتنىڭ ئاخىر

بۇرژۇئازىيە ئۈستىدىن چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىش كېرەك، چۈنكى پرولېتارىيات ئۆسمەكتە، ئۇلغايماقتا، ئالغا باسماقتا؛ بۇرژۇئازىيە بولسا بىر سىنىپ سۈپىتىدە چىرىپ، ئاجىزلىشىپ، زەئىپلىشىپ بارىدۇ، شۇ سەۋەپتىن ئۇ مۇقەررەر ھالدا چورۇپ تاشلىنىدىغان تۇرمۇشتىكى يۈك بولۇپ قالىدۇ. ستالىن ئىجتىمائىي ھاياتتا ھەركەتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات شەكلى ۋە ئىنقىلاپ شەكلىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئاساسىي شەكلى بولىدۇ دەپ كۆرسەتتى. ئىلغار كىشىلەر ئىستىخىيىلىك ھالدا كۈرەش ئېلىپ بارغان ھەممە پۈتۈن كۈچى بىلەن كونا تۈزۈمدە سەل-پەل سان ئۆزگىرىش قىلغان چاغدا، ھەركەت تەدرىجىي تەرەققىيات ھەركىتى بولىدۇ. ئىلغار كىشىلەر كونا تۈزۈمدە تۈپلىك سۈپەت ئۆزگىرىشى قىلىپ، يېڭى ئىجتىمائىي تۈزۈمنى كونا تۈزۈمنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلغاندا بولسا ھەركەت ئىنقىلاۋىي ھەركەت بولىدۇ.

ستالىن بۇ كىتاۋنىڭ 2-قىسمىدا پەلسەپۋى ماتېرىيالىزمنى تەھلىل قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتىدۇ: ماركسىزملىق نەزەرىيە — ئىلمىي، بىر مەنبەچىلىك ئاساسىدىكى نەزەرىيە. ئۇنىڭ بىر مەنبەچىلىكى شۇنىڭدا ئىپادىلىنىدۇكى، ئۇ تەبىئەت دۇنياسىنى بۆلگىلى بولمايدىغان بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ قارايدۇ، بۇ بىر پۈتۈن گەۋدە ماددىي ۋە ئىدىيىۋىدىن ئىبارەت ئىككى شەكىل بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ماركسىزم ئىككى مەنبەچىلىكنىمۇ، ئىدىيالىزمنىمۇ ئىنكار قىلىدۇ. ستالىن ماتېرىيالىزمنى تەبىي پەننىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا ئاساسەن دەلىللەش ئۈچۈن، تەبىئەت دۇنياسى تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى شەرھىلەپ بەردى. دۇنيادا تېخى جانلىق مەۋجۇداتلار ۋۇجۇتقا كەلمىگەن ۋاقىتلاردىلا، سىرتقى، "جانسىز" تەبىئەت دۇنياسى ئاللىبۇرۇن مەۋجۇت ئىدى. كېيىن ھېچقانداق ئاڭغا ئىگە بولمىغان بىرىنچى تۈركۈم جانلىق مەۋجۇداتلار ۋۇجۇتقا كەلدى، ئۇلاردا

پەقەت تەسىر قىلىش ئىقتىدارى ۋە سېزىش پىخىلا بار ئىدى. ھايۋاناتلارنىڭ ئۇزۇۋۇشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ نېرۋا سىستېمىلىرىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا ۋە مۇرەككەپلىشىشىگە ئەگىشىپ، سېزىش ئىقتىدارىمۇ ئۇسۇشكە باشلايدۇ، ئۇ بارا-بارا ئاڭغا ئايلىنىدۇ. ئورگانىكلار دۇنياسى راۋاجلىنىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە، ئاڭ پەيدا بولىدۇ-دە، دۇنيانى بىلىش، تەبىئەت دۇنياسىنى بىلىش ئىمكانىيىتى بارلىققا كېلىدۇ. مەلۇم ماددىغا بولغان تەسەۋۋۇر پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى، شۇ مادда ئاۋۋال تەبىئەت دۇنياسىدا مەۋجۇت بولغان بولىدۇ ھەمدە ئۇ كىشىلەرنىڭ سەزگۈ ئەزاسىغا تەسىر كۆرسەتكەن بولىدۇ.

ماددى جەھەت — مەۋجۇدىيەت — مەزمۇن. تەپەككۇر بىلەن ئاڭ بولسا شەكىل. مەزمۇن شەكىلنى بەلگىلەيدۇ، شەكىلدىن ئاۋۋال بولىدۇ. بۇنىڭدىن ماركسنىڭ ئاساسىي قائىدىسى كېلىپ چىقىدۇ: "كىشىلەرنىڭ ئېڭى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيىتىنى بەلگىلىمەيدۇ، بەلكى، ئەكسىچە، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيىتى كىشىلەرنىڭ ئېڭىنى بەلگىلەيدۇ." («ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» (ئىككى توملۇق)، 1954-يىل، موسكۋا خەنزۇچە نەشرى، 1-توم، 341-بەت) سۇبيېكتىپ ئىدېئالىستلار دۇنيا ئادەمنىڭ "ئۆزى"دىكى تۇيغۇ، ئىدېيەدىن ئىبارەت دەپ ھېساپلايدۇ. بۇ خىل ئويدۇرما ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىكتۇر. ستالىن دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىمنىڭ كونا مېتافىزىك ماتېرىيالىزىم بىلەن بولغان تۈپ پەرقىنى ئېنىق ئېچىپ بەردى، ئۇ مۇنداق دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتتى: ماركسىزىم ئاڭمۇ ماددى بولىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلىدىغان چاكىنا ماتېرىيالىزىمنىڭ ھەرقانداق ئىپادىسىگە مۇرەسسە قىلماسلىق پوزىتسىيىسىدە بولىدۇ. ماركسىزىم بىزگە مۇنداق دەپ تەلىم بېرىدۇ: ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ماددى ئاساسى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىدىن ئىبارەت. كىشىلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي مۇنا-

سۈنتى بەلگىلەيدۇ، بۇنىڭدىن مۇنداق بىر ئەمەلىي يەكۈن چىقىدۇ: ئەگەر سىياسىي تۈزۈم بىلەن قانۇن شەكلى مۇۋاپىق كەلمەيدىكەن، ئۇ ھالدا، سىياسىي تۈزۈم بىلەن قانۇن شەكلىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ.

ستالىن بۇ كىتابنىڭ 3-قىسمىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "پىرولېتارىيات سوتسىيالىزىمى دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىمدىن توغرىدىن-توغرا كېلىپ چىققان يەكۈن." («ستالىن ئەسەرلىرى»، 1953-يىل خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 1-توم، 303-بەت) ستالىن بۇ قىسىمدا سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسىنى ئېنىق، ئىخچام قىلىپ شەرھىلەپ بەردى، ھەقىقىي پىرولېتارىيات ئىلمىي سوتسىيالىزىمنىڭ قىلچە يۈزىغى بولمىغان ئىسلاھاتچىلىق ۋە ھوكۇمەتسىزلىك لەزىرىيىسىنى تەنقىت قىلدى. ستالىن ماركىسنىڭ ئىقتىسادىي تەلىماتىنى شەرھىلىگەندە، مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: كاپىتالىزىم جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي زىددىيەت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىقى بىلەن خۇسۇسىي كاپىتالىستىك ئىگىدارلىق شەكلى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت. پىرولېتارىيات ئىنقىلابى مۇشۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىشتىكى بىردىن-بىر يول. ئىنقىلابنىڭ بولۇشى مۇقەررەر، لېكىن ئۇنى ئۇيۇشتۇرۇش لازىم، ئىنقىلاب قىلىدىغان سىنىپىي كۈچلەرنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە تەربىيىلەش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئىشچىلار سىنىپى ئىنقىلابىي ماركسىزىملىق پارتىيە قۇرۇشى كېرەك. بۇ پارتىيە پىرولېتارىيات سىنىپى تەشكىلاتىنىڭ ئالىي شەكلى، ئۇ سوتسىيالىزىم قۇرۇش ئۈچۈن، بارلىق ئىشچىلار تەشكىلاتلىرىغا رەھبەرلىك قىلىپ، كۈرەش تاكتىكىلىرىنى تۈزۈپ، ئىنقىلاب يولىغا يەنى چارىزىمنى ۋە بۇرژۇئازىيىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش يولىغا ئەمەل قىلىپ خىزمەتلەرنى تەشكىللەيدۇ ھەم ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

ستالىننىڭ بۇ بەلەيە ئەسىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، قىسقىچە

قىلىپ ئېيتقاندا، يۇقۇرىدىكىلەردىن ئىبارەت. بۇ ئەسەر ئىشچىلارنى سىياسىي جەھەتتە تەربىيىلەشتە، كاپكاز بولشېۋىكلىرىنىڭ لېنىنغا قارشى گۇرۇھلارغا قارشى كۈرەشلەردە زور رول ئوينىدى. ستالىن بۇ ئەسىرىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: پۇرولېتارىيات سوتسىيالىزمى بۇرژۇئا جەمئىيىتىنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۇچرايدىغان پەلسەپە تەلىماتلىرىدىن بىرى ئەمەس. "ئۇ پۇرولېتارىيات ئاممىسىنىڭ تەلىماتى، ئۇلارنىڭ بايرىقى، پۈتۈن دۇنيا پۇرولېتارلىرى ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىدۇ ۋە 'چوقۇنىدۇ'. شۇ سەۋەپتىن، ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ پەلسەپە 'ئېقىمى'نىڭ ئاساسچىلىرىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلار كۈنسايىن راۋاجلىنىپ زورىيىۋاتقان جانلىق پۇرولېتارىيات ھەركىتىنىڭ جانلىق داھىلىرى. كىمكى بۇ تەلىماتقا قارشى تۇرىدىكەن، كىمكى ئۇنى 'ئاغدۇرۇش' كويىدا بولىدىكەن، ئۇ كۈچلەر پەرقى بولغان كۈرەشلەردە باش-كوزى قانغا بويىلىپ رەسۋا بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى ئوبدان مۇلاھىزىلىشى لازىم." («ستالىن ئەسەرلىرى»، 1953-يىل خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 1-توم، 318-بەت)

**ھۈجەيرە** Клетка 细胞 مۇتلەق زور كۆپچىلىك ھايۋاناتلار، ئۆسۈملۈكلەر ۋە ئادەملەردىكى ھاياتلىق ماددىسىنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى. ھۈجەيرە جانلىق جىسىم بولۇپ، ئۇنىڭ ئومۇمەن ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنى پۇروتوپلازما ۋە ھۈجەيرە يادروسى دەپ ئىككى تەركىۋىي قىسىمغا ئايرىشقىلى بولىدۇ. پۇروتوپلازما ياكى ھۈجەيرىنىڭ پەردىسى بار، شۇنىڭدەك ئۇ ھۈجەيرىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئىنچىكە تۈزۈلمىسى بولغان ھۈجەيرە ئەزالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ھۈجەيرە يادروسىنىڭ ئىچىدىمۇ ئادەتتە پەۋقۇلئاددە تۈزۈلمە — يادرو مېغىزى بولىدۇ. بارلىق جانلىق مەۋجۇداتلارغا ئوخشاش، ھۈجەيرىمۇ بارلىق ئاساسىي

ھاياتلىق بەلگىلىرىگە، يەنى ئۆز ئەتراپىدىكى مۇھىت بىلەن بولغان ماددا ئالماشتۇرۇش، ئەسىرلىنىش، كۆپىيىش ۋە يېتىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە.

ھۈجەيرە يا مۇستەقىل ئورگانىك جىسىم — بىر ھۈجەيرىلىك ياكى ئىپتىدائىي ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر (تالا تۈكلۈك قۇرۇت، تۆۋەن دەرىجىلىك گىرىب، يۇسۇن ۋە باكتېرىيە) سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، يا كۆپ ھۈجەيرىلىك ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تەركىۋىي قىسمى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مۇتلەق كۆپ ساندىكى ھۈجەيرىلەر ئىنتايىن كىچىك بولۇپ، ئۇلارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى پەقەت نەچچە مىڭدىن بىر مىللىمېتىر بىلەنلا ھېسابلىغىلى بولىدۇ.

ئورگانىك جىسىملار ئىچىدىكى ھۈجەيرىلەرمۇ ئورگانىك جىسىملارنىڭ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ يېتىلىدۇ. بۇنداق يېتىلىش جەريانىدا، ھۈجەيرىلەر خىلمۇ-خىل، بىر-بىرىنىڭ پەرقى ئىنتايىن چوڭ بولغان شەكىللەرگە ئىگە بولىدۇ ھەمدە ئوخشاشمىغان رولى (ئۆسۈنۈكى نېرە ھۈجەيرىسى، بۇلجۇڭ گۆش ھۈجەيرىسى، نېرۋا ھۈجەيرىسى، ئۈستىخان ھۈجەيرىسى، قان ھۈجەيرىسى ۋاھاكازالار) غا ئىگە بولىدۇ.

ھۈجەيرىنىڭ كەشىپ قىلىنىشىنى مىكروسكوپنىڭ كەشىپ قىلىنىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. 17-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، روبېرت گۇك ئۆزى ئىسلاھ قىلغان مىكروسكوپنىڭ چوڭايتىش ئىقتىدارىنى سىناق قىلىش ئۈچۈن، پۈرۈپكىنىڭ نېپىز ياپىلاق پارچىلىرىنى كۆزىتىپ، پۈرۈپكىنىڭ نېپىز ياپىلاق پارچىلىرىنىڭ ھەرە كونىكى شەكىلدىكى توقۇلمىلاردىن تۈزۈلگەنلىكىنى بايقايدۇ. ئۇ بۇنداق ھەرە كونىكى شەكىلدىكى توقۇلمىلارنى ھۈجەيرە دەپ ئاتىدى. 17-ئەسىر ئىچىدە، مىكروسكوپنىڭ ياردىمى بىلەن

ھايۋاناتلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قۇرۇلمىسى تەتقىق قىلىنغانلىقتىن، بىرمۇنچە ئورگانىك جىسىملار ۋە ئۇلارنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ ھۈجەيرىلەردىن تۈزۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى بەزى ماتېرىياللار توپلاندى. 1834-يىلى گورىيانىنوۋ بىرىنچى بولۇپ بارلىق جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ھۈجەيرىلەردىن تۈزۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى ئىدىيىنى ئېلان قىلدى ھەمدە ھۈجەيرىلەر جانلىق مەۋجۇداتلار دۇنياسىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا، بىرقەدەر ئاددىي بولغان ھاياتلىق ماددىلىرىنىڭ شەكلى ئىچىدىن كېلىپ چىققان، دەپ قىياس قىلدى.

1838-يىلدىن 1839-يىلغىچە، بوتانىك شلېيدىن ئۆز پېشۋالىرىنىڭ مول ئەمەلىي ماتېرىياللىرى ۋە ئۆزىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلىنىپ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھۈجەيرىلىك تۈزۈلۈشىنى يىغىنچاقلاپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، زوئولوگ شۋان ئۆزىنىڭ ھايۋانات توقۇلمىلىرىنىڭ ئوخشاش تۈزۈلۈش ئۈستىدىكى تەتقىقاتىنى، شۇنداقلا ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋاناتلارنىڭ ھۈجەيرىلىك تۈزۈلۈشى ئۈستىدىكى ھەممە بار ماتېرىياللارنى ئومۇملاشتۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق، بىر نەزەرىيىنى، يەنى ھۈجەيرىنىڭ ھايۋاناتلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر ئورگانىزمىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە يېتىلىشىدىكى ئاساس ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى ياراتتى. بۇ نەزەرىيە ھۈجەيرە نەزەرىيىسى دەپ ئاتالدى. ئۇ، تەبىئىي پەن ساھەسىدىكى غايەت زور مۇۋەپپەقىيەت، شۇنداقلا ھازىرقى زامان بىئولوگىيىسىنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئېنگېلس، ھۈجەيرىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ــ پەندىكى ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ بىرى. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر دىيالېكتىكىلىق تەبىئەتقارىشىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئىلمىي ماتېرىيالىستىك دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىدە زور ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارىدى.

ئېنگېلس مۇنداق دەپ يازىدۇ: "بۇ كەشپىيات تۈپەيلىدىن بىز بارلىق يۇقۇرى ئورگانىك جىسىملارنىڭ بىر ئورتاق قانۇنىيەت بويىچە ئوسىدىغانلىقى ۋە يېتىلىدىغانلىقىنى بىلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ھۈجەيرىنىڭ ئۆزگىرىش قابىلىيىتى ئارقىلىق، ئورگانىك جىسىمنىڭ ئۆز تۈرىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ھەمدە بۇنىڭ بىلەن يەككىلىكنىڭ ئوسۇشىدىن تېخىمۇ يۇقۇرى بولغان ئوسۇشنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغان يولنى كۆرسىتىپ بەردۇق." («لىيۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى»، 1975-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 66-بەت) ئېنگېلس يەنە مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: ھۈجەيرىنىڭ كەشپ قىلىنىشى تۈپەيلىدىن، "سېلىشتۇرما مورفولوگىيە ۋە سېلىشتۇرما فىزىيولوگىيىنىڭ يارىتىلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى ھەمدە شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن بۇ ئىككىسى ھەقىقىي پەن بولۇپ قالدى".

ۋاھالەنكى، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، بىئولوگىيىدىكى ئەكسىيەتچىل ئۇقۇمنەزەرلەرنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا، تەرەققىيات ئۇقۇمنەزىرى ھۈجەيرە نەزەرىيىسىدىن چەتكە قېقىۋېتىلدى.

گېرمانىيىلىك دوختۇر، مېخانىكىچىلىق تەرەپدارى (كېيىن بولسا ھايات كۈچ نەزەرىيىسى تەرەپدارى) ۋىرخوۋ ئاتالمىش ھۈجەيرىلەر پاتولوگىيىسىنى ياراتتى، بۇ تەلىمات بويىچە، ئورگانىك جىسملارنىڭ جىنىي ئورگانىك جىسملارنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ جىنسىنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت، دەپ قارالدى. ۋىرخوۋ شۇنداق دەپ ئۆزۈپ ئېيتتىكى، "ھەر بىر ھۈجەيرە پەقەت ھۈجەيرىدىنلا پەيدا بولىدۇ"؛ "ھۈجەيرىدىن باشقا ھېچقانداق جانلىق نەرسە يوق"؛ يەنى "ھاياتلىق پەقەت ھۈجەيرىدىنلا باشلىنىدۇ"؛ "ئورگانىك جىسملار ھۈجەيرىلەرنىڭ يىغىندىسى". شۇنداق قىلىپ، ۋىرخوۋ ھۈجەيرە نەزەرىيىسىنى ئۆزگەرمەيدىغان مېتافىزىكىلىق دوگمىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدى، بۇنداق دوگما بىئولوگىيىلىك

جەرياننى ئىدىيالىستلارچە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن تازا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەردى.

بۇنداق مېخانىكىچىلىق نۇقتىئەزىرىنىڭ ئەكسىچە، دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمچىلار هۈجەيرىنى هۈجەيرىلەرنىڭ تەدرىجى تەرەققىيات نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىپ، بىرىنچىدىن، ئورگانىكلار دۇنياسىنىڭ سىستېمىلىق يېتىلىشىدە، بىر قەدەر ئاددىي بولغان هاياتلىق ماددىسى شەكىللىرى هۈجەيرە توقۇلمىسىدىن ئاۋۋال مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، هازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ، هۈجەيرە جانلىقلار ئورگانىزمىنىڭ بىردىن-بىر توقۇلما شەكلى ئەمەس، دەپ دەلىللەيدۇ.

ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: تارىختىن قارىغاندا، هۈجەيرە ئاددىي ئاقسىل كاللەكچىلىرى ئىچىدىكى يادروسىنىڭ ئالاھىدىلىشىشى ئارقىلىق پەيدا بولغان. هۈجەيرە پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى، هاياتلىق ماددا تولىمۇ ئۇزۇن تەدرىجى تەرەققىيات يولىنى بېسىپ ئۆتتى. ئېنگېلس ئەينى زاماندىكى تەبىئىي پەن جەھەتتىكى ماتېرىياللارغا ئاساسەن، مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: هازىرقى زاماندىكى ئورگانىكلار دۇنياسىدىمۇ، يەنىلا شۇنداق بەزى جانلىق مەۋجۇداتلار باركى، ئۇلار هۈجەيرە ئەمەس، بەلكى بىرقەدەر ئىپتىدائىي بولغان، تېخىچە پارچىلانمىغان جانلىق مەۋجۇداتلار — "يادروسىز ئىپتىدائىي هايۋاناتلار".

هازىرقى زامان بىئولوگىيىسى نۇرغۇن ئەمەلىي ماتېرىياللارنى توپلىدى، بۇ ماتېرىياللار هاياتلىقنىڭ پەقەت هاياتلىق ماددىلىرىنىڭ هۈجەيرە شەكلى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن، بەزى ۋىرۇس (جۈملىدىن ئادەمدىكى كېسەللىكلەر — مەسىلەن، تارقىلىشچان زۇكام — نىڭ كېسەللىك قوزغاتقۇچىلىرى) ۋە سۈزگۈچتىن ئۆتكۈچى باكتېرىيىگە ئوخشاش ئاشۇنداق ئىنتايىن كىچىك نەرسىلەر تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئېيتقاندا هۈجەيرە-

دىن كۆپ تۆۋەن دەرىجىدە بولىدۇ، لېكىن، ئۇلاردىن ھاياتلىقنىڭ ئالامەتلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ.

دارۋىننىڭ جانلىق مەۋجۇداتلار دۇنياسىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدىكى تەدرىجى تەرەققىيات تەلىماتى ئىلاھىيەت، دىنىي بىر تەرەپلىمىلىك ۋە مېتافىزىكىغا ئېغىر زەربە بەردى. لېكىن، دارۋىننىڭ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتى ھۈجەيرىدىنلا باشلانغان بولۇپ، ھۈجەيرە كەشپ قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى دەۋردىكى ۋە ھۈجەيرە سىستېمىسىنىڭ يېتىلىشى توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنى بولسا ھەل قىلالمىغان ئىدى. شۇڭلاشقا، تاكى يېقىنقى ۋاقىتلارغىچە، دارۋىننىڭ تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسى ۋە ئومۇمىي بىئولوگىيىدە، ھۈجەيرە كەشپ قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى دەۋردىكى ھاياتلىق جەريانىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدىكى پۈتكۈل ساھە يەنىلا بىر پارچە ئېچىلمىغان بوز يەر بولۇپ، ۋىرخوۋنىڭ مېخانىكىچىلىق نەزەرىيىسىنىڭ قائىدىلىرى ئاۋالقىدەكلا ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى.

دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىمنى ئۆزىگە ئاساس قىلغان ھازىرقى زامان پەنى بىزگە شۇنداق دەپ تەلىم بېرىدۇكى، ئورگانىك جىسىملار ھۈجەيرىنىڭ ئاددىي ھالدىكى يىغىندىسى ئەمەس، بەلكى ھۈجەيرە ۋە غەيرى ھۈجەيرە تۈزۈلىشىدىن تەركىب تاپقان مۇرەككەپ سىستېما؛ ئورگانىك جىسىملار ئىچىدىكى ھەر بىر ھۈجەيرە، ھەتتا ھۈجەيرىنىڭ بىر قىسمىمۇ پۈتكۈل ئورگانىك جىسىملارغا بېقىندۇ. شۇڭلاشقا، دىيالېكتىكىلىق تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى بىزدىن ھۈجەيرىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ھاياتىنى ھۈجەيرىنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ ئۆزئارا بېقىندىغانلىقىغا، ھۈجەيرىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا، شۇنىڭدەك ھۈجەيرىنىڭ تاشقى مۇھىتنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا يېتىلىدىغانلىقى ۋە ئۆزگىرىدىغانلىقىغا ئاساسەن تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىرسىيەتچانلىق مەسىلىسىدە، ۋىرخوۋ، ۋېيسمان، مېندېل ۋە مورگانلارنىڭ مۆرىتلىرى: ئىرسىيەتچانلىق كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئۆزگەرمەس كېن ئارقىلىق، پاكى بولمىسا ئاتالمىش خروموسوما، يەنى ھۈجەيرە يادروسىنىڭ بولەكلىرى ئارقىلىق يەتكۈزۈپ بېرىلىدىغان، دەپ ھسابلايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىلغار ماتېرىيالىستىك بىئولوگىيىنى راۋاجلاندۇرۇۋاتقان ئالىملار بولسا ئورگانىك جىسىملارنىڭ ھەرقانداق بىر ئۇششاق قىسمىنىڭ، ھۈجەيرىنىڭ ھەممە قىسملىرىنىڭ ئىرسىيەتچانلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى دەلىللىدى. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىمچە تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى ھۈجەيرىنى ھەرىكەتتىن ۋە ھۈجەيرىنىڭ تەدرىجى تەرەققىياتى جەھەتتىن تەتقىق قىلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى يەتكۈزۈپ بەردى، شۇنداقلا ھۈجەيرىنىڭ سىرلىق پوستىنى سويۇپ تاشلاشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنىمۇ يەتكۈزۈپ بەردى.

سوۋېت ئىتتىپاقى بىئولوگلىرى ئورگانىكلار دۇنياسىنىڭ سىستېمىلىق يېتىلىش بىلەن يەككە ھالدا يېتىلىشىنىڭ بىردەك بولىدىغانلىقىدەك ماتېرىيالىستىك پىرىنسىپقا ۋە جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭ تورىلىش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن (بۇ قانۇنىيەت بويىچە، ھەر بىر ئورگانىك جىسىم ئۆزىنىڭ يېتىلىش جەريانىدا، تۇۋەن باسقۇچتىن يۇقىرى باسقۇچقا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ، بۇ باسقۇچلار يىراق ئۆتكەن ۋە يېقىن ئۆتكەنلارنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئوخشاپ كېتىدۇ)، ھۈجەيرە ئورگانىك جىسىملارنىڭ يېتىلىش جەريانىدا، ھۈجەيرىنىڭ سىستېمىلىق يېتىلىش باسقۇچىغا ئوخشاپ كېتىدىغان يېتىلىش باسقۇچىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرمەمدۇ، يوق، دىگەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىئولوگى لېپېشىنسكايا بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدى ھەمدە ئورگانىك جىسىملار ۋە ئۇلارنىڭ توقۇلمىلىرىنىڭ يېتىلىشى جەريانىدا، ھۈجەيرىنىڭ بىرقەدەر ئاددى

ھالدىكى (ھۈجەيرە كەشىپ قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى) ھاياتلىق ماددىسى شەكلىدىن تەدرىجى تەرەققى قىلىش مۇمكىنلىكىنى سىناق قىلماقچى بولدى.

ئۇلغار مىچۇرىن تەلىماتى ۋە پاۋلوۋ فىزىيولوگىيىسى پىرىنسىپلىرىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ماتېرىيالىستىك ھۈجەيرە نەزەرىيىسىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن كەڭ ئىستىقبال ئېچىپ بەردى. ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقى بىيولوگلىرى ۋە نۇرغۇن چەتئەل ئالىملىرى ئۆزىنىڭ ئاساسىي دىققەت-ئېتىۋارىنى ھۈجەيرىنىڭ يېتىلىشىنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش ئۈستىگە، جۈملىدىن ھۈجەيرە شەكلىنىڭ بىرقەدەر ئاددىي ھالدىكى ھاياتلىق ماددىسى شەكلىدىن تەدرىجى تەرەققى قىلىشىنىڭ شەرتى ۋە قانۇنىيىتى توغرىسىدىكى مەسىلىلەرگە قاراتتى. ئۇلار بۇ ئارقىلىق جانلىق مەۋجۇداتلار دۇنياسىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ۋە تەرەققىياتى توغرىسىدىكى تەلىماتنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى بولغان ھۈجەيرە نەزەرىيىسىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرماقتا.

# د

**دارۋىن، چارلىز** 达尔文，查理 Дарвин, Чарлз (1809—1882) ئۇلۇغ ئىنگلىز ئالىمى، ماتېرىيالىستىك بىئولوگىيە ۋە تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەم تەرەققىي قىلىشى توغرىسىدىكى ماتېرىيالىستىك تەلىماتنىڭ ئاساسچىسى. دارۋىن كونا-چىرىك دوگمىلارغا قارشى كۆرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلغان ئىلىم-پەن جەھەتتىكى ئۇلۇغ يېڭىلىق ياراتقۇچى. "...ھايۋاناتلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرلىرىنى بىر-بىرى بىلەن قىلچە باغلىنىشسىز، تاسادىپىي 'ئىلاھى'، ئۆزگەرمەس نەرسە دەپ قارايدىغان نۇقتىنەزەرنى دارۋىن ئاغدۇرۇپ تاشلىدى..." («لېنىن ئەسەرلىرى»، 1955-يىل خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 1-توم، 122-بەت) دارۋىن، ھايۋاناتلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى، يېڭى فورماتسىيەنىڭ دائىم شەكىللىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى؛ يېڭى فورماتسىيەنىڭ مەيدانغا كېلىشى، دىندا ئېيتىلغاندەك خۇدانىڭ يارىتىشىدىن بولغان بولماستىن، خۇددى كونا فورماتسىيەنىڭ يوقىلىشىغا ئوخشاش، تەبىئەت تارىخى تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بەردى. دارۋىندىن بۇرۇن، ھايۋاناتلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر ھەققىدىكى تەدرىجىي تەرەققىيات قارىشىنى تەشەببۇس قىلغانلار بولغان ئىدى، لېكىن ئورگانىك جىسىملارنىڭ تىپلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ھەققىدىكى نەزەرىيىنى پەقەت دارۋىنلا بىرىنچى بولۇپ نۇرغۇنلىغان تەبىئىي پەن ماتېرىياللىرى ئارقىلىق ئىلمىي رەۋىشتە، ئەتراپلىق دەلىللىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا، بەزى نادان ياكى پەنگە ئۆچ كىشىلەرلا تەبىئەت دۇنيا-



سىنىڭ تەرەققى قىلىشى ھەققىدىكى
نەزەرىيىگە قارشى تۇردى. ھايۋاناتلار ۋە
ئۆسۈملۈكلەرنىڭ باشقا ئايلىنىشى تۇ-
ندە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات يىراق
قەدىمقى زامانلاردىكى ئورگانىك جىس-
لارنىڭ تۈزۈلۈشىنىڭ كېيىنكى زامانلار-
دىكىدىن ئاددىي ئىكەنلىكىنى، ئورگانىك-
لارنىڭ ئانچە مۇرەككەپ بولمىغان فورمىدىن بىرقەدەر
مۇرەككەپ فورمىغا تەرەققى قىلغانلىقىنى دەلىللىدى. ئەينى ۋاقىتتا،
ئورگانىزىملار تۈزۈلمىسىنىڭ ئورتاقلىقىمۇ ئورگانىكلار ئارىسىدىكى
قانداشلىق مۇناسىۋەتنى دەلىللىدى. ئادەمنىڭ قولى، شەپەرەڭنىڭ
قانىتى ۋە تىيولېنىنىڭ تاپىنىنىڭ تۈزۈلۈشى بىر تىپتا بولۇپ،
ئوخشاش ئورۇنلاشقان ئۇستىخانلاردىن تەركىب تاپقان. ئورگانىك
جىسىملارنىڭ تۇرەلمىسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندىمۇ، ئۇلار ئارىس-
دىكى قانداشلىق مۇناسىۋەتنىمۇ ئوخشاشلا دەلىللىگىلى بولىدۇ. بىر
بىرىگە زادىلا ئوخشاشمايدىغان ئورگانىك جىسىملار تۇرەلمە
مەزگىلىدە بىر بىرىگە كارامەت ئوخشايدۇ. داروۋىن تۈرلەرنىڭ
كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققى قىلىشىنى تەبىي تاللىنىش ۋە سۈنئىي
تاللىنىش بىلەن چۈشەندۈردى. ئۆزگىرىشچانلىق بىلەن نەسىلگە
تارتىش ئورگانىك جىسىملارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى.
ھايۋاناتلار ياكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ياشاش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان
كۆرەشلىرىدە ھايۋاناتلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە پايدىلىق بولغانلىكى
ئۆزگىرىشلەر تۇراقلىشىپ قالىدۇ. بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ جۇغلىنىپ ۋە
نەسىلمۇ-نەسىل داۋاملىشىپ بېرىشى بىلەن ھايۋانات ۋە ئۆسۈم-
لۈكلەرنىڭ يېڭى فورمىسى ھاسىل بولىدۇ. تەبىي تاللىنىش قانۇ-
نىيتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، داروۋىن تەبىي تاللىنىش بىلەن كىشىلەر

يېزا ئىگىلىگىدە قوللىنىلىدىغان سۈنئىي تاللىنىشنى سېلىشتۇرۇپ كۆردى، كىشىلەر تاللاش ئىشىنى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىغا قاراپ ئېلىپ بارىدۇ. تەبىي تاللىنىش بىلەن سۈنئىي تاللىنىش توغرىسىدىكى تەلىمات دارۋىننىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسى. دارۋىن مۇشۇ نەزەرىيە ئارقىلىق ئورگانىكلارنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىكەنلىگىنى ئەقىلگە مۇۋاپىق چۈشەندۈرۈپ بەردى، بۇنداق ئەقىلگە مۇۋاپىقلىق ئەزەلدىن ئىدىيالىستلار ۋە ئەكسىيەتچىلەر تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ دىنىي ئىدىيىلىرىنى ئاساسلاش ۋە ساقلاپ قېلىشقا ئىشلىتىلگەن ئىدى. ماركس: دارۋىن "تەبىي پەندىكى 'مەقسەت نەزەرىيىسى'گە ئەجەللىك زەربە بەردى" دەپ كۆرسەتتى. دارۋىن تۈرلەرنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى مېتافىزىكىلىق تەلىماتنى بۇزۇپ تاشلاپ، ھەرخىل ئەقىلگە مۇۋاپىق ھادىسىلەرنى ماتېرىيالىستىك يوسۇندا شەرھىلەپ بەردى، بۇنىڭ بىلەن ماتېرىيالىزىمنى ئورگانىكلاردىكى تۈرلۈك ئەڭ مۇرەككەپ ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرگەن چاغدا غەلىبە قازىنىشقا مۇۋەپپەق قىلدى. بۇ — ئۇلۇغ تۆھپە.

دارۋىننىڭ تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى گەرچە ئۇلۇغ نەزەرىيە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا نۇرغۇن ئېغىر كەمچىلىك ۋە نۇقسانلارمۇ بار. دارۋىن تۈرلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۆزگىرىشى نۇقتىسىنەزىرىگە ئاساسەن تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى توغرا چۈشەندۈردى. لېكىن ئەينى ۋاقىتتا ياشاش ئۈچۈن بولىدىغان كۈرەشنىڭ ئورگانىك جىسىملارنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدىكى رولىنى كۆپتۈرۈۋەتتى. ئۇ مالتۇسنىڭ ئەكسىيەتچىل ئاھالە ئۆسۈشچانلىقى نەزەرىيىسىگە تەنقىدىي ھالدا مۇئامىلە قىلماستىن، بەلكى مالتۇسنىڭ بۇ نەزەرىيىسى ئۆزىنىڭ ياشاش ئۈچۈن بولىدىغان كۈرەش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىشىغا

تۈرتكە بولدى دەپ ھېسابلىدى. داۋىن مالتۇسنىڭ نەزەرىيىسىگە ئاساسەن، تۈرلەر ئىچىدىكى كۈرەش جانلىقلارنىڭ تەدرىجى تەرەققىي قىلىشىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل دەپ خاتا ھۆكۈم چىقاردى. داۋىن ئورگانىكلار تەرەققىياتىدىكى سەكرەشنى ئىنكار قىلدى، ئۇ تەبىئەت دۇنياسىدا سەكرەش بولمايدۇ دەپ ھۆكۈم قىلدى.

داۋىن تەلىماتىدىكى بۇ كەمچىلىك ۋە خاتالىقلارنى، ئۇنىڭ باشقا كەمچىلىكلىرى ۋە خاتالىقلىرىغا ئوخشاش، ماركسىزم ئاساسچىلىرى بىرىنچى بولۇپ ئېچىپ بەردى ھەمدە بۇلارنى داۋىننىڭ ماتېرىيالىستىك بىئولوگىيە تەرەققىياتىدىكى يېڭى ئالىي باسقۇچ بولغان مىچۇرىن تەلىماتى تۈزەتتى.

داۋىن دىنىي قاراشقا قارشى ئىدى، ئۇ ئادەمنىڭ ئادەمسىمان مايمۇندىن ئۆزگىرىپ كەلگەنلىكىنى تەۋرەنمەس ھالدا ۋە ئىلمىي رەۋىشتە دەلىللەپ بەردى. لېكىن ئۇ باشتىن-ئاياق ساپ بىئولوگىيە مەيدانىدا تۇرغاچقا، بۇ مەسىلىنى ئۈزۈل-كېسىل ھەل قىلالمايتتى. ئادەمنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى مەسىلىنى ماركسىزم توغرا ھەل قىلدى. ماركسىزم بىزگە مۇنداق تەلىم بېرىدۇ: ئەمگەك قوراللىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى ئادەمنىڭ ھايۋاندىن ئايرىلىپ چىقىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. ئەمگەك قوراللىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى ئادەمدە فىزىئولوگىك ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلدى، ئادەمنىڭ قولى ۋە مېڭىسىنى تەرەققىي قىلدۇردى، تىلنى پەيدا قىلدى، بۇ ھال ئادەمنىڭ باشقا ھايۋاناتلار بىلەن بولغان ماھىيەتلىك پەرقىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئىجتىمائىي جانلىقلار جۈملىسىگە كىرىدىغان ئادەمنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا، بۇرژۇئا ئىجتىمائىيەتشۇناسلىرى ئالغا سۈرۈشكە ئۇرۇنغان جۇغراپىيىلىك ئامىل بىلەن بىئولوگىيىلىك ئامىل ئەمەس، بەلكى ماددى ئىشلەپچىقىرىش ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. جاھانگىرلىك دەۋرىدە، بۇرژۇئا بىئولوگلىرى ۋە ئىجتىما-

ئېيەتتۇۋاسىلىرى تەبىئىي تاللىنىش نەزەرىيىسىنى ئىنسانلار جەمئىيىتىگە يۆتكەپ كېلىشكە ئۇرۇندى. ئىجتىمائىي دارۋىنىزىم دېگەن نەرسە بۇلداق ئۇرۇنۇشنىڭ ئەكسىيەتچىلىكىنى كۆرسەتتى.

دارۋىنىزىم پەيدا بولغاندىن ئېتىۋارەن، دىنىي بىر تەرەپلىمە-لىكنى ئۇزۇل-كېسىل بۇزۇپ تاشلىغان تەلىمات دەپ قارىلىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ ياللانما پېننىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ كەلدى. ئىلمىي دارۋىنىزىمغا ئەكسىيەتچىل ۋېيسمان-مورگانىزىم نەزەرىيىسى پۈتۈنلەي قارىمۇ-قارشى ئىدى. ئۇنىڭ تەبىئەت دۇنياسىغا بولغان قارىشى ئىدىيالىستىك مېتافىزىكىلىق قاراش ئىدى. رۇس ئالىملىرى-دىن **سېچېنوۋ***، ۋ. ئو. كوۋالېۋسكى، ئا. ئو. كوۋالېۋسكى، **دوكۇ-چايېۋ***، **مېچنىكوۋ***، **تىمىريازېۋ***، **پاۋلوۋ***، كومالوۋ، **مىچۇ-رىن***، **ۋىلىيامس*** قاتارلىقلار دارۋىن تەلىماتىنى كۆرۈنەرلىك تۈردە قوغدىدى ۋە راۋاجلاندۇردى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا دارۋىنى-زىمنى ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلدى ھەمدە ئۇ بىئولوگلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئەتراپلىق راۋاجلاندۇرۇلدى.

دارۋىننىڭ ئاساسلىق ئەسىرى — «تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى» (1859).

**دالامبېر**، ژان لېرون Даламбер, Жан 达兰贝尔, 让・勒朗 Лерон (1717—1783) 18-ئەسىردىكى فرانسىيە مەرىپەتچىلىك-لىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى، پەيلاسوپ، داڭلىق ماتې-ماتىك. دالامبېرنىڭ ماتېماتىكا، فىزىكا، ئاسترونومىيە جەھەتلەردىكى نۇرغۇن كەشپىياتلىرى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. ئۇ **دىدېرو** * نىڭ ئەڭ يېقىن سەپدىشى. «قامۇس»نىڭ ماتېماتىكا قىسمىغا تەھرىرلىك قىلغان (**قامۇسچىلار***غا قاراڭ). ئۇ 1751-يىلدىن 1757-يىلغىچە دىدېرو بىلەن بىللە تەھرىر بولغان. ئەكس-يەتچىلەرنىڭ قامۇسچىلارغا قالپىرلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىشى ئارقى-

سىدا، دالامبېر «قامۇس»نى تەھرىرلەش خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولغان. دالامبېر «قامۇس»قا يازغان سۆز بېشىدا ئىنسانلار بىلىشىنىڭ بارلىققا كېلىش ۋە راۋاجلىنىش تارىخىنى بايان قىلىشقا ئىنتىلگەن ھەمدە پەننىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشىنى ئاساسەن 17-ئەسىردىكى ئىنگلىز ماتېرىيالىستى ف.**بېكون***نىڭ پىرىنسىپى بويىچە شەرھىلەشكە ئىنتىلگەن.

پەلسەپە جەھەتتە، دالامبېر تۈيغۇ تەجرىبىسى تەلىماتىنى ياقلايتتى، دېكارتنىڭ تۇغما ئىدىيە تەجرىبىسىگە قارشى ئىدى. ئۇ شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ تۇردە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى. ئەمما ئۇنىڭ تۈيغۇ تەجرىبىسى تەل-تۆكۈس ماتېرىيالىستىك ئەمەس ئىدى. دالامبېرنىڭ قارىشىچە، تەپەككۇر ماددىنىڭ خۇسۇسىيىتى ئەمەسمىش، روھ ماددىغا بېقىنمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرارمىش. شۇنداق قىلىپ دالامبېر ئىككى مەنبە-چىلىك مەيدانىدا تۇرىدۇ. ئۇ شەيئىنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ. فرانسىيىدىكى ياشقا مەرىپەتچىلەرنىڭ ئەكسىچە، ئۇ ئەخلاقنى ئىجتىمائىي مۇھىت بەلگىلىمەيدۇ دەپ ھېساپلايدۇ. دالامبېر، خۇدا ھەممىنى ياراتقۇچى ئوبيېكت، دەپ ئىقرار قىلىدۇ. دىدېرونىڭ ئەسەرلىرىدە، بولۇپمۇ «دالامبېرنىڭ چۈشى» دېگەن ئەسىرىدە دالامبېرنىڭ تەل-تۆكۈس بولمىغان تۈيغۇ تەجرىبىسى تالانتلىق بىلەن تەنقىت قىلىنغان. دالامبېرنىڭ ئاساسىي پەلسەپە ئەسىرى بولغان «پەلسەپە قائىدىلىرى» (1759) نىڭ رۇسچە تەرجىمىسى بار.

**Дицген, Иосиф 狄慈根, 约瑟夫 دىتسگېن، يوسىف** (1828—1888). گېرمانىيە كون زاۋۇدىنىڭ ئىشچىسى، سوتسىيال دېموكرات؛ ئۇ نۇرغۇن پەلسەپىۋى مەسىلىلەرنى مۇستەقىل ھالدا تەتقىق قىلغان ھەمدە ماركس، ئېنگېلسنىڭ دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمىغا

ئىنتايىن ئوخشاپ كېتىدىغان خۇلاسىگە كەلگەن.

ئۇ 1848-يىلىدىكى ئىنقىلابتىن كېيىن، ئامېرىكىدا مۇھاجىر بولۇپ تۇرغان. ئۇ خىزمەت ئىزلەپ، 1864-يىلى روسىيىگە كەلگەن. دىتسگېن پېتېربۇرگىتىكى بىر كونچىلىك زاۋۇتىدا ئىشلەۋاتقان چاغدا، ئۆزىنىڭ ئىشتىن سىرتقى بارلىق ۋاقتىنى پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىسات ۋە سوتسىيالىزم قاتارلىق جەھەتلەردىكى يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا سەرپ قىلىدى. ئۇ روسىيىدە «ئادەم مېڭىسى پائالىيىتىنىڭ ماھىيىتى» دېگەن مۇھىم پەلسەپىۋى ماقالىسىنى شۇنداقلا ماركس يازغان **«كاپىتال»***نىڭ 1-تومى توغرىسىدىكى ئوبزورنى يازدى. 1869-يىلى ي. دىتسگېن گېرمانىيىگە قايتتى، كېيىن يەنە ئامېرىكىغا كۆچۈپ كەتتى؛ ئۇ ئۇ يەردە «بىر سوتسىيالىزمچى بىلىش نەزەرىيىسى ساھەسىدە قىلغان ساياھەتلەر» ۋە «پەلسەپەدىكى مۇۋەپپەقىيەت» دېگەن ئىككى پەلسەپە ئەسىرىنى يازدى.

ماركس مۇتەپەككۇر دىتسگېنغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن ئىدى. ماركس دىتسگېننىڭ نۇقتىئىنەزىرىدىكى نۇرغۇن خاتالىق ۋە گادىرماشلىقنى كۆرسىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇنداق دەپ يازىدۇ: دىتسگېن "نۇرغۇن ئەسىل پىكىرلەرنى، يەنە بىر ئىشچىنىڭ مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈشىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە ئېيتقاندا، كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان پىكىرلەر"نى بايان قىلىدى («ماركس-ئېنگېلس خەت-چەكلىرىدىن تاللانمىلار»، روسچە نەشرى، 216-بەتكە قاراڭ). ئېنگېلسمۇ دىتسگېنغا ئوخشاشلا يۇقىرى باھا بەردى. ئېنگېلس مۇنداق دەپ يازىدۇ: "دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، كۆپ يىللاردىن بېرى بىزنىڭ ئەڭ ياخشى ئەمگەك سايمىنىمىز ۋە ئەڭ ئۆتكۈر قورالىمىز بولۇپ قالغان ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكىنى يالغۇز بىزلا كەشىپ قىلمىدۇق، بەلكى گېرمانىيە ئىشچىسى يوسېف دىتسگېن بىزگە تايانمايمۇ، ھەتتاكى گېگېلغا تايانمايمۇ كەشىپ

قىلدى". (ئېنگېلس، «لۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى»، 1975-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 63-بەت) ي. دىتسگېن پەلسەپىدىكى تۈپ مەسىلىنى ماتېرىيالىستىك ھالدا ھەل قىلدى. ئۇ پەلسەپىۋى ئىدىيالىزمىدىن ئىبارەت بۇ "قارغۇ توخۇ"نى كەسكىن تەنقىت قىلدى، چاكىنا ماتېرىيالىزىمنىمۇ تەنقىت قىلدى. ئۇ پەلسەپىدىكى ئىككى چوڭ لاگېرنى قارىمۇ-قارشى قويىدى ھەمدە رەزىل "ئارىلىقتىكى پارتىيە-گۇرۇھلار"نى قاتتىق سۆكتى. ئۇ ئىدىيالىستلارنى راھىبلىقنىڭ "قاقۋاش ئالچىلىرى"دەپ ئاتىدى. ي. دىتسگېن بىر تەرەپتىن بىلىشتىكى ماتېرىيالىستىك ئىنكاس نەزەرىيىسىنى قوغدىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇرغۇن خاتالىقلارنى ئۆتكۈزدى، مەسىلەن، ئىنسانلار بىلىمىنىڭ نىسبىلىكىنى مۇبالىغە قىلدى، شۇنداق قىلىپ ئىدىيالىزىمغا ۋە بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسىگە يول قويىدى، ئۇ ئاڭ بىلەن ماددىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، مەلۇم ئۇقۇملار توغرا بولىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلدى، ۋاھاكازالار. لېكىن بۇ خاتالىقلار شۇنداقلا باشقا بەزى خاتالىقلار ي. دىتسگېننىڭ پەلسەپە جەھەتتىكى تۆھپىسىنى تۆۋەنلىتەلمەيدۇ. دىتسگېن جەڭگىۋار خۇداسىزلىق تەرەپدارى.

لېنىن **«ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىتچىلىكى»*** دېگەن كىتاۋىدا، دىتسگېننىڭ ئاساسىي جەھەتتىن توغرا بولغان دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىمچە بىلىش نەزەرىيىسىنى قوغدىدى، ئۇنىڭ خاتالىقىنى كۆرسەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بەزى ئىدىيالىستلارنىڭ بۇ خاتالىقلاردىن پايدىلىنىپ مەلۇم سىستېما—دىتسگېنىزىمنى بەرپا قىلىشقا ئۇرۇنغانلىقىنىمۇ كەسكىن تەنقىت قىلدى. دىتسگېننىڭ ئوغلى بولغان ماخىزمچى ئوگېن دىتسگېن ۋە باشقا ماخىزمچىلار شۇنداقلا شىۋجېنگجۇيىچىلار مۇشۇ سىستېما ئارقىلىق ماركسىزىم بىلەن قارشىلىشىش خىيالىدا بولغان ئىدى. "دىتسگېنىزىم" ماخىزم-

چىلارنىڭ ئەكسىيەتچىل، ئادەم ئالدايدىغان تويدۇرمىسى: ئۇلار ماتېرىيالىست ئى. دىتسگېننى ماخىزمىچىغا ئايلاندۇرماقچى بولۇشتى. لېنىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: "«دىتسگېنىزىم» دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمدىن پەرقلىنىدۇ، ئۇ بىر خىل گادىرماش ئىدىيە، ئەكسىيەتچىل پەلسەپىگە قاراپ قەدەم تاشلىغانلىق، ئى. دىتسگېننىڭ ئۇلۇغ يەرلىرىگە ئاساسلانماي (دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمنى ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە كەشپ قىلغان بۇ ئىشچى پەيلاسوپىنىڭ نۇرغۇن ئۇلۇغ يەرلىرى بار!)، ئۇنىڭ ئاجىزلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ بىر خىل لۈشيەن يارىتىشقا ئۇرۇنغانلىق!" (لېنىن. «ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىتچىلىكى»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 453-بەت)

**دېكابىرچىلار** Декабристы **十二月党人** روسىيىدە ئىجتىمائىي-سىياسىي ئىدىيە ۋە پەلسەپىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا، ئاقسۆڭەك ئىنقىلابچىلار—دېكابىرچىلار مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. لېنىن روسىيە ئىنقىلاۋىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىنى چۈشەندۈرگەن چېغىدا، بىرىنچى باسقۇچ ياكى بىرىنچى دەۋرنى ئاقسۆڭەكلەر باسقۇچى ياكى ئاقسۆڭەكلەر دەۋرى دېگەن ئىدى. ئۇ: "ئاقسۆڭەكلەر دەۋرىدىكى ئەڭ مەشھۇر كىشىلەر—دېكابىرچىلار ۋە گېرتسېن" دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. 1825-يىلدىكى دېكابىرچىلار ھەرىكىتى چارىزىمغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان تۇنجى ئىنقىلاۋىي ھەرىكەت بولدى. دېكابىرچىلار ئىنقىلاۋىي ئۆزگىرىشكە تەييارلىق كۆرۈش ۋە رەھبەرلىك قىلىش ھەم كەلگۈسىدىكى رۇس دۆلىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىنى تۈزۈش ئۈچۈن، بەزى مەخپىي تەشكىلاتلارنى يەنى مۇراۋيېۋ ۋە رىلېيېۋ رەھبەرلىكىدىكى "شىمال جەمئىيىتى"نى، پېستېل رەھبەرلىكىدىكى "جەنۇب جەمئىيىتى"نى، شۇنىڭدەك پېتر بورىسوۋ ۋە ئاندرېي بورىسوۋ ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەن تەشكىللىگەن، كېيىن "جەنۇب جەمئىيىتى" بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن "سلاۋيانلار بىرلەشمىسى"نى

قۇردى. لېكىن ئۇنىڭ ھەركەت دائىرىسى خېلىلا كەڭ بولدى، ئۇنىڭغا روسىيە جەمئىيىتىدىكى ئىلغار تەبىقىلەر قاتناشتى، يەنە كېلىپ ئۇ مەخپىي تەشكىلات دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتتى. ھەرقايسى مەخپىي جەمئىيەتلەر 1825 ـ يىل 12 ـ ئايدا پېتېربۇرگدا ۋە روسىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا چارىزىمغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ (چېرنىگوۋ تۈمەن ـ دۈيىنىڭ قوزغىلىڭى)غا تەييارلىق كوردى ۋە ئۇنى ئۇيۇشتۇردى. بىراق دېكابىرچىلار قوزغىلىڭى خەلقنىڭ چارىزىمغا قارشى ئومۇمىي يۈزلۈك كوتىرىلگەن كۈرىشى بىلەن بىرلەشمىگەنلىكتىن، ئاخىر باستۇرۇلدى. ھەركەتنىڭ ئەڭ مەشھۇر تەشكىلاتچىلىرى ۋە مۇتەپەككۇرلىرى بولغان پېستېل، رىلېيېۋ، مۇراۋيوۋ ـ ئاپوستول، كاخوۋسكى ۋە بېستۇژېۋ ـ ريومىنلار ئۆلۈم جازاسىغا ھوكۇم قىلىندى. ھەركەتكە قاتناشقان 100 نەچچە كىشى ئېغىر ئەمگەككە ھوكۇم قىلىندى ۋە سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىندى.

روسىيە جەمئىيىتىدىكى ئىلغار تەبىقىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرغان دېكابىرچىلار ھەركىتى روسىيە تارىخى تەرەققىياتىنىڭ پىشىپ يېتىلگەن تەلىۋىنى ئىپادىلىدى، يانچىلىق تۈزۈمگە قارشى بولغان كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ نارازىلىقىنى ئەكس ئەتتۈردى. دېكابىرچىلار ئۆز ئالدىغا: ئىنقىلاب يولى بىلەن ۋە قوراللىق قوزغىلاڭ ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق روسىيىدىكى مۇستەبىتلىك تۈزۈمنى ۋە پادىشالىق تۈزۈمنى يوقىتىش ھەم جۇمھۇرىيەت قۇرۇش، يانچىلىق تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەم دېموكراتىيە ـ ئەركىنلىكنى ھەقىقىي يوسۇندا تىكلەش ۋەزىپىسىنى قويدى. دېكابىرچىلار ھەركىتى روسىيە خەلقىنىڭ 1812 ـ يىلىدىكى ۋەتەن ئۇرۇشىدا كوتىرىلگەن ئومۇمىي يۈزلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك دولقۇنى بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ، روسىيە مىللىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يول تازىلاشنى مەقسەت قىلغان ئىدى. دېكابىرچىلارنىڭ ئاقىۋەتكىلىك چەكلىمىلىكى خەلق ئىنقىلاۋىدىن قورققانلىقىدا ئىپادى-

لىنىدۇ، قوزغىلاڭ كۆتەرگەندە تاكتىكىسىنىڭ بىقارار بولغانلىقىدا ۋە قىلماقچى بولغان ئىسلاھاتىنىڭ تار خاراكتېرلىق ئىكەنلىكىدە ئىپادى-لىنىدۇ. لېنىن: "بۇ ئىنقىلابچىلارنىڭ دائىرىسى تار ئىدى. ئۇلار خەلقتىن ناھايىتى يىراق تۇراتتى" دەپ يازغان ئىدى. («لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى» 2-توم، خەنزۇچە 2-نەشرى، 422-بەت)

پېستېل يازغان «رۇس ھەقىقىتى» (ئەمەلىيەتتە بۇ دېكابىرچىلار-نىڭ كوللېكتىپ ئىجادىيىتى ئىدى)دە، مۇراۋيوۋ تەييارلىغان ئاساسىي قانۇن لايىھەسىدە ۋە «سلاۋىيانلار بىرلەشمىسىنىڭ نىزامنامىسى»دە كەلگۈسىدىكى رۇس دۆلىتىنىڭ تۈزۈمى ھەققىدە پىلان ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بۇ ھۆججەتلەردە شۇ چاغدىكى ئىلغار ئىجتىمائىي-سىياسىي ئىدىيىلەر تەرىپلەنگەن ئىدى. دېكابىرچىلار روسىيىنىڭ دۆلەت تۈزۈ-مىنى تەنقىت قىلىش ۋە ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەت-لەردىكى بۇرژۇئا دېموكراتىيىسىدىكى ئىللەتلەرنى تەنقىت قىلىش ئاساسىدا، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ئورنىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى نەزەرىيە جەھەتتىن دەلىللىدى. مۇراۋيوۋ تەييارلىغان ئاساسىي قانۇندا پادى-شالىق تۈزۈمىنى ساقلاپ قېلىش تەلەپ قىلىنغانلىقى تېخىمۇ كەڭ ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىنى ھەرىكەتكە جەلپ قىلىشنى كۆزدە تۇتۇپ كۆرۈلگەن بىر خىل تاكتىكىلىق ۋاستە ئىدى. لېنىن دېكابىرچىلارنىڭ روسىيىنىڭ ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدىيىسىدە تىكلىگەن جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ئەنئەنىسىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدى. جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى-نى قولغا كەلتۈرۈش ۋە يانچىلىق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش يولىدىكى كۈرەشلەر دېكابىرچىلار ھەرىكىتىنىڭ بۇرژۇئا خاراكتېرىنى ئىپادىلىدى. دېكابىرچىلار تۈزگەن ئەڭ مۆتىدىل ئىسلاھات يولىغا قو-يۇلغان تەقدىردىمۇ، روسىيە كاپىتالىزم يولى بويىچە تەرەققى قىلاتتى.

دېكابىرچىلارنىڭ ئىلغار ماتېرىيالىستىك پەلسەپىسى روسىيە جەمئىيىتىنى ئىنقىلاۋىي يول بىلەن ئۆزگەرتىش پىلانى بىلەن زىچ

باغلانغان ئىدى. **لومونوسوۋ*** ۋە رادىشېۋ*دىن باشلانغان روسىيە
پەلسەپىسىنىڭ ماتېرىيالىستىك ئەنئەنىسى دېكابىرچىلارنىڭ پەلسەپىۋى
دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى.
شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېكابىرچىلار غەربىي ياۋروپا ماتېرىيالى-
تىك پەيلاسوپلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ تەتقىق قىلدى. دېكابىرچىلار-
نىڭ ماتېرىيالىستىك پەلسەپە قارىشى ھەقىقىي تەبىئىي پەن بىلىملىرىنى
ئاساس قىلدى. دېكابىرچىلار پەلسەپىسى قارشى تۇرغان ئاساسىي
ئىدىيىۋى دۈشمەن ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان يانچىلىق تۈزۈم
ئىدېئولوگىيىسى، دىن، سىرلىقلاشتۇرمىچىلىق ۋە ئىدېيالىستىك
پەلسەپە ئىدى. ئۇلار پەلسەپىنىڭ ۋەزىپىسى "ھەقىقەت ئىزلەش"،
ئەقىلنى ئويغىتىش ۋە ئەقىلدىكى زىيانلىق بىر تەرەپلىمىلىكلەرنى
يوقىتىشتىن ئىبارەت؛ پەلسەپە ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرگۈچى
جەڭچىلەرنى زورۇر بولغان ئەخلاق-پەزىلەتنى يەنى ۋەتەننى قىز-
غىن سۆيۈش، ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە كىشىلەرنىڭ بەخت-سائادىتى
ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى تەقدىم قىلىشتەك ئىرادىنى يېتىشتۈرۈش
ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ، دەپ ھېسابلىدى. دېكابىرچىلار پەلسە-
پىنى مۇستەبىت يانچىلىق تۈزۈمگە قارشى كۆرەشتە مۇشۇنداق زور
ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ ھېسابلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار پەلسەپىدىكى
ئاساسىي مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشقا كىرىشتى. ھەر-
قايسى مەخپىي تەشكىلاتلاردا بەزى گۇرۇپپىلار قۇرۇلدى، بۇ گۇرۇپ-
پىلاردا بىلىش مەسىلىسى، ماددىنىڭ تۈزۈلۈشى مەسىلىسى ۋاھاكازا-
لارغا ئالاقىدار قىزغىن بەس-مۇنازىرىلەر بولۇپ تۇردى.

بۇ ھەركەتنىڭ رەھبەرلىرى ھەم مۇتەپەككۇرلىرى، مەسىلەن،
ياكۇشكىن، كرىيوكوۋ، پېستېل، پ. بورىسوۋ، گورباچېۋسكى، رايېۋ-
سكى قاتارلىقلار ماتېرىيالىستىك پەلسەپىنىڭ ۋەكىللىرى. ئۇلار ماد-
دىنىڭ بىرلەمچى، ئاڭنىڭ ئىككىلەمچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ،

شۇنىڭ بىلەن پەلسەپىدىكى تۈپ مەسىلىنى ماتېرىيالىستىك يوسۇندا ھەل قىلىدۇ. ياكۇشكىن ئۆزىنىڭ «تۇرمۇش دېگەن نېمە؟» دېگەن پەلسەپە ئەسىرىدە: تەبىئەت دۇنياسىدىكى شەيئىلەر بىزدىن تاشقىرى ئوبيېكتىپ ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ماددىي دۇنيا ماكان ۋە زاماندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دەپ يازىدۇ. دېكابىرچىلاردىن بېستۇژېۋ مۇنداق دەپ يازىدۇ: "بارلىق ماددىي ئوبيېكتلار مۇئەييەن ماكاندا تۇرىدۇ. بارلىق ھادىسىلەر مۇئەييەن زاماندا پەيدا بولىدۇ." ئۇلار شۇ چاغدىكى پەننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئاساسەن ماددا ئاتوم ياكى ئەبەدىي ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدىغان ھەممە پۈتكۈل پۈتمەس-تۈگىمەس، ئۆلچەپ بولمايدىغان ئالەم بوشلۇقىدىكى "بەككىلىك"لەردىن تەركىب تاپىدۇ؛ ئاتوملارنىڭ ئۇتتۇشۇپ تۇرىشى ۋە بىرىكىشى ھەر خىل ئالەم جىسىملىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ، دەپ ھېساپلايدۇ. دېكابىرچىلار بىر خىل دادىل پىكىرنى يەنى ئاسمان جىسىملىرىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى ھازىرمۇ بولۇۋاتىدۇ دېگەن پىكىرنى بايان قىلدى. دېكابىرچىلار مۇنداق دەپ ھېساپلىدى: ماددىي دۇنيا ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ئوبيېكتىپ، "تەۋرەنمەس" قانۇنىيەتنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. ئەڭ مۇھىم ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرنىڭ بىرى سەۋەپ-نەتىجە قانۇنى. ماددا ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا جانلىق مەۋجۇداتلارنى پەيدا قىلدى، ئادەم—جانلىق مەۋجۇداتلار تەرەققىياتىدىكى يۇقىرى پەللە. ئادەم يەر شارىدىكى بارلىق جانلىق مەۋجۇداتلار بىلەن ئوخشاش بىر قاتاردىكى نەرسە، ئەمما ئادەم تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانلىقى بىلەن باشقا بارلىق ھايۋانلاردىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. پىكىر قىلىش—ماددىي نەرسە بولغان مېڭىنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارى. تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنىڭ بارلىققا كېلىشى جانلىق ماددىلارنىڭ ئۇزاق مۇددەت تەدرىجىي تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. دېكابىرچىلار تەپەككۇرنى ماددىغا يېقىنچاقلاپ قويغان،

ئۇلار تەپەككۇرنىڭ ئۆزگىچە، ئالاھىدە خاراكتېرىنى تونۇپ يەتكەن. ياكوبشكىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: "يۇقۇرى ھارارەت ئاستىدا يورۇق-لۇق پەيدا بولغىنىدەك، ھاياتلىقنىڭ ئەڭ يۇقۇرى تەرەققىياتى داۋامىدا تەپەككۇر پەيدا بولغان...... لېكىن يورۇقلۇقنىڭ پەيدا بولۇشى ئىسسىقلىقنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئوخشىمىغىنىدەك، تەپەككۇرنىڭ پەيدا بولۇشىمۇ ھاياتلىقنىڭ پەيدا بولغىنىغا ئوخشىمايدۇ."

دېكابىرچىلار كىشىلەرنىڭ ماددى دۇنيانى بىلەلەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇلار بىلىشنى ئادەمنىڭ پائالىيىتى بىلەن باغلاپ قارايدۇ. بىلىشكە بارىدىغان يول ئىككى، ئۇنىڭ بىرى تەجرىبە (ياكى ھېسسىيات)، بىرى ئەقلىيلىق. ھېسسىيلىق تاشقى شەيئىلەرنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا تەسەۋۋۇر ۋە تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ. تەسەۋۋۇر ۋە تۇيغۇ نېرۋا ئارقىلىق چوڭ مېڭىگە بارىدۇ. كرىيوكوۋ مۇنداق دەپ يازىدۇ: تاشقىرىدىكى شەيئىلەرنىڭ تەسىرى نېرۋىدا "تەۋرىنىش" پەيدا قىلغانلىقتىن، "ھەر ياكى بىرنەچچە نېرۋىدا بولىدىغان ھەرقان-داق تەۋرىنىش مېڭىنى ھەركەتلەندۈرىدۇ". ئەمما ھېسسىيلىقنىڭ مۇكەممەل بىلىم يەتكۈزۈپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەقلىيلىقلا شەيئىلەردىكى ئورتاقلىقنى، ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى ۋە ماددى دۇنيانىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرەلەيدۇ. ئەقلىيلىق شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرەلەيدۇ. بىلىمنىڭ ھەقىقەتلىكى كونا-يېڭى ئۇقۇملارنىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنىڭ تۈگىتىلىشى ئارقىلىق سىنىلىدۇ. ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى بولغان ئەمەلىيەتلەرنىڭ ئەھمىيىتىنى ھېچقايسى دېكابىرچى چۈشەنمىگەن. ماتېرىيالىست دېكابىرچىلار روسىيە پەلسە-پىسىدە ئەڭ ئالدى بىلەن گېرمانىيىنىڭ ئىدىيالىستىك پەلسەپىسىنى يەنى **كانت*** ۋە **شېللىڭ***نىڭ پەلسەپىسىنى، **ئوك***نىڭ تەجرىبىچى-لىكىنى ۋە **دېكارت***نىڭ ئىككى مەنبەچىلىكىنى تەنقىت قىلدى. ئۇلار

ئىدىيالىزمنى ۋە مەدىنىس پەلسەپىسىنى ئىنسانلار ئەقلىنىڭ دۈشمىنى دەپ ھېسابلىدى. ھەرقايسى مەخپىي تەشكىلاتلاردا، ئۇلار ھەركەتنىڭ قاتناشچىلىرى ئارىسىدىكى ئىدىيالىزم مۇرتەلىرىگە قارشى كۈرەش قىلدى. مۇراۋيوۋ، ئوبولېنسكى، كيوخېلبېكېر، باتېنكوۋ قاتارلىق دېكابىرچىلارنىڭ ھەممىسى ئىدىيالىست ئىدى. دېكابىرچىلارنىڭ مۇستەبىت پانچىلىق تۈزۈمگە قارشى كۈرىشىنىڭ دىنغا ۋە پانچىلىق تۈزۈمنىڭ ئەشەددىي قوغدىغۇچىسى بولغان دىنىي جەمىيەتكە قارشى كۈرەشكە ئېلىپ بېرىشى مۇقەررەر ئىدى. ئۇلار: دىن زۇلۇمنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ، ئۇ ئەركىنلىكنىڭ دۈشمىنى دېگەن ئىدى. ماتېرىيالىستىك پەلسەپە ۋە چوڭقۇر تەبىئىي پەن بىلىملىرى دېكابىرچىلارنىڭ خۇداسىزلىقنى تېپىشىغا، خۇدانى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدىغان يەكۈننى چىقىرىشىغا ياردەم بەردى. دېكابىرچىلار: دىننىڭ يىلتىزى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا مەۋجۇت، ئېچىنىشلىق ئەھۋالنى ئۇ دۇنيادىكى گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئارزۇ-ئۈمىت ئارقىلىق پەدەزلەش نىيىتىدە مەۋجۇت، دەپ ھېسابلىدى.

دېكابىرچىلارنىڭ ماتېرىيالىستىك پەلسەپىسى شۇ چاغلاردا ئىلغار پەلسەپە ئىدى. ئەمما پۈتكۈل ھەركەتنىڭ چەكلىمىلىكلىكى دېكابىرچىلارنىڭ پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزىرىنىڭ چەكلىمىلىكلىكىنى بەلگىلىدى. ئۇلارنىڭ ماتېرىيالىزمى مېتافىزىكىلىق ئىدى. دېكابىرچىلار ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى چۈشەندۈرۈش جەھەتتە ئىدىيالىستلار ئىدى. ئۇلار تەلىم-تەربىيىنى جەمىيەت تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ دەپ ھېسابلىغان ئىدى. ئۇلار خەلقتىن يىراق تۇراتتى، مەخپىي جەمىيەت رەھبەرلىك قىلغان قوراللىق ئىنقىلاب ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ دەپ قارىغان ئىدى. ئۇلارنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىدىكى سەۋەبمۇ مانا شۇ.

دېكابىرچىلارنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەركىتى ۋە ئۇلارنىڭ ماتېرىيالىستىك

پەلسەپىسى روسىيىنىڭ ئازاتلىق ھەركىتى ۋە پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ تەرەققىياتىدا ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە. دېكابىرچىلار ئۆز ۋەتىنىنى قىزغىن سۆيەتتى، ئۆز خەلقىنى قىزغىن سۆيەتتى. دېكابىرچىلار ھەركىتى گەرچە باستۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىشلىرى بىكارغا كەتمىدى. "دېكابىرچىلار گېرتسېننى ئويغاتتى. گېرتسېن ئىنقىلاۋىي تەرغىبات ئىشىنى قانات يايدۇردى." («لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە 2-نەشرى، 2-توم، 422-بەت) دېكابىرچىلار روسىيە پەلسەپىدىكى ماتېرىيالىستىك ئەنئەنىلەرنى راۋاجلاندۇرغانلىقى ئۈچۈن، روسىيە ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاتلىرىنىڭ يەنى ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزىمچىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتتى. روسىيە پەلسەپىسىدىكى ماتېرىيالىستىك لۇشيەن دېكابىرچىلاردىن باشلىنىپ، **گېرتسېن*** ئارقىلىق **بېلىنسكى،*** **چېرنىشېۋسكى*** ۋە **دوبرولىيۇبوۋ***قىچە مۇشۇنداق داۋاملاشتى.

**دېكارت**، رېنې Декарт, Ренэ 笛卡儿，勒奈 (1650—1596)

مەشھۇر فرانسۇز پەيلاسوپى ۋە ئالىمى. پەلسەپىدىكى ئاساسىي مەسىلىنى يەنى تەپەككۇرنىڭ مەۋجۇدىيەتكە بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا دېكارت ئىككى مەنبەچى ئىدى. ئۇ، يېيىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان جىسمانىي ئەسلى زات ۋە تەپەككۇر قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان روھىي ئەسلى زاتتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئەسلى زات مەۋجۇت، دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇ بىر بىرىگە بېقىنمايدىغان ئىككى خىل مەنبە يەنى ماددىي مەنبە ۋە روھىي مەنبە بار دەپ تونۇيدۇ. دېكارتنىڭ ئېيتىشىچە، ئەسلى زات بىلەن روھنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ئۈچىنچى ئەسلى زات يەنى خۇدا تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. دېكارت ئۆزىنىڭ فىزىكىسىدا ماتېرىيالىزىملىق ئىدىيىنى راۋاجلاندۇردى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:



تەبىئەت دۇنياسى ماددا زەررىچىلىرىنىڭ دائىملىق، ئۈزلۈكسىز يېڭىدىنسىدىن ئىبارەت: تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىرلىشچانلىقى ماددىنىڭ خۇسۇسىيىتىدۇر. ماددى دۇنيانىڭ ھەرىكىتى مەڭگۈ بولىدۇ، شۇنداقلا مېخانىكا قانۇنى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. دېمەك، ئۇنى ئۇششاق زەررىچىلەر، ئاتوملارنىڭ ئاددى ھالدا ئورۇن يۆتكىشى دەپ يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

ماركس مۇنداق دەيدۇ: "**دېكارت** ئۆزىنىڭ **فىزىكىسىدا، ماددىنى** مۇستەقىل ئىجادىي كۈچكە ئىگە، دەپ قارايدۇ ھەمدە **مېخانىكىلىق** ھەرىكەتنى ماددى ھاياتنىڭ ئىپادىسى دەپ بىلىدۇ ......ئۇنىڭ فىزىكىسىنىڭ **دائىرىسىدە، ماددا** بىردىن-بىر **ئەسلى زات**، شۇنداقلا مەۋجۇدىيەت بىلەن بىلىشنىڭ بىردىن-بىر ئاساسى." («ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 1957-يىل خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 2-توم، 160-بەت) دېكارت ئوتتۇرا ئەسىر پەلسەپىسىگە قارشى تۇرۇپ، دىنىي جەمئىيەتنىڭ نوپۇزىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي كۈچىگە چوڭقۇر ئىشەنگەن ھالدا، دۇنيانى بىلىشنىڭ بىر خىل يېڭى، ئىلمىي ئۇسۇلىنى ئىجاد قىلىپ، بىلىم ۋە ئەقلىنى قارىقۇلارچە ئېتىقاتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش زورۇر، دەپ قارايدۇ. دېكارت "گۇمانلىنىش"نى تەشەببۇس قىلىدۇ، "گۇمانلىنىش" ھۆكۈمنىڭ بىر خىل ۋاستىسى، ئۇسۇلى، ئۇ ئارقىلىق بارلىق بىر تەرەپلىمىلىك ۋە ئادەت بولۇپ قالغان ئۇقۇملاردىن ساقلانغىلى ھەمدە ئىشەنچلىك ھەقىقەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ، دۇنيا توغرىسىدىكى چۈشەنچىنىڭ توغرىلىقىدىنمۇ گۇمانلىنىدىغانلىقىنى، دۇنيانىڭ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىنمۇ گۇما-

لىنىدىغانلىقىنى ئىپتىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ ھەممىدىن گۇمانلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، مېنىڭ گۇمانلىنىۋاتقانلىقىم پىكىر قىلىۋاتقانلىقىم، دەپ ئېتىراپ قىلىشى زۆرۈر، شۇنداق قىلىپ، دېكارت: "مەن پىكىر قىلىۋاتقانلىقىم ئۈچۈن مەۋجۇتمەن" دېگەن مەشھۇر ئىدىيالىستىك خۇلاسىنى چىقىرىدۇ. دېكارت، ئەنە شۇ تەرىقىدە "مەن" مەۋجۇت ئىكەنمەن، مەندىن باشقا پۈتكۈل دۇنيامۇ مەۋجۇت، دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىدۇ. دېكارتنىڭ بۇ قائىدىسىدىن كېيىن سۇبيېكتىپ ئىدىيالىستلار پايدىلاندى.

بىلىش نەزەرىيىسى جەھەتتە، دېكارت **ئەقىلچىلىق**نىڭ ئاساسچىسى ئىدى. دېكارت: سەزگۈ بىزنى شەيئىلەر توغرىسىدىكى مۇجمەل چۈشەنچىگىلا ئىگە قىلىپ، ئېزىقتۇرىدۇ؛ ھەقىقەت بىۋاستە ھالدا ئەقىل ۋە ئەقىلگە خاس بولغان پەم-پاراسەتتىن كېلىدۇ، ھەقىقەتنىڭ توغرا ياكى توغرا ئەمەسلىكىنى ئەمەلىيەت ۋە تەجرىبە ئارقىلىق ئىسپاتلانمايدۇ، بەلكى ئۇ بىزنىڭ ئۇقۇمىمىزنىڭ روشەن ۋە ئېنىق بولۇش-بولماسلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. دېمەك، دېكارتنىڭ نۇقتىنەزىرى بويىچە قارىغاندا، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى ئەقىلنىڭ سىرتىدا ئەمەس، بەلكى ئەقىلنىڭ ئۆزىدە. دېكارت "تۇغما" چۈشەنچە توغرىسىدىكى ئىدىيالىستىك تەلىماتنى ياراتتى. مەسىلەن، ئۇنىڭ قارىشىچە، خۇدا توغرىسىدىكى چۈشەنچە، روھىي ئەسلى زات توغرىسىدىكى چۈشەنچە ۋە جىسمانىي ئەسلى زات توغرىسىدىكى چۈشەنچە تۇغما چۈشەنچىدۇر. دېكارت ئۆز پەلسەپىسىدە پەننى دىن بىلەن مۇرەسسەلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. دېكارت ماتېماتىكا ئەينى زاماندا يەنە ئاتاقلىق فىزىك ۋە ماتېماتىك ئىدى. ئېنگېلس: "دېكارتنىڭ ئۆزگىرىشچان سانى ماتېماتىكىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى. ئۆزگىرىشچان سان بولغاچقا، **ھەرىكەت** ماتېماتىكىغا، ......**دىيالېكتىكا** ماتېماتىكىغا كىردى......" («تەبىئەت دىيالېكتىكىسى»،

1979 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 450 ـ بەت) دەپ كۆرسەتتىدۇ. دېكارت، ئانالىزلىق گېئومېترىيىنىڭ ئاساسچىسى. دېكارت ئۆزىنىڭ ماتېرىيالىستىك تەبىئەت قارىشى ئارقىلىق پەن ۋە پەلسەپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى، لېكىن، ئۇنىڭ دۇنياقارىشىدىكى يەنە بىر خىل خاھىش يەنى ئىدېيالىستىك خاھىش بولسا دىننى ھىمايە قىلىدۇ. 17 ـ ئەسىردىكى بۇرژۇئا ئىدېيە سېستىمىسىنىڭ ئۆزۈل ـ كېسىللىكى دېكارتنىڭ دۇنياقارىشىغا تەسىر قىلدى، بۇنداق ئىدېيە سىستېمىسى بىر جەھەتتىن شۇ چاغدىكى فرانسىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئىلغار خاھىشىنى ئەكس ئەتتۈرسە، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ خەلق ئاممىسىدىن قورقىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ فېئودال ـ پادىشالىق ھاكىمىيەت تۈزۈمىگە نىسبەتەن مادارا چىلىق سىياسىتى قوللىنىدىغانلىقىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. دېكارتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەسەرلىرى: «مېتودولوگىيە» (1637)، «مېتافىزىكىلىق خىيال» (1641)، «پەلسەپە قائىدىسى» (1644)، «يورۇقلۇق توغرىسىدا» (1664)، «ئەقىلنىڭ يېتەكچى قانۇنى» (1701) ــ 1950 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «دېكارت تاللانما ئەسەرلىرى»گە قارالسۇن.

**دېكارتچىلىق** Картезианство 笛卡儿主义 **دېكارت*** ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ پەلسەپىۋى تەلىماتى. دېكارتچىلىق دېگەن نام پەيلاسوپ دېكارتنىڭ Cartesius دېگەن لاتىنچە ئىسمىدىن ئېلىنغان. دېكارتچىلىق بىر بىرىگە قارىمۇ ـ قارشى مۇنداق ئىككى تەلىماتقا بۆلۈنىدۇ: بۇنىڭ بىرى دېكارتنىڭ مېخانىكىلىق ماتېرىيالىزملىق تەبىئەت قارىشىغا باغلانغان ئىلغار تەلىمات بولۇپ، بۇنىڭغا لېۋا، **لامېترى***، **كابانىس***لار ۋەكىللىك قىلىدۇ؛ يەنە بىرى دېكارتنىڭ ئىدېيالىزملىق مېتافىزىكىسىغا باغلانغان ئەكسىيەتچىل تەلىمات بولۇپ، بۇنىڭغا جېلافور، **قاسادېيلىك***، **مالبرانش*** ۋەكىللىك قىلىدۇ.

**邓波夫斯基, 埃德瓦尔德** دېمبوۋسكى، ئېدۋارد (1822 — 1846) Дембовский, Эдвард مەشھۇر پولەك پەيلاسوپى، 1846-يىلىدىكى كراكوۋ ئىنقىلاۋىدىكى ئىنقىلاۋىي دېموكراتىيىچىلەر تەشكىلاتىنىڭ يولباشچىلىرىدىن بىرى. ماركس بىلەن ئېنگېلس «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»دە دېمبوۋسكى تەشكىلاتىنى تىلغا ئېلىپ، بۇ تەشكىلاتنى يەر ئىنقىلاۋىنى پولشا مىللىتىنى ئازات قىلىشنىڭ شەرتى قىلغان پارتىيە، كوممۇنىستلار بۇ پارتىيىنىڭ كۆرىشىگە مەدەت بېرىشى كېرەك، دەپ ھېسابلىدى. ئېنگېلس پولشا مەسىلىسى توغرىسىدىكى نۇتقى (1848)دا، دېمبوۋسكى تەشكىلاتىنىڭ پرولېتارىياتچە دېگۈدەك جاسارەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كورسىتىپ ئوتتى. دېمبوۋسكى ئىشچىلار ۋە قول سانائەتچىلەرنى پولشا پومېشچىكلىرىغا قارشى قوزغىلاڭ كوتەرگەن گالىتسىيە دېھقانلىرى بىلەن ئالاقە باغلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشقا تىرىشتى. ئۇ ئاۋستىرىيە مىلىتارىستلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا قۇربان بولدى. دېمبوۋسكى ۋە ئۇنىڭ سەپدىشى بولغان دېھقانلار ئىنقىلاپچىسى ستېبگېننىڭ توھپىسى تۆۋەندىكى كوزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىدا: "كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشتا، پولشىدىكى ۋە روسىيەدىكى دېھقانلار شۇنىڭدەك شەھەر ئاھالىلىرى بىر تەرەپتە تۇرىدۇ، پولشىدىكى ۋە روسىيەدىكى پومېشچىكلار شۇنىڭدەك پادىشالار ئىككىنچى بىر تەرەپتە تۇرىدۇ؛ دېھقانلار ئوقنى دېھقانلارغا قارىتىپ ئاتماستىن، پومېشچىكلارغا قارىتىپ ئاتىدۇ."

دېمبوۋسكى پەلسەپىدە 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئوتكەن پولشا ماتېرىيالىستى كوللونتاي ۋە ستاشىتسانىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇردى. دېمبوۋسكى ئىدىيالىزمنى پەيدىن-پەي تۈگىتىش ۋە مېتافىزىكىلىق ماتېرىيالىزمنى تەنقىت قىلىش ۋاقتىدا، خەلق مەنپەئەتى ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن بىر خىل



"ئىجادىي پەلسەپە" (كېلىچەك پەلسەپەسى)نى يارىتىشنى تەلەپ قىلدى. دېمبوۋسكىنىڭ پەلسەپىۋى نۇقتىسىنەزەرى دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققى قىلغان نۇقتىسىنەزەر. ئۇ نۇرغۇن ماقالىلىرىدا گېگېل پەلسەپىسىنى كەسكىن تەنقىت قىلدى، ئۇنىڭ قارىشىچە، گېگېلنىڭ پەلسەپىسى "مەۋجۇت جىنايەتكە تاقەت قىلىش مەقسىدى" ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ھەممە يېڭى شەيئىنى كونا شەيئى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغان پەلسەپە. دېمبوۋسكىنىڭ قارىشىچە، دىيالېكتىكىلىق ئۇسۇل دېھقانلار پومېشچىكلارنىڭ زۇلمىنى يىمىرىپ تاشلايدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئىدىيىنى ئاساسلاپ بېرىشكە، كوممۇنىزم تۈزۈمىنىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى ئاساسلاپ بېرىشكە ياردەم بېرىشى كېرەك. ئۇ تەبىئەت دۇنياسى ۋە جەمئىيەت يېڭى بىلەن كونىنىڭ كۈرەش جەريانىدا ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلىدۇ دەپ قارايدۇ.

ئىجتىمائىي نۇقتىسىنەزەردىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دېمبوۋسكى ئاساسىي جەھەتتىن يەنىلا ئىدىيالىست بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەقلى تارىخنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى دەپ قارايدۇ؛ دېمبوۋسكى دىن ۋە كاتولىك دىنىي جەمئىيىتى فېودال ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنىڭ قورالى دەپ پاش قىلىدۇ. ئېنگېلسنىڭ «شىللىڭ ۋە ۋەھىي» دېگەن ئەسىرى دېمبوۋسكىدا خۇداسىزلىق ۋە ئىنقىلابىي دېموكراتىزمنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. دېمبوۋسكى بىلەن مىسكېۋىچ پولشا ئىنقىلابىي دېموكراتىزملىق ئېستېتىكىسىنىڭ ئاساسچىلىرى ئىدى. دېمبوۋسكى "نوقۇل سەنئەت" نەزەرىيىسىگە قارشى تۇرىدۇ ھەمدە دېموكراتىزم ئىدىيىسى سىڭدۈرۈلگەن ئىنقىلابىي رومانتىزملىق

سەنئەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق پەلسەپۋى ئەسەرلىرى مۇنۇلار: «كېلىشتۈرمىچىلىك توغرىسىدىكى بىرقانچە خىل ئىدىيە» (1843)، «ئىجاتچانلىق بولسا پەلسەپىسىگە خاس پىرىنسىپ» (1843)، «كېلىچەك پەلسەپىسى توغرىسىدىكى ئىدىيە» (1845).

**دېموكرىت** 德谟克利特 **Демокрит** (مىلادىدىن ئىلگىرى تەخمىنەن 460—370) ئۇلۇغ يۇنان ماتېرىيالىستىك پەيلاسوپى. ئۇ كارامەت بىلىملىك بىر كىشى ئىدى. لېنىن دېموكرىتنىڭ پەلسەپە لۇشيەنىنى **پلاتون***نىڭ ئىدېيالىستىك لۇشيەنى بىلەن قارىمۇ-قارشى قويۇپ، دېموكرىتنى قەدىمقى زامان ماتېرىيالىزمىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋەكىلى دەپ قارىدى. دېموكرىت (لېۋكىپپنىڭ شاگىرتى) ئاتوم نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ماھىيىتىگە بولغان دادىل ھەم ئىنقىلاۋىي چۈشەنچىلىرى ئۇزۇن ئەسىرلەردىن بۇيانقى ئىلىم-پەن تەرەققىياتىدىن ئالدىن بىشارەت بەرگەن ئىدى. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دېموكرىتنىڭ ئاتوم نەزەرىيىسى تەبىي پەننىڭ ئىلىم-پەن تەرەققىي قىلىش دەۋرىدىن ئىلگىرىكى ئۇزۇلۇك شەرت-شارائىت جەھەتتىكى چەكلىمىلىرىگە ئۇچرىغان ئىدى.

دېموكرىتنىڭ قارىشىچە، جىسىملارنىڭ مەنبەسى ئىككى: ئاتوم بىلەن بوشلۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئاتوم يەنى بولۇنمەس ماددا زەررىلىرى ئۆزگەرمەيدۇ، مەڭگۈلۈك بولىدۇ ۋە دائىم ھەركەت ھالىتىدە تۇرىدۇ. ئاتوملار شەكىل، چوڭ-كىچىكلىك، ئورۇن ۋە تەرتىپ جەھەتتىلا بىر بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. باشقا بەزى خاراكتېرلار، مەسىلەن، ئاۋاز، رەڭ، پۇراق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار بولسا ئاتومدا بولمايدۇ. دېموكرىتنىڭ قارىشىچە، بۇ خاراكتېرلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى شەرتلىك بولىدۇ، بۇ خاراكتېرلار "جىسىمنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىدە" بولمايدۇ. دېموكرىتنىڭ



بۇ چۈشەنچىسىدە جىسىملاردىكى بىرلەمچى سۈپەت ۋە ئىككىلەمچى سۈپەت توغرىسىدىكى خاتا تەلىماتنىڭ بىخلىرى بار. ئاتوملارنىڭ بىرىكىشى بىلەن جىسىم ھاسىل بولىدۇ؛ ئاتوملارنىڭ بۆلۈنۈشى بىلەن جىسىم يوقىلىدۇ. جانمۇ ئاتوملاردىن تۈزۈلگەن، يەنى ئوت ۋە شارسىمان بولغان، ئىنتايىن ئاسان ھەركەتلىنىدىغان ئاتومدىن تۈزۈلگەن. سان-ساناقسىز ئاتوملار مەڭگۈ چەكسىز بوشلۇقتا ھەركەتلىنىپ تۇرىدۇ؛ بۇ ئاتوملار ئوخشاش بولمىغان يۆنىلىش بويىچە يۆتكىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، بەزىدە بىر بىرىگە سوقۇلۇپ ئاتوملارنىڭ قاينىمى شەكىللىنىدۇ. ئاتوملارنىڭ مۇشۇنداق قاينام شەكلىدە ھەركەتلىنىشى سەۋەبىدىن، "پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان ۋە يوقىلىپ تۇرىدىغان" سان-ساناقسىز دۇنيا ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. بۇ دۇنيالار ئىلاھ تەرىپىدىن يارىتىلمايدۇ، بەلكى زورۇرىيەت قانۇنىيىتى بويىچە تەبىي يوسۇندا پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ ۋە يوقىلىپ تۇرىدۇ". دېموكرىت تەقدىرچىلىككە يۈزلەنگەن قارارلاشتۇرمىچىلىقنى ھىمايە قىلىدۇ، ئۇ تاسادىپىلىقنى رەت قىلىدۇ. تاسادىپىلىقنى ھادىسىلەرنىڭ سەۋەب-نەتىجە باغلىنىشىنى يېشىپ بېرەلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ ئويدۇرمىسى دەپ قارايدۇ.

دېموكرىت ئۆزىنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى، جىسىملارنىڭ ئىچىدىن سەزگۈ ئەزالىرىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان ئىنتايىن نېپىز جىسىم پوستلىقى ("ئەيدوت"—"ئوبراز") ئايرىلىپ چىقىدۇ، دېگەن پەرەز ئۈستىگە قويىدۇ. گەرچە بىلىۋېلىنغان ماتېرىيالارنىڭ ھەممىسى تۇيغۇ ئارقىلىق كەلسىمۇ، لېكىن تۇيغۇ جىسىم توغرىسىدىكى "مۇجمەل" بىلىمنىلا بېرىدۇ؛ ھالبۇكى بىلىمنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر خىل

"ئېنىق"، ئېنىمۇ توغرا بولغان بىلىم، يەنى ئەقلىي بىلىش ئارقىلىق كەلگەن بىلىم تىكلەنگەن؛ بۇنداق بىلىم تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئاتوم ۋە بوشلۇقنى بايقىيالىغان. سىياسىي چۈشەنچىسى بويىچە ئېيتقاندا، دېموكرىت قەدىمقى زامان دېموكراتىك ھاكىمىيەت تۈزۈمىنىڭ ۋەكىلى، قۇلدار ئاق سۆڭەكلەرنىڭ دۈشمىنى. دېموكرىت-نىڭ ماتېرىيالىزمىنىڭ ۋارىسچىلىرى يۇنان پەيلاسوپى **ئېپىكۇر*** بىلەن ئۇنىڭدىن سەل كېيىنكى دەۋردە ئۆتكەن رىم پەيلاسوپى لۇكرېتسىي **كار*** ئىدى.

**دېموكراتىيە** 民主 Демократия (گرېكچە δημοκρα-τια — خەلق ھاكىمىيىتى دېگەنلىك بولۇپ، δημος — خەلق، κράτος — كۈچ، ھاكىمىيەت دېگەن سۆزلەردىن كەلگەن) ئېزىلگۈ-چىلەر بىلەن ئەزگۈچىلەرگە، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپلار بىلەن ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارغا بۆلۈنگەن جەمئىيەتتە، ئەزەلدىن ھەقىقىي خەلق ھاكىمىيىتى بولۇپ باققان ئەمەس. بۇرژۇئا-زىيە جەمئىيىتىدە، دېموكراتىيە بۇرژۇئازىيىنىڭ سىنىپىي ھۆكۈمران-لىق يۈرگۈزۈش شەكلى. يەلگىلىك ۋاقىتتا، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئۆز سىياسىي ھۆكۈمرانلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋاستىسى بولغان دېموك-راتىيە بۇرژۇئازىيە ئۈچۈن پايدىلىق نەرسىدۇر. بۇ چاغدا بۇرژۇ-ئازىيە ئاساسىي قانۇن تۈزۈپ، پارلامېنت ۋە باشقا ۋاكالەت ئورگانلىرىنى قۇرۇپ، (ئاممىنىڭ بېسىمى ئاستىدا) ئومۇمىي سايلام ھوقۇقىنى ۋە شەكلەندىكى سىياسىي ئەركىنلىكنى يولغا قويىدۇ. لېكىن كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنىڭ بۇ پارلىق دېموكراتىيە ھوقۇقلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش ۋە بۇ پارلىق دېموكراتىيە ئورگانلىرىدىن پايدى-لىنىش ئىمكانىيىتى خىلمۇ-خىل چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. بۇرژۇئازىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۈتۈن دېموكراتىيە ئورگانلىرى ئاممىنىڭ سىياسىي ئاكتىپلىقىنى بىخۇتلاشتۇرۇش ۋە ئەمگەكچىلەرنى سىياسىي تۇرمۇشتىن

چەتكە قېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

لېنىن: "بۇرژۇئازىيە دېموكراتىيىسى ئوتتۇرا ئەسىرچىلىككە قارىغاندا تارىختا بىر چوڭ ئىلگىرىلەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، بىراق ئۇنىڭ باشتىن-ئاخىر، يەنە كېلىپ كاپىتالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا تار، تولۇقسىز، ساختا. ئادەم ئالدايدىغان دېموكراتىيىدىن ئىبارەت بولماسلىقى، بايلار ئۈچۈن جەننەت، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچىلار ئۈچۈن، نامراتلار ئۈچۈن تۇزاق ۋە ئالدامچىلىقتىن ئىبارەت بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس" («پرولېتارىيات ئىنقىلابى ۋە خائىن كائۇتسكىي»، 1973-يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 27—28-بەتلەر) دەپ يازىدۇ. "گەپخانا" بولغان پارلامېنت بىر نىقاب بولۇپ، ئۇ مەخپىي، خەلققە قارشى ئىچكى، تاشقى سىياسەتلەرنى يابىدۇ. ھالبۇكى بۇ سىياسەتلەر بىر ئوچۇم بانكا ئىگىلىرى، زاۋۇت ئىگىلىرى ۋە كەسپىي سىياسەتۋازلار تەرىپىدىن تۈزۈلىدۇ ھەمدە پارلامېنت (گەرچە ئۇمۇ ئادەتتە بۇرژۇئازىيىنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلايدىغان ئورگان بولسىمۇ) تىن ھالقىغان ھالدا دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئىجرائىيە ئورگانلىرى ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. ئاتالمىش "ئومۇمىي سايلام ھوقۇقى" دەل ماركس ئېيتقاندەك، ئەمەلىيەتتە، سايلىغۇچىلارنى ھەر ئۈچ يىلدا ياكى ئالتە يىلدا بىر قېتىم ھۆكۈمران سىنىپ ئىچىدىكى قايسى كىشىلەرنى پارلامېنتتا خەلقنىڭ ۋەكىلى ۋە ئەزگۈچى قىلىپ بەلگىلەش ئىمكانىيىتىگىلا ئىگە قىلىدۇ، خالاس. ھەر قېتىم ئىنقىلاپ كرىزىسى ياكى ئۇرۇش پارتلىغاندا، بۇرژۇئازىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ھەر قېتىم خەۋپكە دۇچكەلگەندە، دېموكراتىيە نىقاۋى يىرتىپ تاشلىنىش بىلەن، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئاشكارا ھەربىي دىكتاتۇرىسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. لېنىن كۆرسەتكىنىدەك: جاھانگىرلىك دەۋرىدە بۇرژۇئازىيە دۆلىتى ئىچىدە دېموكراتىيىدىن سىياسىي ئەكسىيەتچىلىككە قاراپ بۇرۇلۇش يۈز بېرىدۇ.

ستالىن پارتىيىنىڭ 19 ـ قۇرۇلتىيىدىكى نۇتقىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: ھازىرقى زامان بۇرژۇئازىيىسى بۇرژۇئا دېموكراتىيىسى ئەركىنلىكىدىن ئىبارەت بايراقنى بىر چەتكە چۆرۈۋەتتى.

"بۇرۇن، بۇرژۇئازىيە ئەركىنلىك دەپ جار سېلىپ، بۇرژۇئازىيە دېموكراتىيىسى ئەركىنلىكنى قوغداپ، خەلق ئارىسىدا ئۆزى ئۈچۈن ئابروي تىكلىگەن ئىدى. ھازىر بولسا، ئەركىنلىكتىن ئەسەرمۇ قالمىدى. ئاتالمىش "شەخسىي ئەركىنلىك" ئەمدى مەۋجۇت ئەمەس، ــ ھازىر، پەقەت كاپىتالغا ئىگە ئەنە شۇ كىشىلەرلا شەخسىي ھوقۇققا ئىگە، دەپ ئېتىراپ قىلىنىدۇ، ھالبۇكى باشقا پۇقرالارنىڭ ھەممىسى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىشقا لايىق ماتېرىيال دەپ ھېسابلىنىدۇ. كىشىلىك ھوقۇقىي باراۋەرلىكى ۋە مىللىي باراۋەرلىك پرىنسىپى دەپسەندە قىلىندى؛ بۇ پرىنسىپنىڭ ئورنىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى ئاز سانلىق كىشىلەر تولۇق ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدىغان، پۇقرالار ئىچىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ بولسا قىلچە ھوقۇقى بولمايدىغان پرىنسىپ ئىگەللىدى. بۇرژۇئازىيە دېموكراتىيىسى ئەركىنلىكىدىن ئىبارەت بۇ بايراق ئاللىقاچان چۆرۈۋېتىلدى."

ئىككىنچى ئىنتېرناتسىونال لاگېرىدىكى ئاغمىچىلار ماركسىزمنىڭ دۆلەت ۋە دېموكراتىيە توغرىسىدىكى تەلىماتىغا تۈزىتىش كىرگۈزدى. ئۇلارنىڭ ساتقىنلىق لۇشيەنىگە ھازىرقى زامان ئوڭ قانات سوتسىيالىستلارنىڭ باشلىقلىرى ۋارىسلىق قىلىپ كەلمەكتە. ئاغمىچىلار سىنىپتىن تاشقىرى، "ئوقۇل" دېموكراتىيە دېگەن بىمەنە، ساتقىنلىق نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ نەزەرىيە، كاپىتالىزمنىڭ سوتسىيالىزمغا تىنچ ئۆسۈپ كىرىشى ئۈچۈن، پرولېتارىيات بۇرژۇئازىيىنىڭ كونا دۆلەت ماشىنىسىنى پاچاقلاپ تاشلىماي، بۇ ماشىنىنى پاخشىلىشى، ئىسلاھ قىلىشى لازىم دېگەننى تەرغىپ قىلدى. لېكىن،

"سىنىپتىن تاشقىرى"، "نوقۇل" دېموكراتىيە دېگەن ئىشچىلارنى ئالدايدىغان سەپسەتە. تارىختا ئەزەلدىن بۇنداق دېموكراتىيە بولۇپ باققان ئەمەس. ئەمەلىيەتتە بۇرژۇئا دېموكراتىيىسى يەنى چالا-بۇلا، ساختا دېموكراتىيە ۋە پرولېتارىيات دېموكراتىيىسىلا مەۋجۇت.

**پرولېتارىيات** دېموكراتىيىسى — يېڭى، يۇقىرى شەكىلدىكى دېموكراتىيە، كۆپ ساندىكى خەلقلەرنىڭ، كەڭ ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ ھەقىقىي دېموكراتىيىسى. سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىشچى-دېھقانلار دۆلىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى ھەقىقىي دېموكراتىك ئاساسىي قانۇن. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پۈتكۈل دۆلەت ھاكىمىيىتى شەھەر-يېزىلاردىكى ئەمگەكچىلەرگە مەنسۇپ. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئۇمۇمىي مۈلۈكچىلىك. سوۋېت ئىتتىپاقى ئىنسانىيەت تارىخىدا ھەقىقىي تۈردە ئۇمۇمىي، بىۋاسىتە ۋە باراۋەر بولغان سايلام ھوقۇقى (يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش شەكلى قوللىنىلىدىغان)نى بىرىنچى بولۇپ ئەمەلگە ئاشۇردى، بۇ ھېچقانداق چەكلىمىسى بولمىغان سايلام ھوقۇقى. ھالبۇكى سايلام ھوقۇقىغا بولغان چەكلىمىنى بۇرژۇئازىيە دۆلىتىدىكى ھەرقانداق ئاساسىي قانۇندا، ھەتتا ئەڭ "دېموكراتىك" بولغان ئاساسىي قانۇندىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بارلىق پۇقرالار جىنسى، مىللىتى ۋە ئىرقىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە باراۋەر ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ، دۆلەتنى باشقۇرۇش خىزمەتلىرىگە بىردەك قاتنىشىدۇ.

بۇرژۇئازىيە دېموكراتىيىسى شەكىلدىلا كىشىلىك ھوقۇقىنى جاكالايدۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىنى ئەمەلىي شەرت-شارائىتلار بىلەن تەمىن ئەتمەيدۇ. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بۇرژۇئا دېموكراتىيىسىنىڭ ئەكسىچە، پۇقرالىق ھوقۇقىنى قانۇن

چىقىرىش يولى بىلەن ماددى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. مەسىلەن، سوۋېت جەمئىيىتىدە، ئەمگەك قىلىش ھوقۇقى جاكالىنىپلا قالماي، بەلكى ئۇ يەنە قانۇندىمۇ بېكىتىلدى ھەمدە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ يوقىتىلىشى، ئىشسىزلىق ھادىسىسىنىڭ تۈپتىن تۈگىتىلىشى، ئىشلەپچىقىرىشتىكى كرىزىسنىڭ يوقىتىلىشى قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن، ئەمگەك ھوقۇقى ئەمەلىي كاپالەتكە ئىگە بولدى. مانا بۇ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن ئادەم ئالدايدىغان كاپىتالىستىك دېموكراتىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ كۆرۈنەرلىك پەرق. بۇنىڭدىن كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ھەقىقى خەلق ھاكىمىيىتى، ھەقىقى دېموكراتىيە، ئۈزۈل-كېسىل سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى.

سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە تۈزۈمى ئەر بىلەن ئايال، "ئوتتۇرا قاتلاشقانلار" بىلەن "ئوتتۇرا قاتلاشمىغانلار"، مۈلۈكدارلار بىلەن مۈلۈكسىزلەر، تەربىيە ئالغانلار بىلەن تەربىيە ئالمىغانلار ئوتتۇرىسىدا ھوقۇق جەھەتتە پەرق بولۇشنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە تۈزۈمىدە، ھەر بىر پۇقرانىڭ قابىلىيىتى ۋە شەخسى ئەمگىكىلا ئۇنىڭ سوۋېت جەمئىيىتىدىكى رولىنى ۋە ئورنىنى بەلگىلەيدۇ. بۇ يەردە كىشى قابىلىيىتى ئورنىغا پۇلنى قويىدىغان ھەم كىشىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى پۇل بىلەن بەلگىلەيدىغان ئۇنداق ئەھۋاللارنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

سوتسىيالىستىك جەمئىيەت قۇرۇۋاتقان خەلق دېموكراتىيىسى ئەللىرى دەل سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يولى بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە. كاپىتالىستىك مەملىكەتلەردە كوممۇنىستىك پارتىيىلەر ۋە ئىشچىلار پارتىيىلىرى ھەقىقى دېموكراتىيە ۋە ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىزچىل كۈرەش قىلماقتا. (خەلق دېموكراتىيىسى" گە قاراڭ)

**دىدېرو، دېنى** Дидро, Дени 狄德罗，德尼 (1713—1784) ئۇلۇغ فرانسۇز مەرىپەتچىسى، ماتېرىيالىست پەيلاسوپ، 18-ئەسىردىكى ئىنقىلاۋى بۇرژۇئازىيىنىڭ چوڭ مۇتەپەككۇرى، «قامۇس»نىڭ تۈزگۈچىسى ۋە تەھرىرى («قامۇسچىلار»غا قاراڭ). ئۇ رادىكال نۇقتىئىنەزەردە بولغانلىقتىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. دىدېرو ماددىنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ؛ ماددىنىڭ ئەبەدىيلىكىنى، ھەرىكەتنىڭ ماددىدا ئەسلىدىنلا بار بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. دىدېرونىڭ قارىشىچە، مۇتلەق جىمجىتلىق ئابستراكت بولىدۇ، تەبىئەت دۇنياسىدا مۇنداق جىمجىتلىق بولمايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ماكان ۋە زامان ماددىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئوبيېكتىپ شەكلى، ماددا مالېكۇلالاردىن تەركىب تاپىدۇ، ھەر بىر مالېكۇلا ئىچكى ھەرىكەت مەنبەسىگە ئىگە، يەنى "ئىرىكىش كۈچى"گە ئىگە. بۇ خىل كۈچنىڭ تاشقى ئىپادىسى ماكاندىكى مېخانىكىلىق ئورۇن يۆتكىلىش. تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق ئۆزگىرىشلەر سەۋەبىيەت قانۇنىيىتىگە بوي سۇنىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۈرلۈك ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدا ئايرىلماس باغلىنىش بولىدۇ، ئۇلار بىر تۇتاش بولىدۇ. جانلىق ماددىلار بىلەن جانسىز ماددىلار ئوتتۇرىسىدا ئاتلاپ ئۆتكىلى بولمايدىغان چەك-چېگرا بولمايدۇ، ئۇلار بىر بىرىگە ئايلىنىدۇ. دىدېرونىڭ پەلسەپىسىدە، بولۇپمۇ جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭ تەدرىجى تەرەققىياتى مەسىلىسىدە، شۇنداقلا تۈرلەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ياشاش شارائىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسىدە، نۇرغۇن دىيالېكتىك دۇنيا قاراشنىڭ ئامىللىرى بار (ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ماتېرىيالىزمى 18-ئەسىردىكى بارلىق فرانسىيە پەيلاسوپلىرىنىڭ ماتېرىيالىزمىغا ئوخشاش مېخانىكىلىق ۋە مېتافىزىكىلىق بولسىمۇ). دىدېرونىڭ قارىشىچە، جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممە تىپلىرى مەڭگۈ



ئۆزگىرىش جەريانىدا تۇرىدۇ. دىدىرونىڭ تەلىماتىغا ئاساسەن، تەبىئەت دۇنياسىدىكى تەرەققىياتتا بىر خىل تەبىي ۋارىسلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ھەتتا ئادەممۇ شۇنىڭ ئىچىدە؛ جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى بۇ خىل ۋارىسلىق بىلەن مالىشىشى لازىم. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: "مەۋجۇداتلار — قاناتلىق مالىكۇللار (ماۋادا بۇ خىل مالىكۇللار بولۇپ قالسا)دىن تارتىپ ھەركەتلىك مالىكۇللار، ئۇششاق جانلىقلار، ھايۋاناتلار ـ ئۆسۈملۈكلەر، جانىۋارلار ۋە ئىنسانلارنى تۈرگە ئايرىشتىن باشلاپ تۈزتۈش قىلىش كېرەك." تۇيغۇ — ماددىنىڭ خۇسۇسىيىتى. دىدىرونىڭ ئۇقتىسنەزىرى بويىچە بولغاندا، بارلىق ماددىلار سېزىمچانلىققا ئىگە. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ سېزىمچانلىقنى غەيرى ئورگانىكلارغا خاس بولغان قاناتلىق، يوشۇرۇن سېزىمچانلىق شەكلى ۋە ئورگانىكلارغا خاس بولغان پائالىيەتچان سېزىمچانلىق دەپ ئىككىگە ئايرىدى. دىدىرو مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: تەپەككۇرنىڭ ئۆزى ماددا سېزىمچانلىقىنىڭ ئالى شەكلى. ئىنسانلار بىلىشىنىڭ مەنبەسى تۇيغۇ، تۇيغۇ بولسا تەبىئەت دۇنياسىدىكى شەيئىلەر، ھادىسىلەرنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىغا تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىسىدا پەيدا بولغان. دىدىرونىڭ سۆزى بويىچە بولغاندا: يالغۇز تۇيغۇلا ئەمەس، بەلكى مۇرەككەپ خۇلاسە، ئەقلىي يەكۈنلەر تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە رىيال باغلىنىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇ تەجرىبە ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى، دەپ ھېسابلىدى، ئوبيېكتىپ ماددى رىياللىقنى توغرا ئەكس ئەتتۈرىدىغان چۈشەنچىلەر چىن بولىدۇ، دەپ قارىدى، لېكىن ئۇمۇ ئەن ئالغاندا ئۇ تېخى ئىجتىمائى ئەمەلىيەتنىڭ بىلىشتىكى

رولىنى چۈشەنمىگەن ئىدى.

دىدېرو خۇداسىزلىق تەرەپدارى ئىدى. ئۇ ئىلاھنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى قەتئىي ئىنكار قىلدى ھەمدە پەلسەپىۋى ئىدېيالىزم ۋە جان ئۆلمەيدۇ، ئىرادە ئەركىنلىكى دېگەنگە ئوخشاش دىنىي ئەقىدىلەرنى تەنقىت قىلدى. لېنىن دىدېروغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن ئىدى، چۈنكى دىدېرو **بېركلى***نىڭ سوبيېكتىپ ئىدېيالىزمىنى ماتېرىيالىستىك يوسۇندا تەنقىت قىلغان ئىدى. ئۇ دىنىي فېوداللىق ئەخلاقلارنى رەت قىلدى، كىشىلەرنىڭ بەخت-سائادەتكە ئىنتىلىش ھەۋىسىنى بولسا كىشىلەرنىڭ ئەخلاق-پەزىلىتىنىڭ ئاساسى دەپ بىلدى. ئۇ شەخسىي مەنپەئەت بىلەن جەمئىيەت مەنپەئەتىنىڭ مۇۋاپىق بىرلەشتۈرۈلۈشىنى تەشەببۇس قىلدى. دىدېرو تەبىئەت دۇنياسىنى ماتېرىيالىستىك يوسۇندا چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تارىخ جەھەتتە يەنىلا ئىدېيالىست ئىدى. ئۇ فرانسىيەنىڭ 18-ئەسىردىكى باشقا ماتېرىيالىستلىرىغا ئوخشاش ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ خاراكتېرى جەمئىيەتتىكى سىياسىي تەشكىلاتلارغا باغلىق بولىدۇ، دەپ قارىدى، ئۇنىڭ قارىشىچە، جەمئىيەتتىكى سىياسىي تەشكىلاتلار شۇ چاغدىكى قانۇنلاردىن مەيدانغا كەلگەن، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، جەمئىيەتتە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان ئىدىيىدىن بارلىققا كەلگەن. باشقا فرانسۇز ماتېرىيالىستلىرىغا ئوخشاش، دىدېرو ئۆزىنىڭ مۇۋاپىق ئىجتىمائىي تۈزۈمگە بولغان ئۈمىدىنى تەرەققىيپەرۋەر پادىشالارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە باغلىدى. لېكىن ئېنگېلسنىڭ سۆزى بويىچە بولغاندا، بۇ خىل ئەقىل ئالىمى غايىۋىلەشتۈرۈلگەن بۇرژۇئا ئالىمىدىن ئىبارەت. 1773—1774-يىللىرى دىدېرو روسىيىنى زىيارەت قىلدى، ئۇ يېكاتېرىنا II نى 3-تەبىقىغە تايىنىپ سودا-سانائەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا قاتتىق دەۋەت قىلدى. كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك، دىدېرونىڭ پىلانى ئايال پادىشانىڭ كۆڭلىگە ياقمىدى.

دىدىرو داڭلىق ئېنتسىكلوپېدىكا ۋە ئەدەبىيات تەزىرىيەچىسى ئىدى، ئۇ نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازدى. ئۇ ئېنتسىكلوپېدىكا ئەسەرلىرىدە سەنئەتتىكى رېئالىزىملىق ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ ئاساسىي ئەسەرلىرى مۇنۇلار: «تەبىئەت توغرىسىدا ئىزاھلار» (1754)، «راموـنىڭ بىر تۇغقىنىنىڭ بالىسى» (1762)، «دالامبېر بىلەن دىدىرونىڭ سۆھبىتى» (1769)، «دالامبېرنىڭ چۈشى» (1769)، «ماددا بىلەن ھەركەتنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسى» (1770)، «فىزىئولوگىيە ئاساسلىرى» (1774—1780).

**دىلدىكى** 心智的 **Интеллигибельный** (لاتىنچىسى — (intelligibilis بۇ — ئەقىل چۈشىنەلەيدىغان، تۇيغۇدىن تاشقىرى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان، تۇيغۇ سېزەلمەيدىغان (تۇيۇلمايدىغان)نىڭ ئەكسىچە بولغان ئىدېئالىستىك ئاتالغۇ. **پلاتون***نىڭ پەلسەپىسىدە، ئۇقۇم دۇنياسى، يەنى سىرلىق روھىي ماھىيەت دۇنياسىنى تۇيغۇ ئارقىلىق بىلگىلى بولمايدۇ، ئۇنى ئەقىللا بىلەلەيدۇ. **كانت***نىڭ پەلسەپىسىدە، دىلدىكى دۇنيا ئەقىل بىلەلەيدىغان تۇپ زات دۇنياسى يەنى "ئوزىدىكى نەرسە" (**"ئوزىدىكى نەرسە" ۋە "بىز ئۈچۈن نەرسە"***كە قاراڭ).

**دىمىتروۋ، گېورگى مىخايلوۋىچ** **季米特洛夫，格奥尔基·** **Димитров, Георгий Михайлович** **米哈依洛维奇** (1882—1949) بۇلغارىيە خەلقىنىڭ ئۇستازى ۋە داھىسى، خەلقئارا ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ مەشھۇر ئەرباپى. بۇلغارىيە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۆز ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى بارلىق كۈرەش تارىخى دىمىتروۋنىڭ نامىدىن ئايرىلمايدۇ. بۇلغارىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى دىمىتروۋنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن چىقارغان پارتىيە ئەزالىرى ۋە بۇلغارىيە خەلقىگە مۇراجىئەتتە مۇنداق دېيىلدۇ: "يېقىنقى 50 يىل مابەينىدە، مەملىكىتىمىزدىكى ئىشچىلار



سىنىپىنىڭ بارلىق كۈرىشىدە، مەملىكىتىمىز-
دىكى سوتسىيالىزىم ھەركىتى ۋە كوممۇنىزىم
ھەركىتىدە، يولداش گېورگى دىمىتروۋ-
نىڭ ئۇلۇغ نامى ۋە ئۇنىڭ ئاكتىپ تەشكى-
لىي پائالىيىتى ھەم رەھبەرلىك پائالىيىتى
بىلەن باغلانمىغان بىرمۇ زور ئىش يوق.”

1902-يىلى دىمىتروۋ بۇلغارىيە
سوتسىيال-دېموكراتىك ئىشچىلار
پارتىيىسىگە كىردى ھەمدە پارتىيە ئىچىدىكى ئىنقىلاۋىي
ماركسىزىمچىلار تەرەپتە تۇرۇپ، ئىسلاھاتچىلارغا قارشى پائال تۇردە
كۈرەش قىلدى. بۇ ئىنقىلاۋىي ماركسىزىمچىلار روسىيە ئۇلۇغ ئوكتەب-
بىر ئىنقىلاۋى غەلىبە قازانغان ھەمدە بۇلغارىيە ئىنقىلاۋى دولقۇنىغا
كوتىرىلگەندىن كېيىن، راۋاجلىنىپ بۇلغارىيە كوممۇنىستىك
پارتىيىسىگە ئايلاندى. دىمىتروۋ ئۇزۇل-كېسىل پرولېتارىيات ئىنتېر-
ناتسىونالىزىمچىسى ئىدى. ئۇ يان بۇلغارىيىزىمغا ۋە مىللەتچىلىككە
قارشى تۇرۇش، جاھانگىرلىك ئۇرۇشىغا قارشى تۇرۇش يولىدا پىدا-
كارلىق بىلەن كۈرەش قىلدى. بۇلغارىيە ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمىتى
دىمىتروۋغا دەھشەتلىك تۇردە زىيانكەشلىك قىلدى، ئۇ بىرقانچە
قېتىم قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى، ئۇنىڭغا ئىككى قېتىم ئولۇم
جازاسى ھۆكۈم قىلىندى. لېكىن، دىمىتروۋ ئۆزىنىڭ ئەمگەكچى
خەلقنىڭ مەنپەئەتى يولىدىكى كۈرىشىنى ھېچقاچان توختاتمىدى.

1921-يىلى بۇلغارىيە كوممۇنىستلىرى دىمىتروۋنى ۋەكىل قىلىپ
كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىونالنىڭ 3-قۇرۇلتىيىغا ئەۋەتتى.

1923-يىلى، دىمىتروۋ بىلەن كلاروۋ سېنتەبىر قوراللىق قوز-
غىلىڭىغا بىرلىكتە رەھبەرلىك قىلدى. بۇ قوزغىلاڭ بۇلغارىيە ئىشچى-
لىرى ۋە دېھقانلىرىنىڭ سىنىپىي ئېڭىنى ئوستۇرۇشتە غايەت

زور رول ئوينىدى.

دىمىتروۋ خەلقارا ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ مەشھۇر ئەربابى، ئۇرۇشقا ۋە فاشىزىمغا قارشى تۇرۇش، تىنچلىق ۋە كوممۇنىزىمنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى خەلقارا كۈرەشنىڭ تەشكىلاتچىلىرىنىڭ بىرى. ئۇ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىونالنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتىدا ئاكتىپ خىزمەت قىلدى. 1933-يىلى لېيپسىگدىكى سوراق مەزگىلىدە دىمىتروۋ بىر جەڭچىگە خاس ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان روھنى ۋە تەشۋىقاتچىغا خاس تالانتنى ئىنتايىن كۈچلۈك ھالدا ئىپادىلىدى. ئۇ فاشىستلارنىڭ ئىغۋاگەرچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئېچىپ تاشلىدى، فاشىزىمنىڭ رەزىل قىياپىتىنى پۈتۈن دۇنيا ئالدىدا پاش قىلدى. دىمىتروۋنىڭ لېيپسىگدىكى سوراقتا ئىپادىلىگەن قەھرىمانلىق ھەرىكىتى ئىشچىلار سىنىپى ۋە بارلىق ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۈچىنى ئۇرۇشقا ۋە فاشىزىمغا قارشى تۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىش جەھەتتە غايەت زور رول ئوينىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ قوغدىشى ۋە پۈتۈن دۇنيا ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىنىڭ ئورلىشى ئارقىسىدا، دىمىتروۋ فاشىزىمنىڭ قاتىللىق ئىلكىدىن قۇتۇلۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەلدى.

موسكۋادا، دىمىتروۋ ئەمگەكچى خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ فاشىزىمغا قارشى كۈرەش قىلىش يولىدا جىددىي خىزمەت قىلدى. 1935-يىلى دىمىتروۋ كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىونال ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ باش شۇجىلىقىغا سايلاندى، تا 1943-يىلى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىونال تارقالغانغا قەدەر ئۇ ئىزچىل تۈردە مۇشۇ خىزمەتنى زىممىسىگە ئالدى. دىمىتروۋ كوممۇنىستلارنىڭ ئۇرۇشقا ۋە فاشىزىمغا قارشى تۇرۇشتىكى ئىستراتېگىيىسى ۋە تاكتىكىسى مەسىلىسىنى تەتقىق قىلدى. ئۇ جاھانگىر ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى بىرلىك سەپ قۇرۇش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش يولىدا كۈرەش قىلدى، ئۇ

ھەرقايسى قېرىنداش كوممۇنىستىك پارتىيىلەرنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم تەلىماتىغا سادىق رەھبەرىي كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋە تەربىيىلەش جەھەتتە غايەت زور خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

2-دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، دىمىتروۋ خەلق ئاممىسىنى گىتلېر قاراقچىلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىش يولىدا ئۆزىنىڭ بارلىق كۈچىنى تەقدىم قىلدى. ئۇ چەتئەللەردە، گىتلېر قاراقچىلىرى ئىشغال قىلىۋالغان دۆلەتلەردە، فاشىزىمغا قارشى ئازاتلىق ھەركەتلىرىنىڭ غايەت زور تەشكىلىي خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. ئۇ بۇلغارىيە ۋەتەنپەرۋەرلىرىنىڭ فاشىزىمغا قارشى كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلدى. دىمىتروۋ فاشىزىمغا قارشى كۈرەشتە ئاجايىپ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكتىن، 1945-يىلى شەرەپ بىلەن لېنىن ئوردېنىغا ئېرىشتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنلىرى بۇلغارىيە تېررىتورىيىسىگە كىرگەن چاغدا، بۇلغارىيە خەلقى دىمىتروۋنىڭ رەھبەرلىكىدە فاشىزىم تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، خەلق دېموكراتىيىسى تۈزۈمىنى ئورناتتى. دىمىتروۋ چەتئەلدىكى 22 يىللىق سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى ئاياقلاشتۇرۇپ، 1945-يىل 11-ئايدا بۇلغارىيىگە قايتىپ كەلدى. بۇ يەردە جىددىي قىزغىن پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇردى، پارتىيىنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلىپ، خەلقنى تېچلىق، دېموكراتىيە ۋە سوتسىيالىزم ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىردى. بۇلغارىيە خەلق دېموكراتىيىسى دۆلىتىنى قۇرۇش كۈرىشىدە، دىمىتروۋ دۆلەت سىياسىچىسىغا خاس ئاجايىپ تالانتىنى ئىپادىلىدى. دىمىتروۋنىڭ رەھبەرلىكىدە، دۆلەت تۈزۈمى توغرىسىدىكى ئومۇم خەلق ئاۋاز بېرىشى ۋە چوڭ مىللىي كېڭەش سايلىمى ئېلىپ بېرىلدى. سايلام شانلىق غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىن، دىمىتروۋ بۇلغارىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى مىنىستىرلار كېڭىشىنىڭ رەئىسلىكىگە بىر ئېغىزدىن سايلاندى.

ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە يېڭى ئاساسىي قانۇن تۈزۈلدى ۋە يېڭى ئاساسىي قانۇن توغرىسىدا ئومۇم خەلق مۇزاكىرىسى ئېلىپ بېرىلدى. ئاساسىي قانۇننىڭ ماقۇللىنىشى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دىگوۋدەك ئېلىپ بېرىلغان سانائەت ۋە بانكىلارنىڭ دۆلەت ئىختىيارىغا ئېلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ دىكتاتۇرا شەكلى بولغان خەلق دېموكراتىيىسى تۈزۈمى بۇلغارىيىدە شەكىللەندى ۋە مۇستەھكەملەندى. دىمتروۋ خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلدى. بۇلغارىيە خەلقى ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىگىلىكى ۋە مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە، كەڭ ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ پاراۋانلىقىنى تۆۋەتىن ياخشىلاش جەھەتتە، غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى. 1948-يىل 12-ئايدا بۇلغارىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى 5-قۇرۇلتىيىنى ئۆتكۈزدى. قۇرۇلتاي بۇلغارىيىدە سوتسىيالىزم ئاساسىنى قۇرۇش پۇروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقتى.

دىمتروۋ مەشھۇر ھەم ئىنتايىن ئالاھىدە ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيىچىسى. ئۇ ھەمىشە كوپچىلىكنى ماركسىزم تەلىماتى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىنتايىن مول تەجرىبىسىنى قىبلىنامە قىلىشقا چاقىراتتى. ئۇ پۇرولېتارىيات ئىنتېرناتسىونالىزمى ئىدىيىسىنى قىزغىنلىق بىلەن قوغداپ، ھەر خىل-ھەر ياتقا مىللەتچىلىككە قارشى ھارماي-تالماي كۈرەش قىلدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: كوممۇنىستلار ئىنتېرناتسىونالىزمنىڭ ھەرقايسى ئەل ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشىدىكى كاپالەت ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. دىمتروۋ خەلقارا ئىشچىلار ھەركىتى مەسىلىسى، كوممۇنىستىك پارتىيىلەرنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى كۈرەشتىكى ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكا مەسىلىسى شۇنداقلا خەلق دېموكراتىك يېڭى بۇلغارىيىنى گۈللەندۇرۇش مەسىلىسى قاتارلىقلار

توغرىسىدىكى سۆزلىرىدە دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرى-يالىزمنى ئىجادىي يوسۇندا تەتبىق قىلىپ، رىياللىققا دىيالېكتىك ھالدا مۇئامىلە قىلىشنىڭ شانلىق نەمۇنىسىنى يارىتىپ بەردى.

دىمىتروۋ «پەلسەپىۋى پىكىر» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە يازغان بىر پارچە خېتىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: پەلسەپە ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات كۆزنايىن مېنى شۇنىڭغا ھەقىقى ئىشەندۈردىكى، "**ئەمەلىيەت بىلەن نەزەرىيىنىڭ** تامامەن بىرلىشىشى **مۇتلەق** زۆرۈر، چۈنكى نەزەرىيىدىن ئايرىلغان **ئەمەلىيەت قارىغۇ ئەمەلىيەت** بولىدۇ، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان **نەزەرىيە** بولسا **قۇرۇق** نەزەرىيە بولىدۇ. بۇ نۇقتا ئىشچىلار سىنىپى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئالدىدا **مەۋجۇت شەيئىلەرنى** توغرا ۋە ئىلمىي ھالدا چۈشەندۈ-رۈشلا ئەمەس، بەلكى **مەۋجۇت شەيئىلەرنى** تۈپتىن ئۆزگەرتىش، ئۇنى ئۆزگىچە، **ئۆز خەلقىگە** پايدىلىق قىلىشتىن ئىبارەت تارىخىي ۋەزىپە تۇرۇۋېتىۋ. ئىنقىلاۋىي نەزەرىيە بولمىسا، ئىنقىلاۋىي ئەمەل-يەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، بۇنى ئۇلۇغ لېنىن ۋە ئۇنىڭ ئىش-لىرىنىڭ ۋارىسى ئۇلۇغ ستالىن كۆپ قېتىم تەكىتلىگەن ئىدى."

دىمىتروۋ تەھرىر بۆلۈمى ئوتتۇرىغا قويغان «پەلسەپىۋى پىكىر» ژۇرنىلىنىڭ رولى ۋە ۋەزىپىسى توغرىسىدىكى مەسىلىگە تەپسىلى جاۋاپ بەردى. ئۇ نۇقتىلىق ھالدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بۇ ژۇرنال فاشىزم ئىدىيىسى (ئىرقچىلىق، "ئەلا" ئىرق "پەس" ئىرققا ھۆكۈمرانلىق قىلىش نەزەرىيىسى، "ياشلىق-پەرەسلىك" پىرىنسىپى، ئادەتتىن تاشقىرى ئادەم نەزەرىيىسى، يان بۇلغارىيىزم)نى پاش قىلىش ۋە ئۇنى تەل-تۆكۈس يوقىتىشقا كۆچىنىڭ بىرىچە ياردەم بېرىشى لازىم. فاشىزمنىڭ پۈتكۈل تارىخ، بولۇپمۇ بۇلغارىيە تارىخى توغرىسىدىكى ئويدۇرمىلىرىنى ئېچىپ تاشلىشى ۋە قاتتىق ئەيىپلىشى لازىم. دىمىتروۋ تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «پەلسەپىۋى

پىكىرى ژۇرنىلى خەلق زىيالىلىرىنىڭ ساغلام، ئىلمىي، ماركسىزم-لېنىنىزىملىق دۇنياقاراشنى تىكلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى مەسىلىلەرنى ماركسىزىملىق نۇقتىنەزەر ئارقىلىق تەتقىق قىلىشى لازىم. دىمىتروۋ «پەلسەپىۋى پىكىر» ژۇرنىلىنىڭ تىلىنىڭ ئاممىباپ بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. دىمىتروۋ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ژۇرنالنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن بىلىم كېرەك. ھەمىشە ئۈزلۈكسىز تۈردە غايەت زور ئەمگەك سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئۆز ئۆزىنى قاتتىق تەنقىد قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

دىمىتروۋ بۇلغارىيە كوممۇنىستلىرى ۋە بارلىق ئەمگەكچى خەلققە ھوشيار بولۇش، خەلقنىڭ بارلىق دۈشمەنلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلىش، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۇلۇغ ئازادلىق ئىشلىرىغا مەڭگۈ سادىق بولۇش، كوممۇنىزم قۇرۇش ئىشلىرىغا سادىق بولۇش، ھەرقايسى جەھەتلەردە مەڭگۈ سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەگىشىپ مېڭىش توغرىسىدا تەلىم بەردى.

بۇلغارىيە خەلقى بۇلغارىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، غەلىبىلىك ھالدا سوتسىيالىزم قۇرماقتا. بۇلغارىيە خەلقىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى شۇنداقلا تېچلىق، دېموكراتىيە ۋە سوتسىيالىزم لاگېرىدىكى باشقا دۆلەت خەلقلىرى بىلەن بولغان كۈنسايىن مۇستەھكەملىنىۋاتقان ھەم راۋاجلىنىۋاتقان دوستلۇقى بۇلغارىيە خەلقىنىڭ سوتسىيالىزمغا غەلىبىلىك قەدەم تاشلىشىنىڭ كاپالىتى بولماقتا.

**دىيالېكتىكا** Диалектика **辩证法** قەدىمقى زاماندا، دىيالېكتىكا مۇنازىرە جەريانىدا قارشى تەرەپنىڭ مۇھاكىمىسىدىكى زىددىيەتنى پاش قىلىشنىڭ ۋە شۇ زىددىيەتنى يېڭىپ ھەقىقەتنى تېپىشنىڭ سەنئىتى دېگەن مەنىدە ئىدى. ئېنگېلسنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، قەدىمقى يۇنان پەيلاسوپلىرى تۇغما ۋە ئىستىخىيىلىك دىيالېكتىك-

چىلار ئىدى. مەشھۇر قەدىمقى زامان ماتېرىيالىستىك پەيلاسوپى **ھېراكلىت***: كائىنات مەۋجۇت ھەم مەۋجۇت ئەمەس، چۈنكى كائىنات ھەركەتلىنىپ تۇرىدۇ ۋە ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ ۋە يوقىلىپ تۇرىدۇ؛ دۇنيانى ئۆزئارا كۈرەش قىلىشىۋاتقان قارىمۇ-قارشى تەرەپلەر تەشكىل قىلىدۇ، دەپ ئۆگىتىدۇ. ھېراكلىت قارىمۇ-قارشى تەرەپلەرنىڭ كۈرىشى تەرەققىياتنىڭ سەۋەبى دەيدۇ. ئېنگېلس: يەنە بىر مەشھۇر قەدىمقى يۇنان پەيلاسوپى **ئارىستوتېل*** دىيالېكتىكىلىق تەپەككۇرنىڭ مۇھىم شەكلىنى مۇھاكىمە قىلغان، دەپ كۆرسەتتى. لېكىن قەدىمقى يۇنان پەلسەپىسىدە دىيالېكتىكا تېخى ئىپتىدائى، ئاددى، ساددا ھالەتتە ئىدى. قەدىمقى يۇنان پەيلاسوپلىرى تەبىئەتنى بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ تەكشۈرگەندە تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھادىسىلەر ۋە شەيئىلەرنى ئوپېراتسىيە قىلالمىدى، تەھلىل قىلالمىدى، لېكىن ئوپېراتسىيە قىلماي، تەھلىل قىلماي، دۇنيانىڭ پۈتۈن قىياپىتىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار "ھەركەتلىنىۋاتقان، ئۆزگىرىۋاتقان، بىر بىرىگە باغلانغان ھالەتتە تۇرغان **شەيئىلەرگە** قارىغاندا...، ھەركەت، ئۆزگىرىش، باغلىنىشقا" كۆپرەك دىققەت قىلىدۇ (ئېنگېلس. «دىيۇرىنگقا قارشى»، رۇسچە نەشرى، 20-بەت). كېيىنكى تۆرت يۈز يىل ئەسىرلەردە ھەتتا 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە، جىمى شەيئىلەر ئۆزگەرمەيدۇ، دەيدىغان مېتافىزىكىلىق دۇنياقاراش ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى (**مېتافىزىكا***غا قاراڭ).

يېڭى پەلسەپىدە، مەسىلەن: **دېكارت***، **سپىنوزا***، **دىدېرو*** لارنىڭ پەلسەپىسىدىمۇ دىيالېكتىكا ئامىللىرى بولغان. مەسىلەن: دېكارت دىيالېكتىكىنى ماتېماتىكىغا ئېچىگە سىڭدۈرۈشكە تىرىشقان. سپىنوزا تەبىئەت دۇنياسى ئۆز سەۋەبىدىن بولىدۇ دېگەن تەرەپ ئارقىلىق، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ مەنبەسى سىرتقى كۈچ دېگەننى ئىنكار قىلغان. دىدېرو باشقا فرانسىيە ماتېرىيالىستلىرىغا ئوخشاش، ھەركەت

ماددىنىڭ ئىچكى ئالاھىدىلىكى دەپ قارىغان، ئۇ تەدرىجى تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، جانلىق مەۋجۇداتلار دۇنياسىغا تەتبىق قىلغان. لېكىن ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ قارىشى مېتافىزىكىلىق قاراش ئىدى.

18 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، تەبىي پەننىڭ تەرەققىياتى مېتافىزىكىنىڭ رىياللىققا بولغان قارىشىغا ئارقىمۇ-ئارقا زەربە بەردى. **كانت*** ئۆزىنىڭ ئاسمان جىسىملىرى نەزەرىيىسى ئارقىلىق، **لومونوسوۋ*** ئۆزى كەشپ قىلغان ماددا ۋە ھەرىكەتنىڭ ساقلىنىش قانۇنى شۇنىڭدەك ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان يەر شارىنىڭ تەدرىجى تەرەققى قىلىشى توغرىسىدىكى ئىدىيە ۋاھاكازالار ئارقىلىق، تەبىي پەندىكى مېتافىزىكىلىق قاراشلارغا ئىنتايىن كۈچلۈك زەربە بەردى. پەن ساھەسىدىكى كەشپىياتلار ۋە كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي پائالىيەتلىرى تەبىئەت دۇنياسىدا ھېچقانداق قېتىپ قالغان، ئۆزگەرمەس نەرسە يوقلۇغىنى ئىسپاتلىدى.

**گېگېل*** 18 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئۆز پەلسەپىسىدە دىيالېكتىكىلىق تەرەققىيات نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىش ھەققىدىكى تەلىماتى دىيالېكتىكىنىڭ شەكىللىنىشىدە چوڭ رول ئوينىدى. گېگېل دىيالېكتىكىسى پۈتكۈل تارىخىي ۋە روھىي دۇنيا بىر جەريان، يەنى ئۇ ئۈزلۈكسىز ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدىغان، ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، تەرەققى قىلىپ تۇرىدىغان ۋە يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان بىر جەريان دەپ قارايدۇ. شۇنداقلا ئۇ، جەرياننىڭ ئىچكى زىددىيىتى شۇ جەريان ھەرىكىتىنىڭ ۋە تەرەققىياتىنىڭ مەنبەسى، دەپ قارايدۇ. گېگېل دىيالېكتىكىنى ئۇقۇم ۋە ھۆكۈم ھەققىدىكى تەلىماتقا، يەنى لوگىكىغا تەتبىقلىدى. ئەمما گېگېل ئىدىيالىست ئىدى، ئۇنىڭ سىنىپىي چەكلىمىلىكى بەلگىلىگەن ئەكسىيەتچىل ئەقىدە سىستېمىسى ئۇنىڭ دىيالېكتىك

ئۇسۇلى بىلەن زىت. گېگېل كائىناتنىڭ ئاساسى ۋە ماھىيىتى مەلۇم سىرلىق "مۇتلەق ئىدىيە"نىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى دەپ قارىدى. ئۇنىڭچە، ئاڭ رېئاللىقنىڭ ۋە تەبىئەتنىڭ ياراتقۇچىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ قارىشى بويىچە، ئاڭ رېئاللىقنىڭ ئەسلىي تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلاشماسلىقى كېرەك، بەلكى رېئاللىقنىڭ ئۆزى گېگېل پەلسەپىسىنىڭ تەپەككۇر سىستېمىسىغا بوي سۇنۇشى كېرەك. گېگېل دىيالېكتىكىسى ئىلمىي يوسۇندا شەكىللەنگەن ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئىدىيالىزم ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان. ئۇ، رېئاللىقنى بۇرمىلايدىغان، ئايىغى ئاسمانغا قارايدىغان قىلىپ قويىدىغان مەدرىس پەلسەپىسى ۋە سىرلىقلاشتۇرمىچىلىق كورۇنۇشكە ئىگە. گېگېل دىيالېكتىكىسىنىڭ پۈتۈن دىققىتى ھازىرغا ۋە كېلىچەككە ئەمەس، بەلكى ئۆتمۈشكە قارىتىلغان. گېگېل سىستېمىسىغا ئاساسلانغاندا، تەرەققىيات مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە پۈتۈنلەي توختاپ قالىدۇ. گېگېل تەبىئەت دۇنياسىنى چۈشەندۈرگەندە ئۆزىنىڭ دىيالېكتىكا پىرىنسىپىدىن ئېغىپ تەبىئەت دۇنياسىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش پەيدا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى روسىيە ئىنقىلاۋىي پەلسەپىسى دىيالېكتىك دۇنياقاراشنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم ناماياندە بولدى. **بېلىنسكىي***، **گېرتسېن***، **چېرنىشېۋسكىي*** ۋە باشقا رۇس مۇتەپەككۇرلىرى گېگېل دىيالېكتىكىسىنىڭ ئىدىيالىزملىق خاراكتېرىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزۈل-كېسىلسىزلىكىنى تەنقىت قىلىپ، دىيالېكتىك ئۇسۇلنى ماتېرىيالىزملىق ئاساستا ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. دىيالېكتىكا ئۇلارنىڭ قولىدا جەمئىيەت تۈزۈمىنى ئىنقىلاۋىي يول بىلەن ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش قورالى بولدى. لېكىن بۇ پەيلاسوپلار كونا مېتافىزىكىلىق نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئۆزۈل-كېسىل يېڭىپ كېتەلمىدى. دىيالېكتىكا پەقەت پرولېتارىيات

مۇتەپەككۇرلىرى بولغان ماركس، ئېنگېلس تارىخىي سەھنىگە چىققاندىن كېيىنلا پەنگە ئايلاندى.

پرولېتارىيات سوتسىيالىزمىنىڭ ئۇلۇغ ئاساسچىلىرى بىردىن-بىر ئىلمىي، يېڭى تىپتىكى دىيالېكتىكىنى يەنى ماركسىزمچە دىيالېكتىك ئۇسۇلنى ياراتتى. ئۇلارنىڭ دىيالېكتىكىسى تەبىئىي پەن كەشپىياتىنىڭ، خۇسۇسەن 19-ئەسىردىكى ھۈجەيرىلەرنىڭ تېپىلىشى، ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش ۋە بىر بىرىگە ئايلىنىش قانۇنىنىڭ تېپىلىشى، دارۋىنىزمنىڭ بەرپا قىلىنىشىدىن ئىبارەت 3 چوڭ كەشپىياتنىڭ پۇختا ئاساسىغا قۇرۇلغان. دىيالېكتىكا ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ بارلىق تەجرىبىلىرىنى دانالىق بىلەن يەكۈنلەشنىڭ، بولۇپمۇ پرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۈرەش قىلىشى جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەشنىڭ نەتىجىسى. ماركس بىلەن ئېنگېلس گېگېلنىڭ ئىدىيالىستىك ئەكسىيەتچىل پەلسەپە سىستېمىسىنى چۆرۈپ تاشلاپ، گېگېل دىيالېكتىكىسىنىڭ "مۇۋاپىق مېغىزى"نىلا قوبۇل قىلدى. ماركسىزمچە دىيالېكتىك ئۇسۇل گېگېل دىيالېكتىكىسى بىلەن تۈپتىن قارىمۇ-قارشى: ماركس بىلەن ئېنگېلس تەرەققىياتنىڭ ئاساسى ئىدىيە ئەمەس، بەلكى ماددىي رىياللىق دەپ تونۇيدۇ. ماركسىزمچە دىيالېكتىكا تەرەققىيات توغرىسىدىكى ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ چوڭقۇر يەنە كېلىپ بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي بولغان تەلىمات. گېگېلنىڭ ئەكسىچە، ماركس بىلەن ئېنگېلس تەبىئەتنى تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىش نۇقتىسىدىن كۆزىتىدۇ. ئېنگېلس ئۆزىنىڭ «دىيۇرىنگغا قارشى»، «تەبىئەت دىيالېكتىكىسى» دېگەن ئەسەرلىرىدە شۇنىڭدەك باشقا ئەسەرلىرىدە تەبىئىي پەندىكى دىيالېكتىكا مەسىلىلىرىنى ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكىنى ۋە پەلسەپىۋى ماتېرىيالىزمنى ئىجتىمائىي پەنگە تەتبىقلىدى، شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەت نۇقتىسىنەزىرىدە

ئۆزگىرىش ياساپ، تارىخىي ماتېرىيالىزىم نەزەرىيىسىنى ياراتتى، ماركسىزىمچە دىيالېكتىكا ئۆتمۈشكىلا ئەمەس، بەلكى ھازىرغا ۋە كەلگۈسىگىمۇ دىققەت قىلدى. ئۇ پرولېتارىيات پارتىيىسىنى ئوبيېكتىپ تەرەققىيات قانۇنىيىتى ھەققىدىكى بىلىملەر بىلەن قوراللاندۇردى.

ماركسىزىمچە دىيالېكتىك ئۇسۇل ھەر خىل-ھەر رەڭدىكى بۇرژۇئا مۇتەپەككۇرلىرى ۋە ئۇششاق بۇرژۇئا مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ مېتافىزىكىلىق نەزەرىيىلىرى بىلەن ئۈزلۈكسىز كۆرەش قىلدى، تەرەققىياتنى نوقۇل سان ئۆزگىرىشىلا دەپ ھېساپلايدىغان، كونا نەرسىلەر يوقالمايدۇ، يېڭى نەرسىلەرمۇ پەيدا بولمايدۇ، دەيدىغان ھەر خىل ئاغمىچىلىق ئاساسىدىكى تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى بىلەن كۆرەش قىلدى. ماركسىزىمچە دىيالېكتىك ئۇسۇل مانا شۇنداق كۆرەش جەريانىدا مەيدانغا كەلدى ۋە راۋاجلاندى. ماركسنىڭ مۇھىم ئەسىرى بولغان **«كاپىتال»*** ۋە ئېنگېلسنىڭ «ديۇرىڭغا قارشى»، **«ليۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى»*** دېگەنگە ئوخشاش ئەسەرلىرى ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكىنى ئۆگىنىشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. لېنىن: «كاپىتال»دا دىيالېكتىكا، لوگىكا ۋە بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ ھەممىسى كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى تەھلىل قىلىشقا تەتبىق قىلىنغان دەپ كۆرسىتىدۇ.

ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكا ئىجادىي تەرەققىي قىلدۇرۇلۇش ھەققىدىكى پەن. لېنىننىڭ ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى، ۋارىسى ستالىننىڭ ئەسەرلىرىدە شۇنىڭدەك لېنىننىڭ باشقا شاگىرتلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە يەكۈنلەنگەن سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋە پۈتكۈل خەلقارا پرولېتارىياتىنىڭ يېڭى دەۋردىكى كۆرەش تەجرىبىلىرى ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇردى ۋە بېيىتتى. لېنىن ۋە ستالىن مېنشېۋىكلار، ئىككىنچى ئىنتېرناتسىونال ئاغمىچى-

لىرى، تروتسكىيچىلار، بۇخارىنچىلار ۋە ماركسىزمنىڭ باشقا دۈشمەنلىرىنىڭ دوگماتىزمى ۋە كېلىشتۈرمىچىلىكى بىلەن بولغان كۈرەش داۋامىدا دىيالېكتىكىنى تەرەققىي قىلدۇردى ھەمدە: ماركسىزمنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى، يەنى ئۇنىڭ ئەمەلىيەت بىلەن بولغان ئورگانىك باغلىنىشى دىيالېكتىكىدىن ئىبارەت بۇ ئەتراپلىق ۋە زىددىيەتلەر بىلەن تولغان تارىخىي تەرەققىيات ھەققىدىكى تەلىماتتا تۈپ پەلسەپىلىك ئاساسقا ئېرىشتى، دەپ كۆرسەتتى. ئىسلاھاتچىلىق ۋە ئاغمىچىلىق ئېغىزدا تەرەققىياتنى ئىقرار قىلىدۇ ھەمدە شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ مېتافىزىكىلىق ماھىيىتىنى يوشۇرىدۇ. لېنىن ۋە ستالىن ئۇلار بىلەن كۈرەش قىلغاندا، دىيالېكتىكىلىق تەرەققىيات نۇقتىئىنەزىرىنى ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلدى، تەرەققىياتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش شەكلى بىلەن ئىنقىلاب شەكلىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى ئاچتى، ئىنقىلاۋىي سەكرەشنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىپ بەردى. لېنىننىڭ ئەسەرلىرىدە زىددىيەتلەر توغرىسىدىكى، قارىمۇ-قارشى تەرەپلەرنىڭ كۈرىشى "دىيالېكتىكىنىڭ مېغىزى" ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى مەسىلىلەر ۋە دىيالېكتىكىلىق لوگىكا مەسىلىلىرى ئالاھىدە تەرەققىي قىلدۇرۇلغان.

دىيالېكتىكىدىن ئىبارەت بۇ پەننىڭ ئىجادچانلىقى شۇ يەردىكى، كونا تارىخىي شارائىتنىڭ ئورنىنى ئالغان يېڭى تارىخىي شارائىت ۋە يېڭى ئىلىم-پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى بەزى دىيالېكتىكىلىق قانۇنلارنى كونكرېتلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ماركس بىلەن ئېنگېلس ئاساسەن بۇرژۇئازىيىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ دىيالېكتىكىسىنى ئېچىپ بەردى، بۇنداق دىيالېكتىكا ئومۇمىي دىيالېكتىكىدىكى ئايرىم ئەھۋال، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سوتسىيالىزم يولىدىكى كۈرەشلەرنىڭ باي تەجرىبىلىرى يەكۈنلەنگەن قارارلىرى ۋە ھۆججەتلىرىدە، لېنىن، ستالىنلارنىڭ ئەسەرلىرىدە، كاپىتالى-

زىمدىن سوتسىيالىزمغا ئۆتۈش دىيالېكتىكىسى ۋە سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدىكى دىيالېكتىكا چۈشەندۈرۈلگەن ۋە يىغىنچاقلانغان.

ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكا تەبىئەت دۇنياسى، ئىنسانلار جەمئىيىتى ۋە تەپەككۇر تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنلىرى ھەققىدىكى پەندۇر (**ماركسىزمچە دىيالېكتىك ئۇسۇل***غا قاراڭ).

**دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم** 辩证唯物主义 Диалектический материализм ماركس بىلەن ئېنگېلس تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان ھەمدە لېنىن ۋە ستالىن تەرىپىدىن تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇلغان ماركسىزمچە پارتىيىنىڭ دۇنياقارىشى. بۇ دۇنياقاراشنىڭ دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم دەپ ئاتىلىشى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنى، ئىنسانلار جەمئىيىتىنى ۋە تەپەككۇر ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى دىيالېكتىك، مېتافىزىكىغا قارشى ئۇسۇل، ئۇنىڭ پەلسەپە نەزەرىيىسى تەل-تۆكۈس ۋە ئىلمىي ماتېرىيالىزم. دىيالېكتىك ئۇسۇل بىلەن پەلسەپىۋى ماتېرىيالىزم ئۆزئارا باغلانغان بولۇپ، ئۇلار ئاجرالماس بىرلىك ئىچىدە تۇرىدۇ ۋە مۇكەممەل پەلسەپىۋى دۇنياقاراشنى ھاسىل قىلىدۇ. ماركس بىلەن ئېنگېلس دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمنى بەرپا قىلدى ۋە ئۇنى ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى بىلىشكە كېڭەيتتى، تارىخىي ماتېرىيالىزم ئىلمىي ئىدىيىنىڭ ئىنتايىن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيىتى. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم—كوممۇنىزمنىڭ نەزەرىيە ئاساسى، شۇنداقلا ماركسىزمچە پارتىيىنىڭ نەزەرىيە ئاساسى.

دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم—پرولېتارىيات سوتسىيالىزمى نەزەرىيىسىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان تەركىبىي قىسمى، ئۇ 19-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىدا بارلىققا كەلدى ۋە ئىشچىلار ئىنقىلاۋىي ھەرىكىتىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان ھالدا راۋاجلاندى. ئۇنىڭ

دۇنياغا كېلىشى ئىنسانىيەت تەپەككۇرى تارىخىدا ۋە پەلسەپە تارىخىدا ھەقىقىي ئىنقىلاب بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇ پەلسەپە تەرەققىياتىدا، كونا ھالەتتىن يېڭى ھالەتكە بولغان ئىنقىلاۋىي سەكرەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بۇ ئىنقىلاب ۋارىسلىقنى، ئىنسانىيەت تەپەككۇرى تارىخىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن بارلىق ئىلغار ۋە تەرەققىپەرۋەر نەرسىلەرنى تەنقىدىي يوسۇندا ئۆزگەرتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، ماركس بىلەن ئېنگېلس ئىنسانىيەت تەپەككۇرىنىڭ بارلىق قىممەتلىك مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئاساسلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ پەلسەپىۋى دۇنياقارىشىنى بەرپا قىلدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس ئىلگىرىكى پەلسەپە ياراتقان بارلىق جەۋھەرلەرنى تەنقىدىي رەۋىشتە تەتقىق قىلدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس ئۆزلىرىنىڭ دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمنى ئۆتكەندىكى ئىلمىي تەرەققىياتنىڭ، جۈملىدىن پەلسەپە تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى دەپ قارايدۇ. ئۇلار گېگېل* دىيالېكتىكىسىدىن ئۇنىڭ "مۇۋاپىق مېغىزى"نىلا قوبۇل قىلىپ، گېگېل ئىدىيالىزمىنىڭ شاكىلىنى چۆرۈپ تاشلاپ، دىيالېكتىكىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى ھەمدە دىيالېكتىكىغا زامانىۋى ئىلمىي تۈس كىرگۈزدى. فېيېرباخنىڭ ماتېرىيالىزمى تەل-تۆكۈس بولمىغان، مېتافىزىكىلىق، تارىخقا قارشى ماتېرىيالىزم. ماركس بىلەن ئېنگېلس فېيېرباخ ماتېرىيالىزمىدىن ئۇنىڭ "ئاساسىي مېغىزى"نىلا قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ پەلسەپىدىكى ئىدىيالىستىك ۋە دىنىي ئەدەپ-قائىدىلەردىن ئىبارەت داشقاللارنى چۆرۈپ تاشلاپ، ماتېرىيالىزمنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى ۋە يۇقۇرى دەرىجىلىك، ماركسىزملىق ماتېرىيالىزم شەكلىنى بەرپا قىلدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن لېنىن بىلەن ستالىن دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم قائىدىلىرىنى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىياسەتلىرىدە ۋە تاكتىكىلىرىدا، ماركسىزمچى پارتىيىنىڭ ئەمەلىي پائالىيەتلىرىدە تەتبىق قىلدى.

پەقەت ماركسنىڭ دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمىلا پرولېتارىياتقا بارلىق ئېزىلگۈچى سىنىپلار ئۇچراپ كەلگەن مەنىۋى قۇللۇقتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بەردى. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم بۇرژۇئا پەلسەپىسىنىڭ ئۇرغۇتۇلغان چولاق-كىچىك ئېقىملىرىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئۇ نوقۇل پەلسەپە ئېقىمى ئەمەس، شۇنداقلا ئايرىم شەخسلەرنىڭ پەلسەپىسى ئەمەس، بەلكى پرولېتارىياتنىڭ جەڭگىۋار تەلىماتى، مىليونلىغان ئەمگەكچىلەرنىڭ تەلىماتى، بۇ تەلىمات ئۇلارغا جەمىيەتنى كوممۇنىزم پرىنسىپلىرى بويىچە قۇيتىن ئۆزگەرتىشنىڭ كۈرەشچان يولىنى ئۆگىتىدۇ.

دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلىپ تۇرىدىغان ۋە ئۈزلۈكسىز بېيىپ بارىدىغان جانلىق تەلىمات. ماركسىزم پەلسەپىسى—پرولېتارىياتنىڭ سىنىپى كۈرەش ساھەسىدىكى يېڭى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش، تەبىئى پەننىڭ ئۇلۇغ كەشپىياتلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا راۋاجلاندى ۋە بېيىدى. ماركس ۋە ئېنگېلستىن كېيىن، ئەڭ ئۇلۇغ ماركسىزم نەزەرىيىچىسى بولغان لېنىن، لېنىندىن كېيىن ستالىن ۋە لېنىننىڭ باشقا شاگىرتلىرىلا ماركسىزمنى ئالغا سۈرگۈچى ماركسىزمچىلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېنىن ئۆزىنىڭ ماركسىزمچە پارتىيىنىڭ نەزەرىيىۋى تەييارلىقى بولغان **«ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىتچىلىكى»** دېگەن ئەسىرىدە ھەرخىل-ھەر رەڭدىكى شىۋىجىڭجۇيىچىلار ۋە ئاينىغان ئۇنسۇرلارغا قەتئى قارشى تۇرۇپ، ماركسىزم پەلسەپىسىنىڭ غايەت زور نەزەرىيىۋى بايلىقىنى قوغداپ قالدى. لېنىن ماخىزمنى ۋە جاھانگىرلىك دەۋرىدىكى باشقا ئىدىيالىزملىق نەزەرىيىلەرنى تارمار قىلدى، ئۇ دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمنى قوغداپلا قالماستىن، بەلكى ئىچىمۇ راۋاجلاندۇردى. لېنىن ئۆز ئەسىرىدە ئېنگېلسنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى بىر دەۋرنىڭ ئەڭ يېڭى ئىلمى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يەكۈنلەش بىلەن بىللە، تەبىئى

يەڭى ساھەسىدە ئىدىيالىزىملىق پەلسەپىنىڭ كىشىنىدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بەردى. لېنىننىڭ بارلىق ئەسەرلىرى، قانداق مەسىلىلەرنىڭ بايان قىلىنغانلىقىدىن قەتئىي نەزەر، ناھايىتى زور پەلسەپىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇلار دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمنى تەتبىق قىلىش ۋە تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇشنىڭ نەمۇنىسى. ستالىننىڭ **«دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم»***، **«ماركسىزىم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى»***، **«سوۋېت ئىتتىپاقىدا سوتسىيالىزمنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىلىرى»*** دېگەن ئەسەرلىرى ۋە باشقا ئەسەرلىرى ماركسىزمچە پەلسەپىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇشتا قوشۇلغان زور تۆھپە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**ماركسىزمچە دىيالېكتىك ئۇسۇل*** بىلەن **ماركسىزملىق پەلسەپىۋى ماتېرىيالىزم*** دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى. دىيالېكتىكا بىزگە بىردىن-بىر ئىلمىي بىلىش ئۇسۇلىنى بەردى، بۇ ئۇسۇل بىزگە ھادىسىلەرگە توغرا مۇناسىۋەتتە بولۇش، ھادىسىلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىدارە قىلغۇچى ئوبيېكتىپ ۋە ئەڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلەرنى بىلىش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ. ماركسىزملىق دىيالېكتىكا بىزگە مۇنداق ئۆگىتىدۇ: تەبىئەت ھەم جەمئىيەت ھادىسىلىرىگە ۋە ئۇلارنىڭ جەريانلىرىغا قارىتا توغرا مۇناسىۋەتتە بولۇش كېرەك، يەنى ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ بىر بىرى بىلەن بولغان باغلىنىشلىرىدىن ۋە بىر بىرىنى تەقەززا قىلىشىدىن ئىگىلەش كېرەك؛ ئۇلارنى تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشلەر جەريانىدىن كۆزىتىش كېرەك؛ تەرەققىياتنى ئاددىي ھالدا سان جەھەتتىن كۆپىيىش دەپ قارىماستىن، سان ئۆزگىرىشىنىڭ مەلۇم باسقۇچتا، قانۇنىيەتكە مۇۋاپىق ھالدا، تۈپ سۈپەت ئۆزگىرىشىگە ئايلىنىش جەريانى دەپ قاراش كېرەك؛ بۇنىڭغا قارىتا، قارىمۇ-قارشى تەرەپلەرنىڭ كۈرىشى، يېڭى بىلەن كونا ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ۋاھاكازالار تەرەققىياتنىڭ

ۋە كونا سۈپەتتىن يېڭى سۈپەتكە ئايلىنىشىنىڭ ھەقىقىي مەزمۇنى
دېگەن مۇشۇ نۇقتىئىنەزەردە تۇرۇش كېرەك. لېنىن دىيالېكتىكىنى
"ماركسىزىمنىڭ جېنى" دەپ ئاتايدۇ.

ماركسىزىملىق دىيالېكتىكا ماركسىزىملىق پەلسەپىۋى ماتېرىيالىزىم
بىلەن ئورگانىك ھالدا باغلىنىشلىق. پەلسەپىۋى ماتېرىيالىزىمنىڭ
ئاساسىي پرىنسىپلىرى تۆۋەندىكى قائىدىلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ:
دۇنيا، ئۆزىنىڭ خاراكتېرىدىن ئالغاندا، ماددا، ئۇ ھەركەتلىنىپ
تۇرىدىغان ۋە بىر شەكىلدىن ئىككىنچى بىر خىل شەكىلگە كىرىدىغان
ماددىدىن تەركىب تاپقان؛ ماددا بىرلەمچى، ئاڭ ئىككىلەمچى، ئاڭ
يۇقىرى تۈزۈلمىلىك ماددىنىڭ مەھسۇلى؛ ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلگىلى
بولىدۇ، بىزنىڭ سەزگۈلىرىمىز، تەسەۋۋۇرلىرىمىز ۋە ئۇقۇملىرىمىز
كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا باغلىق بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدى-
غان تاشقى دۇنيانىڭ ئىنكاسى. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىم بىزنى ئىلمىي
بىلىش نەزەرىيىسى بىلەن تەمىنلىدى. بۇنداق بىلىش نەزەرىيىسى
ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى چۈشىنىشتىن ئىبارەت بولغان بىلىش جەريانى
ئۈچۈن ھېسابسىز ئەھمىيەتكە ئىگە.

دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىم دۇنيانى ئۆزگەرتىشنىڭ ئىنقىلاۋىي
نەزەرىيىسى، شۇنىڭدەك ئىنقىلاۋىي ھەركەتنىڭ كومپاسى. ماركس-
ىزىمچە پەلسەپە ئەتراپتىكى رىياللىقنى پاسسىپ، بىۋاسىتە كۆزىتىش
پوزىتسىيىسى بىلەن زادىلا سىغىشالمايدۇ. ماركسنىڭ ئىلگىرىكى
پەلسەپىگە ۋەكىللىك قىلغۇچىلارنىڭ كۆزلىگەن مەقسىتى دۇنيانى
چۈشەندۈرۈشتىنلا ئىبارەت ئىدى، ماركسچە-لېنىنچە پارتىيىنىڭ
ۋەزىپىسى بولسا دۇنيانى ئىنقىلاۋىي يول بىلەن تۈپتىن ئۆزگەر-
تىشتىن ئىبارەت. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىم جەمئىيەتنى كوممۇنىزىم
روھى بىلەن ئۆزگەرتىشنىڭ ئۈنۈملۈك قورالى. "ماركس پرولېتار-
ىيات تاكتىكىسىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسىنى ئۆزىنىڭ دىيالېكتىك ماتېرىيا-

لىزىمچە دۇنياقارىشىنىڭ بارلىق ئالدىنقى شەرتلىرىگە قاتتىق ئاساسلانغان ھالدا بەلگىلىدى.» («ماركس، ئېنگېلس ۋە ماركسىزىم توغرىسىدا»، 1977-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 57-بەت)

ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشلارنىڭ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ تەجرىبىلىرى شۇنىڭدەك خەلق دېموكراتىيىسى ئەللىرىنىڭ تەرەققىيات تەجرىبىلىرى ماركسىزىم-لېنىنىزىم نەزەرىيىسىنىڭ — دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزىمنىڭ ھەر تەرەپلىمە سىناقلىرىدىن ئوتكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىم تەلىماتى شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىگە قادىركى، ئۇ توغرا، ئۇ رېيال تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرى ھەققىدىكى توغرا ئۇقۇمنى نەزەرلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. ماركسىزىم-لېنىنىزىمچە پارتىيىنىڭ ئىنقىلابىي دۇنياقارىشىلا بىزگە تارىخىي جەريانلارنى توغرا چۈشىنىش ۋە جەڭگىۋار ئىنقىلابىي شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ.

دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىمنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇ ئىنقىلابىي، تەنقىدىي خاراكتېرغا ئىگە. ماركسىزىم-لېنىنىزىمچە پەلسەپە ئۇزلۇك بۇرژۇئاچە بولغان ئافسىچى پەلسەپىۋى ئېقىملار بىلەن شۇنىڭدەك باشقا ئەكسىيەتچىل پەلسەپىۋى ئېقىملار بىلەن دائىم مۇرەسسەسىز كۈرەش قىلىش جەريانىدا شەكىللەنگەن ۋە راۋاجلانغان. ماركسىزىم كىلاسسىكلىرىنىڭ بارلىق ئەسەرلىرى تەنقىدىي روھ ۋە پرولېتارىيات پارتىيىۋىلىكى بىلەن سۇغۇرۇلغان. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىم نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ بىرلىكىنى يۈكسەك دەرىجىدە ئىپادىلەپ بېرىدۇ. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىم ئوزىنىڭ نەزەرىيىۋى قائىدىلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ماركسىزىم-لېنىنىزىم ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ئەمەلىيە-

تنى، تەجرىبىلىرىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە يەكۈنلەپ تۇرۇش بىلەن بىللە خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىنىڭ نەزەرىيىگە، پەلسەپىگە بولغان ئىنتايىن ئۇلۇغ ئىنقىلاۋىي بىلىش ئەھمىيىتىنى كۆرسىتىپ بەردى. پەن بىلەن ئەمەلىي پائالىيەتلەرنىڭ بىر بىرى بىلەن باغلىنىشى، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ بىر بىرى بىلەن باغلىنىشى ۋە ئۇلارنىڭ بىردەكلىكى پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ يول كۆرسەتكۈچ چىرىغى.

دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم باشقا پەن قارماقلىرى ئۈچۈنمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەر بىر پەن پەقەت بەلگىلىك دائىرىدىكى ھادىسەلەرنىلا تەتقىق قىلىدۇ. مەسىلەن، ئاسترونومىيە قۇياش سىستېمىسىنى، يۇلتۇزلار دۇنياسىنى تەتقىق قىلىدۇ، گېولوگىيە يەر قاتلاملىرىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ۋە تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىدۇ، ئىجتىمائىي پەنلەر (سىياسىي ئىقتىسات، تارىخشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار) ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. لېكىن ئايرىم بىر پەن، ھەتتا بىرقانچە پەنمۇ دۇنيانىڭ ئەڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتى ھەققىدىكى تەلىمات ۋە پەلسەپىۋى دۇنياقاراشنى ئوتتۇرىغا قويالمايدۇ. پەقەت دىيالېكتىك ماتېرىيالىزملا ئەنە شۇنداق بىر خىل دۇنياقاراشكى، بۇ دۇنياقاراش تەپەككۇرنىڭ مەۋجۇدىيەتكە بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى ئىلمىي يوسۇندا ھەل قىلىپ، تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە تەپەككۇرنىڭ ئەڭ ئومۇمىي تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بەردى ھەمدە تەبىئەت دۇنياسىدىكى ۋە ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بارلىق مۇرەككەپ ھادىسىلەرگە بىر پۈتۈن نۇقتىنەزەر بىلەن قارىدى. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ئۆزىنى "پەنلەرنىڭ پېنى" دەپ ئاتايدىغان ۋە ئۆزىنى باشقا ھەممە پەنلەرنىڭ ئورنىغا قويۇشقا ئۇرۇنىدىغان كونا پەلسەپىگە ئۈزۈل-كېسىل خاتىمە بەردى. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى باشقا

پەنلەر، مەسىلەن، فىزىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە، سىياسى ئىقتىسات ۋە باشقىلارنىڭ تورىنىي ئىگىلىشتىن ئىبارەت دەپ ئەمەس، بەلكى مۇشۇ پەنلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ئىگىزلىنىپ تۇرۇپ مۇشۇ پەنلەرنىڭ ماتېرىياللىرى بىلەن ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ بېرىش ھەمدە ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى بىلىشنىڭ ئىلمىي ئۇسۇللىرى ۋە نەزەرىيىلىرى بىلەن كىشىلەرنى قوراللاندۇرۇشتىن ئىبارەت دەپ ھېساپلايدۇ. دېمەك، دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىمنىڭ باشقا پەنلەر ئۈچۈن بولغان ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، ئۇ توغرا پەلسەپىۋى دۇنياقاراشنى، تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە تەپەككۇرنىڭ ئەڭ ئومۇمىي تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى بىلىملەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. ھالبۇكى پەننىڭ ھەرقانداق ساھەسىدە ياكى كىشىلەرنىڭ ھەرقانداق ئەمەلىي پائالىيەتلىرىدە بولسۇن، ئۇلار بولمىسا بولمايدۇ. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىم تەبىئى پەنلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بەكمۇ زور ئەھمىيەتكە ئىگە. سوۋېت ئىتتىپاقىدا تەبىئى پەنلەرنىڭ تەرەققىياتى تەبىئى پەنلەرنىڭ دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىملىق پەلسەپىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدىلا زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

ماركسىزىم-لېنىنىزىمچە پەلسەپە پارتىيىۋىلىككە ئىگە. ئۇ، ئاشكارا ھالدا پرولېتارىياتنىڭ ۋە بارلىق ئەمگەكچى ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىپ ۋە ئۇنى قوغداپ، ھەرقانداق ئىجتىمائىي زۇلۇمغا ۋە قۇل قىلىشقا قارشى تۇرىدۇ. ماركسىزىم-لېنىنىزىمچە دۇنياقاراشتا، ئىلمىيلىك تەل-توكۇس ئىنقىلاۋىيلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن. "بۇ نەزەرىيىنىڭ دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر سوتسىيالىزىمچىلىرىنى توسۇپ بولماس دەرىجىدە ئۆزىگە تارتالايدىغانلىقىنىڭ سەۋەۋى شۇ يەردىكى، ئۇ قاتتىق ۋە يۇكسەك ئىلمىيلىك (بۇ-ئىجتىمائىي پەننىڭ ئەڭ يېڭى ئۇتۇغى)نى ئىنقىلاۋىيلىق بىلەن بىرلەشتۈردى ۋە بىرلەش-

ئۆزگەندىمۇ ئاسادىيى ھالدا ئەمەس (يەنى بۇ تەلىماتنىڭ ئاساسىي ئالىملىق ۋە ئىنقىلابچىلىق خىسلىتىگە ئىگە بولغىنى ئۈچۈنلا ئەمەس)، بەلكى بۇ ئىككىسىنى ئىچكى جەھەتتىن ۋە بىر بىرى بىلەن ئاجرال-مايدىغان تەرىزدە مۇشۇ نەزەرىيىنىڭ ئۆزىدە بىرلەشتۈردى." («ماركس، ئېنگېلس ۋە ماركسىزم توغرىسىدا»، 1977-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 150-بەت) ھازىرقى زامان بۇرژۇئا پەلسەپىسى ماركسىزمچە پەلسەپىگە ئۈزلۈكسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئاغدۇرۇش-قا، ئۇنىڭ ئاممىنىڭ ئېڭىدا بولغان تەسىرىنى يوقىتىۋېتىشكە ئۇرۇن-دى. ھالبۇكى، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ بارلىق ئۇرۇنۇشلىرى قۇرۇق ئاۋارىچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. خەلق دېموكراتىيىسى تۈزۈم-نىڭ كۈچلەنگەن ئەللەردىكى غەلىبىسى ماركسىزم-لېنىنىزمچە دۇنيا-قاراشنىڭ تەسىر دائىرىسىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتتى. ماركسىزم-لېنىنىزمچە دۇنياقاراش يالغۇز سوۋېت ئىتتىپاقىدىلا ھۆكۈمرانلىق ئورۇننى ئىگەللىگۈچى دۇنياقاراش بولۇپ قالماستىن، بەلكى خەلق دېموكراتىيىسى ئەللىرىدىمۇ شۇنداق بولدى. ماركسىزمچە پەلسەپە-نىڭ تەسىرى كاپىتالىستىك ئەللەردىمۇ ناھايىتى چوڭ. ماركسىزم-لېنىنىزمچە دۇنياقاراشنىڭ كۈچى يېڭىلمەستۇر. (**«تارىخىي ماتېرىيا-لىزم»**غا قاراڭ).

**«دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم»**

«О диалектическом и историческом материализме» 《辩证唯物主义和历史唯物主义》

ستالىن 1938-يىلى يازغان ئەسەر، «سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلەر) تارىخى قىسقىچە كۇرسى»نىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. بۇ ئەسەر ماركسىزمچە پەلسەپىنىڭ قائىدىلىرىنى مۇكەممەل، پۇختا ۋە سىس-تېمىلىق ھالدا شەرھلەپ بەردى. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشچىلار سىنىپى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سوتسىيالىزم ئۈچۈن بولغان

كۆرەشلەردىكى ئىنتايىن مول تەجرىبىلىرىنىڭ يەلسەپىۋى يەكۈنى، شۇنداقلا ئىنسانىيەت تارىخىدا ئەھۋال مۇرەككەپ، تارىخىي ۋەقەلەر كوپ بولغان دەۋرنىڭ ئىنقىلاۋىي تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى. ستالىننىڭ بۇ ئەسىرى ماركس، ئېنگېلس ۋە لېنىنلارنىڭ ئەڭ مول يەلسەپىۋى مىراسلىرىنىڭ يەكۈنلىرىنى ئۇزىنىڭ ئاساسى قىلدى. بۇ ئەسەر دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىم بىلەن پرولېتارىيات سوتسىيالىزىمنىڭ زىچ باغلىنىشىنى كورسىتىپ بەردى، ماركسىزىم ـ لېنىنىزىملىق يەلسەپىنىڭ ئىنقىلاۋىي ئەمەلىيەتكە بولغان ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. ستالىن دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىم ماركسىزىم ـ لېنىنىزىمچە پارتىيىنىڭ دۇنياقارىشى، يېڭى تىپتىكى ماركسىزىمچە پارتىيىنىڭ نەزىرىيىۋى ئاساسى دەپ مۇئەييەنلەشتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئىلمىي يەلسەپىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ۋە ئۇنىڭ پارتىيىسىنىڭ دۇنيانى ئۆزگەرتىش يولىدىكى كۆرەشلىرى داۋامىدا ئىنتايىن زور رول ئوينايدىغانلىقىنى كورسىتىپ بەردى. بۇ ئەسەر ماركسىزىمچە دىيالېكتىك ئۇسۇلنى، ماركسىزىمچە يەلسەپىۋى ماتېرىيالىزىم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزىمنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ئاددى ۋە ئېنىق بايان قىلىپ بەردى.

ستالىن مېتافىزىكىلىق ئۇسۇلنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسىچە بولغان ماركسىزىمچە دىيالېكتىك ئۇسۇلنى بايان قىلىپ كېلىپ، ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكىنىڭ ماھىيىتىنى تۆت ئاساسىي خۇسۇسىيەتكە يىغىنچاقلىدى: (1) دىيالېكتىك ئۇسۇل ھادىسىلەرنى بىر بىرىگە باغلانغان بولىدۇ ۋە بىر بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ دەپ قارايدۇ؛ (2) دىيالېكتىك ئۇسۇل ھادىسىلەرنى دائىم ھەركەت قىلىپ تۇرىدۇ، تەرەققى قىلىپ تۇرىدۇ، پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ ۋە يوقىلىپ تۇرىدۇ دەپ قارايدۇ؛ (3) دىيالېكتىك ئۇسۇلنىڭ چىقىش نۇقتىسى تەرەققىيات جەريانىنىڭ ئاددى ئۇسۇش جەريانى بولماستىن، سان ئوزگىرىشىدىن سۈپەت ئوزگىرىشكە ئوتۇش ئارقىلىق ئەمەلگە

ئاشىدىغان ئىلگىرىلەش ھەركىتى ئىكەنلىكى شۇنىڭدەك يېڭى نەرسىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ سەكرەش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقى، تەرەققىياتنىڭ ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، تۆۋەن ھالەتتىن يۇقۇرى ھالەتكە ئۆتىدىغان جەريان ئىكەنلىكى؛ (4) دىيالېكتىك ئۇسۇل بىزدىن تەبىئەت دۇنياسىدىكى شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەردە ئىچكى زىددىيەتلەر بولىدىغانلىقىنى، قارىمۇ-قارشى تەرەپلەرنىڭ كۈرىشىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنىڭ ھەقىقىي مەزمۇنى ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ستالىن ئىدىيالىزىم بىلەن تۈپتىن قارىمۇ-قارشى بولغان ماركسىزىملىق پەلسەپىۋى ماتېرىيالىزىمدىن ئىبارەت بۇ نەزەرىيىنى بايان قىلغاندا، ئۇنىڭ ئۈچ ئاساسىي خۇسۇسىيىتىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. ماركسىزىملىق پەلسەپىۋى ماتېرىيالىزىمنىڭ ئاساسلىنىدىغىنى مۇنۇلار: (1) دۇنيا ماددا، دۇنيادىكى تۈرلۈك-تۈرلۈك ھادىسىلەر ھەركەت قىلىپ تۇرىدىغان ماددىنىڭ تۈرلۈك كۆرۈنۈشلىرىدىن ئىبارەت؛ (2) ماددا بىرلەمچى، ئاڭ ۋە تەپەككۇر ئىككىلەمچى؛ (3) دۇنيانى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بىلگىلى بولىدۇ، بىزنىڭ ئەمەلىيىتىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن، دۇنيا توغرىسىدىكى بىلىملىرىمىز ھەقىقىي بىلىملەر. بۇ ئەسەردە دىيالېكتىك ئۇسۇل ۋە ماركسىزىملىق ماتېرىيالىزىمغا ئاساسەن چىقىرىلغان خۇلاسىلەر پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ ئەمەلىي پائالىيەتلىرىنى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا زور ئەھمىيەتلىك. بۇ خۇلاسىلەر شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ماركسىزىمچە دىيالېكتىك ئۇسۇل ۋە پەلسەپىۋى ماتېرىيالىزىم دۇنيانى بىلىشتە ۋە دۇنياغا نىسبەتەن ئىنقىلاۋى ھەم كوممۇنىزىملىق ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشتا زورۇر نەزەرىيىۋى قورالدۇر.

ستالىن ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىدە تارىخىي ماتېرىيالىزىملىق مەسىلەرگە، يەنى ئىجتىمائىي ماددى تۇرمۇشنىڭ شەرت-شارائىتلىرىغا،

ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا ۋە ئۇنىڭ ئىككى تەرىپى بولغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىگە، جەمئىيەت تارىخىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئاساسىي تىپلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەرگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى مول مەزمۇنغا ئىگە ئاددىي شەكىللەر بىلەن كۆرسىتىپ بەرگەن. جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي ۋە مۇھىم كۈچى ماددىي ۋاستىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت. ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى قانداق بولسا، پۈتۈن ئىجتىمائىي تۈزۈممۇ شۇنداق بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ سىياسىي ئورگانلىرى، قانۇنلىرى، نەزەرىيىلىرى ۋە ئىدىيىلىرىمۇ شۇنداق بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تارىخىي ماتېرىيالىزم سىياسىي ئورگانلارنىڭ ۋە ئىدىيىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تەكىتلەيدۇ. جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش بولىدىكى ئىشلاردا ئۇلارنىڭ رولى ناھايىتى زور بولىدۇ. ستالىن: ھەر خىل چاكىنا ئىقتىساتۋازلار ئۇستقۇرۇلمىنىڭ، بولۇپمۇ ئىدىيىنىڭ ئاكتىپ رولىنى ئىنكار قىلىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۇقتىنەزىرى ۋە نەزەرىيىسى نەزەرىيە جەھەتتە پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ، يەنە كېلىپ، ئۇلارنىڭ بۇ نەرسىلىرى سىياسىي جەھەتتە ئەكسىيەتچىل، دەپ كۆرسىتىپ ئۆتتى. "يېڭى ئىجتىمائىي ئىدىيىلەر ۋە نەزەرىيىلەر شۇنىڭ ئۈچۈن پەيدا بولىدۇكى، ئۇلار دەل جەمئىيەت ئۈچۈن زۆرۈر، چۈنكى ئۇلاردا ئۇيۇشتۇرۇش، سەپەرۋەر قىلىش ۋە ئۆزگەرتىش خىزمەتلىرى ئورۇنلانمىسا، جەمئىيەتنىڭ ماددىي ھاياتىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا پىشىپ يېتىلگەن ۋەزىپىلەرنى ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس." (ستالىن، «لېنىنىزم مەسىلىلىرى»، 1955-يىل خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 704-بەت) تارىخىي تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، روسىيەدە ماركسىزمغا قارشى پارتىيە-گۇرۇھلار (نارودنىكلار، سوتسىيال ئىنقىلابچىلار، مېنشېۋىكلەر ۋە ھوكۇمەت-

سىزلىك تەرەپدارلىرى) نىڭ يېڭىلىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئۇلارنىڭ ئۆز پائالىيەتلىرىدە ئىجتىمائىي رىيال تۇرمۇشتىن ئايرىلغان، پەنگە قارشى بولغان ئىدىيالىزملىق نەزەرىيىنى ئاساس قىلغانلىقىدۇر. كوممۇنىستىك پارتىيە غەلىبىگە ئېرىشتى، بۇ جەھەتتىمۇ ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيىسى، يەنى دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزممۇ ناھايىتى زور رول ئوينىدى، چۈنكى ئۇ پارتىيىنى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى بىلىملەر بىلەن قوراللاندۇردى. تارىخىي ماتېرىيالىزم بىزگە مۇنداق تەربىيە بېرىدۇ: ئىشلەپچىقىرىشنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى پىششىق بىلگەندىلا، ئاندىن جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى چۈشەنگىلى، ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئۇنىڭ پارتىيىسىنىڭ قايسى يۆنىلىشكە قاراپ ھەرىكەت قىلىشىنى بەلگىلەپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قەدىمىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

«دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم» دېگەن بۇ ئەسەر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى خۇسۇسىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بۇ ھېچقاچان بىر جايدا توختاپ قالمايدۇ، ئۇ دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ يېڭىلىنىشى پۈتۈن ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ يېڭىلىنىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. بۇ جەمئىيەت تارىخىنىڭ ھەممىدىن ئاۋۋال ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىيات تارىخى ئىكەنلىكىدىن، ماددىي ئەشيالارنى ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ تارىخى ئىكەنلىكىدىن، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ئاساسىي كۈچ بولغان ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ تارىخى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىككىنچى خۇسۇسىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يېڭىلىنىشى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يېڭىلىنىشىدىن، ئالدى بىلەن يېڭى ئەمگەك قوراللىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدىن

باشلىنىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يېڭىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىمۇ مۇناسىپ ھالدا يېڭىلىنىدۇ. بۇ ئەسەردە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدىغان دىيالېكتىك مۇناسىۋەت چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلدى. ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ بىر بىرىگە مۇۋاپىق كېلەلمەسلىگەندەك ئەھۋالنىڭ يېڭى زىددىيەتنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكى، بۇنداق مۇۋاپىق كېلەلمىسلىكنىڭ يېڭى زىددىيەتنىڭ كونا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ يوقىلىشى ۋە يېڭى، تېخىمۇ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەنلا ھەل بولىدىغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلدى. بۇ ئەسەردە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ قەدىمدىن ھازىرغىچە بولغان ئومۇمى ئەھۋال بايان قىلىنىپ، ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مۇشۇ ئاساستا قانداق ئۆزگەرتىلىپ كەلگەنلىكى چۈشەندۈرۈپ بېرىلدى. ستالىن سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى چۈشەندۈرگەندە، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ خاراكتېرىغا پۈتۈنلەي مۇۋاپىق كېلىدۇ، چۈنكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان ئومۇمى مۈلۈكچىلىك ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنىڭ ئىجتىمائىلىقىغا مۇۋاپىق كېلىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. لېكىن ستالىننىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقىدا سوتسىيالىزمنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە كۆرسەتكىنىدەك، "پۈتۈنلەي مۇۋاپىق كېلىدۇ" دېگەن بۇ ئۇقۇمدىن سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا مۇۋاپىقلاشالماسلىق ۋە زىددىيەت يۈز

بەرمەيدۇ، دېگەن مەنە كېلىپ چىقمايدۇ. بۇنداق زىددىيەت سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدىمۇ، قانۇنىيەتلىك ھالدا پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ، لېكىن بۇ يەردە، بۇنداق زىددىيەت كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدىكىدەك ئۇنداق توقۇنۇشلارغا ئېلىپ بارمايدۇ. پارتىيە ۋە دۆلەت قالاق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ خاراكتېرىغا ئۆز ۋاقتىدا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش يولى بىلەن بۇنداق زىددىيەتنى ھەل قىلىپ كېتەلەيدۇ. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈچىنچى خۇسۇسىيىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى كونا تۈزۈمدىن ئايرىلغان ھالدا يەككە-يىگانە پەيدا بولمايدۇ، بەلكى كونا تۈزۈمنىڭ ئىچىدە پەيدا بولىدۇ؛ ئۇلار كىشىلەرنىڭ غەرەزلىك، ئاڭلىق پائالىيەتلىرى سەۋەۋىدىن پەيدا بولمايدۇ، بەلكى ئىستىخىيىلىك، ئاڭسىز ھالدا ۋە كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ھالدا پەيدا بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى تۈپ-ئاساسىدىن ئۆزگىرىدىغان تارىخىي مۇقەررەرلىك پىشىپ يېتىلگەندىن كېيىن، كىشىلەر بۇ مۇقەررەرلىكنى چۈشىنىدۇ ھەمدە ئىنقىلاۋىي كۈرەش ئارقىلىق ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

ستالىننىڭ «دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم» دېگەن بۇ ئەسىرىنىڭ مەيدانغا چىقىشى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىليونلىغان زىيالىي كادىرلارنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزمچە پەلسەپىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە قىزغىنلىق بىلەن ئۆگىنىش دەۋرى باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ ئەسەر، ماركس، ئېنگېلس ۋە لېنىنلارنىڭ ئۇلۇغ ئەسەرلىرى قاتارىدا، پۈتۈن دۇنيا كوممۇنىزم جەڭچىلىرىنىڭ ئوقۇشى زۆرۈر بولغان كىتاپ بولۇپ قالدى.

Диалектический метод 辩证方法 **دىيالېكتىك ئۇسۇل**
**ماركسىزمچە دىيالېكتىك ئۇسۇل*غا قاراڭ.**

**دىن 宗教 Религия** ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى شارائىتىدا كىشىلەرنى باشقۇرۇۋاتقان تەبىئەت كۈچى ۋە ئىجتىمائى كۈچلەرنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى بۇرمىلانغان، ساختا ئىنكاسى بولۇپ، ئۇ "ئۆمۈر بويى باشقىلار ئۈچۈن ئىشلەيدىغان، نامراتلىق ۋە يەككە-يېگانىلىق تەرىپىدىن قاتتىق بېسىلىدىغان خەلق ئاممىسىنىڭ ھەممىلا يەردە ئۇچرايدىغان روھىي زۇلمىنىڭ بىر خىلى" («لېنىن ئەسەرلىرى» رۇسچە 4-نەشرى، 10-توم، 65-بەت). بارلىق دىنلارنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى قانداقتۇ دۇنيانى باشقۇرىدىغان تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچكە ئېتىقاد قىلىش ۋە چوقۇنۇشتىن ئىبارەت. دىن پەلسەپىۋى ئىدىيالىزم بىلەن ئورتاق بولغان ئالاھىدىلىكلەرگە ۋە بىلىش نەزەرىيىسى مەنبەسىگە ئىگە، يەنى ھەر ئىككىسى ئۇقۇم، تەسەۋۋۇرنى تەبىئەت دۇنياسىدىن ئايرىۋېتىدۇ، تەبىئەت كۈچىنى ئادەملەشتۈرىدۇ ھەم ئىلاھىيلاشتۇرىدۇ. پەلسەپىۋى ئىدىيالىزم دىننى قوغدايدىغان بىر خىل شەكىل ۋە ۋاستە.

دىنىي ئېتىقاد شۇنداقلا ئۇنىڭغا ماسلاشتۇرۇلغان دىنىي مۇراسىم ۋە ئورگانلار (دىنىي جەمئىيەت قاتارلىقلار) ئەبەدىي ئەمەس، ئۇلار پەقەت مەلۇم تارىخىي شارائىتتىلا بارلىققا كېلىدۇ ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق بىر دەۋرى ئىچىدە، كىشىلەردە ھېچقانداق دىن بولمىغان ئىدى، تەپەككۇر ۋە تىلنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، دىنىي ئېتىقادنىڭ ئىپتىدائى جەمئىيەتتە بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن ئىمكانىيەت تۇغۇلدى. دىننىڭ بارلىققا كېلىشى ئىپتىدائى ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرى چۈشىنەلمىگەن، رەھىمسىز تەبىئەت ھادىسىلىرى ئالدىدا ئىلاجسىز قالغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈردى. تەبىئەت ھادىسىلىرى ئالدىدا ئىلاجسىز قالغانلىقتىن، ئىپتىدائى ئادەملەرنىڭ مېڭىسىدە ئەتراپتىكى دۇنيادا كىشىلەرگە بەخت ياكى ئاپەت كەلتۈرەلەيدىغان بىر قىسىم پەۋقۇلئاددە، تەبىئەتتىن تاشقىرى مەۋجۇدات

بار دەيدىغان پىكىر تۇغۇلدى. ياۋايى ئادەملەر تەبىئەت دۇنيادىكى شەيئىلەرنى ئادەملەشتۈرۈپ ۋە بۇ شەيئىلەرگە تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچ بېرىپ، ئەپسۇن ئوقۇش، پىرىخونلۇق قىلىش ۋە مۇراسىملار ئارقىلىق بۇ شەيئىلەرگە تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇندى. ھازىرقى زاماندىكى دىنلارنىڭ ھەممىسىدە پىرىخونلۇق تەركىپ بار.

سىنىپىي جەمئىيەتتە دىنىي ئېتىقاتنىڭ مەنبەسى ئاساسەن سىنىپىي مەنبە بولىدۇ. ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئاساسىدىكى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىستىخىيىلىك جەريانى ئالدىدا كىشىلەر ئامالسىز قالغانلىقتىن، موجىزىلەرگە، ئۆلگەندىن كېيىنكى گۈزەل تۇرمۇشقا ئېتىقات قىلىش مۇقەررەر ھالدا كېلىپ چىقىدۇ. "ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ ئىجتىمائىي بېسىمغا ئۇچراشلىرى، ئاددىي ئەمگەكچى خەلققە ھەر ۋاقىت ئەڭ قورقۇنچلۇق بالايى-ئاپەتلەرنى ۋە ئەڭ دەھشەتلىك ئازاپلارنى كەلتۈرۈپ تۇرىدىغان (ئۇرۇش، يەر تەۋرەش قاتارلىقلار ھەرقانداق پەۋقۇلئاددە ۋەقەلەردىن مىڭ ھەسسە يامان بولغان) كاپىتالىستىك قارغۇ كۈچلەر ئالدىدا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى قىلچە ئامالسىز قالغاندەك ھېس قىلىشلىرى — دىننىڭ نوۋەتتىكى ئەڭ چوڭقۇر يىلتىزى ئەنە شۇ." (لېنىن. «ماركس، ئېنگېلس ۋە ماركسىزم توغرىسىدا»، 1977-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 424—425-بەتلەر) كىشىلەر دىندارلار ۋە دىنىي مەزھەپلەرنىڭ مۇرىتلىرىنىڭ خۇدا، جەننەت ۋە بېھىش توغرىسىدىكى ئاساسسىز سۆزلىرىدىن، جەمئىيەتتىكى ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى ئۇلارغا ئېلىپ كەلگەن بالايى-ئاپەت ۋە ئازاب-ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇندى.

دىن ئۈستقۇرۇلمىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئاشۇ ئىقتىسادىي بازىسنى مۇستەھكەملەش جەھەتتە، قۇل قىلىش ۋە كىشىنى كىشى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئاساسىدىكى تۈزۈمنى مۇستەھكەملەش جەھەتتە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ.

دىن ئەزەلدىن ئەكسىيەتچىل رول ئويناپ، كىشىلەرنى تەبىئەت دۇنياسى ئالدىدا ئۇزاق مۇددەت ئامالسىز قىلىپ قويدى، ئۇ ئەمگەكچىلەرنى ئېزىش قورالى، بۈگۈنكى كۈندە، بارلىق بۇرژۇئا ئەللىرىدە، ئۇ جاھانگىر بۇرژۇئازىيىنىڭ دېموكراتىيە ۋە سوتسىيالىزم لاگېرىغا قارشى تۇرۇشتىكى قورالى بولۇپ قالدى. دىن كىشىلەرگە: ئۆلگەندىن كېيىن "ئاخىرەتتە" ياخشى كۈن كۆرۈش ئۈچۈن، مۇمىن ئىتائەتچان بولۇش، دۇنيانى ئۆزگەرتىش يولىدىكى كۈرەشتىن ۋازكېچىش، سوتسىيالىزمنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىدىن ۋازكېچىش كېرەك دېگەنگە ئوخشاشلارنى تەشۋىق قىلىدۇ. دىن بۇرژۇئازىيىنىڭ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملىشىگە ئەنە شۇنداق يول بىلەن ياردەم بېرىدۇ. ماركس دىنغا، دىن خەلقنى زەھەرلەيدىغان ئەپيۇن، دەپ تەبىر بەرگەن ئىدى. دىن كىشىلەرگە تەبىئەت دۇنياسى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەممە نەرسە خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ئاساسەن پەيدا بولغان دەپ ئىشىنىشنى ئۆگىتىدۇ. ئۇ ھادىسىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ئىنكار قىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئەتراپىتىكى دۇنيانى بىلەلەيدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، كىشىلەرنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت قانۇنىيەتلىرىنى بىلىۋېلىشىغا، بۇ قانۇنىيەتلەردىن پايدىلىنىپ جەمئىيەت ئۈچۈن بەخت يارىتىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. دىن ئومۇمەن تەرەققىيات ۋە پەننىڭ دۈشمىنى بولدى ۋە بولۇۋاتىدۇ.

سوتسىيالىزم دىنىي ئېتىقادنى پەيدا قىلىدىغان ئاشۇ ماددىي مەنبەلەرنى يوقىتىدۇ. كىشىنى كىشى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ يوقىتىلىشىغا ئەگىشىپ، دىننىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى شەرت-شارائىتلارمۇ يوقىلىۋاتىدۇ. لېكىن كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىكى دىنىي بىر تەرەپلىمىلىك قاراشلار بىر يولىلا تۈگەپ كەتمەيدۇ. كىشىلەر ئېڭىنىڭ ئۆسۈشى ھەمىشە كىشىلەرنىڭ

ماددى تۇرمۇش شارائىتىنىڭ تەرەققىياتىدىن كېيىن قالىدۇ. شۇڭا كاپىتالىزم يوقالغاندىن كېيىنمۇ، قالاق كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا دىنىي بىر تەرەپلىمە قاراشتىن ئىبارەت ئىلگىرىكى كاپىتالىزمنىڭ قالدۇقلىرى يەنىلا ساقلىنىپ قالىدۇ. دىنىي بىر تەرەپلىمە قاراشنى تۈگەتكىلى بولىدۇ، شۇنداقلا ئەمەلىيەتتىمۇ كەڭ ئاممىنىڭ كوممۇنىزم جەمئىيىتى قۇرۇش ئەمەلىيىتىگە پائال قاتنىشىش جەريانىدا، كوممۇنىستىك تەربىيە جەريانىدا، پەيدىن-پەي تۈگىتىلمەكتە. سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ھەرقايسى خەلق دېموكراتىيىسى ئەللىرىدە ھەققىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا، دىنىي جەمئىيەت بىلەن دۆلەت، مەكتەپلەر بىلەن دىنىي جەمئىيەتلەر 1918-يىلىلا ئايرىۋېتىلگەن ئىدى. ھەر بىر پۇقرا دىنغا ئىشەنسىمۇ بولىدۇ، ئىشەنمىسىمۇ بولىدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۆز ئىشى. لېكىن ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىلغار قوشۇنى بولغان، شۇنداقلا ئۇلارنى بارلىق زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلىۋاتقان كوممۇنىستىك پارتىيە دىنغا نىسبەتەن بىتەرەپلىك پوزىتسىيىدە بولسا بولمايدۇ، چۈنكى دىن بىر خىل روھىي زۇلۇم ئۇسۇلى. كوممۇنىستىك پارتىيە ئەمگەكچىلەرنىڭ دىنغا خۇراپىيلارچە ئىشىنىشتىن قۇتۇلۇشىغا، ئۇلارنىڭ ئىلمىي دۇنياقاراشنى ئىگەللىشىگە بارلىق پائالىيەتلەر ئارقىلىق ياردەم بېرىدۇ. ماركسىزم-لېنىنىزملىق دۇنياقاراشنى تەشۋىق قىلىش، مەدەنىيەت-مائارىپ خىزمىتىنى ئىشلەش، تەبىئىي پەن بىلىملىرى ۋە ئىجتىمائىي سىياسىي بىلىملەرنى كەڭ تەشۋىق قىلىش—دىنىي بىر تەرەپلىمە قاراشنى تازىلاشتا ئىنتايىن زور رول ئوينايدۇ. لېنىن يازغان «سوتسىيالىزم ۋە دىن»، «ئىشچىلار پارتىيىسىنىڭ دىنغا تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى» دېگەن ماقالىلاردا دىن مەسىلىسى چوڭقۇر شەرھلەندى، پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ دىنغا مۇئامىلە قىلىشتىكى پوزىتسىيىسى مەسىلىسى شەرھلەندى.

Дюринг, Евгений 杜林，欧根 **دېيۈرىڭ،** ئوگېن (1833—1921) نېمىس مېخانىكا پروفېسسورى، پەيلاسوپ ۋە ئىقتىسادشۇناس. پەلسەپە جەھەتتە ئۇ بىر كېلىشتۈرمىچى ئىدى، ئۇ دەللىچىلىك، ئۈززۈل-كېسىل بولمىغان مېخانىك ماتېرىيالىزمنى يالىڭاچ ئىدېيالىزم بىلەن بىرلەشتۈردى. ئىلگىرىكى ئىككى مۇستەقىل پارتىيە—لاسساللىچىلار بىلەن ئېيزېناخچىلارنىڭ قوشۇلۇشى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ئۆز قوشۇنىنى مۇستەھكەملەۋاتقان مەزگىللەردە، نەزەرىيە مەسىلىسى ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇۋاتقان مەزگىللەردە، دېيۈرىڭ ماركس ۋە ئېنگېلسنىڭ تەلىماتىغا قارشى تۇردى. دېيۈرىڭنىڭ پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىسات ۋە سوتسىيا-لىزم مەسىلىلىرىدىكى مۇجمەل، زىيانلىق نۇقتىنەزەرلىرى بىر قىسىم سوتسىيال دېموكراتلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. مەسىلەن، بېرنشتېين* (كېيىن شىۋجېڭجۇيىچىلارنىڭ باشلىقى بولدى) بۇ نۇقتىنەزەرلەرنى قوللىغان ئىدى. ئېنگېلس دېيۈرىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تېخى زورايمىغان گېرمانىيە ئىشچىلار ھەرىكىتىگە بولغان خەۋپىنى نەزەردە تۇتۇپ، دېيۈرىڭغا قارشى چىقىپ، ئاتايىتەن **«دېيۈرىڭغا قارشى»*** دېگەن ئەسەرنى يازدى، ئېنگېلس بۇ ئەسەردە دېيۈرىڭنىڭ نۇقتىنەزەرلىرىنى ئەجەللىك ھالدا تەنقىت قىلدى.

«Анти-Дюринг» 《反杜林论》 **«دېيۈرىڭغا قارشى»** ئېنگېلسنىڭ ئەسىرى. بۇ ئەسەردە ماركسىزمنىڭ 3 تەركىبىي قىسمى: ماركسىزم پەلسەپىسى—دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم بىلەن تارىخىي ماتېرىيالىزم، ماركسىزملىق سىياسىي ئىقتىسات ۋە ئىلمىي كوممۇنىزم نەزەرىيىسى بايان قىلىنغان ۋە دەلىللەنگەن. مۇشۇ ئۈچ قىسىم بويىچە، «دېيۈرىڭغا قارشى» دېگەن بۇ پۈتۈن كىتاب "پەل-سەپە"، "سىياسىي ئىقتىسات" ۋە "سوتسىيالىزم" دېگەن 3 قىسىمغا

بولۇندۇ. «ديۇرىڭغا قارشى» دىگەن كىتاپتا «پەلسەپە، تەبىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەندىكى ئەڭ زور مەسىلىلەر تەھلىل قىلىنغان،...بۇ ئىنتايىن مول مەزمۇنلۇق، ئىنتايىن پايدىلىق كىتاپ» (لېنىن، «ماركس، ئېنگېلس ۋە ماركسىزىم توغرىسىدا»، 1977-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 78-بەت).

ئېنگېلس بۇ كىتاپىنى ماركسىزم نەزەرىيىسىنى قوغداش، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە مۇتەپەككۇرى ئوگېن **ديۇرىڭ***نىڭ ماركسىزم نەزەرىيىسىگە قىلغان ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇش مەقسىدىدە يازغان. ديۇرىڭ ۋە ئۇنىڭ بىر توپ ھىمايىچىلىرى گېرمانىيە ئىشچىلار ھەرىكىتىگە ۋە شۇ چاغدا تېخى ناھايىتى ياش بولغان گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىگە ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلدۇرۇشقا ئۇرۇنغان ئىدى. ديۇرىڭ بارلىق ئۇششاق بۇرژۇئازىيە پەيلاسوپلىرىغا ئوخشاش بىر كېلىشتۈرمىچى ۋە مىڭىسى ساپ بولمىغان ئادەم ئىدى، ئۇنىڭ نۇقتىنەزىرىدە بىر بىرىگە ئىنتايىن قارىمۇ-قارشى بولغان تەلىماتلار مۇرەسسەلەشتۈ-رۈلگەن. ئۇ چاكىنا ماتېرىيالىزم ۋە مېخانىزمنى **كانت**،* **گېگېل*** قاتارلىق كىشىلەردىن كوچۈرۈۋالغان ئىدىيالىزم بىلەن بىرلەشتۈرگەن.

ئاقمىچىلار بولۇپمۇ **بېرنشتېين*** ديۇرىڭ يازغان نەرسىلەرگە ئىنتايىن ئاپىرىن ئوقۇدى. ئېنگېلس ديۇرىڭنىڭ ئەكسىيەتچىل قەرىشىنى پاش قىلىش ئۈچۈن، ئاۋال ئۇنىڭغا قارشى بىر قاتار ماقالىلارنى ئېلان قىلدى، كېيىن 1878-يىلى بۇ ماقالىلارنى توپلاپ بىر كىتاپ قىلىپ نەشر قىلدۇردى، بۇ كىتاپقا مەسخىرە قىلغان ھالدا «ئوگېن ديۇرىڭ ئەپەندى پەندە قىلغان ئۆزگىرىش» دەپ ماۋزۇ قويدى. بۇ كىتاپ «ديۇرىڭغا قارشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئېنگېلس ديۇرىڭنىڭ ھەقىقى ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىدى ھەمدە

ئۇنى مەسخىرە قىلدى، ئۇنى تەلۋىلىك، نادانلىقنىڭ، تۇرمۇشتىن ئايرىلغان، قۇرۇق مۇقام توۋلايدىغان، قۇرۇق گەپ ساتىدىغان، "مەڭگۈلۈك" ۋە "ئاخىرقى، چېكىگە يەتكەن ھەقىقەت" ئۈستىدە تولىمۇ كورەڭلىگەن ھالدا گەپ ساتىدىغان ساختا پەننىڭ تىپىك ۋەكىلى دەپ قارىدى. ماركس ئېنگېلسنىڭ بۇ كىتاۋىنىڭ كۆپىيە-سىنى ئوقۇپ چىققان، بۇ كىتابنىڭ 2-قىسمىنىڭ 10-بابى («"تەنقى-دىي تارىخ" ئۈستىدە مۇلاھىزە»)نى ماركس يازغان.

ئېنگېلس «كىرىش» قىسمىدا ۋە «پەلسەپە» قىسمىدا دىيۇرىڭنىڭ پەلسەپە جەھەتتىكى ئارىلاشمىسىنى تەنقىت قىلىپ كېلىپ، دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم ئاساسىنى شەرھىلىدى. ئۇ پەلسەپىدىكى تۈپ مەسىلىگە ماتېرىيالىستىك يوسۇندا جاۋاب بەردى، ماركسىزملىق پەلسەپىۋى ماتېرىيالىزمنىڭ ماددىنىڭ بىرلەمچى ۋە ئاڭنىڭ ئىككىلەمچى ئىكەنلىكى، دۇنيانىڭ ماددىلىقى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى شۇنىڭدەك دۇنيانى بىلىشنىڭ مۇمكىنلىكى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى ئەڭ مۇھىم پرىنسىپلىرىنى دەلىللەپ بەردى. ئېنگېلس تەبىئى پەن ۋە تارىختىكى روشەن ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق تەبىئەت دۇنياسى، جەمئىيەت ۋە بىلىش تەرەققىياتىنىڭ دىيالېكتىك خاراكتېرىنى دەلىللىدى. ئۇ دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمنى قوللىنىپ، تەبىئەت دۇنياسىنى ۋە جەمئىيەتنى تەتقىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن تەبىئى پەن ۋە ئىجتىمائى پەندىكى نۇرغۇن مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

ئىدىيالىستلار چۈشەنچە، نەزىرىيە ئاشقى دۇنياغا باغلىق بولماي-دۇ، ئۇلار ئاڭدىن پەيدا بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئېنگېلس بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىلمىي ماتېرىياللارغا، بولۇپمۇ ماتېماتىكا ئۇقۇمىدىكى مىساللارغا ئاساسەن، ئىنسانلارنىڭ بارلىق بىلىمىنىڭ ماددى دۇنيانىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكىنى دەلىللىدى. "سان ئۇقۇمىغا ئوخشاش،

شەكىل ئۇقۇمىمۇ كاللىدا ساپ تەپەككۇردىن پەيدا بولغان ئەمەس، بەلكى تامامەن تاشقى دۇنيادىن ئېلىنغان. ئالدى بىلەن مۇئەييەن شەكىلدىكى جىسىملار مەۋجۇت بولۇشى، بۇ شەكىللەر سېلىشتۇرۇلۇشى لازىم، شۇنىڭدىن كېيىنلا شەكىل ئۇقۇمىنى ھاسىل قىلىش مۇمكىن." («دىيۇرىڭغا قارشى»، 1978-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 65—66-بەتلەر) ئېنگېلس دىيۇرىڭنى تەنقىت قىلىپ كېلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: دۇنيا بىر تۇتاش بولىدۇ. بۇ ئىدىيىنىڭ بارلىق ھادىسىلەرنى باغلاپ قويغانلىقىدىن بولغان ئەمەس، بەلكى دۇنيانىڭ ماددىي بولغانلىقى، تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق ھادىسە ۋە جەريانلارنىڭ ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدىغان ماددىنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكىدىن بولغان. دۇنيانىڭ ھەقىقى بىرلىكى ئۇنىڭ ماددىيلىقىدا. ماددا ماكان ۋە زاماندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ماكان ۋە زامان ماددىنىڭ مەۋجۇدىيەت شەكلى. ئېنگېلس ماددا، ماكان ۋە زاماندىن ئىبارەت بۇ 3 نەرسە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ دىيالېكتىك خاراكتېرىنى تولۇق ئېچىپ بەردى، ماكان ۋە زاماننىڭ چەكسىز بولىدىغانلىقىنى دەلىللەپ بەردى.

ئېنگېلس دىيۇرىڭنىڭ مېخانىزىمىنى ئېچىپ تاشلىغاندا، ماددا بىلەن ھەرىكەت مەسىلىسىنى چوڭقۇر چۈشەندۈردى. ھەرىكەت ماددىنىڭ مەۋجۇدىيەت ئۇسۇلى، ماددىنىڭ مەۋجۇدىيەت شەكلى. ھەرىكەت بولمىسا، ماددا بولمايدۇ، تەتۈرىسىنى ئېيتقاندىمۇ شۇنداق، ماددا بولمىسا، ھەرىكەت بولمايدۇ. ئېنگېلس «دىيۇرىڭغا قارشى» دىگەن ئەسىرىدە، ماددىنىڭ ھەرىكەت شەكلى مەسىلىسىنى بىرىنچى قېتىم كەڭ تۈردە چۈشەندۈردى. ھەرىكەت يالغۇز جىسىمنىڭ ماكاندا مېخانىك يۆتكىلىش شەكلىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرمايدۇ. مېخانىك، فىزىكىلىق، خىمىيىلىك، بىئولوگىيىلىك ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى

ھەرىكەت شەكىللىرىدۇر، "ئالەمدىكى ھەر بىر ماددا ئاتومى ھەر بىر دەقىقىدە ھامان مۇشۇ ھەرىكەت شەكىللىرىنىڭ بىر خىلىدا ياكى يەنە بىر خىلىدا، ياكى بولمىسا بىر ۋاقىتتا بىرنەچچە خىلىدا بولىدۇ" (يۇقۇرىدىكى كىتاب، 107-بەت).

«دىيۇرىڭغا قارشى»دا راۋاجلاندۇرۇلغان ماركسىزم پەلسەپىسىنىڭ ئورگانىك دۇنيا توغرىسىدىكى پرىنسىپى غايەت زور قىممەتكە ئىگە. ئېنگېلس دارۋىنىزىمغا ناھايىتى يۇقۇرى باھا بېرىپ، ئۇنى جانلىقلار دۇنياسى توغرىسىدىكى ماتېرىيالىستىك تەلىمات دەپ ھېسابلىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ دارۋىن تەلىماتىدىكى كەمچىلىكلەرنى سەزگۈرلۈك بىلەن كوردى، بۇ كەمچىلىكلەر **دارۋىن**"نىڭ مالتۇسىزىمغا تەنقىتسىزلا مۇئامىلە قىلغانلىقى ۋە ئورگانىك جىسىملاردا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدىغان سەۋەبلەرنى مۇھاكىمە قىلمىغانلىقىدىن ئىبارەت. ئېنگېلس بۇ كەمچىلىكلەرنى كورسىتىپ بېرىپلا قالماستىن، بەلكى پەننىڭ قايسى يولدا ماڭغاندا بۇ كەمچىلىكلەرنى تۈگىتەلەيدىغانلىقىنىمۇ كورسىتىپ بەردى. ئېنگېلس «دىيۇرىڭغا قارشى»دا ھاياتقا تەبىر بېرىپ مۇنداق دەپ كورسەتتى: "**ھايات ئاقسىل جىسىملارنىڭ مەۋجۇدىيەت ئۇسۇلى،** بۇنداق مەۋجۇدىيەت ئۇسۇلى ماھىيەتتە شۇ ئاقسىل جىسىملارنىڭ خىمىيىلىك تەركىۋىي قىسىملىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز تۈردە ئوز ئوزىدىن يېڭىلىنىپ تۇرۇشىدىن ئىبارەت." (يۇقۇرىدىكى كىتاب، 150-بەت) بىزنىڭ مۇشۇ دەۋرىمىزدە، مىچۇرىن تەلىماتى دارۋىن تەلىماتىدىكى ئېنگېلس كورسىتىپ ئوتكەن بەزى كەمچىلىك ۋە نۇقسانلارنى تۈگىتىپ، ئېنگېلس ئالدىن كورگەن يولغا ماڭدى.

ئېنگېلس بۇ ئەسەرنىڭ 1-قىسمىنىڭ باشقا بابلىرىدا بىلىش ۋە ھەقىقەت، ئەخلاق، باراۋەرلىك، ئەركىنلىك ۋە زورۇرىيەت قاتارلىق جەھەتلەر توغرىسىدىكى دوگماچىلىق، مېتافىزىكىلىق چۈشەن-

چىلەرنى تەنقىت قىلدى. ئېنگېلس دىيۈرىڭنىڭ مەڭگۈلۈك ھەقىقەت توغرىسىدىكى مېتافىزىكىلىق چۈشەنچىسىگە رەددىيە بەرگەندە بىلىش توغرىسىدىكى دىيالېكتىكىنى ئېچىپ بەردى. ئۇ ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئىلمىي ھەقىقەتنىڭ نىسبىلىكىنى كورستىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىنسانلار تەپەككۇرىنىڭ مۇتلەق ھەقىقەتنى بىلەلەيدىغانلىقىنىمۇ دەلىللەپ بەردى. كېيىن لېنىن ئېنگېلسنىڭ بۇ ئۇقتىسنەزەرلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ نىسبىي ھەقىقەت بىلەن مۇتلەق ھەقىقەتنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى مۇكەممەل نەزەرىيە دەرىجىسىگە كوتەردى.

«دىيۈرىڭغا قارشى»دا ماركسىزملىق ماتېرىيالىزمنىڭ تەبىئەت قانۇنىيىتى ۋە جەمئىيەت قانۇنىيىتىنىڭ ئوبيېكتىپ خاراكتېرى توغرىسىدىكى پىرىنسىپى چوڭقۇر ئېچىپ بېرىلدى ھەم ئەركىنلىكنىڭ بىلىنىپ بولۇنغان زورۇرىيەت ئىكەنلىكى كورستىپ بېرىلدى.

ئېنگېلس «كىرىش» قىسمىدا ۋە «پەلسەپە» قىسمىنىڭ كېيىنكى بابلىرىدا ماركسىزمچە ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكىنىڭ ئاساسىنى ئېنىق ۋە چوڭقۇر شەرھلىدى.

ئېنگېلس تارىخىي ماتېرىيالىزم مەسىلىسىنى ئىزاھلىغاندا خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك، سىنىپ ۋە دولەتنىڭ كېلىپ چىقىشىنى چۈشەندۈردى، سىنىپىي كۈرەشنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى رولىنى ۋە دولەتنىڭ سىنىپىي ماھىيىتىنى ئېچىپ بەردى. ئۇ مۇنداق دەپ كورسەتتى: دولەت ۋە قانۇن، ئەخلاق ۋە دىن مەڭگۈلۈك بولمايدۇ، ئۆزگەرمەيمۇ قالمايدۇ، ئۇلاردا ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي بازىسنىڭ تەرەققىياتىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرىدۇ.

ئېنگېلس باراۋەرلىك توغرىسىدىكى ئابستراكت ئۇقۇمغا رەددىيە بېرىپ كېلىپ، "پرولېتارىياتنىڭ باراۋەرلىك تەلىپىنىڭ ئەمەلىي مەزمۇنى **سىنىپلارنى يوقىتىش** تەلىپىدىن ئىبارەت بولىدۇ"

غانلىقىنى دەلىللىدى («دىيۇرىڭغا قارشى»، 1978 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 201 ـ بەت).

ئېنگېلس «سىياسى ئىقتىسات» قىسمىدا، دىيۇرىڭنىڭ ئىقتىسات شۇناسلىق مەسىلىسىدىكى ئۇقۇشمىغان نەزەرىيىسىنى تەنقىت قىلدى ھەمدە ماركسىزملىق سىياسى ئىقتىساتنىڭ ئاساسىنى بايان قىلدى. ئۇ سىياسى ئىقتىساتقا بىر تەبىر بەردى؛ ماركسنىڭ تاۋار ۋە قىممەت توغرىسىدىكى، ياللانما ئىشچىلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىشى توغرىسىدىكى، قوشۇمچە قىممەت، يەر ئىجارىسى توغرىسىدىكى، كاپىتالىزم تۈزۈمى شارائىتىدىكى ئىشلەپچىقىرىشتىكى ھۆكۈمەتسىزلىك ھالىتى ۋە رىقابەت شۇنىڭدەك كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ كرىزىسى توغرىسىدىكى تەلىماتىنى شەرھىلىدى. زورلۇق كۈچنىڭ تارىختىكى رولى مەسىلىسى سوزلەنگەن بىرنەچچە باب ئىنتايىن زور پەلسەپىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. ئېنگېلس زورلۇق كۈچ ئىجتىمائى تۇرمۇشتا ئەڭ مۇھىم رول ئوينايدۇ دەپ كېسىپ ئېيتىدىغان ئىدىيالىستىك «زورلۇق كۈچ نەزەرىيىسى»نى قاتتىق تەنقىت قىلىپ، ئىجتىمائى تۇرمۇشتىكى ئىقتىسادىي شارائىتنىڭ ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كورسەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارغا ئىنقىلاۋىي زورلۇق كۈچ ئارقىلىق مۇئامىلە قىلىشنىڭ غايەت زور ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بارلىق كۈچى بىلەن تەكىتلىدى.

ئېنگېلس «سوتسىيالىزم» قىسمىدا، ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىنى ئاددىي، چۈشىنىشلىك قىلىپ قىسقىچە بايان قىلدى. ماركسىزملىق ئىلمىي سوتسىيالىزم بىلەن خىيالىي سوتسىيالىزمنىڭ مۇناسىۋىتىنى شەرھىلىدى ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىمات، دولەت، ئائىلە، مەكتەپ قاتارلىق سوتسىيالىزمنىڭ بىر قاتار تۈپ مەسىلىلىرى ئۈستىدە ماركسىزم تەلىماتىنى چۈشەندۈردى. ئېنگېلس

مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: پرولېتارىياتنىڭ سوتسىيالىزمى خىيالىي
سوتسىيالىزمغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ
قانۇنىيىتى توغرىسىدىكى بىلىشنى، ماتېرىيالىستىك تارىخقاراشنى
ئاساس قىلىدۇ. سوتسىيالىزم ئوبيېكتىپ جەھەتتە مۇقەررەر ھالدا
كاپىتالىزمنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ. چۈنكى كاپىتالىزمنىڭ ئىچكى
قىسمىدىكى زىددىيەت خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ۋە كىشىنى كىشى
ئېكسپلاتاتسىيە قىلىدىغان تۈزۈمنىڭ جەزمەن ھالاك بولىدىغانلىقىنى
بەلگىلىگەن. كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىجتىمائىي
ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات شەكلىدىن تەرەققىياتىنىڭ
توسالغۇسىغا ئايلىنىدۇ. كاپىتالىزم ئۆزىنى يوقىتىدىغان كۈچلەرنى
يەنى ياللانما ئىشچىلار سىنىپى، سالائەت پرولېتارىياتنى ئۆزى
ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ. ئېنگېلس مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: كاپىتالى-
زىمدىن سوتسىيالىزم يولغا مېڭىش پرولېتارىيات سوتسىيالىستىك
ئىنقىلاۋى ئارقىلىق، پرولېتارىياتنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئارتۇۋې-
لىشى ئارقىلىق بولۇشى يەنى پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى ئارقىلىق
بولۇشى كېرەك. ئېنگېلس سوتسىيالىزم بىرلا ۋاقىتتا بارلىق دۆلەت-
لەردە غەلىبە قازىنالايدۇ دېگەن مولچەرگە ئاساسەن، سوتسىيالىستىك
ئىنقىلاب غەلىبە قازانغاندىن كېيىن، دۆلەت ھالاك بولۇشقا باشلايدۇ
دېگەن پرىنسىپنى بايان قىلىدى. ئېنگېلسنىڭ دۆلەتنىڭ ھالاك
بولۇشى توغرىسىدىكى پرىنسىپى پەقەت سوتسىيالىزم بارلىق
دۆلەتلەردە ياكى زور كۆپ ساندىكى دۆلەتلەردە غەلىبە قازانغان
ئەھۋال ئاستىدىلا توغرا ئىدى. سوتسىيالىزم پەقەت بىر دۆلەتتىلا
غەلىبە قازانغان ئەھۋالدا بۇ پرىنسىپ باپ كەلمەيدۇ، چۈنكى
بۇنداق ئەھۋالدا، سوتسىيالىزم غەلىبە قازانغان دۆلەتتە، سوتسىيا-
لىستىك دۆلەتنى ئاجىزلاتماسلىق، بەلكى بۇنىڭ ئەكسىچە پۈتۈن
كۈچ بىلەن مۇستەھكەملەش، بولۇپمۇ ئارمىيە، ئاخبارات ئورگىنى

قاتارلىقلارنى مۇستەھكەملەش لازىم. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ كوممۇنىزىم جەمئىيىتىنى قۇرۇش ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى قوغداش جەھەتتىكى رولى غايەت زور بولىدۇ.

ئېنگېلس كېلىچەكتىكى كوممۇنىزىم جەمئىيىتىنى سۈرەتلىگەن چاغدا، كوممۇنىزىم جەمئىيىتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى شۇكى، ئۇ جەمئىيەتتە شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدا، جىسمانىي ئەمگەك بىلەن ئەقلىي ئەمگەك ئوتتۇرىسىدا قارىمۇ-قارشىلىق بولمايدۇ، دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. لېكىن ئېنگېلس شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىق "چوڭ شەھەرلەرنىڭ ھالاك قىلىنىشى" ئارقىلىق تۈگىتىلىدۇ دەپ قىياس قىلغان، بۇ توغرا ئەمەس. ئەمەلىيەتتە بىز سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىزىم قۇرۇشتىكى تەجرىبىلىرىدىن شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى، سوتسىيالىزىم تۈزۈمى شارائىتىدا نۇرغۇن يېڭى، چوڭ شەھەرلەر پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ، بۇ چوڭ شەھەرلەر مەدەنىيەتنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى تەرەققىياتىنىڭ مەركىزى ۋە ھەرىك سانائەتنىڭ مەركىزى بولۇپ قالىدۇ ۋە باشقىلار.

ئېنگېلسنىڭ «دىيۇرىڭغا قارشى» دېگەن ئەسىرى كوممۇنىستىك پارتىيىۋىلىكنىڭ نەمۇنىسى، ئىلمىي دۇنياقاراشنى ۋە ئىنقىلاۋىي پرولېتارىياتنىڭ مەنپەئەتىنى قەتئىي قوغداشنىڭ نەمۇنىسى. ماركسىزىمنىڭ پەن جەھەتتىكى بۇرمىلاشقا ۋە سىياسىي جەھەتتىكى ئاغمىچىلىققا قەتئىي قارشى تۇرۇشنىڭ نەمۇنىسى. ئېنگېلس ئىشچىلار سىنىپىنى دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىمچە دۇنياقاراش، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي تەرەققىيات قانۇنىيىتى ھەققىدىكى پەننىي بىلىملەر ۋە ئىلمىي كوممۇنىزىم نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ كىتاۋىدا ماركسىزىمنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى رەھىمسىز كۈرەش قىلدى. «دىيۇرىڭغا قارشى» دېگەن كىتاپ ماركسىزىملىق

بەس-مۇنازىرىنىڭ ئۈلگىسى. ئېنگېلس ھەر خىل بىلىم ساھەسىدىكى رەت قىلغىلى بولمايدىغان پاكىتلار ئارقىلىق ماركسىزمنىڭ دۈشمەن-لىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى، ئاغدۇرغىلى بولمايدىغان لوگىكا ئارقىلىق ماركسىزمنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى ۋە غالىبلىقىنى دەلىللىدى.

ئېنگېلسنىڭ «ديۈرىنگغا قارشى» دېگەن كىتاۋى بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنىلا ئەمگەكچى خەلقنىڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىدېئولوگىيىسىگە قارشى تۇرۇشىدىكى، پەلسەپىۋى ئىدېئالىزمغا، مېتافىزىكىغا ۋە دىنغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدىكى ئۆتكۈر قورالى، كاپىتالىزمغا قارشى تۇرۇش، سوتسىيالىزمنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىدىكى قورالى.

**دىيۇئى، جون** Дьюи, Джон 杜威, 约翰 (1859—1952)

ئامېرىكىنىڭ ئەكسىيەتچى پەيلاسوپى، ئىجتىمائىيەتشۇناسى، مائارىپشۇناسى، ئىدېئالىست. دىيۇئى ئۆزىنىڭ ئىلمىي ماتېرىيالىستىك دۇنياقاراشقا قارشى شۇملۇقلىرىنى ساختا ئىلمىي ئىبارىلەر بىلەن يوشۇردى. ئۇ ساختا "دېموكراتىيە" بايرىقىنى كۆتۈرۈپ، سوتسىيالىزمغا ۋە ئىنقىلاۋىي ھەركەتلەرگە قارشى تۇردى. پەلسەپىدە، دىيۇئى دەسلەپ گېگېلچىلىققا ئېتىقات قىلغان، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا سۇبيى ئىستىمالچىلىق مەيدانىغا ئېغىپ كەتتى ھەم ۋاستىپەرەسلىك نامى ئاستىدا، سۇبيى ئىستىمالچىلىقنى قوغدىدى ۋە راۋاجلاندۇردى. ئەمما، دىيۇئى پەلسەپە نۇقتىسىنەزىرى جەھەتتە قانداق شەكىل قوللانمىسۇن، ئۇنىڭ پەلسەپە ماتېرىيالىزمغا ئاكتىپ قارشى تۇرۇش-تىن ئىبارەت شۇملۇقلىرى پەقەت ئۆزگەرمەيدۇ. ئۇ ماتېرىيالىزمغا قارشى تۇنجى پەلسەپىۋى ماقالا يازغاندىن ئېتىۋارەن، ئىلغار ئىلمىي ئىدىيە ۋە ئىنقىلاۋىي ئىدىيىلەرگە ئىزچىل قارشى تۇرۇپ كەلدى. ئىلمىي ماتېرىيالىستىك دۇنياقاراشنىڭ ئەكسىچە، دىيۇئى ئوبيېكتىپ چىنلىقنى، سەۋەبىيەت ۋە قانۇنىيەتنى ئىنكار قىلىپ،

سۇبيېكتىپ ئىدېيالىستىك بىلىش نەزەرىيىسىنى تەرغىپ قىلدى، ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە نىسبەتەن، نوقۇل ئىرادىچىلىك نۇقتىئىنەزىرىنى تەشۋىق قىلىپ، تەبىئەتنىڭ ئەڭ يېڭى ماتېرىياللىرىنى بۇرمىلىدى.

ديۇئى ۋاستىپەرەسلىكتىن ئىبارەت سۇبيېكتىپ ئىدېيالىستىك پەلسەپىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل سىياسىي نۇقتىئىنەزى- رىنى ئاساسلايدۇ. ئۇ جەمئىيەتنىڭ سىنىپىي تۈزۈلۈشىنى، سىنىپىي كۆرەشنىڭ تارىخ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتقانلىق رولىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇ سىنىپىي كۆرەشكە قارشى تۇرۇپ، ئېكسپىلاتاتى- سىيە قىلغۇچىلار بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا سىنىپىي ھەمكارلىق ("ياردەملىشىش")نى يولغا قويۇشنى، يەنى ئەمگەكچىلەرنىڭ كاپىتالىستلارغا باش ئېگىپ ئىتائەت قىلىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ديۇئى جەمئىيەتنى ئىنقىلاپ يولى بىلەن ئۆزگەر- تىشكە قارشى تۇرىدۇ، ئۇ: مەخسۇس تەشكىللەنگەن مەكتەپ تەربىيىسى ئارقىلىق جەمئىيەتنى "ئۆزگەرتىش"كە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ ماتارىپ سىستېمىسى ئوقۇغۇچىلارنى ئىلمىي ئاساس- لارنى تەتقىق قىلىشقا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى مەككار سودىگەرلەر ۋە تەۋەككۈلچىلەرگە خاس خىسلەتنى "يېتىشتۈرۈش"كە دەۋەت قىلىدۇ. ديۇئى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي-سىياسىي ئەسەرلىرىدە، تۈرلۈك چارىلەر بىلەن بۇرژۇئا دېموكراتىيىسىنىڭ ساختىلىقىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇ، ئەركىنلىك ئەمگەكچى خەلقنىڭ زۇلۇمدىن ۋە ئېكسپىلاتاتسىيىدىن قۇتۇلۇشى دېمەكتۇر، دېگەن ئىنقىلاۋىي ئۇقۇمغا قارشى تۇرۇپ، ئېكسپىلاتاتسىيە ئەركىنلىكىنى يوشۇرىدىغان، ساختا ۋە بۇرژۇئا شەخسىيەتچىلىكىدىن ئىبارەت "شەخسىي ئەركىنلىك" دېگەن ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ، ماركسىزمنىڭ ئىجتىمائىي باراۋەرلىك نۇقتىئىنەزىرىگە قارشى تۇرۇپ، ساختا ۋە گويا بۇرژۇئا دېموكراتىيە تۈزۈمىنىڭ كاپالىتىگە ئېرىشكىلى بولىدىغان "تەكشى

تەرەققىي قىلىش يۈرسىتى" ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

**دوبرولیۇبوۋ، نىكولاي ئالېكساندروۋىچ** **杜勃罗留波夫，** Добролюбов, Николай Александрович 尼古拉·亚历山大罗维奇 (1836—1861) ئۇلۇغ ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزمچى، ماتېرىيالىستىك پەيلاسوپ ۋە ئەدەبىي تەنقىتچى. ئۇ **چېرنىشېۋسكىي***غا ئوخشاش روسىيە دېھقانلار ئىنقىلاۋىنىڭ مۇتەپەككۇرى. 19-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىدا، روسىيىدە يانچىلىق تۈزۈم ۋە چارىزمغا قارشى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. چېرنىشېۋسكىي ۋە دوبرولیۇبوۋ ئون مىليونلىغان دېھقانلار ئاممىسىنىڭ تۈپ دېموكراتىيە تەلىۋىنى بايان قىلدى. ئۇلار ئۆز ئەسەرلىرىدە دېھقانلارنىڭ ئارزۇ-ئارمان ۋە ئۈمىدلىرىنى ئىپادىلىدى. لېنىن دوبرولیۇبوۋنىڭ ۋەتەنگە قوشقان تۆھپىسىنى ماختاپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: ئۇ — "زوراۋانلىققا قاتتىق تەپرەتلەنگەن، خەلقنىڭ قوزغىلىپ 'ئىچكى قىسمىدىكى تۈركلەر'گە يەنى مۇستەبىت ھۆكۈمەتكە قارشى تۇرۇشىنى قىزغىن ئۈمىد قىلغان" («لېنىن ئەسەرلىرى»، رۇسچە 4-نەشرى، 5-توم، 296-بەت) يازغۇچى. ئۇ بارلىق ئۇقۇمۇشلۇق ۋە پىكىرلىك رۇس ئەرباپلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولدى.

دوبرولیۇبوۋ ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىدە، بولۇپمۇ «زۇلمەتلىك پادىشالىق» ۋە «زۇلمەتلىك پادىشالىقتىكى كىچىككىنە يورۇقلۇق» دېگەن ئىككى پارچە ماقالىسىدا روسىيىنىڭ مۇستەبىتلىك يانچىلىق تۈزۈمىنى چوڭقۇر تەنقىت قىلدى. ئۇ يانچىلىق تۈزۈمدىكى روسىيىنى "زۇلمەتلىك پادىشالىق" دەپ ئاتىدى. دوبرولیۇبوۋ، پەقەت ئىنقىلاپلا يانچىلىق تۈزۈمدىكى ۋە زوراۋان زۇلمەتلىك پادىشالىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ چىقىش يولى بولىدۇ؛ ھەرقانداق ئىسلاھات دېھقانلارنىڭ ئورنىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇلماقچى بولۇۋاتقان دېھقانلار ئازاتلىقىدىن گۇمانلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.



ئۇنىڭ بۇنداق گۇمانلىنىش پوزىتسىيىسى دېھقانلارنىڭ ئىسلاھاتتا بولغان ئىشەنچسىزلىكىنى ئىپادىلىدى. دوبروليۇبوۋ لىبېراللارنى پاش قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىسلاھات ۋە ئىلغارلىق توغرىسىدىكى ئەمەلىيەتكە قىلچە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان قۇرۇق گەپلىرىگە قاتتىق دەككە بەردى.

"بىزگە چىرىمەك، تېتىقسىز، كىشىنى ئۆز ئۆزىدىن قايائەتلەندۈرۈپ غەپلەتتە قالدۇرىدىغان، كىشىنى بىخۇتلۇق، خام خىيال ئىچىدە قالدۇرىدىغان سۆزلەر كېرەك ئەمەس، بىزگە يىپ-يېڭى، قەدىر-قىممەتلىك، كىشىنىڭ قەلبىدە يۇقىرالىق غەيرەت ئۇرغۇتىدىغان، كىشىلەرنى كەڭ ۋە ئاجايىپ پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىشقا يېتەكلەيدىغان سۆزلەر كېرەك......" دوبروليۇبوۋ روسىيە جەمئىيىتىدە ئەڭ قاتتىق ئېزىلگەن دېھقانلار سىنىپى ئىنقىلاۋىي ئۆزگىرىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان كۈچ دەپ قارىدى. ئۇنىڭ پىكرىچە بولغاندا، دېھقانلار ئىنقىلاۋى ئايرىم قوزغىلاڭلارنىڭ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان پۈتۈن روسىيە مىقياسىدىكى قوزغىلاڭنىڭ نەتىجىسى، بۇ قوزغىلاڭ چوقۇم چارىزىم ۋە يانچىلىق تۈزۈمنى يوقىتىدۇ. دوبروليۇبوۋ خەلقنىڭ دېھقانلار ئىنقىلاۋىغا تەييارلىق قىلىش خىزمىتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىق ھاياتىنى تەقدىم قىلدى.

دوبروليۇبوۋ ئىنقىلاپتا دۇنياغا كېلىدىغان كەلگۈسىدىكى تۈزۈم مۇستەبىت يانچىلىق تۈزۈمگە ئوخشىمايلا قالماستىن، بەلكى غەربىي ياۋروپا ئەللىرىدىكى بۇرژۇئازىيە، كاپىتالىزم تۈزۈمىگىمۇ ئوخشىمايدۇ، دەپ ھېسابلىدى. دوبروليۇبوۋ روسىيە لىبېراللىرى ماختىغان غەرب دېموكراتىيىسىنى ساختا بولغان، بايلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغدايدىغان تۈزۈم دەپ ئاتىدى، چۈنكى بۇ دۆلەتلەردە خەلق يەنىلا

ھۆكۈمرانلار زوراۋانلىقى ئاستىدىكى قۇل ئىدى. پارلامېنت ئاددىيلا "قۇرۇق كەپخانا" ئىدى. كاپىتالىزم تۈزۈمى شارائىتىدىكى ئەمگەك- چىلەر كاپىتالىستىك ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە- نىڭ قوش زۇلمى ئاستىدا تۇراتتى. دوبرولىيۇبوۋ مۇنداق دەپ يازىدۇ: نەتىجىدە ئەمگەكچى خەلق قوش زۇلۇم تارتتى: ھەممە تۈرلۈك شەكىل ۋە تۈرلۈك ناملار بىلەن پۈتكۈل غەربىي ياۋروپادا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان كونا فېئوداللىزمنىڭ زۇلمىنىمۇ تارتتى، پۈتكۈل سانائەت ساھەسىنى ئىگىلىگەن شەھەر ئاھالىسى تەبىقىسىنىڭ زۇلمىنىمۇ تارتتى." دوبرولىيۇبوۋ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۈرىشىنى، "ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىش بېشى-بوتۇقلار ۋە زاۋۇت-فابرىكا ئىگىلىرىگە تۇتقان دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسى"نى كۆردى. دوبرولىيۇبوۋ كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى زىددىيەتنى پاش قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىلمىي سوتسىيالىزم سەۋىيىسىگە يەتمىدى، بەلكى خىيالىي سوتسىيالىزمغا قاراپ ماڭدى. ئۇ، بارلىق ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزمچىلارغا ئوخشاش، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىدىن خەۋىرى بولمىغانلىقتىن، دېھقانلار ئىنقىلاۋىدىن كېيىن سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئورنىتىش مۇمكىن، دەپ قارىدى. ئۇزىنى توغرىدىن- توغرا سوتسىيالىزمچى ۋە جۇمھۇرىيەتلىك ھاكىمىيەت تەشكىللىنىشنىڭ ھىمايىچىسى دەپ ئاتىدى. دوبرولىيۇبوۋنىڭ پىكرىچە بولغاندا، كەل- گۈسىدىكى "غايىۋى جۇمھۇرىيەت"تە ھەرقانداق زۇلۇم يوقىتىلغان بولىدۇ، ئىرىكىستاپىلار، زومىگەرلەر، بۇرژۇئىلارغا ئوخشاشلارنىڭ ھەممىسى جەمئىيەتتىن تازىلىنىدۇ، شۇنداق قىلىپ "ھەقىقىي مېھرىۋان- لىق" ئورنىتىلىدۇ، ھەرقانداق "ئورىسلەرنىڭ ئۈستۈن مەرتىۋىسى" بولمىغان باراۋەرلىك ئورنىتىلىدۇ؛ يېڭى جەمئىيەتنىڭ تۈپ پرىنسىپى سەرپ قىلىنغان ئەمگەكنىڭ سۈپىتى ۋە سانىغا قاراپ ماددىي ئەشيا- لارنى تەقسىم قىلىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. "ئەڭ ئاساسلىقى: بىر ئادەم-

نىڭ جەمئىيەتتىكى رولى شۇ شەخسنىڭ ئارتۇقچىلىقىغا باغلىق بولۇشى لازىم، ھەر بىر ئادەم ئېرىشكەن ماددىي نەتىجە ئۇنىڭ ئەمگىكىنىڭ سانى ۋە سۈپىتىگە قەتئىي تۈردە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم......" دوبرولىيۇبوۋ ۋە بارلىق روسىيە ئىنقىلابىي دېموكراتىزمچىلىرىنىڭ **خىيالىي سوتسىيالىزمى*** ماركسىزمچە بولغان مەزگىل ئىچىدە روسىيە ۋە غەربىي ياۋروپادىكى ئەڭ ئىلغار ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىمى بولغان ئىدى. لېكىن، دوبرولىيۇبوۋ دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنىڭ كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن شەرت-شارائىت يارىتىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. دېھقانلار قوزغىلىشىنىڭ غەلىبىسى چاررۇسىيە ئۈچۈن چوڭ بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلەش بولاتتى، شۇنداقلا پرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۈرىشىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى ئۈچۈن شەرت-شارائىت يارىتىپ بېرەتتى.

دوبرولىيۇبوۋنىڭ بارلىق كۈرىشى ۋە بارلىق ئەسەرلىرىگە چوڭقۇر ۋەتەنپەرۋەرلىك سىڭگەن. ئۇ روسىيە خەلقىنى يالقۇنلۇق تۇيغۇ ۋە مۇستەھكەم ئىرادە بىلەن ئازات قىلىشنى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ۋەزىپىسى، دەپ ھېسابلىدى. ئۇ ئۇلۇغ ئالىملار، شائىرلار ۋە مۇتەپەككۇرلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن روسىيە خەلقىنىڭ مەشھۇر مىللىي ئالاھىدىلىكىنى كۆردى. ئۇ "ئەقلىدىن ئېزىپ ئۆز ۋەتىنىدىن يۈز ئۆرۈگەن" جاھانپەرەسلىك تەرەپدارلىرىنى جانغا تەككۈدەك قىلىپ، ئېچىپ تاشلاپ پاش قىلدى. بارلىق ئىنقىلابىي دېموكراتىزمچىلارغا ئوخشاش دوبرولىيۇبوۋنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى خەلقنىڭ ئىجادىي كۈچى، خەلقنىڭ ئىنقىلابىي جاسارىتى ۋە ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئۇلۇغ كەلگۈسىگە چوڭقۇر ئىشەنچتە ئىپادىلەنتتى.

دوبرولىيۇبوۋنىڭ ئىنقىلابىي دېموكراتىزمى پەلسەپىۋى ماتېرىيالىزم بىلەن زىچ باغلانغان. دوبرولىيۇبوۋنىڭ ماتېرىيالىستىك پەلسەپىسى **لومونوسوۋ*** ۋە **رادىشېۋ***دىن باشلانغان رۇس پەلسەپە

سىنىڭ ماتېرىيالىستىك ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇردى ۋە يەنىمۇ راۋاجلاندۇردى. ئۇلۇغ ئىنقىلابچى دېموكراتىزمچىلار **بېلىنسكى***، **گېرتسېن***، چېرنىشېۋسكى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۇستازى، ئۇلار ئۇنىڭ دۇنياقارىشىنىڭ شەكىللىنىشىگە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتكەن. غەربىي ياۋروپادىكى ئىلغار مۇتەپەككۇرلارمۇ ئۇنىڭ پەلسەپىۋى نۇقتىسىنەزەرلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن. دوبرولىيۇبوۋ ئۆزىنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىدە **پەلسەپىدىكى تۈپ مەسىلە***نى ھەل قىلغاندا ماتېرىيا- لىستىك لۇشيەننى قەتئىي ئىجرا قىلدى. ئۇ ماددى، ئوبيېكتىپ دۇنيا بىرلەمچى بولىدۇ، ئاڭ ئىككىلەمچى، بېقىندا بولىدۇ دەپ قارايدۇ. دوبرولىيۇبوۋ شۇ چاغدىكى تەبىي پەننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە تايىنىپ، پەلسەپىدىكى تۈپ مەسىلىنى ماتېرىيالىستىك ھالدا ھەل قىلدى. ئۇ پۈتۈنلەي پەنگە ئاساسلىنىپ: ماددى دۇنيا ئادەمگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئادەمدە تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ، دەپ قارارلاشتۇردى. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: "بىز جىمى يەردە مەلۇم نەرسىنىڭ بىزگە تەسىر قىلىۋاتقان- لىقىنى سېزىمىز، بۇ نەرسە بىزدىن بۆلەكچە تۇرىدۇ، ئۇ سىرتقى نەرسە. قىسقىسى، **غەيرى مەن**. بىز بۇنىڭدىن مۇنداق خۇلاسە چىقىرىمىز: بىزدىن باشقا يەنە مەلۇم بىر نەرسە مەۋجۇت، چۈنكى، ئۇنداق بولمايدىكەن، بىز تاشقى دۇنيانىڭ بىزدىكى ھەنگە بولغان ھەرقانداق رولىنى ھېس قىلالمايمىز. دېمەك، بىزنىڭ شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلالىشىمىز پەقەت شەيئىلەرنىڭ بىزگە تەسىر كۆرسىتەلىگىدىنلا بولىدۇ......" ماددى دۇنيا ئۆزىنىڭ تەبىي قانۇ- نىيىتىگە بويسۇنىدۇ. دوبرولىيۇبوۋ تەبىئەتتە مەلۇم "سىرلىق ئىدىيە" نى تېپىشقا ئۇرۇنۇش تامامەن ئىلمىي ئەمەس، ئۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى كىمياگەرلەرنىڭ ئىشى دەپ قارىدى. دوبرولىيۇبوۋ ئۇرغۇن تەبىي پەن ئالىملىرى سىرلىق كۈچنى بانا قىلىپ، ئۆزىنىڭ تەبىئەت قانۇنى

ئالدىدا ئادان ئىكەنلىكنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ دەپ يازىدۇ. ئۇ كۈچ ماددىنىڭ ئىقتىدارىدىن ئايرىلغان بولىدۇ دەپ قارايدىغان مېتافىزىكىلىق چۈشەنچىسىنى پاش قىلىدى. دوبرولىيۇبوۋ مۇنداق دەپ يازىدۇ: "كۈچ ماددىنىڭ تۈپ، ئايرىلماس ئالاھىدىلىكى. ئۇ يەككە ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ." شەيئىلەرنىڭ مەلۇم خىل ئالاھىدىلىكى بولغان كۈچ ماددى شەيئىلەرنىڭ ئۆزىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا ئادەم مېڭىسىنىڭ كۈچى، ئۇنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى ماددىنىڭ ئۆز تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى باسقۇچىدا بولىدىغان قانۇنىيەتكە تامامەن ئۇيغۇن ھادىسە. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خۇددى دۇنيانىڭ بىر بىرىگە قارىمۇ-قارشى بولغان ئىككى مەنبەسى بولمىغىنىغا ئوخشاش، ئادەمنىڭمۇ بىر بىرىگە قارىمۇ-قارشى بولغان ئىككى مەنبەسى بولمايدۇ، بىر تۇتاش ماددى دۇنيا ۋە "بۆلۈنمەس ئادەم" مەۋجۇت. دوبرولىيۇبوۋ ئىككى مەنبەچىلىكنىڭ دۇنيا بىلەن ئادەمنى ماددى ماھىيەت ۋە روھىي ماھىيەت دېگەن ئىككى خىل ماھىيەتكە ئايرىشقا رەددىيە بېرىپ، بۇنى تامامەن ئىلمىي بولمىغان قاراش دەپ ھېسابلىدى. لېكىن ئۇ ئادەمنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ غايەت زور ئەھمىيىتىنى زادى تۆۋەنلەتمىدى ھەمدە "قوپال"، چاكىنا ماتېرىيالىزمىنىڭ "ئادەمنىڭ روھى گويا مەلۇم خىل ئىنتايىن ئىنچىكە ماددىلاردىن تەركىب تاپقان" دېگەن سۆزلىرىنى بىمەنىلىك دەپ ھېسابلىدى.

دوبرولىيۇبوۋ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ماددى دۇنيانىڭ ئەڭ مۇھىم قانۇنىيىتى، تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئىجتىمائى تۇرمۇش بۇ قانۇنىيەتكە بويى سۇنىدۇ: "دۇنيادىكى جىمى نەرسىلەر تەرەققىيات قانۇنىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ......تەبىئەت دۇنياسىدا جىمى نەرسە پەيدىنپەي ئاددىيلىقتىن بىرقەدەر مۇرەككەپلىككە، مۇكەممەلسىزلىكتىن بىرقەدەر مۇكەممەللىككە ئۆتىدۇ؛ لېكىن ئۇ ھەممىلا جايدا يەنە شۇ

ماددا، پەقەت تەرەققىيات باسقۇچى ئوخشاش ئەمەس، خالاس" دەپ قارىدى. ئۇ بۇنداق ئومۇمى ھەرىكەت ۋە تەرەققىيات ماددى دۇنيانىڭ سۈپەتنىڭ كوپ خىللىقىنىڭ ئاساسى؛ مەيلى جەمئىيەتتە بولسۇن ياكى ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسىدە بولسۇن، تۇرغۇنلۇق ۋە جىمجىتلىق بولمايدۇ، دەپ ھىساپلىدى.

دوبرولىيۇبوۋ پەلسەپىدىكى توپ مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپىنىمۇ ماتېرىيالىستىك ھالدا ھەل قىلدى. ئۇ، ئادەم ئۇز ئەتراپىدىكى ماددى دۇنيانى بىلەلەيدۇ شۇنداقلا چوقۇم بىلىدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ **بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى**" ۋە "بىمەنە" شۈبھىچىلىكنى ئېچىپ تاشلىدى، ئادەمنىڭ ئەقلى قابىلىيىتى چەكلىملىككە ئىگە دىگەن دىنىي سەپسەتىنى ئېچىپ تاشلىدى. دوبرولىيۇبوۋ مۇنداق دەپ قارايدۇ: ئادەمنىڭ بىلىش جەريانى دەل تاشقى دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ بىزنىڭ تۇيغۇمىزدا تەسىر پەيدا قىلىشىدىن تارتىپ شەيئىلەر ماھىيىتىنىڭ ئاشكارىلىنىشىغىچە بولغان جەريان بولۇپ ھىساپلىنىدۇ؛ بىلىش تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي ئېھتىياجغا باغلىق بولىدۇ ھەمدە كىشىلەرنىڭ پائالىيىتىدە سىنىلىدۇ.

دوبرولىيۇبوۋ ماتېرىيالىستىك بىلىش نەزەرىيىسىگە تايىنىپ، بېلىنسكى ۋە چېرنىشېۋسكىلارنىڭ ئېستېتىكىسىنىڭ پەلسەپىۋى ئاساسىنى چوڭقۇر راۋاجلاندۇردى. ئۇــئۇلۇغ ئەدىبىي تەنقىدچى. ئۇ، سەنئەت ئىجادىيىتى ئوبيېكتىپ رىياللىقنىڭ كىشىلەر ئېڭىدىكى ئىنكاسى، دەپ قارىدى. ئۇ مۇنداق دەپ ھىساپلىدى: پەن بىلەن سەنئەتنىڭ ئورتاقلىقى ئۇلارنىڭ ئورتاق ئوبيېكتقا ئىگە بولغانلىقىدا، يەنى كىشىلەر ئەتراپىدىكى ماددى دۇنياغا ئىگە بولغانلىقىدا. سەنئەتكار مۇتەپەككۇرلەردىن بولۇشى لازىم، ئۇ رىياللىقنى كوچۇرۇۋالماسلىقى، ھادىسىلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشى ۋە ئۇتاشلىقىنى ئېچىپ بېرىشى لازىم؛ ئۇ پاكىتلارنى يىغىنچاقلاپ، خۇلاسە چىقىرىشى لازىم. بەدىي

ئوبىرازنىڭ چىنلىقى ھادىسىلەرنىڭ ئاسادىيى ئالامىتىدە ئەمەس، بەلكى ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ئېچىپ بېرىشتە. دوبروليۇبوۋ سەنئەتكارلارنىڭ ھادىسىلەردىكى تىپىك نەرسىلەرنى يەنى ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتى شۇنداقلا ھادىسىلەرنىڭ ئۆز ئەتراپىدىكى رىياللىق بىلەن بولغان باغلىنىشىنى ئېچىپ كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان نەرسىلەرنى سۈرەتلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۇ ئەدەبىياتنىڭ ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلۇشىنى تەلەپ قىلدى. دوبروليۇبوۋنىڭ ئېستېتىكا نەزەرىيىسى ئىلغار رۇس ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشىدا غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

دوبروليۇبوۋنىڭ ماتېرىيالىزمى چەكلىملىككە ئىگە ئىدى، شۇڭا ئۇ ماتېرىيالىزم تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى ماتېرىيالىستىك چۈشەنچىلەرنى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە كېڭەيتەلمىدى. بۇنىڭغا ئۇ چاغدىكى روسىيىدە ئىقتىسات ۋە سىياسىنىڭ قالاقلىقى سەۋەپ بولدى. دوبروليۇبوۋنىڭ ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزمى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئىدىيالىستىك نۇقتىئەزىرىدە ئىپادىلەنگەن كۈچلۈك ماتېرىيالىستىك خاھىشىنى بەلگىلىدى، بۇ خىل خاھىش ئۇنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخىي جەرياندىكى ھەل قىلغۇچ ئەھمىيىتىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. دوبروليۇبوۋ تارىخىي ۋەقەلەرنى شۇ تارىخىي ۋەقەلەرنىڭ خەلققە كۆرسەتكەن تەسىرىگە قاراپ ئۆلچەش لازىم دەپ ھېساپلىدى. دوبروليۇبوۋ خەلق ئاممىسىنىڭ تارىختىكى ھەل قىلغۇچ ئەھمىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ ئەربابلارنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئالغا قاراپ راۋاجلىنىشىدىكى رولى توغرىسىدىكى مەسىلىنى ئاساسىي جەھەتتىن توغرا ھەل قىلدى. ئۇ ئۇلۇغ ئەربابلار بىلەن ئاممىنى قارىمۇ ـ قارشى قىلىپ قويماستىن، بەلكى خەلق بىلەن مەنپەئەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۇلۇغ

ئەرباپلار ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى ئېچىپ كۆرسەتتى. ئۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتىنى ئاشكارىلاشقا كۆچەپ ھەرىكەت قىلغىنىدا، سىنىپىي كۈرەشنىڭ زور ئەھمىيىتىنى كۆرسەتتى. دوبرولىيۇبوۋنىڭ پىكرى بويىچە بولغاندا، جەمئىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا ماددىي جەھەت يەنى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بايلىق تەقسىماتى ئىنتايىن زور رول ئوينايدۇ. لېكىن، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي تەرەققىيات نۇقتىسىنەزىرى جەھەتتە، دوبرولىيۇبوۋ يەنىلا ئىدېئالىست ئىدى.

دوبرولىيۇبوۋ تەبىئەت قانۇنىنى ماتېرىيالىستىك يوسۇندا چۈشەندۈردى ھەمدە ئۇنىڭدىن خۇداسىزلىققا ئائىت خۇلاسە چىقاردى. ئۇ، دىن كىشىلەرنىڭ ئۆزى بىلمەيدىغان تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن قورقۇشى ئارقىسىدا كېلىپ چىققان، دەپ قارىدى. ئۇ دىننىڭ خۇراپاتلىق ۋە نادانلىقنى تارقىتىدىغان، ئاممىنى سەۋرى-تاقەت قىلىشقا دالالەت قىلىدىغان ئەكسىيەتچىل رولىنى پاش قىلدى، دىن بىلەن سىياسەتنىڭ بىۋاستە باغلىنىشىنى كۆرسىتىپ بەردى.

روسىيە ئىنقىلابىي دېموكراتىزمىنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىلى، ماتېرىيالىست پەيلاسوپ، ئۇلۇغ ئەدىبىي تەنقىدچى دوبرولىيۇبوۋ — روسىيە سوتسىيال دېموكراتىزمىنىڭ پېشۋالىرىدىن بىرى. ماركسىزم-لېنىنىزم كلاسسىكلىرى دوبرولىيۇبوۋنىڭ پائالىيىتىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىپ، ئۇنى مەشھۇر مۇتەپەككۇر، روسىيە خەلقىنى پانچىلىق تۈزۈم ۋە مۇستەبىتلىك تۈزۈمىدىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلغان جەڭچى دەپ ھېسابلىدى.

**دوكۇچايېۋ، ۋاسىلى ۋاسىلېۋىچ** 道库恰也夫，瓦西里·
Докучаев, Василий Васильевич 瓦西里也维奇 (1846—1903)
ئۇلۇغ رۇس ئالىمى، تۇپراق ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى، ئىلمىي دېھقانچىلىق ئىلمىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى. جەمئىيەت ئەرباپى



ۋە دېموكراتىزمچى. دوكۇچايېۋ— لومونوسوۋ* ۋە رادىشېۋ*لار روسىيە ئىلىم-پېنىدە ئاساس سالغان ئىسىل ماتېرىيالىستىك ۋە دېموكراتىزملىق ئەنئەنىنىڭ ۋارىسى. ئۇ ئىنتايىن مەشھۇر تەبىئىي پەن ئالىمى، ئۇ تۇپراقشۇناسلىق مەسىلىلىرىنى ماتېرىيالىستىك نۇقتىنەزەر بىلەن تەتقىق قىلدى، تەبىئەت دۇنياسىنى بىر پۈتۈن گەۋدە دەپ قارىدى، ئايرىم ھادىسە ۋە جەريانلارنى بىر بىرى بىلەن ئورگانىك ھالدا باغلانغان ھەممىدە بىرى يەنە بىرىدىن پەيدا بولغان دەپ قارىدى.

دوكۇچايېۋ، تۇپراقشۇناسلىق ھەر تەرەپلىمە پەن، چۈنكى تۇپراق تۈرلۈك ئامىللارنىڭ ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان ئۆزئارا تەسىرىنىڭ نەتىجىسى، بۇ ھال "ئۇنى تەتقىق قىلغۇچىدىن ھەر خىل مەخسۇس ساھەلەردە ئۆزلۈكسىز تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ......" دەپ ھېسابلىدى. دوكۇچايېۋ ناھايىتى بىلىملىك ئالىم، تەبىئىي پەن جەھەتتىكى ئىنقىلاپچى؛ ئۇ تۇپراقنىڭ پەيدا بولۇشى، تەدرىجىي ئۆزگىرىپ بېرىشى ۋە جۇغراپىيىۋى جايلىشىشى ھەققىدىكى ئومۇمىي پرىنسىپ ۋە قانۇنىيەتلەرنى بەلگىلىدى، تېرىقچىلىقنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تۇپراقنى تەتقىق قىلىش ۋە تۇپراقتىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش چارىلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. دوكۇچايېۋ ئۆزىنىڭ ئىلمىي پائالىيىتىنى باشلىغان چاغدىلا نوقۇل گېولوگىيە خىزمىتى بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالمىدى، بەلكى تۇپراق ئۈستىدە كەڭ، تەبىئەت جۇغراپىيىسى تەتقىقاتى ئېلىپ باردى. مۇشۇنداق تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە ئۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە نۇرغۇن تەجرىبە ماتېرىياللىرىنى توپلاشقا مۇۋەپپەق بولدى، دوكۇ-

چايېۋ دەريا ئېقىمى بىلەن جىلغىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى كىلاسسىك نەزەرىيىسىنى ياراتتى، يالىنىش جەريانىنىڭ راۋاجلىنىشى-نىڭ ماھىيىتىنى دەلىللىدى. ئۇ شەرقىي ياۋروپا تۈزلەڭلىكى، كاۋكاز ۋە قرىم قاتارلىق جايلاردىكى قارىچىللان تۇپا يەنى "تەڭداشسىز بولغان، روسىيىنىڭ تۇپ بايلىقىنى ھاسىل قىلغۇچى مۇنبەت تۇپ-راق......" ئۈستىدە بىرىنچى بولۇپ كەڭ كۆلەملىك نەق مەيدان تەكشۈرۈشلىرى ئېلىپ باردى. روسىيىنىڭ ياۋروپا قىسمىنىڭ تارىخ-تىكى تۇنجى تۇپراق خەرىتىسى ۋە «روسىيىنىڭ قارىچىللان تۇپى-سى» (1883) دېگەن ئەسەر مۇشۇ خىزمەتلەرنىڭ يەكۈنى؛ بۇ ئەسەر تۇپراقنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى ئىلىمنىڭ ھەقىقى ئاساسى، ئۇنى دارۋىننىڭ «تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى» دېگەن ئەسىرى بىلەن بىر قاتارغا قويۇش تامامەن مۇمكىن.

دوكۇچايېۋنىڭ تۇپراقنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەدرىجى ئۆزگىرى-شى ھەققىدىكى تەلىماتى ماتېرىيالىستىك تەبىي پەندە قازىنىلغان ئەڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەت. دوكۇچايېۋ "**جانلىق ۋە جانسىز مەۋجۇ-داتلار** ئارىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مۇرەككەپ ۋە ھەر خىل **ئۆزئارا مۇناسىۋەت ۋە ئۆزئارا تەسىر قىلىشلار**، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى **ئۆزگىرىشكە** ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان **قانۇنىيەتلەر**......" توغرىسىدىكى بىر يۈرۈش رەتلىك تەلىماتنى ياراتتى. دوكۇچايېۋ، تۇپراقنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئۆزگىچە تۆتىنچى دۇنيا ئىكەنلىكىنى. ئۇنىڭ ئانا تاش بىلەن تۇپراق ھاسىل قىلىدىغان بارلىق ئامىللار (كېلىمات، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەر-نىڭ ئورگانىزمى، يەر ئۈستى سۈيى ۋە يەر ئاستى سۈيى، يەر شەكلى، زېمىن يېشى، ئادەمنىڭ رولى) ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەسىر ئارقىسىدا پەيدا بولغان ئالاھىدە تارىخىي تەبىئەت جىسمى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. دوكۇچايېۋ تۇپراقنىڭ شەكىللىنىش جەر-

يانى دىيالېكتىك يوسۇندا تەتقىق قىلىپ، ئۇنى تۇپراق ھاسىل قىلىدىغان تۈرلۈك ئامىللارنىڭ ماكان ۋە زاماندا "مەڭگۈ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان رولى" دەپ ھېسابلىدى.

مۇستەقىل تۇپراق ئىلمىنىڭ بەرپا قىلىنىشى نەزەرىيە جەھەتتىمۇ، ئەمەلىيەت جەھەتتىمۇ غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە، چۈنكى بۇنداقتا بىز ھەرقايسى جايلاردىكى تۇپراق ئۈستىدىكى نەرسىلەرنى ئوبيېكتىپ يوسۇندا تەتقىق قىلالايمىز، شۇنداقلا تۇپراقنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنى پىلانلىق تۈردە ئىزگىنلىيەلەيمىز ۋە تۇپراقنىڭ دېھقانچىلىقتا خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىيالايمىز. دوكۇچايېۋ تۇپراق بەلۋىغى ۋە تۇپراقنىڭ شەكىللىنىش تۈرى توغرىسىدىكى تەلىماتنى شانلىق تۈردە دەلىللەپ، تۇپراقنىڭ پەيدا بولۇشىنى تۈرگە ئايرىشقا ئىلمىي ئاساس سالدى: "تۇپراق بىلەن پۈتۈن ھايۋاناتلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر جەمئىيىتى ئوتتۇرىسىدا رول ئوينايدىغان جانلىق ئالاقە......"نى ئېنىق بەلگىلەپ بەردى (ئېپتىدائى ئورمان بەلۋاغلىرىدا كۈلرەڭ تۇپراق، ئورمانلىق يايلاقلاردا كۈلرەڭ ئورمان تۇپرىقى، ئوتلاقلاردا قارىچىلان تۇپراق، يېرىم چۆللەردە قارىچىلان كالتىسي تۇپراق ۋە قوڭۇر كالتىسي تۇپراق، چۆللەردە بوز تۇپراق). دوكۇچايېۋ تۇپراق بىلەن مۇھىتنىڭ دىيالېكتىك مۇناسىۋىتىنى بىرىنچى بولۇپ ئېنىق بەلگىلىدى، ئۇ، تۇپراق يالغۇز مۇھىتنىڭ يەنى ئەتراپتىكى تەبىئىي شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئەكس ئېتىشى، دەپ ھېسابلىدى.

ئۇلۇغ ئالىم ۋە ۋەتەنپەرۋەر دوكۇچايېۋنىڭ قىزىقىدىغانلىرى ئىنتايىن كەڭ دائىرىلىك ئىدى، شۇنداقلا ئىرىقچىلىق ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ باغلانغان ئىدى. ئۇ، پەقەت توغرا تەبىئەت تارىخى ئىلمى ئاساسىدىلا "ئاندىن دېھقانچىلىقنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ھەر

خىل ھەقىقىي ئەمەلىي چارىلىرى مەيدانغا كېلىدۇ...." دەپ ھېسابلىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ھەركەتچان جىلغا بىلەن تاشقىن سۇ يالىغان يەرلەرنى تەتقىق قىلدى. ئۇلارنىڭ تىنىپ كېتىشىدىكى سەۋەبلەرنى تەتقىق قىلدى. بۇ سەۋەبلەرنى ئېنىقلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ قۇرغاقچىلىق ۋە تۇپراقنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇللىرىنى ئىزدەپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە مۇ ئىلگىرىلەپ سازلىقنى ئۆزگەرتىش ۋە ئېچىش مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلدى. ئەينى ۋاقىتتا دوكۇچايېۋ ئۆزلۈك دېھقانچىلىق تەدبىرلىرى (نوۋەتلەشتۈرۈپ تېرىش، ئوت-چۆپ تېرىپ ئۆستۈرۈش، تۇپراق-تىكى تېرىقچىلىق، ئوغۇتلاش، سۇغىرىش ۋە باشقىلار)نىڭ رايون خاراكتېرلىق ئىكەنلىكىنى، ئالاھىدە ئىلغىنىشنى دەلىللەپ بەردى. ئۇ بىزدىن ھەممە تېرىلغۇ شەرت-شارائىتنى "ئەتراپلىق ھەمدە چوقۇم تېرىلغۇ شەرت-شارائىتلىرىنىڭ **ئۆزگىرىش** باغلىنىشىدىن" تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. دوكۇچايېۋ، خەلقنىڭ قولىدىكى ئىلىم-پەن قۇدرىتىنىڭ ئۆزگەرتكۈچى كۈچ، دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ، تېرىلغۇغا پايدىسىز تەبىئەت كۈچلىرى كىشىلەر تەرىپىدىن تېخى بىلىۋېلىنمىغان چاغدا قورقۇنچلۇق بولىدۇ: "ئۇلار تەتقىق قىلىنىدىغان ھەمدە ئۇلارنى ئىدارە قىلىش ئۆگىنىۋېلىنىدىغانلا بولسا، ئۇ چاغدا ئۇلار بىزگە خىزمەت قىلىدىغان بولىدۇ" دەپ ھېسابلايدۇ. دوكۇچايېۋ «يايلاقلىرىمىزنىڭ بۈگۈنى ۋە ئۆتمۈشى» (1892) دېگەن ئەسىرىدە قاقاسلىقلارنىڭ تەبىئىتىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئۇنى بۈك-باراقسان ئورمانلىققا ئايلاندۇرۇشنىڭ پۈتۈن بىر يۈرۈش تەدبىرىنى تۈزۈپ چىقتى: ئېھاتە ئورمانلىقى بەرپا قىلىش، سۇ بويلىرى، ھەركەتچان ۋە مۇقىم جىلغىلار، قۇمساي يەرلەر ۋە چۆللەرنى كۆكەرتىش؛ ئورگانىك تۇپراق يارىتىش ۋە ئوت-چۆپ ئۆستۈرۈش ئارقىلىق تۇپراقنىڭ فىزىكىلىق خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىش؛ توغرا تېرىلغۇ ئۇسۇلىنى يولغا

قويۇش، سۇ ساقلاش، قار دۆۋىلەش، قار ۋە يامغۇر سۇلىرىنى ساقلاش، دەريانى تەڭشەش، كۆل ۋە كۆلچەكلەرنى ياساش. كۆكلەم سۇيى ۋە شۇ جايدىكى ئېقىن سۇلاردىن پايدىلىنىپ سۇغىرىش، ئوغۇتلاش، شۇ جاينىڭ شەرت-شارائىتىغا ماس كېلىدىغان زىرائەت ۋە سورتلارنى تاللاش ۋاھاكازالار. مۇشۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، دوكۇچايېۋ "ئۆز زامانىسىدىن نەق بىر دەۋر ئېشىپ چۈشكەن" (ۋىلىيامىس).

دوكۇچايېۋنىڭ پىكرى يېزا ئىگىلىك ئىلمىدە قىممەتلىك بايلىق بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ پىكرى بىئولوگىيىلىك خىمىيە، دىنامىكىلىق گېئولوگىيە، سۇچىلىق گېئولوگىيە قاتارلىق تەبىي پەنلەرنىڭ ھەرقايسى ئارىلاش تارماقلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى، شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئىلىم-پەن تارماقلىرىدىكى ئىلغار روسىيە ئېقىمى ئۈچۈن ئاساس سالدى. ۋىلىيامىس لىللالىق بىلەن مۇنداق دېيدۇ: دوكۇچايېۋ "19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆتكەن دۇنياۋى ئەسىرى بار، ئەڭ مەشھۇر ئالىملارنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ"، ئۇنىڭ نامى "تەبىي پەن كلاسسىكلىرى ئىچىدە ئالدىنقى قاتارغا قويۇلۇشى كېرەك".

دوكۇچايېۋ-داڭلىق پىداگوك، جەمئىيەت ئەربابى، ۋەتەنپەرۋەر ئالىم ۋە روسىيەدە ئىلىم-پەننى راۋاجلاندۇرۇشنى قىزغىن ھىمايە قىلغۇچى. ئۇ تۇپراق ھەيئىتىنى تەشكىللىدى، «تۇپراقشۇناسلىق» دېگەن ئىلمىي ژۇرنالنى چىقاردى. تۇپراقشۇناسلىق ھەققىدە تۇنجى لېكسىيىنى ئۆتكۈزدى، روسىيە ئالىي يېزا ئىگىلىك مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئىلىم-پەن كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈش، ئىلغار روسىيە ئىلىم پىنىنىڭ تەسىرىنى چەت ئەللەردە كېڭەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى. ئۇ ئىلىم-پەن ئۈچۈن ئىشلەش، خەلق ئۈچۈن پىرىنچىپلىق قىلىش ئۆزىنىڭ بۇرچى

دەپ قارىدى. يارىژ ۋە چىكاگودا ئوتكۈزۈلگەن خەلقارا كونگرېسسىدە، دوكۇچايېۋ ئالىي مۇكاپاتقا ئېرىشتى. ئۇنىڭ شاگىرتلىرى تەرىپىدىن يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇلغان پىكرى بولسا پۈتۈن دۇنيا ئالىملىرىنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى.

دوكۇچايېۋ گېئولوگىيە، تۇپراقشۇناسلىق ۋە تېرىقچىلىق ئىلمى قانۇنلىقلارنىڭ ئاساسى پرىنسىپلىرىغا توغرا ۋە ماتېرىيالىستىك تەبىر بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئەينى ۋاقىتتا، ئىجتىمائىيەت ۋە پەلسەپە جەھەتتە بەزى خاتالىقلارنى ئۆتكۈزدى. مەسىلەن، دوكۇچايېۋ جۇغراپىيىۋى شارائىتنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئوينايدىغان رولىنى تولىمۇ يۇقىرى مۆلچەرلىدى. دوكۇچايېۋ، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ تەرەققىياتى داۋامىدا سەكرەش بولمايدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلدى. رايون كېلىماتى، تەبىي ئايرىلغان جايلار، تۇپراق ۋە تۇپراقتا ياشايدىغان ھايۋانات ھەم ئوسۇملۇكلەرنىڭ ئورگانىزمى ۋاھاكازالار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتنىڭ مەڭگۈلۈك بولىدىغانلىقىنىڭ "مۇتلەق قانۇنىيىتى"نى ئېتىراپ قىلغانلىقى دوكۇچايېۋنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالىقى ئىدى. دوكۇچايېۋ بىئولوگىيىلىك ئامىلنىڭ تۇپراقنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەدرىجى ئۆزگىرىش جەريانىدا يېتەكچىلىك رول ئوينايدىغانلىقىنى تولۇق مۆلچەرلىمەيدۇ.

دوكۇچايېۋنىڭ پايلاقنىڭ تەبىئىتىنى ئۆزگەرتىش ۋە تۇپراقنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدىكى ئىلغار تەلىماتىنىڭ چار روسىيە شارائىتىدا ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دوكۇچايېۋنىڭ ۋىلىيامس* ۋە باشقا سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى بېيىتقان ۋە راۋاجلاندۇرغان تۇپراقشۇناسلىقى پەقەت سوتسىيالىستىك جەمئىيەت شارائىتىدىلا، سوتسىيالىستىك يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك تۈردە خىزمەت قىلدىغان مۇھىم بىر تەبىي پەن تارمىقى بولۇپ قالدى.

**Догма، догматизм 教条,教条主义 دوگما، دوگمىچىلىق**

ئېنىقلاتقىلا ئاساسلىنىپ، تەتقىق قىلىنىشى، ئىشلىتىلگەن ۋاقىت-
تىكى شارائىت بىلەن ھېسابلاشماستىن قارىغۇلارچە قوبۇل قىلىنغان
قائىدىلەر دوگما دېيىلىدۇ. دوگمىچىلىق چىرىك-ئەكسىيەتچىل كونا
شەيئىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان يېڭى شەيئىلەرگە
قارشى تۇرىدىغان يارلىق نەزەرىيە سېستىمىسىنىڭ خۇسۇسىيىتىدىن
ئىبارەت. تەرەققىي قىلىۋاتقان رېيال دۇنيادا يۈز تىرەپ تۇرالماي-
ۋاتقان ئىجتىمائىي نەزەرىيەلەر دوگمىچىلىق خاراكتېرىغا ئىگە. ئە-
مەلدە توغرا بولغان قائىدىلەرنى ئەگەر بىز دىيالېكتىكىلىق تۈردە،
ئالىقاچان ئۆزگەرگەن كونكرېت ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتقان ھالدا
قوللانمىساق، ئۇ دوگمىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ماركس
بىلەن ئېنگېلس ئۆزلىرىنىڭ تەلىماتىنىڭ دوگما ئەمەس، بەلكى
ھەرىكەتنىڭ قىبلىنامىسى ئىكەنلىكىنى كۆپ قېتىم كۆرسىتىپ ئۆتكەن
ئىدى. لېنىن بىلەن ستالىن ئۇلۇغ ئاغمىچىلارنىڭ ماركسىزمنى
دوگمىلارچە چاكىنىلاشتۇرۇشىغا قەتئىي قارشى تۇرغان ئىدى، بۇ
ئاغمىچىلارنىڭ مەقسىدى پرولېتارىياتنىڭ قولىدىكى بۇ نەزەرىيىۋى
قورالنىڭ تەنقىدىي ۋە ئىنقىلابىي تىغىنى گاللاشتۇرۇش ئىدى.
مەسىلەن، روسىيە مېنشېۋىكلىرى 1905-يىلدىكى ئىنقىلابقا دوگمە-
چىلىق بىلەن باھا بېرىپ، 1905-يىلدىكى ئىنقىلاب 18—19-
ئەسىرلەردە يۈز بەرگەن بۇرژۇئا ئىنقىلابىغا ئوخشايدۇ،
دەپ ھېسابلاشتى. ئۇلار ئۆزلىرى دوگمىچىلار بولغانلىقى ئۈچۈن،
جاھانگىرلىك دەۋرىدە، تارىخىي ئەھۋاللارنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى،
بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەمئىيەتنىڭ
قانۇنىيىتىنىڭ ماھىيەت جەھەتتىن ئۆزگەرگەنلىكىنى بىلمەيدۇ ۋە
بىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇلار يېڭى شارائىتتا ئىنقىلابنىڭ ئاساسىي
ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنىڭ بۇرژۇئازىيە ئەمەس، بەلكى ئىنقىلابقا
رەھبەرلىك قىلغۇچى پرولېتارىيات ئىكەنلىكىنى، دېھقانلار ئىكەنلى-

گىنى چۈشەنمەيدۇ. لېنىن مېنشېۋىكلارنىڭ دوگمىسىنى بىتچىت
قىلىپ، بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاپتىكى
تاكتىكىسىنىڭ ئاساسىنى تالانتلىق تۈردە تۈزۈپ بەردى («سوتسى-
**يال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابتىكى ئىككى**
**خىل تاكتىكىسى»***غا قاراڭ).
ھەقىقى ئىنقىلاۋىي ماركسىزىم **ئىجادىي** ماركسىزىمدۇر، ئۇ ئۈز-
لۈكسىز تۈردە ئىجتىمائى تەرەققىياتتىكى ۋە ئاممىنىڭ ئىنقىلاۋىي
ئەمەلىيىتىدىكى يېڭى ماتېرىياللار ئارقىلىق نەزەرىيىنى تېخىمۇ بېيى-
تىپ تۇرىدۇ. دوگمىچىلىق — ئىنقىلاۋىي نەزەرىيە ۋە ئىنقىلاۋىي
ئەمەلىيەتنىڭ دۈشمىنى. ماركسىزىمغا سادىق نەزەرىيە ماركسىزىمنىڭ
ماددىلىرىغا ئۆلۈك ھالدا مەھكەم ئېسىلىۋالمايدۇ، بەلكى ماركسىزىم-
نىڭ روھىنى ئاساس قىلىپ، يېڭى تارىخىي شارائىتقا ئاساسەن
ماركسىزىمنى بېيىتىدۇ، كونكرېتلاشتۇرىدۇ. دوگمىچىلىقنىڭ ئاساسى
نەزەرىيىنىڭ ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قېلىشىدىن ئىبارەت، ماركسىزىم-
نىڭ ئاساسى بولسا نەزەرىيە بىلەن تەرەققى قىلىۋاتقان ئەمەلىيەتنىڭ
ئايرىلماس بىرلىكىدىن ئىبارەت. (**ئىجادىي ماركسىزىم***غا قاراڭ.)
**دۇنياقاراش** Мировоззрение **世界观** ئەتراپىتىكى پۈت-
كۈل دۇنيا توغرىسىدىكى ئۇقتىنەزەر، ئۇقۇم ۋە چۈشەنچە سېستېمى-
سى. كەڭ مەنىدىكى دۇنياقاراش ئەتراپىتىكى دۇنيا توغرىسىدىكى،
تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە ئىجتىمائى ھادىسىلەر توغرىسىدىكى بارلىق
ئۇقتىنەزەرلەرنىڭ يىغىندىسىنى يەنى پەلسەپە، ئىجتىمائى سىياسى،
ئېتىكىلىق، ئېستېتىكىلىق، تەبىي پەن ۋە باشقىلار توغرىسىدىكى
ئۇقتىنەزەرلەرنىڭ يىغىندىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
ھەرقانداق دۇنياقاراشنىڭ ئاساسىي يادروسى يەنى ئۆز مەنىسى-
دىن ئېيتىلغان دۇنياقاراش پەلسەپە ئۇقتىنەزىرىدىن ھاسىل
بولىدۇ. پەلسەپىدىكى ئاساسىي مەسىلە يەنى تەپەككۇر بىلەن مەۋ-

جۇدىيەت، ئاڭ بىلەن ماددىنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى — دۇنياقاراشنىڭ ئاساسىي مەسىلە. ماددىنىڭ بىرلەمچى ئىكەنلىكى ياكى ئاڭنىڭ بىرلەمچى ئىكەنلىكى مەسىلىسىدە قاراش ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئىككى خىل ئاساسىي دۇنياقاراش، ماتېرىيالىزم لاگېرى بىلەن ئىدېيالىزم لاگېرىدىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي پەلسەپە لاگېرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۈزۈل-كېسىل ئىلمىي دۇنياقاراش — دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم يەنى ماركسىزم-لېنىنىزملىق پارتىيىلەرنىڭ دۇنياقارىشى. ماركسىزملىق دۇنياقاراش پەلسەپىۋى ئىدېيالىزم بىلەن شۇنىڭدەك ئىدېيالىزم بىلەن زىچ باغلانغان دىنىي نۇقتىنەزەر بىلەن تۈپتىن قارىمۇ-قارشى. پەلسەپىۋى ئىدېيالىزم ۋە دىن دۇنيانى، تەبىئەت دۇنياسىنى ۋە جەمئىيەتتىكى بارلىق ھادىسىلەرنى روھنىڭ، ئاڭنىڭ پائالىيىتى ئارقىلىق، خىيالىي، تەبىئەتتىن تاشقىرى روھىي كۈچنىڭ پائالىيىتى يەنى ئىلاھنىڭ پائالىيىتى ئارقىلىق چۈشەندۈرىدۇ. ئىدېيالىزم ۋە دىن بەن بىلەن زادى چىقىشالمايدۇ. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم دىن ۋە ئىدېيالىزمغا قارشى رەھىمسىز كۆرەش قىلغانلىقتىن مۇئەييەن دۇنياقاراش بولۇپ شەكىللەنگەن.

دۇنياقاراش — كىشىلەرنىڭ ماددىي ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيىتىنىڭ ئىنكاسى. ئۇ كىشىلەرنىڭ مۇئەييەن تارىخىي دەۋردە يەتكەن بىلىم سەۋىيىسىگە ۋە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمگە باغلىق، شۇڭا دۇنياقاراش تارىخىي خاراكتېرغا ئىگە. كىشىلەرنىڭ دۇنياقارىشى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىق مەۋجۇت جەمئىيەتتە، بىرلىككە كەلگەن دۇنياقاراشنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. سىنىپىي جەمئىيەتتە دۇنياقاراش سىنىپىيلىققا ئىگە بولغان بولىدۇ، ھۆكۈمران سىنىپنىڭ دۇنياقارىشى ھۆكۈمران ئورۇندىكى دۇنياقاراش بولىدۇ. شۇڭا،

فېئوداللىق تۈزۈم شارائىتىدا، دەھرى ۋە دىنىي جەمئىيەتتىكى چوڭ پومېشچىكلارنىڭ دىنىي ئىدىيالىستىك دۇنياقارىشى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ. كاپىتالىزم شارائىتىدا، پەلسەپە، مەكتەپ ۋە چېركاۋ ئارقىلىق، مەتبۇئات، سەنئەت قاتارلىقلار ئارقىلىق تەشۋىق قىلىنىدىغان بۇرژۇئازىيە دۇنياقارىشى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ.

كاپىتالىزم جەمئىيىتى يېڭى ھالەتتە تۇرغان چاغدا، بۇرژۇئازىيە ئىلغار سىنىپ ئىدى. زاۋاللىققا يۈز تۇتقان فېئوداللىق تۈزۈمگە قارشى كۈرەشتە بۇرژۇئازىيە شۇ چاغدىكى ئىلغار ئىدىيىگە تايانغان ئىدى، شۇڭا شۇ چاغدا ئۇنىڭ دۇنياقارىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئىلغار ئىدى. لېكىن بۇرژۇئازىيە ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، بۇ ئىلغار ئىدىيەلەرنى تاشلىۋەتتى، ئۇنىڭ دۇنياقارىشى ئەكسىيەتچىل بولۇپ قالدى. ھەر خىل كونا، ئەكسىيەتچىل ئىدىيەلەر بۈگۈنكىدە ھازىرقى زامان كاپىتالىزمىنىڭ ھەر خىل "ئەڭ يېڭى" ئىدىيىلىرى يەنى **فاشىزم***، **جاھانگىرلىك***، **ئىرقچىلىق***، **مىللەتچىلىك*** قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ كەتتى. سىنىپىي قارىمۇ-قارشىلىق مەۋجۇت جەمئىيەتتە، ھۆكۈمران ئورۇندىكى ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ دۇنياقارىشىدىن باشقا، يەنە ئېزىلگۈچى ئەمگەكچىلەر سىنىپىنىڭ دۇنياقارىشى پەيدا بولۇپ ۋە راۋاجلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، فېئودال يانچىلىق تۈزۈمىدىكى روسىيىنىڭ شارائىتىدا، ئېزىلگۈچى دېھقانلارنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىستىگىنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزمچىلار **گېرتسېن***، **بېلىنسكى***، **چېرنىشېۋسكى***، **دوبرولىيۇبوۋ***، نېكراسوۋ ۋە سالتىكوۋ-شېدرىن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ دۇنياقارىشى مەيدانغا كەلدى. كاپىتالىزم شارائىتىدا ماركسىزملىق دۇنياقاراش مەيدانغا كەلدى، بۇ خىل دۇنياقاراش ئىنقىلاۋىي پرولېتارىياتنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ھەرقانداق زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچى بارلىق ئەمگەكچىلەر-

نىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

دۇنياقاراش تەزرىبىۋى ئەھمىيەتكە ۋە بىلىش ئەھمىيىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنتايىن زور ئەمەلىي ئەھمىيەتكىمۇ ئىگە: ئۇ كىشىلەرنىڭ پۈتكۈل دۇنياغا بولغان ئومۇمىي قارىشىنى ئىپادىلەيدۇ، شۇڭا كىشىلەرنىڭ ئەتراپىتىكى دۇنياغا مۇئامىلە قىلىشتىكى پوزىتسىيىسىنىمۇ بەلگىلەيدۇ ھەمدە كىشىلەرنىڭ ھەركىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئىلغار، ئىلمىي دۇنياقاراش تەبىئەت دۇنياسى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىپ، كىشىلەرنىڭ پائالىيىتىنى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىشقا يېتەكلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىدۇ. ئەكسىيەتچىل، پەنگە قارشى دۇنياقاراش زاۋال تاپقان، يوقىلىۋاتقان سىنىپلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ئىدېئالىستىك ۋە دىنىي دۇنياقاراش ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ، ئۇ ئەمگەكچى خەلقنى ئوز ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىدىن ۋاز كەچتۈرىدۇ.

دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم — بىر مەنبەچىلىك ئاساسىدىكى، ئۈزۈل-كېسىل ماتېرىيالىستىك دۇنياقاراش، ئۇ تەبىئەت ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى دۇنياقاراش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي ھادىسىلەر توغرىسىدىكىمۇ دۇنياقاراش. ماركسىزم-لېنىنىزملىق دۇنياقاراشنىڭ توغرىلىقى ئىنسانلارنىڭ پۈتۈن تارىخىي ئەمەلىيىتى ۋە بارلىق ئىلغار پەنلەر تەرىپىدىن ئىسپاتلاندى، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە سوتسىيالىزم قۇرغان ھەمدە غەلىبىلىك تۈردە كوممۇنىزم قۇرۇۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقى ئەمگەكچى خەلقىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئىسپاتلاندى. بۇنداق دۇنياقاراشنىڭ توغرىلىقى سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان ھەرقايسى خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن

ئىسپاتلاندى، پۈتۈن دۇنيادىكى ئەركىنلىكنى سۆيىدىغان خەلقلەرنىڭ جاھانگىرلىكنىڭ زۇلمىغا قارشى تۇرۇش، تېچلىقنى، دېموكراتىيىنى ۋە سوتسىيالىزمنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى پۈتۈن كۈرىشى بىلەن ئىسپاتلاندى.

كوممۇنىستىك پارتىيە ئىلغار ئىدىيىنىڭ ئۇلۇغ سەپەرۋەر قىلىش، تەشكىللەش ۋە ئۆزگەرتىش رولىنى نەزەرگە ئالدى، ئۇ ئەڭ ئىلغار، ئىلمىي دۇنياقاراش بولغان ماركسىزم-لېنىنىزم ئارقىلىق ئىشچىلار سىنىپىنى ۋە بارلىق ئەمگەكچى خەلقنى قوراللاندۇرىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى بۇرژۇئا دۇنياقارىشىنىڭ قالدۇق-لىرىنى تۈگىتىش، سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ ئېڭىدىكى كاپىتالىزم قالدۇقلىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. بۇرژۇئا ئىدىيە-سىدىن قۇتۇلۇش ۋە ماركسىزم-لېنىنىزملىق دۇنياقاراشنى ئىگەل-لەش ئەمگەكچى خەلقنىڭ كوممۇنىزمنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى داۋامىدا ئاڭلىقلىقنى ۋە ئاكتىپلىقنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ.

**世界的统一性和多样性 دۇنيانىڭ بىرلىكى ۋە خىلمۇ-خىللىقى Единство и многообразие мира**

دۇنيادا ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدىغان ماددىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق، زامان ۋە ماكاندا ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدىغان چەكسىز ماددى دۇنيادىن تاشقىرى، ھېچ-قانداق باشقا دۇنيا يوق. ماركسىزملىق پەلسەپىۋى ماتېرىيالىزمنىڭ بىرلىككە كەلگەن ماددى دۇنيا توغرىسىدىكى پرىنسىپى "يارىتقۇچى روھ"، "دۇنيانىڭ مەنبەسى"، "خۇدا"، "مۇتلەق ئىدىيە" قاتارلىقلار توغرىسىدىكى بارلىق ئويدۇرمىلارنى تامامەن ئىرغىتىپ تاشلىدى، دۇنيا بىرلىككە كەلگەن ۋە كۆپ خىل بولىدۇ. ماددى دۇنيا، تەبىئەت دۇنياسى چەكسىز ۋە خىلمۇ-خىل شەيئىلەر، جىسىملار، ھادىسىلەر ۋە جەريانلاردىن ئىبارەت، يەنى پۈتمەس-تۈگىمەس ھەممە يايلىققا ۋە ھەددى-ھېسابسىز كۆپ خىللىققا ئىگە بولغان غەيرى ئورگانىك دۇنيا،

ئۆزگىنىڭ دۇنيا ۋە جەمئىيەتتىن ئىبارەت. دۇنيانىڭ كۆپ خىللىقى ھەر خىل ماددى نەرسىلەر ۋە جەريانلارنىڭ سۈپەت جەھەتتىكى پەرقىدىن، ماددى ھەرىكەت شەكلىنىڭ كۆپ خىللىقىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۇنيادىكى سۈپەتنىڭ كۆپ خىللىقى، ماددى ھەرىكەت شەكلىنىڭ كۆپ خىللىقى ئېنىق زاماندا پەيدا بولىدۇ. دۇنيانىڭ ھەقىقىي بىرلىكى ئۇنىڭ ماددىيلىقىدا. دۇنيانىڭ بىرلىكى ۋە ئۇنىڭ كۆپ خىللىقى دىيالېكتىك مۇناسىۋەتتە تۇرىدۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئېچكى ۋە بۆلۈنمەس باغلىنىش بولىدۇ؛ بىر تۇتاش ماددا دەل ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل سۈپەت شەكلىدە مەۋجۇت بولىدۇ. دۇنيانىڭ پۈتۈن كۆپ خىللىقى بىر تۇتاش ماددىدىن، بىر تۇتاش ماددى دۇنيادىكى ھەر خىل شەكىلدىن ئىبارەت. پەن ۋە ئەمەلىيەتتىكى بارلىق ماتېرىياللار ماددى دۇنيانىڭ بىرلىكىنى كىشىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىسپاتلىدى.

**دەلىللەنگەن پەلسەپە** 实证哲学 Положительная философия يەنى **دەلىلچىلىك.***

**دەلىلچىلىك** 实证论 Позитивизм (لاتىنچىسى positivus— ھەقىقىي) دەلىلچىلىك بۇرژۇئا پەلسەپىدە ئەڭ كەڭ تارقالغان ئىدېئالىزملىق پەلسەپە ئېقىملىرىدىن بىرى. دەلىلچىلىك ئۆزىنى پەلسەپىنى تاماملىغۇچى ھېساپلاپ، ئۆزىنىڭ نەزەرىيىسىنى "ئابستىراكت خۇلاسە"گە ئەمەس، بەلكى تامامەن "دەلىللىك"، "ھەقىقىي" پاكىتلارغا ئاساسلانغان دەپ قارايدۇ. دەلىلچىلىك ئۆزىنى ماتېرىيالىزممۇ ئەمەس، ئىدېئالىزممۇ ئەمەس، بەلكى بۇ ئىككىلىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان نەزەرىيە دەپ قارايدۇ. لېكىن ئەمەلىيەتتە بولسا، دەلىلچىلىك سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزمنىڭ ئۆزگەرگەن بىر تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭ پەلسەپىنى "ئىنكار" قىلىشى، ئەمەلىيەتتە، ئىدېئالىزمنى ئوفرىسلىقچە يەنىگە كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنغان ئاشۇ بۇرژۇئا

پەيلاسوپلىرىنىڭ ھىلە-مىكرى. دەلىلچىلەر تەبىي پەن ئالىملىرى
پەلسەپىدىن خالىي بولالايدۇ ۋە خالىي بولۇشى لازىم، مۇھىمى
پەقەت پاكىتلاردىنلا ئىبارەت دەپ دەۋا قىلىدۇ. ئۇلار پاكىتنىڭ
ئۆزىنى پەلسەپىۋى ئىدىيالىزىم روھى بىلەن چۈشەندۈرۈشكە
ئۇرۇنىدۇ. پەلسەپىنى "ئىنكار قىلىش" ئىلمىي ماتېرىيالىزىملىق
پەلسەپىگە قارشى تۇرۇش ۋە ئىدىيالىزىمنى قوغداش دېمەكتۇر.
دەلىلچىلىكنىڭ خۇسۇسىيىتى تەجرىبە ۋە پەننى سۇبيېكتىپ تۇيغۇ،
تەسەۋۋۇر ۋە تەسىراتنىڭ يىغىندىسى دەپ ئىدىيالىزىملىق ئاساستا
چۈشىنىشتىن، تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىنى
ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت. پەننىڭ رولىنى رېئاللىقنى خاتىرىلەپ
قويۇش (شەرھىلەش ئەمەس) دەپ توۋەنلىتىدۇ، رېئاللىقنى بولسا
پەقەت مەلۇم ئاڭ ھالىتى دەپلا چۈشىنىدۇ. دەلىلچىلىك **يۇم*** ۋە
باشقا ئىدىيالىستلارنىڭ بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسىنى تىرىلە-
دۈرۈپ، بىلىش ھېسسىي سەزگۈنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ،
سەزگۈگە بېقىنمايدىغان ئوبيېكتىپ تاشقى دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقى
دېگەن مەسىلىنىڭ قويۇلۇشى ئىلمىي بولمىغان، "مېتافىزىكىلىق"
ئەھۋال ۋاھاكازا دەپ ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنىدۇ. 19-ئەسىردىكى
فىرانسۇز پەيلاسوپى ئاۋگۇست **كونت*** دەلىلچىلىك ئاساسچىسى دەپ
قارىلاتتى. لېنىن **«ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىتچىلىكى»**
دېگەن كىتاۋىدا، دەلىلچىلىكنى كېلىشتۈرۈپ تەنقىت قىلىپ،
دەلىلچىلەرنى "يارامسىز بولغان، ئۆزلىرىنى پەيلاسوپ دەپ ئاتىشىۋال-
غان سەپسەتىۋازلار" («ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىتچىلىكى»،
1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 369-بەت) دەپ ئاتىدى ھەمدە
ئۇلارنىڭ ئىسپاتلاش ئۇسۇلىنى "باشتىن-ئاياق بۇرژۇئاچە ئالدام-
چىلىق ۋاستىسى......" (يۇقىرىقى كىتاب، 399-بەت) دەپ قاتتىق
ئەيىپلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا مېخانىزىم ئارقىلىق ماركسىزىمغا

تۈزىتىش كىرگۈزگۈچىلەر پەلسەپە مەسىلىلىرىنى دەللىچىلىك مەيدانىدا تۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويىدى، ئۇلار پەلسەپىنىڭ رولىنى "تەبىئى پەننىڭ ئەڭ ئاخىرقى خۇلاسىسى"دىنلا ئىبارەت قىلىپ قويىدى. شۇنداقلا "پەلسەپىدىن ۋازكېچىش"تىن ئىبارەت دەللىچىلىك شوئارىنى قوغدىدى. ھەر خىل كونكرېت پەنلەرنىڭ تەرەققىياتى دەللىچىلەرنىڭ دېگىنىنىڭ دەل ئەكسىچە، پەلسەپىنى يوقىتا چىقارغان ئەمەس. كونكرېت پەنلەر توغرا يەكۈن چىقىرىش ئۈچۈن، بىردىن-بىر ئىلمىي پەلسەپە تەلىماتى — دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىم ئاساسىدا تەرەققىي قىلىشى لازىم. ھازىرقى زامان بۇرژۇئا دەللىچىلىرى (ئالايلۇق "3-دەللىچىلىك"نىڭ ۋەكىللىرى، "2-دەللىچىلىك" **ماخىزىم") لوگىكىلىق دەللىچىلىك، سېمانتىك پەلسەپە"، تەنقىدىي چىنلىق نەزەرىيىسى"** قاتارلىق يېڭى ۋىۋىسكىلار ئاستىدا، سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزىمنى ئىزچىل داۋاملاشتۇردى.

دەللىچىلىك بۇرژۇئا ئىجتىمائىيىتىدە كەڭ تارقالدى. دەللىچى ئىجتىمائىيەتشۇناسلار ئۆزلىرىنى ماتېرىيالىزىمدىنمۇ، ئىدېئالىزىمدىنمۇ "ئاشقىرى" تۇرىمىز دەپ ئاتىدى، ماھىيەتتە بولسا، ئۇلار دەل ئىدېئالىزىملىق تارىخقاراشنىڭ تىپىك ۋەكىللىرى بولۇپ، ئۇلار ماتېرىيالىزىملىق جەمئىيەتقاراشقا چىش-تىرنىقى بىلەن قارشى. سىنىپىي ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، دەللىچىلىك ئىجتىمائىيىتى كاپىتالىزىمنى ئاقلىغۇچى رەڭمۇ-رەڭ "نەزەرىيىۋى ئاساس" ۋە "ھوكۈملەر"نىڭ قوشۇلمىسى. 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئامېرىكىلىق جون درېپېر — ياۋروپادا ئەقىل تەرەققىياتىنىڭ تارىخىنىڭ ئاپتورى — دەللىچىلىك ئىجتىمائىيىتىدىن ئىبارەت ئەكسىيەتچىل ئىدىيىنى راۋاجلاندۇردى. جاھانگىرلىك دەۋرىدىكى دەللىچىلىك ئىجتىمائىيىتىنىڭ ئۆز ئالدىغا قويغان ئاساسىي ۋەزىپىسى تارىخىي ماتېرىيالىزىمغا قارشى تۇرۇپ، مالىيە كاپىتالىنىڭ

تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتى ئۈچۈن نەزەرىيىۋى ئاساس تېپىشتىن ئىبارەت ئىدى. مەسىلەن، گېرمانىيىلىك دەللىچى ئىجتىمائىيەتشۇناس مۇللېر-لىيېر جەمىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ئىنكار قىلىپ، پۈتكۈل تارىخىي جەريانىنى ئىنسانلار ئىرادىسىنىڭ مەھسۇلى، ئالدى بىلەن جاھانگىر دۆلەتلەر ئىرادىسىنىڭ مەھسۇلى دەپ دەۋا قىلدى. ئامېرىكىلىق ھازىرقى زامان دەللىچى ئىجتىمائىيەتشۇناسلىرىدىن بىرى، ئاڭگېبىل، ئوگبورن قاتارلىقلار دەللىچىلىكنىڭ تارىخنىڭ قانۇنىيىتىنى تېپىش مۇمكىنلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان بۇنداق نۇقتىنەزەرىگە ئاساسلىنىپ، كاپىتالىزىمنىڭ زىددىيىتى كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتىدىكى زىددىيەتتىنلا ئىبارەت دەپ "دەللىلىمەكچى" بولۇشتى، شۇڭا ئۇلار كاپىتالىزىم بىلەن كۈرەش قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، كىشىلەرنىڭ ئېڭىنى كاپىتالىزىم تۈزۈمىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش لازىم دەپ قارىدى. ھازىرقى زامان دەللىچىلىرى ئامېرىكا مالىيە كاپىتالىنىڭ ئاكتىپ قوغدىغۇچىسى. ئۇلار ئوگبورنىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئىجتىمائىيەتنى ئاتوم ئۇرۇشى مەسىلىسىگە ئۇيغۇنلاشتۇرماقچى بولدى.

تارىخىي ماتېرىيالىزىم دەللىچىلىك ئىجتىمائىيىتىگە قارشى مۇرەسسەسىز كۈرەش قىلىپ، ئۇنىڭ پەنگە قارشى خاراكتېرىنى ۋە بۇرژۇئا ئەكسىيەتچىل ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىدى.

**دۆلەت** 国家 Государство ئىقتىسادىي جەمئىيەتتە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان سىنىپنىڭ سىياسىي تەشكىلاتى بولۇپ، مەۋجۇت ئىقتىسادىي تۈزۈمنى قوغداش ۋە باشقا سىنىپلارنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. "دۆلەت — بىر سىنىپنىڭ يەنە بىر سىنىپ ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى قوغدايدىغان ماشىنا" (لېنىن. «ماركس، ئېنگېلس ۋە ماركسىزىم توغرىسىدا»، 1977-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 766-بەت)، "ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئۆز سىنىپىي دۈشمەن-

لىرىنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش ماشىنىسى" («ستالىن ئەسەرلىرى»، 1956-يىل خەلق نەشرىياتى. خەنزۇچە نەشرى، 6-توم، 101-بەت). دۆلەت جەمئىيەتنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپلارغا بۆلۈنۈشىگە ئەگىشىپ پەيدا بولغان، ئۇ ياراشتۇرۇپ بولمايدىغان سىنىپىي زىددىيەتلەرنىڭ مەھسۇلى. ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچىلار دۆلىتىنىڭ پائالىيىتى ئىچكى جەھەتتىكى رولى ۋە تاشقى جەھەتتىكى رولىدىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي رولدا ئىپادىلىنىدۇ. ئىچكى جەھەتتىكى رولى ئاساسلىق بولىدۇ، ئۇنىڭ مەقسىدى جەمئىيەتتە كۆپ سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنى باستۇرۇشتىن ئىبارەت. ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچىلار دۆلىتىنىڭ تاشقى جەھەتتىكى رولى باشقا دۆلەتنىڭ يەرلىرىنى تالان-تاراج قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تېررىتورىيىسىنى كېڭەيتىش، ئۆزىنىڭ تېررىتورىيىسىنى باشقا دۆلەتنىڭ تاجاۋۇزىدىن قوغداشتىن ئىبارەت. قۇلدارلىق تۈزۈم، فېئوداللىق تۈزۈم ۋە كاپىتالىزىم تۈزۈمىدە ئەھۋال ئەنە شۇنداق.

ئارمىيە، جازا ئورگانلىرى، ئاخبارات ئورگانلىرى، تۈرمە ۋە دۆلەت ئورگانلىرى دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ قورالى. ھازىرقى زامان جاھانگىر دۆلەتلىرى ئازاتلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەرقانداق ئىپادىلىرىنى ۋە ئاممىنىڭ تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرەشلىرىنى ئاياق ئاستى قىلىش رولىنى ئوينىماقتا ۋاھاكازا. ھازىرقى زامان جاھانگىر دۆلەتلىرىنىڭ تاشقى جەھەتتىكى رولى مۇستەقىل، ئەركىن مىللەتلەرنى قۇل قىلىش، ئۇلارنى جاھانگىرلارغا باش ئەگدۈرۈشتىن ئىبارەت.

تارىختا ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچىلار دۆلىتىنىڭ قۇلدارلار دۆلىتى، فېئوداللار دۆلىتى ۋە بۇرژۇئازىيە دۆلىتىدىن ئىبارەت 3 ئاساسىي تىپى بولغان. ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىق

شەكلى ھەر خىل-ھەر ياڭزا بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، بۇرژۇئازىيىنىڭ سىياسى ھۆكۈمرانلىق شەكىللىرىدىن: بۇرژۇئا پادىشالىق ھاكىمىيەت تۈزۈمى، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت ۋە ئاشكارا تېررورلۇق يۈرگۈزىدىغان فاشىستىك دىكتاتۇرا شەكىللىرى بار. ئەمما بۇ شەكىللەرنىڭ سىنىپى ماھىيىتى بىرلا، ئۇ بولسىمۇ كاپىتال دىكتاتۇرىسى. ھەتتا بۇرژۇئا دۆلىتىنىڭ ئەڭ ئىلغار سىياسى شەكلى—پارلامېنت تەسىس قىلىنغان ۋە ئومۇمى سايلام ھوقۇقىنى شەكىلدە ئېتىراپ قىلىدىغان دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت—مۇ يەنىلا كاپىتالنىڭ ھۆكۈمرانلىق قورالىدىنلا ئىبارەت.

ھازىرقى زامان كاپىتالىستىك دۆلەتلىرى ئەنە شۇنىڭ مىسالى بولۇپ، ئۇلار شەكىلدە دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت، ماھىيەتتە بولسا بۇ دۆلەتلەردە چوڭ مونوپول تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەن، ئۇلار دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىۋالغان. ماركسىزمچىلار مەلۇم دۆلەت شەكلىنىڭ ئىلغارلىقىغا ياكى ئەكسىيەتچىلىكىگە باھا بېرىشتە، ئەزەلدىن كونكرېت تارىخىي شارائىتنى ھېسابقا ئېلىپ كەلدى. ماركسىزمچىلار، بۇرژۇئا دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۈزلۈك يامان تەرەپلىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇ تارىختا يەنىلا بىر خىل ئىلغارراق دۆلەت تۈزۈمى، دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، 1917-يىلدىن بۇرۇن روسىيىدىكى پادىشا مۇستەبىت ھاكىمىيەت تۈزۈمى بىلەن سېلىشتۇرغاندىمۇ شۇنداق.

سوتسىيالىستىك دۆلەت ئەڭ ئىلغار، ئەڭ دېموكراتىك دۆلەت شەكلى. سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب نەتىجىسىدە، پرولېتارىيات بۇرژۇئازىيە دۆلىتىنى يوقىتىپ، تامامەن يېڭى تىپتىكى دۆلەت—**پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى***نى ئورناتتى. يېڭى تۈزۈمگە ئۆتۈش زورلۇق كۈچ ۋە ئىنقىلاب ئارقىلىق ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئېكسپىلاتاتسىيە

قىلغۇچىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇش يولى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ ۋەزىپىسى كىشىنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشنى يوقىتىش، سىنىپنى يوقىتىش ۋە كوممۇنىزمنى قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت. مۇكەممەل كوممۇنىزىم جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ دۆلەت ھالاك بولۇپ بارىدۇ. ئەمما دۆلەتنىڭ ھالاك بولۇش مەسىلىسىنى مەلۇم تارىخىي شارائىت بىلەن باغلاپ قاراش لازىم. ئېنگېلس ئۆز زامانىسىدە: سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، دۆلەت ھالاك بولۇشى كېرەك، دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. ستالىن ھازىرقى زامان تارىخىي تەرەققىيات شارائىتىغا بىنائەن، ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ دۆلەت توغرىسىدىكى تەلىماتىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇردى. ئۇ، ئېنگېلسنىڭ بۇ قائىدىسى سوتسىيالىزمنىڭ بارلىق ئەللەردە ياكى كۆپچىلىك ئەللەردە غەلىبىگە ئېرىشىشىنى كۆزدە تۇتۇپ ئېيتىلغانلىقىنى، شۇڭا، بۇ قائىدىنىڭ سوتسىيالىزم يالغۇز بىرلا ئەلدە غەلىبىگە ئېرىشكەن ئەھۋالغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىقىنى دەلىللەپ بەردى. بۇنداق ئەھۋالغا ئۇيغۇن كېلىدىغىنى باشقا بىر قائىدە: ئەگەر سوتسىيالىزم بىر ئەلدە غەلىبىگە ئېرىشكەن، باشقا ئەللەردە بولسا كاپىتالىزم يەنىلا ھۆكۈمران ئورۇنىدا تۇرۇۋاتقان بولسا، ئۇنداق ئەھۋالدا، ئىنقىلاپ غەلىبە قىلغان دۆلەت ئۆز دۆلىتىنى، دۆلەت ئورگانلىرىنى، ئاخبارات ئورگانلىرىنى ۋە ئارمىيىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئەمەس، بارلىق كۈچ بىلەن كۈچەيتىشى لازىم. جاھانگىر دۆلەتلەر مەۋجۇت ئىكەن، ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراش خەۋپىمۇ مەۋجۇت بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، بۇ قائىدە كوممۇنىزم تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەر ئۈچۈنمۇ كۈچكە ئىگە.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكى نۇرغۇن ئەللەر ئارىسىدا **خەلق دېموكراتىيىسى*** دۆلەتلىرى بارلىققا كەلدى. خەلق دېموكراتىيىسى دۆلىتى پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ

بىر خىل شەكلى. («دۆلەت ۋە ئىنقىلاپ»؛* سوتسىيالىستىك دۆلەت*كە قاراڭ.)

**«دۆلەت ۋە ئىنقىلاپ»** 《国家与革命》 «Государство и революция» لېنىن 1917-يىل 8—9-ئايلاردا يازغان ئەسەر. ئەينى ۋاقىتتا روسسىيە پرولېتارىياتىنىڭ ئالدىغا بۇرژۇئازىيە دۆلىتىنى يوقىتىپ، يېڭى سوۋېت سوتسىيالىستىك دۆلىتى قۇرۇشتىن ئىبارەت تارىخىي ۋەزىپە قويۇلغان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، ماركسىزمنىڭ دۆلەت توغرىسىدىكى ئىنقىلاۋىي نەزەرىيىسىنى قوغداش ئۈچۈن، شيۇجېڭجۇيىچىلارغا ۋە ئاقىمچىلارغا قارشى كۈرەش قىلىش، روسسىيە ئىنقىلاۋى ۋە غەربىي ياۋروپا ئىنقىلاۋىنىڭ يېڭى تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، ماركسىزمنىڭ دۆلەت تەلىماتىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش زۆرۈر ئىدى. لېنىننىڭ «دۆلەت ۋە ئىنقىلاپ» دېگەن ئەسىرى مۇشۇ مەقسەتتە يېزىلغان. بۇ ئەسەر ماركسىزمنىڭ دۆلەت تەلىماتى تەرەققىياتىدىكى يېڭى باسقۇچ. شۇنداقلا پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىي ھەرىكىتىنىڭ جەڭگىۋار ئەمەلىيەت پروگراممىسى ھېسابلىنىدۇ.

لېنىن بۇ ئەسەرنىڭ 1-بابىدا، دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىدا، جەمئىيەت سىنىپلارغا بۆلۈنگەن چاغدا پەيدا بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. دۆلەت مۇرەسسەسىز سىنىپىي زىددىيەتلەرنىڭ مەھسۇلى. ئۇ بىر سىنىپنىڭ، يەنە كېلىپ ئىقتىسادىي جەھەتتە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان سىنىپنىڭ باشقا بىر سىنىپ ئۈستىدىن زورلۇق كۈچ ئىشلىتىدىغان ئورگىنى. خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ھۆكۈمرانلىقى ئاساسىدا قۇرۇلغان بارلىق دۆلەتلەر ئاز ساندىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار كۆپ ساندىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچىلارغا زورلۇق كۈچ ئىشلىتىدىغان ئورگان. ھازىرقى زامان بۇرژۇئازىيە دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى

كاپىتالىستلار كۆپ ساندىكى ئېزىلگۈچىلەر ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بىر خىل شەكىل. 2-، 3-ۋە 4-بابلاردا لېنىن ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ 1848-يىلدىن 1851-يىلغىچە بولغان ئىنقىلاپ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىگەندە، بولۇپمۇ 1871-يىلدىكى پارىژ كوممۇنىسىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىگەندە، ئۇلارنىڭ پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزىرىنى قانداق راۋاجلاندۇرغانلىقىنى چۈشەندۈردى. ماركس ۋە ئېنگېلس: ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش ۋە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن، پرولېتارىيات كونا بۇرژۇئازىيە دۆلەت ماشىنىسىنى يوقىتىپ ۋە تارمار قىلىپ، ئۆز دىكتاتۇرىسىنى ئورنىتىشى كېرەك، دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. لېنىن: ماركس ۋە ئېنگېلسنىڭ تەلىماتىدىكى ئاساسىي نۇقتا پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى تەلىماتى، ھالبۇكى، ماركسىزمنىڭ دۈشمەنلىرى دەل مۇشۇ تەلىماتنى پۈچەكلەشتۈرمەكچى بولىدۇ، دەپ كۆرسەتتى. لېنىن، بۇرژۇئازىيە دۆلىتى ئاقمىچىلار (كائۇتسكى قاتارلىقلار) تەشۋىق قىلغاندەك ھالاك بولماستىن، بەلكى پرولېتارىيات ئىنقىلابى ئارقىلىق يوقىتىلىدۇ، پرولېتارىيات دۆلىتى كېيىنچە، كوممۇنىزم شارائىتىدا ھالاك بولۇپ بېرىشقا يۈزلىنىدۇ، دەپ قايتا-قايتا تەكىتلىدى.

5-بابتا لېنىن پرولېتارىيات دۆلىتىنىڭ ھالاك بولۇپ بېرىشىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنى تەھلىل قىلدى. لېنىن، ئاممىنى ئالداش ۋە قۇل قىلىشنى مەقسەت قىلغان بۇرژۇئازىيە دېموكراتىيىسىنىڭ ياڭاقچىلىقىنى ئېچىپ تاشلاپ، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ تۇنجى بولۇپ تارىختا خەلققە ھەقىقىي دېموكراتىيە بېرىدىغانلىقىنى، ئۇ مۇتلەق زور كۆپ ساندىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ ۋەزىپىسى سىنىپنى يوقىتىش ۋە سىنىپسىز بولغان كوممۇنى-

زىم جەمئىيىتىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت. لېنىن كوممۇنىزمنىڭ 1-باسقۇچى يەنى تۆۋەن باسقۇچى بىلەن كوممۇنىزمنىڭ يۇقىرى باسقۇچى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى تولۇق ۋە مۇپەسسەل چۈشەندۈردى. لېنىن «دۆلەت ۋە ئىنقىلاب» دېگەن ئەسىرىدە سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ئىشچىلار سىنىپى ھاكىمىيىتىنىڭ دۆلەت شەكلى، يەنى پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى شەكىللىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بەردى.

لېنىن بۇ ئەسىرىدە ماركسىزمنىڭ دۆلەت تەلىماتىنى بۇرمىلىغان ھۆكۈمەتسىزلىك ۋە ئاغمىچىلىقنى ئەيەبلىك يېرىگە تەككۈزۈپ تەنقىت قىلدى. لېنىن **پلېخانوۋ***نىڭ ھۆكۈمەتسىزلىك تەرەپدارلىرى بىلەن قىلغان بەس-مۇنازىرىسىنى تەھلىل قىلغاندا: پلېخانوۋ ھۆكۈمەتسىزلىككە قارشى كۆرەشتە ئەڭ رەزىل بولغان، سىياسى جەھەتتە ھەممىدىن مۇھىم بولغان بىر ئىشتىن، يەنى ھۆكۈمەتسىزلىك تەرەپدارلىرىنىڭ دۆلەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسى مەسىلىسىدىن پۈتۈنلەي ئۆزىنى قاچۇردى، دەپ ئالاھىدە كۆرسەتتى. لېنىن: كائۇتسكىنىڭ دۆلەت مەسىلىسىدىكى ئاغمىچىلىقىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى ئۇنىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنى پۈتۈنلەي رەت قىلغانلىقىدا، بۇرژۇئازىيە دۆلەت ماشىنىسىنى بۇزۇپ تاشلاش ئىدىيىسىنى رەت قىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

لېنىننىڭ «دۆلەت ۋە ئىنقىلاب» دېگەن ئەسىرى بۈگۈنكى كۈندە يەنىلا زور نەزەرىيىۋى ئەھمىيەتكە ۋە سىياسى ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ ھەرقايسى ئەللەر ئىشچىلار سىنىپى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىلىرىنى كاپىتالىزمغا، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ سىنىپتىن تاشقىرى بۇرژۇئازىيە دۆلىتى ۋە بۇرژۇئازىيە دېموكراتىيىسى نەزەرىيىسىنى تەشۋىق قىلىپ ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنى قەستەن ئالدايدىغان خىلمۇ-خىل يالاقچىلىرىغا قارشى تۇرىدىغان قورال بىلەن تەمىن ئەتتى. لېنىننىڭ

بۇ ئەسىرى ئېخى يېزىلىپ بولمىغان ئىدى. لېنىن بۇ كىتاپنىڭ 2 ـ قىسمىدا 1905 ـ يىلى ۋە 1917 ـ يىلىدىكى روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىمەكچى ھەمدە سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلغان ـ دىن كېيىنكى تەجرىبىلەرگە ئاساسەن، دۆلەت ھەققىدىكى نەزەرىيىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرماقچى بولغان ئىدى. لېكىن، ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، ئەينى ۋاقىتتىكى كونكرېت ۋەزىپىلەر لېنىننىڭ ئۆز ئەسىرىنى يېزىپ پۈتتۈرۈشىگە يار بەرمىدى. (سوتسىيالىستىك دۆلەت*كە قاراڭ.)

# ر

**رادىشېۋ، ئالېكساندىر نىكولايېۋىچ** 拉吉舍夫，亚历山大，尼古 (1802—1749) Радищев·Александр Николаевич 拉也维奇

روسىيە ئىنقىلاۋى ئازاتلىق ئىدىيىسىنىڭ ئىجاتچىسى، روسىيە ئىنقىلاۋى ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسچىسى. روسىيە ئىنقىلاۋى ئازاتلىق ئىدىيىسىنىڭ تەرەققىياتى رادىشېۋنىڭ پائالىيىتىدە باشلانغان باتۇرلۇق ئەنئەنىسى بىلەن زىچ باغلانغان. لېنىن رادىشېۋنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىپ، ئۇنى مۇتەپەككۇر، ئىنقىلاۋى پائالىيەتچى، يانچىلىق تۈزۈمگە ۋە چارپادىشا ئىستىبداتلىقىغا قارشى جەڭچى، دەپ ئاتىغان ئىدى.

رادىشېۋ ياشىغان دەۋردە روسىيەدە يانچىلىق تۈزۈم ئەڭ ۋەھشىيانە ئۇسۇل بىلەن ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى. ئالاقىزادىلىككە چۆمگەن يېكاتېرىنا II ھۆكۈمىتى "پۇگاچېۋ قوزغىلىڭى"نى باستۇرغاندىن كېيىن، تۈرلۈك يېڭى جازالاش ۋاستىلىرى ۋە دەھشەتلىك قانۇن-پەرمانلار ئارقىلىق دېھقانلارغا تاقابىل تۇرۇپ، دېھقانلارنى ئەسلىدىلا چىدىغۇسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان يانچىلىق تۈزۈمنىڭ زۇلمىنى كۈچەيتىۋەتتى. دېھقانلار بۇ تەدبىرلەرگە يېڭى قوزغىلاڭ ئارقىلىق جاۋاپ قايتۇردى. يانچىلىق تۈزۈمگە قارشى كۈرەش قىلىش مەسىلىسى مۇتەۋۋەر ئىلغار زاتلارنىڭ ئالدىغا ئىنتايىن كەسكىن ھالدا قويۇلدى. رادىشېۋ خەلقنىڭ دەھشەتلىك دەپسەندە قىلىنىشىغا تاقەت قىلىپ تۇرالماي، يانچىلىق تۈزۈم ۋە مۇستەبىت ھاكىمىيەت تۈزۈمگە قارشىلىق كۆرسىتىشنى مۇراجەت قىلدى. ئۇنىڭ «پېتېر-



بۇرگىدىن موسكۋاغا سەپەر» (1790)
دېگەن مەشھۇر كىتاۋى بۇنىڭ روشەن
دەلىلى. بۇ كىتاپ ئۇنىڭ خۇسۇسى
باسمىخانىسى تەرىپىدىن بېسىلغان ھەمدە
ئىمزاسىز نەشر قىلىنغان ئىدى. «پېتېر-
بۇرگىدىن موسكۋاغا سەپەر»نىڭ نەشر
قىلىنىشى شۇ چاغدىكى روسىيىنى زىلزىلىگە
كەلتۈردى. بۇ كىتاپنىڭ يېزىلىشى ۋە
ئېلان قىلىنىشى بۇ ئىنقىلاپچىنىڭ باتۇرانە
ئوھىپىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. رادىشېۋ بۇ ئەسىرىدە
يانچىلىق تۈزۈمىدىكى چىدىغۇسىز ئەھۋاللارنى، جەمىيەتنىڭ
يېتىشتۈرگۈچىلىرى ۋە دۆلەتنىڭ بارلىق بايلىقىنىڭ ياراتقۇچى-
لىرى — روسىيە ئەمگەكچى خەلقىنىڭ قاتتىق ئېزىلىش ئەھۋالىنى
قالتىس سۈرەتلەپ بەردى. رادىشېۋ يانچىدارلارنىڭ كىشىنى غەزەپ-
لەندۈرىدىغان زوراۋانلىقلىرىدىن چوڭقۇر سىياسى خاراكتېرلىق
يەكۈن چىقاردى، ئۇ مۇنداق دەپ ھېساپلىدى: جىنايەتنىڭ مەنبەسى
ئايرىم شەخسلەر ئەمەس، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشمۇ ئەمەس، بەلكى
قانۇننىڭ ئۆزى، يانچىلىق تۈزۈم ۋە مۇستەبىت ھاكىمىيەت تۈزۈمى.
يېكاتېرىنا II ئاپتورنى قولغا ئېلىش ھەمدە قاتتىق جازالاش توغرى-
سىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. رادىشېۋغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىندى،
كېيىن ئۇ "10 يىللىق قاماق جازاسى"غا ئۆزگەرتىلىپ، سىبىرىيىدىكى
ئىلىمسكى تۈرمىسىگە سۈرگۈن قىلىندى. لېكىن مەيلى تۈرمە ۋە
ئۆلۈم جازاسى تەھدىتى بولسۇن، ياكى سۈرگۈن بولسۇن، ھېچقاي-
سىسى رادىشېۋنىڭ ئەركىنلىكنى قىزغىن سۆيۈش روھىنى سۇندۇرال-
مىدى. رادىشېۋ سىبىرىيىدە «ئادەم، ئادەمنىڭ ئۆلۈشى ۋە
ئۆلمەسلىكى توغرىسىدا» دېگەن داڭلىق پەلسەپىۋى ماقالىنى يازدى.

ئۇ شۇ چاغدىكى پەلسەپىۋى كۆرەشكە ماتېرىيالىستقا خاس مەۋقەدە قاتنىشىپ، ئىدىيالىزىم ۋە سىرلىقلاشتۇرۇمىچىلىققا قەتئىي قارشى تۇردى. لېكىن رادىشېۋنىڭ بۇ ئەسەردىكى بەزى ھۆكۈملىرىدە (ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى قىسىملىرىدا) تەبىئەت ئىلاھچىلىق ئامىللىرى بار ئىدى.

يېكاتېرىنا II ئۆلگەندىن كېيىن، رادىشېۋنىڭ دوستلىرى ئۇنى سىبىرىيەدىن قايتۇرۇپ كېلىش ئامالىنى قىلدى، ھەتتا ئۇنى قانۇن چىقىرىش كومىتېتىغا قاتناشتۇردى. بىراق بۇ رادىشېۋنىڭ يانچىلىق تۈزۈم ۋە مۇستەبىتلىك ھاكىمىيەت تۈزۈمىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتەلمىدى. ئۇ يەنىلا ئاۋالقىدەكلا، مۇستەبىت زوراۋانلىققا يەككە-يىگانە كەسكىن قارشى تۇرۇپ، دولەت تۈزۈمىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇڭا ئۇ يانچىدارلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى ھەمدە سۈرگۈن قىلىنىش خەۋپىگە يەنە بىر قېتىم دۇچكەلدى. كېيىن رادىشېۋ ئاخىرى چارپادىشا غالچىلىرىنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشى بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا: "كېيىنكى ئەۋلادلار مەن ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىدۇ" دېگەن ئىدى.

تۇنجى ئاقسۆڭەك ئىنقىلابچى ئالېكساندىر نىكولايېۋىچ رادىشېۋ شۇ چاغدىكى ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر، يېزىقچىلىق ماھىرى، پەيلاسوپ ۋە ئىقتىسادشۇناس ئىدى. ئۇ **لومونوسوۋ***غا ئوخشاش رۇس ماتېرىيالىستىك پەلسەپىسىنىڭ ئاساسچىسى بولۇشقا مۇناسىپ. ئۇنىڭ ماتېرىيالىزمىنىڭ ئىسىللىغى ئۇنىڭ ئىنقىلاۋىي مەزمۇنغا شۇنداقلا يانچىلىق تۈزۈم ۋە چارىزىمغا قارشىلىق كۆرسىتىش خاراكتېرىغا ئىگە ئىكەنلىكىدە. رادىشېۋ قۇتۇلغۇزۇش جەمئىيىتى ئەزالىرىنىڭ ئىدىيالىزمى ۋە سىرلىقلاشتۇرۇمىچىلىقىغا، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئەكسىيەتچىل نۇقتىنەزەرلىرىگە قارشى تۇرۇپ، ماددىنىڭ بىرلەمچى ئىكەنلىكىنى دەلىللىدى ھەمدە ئادەم مېڭىسىنىڭ ماددى تەپەككۇر ئەزاسى ئىكەن-

لىگىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇنىڭ ماددا توغرىسىدىكى قارىشى، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، 18-ئەسىردىكى مېتافىزىكىلىق چۈشەنچىدىن ھالقىپ كەتمىدى، شۇنداقلا شۇ چاغلاردا ھالقىپ كېتەلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما تەرەققىيات چۈشەنچىسى ئۇنىڭ چوڭقۇر ھوكۇملىرىدە ناھايىتى روشەن ھالدا ئىپادىلەندى. ئۇ ھەركەتنى ماددىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئالاھىدىلىكى، دەپ قارىدى. ئۇ پۈتۈلمىچىلىك نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت ئىدىيالىستىك تەلىمات (ھاللىبىر ۋە بونىنېتنىڭ تەلىماتى)نى تەنقىت قىلىپ، ئۇنى ساختا ئىلمىي نەزەرىيە، قۇرۇق، خام خىيالنىڭ نەتىجىسى دەپ ھېساپلىدى؛ ئۇ ھايات كۈچ نەزەرىيىسىنىڭ مەنبەسى — "ئېنتېلېخىيا" توغرىسىدىكى تەلىماتنىمۇ تەنقىت قىلدى. رادىشېۋ مۇھىتنىڭ ئورگانىك جىسىملار تەرەققىياتىغا بولغان تەسىرىنى چۈشىنىشكە شۇنداقلا ئېرىشەلىگەن ئىرسىيەت توغرىسىدىكى ئىدىيىگە يېقىنلاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، رادىشېۋ ئىدىيە بىلەن ماددىنى ئوخشاش قىلىپ قارايدىغان چاكىنا ماتېرىيالىستلارنىڭ نەزەرىيىسىنىمۇ تەنقىت قىلدى. رادىشېۋ بىلىش نەزەرىيىسى مەسىلىسىدىمۇ ماتېرىيالىستىك مەيداندا تۇردى، ئۇ ئىدىيىنىڭ مەنبەسى رېئاللىقتا بولغان ھېسسى سەزگۈدىن ئىبارەت، دەپ ھېساپلىدى.

رادىشېۋ بارلىق كىشىلەر تەبىقە ۋە ئىرقىغا قارىماي ئەزەلدىن باراۋەر دېگەن نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە دەلىللىدى. بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنى ئېزىشىنى قاتتىق ئەيىپلىدى ۋە پاش قىلدى. ئۇ جەمئىيەت "تەبىئى ھالدا" قۇللار ۋە قۇلدارلارغا ئايرىلغان دەيدىغان ئىرقچىلىق نەزەرىيىسىنى تەنقىت قىلدى، مۇستەبىت ھاكىمىيەت تۈزۈمىنىڭ ۋەھشىيانە زوراۋانلىقىنى ئەيىپلىدى، ئېزىلگۈچى خەلقنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ۋە ئىستىبدات ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنـ

لىگىنى دەلىللىدى. ئۇ شۇ چاغلاردا ئامېرىكىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان قۇللۇق تۈزۈمنى قاتتىق ئەيىبلىدى. ئۇنىڭ ئامېرىكىنىڭ ئېكىنزار ئىگىلىرى ۋە قۇل سودىگەرلىرىنىڭ سوزلىرىنى ئەيىبلىگەنلىكى ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە. رادىشېۋ يېزا ئىگىلىكى، سانائەت ۋە تېخنىكا كەشپىياتىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات ۋە ئىنسانلار ئەقىل-پاراستىنىڭ تەرەققىياتىدىكى رولى توغرىسىدىكى ئىدىيىنى شەرھىلىدى. بۇ خىل ئىدىيىنى 18-ئەسىردىكى ئالانتلىق ئىدىيە دېيىشكە بولىدۇ.

رادىشېۋ جەمئىيەت تەربىيىسىنىڭ ۋەزىپىسى بىلەن يانچىلىق تۈزۈم ۋە مۇستەبىت ھاكىمىيەت تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇشتىكى باش ۋەزىپىسىنى بىرلەشتۈردى. شۇڭا ئۇ روسسىيە ۋە دۇنيانىڭ ئىلغار مائارىپ ئىلمىنىڭ تەرەققىياتىغا غايەت زور تۆھپە قوشتى. كالىنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: رادىشېۋنىڭ مائارىپ ئىدىيىسىنى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئىلغار ئىدىيە دېيىشكە بولىدۇ. رادىشېۋنىڭ ئۇلۇغ-ئەسەرلىرى شۇ چاغدىكى ئىجتىمائىي سىياسىي ئىدىيىلەرنىڭ غايەت زور مۇۋەپپەقىيىتى بولدى. ئۇنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىدىيىسىنىڭ ئەھمىيىتى ھەم تەسىرى روسسىيە دائىرىسىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتتى. لېكىن ئالدى بىلەن ئۇ روسسىيەدىكى ئىنقىلاۋىي ئىدىيىنىڭ داۋاملىق راۋاجلىنىشىغا ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسەتتى. **دېكابىر-چىلار*** ۋە 40—60-يىللاردىكى ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزىمچىلار رادىشېۋنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭ كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، مۇستەبىت ھاكىمىيەت تۈزۈمىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشىدىن ئىلھام ئالدى. رادىشېۋ ئۆز خەلقى ۋە ۋەتىنىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە بەخت-سائادىتىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا پۈتۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. ئۇ روسسىيە خەلقىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىگە، ۋەتىنىنىڭ ئۇلۇغ ئىستىقبالغا ئىگە ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنەتتى. رادىشېۋنىڭ ئاساسىي ئەسەرلىرى مۇنۇلار: «پېتېربۇرگدىن موسكۋاغا سەپەر»،

«توبولسكتىكى دوستلارغا خەت»، «خىدور ۋاسىلېۋىچ ئۇشاكوۋنىڭ هاياتى»، «ئادەم، ئادەمنىڭ ئۆلۈشى ۋە ئۆلمەسلىكى توغرىسىدا»، «ئەركىنلىككە مەدھىيە» قاتارلىقلار. رادىشېۋنىڭ پەلسەپە ۋە ئىجتىمائى، سىياسى ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار 1952 ـ يىلى نەشر قىلىندى.

**رادىيوئاكتىپلىق** Радиоактивность 放射性 ئاتوم **يادروسى***غا قاراڭ.

**راسېل**، بېرتران Рассел, Бертран 罗素,柏特兰 (1872 ـ يىلى تۇغۇلغان) مەشھۇر ئىنگلىز لوگىكىشۇناسى ۋە پەيلاسوپى، هازىرقى زامان ئىدىيالىزمىنىڭ باشلىقلىرىدىن بىرى. راسېل ئىدىيالىستىك پەلسەپىنى توسۇپ بولمايدىغان هالدا ئۆسۈپ بېرىۋاتقان ۋە مۇستەھكەملىنىۋاتقان ئىنقىلاۋىي پرولېتارىيات ئىدېئولوگىيىسىگە قارشى، سىنىپىي كۈرەش ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ توغرىسىدىكى تەلىماتقا قارشى يېڭىۋاشتىن يېڭى قورال بىلەن قوراللاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشتى. ئۇ ـ **لوگىست***نىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، **يېڭى چىنلىق نەزەرىيىسى***نىڭ باشلىقلىرىدىن بىرى، كېيىن يەنە **لوگىكىلىق دەللىچىلىك***نىڭ باشلىقلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. راسېلنىڭ پەلسەپىسى ماھىيىتىگە تولىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل سۇبيېكتىپ ئىدىيالىزم. گەرچە ئۇ ھەمىشە ئۆزىنىڭ پەلسەپىسىنى "قاتتىق ئىلمىي" خاراكتېرغا ئىگە، ماتېماتىكا ۋە فىزىكىنىڭ ئەڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن مەھكەم باغلانغان، دەپ يۈرسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ پۈتۈن پەلسەپىسى باشتىن ـ ئاياغقىچە هازىرقى زامان ئىلىم ـ پەننىڭ يەكۈنلىرى ئۈستىدىن قىلىنغان ئىدىيالىستىك ئويدۇرمىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ پەلسەپىنى ئىلىم ـ پەن بىلەن ئىلاھىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ۋاستە، دەپ قارىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇ ئىدىيالىستىك "لوگىكىلىق ئاتوم" نەزەرىيىسىنى

ماتېرىيالىستىك ئاتوم نەزەرىيىسىگە قارشى قويىدۇ، بۇنداق ئىدىيالىستىك "لوگىكىلىق ئاتوم" نەزەرىيىسى نۇقتىسىنەزەرى بويىچە بولغاندا، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ تەركىب ئامىلى ماددى نەرسە بولماستىن، بەلكى لوگىكىلىق بىرلىك يەنى ھوكۇم بولىدۇ، ھوكۇمنىڭ ئاساسى بولسا تۇيغۇ ("ۋەقە") بولىدۇ. راسېل گويا "بىتەرەپ بىر مەنبەچىلىك" ئىدىيالىزىم بىلەن ماتېرىيالىزىم ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇقارشىلىقنى كېلىشتۈرمەيدىغاندەك، بىھۇدە ھالدا ئۆزىنىڭ ئىدىيالىزىمىنى "بىتەرەپ بىر مەنبەچىلىك"تىن ئىبارەت قورۇمۇلا بىلەن يوشۇرماقچى بولىدۇ. ئۇنىڭ يەنە قارشى نۇقتىسىنەزەرىدىن قارىغاندا، روھ بىلەن ماددا تەجرىبىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل شەكلى، بىرى بىۋاستە شەكلى (سۇبيېكتىپ ماتېرىيال)، يەنە بىرى ۋاستىلىك شەكلى (ئوبيېكتىپ ماتېرىيال)دىن ئىبارەت ئىكەن. لېنىن مۇنداق بىمەنە ئۆرۈنۈشنى تولۇق پاش قىلىپ، مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىدىيالىستلار ھەرقانچە ئاتالغۇ ئويۇننى ئىشقا سالسىمۇ، مۇنداق بىر پاكىتنى، يەنى ئۇلارنىڭ ماددىنى تەجرىبە ۋە سەزگۈگە باغلىق بولمىغان رىياللىق دەپ چۈشەنمەستىن، "تەجرىبە"، ئاڭ، تۇيغۇنىڭ بىر خىل شەكلى دەپ چۈشەنگەنلىكىنى يوشۇرالمايدۇ.

ئىجتىمائىيەت جەھەتتە، راسېل ئېنگېلس ئاللىقاچان **دېيۇرىڭغا قارشى**"دا رەت قىلىۋەتكەن چاكىنا "زورلۇق كۈچ نەزەرىيىسى"نى قوغدايدۇ. ئۇ سىنىپىي كۈرەشنىڭ تارىختا ئوينىغان ھەل قىلغۇچ رولىغا نەزەر سالماي، "ئومۇمى ئادەم" (مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان تەبىي ئىقتىدار ۋە ئارزۇغا ئىگە) ۋە "ئومۇمى جەمئىيەت (ياكى دۆلەت)" قاتارلىق مېتافىزىكىلىق ئابستراكىت ئۇقۇمنىلا ئىشلەتتى. ئۇ، تارىخ تەرەققىياتىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل خەلق ئەمەس، بەلكى ئايرىم "ئۇلۇغ شەخسلەر" دەپ ھىسابلىدى ھەمدە شۇ ئارقىلىق، چىرىكلىشىپ كەتكەن، ماركسىزم ئاللىقاچان رەت قىلىۋەتكەن سۇ-

بېكىتىپ ئىجتىمائىيەتنى ئىسلىگە كەلتۈرمەكچى بولدى.

يېقىندا راسېل ئاتوم قورالىنى ئىشلىتىشنى مەنئى قىلىشنى، خەلقارا جىددى ۋەزىيەتنى پەسەيتىشنى تەشەببۇس قىلدى.

**رېفلېكسىيە** **反思** **Рефлексия** (لاتىنچىسى — reflexio — ئىچكى قىسمىدىكى ئىنكاس) بۇرژۇئا پەلسەپىسىنىڭ بىلىش نەزەرىيىسىدىكى ئاتالغۇسى. **لوك***: بىلىش بىر تەرەپتىن تاشقى دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىمىزغا تەسىر كۆرسىتىشىدىن كېلىپ چىققان تۇيغۇدىن شەكىللىنىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن روھىي پائالىيىتىمىز ئۈستىدىن قىلىنغان كۆزىتىشتىن شەكىللىنىدۇ، دەپ ھېساپلايدۇ. لوك "كۆڭلىمىزنىڭ ئىچكى پائالىيىتى" ئۈستىدىكى بۇنداق سەزگۈنى رېفلېكسىيە دەپ ئاتايدۇ. لوك رېفلېكسىيىنى ماددى تەجرىبە بىلەن تەڭ تۇرىدىغان، بەلكى ماددى تەجرىبىگە يېقىنمايدىغان بىر خىل مۇستەقىل بىلىش دەپ قارايدۇ، بۇ ئۇنىڭ ئىدېئالىزمغا يول قويغانلىقى. **گېگېل*** رېفلېكسىيىنى ۋاستىلىك بىلىش يەنى ھادىسىلەر ماھىيىتىنىڭ ئىنكاسى دەپ چۈشىنىدۇ. شەيئىلەر ئۈستىدە رېفلېكسىيە قىلىش دېگەنلىك شەيئىلەر ئۈستىدە ئويلىنىش دېگەنلىكتۇر.

**روبىنې**، جان باتىست رېنې **罗比耐，让巴蒂斯特·勒奈** **Робинэ, Жан Батист Рене** (1935—1820) فرانسىيە بۇرژۇئا پەيلاسوپى. 18 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىنىڭ بېشىدا گوللاندىيىدە مۇھاجىر بولۇپ تۇرغان ئىدى، ئۇ يەردە ئۆزىنىڭ «تەبىئەت توغرىسىدا» (1761—1768) دېگەن ئاساسلىق ئەسىرىنى نەشر قىلدى. پەلسەپە جەھەتتە، روبىنې، تەل-توكۈس بولمىسىمۇ، ھەرھالدا ماتېرىيالىست ئىدى. **دېكارت*** ۋە **نيۇتون***نىڭ فىزىكىسى، **لوك***نىڭ ماتېرىيالىستىك تۇيغۇ نەزەرىيىسى، **لامېتترى*** ۋە **دىدېرو*** قاتارلىق كىشىلەرنىڭ پەلسەپىلىرى روبىنېغا تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. روبىنې مۇشۇ ماتې-

ۋىيالارغا ئاساسەن، تەبىئەت دۇنياسى توغرىسىدىكى تەلىماتنى بەرپا
قىلدى، ئۇ تەبىئەت دۇنياسى خالىغىنىچە ھەرىكەت قىلالايدىغان،
ھاياتقا ۋە سېزىمچانلىققا ئىگە ماددى "نورەلىيە"دىن ياكى ئامىللارنىڭ
ئۆزۈلمەيدىغان شوئىسىدىن ئىبارەت، دەپ ھېساپلىدى. روبىنې
تەبىئەت ئىلاھچىلىقى تەرەپدارلىرىنىڭ ئىلاھ دۇنيانى ياراتقۇچى ئىگە
ۋە مەنبە دېگەن تەلىماتىغا ئېتىقات قىلىدۇ. ئۇ ئىلاھنىڭ چەكسىز-
لىكىنى ۋە ئەبەدىيلىكىنى دۇنيانىڭ ماكان ۋە زامان جەھەتتىكى چەك-
لىكلىكى بىلەن قارىمۇ-قارشى قىلىپ قويىدى. بىراق، 17-ئەسىر-
دىكى مېتافىزىكىچىلارغا ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، ئۇ ئىلاھنىڭ
ماھىيىتىنى بىلگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپلا قالماستىن، بەلكى
رەسمىي دىنىي تەلىماتنى قاتتىق تەنقىت قىلدى، ئۇ بۇ دىنىي تەلى-
ماتلارنىڭ ئىنسانلاشتۇرۇش قارىشى خاراكتېرىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى
يەنى ئادەمنىڭ خۇسۇسىيىتى، پەزىلىتى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئىلاھقا
تېڭىپ قويغانلىقىنى دەلىللىدى. روبىنې زامان، سوزۇلۇشچانلىق ۋە
ئۆتكۈزمەسلىكنى ماددىنىڭ ئۈچ ئوبيېكتىپ خۇسۇسىيىتى دەپ قارىدى
ھەمدە ماددىنى ئۆزى خالىغىنىچە ھەرىكەت قىلىدىغان قابىلىيەتكە
ئىگە دەپ ھېساپلىدى. روبىنېنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، بۇنداق
ھەرىكەتنى ماددى ۋە ئۇنىڭ ھەممە ئامىللىرىنىڭ ھايۋانغا خاس
تەبىئىتى بەلگىلەيدۇ، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ماددىغا خاس بولغان
ھاياتلىق خۇسۇسىيىتى بەلگىلەيدۇ. روبىنې — ماددا ھايات نەزىرى-
يىسى تەرەپدارى. ئۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھاياتلىقنى "ئەڭ
مۇكەممەل، ئەڭ مۇرەككەپ خىلمۇ-خىللىققا ئىگە بىر پۈتۈنلۈك" دەپ
ھېساپلىدى. روبىنې بۇنداق پۈتۈنلۈكنىڭ ئاساسىنى ئۆزى لېيبنىز"
دىن قوبۇل قىلغان ئۈزلۈكسىزلىك قانۇنىيىتى دەپ قارىدى؛ بۇ
قانۇنىيەت بويىچە بولغاندا، تەبىئەت دۇنياسىدا سەكرەش بولمايدۇ،
پۈتۈن تەبىئەت دۇنياسى، مىنېرال ۋە كىرىستالدىن ئادەمگىچە، ئۇر-

كانىك جىسمىنىڭ "تورەلىه"سىدە مەۋجۇت بولغان سۈيىتى سان جەھەتتە ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ تۇرىدىغان بىر تۈز سىزىقتىن ئىبارەت بولىدۇ. روبىنې روھ بىلەن تەننىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە كونا ئىككى مەنبەچىلىككە يول قويغان بولسىمۇ، ئەمما روھ بىلەن تەننىڭ باغلىنىشى تەلىماتىدا، ئۇ، تەپەككۇر بىلەن ئىرادىنىڭ بارلىق ئىقتىدارى تەن تۈزۈلۈشىدىن، بولۇپمۇ چوڭ مېڭىدىن كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ، لېكىن روھ بىلەن تەننىڭ باغلىنىشىنىڭ ئۆزىنى تەن تۈزۈلۈشكە باغلىق دەپ ھېسابلايدۇ. بىلىش نەزەرىيىسى جەھەتتە، روبىنې لوكتىن كېيىن ماتېرىيالىستىك **تۇيغۇ نەزەرىيىسى**" تەلىماتىنى راۋاجلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە نۇرغۇن نۇقتىنەزەرلەردە روبىنې ئىلاھنى بىلگىلى بولمايلا قالماستىن، بەلكى شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ دەپ قارايدىغان تەشەببۇسقا مايىل ئىدى. بىراق روبىنې بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى تەرەپدارى ئەمەس ئىدى، چۈنكى بۇ قاراشلار ئۇنىڭ نۇقتىنەزىرىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى ئەمەس ئىدى. روبىنې ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي كۆزقارىشى جەھەتتە بۇرژۇئا ئاقارتىش ھەركىتى تەرەپدارلىرىنىڭ ئەركىنلىك ھەققىدىكى كۆزقارىشىدا چىڭ تۇرىدۇ. ئۇ ئەركىنلىكنى خۇسۇسىي مۈلۈكدارلارنىڭ مەنپەئەتى بىلەن جامائەت پاراۋانلىقىنىڭ "ماسلاشتۇرغۇچىسى" دەپ قارايدۇ.

**روھچىلىق 唯灵论 Спиритуализм** (لاتىنچىسى spiritualis —روھىي) روھ تەبىئەت دۇنياسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ دەپ قارايدىغان ئىدىيالىستىك تەلىمات. روھچىلىق تەرەپدارلىرى روھنى بىردىن-بىر ئەسلى زات دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ، تەننى بولسا روھنىڭ مەھسۇلى دەپ ھېسابلايدۇ. روھچىلىقنىڭ ئەيمەنمەس مۇرىتلىرى ئاشكارا ھالدا، ئۆزلىرىنىڭ تەن بىلەن ھېچقانداق ئورتاقلىقى يوقلۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ھەرقانداق ئىدىيالىزم

ماددىنىڭ ئاڭغا باغلىق بولمىغان ھالدا ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىپ، ماددا توغرىسىدىكى بىلىملەرنىڭ ئورنىغا روھقا بولغان ئېتىقادىنى دەسسىتىدۇ. روھچىلىقنىڭ دىن، سىرلىقلاشتۇرمىچىلىق شۇنىڭدەك ئىلاھ چۈشۈرۈش ھىكمىتى (ئالدامچىلىق ئۇسۇلى بىلەن "كارامەت" كۆرسىتىش، "دۇئا ئوقۇتۇش"، "ئەرۋاھ چاقىرىش") بىلەن ئەڭ بىۋاسىتە مۇناسىۋىتى بار. لېكىن ھازىرقى زامان روھچىلىق تەرەپدارلىرى بولسا ئۆزىنىڭ دىنىي ئىدىيالىستىك ساختىلىقىنى ئىلمىي شەكىل بىلەن نىقابلاشقا ئۇرۇنىدۇ.

**Руставели, Шота 卢斯达维里，肖泰 رۇستاۋېلى**، شوتا (12-ئەسىر) تالانتلىق گرۇزىيە شائىرى، ئۇلۇغ دۇنيا مەدەنىيىتىدىكى ئىسىل مىراسلارنىڭ بىرى بولغان «يولۋاس تېرىلىك پالۋان» دېگەن داستاننىڭ ئاپتورى. رۇستاۋېلى شېئىرنى "ئەقىلنىڭ بىر تارمىقى" دەپ قارايدۇ. ئۇ گرۇزىيىنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيىسى ۋە پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنىڭ بۇرۇنقى بارلىق تەرەققىياتىنى بەدىئىي شەكىل بىلەن يىغىنچاقلىدى. بۇ داستاندىكى شېئىرىي مەزمۇنغا باي ئوبرازلاردا ئوتتۇرا ئەسىردە ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىگەن پەلسەپىۋى ئېقىمغا قارشى چوڭقۇر پەلسەپىۋى ئىدىيە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. رۇستاۋېلىنىڭ داستانى چوڭقۇر خەلقچىللىق بىلەن تولغان، ئۇنىڭغا ئىنسانپەرۋەرلىك سىڭدۈرۈلگەن ھەمدە ئۇنىڭدا مۇھەببەت، دوستلۇق ۋە قەھرىمانلىقتىن ئىبارەت يۈكسەك ئىدىيەلەر غايەت زور بەدىئىي كۈچ بىلەن مەدھىيىلەنگەن. ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەدرىس پەلسەپەسىنىڭ ئاساسى بىتچىت قىلىنغان، دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئۆلۈك تەركىي دۇنياچىلىقىغا قارشى تۇرۇلغان. رۇستاۋېلىنىڭ ئىجادىيەتلىرى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەدەبىياتنىڭ ئەنئەنىسىنى باتۇرلۇق بىلەن بۇزۇپ تاشلىغان. ئۇنىڭ بۇ داستانىدا خىرىستىيان دىنىنىڭ "ئۈچىنىڭ بىر گەۋدە بولۇشى" دېيىدىغان قائىدىلىرى تىلغا ئېلىنمىغان، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئەسىر



ئەدىبىياتىدا بولۇشقا تېگىشلىك دەپ قارىلىدىغان باشقا دىنىي خۇسۇسىيەتلەرمۇ يوق. داستاندىكى باش قەھرىمانلار ياشىغان ۋە كۈرەش قىلغان دۇنيا رېئال، ماددى دۇنيا بولۇپ، بۇ دۇنيادا ئۇ دۇنيانىڭ ھېچقانداق مەنبەسى يوق. داستاندىكى باش قەھرىمانلار ھەققى ئىنسانلارنىڭ قىزغىنلىقى ۋە ئارزۇسى بىلەن تولغان. ئۇلار "بۇ دۇنيا"نىڭ يۈكسەك غايىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ، "ئۇ دۇنيا" نىڭ تۇرمۇشى بىلەن قىلچە كارى بولمايدۇ. داستاندا ئېيتىلغان ئىلاھ ئەنئەنىۋى دىندىكى ئىلاھ ئەمەس، بەلكى "پۈتۈن كائىناتنىڭ يىغىندىسى"، يەنى دۇنيانىڭ بىرلىكىنىڭ ئوبرازى. رۇستاۋېلىنىڭ قارىشىچە، شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە يوقىلىشى "ئوت، سۇ، تۇپراق ۋە ھاۋا"دىن ئىبارەت مۇشۇ 4 خىل ئېلېمېنتنىڭ بىرىكىشى ۋە ئايرىلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئالەم مەڭگۈ مەۋجۇت، چەكسىز بولىدۇ، ئۇ بۇزۇلماس ئىچكى قانۇنىيەتكە ئىگە. ئادەمنىڭ پائالىيىتى، دۇنيادىكى بارلىق ھادىسىلەرگە ئوخشاش، سەۋەپ ۋە نەتىجە باغلىنىشىنىڭ چەكلىمىسىگە قاتتىق ئۇچراپ تۇرىدۇ. لېكىن رۇستاۋېلى قانۇنىيەت (تەقدىر)نى ئادەمنىڭ پائالىيەتچانلىقىغا ۋە ئادەم ئېلىپ بارىدىغان ياخشىلىقنى يامانلىق ئۈستىدىن غەلىبىگە ئېرىشتۈرۈش كۈرىشىگە ياقلايدۇ. رۇستاۋېلى مۇنداق دەپ ھېسابلايدۇ: يامانلىق تۇغما نەرسە ئەمەس، ئۇنىڭ مەنبەسى پەقەت كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىدە، شۇڭا، ئادەم ئۇنى كۈرەش ئارقىلىق يېڭىش كېرەك، بەلكى يېڭەلەيدۇ. ئادەمنىڭ ئالى ۋەزىپىسى ئىپادىسى ئوخشاش بولمىغان تۈرلۈك يامانلىقلارغا قارشى كۈرەش قىلىپ،

ياخشىلىقنىڭ پرىنسىپلىرىنى ئورنىتىشتىن ئىبارەت. بۇنداق كۆرەشكە بىۋاستە باغلىنىشلىق بولغىنى ھەقىقىي قەھرىمانلىق بولۇپ، ئۇ يۈكسەك نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەش يولىدىكى ھەرقانداق توسالغۇنى سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ. بىلىم پەقەت ئەمەلىيەت پائالىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەندىلا ئاندىن ئەقىل-پاراسەت بولالايدۇ. ئەقىل-پاراسەت بولمىسا، ھەقىقىي قەھرىمانلىق بولمايدۇ. قەھرىمانلارنىڭ پائالىيىتىدىكى ئاساسىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ يۈكسەك ئەخلاقىي پرىنسىپ سىڭدۈرۈلگەن مۇھەببەت ۋە دوستلۇق. رۇستاۋېلىنىڭ ئەسەرلىرىدىكى باش قەھرىمانلار مۇھەببەت ۋە دوستلۇق ئۈچۈن باتۇرلۇق-جەسۇرلۇق مۆجىزىلىرىنى يارىتىدۇ. رۇستاۋېلىنىڭ چۈشەنچىسىدىكى مۇھەببەت ۋە دوستلۇق شەخسنىڭ ھېسسىياتى دائىرىسىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ؛ ئۇلار ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ تۇرىدۇ. دۇنيا ئەدەبىياتىدا، رۇستاۋېلى ھەممىدىن ئاۋۋال ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى مەدھىيىلەيدۇ، بۇنداق دوستلۇقنىڭ ئاساسى چوڭقۇر ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئۆز خەلقى ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن خىزمەت قىلىدىغان روھتىن ئىبارەت.

رۇستاۋېلىنىڭ ئېستېتىكا نۇقتىسىنەزىرى ئۇنىڭ ئومۇمىي پەلسەپىۋى نۇقتىسىنەزىرى ۋە ئېتىكىسى بىلەن زىچ باغلانغان. گۈزەللىك بىلەن ئالىجانابلىق بىزنىڭ سۇبيېكتىپ تۇيغۇمىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئوبيېكتىپ كاتېگورىيە. ئادەمنىڭ ھەقىقىي گۈزەللىكى ئۇنىڭ كىشىنى ئەسىرلەندۈرەلەيدىغان ھۆسنىدىن كۆرە، ئۇنىڭ يۈكسەك ئەخلاقىي پرىنسىپقا ئىگە ئىكەنلىكىدە. شېئىرنىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، كىشىلەرنىڭ يۈكسەك مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، بۇ دۇنيادا ئىنسانلارغا بەخت يارىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت.

رۇستاۋېلىنىڭ پەلسەپە قارىشى ئوتتۇرا ئەسىردىكى دائىرىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئەخلاق نۇقتىسىنەزىرى بىلەن ئېستېتىكا نۇقتىسىنەزىرى ھازىرقى زامان تەرەققىپەرۋەرلىك ئىدىيىسىگە ناھايىتى زور دەرىجىدە يېقىنلاشتى، لېكىن ئۇنىڭ ئىجتىمائى سىياسى قارىشى بولسا فېوداللىق تۈزۈم شارائىتىنىڭ ئىنتايىن زور چەكلىمىسىگە ئۇچرىدى. رۇستاۋېلى تەرەققىپەرۋەر مۇستەبىتلىك تۈزۈم ئىدىيىسىنى تەكىتلەيدۇ، بىرلىككە كەلگەن، كۈچلۈك ۋە مۇستەقىل دولەت قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، لېكىن ئۇ يەنە پادىشانىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى دولەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى دانا ئەرباپلارنىڭ كېڭەشمىسى ئارقىلىق چەكلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. رۇستاۋېلى فېوداللىق تەبىقە تۈزۈمى ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىجتىمائى مۇناسىۋەتنى تەۋرەنمەس مۇناسىۋەت دەپ قارايدۇ، لېكىن ئۇ يەنە كىشىلەرگە ئىنسانپەرۋەرلىك ۋە ئادىل پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى، نامراتلىقنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە ئىنسانىيلىقنى ھاقارەتلەشكە قارشىلىق كۆرسىتىدۇ.

رۇستاۋېلىنىڭ داستانىدا ئوتتۇرا ئەسىردىكى خىرىستىيان دىنى ئىدىيىسىگە كۈچلۈك زەربە بېرىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، گرۇزىيە ئەكسىيەتچى كۈچلىرى، ئاساسەن، دىنىي ھاكىمىيەتچىلەر، نەچچە ئەسىر داۋامىدا رۇستاۋېلىنىڭ ئۇلۇغ داستانىنى يوقىتىۋېتىشكە، ھەتتا ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ ئىزىنىمۇ قالدۇرماسلىققا ئۇرۇندى. لېكىن گرۇزىيە خەلقى رۇستاۋېلىنىڭ ئەسىرىنى ئۆز مىللىتىنىڭ ئاڭلىقلىقىنىڭ ئىپادىسى، ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئارزۇسىنىڭ سىمۋولى دەپ قاراپ، بۇ تالانت ئەسەرنى قوغداپ قالدى ھەمدە ئۇنى تا ھازىرغىچە ساقلاپ كەلدى. بۈگۈنكى كۈندە، بۇ ئەسەر ئۇلۇغ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللەتلەرنىڭ بايلىقى بولۇپ قالدى ھەمدە دۇنيا مەدەنىيەتىنىڭ غەزىنىسىگە كىرگۈزۈلدى.

**رۇسسو، جان جاك Руссо, Жан Жак 卢梭，让·雅克** (1712—1778) مەشھۇر فرانسىيە مەرىپەتچىسى، دېموكراتىزمچىسى، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە مۇتەپەككۇرى، ياكوبىنچىلارنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى يېتەكچىلىرىدىن بىرى. پەلسەپىۋى نۇقتىنەزەر جەھەتتە رۇسسو تەبىئەت ئىلاھچىلىقى تەرەپدارى. ئۇ، ئىلاھتىن باشقا، ئۆلمەس روھمۇ مەۋجۇت، دەپ قارايدۇ. رۇسسو ئىككى مەنبەچىلىك روھ بىلەن كىشىلەرگە: ماددا بىلەن روھ ئەزەلدىن مەۋجۇت بولغان ئىككى مەنبە، دەپ ئۆگەتتىدۇ. ئۇ ماددىنى پاسسىپ ۋە ئۆلۈك نەرسە دەپ قارايدۇ. بىلىش نەزەرىيىسى جەھەتتە، رۇسسو **تۇيغۇ نەزەرىيىسى*** مەيدانىدا تۇرۇپ، ھەممە بىلىم تۇيغۇدىن ھاسىل بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە ئەخلاقنى ئىدىيە تۇغما بولىدۇ دېگەننى ئېتىراپ قىلىدۇ. رۇسسونىڭ ئىجتىمائىيەت نۇقتىنەزىرى رادىكاللىق خاراكتېر ئالغان. «ئادەملەر ئارىسىدىكى باراۋەرسىزلىكنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئاساسى توغرىسىدا» (1754) دېگەن ئەسەردە، ئۇ فېئوداللىق تەبىقە مۇناسىۋىتىنى كەسكىن تەنقىت قىلىدۇ، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئەۋج ئېلىشى باراۋەرسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەب، دەيدۇ. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا رۇسسو خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئۆزىنى يوقىتىشنى تەشەببۇس قىلماستىن، ئۇششاق خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى چوڭ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئورنىغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. رۇسسو ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمىنى غايىۋىلەشتۈرىدۇ، **ھوببىس***نىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ھەممە ئادەمنىڭ ھەممە ئادەمگە قارشى ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىلغان دېيىلگەن تەلىماتىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇ: "تەبىئىي ئەھۋال ئاستىدا"، ھەممە ئادەم باراۋەر ئىدى، ئىجتىمائىي زۇلۇم، نامراتلىق ۋە ئادالەتسىزلىك يوق ئىدى، دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. رۇسسو ئۆزىنىڭ «خەلق كېلىشىمى ھەققىدە» (1762) دېگەن



ئاساسلىق ئەسىرىدە دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىشنىڭ نەتىجىسى دېگەن ئىدىيىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق دۆلەت ھاكىمىيىتىنى قولدا تۇتۇشقا ھەقلىق، دەپ ھېساپلايدۇ. ھوببىس ئۆزىنىڭ خەلق كېلىشىمى نەزەرىيىسىدە مۇستەبىت پادىشالىق دۆلەت ئۈچۈن ھامىيلىق قىلىدۇ، رۇسسو بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئۇ بۇرژۇئا دېموكراتىك ھوقۇقىغا كاپالەت قىلىدىغان دۆلەتنى ھىمايە قىلىدۇ. مانا بۇ رۇسسونىڭ ھازىرقى زامان بۇرژۇئا مۇتەپەككۇرلىرىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن يېرى، كېيىنكى بۇرژۇئا دېموكراتىيىسى ۋە ئەركىنلىكىدىن ئىبارەت بۇ بايراقنى ئاللىقاچان بىر ياققا چۆرۈپ تاشلىدى. لېكىن رۇسسونىڭ غايىۋى دۆلىتى غايىۋىلەشكەن بۇرژۇئا دۇنياسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

رۇسسو «ئېمىل» (ياكى «مائارىپ توغرىسىدا») (1762) دېگەن كىتاۋىدا كونا فېودال تەبىقىچىلىك مائارىپ تۈزۈمىنى كەسكىن تەنقىت قىلىدۇ، ئەمگەككە ھۆرمەت قىلىدىغان ئاكتىپ پۇقرالارنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ئىشنى مائارىپنىڭ مەقسىدى قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. رۇسسونىڭ مائارىپ ئىدىيىسى ئۇششاق بۇرژۇئازىيە خاراكتېرىنى ئالغان. ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى شەخسلەر سەمىمى قول ساناەتچىلەر ئىدى. گەرچە رۇسسونىڭ ئىجتىمائىيەت نۇقتىنەزىرىدە نىسبىي ئىلغارلىق بولسىمۇ، لېكىن بۇ نۇقتىنەزەرلەر 18-ئەسىردىكى باشقا بۇرژۇئا مەرىپەتچىلىرىنىڭ نۇقتىنەزىرىگە ئوخشاشلا ئىدىيالىستىك نۇقتىنەزەر. رۇسسو دۆلەت* كىشىلەرنىڭ ئاڭلىق نىيىتىدىن

كېلىپ چىققان دەپ ھېسابلايدۇ، ئۇ دۆلەتنىڭ سىنىپىي ماھىيىتىنى چۈشەنمەستىن، قانۇن نۆقتىسەزىرى ۋە ئەخلاق نۆقتىسەزىرى جەمـ يەتتە ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە، دەپ قارايدۇ.

## ز

**Время и пространство 时间和空间 زامان ۋە ماكان** ماددى مەۋجۇدىيەتنىڭ تۈپ شەكلى. ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: "...... بارلىق مەۋجۇدىيەتنىڭ تۈپ شەكلى ماكان بىلەن زامان؛ زاماندىن تاشقىرى مەۋجۇدىيەتمۇ، ماكاندىن تاشقىرى مەۋجۇدىيەتمۇ، ئوخشاشلا، ئىنتايىن بىمەنە ئىش." («ديۇرىڭغا قارشى»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 91-بەت) ماكان بىلەن زامان ماددىدىن ۋە ماددى جەرياندىن ئايرىلغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. ماددىدىن تاشقىرى ماكانمۇ، زامانمۇ قۇرۇق ئابستراكسىيىدىنلا ئىبارەت، خالاس.

پەلسەپە تارىخىدا ۋە تەبىي پەن تارىخىدا دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ماكان بىلەن زامان مەسىلىسىنى تۇنجى قېتىم، بىردىن-بىر ئىلمىي ھالدا ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ھەل قىلدى. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ماكان بىلەن زاماننىڭ ئوبيېكتىپ چىنلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان، ماكان بىلەن زاماننى ئاڭنىڭ مەھسۇلى دەپ قارايدىغان ئىدىيالىزمغىمۇ قارشى تۇرىدۇ، ماددىنى ئۇنىڭ مەۋجۇدىيەت شەكلىدىن ئايرىپ تاشلايدىغان مېتافىزىكىغىمۇ قارشى تۇرىدۇ. ئېنگېلس ديۇرىڭ*نىڭ دۇنيا دەسلەپتە گويا زاماندىن سىرت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، مۇتلەق تۇرغۇن ھالەتتە تۇرىدۇ دېيىدىغان مېتافىزىكىلىق ئويدۇرمىسىنى ئومۇمى يۈزلۈك تەنقىت قىلغان ئىدى. لېنىن ئېنگېلسنىڭ ماكان بىلەن زامان توغرىسىدىكى تۈپ پرىنسىپىنى ئاساس قىلىپ، تەبىي پەندىكى يېڭى ماتېرىياللارنى يىغىنچاقلاپ،

ماكان بىلەن زامان مەسىلىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىپ، دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمنى بېيىتتى. كانتچىلىق ۋە ماخىزىم ئىدېيالىزىم ئاساسىدا زامان بىلەن ماكاننى كىشىلەرنىڭ بىۋاسىتە كۆزىتىش شەكلى قىلىپ قويىدۇ. لېنىن بۇنداق نۇقتىئىنەزەرگە قارشى تۇرغان ۋاقىتتا مۇنداق بىر پرىنسىپنى نۇقتىلىق ھالدا كۆرسەتتى ھەمدە ئۇنىڭدا باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇردى: بىزنىڭ ئېڭىمىزغا باغلىق بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئوبيېكتىپ چىنلىقنى يەنى ھەركەت قىلىپ تۇرىدىغان ماددىنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى زامان بىلەن ماكاننىڭ ئوبيېكتىپ چىنلىقىنى ئېتىراپ قىلىش بولىدۇ. "دۇنيادا ھەركەت قىلىپ تۇرىدىغان ماددىدىن باشقا ھېچنەرسە يوق، ھەركەت قىلىپ تۇرىدىغان ماددا بولسا پەقەت ماكان ۋە زامان ئىچىدىلا ھەركەت قىلالايدۇ." («ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىدچىلىكى»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 309-بەت) لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ ماكان بىلەن زامان جەھەتتىكى تۈپ مەسىلىسى، ماكان بىلەن زامان چىنلىقمۇ، ياكى راۋاجلىنىۋاتقان ئىنسانىيەت ئىدىيىسىنىڭ مەھسۇلىمۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت. بۇ مەسىلىنى دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمچە نۇقتىئىنەزەرگە ئاساسەن ھەل قىلغاندىلا، يەنى ماكان بىلەن زاماننىڭ ئوبيېكتىپ چىنلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئېڭىمىزدىكى ئىنكاسىنى ئېتىراپ قىلغاندىلا، ئاندىن تەبىي پەننىڭ ماكان بىلەن زاماننىڭ فىزىكىلىق خاراكتېرى مەسىلىسىنى ئۇتۇقلۇق ھالدا تەتقىق قىلىشى ئۈچۈن ئىلمىي ئاساس سېلىپ بەرگىلى بولىدۇ.

تەبىي پەننىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بىزنىڭ زامان بىلەن ماكان توغرىسىدىكى پىكرىمىزمۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ. 18-ئەسىردىكى ۋە 19-ئەسىردىكى فىزىكلار گەرچە زامان بىلەن ماكاننى ئوبيېكتىپ چىنلىق دەپ قارىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار **نيۇتون**"غا

ئەگىشىپ زامان بىلەن ماكاننى ماددىنىڭ تاشقى شەكلى، ئۇ ماددا ۋە ھەركەتكە باغلىق ئەمەس دەپ قارىشتى. گېرمانىيە ئىدىيالىستى **كانت*** ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى بۇ دەۋردىكى تەبىئى پەننىڭ ماكان بىلەن زامان توغرىسىدىكى ماتېرىيالىستىك ئىدىيىسىگە قارشى تۇرغان. روسىيىنىڭ ئىلىم-پېنى ماددىنىڭ ماكان بىلەن زاماندىن ئىبارەت ئالاھىدىلىكى بىلەن جىسىمنىڭ فىزىكىلىق ۋە خىمىيىلىك خۇسۇسىيىتى ئوتتۇرىسىدا قانۇنىيەتلىك باغلىنىش بولىدىغانلىقىنى كەشىپ قىلدى. بۇ كەشپىيات تەبىئى پەننىڭ ماكان بىلەن زامان توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، ئىدىيالىستىك ۋە مېتافىزىكىلىق نەزەرىيىگە رەددىيە بېرىشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاتاقلىق رۇس ئالىمى **لوباچېۋسكى*** ماكاننىڭ گېومېترىيىلىك ئالاھىدىلىكىنىڭ ماددىنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتىگە باغلىق بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ، كانتنىڭ ئىدىيالىستىك ئىدىيىسىگە قەتئىي قارشى تۇردى ھەمدە قاخشاتقۇچ زەربە بەردى؛ ئۇ ئوكلىد گېومېترىيىسى بىلەن نيۇتون مېخانىكىسىنىڭ ماكان بىلەن زامان توغرىسىدىكى مېتافىزىكىلىق پىرىنسىپلىرىنىمۇ رەت قىلىپ تاشلاپ، ھازىرقى زامان فىزىكىسىنىڭ ماكان بىلەن زامان توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس ھازىرلاپ بەردى. يەنە بىر رۇس ئالىمى، خىمىكى **بۇتلېروۋ*** خىمىيىۋى بىرىكمىنىڭ مالېكۇلىسىدىكى ئاتومنىڭ ماكاندىكى تىزىلىشىدىن ئىبارەت مۇھىم ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ مۇنەۋۋەر رۇس ئالىمى فېدوروۋ كىرىستال تۈزۈلمە بولۇپ شەكىللىنىدىغان ئاتومنىڭ، ئىئوننىڭ ۋە مالېكۇلىنىڭ ماكاندىكى تىزىلىش قانۇنىيىتىنى دەلىللەپ بەردى. بۇتلېروۋنىڭ بۇ ئىدىيىسى ۋە فېدوروۋنىڭ كىرىستال ئىلمى جەھەتتىكى كەشپىياتىمۇ ئىنسانلارنىڭ ماددىنىڭ ماكان بىلەن زامانىنىڭ شەكلى توغرىسىدىكى بىلىملىرىنى بېيىتتى. بۇتلېروۋ، فېدوروۋ ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرى ماددىنىڭ ماكان جەھەتـ

تىكى ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ فىزىكا جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتىگە باغلىق بولىدىغانلىقىنى ئېچىپ بەردى. ئاتومنىڭ ماكاندىكى تىزىلىشىنىڭ ماددىنىڭ مۇناسىپ بولغان فىزىكىلىق-خىمىيىلىك خۇسۇسىيىتىنى بەلگىلەشتە رول ئوينايدىغانلىقىنى كەشپ قىلدى.

تەبىي پەن ماكان بىلەن زاماننىڭ يېڭى ۋە تېخىمۇ يېڭى فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتىنى ئېچىپ تاشلىغان ۋاقىتتا، دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ ماددى مەۋجۇدىيەتنىڭ بۇ تۈپ شەكىللىرى ئوتتۇرىسىدىكى ۋە بۇ شەكىللەر بىلەن ھەركەت قىلىپ تۇرىدىغان ماددىنىڭ ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى ئورگانىك باغلىنىشنىڭ پرىنسىپلىرىنى دەلىللىدى. شەكىل (ماكان بىلەن زامان) بىلەن مەزمۇن (ماددا)نىڭ بىر بىرىگە بولغان بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنى دەلىللەپ بەردى. ئۇرغۇنلىغان ئالىملار (لورېنتس، ئېينشتېين قاتارلىق كىشلەر)نىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە **نىسبىيلىك نەزەرىيىسى***نى ئىجات قىلغانلىقى ۋە راۋاجلاندۇرغانلىقى مۇشۇ دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم پرىنسىپىنىڭ ئېنىق ئىسپاتى ئىدى: نىسبىيلىك نەزەرىيىسى ھازىرقى زامان فىزىكىسىنىڭ ماكان بىلەن زامان توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

پەلسەپىۋى ۋە "فىزىكىلىق" ئىدىيالىستلار كىشلەرنىڭ ماكان ۋە زامان توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ ئۆزگىرىشچان بولىدىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ماكان بىلەن زاماننىڭ ئوبيېكتىپ چىنلىقلىقىغا "رەددىيە بېرىپ" كەلدى. مەسىلەن، ئۇلار مۇشۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن **كۋانت مېخانىكىسى***دىن پايدىلاندى. "فىزىكىلىق" ئىدىيالىست بور ۋە ھېيزېنبېرگ زەررىچىلەرنى سۈرەتلىگەندە ماكان بىلەن زاماننى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇشنى تەشەببۇس قىلدى، ئۇلارنى دىگەندەك چىن بولمىغان، تولۇق بەلگىلى بولمايدىغان نەرسە دەپ قارىدى. ھېيزېنبېرگ مۇنداق دەپ يازىدۇ: "كىلاسسىك فىزىكىدا تەتقىقاتنىڭ مەقسىدى ماكان بىلەن زاماندا پەيدا بولغان

ئوبيېكتىپ ھادىسىلەرنى بەلگىلەشتىن ئىبارەت...... لېكىن كۋانت نەزەرىيىسىدە بىز تامامەن باشقىچە بىر ئەھۋالغا دۇچكېلىمىز...... كۋانت مېخانىكىسىدا ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ماكان بىلەن زامانىنى بەلگىلەيدىغان ئىشلار ئۈستىدە ئەسلا سۆزلەنمىگەن."

ئىدىيالىستلار دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ ماكان بىلەن زاماننىڭ ھەركەت قىلىپ تۇرىدىغان ماددىنىڭ ئوبيېكتىپ شەكلى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئىلمىي پرىنسىپىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ئۇرۇندى، ماركسىزىم بۇنداق ئۇرۇنۇشنى ئېچىپ تاشلىدى ھەمدە بىزگە مۇنداق دەپ تەلىم بەردى: كىشىلەرنىڭ ماكان بىلەن زامان توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى مەسىلىسىنى بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ ماكان بىلەن زاماننىڭ ئوبيېكتىپ چىنلىقى توغرىسىدىكى مەسىلە بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك. بىزنىڭ ماكان بىلەن زامان توغرىسىدىكى راۋاجلىنىۋاتقان ئىدىيىمىز ھەقىقىي زامان بىلەن ماكاننى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، بىزنى ماكان بىلەن زامان توغرىسىدا نىسبىي بولغان، مۇكەممەل بولمىغان بىلىملەر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، مۇتلەق ھەقىقەتمۇ دەل مۇشۇ نىسبىي ھەقىقەتلەردىن تەشكىل تاپىدۇ. "قىزىقلىق" ئىدىيالىستلار بۇ ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، بىزنىڭ ماكان بىلەن زامان توغرىسىدىكى ئىدىيىمىزنىڭ نىسبىيلىكىگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ماكان بىلەن زاماننىڭ ئوبيېكتىپلىقىغا رەددىيە بېرىشكە ئۇرۇندى.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ئىدىيالىزمنىڭ ئويدۇرمىلىرىنى تازىلىغاندىن كېيىن پۈتۈنلەي تەبىي پەن بىلەن ماسلاشقان ھالدا بىزگە مۇنداق دەپ تەلىم بېرىدۇ: ماكان بىلەن زامان بىزنىڭ ئېڭىمىزنىڭ سىرتىدا، ئېڭىمىزغا باغلىق بولمىغان ھالدا ئوبيېكتىپ رەۋىشتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بىزنىڭ بىلىشىمىز بولسا "ئوبيېكتىپ ماكان بىلەن زامانغا كۈندىن-كۈنگە

لايىقلىشىپ بارىدۇ، ئۇلارنى كۈندىن-كۈنگە توغرا ھەم چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرىدۇ" («ماتېرىيالىزم ۋە ئەمپىرىيە تەنقىتچىلىكى»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 332-بەت).

**زىددىيەت** Противоречие 矛盾 **قارىمۇ-قارشى تەرەپلەرنىڭ كۈرىشى*؛ ئانتاگونىزملىك زىددىيەت ۋە ئانتاگونىزمسىز زىددىيەت*؛ يېڭى شەيئى ۋە كونا شەيئى***گە قاراڭ.

**زىيالىلار** Интеллигенция 知识分子 ئەقلىي ئەمگەكچىلەردىن تەركىب تاپقان ئىجتىمائىي تەبىقە. ئىنژېنېرلار، تېخنىكلار ۋە باشقا تېخنىك خادىملارنىڭ ۋەكىللىرى، دوختۇرلار، ئادۋوكاتلار، سەنئەتكارلار، ئوقۇتقۇچىلار، ئىلىم-پەن خادىملىرى ۋە زور كۆپ قىسىم خىزمەتچىلەر مۇشۇ ئىجتىمائىي تەبىقىگە كىرىدۇ. قۇلدارلىق جەمئىيەتتە ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتتىمۇ زىيالىلار بارلىققا كەلگەن، لېكىن سوتسىيالىزمدىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ئەڭ زور دەرىجىدە راۋاجلانغان مەزگىلى كاپىتالىزم دەۋرى بولدى. زىيالىلار ئەزەلدىن ئالاھىدە بىر سىنىپ بولغان ئەمەس ۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇلار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىدا مۇستەقىل ئورۇندا تۇرمايدۇ. كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە، زور كۆپ ساندىكى زىيالىلار مۈلۈكدارلار قاتلىمىدىن كېلىپ چىققان، ئاساسەن، ئاقسۆڭەكلەر ۋە شەھەر-يېزا بۇرژۇئازىيىسىدىن كېلىپ چىققان، پەقەت ناھايىتى ئاز بىر قىسمى دېھقانلار ۋە ئىشچىلاردىن كېلىپ چىققان. بىر ئىجتىمائىي تەبىقە بولغان زىيالىلار ئۆز ئالدىغا سىياسىي ھەرىكەت ئېلىپ بارالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ئۇلار خىزمەت قىلىۋاتقان سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتى بەلگىلەيدۇ. كاپىتالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى زىيالىلار مۈلۈكدارلار سىنىپى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن، تېخنىكا زىيالىلىرى ھۈنەر-سەنئەت جەريانىغا يېتەكچىلىك قىلىش

بۇرچىنى ئۇتەيلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئىشچىلار ئۇستىدىن نازارەت قىلىش بۇرچىنىمۇ ئۇتەيدۇ. ماركسنىڭ سۆزى بويىچە، كاپىتالىستلارغا ئېھتىياجلىق بولغىنى ئەمگەك جەريانىدا كاپىتالغا ۋاكالىتەن بۇيرۇق چۈشۈرىدىغان "سانائەت ۋېيگۇەنلىرى" (جىڭلى) ۋە "سانائەت شىگۇەنلىرى" (گۇڭتۇلىرى)دىن ئىبارەت. كاپىتالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا، كارخانىلاردىكى جىسمانىي ئەمگەكچىلەر بىلەن رەھبەرىي خادىملار ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئىشچىلارنىڭ جىڭلى، گۇڭتۇ، ئىنژېنېر ۋە باشقا تېخنىك خادىملارغا بولغان دۈشمەنلىشىش مۇناسىۋىتى دەل يۇقىرقى زىددىيەتلەر ئاساسىدا راۋاجلانغان. كاپىتالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا، تېخنىكا زىيالىيلىرى كاپىتالىستلارنىڭ ئىشچىلارنى ئېزىشىگە ياردەم بېرىدۇ، ھالبۇكى يەنە بىر قىسىم زىيالىيلار، مەسىلەن، بۇرژۇئا ئالىملىرى، ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە سەنئەتكارلىرى قاتارلىقلار كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان ئىدىيە سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىپ ۋە تارقىتىپ، بۇرژۇئا ئەخلاقىنى ئاممىنىڭ ئېڭىغا سىڭدۈرۈپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئىدىيە جەھەتتىن ئاقلايدۇ. پەقەت ئاز بىر قىسىم ئەڭ باتۇر ۋە ئەڭ ئىنقىلاۋىي زىيالىيلارلا كاپىتالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ھەمدە ئۆز تەقدىرىنى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ تەقدىرى بىلەن باغلايدۇ. بۇ ئىنقىلاۋىي زىيالىيلار پرولېتارىياتنىڭ سوتسىيالىستىك ئىدىيە سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا، پرولېتارىيات ھاكىمىيىتىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، كوممۇنىستىك پارتىيە كونا بۇرژۇئا زىيالىيلىرى ئارىسىدىكى مۇنەۋۋەر كىشىلەرنى بۇرژۇئازىيىدىن ئايرىپ، ئۇلارنى ئۆزگەرتىش، ئۇلارنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. روسىيە خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىي ئەنئەنىسى بىلەن

قويۇق مۇناسىۋىتى بولغان بىر قىسىم زىيالىيلار ناھايىتى تېزلىكتە سوۋېت ھاكىمىيىتى تەرەپكە ئۆتتى. كونا زىيالىيلار ئارىسىدىكى يۇقۇرى قاتلام ئۇنسۇرلار ئۆزلىرىنىڭ تۇرغان ئورنى جەھەتتىن ئالغاندا، مۇلۇكدارلار سىنىپى بىلەن قويۇق ئالاقىسى بار. ئۇلار ئوكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە زىيالىيلار ئارىسىدىكى ئاساسىي ئاممىدىن ئايرىلىپ، سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى يولغا مېڭىپ، ئىشنى ئاقسىتىش يولى بىلەن سوۋېت دۆلىتىنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرىگە قارشىلىق كۆرسەتتى. كېيىن، بۇ زىيالىيلار ئىچىدىن چەتئەل ئاخبارات ئورگانلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان يوشۇرۇن زىيانكەشلىك قىلغۇچى ئۇنسۇرلار، جاسۇسلار كېلىپ چىقتى. يەنە بىر قىسىم ئادەم سانى كۆپرەك كونا زىيالىيلار، يەنى زىيالىيلارنىڭ ئوتتۇرا قاتلىمى ئۇزاق مۇددەت قاراپ بېقىش پوزىتسىيىسىدە بولۇپ، ئاخىرى سوۋېت ھاكىمىيىتى بىلەن ئىناق بىللە ئۆتۈش قارارىغا كەلدى. كونا زىيالىيلارنىڭ ٣-قىسمى، يەنى ئادەم سانى ئەڭ كۆپ قىسمى، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابتىن ئىلگىرى تۇتقان ئورنى ياللانما ئىشچىلارنىڭكىدىن ئانچە كۆپ پەرقلەنمەيتتى. ئۇلار ناھايىتى تېزلىكتە خەلق تەرەپكە ئۆتۈپ، سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ھىمايە قىلدى.

كونا زىيالىيلارنىڭ بۇ خىل جاپالىق بۆلۈنۈش جەريانى بىلەن بىللە، يېڭى زىيالىيلارنىڭ جۇش ئۇرۇپ ئۆسۈپ-يېتىلىش جەريانىمۇ تەڭ باردى. كوممۇنىستىك پارتىيە ئۆز سېپىنىڭ سوتسىيالىستىك، ئىشچى-دېھقانلار بىلەن قان بىلەن گۆشتەك باغلانغان يېڭى زىيالىيلىرىنى يېتىشتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يېڭى سوۋېت زىيالىيلىرى، ئاساسەن، ئالىي ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكۇملارنى پۈتتۈرگەن ئىشچى، دېھقان ياشلىرى، شۇنداقلا ئىشلەپچىقىرىشتا، دۆلەتنىڭ ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ رەھبەرلىك خىزمەتلىرىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن ھەمدە ئەمەلىي خىزمەتتىن ئايرىلماي تۇرۇپ،

تەلىم-تەربىيە كۇرسى، كەچكى كۇرس، سىرتتىن ئوقۇش مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان ئەمەلىي خىزمەتچىلەردىن تەركىب تاپتى. تۈمەنلىگەن ئىشچىلار، سوتسىيالىستىك مۇسابىقىنىڭ تەشەببۇسچىلىرى، ئىشلەپچىقىرىشتىكى يېڭىلىق ياراتقۇچىلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت، تېخنىكا جەھەتتىكى تەرەققىياتىدىن ئالغاندا، ئۇلارمۇ زىيالىلار سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئەڭ مۇھىم مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ بىرى كونا زىيالىلارغا تۈپتىن ئوخشىمايدىغان يېڭى، خەلقنىڭ ۋە سوتسىيالىستىك زىيالىلارنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى بولدى. 1936-يىلى، سوۋېت زىيالىلىرىنىڭ 80—90 پىرسەنتى ئىشچىلار سىنىپى، دېھقانلار ۋە باشقا ئەمگەكچىلەر قاتلاملىرىدىن كېلىپ چىققان كىشىلەر ئىدى.

يېڭى سوۋېت زىيالىلىرى، ئۆزلىرىنىڭ پائالىيىتىنىڭ خاراكتېرى جەھەتتىن ئالغاندىمۇ، كونا زىيالىلارغا ئوخشىمايدۇ. بۇرۇن، ئىنقىلابتىن ئىلگىرى زىيالىلارنىڭ ئاساسىي قىسمى كاپىتال بىلەن باغلانغان ئىدى. مۈلۈكدارلار سىنىپىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى، ھالبۇكى، ھازىر زىيالىلار خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. يېڭى ئەمگەكچى زىيالىلار ئىشچى، دېھقانلار بىلەن بىرلىكتە كوممۇنىزىم جەمئىيىتى قۇرۇش خىزمىتىگە پائال قاتنىشىپ كەلمەكتە. سوۋېت جەمئىيىتىدە ئەقلىي ئەمگەكچىلەر بىلەن جىسمانىي ئەمگەكچىلەر ئەمدى بىر بىرىگە دۈشمەن ئەمەس، ئۇلار بىر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان يولداشلار ۋە دوستلار. سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا، ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانىي ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىق مەۋجۇت ئەمەس، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا پەقەت زور پەرقلا ساقلانماقتا. بۇ پەرق كوممۇنىزىم قۇرۇش جەريانىدا يوقىلىپ ماڭىدۇ.

ھازىر، سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئورۇنلاۋاتقان ھەمدە پەيدىن-پەي سوتسىيالىزمدىن كوممۇنىزىمغا

ئۆتۈش ۋەزىيىتىنى ئورۇنلاۋاتقان چاغدا، سوۋېت زىيالىيلىرىنىڭ
ئوينىۋاتقان رولى ئىنتايىن زور بولماقتا. ئۇلار ئۆز ئەمگىكى ئار-
قىلىق، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى ۋە تەجرىبىخانىلاردا،
مەكتەپ ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدا، ئەدەبىيات ۋە سەنئەت ساھەلىرىدە،
كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ كوممۇنىزىم
قۇرۇشتەك غايەت زور ۋەزىپىنى ئورۇنلىشىغا ياردەم بەرمەكتە.
سوۋېت زىيالىيلىرىنىڭ ئەمگەكچى ئاممىغا كوممۇنىستىك تەربىيە
بېرىش جەھەتتە ئوينىغان رولى ئىنتايىن ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك.
كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى
زىيالىيلارغا ئېنىق يول ۋە خىزمەت يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بەردى.
سوۋېت زىيالىيلىرى پارتىيىنىڭ بۇ يوليورۇقلىرىغا ئەمەل قىلىپ،
چۈشكۈن بۇرژۇئا "مەدەنىيىتى"نىڭ تەسىرىگە قارشى كۈرەش قىلىپ،
دۇنيادا ئەڭ ئىلغار بولغان سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئىشلىرىنى
راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە كۈندىن-كۈنگە تېخىمۇ زور مۇۋەپپەقى-
يەتلەرگە ئېرىشمەكتە.

# ژ

**ژدانوۋ،** ئاندرېي ئالېكساندروۋىچ 日丹诺夫，安得列依·亚历山大罗维奇 Жданов, Андрей Александрович (1896—1948) سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ۋە سوۋېت دۆلىتىنىڭ مەشھۇر ئەربابى، ئاتاقلىق ماركسىزىم نەزەرىيىچىسى، ماركسىزىم-لېنىنىزىم ئىدىيىسىنىڭ ئىنتايىن مۇنەۋۋەر تەشۋىقاتچىسى. ژدانوۋ مارىيۇپول شەھىرىدە خەلق مائارىپى مۇپەتتىشىنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلدى. ئۇ 1915-يىلى بولشېۋىكلار پارتىيىسىگە كىردى ھەم كۆپ ئۆتمەيلا پارتىيىنىڭ خىزمەتچىسى بولۇپ قالدى. 1917-يىلى ژدانوۋ ئورالدا ئۇلۇغ ئوكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى ھەم بۇ ئىنقىلابقا بىۋاسىتە قاتناشتى. سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى دەسلەپكى مەزگىللەردە، ژدانوۋ قىزىل ئارمىيە قىسمىدا سىياسى تەلىم-تەربىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللاندى، ئورال ۋە تۋېردا پارتىيە خىزمىتى ۋە سوۋېت خىزمىتىنى ئىشلىدى. 1924-يىلدىن 1934-يىلغىچە ئۇ ئاۋۋال سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلار) نوۋەن گورود كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولدى، كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلار) گوركى رايونلۇق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولدى. 1934-يىلدىن 1944-يىلغىچە ژدانوۋ لېنىنگرادتىكى پارتىيە تەشكىلاتىغا رەھبەرلىك قىلدى. ژدانوۋ لېنىنگرادتا كىروۋ زەھەرخەندىلىك بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن پارتىيە تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئىدى، ئۇ لېنىنگرادتىكى پارتىيە تەشكىلاتىنى سەپەرۋەر قىلىپ، تروتسكى—



زىنوۋيېۋچى خائىنلارنى تارمار قىلىپ ۋە تازىلاپ، لېنىنگراتتىكى پارتىيە تەشكىلاتىنى مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشتۇردى. ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى يىللىرىدا، ژدانوۋ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ تاپشۇرۇغى بىلەن لېنىنگراتنىڭ مۇداپىئە خىزمىتىنى تەشكىللىدى. پارتىيىنىڭ 17-قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، ژدانوۋ سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلار) مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شۇجىلىقىغا ۋە سىياسىي بيۇرونىڭ كاندىدات ئەزالىقىغا سايلاندى، پارتىيىنىڭ 18-قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلار) مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى. ژدانوۋ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرىكى بىرنەچچە يىلدا كوممۇنىستىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شۇجىلىق خىزمىتىدە بولدى.

ژدانوۋ خەلقارا ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ ئىنتايىن ئاتاقلىق ئەربابى. ئۇنىڭ خەلقارا مەسىلىلەر ۋە ئىچكى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى سۆزلىرى دۇنيا ئەللىرىدىكى ئەمگەكچى خەلققە ئوبدان تونۇشلۇق.

ژدانوۋ ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيىسىگە ئىزچىل تۈردە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، ئۇ كوممۇنىزم ئىدىيىسىنىڭ تەشكىللەش، سەپەرۋەر قىلىش ۋە ئۆزگەرتىش رولىنى ناھايىتى يۇقىرى باھالىدى. ژدانوۋ ماركسىزم-لېنىنىزملىق تەشۋىقات ئىشلىرىنى تەشكىللەشكە دائىم كۆڭۈل بولدى. ئۇ ماركسىزم، لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ بارلىق ئاكتىپ قۇرغۇچىلىرىنىڭ بايلىقىغا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشتى. ژدانوۋ دوگمىچىلىق ۋە قارىلىقنىڭ چىقىشالمايدىغان

دۈشمىنى ئىدى، ئۇ تەشۋىقات خىزمىتى ئەمەلىيىتىدىن بۇ ئادەتلەرنى تازىلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. ژدانوۋ كوممۇنىستلارنى ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ تەلىماتلىرىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشقا چاقىرىپ مۇنداق دېگەن ئىدى: "بىزنىڭ بىلىمىمىز ئەمەلىي بولۇشى لازىم. بىز ئىنقىلاۋىي نەزەرىيىدىن ئىبارەت بۇ قورالنى مۇكەممەل ئىگەللىشىمىز كېرەك، ئۇ ھەرقانداق چۈمپەردە ئاستىغا يوشۇرۇنۇۋالغان دۈشمەننى تارمار قىلىشى لازىم." ژدانوۋ بولشېۋىكچە رەھبەر ئىدى، ئۇ كۈندىلىك قۇرۇلۇشقا قاتنىشىش خىزمىتىنى ماركسىزم نەزەرىيىسى مەسىلىسىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش خىزمىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە ماھىر ئىدى.

ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى ئاياقلاشقاندىن كېيىن، ئىدىيىۋى خىزمەت مەسىلىسى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھاياتىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگەللىدى. شۇ چاغدا ئاتاقلىق ماركسىزم نەزەرىيىچىسى ژدانوۋنىڭ قابىلىيىتى ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ ئىپادىلەندى. ژدانوۋ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىدىيىۋى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارىنى شەرھلەپ بىرقاتار دوكلاتلارنى بەردى. ژدانوۋ «يولتۇز» ژۇرنىلى ۋە «لېنىنگراد» ژۇرنىلى توغرىسىدىكى دوكلادىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چاقىرغان سوۋېت ئىتتىپاقى مۇزىكا خادىملىرى يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە، شۇنىڭدەك ئالېكساندروۋنىڭ «غەربىي ياۋروپا پەلسەپە تارىخى» دېگەن كىتاۋى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە، ئەدەبىيات، سەنئەت ۋە پەلسەپىنىڭ پارتىيىنىڭ ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ ئېھتىياجى ۋە تەلىۋىدىن ئارقىدا قالغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى تەھلىل قىلىپ، بۇ قالاق ھالەتنى تۈزىتىشنىڭ يولىنى شەرھلەپ بەردى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە ئىلىم-پەننى يېڭى گۈللىنىشكە ئېلىپ بېرىشنىڭ شەرتلىرىنى كۆرسىتىپ بەردى. ژدانوۋ ئىدىيىۋى سەپتىكى خادىملار تۈرلۈك پائالىيەت-

لەرنى ئېلىپ بارغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ
سىياسىتىنى ئاساس قىلىشى، سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقى ۋە سوۋېت
دۆلىتىنىڭ مەنپەئەتىنى مىزان قىلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ
كۆرسەتتى ھەمدە سىياسى بىلەن كارى بولماسلىق، ئىدىيىۋىسىزلىك،
بۇرژۇئا ئوبيېكتىپچىلىقى، چىرىك بۇرژۇئا مەدەنىيىتىگە چوقۇنۇشقا
ئوخشاش ھادىسىلەر بىلەن مۇرەسسەسىز كۆرەش قىلىش ئاساسىدىلا،
سوۋېت ئىتتىپاقى مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى
قوزغىغىلى بولىدىغانلىقىنى شەرھىلىدى. ئۇ: جۇشقۇن سوۋېت ۋە-
تەنپەرۋەرلىكى سوۋېت مەدەنىيىتىدە، سوۋېتنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشى-
دىكى ھەرقايسى ساھەلەردىكىگە ئوخشاش قۇدرەتلىك، ھەركەتلەن-
دۈرگۈچ كۈچلۈك رول ئوينىماقتا، دەپ كۆرسەتتى. ژدانوۋ پۈتۈن
دۇنيانىڭ ۋە ئىلغار رۇس مەدەنىيىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
سوتسىيالىستىك مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى غايەت زور ئەھمىيە-
تىنى ئالاھىدە كۆرسەتتى. ژدانوۋ مۇنداق دېگەن ئىدى: لېنىنىزم
19-ئەسىردىكى روسىيە ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزىمچىلىرىنىڭ بارلىق
ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
ئەدەبىيات ۋە سەنئىتىمۇ روسىيىنىڭ كلاسسىك سەنئىتى ھەم ئىنقى-
لاۋىي دېموكراتىزىملىق ئەدەبىياتىنىڭ ئىلغار ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق
قىلىش يەنى يۈكسەك ئىدىيىۋىلىك، رېئالىزىم ۋە خەلقچىللىق
ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا راۋاجلاندۇرۇلدى، بەلكى
مۇشۇ ئاساستىلا راۋاجلاندۇرۇلۇشى لازىم.

ژدانوۋنىڭ ئالېكساندروۋنىڭ «غەربىي ياۋروپا پەلسەپە تارىخى»
دېگەن كىتاۋى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە يىغىنىدا قىلغان سۆزى — جەڭ-
گىۋار، پارتىيىۋىلىكى بولغان، بۇرژۇئا ئىدىيىسى بىلەن مۇرەسسەلەش-
مەيدىغان پەلسەپە ئۈچۈن كۆرەش قىلىشنىڭ نەمۇنىسى. ژدانوۋ بۇ
سۆزىدە، ئالېكساندروۋنىڭ بۇ كىتاۋىنى چوڭقۇر ۋە تەنقىدىي ھالدا

تەھلىل قىلدى، ئۇ بىر قىسىم پەلسەپە خادىملىرىنىڭ پەلسەپە مەسىلىسىنى قويۇش ئۇسۇلىدىكى خاتالىق ۋە قورقۇنچاقلىقىنى ئۆتكۈر ھالدا تەنقىت قىلدى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى پەيلاسوپلىرىغا كوممۇنىستىك پارتىيە ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويغان ۋەزىپىلەرنى چۈشەندۈردى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى پەلسەپە تارىخىدىن ئىبارەت پەننىڭ يېڭىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلىنىشىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ژدانوۋ پەلسەپە تارىخىغا: پەلسەپە تارىخى ئىلمىي ماتېرىيالىستىك دۇنياقاراشنىڭ تورىلىش، دۇنياغا كېلىش ۋە راۋاجلىنىش تارىخى، ماتېرىيالىزىم بىلەن ئىدىيالىزىمنىڭ كۈرەش تارىخى، دەپ توغرا تەبىر بەردى. بۇ تەبىرنىڭ ئالاھىدىلىكى — ئۇنىڭ جەڭگىۋار پارتىيەۋىلىككە ئىگە بولغانلىقى، بۇ تەبىر سوۋېت ئىتتىپاقى پەيلاسوپلىرىنى ئىلگىرىكى پەلسەپە سىستېمىسىنى چوڭقۇر، تەنقىدىي ھالدا تەھلىل قىلىشقا يېتەكلىدى. ژدانوۋ ماركسىزىم-لېنىنىزىم كلاسسىكلىرىنىڭ سۆزلىرىگە ئاساسەن ھەمدە تامامەن ماركسىزىملىق دىيالېكتىكىنىڭ روھىغا ئاساسەن، مۇنداق دەپ كورسەتتى: ماركسىزىمنىڭ پەيدا بولۇشى پەلسەپىدىكى ھەقىقى كەشپىيات، پەلسەپىدىكى ئىنقىلاب؛ ماركس بىلەن ئېنگېلس "يېڭى پەلسەپىنى يەنى سۈپەت جەھەتتە ئىلگىرىكى بارلىق پەلسەپىگە جۈملىدىن ئىلغار پەلسەپە سىستېمىسىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق پەلسەپە سىستېمىسىغا ئوخشىمايدىغان پەلسەپىنى ياراتتى"؛ ماركسىزىمنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ، پەلسەپە "پرولېتارىيات ئاممىسىنىڭ كاپىتالىزىمنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىدىكى ئىلمىي قورالى" بولۇپ قالدى. ژدانوۋ مۇشۇ نۇقتىغا بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىنىڭ ماركسىزىملىق پەلسەپە تارىخىدىن ئىبارەت پەندىكى رولىنى كورسىتىپ بەردى. بۇ پرىنسىپ بۇرژۇئازىيىنىڭ ئوبيېكتىپچىلىقى بىلەن تۈپتىن قارىمۇ-قارشى، بۇ پرىنسىپ ئىدىيىۋى

سەپتىكى خىزمەتچىلەرگە ماتېرىيالىزمىنىڭ بارلىق دۈشمەنلىرىگە قارشى مۇرەسسەسىز كۈرەش قىلىشىنى، ئۇلارنى ئەجەللىك تۈردە تەنقىت قىلىشنى تاپشۇرىدۇ؛ ئۇ ئىدىيىۋى سەپتىكى خىزمەتچىلەرگە پەلسەپە مەسىلىلىرىنى ماركسىزىم، لېنىنىزىم كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۈلگە قىلىپ كۆرسىتىلگەن ئاشۇ جانلىق جەڭگىۋار ئۇسلۇپ بىلەن بايان قىلىشنى تاپشۇرىدۇ. ژدانوۋ ئۆز سۆزىدە، ھازىرقى زامان ئەكسىيەتچىل بۇرژۇئا پەلسەپىسىنى ئاجايىپ مۇلاھىزە قىلدى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى پەيلاسوپلىرىنى بۇرژۇئا پەيلا-سوپلىرىنىڭ پەنگە قارشى نەزەرىيىلىرىنى يۈرەكلىك ئېچىپ تاشلاشقا چاقىردى. ژدانوۋنىڭ ئۆز سۆزىدە سوۋېت جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەرنى ئېچىپ تاشلاش ۋە تۈگىتىشنىڭ يېڭى شەكلى بولغان **تەنقىت ۋە ئۆز ئۆزىنى تەنقىت*** ئۈستىدە قىلغان بايانلىرى غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ژدانوۋ ماركسىزىم-لېنىنىزىملىق ئەدەبىيات ۋە سەنئەت نەزەرى-يىسى جەھەتتە ئۇلۇغ خىزمەتلەرنى قىلدى. ئۇ 1934-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلىرىنىڭ 1-قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن نۇتقىدىلا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلەرنى كۆرسەتتى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ ۋە ئەدەبىي تەنقىت ئۇسۇلىنىڭ سوتسىيالىستىك رېئالىزىملىق ئۇسۇل ئىكەنلىكى ماھىيىتىنى شەرھىلىدى. ژدانوۋ سوتسىيالىستىك رېئالىزىمنىڭ رېئاللىقنى رېئال ئىنقىلاپ تەرەققىياتىدىن بەدىئى يوسۇندا سۈرەتلەشنى ۋە بۇنداق سۈرەتلەشنىڭ چىنلىقىنى ھەم تارىخىي كونكرېتلىقىنى ئەمگەكچىلەرنى سوتسىيالىستىك روھتا تەربىيىلەش ۋەزىپىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ژدانوۋ «يۇلتۇز» ژۇرنىلى ۋە «لېنىنگراد» ژۇرنىلى توغرىسىدىكى دوكلادىدا ھەم سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك

پارتىيىسى (بولشېۋىكلار) مەركىزىي كومىتېتى چاقىرغان سوۋېت ئىتتىپاقى مۇزىكا خادىملىرى يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە: سوتسىيالىستىك رېئالىزىملىق ئېستېتىكىغا دائىر بەزى ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىلەرنى چوڭقۇر شەرھىلىدى. ژدانوۋ ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ۋە بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ يۈكسەك ئىدىيىۋى مەزمۇنى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپلا قالماستىن، بەلكى بەدىئىي شەكىل مەسىلىسىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى، ئۇ: سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ زوقلىنىش كۈچى ۋە تەلىۋى ئىنتايىن ئۆستى، ئۇلار يۈكسەك ئىدىيىۋىلىككە ئىگە ئەسەرلەرنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يۈكسەك بەدىئىلىككە ئىگە ئەسەرلەرنىڭمۇ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.

ژدانوۋنىڭ نەزەرىيە خاراكتېرلىق بۇ سۆزلىرى، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى خىزمەتنى ئۆستۈرۈش مەقسىدىدە قانات يايدۇرغان كۈرىشىدە زور رول ئوينىدى. "يولداش ژدانوۋنىڭ ئەدەبىيات، سەنئەت ۋە پەلسەپە مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى ئەسلى دوكلاتلىرى ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيىسىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشۇلغان مۇھىم تۆھپە، بۇ دوكلاتلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بىرمۇنچە كەمچىلىكلەرنى تۈگىتىشىمىزگە نۇرغۇن جەھەتلەردىن ياردەم بەردى، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى يول ئېچىپ بەردى" (مولوتوۋ).

## س

**سادداچىنلىق نەزەرىيىسى 素朴实在论 Наивный реализм**

ھەر بىر ئادەمدە ئەسلىدىن بار بولغان، ئىستىخىيىلىك ماتېرىيالىستىك دۇنياقاراش. نورمال تەپەككۇر قىلالايدىغان ھەر بىر كىشى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئېڭىغا باغلىق بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى سېزىدۇ. شۇڭلاشقا، سادداچىنلىق نەزەرىيىسى كۆپ ھاللاردا دۇنيا ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا ماددىي بولىدۇ دېگەننى نەزەرىيە جەھەتتىن بىلمەستىن، بەلكى ئۆتنىڭغا ئىستىخىيىلىك ھالدا ئىشىنىدۇ. ۋاھالەنكى، سادداچىنلىق نەزەرىيىسى تېخى ئىلمىي ماتېرىيالىستىك دۇنياقاراش ئەمەس. ئىستىخىيىلىك سادداچىل ماتېرىيالىستلار ناھايىتى ئوڭايلا ئىدېئالىزم تەرەپكە قايمۇقۇپ قالىدۇ. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ماتېرىيالىستىك دۇنياقاراشنى ئىلمىي نەتىجىلەرنى ئاساس قىلغان، ئەڭ ئۇزۇل-كېسىل بولغان پەلسەپە تەلىماتى سەۋىيىسىگە كۆتەردى. ماركسىزمنىڭ سادداچىنلىق نەزەرىيىسىگە بولغان چۈشەنچىسى ئىدېئالىست **بېركلى***، ماخىزىمچىلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان چۈشەنچىسىنىڭ دەل ئەكسىچە بولىدى. ماخىزىمچىلار سادداچىنلىق نەزەرىيىسى بىر خىل دۇنياقاراش، ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ تۇيغۇسى بىلەنلا ئالاقە باغلايدۇ، ماددىنىڭ ئەسلىيەتتە مەۋجۇت-مەۋجۇت ئەمەسلىكى ئادەم بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز دەپ ھېسابلايدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. لېنىن «ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىتچىلىكى» دېگەن كىتاۋىدا مۇنداق دەپ دەلىللەيدۇ: بۇ سادداچىنلىق نەزەرىيىسىنىڭ ماھىيىتىنى بۇرمىلىغاـ

لىق، چۈنكى ساددا چىنلىق نەزىرىيىسى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئاڭدىن تاشقىرى ۋە ئاڭغا باغلىق بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان-لىقىغا ئىشەنچلىك ھالدا ئىشىنىدۇ. "'ساددا چىنلىق نەزىرىيىسى تەرەپدارلىرى' (يەنى پۈتۈن ئىنسانىيەت)نىڭ تونۇغۇلىرىمىز ئوبيېكتىپ چىنلىق بولغان تاشقى دۇنيانىڭ ئوبرازى، دېگەن ئىشەنچى زور تۇرغۇندىكى تەبىي يەن ئالىملىرىدا ئۆزلۈكسىز كۈچىيىۋاتقان ۋە كۈندىن-كۈنگە مۇستەھكەملىنىۋاتقان ئىشەنچ." («ماتېرىيالىزم ۋە ئەمپىرىك تەنقىدچىلىك»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 652-بەت.)

**سان** Количество **量** سۈپەت ۋە سان*غا قاراڭ.

**سان ئۆزگىرىشىدىن سۈپەت ئۆزگىرىشكە ئايلىنىش** **量变到质变的转化** **Переход количественных изменений в качественные** تەبىئەت دۇنياسى، ئىنسانلار جەمئىيتى ۋە تەپەككۇرنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋە ئەڭ ئومۇمى ئوبيېكتىپ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىدىن بىرى. ماركسىزمچە دىيالېكتىكا تەرەققىياتنى ئۆسۈش، روشەن بولمىغان، تەدرىجى سان ئۆزگىرىشىنىڭ تۈپلىك ۋە روشەن ئۆزگىرىش يەنى سۈپەت ئۆزگىرىشكە ئايلىنىشى دەپ قارايدۇ. ستالىن ئۆزىنىڭ «دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم» دېگەن ئەسىرىدە بۇ دىيالېكتىك قانۇنىيەتنى مۇنداق دەپ چۈشەندۈرۈپ بەردى: "......مېتافىزىكىنىڭ ئەكسىچە، دىيالېكتىكا تەرەققىيات جەريانىنى ئاددىي ئۆسۈش جەريانى، سان ئۆزگىرىشلىرى سۈپەت ئۆزگىرىشلىرىگە سەۋەب بولمايدىغان جەريان دەپ قارىماستىن، ئۇنى روشەن بولمىغان، يوشۇرۇن سان ئۆزگىرىشلىرىدىن روشەن ئۆزگىرىشلەرگە، تۈپلىك ئۆزگىرىشلەرگە، سۈپەت ئۆزگىرىشلىرىگە يېتىپ بارىدىغان تەرەققىيات جەريانى دەپ قارايدۇ، بۇنداق تەرەققىيات جەرياندا سۈپەت ئۆزگىرىشلىرى پەيدىن-پەي بولماستىن، چاپسان، تۇيۇقسىز بولۇپ، بىر ھالەت

ھالەتتىن سەكرەش شەكلىدە يەنە بىر خىل ھالەتكە يەتكەن بولۇپ
ئىپادىلىنىدۇ ھەمدە بۇ تاسادىپىي ئەمەس، بەلكى قانۇنىيەتلىك
ھالدا يۈز بېرىدۇ. نۇرغۇنلىغان بىلىنمەيدىغان ۋە پەيدىن-پەي
بولىدىغان سان ئۆزگىرىشلىرىنىڭ جۇغلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ."
(«لېنىنىزم مەسىلىلىرى»، 1955-يىل خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە
نەشرى، 692-بەت)

ماركسىزملىق دىيالېكتىك ئۇسۇلىچە تەرەققىيات قارىشى ھەر-
قانداق بىر خىل بۇرژۇئا پەلسەپىسىنىڭ تەرەققىيات قارىشىغا تۈپتىن
ئوخشىمايدۇ، ئۇ تەرەققىياتنى شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ سان ئۆز-
گىرىشىدىن كېلىپ چىققان سۈپەت ئۆزگىرىشى دەپ چۈشىنىدۇ.
ئۇرلۇك مېتافىزىكىلىق نەزەرىيىنىڭ تۇتقان چىقىش نۇقتىسى: تەرەققى-
يات مەۋجۇداتلارنىڭ ئاددىي ھالدا كۆپىيىشى ۋە ئازىيىشى يەنى توقۇل
سان ئۆزگىرىشلىرى جەريانى، ئۇنىڭدا تۈپلىك سۈپەت ئۆزگىرىشى
بولمايدۇ، ئىنقىلاۋىي سەكرەش بولمايدۇ دېگەندىن ئىبارەت. بۇنداق
نەزەرىيىلەر ھەرقانداق سەكرەشلەر تەرەققىيات جەريانىغا قارىتىلغان
"قانۇنسىز" بۇزغۇنچىلىق دەپ ھېساپلايدۇ. پرولېتارىياتنى كاپىتا-
لىستلارنىڭ مەنپەئەتىگە بويسۇندۇرۇشقا تىرىشقان ئىسلاھاتچىلار ۋە
ئىشچىلار سېپىنىڭ باشقا خائىنلىرىنىڭ ھەممىسى بۇرژۇئا پەيلاسوپ-
لىرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدۇ. ماركسىزمچە دىيالېكتىكا ئېزىلگۈچى
سىنىپلار ئىنقىلاۋىنىڭ قانۇنىيەتلىكلىكىنى دەلىللىگەنلىكى ئۈچۈن،
ئۇلار ئۇنىڭغا نەپرەتلىنىدۇ. توقۇل تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى
ئاساسىدىكى تەرەققىيات قارىشى تەرەققىياتنى پەقەت سان ئۆزگىرى-
شىلا بولۇپ، سۈپەت ئۆزگىرىشى بولمىغان جەريان دەپ قاراپ،
تەبىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەننى ھادىسىلەرنى توغرا ئىزاھلاش
ئاساسلىرىدىن مەھرۇم قىلىپ، دۇنياغا دىنىي ئىدىيالىزمچە قارايدى-
غان نۇقتىنەزەرلەرنى ئەۋج ئالدۇرۇۋەتتى. بۇ مەيدان ئاساسى

قىلىنىدىغان بولسا، تەبىئەت دۇنياسى ئۆزىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا دۇنيادىكى بارلىق بايلىق مەنبەلىرىنى قانداق قىلىپ بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى، غەيرىي ئورگانىك ماددىلاردىن ئورگانىك ماددىلار، جانلىق مەۋجۇداتلار قانداق قىلىپ بارلىققا كەلگەنلىكىنى، ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئىنتايىن ئاددىي تۈرلەردىن بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىۋاتقان تۈرلەرنى قانداق قىلىپ بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك ئاتومنىڭ ئالى تولۇقلىمىدىن تەركىب تاپقان ماددىلارنىڭ بىر خىل ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى ئىكەنلىگىنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. ۋاھاكازالار. تەبىي پەندە تەرەققىيات جەريانىدا ئاستا بولۇپ تۇرىدىغان سان ئۆزگىرىشىدىن تۇيۇلۇك سۈپەت ئۆزگىرىشى كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان كۆپلىگەن ماتېرىياللار توپلاندى. بۇنىڭ بىلەن تەبىئەت دۇنياسى تەرەققىياتى توغرىسىدىكى مېتافىزىكىلىق نۇقتىسىنەزەر ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. ماركسىزىمنىڭ ئاساسچىلىرى ھېچقانداق مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئىلمىي ماتېرىياللار ۋە جەمئىيەت تارىخى تەرەققىياتىنىڭ پۈتۈن تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنىگە ئاساسەن، سان ئۆزگىرىشىنىڭ سۈپەت ئۆزگىرىشكە ئايلىنىشىدىن ئىبارەت قانۇنىيەتنى بايان قىلىپ بەردى. خىمىيە، فىزىكا، بىئولوگىيە شۇنىڭدەك باشقا تەبىي پەللەرنىڭ يەكۈنلىرى بۇ قانۇنىيەتنىڭ ۋە باشقا دىيالېكتىك قانۇنىيەتلەرنىڭ ئومۇملىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئېنگېلس مۇنداق دەپ يازىدۇ: "فىزىكىدا......ھەر خىل ئۆزگىرىش — ساننىڭ سۈپەتكە ئايلىنىشى. جىسىمدا ئەسلىدە بار بولغان ياكى قوبۇل قىلغان مەلۇم بىر شەكىلدىكى ھەرىكەت مىقدارىنىڭ سان جەھەتتە ئۆزگەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى." («تەبىئەت دىيالېكتىكىسى»، 1979 ـ يىل ئۈيغۇرچە نەشرى، 89 — 90 ـ بەتلەر) ئېنگېلس نۇرغۇن مىساللار بىلەن بۇنى دەلىللەپ بەرگەن. مەسىلەن، مۇئەييەن ئەلا

تۆۋەن چەكلىك توك بولغاندىلا، ئاندىن ئاق ئالتۇن سىم نۇر بېرىدۇ؛ ھەر بىر خىل مېتال ئۆزىگە خاس مۇئەييەن ھارارەتتە ئېرىيدۇ؛ ھەر بىر خىل سۇيۇقلۇقتا ئۆزىگە خاس مۇئەييەن قېتىش نۇقتىسى ۋە قايناش نۇقتىسى بولىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار. ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش ۋە ئايلىنىش قانۇنىنىڭ كەشپ قىلىنىشى تەرەققىيات نوقۇل سان ئۆزگىرىش جەريانى دەپ ھېساپلايدىغان مېتافىزىكىلىق نۇقتىسىنەزەرگە ھالاكەتلىك زەربە بەردى. بۇ كەشپىيات ماددىلارنىڭ ھەركەت ۋە تەرەققىيات جەريانىنىڭ بەزى ھەركەت شەكلى سۈپىتى ئوخشاش بولمىغان باشقا ھەركەت شەكلىگە ئايلىنىش جەريانى ئىكەن-لىكىنى ئىسپاتلىدى؛ مېخانىك ھەركەت فىزىكىلىق ھەركەت شەكلىگە ئايلىنالايدۇ، فىزىكىلىق ھەركەت شەكلى يەنە خىمىيىلىك ھەركەت شەكلىگە ئايلىنالايدۇ، پاكىتلارمۇ ھەقىقەتەن شۇنداق. مېندېلېيېۋ*نىڭ ئېلېمېنتلارنىڭ دەۋر قىلىش سىستېمىسىنى كەشپ قىلغانلىقى، سان ئۆزگىرىشنىڭ سۈپەت ئۆزگىرىشكە ئايلىنىشىدىن ئىبارەت بۇ دىيالېك-تىكىلىق تەلىماتنى شانلىق تۈردە دەلىللىدى. ئېنگېلس بىلەن ستالىن كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، بۇ كەشپىيات تەبىئەت دۇنياسى تەرەققىياتىنىڭ دىيالېكتىكىلىقىنى ۋە تەرەققىياتنىڭ سان ئۆزگىرىشىدىن سۈپەت ئۆزگىرىشكە ئايلىنىش ئىكەنلىكىنى ئىنتايىن روشەن ھالدا دەلىللىدى.

ھازىرقى زامان تەبىئى پەنلىرى ماتېرىيالىزىملىق دىيالېكتىكىنىڭ تەرەققىيات سان ئۆزگىرىشىنىڭ جۇغلىنىپ كونا سۈپەتتىن يېڭى سۈپەتكە ئايلىنىش جەريانى توغرىسىدىكى تەلىمات ئىكەنلىكىنى كۈندىن-كۈنگە دەلىللىمەكتە ۋە بېيىتىپ كەلمەكتە. بۇ جەھەتتە بىئولوگىيە جەھەتتىكى مېتافىزىكىچە ۋېيسمانىزىم-مورگانىزىملىق نەزەرىيە بىلەن مىچۇرىن تەلىماتى ئوتتۇرىسىدا قانات يايدۇرۇلغان كۈرەش بەكمۇ مۇھىم ئىدى، بۇ كۈرەش مىچۇرىن تەلىماتى تولۇق

غەلىبە قىلىش بىلەن نەتىجىلەندى. موركانىزىمچىلارنىڭ قارىشىچە، ھايۋاناتلار ۋە ئۇسۇملۇكلەرنىڭ راۋاجلىنىشى ئۆزگەرمەس گېنلارنىڭ ساپ سان جەھەتتىكى يىغىلىشىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە يىغىلىشىنىڭ بىرلەشتۇرۇلۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ماركسىزىمچە دىيالېكتىك ئۇسۇلنى ئاساس قىلغان مىچۇرىن تەلىماتى بۇنداق پەنگە قارشى نۇقتىنەزەرگە ھالاكەتلىك زەربە بەردى. مىچۇرىن تەلىماتىنىڭ تۇتقان چىقىش نۇقتىسى: جانلىق مەۋجۇداتلار دۇنياسىنىڭ راۋاجلىنىشى — سان ئۆزگىرىشى سەۋەبىدىن بولغان سۈپەت ئۆزگىرىشى جەريانى؛ ئۇ شۇنى ئىسپاتلاپ بەردىكى، سۈپەتنى ئۆزگەرمەيدىغان ھېچقانداق ئېرسىيەتچان ماددا بولمايدۇ، ئورگانىك جىسىملارنىڭ ياشاش شارائىتىغا ماسلىشىش جەريانىدا ئورگانىك جىسىم بىلەن تاشقى دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى ماددا ئالمىشىش تىپى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، مۇشۇ ئاساستا نەسىلگە تارتىش خاراكتېرىدىمۇ سۈپەت ئۆزگىرىشى بولىدۇ.

پۈتۈن جەمىيەت تارىخىمۇ ئوخشاشلا سان ئۆزگىرىشىدىن سۈپەت ئۆزگىرىشىگە ئايلىنىش قانۇنىيىتىنى دەلىللىدى. جەمىيەت تەرەققىيات تارىخى مەۋجۇداتلارنىڭ سان ئۆزگىرىشى جەريانىلا ئەمەس، بەلكى شۇنداق بىر جەريان بولىدۇكى، بۇ جەرياندا سان ئۆزگىرىشى مەلۇم دەرىجىگە يەتكەندە، سەكرەش، كونا سۈپەت ھالىتىدىن يېڭى سۈپەت ھالىتىگە ئايلىنىش تەرىپىدىن ئۈزۈپ تاشلىنىدۇ. مەسىلەن، ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمىدە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئۇسۇشى سىنىپىي جەمىيەتنى قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن ھالدا ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ. سىنىپىي جەمىيەتنىڭ ئۆز تەرەققىياتى بويىچە قۇلدارلىق تۈزۈم، فېئوداللىق تۈزۈم، كاپىتالىزىم تۈزۈمىدەك ماھىيەت جەھەتتىن پەرقلىق بولغان ئىجتىمائىي ھالەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ.

ماركسىزملىق دىيالېكتىكا بىزگە مۇنداق دەپ ئۆگىتىدۇ: سۈپەت ئۆزگىرىشى سەكرەش ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ. كونا سۈپەتتىن يېڭى سۈپەتكە ئايلىنىشنىڭ ئۆزى تەرەققىيات داۋامىدىكى سەكرەش. بۇنداق سەكرەش ئالدىنقى باسقۇچتىكى سان ئۆزگىرىشىگە سېلىشتۇرغاندا ئۈشتۈمتۇت، تېز بولىدۇ. مەسىلەن، سۇ ئاستا-ئاستا ئىسسىيدۇ. لېكىن مۇئەييەن ھارارەتكە يەتكەندە، ئۇ تېزلىكتە، سەكرىگەن ھالدا پارغا ئايلىنىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا، ئىنقىلاب دەۋرى تەدرىجىي تەرەققىيات دەۋرىدىن كۆپ قىسقا بولىدۇ. ئىجتىمائىي ئىنقىلاب كونا تەرتىپنى بىردىنلا يوقىتىپ ۋە يېڭى ئىجتىمائىي تۇرمۇش شەكلىنىڭ راۋاجلىنىشىغا شەرت-شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، ھەركەت، تەرەققىيات سان شەكلى ۋە سۈپەت شەكلىدىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلگە ئىگە بولىدۇ. سان ئۆزگىرىش سۈپەت ئۆزگىرىشىنى تەييارلايدۇ. بۇ ئىككى خىل شەكىل دىيالېكتىك بىرلىك ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. پەقەت ھەركەتنىڭ بۇ ئىككى ياقلىمىلىقىنى مۆلچەرلىگەندىلا، ئاندىن تەبىئەت دۇنياسى، جەمئىيەت ۋە تەپەككۇرلەردىكى ھەر خىل ھادىسىلەرنى ئىلمىي يوسۇندا بىلگىلى بولىدۇ.

تەرەققىيات سان ئۆزگىرىشىدىن سۈپەت ئۆزگىرىشىگە ئايلىنىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۇ ئايلانما شەكلىدىكى ھەركەت، بۇرۇنقى شەيئىلەرنىڭ ئاددىي ھالدا تەكرارلىنىشى بولماستىن، بەلكى ئالغا بېسىش ھەركىتى، ئۆرلەش ھەركىتى، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقىرى دەرىجىگە ئۆتۈش ھەركىتى بولىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمىدىن قۇلدارلىق تۈزۈمگە، قۇلدارلىق تۈزۈمىدىن فېئوداللىق تۈزۈمگە، فېئوداللىق تۈزۈمىدىن كاپىتالىزم تۈزۈمگە ئۆتۈشتەك تەرەققىيات ئەنە شۇنداق بولدى. نۆۋەتتە ئىنسانلار چىرىكلەشكەن ۋە جەمئىيەتنىڭ يەنىمۇ

تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان كاپىتالىزىم تۈزۈمىنىڭ ئورنىنى بارلىق كونا ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي ھالەتتىن چەكسىز ئالىي ئىجتىمائىي تۇرمۇش شەكلى بولغان سوتسىيالىزىم ئېلىش دەۋرىدە تۇرماقتا. سوۋېت ئىتتىپاقىدا سوتسىيالىزىم تولۇق غەلىبىگە ئېرىشتى، خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرىمۇ سوتسىيالىزىم يولىنى بويلاپ ئالغا قاراپ راۋاجلانماقتا.

سان ئۆزگىرىشىدىن سۈپەت ئۆزگىرىشىگە ئايلىنىش قانۇنىيىتىدىن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئەمەلىي پائالىيىتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم خۇلاسىلارنى چىقارغىلى بولىدۇ. ئاساسىي خۇلاسىلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت: كاپىتالىزىمنى ئۇششاق سان ئۆزگىرىشىدەك ئىسلاھات ئارقىلىق سوتسىيالىزىمغا ئۆتكۈزگىلى بولمايدۇ. پەقەت ئىنقىلابلا، ئىنقىلاۋىي سەكرەشلا كاپىتالىزىمنى يوقىتالايدۇ، يېڭى دۇنيا قۇرۇشقا شەرت-شارائىت يارىتالايدۇ. لېكىن، ئەگەر ئىنقىلابتىن ئىلگىرىكى تەدرىجىي تەرەققىيات باسقۇچى بولمىسا، يەنى يۇقۇرى دەرىجىلىك تۈزۈمگە ئۆتۈش ئۈچۈن ئوبيېكتىپ ماددىي ئالدىنقى شەرت پەيدىن-پەي يارىتىلمىسا، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئويغىنىشى ۋە تەشكىلچانلىقى سان جەھەتتىن ئېشىپ بارمىسا، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كونا تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان تەييارلىقى بولمىسا، ئىنقىلابنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن ئەمەس. تەرەققىيات — تەدرىجىي تەرەققىيات ھەركەت شەكلى بىلەن ئىنقىلاب ھەركەت شەكلىنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت. تەدرىجىي تەرەققىيات ئىنقىلاب ئۈچۈن تەييارلىق كورىدۇ، ئىنقىلاب بولسا تەدرىجىي تەرەققىياتنى ئورۇنلايدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تەدرىجىي تەرەققىيات ئۈچۈن شەرت-شارائىت يارىتىدۇ.

كونا سۈپەتنىڭ يېڭى سۈپەتكە ئايلىنىشى ھەر خىل-ھەر ياڭزا شەكىلگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن، بەلكى ھەقىقەتەن شۇنداق بولىدۇ. تۈرلۈك ھادىسىلەرنىڭ كونكرېت خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭ راۋاجلىنى-

شىدىكى تارىخىي شارائىت نەزەردە تۇتۇلغاندىلا، ئاندىن سەكرەش يەنى بىر خىل سۈپەتتىن يەنە بىر خىل سۈپەتكە ئايلىنىشنىڭ قانداق شەكىلدە ئورۇنلانغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. ستالىن **«ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى»*** دېگەن كىتاۋىدا مارر ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ تىلنىڭ راۋاجلىنىشىدا كونا سۈپەتتىن يېڭى سۈپەتكە ئايلىنىشى تېز، ئۈشتۈمتۇت سەكرەش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ دەپ ھېساپلايدىغان چاكىنا نۇقتىسىنەزىرىنى رەت قىلدى. تىلنىڭ بىر خىل سۈپەتتىن يەنە بىر خىل سۈپەتكە ئايلىنىشى پارتلاش يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى يېڭى سۈپەت ئامىللىرىنىڭ پەيدىن-پەي، ئۇزاق مۇددەتلىك توپلىنىشى بىلەن، كونا سۈپەت ئامىللىرىنىڭ پەيدىن-پەي يوقىلىپ بېرىشى بىلەن ئورۇنلىنىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىدا، مەيلى غەيرى ئورگانىك دۇنيادا ياكى ئورگانىك دۇنيادا بولسۇن، سۈپەت ئۆزگىرىشى ھەممە ئەھۋالدا بىردىنلا كونا نەرسىنىڭ يوقىلىشى ۋە يېڭى نەرسىنىڭ پارتىلىشى يولى بىلەن ئورۇنلىنىۋەرمەيدۇ، بەزىدە يېڭى سۈپەت ئامىللىرىنىڭ پەيدىن-پەي توپلىنىشى ۋە كونا سۈپەت ئامىللىرىنىڭ يوقىلىشى يولى بىلەنمۇ ئورۇنلىنىدۇ (مەسىلەن، سۇنىڭ تەبىي شارائىتتا ئاستا-ئاستا پارغا ئايلىنىشى، ھايۋانات نەسىللىرىنىڭ پەيدىن-پەي ياخشىلىنىشى ۋە باشقىلار). ئىجتىمائى تۇرمۇشتا مۇشۇنداق راۋاجلىنىدىغان ياللۇز تىللا ئەمەس، يەنە باشقا ھادىسىلەرمۇ بار. دۈشمەن سىنىپلارغا بۆلۈنگەن جەمئىيەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، كونا سۈپەتنىڭ پارتلاش ئارقىلىق يېڭى سۈپەتكە ئايلىنىشىدەك قانۇنىيەت جەزمەن بولىدۇ، قارىمۇ-قارشى سىنىپلار يوقىتىلغان جەمئىيەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ قانۇنىيەتنىڭ بولۇشى ناتايىن. كاپىتالىزىمدىن سوتسىيالىزىمغا ئۆتۈشنى پەقەت ئىنقىلاپ ئارقىلىق، پەقەت مەۋجۇت ھاكىمىيەتنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقىچە بىر خىل ھاكىمىيەتنى—پرولېتارىيات ھاكىمىيىتىنى ئورنىتىش ئارقىلىقلا

ئورۇنلىنىشى بولىدۇ، چۈنكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرۇۋاتقان بۇرژۇئازىيە تەختتىن ئۆزلۈكىدىن چۈشۈپ كەتمەيدۇ. ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋى ئەنە شۇنداق ئىنقىلاۋىي پارتلاشنىڭ ئېنىق مىسالى. سوۋېت جەمئىيىتى شارائىتىدا، قارىمۇ-قارشى سىنىپلار قالمىدى، ئۇنىڭدا تەرەققىيات ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە زىيالىيلارنىڭ ھەمكارلىقىنى ئاساس قىلىدۇ، بارلىق غايەت زور ئۆزگىرىشلەرمۇ، كونا سۈپەتنىڭ يېڭى سۈپەتكە ئايلىنىشىمۇ خەلق ئاممىسىنىڭ **تۆۋەندىن يۇقىرىغا** بولىدىغان قوللىشى ئاستىدا دۆلەت ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە تەرىپىدىن **يۇقىرىدىن تۆۋەنگە** تەييارلىنىدۇ ۋە ئورۇنلىنىدۇ. شۇڭا، سىياسى ئىنقىلاب بولۇپ ئىپادىلىنىدىغان سۈپەت ئۆزگىرىشىگە سوۋېت جەمئىيىتىدە ئاساس يوق. سوۋېت ئىتتىپاقى يېزىلىرىدا، بۇرژۇئا يەككە دېھقانلار تۈزۈمىدىن سوتسىيالىزىم تۈزۈمىگە ئۆتۈش ئەنە شۇنداق ئورۇنلانغان. بۇ ئۆتۈش ئاساسىي دېھقانلار ئاممىسىنىڭ تۆۋەندىن يۇقىرىغا بولىدىغان قوللىشى ئاستىدا، دۆلەت تەرىپىدىن يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە قاراپ ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، ئۇ پارتلاش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى پىلانلىق تۈردە، پەيدىن-پەي ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. كوممۇنىزىمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىن يۇقىرى باسقۇچىغا ئۆتۈشمۇ پارتلاش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى سوۋېت جەمئىيىتىدە پىلانلىق تۈردە، پەيدىن-پەي ئورۇنلىنىدۇ. چۈنكى سوتسىيالىزىم شارائىتىدا ئىقتىساتنىڭ راۋاجلىنىشى ئىنقىلاب ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى پەيدىن-پەي بولىدىغان ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق ئورۇنلىنىدۇ.

كونا سۈپەتنىڭ پەيدىن-پەي راۋاجلىنىش ئارقىلىق يېڭى سۈپەتكە ئايلىنىشى توغرىسىدىكى قائىدە بىلەن تەرەققىياتنى سان ئۆزگىرىشى جەريانى دەپلا قارايدىغان تەدرىجى تەرەققىياتچىلىق تەرەققىيات قارىشى ئوتتۇرىسىدا قىلچە ئورتاقلىق يوق. كونا سۈپەتتىن يېڭى سۈپەتكە ئايلىنىش قانداق پەيدىن-پەي ئورۇنلىنى-

شىدىن قەتئىي نەزەر، بۇ ئايلىنىش بەزىبىر سەكرەشتىن، كونىلىقتىن
يېڭىلىققا ئايلىنىشتىن دېرەك بېرىدۇ. مەسىلەن، سوتسىيالىزمدىن
كوممۇنىزمغا ئۆتۈش بىرخىل ئىگىلىكتىن يەنە بىر خىل يۇقۇرى
دەرىجىلىك ئىگىلىككە يەنى سوتسىيالىستىك ئىگىلىكتىن كوممۇنىستىك
ئىگىلىككە ئۆتۈشتىن ئىبارەت تۈپ ئۆتۈشتۇر.

ماركسىزمچە دىيالېكتىكىلىق ئۇسۇل بىزگە مۇنداق دەپ ئۆگىتىدۇ:
سان ئۆزگىرىشلا سۈپەت ئۆزگىرىشىگە ئايلىنىپ قالماي، بەلكى
سۈپەت ئۆزگىرىشمۇ يېڭى سان ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى
مۇمكىن. مەسىلەن، سوتسىيالىزم تۈزۈمى كاپىتالىزمغا قارىغاندا يېڭى
سۈپەت، يۇقۇرى دەرىجىلىك تۈزۈم، ئۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋە مەدەنى-
يەتنىڭ تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن راۋاجلىنىش سۈرئىتىنى كەلتۈرۈپ
چىقاردى. ھەرقانداق بىر خىل كونا تۈزۈم سوتسىيالىزم تۈزۈمىدەك
خەلق ئىگىلىكىنى ۋە خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى بۇنداق
راۋاجلىنىش سۈرئىتىگە ئىگە قىلغان ئەمەس. يۇقۇرى سۈرئەتتە
راۋاجلىنىش — بۇ، سوۋېت سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىنىڭ قانۇنىيىتى،
بۇ قانۇنىيەت سوۋېت ئىتتىپاقى جەمئىيەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت تۈزۈمىنىڭ
يېڭى سۈپەت ئاساسىدىكى جەمئىيەت ئىكەنلىك ماھىيىتىدىن كېلىپ
چىققان. **(سۈپەت ۋە سان*؛ سەكرەش*؛ تەدرىجى تەرەققىيات
ۋە ئىنقىلاب***قا قاراڭ.)

Спенсер, Герберт **斯宾塞，**赫伯特 **سپېنسېر،** ھېربېرت
(1820—1903) ئەنگىلىيىلىك ئەكسىيەتچى پەيلاسوپ ۋە ئىجتىمائى-
يەتشۇناس. سپېنسېر پەلسەپە جەھەتتە دەلىلچىلىك ئېقىمىغا
كىرىدىغان ئىدىيالىست بولۇپ، ئۇ **كونت*** قا ئوخشاپ كېتىدىغان،
ماددىنىڭ ماھىيىتىنى بىلگىلى بولمايدۇ دەپ تۇرۇۋالىدىغان تەكەب-
بۇر بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى تەرەپدارى ئىدى. سپېنسېر
ئىجتىمائىيەتتە ناھايىتى داڭلىق بولۇپ، ئىجتىمائىي ئورگانىزم

**نەزىرىيىسى*** نىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى ئىدى. بۇ نەزىرىيىگە ئاساسلانغاندا ئىنسانلار جەمئىيىتى خۇددى ھايۋانات ئورگانىزمىغا ئوخشاش بىيولوگىيىنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە بويسۇنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن كاپىتالىزىمغا خاس بولغان سىنىپىي مۇناسىۋەت گويا "تەبىئىي"ۋە "مەڭگۈلۈك" خاراكتېرغا ئىگە بولىدۇ. سپېنسېرنىڭ ھۆكمى بويىچە بولغاندا، كاپىتالىزىمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكمۇ مۇشۇنداق "تەبىئىي" خاراكتېرغا ئىگە بولىدۇ؛ سپېنسېر جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى بىيولوگىيىلەشتۈرۈپ، بۇنىڭدىن بىيولوگىيە جەھەتتە ئېسىل مىللەت ۋە پەس مىللەت ياشاۋاتىدۇ دېگەن ئىرقچىلىق ھۆكۈمنى چىقىرىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ ئانگلو-ساكسون مىللىتىنى باشقا مىللەتلەردىن ئەلا دېگەن ئىرقچىلىق ئەكسىيەتچىل يەكۈننى چىقىرىدۇ.

سپېنسېر يەنە قارشى بولغان، مىخانىكىلىق **"مۇۋازىنەتچىلىك"** نىڭ ھىمايىچىلىرىدىن بىرى. ئۇ مۇشۇ نەزەرىيە ئارقىلىق كاپىتالىزىم جەمئىيىتىنى تەھلىل قىلىپ، كاپىتالىزىمدا ئىچكى زىددىيەت بولمايدۇ، كاپىتالىزىم ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ "ئىناق" تۈزۈم، دەپ تۇرىۋالدى. سپېنسېر پرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئازىيىگە قارشى ئېلىپ بارغان سىنىپىي كۈرىشىنى "مۇۋازىنەتنى بۇزغانلىق" دەيدۇ ھەمدە مۇشۇ نۇقتىغا ئاساسەن ئەنگلىيە ئىشچىلىرىنىڭ ئىش تاشلاش ھەركىتىگە قارشى تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىيەتچىل پەلسەپە نۇقتىسىنەزىرى ۋە ئىجتىمائىيەت نۇقتىسىنەزىرى ئۇنى ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئەڭ ئابرويلۇق مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ھازىر، سپېنسېرنىڭ "ئابرويى" يەنىلا ئەنگلىيىدىكى ئەكسىيەتچىل بۇرژۇئا ئىجتىمائىيەتشۇناسلىرى ۋە سىياسى ئەربابلىرىنى قانىتى ئاستىغا ئالماقتا. ئامېرىكىلىق ئەكسىيەتچى ئىجتىمائىيەتشۇناس بېرنارد سپېنسېرنى "ئامېرىكا ئىجتىمائىيىتىنىڭ ئەجدادى" دەپ ئاتىدى ھەمدە سپېنسېرنىڭ "مۇۋازىنەت" نەزەرىيىسىنى ئالاھىدە

ماختىدى. ماركسىزم-لېنىنىزم كلاسسىكلىرى سپېنسېرنى، ئۇنىڭ بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسىنى ۋە ئورگانىك نەزەرىيىسىنى ئۈزۈل-كېسىل تەنقىت قىلدى. لېنىن «دۆلەت ۋە ئىنقىلاپ» دېگەن ئەسىرىدە سپېنسېرنىڭ ساختا ئالىم ئىكەنلىكىنى، غەربىي ياۋروپا ۋە روسىيىدىكى چاكىنىلارنىڭ ئۇنىڭدىن، خۇددى مىخايلوۋسكى*دىن قوبۇل قىلغاندەك، ئەكسىيەتچىل "ئىدىيە" لەرنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئېچىپ تاشلىدى.

**سپىنوزا، باروخ** (بېنېدىكت) **斯宾诺莎，** 巴鲁赫（别涅狄克特）Спиноза, Барух (Бенедикт) (1632—1677) ئۇلۇغ گوللاندىيە پەيلاسوپى، ماتېرىيالىستى ۋە ئىلاھسىزلىق تەرەپدارى؛ سىياسىي نۇقتىنەزەردىن ئېيتقاندا، بۇرژۇئا دېموكراتىك تەبىقى-نىڭ مۇتەپەككۇرى. سپىنوزانىڭ دۇنياقارىشى نىدېرلاندىيىدە كاپىتالىستىك مۇناسىۋەت تېز راۋاجلانغان دەۋردە شەكىللەنگەن. بۇ دەل گوللاندىيە خەلقىنىڭ ئىسپانىيە ۋە غەربىي ياۋروپادىكى باشقا ئەللەرنىڭ گوللاندىيىنىڭ ئەركىنلىكىگە قىلغان دەخلى-تەرۇزىغا قارشى تۇرۇۋاتقان دەۋرگە، بۇرژۇئازىيىنىڭ فېئوداللىق جەمئىيەت-نىڭ ئاساسىغا قارشى تۇرۇۋاتقان دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. سپىنوزا يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۇ-رۇپ، پەننى بىلىم ئەركىنلىكىنى تەرغىپ قىلدى، مائارىپنى تەشەببۇس قىلدى، مائارىپنى بارلىق ئىجتىمائىي ئاپەتلەردىن قۇتۇلۇشنىڭ ۋاستىسى، دەپ قارىدى. ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى بۇرژۇئا ئەركىنلىكىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى بولۇشى لازىم. سپىنوزا ئىلاھ — تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ياراتقۇچىسى دېگەننى ئىنكار قىلىپ، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۆزى ئىلاھ، دەپ قارىدى. سپىنوزا تەبىئەت دۇنياسىنى ئىلاھ دەپ ئاتىدى. تەبىئەت دۇنياسى ئۆزىدىكى سەۋەپ-لەردىن بولىدۇ. تەبىئەت دۇنياسى جىمى كائىناتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ سەۋەبى، جىمى كائىنات ماھىيىتىنىڭ سەۋەبى،

دەپ تەكىتلەپ كورسەتتى. ئېنگېلس سپىنوزانىڭ "ئۆزىنىڭ سەۋەبى" ("causa sui") دېگەن بۇ مەشھۇر قائىدىسىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بەرگەن. ئېنگېلس مۇنداق دەپ يازىدۇ: "شۇ ۋاقىتتىكى پەلسەپىنىڭ ئالىي شان-شۆھرىتى شۇ بولدىكى، ......ئۇ — سپىنوزادىن تاكى ئۇلۇغ فرانسىيە ماتېرىيالىستلىرىغىچە — دۇنيانى دۇنيانىڭ ئۆزىدىن چۈشەندۈرۈشتە چىڭ تۇردى-دە، تەپسىلاتلار جەھەتتىن ئىسپاتلاشنى كەلگۈسىدىكى تەبىي پەنلەرگە قالدۇردى." («تەبىئەت دىيالېكتىكىسى»، 1979-يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 16-بەت)

سپىنوزا دېكارت* نىڭ ئىككى مەنبەچىلىكىنى قاتتىق تەنقىدلەپ، بىر مەنبەچىلىك سىستېمىسىنى ياراتتى. ئۇنىڭدا تەپەككۇر بىلەن سوزۇلۇچانلىق بىر پۈتۈن ئىسىل زات — تەبىئەت دۇنياسىنىڭ خۇسۇسىيىتى (ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى) دەپ جاكالاندى. سپىنوزا تەپەككۇرنى بارلىق ماددىنىڭ خۇسۇسىيىتى دەپ قاراپ، ھەتتا ھالدا، جىمى كائىناتتا روھ بولىدۇ، دېگەن نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇرىدۇ. سپىنوزا ھەرىكەتنى جىسىملارنىڭ ماكاندىكى مېخانىكىلىق ئورۇن يۆتكىلىشىدىن ئىبارەت دەپ چۈشەندى ھەمدە ھەرىكەتنىڭ ئەسلى زاتنىڭ خۇسۇسىيىتى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىدى، بەلكى ھەرىكەت پەقەت مەلۇم ئايرىم جىسىملاردىلا بولىدۇ دەپ قارىدى. سپىنوزانىڭ پەلسەپىسى بويىچە بولغاندا، پەقەت ئايرىم جىسىملارلا ئۆزگىرىدۇ، پۈتكۈل تەبىئەت دۇنياسى بولسا مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ ھەمدە ئۇ زاماننىڭ سىرتىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. سپىنوزا ھەرىكەت ۋە تەرەققىيات مەسىلىسىنىلا مېتافىزىكىلىق ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىپ قالماستىن، بەلكى سەۋەبىيەت، مۇقەررەرلىك ۋە تاسادىپىلىق مەسىلىسىنىمۇ مېتافىزىكىلىق ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىدۇ. سپىنوزانىڭ قارىشىچە، قەتئىي بولغان مۇئەييەنلىك نەزىرىيىسى تاسادىپىلىقنى ھەرگىز ئېتىراپ قىلالمايدۇ. ئۇ تەبىئەت دۇنياسىدا



يۈز بەرگەن بارلىق ھادىسىلەرنىڭ ھەممە-
سىنى مۇقەررەر ھادىسە دەپ قارايدۇ. بۇ
مۇقەررەرلىك ۋە تاسادىپىلىق ئۈستىدىكى
مېتافىزىكىلىق نۇقتىنەزەر، ئەمەلىيەتتە،
بۇ ئىككىسى ھەرگىزمۇ بىر بىرىنى چەتكە
قاقمايدۇ، چۈنكى تاسادىپىلىقنىڭ ئۆزى
مۇقەررەرلىكنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىش
شەكلىدىنلا ئىبارەت. لېكىن سپىنوزانىڭ
پەلسەپە نەزەرىيىسىدە دىيالېكتىكا ئامى-
لىرىمۇ بار. مەسىلەن، سپىنوزانىڭ "ئۆزىدىكى سەۋەب" دېگەن
قائىدىسىدە شەيئىلەرنىڭ بىر بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى،
باغلىنىدىغانلىقى ۋە بېقىنىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن. سپىنوزا
ئەركىنلىك ۋە مۇقەررەرلىك مەسىلىسىگىمۇ دىيالېكتىك ھالدا
مۇئامىلە قىلىپ، ئەركىنلىك بىلىۋېلىنغان مۇقەررەرلىك بولىدۇ،
دەپ قارايدۇ. سپىنوزا پسىخولوگىيە تەلىماتىدا ھاياجانلىق
نەزەرىيىسى (خۇشال بولۇش، خاپا بولۇش ۋە باشقىلار)
ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ھاياجانلىق سىزىۋېلىنغان ھامان
ئارزۇغا ئايلىنىدۇ. سپىنوزا كىشىلەرنىڭ ھاياجانلىقىنى بېسىۋالالما-
لىقىنى ياكى تىزگىنلىيەلمەسلىكىنى قۇللۇق دەپ ئاتايدۇ. ئۇنىڭ
ئەكسىچە، ھاياجانلىقنى تىزگىنلىگەنلىك ئەركىنلىك بولارمىش، ئەقلىي
ھاياجانلىق باشقا بارلىق ھاياجانلىقتىن ئۈستۈن تۇرۇشى كېرەكمىش.

بىلىش نەزەرىيىسى جەھەتتە، سپىنوزا دېكارتنىڭ ئەقلىچىلىك-
نىڭ ۋارىسى ئىدى. ئۇ، توغرا بىلىش تۇيغۇنىڭ ياردىمى بىلەن
ئەمەس، بەلكى ئەقىلنىڭ ئۆزى ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ، دەپ
قارايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ پەلسەپە تەتقىقاتى خىزمىتىدە گېئومېترىيە
ئۇسۇلىنى قوللىنىدۇ. مۇتلەق كۆپ سانلىق يۇرۇشتا پەلسەپە تارىخ-

شۇناسلىرى سپىنوزانى خاتا ھالدا. يان ئىلاھچىلىق تەرەپدارى دەپ قارىغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ ئىلاھسىزلىق تەرەپدارى بولۇپ، دىنىي كەسكىن تۈردە تەنقىد قىلغان ھەمدە مۇشۇ سەۋەپ بىلەن، 1656 ـ يىلى يەھۇدى دىنىي ئۇيۇشمىسىنىڭ قاقشىغا ئۇچرىغان ۋە يەھۇدى دىنىي ئۇيۇشمىسىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان. ئىجتىمائى كۆزقاراش جەھەتتە سپىنوزا ئىدىيالىست ۋە مېتافىزىكىچى ئىدى. ئۇ "ئەقلىي" جەمىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى ئەقلىيلىقنىڭ "ئايدىڭلاشتۇرۇلۇشى" غا، ئىنسانلارنىڭ "چىن" ماھىيىتىگە بولغان بىلىشىگە باغلىق، دەپ قارايدۇ. سپىنوزانىڭ ماتېرىيالىزمى 16 ـ ئەسىردىكى فرانسىيە ماتېرىيالىستلىرىغا ۋە گېرمانىيىدىكى مەرىپەتچىلىك ھەركىتىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى: (ئەقلىيلىقنى ياخشىلاش نەزىرىيىسى)، «ئىلاھىيەت ھەققىدىكى سىياسى ماقالىلار» (1670)، «ئەخلاق ئىلمى» (1662 — 1675) دىن ئىبارەت. ئۇ 12 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ «ئەخلاق ئىلمى» دىگەن ئەسىرىنى يېزىپ چىقتى، ئۇ بۇ كىتاۋىدا ئۆزىنىڭ بارلىق پەلسەپە نۇقتىئىنەزەرىنىڭ مېغىزىنى ئېنىق شەرھىلەپ بەردى. «ئەخلاق ئىلمى» دىگەن كىتاپ بۇ مۇتەپەككۇر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دوستلىرى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۇ كىتاپ سپىنوزانىڭ «ئەدىبىي مىراسلىرى» ئىچىدىكى ئاساسىي قىسمى ھېساپلىنىدۇ. 1678 ـ يىلى، ئۇنىڭ «ئەدىبىي مىراسلىرى» ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن "ھاقارەت كەلتۈرىدىغان، ئىلاھسىزلىق تەلىماتى" دەپ قارىلىپ، تارقىتىلىش مەنى قىلىنغان.

**ستاسوۋ، ۋلادىمىر ۋاسىلېۋىچ** 斯塔索夫，弗拉基米尔·瓦西
(1906 — 1824) Стасов, Владимир Васильевич 里也维奇

مەشھۇر رۇس سەنئەت نەزىرىيىچىسى، سەنئەت تارىخشۇناسى، سەنئەت تەنقىتچىسى، مۇزىكا تەنقىتچىسى. ئۇ قانۇن مەكتىۋىنى



يېتىشىپ چىققان. ئۇ 1857 ـ يىلىدىن باشلاپ پېتېربۇرگ جامائەت كۇتۇپخانىسىدا ئىشلىگەن. ستاسوۋ بېلىنسكى* ۋە چېرنىشېۋسكى* لەرنىڭ ماتېرىيالىستىك ئېستېتىكىسىنىڭ ۋارىسى، ئۇ رۇس سەنئىتىدىكى ئىلغار دېموكراتىزىملىق يۆنىلىشنى قىزغىن قوغداپ، رۇس مىللىتىنىڭ رېئالىزىملىق سەنئىتىنى باشتىن ـ ئاخىر ئېغىشماي تەشۋىق قىلغان. ستاسوۋ چېرنىشېۋسكىدىن كېيىن، سەنئەتنى رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى دەپ قاراپ، سەنئەت ئەسەرلىرىدىن تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى، تۇرمۇشنى چۈشەندۈرۈشنى ھەمدە بارلىق كونا، چىرىك ئەكسىيەتچىل، ئىلگىرىلەشكە توسالغۇ بولىدىغان نەرسىلەرنى ئەيىپلەشنى تەلەپ قىلغان. ستاسوۋ مەشھۇر تەنقىدىي رېئالىزىمچى مۇتەپەككۇر. ئۇ سەنئەتنى جەمئىيەتنى دېموكراتىك ئاساستا ئۆزگەرتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىكى قۇدرەتلىك ئىجتىمائىي كۈچ دەپ قارىغان. ئۇ سەنئەتتىكى جاھانچىلىققا قەتئىي تۈردە كەسكىن قارشى تۇرۇپ، سەنئەتنىڭ خەلقچىللىقى ۋە رۇس مىللىي سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن باشتىن ـ ئاخىر كۈرەش قىلدى. ئۇ خەلق تۇرمۇشىدىن ئۆسۈپ يېتىلمىگەن سەنئەتنىڭ كۈچى بولمايدۇ دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتتى. ستاسوۋ: كەڭ ئاممىنىڭ مەنپەئەتى ۋە تەلىۋىگە ئۇيغۇن بولغان، ئۆز مىللىي سەنئەت ئېقىملىرىنىڭ راۋاجلىنىشى سەنئەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى بىردىن ـ بىر يول ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشەندى. ئۇ ئاممىدىن ئايرىلغان، نوۋەتتىكى جىددىي مەسىلىلەرنى ئېتىۋارغا ئالمايدىغان، "سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت" دېيىدىغان سەنئەتنى قاتتىق تەنقىت قىلدى.

ستاسوۋ سەنئەت تەنقىدچىسى سۈپىتىدە، سەنئەتتىكى دېموكراتىزم ۋە رېئالىزمنى مۇستەھكەملەشتە ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى! ئۇ ئىلغار رەسساملار ("كۆچمە رەسىم كۆرگەزمىسى تەرەپدارلىرى") ۋە ئىلغار كومپوزىتورلار ("كۈچلۈك گۇرۇھ")نى قوللىدى، ئۇ سەنئەت ۋە ئېستېتىكىدىكى قالاقلىق، ئەكسىيەتچىلىككە قارشى كۈرەش قىلدى، مەدرىسچىلىك ۋە ئېستېتىزمنى تارمار قىلىپ، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان غەربىي ياۋروپا ۋە رۇس سەنئىتىدىكى شەكىلۋازلىق ۋە چۈشكۈنچىلىكنى ئۇززۇل-كېسىل ئېچىپ تاشلىدى. ستاسوۋتا تېخى ئۇززۇل-كېسىل ئىنقىلابىي دېموكراتىزملىق نۇقتىسىنەزەر بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بەزىدە يەنە لىبېرالىزمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايتتى، شۇڭا ئۇ بۇرژۇئا سەنئىتىنىڭ چۈشكۈنلۈكىنىڭ ھەقىقىي تارىخىي سەۋەبلىرىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيتتى، سوتسىيالىستىك ئىنقىلابلا سەنئەتنى چەكسىز راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالايدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. لېكىن، شۇ چاغدىكى شارائىتتا، ستاسوۋنىڭ پائالىيەتلىرى ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى مۇنۇلار: «رۇس سەنئىتىنىڭ 25 يىلى» (1882—1883) «يېڭى رۇس سەنئىتىدىكى توسالغۇ» (1885)، «19-ئەسىردىكى ياۋروپا سەنئىتى توغرىسىدا ئومۇمىي مۇھاكىمە» (1901).

**ستالىن،** يوسىف ۋىسساريونوۋىچ **斯大林，**约瑟夫·维萨里昂诺维奇 Сталин, Иосиф Виссарионович لېنىننىڭ سادىق شاگىرتى ۋە سەپدىشى، لېنىن ئىشلىرىنىڭ ئۇلۇغ ۋارىسى، كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە سوۋېت خەلقىنىڭ داھىسى ۋە ئۇستازى.

ستالىن 1879-يىل 12-ئاينىڭ 21-كۈنى تىفلىس ئۆلكىسىنىڭ گورى شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى دېھقاندىن كېلىپ

چىققان موزدوز ئىدى، كېيىن بىر ئاياق كىيىمى فابرىكىسىدا ئىشچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1894-يىلى، ستالىن گورى دىنىي باشلانغۇچ مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، تىفلىس دىنىي ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگەن. ستالىن 15 يېشىدىن باشلاپلا ئىنقىلاۋىي ھەركەتلەرگە قاتناشقان، ئۇ جەنۇبىي كاپكازدىكى رۇس ماركسىزمچىلىرىنىڭ مەخپىي گۇرۇپپىسى بىلەن ئالاقە باغلىغان؛ 1898-يىلى، ستالىن تىفلىستىكى روسىيە سوتسىيال-دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ قالغان، گىرۇزىيىدىكى تۇنجى سوتسىيال دېموكراتىزملىق تەشكىلات— "مېسامې-داسى"دا ستالىن كېتسخوۋېلى، تسۇلۇكىدزېلەر بىلەن ئىنقىلاۋىي ماركسىزمچى ئاز سانلىقلارنىڭ رەھبەرلىك يادروسىنى تەشكىل قىلغان. ستالىن ئىشچىلار گورۇپپىلىرىدا جىددىي تەشۋىقات خىزمەتلىرىنى ئېلىپ بارغان؛ 1899-يىلى ستالىن ماركسىزمنى تەشۋىق قىلغانلىقى ئۈچۈن دىنىي ئوتتۇرا مەكتەپتىن ھەيدەپ چىقىرىلغان. ستالىن لېنىننىڭ «ئۇچقۇن» گېزىتىنىڭ قىزغىن ھىمايىچىسى ئىدى. ستالىن ۋە كېتسخوۋېلىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، لېنىننىڭ «ئۇچقۇن» گېزىتى تەرەپتە تۇرغان. گىروزىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەخپىي گېزىتى— «كۈرەش» گېزىتى 1901-يىلى چىقىشقا باشلىدى.

ستالىن 1901-يىلى روسىيە سوتسىيال-دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى تىفلىس كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلاندى. ئۇ بۇ كومىتېتنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن باتۇمغا بېرىپ، ئىشچىلار ئارىسىدا ئىنقىلاۋىي خىزمەتلەرنى پائال قانات يايدۇرۇپ، روسىيە سوتسىيال-دېموكراتىك ئىشچىلار پارتىيىسى باتۇم كومىتېتىنى قۇردى. 1902-يىل 4-ئاينىڭ 5-كۈنى، ستالىن قولغا ئېلىنىپ، باتۇم تۈرمىسىگە قامالدى. ستالىن تۈرمىدە بولشېۋىكلار بىلەن مېنشېۋىكلار ئوتتۇر-



И. Сталин.

سىدىكى ئىختىلاپنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن قەتئىي تۇردە بولشېۋىكلار تەرەپتە تۇردى. 1903-يىلى كۈزدە، ستالىن سىبىرىيىنىڭ شەرقىدىكى ئىركۇتسكى ئولكىسىنىڭ بالاگان ناھىيىسى يېڭى ئۇدا كەنتىگە 3 يىللىق مۇددەت بىلەن سۈرگۈن قىلىندى. ستالىن 1904-يىل 1-ئاينىڭ 5-كۈنى سۈرگۈن قىلىنغان جايدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن، جەنۇبىي كاپكازدا ئىنقىلاۋىي خىزمەت ئېلىپ بېرىپ لېنىننىڭ يېڭى تىپتىكى ماركسىزىملىق پارتىيە قۇرۇش توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى قوغداپ، مېنشېۋىكلار ۋە مۇرەسسەچىلەرگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشلەرگە پائال قاتناشتى. 1904-يىل 12-ئايدا، ستالىن دۇئا پارىدزى بىلەن باكو ئىشچىلىرىنىڭ چوڭ ئىش تاشلىشىغا رەھبەرلىك قىلدى. ستالىن ئۆزىنىڭ «كوتائىسىدىن كەلگەن خەت»، «پرولېتارىيات ۋە پرولېتارىيات پارتىيىسى»، «پارتىيە ئىچىدىكى پىكىر ئىختىلاپلىرى توغرىسىدا قىسقىچە مۇھاكىمە» ۋە «سوتسىيال دېموكراتلار) گېزىتىگە جاۋاپ» دېگەن ئەسەرلىرىدە لېنىننىڭ پارتىيە توغرىسىدىكى ئىدىيىۋى پىرىنسىپى ۋە تەشكىلىي پىرىنسىپىنى قوغدىدى.

بىرىنچى قېتىملىق روسىيە ئىنقىلاۋى يىللىرىدا (1905—1907)، ستالىن لېنىننىڭ بۇ قېتىمقى ئىنقىلاپنىڭ ئىستىراتېگىيىسى ۋە تاكتىكىسىدا چىڭ تۇردى. ھەممە يەردە ئىنقىلاپنىڭ ۋە قوراللىق قوزغىلاڭنىڭ مېنشېۋىكلاردىن ئىبارەت دۈشمەنلىرىنى پاش قىلدى. 1905-يىل 12-ئايدا، ستالىن جەنۇبىي كاپكاز بولشېۋىكلىرىغا ۋاكالىتەن، فىنلاندىيىنىڭ تامېرفورس دېگەن جايىدا چاقىرىلغان پۈتۈن روسىيە بولشېۋىكلىرىنىڭ 1-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتناشتى. بۇ يىغىندا، لېنىن بىلەن ستالىن تۇنجى قېتىم كۆرۈشتى. ستالىن ئۆزىنىڭ 1905-يىلى ئېلان قىلغان «قوراللىق قوزغىلاڭ ۋە بىزنىڭ ئىستىراتېگىيىمىز»، «ئەكسىيەتچىلىك كۈچەيمەكتە» دېگەن ماقالىلىرىدا

ماقالىلىرىدا، قۇرالىلىق قوزغىلاڭنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى قەتئى تەشەببۇس قىلدى. ستالىن بۇ ماقالىلىرىدا شۇنىڭدەك 5-قۇرۇلتاي (لوندون قۇرۇلتىيى)دىن قايتىپ كېلىپ يازغان «بىر ۋەكىلنىڭ خاتىرىسى» دېگەن ماقالىسىدا بولشېۋىزمنىڭ ئىستراتېگىيىلىك نۇقتىئىنەزەرلىرىنى قوغدىدى. 1906-يىلدىن 1907-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، ستالىن **«ھۆكۈمەتسىزلىكمۇ ياكى سوتسىيالىزممۇ؟»*** دېگەن ئومۇمى سەرلەۋھەدە بىرنەچچە پارچە ماقالا ئېلان قىلدى. بۇ ماقالىلاردا ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ ئاساسى قائىدىلىرى چۈشەندۈرۈپ بېرىلگەن، كاپىتالىزمنىڭ مۇقەررەر يوقىلىدىغانلىغى، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى، جەڭگىۋار پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ زۆرۈرلۈگى قاتارلىق بىرنەچچە مۇھىم نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر شەرھىلەپ بېرىلگەن.

1905-يىلدىن 1907-يىلغىچە بولغان ئىنقىلاپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىنكى ئەكسىيەتچىلىك يىللىرىدا، ستالىن شائۇميان بىلەن باكۇدا ئىشچىلار ئاممىسىنى بولشېۋىزم بايرىغى ئاستىغا توپلاپ، ئىشچىلار رايونىدىكى مېنشېۋىكلارنى سىقىپ چىقىرىشتىن ئىبارەت غەلىبىلىك كۆرەشنى ئۇيۇشتۇردى. 1908-يىل 3-ئاينىڭ 25-كۈنى ستالىن قولغا ئېلىنىپ، 8 ئايلىق قاماقتىن كېيىن، ۋولگدا ئۆلكىسىنىڭ سولۋۇچېگودسك دېگەن يېزىغا ئىككى يىللىق مۇددەت بىلەن سۈرگۈن قىلىندى. 1909-يىل 6-ئاينىڭ 24-كۈنى، ستالىن سۈرگۈن قىلىنغان جايدىن قېچىپ چىقىپ، يەنە باكۇغا قايتىپ كېلىپ، مەخپىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللاندى. ستالىن 1910-يىل 3-ئاينىڭ 25-كۈنى يەنە قولغا ئېلىنىپ، 6 ئايلىق قاماقتىن كېيىن، يەنە سولۋۇچېگودسكقا سۈرگۈن قىلىندى. پارتىيىنىڭ 1912-يىلىدىكى پراگا ۋەكىللەر يىغىنى مېنشېۋىكلارنى پارتىيىدىن قوغلاپ چىقاردى، شۇنىڭ بىلەن ئەڭ ئاخىرىدا مۇستەقىل بولشېۋىكلار پارتىيىسىنى

قۇرۇشقا ئاساس سېلىندى. ۋەكىللەر يىغىنى يىغىنغا كېلەلمىگەن ستالىننى مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئەزالىقىغا سايلىدى؛ يىغىندا روسىيە مەركىزىي بيۇروسى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا ستالىن رەھبەرلىك قىلىدىغان بولىدى. 1912-يىل 2-ئاينىڭ 29-كۈنى، ستالىن ۋولوگدادىكى سۈرگۈن قىلىنغان جايدىن قېچىپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن ستالىن مەركەزنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن، روسىيىنىڭ ھەرقايسى مۇھىم رايونلىرىنى كېزىپ كەچۈردى. ستالىن «چولپان» گېزىتىنىڭ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلدى. ستالىننىڭ ئاكتىپ قاتنىشىشى بىلەن، پېتېربۇرگ ئىشچىلىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تەسىس قىلىنغان «ھەقىقەت» گېزىتىنىڭ تۇنجى سانى بېسىلىپ چىقتى. 1912-يىل 4-ئاينىڭ 22-كۈنى، ستالىن قولغا ئېلىنىپ، كېيىن نارىم چېگرا رايونىغا 3 يىللىق مۇددەت بىلەن سۈرگۈن قىلىندى. 1912-يىل 9-ئاينىڭ 1-كۈنى ستالىن سۈرگۈن قىلىنغان جايدىن پېتېربۇرگقا قايتىپ كېلىپ، بۇ يەردە «ھەقىقەت» گېزىتىنىڭ تەھرىرلىكىنى قىلدى، بولشېۋىكلارنىڭ 4-نۆۋەتلىك دۆلەتلىك دۇما سايلىمى ھەركىتىدىكى پائالىيەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلىشقا قاتناشتى.

ستالىن 1912-يىلدىن 1913-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا **«ماركسىزم ۋە مىللىي مەسىلە»*** دېگەن كىتاۋىنى يازدى. لېنىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: مىللىي مەسىلىگە دائىر ماركسىزملىق نەزەرىيىۋى ھوججەتلەر ئىچىدە "......ستالىننىڭ ماقالىسى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ" («لېنىن ئەسەرلىرى»، رۇسچە 3-نەشرى، 19-توم، 488-بەت). بۇ ماقالا ۋە لېنىننىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى نۇرغۇن ئارىخىي ئەسەرلىرى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ مىللىي پىروگراممىسىنى قوغداش ۋە دەلىللەپ بېرىشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. 1913-يىل 2-ئاينىڭ 23-كۈنى، ستالىن يەنە قولغا ئېلىندى ھەمدە تۇرۇخانسكى چېگرا رايونىغا 4 يىللىق مۇددەت بىلەن

سۈرگۈن قىلىندى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئۇرۇش، تىنچلىق، ئىنقىلاپ مەسىلىلىرىدە ستالىن لېنىننىڭ ئىنتېرناتسىئونالىزىملىق مەيدانىدا تۇردى. فېۋرال ئىنقىلابى ستالىننى تۇرۇخانسكىدىكى سۈرگۈن قىلىنغان جايدىن ئازات قىلدى. 1917-يىل 3-ئايدا، ستالىن پېتېربۇرگقا قايتىپ كەلدى.

1917-يىلى چاقىرىلغان ئاپرېل ۋەكىللەر يىغىنىدا، ستالىن لېنىننىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب توغرىسىدىكى لۇشيەنىنى قەتئىي ھىمايە قىلىپ، كامېنېۋ ۋە لىكوۋ قاتارلىقلارنىڭ ئاسىلىق مەيدانىغا قارشى كۆرەش قىلدى. بۇ ۋەكىللەر يىغىنىدا، ستالىن مىللىي مەسىلە توغرىسىدا دوكلات بەردى. ستالىن پارتىيىنىڭ 1917-يىلدىكى 6-قۇرۇلتىيىدا دوكلات بېرىپ، لېنىننىڭ پارتىيىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىي كۆرەشتىكى ۋەزىپىلىرى ۋە تاكتىكىسى توغرىسىدىكى يوليورۇغىنى شەرھىلەپ ئۆتتى. قۇرۇلتاي سوتسىيالىزمنىڭ روسىيىدە غەلىبە قىلىشى مۇمكىن ئەمەس دەپ ئەكسىلئىنقىلابىي مۇقام تۇتۇلغان تروتسكىچىلارنىڭ دەككىسىنى بەردى. قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 10-ئاينىڭ 16-كۈنىدىكى يىغىنىدا، ستالىن، سۋېردلوۋ، دزېرژىنسكىي، يورىتسكىلاردىن تەركىب تاپقان پارتىيە زۆڭبۇسى سايلاندى.

ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ستالىن لېنىن باشچىلىقىدىكى 1-نۆۋەتلىك خەلق كومىتېتىغا قاتنىشىپ، مىللىي ئىشلار خەلق كومىسسارى بولدى، 1919-يىلدىن باشلاپ قوشۇمچە دۆلەت تەپتىش خەلق كومىسسارى بولدى. برېست سۈلھى شەرتنامىسىنى ئىمزالاش مەزگىلىدە، ستالىن لېنىننىڭ رەھبەرلىكىدە، خائىن تروتسكىي ۋە بۇخارىنلارغا قارشى كۆرەش قىلىپ، سوۋېتلەر جۇمھۇرىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن تىنچلىقتا چىڭ تۇردى. چەتئەللەرنىڭ قوراللىق مۇداخىلىسى ۋە ئىچكى

ئۆرۈش يىللىرىدا، ستالىن لېنىننىڭ سوۋېت دۆلەت مۇداپىئە ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىشىغا ياردەملەشكەن ئەڭ يېقىن سەپدىشى ئىدى. ستالىن شۇ چاغدا، جۇمھۇرىيەت ئىنقىلاۋىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئەزالىقى، غەربىي سەپ، جەنۇبىي سەپ، غەربىي جەنۇبىي سەپ ئىنقىلاۋىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالدى.

لېنىننىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن ستالىن 1922-يىلى كوممۇنىستىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىلىقىغا سايلاندى، شۇندىن تارتىپ تاكى 1952-يىلى 10-ئايغىچە ستالىن مۇشۇ ۋەزىپىنى ئۆتەپ كەلدى. لېنىننىڭ رەھبەرلىكىدە، ستالىن ھەرقايسى مىللى سوۋېت جۇمھۇرىيەتلىرىنى قۇرۇش ۋە ئۇلارنى بىرلەشتۈرۈپ بىر ئىتتىپاقداش دۆلەت (سوۋېت ئىتتىپاقى) قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت غايەت زور خىزمەتنى ئىشلىدى. 1922-يىلى 12-ئاينىڭ 30-كۈنى، پۈتۈن سوۋېتلەرنىڭ 1-قۇرۇلتىيى سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ تارىخىي ئەھمىيەتلىك قارارنى ماقۇللىدى.

1924-يىل 1-ئاينىڭ 21-كۈنى لېنىن ۋاپات بولدى. كوممۇنىستىك پارتىيە، لېنىننىڭ ئوتجەس ئىشلىرىنىڭ ئۇلۇغ ۋارىسى ستالىن باشچىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى لېنىننىڭ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ داۋاملىق ئالغا باستى. پۈتۈن سوۋېتلەرنىڭ 2-قۇرۇلتىيىدا ستالىن كوممۇنىستىك پارتىيىگە ۋاكالىتەن لېنىننىڭ ۋەسىيىتىنى ئادا قىلىش يولىدا قەسەمىيات قىلدى؛ بۇ پارتىيىنىڭ ئۆز داھىيسىغا قىلغان قەسىمى ئىدى. ستالىن باشچىلىقىدىكى مەركىزىي كومىتېتنىڭ رەھبەرلىكىدە، كوممۇنىستىك پارتىيە تروتسكىچىلار، بۇخارىنچىلار، بۇرژۇئا مىللەتچىلىرى ۋە خەلقنىڭ باشقا ئورناق دۈشمەنلىرىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتنى لېنىننىڭ يولىدىن چەتلىتىپ،

كاپىتالىزمنى قىرىلدۇرۇش يولىغا بۇرۇماقچى بولغان بارلىق ئۇرۇ-
نۇشلىرىنى ئېچىپ تاشلىدى ۋە تارمار قىلدى. ستالىن **«لېنىنىزم
ئاساسلىرى توغرىسىدا»***، «ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە رۇسىيە كوممۇ-
نىستلىرىنىڭ تاكتىكىسى» ۋە باشقا ئەسەرلىرىدە، تروتسكىچىلار
ۋە زىنوۋيېۋچىلارنى ئېچىپ تاشلىدى، لېنىننىڭ سوتسىيالىزمنىڭ
سوۋېت ئىتتىپاقىدا غەلىبىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى تەلىماتىنى
قوغدىدى، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ دۆلەتنى سوتسىيالىستىك
سانائەتلەشتۈرۈش ۋە سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنى قۇرۇش توغرىسى-
دىكى لۇشيەنىنى شەرھىلەپ بەردى. ستالىن لېنىننىڭ پارتىيە
پرولېتارىياتنىڭ سىنىپىي بىرلەشمىسىنىڭ ئەڭ ئالىي شەكلى، پرولې-
تارىيات دىكتاتۇرىسى تۈزۈمى ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي
رەھبىرىي كۈچى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى قائىدىسىنى كونكرېتلاش-
تۇردى ھەمدە راۋاجلاندۇردى.

ستالىن نۇرغۇن ئەسەرلىرىدە لېنىننىڭ ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپا-
قىنىڭ پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ ئالىي پرىنسىپى، سوتسىيالىزم
قۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئاساسىي كۈچ ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى
قائىدىسىنى نۇقتىلىق ھالدا كۆرسىتىپ بەردى. ستالىن لېنىننىڭ بۇ
ئىدىيىسىنى باشتىن-ئاخىر ئىزچىللاشتۇردى، لېنىن
ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولغان، دۆلەتنى سوتسىيالىستىك ئاساستا ئۆز-
گەرتىدىغان پروگراممىنى تۈزۈپ بەرگەن ئىدى. ستالىن لېنىننىڭ
بۇ يوليورۇقىغا ئاساسەن، پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىغا بەرگەن مەر-
كىزىي كومىتېتنىڭ خۇلاسە دوكلاتىدا، پارتىيىنىڭ دۆلەتنىڭ سوتسى-
يالىستىك سانائەتلەشتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە سوۋېت
ئىتتىپاقىنى يېزا ئىگىلىكى دۆلىتىدىن قۇدرەتلىك سانائەت دۆلىتىگە
ئايلاندۇرۇش جەھەتتىكى ۋەزىپىلىرىنى شەرھىلەپ بەردى. سوۋېت
ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلار) نىڭ 15-قۇرۇلتىيى

لېنىننىڭ كوپېراتسىيە پىلانىغا ئاساسەن، يېزا ئىگىلىكىنى كوللېكتىپلاشتۇرۇشنى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويدى. ستالىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سىياسىي دوكلاتىدا، بۇ ۋەزىپىنى يىغىنچاقلاپ چۈشەندۈردى. ستالىن «سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلار) ئىچىدىكى ئوڭچىللىق خەۋپى توغرىسىدا» (1928) ۋە «سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلار) ئىچىدىكى ئوڭچىللىق توغرىسىدا» (1929) دېگەنگە ئوخشاش نۇتۇقلىرىدا، ئوڭچىل ئاغمىچىلارنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ باي دېھقانلارنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى گۇماشتىسى، شۇنىڭدەك لېنىنىزمنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

ستالىن پارتىيىنىڭ 16-قۇرۇلتىيىدا (1930) بەرگەن مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خۇلاسە دوكلاتىدا، سوتسىيالىزمنىڭ كاپىتالىستىك تەركىبلەرگە قارشى ئومۇمىي يۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىشىنىڭ ماھىيىتىنى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىزم دەۋرىگە كىرگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. 1934-يىلى، ستالىن پارتىيىنىڭ 17-قۇرۇلتىيىدا مەركىزىي كومىتېتنىڭ خۇلاسە دوكلاتىنى بېرىپ، پارتىيە ۋە سوۋېت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش داۋامىدىكى تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە كۆرەشلىرى ۋە غەلىبىلىرىنى يەكۈنلىدى. لېنىننىڭ سوتسىيالىزمنىڭ بىر دۆلەتتە قۇرۇلۇشى مۇمكىنلىكى توغرىسىدىكى تەلىماتى غەلىبە قىلدى.

سوتسىيالىزمنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى غەلىبىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېڭى ئاساسىي قانۇنىدا ئىپادىلەندى. ئاساسىي قانۇن لايىھەسىنى ستالىن رەئىسلىكىدىكى مەخسۇس ئاساسىي قانۇن كومىسسىيىسى تۈزۈپ چىقتى. ستالىن 1936-يىلى پۈتۈن سوۋېتلەرنىڭ 8-نۆۋەتلىك ئادەتتىن تاشقىرى قۇرۇلتىيىدا يېڭى ئاساسىي قانۇن لايىھەسى توغرىسىدا دوكلات بەردى. بۇ دوكلاتتا 1924-يىلدىكى ئاساسىي

قانۇن ماقۇللانغاندىن بۇيان مەملىكەت ئىچىدە يۈز بەرگەن تۈپ ئۆزگىرىشلەر ۋە يېڭى ئاساسىي قانۇننىڭ ئالاھىدىلىكلىرى شەرھلەپ بېرىلدى.

ستالىن 1938 - يىلى **«دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم»** دېگەن ئەسىرىنى يېزىپ چىقتى، بۇ ئەسەر سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلار) مەركىزىي كومىتېتى ئالاھىدە تەسىس قىلغان كومىتېت تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ۋە مەركىزىي كومىتېت تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن **«سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلار) تارىخى قىسقىچە كۇرسى»**غا كىرگۈزۈلدى. بۇ ئەسەردە ماركسىزىمچە دىيالېكتىك ئۇسۇل ۋە ماتېرىيالىزم نەزەرىيىسى ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلىندى. ماركسىزم - لېنىنىزم پەلسەپىسى بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئەمەلىي پائالىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىش كۆرسىتىپ بېرىلدى. ستالىن دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزىمنىڭ كوممۇنىزىمنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى، ماركسىزم - لېنىنىزىملىق پارتىيىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى ۋە دۇنيا قارىشى ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

1939 - يىلى "پارتىيىنىڭ 18 - قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. ستالىن مەركىزىي كومىتېتنىڭ خۇلاسە دوكلادىدا پارتىيە ۋە سوۋېت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئورۇنلاش ۋە پەيدىن - پەي كوممۇنىزمغا ئۆتۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش پىروگراممىسىنى شەرھلەپ بەردى. ستالىن لېنىننىڭ كوممۇنىزم سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن دېگەن پىرىنسىپىنى ئىجادىي يوسۇندا، يېڭى ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلاندۇردى. ستالىن سوۋېت دۆلىتىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى قۇرۇلۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ھەرقايسى تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى شۇنىڭدەك

ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ رولىدا بولىدىغان ئۆزگىرىشنى تەپسىلى تەھلىل قىلدى. ھەمدە سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئەملىي كۈچىنى كۈچەيتىشنىڭ لازىملىقىنى ئۆقتىلىق ھالدا كۆرسىتىپ بەردى.

1939-يىل 12-ئاينىڭ 20-كۈنى، ستالىن 60 ياشقا كىرگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقى ئالى سوۋېتى پىرېزىدىئۇمى ستالىنغا سوتسىيالىستىك ئەمگەك قەھرىمانى دېگەن نامنى بەردى ۋە لېنىن ئوردېنى تەقدىم قىلدى. 1941-يىل 5-ئاينىڭ 6-كۈنى، ستالىن سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق كومىسسارلىرى كېڭىشىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەندى. سوۋېت خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى يىللىرىدا ستالىن سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكى ۋە دۆلەت مۇداپىئە خەلق كومىسسارلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. 1941-يىل 8-ئايدا، ستالىن سوۋېت ئىتتىپاقى قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ئالى قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى.

كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، سوۋېت ئارمىيىسى سوۋېت دۆلىتىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغدىدى.

سوۋېت خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىدا ئېرىشكەن شانلىق غەلىبىسى ستالىننىڭ نامى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. ستالىننىڭ ئۇرۇش دەۋرىدە ئېلان قىلغان نۇتۇق ۋە بۇيرۇقلىرى «سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى توغرىسىدا» دېگەن كىتابقا توپلاندى، بۇ نۇتۇق ۋە بۇيرۇقلاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھەربىي ئىشلار ئىلمى ئىجادىي ھالدا تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇلدى، سوۋېت دۆلىتىنىڭ ئۇرۇش شارائىتىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىنىڭ تەجرىبىلىرى يىغىنچاقلاندى. سوۋېت دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى ۋە ھەربىي كۈچىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەشنىڭ يوللىرى كۆرسىتىپ بېرىلدى. ستالىن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى دەۋرىدىكى رەھبەرلىك رولىنى كۆرسىتىپ بەردى ھەمدە سوۋېت

ئۇزۇمىنىڭ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دوستلۇغى-
نىڭ، سوۋېت ۋەتەنپەرۋەرلىرىنىڭ، سوۋېتلىكلەرنىڭ مەنىۋى ۋە
سىياسى جەھەتتىكى بىردەكلىكىنىڭ، ئالدىنقى سەپ بىلەن ئارقا
سەپنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىقىنىڭ فاشىست قاراقچىلار ئۈستىدىن
غەلىبە قىلىش كۈرىشىدىكى ئۇلۇغ ئەھمىيىتىنى تەكىتلەپ كۆرسەتتى.
سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ستالىننىڭ دۈشمەننى تارمار قىلىشتا
كۆرسەتكەن تۆھپىسىنى تەقدىرلەپ، ئۇنى بىرىنچى دەرىجىلىك
سۇۋوروۋ ئوردېنى ۋە ئىككى غالىبىيەت ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلىدى.
ئۇنىڭغا سوۋېت ئىتتىپاقى قەھرىمانى دېگەن نامنى بەردى، لېنىن
ئوردېنى ۋە "ئالتۇن يۇلتۇز" مېدال تەقدىم قىلدى. 1945-يىل 6-
ئاينىڭ 27-كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى قوراللىق كۈچلىرىنىڭ ئالى
قوماندانى ستالىن شەرەپلىك ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقى گېنېرالىسسى-
مۇسى دېگەن ئالى ئۇنۋانغا ئىگە بولدى.

ئۇرۇشتىن كېيىنكى يىللاردا سوۋېت خەلقى سوتسىيالىستىك
قۇرۇلۇشنى ئورۇنلاش ۋە پەيدىن-پەي كوممۇنىزم جەمئىيىتىگە
ئۆتۈش يولىدا داۋاملىق ئىشلىدى. 1946-يىل 2-ئاينىڭ 9-كۈنى،
ستالىن سايلىغۇچىلار يىغىنىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا، كوممۇنىستىك
پارتىيە تۈزۈپ چىققان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تىنچ ئىقتىسادىي قۇرۇ-
لۇش پروگراممىسىنى ئېنىق شەرھلەپ بەردى. 1949-يىلى ستالىن
70 ياشقا كىرگەندە "خەلقارا تىنچلىقنى كۈچەيتىش" ستالىن خەلقارا
مۇكاپاتى تەسىس قىلىندى. ستالىن—تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش،
ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرىنىڭ تىنچلىق-ھەمكارلىقىنى قولغا كەل-
تۈرۈش يولىدا تىز پۈكمەي كۈرەش قىلغان جەڭچى، ستالىن—
پارلاق تەرەققىپەرۋەر ئىنسانلارنىڭ تىنچلىقنى قوغداش يولىدىكى
ئۇلۇغ ھەركىتىنىڭ مەشھۇر ئەربابى.

ستالىن دۆلەتنىڭ چوڭ-چوڭ پائالىيەتلىرى ۋە سىياسى پائالىيەت-

لىرىگە قاتنىشىشتىن باشقا، ماركسىزم-لېنىنىزمىلىق نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنىمۇ ھارماي-تالماي تەتقىق قىلدى. 1950-يىلى ستالىن تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشقا قاتناشتى؛ ستالىن **«ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى»*** دېگەن ئەسىرىدە ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلما توغرىسىدىكى، تىل توغرىسىدىكى، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنىڭ يىراق مەنزىرىسى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى تۈپ قائىدىلىرىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇردى. ستالىن ئىلمىي ماركسىزمنىڭ ئىجاتچانلىقىنى ئالاھىدە ئېتىۋار بىلەن كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ بارلىق دوگمىچىلىق بىلەن چىقىشالمايدى-غانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پەننىڭ تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بەردى، پەن ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەر ئۈستىدە مۇنازىرىلىشىش ۋە ئەركىن تەنقىت ئار-قىلىق راۋاجلىنىدۇ، دەپ ھېسابلىدى. ستالىن 1952-يىلى ئېلان قىلغان **«سوۋېت ئىتتىپاقىدا سوتسىيالىزمنىڭ ئىقتىسادىي مەسى-لىلىرى»*** دېگەن ئەسىرىدە ھەقىقىي ئىلمىي سىياسىي ئىقتىساتنى ياراتقان ماركس، ئېنگېلس، لېنىننىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، سىياسىي ئىقتىساتقا دائىر نۇرغۇن يېڭى قائىدىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ئۇنى جارى قىلدۇردى.

1952-يىلى، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى 19-قۇرۇلتىيىنى چاقىردى. قۇرۇلتاي ئىلمىي ئاساستا ئىشكە بولغان، سوۋېت ئىتتىپاقىدا كوممۇنىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بارىدىغان ۋە دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش يولىدا كۈرەش قىلىدىغان پروگراممىنى تۈزۈپ چىقتى. ستالىن قۇرۇلتايدا سۆزلىگەن نۇتقىدا سوۋېت ئىتتى-پاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دۇنيا ئىنقىلابىي ھەرىكىتىدىكى ۋە ئىشچىلار ھەرىكىتىدىكى كارامەت رولىنى كۆرسىتىپ، كاپىتالىستىك ئەللەردىكى كوممۇنىستىك پارتىيىلەر بىلەن ئىشچىلار پارتىيىلىرىنىڭ

پائالىيەت ئېلىپ بېرىش شارائىتلىرىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، ئۇلارغا داۋاملىق كۈرەش قىلىش ۋە غەلىبە قىلىشنىڭ يىراق مەنزىرىسىنى كۆرسىتىپ بەردى.

ستالىن تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر سوۋېت ئىتتىپاقى مىنىستىرلار سوۋېتىنىڭ رەئىسى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلدى. ستالىن 1953-يىل 3-ئاينىڭ 5-كۈنى كەچ سائەت 9 دىن 50 مىنۇت ئۆتكەندە، ئېغىر كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولدى. ستالىننىڭ ۋاپاتى پارتىيە ئۈچۈن، سوۋېت دۆلىتىدىكى ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن قايغۇلۇق يوقىتىش بولدى. سوۋېت خەلقى كوممۇنىستىك پارتىيە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئىتتىپاقلاشتى.

كوممۇنىستىك پارتىيە خەلق بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ماركس، ئېنگېلس، لېنىن ۋە ستالىنلارنىڭ ئۇلۇغ تەلىماتىغا ئەمەل قىلىپ، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن سوۋېت دۆلىتىنى كوممۇنىزمنىڭ يېڭى غەلىبىسىگە قاراپ يېتەكلىمەكتە.

**ستانكېۋىچ**، نىكولاي ۋلادىمىروۋىچ **斯坦凯维奇，**尼古拉·弗拉基米罗维奇 Станкевич, Николай Владимирович (1813—1840) روس ئىدىيالىستىك پەيلاسوپى. ئۇ 30-يىللاردىكى موسكۋا پەلسەپە گۇرۇپپىسىدا، يەنى "ستانكېۋىچ گۇرۇپپىسى" ستانكېۋىچ، **بېلىنسكى***، ئاكساكوۋ، بوتكىن، **باكۇنىن***)دا ناھايىتى كۆرۈنەرلىك رول ئوينىغان. ستانكېۋىچ ئۆلگەندە، ئۇزىنىڭ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە يازغان تارىخ ئەسەرلىرى، ياشلىق دەۋرىدە يازغان تىراگېدىيە شۇنىڭدەك كېيىنكى كۈنلەردە يازغان شېئىرلىرى ۋە تەرجىمە قىلغان ئەسەرلىرىدىن باشقا، يەنە «مېنىڭ مېتافىزىكام» ۋە «پەلسەپىنىڭ سەنئەتكە بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا» دېگەنگە

ئوخشاش پەلسەپە ئەسەرلىرىنىڭ كۆپىيىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى. ستانكېۋىچنىڭ 1857-يىلى تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىنغان خەت-چەكلەر توپلىمى، ستانكېۋىچنىڭ ئىجتىمائىي-سىياسىي نۇقتىنەزىرى ۋە پەلسەپۋى نۇقتىنەزىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئاساسىي ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ستانكېۋىچنىڭ ئىجتىمائىي-سىياسىي نۇقتىنەزەرىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ئاقسۆڭەك مەرىپەتچى ئىدى. ئۇ يانچىلىق تۈزۈمنى ئەيىبلەيدۇ ھەمدە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت تەرەپ ئىدىيىسىگە قارىتا ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتىدۇ. ئۇ يانچىلىق تۈزۈمنى تىنچ يول بىلەن، پەيدىن-پەي يوقىتىشنى ئۈمىت قىلغان. ئۇنىڭ بۇنداق مۇتىدىل مەرىپەتچىلىك سىياسىي مەيدانى ئۇنىڭ پەلسەپە نۇقتىنەزەرلىرىنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلىگەن. ئۇ مەرىپەتنىڭ ۋەزىپىسى، "ئىنسانلار تەربىيىسى"نىڭ ۋەزىپىسىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان، پەلسەپىنى كىشىلەرنى "ئەخلاق" ۋە "ئەقلىي" جەھەتلەردىن مۇكەممەللەشتۈرۈپ بېرىدىغان بىر خىل قورال دەپ قارىغان.

ستانكېۋىچ پەلسەپە نۇقتىنەزىرىدىن ئېيتقاندا، بىر "ئوبيېكتىپ" ئىدىيالىست. ئۇنىڭ ئىدىيالىستىك دۇنياقارىشى دىنىي خاراكتېر ئالغان، ئۇ دۇنيادىكى ھەر خىل ھادىسىلەرنىڭ ئۆز ئارا باغلىنىشلىرى توغرىسىدىكى ۋە تەرەققىيات توغرىسىدىكى ئىدىيىسىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن. لېكىن، ئۇنىڭ دىيالېكتىكىسى ئىدىيالىستىك دىيالېكتىكا ئىدى. ئۇ ماسلىق ئۈستىدە توختىلىپ، ماسلىق دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، دەپ ھېسابلىدى. بىراق ستانكېۋىچ گېرمانىيە ئىدىيالىستلىرىغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ تەجرىبە ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان بىلىملەرگە بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى پەلسەپىنى تۇرمۇشقا زىچ بىرلەشتۈرۈش لازىم دېگەن ئىدىيىنى بايان قىلدى. ئۇ: پەن "ھەركەتكە ئايلىنىشى ھەمدە ھەركەتكە

سىڭىپ كىتىشى لازىم" دەپ يازىدۇ. ستانكېۋىچنىڭ ئېتىكا نەزەرىيىسى "مېھرىۋانلىق" پىرىنسىپى ۋە مەنپەئەتپەرەسلىكنى ئىنكار قىلىش ئاساسىغا قۇرۇلغان. ئۇ ئېتىكىدا مەسىلىسىنى ئۆزىنىڭ ئەخلاق پەلسەپە پىرىنسىپى بويىچە ھەل قىلغان. ئۇنىڭ پىكرىچە، سەنئەتنىڭ ۋەزىپىسى ئىنسانلار ئەخلاقىنىڭ مۇكەممەللىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مېھرىۋانلىق تەربىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ قارىشىچە، سەنئەت بىلەن دىن زىچ باغلانغان بولىدۇ.

**دېكابىرچىلار*** قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىنكى دەھشەتلىك ئەكسىيەتچىل شارائىتتا، ھەتتا ستانكېۋىچنىڭ بۇنداق مۆتىدىل مەرىپەتچىلىك تەشەببۇسلىرىمۇ شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ھېچقانداق ئىنقىلاۋىيلىقى بولمىغان ئىدىيالىستىك ئەخلاق ئىلىمىمۇ تەرەققىيپەرۋەر ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن، ستانكېۋىچمۇ يانچدارلار لاگېرىغا قارىمۇ-قارشى قىلىپ قويۇلدى.

**ستوئىكچىلار** Стоики 斯多葛派 مىلادىدىن تەخمىنەن 3 ئەسىر ئىلگىرى قەدىمقى يۇناندا پەيدا بولۇپ، تاكى مىلادىنىڭ 6-ئەسىرگىچە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن بىر پەلسەپە مەزھىپى. ستوئىكچىلار دېگەن نام گرېكچە "ατοά" (ستوئا)—پېشايىۋان دېگەن سۆزدىن كەلگەن. ستوئىكچىلىقنىڭ ئاساسچىسى كىتىونلۇق زېنو (تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇن 366—264) مۇشۇ يەردە دەرس ئۆتكەن. ستوئىكچىلارنىڭ تەلىماتى ئىنتايىن چىگىش ۋە بىر بىرىگە زىت ئىدى. ستوئىكچىلارنىڭ تەلىماتىدا نۇرغۇن ئاكتىپ ئامىللار بار، لېكىن ئومۇمى جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ تەلىمات قۇلدارلىق تۈزۈم بەربات بولغان ۋە پەلسەپە زەئىپلەشكەن دەۋرنىڭ ئىنكاسى ئىدى. ستوئىكچىلىقنىڭ تارىخىنى: قەدىمقى ستوئىكچىلار—بۇ مەزھەپنىڭ ئەڭ مەشھۇر مۇتەپەككۇرى خرىسىپ (تەخمىـ

نەن مىلادىدىن ئىلگىرى 280 ــ 205)، ئوتتۇرا ئەسىر ستوئىكچىلىرى ۋە يېڭى ستوئىكچىلار دەپ 3 دەۋرگە بۆلۈنىدۇ. رىم ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى ستوئىكچىلار (يېڭى ستوئىكچىلار) ئېتىكا، ئەخلاق مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى، ئۇنىڭ ۋەكىلى سېنېكا (تەخمىنەن 3 ــ 65)، ئېپىكتېت (تەخمىنەن 50 ــ 138) ۋە مارك ئاۋرېلىي (121 ــ 180) ئىدى. ستوئىكچىلار پەلسەپىنى لوگىكا، فىزىكا ۋە ئېتىكىغا ئايرىدى. ئۇلار لوگىكىدا تۇيغۇ نەزەرىيىسى ئاساسىدىكى بىلىش نەزەرىيىسىنى راۋاجلاندۇردى. ئۇلار مۇنداق دەپ ھۆكۈم قىلدى: بارلىق بىلىملەر ھىسسى سەزگۈ ئارقىلىق ھاسىل بولىدۇ؛ تەجرىبە ھاسىل قىلىنىشتىن ئىلگىرى كىشىلەرنىڭ قەلبى بىر پارچە ئاق تاختايغا ئوخشايدۇ. تەسەۋۋۇر شەيئىلەرنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئۇلگىسى، ھىسسى تەسەۋۋۇر تەپەككۇر تەرىپىدىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پىششىقلاپ ئىشلىنىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇقۇم ۋە ھۆكۈم ھاسىل بولىدۇ. ستوئىكچىلارنىڭ تەلىماتىغا ئاساسلانغاندا، بارلىق بىلىش جەريانى قەلبدە پەيدا بولىدۇ، قەلب ــ بىر خىل ئالاھىدە جىسىم يەنى پنېۋما (ھاۋا بىلەن ئوتنىڭ بىرىكمىسى). فىزىكا ساھەسىدە ستوئىكچىلار ئاساسىي جەھەتتىن ماتېرىيالىزمچىلاردىن ئىدى: ئۇلار **ھېراكلىت***نىڭ ئوت توغرىسىدىكى تەلىماتىنى راۋاجلاندۇردى. ئۇلار تەبىئەت دۇنياسى ماددىي بولغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە جانلىق، ئەقلىي بولغان بىر پۈتۈن گەۋدىدىن ئىبارەت، ئۇنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرى ھەرىكەت ئىچىدە بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. "ستوئىكچىلار ئاقىللىرىنىڭ كۆزىدە ئۇتقىنى ھەرگىزمۇ 'ھاياتنى تەرەققىي قىلدۇرغان تۇرمۇش' ئەمەس، بەلكى **مۇتلەق ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان** تۇرمۇش، ئۇلارنىڭ تەبىئەتكە بولغان نۇقتىئىنەزەرلىرىدىن ــ تەبىئەتكە بولغان ھېراكلىتچە، ئۆزگىرىشچان، تەرەققىي قىلىپ تۇرىدىغان ۋە جانلىق

ئۇقسىنەزەرلىرىدىن بۇ ئۇقۇتا چىقىپ تۇرىدۇ....." («ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، رۇسچە 2-نەشرى، 3-توم، 124-بەت) لېكىن، ستوئىكچىلار ماددىنى پاسسىپلىقنىڭ مەنبەسى، روھنى بولسا پائالىيەتچانلىقنىڭ مەنبەسى دەپ قارايدۇ. ستوئىكچىلارنىڭ تەلىماتىچە، دۇنيادىكى ھەممە نەرسە مۇقەررەرلىك تەرىپىدىن قاتتىق ئىدارە قىلىنارمىش، ئۇلار بۇنداق مۇقەررەرلىكنى "تەقدىر"، "خۇدانىڭ ئىرادىسى" يەنى تەقدىرچىلىك نۇقتىسىدا تۇرۇپ چۈشەندۈردى. ئۇلار مۇقەررەرلىككە بولغان مۇشۇنداق چۈشەنچە ئاساسىدا ئۆزلىرىنىڭ ئېتىكىسىنى بەرپا قىلدى. ئېتىكا جەھەتتە، ئۇلار ئېپىكۇر"غا قارشى تۇردى، ئۇلارنىڭ كۆزدە تۇتقىنى، ئاساسەن، ھوزۇرلىنىش ئەمەس، بەلكى گۈزەل ئەخلاق ئىدى.

ستوئىكچىلارنىڭ ئىدىيالىستىك ئېتىكىسىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى پېشانىسىدىن كورۇش، قانائەتچان بولۇش ۋە كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ لەززىتىدىن ۋازكېچىشنى تەشەببۇس قىلىشتىن ئىبارەت. ستوئىكچىلار ئەقىلنىڭ "تۇراقلىقى"نى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ماددىي دۇنياغا قارشى قويىدۇ. ئۇلار جاھانچىلىق ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىدۇ. ستوئىكچىلارنىڭ ئېتىكىسى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنىڭ ئىدىيىسىگە ماس كەلگەنلىكى ئۈچۈن، جاھانگىرلىك دەۋرىدە ئەكسىيەتچىلەر يەنىلا ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى. ستوئىكچىلارنىڭ ئېتىكىسىدىكى نۇرغۇن كۆزقاراشلاردىن ئەينى ۋاقىتتا پەيدا بولغان، كىشىلەرنى "تەقدىر"گە تەن بېرىش، ئەزگۈچىلەرگە پاسسىپ ھالدا بوي سۇنۇشقا ئۈندەيدىغان خىرىستىيان دىنى پايدىلىنىپ كەلدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس مۇنداق دەپ كورسىتىدۇ: ستوئىكچىلار "جىن-ئەرۋاھ توغرىسىدىكى رىۋايەت"كە قارشى تۇرمايدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئېپىكۇر ئۇلارنى "قېرى دەللال" دەپ ئاتىغان،

ھالبۇكى، يېڭى پلاتونچىلار (قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى جەمئىيەت يىمىرىلىۋاتقان دەۋردىكى ئەڭ ئەكسىيەتچى ئىدىيالىستىك سىرلىقلاشتۇرمىچىلار) بولسا ئۇلارنىڭ "جىن-ئەرۋاھ توغرىسىدىكى جۆيلۈش"لىرىنى ئۇغرىلىۋالغان.

**ستولېتوۋ، ئالېكساندىر گرىگورىيېۋىچ** **斯托列托夫，** 亚历山大·格里哥里也维奇 **Столетов, Александр Григорьевич** (1839—1896) مەشھۇر رۇس فىزىكى، روسىيىدە فىزىكا ۋە ھازىرقى زامان ئېلېكتر-تېخنىكا ئىلمىگە ئاساس سالغۇچىلارنىڭ بىرى. ئۇ بىر قاتار ئىنتايىن مۇھىم فوتو ئېلېكترلىق تەسىر (يورۇقلۇقنىڭ گازدا زەرەتلىنىش تەسىرى) قانۇنىيەتلىرىنى ھەممىدىن بۇرۇن كەشىپ قىلىپ، فوتو ئېلېكترلىق تەسىرنى تەتقىق قىلىش ئۇسۇلىنى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە دۇنيادا تۇنجى فوتو ئېلېكتر لامپىسىنى ياساپ چىقتى، بۇ فوتو ئېلېكتر لامپىسى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ياخشىلانغاندىن كېيىن ھازىرقى زامان تېخنىكىسىدا كەڭ ئورۇندا ئىشلىتىلدى. ستولېتوۋ گازنىڭ زەرەتلىنىش جەريانىدىكى ئالاھىدە قانۇنىيەتنى ("ستولېتوۋ قانۇنى") نى تېپىپ چىقتى. ئۇنىڭ بۇ تەتقىقاتى ئېلېكترون، رادىئوئاكتىپلىق ھادىسىلەر ۋە X نۇرنىڭ تېپىلىشى ئۈچۈن تەييارلىق بولدى ھەمدە فوتو ھەققىدىكى ئۇقۇمنى مۇقەررەر ھالدا فىزىكىغا تەدبىق قىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇنىڭ ماگنىتلىنىش نىسبىتىنىڭ ماگنىت مەيدانىنىڭ كۈچلۈكلۈكىگە بېقىندىغانلىقى توغرىسىدىكى تەتقىقاتى ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ تەتقىقاتنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئۇ بىر خىل يېڭى ئۇسۇلنى بەلگىلىدى، بۇ ئۇسۇل ھازىر ئېلېكتر-تېخنىكا ئىلمىدە كەڭ قوللىنىلىپ كەلمەكتە. ستولېتوۋ تەجرىبە قىلىش داۋامىدا يەنە ئېلېكترون ماگنىت بىرلىكى بىلەن تۇرغۇن ئېلېكتر بىرلىكىنىڭ نىسبەت قىممىتى يورۇقلۇق تېزلىكىگە يېقىن كېلىدىغانلىقىنى تېپىپ

چىقتى، شۇنىڭ بىلەن پارادىسى بىلەن ماكسۋېللىنىڭ ئېلېكترون ماگنىت تەلىماتىنىڭ توغرىلىقىنى دەلىللىدى ھەمدە ھېرتسنىڭ ئېلېكترون ماگنىت دولقۇنىنى تېپىپ چىقىشى ئۈچۈن ھازىرلىق قىلىپ بەردى. ستولېتوۋ نۇرغۇن خەلقارا ئىلىم-پەن يىغىنى ۋە كۆرگەزمىلەرنىڭ ئىشتىراكچىسى ئىدى. ئۇنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن،



خەلقارا ئېلېكترشۇناسلارنىڭ 1-قېتىملىق يىغىنىدا (1881) ئومنى قارشىلىق بىرلىكى قىلىش ماقۇللاندى. ستولېتوۋ روسىيىدە بىر ئالىي مەكتەپ فىزىكا تەجرىبىخانىسى قۇردى. بۇ ئۇنىڭ كۆرسەتكەن زور تۆھپىلىرىدىن بىرى ئىدى.

ئۇ تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئىلمىي، ماتېرىيالىستىك ئاساستا چۈشەندۈرۈشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلدى. روسىيە فىزىكلىرى ئىچىدە ئۇ بىرىنچى بولۇپ (1894-يىلى ئېلان قىلىنغان «ھېلمھولتس ۋە ھازىرقى زامان فىزىكىسى» دېگەن ئەسىرىدە) **ماخىزىم*** پەلسەپىسىگە قارشى تۇردى. ئۇ، ماخىزىم پەلسەپىسى روھسىز، چۈشكۈن پەلسەپە، دەپ قارىدى. ستولېتوۋ ماخ ۋە ئوستۋالدىنىڭ ماتېرىيالىزىمدىن چەتنىگەن قىلمىشلىرىنى توغرا تەنقىت قىلدى. ئۇ 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى نېمىس ئىدىيالىستىك پەلسەپىسىنى ماتېرىيالىزىم مەيداندا تۇرۇپ تەنقىت قىلدى. ئۇ باشتىن-ئاخىر ئېغىشماستىن ماتېرىيالىستىك بىلىش نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇردى، ئۇنىڭ ئۆز سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ پائالىيىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە "بارلىق فىزىكىلىق ھادىسىلەرنى مېخانىكىلىق ئاساسى قائىدىگە يىغىنچاقلاش"قا كۈچىنىڭ بىرىچە ئۇرۇنغان ئىدى. لېكىن تەبى

پەندىكى ئەڭ يېڭى كەشپىياتلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا، ئۇ مېخانىك ماتېرىيالىزمنىڭ چەكلىمىلىكىنى پەيدىن-پەي يېڭىپ، دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمىدىن ئىبارەت داغدام يولغا قەدەم قويىدى. ستولېتوۋ "مېخانىكىلىق" دېگەن بۇ ئاتالغۇنى "ماتېرىيالىستىك" "ئىلمىي" دېگەن مەنىدە قوللىناتتى. ئۇ "مېخانىكىلىق" دېگەن بايراقنى كۆتۈرۈۋالغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، تەبىي پەندىكى ماتېرىيالىزم ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. ستولېتوۋنىڭ دۇنياقارىشى روسىيە كلاس-سىك ماتېرىيالىستىك پەيلاسوپلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن. ئۇ تەبىي پەننىڭ مەشھۇر تارقاتقۇچىسى ئىدى. ستولېتوۋ ئۆزىنىڭ تەرەققىيپەرۋەر ئىدىيىسى سەۋەبىدىن چارپادىشا ھۆكۈمىتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان ئىدى. ھۆكۈمەتكە قارشى ئىلمىي دولقۇن قوزغىدى، دەپ ئۇنىڭ ئۈستىدە كۆپ قېتىم ئەرز قىلىنغان ئىدى. ستولېتوۋ ئاشۇ ۋاقىتتىكى **تىمىريازېۋ***، **سېچېنوۋ*** ۋە باشقا تەرەققىيپەرۋەر شەخسلەرگە ئوخشاش، چارپادىشا ئەمەل-دارلىرى ۋە ھۆكۈمەت گۇرۇھىنىڭ زورلۇق-زومبۇلۇقلىرىغا قارشى تۇرغان ئىدى. چارپادىشا ھۆكۈمىتى ستولېتوۋنىڭ پەندە كۆرسەت-كەن خىزمىتىنىڭ ئىچكى-تاشقى مەشھۇر ئالىملار تەرىپىدىن بىردەك ئېتىراپ قىلىنغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىتقا قارىماي، ئۇنى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكلىكىگە سايلاشقا باشتىن-ئاخىر يول قويمىدى. ستولېتوۋنىڭ «ستولېتوۋ ئەسەرلىرى» دېگەن 3 توملۇق ئەسىرى بار (1939—1947).

**سېچېنوۋ، ئىۋان مىخائىلوۋىچ** **谢切诺夫，伊万·米哈依洛维奇** (1829—1905) Сеченов, Иван Михайлович, ئۇلۇغ رۇس ئالىمى، ماتېرىيالىستىك مۇتەپەككۇرى، روسىيە فىزىئولوگىيىسىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى. سېچېنوۋنىڭ پەلسەپە ۋە تەبىي پەن جەھەتتىكى ئىلغار ماتېرىيالىستىك نۇقتىئىنەزەرى ئۇنىڭ ئىلغار ئىجتىمائىي-سىياسىي ئېتى-



قاتى بىلەن زىچ باغلانغان. ئۇ 19 - ئەسىرنىڭ 40 — 60 - يىللىرىدا روسسىيە ئىنقىلاۋىي ئازادلىق ھەركىتىنىڭ ۋە شۇ چاغدا مەملىكەت ئىچىدە پەيدا بولغان كەسكىن ئىدىيىۋى كۈرەشنىڭ بىۋاستە تەسىرى ئاستىدا شەكىللەنگەن. سېچېنوۋ — **لومونوسوۋ*** ۋە **رادىشېۋ*** بۇرۇنلا ئاساس سالغان رۇس يېتىندىكى دېموكراتىيە ۋە ماتېرىيالىزم ئەنئەنىلىرىنىڭ ۋارىسى. رۇس فىزىولوگىيىسىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىنى سېچېنوۋنىڭ نامىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، ئۇ رۇس فىزىولوگىيىسىنى يېڭى ۋە مۇستەقىل تەرەققىيات يولىغا باشلىدى. **تىمىريازېۋ*** ۋە **پاۋلوۋ*** ئادىللىق بىلەن سېچېنوۋنى رۇس فىزىولو-گىيىسىنىڭ ئاتىسى دەپ ئاتىدى. سېچېنوۋ فىزىولوگىيە تارىخىدا مېڭە پائالىيىتى ئۈستىدىكى تەجرىبە تەتقىقاتىنى بىرىنچى بولۇپ باشلىدى، ئۇنىڭ مەقسىدى ئۇزۇندىن ئىلگىرىكى بىلگىلى بولمايدۇ دەپ قارال-غان، "كۆڭۈلنىڭ"، روھىي ھالىتى پائالىيىتىنىڭ فىزىولوگىك تۈزۈ-لۈشىنى ئېچىش ئىدى. روھىي ھالىتى ھادىسىلەر گويا بىلگىلى بول-مايدىغان خاراكتېرغا ئىگە دەپ قارايدىغان، پەنگە قارشى ئىدىيالىس-تىك موكۇمىنىڭ ئەكسىچە، سېچېنوۋ، ئاڭ ھادىسىسى، ئىرادە ھادى-سىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئادەمنىڭ روھىي پائالىيىتى دەپ ئاتال-غان نەرسىلەرنى تامامەن بىلگىلى بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ قانۇنىيە-تىنى بۇ كۈنكى كۈنگىچە تەن پائالىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئىشلىتىلىپ كەلگەن قاتتىق ئىلمىي ئوبيېكتىپ ئۇسۇل بىلەن چۈشەندۈرگىلى ۋە تەتقىق قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى رەت قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە دەلىللەپ بەردى.

سېچېنوۋ فىزىولوگىيە پەنلىرى تارىخىدا بىرىنچى بولۇپ ئادەمنىڭ

مېڭە پائالىيىتىنى رېفلېكسىيىلىك پائالىيەت دەپ قارىدى، ئۇنىڭدىن بۇرۇن بولسا پەقەت يۈلۈن بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ئورگانىكلىق ھايات پائالىيىتى شەكلىلا رېفلېكسىيىلىك پائالىيەت دەپ قارىلاتتى. مېڭە پائالىيىتى توغرىسىدىكى بۇ قاراش ئادەمنىڭ روھىي ھاللىق پائالىيىتىنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدىكى چۈشەنچىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتتى ھەمدە سېچېنوۋنى ئادەمنىڭ روھىي ھالىتى روھىي ھاللىق پائالىيىتىنىڭ ماددىي ئەزاسى بولغان مېڭىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى مېڭە پائالىيىتى تاشقى دۇنيا سەزگۈ ئەزالىغا تەسىر قىلىش ئارقىسىدا پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئىشەنچلىك ھالدا دەللىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. سېچېنوۋ ئىدىيالىزىمنىڭ ئادەمنىڭ روھىي ھاللىق پائالىيىتى ئالاھىدە خاراكتېرغا ئىگە دېگەن ھۆكۈمىنى قەتئىي رەت قىلدى. ئۇ دادىللىق بىلەن: ئادەمنىڭ ئېڭىدا رېياللىقتا مەۋجۇت بولمىغان نەرسە يوق، "ئەركىن ئىرادە" دېگەن نىمىنىڭ ئۆزى ئادەم ياشاشتا ۋە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتا تايىنىدىغان تاشقى شارائىتلارنىڭ نەتىجىسىدىن ئىبارەت؛ بۇ تاشقى شارائىتلار ئادەم مېڭىسىدە ئەكس ئېتىش بىلەن مەلۇم پائالىيەت پەيدا بولىدۇ، دەپ مۇئەييەنلەشتۈردى. سېچېنوۋ مۇنداق دەپ يازدى: ئىدىيالىستلار ئادەمنىڭ ھەرقانداق ھەركىتىنىڭ سەۋەبى ئادەمدىن تاشقىرىدىكى، ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان تۇرمۇش ۋە پائالىيەتلەرنىڭ ئوبيېكتىپ كونكرېت شارائىتىدا ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ ئۆزىدە، ئادەمنىڭ "ئىچكى دۇنياسى"دا، ئادەمنىڭ ئېڭىدا دەپ دەۋا قىلىدۇ، بۇنداق دېيىش قىپ-قىزىل يالغانچىلىق. "**ھەرقانداق ھەركەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى سەۋەبى ھەرقاچان تاشقى ھېسسىي قوزغىتىش بولىدۇ،** چۈنكى تاشقى ھېسسىي قوزغىتىش بولمىسا، ھېچقانداق ئىدىيىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس." شۇنىڭ بىلەن، سېچېنوۋ شۇ چاغدا ئىلىم-پەندە ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرغان ھەمدە ھازىرمۇ ئەكسىيەتچىل

بۇرژۇئازىيە پەلسەپىسى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىۋاتقان "جان ئۆل-
مەيدۇ"، "ئىرادە ئەركىنلىكى" دېگەنگە ئوخشاش ئەكسىيەتچىل
ئىدىيالىستىك ئىدىيىلەرگە قاقشاتقۇچ زەربە بەردى.
سېچېنوۋنىڭ مېڭە فىزىئولوگىيىسى جەھەتتىكى ئەسەرلىرى پاۋلوۋ-
نىڭ ئىلمىي ئىجادىيىتىدە غايەت زور رول ئوينىدى. پاۋلوۋ سېچې-
نوۋنى ئۆزىنىڭ ئۇستازى ۋە ئىدىيىۋى ئىلھامچىسى دەپ قارايدۇ؛ ئۇ
ئۆزىنىڭ شەرتلىك رېفلېكس تەلىماتى بىلەن سېچېنوۋنىڭ مېڭە
پائالىيىتى رېفلېكسلىقى تەلىماتى ئوتتۇرىسىدا زىچ ۋارىسلىق مۇنا-
سىۋەت بارلىقىنى نۇرغۇن قېتىم تەكىتلىگەن ئىدى. سېچېنوۋنىڭ
فىزىئولوگىيە جەھەتتىكى خىزمىتى ماتېرىيالىستىك جانلىقلار دۇنياسىنىڭ
تەرەققىياتى توغرىسىدىكى نەزەرىيىگە قوشقان قىممەتلىك تۆھپە.
بۇ خىزمەتلەر مىچۇرىن بىئولوگىيە پېنىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن ئىدى-
يىۋى ئاساس ۋە نەزەرىيىۋى ئاساس تەييارلاش جەھەتتە زور رول
ئوينىدى. سېچېنوۋنىڭ بارلىق پەن تەتقىقاتى خىزمىتىگە، جانلىقلار
دۇنياسىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقى، ئالغا قاراپ راۋاجلى-
نىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى ئىدىيە باشتىن-ئاياق ئېنىق سىڭدۈرۈل-
گەن. تەپەككۇر مەسىلىسىنى تەتقىق قىلغاندا، سېچېنوۋ كوپ قېتىم؛
تەپەككۇرنىڭ جەريانىنى تارىخىي يوسۇندا، تەپەككۇرنىڭ پەيدا
بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى جەھەتتىن كۆزەتكەندىلا، ئاندىن بۇ
مەسىلىنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلغىلى بولىدۇ، دېگەن ئىدى. سېچېنوۋ-
نىڭ خىزمىتى تەپەككۇرنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىش، تەپەككۇرنىڭ
ئادەمنىڭ تىلى ۋە ئادەمنىڭ ھەركىتى بىلەن بولغان باغلىنىشىنى
چۈشىنىش ئۈچۈن نۇرغۇن قىممەتلىك نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ
بەردى. سېچېنوۋنىڭ تەتقىقات خىزمىتى ئوبيېكتىپ بولغان، ئادەمگە
باغلىق بولمىغان تاشقى دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقىغا قەتئىي ئىشىنىشنى
چىقىش نۇقتىسى قىلغان. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ؛ "مەن ھەرقانداق

ئادەمدە بولىدىغان، تاشقى دۇنيانىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى قەتئىي ئىشەنچنى بارلىق ھوكۇمىنىڭ ئاساسى قىلىمەن......" سېچېنوۋ بىلىش نەزەرىيىسىدىمۇ ماتېرىيالىستىك لۇشيەندە ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ كەلدى. ئۇ ئاڭدىن تاشقىرىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئوبيېكتىپ ماددىي دۇنيانى پۈتۈنلەي بىلگىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. سېچېنوۋ تاشقى دۇنيادىكى شەيئىلەر ۋە ئۇنىڭ ئادەم ئېڭىدىكى ئوبرازى بىر بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى ئۈزۈپ ئېيتتى ھەم تەجرىبىدە دەلىللىدى. سېچېنوۋ مۇنداق دەپ يازىدۇ: دۇنيانى بىلىش مۇمكىنلىكى ۋە بىزنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى بىلىشىمىزنىڭ راستلىقىنى "تەبىي پەننىڭ غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلىرى (مۇشۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر ئارقىسىدا، كىشىلەرنىڭ تەبىئەت كۈچلىرىنى بارغانسېرى ئىدارە قىلىۋاتقانلىقى)" ئىسپاتلىدى شۇنداقلا تەبىي پەننىڭ "ئەمەلىيەتتە شانلىق قوللىنىلىشى يەنى تېخنىكا جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر" ئىسپاتلىدى. سېچېنوۋ دۇنيانى بىلىش مۇمكىنلىكى مەسىلىسىدىكى ئىدىيالىزمنى، بولۇپمۇ كانت*نىڭ ئىدىيالىستىك تەلىماتىنى كەسكىن تەنقىد قىلدى. كانتنىڭ ئىدىيالىستىك تەلىماتى، بىلىشنىڭ ئوبيېكتىپلىقى بىلىشنىڭ سۇبيېكتىپلىقىغا باغلىق، ئەسلىدىنلا بار بولغان، ئادەم دۇنياغا كېلىشى بىلەنلا بار بولغان ھەمدە ئادەم تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىۋاتقان ئوبيېكتىپقا كىرگۈزۈلگەن ئىدرەك شەكلىگە باغلىق، دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. سېچېنوۋ تەجرىبە، ئەمەلىيەت—بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسى، بارلىق ئەسلىي بىلىمنىڭ ھەقىقەتلىكىنىڭ ئۆلچىمى دەپ قارايدۇ.

سېچېنوۋنىڭ ماتېرىيالىزمىدا ماركستىن ئىلگىرىكى ماتېرىيالىزمغا خاس بولغان كەمچىلىكلەر يوق ئەمەس. مەسىلەن، سېچېنوۋ ئىرادە ئەركىنلىكى دېگەن مەسىلىدىكى ئىدىيالىستىك قاراشنى توغرا ئىنكار قىلىپ، ئادەمنىڭ ئىرادىسى ئوبيېكتىپ تاشقى سەۋەبكە بېقىندىغانلىـ

ھېتى دەلىللىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئادەم ياشاۋاتقان ۋە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە بولغان تەققەززالىقىنى پاش قىلمىدى. ئۇنىڭ ئادەمنىڭ تەپەككۇرى ۋە ئېڭىنىڭ ماھىيىتىگە بولغان چۈشەنچىسى جەھەتتىمۇ مۇشۇ كەمچىلىك ساقلانغان.

سېچېنوۋ شۇ چاغدىكى تەرەققىيپەرۋەر ئالىم. تىمىريازېۋنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىكى ئىجتىمائىي ھەرىكەتنىڭ مەشھۇر ئەربابلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سېچېنوۋ روسىيە ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزىمىنىڭ يولباشچىسى چېرنىشېۋسكىي* بىلەن بىۋاسىتە بېرىش ـ كېلىش قىلاتتى ۋە دوست ئىدى، ئۇ چېرنىشېۋسكىنىڭ دۇنياقارىشىنى قوبۇل قىلغان ئىدى. چېرنىشېۋسكىمۇ سېچېنوۋنىڭ ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بەردى ھەمدە مۇشۇ ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئاساسەن ئۆزىنىڭ پەلسەپە جەھەتتىكى يېڭىچاقىلاش خىزمىتىنى ئېلىپ باردى. سېچېنوۋنىڭ فىزىئولوگىيە جەھەتتىكى ئەسەرلىرى چېرنىشېۋسكىنىڭ پەلسەپىۋى ماتېرىيالىزمىنىڭ تەبىي پەن ئاساسلىرىدىن بىرى بولدى. ھەممىگە مەلۇمكى، چېرنىشېۋسكى ئۆزىنىڭ «نېمە قىلىش كېرەك؟» دېگەن رومانىدا كىرسانوۋ دېگەن شەخس ئارقىلىق سېچېنوۋنىڭ ئېسىل ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈردى.

سېچېنوۋ ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزمچىلارنىڭ دۈشمىنى بولغان، لېنىن ئىنتايىن يىرگىنىشلىك، رەزىل لىبېرالىزمچى دەپ ئاتىغان كاۋېلىننىڭ ئىدىيالىزمى ۋە سىرلىقلاشتۇرمىچىلىقىنى كارامەت ئېچىپ تاشلىدى. سېچېنوۋ قىزغىن ۋەتەنپەرۋەر ۋە ۋەتىنىنىڭ ئىلغار ئىلىم ـ پېنى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان جەڭچى بولغانلىقى ئۈچۈن چارپادىشا مۇستەبىتلىكىنىڭ "سوغاق مۇئامىلىسى" ۋە زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدى، چارپادىشا مۇستەبىتلىكى ئۇنى "سىياسىي جەھەتتە ئىشەنچسىز

ئادەم" دەپ قارىدى. سېچېنوۋ ئىلىم-پەن مەتبۇئاتىنى روسىيە خەلقىنىڭ مەنپەئەتىدىن ئايرىۋەتمىدى؛ ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىمۇ يەنىلا تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن پرېچىستېنكى ئىشچىلار ئۆگىنىش كۇرسىدا موسكۋا ئىشچىلىرىغا دەرس ئۆتتى، لېكىن چارپادىشا دائىرىلىرى بۇنى تېزلا توختىتىۋەتتى. سېچېنوۋ 1905-يىلدىكى ئىنقىلابنى ھىمايە قىلدى. ئۇ ئىمرىيازېۋغا: "ئەمدى..... ئىشلەش، ئىشلەش، ئىشلەش كېرەك" دېگەن ئىدى. ئىمرىيازېۋ مۇنداق دەپ يازىدۇ: "مانا بۇ مەن ئۇنىڭدىن ئاڭلىغان ئەڭ ئاخىرقى سۆز، بۇ، تارىخ سەھنىسىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان قەيسەر، ئەۋلادنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرغان ۋەسىيىتى."

سېچېنوۋنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى مۇنۇلار: «مېڭە رېفلېكسىتى»، «تەسىرات ۋە رېئاللىق»، «پسىخولوگىيىنى كىم ۋە قانداق تەتقىق قىلىدۇ؟»، «پىكىر ئامىللىرى».

**سېلىشتۇرۇش** (ئوخشىتىش) Аналогия 类比（类似）ئوخشاش بولمىغان شەيئىلەر ياكى ھادىسىلەرنىڭ مۇئەييەن مۇناسىۋەتتىكى قىسمەن ئوخشاشلىقى ۋە ئوخشاپ كېتىدىغانلىقى، مۇئەييەن دائىرىدە، سېلىشتۇرۇشنى بەزى شەيئىلەرنىڭ تېخى بايقالمىغان خۇسۇسىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكىنى بىلىۋېلىشنىڭ ئۇسۇلى قىلىشقا بولىدۇ. لوگىكىدا، سېلىشتۇرۇش بىر خىل ئالاھىدە ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش شەكلى، يەنى ئىككى خىل شەيئىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرىدىكى ئوخشاپ كېتىدىغان نۇقتىغا ئاساسەن بۇ ئىككى خىل شەيئىنىڭ باشقا خۇسۇسىيىتىدىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدە يەكۈن چىقىرىشتىن ئىبارەت. ئەمما سېلىشتۇرۇشنىڭ ئۆزى ئىشەنچلىك ۋە توغرا بىلىش ئۇسۇلى بولالمايدۇ. شۇڭا، پەقەت سېلىشتۇرۇشقىلا تايانغاندا، تاشقى ئوخشاشلىق نۇقتىسىغا ئىگە بولغان تۈرلۈك ھادىسىلەر بىلەن جەريانلار ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان

ماھىيەتلىك پەرقىدە سەل قاراپ قېلىش مۇمكىن. مەسىلەن، مېنشې-ۋىكلار 1905-يىلدىكى روسىيە بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنى 1789-يىلدىكى فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى بىلەن ئوخشاش دەپ قارىدى ھەمدە مۇشۇنداق ناتوغرا سېلىشتۇرۇشتىن ئەكسىيەتچىل سىياسىي خۇلاسە چىقاردى. ماركسىزم بىلىشتە سېلىشتۇرۇشتىن پاي-دىلىنىشقا بولىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلمايدۇ، ئەمما ئۇ ئۇنداق ياكى بۇنداق تارىخىي جەريان تۇرغان كونكرېت تارىخىي شارائىتنى تەت-قىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**Семантическая филосо-** **语义哲学** **سېمانتىكىلىق پەلسەپە**

**фия** بۇرژۇئا پەلسەپىسىدە مودا بولۇپ قالغان بىر خىل سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزم ئېقىمى، ئۇ جاھانگىرلىك دەۋرىدىكى چۈشكۈن پەلسەپىنىڭ تىپىك شەكلى. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەكىللىرى رىچاز، كاللناپ قاتارلىق كىشىلەر. سېمانتىكىلىق پەلسەپە بۇرژۇئا قانۇنشۇناسلىقى، ئېتىكىسى، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىلمىدە ناھايىتى زور تەسىرگە ئىگە. سېمانتى-كىلىق پەلسەپە **لوگىكىلىق دەلىلچىلىك*** بىلەن زىچ ئالاقىدار، ئۇ لوگىكىلىق دەلىلچىلىكنىڭ ئۇچىغا چىققان ئىپادىسى. سېمانتىكىلىق پەلسەپە ئوتتۇرا ئەسىر مەدرىس پەلسەپىسىچە **نامچىلىق***نى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ، لېكىن سېمانتىكىلىق پەلسەپە كونا نامچىلىققا ئوخشىمايدۇ، ئۇ، سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزم بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان.

سېمانتىكا — تىلشۇناسلىقتا سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى تەتقىق قىلىدى-غان تارماق. ئۇرغۇنلىغان ھازىرقى زامان ئىدېئالىستلىرى سېمانتىكىنى "پەيلەرنىڭ پېنى" دەپ جاكالىغان ئىدى. سېمانتىك ئىدېئالىستلار بىمەنە قاراشلارنى چىقىش نۇقتىسى قىلىدۇ، بۇنداق قاراش بويىچە، ئومۇمىي ئۇقۇملار، بەلگىلەردىنلا، تاۋۇشلار بىرىكمىسىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار ھېچقانداق چىن نەرسىنى كۆرسەتمەيدۇ ۋە ئەكس ئەتتۈرمەيدۇ. بۇنداق بىمەنە نۇقتىئىنەزەرنى ئاساس قىلغاندا،

ئىلمىي تەزىرىيە "تەجرىبە"نى ياپىدىغان قۇرۇق سۆزلەرنىڭ تۈزۈلـ-
مىسىدىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ. سېمانتىك ئىدىيالىستلار پەلسە-
پىنىڭ ۋەزىپىسى چىن شەيئىنى ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى
تەھلىل قىلىش ئەمەس، بەلكى سۆز بىلەن سۆزنىڭ بىرىكمىسىنى
تەھلىل قىلىشتىن؛ ئوبيېكتىپ رىياللىقنى تەتقىق قىلىش ئەمەس،
بەلكى تىلنى، سۆز تۈزۈلمىلەرنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت دەپ
ھېساپلايدۇ. سېمانتىك ئىدىيالىستلار ھادىسىلەردىكى ئوبيېكتىپ قانۇ-
نىيەتلىكنى ۋە مۇقەررەر سەۋەبىيەت مۇناسىۋىتىنى ئىنكار قىلىدۇ.
پەيلاسوپلار ئۆزى دۇنيانى تىل ئارقىلىق "تەشكىللەش" ۋە "رەتكە
سېلىش"قا قادىر، دەپ ھېساپلايدۇ. سېمانتىك ئىدىيالىستلار پەلسە-
پىدىكى بېگىنلىنىش ۋە سىياسى جەھەتتىكى پىكىر ئىختىلاپلىرىنىڭ
ھەممىسىنى سۆزلەرنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان
دەپ دەۋا قىلىدۇ. ئۇلار بارلىق پەلسەپىۋى ۋە ئىجتىمائى مەسىلە-
لەرنى ھەل قىلىش، بېگىنلىنىش ۋە تالاش-تارتىشلارنى تۈگىتىش-
نىڭ بىردىن-بىر توغرا ئۇسۇلى سۆزلەرنى ياخشىلاش ۋە بىرخىل
توغرا ئىلمىي "تىل" (Метаязык) ئىجات قىلىشتىن ئىبارەت
دەپ ھېساپلايدۇ. سېمانتىكا ئالىملىرى: بارلىق سىنىپىي زىددىيەت
ۋە ئىجتىمائى ئاپەت تىلنىڭ مۇكەممەللەشمىگەنلىكى ۋە سېمانتىكا
جەھەتتىكى تەربىيىنىڭ كەملىكىدىن كېلىپ چىققان، دەپ جۆيلۈيدۇ.
سېمانتىكىلىق پەلسەپە ھەممىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ، چىن
ئىجتىمائى زىددىيەتلەرنى ئىدىيىۋى ئىختىلاپلار ۋە ئۇقۇملار "چۈشەن-
مەسلىك"نىڭ سەۋەبى دەپ قارايدۇ. ئەكسىچە، ھەممە ئىشنى
كىشىلەرنىڭ ئالاقىلىشىش ئۇسۇلى بولغان سۆزدىكى كەمچىلىككە
يىغىنچاقلايدۇ؛ ئۇ ئەمگەكچىلەر ئامىسىنىڭ كاپىتالىزم زۇلمىدىن
ھەقىقى تۈردە قۇتۇلۇشىنى سىنىپىي زىددىيەتلەرنى تۈگىتىشنىڭ شەرتى
دەپ قارىمايدۇ، بەلكى تىلدىكى ناتوغرا سۆزلۈكلەرنى "چىقىرىۋې-

تىش" لا سىنىپىي زىددىيەتلەرنى تۈگىتىشنىڭ شەرتى دەپ قارايدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىدېيالىزىم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەكسىيەتچى مۇتەپەككۇرلەرنىڭ بىر تۈرلۈك غەرىزىدۇر، بۇ مۇتەپەككۇرلەر سېمانتىكىلىق مەدرىس پەلسەپىسى ۋە تىل ئىسلاھاتى ئارقىلىق سىنىپىي كۈرەشكە ۋە ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ئىچلىق ۋە ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىگە قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولىدۇ، گويا تىل ئىسلاھاتى پەيدىكى بارلىق قىيىنچىلىقلارنى ۋە تۈرمۇشتىكى بارلىق گۇناھلارنى تۈگىتىدىغان سېھرىگەرلىكتەك. ماركسىزم-لېنىنىزىمنىڭ تىلنىڭ ئىجتىمائىي تۈرمۇشتىكى ھەقىقىي رولى ۋە ئورنى توغرىسىدىكى تەلىماتى ماركسىزم پەيلاسوپلىرىنى ئەكسىيەتچىل سېمانتىكىلىق پەلسەپىگە قارشى تۈرۈشقا قوراللاندۇردى. (تىل*غا قاراڭ.)

**سېن-سىمون،** كلود ئانرى **Сен-симон, Клод Анри** **圣西门，克劳德·昂利** (1760—1825) 19-ئەسىردىكى ئۇلۇغ خىيالىي سوتسىيالىزىمچىلاردىن بىرى. سېن-سىموننىڭ جەمئىيەت تەلىماتى پرولېتارىيات تېخى بەك گۆدەك ھالەتتە تۇرۇۋاتقان، ماركس ۋە ئېنگېلسنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، پرولېتارىيات ئۆزىنىڭ ئورنىغا نىسبەتەن بەكلا ئەمەلىي بولمىغان ئويدا بولۇۋاتقان ۋاقىتتا بارلىققا كەلگەن. سېن-سىمون شۇ چاغلاردا بۇرژۇئا تۈزۈمىنى قوغدايدىغان بۇرژۇئا پەيلاسوپلىرى ۋە ئىجتىمائىيەتشۇناسلىرىنىڭ ئەكسىچە، بۇرژۇئازىيە تۈزۈمىنى تەنقىت قىلدى، گەرچە ئۇ كاپىتالىزىمنىڭ ماھىيىتىنى تېخى بىلمەيدىغان، سوتسىيالىزىمغا ئېلىپ بارىدىغان يولنى تېخى كورۇۋپ يەتمىگەن بولسىمۇ، كاپىتالىزىم تۈزۈمىنىڭ ئورنىغا سوتسىيالىزىم تۈزۈمىنى دەسسىتىشنى خىيال قىلدى.

سېن-سىمون بىر گرافنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ



ئۇستازى دالامبېر* ئىدى. سېن-سىمون ئامېرىكىدىكى مۇستەقىللىق ئۇرۇشىغا پىدائىي ئەسكەر بولۇپ قاتناشقان. 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى فىرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى مەزگىلىدە، ئۇ گرافلىق مەرتىۋىسىدىن ۋازكەچكەن. ئىنقىلاپنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئۇ ئىنقىلاپقا ناھايىتى خەيرىخاھلىق قىلغان، بىراق تېررورلۇق مەزگىلى يېتىپ كەلگەندە، ئىنقىلاپتىن ئۈمىتسىزلەنگەن. سېن-سىمون يوقسۇل شارائىتتا ئۆلۈپ كەتكەن. ئېنگېلسنىڭ باھاسى بويىچە ئېيتقاندا، سېن-سىمون شۇ زاماندىكى ئەڭ بىلىملىك ئادەم ئىدى. سېن-سىموننىڭ بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدىكى قاراشلىرى فىرانسىيە ماتېرىيالىستىك پەلسەپىسىگە ناھايىتى يېقىن ئىدى، ئۇنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ھەققىدىكى چۈشەنچىسى بولسا فىرانسىيە ماتېرىيالىزمىدىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى. فىرانسىيە ماتېرىيالىستلىرى تارىخىي جەريانىنى تاسادىپىي ۋەقەلەرنىڭ ئاددىي بىرىكىشى دەپ قارىدى، سېن-سىمون بولسا تارىخنىڭ قانۇنىيەتلىك تۈردە تەرەققىي قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تەلىماتنى دەللىلەشكە ھەركەت قىلىپ كوردى. سېن-سىموننىڭ نەزىرىدە، ھەر بىر ئىجتىمائىي تۈزۈم بارلىققا كېلىۋاتقان دەۋردە تارىخ تەرەققىياتى جەريانىدىكى بىر ئىلگىرىلەش ئىدى. قۇلدارلىق تۈزۈم بولسۇن ياكى فېوداللىق تۈزۈم بولسۇن، ئىككىلىسى تارىختا ئىلغار رول ئوينىغان، چۈنكى بۇ تۈزۈملەر ئىشلەپچىقىرىش، ئىلىم-پەن ۋە سەنئەتنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئىدى. سېن-سىمون ئۆز پىشۋالىرىنىڭ بولۇپمۇ روسسو*نىڭ ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بارلىققا كەلگەن ئۇرۇقداشلىق جەمىيىتى

كۆڭۈلدىكىدەك جەمئىيەت تۈزۈمى ئىدى دېگەن سۆزلىرىگە قارشى ئىدى. سېن-سىمون تارىخ ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ دەپ ھېسابلىدى، بۇ نەزەرىيىگە ئاساسەن ئۇ، ئالتۇن دەۋر كەلگۈسىدە، دەپ جاكالىدى. ۋاھالەنكى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە قاراش مەسىلىسىدە، سېن-سىمونمۇ فرانسىيە ماتېرىيالىستلىرىغا ئوخشاشلا، ئىدىيالىستىك مەيداندا تۇردى. سېن-سىموننىڭ پىكرىچە، جەمئىيەتنىڭ تەرەققى قىلىشىنى ئىلىم-پەن بىلىملىرى، ئەخلاق ۋە دىنىدىكى ئىلگىرىلەشلەر بەلگىلەيدىكەن. ئۇ تارىخ 3 تەرەققىيات باسقۇچىنى: ئىلاھىيەت باسقۇچى (دىنىي سىستېما ھۆكۈمەرانلىق قىلغان دەۋر، جۈملىدىن قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى جەمئىيەت ۋە فېئوداللىق جەمئىيەت)، مېتافىزىكا باسقۇچى (فېئوداللىق تۈزۈم بىلەن ئىلاھىيەت سىستېمىسى گۇمران بولغان دەۋر)، دەلىللىنىش باسقۇچى (ئىلىم-پەننى ئاساس قىلغان كېلىچەكتىكى جەمئىيەت تۈزۈمى)نى بېسىپ ئۆتىدۇ دەپ ھېسابلىدى. گەرچە سېن-سىموننىڭ تارىخ تەرەققىياتى توغرىسىدىكى ئۇقتىنەزىرى ئىدىيالىستىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇ توغرا ماتېرىيالىستىك تارىخقاراشقا يېقىن كېلىدىغان ئىدىيىنى ئىپادىلىدى. سېن-سىموننىڭ ئەڭ زور تۆھپىسى ئۇنىڭ مۈلۈكچىلىك بىلەن سىنىپنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى رولىنى بىلىشكە يېقىنلاشقانلىقى بولدى. سېن-سىمون فرانسىيىنىڭ 15-ئەسىردىن فرانسىيە ئىنقىلابىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن تارىخىي جەريانىنى مال-مۈلۈكنىڭ راھىبلار ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قولىدىن سانائەتچىلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈش شۇنىڭدەك ئۇلار ئارىسىدىكى سىنىپىي كۈرەش بىلەن چۈشەندۈردى.

سېن-سىمون، ئىلمىي يوسۇندا ۋە پىلانلىق تۈردە ئۇيۇشتۇرۇلغان يېرىك سانائەت كەلگۈسىدىكى جەمئىيەت تۈزۈمىنىڭ ئاساسى، دەپ ھېسابلىدى. خۇددى فۇرىيې*غا ئوخشاشلا، سېن-سىمون

ئەسەۋۋۇر قىلىپ چىققان جەمئىيەت يەنىلا خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە سىنىپ ساقلانغان جەمئىيەت ئىدى. كەلگۈسىدىكى جەمئىيەت تۈزۈمى شارائىتىدا ئىلىم-پەن بىلەن سانائەت، ئالىملار بىلەن سانائەتچىلەر ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ؛ سېن-سىمون ئىشچىلارنى ۋە بۇرژۇئازلار، زاۋۇت ئىگىلىرى، سودىگەرلەر، بانكا ئىگىلىرى قاتارلىقلارنى بىللىلا سانائەتچىلەر قاتارىغا كىرگۈزگەن ئىدى. دېمەك، سېن-سىمون ئۆزىنىڭ خىيالىي سوتسىيالىزمىنى سىنىپىي كېلىشتۈرمىچىلىك پىرىنسىپى ئاساسىدا تىكلىگەن ئىدى. ئېنگېلس مۇنداق دەپ يازىدۇ: "لېكىن سېن-سىمون ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا ئالدى بىلەن 'ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بولغان، ئەڭ نامرات بولغان سىنىپ'.....نىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلمەن، دەپ ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ." («سوتسىيالىزمنىڭ خىيالدىن پەنگە راۋاجلىنىشى»، 1976-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 89-بەت) سېن-سىمون ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەسىرى بولغان «يېڭى خىرىستىيان دىنى»دا، ئۆزى تەشنا بولۇپ كەلگەن ئاخىرقى مەقسەت ئىشچىلار سىنىپىنى ئازات قىلىش، نامراتلىقنى تۈگىتىش ۋە "نامرات سىنىپ"نىڭ ماددىي، مەنىۋى پاراۋانلىقىنى ئاشۇرۇش ئىكەنلىكىنى يازدى. ئۇ، مانا مۇشۇلا "ھەقىقىي" يېڭى خىرىستىيان دىنىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقى بولىدۇ، دەپ قارىدى. ئەمما، سېن-سىمون پرولېتارىياتنى ئازاپ چېكىۋاتقان سىنىپ دەپلا قارىدى، ئۇ پرولېتارىياتنىڭ بەۋقۇلئاددە تارىخىي رولىنى چۈشەنمىدى، ئۇنىڭ يېڭى جەمئىيەتنىڭ ياراتقۇچىسى بولۇشقا تېگىشلىك ئىجتىمائىي كۈچ ئىكەنلىكىنى بايقىمىدى. سېن-سىمون، سانائەتكە پىلانلىق تۈردە رەھبەرلىك قىلىشتا، ئاساسەن، جەمئىيەتتىكى زور كۆپ سانلىق كىشىلەر ئۈچۈن پاراۋانلىق يارىتىش بولۇپمۇ جەمئىيەتتىكى ئەڭ نامرات كىشىلەر ئۈچۈن پاراۋانلىق يارىتىش مەقسەت قىلىنىدۇ؛ جەمئىيەت ھەممە ئادەمنىڭ ئەمگەك قىلىش ھوقۇقىدىن

بەھرىمەن بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشى لازىم؛ ھەر بىر ئادەم ئۆز ئىنىڭ قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلىشى لازىم، دەپ ھېسابلىدى. سېن ــ سىموننىڭ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پىلانلىق بولۇشى، ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىجتىمائى تەشكىللىچانلىق كەلگۈسىدىكى جەمئىيەت تۈزۈمىنىڭ ئاساسى بولىدىغان ــ لىقى توغرىسىدىكى ئىدىيىسى سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىگە قوشۇلغان چوڭ تۆھپە. سېن ــ سىمون يەنە "بىخ ھالەت"تىكى تالانتلىق ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى: كەلگۈسىدىكى سانائەت تۈزۈمى شارا ــ ئىتىدا، "ئادەم ئۈستىدىن قىلىنىدىغان سىياسىي ھۆكۈمرانلىق نەر ــ سىلەرنى باشقۇرۇشقا ۋە ئىشلەپچىقىرىش جەريانىغا بولغان رەھبەر ــ لىككە ئايلاندۇرۇلۇشى كېرەك......" (يۇقۇرىدىكى كىتاب، 90 ــ بەت) ماركس سېن ــ سىمون، فورىيې ۋە ئوۋېن"نى سوتسىيالىزمنىڭ بوۋىسى دەپ ئاتىغان ئىدى.

سېن ــ سىموننىڭ تەلىماتى خىيال خاراكتېرىنى ئالغان. سېن ــ سىمون، كەلگۈسىدىكى سانائەت تۈزۈمى پەيگى "دەلىللەنگەن" پەلسەپىنىڭ يەنى ئۆزەمنىڭ پەلسەپىسىنىڭ تەشۋىق قىلىنىشى ئارقىسىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ، دەپ قارىدى. سېن ــ سىمون ئوۋېن بىلەن فورىيېغا ئوخشاشلا، كاپىتالىزم تۈزۈمىدىكى زىددىيەتلەرنى ئىنقىلاپ ۋاسىتىسى بىلەن ھەل قىلىشقا قارشى ئىدى. ئۇلارنىڭ تەلىماتى پرولېتارىياتنىڭ ئىلمىي سوتسىيالىزمى ئەمەس، بەلكى خىيالىي، ئارزۇدىكى سوتسىيالىزم ئىدى؛ ئۇلارنىڭ تەلىماتى يەككە ــ يىگانە سوتسىيالىزمچىلارنىڭ تەلىماتى ئىدى، ماركس ۋە ئېنگېلس ــ نىڭ ئىلمىي سوتسىيالىزمىدەك پرولېتارلار داھىلىرىنىڭ تەلىماتى ئەمەس ئىدى. سېن ــ سىمون پەلسەپە جەھەتتە كېلىشتۈرمىچى ئىدى، ئۇ ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدېيالىزم ئوتتۇرىسىدا ئارىسالدا بولۇپ يۈرەتتى. سېن ــ سىمون ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ شاگىرت ــ لىرى (بازار، ئانفانتىن) ئۇنىڭ ئۇتوپىيە ئىدىيىسىنى داۋاملىق

تەشۋىق قىلدى. بىراق سېن-سىمون ئېقىمى تېزلا پارچىلىنىپ كەتتى ۋە ئىشقى-مۇھەببەت "يېڭى دىنى"نى تەشەببۇس قىلىدىغان، سېن-سىموننىڭ تەرەققىيپەرۋەر نۇقتىئىنەزەرلىرىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ئۇنىڭ دۇنياقارىشىدىكى بارلىق قالاق نەرسىلەرنى ماختايدىغان ئار دىنىي مەزھەپكە ئايلىنىپ كەتتى. سېن-سىموننىڭ ئاساسىي ئەسەرلىرى: «جەنۇۋلىك بىر كىشىنىڭ ھازىرقى زامان ئادەملىرىگە يازغان خېتى» (1802)، «ئىنسانىيەت ئىلمى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» (1813—1816)، «ئالەمنىڭ تارتىلىش كۈچى ھەققىدە» (1813)، «سانائەت تۈزۈمى ھەققىدە» (1821)، «سانائەتچىلەرنىڭ سوئال-جاۋابى» (1823—1824)، «يېڭى خىرىستىيان دىنى» (1825). (خىيالىي سوتسىيالىزم"غا قاراڭ.)

**سكوۋورودا، گرىگورىي ساۋۋىچ 斯柯沃罗达，格里哥里·**
**(1794—1722) Сковорода, Григорий Саввич 萨甫维奇**

مەشھۇر ئۇكرائىن پەيلاسوپى، ئىنسانپەرۋەر، دېموكراتىزمچى ۋە دېخانلارنىڭ يانچىلىق تۈزۈمىگە قارشى كەيپىياتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن مەرىپەتچى. ئۇ كىيېۋ ئىلاھىيەت شۆبىيەسىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، پېرېياسلاۋ دىنىي ئوتتۇرا مەكتىپىدە شېئىرىيەت ئوقۇتقۇچىسى بولغان، كېيىن يەنە خاركوۋ ئوتتۇرا مەكتىپىدە شېئىرىيەت ئوقۇتقۇچىسى بولغان. ئۇ تەرەققىيپەرۋەر نۇقتىئىنەزەرلەرنى تەشۋىق قىلغانلىقى ئۈچۈن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان. راھىبلار ۋە ھوكۇمران سىنىپلار ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك پوزىتسىيە تۇتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئوقۇتۇش خىزمىتىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇر بولغان. ئۇ ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى خەلق ئارىسىدا تارقىتىش ئۈچۈن، سەرگەردان پەيلاسوپلۇق تۇرمۇش كەچۈرگەن. سكوۋورودا رۇس ۋە ئۇكرائىن ئىجتىمائى ئىدىيە تارىخىدا بىرىنچى ئۆركۈمدە قوزغىلىپ، رەسمىي دىنغا، ئۇلۇغ چېركاۋ مەدرىس پەلسەپىسىگە قارشى تۇرغۇچىلاردىن بىرى

ئىدى. ئۇنىڭ دىققەت-ئېتىۋارى ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئەقلى، تەبىئەت دۇنياسى تەرەپكە بۇرالدى. ئۇنىڭ پەلسەپە نۇقتىنەزەرلىرى بىر بىرىگە زىت ئىدى. ئۇ پەلسەپەدىكى تۈپ مەسىلىنى ئىدىيالىستىك ھالىدا ھەل قىلىپ، روھ مەنبەسى بىرلەمچى دەپ قارايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ دۇنياقارىشىدا كۈچلۈك ماتېرىيا-لىستىك خاھىشمۇ بار ئىدى. ئۇ **لومونوسوۋ***تىن كېيىن: ماددا زامان جەھەتتىن مەڭگۈلۈك بولىدۇ، ماكان جەھەتتىن چەكسىز بولىدۇ، دىگەن يەكۈننى چىقاردى. ئۇ تەبىئەت دۇنياسىدا قانۇنىيەت ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ، دەپ قارىدى. سكوۋورودا ماتېرىيالىزىم بىلەن ئىدىيالىزىم ئوتتۇرىسىدا تەۋرىنىپ يۈردى، بۇ ئۇنىڭ "ئۈچ دۇنيا" ۋە "ئىككى خىل ماھىيەت"تىن ئىبارەت ئىككى مەنبەچىلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ: پۈتكۈل دۇنيا "چوڭ ئالەم" (تەبىئەت دۇنياسى)، "كىچىك ئالەم" (ئادەم) ۋە "سىمۋوللۇق دۇنيا" (تەۋرەت) دىن تەشكىل تاپقان. بۇنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر دۇنيادا "ئىككى خىل ماھىيەت": "تاشقى" يەنى ماددى ماھىيەت ۋە "ئىچكى" يەنى روھىي ماھىيەت بولىدۇ. تەبىئەت دۇنياسى تۇرغۇن دۇنيادىن تۈزۈلگەن بولىدۇ، ئۇنى ھېچكىم يارىتالمايدۇ ھەم يوقىتال-مايدۇ، ئۇنىڭ باش-ئايىغى بولمايدۇ، چۈنكى بىر شەيئىنىڭ ئاخىرلاش-قانلىقى يەنە بىر شەيئىنىڭ باشلانغانلىقى بولىدۇ. مانا بۇ سكوۋورودا پەلسەپىسىنىڭ ماتېرىيالىزىملىق خاھىشى. سكوۋورودا: دۇنيانى بىلگىلى بولىدۇ، لېكىن چوڭ ئالەمنى بىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن "ئۆزىنى بىلىش" لازىم، چۈنكى چوڭ ئالەم بىلەن كىچىك ئالەمنىڭ قانۇنىيەتلىرى بىر بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. سكوۋورودانىڭ بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ يەنە بىر تەرىپى ئەخلاق ئىلمىدىن ئىبارەت، ئۇ مۇنداق دەپ ھىسابلايدۇ: "گۈزەل ئەخلاق" بىلەن بىردەك بولغان ھەقىقەتتىنلا ھەقىقى قىممىتى بولىدۇ، گۈزەل ئەخلاق بولمىسا،

ھەقىقەتنىڭ مەزمۇنى بولمايدۇ، ئۇ غەلىتە نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ؛ بىلىش ۋە يەنە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم.

سكوۋورودا تەۋرەت "روھىي جەنبە"نى بىلىشنىڭ قورالى، "3 ـ دۇنيا" يەنى "سىمۋوللۇق دۇنيا" دەپ قارايدۇ. ئۇ تەۋرەتنى "تاشقى تەرەپ يەنى ماددىي تەرەپ ۋە "ئىچكى" تەرەپ يەنى "ئىلاھىي مەزمۇن" دەپ ئايرىيدۇ. ئۇ تەۋرەتنى "ھەم خۇدا، ھەم يالغان" دەپ قارايدۇ. بۇ يەردە سكوۋورودانىڭ دىن بىلەن تەۋرەتقا زىت پوزىتسىيە تۇتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇ رەسمىي دىنغا قەتئىي زەربە بېرىدۇ (ئۇنىڭ ئەتئەنىۋى ئىدىيىسى، دوگمىچىلىق ۋە مەدرىس پەلسەپىسى ـــ تەۋرەتنىكى "نومۇسسىز"، "زىيانلىق ۋە ئالدامچىلىق" "جويلۇشلەر" ۋە يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر)، شۇنداق قىلىپ، ئۇ جەڭگىۋار، دىنىي ھاكىمىيەتچىلىككە قارشى تۇرىدىغان سەۋىيىگە يېتىدۇ. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ئۆزىنىڭ مەنپەئەتچىلىك ھەركىتىنى تەشەببۇس قىلغان تەشۋىقاتى ۋە ئەخلاق ئىلمىنى دىنىي تون بىلەن نىقابلايدۇ. ئۇ "مېھرىۋانلىق"، "گۈزەل ئەخلاق"، "سەمىمىلىك" ۋە "ھەقىقەت"نى مەزمۇن قىلغان دىن ياراتقۇچى بولىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئىلاھ "تەبىئەت دۇنياسى"، "ئادەم"، "ھەقىقەت" ۋە "گۈزەل ئەخلاق" قاتارلىقلاردىن ئىبارەتتۇر. سكوۋورودا دىنىي جەمئىيەتنى سۆكىدۇ، ئاق يەكتەكلىك راھىب ۋە قارا يەكتەكلىك راھىبلارنى ئۆچ كۆرىدۇ، ئۇلارنى "شان ـ شۆھرەت قازانغۇچىلار"، "ئىشۋازلار"، "ساختىپەزلەر" "يىرتقۇچ ياۋايى ھايۋانلار" ۋاھاكازالار دەپ قارايدۇ.

سكوۋورودا ئېزىلگۈچى ئاددىي خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ، ئۇ پايلارنىڭ ئاچكۆزلۈكىنى ۋە ئۇلارنىڭ تەييارتاپ تۇرمۇشىنى غەزەپ بىلەن سۆكىدۇ. ئۇ، ئاچكۆزلۈك پارلىق ئىجتىمائىي بالايى ـ ئاپەتنىڭ ــ ئەرز ـ شىكايەت، ئوغرىلىق، خۇشامەتچىلىك، سودا ـ سېتىق، پاراخورلۇق، ئۇرۇش، "دۆلەت" بىلەن "جۇمھۇرىـ

يەت"نىڭ يوقىلىشى ۋاھاكازالارنىڭ مەنىيىسى، دەپ قارايدۇ.
سكوۋورودا: خەلق كىشەنلەنگەن، ئۇلار سىياسى جەھەتتە ئېزىلمەكتە،
ھوقۇقسىز قالماقتا، نادان-بىلىمسىز ھالەتتە تۇرماقتا، دەيدۇ، ئۇ
خەلقنى ئويغىنىشقا چاقىرىدۇ. ئۇ، "ئۆزىنى بىلىش" ھاياتلىقنىڭ
يولى دىمەكتۇر؛ كىشىلەر جىنايەتنىڭ مەنبەسىنى بىلگەندىن كېيىن،
ئۇنىڭدىن خالى بولۇشى، "ئەقىل"، "ھەقىقەت" ۋە "گۈزەل ئەخلاق"نى
ئاساس قىلغان يېڭى جەمىيەت قۇرۇشى لازىم، دەپ ھىسابلايدۇ.
سكوۋورودا "ئالىي جاناپ روسىيە"نىڭ "ئالىي جاناپ جۇمھۇرىيەت"
بولۇپ قېلىشىنى كورۇشنى ئۇمىت قىلغان ئىدى، ئۇ ۋەتەننى ۋە
ئەخلاقنى قىزغىن سويىدۇ، ئۇ ۋەتەنپەرۋەرلىككە قارشى تۇرغۇچىلار-
غا ۋە جاھانگىرلىققا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، ئۇ ئوكرائىنلار بىلەن
رۇسلارنىڭ بىرلىكىنى، بۇ ئىككى قېرىنداش مىللەتنىڭ دوستلۇقىنى
قىزغىن قوغدايدۇ.

سكوۋورودانىڭ بايلار، پومىشچىكلار، بىيۇروكراتلار، رەسمىي
دىن ۋە راھىبلار ئۈستىدە قىلغان تەنقىدى ھەقىقىي ۋە كۈچلۈك
ئىدى، لېكىن ئۇ جەمىيەت تەرەققىياتى توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنى
ھەل قىلىشتا ئاجىز-ئىقتىدارسىز بولدى ۋە قىلچىمۇ ئەمەلىي بولا-
مىدى. گەرچە ئۇنىڭ دۇنياقارىشى ماتېرىيالىزىملىق يونۇلۇشكە
قاراپ راۋاجلانغان ھەمدە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى بىر قەدەر
ئوتكۇرلۇك بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پەلسەپىد-
كى تۈپ مەسىلىلەرنى ماتېرىيالىستىك ھالدا ھەل قىلىپ بېرەلمىدى؛
ئىجتىمائىي نۇقتىنەزەر جەھەتتە، ئۇ گەرچە 18-ئەسىردىكى مەر-
پەتچىلىك ھەركىتىنىڭ دائىرىسىدىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ،
لېكىن ئىنقىلاۋىي مەيدانغا ئوتمىدى. سكوۋورودانىڭ نۇقتىنەزىرىدە
دىخانلارنىڭ ياتچىلىق تۈزۈمگە قارشى ھەركىتىدىكى ئاجىزلىقى ۋە
چەكلىمىلىكلىكى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. سكوۋورودانىڭ پەلسەپە

ئەسەرلىرى ۋە ئەدىبىي ئەسەرلىرى: «خىرىستىيان ئەخلاقىغا يېتىشنىڭ بىرىنچى دەرۋازىسى» (1766)، «قەدىمقى دۇنيا توغرىسىدىكى دىيالوگلار» (1772)، «روھىي دۇنيا توغرىسىدا دوستانە سوھبەت»، «دۇنيا ئىلپېيەسى» (1775)، «ئەۋلىيا مىخائىلنىڭ پالىماۋۇز بىلەن قىلغان كۈرىشى» (1783-يىل)، ۋاھاكازالار.

**Мистика, мистицизм 神密主义 سىرلىقلاشتۇرمىچىلىق**

دىنىي ئىدىيالىستىك دۇنياقاراشنىڭ شەكىللىرىدىن بىرى. سىرلىقلاشتۇرمىچىلىق ئادەم بىلەن خۇدا روھىي جەھەتتە مۇناسىۋەتلىشىپ تۇرىدۇ، ئادەم خۇدانىڭ "بىشارىتى" ئارقىلىق مەۋجۇدىيەتنىڭ "سىرى"نى چۈشىنەلەيدۇ دېگەنگە ئوخشاش ئىدىيەلەرنى ئۆزىنىڭ ئاساسى قىلىدۇ. بارلىق دىنىي تەلىماتلارغا ۋە ئىدىيالىستىك پەلسەپە مەزھەپلىرىگە سىرلىقلاشتۇرمىچىلىق سىڭگەن. يۈتكۈل تارىخ جەريانىدا سىرلىقلاشتۇرمىچىلىق، دىنغا ئوخشاشلا، پەنگە، تەرەققىپەرۋەرلىككە قارشى تۇرىدىغان قورال بولۇپ كەلدى. سىرلىقلاشتۇرمىچىلىق ھازىرقى زامان جاھانگىر بۇرژۇئا گۇرۇھلىرى ئىچىدە يەنە ئەۋج ئالغان، چۈنكى ئۇلار پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىدىن ئولگۇدەك قورقۇپ كەتكەچكە، موجىزىلەردىن، تەبىەتتىن تاشقىرى نەرسىلەردىن، سىرلىقلاشتۇرمىچىلىقتىن مەدەت تىلەشكە مەجبۇر بولىدى. ھازىرقى زامان بۇرژۇئا جەمىيىتىدە ئۇرغۇتۇلغان ئەكسىيەتچى پەيلاسوپلار ئوچۇق- ئاشكارا ھالدا سىرلىقلاشتۇرمىچىلىقنى تەشۋىق قىلىش يولىغا ماڭدى. سىرلىقلاشتۇرمىچىلىقنىڭ تەركىبلىرى ھازىرقى زامان بۇرژۇئا ئىلىم-پېنىگىمۇ سىڭگەن. مەسىلەن، بەزى فىزىكلار مەلۇم بولغان 3 ئۆلچەملىك ماكاندىن باشقا، يەنە جىن-ئەرۋاھلار تۇرىدىغان 4 ئۆلچەملىك ماكان دېيىلگەن نەرسىمۇ بار دەپ ھۆكۈم قىلىشقان. يەنە بەزى فىزىكلار قانداقتۇ ئېلېكتروندا "ئىرادە ئەركىنلىكى" بار دېيىشتى. ۋاھاكازا. مۇشۇنداق سىرلىقلاشتۇرمىچىلىق

تەلىماتلىرىنىڭ ھەممىسى ھازىرقى زامان بۇرژۇئا ئىدىئولوگىيىسىنىڭ ئەكسىيەتچىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**سىياسىي** 政治 Политика سىياسىي دۆلەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، دۆلەتكە يېتەكچىلىك قىلىش، دۆلەت پائالىيىتىنىڭ ئۇسۇلىنى، ۋەزىپىسىنى ۋە مەزمۇنىنى بەلگىلەش دېمەكتۇر («لېنىن ئەسەرلىرى توپلىمى»، رۇسچە نەشرى، 21-توم، 14-بەتكە قارالسۇن). دۆلەت تۈزۈمى، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، سىنىپلارغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ كۈرەشلىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى سىياسىنىڭ دائىرىسىگە كىرىدۇ. سىنىپلارنىڭ تۈپ مەنپەئەتلىرى ۋە سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلەر سىياسەتتە كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ. سىياسىي مىللەتلەر ۋە دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر (تاشقى سىياسەت)دىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. سىنىپلارنىڭ ئىقتىسادىي ئورنى سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ سىياسىتىمۇ ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ. شۇڭا لېنىن سىياسەتنى، سىياسىي — "ئىقتىساتنىڭ مەركەزلەشكەن ئىپادىسى" («يەنە ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى توغرىسىدا، ھازىرقى ۋەزىيەت توغرىسىدا ۋە تروتسكىي بىلەن بۇخارىننىڭ خاتالىقلىرى توغرىسىدا»، 1976-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 36-بەت) دەپ تەبىر بېرىدۇ. سىياسىي ئىدىيە ۋە ئۇنىڭغا ماسلاشقان ئورگانلار ئىقتىسادىي بازىسنىڭ ئۈستقۇرۇلمىسى. سىياسىي ئاپپاراتلارنىڭ ۋە دۆلەت شەكلىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۆزگىرىشى جەمئىيەت ئىقتىسادىي بازىسنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۆزگىرىشى ئاساسىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ. لېكىن بۇ ھەرگىز سىياسىي ئىقتىساتنىڭ پاسسىپ ئاقىۋىتى ئىكەن دېگەنلىك ئەمەس. ئىجتىمائىي ئىدىيە، نەزىرىيە، سىياسىي ئاپپاراتلار ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئاساسىدا بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئۆز نۆۋىتىدە، يەنە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر ئۇلار

ئىلغار بولسا، ئىجتىمائىي ماددىي تۇرمۇشتا پىشىپ يېتىلگەن ۋەزىپىلەرنى تەل-تۆكۈس ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئىجتىمائىي ماددىي تۇرمۇشنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر شەرتلەرنى ھازىرلاپ بېرىدۇ. ئىقتىسادىي تەرەققىيات ھازىرلاپ بەرگەن ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى تەبىئىي بولۇپ قالمايدۇ، بەلكى ئىلغار سىنىپ ۋە پارتىيىنىڭ ئاڭلىق پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. سىياسىي دەل بۇنداق پائالىيەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. لېنىن سىياسەتنىڭ بۇنداق ئىجابىي رولىنى ھېسابقا ئېلىپ، بارلىق ئىقتىسادىي، تەشكىلىي ۋە باشقا مەسىلىلەرنى سىياسىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىش زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەيدۇ. ماركسىزمغا ئاساسلانغاندا، مەسىلە پەقەت مۇنداق تەخلىتتە قويۇلۇشى مۇمكىن: "بىر سىنىپ ئەگەر مەسىلىنى سىياسىي جەھەتتىن توغرا ھەل قىلمىسا، ئۇ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قالالمايدۇ، شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنىمۇ ھەل قىلالمايدۇ." (يۇقىرىقى كىتاب، 39-بەت)

كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە سوۋېت دۆلىتىنىڭ سىياسىتى — جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ غايەت زور كۈچى. كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ سىياسىتى سوۋېت تۈزۈمىنىڭ ھايات نەگىزى، ۋەتىنىمىز ھاياتىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەر كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقنىڭ نەتىجىسى، بۇ ئۆزگىرىشلەر ۋەتىنىمىزنى قالاق مەملىكەتتىن ئىلغار مەملىكەتكە، كۈچلۈك سانائەتلەشكەن ۋە يىرىك كوللېكتىپلاشقان مەملىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، سوتسىيالىزمنى سوۋېت ئىتتىپاقىدا غەلىبىگە ئېرىشتۈردى. سىياسەت ئۇلۇغ ئۆزگەرتكۈچى كۈچ بولۇشى ئۈچۈن، ئىجتىمائىي ماددىي تۇرمۇش تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈشى زۆرۈر. ئەكسىيەتچىل بۇرژۇئا سىياسىتى جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ، زامانىمىزدىكى ئىجتىمائىي ماددىي تۇرمۇشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلەپلىرىگە

زەت كېلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، كوممۇنىستىك پارتىيە سىياسىتىنىڭ كۈچى شۇنىڭدىكى، ئۇ بۇ تەلەپنى توغرا ھېساپقا ئېلىش ئاساسىدا بەلگىلەنگەن. بۇ، ئىلمىي ئاساسقا ئىگە سىياسەت. كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ سىياسىتى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ياراتقىلىمۇ بولمايدىغان، بىكار قىلىۋېتىشكىمۇ بولمايدىغان ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى، ئالدى بىلەن، ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇ بۇ قانۇنىيەتلەرگە ئاساسلىنىپ ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىپ جەمئىيەت ئۈچۈن پاراۋانلىق يارىتىدۇ. كوممۇنىستىك پارتىيە سىياسىتىنىڭ كۈچى شۇنىڭدىكى، ئۇ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولۇپ، ئەڭ كەڭ ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ دائىملىق قوللىشىغا ئېرىشەلەيدۇ. ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى ھەرقانداق بىر بۇرژۇئا پارتىيىسى مۇنداق قوللاشقا ئېرىشەلمەيدۇ ۋە ئېرىشىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق سىياسەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقىغا ۋە تەشەببۇسكارلىقىغا تايىنىدۇ. خەلق ئاممىسى بولسا ئۇنى ئۆزىنىڭ سىياسىتى دەپ بىلىپ ئىجرا قىلىدۇ.

ماركسىزم بىزگە مۇنداق دەپ تەلىم بېرىدۇ: توغرا سىياسىي لۇشيەننىڭ بولۇشى بىرىنچى دەرىجىلىك ئەڭ مۇھىم ئىش؛ لېكىن بۇ تېخى كۇپايە قىلمايدۇ. توغرا سىياسىي لۇشيەننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ مۇۋاپىق تەشكىلىي خىزمەتلەر ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈلۈشى، شۇنىڭدەك پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى چۈشەنگەن، ئۇنى ئەمەلىيەت داۋامىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ماھىر ھەمدە ئۇنى قوغدىيالايدىغان ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلالايدىغان كىشىلەرنىڭ بولۇشى لازىم. سىياسەتنىڭ رىياللىقى ۋە ئۇنى ئۆتكۈزۈشلۈك ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ كاپالىتى ئەنە شۇ يەردە. پارتىيىنىڭ ئاممىغا نىسبەتەن سىياسىي تەربىيە ئېلىپ بېرىش، پارتىيە كادىرلىرىنى چېنىقتۇرۇش ۋە يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى نېمە ئۈچۈن بىرىنچى دەرىجىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارايدىغانلىقىمىزنىڭ سەۋەبى مانا شۇ.

كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە سوۋېت دۆلىتى سىياسىتىنىڭ رەھبەرلىك ۋە يېتەكچىلىك رولى ئارقىسىدا، مەدەنىيەت ۋە بارلىق ئىدىيە ساھەسى (پەن، سەنئەت، ئەخلاق ۋاھاكازالار) تەرەققى قىلماقتا. پارتىيە ئىدىيە مەسىلىسىدە سىياسى بىلەن كارى بولماسلىقنىڭ بارلىق ئىپادىلىرىنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ، چۈنكى سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىدېئولوگىيىسى بىلەن جاھانگىرلىك ئىدېئولوگىيىسى ئوتتۇرىسىدا دەھشەتلىك كۈرەش داۋام قىلىۋاتقان دەۋردە، سىياسى بىلەن كارى بولماسلىق ئاشكارا ياكى ئاشكارىسىز ھالدا بۇرژۇئازىيىنى قوللىغانلىق بولىدۇ.

جاھانگىر ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ سىياسىتى باشقا مەملىكەت خەلقلىرىنى قۇل قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى سىياسىتى دۇنيادىكى بارلىق ئىلغار كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، يېڭى ئۇرۇشقا ۋە جاھانگىرلارنىڭ يېقىندا مەملىكەتلەر خەلقلىرىنى قۇل قىلىشىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت. دەل شۇ سەۋەبتىن، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تاشقى سىياسىتى پۈتۈن دۇنيا ئەمگەكچىلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. (**ئىقتىسات ۋە سىياسى**" غا قاراڭ.)

**Классы(общественные)** 阶级 (社会的) (ئىجتىمائى) **سىنىپ**

"سىنىپلار دېگىنىمىز شۇنداق بىر چوڭ گۇرۇھلاركى، بۇ گۇرۇھلارنىڭ تارىختىكى مۇئەييەن ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىدا تۇتقان ئورنى ئوخشاش بولمايدۇ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان مۇناسىۋىتى (بۇنداق مۇناسىۋەتلەرنىڭ تولىسى قانۇندا ئېنىق بەلگىلەنگەن بولىدۇ) ئوخشاش بولمايدۇ، ئىجتىمائى ئەمگەك تەشكىلاتلىرىدىكى رولى ئوخشاش بولمايدۇ، شۇڭا جەمئىيەت بايلىقىدىن ئۆزى باشقۇرىدىغان ھەسسىلىرىنى ئېلىش شەكلى ۋە مىقدارمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. سىنىپلار دېگىنىمىز شۇنداق بىر

گۇرۇھلاركى، ئۇلارنىڭ مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدە تۇتقان ئورنى ئوخشاش بولمىغاچقا، بۇ گۇرۇھلارنىڭ بىرى يەنە بىرىنىڭ ئەمگىكىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالالايدۇ." (لېنىن. «ماركس، ئېنگېلس ۋە ماركسىزم توغرىسىدا»، 1977-يىل، ئۇيغۇرچە نەشرى، 724—725-بەتلەر) ماركسىزم مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: سىنىپلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى پەقەت جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن تارىخىي دەۋرى بىلەنلا باغلىنىشلىق، سىنىپلار ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ھەم ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ كېلىپ چىققان. قۇلدارلار بىلەن قۇللار قۇلدارلىق جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي سىنىپلىرى؛ يەرگە ئىگىدارلىق قىلغۇچى پومېششىكلار ۋە پومېششىكلار تەرىپىدىن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى يانچىلار فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ئاساسىي سىنىپلار؛ كاپىتالىستلار يەنى زاۋۇت ئىگىلىرى ۋە ھېچقانداق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا ئىگە بولمىغان پرولېتارلار كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىكى ئاساسىي سىنىپلار. ھەر بىر سىنىپىي جەمئىيەتتە ئاساسىي سىنىپلاردىن باشقا، يەنە بەزى ئاساسلىق بولمىغان سىنىپلارمۇ بولىدۇ، بۇ ئاساسلىق بولمىغان سىنىپلار يا ئەمدىلا پەيدا بولۇۋاتقان يېڭى سىنىپلاردىن ئىبارەت بولىدۇ ياكى پارچىلىنىۋاتقان، يوقىلىۋاتقان كونا سىنىپلاردىن ئىبارەت بولىدۇ. مەسىلەن، فېئوداللىق تۈزۈم ئىچىدە پەيدا بولغان بۇرژۇئازىيە ۋە بىرىنچى تۈركۈم پرولېتارلار مۇشۇنداق ئاساسلىق بولمىغان سىنىپلار ئىدى؛ بۇرژۇئا جەمئىيىتىدە بولسا يۇقىرىقىداق ئاساسلىق بولمىغان سىنىپ ئۈزلۈكسىز پارچىلىنىۋاتقان ۋە ئۈزلۈكسىز بولۇنۇۋاتقان ھەمدە ئاساسەن پرولېتارىيات قوشۇنىنى تولۇقلاپ تۇرىدىغان دېھقانلاردۇر.

ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمگىكى

بىلەن پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ بايلىقىنى يارىتىدۇ، لېكىن بۇ بايلىقنىڭ
مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار ئىگەللىۋالىدۇ،
ھالبۇكى ئەمگەكچىلەر بولسا ئۆز ئەمگىكى بىلەن ياراتقان بايلىق-
نىڭ ئىنتايىن ئاز قىسمىغىلا ئېرىشەلەيدۇ. سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى
زىددىيەت ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچىلار بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە
قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي كۈرەشنى مۇقەررەر سۈرەتتە
كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سىنىپىي جەمئىيەتتە ۋە سىنىپىي كۈرەش
تارىخىدا پرولېتارىيات ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. قۇللارنىڭ
قۇلدارلارغا ۋە يانچىلارنىڭ فېودال‍لىق يەر ئىگىدارلىقى تۈزۈمىگە
قارشى كۈرىشىنىڭ نەتىجىسى پەقەت بىر خىل ئېكسپىلاتاتسىيە
شەكلىنىڭ ئورنىنى باشقا بىر خىل ئېكسپىلاتاتسىيە شەكلىنىڭ ئېلى-
شىدىنلا ئىبارەت، خالاس. لېكىن كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلى-
كىدىكى پرولېتارىيات ئېلىپ بارغان پرولېتارىيات ئىنقىلابى
بولسا ئىلگىرىكى ئاشۇ ئىنقىلابچىلاردىن پەرقلىنىدۇ، ئۇ كاپىتالىزم
تۈزۈمىنى يوقىتىپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئورنىتىدۇ، يەنى ئىشلەپ-
چىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى، ئېكسپى-
لاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنى يوقىتىدۇ ھەمدە كىشىنى كىشى
ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان ھەرقانداق ھادىسىلەرنى يىلتىزىدىن
قومۇرۇپ تاشلايدۇ. سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە يەنىلا ساقلىنىپ تۇرۇۋاتـ-
قان سىنىپىي پەرقلەر يەنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە ئىشچىلار بىلەن
دېھقانلاردىن ئىبارەت بۇ ئىككى چوڭ دوست سىنىپ ئوتتۇرىسىدىكى
شۇنىڭدەك ئۇلار بىلەن زىيالىلار ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي پەرقلەر،
كوممۇنىزمنىڭ يۇقىرى باسقۇچىغا ئۆتۈشكە ئەگىشىپ، تامامەن
تۈگەيدۇ ۋە يوقىلىدۇ. («سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى سىنىپلار*»: «سوت-
سىيالىزم ۋە كوممۇنىزم*»غا قاراڭ.)

**سىنىپىي كۈرەش** Классовая борьба 阶级斗争 سىنىپىي

كۆرەش — ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش، شۇنداقلا بۇ ئىككى سىنىپنىڭ مەنپەئەتىنى كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. ماركسىزم سىنىپىي كۆرەشنىڭ قارىمۇ-قارشى سىنىپلارغا بۆلۈنگەن جەمىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى كۈچ ئىكەنلىكىنى ئىلمىي تۈردە دەلىللىدى، شۇنداقلا بۇرژۇئازىيە جەمىيىتىدىكى سىنىپىي كۆرەشنىڭ مۇقەررەر ھالدا پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىغا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ مەقسىدى بولسا بارلىق سىنىپلارنى يوقىتىپ سىنىپسىز كوممۇنىزم جەمىيىتىنى قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

بۇرژۇئا ئىجتىمائىيەتشۇناسلىرى ئىنسانلار جەمىيىتىنى قالايمىقانچىلىق بىلەن تولغان، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بولمايدۇ، ھەممە كىشى ئۆزى خالىغانچە ھەرىكەت قىلىدۇ دەپ تەسۋىرلەيدۇ. ماركسىزم ئۆزىنىڭ سىنىپىي كۆرەش توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى ئارقىلىق، يەنە قارشى بۇنداق جەمىيەت قارىشىنى ئۈزۈل-كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "ماركسىزم بىزگە مۇجمەل، تۇتۇق بولۇپ كۆرۈنگەن ھالەتلەر ئىچىدىن قانۇنىيەتنى تېپىۋېلىشىمىزغا ئىمكانىيەت بېرىدىغان يېتەكچىلىك خاراكتېرىغا ئىگە بىر يىپ ئۇچى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ يىپ ئۇچى سىنىپىي كۆرەش نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت. مۇئەييەن بىر جەمىيەت ياكى بىرنەچچە جەمىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرىنىڭ ئىنتىلىشلىرىنىڭ يىغىندىسىنى تەتقىق قىلغاندىلا، ئاندىن بۇ ئىنتىلىشلەرنىڭ نەتىجىسى ھەققىدە ئىلمىي ھۆكۈم چىقارغىلى بولىدۇ. ھەر بىر جەمىيەتتە بۆلۈنگەن ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ۋە تۇرمۇش شارائىتلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى بىر بىرىگە زىت بولغان تۈرلۈك ئىنتىلىشلەرنى پەيدا قىلىدۇ." («ماركس،

ئېنگېلس ۋە ماركسىزىم توغرىسىدا»، 1977 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 23 ــ 24 بەتلەر)

قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى جەمئىيەتتىن تارتىپلا، يارلىق جەمئىيەتلەرنىڭ تارىخى سىنىپىي كۈرەش تارىخىدىن ئىبارەت بولۇپ كەلدى. ماركسىزىم جاھانگىرلار يالاقچىلىرىنىڭ تۆلكىلىك بىلەن ھەدەپ ئامىنى ئالداپ، سىنىپىي كۈرەش جەمئىيەتنىڭ پارچىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دىگەن لەپىزىگىنى ئېچىپ تاشلىدى. كاپىتالىزىم بىر كۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن، مۈلۈكدارلار بىلەن مۈلۈكسىزلەر ئوتتۇرىسىدا مۇرەسسەسىز كۈرەش بولۇپ تۇرىدۇ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلار بىر پۈتۈن كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ تەركىبىي قىسىملىرى بولغانلىقتىن، ئۇلار ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزئارا باغلىنىشلىق بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، سىنىپىي كۈرەش جەمئىيەتنىڭ پارچىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ، بەلكى يېڭى ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن تۈزۈم ئورنىغا دەسسىتىدۇ. بۇرژۇئا ئىنقىلابى فېودالىلىق تۈزۈمىنى يوقىتىدۇ. روسىيىنىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلابى دۇنيانىڭ ئالتىدىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلغان زېمىندا كاپىتالىزىم تۈزۈمىنى يوقاتتى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە يوقسىشلىك ۋە كاپىتالىستلار ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇپ تاشلىنىپ، **خەلق دېموكراتىيىسى*** ھاكىمىيىتى ئورنىتىلدى.

سىنىپىي كۈرەش سىنىپىي ئانتاگونىيىلىك جەمئىيەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ئىدىيە ساھەلىرىگە سىڭگەن. پرولېتارىياتنىڭ سىنىپىي كۈرىشىنىڭ ئۈچ ئاساسىي شەكلى ئىقتىسادىي كۈرەش، سىياسىي كۈرەش ۋە نەزەرىيە كۈرىشىدىن ئىبارەت. سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ ئورنىتىلىشى بىلەن ئورۇنلىنىدىغان سىياسىي كۈرەش ئىشچىلار سىنىپى ۋە پۈتۈن جەمئىيەتنى

ئېكسپلاتاتسىيىدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ھەل قىلغۇچ شەرتى. ئىقتىسادىي كۈرەش ۋە نەزىرىيە كۈرىشىنىڭ شەكلى سىياسىي كۈرەشنىڭ ۋەزىپىسىگە بويسۇنىدۇ. ستالىن: "ئىلمىي سوتسىيالىزىمنىڭ ئىستراتېگىيە ئاساسى — مۇرەسسەسىز سىنىپىي كۈرەش توغرىسىدىكى تەلىمات، چۈنكى بۇ پرولېتارىياتنىڭ قولىدىكى ئەڭ ياخشى قورال. پرولېتارىياتنىڭ سىنىپىي كۈرىشى پرولېتارىياتنىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشتا ھەم ئۇنىڭدىن كېيىن بۇرژۇئازىيىنى قورالسىزلاندۇرۇپ، سوتسىيالىزىم قۇرۇشتا ئىشلىتىدىغان قورالى" («ستالىن ئەسەرلىرى»، 1953-يىل خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 1-توم، 321-بەت) دەپ كۆرسىتىدۇ. پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ ئورنىتىلغانلىقى بىلەن سىنىپىي كۈرەش ئاخىرلاشمايدۇ، بەلكى تېخىمۇ كەسكىنلىشىدۇ ھەم يېڭى شەكىل ئالىدۇ.

لېنىن يالش سوۋېت جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسەن، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى دەۋرىدىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ 5 خىل يېڭى شەكلىنى كۆرسەتتى: (1) ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش؛ (2) ئىچكى ئۇرۇش، بۇ — پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ كەسكىنلىشىدە چېكىگە يەتكەن شەكىل؛ (3) ئۇششاق دېھقان ئىگىلىكىگە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، پرولېتارىياتنىڭ غەيرىي پرولېتارىيات ئەمگەكچى ئاممىسىغا بولغان رەھبەرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان كۈرەش؛ (4) بۇرژۇئا مۇتەخەسسىسلىرىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ زىيانكەشلىك قىلمىشلىرىغا ۋە خىزمەتنى ئاقسىتىپ قويۇشىغا قارشى ئېلىپ بېرىلىدىغان كۈرەش؛ (5) سوتسىيالىستىك يېڭى ئەمگەك ئىنتىزامىنى ئورنىتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان كۈرەش.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شۇنىڭدەك ھەرقايسى خەلق دېموكراتىيىسى

ئەللىرىنىڭ سوتسىيالىزىم قۇرۇشتىكى تەجرىبىلىرى ئىسپاتلىغاندەك، پىرولېتارىيات ھاكىمىيەتنى قارتىۋالغاندىن كېيىن، ئىشچىلار سىنىپى بىلەن ئاغدۇرۇلغان ئەمما تېخى تامامەن يوقىتىلمىغان ئېكسپىلاتات-سىيە قىلغۇچى سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي كۈرەش ئۇچكەن بولىدۇ دەپ قارايدىغان نەزىرىيىلەر ئەكسىلئىنقىلاۋىي نەزىرىيىلەر-دۇر. ئەمەلىيەتتە، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش مەزگىلىدە، سىنىپىي كۈرەش كەسكىنلىشىدۇ، چۈنكى تېخى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان كاپىتالىزىم ئۇنسۇرلىرى ئۆزلىرىنىڭ بازىسىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆتكۈزۈپ بەرمەيدۇ. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى زورايغان-سېرى بۇ ئۇنسۇرلارنىڭ قارشىلىقىمۇ كەسكىنلىشىپ بارىدۇ. ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار مۇرەسسەسىز-سىنىپىي كۈرەش داۋامىدا يوقىلىدۇ.

سوۋېت دۆلىتىدە، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار يوقالدى. سوۋېت جەمئىيىتى بولسا ئىشچىلار ۋە دېھقانلاردىن ئىبارەت بۇ ئىككى دوست سىنىپتىن ۋە يېڭى سوۋېت زىيالىلىرىدىن تەركىب تاپقان. سوۋېت ئىتتىپاقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، سىنىپىي كۈرەشنىڭ بارلىق تىغ ئۇچى بۈگۈنكى كۈندە خەلقارا سەھنىگە بۇرالدى. ئۇ يەردە بىر بىرىگە دۈشمەن ئىككى لاگېر بار: بىرى دېموكراتىيە ۋە سوتسىيا-لىزىم لاگېرى، يەنە بىرى دېموكراتىيىگە قارشى جاھانگىرلىك لاگېرى. (سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى سىنىپلار"غا قاراڭ.)

**Социал-дарвинизм 社会达尔文主义 سوتسىيال دارۋىنىزىم**

بۇرژۇئا ئىجتىمائىيىتىدىكى ئەكسىيەتچىل مەزھەپ. ئۇنىڭ ئاساسى: دارۋىننىڭ ھايۋاناتلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىدىكى ياشاش ئۈچۈن كۈرەش ۋە تەبىئىي تاللىنىش توغرىسىدىكى تەلىماتىدىن پەنگە خىلاپ ھالدا پايدىلىنىپ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىنى ۋە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى چۈشەندۈرۈشتىن

ئىبارەت. سوتسىيال دارۋىنىزىمچىلار (لانگې، ئاممون، كىد، ۋولتمان، ۋېيسمان قاتارلىق كىشىلەر) بۇ قانۇنىيەتنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئومۇمىي قانۇنىيەت دەپ قارايدۇ، بۇ قانۇنىيەت ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىمۇ رول ئوينىماقتا دەپ كېسىپ ئېيتىدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە، گويا "كۈچلۈكلەر" ۋە "ئويغۇنلاشقانلار"لا ياشاش ئۈچۈن كۆرەش قىلىش داۋامىدا ياشايدۇ، ئاجىزلار ھالاك بولىدۇ دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ خىل ئەكسىيەتچىل ئىدىيىنىڭ بۇرژۇئا ماھىيىتى كاپىتالىزىم جەمئىيىتىدىكى ئادىلسىزلىقلار ۋە جەمئىيەت تۇرمۇشىدىكى غەيرىي نورمال ھادىسىلەرنى ئاقلاشقا، ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ سىنىپىي ئېڭىنى مۇجمەللەشتۈرۈشكە كۈچەپ ئۇرۇنۇپ، ئۇلارنى كاپىتالىزىمغا قارشى تۇرۇپ، سوتسىيالىزىمنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدىكى سىنىپىي كۆرەش يولىدىن چەتلىتىشتىن ئىبارەت. بۇرژۇئا ئىجتىمائىيەتشۇناسى، دەللىچى سپېنسېر* سوتسىيال دارۋىنىزىمنىڭ بۇنداق ماھىيىتىنى ئوچۇق ئېيتقان ئىدى. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: سوتسىيالىزىم ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ياشاش ئۈچۈن كۆرەشنى يوقىتىشقا تىرىشقان ئىكەن، مۇقەررەر ھالدا ئەقلىي كۈچ ۋە جىسمانىي كۈچنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك زەئىپلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. جاھانگىرلىك دەۋرىدە، سوتسىيال دارۋىنىزىم ئىدىيىسى كەڭ تارقالدى ھەمدە ماركسىزىمغا قارشى تۇرۇشتىكى ۋاستە بولۇپ قالدى. مەسىلەن، كىرۇپ 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غايەت كۆپ مىقداردا مۇكاپات پۇلى ئاجرىتىپ، ئىشچىلار ئارىسىدا سوتسىيال دارۋىنىزىم ئىدىيىسىنى كەڭ تارقاتقان ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلىدى. ماركسىزىمنىڭ ھەر خىل ھەر شەكىلدىكى خائىنلىرىمۇ چاكىنا سوتسىيال دارۋىنىزىم ئىدىيىسىنى تارقاتتى. گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىدىكى سوتسىيال دارۋىنىزىمچىلارنىڭ بىرى ۋولتمان: ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ۋە جەمئىيەتنىڭ تارىخى، تەبىئەت دۇنياسىدىكىگە ئوخشاش، ياشاش

ئۆچۈن كىشىلەر داۋامىدىكى ئۆيغۇتۇلۇشىنى، نەسىلگە تارتىش ۋە مۇكەممەللىشىشتىن ئىبارەت مۇشۇ بىيولوگىيىلىك پىرىنسىپلارغا ئاساسەن تەدرىجىي تەرەققىي قىلىدۇ دەيدىغان ئىدىيىنى تەرغىپ قىلدى. سوتسىيالىزمنىڭ خائىنى **كاۋوتسكى***مۇ ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدە پەنگە قارشى بولغان سوتسىيال دارۋىنىزىم ئىدىيىسىنى تەرغىپ قىلدى. نۆۋەتتە سوتسىيال دارۋىنىزىم كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە كەڭ ئېقىپ يۈرمەكتە. مەسىلەن، ئامېرىكىدىكى ئۆرغۇتۇلغان ئەكسىيەتچى بىيولوگلار ۋە ئىجتىمائىيەتشۇناسلار (مورگان، ئىست، جېننىگس، كونكلىن قاتارلىق كىشىلەر) سوتسىيال دارۋىنىزىم ۋە **مالتۇسچىلىق*** ئىدىيىلىرىدىن پايدىلىنىپ، نېگىرلارغا قارىتىلغان ئىرقىي كەمسىتىشنى، جاھانگىرلىك ئۇرۇشنى ۋە كىرىزىسنى ئاقلىدى. جاھانگىر مۇتەپەككۇرلار مالتۇسنىڭ ئاھالە ئۆسۈشچىلىكى نەزەرىيىسىگە ئاساسەن ئۇرۇشۇن "ناچار" مىللەتلەرنى يوقىتىش تەكلىۋىنى بەردى. مەسىلەن، ئامېرىكىدىكى بەزى ئەكسىيەتچىلەر (فوگت، كۇك قاتارلىق كىشىلەر) بىر خىل بىمەنە ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى، خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرىدىكى ۋە باشقا دۆلەتلەردىكى، بەك يۇقۇرى تۇغۇلۇش نىسبىتى ئىنسانىيەتكە تەھدىت بولماقتا، ھالبۇكى بۇنداق تەھدىتنى چەكلەش ئۈچۈن، پەقەتلا ئاتوم قوراللىرى ۋە باشقا كەڭ كۆلەمدە ۋەيران قىلىش خاراكتېرىدىكى قوراللار ئىشلىتىلىدىغان ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بېرىش كېرەك، دېيىشتى.

ماركسىزىم-لېنىنىزىم ئاساسچىلىرى سوتسىيال دارۋىنىزىمنىڭ ئەكسىيەتچىل، پەنگە قارشى خاراكتېرىنى تەل-توكۇس ئېچىپ تاشلىدى. سوتسىيال دارۋىنىزىمنىڭ پەنگە قارشى ماھىيىتى بىيولوگىيىلىك قانۇنىيەتلەرنى مېخانىكىلىق ھالدا ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ساھەسىگە يۆتكەپ كېلىشتىن ئىبارەت. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى، خۇددى ماركسىزىم-لېنىنىزىم ئىسپاتلىغاندەك، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە

قانۇنىيەتلىرىگە ئەمەل قىلىدۇ، بۇ قانۇنىيەتلەرنى تەبىئەت قانۇنىيەت-
لىرىگە يىغىنچاقلاپ قويۇشقا بولمايدۇ. شۇڭا، ئىجتىمائىي ھادىسە-
لەرنى بىئولوگىيە ياكى فىزىكا ئۇقۇملىرى بىلەن چۈشەندۈرۈش
بىر خىل ئەكسىيەتچىل، پەنگە قارشى شۇملۇق؛ لېنىن مۇنداق دەپ
يازىدۇ: "......بۇ ئۇقۇملارغا تايىنىپ ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ئۈستىدە
ھېچقانداق تەتقىقات ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ، ئىجتىمائىي پەن
ئۇسۇلى توغرىسىدا ھېچقانداق ئىزاھات بەرگىلى بولمايدۇ.
كرىزىس، ئىنقىلاپ، سىنىپىي كۈرەش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھادى-
سىلەرگە 'ئېنېرگىيېچىلىكچە' ياكى 'بىئولوگىيىلىك ـ ئىجتىمائىيەتلىك'
ماركىلارنى چاپلاشتىن ئاسان ئىش يوق، شۇنداقلا، بۇنداق شۇملۇق-
تىنمۇ پايدىسىز، چۈۋالچاق ۋە ئۆلۈك ئىش يوق." («ماتېرىيالىزم
ۋە تەجرىبە تەنقىتچىلىكى»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى،
607-بەت)

**«سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ دېموكراتىك ئىنقى-**
**لابتىكى ئىككى خىل تاكتىكىسى»** **《社会民主党在民主革命中的**
**《Две тактики социал–демократии демок–** **两种策略》**
**ратической революции》**

لېنىننىڭ 1905-يىل 6-ئايدىن
7-ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا يەنى روسىيە ئىنقىلابى دولقۇنغا كۆتۈرۈل-
گەن مەزگىلدە يازغان ئەسىرى. شۇ چاغدا ئىشچىلار سىنىپى ۋە
كوممۇنىستىك پارتىيە ئالدىدا قوراللىق قوزغىلاڭ ئۇيۇشتۇرۇش ۋە
دېھقانلارغا، ئەركىن بۇرژۇئازىيىگە قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش قاتار-
لىق زور ئەمەلىي مەسىلىلەر تۇراتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيىنىڭ
ئېنىق تاكتىكىسىنى تۈزۈپ چىقىشنى تەلەپ قىلاتتى. پارتىيە مېنشې-
ۋىكلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەركىتى تۈپەيلىدىن ئىككى سىياسىي
گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتتى، ماھىيەتتە ئوخشاش بولمىغان ئىككى
پارتىيىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى خىل تاكتىكا مەيدانغا

كەلدى: بۇنىڭ بىرى پارتىيە 3-قۇرۇلتىيىنىڭ قارارىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن پارتىيىنىڭ تاكتىكىسى، يەنە بىرى مېنشېۋىكلار ئۆز ئالدىغا چاقىرغان ۋەكىللەر يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاغمىچىلىق تاكتىكىسى. لېنىن بۇ كىتابىنى 3-قۇرۇلتاينىڭ تاكتىكىلىق قارارى ۋە مېنشېۋىكلارنىڭ جەنۇۋە ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ قارارىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەھلىل قىلىش مەقسىتىدە يازغان. ئۇ بۇ كىتابتا مېنشېۋىكلارنىڭ ئاغمىچىلىق تاكتىكىسىنى تەنقىت قىلدى، خەلقارا ئاغمىچىلار تاكتىكىسىنى ئېچىپ تاشلىدى ھەمدە بولشېۋىكلارنىڭ بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋى دەۋرىدىكى ۋە بۇ ئىنقىلابنى سوتسىيالىستىك ئىنقىلابقا ئايلاندۇرۇش دەۋرىدىكى تاكتىكىسىنى تالانتلىق ھالدا دەلىللىدى، لېنىننىڭ بۇ كىتاۋى سىياسى جەھەتتىن يېڭىچە پرولېتارىيات پارتىيىسىنى ھازىرلىدى.

لېنىننىڭ بۇ كىتاۋىغا باشتىن-ئاخىر بىر ئاساسىي تاكتىكىلىق قائىدە، يەنى پرولېتارىيات بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋىدا رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئىگەللىشى كېرەك دېگەن ئىدىيە سىڭدۈرۈلگەن. لېنىن ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقىنىڭ تارىخىي مۇقەررەرلىكلىكىنى دەلىللەپ، ئۇنىڭ بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبىگە ئېرىشىشى ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلابقا ئايلىنىشىدىكى ئاساسلىق ھەل قىلغۇچ شەرت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. لېنىن مېنشېۋىكلارنىڭ ئىنقىلابنىڭ ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچى مەسىلىسىدىكى ئىنقىلاپ ئۈستىدىن كونكرېت تەھلىل قىلىشقا ئەمەس، بەلكى ئىلگىرىكى بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىغا ئابستراكت سېلىشتۇرۇشقا ئاساسلانغان قارىشىنى كەسكىن تەنقىت قىلدى. لېنىن تۈزۈپ بەرگەن بولشېۋىكلارنىڭ تاكتىكىسى پۈتۈنلەي بىرىنچى قېتىملىق روسىيە ئىنقىلاۋىنىڭ تارىخىي ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە قىلىنغان دىيالېكتىك تەھلىلنى ئاساس قىلغان، بۇنداق تارىخىي ئالاھىدىلىك

ئىشچىلار سىنىپىنىڭ خەلق ئىنقىلابىدىكى رەھبەرلىك قىلغۇچىلىق رولىنى بەلگىلىدى. لېنىن مېنشېۋىزىمغا قارشى تۇرغاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىشچىلار سىنىپىدىن ئىبارەت مۇشۇ ئەڭ ئىلغار ئىنقىلابىي سىنىپلا ئىنقىلابنى ئۈزۈل-كېسىل غەلىبىگە ئېرىشتۈ-رۈشنى، ئىنقىلابنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىشنى خالايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا "**مەلۇم مەنىدە ئېيتقاندا**، بۇرژۇئا ئىنقىلابى بۇرژۇئازىيىگە دىن كۆرە، پرولېتارىياتقا **بەكرەك پايدىلىق**" («سوتسى-يال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابتىكى ئىككى خىل تاكتىكىسى»، 1974-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 64-بەت). لېنىن بىر شوئارنى ئوتتۇرىغا قويىدى، مۇشۇ شوئارلارنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندا، دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولاتتى. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: چارىزىمغا قارشى تۇرۇش يولىدىكى ئىنقىلابنىڭ ئۈزۈل-كېسىل غەلىبىسى **ئىشچى-دېھقانلار-نىڭ ئىنقىلابىي دېموكراتىك دىكتاتۇرىسىدىن ئىبارەت**. ئىشچىلار سىنىپىلا دېموكراتىيە تۈزۈمى ئۈچۈن ئۈزۈل-كېسىل كۈرەش قىلى-دىغان جەڭچى ھېساپلىنالايدۇ. دېھقانلار ئاممىسى پرولېتارىيات ئىنقىلابىي كۈرەشكە قاتناشقان شارائىتتىلا، پرولېتارىيات دېموكرا-تىك ئىنقىلابتا غەلىبىگە ئېرىشەلەيدۇ. بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بارالمايدۇ، دېھقانلار بولسا دېموكراتىك ئىنقىلاب-نىڭ ئۈزۈل-كېسىل ۋە ئەڭ قەتئىي ھىمايىچىسى بولالايدۇ.

لېنىن بۇ ئىنتايىن ئىخچام فورمۇلدا ئىنقىلاپ تەرەققىياتىنىڭ يولىنى، بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلابقا ئۆرۈلۈشتىكى يولىنى، ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ رولىنى ۋە مەيدانىنى بەلگىلەپ، پرولېتارىياتنىڭ ۋەزىپىسىنى كۆرسەتتى: "پرولېتارىيات دېموكراتىك ئىنقىلابنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىشى لازىم، بۇنىڭ ئۈچۈن دېھقانلار ئاممىسىنى ئۆز يېنىغا بىرلەشتۈرۈپ، مۇستەبىتلىك

تۈزۈمنىڭ قارشىلىقىنى كۈچ بىلەن يەنچىپ تاشلاش ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ تۇراقسىزلىقىغا يول قويماسلىقتا توغرا كېلىدۇ. پرولېتارىيات سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى لازىم، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاھالە ئىچىدىكى يېرىم پرولېتار ئاممىنى ئۆز يېنىغا بىرلەشتۈرۈپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ قارشىلىقىنى كۈچ بىلەن يەنچىپ تاشلاش ۋە دېھقانلار بىلەن ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ تۇراقسىزلىقىغا يول قويماسلىقتا توغرا كېلىدۇ." («سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابتىكى ئىككى خىل تاكتىكىسى»، 1974-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 160-بەت) لېنىن مۇنداق دەپ ھېسابلايدۇ: غەلىبە بىلەن ئېلىپ بېرىلغان قوراللىق قوزغىلاڭ چارىزىمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ۋە ئىشچى-دېھقانلارنىڭ ئىنقىلابىي دېموكراتىك دىكتاتۇرىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ئەڭ مۇھىم ۋاستە. لېنىن پارتىيە 3-قۇرۇلتىيىنىڭ سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ قوراللىق قوزغىلاڭ نەتىجىسىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتكە تۇتقان پوزىتسىيە مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارارىنى دەلىللىدى. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: پرىنسىپ جەھەتتە، سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ۋەكىللىرىنىڭ ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتكە قاتنىشىشىغا («دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان دەۋردە») يول قويۇلىدۇ؛ ۋاقىتلىق ئىنقىلابىي ھۆكۈمەتكە قاتنىشىش ئەمەلىيەتتە شۇنىڭ ئۈچۈن مۇۋاپىقكى، بۇنداق بولغاندا "تۆۋەندىن"، سىرتتىنلا ئەمەس، بەلكى يەنە "يۇقۇرىدىن"، ھۆكۈمەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىن ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا زەربە بەرگىلى بولىدۇ.

لېنىننىڭ «سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابتىكى ئىككى خىل تاكتىكىسى» دېگەن ئەسىرىنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى "ئالدى بىلەن شۇنىڭدىكى، بۇ ئەسەر مېنشېۋىكلارنىڭ

ئۇششاق بۇرژۇئاچە تاكتىكىلىق قائىدىلىرىنى ئىدىيە جەھەتتىن تارمار قىلدى؛ روسىيە ئىشچىلار سىنىپىنى بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇش، چارىزمغا يېڭى زەربە بېرىشتە قورالغا ئىگە قىلدى؛ روسىيە سوتسىيال دېموكراتلىرىغا بۇرژۇئا ئىنقىلابىنى سوتسىيالىستىك ئىنقىلابقا ئايلاندۇرۇش لازىملىقىدىن ئىبارەت پارلاق ئىستىقبالنى كۆرسىتىپ بەردى.

لېكىن لېنىننىڭ بۇ ئەسىرىنىڭ ئەھمىيىتى شۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئۇنىڭ بىباھا ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، ئۇ ماركسىزمنى يېڭى ئىنقىلابىي نەزەرىيە بىلەن بېيىتتى. بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ ئىنقىلابىي تاكتىكىسىغا ئاساس سېلىپ بەردى، مەملىكىتىمىز پرولېتارىياتى 1917-يىلى دەل مانا مۇشۇ تاكتىكىغا تايىنىپ، كاپىتالىزم تۈزۈمى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى" («سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلار) تارىخى قىسقىچە كۇرسى» 1978-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 168—169-بەتلەر). لېنىننىڭ بۇ يېڭى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب نەزەرىيىسىدە سوتسىيالىزم يالغۇز بىر كاپىتالىستىك مەملىكەتتە غەلىبە قازىنىشى مۇمكىن دېگەن بىۋاستە يەكۈن تېخى چىقىرىلمىغان. لېكىن بۇ نەزەرىيە بۇنداق يەكۈننى چىقىرىشتا زۆرۈر بولغان پارلاق ئاساسىي تەركىبلەرنى دېگۈدەك ئۆز ئىچىگە ئالغان.

كېيىن، لېنىن «ياۋروپا قوشما ئىشتاتلىرى شوئارى توغرىسىدا» (1915) ۋە «پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ ھەربىي پروگراممىسى» (1916) دېگەن ئىككى پارچە ماقالىسىدا مۇشۇنداق يەكۈننى چىقاردى. لېنىن بۇ ئىككى پارچە ماقالىسىدا، «سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابتىكى ئىككى خىل تاكتىكىسى» دېگەن كىتابتىكى ئىدىيىلەرنى ئالغا سۈرۈپ، يېڭى، مۇكەممەل

بولغان سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ نەزەرىيىسىنى، يەنى ئىنقىلاپ بىرلا ۋاقىتتا ھەممە مەملىكەتتە ئەمەس، بەلكى ئالدى بىلەن بىرلا كاپىتالىستىك مەملىكەتتە غەلىبە قىلىشى مۇمكىن دېگەن نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

**سوتسىيالىستىك دۆلەت** 社会主义国家 Социалистическое государство سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشچىلار سىنىپى تۇنجى ئاۋال قۇرغان، پرولېتارىيات ئىنقىلاۋى پاچاقلاپ تاشلىغان ۋە يوقاتقان بۇرژۇئا دۆلەت ماشىنىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىگەن يېڭىچە دۆلەت.

سوتسىيالىستىك دۆلەت "يېڭىچە دېموكراتىك (پرولېتارلار ۋە ئومۇمى ئامراتلار ئۈچۈن دېموكراتىيە) دۆلەت ۋە يېڭىچە دىكتاتورا (بۇرژۇئازىيە ئۈچۈن دىكتاتورا) دۆلىتى" (لېنىن. «دۆلەت ۋە ئىنقىلاپ»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 57-بەت). سوتسىيالىستىك دۆلەت، ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، **پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى** دېمەكتۇر. سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولى ئۇنىڭ ئىشچىلار ۋە دېھقانلارنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە كاپىتالىزمنىڭ مۇھاسىرىسى ئاستىدا ئەمگەكچىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك مۈلكىنى قوغداشتىكى ئاساسىي قورال ئىكەنلىكىدە. كوممۇنىستىك پارتىيە سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ رەھبەرى كۈچ، ئۇ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ بارلىق تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك دۆلەتتە كۈندىلىك خىزمەتلەر پارتىيە بىلەن ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنى باغلاپ تۇرىدىغان "ۋاستە" ۋە "پىشاڭ"نىڭ يەنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، سوۋېت، كوپېراتىپ ۋە ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن بۇيان، سوۋېت سوتسىيالىستىك دۆلىتى ئىككى ئاساسىي تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتتى. بىرىنچى باسقۇچ ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن تارتىپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى

سىنىپلار يوقىتىلغانغا قەدەر بولغان دەۋر، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ مۇشۇ دەۋردىكى ئاساسىي ۋەزىپىسى: ئاغدۇرۇلغان ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش، قوراللىق مۇداخىلىچىلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن دۆلەت مۇداپىئەسىنى ئۇيۇشتۇرۇش، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەمدە كاپىتالىستىك تەركىبنى يوقىتىش ئۈچۈن شەرت-شارائىت ھازىرلاش. شۇڭا، دۆلەت مۇشۇ دەۋردە مەملىكەت ئىچىدىكى ئاغدۇرۇلغان ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش ۋە چەتنىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇداپىئە كۆرۈشتىن ئىبارەت ئىككى خىل رولنى ئۆتەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئۈچىنچى خىل رولىنى، يەنى ئىقتىسادىي-تەشكىلىي خىزمەت ۋە مەدەنىيەت-مائارىپ خىزمىتى رولىنى ئۆتەيدۇ، ئەمما بۇنداق رول شۇ دەۋردە زور تەرەققىياتقا ئېرىشەلمىدى. ئىككىنچى باسقۇچ شەھەر ۋە يېزىلاردىكى كاپىتالىستىك تەركىبلەر يوقىتىلغاندىن باشلاپ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي سىستېما تولۇق غەلىبىگە ئېرىشكەنگە ۋە يېڭى ئاساسىي قانۇن ماقۇللانغانغا قەدەر بولغان دەۋرنى، شۇنىڭدەك كوممۇنىستىك قۇرۇلۇش دەۋرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دۆلەتنىڭ مۇشۇ دەۋردىكى ئاساسىي ۋەزىپىسى: پۈتۈن مەملىكەتتە سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنى تەشكىللەش ۋە كاپىتالىستىك تەركىبلەرنىڭ ئاخىرقى قالدۇقلىرىنى يوقىتىش، مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىش، پۈتۈنلەي زامانىۋىلاشقان دۆلەت مۇداپىئەسى ئارمىيىسىنى تەشكىللەشتىن ئىبارەت. سوۋېت سوتسىيالىستىك دۆلىتىنىڭ مۇشۇ ئىككىنچى دەۋردىكى رولىمۇ مۇشۇ يېڭى ۋەزىپىلەرگە ئەگىشىپ ئۆزگەردى. مەملىكەت ئىچىدە قوراللىق كۈچ بىلەن باستۇرۇشنى يولغا قويۇش رولى تۈگىدى، چۈنكى ئېكسپلاتاتسىيە يوقىتىلدى، ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچىلار قالمىدى. دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك

مۈلۈكنى قوغداش ئۈچۈن، خەلقنىڭ بايلىقىنى ئوغرىلىغۇچى ۋە ئۆزىنىڭ قىلىۋالغۇچىلاردىن مۇداپىئەلىنىش رولى باستۇرۇش رولىنىڭ ئورنىغا دەسسىدى. دۆلەتنى قوراللىق قوغداپ، چەتئەلنىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇداپىئە كۆرۈش رولى يەنىلا پۈتۈنلەي ساقلىنىپ قالىدۇ. دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئىقتىسادىي-تەشكىلىي خىزمىتى ۋە مەدەنىيەت-مائارىپ خىزمىتىدىكى رولى تولۇق تەرەققىياتقا ئىگە بولىدۇ. ئىككىنچى باسقۇچتا، سوۋېت دۆلىتىنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى ئاساسىي ۋەزىپىسى تېنچ ئىقتىسادىي-تەشكىلىي خىزمەت ۋە مەدەنىيەت-مائارىپ خىزمىتى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى، جازالاش ئورگانلىرى ۋە ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ تىغ ئۇچى مەملىكەت ئىچىگە ئەمەس، بەلكى مەملىكەت سىرتىغا قارىتىلىدۇ، بۇنىڭدىن مەقسەت دۆلەتنى تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن قوغداشتىن ئىبارەت. ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى داۋامىدا، سوۋېت سوتسىيالىستىك دۆلىتىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ۋەتەننى قوغداش ۋە دۈشمەننى تارمار قىلىش خىزمىتىنى تەشكىللەشتىن ئىبارەت بولدى. ئۇرۇش شارائىتىدا ۋە تېنچ قۇرۇلۇش دەۋرىدە، سوۋېت دۆلەت تۈزۈمى ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، بۇرژۇئا دۆلەت تۈزۈمىدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. سوۋېت دۆلىتى خەلق ئىگىلىكىنى تېزدىن ئۇرۇش ۋاقتى يولىغا سېلىپ، بارلىق زاپاس كۈچلەرنى ۋە يوشۇرۇن كۈچلەرنى سەپەرۋەر قىلىش ئارقىلىق ئۇلۇغ غەلىبىگە ئېرىشەلىدى. ئۇرۇشتىن كېيىنكى دەۋردە، سوۋېت دۆلىتى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئورۇنلاش ھەمدە سوتسىيالىزمدىن پەيدىن-پەي كوممۇنىزمغا ئۆتۈش ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مىسلىسىز كەڭ كۆلەملىك تەشكىللەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، خەلق ئىگىلىكىنى ۋە خەلقنىڭ مەدەنىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆستۈردى.

سوۋېت سوتسىيالىستىك دۆلىتى ئۆزى بارلىققا كەلگەندىن كېيىنكى قىسقىغىنا مەزگىلدە، ئۆزىنىڭ سوتسىيالىستىك ۋە كوممۇنىستىك قۇرۇلۇشتىكى ئىنتايىن ئۇلۇغ رولىنى تولۇق ئىپادىلىدى. سوتسىيالىستىك دۆلەت بىلەن بۇرژۇئا دۆلىتىنىڭ تۈپ پەرقىنى روشەن كۆرسىتىپ بەردى. بۇرژۇئا دۆلىتى ئاز ساندىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى دەپ جەمئىيەتتە كوپ سانىنى تەشكىل قىلىدىغان ئەمگەكچىلەرنى ئېزىدۇ، ئۇ ئىقتىسادىي-تەشكىلىي خىزمەت ۋە مەدەنىيەت-مائارىپ خىزمىتى ئىشلەش رولىنى ئاتقۇرمايدۇ ياكى دېگۈدەك ئاتقۇرمايدۇ دېسىمۇ بولىدۇ، ئۇ كاپىتالىستلارنىڭ ئىشچىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ھوقۇقىنىلا قوغدايدۇ. بۇرژۇئا دۆلىتى ئىقتىسادىي جەريانغا رەھبەرلىك قىلالمايدۇ، ئۇنىڭدا ئىقتىسادىي جەريان ئىستىخىيىلىك ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ، ئۇ بىر خىل قارغۇلارچە رول ئوينايدىغان كۈچ. بۇرژۇئا دۆلىتى ئاممىنى تەربىيىلەش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، ئاممىنىڭ مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىشىغا يول قويمايدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئاممىنى ئىنسانلار ياراتقان بارلىق مەنىۋى بايلىقتىن ئايرىلىشقا مەجبۇرلاپ، ئۇلارنىڭ ئېڭىنى ئەكسىيەتچىل بۇرژۇئا مەدەنىيىتى بىلەن زەھەرلەيدۇ. سوۋېت دۆلىتى يېڭىچە دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭ رولى چەكسىز كېڭەيدى. دۆلەت جەمئىيەت تارىخىدا ئىقتىسادىي-تەشكىلىي خىزمەت ۋە مەدەنىيەت-مائارىپ خىزمىتى رولىنى تۇنجى قېتىم ئۆتىدى. سوتسىيالىستىك ئىگىلىك ئىستىخىيىلىك ھالدا راۋاجلانمايدۇ، بەلكى پىلانلىق راۋاجلىنىدۇ، ئۇ دۆلەت ۋە پارتىيە ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن تەشكىللىگەن پىلانلىق ئىگىلىك. سوتسىيالىستىك دۆلەت كەڭ ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ ئاڭ-سەۋىيىسىنىڭ ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىگە چوڭقۇر غەمخورلۇق قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك دۆلەت ئۆزىنىڭ دېموكراتىيىچىللىق جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ

بىر خىل يېڭىچە دۆلەت. خەلق دۆلەتنى باشقۇرۇشقا بىۋاستە قاتنىشىدۇ. ئەگەر يۈز مىليونلىغان خەلق دۆلەتنىڭ تۈرلۈك تەدبىرلىرىنى ئاكتىپ قوللىمايدىكەن، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئۇلۇغ ئۆزگىرىش ھەركىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىشىدىكى "سىر" مۇشۇ يەردە.

سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ تاشقى سىياسىتى ۋە ئىچكى سىياسىتى پۈتۈنلەي خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك دۆلەت ئەمگەكچىلەرنىڭ دۆلىتى. ئۇ ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تېچلىققا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۇزۇل-كېسىل تېچلىق سىياسىتىنى ئىجرا قىلىدۇ. سوۋېت سوتسىيالىستىك دۆلىتى ۋە ھەرقايسى خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرى دۇنيا تېچلىقىنىڭ قورغىنى.

**Социалистический реализм 社会主义的现实主义 سوتسىيالىستىك رېئالىزم**

سوۋېت ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتىنىڭ ئاساسىي ئۇسۇلى. سوۋېت سەنئىتى ئىلگىرىكى سەنئەتنىڭ ئېسىل رېئالىزملىق ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلدى. لېكىن سوۋېت سەنئىتىدىكى رېئالىزم دۇنيا سەنئىتى تارىخىدىكى يېڭى سۈپەتلىك باسقۇچ بولدى. بۇ كوممۇنىستىك ئىدىيىۋىلىكتە، جەمئىيەتنى ئىنقىلاۋىي ئەرىزدە ئۆزگەرتىش ۋە كوممۇنىزم قۇرۇش كۈرىشىدە يېتىلگەن رېئالىزم. بۇ ئىلمىي سوتسىيالىزم ئىدىيىسى ئاساسىغا ئورنىتىلغان رېئالىزم، سوتسىيالىستىك ئەمەلىي قۇرۇلۇش ئاساسىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن رېئالىزم. سوتسىيالىستىك رېئالىزم سەنئەتتىكى كونا رېئالىزمنىڭ ئىدىيىۋى چەكلىمىسىنى تۈگەتتى. ئۇ سەنئەتكارلارنى جەمئىيەت تۇرمۇشىنىڭ ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ تارىختىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى، ئېزىلگۈچى ئاممىنىڭ رەھبىرى بولغان پرولېتارىياتنىڭ كاپىتالىستىك تۈزۈمگە قارشى كۈرەشتىكى

رولىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك رېئالىزم سەنئەتتىكى رېئالىزمنىڭ ئەڭ ئۈزۈل-كېسىل ۋە ئەڭ يۇقىرى شەكلى بولۇپ قالدى.

سوتسىيالىستىك رېئالىزمنىڭ ئاساسىي تەلىپى رېئال ئىنقىلاپ تەرەققىياتى داۋامىدا رېئاللىقنى ھەققىي، تارىخىي ۋە كونكرېت رەۋىشتە تەسۋىرلەشتىن ئىبارەت. رېئاللىق ئۈستىدىكى بەدىئىي تەسۋىرنىڭ چىنلىقى ۋە تارىخىي كونكرېتلىقى سوتسىيالىستىك روھ ئارقىلىق ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتىش ۋە ئۇلارغا تەربىيە بېرىش ۋەزىپىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى كېرەك. سوتسىيالىستىك رېئالىزم ئىنقىلاۋىي رومانتىزمنى يەنى يېڭى شەيئىلەر تېخى بىخ ھالەتتىكى ۋاقتىدىلا ئىستىقبالى بار نەرسىلەرنى كۆرەلەيدىغان قابىلىيەتنى چەتكە قاقمايدۇ، بەلكى ئۇنى ئۆزىنىڭ تەركىبىي قىسمى، ئۆزىنىڭ ئىچىدىكى نەرسە دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، خۇددى ژدانوۋ سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلىرىنىڭ بىرىنچى قۇرۇلتىيىدا ئېيتقاندەك: "پارتىيىمىزنىڭ پارلاق تۇرمۇشى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ پارلاق تۇرمۇشى ۋە كۈرەشلىرى ئەڭ جەسۇر، ئەڭ سالماقلىق ئەمەلىي خىزمەتنى ئەڭ ئۇلۇغ قەھرىمانلىق روھ ۋە ئۇلۇغۋار ئىستىقبال بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە باغلىق."

ماركسىزم مەيدانىدىن قارىغاندا، تىپ ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان شەيئىلەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مۇئەييەن ئىجتىمائىي تارىخىي ھادىسىلەرنى ئەڭ چوڭقۇر ئىپادىلەيدىغان شەيئىلەر، ئۇ ھەرگىزمۇ مەلۇم ئىستاتىستىكىلىق ئوتتۇرىچە سان ئەمەس. شۇڭا بىر ئوبراز مەقسەتلىك تۈردە مۇبالىغە قىلىنسا ۋە گەۋدىلىك ھالدا سۈرەتلەنسە، تىپىك نەرسىلەرنى تېخىمۇ تولۇق تېپىپ چىققىلى بولىدۇ. يازغۇچىلار ۋە سەنئەتكارلارنىڭ بۇنداق ياكى ئۇنداق ئىدىيىسىنى ئوبرازدا تىرىشىپ گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، مۇشۇنداق مۇبالىغە

قىلىش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش، رېئالىزىمغا قىلچە زىت ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە، بۇ، تۇرمۇشنىڭ ئۆزىنى ئەڭ رېئالىستىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈش ماھارىتى. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، تىپىكلەشتۈرۈش سەنئەتنىڭ پارتىيىۋىلىك ئىپادىسىنىڭ دائىرىسى. يازغۇچىلار، سەنئەتكارلار تىپىك شەيئىلەرنى سۈرەتلەش ئارقىلىق تۇرمۇشقا قاتنىشىپ، چىرىك شەيئىلەرگە قارشى تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ غايىسىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنى مۇئەييەن يۆنۈلۈش بويىچە تەربىيىلەيدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلىرى، سەنئەتكارلىرى — ئىنسانىيەت روھىنىڭ ئىنژېنېرى. ئۇلار ئەمگەكچىلەرنى كوممۇنىستىك روھ، كوممۇنىستىك پارتىيىگە چەكسىز سادىق بولۇش روھى، **سوۋېت ۋەتەنپەرۋەرلىكى*** ۋە ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش روھى بىلەن تەربىيىلەيدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلىرى ۋە سەنئەتكارلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە **كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىكى كاپىتالىزىم قالدۇقلىرى***غا قارشى ئاكتىپ تۈردە كۈرەش قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىغە سوتسىيالىستىك ئەخلاق پىرىنسىپلىرىنى ئىگەللەش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشى لازىم. سوۋېت سەنئىتىنىڭ تۈپ ئۇسۇلى بولغان سوتسىيالىستىك رېئالىزىم سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىيەتتە تۈرلۈك شەكىل، ئۇسلۇپ ۋە ژانىرلارنى تاللاشتىكى كەڭ تەشەببۇسكارلىقىنى چەتكە قاقمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە، مۇشۇنداق تەشەببۇسكارلىقنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك رېئالىزىم شەكىلۋازلىققا ۋە "نوقۇل سەنئەت" نەزەرىيىسىگە تۈپتىن قارىمۇ-قارشى. سوتسىيالىستىك رېئالىزىم مەيلى ئىدىيىۋى مەزمۇن جەھەتتە بولسۇن، ياكى بەدىي شەكىل جەھەتتە بولسۇن، سەنئەت تەرەققىياتىدىكى بىر يېڭى سۈپەتلىك تارىخىي باسقۇچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سوۋېت ئەدەبىياتى، تىياتىرى، كىنوسى، رەسساملىقى ۋە

مۇزىكىسىدىكى يېڭىلىق پارتىيىنىڭ ماھىيىتى ئۇرغۇلىغان بىرىنچى قاتاردىكى ئىجادىيەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. سوۋېت سەنئىتىدىكى ۋەقەلىك، شەخسلەر، دىرامما خاراكتېرلىق توقۇنۇش، شۇنىڭدەك ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەرنىڭ كۆلىمى قاتارلىقلار، كونا سەنئەتكە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ. سوۋېت سەنئىتى ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە قائىدىن جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى شەكىل جەھەتتىمۇ چوڭقۇر خەلقچىللىققا ئىگە سەنئەت. لېنىن، يېڭى سەنئەت ئاما چۈشىنىدىغان سەنئەت بولۇشى كېرەك، دېگەن ئىدى. 1948-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلار) مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇرادېلىنىڭ «ئۇلۇغ دوستلۇق» دېگەن ئوپېراسى توغرىسىدىكى قارارىدا بۇ مەسىلە ھەققىدە ئېنىق پۈروگراما خاراكتېرلىق قائىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى. قارارىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: سوۋېت مۇزىكىسىدىكى رېئالىزم يۆنىلىشىنىڭ تۈپ پرىنسىپى: "مۇزىكا مەزمۇنىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى تولۇقلۇقى بىلەن مۇزىكا شەكلىنىڭ بەدىئىلىكىنىڭ مۇكەممەللىكىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى، مۇزىكىنىڭ چىنلىقى بىلەن رېئاللىقى، مۇزىكا بىلەن خەلقنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ مۇزىكا ئىجادىيىتى بىلەن ناخشا ئىجادىيىتىنىڭ چوڭقۇر ئورگانىك باغلىنىشى، مۇزىكا ئەسەرلىرىنىڭ يۈكسەك ئالاھىدە ماھارىتى بىلەن ئىخچام، چۈشىنىشلىك بولۇشىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا تەييارلىنىشى"دىن ئىبارەت. سوتسىيالىستىك رېئالىزملىق ئۇسۇل مىللىي خاراكتېرلىق نەرسىلەر بىلەن خەلقارا خاراكتېرلىق نەرسىلەرنىڭ سەنئەتتىكى ئورگانىك بىرلىشىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. سوۋېت سەنئىتى تۆۋەندىكى ماركسىزملىق قائىدىنى يەنى سوۋېت مەدەنىيىتى سوتسىيالىستىك مەزمۇنغا ۋە مىللىي شەكىلگە ئىگە مەدەنىيەت، دېگەن قائىدىنى قېلىپنامە قىلىدۇ.

سوتسىيالىستىك رېئالىزمنىڭ ئاساسى — ئۇلۇغ پرولېتارىيات

يازغۇچىسى گوركى، ئۇنىڭ ئىجادىيىتى پارتىيە ئەدەبىياتى تەرەققى- ياتىدا يېڭى دەۋرنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنىڭ بەلگىسى بولدى. سوتسىيالىستىك رېئالىزم ئۇسۇلى، كاپىتالىزمنىڭ كىشىنىدىن قۇتۇلغان ھەمدە سوتسىيالىستىك جەمئىيەت قۇرۇۋاتقان ۋە سوتسىيا- لىستىك مەدەنىيەت يارىتىۋاتقان ھەرقايسى خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرىدىكى سەنئەت خادىملىرىنىڭمۇ بايلىقى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ھەرقايسى كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىكى خەلق- نىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن، تىنچلىق، دېموكراتىيە ۋە سوتسىيالىزم ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى مۇتەۋۋەر ۋەكىللەرنىڭمۇ بايلىقى بولۇپ قالدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلىرىنىڭ 2-قۇرۇلتىيىغا يوللىغان تەبرىك- نامىسىدە، سوتسىيالىستىك رېئالىزم ئاساسىدا سوۋېت ئەدەبىيات- سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنىڭ كەڭ پروگراممىسى بەلگىلەندى.

**Социалистическая революция 社会主义革命 سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ**
پرولېتارىيات سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى*غا قاراڭ.

**Социалистическое соревнование 社会主义竞赛 سوتسىيالىستىك مۇسابىقە**
"مىليونلىغان ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ ئەڭ زور ئاكتىپلىقى ئاساسىدا سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى كوممۇنىستىك ئۇسۇل" («ستالىن ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتى 1955-يىل خەنزۇچە نەشرى، 12-توم، 98-بەت). كوممۇنىزمنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى يۈز مىليونلىغان ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ ئاڭلىق ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى. سوتسىيالىستىك مۇسابىقە ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ يېڭى كوممۇنىستىك جەمئىيەت قۇرۇشتا ئاڭلىقلىقى، ئىجادىي تەشەببۇسكار-

لىغىنىڭ ئىپادىسى، ئۇ ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى نەتىجىسىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن. سوتسىيالىستىك مۇسابىقە كاپىتالىستىك رىقابەتنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ: كاپىتالىستىك رىقابەت كاپىتالىستلارنىڭ ئەمگەكچىلەرگە قاراتقان دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسى، ئاممىنىڭ غەيرىتى ۋە ئىجادىي تەشەببۇسكارلىقىغا قاراتقان ۋەھشىيانە بېسىمى؛ كوممۇنىستىك پارتىيە ئۇيۇشتۇرغان ۋە رەھبەرلىك قىلغان سوتسىيالىستىك مۇسابىقە كەڭ ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنى ھەممە ئىمكانىيەتلەر بىلەن ماھارەت كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. ھالبۇكى بۇ ئىقتىدار، لېنىننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، كاپىتالىزم تەرىپىدىن مىڭلىغان-ئون مىڭلىغان ھەتتا مىليونلىغان بېسىمغا، ئاياق ئاستى قىلىشقا ۋە ئۇجۇقتۇرۇشقا ئۇچرايدۇ. سوتسىيالىستىك مۇسابىقىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى ئەمگەك قىلىشقا مەجبۇرلايدىغان ۋە كىشىنى كىشى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان ھادىسىلەرنى مەڭگۈگە يوقاتقان سوۋېت جەمئىيىتىنىڭ يېڭى سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى. سوتسىيالىستىك مۇسابىقىنىڭ مەنبەسى ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ ماددىي ئەھۋالى ۋە مەدەنىيەت ئەھۋالىنىڭ توختىماي ياخشىلىنىشىدا. سوتسىيالىستىك مۇسابىقە سوۋېت دۆلىتىنىڭ مەملىكەت ئىچىدە كوممۇنىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشىدىكى بىر قۇدرەتلىك پىشاڭ.

سوتسىيالىستىك مۇسابىقىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك يېرى شۇكى، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەمگەككە بولغان كۆزقارىشىدا تۈپ ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى، ئۇ ئىلگىرى نومۇس ھەم ئېغىر يۈك دەپ قارىلىپ كەلگەن ئەمگەكنى شەرەپلىك ئىشقا، شانلىق ئىشقا، باتۇرانە، ئۇلۇغۋار ئىشقا ئايلاندۇردى. سوتسىيالىستىك مۇسابىقە سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى ئەمگەكچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى يولداشلارچە ھەمكارلىق ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزئارا ياردەم قىلىش پرىنسىپى ئاساسىغا، ئىلغارلار ئارقىدا قالغان-

لارغا ياردەم قىلىپ، ئورتاق يۈكسىلىش پىرىنسىپى ئاساسىغا ئورنىتىلغان. سوتسىيالىستىك مۇسابىقە كويا قائىدىلەرگە يېپىشىۋېلىش، ئىلگىرىلىمەي بىر ئورۇندا توختاپ قېلىش، بيۇروكراتلىق ۋە قەغەزۋازلىققا قارشى تۇرىدۇ. ئۇ ئاممىنىڭ ھەقىقەتەن ئەمەلىيەتتىن ئۆرلىگەن ھالدا، ئىنقىلاۋىي يوسۇندا ئۆز ئۆزىنى تەنقىت قىلىدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى، بۇنداق ئۆز ئۆزىنى تەنقىتتە يۈز مىليونلىغان ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىجادىي تەشەببۇسكارلىقىغا تايىنىلىدۇ. سوتسىيالىستىك مۇسابىقە سوۋېت جەمئىيىتىدىكى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئېشىشىدىكى قۇدرەتلىك مەنبە. سوتسىيالىستىك مۇسابىقە ئەمگەكچىلەرنىڭ ماددىي سەۋىيىسى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئۆسكەن ئاساستا راۋاجلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش پاراۋانلىقى ۋە مەدەنىيەت پاراۋانلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ۋاستىسى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. سوتسىيالىستىك مۇسابىقىدە كىشىلەرنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى بىلەن جامائەت مەنپەئەتىنىڭ بىرلىشىشى روشەن ئىپادىلىنىدۇ ھەمدە كىشىلەرنىڭ ماددىي مەنپەئەت جەھەتتىن ئەمگەكتىنىڭ ئەڭ زور مۇۋەسسەگە كۆڭۈل بۆلۈشىدەك بۇ پىرىنسىپ ئەمەلگە ئاشىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا سوتسىيالىستىك مۇسابىقىنىڭ تەرەققىياتى بىرقانچە باسقۇچنى ئۆتتى. ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە مەيدانغا كەلگەن كوممۇنىستىك شەنبىلىكنى باشلاپ، بىرىنچى 5 يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى زەربىدارلىق ھەركەت، ئىككىنچى 5 يىللىق پىلان مەزگىلىدە مەيدانغا كەلگەن ستاخانوۋچىلار ھەركىتى، ئاندىن كېيىن ئومۇمىي خەلق خاراكتېرلىق سوتسىيالىستىك مۇسابىقە، ــ مانا بۇلار سوتسىيالىستىك مۇسابىقىنىڭ شەرەپلىك تەرەققىيات يولى. ستاخانوۋچىلار ھەركىتى سوتسىيالىستىك مۇسابىقىنىڭ يېڭى باسقۇچى بولدى. بۇ ھەركەت ئالدىنقى بىرنەچچە باسقۇچتىكى مۇسابىقىدىن سۈپەت جەھەت-

ئىن پەرقلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ ئالدى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
سوتسىيالىستىك سانائەتلەشتۈرۈشىنىڭ نەتىجىسىدە يارىتىلغان يېڭى
تېخنىكىنى ئاساس قىلغان. ستاخانوۋ ھەركىتىنىڭ ئەھمىيىتى شۇ
يەردىكى، ئۇ يۈكسەك ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى يارىتىپ، سوتسىيال-
زىمنىڭ كاپىتالىزمدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى روشەن ھالدا نامايەن
قىلدى.

سوتسىيالىستىك مۇسابىقە تەرەققىياتىنىڭ ھازىرقى باسقۇچى يۇقۇرى
باسقۇچ بولۇپ، بۇ باسقۇچتا سوتسىيالىستىك مۇسابىقە ئومۇمى خەلق
خاراكتېرلىق مۇسابىقە بولۇپ قالدى. ھازىر ئايرىم ئىشچىلار گۇرۇپ-
پىلىرى ئەمەس، بەلكى يۈز مىليونلىغان ئىشچىلار ئەڭ يېڭى ۋە ئەڭ
مۇرەككەپ زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ۋە ھۈنەر-سەنئەت-
نى ئىگەللىدى؛ ئىشچىلار سىنىپى مەدەنىيەت ۋە تېخنىكا سەۋىيىسى
جەھەتتە ئىلگىرىكىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدا
ئاز بولغاندىمۇ 25% ئىشچى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ ۋە 7 يىللىق
مائارىپ تەربىيىسىنى ئالغان. ھەر يىلى نەچچە مىليون ئىشچى
ئادەتتىكى مائارىپ مەكتەپلىرى، تېخنىكوملار ۋە كۇرسلاردا ئوقۇيدۇ.
ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ۋە ماھارىتىنىڭ مەلىكىلىك دەرىجىسىنىڭ
ئومۇمى يۈزلۈك دىگۈدەك يۈكسەلگەنلىكى ئۈستىدە سۆزلەپ ئولتۇ-
رۇشنىڭ تېخمۇ ھاجىتى يوق. ئىشچىلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە تېخنىكا
سەۋىيىسى ئۆسكەنلىكتىن، مۇسابىقە تېخىمۇ يۇقۇرى دەرىجىلىك
شەكىل ئالدى. مەھسۇلاتلارنىڭ ئەلا سۈپەتلىك بولۇشىنى قولغا
كەلتۈرۈش، كارخانىلارنىڭ پايدىسىنىڭ ئېشىشىنى قولغا كەلتۈرۈش،
يۈكسەك ئىشلەپچىقىرىش مەدەنىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە خام
ئەشيا ھەم ماتېرىياللارنى ئىقتىسات قىلىش قاتارلىق سوتسىيالىستىك
مۇسابىقە شەكىللىرى ئۈزلۈكسىز تۈردە راۋاجلانماقتا. نۆۋەتتە، سوت-
سىيالىستىك مۇسابىقىدىكى ئەڭ گەۋدىلىك ئەھۋال سوۋېت خەلقىنىڭ

ھەرقايسى كارخانىلاردا ئىلغار خىزمەت ئۇسۇلىنى كەڭ يولغا قويۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرىشى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بارلىق ئىشچىلار ۋە بارلىق كوللېكتىپ دېخانلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ھەرىكىتىگە قاتنىشىشنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرەشىدىن ئىبارەت. سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى قوللىغان ۋە رەھبەرلىك قىلغان سوتسيالىستىك مۇسابىقىدە خەلقنىڭ تەشەببۇسكارلىقى، كەشپىيات ئىقتىدارى ۋە ئىجاتچانلىقىنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس مەنبەسى يوشۇرۇنغان، كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە سوۋېت دۆلىتى بۇلاردىن پايدىلىنىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسى جەھەتتىكى ئەمىلىي كۈچىنى مۇستەھكەملىمەكتە ۋە راۋاجلاندۇرماقتا، سوتسيالىستىك مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرمەكتە. سوتسيالىستىك قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ھەرقايسى خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرى سوۋېت دۆلىتىدىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ سوتسيالىستىك مۇسابىقىنى ئۇيۇشتۇرۇش ۋە يولغا قويۇشتىكى مول تەجرىبىلىرىدىن پايدىلانماقتا. بۇ ھال مۇشۇ ھازىرقى زامان ھەركىتىنىڭ ھاياتىي كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە غالىبلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى.

**سوتسيالىستىك مەدەنىيەت 社会主义文化 Социалистическая Культура** ئەمگەكچىلەر ئاممىسى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ياراتقان يېڭى، ئالىي تىپتىكى مەدەنىيەت، ئۇ سوتسيالىستىك جەمئىيەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت تۈزۈمىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان تەركىبىي قىسمى، ئۇنىڭ مەقسىدى كوممۇنىزم جەمئىيىتى قۇرۇش ۋە كوممۇنىزمنىڭ ئاكتىپ، ئاڭلىق قۇرغۇچىلىرىغا كوممۇنىستىك تەربىيە بېرىشتىن ئىبارەت.

سوتسيالىستىك مەدەنىيەت ئىنسانلارنىڭ ئىلگىرىكى بارلىق مەدەنىيەتلىرىدىكى ئىلغار مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ تارىختىكى قانۇنىيەتلىك راۋاجى. سوتسيالىستىك مەدەنىيەت ھازىرقى زامان ئىنسانلار

مەدەنىيىتى تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى تارىخىي باسقۇچى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ئۆتكەنكى بارلىق مەدەنىيەتلەردىن ئۈستۈن پەرقلىنىدۇ. سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت، پەقەت سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپتىن كېيىن، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى شارائىتىدىلا شەكىللىنىدۇ. كاپىتالىستىك جەمئىيەت شارائىتىدا، پرولېتارىيات ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپ بولغانلىقتىن، پرولېتارىيات مەدەنىيىتىنىڭ بەزى ئامىللىرىنىلا يارىتالايدۇ.

سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئەڭ ئىلغار ئىجتىمائىي تۈزۈم ئاساسىدا راۋاجلىنىدۇ، مۇشۇ ئىجتىمائىي تۈزۈمدە، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئورنىتىلغان بولىدۇ، كىشىنى كىشى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش يوقالغان بولىدۇ، يېڭى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي بازىسنى تەشكىل قىلىدىغان سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان بولىدۇ. سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ سىياسىي ئاساسى — سوۋېت ھاكىمىيىتى ۋە خەلق دېموكراتىيىسى ھاكىمىيىتى، بۇ ھاكىمىيەت خەلقنىڭ بارلىق مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى ئىگىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ ھەمدە ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە خەلقنىڭ ئىجادىيەت قابىلىيىتى ۋە تالانتىنى جارى قىلدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى-ماركسىزم-لېنىنىزم.

سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت تۆۋەندىكىدەك ئاساسىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئالدى بىلەن، ئۇ ھەقىقىي خەلقنىڭ مەدەنىيىتى. ئۇنى خەلق ياراتقان، ئۇ خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، خەلقنى ئۇلۇغ كوممۇنىستىك ئىدىيە ئارقىلىق تەربىيىلەش ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇ مىليونلىغان ئاممىنىڭ — كوممۇنىزمنىڭ

ئاكتىپ، ئاڭلىق قۇرغۇچىلىرىنىڭ ــ ئىجادىيەت قابىلىيىتىنى ئويغۇتۇرىدۇ ۋە ئالغا سۈرىدۇ. سوۋېت خەلقىنىڭ مەدەنىيىتى ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدە يىلتىز تارتقان، ئۇ ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى، ئاممىنىڭ ئۇلۇغ ئىجادىي ئەمگىكىنىڭ مەزمۇنىنى جوشقۇن ھالدا ئەكس ئەتتۈرىدۇ، سوۋېت كىشىلىرىنىڭ غايىسىنى ۋە ئارزۇسىنى شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ جانىجان مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇ بارلىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئىدىيىلىرىگە ۋە ئېزىش ئىدىيىلىرىگە دۈشمەنلىك بىلەن قارايدۇ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەركىزى، ئاساسىي مەزمۇنى ئىلمىي كوممۇنىزم ئىدىيىسىدىن، كوممۇنىزم جەمئىيىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت.

سوۋېت سوتسىيالىستىك مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ كۆپ مىللەتلىكلىكىدە، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلغانلىقى ۋە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ تىكلەنگەنلىكى ئىلگىرىكى ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەتتىكى قالاقلىقىنىڭ تۈگىگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. لېنىنىزم، ئازات بولغان خەلق ياراتقان مەدەنىيەت ــ سوتسىيالىستىك مەزمۇن ۋە مىللىي شەكىلدىكى مەدەنىيەت، دەپ ھېسابلايدۇ. ستالىن مۇنداق دەيدۇ: "سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا ئاتلانغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىلى، تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە باشقا جەھەتلىرىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىغا قاراپ، سوتسىيالىستىك مەزمۇندىكى پرولېتارىيات مەدەنىيىتىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرى ۋە ئۇسۇللىرى ھەر خىل بولىدۇ. پرولېتارىياتچە مەزمۇن، مىللىي شەكىل ــ سوتسىيالىزمنىڭ ئالغا سۈرىدىغان پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيىتى مانا مۇشۇنداق. پرولېتارىيات مەدەنىيىتى مىللىي مەدەنىيەتنى بىكار قىلمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا مەزمۇن قوشىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، مىللىي مەدەنىيەتمۇ پرولېتارىيات مەدەنىيىتىنى بىكار قىلمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭغا شەكىل بېرىدۇ." («ستالىن ئەسەرلىرى»، رۇسچە نەشرى،

7-توم، 138-بەت) سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت سوۋېت ئىتتىپاقى-
دىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللى مەدەنىيىتىدە ئىلگىرى يارىتىلغان بارلىق ئىلغار، تەرەققىيپەرۋەر نەرسىلەرنى تەنقىدىي ھالدا قوبۇل قىلغان ھەمدە ئۇلارنى ئورگانىك ھالدا ئۆزىگە قوشقان. بۇ، ئالدى بىلەن، مىللى مەدەنىيەت ئىچىدىكى سوتسىيالىستىك ۋە دېموكراتىك ئامىللارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئامىللار كونا ئاساسنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ يوقالمايدۇ. ئۇلار مەنىۋى مەدەنىيەتنى يېڭىدىن ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلاندۇرۇش ئىشلىرىدا ئىلغار ئىجتىمائى كۈچلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت چوڭقۇر ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن تولغان، ئۇنىڭغا سوۋېت ۋەتىنىگە، دۇنيادىكى ئەڭ ئىلغار ئىجتىمائى تۈزۈمگە بولغان مىللى غورۇرلۇق ئىدىيىسى سىڭگەن بولىدۇ. بۇنداق ئىجتىمائى تۈزۈم ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللى مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، شۇنداقلا پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيىتىنى بېيىتىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن رۇس خەلقىنىڭ مەدەنىيىتى قېرىنداشلارچە قويۇق مۇناسىۋەتتە ئىكەن، رۇس خەلقى چارىزىمنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللى، سىياسى ۋە ئىقتىسادىي زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت مەزمۇنى، مەقسىدى ۋە ۋەزىپىسى جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇرژۇئازىيە مەدەنىيىتىگە تۈپتىن ئوخشىمايدۇ، ئۇنىڭ مەقسىدى ئاممىنى پرولېتارسىيات ئىنتېرناتسىونالىزىمى روھى، سوۋېت ۋەتەنپەرۋەرلىكى روھى ئارقىلىق تەربىيەلەشتىن ئىبارەت.

سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكىدە، چۈنكى ئۇ بىر ئوچۇم كاپىتالىستلار ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى

ئەمگەكچىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ مەقسىدى ئەمگەكچىلەرنى ئەقلىي ۋە جىسمانى جەھەتلەردىن ئەتراپلىق ئوستۇرۇشتىن ئىبارەت. سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ بۇنداق ئىنسانپەرۋەرلىكى سوتسىيالىستىك تۈزۈم شارائىتىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتتىن — پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ دائىم ئېشىپ بارىدىغان ماددىي ۋە مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قاندۇرۇشنى كاپالەتلەندۈرىدىغان قانۇنىيەتتىن كېلىدۇ.

سوۋېت سوتسىيالىستىك مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئوستۇرۇش، ئەڭ يېڭى تېخنىكىنى ئىگەللەش ۋە يۈكسەك مەدەنىي ئەمگەكتى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا قانات يايدۇرۇلغان ئومۇمى خەلقنىڭ سوتسىيالىستىك مۇسابىقىسىدە ئىپادىلىنىدۇ. ستاخانوۋچىلار ھەركىتى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مەدەنىيەت-تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئىنژېنېر-تېخنىكلار سەۋىيىسىگە يۈكسەلدۈرۈشتىكى بىخ، بۇنداق يۈكسەلدۈرۈش ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانى ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى زور پەرقنى ئاخىرقى ھېسابتا تۈگىتىدۇ.

سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ئەكسىيەتچىل بۇرژۇئا مەدەنىيىتىگە، كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىكى ۋە تۇرمۇشىدىكى كاپىتالىزم قالدۇقلىرىغا قارشى كۈرەشتە راۋاجلانغان. سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىدىيە مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى قارارىدا ئەدەبىيات-سەنئەتتىكى سىياسىي بىلەن كارى بولماسلىق ھادىسىلىرى، ئىدىيىۋىلىكى بولماسلىق، شەكىلۋازلىق، شۇنىڭدەك ئەكسىيەتچىل بۇرژۇئا مەدەنىيىتىگە تىز پۈكۈشتەك ئەھۋاللار ئەيىبلەنگەن. پارتىيە سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلىرى ۋە سەنئەتكارلىرىغا مۇنداق دەپ كورسەتتى: ئەدەبىيات ۋە سەنئەت پارتىيىنىڭ سىياسىتىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك، چۈنكى ئۇ تۈزۈمىمىزنىڭ

ھاياتىنىڭ ئاساسى؛ ئۇلار خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشى، خەلق بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلىشى ھەمدە سەنئەت ئوبرازى ئارقىلىق سوۋېتلىكلەرنىڭ يەنى يېڭى تىپتىكى كىشىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشى، ئۇلارنىڭ پەزىلىتىنىڭ ھەممە ئۇلۇغلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىشى، شۇنىڭ بىلەن سوۋېتلىكلەردە ئېسىل پەزىلەتنى يېتىشتۈرۈشكە ياردەم قىلىشى لازىم.

كوممۇنىزمغا پەيدىن-پەي ئۆتۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، باشقا ئاساسىي ئالدىنقى شەرتلەردىن سىرت، جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى جەمئىيەتتىكى بارلىق ئەزالارنىڭ جىسمانى ۋە ئەقلىي جەھەتلەردىن ئەتراپلىق ئۆسۈشكە كاپالەتلىك قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ئاكتىپلاردىن بولۇپ چىقىشتا يېتەرلىك تەربىيىگە ئىگە قىلىدىغان، ھازىرقى ئىش تەقسىماتى ئارقىسىدا مەلۇم بىر خىل كەسىپ بىلەن ئۆمۈر بويى باغلىنىپ قالماي، كەسىپنى ئەركىن تاللىيالايدىغان قىلىدىغان يۈكسەكلىككە يېتىشى كېرەك. سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 19-قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان سوۋېت ئىتتىپاقىنى تەرەققى قىلدۇرۇشنىڭ بەشىنچى 5 يىللىق پىلانى توغرىسىدىكى يوليورۇقىدا، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلاندۇرۇش شۇنىڭدەك سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ ماددى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆستۈرۈش بەلگىلەندى. بەشىنچى 5 يىللىق پىلان سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى. قۇرۇلتاينىڭ قارارىدا، 5 يىللىق پىلان ئاياغلاشقاندا، ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ پايتەختى، جۇمھۇرىيەتلەرگە بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەر، ئۆلكىلەر ۋە ئوبلاستلارنىڭ مەركىزى شەھەرلىرى شۇنىڭدەك يىرىك سانائەت مەركەزلىرىدە 7 يىللىق مائارىپ ئومۇمى يۈزلۈك ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپقا ئۆزگەرتىلىدۇ

ھەمدە كېلەركى ۵ يىللىق پىلان مەزگىلىدە باشقا شەھەر ۋە يېزى-
لاردا ئومۇمى يۈزلۈك ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپنى يولغا قويۇش
ئۈچۈن شارائىت ھازىرلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى، بۇ قارارلار
سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى زور دەرىجىدە
ئۆستۈرۈشتە بىرىنچى دەرىجىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۈنۈۋېرسال
تېخنىكا تەربىيىسىگە ئوتۇش ۋە ئومۇمى يۈزلۈك ئۈنۈۋېرسال تېخنىكا
تەربىيىسىگە ئوتۇشتە زورۇر بولغان تەدبىرلەرنى كۆرۈش ئىنتايىن
مۇھىم ۋەزىپە.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيىتى دۇنيادا ئەڭ
ئىلغار ۋە ھەممىدىن بەك ئىدىيىۋىلىككە ئىگە مەدەنىيەت، ئۇنىڭ
راۋاجلىنىشى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەمدە
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ **مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى*** ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇ-
شىنىڭ تەجرىبىلىرىدىن ئىجابى تۈردە پايدىلىنىپ، سوتسىيالىستىك
مەزمۇندىكى ۋە مىللى شەكىلدىكى يېڭى مەدەنىيەتنى يارىتىۋاتقان
خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرى ئۈچۈن غايەت زور ئەھمىيەتكە
ئىگە. سوۋېتلىكلەرمۇ ھەرقايسى خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرىنىڭ
تېخنىكا، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن
مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ ھەمدە سوۋېت مەدەنىيىتىنى
يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇلاردىن
پايدىلىنىدۇ. سوۋېت مەدەنىيىتى پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ تېچلىق،
دېموكراتىيە ۋە سوتسىيالىزم ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىغا ئىلھام
بېرىدىغان كۈچ ھەمدە ئۇ بىرلىككە كەلگەن، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ
كوممۇنىستىك مەدەنىيىتى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سالىدۇ.

**Социалистический 社会主义制度 سوتسىيالىزم تۈزۈمى**
**строй** بىر خىل ئىجتىمائى تۈزۈم ۋە دۆلەت تۈزۈمى، ئۇنىڭ
ئاساسى: ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان ئومۇمى مۈلۈكچىلىك،

كىشىنى كىشى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ھادىسىلىرىنىڭ يوقىتىلىشى، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ يولداشلارچە ھەمكار- لىقى ۋە سوتسىيالىستىك ياردىمى. سوتسىيالىزىم تۈزۈمى سوتسىيا- لىستىك ئىنقىلاپ كاپىتالىزىمنى يوقاتقان ۋە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئورناتقاندىن كېيىن مەيدانغا كېلىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى—سوتسىيالىزىم تۈزۈمىنى بىرىنچى بولۇپ ئورنات- قان دۆلەت. سوۋېت ئىتتىپاقى سوتسىيالىزىم تۈزۈمىنىڭ سىياسى ئاساسى—ئەمگەكچىلەر ۋەكىللەر سوۋېتى، سوۋېت—پرولېتارىيات دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت شەكلى. سوۋېت ئىتتىپاقى سوتسىيالىزىم تۈزۈمىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى—سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي سىستېما ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان سوتسىيالىستىك مۈلۈكچىلىك، كېيىنكىسى ئىككى خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ، ئۇ بولسىمۇ: دۆلەت مۈلۈكچىلىكى، يەنى ئومۇمى خەلق مۈلۈكچىلىكى (زاۋۇت-فابرىكىلار، كان قۇدۇقلىرى، تىرانسپورت ئىشلىرى، يەر شۇنىڭدەك كان باي- لىقلىرى، سۇلار، ئورمانلار، دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، م ت س قاتارلىقلار دۆلەت مۈلكىگە كىرىدۇ) ۋە كوپېراتىپلار—كولخوزلار مۈلۈكچىلىكى. سوتسىيالىزىم تۈزۈمى شارائىتىدا، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ خاراكتېرىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كېلىدۇ، چۈنكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىقىنى ئىشلەپ- چىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان ئومۇمى مۈلۈكچىلىك مۇستەھكەملەيدۇ. سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدا پايدا ئەمەس، ئادەم كۆزدە تۇتۇلىدۇ، يەنى كىشىلەرنىڭ ھەر جەھەتتىكى ماددى ۋە مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش مەقسەت قىلىنىدۇ. **سوتسىيالىزىم-** **نىڭ تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتى***نىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ۋە تەلىپى: يۈكسەك تېخنىكا ئاساسىدا سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنى تۈزلۈكسىز تۈردە ئاشۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش چارىسى ئارق-

لىق يۇتۇن جەمئىيەتنىڭ دائىم ئېشىپ بارىدىغان ماددىي ۋە مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قاندۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش. سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق (نىسبەت بويىچە) راۋاجلىنىشىدىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەت **(خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق (نىسبەت بويىچە) راۋاجلىنىش قانۇنىيىتى***گە قاراڭ) ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ، بۇ قانۇنىيەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پىلان ئورگانلىرىنى بارلىق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى توغرا پىلانلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. سوۋېت دۆلىتىنىڭ نۆۋەتتىكى پىلانىدا ۋە يىراق كەلگۈسى كۆزلەنگەن پىلانىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى توغرىسىدىكى بارلىق پىلان تۈزۈملىرىنىڭ ھەممىسىدە سوتسىيالىزىمنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتى ئاساس قىلىنغان خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق راۋاجلىنىش قانۇنىيىتىنىڭ تەلىۋى ئازدۇر-كۆپتۇر توغرا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. كاپىتالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا ئىشلەپچىقىرىشتىكى ھوكۇمەتسىزلىك، ئىقتىسادىي كرىزىس، ئۇرۇش ۋە كاپىتالىزىمنىڭ باشقا مەرەزلىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە، سوتسىيالىزم كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى ئۈزلۈكسىز ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە ئەسلا كۆرۈلۈپ باقمىغان يۇقۇرى سۈرئەت بىلەن راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا، دۆلەت تارماقلىرى ۋە كوپېراتىپ-كولخوز تارماقلىرىدىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش تارمىقى بولغانلىقتىن، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشمۇ ساقلىنىپ قالىدۇ، بۇنداق تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى ئالاھىدە بولغان تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى، كاپىتالىستلار قاتناشمىغان تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا، ئىستېمال بۇيۇملىرى ئەمگەكنىڭ

مىقدارى ۋە سۈپىتىگە قاراپ تەقسىم قىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، سوتسىيا-
لىزىم تۈزۈمى شارائىتىدا، ئەمگەك ھەر بىر كىشىنىڭ پائالىيىتىگە باھا
بېرىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىنىدۇ. ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئەمگەكنىڭ
مىقدارى ۋە سۈپىتىگە قاراپ تەقسىم قىلىشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك
پرىنسىپنىڭ يولغا قويۇلۇشى، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ مول ئىستېمال
بۇيۇملىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىش دەرىجىسىگە
تېخى يەتمىگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. سوتسىيالىزم ئۇششاق
بۇرژۇئازىيىنىڭ تەڭ تەقسىماتچىلىقى بىلەن چىقىشالمايدۇ، تەڭ
تەقسىماتچىلىقنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمى
ئورناتقان كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك توغرىسىدىكى ئۇق-
تىسەزىرى بىلەن قىلچە ئورتاقلىقى يوق. ماركسىزمنىڭ چۈشەن-
چىسىدىكى باراۋەرلىك شەخسلەرنىڭ ئېھتىياجى ۋە كۆندىلىك
تۇرمۇشى جەھەتتىكى تەڭلىك بولماستىن، سىنىپلارنىڭ يوقىلىشىدىن
ئىبارەت. "ھەممەيلەندە ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىگە يارىشا ئەمگەك
قىلىدىغان باراۋەر مەجبۇرىيەت بولىدۇ، ھەممە ئەمگەكچىلەردە
ئەمگىكىگە قاراپ ھەق ئالىدىغان باراۋەر ھوقۇق بولىدۇ......"
(«ستالىن ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتى 1956-يىل خەنزۇچە
نەشرى، 13-توم، 314-بەت) سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا،
كىشىلەر ماددى مەنپەئەت جەھەتتىن ئەمگەككە كۆڭۈل بۆلىدىغان
بۇ پرىنسىپ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ۋە ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش
كۈچلىرىنى ئۇستۇرۇشتىكى غايەت زور قوزغاتقۇچ. سوتسىيالىزم
تۈزۈمى ئانتاگونىستىلىك زىددىيەتتىن قۇتۇلغان بولىدۇ، ئۇنىڭدا
ئىقتىسادى كرىزىس بولمايدۇ، ئەمگەكچىلەر ئامىسى ئىشسىز
قالىدىغان ۋە نامراتلىشىپ كېتىدىغان ئەھۋالمۇ بولمايدۇ؛ ئۇ ھەر بىر
ئەمگەكچىنىڭ ئەمگەك قىلىش، دەم ئېلىش، تەربىيە ئېلىش قاتارلىق
ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. سوتسىيالىستىك

جەمىيەتتىلا، ھەر بىر كىشى ئەركىن ئەمگەكچى بولالايدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا سوتسىيالىزمنىڭ غەلىبە قىلىشى ئارقىسىدا، شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى، ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانىي ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىق يوقالدى. لېكىن سوۋېت سوتسىيالىزم جەمىيىتىدە شەھەر (سانائەت) بىلەن يېزا (يېزا ئىگىلىكى) ئوتتۇرىسىدا، ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانىي ئەمگەك ئوتتۇرىسىدا يەنىلا زور پەرقلەر ساقلانماقتا، بۇ پەرقلەر ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا، بىر خىللا ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىنى ئورنىتىش، شۇنىڭدەك ئەمگەكچىلەرنىڭ مەدەنىيەت تېخنىكا سەۋىيىسىنى ئىنژېنېر-تېخنىكلار سەۋىيىسىگە كوتىرىش جەريانىدا يوقىلىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ۋە كىشىنى كىشى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ھادىسىلىرىنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، سوۋېت جەمىيىتىدىكى سىنىپلارنىڭ قۇرۇلمىسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا يېڭى سىنىپ يەنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىشچىلار سىنىپى مەيدانغا كەلدى. ئۇ كاپىتالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدىن مەھرۇم بولۇپ كاپىتالىستلارنىڭ دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچرىغان پرولېتارىياتنىڭ ئورنىغا دەسسىدى، ئۇ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان سوتسىيالىستىك مۈلۈكچىلىكنى ئورناتتى ھەمدە سوتسىيالىستىك جەمىيەتنى كوممۇنىزم جەمىيىتىگە يېتەكلىمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا يەنە يېڭى كوللېكتىپ دېھقانلار مەيدانغا كەلدى. ئۇلار كاپىتالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا پومېشچىكلار، باي دېھقانلار، ھايانكەش سودىگەرلەر ۋە جازانىخورلارنىڭ شىلىۋېلىشىغا ئۇچرىغان ئاجىز، يەككە دېھقانلارنىڭ ئورنىغا دەسسىدى، ئۇلارنىڭ ئىگىلىكى سوتسىيالىستىك مۈلۈكچىلىك،

كوللېكتىپ ئەمگەك ۋە زامانىۋى تېخنىكا ئاساسىغا ئورنىتىلغان. **زىيالىلار***دىمۇ تۈپ ئۆزگىرىش يۈز بەردى. ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى ئىشچى، دېھقانلاردىن كېلىپ چىققان زىيالىلار. سوۋېت زىيالىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقى بىلەن قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋەت باغلىغان يېڭى زىيالىلار؛ ئۇلار سادىقلىق بىلەن ئاكتىپ ھالدا خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، سوۋېت دۆلىتىنىڭ كوممۇنىزمغا قاراپ ئىلگىرىلىشىنى پائال ئىلگىرى سۈرىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدا، ئىشچىلار سىنىپى بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي چەك-چېگرا ۋە پەرق، شۇنىڭدەك بۇ ئىككى سىنىپ بىلەن زىيالىلار ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي چەك-چېگرا ۋە پەرق كۈنسايىن يوقىلىپ بارماقتا. مۇرەسسەلەشتۈرگىلى بولمايدىغان سىنىپىي زىددىيەت مەۋجۇت بولغان كاپىتالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەكسىچە، سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە زىيالىلارنىڭ دوستانە ھەمكارلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى جەمئىيەتتە ئەڭ ئىلغار، ئەڭ ئىنقىلاۋىي بولغان سىنىپ — ئىشچىلار سىنىپىغا (پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىغا) مەنسۇپ بولىدۇ.

سوتسىيالىزم غەلىبە قىلغان ئاساستا، سوۋېت جەمئىيىتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولغان سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ مەنىۋى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى بىرلىكى (**سوۋېت جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى بىرلىكى***گە قاراڭ)، **سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دوستلۇقى***، **سوۋېت ۋەتەنپەرۋەرلىكى*** يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلاندى. سوۋېت سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئىنسانلار جەمئىيىتى تارىخىدا يېڭى، يۇقىرى تىپتىكى دېموكراتىيە — سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تۇنجى قېتىم ئورناتتى ۋە راۋاجلاندۇردى. سوۋېت دېموكراتىيىسى بارلىق ئەمگەكچى خەلقنى ھەقىقىي باراۋەر ھوقۇقتا ئىگە قىلدى. يۇق-

رالار ھوقۇقىغا ئىگە دەپ شەكىلدىلا جاكالايدىغان بۇرژۇئا دېموكراتىيىسىنىڭ ئەكسىچە، سوۋېت دېموكراتىيىسى كىشىنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ھادىسىلىرىنىڭ يوقىتىلىشى ۋە سوتسىيالىستىك ئومۇمى مۈلۈكچىلىك ئاساسىغا ئورنىتىلىدۇ، ئۇ سوۋېتلىكلەرنىڭ ھوقۇقىنىڭ ۋە دېموكراتىيە ئەركىنلىكىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا خەلقنىڭ ئۆزىدە بار بولغان، سوتسىيالىستىك دۆلەتتە قوللىنىشقا بولىدىغان بارلىق چارىلەر بىلەن كاپالەتلىك قىلىدۇ. سوۋېت ئىجتىمائى تۈزۈمى يېڭى سوتسىيالىستىك مىللەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئۈچۈن ئاساس سالدى. سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىغا كىرگەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سىياسى جەھەتتە ۋە ئىقتىسادى جەھەتتە پۈتۈنلەي باراۋەر بولۇشىغا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ يەنى مىللى شەكىلگە ۋە سوتسىيالىستىك مەزمۇنغا ئىگە بولغان مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشىگە كاپالەتلىك قىلدى. سوۋېت جەمىيىتىدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر چىرىك بۇرژۇئا مىللەتلىرىنىڭ مۇرەسسەسىز سىنىپى زىددىيەتلىرىدىن خالى بولىدى. ئۇلار ھەرقانداق بىر بۇرژۇئا مىللىتىگە قارىغاندا ئەڭ ئىتتىپاقلاشقان ۋە ھاياتى كۈچكە ئەڭ باي بولغان مىللەتلەر.

**سوتسىيالىستىك دۆلەت*** سوتسىيالىستىك جەمىيەتتىكى بارلىق پائالىيەتكە رەھبەرلىك قىلىدۇ. كوممۇنىستىك پارتىيە بولسا سوتسىيالىستىك دۆلەتنىكى تەشكىللىگۈچى، رەھبەرلىك قىلغۇچى ۋە يېتەكچىلىك قىلغۇچى كۈچ. كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ سىياسىتى سوۋېت سوتسىيالىزىم تۈزۈمىنىڭ ھاياتى ئاساسى. كوممۇنىستىك پارتىيە ئوبېكتىپ ئىقتىسادى تەرەققىيات قانۇنىيىتىنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن، سوتسىيالىزىم جەمىيىتىدىكى دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ ۋە ئىجتىمائى تەشكىلاتلارنىڭ بارلىق ھەركەتلىرىنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدۇ.

ئۇلۇغ كوممۇنىستىك ئىدىيىگە سادىق بولغان، ئەڭ ئىلغار، ئەڭ ئىنقىلاۋىي نەزەرىيە يەنى ماركسىزىم-لېنىنىزىم بىلەن قوراللانغان، خەلق بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت باغلىغان كوممۇنىستىك پارتىيە كوممۇنىزىم جەمئىيىتى قۇرغۇچىلارنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئەڭ تولۇق ۋەكىللىك قىلىدۇ. مانا بۇ، پارتىيىنىڭ پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى سىستېمىسىدا ئاساسىي رەھبەرلىك ۋە يېتەكچىلىك كۈچ بولۇشتەك رولىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بارلىق خەلقنىڭ بىر پارتىيىنىڭ يەنى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقانلىقىدەك پاكىت سوۋېت جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى بىرلىكىنىڭ ئالىي ئىپادىسى. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئانتاگونىستىك سىنىپلار يوق، شۇڭا بىرنەچچە پارتىيىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ئاساسمۇ يوق.

سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىزىم جەمئىيىتىنى قەلىبىلىك ھالدا قۇرماقتا، بۇ ئىنتايىن زور خەلقارا ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش. چۈنكى بۇ سوۋېت ئىجتىمائىي تۈزۈمىنىڭ ۋە دۆلەت تۈزۈمىنىڭ كاپىتالىزىم تۈزۈمىدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنىڭ ئېنىق دەلىلى. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان **خەلق دېموكراتىيىسى*** دۆلەتلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىزىم تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتىكى ئۇلۇغ تارىخىي تەجرىبىلىرىنى قوللانماقتا.

**Социализм и коммунизм 社会主义和共产主义 سوتسىيالىزىم ۋە كوممۇنىزىم**

كوممۇنىزىم جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئىككى باسقۇچى. بۇ ئىككى باسقۇچ يېڭى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ — كوممۇنىزىمنىڭ — ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە پىشىپ يېتىشكەنلىكىنىڭ دەرىجىسىدىن دېرەك بېرىدۇ. "......سوتسىيالىزىم بىلەن كوممۇنىزىم ئوتتۇرىسىدىكى ئىلمىي پەرق پەقەت شۇ يەردىكى، ئالدىنقىسى كاپىتالىزىمدىن يېتىشىپ چىققان يېڭى

جەمىيەتنىڭ بىرىنچى باسقۇچى، كېيىنكىسى بولسا شۇ يېڭى جەمىيەتنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى باسقۇچى......" (لېنىن. «ئۇلۇغ باشلىنىش»، 1975-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 21-بەت) كاپىتالىزمدىن كوممۇنىزمغا ئۆتۈش ئىنسانلار جەمىيىتى تەرەققىياتىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ تارىخىي بۆرۈلۈش. ئۇ بۆرۈلۈش سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ نەتىجىسى، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئورناتتى ھەمدە يېڭى جەمىيەت قۇرۇش ئۈچۈن شەرت-شارائىت ھازىرلىدى. كاپىتالىزمدىن سوتسىيالىزمغا ئۆتۈش، ئاندىن سوتسىيالىزمدىن كوممۇنىزمغا ئۆتۈش، بۇ يېڭى ئىقتىساتنى، يېڭى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئورنىتىشتىكى بىر مۇرەككەپ ھەم ئۇزاق مۇددەتلىك جەريان، بۇ جەريان يېڭى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە شەكىللىنىشىدىكى ئوخشاش بولمىغان باسقۇچلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سوتسىيالىزم بىلەن كوممۇنىزمنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك. سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە كوممۇنىزم تۈزۈمى شارائىتىدا، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار قالمايدۇ، كىشىنى كىشى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ھادىسىلىرى يوقىلىدۇ، مىللىي ۋە ئىرقىي زۇلۇم تۈگەيدۇ. مەيلى كوممۇنىزمنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا بولسۇن ياكى ئىككىنچى باسقۇچىدا بولسۇن، ئەمگەك جەمىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرىنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك، باراۋەر مەجبۇرىيىتى بولىدۇ، ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى بولسا يۈكسەك تېخنىكا ئاساسىدا سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش ۋە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش چارىسى ئارقىلىق، پۈتكۈل جەمىيەتنىڭ دائىم ئېشىپ بارىدىغان ماددىي ۋە مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قاندۇرۇشتىن ئىبارەت بىر مەقسەتكە بويسۇنىدۇ. سوتسىيالىزم كوممۇنىزمنىڭ بىرىنچى

باسقۇچى ياكى تۆۋەن باسقۇچى. "بىزنىڭ بۇ يەردە دەۋاتقىنىمىز مۇنداق كوممۇنىزىم جەمئىيىتىكى، ئۇ ئۆز ئاساسىدا **راۋاجلانغان** ئەمەس، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، كاپىتالىزىم جەمئىيىتىدىن ئەمدىلا **ۋۇجۇتقا كەلگەن**. شۇڭا، ئۇ ھەر جەھەتتە — ئىقتىسادىي، ئەخلاقىي ۋە روھىي جەھەتتە ئۆزى تۆرەلگەن ھېلىقى كونا جەمئىيەتنىڭ داغلىرىنى ساقلاپ قالغان بولىدۇ." (ماركس. «گوتا پۇروگىراممىسىغا تەنقىد»، 1971-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 20-بەت) سوتسىيالىزىم تۈزۈمى شارائىتىدا، كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ئېكسپىلاتاتسىيىدىن قۇتۇلغان ئەمگەكچىلەر ئارىسىدىكى يولداشلارچە ھەمكارلىشىش ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزئارا ياردەم بېرىش مۇناسىۋىتى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋە-تلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئەھۋالىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇنلىشىدۇ، بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنىڭ ئىجتىمائىيلىقىنى مۇستەھ-كەملەيدۇ. شۇڭا، سوتسىيالىزىم تۈزۈمى شارائىتىدىكى خەلق ئىگى-لىكى تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلىنىدۇ، ئۇنىڭدا كاپىتالىزىمغا خاس بولغان ئىقتىسادىي كرىزىس ۋە باشقا مەرىزلەر بولمايدۇ. سوتسىيا-لىستىك ئىقتىسادىي بازىستا دۆلەت (ئومۇمىي خەلق) مۈلۈكچىلىكى ۋە كولخوز-كوپىراتىپ (كوللىكتىپ) مۈلۈكچىلىكىدىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلدىكى سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك بولىدۇ. سوتسىيالىزىمدا شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى، ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانىي ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىق يوقالغان بولىدۇ. لېكىن، كوممۇنىزىمنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا، شەھەر بىلەن يېزا، ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانىي ئەمگەك ئوتتۇرىسىدا يەنىلا زور پەرقلەر بولىدۇ، بۇ پەرقلەر كوممۇنىزىم جەمئىيىتىنىڭ يۇقۇرى باسقۇچىغا بارغاندا ئاخىر يوقىلىدۇ. سوتسىيالىزىم تۈزۈمى شارائىتىدا،

كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ۋە ئېڭىدا كاپىتالىزىمنىڭ قالدۇقلىرى ئېغىر بولىدۇ؛ سوتسىيالىزىم جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي سىنىپلار — ئىشچىلار سىنىپى بىلەن دېھقانلار سىنىپى ئوتتۇرىسىدا يەنە سىنىپىي پەرق مەۋجۇت بولىدۇ. سوتسىيالىزىم تۈزۈمى شارائىتىدا، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش يەنە ساقلىنىدۇ. ئىككى خىل سوتسىيالىستىك مۈلۈكچىلىك شەكلى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاچقا، ئۇنى ساقلاپ قېلىشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن، بۇ ئالاھىدە خىلدىكى تاۋار ئىشلەپچىقىرىش، بۇنداق تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىي جەھەتتىن بىرلەشكەن سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ تاۋارلىرى، يەنى دۆلەت، كولخوز ۋە كوپېراتىپنىڭ تاۋارلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئاساسلىق شەخسلەرنىڭ ئىستېمال بۇيۇملىرى جەھەتتىكى تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئايلىنىشى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاچقا، سوتسىيالىزىم تۈزۈمى شارائىتىدا، قىممەت قانۇنىيىتىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ھەمدە رول ئوينايدۇ، بىراق ئۇنىڭ رول ئويناش دائىرىسى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك، **خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق (نىسبەت بويىچە) راۋاجلىنىش قانۇنىيىتى***نىڭ رولىنىڭ ۋە بۇ قانۇنىيەتنىڭ تەلىۋىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ قاتتىق چەكلىمىسىگە ئۇچ-رايدۇ. تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، قىممەت قانۇنىيىتىمۇ كۈچىنى يوقىتىدۇ. مەھسۇلاتلارنى ئېھتىياجغا قاراپ تەقسىم قىلىش دېگەن كوممۇنىستىك پرىنسىپ بارلىق تاۋار ئالماش-تۇرۇشلىرىنى تۈگىتىدۇ. شۇڭا مەھسۇلاتنى تاۋارغا ئايلاندۇرىدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە قىممەتكە ئايلاندۇرىدىغان ھادىسىلەر-نىمۇ تۈگىتىدۇ. كوممۇنىزىمنىڭ يۇقىرى باسقۇچىدا، مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا كېتىدىغان ئەمگەك مىقدارى قىممەت ياكى قىممەت شەكلى ئارقىلىق ھېسابلانمايدۇ، بەلكى بىۋاسىتە مەھسۇلاتلارنى

ئىشلەپچىقىرىشقا كەتكەن ۋاقىتنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە قاراپ ھېساپلىنىدۇ.

سوتسىيالىزىم تۈزۈمى كاپىتالىزىم تۈزۈمىنىڭ ئەكسىچە، تېخىمۇ يۇقىرى شەكىلدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ، ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن كاپىتالىزىم ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدۇكى، ئۇ كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمگە قارىغاندا تېخىمۇ يۇقىرى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى يەتكۈزۈپ بېرەلەيدۇ. سوتسىيالىزىم جەمئىيىتى كاپىتالىزىمغا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ تاۋار بىلەن تەمىنلەپ، جەمئىيەتنى تېخىمۇ بېيىتالايدۇ. سوتسىيالىزىم تۈزۈمى شارائىتىدا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئىجتىمائىي ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ سەۋىيىسى كاپىتالىزىمنىڭكىدىن زور بىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سەۋىيىسى، كىشىلەرنىڭ ئېشىۋاتقان ماددىي ۋە مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى مول مەھسۇلاتلار بىلەن تولۇق ۋە ئومۇمىي يۈزلۈك قاندۇرۇشقا يېتەرلىك كاپالەتلىك قىلالمايدۇ. شۇڭا سوتسىيالىزىم تۈزۈمى شارائىتىدا، ماددىي ئەشيالار ئەمگەك مىقدارىغا ۋە سۈپىتىگە قاراپ تەقسىم قىلىنىدۇ. كوممۇنىزىمنىڭ بىرىنچى باسقۇچىنى قۇرۇشنى تاماملاپ، كوممۇنىزىمنىڭ يۇقىرى باسقۇچىغا پەيدىن-پەي ئۆتۈۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقىدا، ئەمگەك سوۋېت سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىدىكى ئاڭلىق ئەمگەكچىلەرنىڭ شەرەپلىك، شانلىق، باتۇرانە-ئۇلۇغۋار ئىشىغا ئايلاندى. سوتسىيالىستىك مۇسابىقە—يېڭى ئىجتىمائىي تۈزۈمنى تىكلەشتىكى كوممۇنىزىمچە ئۇسۇل—سوتسىيالىستىك ئەمگەك يۈزلىنىشىنىڭ روشەن ئىپادىسى.

سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئورۇنلاش ۋە كوممۇنىزىمغا پەيدىن-پەي ئۆتۈش دەۋرىگە قەدەم قويىدى. لېنىن: بىز سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشنى باشلىغان چېغىمىزدا، بۇ ئۆزگەرتىشنىڭ ئاخىرقى ھاياتا يېتىدىغان نىشانىنى، يەنى كوممۇنىزىم جەمئىيىتىنى قۇرۇش نىشانىنى ئالدىمىزغا ئېنىق

قويۇشىمىز كېرەك، دەپ كۆرسىتىدۇ. لېنىن سوتسىيالىستىك قورۇلۇشنىڭ ئاخىرقى مەقسىتىنى كۆرسەتكەندە بىزگە: يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى ئىجتىمائىي ھالەت سوتسىيالىزم پۈتۈنلەي قۇرۇلغان چاغدىلا ئاندىن راۋاجلىنالايدۇ، دەپ تەلىم بېرىدۇ. لېنىن تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: سوتسىيالىزم چوقۇم كوممۇنىزمغا راۋاجلىنىدۇ. كىشىلەر كونا ئىش تەقسىماتىغا قۇللارچە بوي سۇنىدىغان ئەھۋال يوقالغاندىن كېيىن، ئەمگەك تىرىكچىلىك ۋاستىسىلا بولۇپ قالماي، بەلكى تۇرمۇشنىڭ بىرىنچى ئېھتىياجى بولغان چاغدا، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئەترابلىق ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىمۇ خېلى ئۆسكەن چاغدا،ـــ پەقەت مۇشۇ چاغدىلا، جەمئىيەت ئاندىن ئۆز بايرىقىغا: "ھەركىم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش، ھەركىمگە ئېھتىياجىغا قاراپ تەقسىم قىلىش" دەپ يېزىپ قويالايدۇ.

لېنىننىڭ سوتسىيالىزمدىن كوممۇنىزمغا پەيدىن-پەي ئۆتۈش توغرىسىدىكى بۇ پروگرامما خاراكتېرلىق قائىدىسى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ قارارلىرىدا ۋە ستالىننىڭ ئەسەرلىرىدە يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇلدى. ستالىن كوممۇنىزم جەمئىيىتىگە مۇنداق تەبىر بەردى: "ئەگەر كوممۇنىزم جەمئىيىتىنى ئاددىغىنا ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇ مۇنداق بىر جەمئىيەت بولۇپ چىقىدۇ: (ئا) ئۇنىڭدا ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك بولمايدۇ، بەلكى پەقەت ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكلا بولىدۇ؛ (ب) ئۇنىڭدا سىنىپ ۋە دۆلەت ھاكىمىيىتى بولمايدۇ، بەلكى پەقەت سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك ئەمگەكچىلىرى بولىدۇ، ئۇلار ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەركىن بىرلەشكەن گەۋدىسى بولۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرىدۇ؛ (پ) ئۇنىڭدا پىلان بويىچە تەشكىللەنگەن خەلق ئىگىلىكى، مەيلى سانائەت جەھەتتە بولسۇن ياكى يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە

بولسۇن، ھەممىسى يۈكسەك دەرىجىدىكى تېخنىكىنى ئاساس قىلىدۇ؛ (ت) ئۇنىڭدا شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدا قارىمۇ-قارشىلىق بولمايدۇ، سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكى ئوتتۇرىسىدا قارىمۇ-قارشىلىق بولمايدۇ؛ (ج) ئۇنىڭدا مەھسۇلاتلار كونا زاماندىكى فرانسىيە كوممۇنىزمچىلىرىنىڭ پرىنسىپى بويىچە، يەنى "ھەركىم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش، ھەركىمگە ئېھتىياجىغا قاراپ تەقسىم قىلىش" پرىنسىپى بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ؛ (چ) ئۇنىڭدا ئىلىم-پەن ۋە سەنئەت ئىنتايىن پايدىلىق بولغان تەرەققىيات شارائىتىغا ئىگە بولۇپ، ئومۇمىي يۈزلۈك گۈللىنىش دەرىجىسىگە يېتىدۇ؛ (خ) ئۇنىڭدا ھەر بىر كىشى ھەقىقىي ئەركىن كىشى بولىدۇ، جان بېقىشنىڭ غېمىنى يېيىشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ، "مۇشۇ زاماندىكى ھوقۇقى ۋە كۈچى بار كىشلەر"نىڭ رايىغا بېقىشنىڭمۇ ھاجىتى قالمايدۇ. ۋاھاكازالار." («ستالىن ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتى 1954-يىل خەنزۇچە نەشرى، 10-توم، 117—118-بەتلەر)

كوممۇنىزمغا ئۆتۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىر قاتار ئالدىنقى شەرتلەرنى تۇرغۇزۇش كېرەك. بارلىق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرۈش، بەلكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئېشىشى ئالدىنقى ئورۇننى ئىگەللەيدىغان بولۇشى لازىم، ئۇنداق بولمايدىكەن، كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدا بۇ شەرتنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ چارىسى مۇنداق: سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشىلاش ئاساسىدا، ئالدى بىلەن خەلق ئىگىلىكىدە كومۇر، نېفىت، مېتال، ئېلېكتىر، ماشىنا، ئەسۋاب-ئۈسكۈنە، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان تارماقلارنى راۋاجلاندۇرۇش؛ ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا ئاساسلىق ۋە توپ جەھەتتە تېخنىكىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنى ئومۇمىي يۈزلۈك

ماشىنىلاشتۇرۇش، ئاپتوماتلاشتۇرۇش، خىمىيىلەشتۈرۈش ۋە ئېلېكتىرلەشتۈرۈش. "كوممۇنىزم سوۋېت ھاكىمىيىتى + پۈتۈن مەملىكەتنى ئېلېكتىرلەشتۈرۈش دېمەكتۇر......" («لېنىن ئەسەرلىرى»، خەنزۇچە 4-نەشرى، 31-توم، 392-بەت) ئېغىر سانائەت ئۈزلۈكسىز ئۆسكەن ئاساستىلا، خەلق ئىگىلىكىنىڭ بارلىق تارماقلىرى ئاندىن تەرەققىياتنى تېزلىتەلەيدۇ. ھازىر كوممۇنىستىك پارتىيە دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى جىددىي يۈكسەلدۈرۈش پىلانىنى يولغا قويىۋاتىدۇ.

كوممۇنىزم تۈزۈمى شارائىتىدا، مەيلى سانائەتتە بولسۇن ياكى يېزا ئىگىلىكىدە بولسۇن، ھەممىسىدە بىرلا خىل كوممۇنىستىك مۈلۈكچىلىك شەكلى بولىدۇ، دېمەك، مۈلۈكچىلىك سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدىكىدەك ئىككى خىل شەكىلگە ئايرىلمايدۇ. كولخوز مۈلۈكچىلىكى داۋاملىق راۋاجلىنىپ، يۇقىرى باسقۇچقا يەنى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى سەۋىيىسىگە يۈكسىلىدۇ. كوممۇنىزم تۈزۈمى شارائىتىدا تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇش بولمايدۇ، بەلكى مەھسۇلاتلارنى بىۋاسىتە تەقسىم قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. كوممۇنىزم قۇرۇش مۇرەككەپ ھەم ئۇزاق مۇددەتلىك جەريان. ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى جىددىي ئۆستۈرۈش، شەھەر ۋە يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك مۈلۈكچىلىكنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلاندۇرۇش، سوۋېت جەمئىيىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

ھازىرقى شارائىتتا شۇنىڭدەك يېقىن كەلگۈسىدە، كولخوز مۈلۈكچىلىكى شەكلى يەنە سوتسىيالىستىك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە قۇدرەتلىك تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. سوۋېت سودىسى ئۇزاق مۇددەتكىچە يەنىلا سوۋېت ئىقتىسادىنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى ئالغا راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئەڭ مۇھىم ۋاستىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا نۆۋەتتىكى ۋەزىپە كولخوز تۈزۈمىنى بارلىق كۈچ

بىلەن مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، سوۋېت سودىسىنى
كېڭەيتىش ۋە ياخشىلاشتىن ئىبارەت. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرى-
شىنى راۋاجلاندۇرغاندا كولخوزلارنىڭ ۋە كولخوز ئەزالىرىنىڭ
ماددىي مەنپەئەتىگە قەتئىي رىئايە قىلىش پرىنسىپى، كولخوزلارنى
يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ۋە مۇستەھكەملەشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە.
كولخوز تۈزۈمىنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدىلا، ئاندىن
كولخوز مۈلۈكچىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈپ، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچى-
لىكى سەۋىيىسىگە يەتكۈزگىلى بولىدۇ.

ئاندىن قالسا، جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى بارلىق
جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ جىسمانىي ۋە ئەقلىي جەھەتلەردىن ئەتراپلىق
ئۆسۈشىنى كاپالەتلەندۈرەلەيدىغان، جەمئىيەت ئەزالىرىنى جەمئىيەت
تەرەققىياتىدىكى ئاكتىپلاردىن بولۇپ چىقىشتا يېتەرلىك تەربىيىگە
ئىگە قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھازىرقىدەك ئىش تەقسىماتى
تۈپەيلىدىن مەلۇم بىر خىل كەسىپكە ئۆمۈر بويى باغلىنىپ قالىدىغان
بولماي، كەسىپنى ئەركىن تاللىيالايدىغان قىلىدىغان يۈكسەكلىككە
يەتكۈزۈش كېرەك. بۇنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، كۈنلۈك ئىش ۋاقتىنى
كەم دېگەندىمۇ 6 سائەتكە ياكى 5 سائەتكە قىسقارتىش، ئومۇمىي
يۈزلۈك مەجبۇرىي ئونۇۋېرسال تېخنىكا تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش،
ئولتۇراقلىشىش شارائىتىنى تۈپتىن ياخشىلاش، پۇل بىلەن تۆلىنىدىغان
ئىش ھەققىنى بىۋاسىتە ئۆستۈرۈش، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بولۇپمۇ كۈندى-
لىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ باھاسىنى ئۈزلۈكسىز چۈشۈرۈش چارىسى
ئارقىلىق، ئىشچىلار ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمەلىي ئىش ھەققىنى
زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈش كېرەك.

كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە سوۋېت دۆلىتى ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي
قانۇنىيەتلەرنى بىلىش ئاساسىدا سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنى تولۇق
كوممۇنىزىم قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولىغا قاراپ يېتەكلى-

مەكتە. كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسىتى ماركسىزم-لېنىنىزملىق ئىلمىي ئاساستا تۈزۈلگەن، ئۇ سوتسىيالىزمنىڭ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلىرىگە، **سوتسىيالىزمنىڭ ئۇل ئىقتىسادىي قانۇنىيىتى***نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ بارلىق ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى بەلگىلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ رولىنى ياخشىلايدۇ، دۆلەت ئاپپاراتلىرىنى مۇستەھكەملەيدۇ. سوۋېت دۆلىتى كوممۇنىزم قۇرۇشنىڭ ئاساسلىق قورالى، كوممۇنىزم تۈزۈمى شارائىتىدىمۇ، ئەگەر چەتتىن كېلىدىغان ھەربىي ھۇجۇمنىڭ خەۋپى تۈگىتىلمەيدىكەن، دۆلەت يەنىلا ساقلىنىپ تۇرىدۇ. ھازىرقى زاماندىكى ئەڭ ئىلغار يەنى ماركسىزم-لېنىنىزم بىلەن قوراللانغان سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر مىللەت خەلقى كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن كوممۇنىزم يولىنى بويلاپ ئالغا باسماقتا. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم قۇرۇشتىكى ئالەمشۇمۇل تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە تەجرىبىلىرى سوتسىيالىستىك تەرەققىيات يولىغا ماڭغان ھەمدە ئوز دۆلىتىدە سوتسىيالىزم ئاساسىنى ئوڭۇشلۇق ھالدا يارىتقان خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرى ئۈچۈن ئۈلگە. **سوتسىيالىزم تۈزۈمى*؛ شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ پەرقلەر ۋە بۇ پەرقلەرنى يوقىتىشنىڭ يولى*؛ ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانىي ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ پەرقلەر ۋە بۇ پەرقلەرنى يوقىتىشنىڭ يولى***غا قاراڭ)

**سوتسىيالىزمنىڭ ئۇل ئىقتىسادىي قانۇنىيىتى** 社会主义的基本经济规律 Основной экономический закон социализма

سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە رول ئوينايدىغان ھەمدە سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىدىغان

قانۇنىيەت. بۇ قانۇنىيەتنىڭ مەزمۇنى يۈكسەك تېخنىكا ئاساسىدا سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش ۋە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش چارىسى ئارقىلىق پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ دائىم ئېشىپ بارىدىغان ماددىي ۋە مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قاندۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىدى ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئېھتىياجى، يەنى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ دائىم ئېشىپ بارىدىغان ماددىي ۋە مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قاندۇرۇش. يۈكسەك تېخنىكا ئاساسىدا سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش ۋە ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش مۇشۇ ئۇلۇغ مەقسەتكە يېتىشنىڭ ۋاستىسى.

سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ، ئومۇمنىڭ ئېھتىياجى (سېتىۋېلىش كۈچى)نىڭ ئېشىشى دائىم ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېشىشىدىن ئېشىپ كېتىدۇ، دېمەك ئۇ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئېشىشىدىكى قۇدرەتلىك قوزغاتقۇچ بولىدۇ. شۇڭا، كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىكى ئەمگەكچى خەلقلەر ئۈچۈن ئەڭ قورقۇنچلۇق بولغان ئاپەت — ئىشلەپچىقىرىش ئوشۇقچىلىق كرىزىسى ۋە ئىشسىزلىق سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا يۈز بەرمەيدۇ. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا، ئىشلەپچىقىرىش ئۈزلۈكسىز ئاشىدۇ، تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلىنىدۇ. ئامېرىكا سانائىتى 1929-يىلدىن 1951-يىلغىچە بولغان مەزگىل ئىچىدە بىر ھەسسە ئۆستى، ھالبۇكى شۇ مەزگىل ئىچىدە، سوۋېت ئىتتىپاقى سانائىتى تەخمىنەن 12 ھەسسە ئۆستى. بۇ پاكىت ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ بىر ئوچۇم ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار بېيىش ئۈچۈن ئەمگەكچىلەرنىڭ قان-تەرىنى

شۇرايدىغان كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىشتىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى كۈچلۈك تۈردە ئىسپاتلايدۇ.

ئىشچىلار ۋە دېھقانلارنىڭ ماددىي ئەھۋالى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، خەلق دارامىتىنىڭ سىنىپلار بويىچە تەقسىم قىلىنىشى تۈپ مەسىلە. كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە، خەلق دارامىتىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدا پۈتۈن خەلق دارامىتى ئەمگەكچىلەرگە مەنسۇپ؛ خەلق دارامىتىنىڭ تەقسىم قىلىنىشى ئەمگەكچىلەرنىڭ پاراۋانلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئۇستۇرۇشتىن ئىبارەت مەقسەتكە بويسۇنىدۇ. مەسىلەن، 1951-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ئەمگەكچىلىرى خەلق دارامىتىنىڭ $\frac{3}{4}$ كە يېقىن قىسمىنى ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا سەرپ قىلدى. خەلق دارامىتىنىڭ قالغان قىسمىنى دۆلەت، كولخوز ۋە كوپىراتىپلار تەشكىلاتلىرى باشقۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش، مەملىكەت خاراكتېرلىق باشقا ئېھتىياجلارنى قاندۇرۇش ۋە جامائەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن سەرپ قىلدى. ئەمگەكچىلەرنىڭ پاراۋانلىقى ئەمگەك مىقدارى ۋە سۈپىتىگە قاراپ تەقسىم قىلىشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك پىرىنسىپ ئاساسىدا يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ پىرىنسىپ خىزمەتچىلەرنى ماددىي مەنپەئەت جەھەتتىن ئەمگەك مېۋىسىگە ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلىدىغان قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك مۇسابىقە، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۇستۇرۇش، ماتېرىيال ئىقتىسات قىلىش، ئىشلەپچىقىرىشنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش قاتارلىقلارغا بولغان غەمخورلۇقىنى پۈتۈنلەي سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتىنىڭ رولى بەلگىلەيدۇ. بۇ قانۇنىيەت سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى ئىشچىلارنىڭ ماشىنا ئىشلىتىشنى خالايدىغانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، چۈنكى ماشىنا جەمئىيەت ئۈچۈن

ئەمگەكنى تېجەپ بېرىدۇ ھەمدە ئىشچىلارنىڭ ئەمگىكىنى يەڭگىللىتىدۇ. كاپىتالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا، ماشىنا ئىشچىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشنىڭ قورالىدۇر.

سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتىمۇ باشقا بارلىق ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەرگە ئوخشاشلا، ئوبيېكتىپلىققا ئىگە؛ ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسى بويىچە بارلىققا كەلمەستىن، بەلكى مۇئەييەن ئىقتىسادىي شارائىت ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كېلىدۇ. سوۋېت دۆلىتى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە بۇ قانۇنىيەتنى بىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي سىياسەتلىرىدە ئۇنىڭغا تايىنىش ھەمدە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق جەمئىيەت پاراۋانلىقىنى كۆزلىدى. كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە سوۋېت دۆلىتى خەلقنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسى ۋە مەنىۋى تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە دائىم كۆڭۈل بۆلۈپ كەلمەكتە. سوۋېت دۆلىتىدە، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ پارچە سېتىلىش باھاسى ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلىمەكتە، ئىشچىلار ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمەلىي ئىش ھەققى شۇنىڭدەك دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئۈزلۈكسىز ئاشماقتا، شەھەر ۋە يېزا ئاھالىلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى كۈندىن-كۈنگە ئۆسمەكتە، ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىمۇ ياخشىلانماقتا ۋە باشقىلار. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتىنىڭ رولىنى ئىپادىلىدى.

**«سوتسىيالىزمنىڭ خىيالدىن پەنگە راۋاجلىنىشى»**

«Развитие социализма от утопии к науке» 《社会主义从空想到科学的发展》 ئېنگېلسنىڭ ئەسىرى، 1880-يىلى تۇنجى قېتىم پارىژدا كىتابچە قىلىپ نەشر قىلىنغان. بۇ كىتابنى ئېنگېلس ئۆزىنىڭ «ديۇرىڭغا قارشى»* دېگەن كىتاۋىدىن 3 بابىنى ("كىرىش"نىڭ 1-بابىنى ۋە "سوتسىيالىزم" قىسمىنىڭ ئالدىنقى ئىككى بابىنى) ئېلىپ ھەمدە ئۇنىڭغا بىرقانچە ئىزاھاتنى قوشۇپ تۈزگەن.

ئېنگېلس بۇ ئەسەرىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ماركسىزم بىر-
دىن-بىر ئىلمىي، يېڭى ئىنقىلاۋىي دۇنياقاراش، ئۇ ئىنسانلار
ئىدىيىلىرىنىڭ ئەڭ ئېسىل مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، جۈملىدىن خىيالىي
سوتسىيالىزمچىلارنىڭ نەزەرىيىلىرىنى تەنقىدىي ھالدا ئۆزگەرتتى،
دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ مەيدانىغا كېلىشى ئىنسانلارنىڭ ئىدىيە
تارىخىدىكى بىر ئىنقىلاۋىي ئۆزگەرتىشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئېنگېلس
كونا جەمئىيەت تەلىماتىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى، ئالدى بىلەن **خىيالىي
سوتسىيالىزم**نىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى، ئۇلارنىڭ
كەمچىلىكلىرىنى پاش قىلدى ھەمدە ماركسنىڭ تارىخىي ماتېرىيا-
لىزم نەزەرىيىسى ۋە قوشۇمچە قىممەت نەزەرىيىسىنى يارىتىپ،
سوتسىيالىزمنى خىيالدىن پەنگە، ئىلمىي سوتسىيالىزمغا ئايلاندۇر-
غانلىقىنى چۈشەندۈردى. ئۇ كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى ئىشلەپچىقى-
رىش كۈچلىرىنىڭ بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى-
دىن ھالقىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغانلىقىنى؛
كاپىتالىزمنىڭ ئۆزىنىڭ گۆركارىنى تەييارلىغانلىقىنىڭ، ئۇلۇم تەقدى-
رى ئاستىدا مۇقەررەر سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارىدىغان
كۈچنى يەنى پرولېتارىياتنى تەييارلىغانلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن
ھالدا كۆرسىتىپ بەردى. ئېنگېلس مۇشۇ ئەسەرىدە ئالغا سۈرگەن
ئاساسىي ئىدىيە ئەنە شۇ. بۇ ئەسەر سول قانات سوتسىيالىستلار
ھۆكۈمەتسىزلىك تەرەپدارى بولغان باكۇنىنچىلارغا ۋە بارلىق
ئاقىمچىلارغا قارشى كەسكىن كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتقان مەزگىلدە،
ماركسىزملىق پارتىيە قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان مەزگىلدە
پارىژدا نەشر قىلىنغان، ئۇ ئىشچىلارنىڭ ئىنتايىن زور ئالقىشىغا
ئېرىشكەن. "ئەمگەكنى ئازات قىلىش جەمئىيىتى" ئېنگېلسنىڭ بۇ
كىتاۋىنى چەتئەلدە تەرجىمە قىلغان ۋە نەشر قىلغان ھەمدە روسىيە-
دە مەخپىي تارقاتقان. شۇ چاغدىن باشلاپ، بولۇپمۇ ئۇلۇغ ئوكتەبىر

ئىنقىلاۋىدىن كېيىن بۇ كىتاب بىرنەچچە قېتىم قايتا نەشر قىلىنغان.

**سوكرات** 苏格拉底 Сократ (مىلادىدىن ئىلگىرى 469 ــ 399) قەدىمقى يۇنان ئىدىيالىستىك پەيلاسوپى. ئۇ دىنىي ئەخلاق تەلىماتىنى تەشۋىق قىلىدۇ، ماتېرىيالىزمغا قارشى تۇرىدۇ، تەبىي پەن بىلىمگە ۋە خۇداسىزلىق تەشەببۇسىغا قارشى تۇرىدۇ. سوكراتنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقان كىچىك گۇرۇھ ئافىنا دېموكراتىك ھاكىمىيىتىگە قارشى سىياسىي كۈرەش ۋە ئىدىيىۋى كۈرەشنىڭ مەركىزى ئىدى. بۇ كىچىك گۇرۇھقا قاتناشقانلار ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە **پىلاتون***، كرىستى (دېموكراتىك ھاكىمىيەت مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئافىنادىكى 30 مۇشتۇمزور ھۆكۈمرانىنىڭ كاتتىۋېشى بولۇپ قالدى)، ۋەتەن خائىنى ئالكىۋىياد ۋە كسېنوفونتلار بار ئىدى. ئەكسىيەتچىل كۈچلەر غەلىبە قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، دېموكراتىك ھاكىمىيەت يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، سوكرات خەلق بىلەن دۈشمەنلەشكەن پائالىيىتى تۈپەيلىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. سوكرات دائىم ئېغىزچىلا سۆزلىگەچكە ھېچقانداق ئەسەر قالدۇرمىغان؛ لېكىن پىلاتون، كسېنوفونت ۋە ئارىستوپانلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇنىڭ سۆزلىرى ئېلىنغانلىقتىن، ئۇنىڭ تەلىماتى ھەممە ئادەمگە مەلۇم بولغان ھەمدە ھازىرغىچە تارقىلىپ كەتكەن. سوكرات: پەلسەپىنىڭ مەقسىدى كىشىلەرنى ئەخلاقلىق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئۈندەشتىن ئىبارەت، ئەمما بۇ ئەسلىي ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، جەزمەن ھەممىدىن ئاۋۋال ئومۇمىي ئەخلاقىي قائىدە ۋە جامائەت پاراۋانلىقىنى بىلىش كېرەك، دەپ ھېسابلايدۇ، چۈنكى ئۇ گۈزەل ئەخلاق بىلەن بىلىم بىر نەرسە دەپ قارايدۇ. ئۆزىنىڭ بىلىمىدىن گۇمان قىلىشتىن باشلانغان ئۆز ئۆزىنى بىلىش مانا مۇشۇنداق بىلىشنىڭ كېلىش مەنبەسى. سوكرات دائىم: "مەن ھېچنېمىنى بىلمەيدىغانلىقىمنى

بىلىمەن" دەيدۇ. سوكراتنىڭ ئۇسۇلى بەس-مۇنازىرە ئارقىلىق "ھەقىقەت"نى تېپىشنى مەقسەت قىلىدۇ. سوكرات ئۆزى بىلەن سۆزلىشىۋاتقان كىشىگە كەينى-كەينىدىن سوئال قويۇپ، قارشى تەرەپنى ئۆزىنىڭ بىلىمسىزلىكىنى ("مەسخىرە") ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر قىلىپ، ئاندىن قارشى تەرەپنى ھەقىقىي گۈزەل ئەخلاقنى بىلىۋېلىشقا يېتەكلەيدۇ، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىدىيىنى "پەيدا قىلىش" ("تۇغدۇرۇش")قا ياردەم بېرىدۇ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ نۇرغۇن ئايرىم پاكىتلار بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئومۇمىي ئەخلاق ئۇقۇمى ("يىغىنچاقلاش")نى بەلگىلەيدۇ. "سوكرات" ئۇسۇلى ئاخىردا ئۇقۇمنى تۈر ۋە خىل ("تەبىر")غا ئايرىيدۇ. بۇنداق ئۇسۇل سوكراتنىڭ شاگىرتى پلاتوننىڭ ئىدىيالىستىك دىيالېكتىكىسىنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرى. سوكرات ئىنسانلار تەبىئەتنى چۈشىنەلمەيدۇ دەپ قاراپ، تەبىئەتنى بىلىشنى رەت قىلىدۇ. ئۇ ئاددىي مەقسەتچىلىكنى تەرغىپ قىلىدۇ.

**سول گېگېلچىلار** Левые гегельянцы 黑格尔左派

"ياش گېگېلچىلار"غا قاراڭ.

**سوۋېت جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى بىرلىكى** Морально-политическое единство советского общества 苏维埃社会在精神上政治上的一致

سوۋېت جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچلىرىدىن بىرى، ئۇ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ يوقىتىلىشى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ غەلىبە قىلىشى بىلەن، ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە زىيالىيلارنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى ھەم ھەمكارلىقى ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن. سوۋېت جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى بىرلىكى سوۋېت دۆلىتىدىكى ئىشچىلار سىنىپى، دېھقانلار، زىيالىيلار ۋە مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەت-

لىرىنى بىردەك ھىمايە قىلىدىغانلىقى ھەمدە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پائال كۈرەش قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت پاكىتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. سوۋېت جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى ۋە سىياسى جەھەتتىكى بىرلىكى سوتسىيالىستىك ئەخلاقنىڭ ئاساسى مىزانى كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن قائىدە بولۇپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

كاپىتالىزىمنى يوقىتىش ۋە سوتسىيالىزىمنى بەرپا قىلىش كۈرىشى داۋامىدا، پارتىيە سوۋېت جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى ۋە سىياسى جەھەتتىكى بىرلىكىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى، راۋاجلاندۇردى ۋە مۇستەھكەملىدى. سوۋېت جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى ۋە سىياسى جەھەتتىكى بىرلىكىنىڭ ئىقتىسادى ئاساسى — سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى. سوتسىيالىزىم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ خۇسۇسى مۈلۈكچىلىكى كىشەنىدىن ئازات قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئەمگەكچى ئاممىنىڭ خىزمەتتىكى ئىجادىيەت ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى ۋە قىزغىنلىقى جۇش ئۇرۇپ ئەۋج ئالدى. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئومۇمى مۈلۈكچىلىكى ئاساسىدا، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى يەنى ئەمگەكچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجادىيەت ھەمكارلىقى ۋە ئۆزئارا ياردەملىشىش مۇناسىۋىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدا مەيدانغا كەلدى ۋە راۋاجلاندى. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان خۇسۇسى مۈلۈكچىلىك كىشىلەرنى ئايرىۋەتكەن ئىدى، سوتسىيالىستىك ئومۇمى مۈلۈكچىلىك بولسا كىشىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇردى، ئۇلارنىڭ كوللېكتىپچىلىق ئىدىيىسىنى كۈچەيتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ياردەملىشىش ۋە ھەمكارلىشىش روھىنى جارى قىلدۇردى. جەمئىيەتنىڭ ماددى ۋە مەدەنى ئېھتىياجىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قاندۇرۇشنى كاپالەتلەندۈرۈش — مانا بۇ **سوتسىيالىزىمنىڭ تۈپ ئىقتىسادى قانۇنىيىتى***نىڭ ئاساسى تەلىۋى. سوۋېت ھاكىمىيىتى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە بۇ قانۇنىيەتنى بىلىۋالدى

ھەممە ئۇنىڭدىن جەمىيەت پاراۋانلىقى يولىدا پايدىلاندى. شۇنداق قىلىپ سوۋېت جەمىيىتىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، كوممۇنىزىمدىن ئىبارەت يۈكسەك مەقسەت ئۈچۈن كۈرەش قىلماقتا.

كاپىتالىستىك جەمىيەتتە تەرەققىياتنىڭ ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچى — ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلار بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى ياراشتۇرغىلى بولمايدىغان سىنىپىي كۈرەش. جاھانگىرلىكنىڭ ئاقلىغۇچىلىرى خەلقنى ئالداپ، كاپىتالىزىم شارائىتىدا بولۇشى مۇمكىن بولمايدىغان "ئىجتىمائىي بىرلىك"، "سىنىپىي ماسلىشىش" دېگەن نەرسىلەرنى تەشۋىق قىلىدى. ماركس بىلەن ئېنگېلس **«كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»**"دە يۇرۇتلا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: ئەزگۈچىلەر بىلەن ئېزىلگۈچىلەر مەڭگۈ بىر بىرىگە ئانتاگونىستىك ئورۇنىدا تۇرىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان كۈرەش ئېلىپ بېرىلىدۇ. كاپىتالىزىم دۇنياسىدا جەمىيەتنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى بىرلىكىمۇ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، مەنىۋى جەھەتتىكى بىرلىكىمۇ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى كاپىتالىزىم جەمىيىتىدىكى ئانتاگونىستىك سىنىپلار بىر بىرى بىلەن زادىلا چىقىشالمايدۇ. ئىشچىلار سىنىپى دىكتاتۇرىسىنىڭ ئورنىتىلىشى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ يوقىتىلىشى ۋە سوتسىيالىزىمنىڭ ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلۈشى — مانا بۇ ئوم-ئىناق بولغان، سىنىپىي توقۇنۇش بولمىغان ھەممە بىرلىكتە كۈچ چىقىرىپ كوممۇنىزىم ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان جەمىيەتنى بەرپا قىلىشنىڭ بىردىن-بىر يولى. سوۋېت جەمىيىتىنىڭ مەنىۋى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى بىرلىكىنىڭ ئىنتايىن زور ئاملى ھازىر ئىشچىلار بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق بولۇپ قالغان ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت.

سوۋېت دۆلەت تۈزۈمى — سوۋېت جەمىيىتىنىڭ مەنىۋى ۋە سىياسىي

جەھەتتىكى بىرلىكىنىڭ سىياسىي ئاساسى. سوۋېت دۆلىتى خەلقنىڭ ئۆز دۆلىتى، خەلقنىڭ كوممۇنىزىم قۇرۇش ۋە دۆلەتنى دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن قوغداشتىكى ئاساسىي قورال. سوۋېتنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىسى ئەڭ كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنىڭ دۆلەتنىڭ باشقۇرۇش ئىشلىرىغا دائىم، ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ھالدا قاتنىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ھەقىقى تۈردە پۈتكۈل ئەمگەكچىلەرنى پۈتۈنلەي باراۋەر ھوقۇقتىن بەھرىمەن قىلىدۇ. پەقەت ۋەتەننىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن سىڭدۈرگەن شەخسى ئەمگەك ۋە شەخسى قابىلىيەتلا سوۋېتلىكلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى بەلگىلەيدۇ. سوۋېت دۆلىتىدە مىليونلىغان ئامما سىياسىي پائالىيەتكە ئاكتىپ قاتنىشىدۇ. سوۋېت دۆلىتى ئۆز ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىنتېرناتسىونالىزىملىق دۆلەت. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قاتناشقان ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق-ھەمكارلىق مۇناسىۋەتنى تارىختا تۇنجى قېتىم ئورناتتى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ دوستلۇقى — سوۋېت جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى بىرلىكىنى مۇستەھكەملەشتىكى قۇدرەتلىك كۈچ، مۇنداق بىرلىكنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئاساسى. كاپىتالىزىم جەمئىيىتىدە مەنىۋى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى بىرلىكنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى يەنە شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بۇرژۇئازىيە ئۆزۈمىسى بىر قىسىم مىللەتلەرنى يەنە بىر قىسىم مىللەتلەرگە ئۆچمەنلەشتۈرىدۇ، ئۇ ئىرقى كەمسىتىش سىياسىتىنى يۈرگۈزىدۇ. پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىلا بىرىنچى بولۇپ كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەرگە ئۈلگە بولۇپ قالدى، بۇ دۆلەتتە، بارلىق چوڭ-كىچىك مىللەتلەر بىردەك ئىتتىپاقلاشقان ھەمدە ئۇلار تامامەن بىر بىرىگە ئىشىنىش ۋە بىر بىرىگە ياردەملىشىش-ھەمكارلىشىش ئاساسىدا ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى قۇرماقتا. سوۋېت جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى ۋە سىياسىي

جەھەتتىكى بىرلىكىنى مۇستەھكەملەشتىكى ئۇلۇغ كۈچ — **سوۋېت ۋەتەنپەرۋەرلىكى***. سوۋېت ۋەتەنپەرۋەرلىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىنى پۈتۈن ئەمگەكچىلەرنىڭ ئورتاق جانجان مەنپەئەتى بىلەن ماسلاشتۇرغان ھالدا بىرلەشتۈردى.

سوۋېت جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى بىرلىكىنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى — كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ دۇنياقارىشى، كۆپلىگەن كۈرەشلەردە سىناقتىن ئۆتكەن ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىدا شانلىق تۈردە ئىسپاتلانغان ماركسىزم-لېنىنىزملىق تەلىمات. بارلىق سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشقانلىقى سوۋېت جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى بىرلىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ئىپادىسى شۇنداقلا مۇشۇ بىرلىكنىڭ شەرتى. سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ پۈتۈن تارىخى خەلققە، پارتىيىنىڭ ئەمگەكچىلەر مەنپەئەتىنىڭ تەۋرەنمەس، سادىق ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى، ئاممىنىڭ يولباشچىسى، رەھبىرى ۋە تەشكىللىگۈچىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى ئۆزلىرىنىڭ يولباشچىسى دەپ بىلدى. ھېچقانداق بىر پارتىيە ئۆتمۈشتىمۇ ۋە ھازىرمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئوخشاش خەلق ئاممىسى ئىچىدە بۇنداق ئىناۋەتكە ئىگە بولۇپ باققىنى يوق.

مەنىۋى ۋە سىياسىي جەھەتتىكى بىرلىك سوۋېت جەمئىيىتىنىڭ ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچى، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىدىكى غەلىبىسىدە، سوۋېتلىكلەرنىڭ ئالدىنقى سەپ ۋە ئارقا سەپتىكى قەھرىمانلىق تۆھپىسىدە كونكرېت ئىپادىلەندى. ئەركىن سوتسىيالىستىك ئەمگەك داۋامىدا، كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە دۆلەت تۈزۈپ چىققان ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى پىلانىنى غەلىبىلىك ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىدا. مەنىۋى ۋە سىياسىي جەھەت-

تىكى بىرلىك نامايەن بولىدۇ ۋە بولماقتا. كوممۇنىستىك قۇرۇلۇش پىلانىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن بىرلىكتە تىرىشىۋاتقان سوۋېتلىكلەرنىڭ ئەمگەك ئاكتىپلىقى ۋە سىياسى ئاكتىپلىقى سوۋېت جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى ۋە سىياسى جەھەتتىكى بىرلىكىنى ئېنىق ئىپادىلىدى. سوتسىيالىزىمدىن پەيدىن-پەي كوممۇنىزىمغا ئۆتۈش داۋامىدا، شەھەر بىلەن يېزا، ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانىي ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى زور پەرقنى يوقىتىش داۋامىدا، ئىشچى بىلەن دېھقان ئوتتۇرىسىدا ساقلىنىۋاتقان سىنىپىي چەكنى تۈگىتىش داۋامىدا، سوۋېت جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى ۋە سىياسى جەھەتتىكى بىرلىكى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدۇ. بۇنداق بىرلىك سوۋېت ئىتتىپاقىدا مۇكەممەل كوممۇنىزىمنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنىڭ كاپالىتى بولۇپ قالىدۇ.

**«سوۋېت ئىتتىپاقىدا سوتسىيالىزىمنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىلىرى»**
«Экономические проблемы социализма в СССР»
《苏联社会主义经济问题》

ستالىننىڭ سوتسىيالىستىك ئىگىلىك ۋە سوتسىيالىزىمدىن كوممۇنىزىمغا ئۆتۈش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئەسىرى. 1952-يىل 9-ئايدا ئېلان قىلىنغان.

ستالىن ئۆز ئەسىرىدە سوۋېت دۆلىتى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئەمەلىي پائالىيەتلىرى ئۈچۈن غايەت زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان سوتسىيالىستىك سىياسى ئىقتىسادقا دائىر ئاساسىي مەسىلىلەرنى شەرھىلەپ بەردى. ستالىن ماركس، ئېنگېلس ۋە لېنىنلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئاساس قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىدىكى تەجرىبىلەرنى يىغىنچاقلاپ بەردى ھەمدە **سوتسىيالىزىمنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتى***نى بايان قىلىپ بەردى، بۇ قانۇنىيەت سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ پۈتۈن قانۇنىيەتلىرىنى چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچىدۇر. ستالىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: سوتسىيالىزىم جەمئىيىتى رىقابەت ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىكى

ھوكۇمەتسىزلىك قانۇنىيىتىنىڭ ھوكۇمرانلىق قىلىدىغان كاپىتالىزىم جەمئىيىتىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. سوتسىيالىزىم جەمئىيىتىدە **خەلق ئىگىلىكىنىڭ پىلانلىق (نىسبەت بويىچە) راۋاجلىنىش قانۇنىيىتى*** ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئومۇمنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتۈش ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كېلىدۇ ۋە رول ئوينايدۇ؛ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەققىياتىنىڭ 5 يىللىق پىلانى ۋە يىللىق پىلانى ئەنە شۇ قانۇنىيەتنىڭ تەلىۋىنىڭ ئىنكاسى. ستالىن سوتسىيالىزىم شارائىتىدىكى تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى مەسىلىسىنى دەلىللەپ بەردى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: سوتسىيالىزىم شارائىتىدا تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، دۆلەتنىڭ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىن باشقا، يەنە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىگە كىرمەيدىغان كولخوز مۈلۈكچىلىكى بار. كولخوزنىڭ مەھسۇلاتلىرى كولخوزنىڭ ئۆز ئىختىيارىدا بولىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى تاۋار سۈپىتىدە چىقىرىپ بېرىدۇ. پەقەت پۈتۈن مەملىكەتنىڭ بارلىق ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئۆز ئىختىيارىغا ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىشلەپچىقىرىش تارمىقى ئىككى خىل ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش تارمىقىنىڭ ئورنىغا دەسسىگەن چاغدىلا، تاۋار مۇئامىلىسى ۋە ئۇنىڭ "پۇل ئىگىلىكى" ئاندىن خەلق ئىگىلىكى ئۈچۈن زۆرۈر بولمىغان ئامىل سۈپىتىدە يوقىلىپ بارىدۇ. ستالىن سوتسىيالىزىم شارائىتىدىكى تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى: سوتسىيالىزىم شارائىتىدىكى تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى سوتسىيالىزىمنى مۇستەھكەملەش ۋە كوممۇنىزىمغا ئۆتۈش ئىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان "ئالاھىدە" تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ستالىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: قىممەت قانۇنى سوتسىيالىزىم شارائىتىدا گەرچە يەنىلا تەسىرىنى كۆرسىتىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پائالىيەت دائىرىسى ئاساسەن شەخسلەرنىڭ ئىستېمال

بۇيۇملىرى بىلەن چەكلىنىدۇ. قىممەت قانۇنى پەقەت مۇشۇ جەھەتتىلا تەڭشىگۈچى رولىنى مەلۇم دائىرىدە ساقلاپ قالىدۇ. لېكىن ئۇ سوتسىيالىزم شارائىتىدا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەڭشىگۈچىسى رولىدىن قالىدۇ. تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى يوقالغان ھامان، قىممەت ۋە ئۇنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرى شۇنىڭدەك قىممەت قانۇنىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يوقىلىدۇ.

ستالىن بۇ كىتاۋىدا شەھەر بىلەن يېزا، ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانىي ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىقنى يوقىتىش توغرىسىدىكى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى يوقىتىش توغرىسىدىكى ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىلەرگە جاۋاپ بەردى. ستالىن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ تاشلىدى ۋە مۇنداق دەپ كورسەتتى: سوتسىيالىزم شارائىتىدا ۋە پەيدىنپەي كوممۇنىزمغا ئۆتۈش شارائىتىدا، شەھەر بىلەن يېزا، جىسمانىي ئەمگەك بىلەن ئەقلىي ئەمگەك ئوتتۇرىسىدا قارىمۇ-قارشىلىق مەۋجۇت بولمايدۇ، پەقەت ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ پەرقلا قالىدۇ، بۇنداق چوڭ پەرق كوممۇنىزمنىڭ يۇقىرى باسقۇچىغا ئۆتكەندە يوقىتىلىدۇ.

ستالىن ئۆز ئەسىرىدە لېنىننىڭ كوممۇنىزم جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى، كوممۇنىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىن يۇقىرى باسقۇچىغا ئۆتۈشنىڭ يولى توغرىسىدىكى پۇروگرامما خاراكتېرلىق پرىنسىپلىرىنى ئالغا سۈردى.

ستالىن لېنىننىڭ جاھانگىرلىك توغرىسىدىكى پرىنسىپلىرىنى ئالغا سۈرگەندە **ھازىرقى زامان كاپىتالىزمىنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتى***نى بايان قىلىپ بەردى ۋە بۇ قانۇنىيەتنىڭ رولى ھازىرقى كاپىتالىزم دۇنياسىدا يۈز بېرىۋاتقان ھەممە جەريانىنى بەلگىلەيدۇ، دەپ كورسەتتى. ستالىن مۇنداق دەپ كورسەتتى:

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئەڭ مۇھىم نەتىجىسى شۇكى، ھەممىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر تۇتاش بازار پاراللېل ئىككى دۇنيا بازىرىغا بۆلۈندى. دېموكراتىك ۋە سوتسىيالىستىك لاگېردىكى ئۇرغۇن دۆلەتلەر ئىقتىسادىي جەھەتتە بىرلىشىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ھەمكارلىشىش ۋە ياردەملىشىش مۇناسىۋىتىنى ئورناتتى. دۇنيا بازىرىنىڭ پارچىلىنىشى دۇنيا كاپىتالىزم سىستېمىسىنىڭ ئومۇمىي كرىزىسى (كاپىتالىزىمنىڭ ئومۇمىي كرىزىسى*غا قاراڭ)نىڭ يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىشىنى بەلگىلىدى.

ستالىن بەزى ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ، ھازىرقى شارائىتىمىزدا كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش ئەمدى خالىي بولغىلى بولمايدىغان نەرسە ئەمەس بولۇپ قالدى، دېگەن ئىنتايىن خاتا كۆزقاراشلىرىغا رەددىيە بەردى. ستالىن ھازىرقى ھەرقايسى ئەللەر خەلقىنىڭ تېچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش، يېڭى ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش ھەركىتىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەندۈرۈپ كېلىپ، مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: مۇنداق ھەركەت كاپىتالىزمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى مەقسەت قىلمايدۇ، ئۇ پەقەت تېچلىقنى قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش يولىدىكى دېموكراتىيە مەقسىدى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. تېچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى بۇنداق كۈرەش مەلۇم جايلاردا تەرەققىي قىلىپ سوتسىيالىزمنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىگە ئايلىنىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن، تېچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ھەركىتىنىڭ ئۆزى جاھانگىرلىك ئۇرۇشىنىڭ مەنبەسىنى يوقىتالمايدۇ. "ئۇرۇشنىڭ مۇقەررەرلىكىنى يوقىتىش ئۈچۈن، جاھانگىرلىكنى يوقىتىش كېرەك." («سوۋېت ئىتتىپاقىدا سوتسىيالىزمنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىلىرى» 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 56-بەت)

ستالىننىڭ ئەسىردە دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمغا ئائىت بەزى مەسىلىلەر يەنىمۇ كېڭەيتىپ چۈشەندۈرۈلگەن.

ستالىن «ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى» دېگەن
كىتاۋىدا تىلغا ئالغان، سوتسىيالىزم شارائىتىدا كونا سۈپەتنىڭ
يېڭى سۈپەتكە ئايلىنىشى "پارتلاش" ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى يېڭى
سۈپەت ئامىللىرىنىڭ پەيدىن-پەي توپلىنىشى ۋە كونا سۈپەت
ئامىللىرىنىڭ پەيدىن-پەي يوقىلىشى ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ، دېگەن
قائىدىنى راۋاجلاندۇردى؛ ستالىن «سوۋېت ئىتتىپاقىدا سوتسىيالى-
زىمنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىلىرى» دېگەن كىتاۋىدا، سوتسىيالىزم
شارائىتىدا، ئىقتىساتنىڭ راۋاجلىنىشى ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق ئەمەس،
بەلكى پەيدىن-پەي ئۆتۈش ئارقىلىق بولىدۇ، دەپ كۆرسەتتى.
ستالىننىڭ بۇ ئەسىرىدە زىددىيەت ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات
ماركسىزملىق دىيالېكتىكىنىڭ تېخىمۇ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن زور
ئەھمىيەتكە ئىگە. ستالىن بۇ ئەسىرىدە بۇرۇن كەڭ تارقىلىپ يۈرگەن
سوتسىيالىزم شارائىتىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچى-
قىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تامامەن ئۇيغۇنلىشىشى ئۇلار ئوتتۇرىس-
دىكى ھەرقانداق زىددىيەتنى چەتكە قاقىدۇ دېگەن نۇقتىنەزەرنى
چوڭقۇر تەنقىت قىلدى. ستالىن سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش
ئۇسۇلىنىڭ تەرەققىياتىمۇ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئىككى تەرىپى
(ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى)
ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى زىددىيەتلەرنىڭ قانۇنىيەتلىك ھالدا پەيدا
بولۇشى ۋە تۈگىتىلىشى ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ دەپ كۆرسەتتى.
ستالىن سوتسىيالىزم شارائىتىدا بۇ زىددىيەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى
ۋە تۈگىتىلىشى كاپىتالىزمنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان خۇسۇسىيەتكە
ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېچىپ بەردى. بۇ خۇسۇسىيەتلەر شۇنىڭدىن
ئىبارەتكى، سوتسىيالىزم شارائىتىدا زىددىيەتلەر قارىمۇ-
قارشىلىققا، ئىنقىلاپ يولى بىلەنلا ھەل قىلىنىدىغان توقۇنۇشقا
ئايلىنىپ كەتمەيدۇ، كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە سوۋېت دۆلىتى زىددى-

يەتلەرنىڭ ئۇسۇپ بېرىشىنى ۋاقتىدا كورۇۋالالايدۇ ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئويغۇنلاشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق بۇ زىددىيەتلەرنى ئۆزگەرتىدۇ. ستالىننىڭ ئەسىرىدە ئىمكانىيەت بىلەن ئەمەلىيەت، مەزمۇن بىلەن شەكىل قاتارلىق ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكىنىڭ ئاساسىي كاتېگورىيىلىرى تەدبىق قىلىنغان ۋە راۋاجلاندۇرۇلغان.

......ستالىن ئۆزىنىڭ ئەسىرىدە خېلى زور بىر قىسىم سوۋېت ئىقتىسادشۇناسلىرى، پەيلاسوپلىرى ۋە قانۇنشۇناسلىرىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتى ئۈستىدە قىلغان سۇبيېكتىپ ئىدىيالىستىك چۈشەندۇرۇشلىرىگە رەددىيە بېرىپ، ماركسىزمنىڭ تەبىئەت قانۇنىيىتى، ئىجتىمائى قانۇنىيەت ۋە ئىلىم-پەن قانۇنىيىتىنىڭ ئوبيېكتىپ خاراكتېرى توغرىسىدىكى تەلىماتىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇردى. ستالىن مۇنداق دەپ كورسەتتى: سوتسىيالىزمنىڭ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتىنىڭ ئوبيېكتىپ خاراكتېرى ئىنكار قىلىنسا، سىياسەتتە تەۋەككۈلچىلىك خاتالىقى ئوتكۈزۈلىدۇ، **ئىرادىچىلىك*** پاتقىقىغا پېتىپ قېلىنىدۇ. كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ سىياسىتىنىڭ كۈچى ئۇزىنىڭ پائالىيىتىدە تەبىئەت دۇنياسى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنىڭ تەلىۋىنى ئاساس قىلغانلىقىدا. ستالىن مۇنداق دەپ كورسىتىدۇ: ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ خاراكتېرىنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ قانۇنىيەتنى ئىلاھلاشتۇرۇش بىلەن، ئادەمنىڭ ئاكتىپ ھەركىتىنىڭ رولىنى ئىنكار قىلىش بىلەن قىلچە ئورتاقلىقى يوق. ستالىن راۋاجلاندۇرغان ئومۇمىي قانۇنىيەت بىلەن ئالاھىدە قانۇنىيەت، تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بىلەن باشقا تۈپلۈك بولمىغان ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى، بىلىش قانۇنىيىتىنىڭ ئىلمىي ئالدىن كورەرلىككە بولغان ئەھمىيىتى ۋە باشقىلار توغرىسىدىكى ماركسىزملىق پىرىنسىپلار غايەت زور تەزىرىبىۋى ۋە

ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

«سوۋېت ئىتتىپاقىدا سوتسىيالىزمنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىلىرى» دېگەن كىتاب تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە، بۇ ئەسەردە تارىخىي ماتېرىيالىزمغا ئائىت نۇرغۇن مەسىلىلەر كونكرېتلاشتۇرۇلغان.

ماددى ئەشيالارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش ئۇسۇلى مەسىلىسى بۇ كىتابتا بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلغان. ستالىن بۇ ئەسىرىدە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپى، بۇ ئىككى تەرەپنىڭ پەرقى ۋە باغلىنىشىنى چوڭقۇر شەرھلىدى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىدى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دىيالېكتىك مۇناسىۋەتنى چوڭقۇر شەرھلەپ بەردى.

ستالىن ئۆز ئەسىرىدە ماركس كەشپ قىلغان **ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ خاراكتېرىغا چوقۇم ئۇيغۇنلىشىش قانۇنىيىتى***نىڭ نۇرغۇن مۇھىم پرىنسىپلىرىنى بايان قىلدى ۋە ئۇنى ئالغا سۈردى، بۇ قانۇنىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ تارىخىي ئالمىشىش داۋامىدا ئوينايدىغان رولىنى كۆرسەتتى، سوۋېت ھاكىمىيىتى بۇ قانۇنىيەتكە تايىنىپ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى قانداق قىلىپ ئومۇمنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى خەلقنىڭ مۈلكىگە ئايلاندۇرغانلىقىنى ۋە سوتسىيالىستىك ئىگىلىك شەكلىنى قانداق قىلىپ بەرپا قىلغانلىقىنى شەرھلەپ بەردى. ستالىن ئىشچى دىخانلار ئىتتىپاقىنى سوۋېت دۆلىتىدە ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ بۇ قانۇنىيەتكە قىلغان قارشىلىقىنى بىتچىت قىلالايدىغان، بۇ قانۇنىيەتنى ئىشقا ئاشۇرالايدىغان كۈچ دەپ ئاتىدى.

ستالىن بۇ ئەسىرىدە سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى ئىنتايىن چوڭ-

ۋۇر ئىنسانپەرۋەرلىكىنى، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ھەممە نەرسە ئادەمگە بوي سۇندۇرۇلغانلىقى، ھەممە نەرسە ئادەمنىڭ پاراۋانلىقى ۋە بەختى-سائادىتى ئۈچۈن بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئېھتىياجى ئېتىۋارغا ئېلىنمايدۇ. كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى پايدا قوغلىشىشتىن ئىبارەت، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىتى بولسا "پايدا ئەمەس، بەلكى ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئېھتىياجى، يەنى ئادەمنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش"تىن ئىبارەت («سوۋېت ئىتتىپاقىدا سوتسىيالىزمنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىلىرى»، 1972-يىل ئۆزبېكچە نەشرى، 121-بەت).

**Классы в СССР 苏联的阶级 سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى سىنىپلار**

ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى نەتىجىسىدە سوۋېت دۆلىتىدىكى سىنىپلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىدىمۇ ئۆزگىرىش پەيدا بولدى: پومېشچىكلار سىنىپى يوقىتىلدى، چوڭ بۇرژۇئازىيە مەھرۇم قىلىندى، پرولېتارىيات بىلەن دېھقانلار ئاساسىي سىنىپ بولۇپ قالدى. لېكىن شەھەرلەردە كاپىتالىزم تەركىۋىنىڭ قالدۇقلىرى تېخى ساقلانماقتا، يېزىلاردا باي دېھقانلار سىنىپى تېخى ساقلانماقتا. ئىشچىلار سىنىپى كاپىتالىزمنى سىياسىي جەھەتتە يەڭگەندىن كېيىن، دېھقانلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈش ئاساسىدا، كاپىتالىزمنى ئىقتىسادىي جەھەتتىنمۇ يوقىتىش ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەملىكەتنىڭ سانائەتلىشىشى ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ كوللېكتىپلىشىشى، ئومۇمىي يۈزلۈك كوللېكتىپلىشىش ئاساسىدا، باي دېھقانلار سىنىپى يوقىتىلدى، سوتسىيالىزم غەلىبىگە ئېرىشتى.

سوتسىيالىزمنىڭ غەلىبىسى سوۋېت دۆلىتىنىڭ سىنىپىي تۈزۈلمىسىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتتى. ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار يوقىتىلدى. ئىشچىلار سىنىپى ئەمدى كونا مەنىدىكى پرولېتارىيات-

لىقتىن قىلىپ، ئېكسپىلاتاتسىيىدىن قۇتۇلغان، كاپىتالىزىم ئىقتىسادىي سىستېمىسىنى يوقاتقان، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان سوتسىيالىستىك مۈلۈكچىلىكنى ئورناتقان ھەمدە سوۋېت جەمئىيىتىنى كوممۇنىزىمغا يېتەكلەپ ماڭىدىغان پۈتۈنلەي يېڭى بىر سىنىپ بولۇپ قالدى، بۇنداق ئىشچىلار سىنىپى تارىختا ئەزەلدىن بولۇپ باققان ئەمەس. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى دېھقانلاردىمۇ تۈپ ئۆزگىرىش يۈز بەردى، تېخنىكىسى قالاق، تارقاق بولغان مىليونلىغان ئوتتۇرا ۋە كىچىك دېھقان ئائىلىسى ئەمدى مەۋجۇت بولماي قالدى، ئۇنىڭ ئورنىغا يېپ-يېڭى بىر خىل دېھقان پەيدا بولدى، ئۇلار ئەمدى پومېشچىكلار، باي دېھقانلار، جازانىخورلار ۋە سودىگەرلەرنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرىمايدىغان بولدى. مۇتلەق كۆپچىلىك دېھقانلار كولخوزغا قاتناشتى، ئۇلار يېزىلاردىكى ئەمگەكچىلەرنى قۇل قىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى يېزا ئىگىلىكى بىلەن مەڭگۈ شۇغۇللانمايدىغان بولدى. ھازىر، سوۋېت ئىتتىپاقى دېھقانلىرى سوتسىيالىستىك كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانماقتا.

زىيالىلاردىمۇ تۈپ ئۆزگىرىش بولدى. ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى زىيالىلارنىڭ كۆپچىلىكى ئاقسۆڭەكلەر ۋە بۇرژۇئازىيىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇلار ئۆز سىنىپىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەيتتى. سوۋېت زىيالىلىرىنىڭ زور كۆپچىلىكى ئەمگەكچى خەلقتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنپەئەتى بىلەن قان بىلەن گۆشتەك باغلانغان. سوۋېت زىيالىلىرى ھەقىقى خەلق زىيالىلىرىدۇر. سوۋېت زىيالىلىرى سوۋېت جەمئىيىتىنىڭ باراۋەر ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدىغان ئەزاسى، ئۇلار سوتسىيالىزىم ئىشلىرى ئۈچۈن سادىقلىق بىلەن ئىشلەيدۇ.

كوممۇنىزىمغا پەيدىن-پەي ئۆتۈش جەريانىدا، ئىشچىلار،

دېھقانلار ۋە زىيالىيلار ئوتتۇرىسىدىكى چەك ۋە پەرقلەر كۈندىن-كۈنگە يوقىلىپ بارىدۇ. سوتسىيالىزم شارائىتىدا، ئىشچىلار بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدا يەنە سىنىپىي پەرق بولىدۇ. ئىشچىلار بىلەن كوللېكتىپ دېھقانلار ئورۇن جەھەتتىن ئوخشاش بولمىغان ئىككى سىنىپ. لېكىن بۇنداق پەرق ئۇلارنىڭ دوستلۇقىنى ئاجىزلاشتۇرمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى بىر، ھەر ئىككىسى سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى مۇستەھكەملەش ۋە كوممۇنىزمنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنى كۆزلەيدۇ. ئىشچىلار بىلەن دېھقانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېنچە ساقلىنىۋاتقان سىنىپىي پەرقلەرنىڭ ئاساسى دۆلەتنىڭ (ئومۇمى خەلقنىڭ) سوتسىيالىستىك مۈلۈكچىلىكى بىلەن كوپېراتىپ-كولخوزلارنىڭ سوتسىيالىستىك مۈلۈكچىلىكى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقتىن ئىبارەت. كولخوزلار دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنى، مەسىلەن، ئاشلىق، گۆش، كۆكتات ۋە باشقىلارنى ئەركىن ھالدا ئۆزىنىڭ ئۇسۇللىرى بويىچە بىر تەرەپ قىلالايدۇ. كولخوزنىڭ ئىشىدا مەھسۇلاتلىرى بازارغا كىرىدۇ ھەمدە تاۋار مۇئامىلىسى سېستېمىسىغا قوشۇلىدۇ. پەقەت كولخوز مۈلۈكچىلىكى ئومۇمى خەلق مۈلۈكچىلىكى سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلگەن، كوممۇنىزمغا ئۆتۈشكە بارلىق زۆرۈر شەرتلەر ھازىرلانغان چاغدىلا، ئىشچىلار سىنىپى بىلەن كوللېكتىپ دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق ئىقتىسادىي پەرقلەر ئاندىن يوقىلىدۇ.

كوممۇنىزمنىڭ قۇرۇلۇشىغا، شەھەر بىلەن يېزا ۋە جىسمانى ئەمگەك بىلەن ئەقلىي ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى زور پەرقلەرنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىشچىلار بىلەن دېھقانلار، شۇنىڭدەك ئۇلار بىلەن زىيالىيلار ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي پەرقلەرمۇ پۈتۈنلەي يوقىلىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا سوتسىيالىزمنىڭ غەلىبە قىلىشى سوۋېت

جەمىيەتنى مەنىۋى ۋە سىياسى جەھەتلەردە بىردەك بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇنداق بىردەكلىك ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار يوق قىلىنغان ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈم شەھەر ۋە يېزىلاردا مۇتلەق ھوكۇمرانلىق ئورۇننى ئىگىلىگەن ئاساستا قۇرۇلغان. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دوستلۇغى ئاساسىغا قۇرۇلغان. بۇنداق بىردەكلىك ئوتمۇشتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشىدا فاشىزىم ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنى يېڭىشتىكى ھەل قىلغۇچ شەرت بولغان ئىدى، ھازىر بولسا ئۇ سوتسىيالىزىمدىن پەيدىنپەي كوممۇنىزىمغا ئوتۇشتىن ئىبارەت بۇ تارىخىي ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك تۈردە ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ھەل قىلغۇچ شەرت بولماقتا. بىراق ئەگەر كوممۇنىزىم توسالغۇسىز ئوڭۇشلۇق بولىدۇ، سوۋېت خەلقىنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن كۈرەش قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارالسا، ئۇ خاتا بولغان بولىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئەگەر قارىمۇقارشى سىنىپلار بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن، مىڭبىر ھىلە-مىكىرلەر بىلەن ئىشلىرىمىزغا زىيان قىلماقچى بولغان، سوۋېت ھاكىمىيىتىگە دۈشمەنلىك قىلىدىغان بوشۇرۇنۇۋالغان ئۇنسۇرلار ھىلىمۇ مەۋجۇت. جاھانگىر بۇرژۇئازىيە بىر قىسىم سوۋېتلىكلەرنىڭ ئېڭىدىكى كاپىتالىزىم قالدۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇزلىرىنىڭ سىنىپىي مەقسىدىگە يەتمەكچى بولىۋاتىدۇ. كوممۇنىزىم قۇرۇش ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك تۈردە ئورۇنلاش ئۈچۈن، سوۋېت خەلقىنىڭ دۈشمەنلىرىگە قارشى رەھىمسىز كۈرەش قىلىشقا، كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىكى كاپىتالىزىم قالدۇقلىرى بىلەن قەتئىي يوشاشماستىن داۋاملىق كۈرەش قىلىشقا، سوۋېت خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىي ھوشيارلىقىنى يۇقۇرى كوتىرىشكە توغرا كېلىدۇ.

**سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دوستلۇغى**

سوتسىيا- Дрчжба народов СССР 苏联各族人民的友谊

لىستىك جەمئىيەتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچلىرىدىن بىرى، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى يېڭىچە ئۆزئارا مۇناسىۋەت توغرىسىدىكى ئىنتايىن مۇھىم قانۇنىيەت، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى ۋە يېڭىلمەسلىكىنىڭ ئۇلۇغ مەنبەسى. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دوستلۇقى **ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى***نىڭ تارىخىي خاراكتېرلىق نەتىجىسى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا غەلىبىگە ئېرىشىشى ئاساسىدا شەكىللەنگەن.

روسىيىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ئالاقىلىرى، ئۇلارنىڭ ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش، چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرى ۋە قۇل قىلغۇچىلارغا قارشى تۇرۇش يولىدىكى ئورتاق كۈرىشى، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچى ئاممىسىنىڭ چارىزمغا ۋە كاپىتالىزمغا قارشى كۈرىشىدىكى بىرلەشمە ھەرىكەتلىرى ھەم روسىيە پرولېتارىياتى ئەتراپىدىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىنقىلاۋىي كۈچلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقى — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى سوۋېت دۆلىتىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دوستلۇقىنى شەكىللەندۈرۈشتىكى تارىخىي شەرت-شارائىت.

ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىتتىپاقىنىڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دۆلەت ئىتتىپاقىغا ئايلىنىشىغا ھەممە شارائىتلارنى يارىتىپ بەردى، بۇنداق دۆلەت ئىتتىپاقى دەسلەپتە رۇس جۇمھۇرىيىتى بىلەن باشقا سوۋېت جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ئىتتىپاقى بولدى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا قۇدرەتلىك سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى بولدى. كوممۇنىستىك پارتىيە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى ئورنىتىلغان ئاساستا چارىزمغا ۋە كاپىتالىزمغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە شەكىللەنگەن،

روسىيە پرولېتارىياتى باشچىلىقىدىكى، روسىيىدىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئىنقىلاۋىي ئىتتىپاقىنى مۇستەھكەملىدى ھەمدە بۇ ئىنقىلاۋىي ئىتتىپاقنى مۇۋاپىق دۆلەت شەكلىگە — ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوۋېت قوشما ئىشتاتلىرى ۋە سوۋېت ئاپتونومىيىسىدىن ئىبارەت شەكىلگە ئىگە قىلدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدا دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئورنىتىشتىن ئىبارەت بۇ ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇنلاش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك ئاساسنى بەرپا قىلىپ، ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنى يوقىتىپ، سوتسىيالىزمنىڭ شەھەر ۋە يېزىلاردا غەلىبە قىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، چوڭ دۆلەت شوۋىنىزمىنى ۋە يەرلىك مىللەتچىلىكتەك بۇرژۇئا ئىدىيىسىنى تەل-تۆكۈس تارمار قىلىش لازىم؛ مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى باراۋەرسىزلىكنى كۆچەيتىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي شەكىل ۋە سوتسىيالىستىك مەزمۇنغا ئىگە بولغان مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش لازىم. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى سوتسىيالىزمنىڭ غەلىبىسى — سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۇزۇلماس دوستلۇقىنىڭ قۇدرەتلىك مەنبەسى، سوۋېت سوتسىيالىستىك مىللەتلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە گۈللىنىشىنىڭ ئاساسى. سوتسىيالىزم ئۈچۈن كۈرەش قىلىش جەريانىدا، چارپادىشا ھۆكۈمىتىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ھەرقايسى مىللەتلەر جۇمھۇرىيەتلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە ئارقىدا قېلىش ئەھۋاللىرى يوقىتىلدى. سانائەت بۇرۇنقى "چېگرا رايون"لاردا مىسلىسىز سۈرئەت بىلەن راۋاجلاندى. 1940-يىل پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە يىرىك سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 1913-يىلدىكىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 11 ھەسسە ئاشتى، شۇ مەزگىل ئىچىدە قازاقىستاندا سانائەت

21.2 ھەسسە ئاشتى، گروزىيىدە سانائەت 25.4 ھەسسە ئاشتى، قىرغىزىستاندا سانائەت 159 ھەسسە ئاشتى، تاجىكىستاندا بولسا سانائەت 241 ھەسسە ئاشتى. ئۆتمۈشتە ئېزىلگەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى قالاقلىقىمۇ تۈگىتىلدى.

رۇس مىللىتى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى باشقا مىللەتلەرگە غايەت زور خالىسانە ياردەم بەردى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللەتلەر ئۇلۇغ رۇس مىللىتىنى ئۆزلىرىنىڭ ياخشى دوستى ۋە يولباشچىسى، ئۆزلىرىنىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلابى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان ئاكا مىللەت دەپ قارايدۇ. چارىزمنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغان روسىيىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئەگەر رۇس مىللىتىنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك ياردىمىگە ئىگە بولمىغان بولسا، مۇشۇنداق قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇشىدا غايەت زور سەكرەشنى ئورۇنلىيالمىغان بولاتتى.

كوممۇنىستىك پارتىيە لېنىن ۋە ستالىنلارنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئىجرا قىلغانلىقتىن، مىللەتلەرنىڭ بۇزۇلماس دوستلۇقى ئاساس قىلىنغان، كۆپ مىللەتلىك يېڭى سوۋېت سوتسىيالىستىك دۆلىتى شەكىللەندى ۋە بەرپا قىلىندى. بۇ دۆلەتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى كاپالەتلەندۈرگەن ئاساسىي ئامىللار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: بىرىنچىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار يوق، دېمەك، مىللىي ماجىرانىڭ ئاساسىي مەنبەسى يوق؛ ئىككىنچىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۆزئارا ئىشەنمەسلىكنى يېتىشتۈرىدىغان ۋە مىللەتچىلىك تەلۋىلىكىنى قوزغايدىغان ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى يوق؛ ئۈچىنچىدىن، بارلىق قۇللۇق تۈزۈمىنىڭ دۈشمىنى ۋە ئىنتېرناتسىونالىزم ئىدىيىسىنىڭ سادىق كەۋدىلەندۈرگۈچىسى بولغان ئىشچىلار سىنىپى ھاكىمىيەتنى ئىگىلىدى، تۆتىنچىدىن، ئىقتىسادىي

تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزئارا ياردىمى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى؛ بەشىنچىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي شەكىل ۋە سوتسىيالىستىك مەزمۇنغا ئىگە مەدەنىيىتى كۈندىن-كۈنگە گۈللەندى. بۇ ئامىللار ۋە بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان باشقا ئامىللار سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىياپىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتتى، ئۇلار ئارىسىدىكى بىر-بىرىگە ئىشەنمەسلىك كەيپىياتىنى تۈگەتتى ھەمدە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھەقىقىي قېرىنداشلارچە ھەمكارلىقىنى بىرلىككە كەلگەن ئىتتىپاقداش دۆلەت سىستېمىسىدا ئورنىتىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دوستلۇقى ئاخىرقى ھېسابتا سوتسىيالىزمنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى داۋامىدا ئورنىتىلدى ھەمدە سوتسىيالىستىك ئاساستا ھەقىقىي گۈللەندى، ئۇ سوۋېت جەمئىيىتىدىكى قۇدرەتلىك بىر ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولۇپ قالدى، بۇ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ دۆلەتنىڭ پۈتكۈل ھاياتىغا قارىتا ياخشى تەسىر كۆرسەتمەكتە. بۇنداق كۈچ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىگە بولغان چەكسىز سادىقلىقى ۋە مۇھەببىتىدە، ئۇلارنىڭ سوۋېت مىللىي ئىپتىخارلىقى ۋە ئوتتەك قىزىق سوۋېت ۋەتەنپەرۋەرلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ؛ بۇنداق كۈچ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاممىۋى خاراكتېردىكى ئەمگەك قەھرىمانلىقىدا، سوتسىيالىستىك مۇسابىقىنىڭ كەڭ تۈردە قانات يايدۇرۇلۇشىدا، ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەر ۋە ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ ئىقتىسات ۋە مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدىكى خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ غەلىبىلىك ھالدا ئورۇنلانغانلىقى ۋە ئاشۇرۇپ ئورۇنلانغانلىقىدا ھەم سوۋېت ۋەتەنپەرۋەرلىرىنىڭ ئەمگەك ئاكتىپلىقىنىڭ ۋە تەشەببۇسكارلىقىنىڭ ئۆسكەنلىكىدە كۆرـ

گىرىت ئىپادىلىنىدۇ. سوۋېتلىكلەرنىڭ سىياسى ئاكتىپلىقىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۇزۇلماس دوستلۇقىنىڭ روشەن ئىپادىسى ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۆسكەنلىكىدىن ئىبارەت. كوممۇنىستلار بىلەن پارتىيىسىز ئاممىنىڭ ئىتتىپاقىنىڭ سوۋېت سايلىمىدا ئېرىشكەن غەلىبىسى، ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ھوكۇمىتىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى سىياسەتلىرىگە بولغان بىردەك ھىمايىسى، ــ مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇنداق سىياسى ئاكتىپلىقنىڭ ئۆسكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دوستلۇقى ئۆلۈغ ۋەتەن ئۇرۇشى يىللىرىدا ئومۇمى يۈزلۈك سىنالدى.

سوتسىيالىزمدىن كوممۇنىزىمغا تەدرىجى ئۆتۈش شارائىتىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دوستلۇقى سوۋېت جەمئىيىتىنىڭ قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

كوممۇنىستىك پارتىيە سوۋېتلىكلەرگە ئىنتېرناتسىونالىزىم بايرىقىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ دوستلۇق ۋە قېرىنداشلارچە ئىتتىپاقلىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتىرىپ، بۇ بايراقنىڭ پاكلىقىنى ساقلاش كېرەكلىكى، مىللى ئوچۇقلۇقنى قوزغاش، سوتسىيالىستىك مىللەتلەرنىڭ دوستلۇقىنى ئاجىزلىتىش ۋە پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىونالىزىمنى بۇزۇشنى مەقسەت قىلغان بارلىق دۈشمەنلىك ھەرىكەتلەرنى قەتئى توسۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا تەربىيە بېرىدۇ.

پارتىيىسىنىڭ 19 ـ قۇرۇلتايىدا ماقۇللانغان يېڭى نىزامنامىدە، "جەمئىيەت ئەزالىرىغا ئىنتېرناتسىونالىزىملىق روھ ۋە ھەرقايسى ئەللەردىكى ئەمگەكچى خەلق بىلەن قېرىنداشلارچە ئالاقە ئورنىتىش روھى بىلەن تەربىيە بېرىش..." سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئاساسى ۋەزىپىلىرىدىن بىرى قىلىپ بەلگىلەندى.

كوممۇنىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر

مىللەت خەلقىنىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتى مىللەتچىلىك قالدۇقلىرىنى ئىزچىل تۈردە تۈگىتىش يولى بىلەن تۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇلىدۇ ۋە مۇستەھكەملىنىدۇ. مىللىي مەسىلە دائىرىسىدىكى كاپىتالىزم قالدۇقلىرى تولىمۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە، چۈنكى بۇ قالدۇقلار بۇ يەردە مىللەت دېگەن تون بىلەن ئۆزىنى نىقابلىۋېلىشى مۇمكىن. بۇرژۇئا مىللەتچىلىكى كوممۇنىزمنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى، ئۇنىڭغا قارشى تەل-توكۇس، قەتئىي ۋە بوشاشماي كۈرەش قىلىش كېرەك.

كوممۇنىستىك پارتىيە بىزدىن بۇرژۇئا مىللەتچىلىكى، جاھانچىلىقنىڭ ھەرقانداق ئىپادىسىنى پاش قىلىشنى، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇلۇغ دوستلۇقنى ئاجىزلىتىشنى مەقسەت قىلىدىغان دۈشمەنلىك غەرەزنى پاش قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**«سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلار) تارىخى قىسقىچە كۇرسى» 《苏联共产党(布)历史简明教程》** (История всесоюзной коммунистической партии (большевиков). Краткий курс) س ئى ك پ (ب) مەركىزىي كومىتېتى ئالاھىدە قۇرغان ھەيئەت تەرىپىدىن تۈزۈلگەن، س ئى ك پ (ب) مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن ئىلمىي بولغان بولشېۋىزم تارىخى، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ قۇدرەتلىك ئىدىيىۋى قورالى، ماركسىزم-لېنىنىزمغا دائىر ئاساسىي ساۋات قامۇسى. بۇ كىتاب 1938-يىل كۈزدە نەشر قىلىنغان.

«سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلار) تارىخى قىسقىچە كۇرسى»دا روسىيە كوممۇنىزمچىلىرىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بارلىق دۈشمەنلىرىگە قارشى كۈرەشتە ھاسىل قىلغان مول تەجرىبىلىرى يەكۈنلەنگەن، چارىزمنى ۋە كاپىتالىزمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئورنىتىش ۋە سوتسىيالىزمنى قۇرۇپ چىقىش كۈرىشىدىكى مول تەجرىبىلىرى يەكۈنلەنگەن.

«قىسقىچە كۇرس» ئىجادىي، ماركسىزىملىق ئەسەر. بۇ ئەسەرنىڭ نەشر قىلىنىشى سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارىخىنى بايان قىلىشتىكى باشباشتاقلىق ۋە قالايمىقانچىلىق ئەھۋاللىرىغا خاتىمە بەردى، پارتىيە تارىخى دەرسلىكلىرى ئىچىدىكى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ نەزەرىيىسى ۋە تارىخى ھەققىدىكى ئىنتايىن مۇھىم مەسىلىلەرگە تۇتقان خىلمۇ-خىل ئوخشاش بولمىغان كۆز-قاراشلار ۋە خالىغانچە چۈشەندۈرىدىغان ھادىسىلەر تۈپتىن تۈگەتىلدى. «قىسقىچە كۇرس»تا ماركس تەلىماتى بىلەن لېنىن تەلىماتىنىڭ بۆلۈنمەس بىرلىكى، بىر پۈتۈنلۈكى، ۋارىسلىق قىلىنىشى، ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ بىر تۇتاشلىقى كۆرسىتىلگەن؛ لېنىن ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ جاھانگىرلىك ۋە پرولېتارىيات ئىنقىلابى دەۋرىدىكى پرولېتارىياتنىڭ سىنىپىي كۈرىشىدىكى يېڭى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىگەنلىكتىن ماركسىزم نەزەرىيىسىگە قوشقان يېڭى تۆھپىلىرى كۆرسىتىلگەن. «سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلار) تارىخى قىسقىچە كۇرسى» ھەممىدىن ئاۋۋال سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارىخىنى تارىخىي شەخسلەرنى مەركەز قىلغان ھالدا بايان قىلىدىغان كونا دەرسلىكلەرنىڭ ئەكسىچە، ئالدى بىلەن پارتىيىنىڭ كونكرېت تارىخى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ماركسىزم-لېنىنىزم ئىدىيىسىگە ئاساسلىنىپ پارتىيە كادىرلىرىغا تەربىيە بېرىدۇ؛ سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارىخىنىڭ ئۆزى ھەرىكەتتىكى ماركسىزم-لېنىنىزمدۇر. «قىسقىچە كۇرس» ماركسىزم ئەسەرلىرىنى شەخسلەرنىڭ تارىختىكى رولى مەسىلىسى، سوتسىيالىزمنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا غەلىبە قازىنىشى مەسىلىسى، ھازىرقى زامان ئۇرۇشىنىڭ خاراكتېرى مەسىلىسى، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتى مەسىلىسىگە ئوخشاش ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيىسىدىكى ۋە پارتىيە تارىخىدىكى مۇشۇ

بىرمۇنچە مۇھىم مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ ۋە چاكىنىلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشنى خالى قىلدى. «قىسقىچە كۇرس»تا ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيىسىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كاپىتالىزمغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىنقىلاۋىي كۈرىشىگە تەتبىق قىلىنغان چاغدا پەيدا بولىدىغان كۈچى ۋە ئەھمىيىتى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. «قىسقىچە كۇرس»تا كوممۇنىستىك پارتىيە بېشىدىن كەچۈرگەن بىرنەچچە ئاساسىي تارىخىي باسقۇچقا ئاساسەن، پارتىيە تارىخى ئىلمىي يوسۇندا بىرنەچچە دەۋرگە بۆلۈنگەن.

مەزكۇر كىتابنىڭ 4-باب 2-بۆلۈمى — «دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم»دا، ستالىن ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى يىغىنچاقلاپ بايان قىلدى ۋە ئۇنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئەمەلىي پائالىيەتلىرىدىكى رولىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. «قىسقىچە كۇرس»تا ماركسىزمچە يېڭى تىپتىكى پارتىيىنىڭ ئاساسىي ياراتقۇچىسى لېنىننىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئەسەرلىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە تارىخىي ئەھمىيىتى چوڭقۇر بايان قىلىندى.

«سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلار) تارىخى قىسقىچە كۇرسى»نىڭ «خاتىمە»سىدە سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارىخىي جەريانى ئۈستىدە ئاساسىي خۇلاسە چىقىرىلدى. «خاتىمە»دە چىقىرىلغان خۇلاسە، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئىنتايىن باي تارىخىدىن ئېلىنغان ساۋاقلار كوممۇنىزمنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىكى جەڭگىۋار قىبلىنامە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.»(1) پارتىيە تارىخى ئالدى بىلەن بىزگە شۇنى ئۆگىتىدۇكى، ئىنقىلاۋىي پرولېتارىيات پارتىيىسى بولمىسا، مۇشۇنداق بىر ئاقىمچىلىق بىلەن بۇلغانمايدىغان، مۇرەسسەچىلەر ۋە تەسلىمچىلەر بىلەن قىلچە مۇرەسسە قىلمايدىغان، بۇرژۇئازىيە ۋە ئۇنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتى ئۈستىدىن ئىنقىلاب قىلىش پوزىتسىيىسىنى تۇتىدىغان

پارتىيە بولمىسا، پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبە قىلىشى، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ غەلىبە قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.... (2) پارتىيە تارىخى يەنە بىزگە شۇنى ئۆگەتتىدۇكى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ پارتىيىسى ئەگەر ئىشچىلار ھەركىتىنىڭ ئىلغار نەزەرىيىسىنى پىششىق ئىگەللىمىسە، ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى ئىگەللىمىسە، ئۇ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ يولباشچىسى بولالمايدۇ، پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ تەشكىلاتچىسى ۋە يولباشچىسى بولالمايدۇ... (3) پارتىيە تارىخى يەنە بىزگە شۇنى ئۆگەتتىدۇكى، ئەگەر ئىشچىلار سىنىپى قوشۇنى ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ قالاق قاتلاملىرىنى بۇرژۇئازىيىنىڭ قوينىغا ئىتتىرىدىغان، شۇ ئارقىلىق ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىرلىكىنى بۇزىدىغان ئۇششاق بۇرژۇئا پارتىيە-گۇرۇھلىرىنى تارمار قىلىۋەتمىگەندە، پرولېتارىيات ئىنقىلاۋى غەلىبىگە ئېرىشەلمەيدۇ... (4) پارتىيە تارىخى بىزگە يەنە شۇنى ئۆگەتتىدۇكى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ پارتىيىسى ئۆز قوشۇنىدىكى ئاغمىچىلارغا قارشى مۇرەسسەسىز كۈرەش ئېلىپ بارمىغاندا، ئۆز قوشۇنىدىكى تەسلىمچىلەرنى تارمار قىلمىغاندا، ئۆز قوشۇنىنىڭ بىرلىكىنى ۋە ئىنتىزامىنى ساقلاپ قالالمايدۇ، ئۆزىنىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ تەشكىلاتچىسى ۋە يولباشچىسى بولۇش ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ، ئۆزىنىڭ سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت يېڭى جەمئىيەتنى قۇرغۇچىلاردىن بولۇش ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ... (5) پارتىيە تارىخى يەنە بىزگە شۇنى ئۆگەتتىدۇكى، ئەگەر پارتىيە غەلىبىدىن مەست بولۇپ كېتىپ مەغرۇرلىنىشقا باشلىسا، ئەگەر پارتىيە ئۆز خىزمىتىدىكى كەمچىلىكلەرنى كورەلمەيدىغان بولۇپ قالسا، ئەگەر پارتىيە ئۆز خاتالىقلىرىنى ئىقرار قىلىشتىن ۋە بۇ خاتالىقلىرىنى سەممىيەتلىك بىلەن ئۆز ۋاقتىدا تۈزىتىشتىن باش تارتىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ يولباشچىسى بولۇش ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە

ئاشۇرالمايدۇ... (6) ئاخىردا، پارتىيە تارىخى بىزگە شۇنى ئۆگە-
تىدۇكى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ پارتىيىسى ئەگەر ئاسما بىلەن كەلگ
ئالاقە باغلىمايدىكەن، بۇنداق ئالاقىنى دائىم مۇستەھكەملەپ تۇر-
مايدىكەن، ئاممىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىش ۋە ئۇلارنىڭ جىددى
ئېھتىياجىنى چۈشىنىۋېلىشقا ماھىر بولمايدىكەن، ئاممىغا ئۆگىتىشلا
ئەمەس، بەلكى ئاممىدىن ئۆگىنىدىغان نىيەتكە كەلمەيدىكەن، ئۇ
پارتىيە ھەقىقى ئاممىنىڭ پارتىيىسى بولالمايدۇ، مىليونلىغان ئىشچىلار
سىنىپى ئاممىسىغا ۋە پۈتكۈل ئەمگەكچى خەلققە رەھبەرلىك قىلالاي-
دىغان پارتىيە بولالمايدۇ."

سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى
«قىسقىچە كۇرس»نى تۈزگەن چاغدا كوزدە تۇتقان چىقىش نۇقتا
شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بارلىق سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش تارماقلىرىغا
توغرا رەھبەرلىك قىلىش ۋەزىپىسى ئەمەلىي خىزمەتچىلەرنىڭ
ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسىنى ئىگەللىشىنى تەلەپ
قىلىدۇ، ئەمەلىي ھەركەت مەسىلىلىرىنى ھەل قىلغان چاغدا نەزەرى-
يىنى قىبلىنامە قىلىشقا ماھىر بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

«قىسقىچە كۇرس»نىڭ نەشر قىلىنىشى پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ
ئىدىيىۋى ھاياتىدىكى چوڭ ئىش. «سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك
پارتىيىسى (بولشېۋىكلار) تارىخى قىسقىچە كۇرسى» پۈتكۈل كوممۇ-
نىزمچىلار، پۈتكۈل ئىلغار ئىنقىلاۋىي نەزەرىيىنى تەتقىق قىلىدىغان
سوۋېتلىكلەرنىڭ ھەقىقەتەن جەزمەن ئوقۇيدىغان كىتاۋى بولۇپ
قالدى. «سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلار)
تارىخى قىسقىچە كۇرسى» ئەينى ۋاقىتتا زور خەلقارا ئەھمىيەتكە
ئىگە. كاپىتالىستىك ئەللەردىكى كوممۇنىستلار بۇ كىتاپتىن سوتسىيا-
لىزمنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا كۈرەش قىلىشتىكى نەزەرىيە ۋە
تاكتىكىلارنى ئۆگەنمەكتە، ئېزىش ۋە قۇل قىلىش تۈزۈمىگە قارشى

كۆرمش داۋامدا ئامما رەھبەرلىك قىلىش سەنئىتىنى ئۆگەنمەكتە. **خەلق دېموكراتىيىسى** * دۆلەتلىرىدىكى كوممۇنىستىك پارتىيىلەر ۋە ئىشچىلار پارتىيىلىرى بۇ كىتاپتىن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش تەجرىبىسىدىكى نەزەرىيىلەرنى ۋە ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنى ئۆگەنمەكتە.

## سوۋېت (سوتسىيالىستىك) ۋەتەنپەرۋەرلىگى 苏维埃(社会主义)爱国主义 Патриотизм советский (социалистический)

يېڭى تىپتىكى، ئالى شەكىلدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك بولۇپ، ئۇ ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋىنىڭ غەلبىسى ئارقىسىدا، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ غەلبىسى ئارقىسىدا، كىشىنى كىشى ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە بەزى مىللەتلەرنىڭ باشقا بەزى مىللەتلەرنى قۇل قىلىش ھادىسىلىرى يوقىتىلغان ئاساستا ۋۇجۇتقا كەلگەن. سوۋېت ۋەتەنپەرۋەرلىگى سوۋېت جەمىيىتىنىڭ كۈچلۈك ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچلىرىدىن بىرى، بۇ كۈچلۈك ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچلەر بولسا سوۋېت دۆلىتىدىكى ئىشچى، دېخان ۋە زىيالىلارنىڭ بىرلىگى ۋە دوستانە ھەمكارلىقى ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن.

سوۋېت ۋەتەنپەرۋەرلىگىنىڭ ئاساسى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئىشچىلار سىنىپى، كوللىكتىپ دېخانلار، زىيالىلار ۋە ھەر مىللەتنىڭ ئۆزلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىگە بولغان چەكسىز سادىقلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچىلىرىنىڭ قېرىنداشلارچە دوستلۇغىدىن ئىبارەت. "سوۋېت ۋەتەنپەرۋەرلىگى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي ئەنئەنىلىرىنى بارلىق ئەمگەكچىلەرنىڭ ئورتاق جانىجان مەنپەئەتىگە ماسلاشقان ھالدا بىرلەشتۈردى. سوۋېت ۋەتەنپەرۋەرلىگى مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنى بىر بىرىدىن ئايرىۋەتمەيدۇ، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇلارنى بىرلىككە كەلگەن دوستانە ئائىلە قىلىپ ئۇيۇشتۇرىدۇ." (ستالىن. «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى توغرىسىدا»، رۇسچە

نەشرى، 160 ــ 161 ـ بەتلەر)

سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئاتاشقان ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزىنىڭ ئىلغار مىللىي ئەنئەنىلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى بارلىق ئەمگەكچىلەرنىڭ ئورتاق جانىجان مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ. سوۋېت تۈزۈمى ئەمگەكچىلەرنىڭ مىللىي ئېپتىخارلىقىنى مىسلىسىز كۈچكە ئىگە قىلدى، سوۋېت ۋەتەنپەرۋەرلىكى سوۋېت سوتسىيالىستىك ۋەتىنىنى قىزغىن سۆيۈش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. چۈنكى سوۋېتتە پۈتۈن ھاكى-مىيەت ئەمگەكچىلەرگە مەنسۇپ بولىدۇ، ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار يوقىتىلغان، سىنىپىي زۇلۇم ۋە مىللىي زۇلۇم مەۋجۇت ئەمەس، ئەمگەكچى خەلق دۆلەتنىڭ خوجايىنى بولغان. سوۋېت ۋەتەنپەرۋەرلىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئۆتمۈشتىكى قالاق-لىقىنى تۈگىتىپ، پۈتۈن تەرەققىپەرۋەر ئىنسانلارنىڭ ئاۋانگارت قوشۇنىغا ئايلانغانلىقى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ئېپتىخارلىق تۇيغۇسى-دۇر. سوۋېتلىكلەر سوتسىيالىزم ئالدى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىدا غەلىبە قىلغانلىقى، دۇنيادىكى باشقا ئىلغار دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقى ئېچىپ بەرگەن يولنى بويلاپ ئىلگىرىلەۋاتقانلىقى ئۈچۈن پەخىرلىنىدۇ. سوۋېت ۋەتەنپەرۋەرلىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ۋە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت-نىڭ بۇرژۇئا مەدەنىيىتىدىن ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سوۋېت ۋەتەنپەرۋەرلىكى غەرب دۆلەت-لىرىدىكى ئەكسىيەتچىل بۇرژۇئا مەدەنىيىتىگە قۇللارچە تىز پۈكۈش-تەك قىلىقلار بىلەن زادى سىغىشالمايدۇ، ھالبۇكى بۇنداق قىلىقلار ئايرىم قالاق سوۋېتلىكلەردە يەنە ساقلانماقتا ھەمدە بۇ كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىكى ئىنتايىن زىيانلىق بولغان كاپىتالىزم قالدۇقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سوۋېت ۋەتەنپەرۋەرلىكى بۇرژۇئا مىللەتچىلىكى بىلەنمۇ تۈپتىن سىغىشالمايدۇ.

سوۋېت ۋەتەنپەرۋەرلىكىنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ئۇنىڭ ھەقىقەتەن پۈتۈن خەلقنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى بولغانلىقىدا. سوۋېت دۆلىتىدە بۇرژۇئا مىللەتلىرىدىن ئىبارەت كونا خارابە ئۈستىدە مۇرەسسەسىز سىنىپىي زىددىيەتتىن قۇتۇلغان يېڭى سوتسىيالىستىك مىللەت بارلىققا كەلدى ۋە گۈللىنىشكە باشلىدى. سوتسىيالىزمنىڭ غەلىبىسى ئاساسىدا، سوۋېت جەمئىيىتىنىڭ روھى ۋە سىياسى بىرلىكلىكى ئاساسىدا، سوۋېت ۋەتەنپەرۋەرلىكى راۋاج تېپىپ تۇرلانماقتا. سوۋېت ۋەتەنپەرۋەرلىكى ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە زىيالىيلارنى، كوپ مىللەتلىك سوۋېت ئىتتىپاقى تەۋەلىكىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئەمگەكچىلەرنىڭ دوستانە چوڭ ئائىلىسىگە بىرلەشتۈردى. سوۋېت ۋەتەنپەرۋەرلىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدىكى قېرىنداشلارچە دوستلۇقنى چوڭقۇر ئىپادىلەيدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر مىللەت خەلقى سوۋېت ئىتتىپاقى مىللەتلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر مىللەت بولغان ئۇلۇغ رۇس مىللىتى ئەتراپىدا ئىتتىپاقلاشماقتا.

سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ھەركەتلەندۇرگۈچ كۈچلىرىدىن بىرى بولغان سوۋېت ۋەتەنپەرۋەرلىكىنىڭ خىلمۇ-خىل ئىپادىلىنىش شەكلى بولىدۇ. ئۇلۇغ ۋەتەن ئۇرۇشى دەۋرىدە ئۇ جەڭ مەيدانىدىكى سوۋېت ھەربىيلىرىنىڭ مىسلىسىز قەھرىمانلىق روھىنىڭ ۋە ئارقا سەپتىكى سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ ئۇلۇغۋار ئەمگەك نەتىجىسىنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس مەنبەسى بولدى. سوۋېت ۋەتەنپەرۋەرلىكى سوتسىيالىستىك مۇسابىقىدىن ئىبارەت بۇنداق توختالغۇسىز زامانىۋى قۇدرەتلىك ھەركەتنى ئالغا سۈرمەكتە. سوۋېت ۋەتەنپەرۋەرلىكى سوۋېت دۆلىتىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئۇرۇشتىن كېيىنكى 5 يىللىق پىلاننى غەلىبىلىك ئورۇنلاشقا ياردەم بەرگەن ئىنتايىن مۇھىم كۈچلىرىنىڭ بىرى بولدى، ھازىر بولسا، ئۇ سوۋېت خەلقىنىڭ

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەرەققىياتى يولىدىكى يېڭى پىلاننى غەلىبىلىك ھالدا ئورۇنلىشىغا تۈرتكە بولماقتا. سوۋېت ۋەتەنپەرۋەرلىكى سوۋېت-لىكلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ۋەتىنىنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ بارلىق سۇيىـ-قەستكە بولغان يۇقىرى ھوشيارلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ ۋە ئىپادىلىنىشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن سوۋېتلىكلەر ئىنقىلاۋىي ھوشيارلىقنى كۈچە-نىڭ بىرىنچە ئۇستۇرۇشى، دۈشمەنلەرنىڭ سۇيىقەستلىرىگە ھوشيار-لىق بىلەن دىققەت قىلىشى، ئۆز قوشۇنىدىكى ھەرقانداق ئازغىنا بىخۇتلۇقنىمۇ قارشى مۇرەسسەسىز كۈرەش قىلىشى لازىم.

سوۋېت سوتسىيالىستىك ۋەتەنپەرۋەرلىكى پرولېتارىياتنىڭ ئىنتېر-ناتسىيونالىزمى بىلەن، ھەرقايسى ئەللەر ئەمگەكچىلىرىنىڭ كوممۇ-نىزمنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىدىكى قېرىنداشلارچە ئىتتىپاقلىق روھى بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشكەن. سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇ-نىستىك پارتىيىسى ئۆزىنىڭ ئالدىغا "جەمئىيەت ئەزالىرىنى ئىنتېرنات-سىيونالىزملىق روھ ۋە ھەرقايسى ئەللەردىكى ئەمگەكچى خەلق بىلەن قېرىنداشلارچە ئالاقە ئورنىتىش روھى بىلەن تەربىيىلەش" («سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسى»)تىن ئىبارەت ئاساسىي ۋەزىپىنى قويىدۇ.

**Советский патриотизм 苏维埃爱国主义 سوۋېت ۋەتەنپەرۋەرلىكى**

"سوۋېت (سوتسىيالىستىك) ۋەتەنپەرۋەرلىكى"گە قاراڭ.

**Субъект и объект 主体和客体 سۇبيېكت ۋە ئوبيېكت**

پەلسەپەدىكى سۇبيېكت دېگىنى ئاڭغا ۋە ئىرادىگە ئىگە ئادەمنى كۆرسىتىدۇ. سۇبيېكت بىلەن قارىمۇ-قارشى بولغىنى ئوبيېكت بولىدۇ. ئوبيېكت تاشقى دۇنيادىكى شەيئى، سۇبيېكتنىڭ بىلىش ۋە پائالىيەت دۈشياگى. ئىدېئالىستلار پەلسەپە: "سۇبيېكت بولمىسا، ئوبيېكتمۇ بولمايدۇ" دەيدۇ. بۇ، تاشقى دۇنيا ئاڭدىن ئايرىلىپ ۋە ئاڭغا باغلىق

بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرمايدۇ، دېگەنلىك. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئوبيېكت سۇبيېكتقا بېقىنماي مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ماددىنىڭ مەۋجۇدىيىتىسىز، ھەرقانداق ئاڭ بولمايدۇ ھەم بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم بىرگە يەنە؛ سۇبيېكت بولغان كىشىلەر ئوبيېكتىپ دۇنيانى پاسسىپ ھالدا كۆزەتمەيدۇ، بەلكى ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئوبيېكتىپ دۇنياغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزىنىمۇ ئۆزگەرتىدۇ، دەپ تەلىم بېرىدۇ. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم سۇبيېكت بىلەن ئوبيېكتنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشىنى ۋە ئۆزئارا تەسىرىنى چۈشەندۈرىدۇ، بۇ خىل ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشنىڭ ئاساسى بولسا ئوبيېكت.

**سۇبيېكتىپ ئىدېيالىزم 主观唯心主义 Субъективный идеализм** ئىدېيالىزم*نىڭ ئاساسىي مەزھەپلىرىدىن بىرى.

**سەزگۈ 知觉 Восприятие** بىزنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىمىزغا تەسىر قىلىدىغان رېئال دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ بىۋاستە ئىنكاسى. كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا باغلىق بولمىغان شەيئىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇقى سەزگۈنىڭ ئاساسى بولىدۇ. شەيئىلەرنىڭ بەزى ئايرىم ئالاھىدىلىكلىرى، خۇسۇسىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تۇيغۇ بىلەن سېلىشتۇرغاندا، سەزگۈنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ پۈتكۈل شەيئىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، يەنى شەيئىلەر ئالاھىدىلىكىنىڭ يىغىندىسى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شەيئىلەر ھەققىدىكى سەزگۈنىڭ خاراكتېرىنىڭ كۆپىنچىسى سۇبيېكتنىڭ ئىلگىرىكى تەجرىبىسى، شۇنداقلا سۇبيېكتنىڭ ئۆزى سەزگەن شەيئىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. چەتئەل تىلىنى بىلمەيدىغان بىر كىشىگە چەتئەل تىلى تۇرغۇن قالايمىقان ئاۋۇش

بولۇپ تۇيۇلىدۇ، لېكىن بۇ خىل چەتئەل تىلىنى بىلىدىغان كىشى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇ تىل ئەھمىيەتلىك بولىدۇ. ئەپەككۇرنىڭ پائا-لىيىتى سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ پائالىيىتى بىلەن باغلىنىشلىق بولىدۇ.

سۇبيېكتىپ ئىدىيالىستلار سەزگۈ شەيئىلەرگە نىسبەتەن بىرلەمچى بولىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ ھەمدە ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دۇنيا بىزنىڭ سەزگۈمىزدىن كېلىپ چىققان، دەپ دەۋا قىلىدۇ. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم سەزگۈنى بۇنداق چۈشەندۇرۇشنىڭ پەلگە خىلاپ ئىكەنلىكىنى ئىنتايىن ئېنىق ھالدا دەلىللەپ بەردى.

**سەكرەش** 飞跃 Скачок تەرەققىيات جەريانىدا سان ئۆز-گىرىشنىڭ تەدرىجى جۇغلىنىشنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى، يەنى كىچىك، روشەن بولمىغان سان ئۆزگىرىشنىڭ جۇغلىنىشى تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەن كونا سۈپەت ھالىتىنىڭ يېڭى سۈپەت ھالىتىگە ئۆتۈش پەيتى. مېتافىزىكچىلار بىر خىل سۈپەت ھالىتىنىڭ سەكرەش شەكلىدە يەنە بىر خىل سۈپەت ھالىتىگە ئايلىنىش قانۇنىيىتىنى ئىنكار قىلىپ، تەرەققىيات گويا مەڭگۈ تەدرىجى تەرەققى قىلىشلا بولىدۇ ۋە ئۇنىڭدا سان ئۆزگىرىشلا بولىدۇ، ئۇنىڭدا سان ئۆزگىرىشىدىن سۈپەت ئۆز-گىرىشكە ئۆتىدىغان ئايلىنىش بولمايدۇ، سەكرەش بولمايدۇ دەپ ھېسابلايدۇ. تەبىئەت دۇنياسى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى بۇنداق مېتافىزىكىلىق نۇقتىئىنەزەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. ئەمەلىيەتتە، بىر خىل سۈپەتتىن يەنە بىر خىل سۈپەتكە ئۆتۈشتىكى ھەرقانداق بىر ئايلىنىش سەكرەش بولىدۇ، ئۇنىڭ ھەممىسى سەكرەش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. غەيرى ئورگانىكلار دۇنياسىنىڭ تەرەققىياتى، ئور-گانىك ماددىلار تۈرلىرىنىڭ تەرەققىياتى قاتارلىقلار ئىسپاتلىدىكى، سەكرەش كونا سۈپەت ھالىتىدىن يېڭى سۈپەت ھالىتىگە ئايلىنىش جەريانىدىكى قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن باسقۇچ. جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخى يەنى ئىجتىمائىي ھالەتنىڭ ئالمىشىشمۇ نۇخشاشلا ماركسىزم-

لىق دىيالېكتىكىنىڭ سەكرەش توغرىسىدىكى تەلىماتىنى دەلىللىدى، مەسىلەن، كاپىتالىزمنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بەرگەن تەدرىجىي سان ئۆزگىرىشى ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ تۈپكى سۈپەت ئۆزگىرىشىنى ھازىرلايدۇ، يەنى پرولېتارىيات ئىنقىلاۋى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغان كاپىتالىزمدىن سوتسىيالىزمغا ئۆتىدىغان سەكرەش شەكلىدىكى ئۆتۈشنى ھازىرلايدۇ.

ئەمگەكچىلەرنى ئىنقىلاب يولىدىن چەتلىتىشكە كۆچەپ تۇرۇلغان بارلىق ئەكسىيەتچىلەر، ئاغمىچىلار ۋە ئىسلاھاتچىلار ئىنقىلابتىن قورققانلىقتىن تەرەققىياتتىكى سەكرەشنى ئىنكار قىلىدۇ. تەرەققىياتنىڭ سەكرەش بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ دىيالېكتىك قائىدە ئەمەلىي ئىنقىلاۋىي كۈرەشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. "ئاستا-ئاستا بولىدىغان سان ئۆزگىرىشلىرىدىن تېز ۋە تۇيۇقسىز بولىدىغان سۈپەت ئۆزگىرىشكە ئۆتۈش تەرەققىيات قانۇنىيىتى ئىكەن، ئۇ ھالدا ناھايىتى روشەنكى، ئېزىلگۈچى سىنىپلار ئېلىپ بارىدىغان ئىنقىلاۋىي ئۆزگىرىشلەرمۇ پۈتۈنلەي تەبىئىي ۋە مۇقەررەر ھادىسە." (ستالىن. «لېنىنىزم مەسىلىلىرى»، خەلق نەشرىياتى 1955-يىل خەنزۇچە نەشرى، 696-بەت) شۇڭا، كاپىتالىزمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ۋە سوتسىيالىزمنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىسلاھاتچى بولماي، پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى بولۇش كېرەك. دۇنيا كاپىتالىزمنىڭ يوقىلىش دەۋرىنى ئاچقان ئۆكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋى ئىنتايىن ئۇلۇغ ئىنقىلاۋىي سەكرەشنىڭ ئۈلگىسى. سوۋېت ئىتتىپاقى يېزا ئىگىلىكىنى ئومۇمىي يۈزلۈك كوللېكتىپلاشتۇرۇش ۋە باي دېھقانلار سىنىپىنى يوقىتىشنى يولغا قويغان مەزگىلمۇ ئوخشاشلا ئىنتايىن زور بىر ئىنقىلاۋىي سەكرەش.

قارىمۇ-قارشى سىنىپلارغا بولۇنگەن جەمئىيەتتە، بىر خىل تۈزۈمدىن يەنە بىر خىل تۈزۈمگە ئۆتۈش (سەكرەش) سىياسىي ئىنقىلاب

ۋە ئىنقىلاۋىسى پارتىلاش خاراكتېرىنى ئالىدۇ، يەنى زورلۇق كۈچ ئارقىلىق بىر سىنىپنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ھەمدە يەنە بىر سىنىپنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئورنىتىش خاراكتېرىنى ئالىدۇ. ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ يوقىتىلىشىغا ئەگىشىپ، سەكرەشمۇ سىياسىي ئىنقىلاپ، پارتىلاش خاراكتېرىنى يوقىتىدۇ. كونا سۈپەتنىڭ پارتلاش ئارقىلىق يېڭى سۈپەتكە ئايلىنىش قانۇنىيىتى ھەرقانداق ئىجتىمائىي شارائىتتا مۇۋاپىق كېلىۋەرمەيدۇ. قارىمۇ-قارشى سىنىپلارغا بۆلۈنگەن جەمئىيەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، پارتلاش زۆرۈر بولىدۇ. لېكىن قارىمۇ-قارشى سىنىپلار بولمىغان، ھاكىمىيەت بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى ئانتاگونىزملىك يوقىتىلغان جەمئىيەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، پارتلاش ھەرگىزمۇ زۆرۈر بولمايدۇ. سوتسىيالىستىك تۈزۈم شارائىتىدا ھاكىمىيەت خەلقنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ بولىدۇ. سوۋېت دۆلىتى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيە ئۆز پائالىيىتىنى ئوبيېكتىپ تەرەققىيات قانۇنىيىتى بويىچە ئېلىپ بارىدۇ. دۆلەتنىڭ پىلانى ئەمگەكچىلەر ئاممىسىنىڭ تۆۋەنىدىن يۇقىرىسىغىچە پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىشىغا ئىگە بولىدۇ. يېڭى شەيئىلەر، ئىلغار شەيئىلەرنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان سىنىپلار، يوقىلىۋاتقان، ئالغا قاراپ راۋاجلىنىشقا توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان بارلىق شەيئىلەرنى جاھىللىق بىلەن ساقلاۋاتقان سىنىپلار سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا مەۋجۇت بولماي قالدى، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە يەنە يېڭى شەيئىلەرنىڭ راۋاجلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان قاشاڭ، قالاق ئامىللار بولىدۇ، لېكىن جەمئىيەتنىڭ بۇ ئامىللارنىڭ قارشىلىقىنى يېڭىشى قىيىنغا چۈشمەيدۇ. شۇڭا، سوۋېت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا پىشىپ يېتىلىۋاتقان سۈپەت ئۆزگىرىشى، سەكرەش پارتلاش ئارقىلىق يەنى مەۋجۇت ھاكىمىيەتنىڭ يوقىلىشى ۋە يېڭى بىر ھاكىمىيەتنىڭ ئورنىتىلىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشمايدۇ، بەلكى كونا سۈپەت ئامىللىرىنىڭ

تەدرىجى يوقىلىشى، يېڭى سۈپەت ئامىللىرىنىڭ تەدرىجى كۆپىيىشى
ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى يېزىلىرىدا، يېڭى تۈزۈم-
نىڭ يەنى سوتسىيالىستىك كولخوز تۈزۈمىنىڭ بۇرژۇئا ئىگىلىكى
تۈزۈمى ئورنىغا دەسسىگەنلىكىدەك بۇ ئىنتايىن ئۇلۇغ سەكرەش ئەنە
شۇنداق ئورۇنلانغان. سوتسىيالىزىمدىن كوممۇنىزىمغا يەيدىن-يەي
ئۆتۈش سوۋېت جەمىيىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە مەدەنىيەت
تەرەققىياتىدىكى بىر غايەت زور سەكرەش، بۇ بىر خىل ئىگىلىك—
سوتسىيالىستىك ئىگىلىكتىن يەنە بىر خىل يۇقۇرى دەرىجىلىك
ئىگىلىك—كوممۇنىستىك ئىگىلىككە تۇپ جەھەتتىن ئۆتۈش
بولىدۇ. بۇ ئۆتۈش ھازىرمۇ ۋە كەلگۈسىدىمۇ ئانتاگونىيىلىك سىنىپ-
لارنىڭ كۈرىشى ئارقىلىق، ئىنقىلاۋىي پارتلاش ئارقىلىق ئەمەلگە
ئاشمايدۇ، چۈنكى، سوتسىيالىستىك جەمىيەتتە قارىمۇ-قارشى سىنىپ-
لار تۈگىگەن بولىدۇ. بۇ ئۆتۈش دولەتنىڭ، پارتىيىنىڭ شۇنىڭدەك
مەنىۋى جەھەتتىكى، سىياسى جەھەتتىكى بىردەك ئىتتىپاقلىقىنىڭ
ھەمدە سوۋېت ۋەتەنپەرۋەرلىكى روھىغا ئىگە بارلىق خەلقىنىڭ يەي-
دىن-يەي، پىلانلىق ھالدا ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقى-
لىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. سوتسىيالىزىم شارائىتىدا، ئىقتىسادىي تەرەققى-
يات ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى تەدرىجى ئۆزگىرىپ
بېرىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. دېمەك، سوتسىيالىزىمدىن كوممۇ-
نىزىمغا ئۆتۈشكىچە بولغان جەرياندىكى زورۇر بولغان بارلىق تۇپ
سۈپەت ئۆزگىرىشلىرى (مەسىلەن، كولخوز مۈلۈكچىلىكىنى ئومۇمى
خەلق مۈلۈكچىلىكى سەۋىيىسىگە يۈكسەلدۈرۈش قاتارلىقلار) تەدرىجى
ئۆتۈش، تەدرىجى تەرەققىيات جەريانى ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كېلىدۇ.

تەبىئەت دۇنياسىدا، كونا سۈپەتنىڭ يېڭى سۈپەتكە ئايلىنىشىمۇ
كوپ خىل شەكىلگە ئىگە بولىدۇ. بۇ ئايلىنىشلار يا تېز سۈرئەت-
تىكى توختاۋسىز ئايلىنىش (بۇنداق ئايلىنىش ئاستا سان ئۆزگىرىشى-

نىڭ نەتىجىسى بولىدۇ) شەكلى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ، يا يېڭى سۈپەت ئامىللىرىنىڭ تەدرىجىي جۇغلىنىشى ۋە كونا سۈپەت ئامىللىرىنىڭ تەدرىجىي يوقىلىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. مەيلى ئالدىنقى خىلدىكى ئەھۋالدا بولسۇن، ياكى كېيىنكى خىلدىكى ئەھۋالدا بولسۇن، سۈپەت ئۆزگىرىشىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى يېڭى سۈپەتنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىنى ھازىرلاشتىكى سان ئۆزگىرىشىنىڭ نەتىجىسى بولىدۇ. (**سان ئۆزگىرىشىدىن سۈپەت ئۆزگىرىشىگە ئايلىنىش***قا قاراڭ).

**سەنئەت** (ئەدەبىيات، بىناكارلىق ئىلمى، نەقىش، رەسساملىق، مۇزىكا، تىياتىر، كىنو قاتارلىقلار) 艺术 (文学, 建筑学, 雕刻, 绘画, 音乐, 戏剧, 电影等等) Искусство (литература, архитектура, скульптура, живопись, музыка, театр, кино и т. п) ئىجتىمائىي ئاڭ شەكىللىرىنىڭ بىرى. سەنئەت پەنگە ئوخشاش غايەت زور بىلىش كۈچى ۋە ئىجتىمائىي كۈچكە ئىگە. سەنئەتنىڭ ئالاھىدىلىكى رېئاللىقنى بەدىئىي ۋە سەزگۈلۈك بولىدىغان ئوبراز ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە قايتىدىن ئىشلەشتىن ئىبارەت. سەنئەتمۇ، ھەرقانداق ئىدېئولوگىيىگە ئوخشاشلا، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي بازىسى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. سىنىپىي جەمئىيەتتە، سەنئەت ئوخشاش بولمىغان سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتىنى ئىپادىلەيدۇ، ئۇ، سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئىدېيىۋى قورالى. سىنىپىي ئانتاگونىزىملىق ھالەتتىكى جەمئىيەتتە، سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى زىددىيەت بىلەن تولغان بولىدۇ. مەسىلەن، بۇرژۇئازىيە سەنئىتىنىڭ ۋەكىللىرى كاپىتالىزىم ئەمدىلا گۈللىنىۋاتقان ھەمدە بىر خىل ئىلغار ھادىسە بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە، شۇ چاغدىن ئېيتقاندا بەزى ئىلغار ئەدەبىيات، سىزما رەسىملەر ۋە باشقا ئىجادىيەتلەرنى ياراتتى. بىراق، بۇرژۇئازىيە ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، سەنئەتنىڭ

تەرەققىياتىنى توسۇشقا باشلىدى. ماركس مۇنداق دەپ يازىدۇ: "......كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش بەزى مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى، مەسىلەن، سەنئەت، شېئىرلار بىلەن قارىمۇ-قارشى كېلىدۇ." («قوشۇمچە قىممەت تەلىماتى تارىخى»، رۇسچە نەشرى، 1-قىسىم، 261-بەت) دېمەك، كاپىتالىزم شارائىتىدا، رېئالىزىملىق سەنئەت پەقەت دائىم ئۇنداق يا بۇنداق شەكىللەردە ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتى بىلەن زىتلىشىپ قالغاندىلا، ئاندىن راۋاجلىنالايدۇ. ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ئىچىدىكى چوڭ سەنئەتكارلار رېئاللىقنى رېئالىزىملىق پرىنسىپ بويىچە ھەققىي ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۆز سىنىپىنىڭ ئىدىيىسى ۋە مەنپەئەتى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالىدۇ؛ ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىلغار ئېزىلگۈچى سىنىپنىڭ مەيدانىغا ئۆتىدۇ.

ئىلىم-پەن، تېخنىكا، مەدەنىيەت ساھەلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا غايەت زور تارىخىي رول ئوينىغان رۇس خەلقى سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاجايىپ زور تۆھپە قوشتى. روسىيە سەنئىتىنىڭ ئۇلۇغ ۋەكىللىرى بولغان پۇشكىن، تولستوي، نېكراسوۋ، چېخوۋ، گوركى، رېپىن، سۇرىكوۋ، چايكوۋسكى، گلىنكا، مۇسورگىسكى ۋە باشقىلار ئىنتايىن ئۇلۇغ ئېسىل بەدىئىي ئەسەرلەرنى ياراتتى. ئۇلارنىڭ سەنئىتىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى چوڭقۇر ئىدىيىۋىلىككە ئىگە ئىكەنلىكى، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئىنتىلگەنلىكى، خەلق ئىجادىيىتى بىلەن باغلانغانلىقى ۋە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىقىدىن ئىبارەت.

ئىنقىلاۋىي پۈرولېتارىياتنىڭ تارىخ سەھنىسىگە قەدەم قويۇشىغا ۋە سىنىپىي كۈرەشنىڭ كەسكىنلىشىشىگە ئەگىشىپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ سەنئىتى بارغانسېرى ساختىلىشىپ كەتتى. جاھانگىرلىك شارائىتىدا، بۇرژۇئازىيىنىڭ سەنئىتى تېخىمۇ چۈشكۈنلىشىپ كەتتى. چۈشكۈن-

لەشكەن بۇرژۇئازىيە سەنئىتىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ئىدىيىۋىلىكىنىڭ يوقلۇقىدىن ئىبارەت، بۇ يا شەكىلۋازلىق (كوسمىزىملىق، تەسىرات پەرەسلىك، كىلىپچەكۋازلىق ۋە باشقىلار) تا ئىپادىلىنىدۇ، ياكى رىياللىقنى ناتورالىزىمچە سۈرەتلەپ بېرىشتە ئىپادىلىنىدۇ. بۇرژۇئازىيىسىنىڭ سەنئىتى جاھانگىر بۇرژۇئازىيىسىنىڭ مەنپەئەتىگە بوي سۇنىدۇ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئاممىنىڭ ئېڭىنى چىرىتىش، ئۇلارنى سىنىپىي كۈرەشتىن چەتلەشتۈرۈش ھەمدە ئۇلارغا جاھانگىرلىك ئىدىيىسىنى سىڭدۈرۈشتىن ئىبارەت. ئەدەبىيات، رەسساملىق ۋە باشقا شەكىلدىكى سەنئەتلەرنىڭ ئىلغار ۋەكىللىرى مۇشۇنداق چۈشكۈنلەشكەن سەنئەتكە قارشى كۈرەش قىلماقتا. ھازىرقى زامان كاپىتالىستىك دۆلەتلىرىدە، دېموكراتىزىملىق سەنئەت راۋاجلانماقتا ۋە مۇستەھكەملەنمەكتە، بۇنداق سەنئەت ئىسىل مىللىي ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىدۇ ھەمدە بۇ ئىسىل مىللىي ئەنئەنىلەرنى خەلق ئاممىسىنىڭ تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئىنسانلار تۇرمۇش شارائىتىنى قولغا كەلتۈرۈش، ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق ۋە ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرەش تەجرىبىلىرى بىلەن بېيىتماقتا.

پرولېتارىياتنىڭ سەنئىتى كونا تۈزۈمنىڭ ئىچىدە، ئەكسىيەتچىل بۇرژۇئا ئىدىيىسىگە قارشى كۈرەش داۋامىدىلا راۋاجلىنىشقا باشلىغان ئىدى، لېنىن «پارتىيە تەشكىلاتى ۋە پارتىيە ئەدەبىياتى» (1905) دېگەن ئەسىرىدە پرولېتارىيات سەنئىتىدە بولىدىغان يېڭى ئالاھىدىلىكلەرنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ ئالاھىدىلىكلەر مۇنۇلاردىن ئىبارەت: سەنئەت كوممۇنىستىك ئىدىيىۋىلىككە ئىگە، ئۇ ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، خەلقنى ھەرقانداق زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش، سوتسىيالىستىك يېڭى تۇرمۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە كوممۇنىزمنى قولغا كەلتۈرۈش روھى بىلەن تەربىيىلەيدۇ. ئىنقىلاپ

غەلبە قىلىشتىن بۇرۇنلا، روسىيە پرولېتارىياتى ئىچىدە ماكسىم گوركىدەك ئۇلۇغ سەنئەتكار مەيدانغا كەلدى، ئۇ سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆز ئەسەرلىرى بىلەن يېڭى بىر تارىخىي دەۋر باشلاپ بەردى. گوركىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەش جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن ۋە ئۆسۈپ چىققان سوۋېت سوتسىيالىستىك سەنئىتىنىڭ ئاساسچىسى. بۇنداق سەنئەت ھەقىقىي خەلق سەنئىتى، چۈنكى ئۇ ئىشچىلار سىنىپى ۋە پۈتۈن ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى ئىپادىلەيدۇ. سوتسىيالىستىك سەنئەت دۇنيا سەنئەت تارىخى تەرەققىياتىدىكى بىر يېڭى باسقۇچ بولۇپ، ئۇ ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ تۈرغۇن ئەسىرلەر داۋامىدىكى تەرەققىياتىدا ئىجات قىلىنغان بارلىق جەۋھەرلىرىنى تەنقىدىي يوسۇندا قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلانىدى. كوممۇنىستىك پارتىيە سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلىرى ۋە سەنئەتكارلىرىغا سوۋېت سەنئىتىنىڭ ئاساسىي ئۇسۇلى — سوتسىيالىستىك رېئالىزم* ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ ئۇسۇل كىشىلەرنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى سەنئەتتە چوڭقۇر ھەم ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى پرولېتارىياتنىڭ سوتسىيالىستىك ۋەزىپىسى نۇقتىسىنەزىرىدىن چۈشىنەلەيدىغان، سەنئەتتىن ئەمگەكچى خەلققە كوممۇنىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىشتىكى كۈچلۈك قورال سۈپىتىدە پايدىلىنالايدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىدۇ. كوممۇنىستىك پارتىيە سوۋېت سەنئىتىنى قوغدايدۇ، ئۇنى چۈشكۈنلەشكەن بۇرژۇئازىيە سەنئىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراتمايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ سوۋېت سەنئىتىدە قېپقالغان، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بىلەن سىغىشالمايدىغان تۈرلۈك قالدۇقلىرىغا قارشى رەھىمسىز كۈرەش قىلىدۇ. كوممۇنىستىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەدەبىيات ۋە سەنئەت توغرىسىدىكى قارارى كوممۇ-

لىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ سوۋېت سوتسىيالىستىك سەنئىتىدىن ئىبارەت كۈچلۈك قورالىنىڭ راۋاجلىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلماقتا.

پارتىيە 19-قۇرۇلتىيى سوۋېت ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتىنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇش ۋەزىپىسىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. مەركىزىي كومىتېتنىڭ خۇلاسە دوكلادىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: ناۋادا سوۋېت ئىتتىپاقى ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشىدا قولغا كەلگەن ئاجايىپ زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنىلا كۆرۈپ، ئۇنىڭدىكى ئېغىر كەمچىلىكلەر نەزەرگە ئېلىنمايدىكەن، ئۇ توغرا بولمايدۇ. بۇ كەمچىلىكلەر ئاساسەن مۇنۇلاردىن ئىبارەت: تۇرمۇشنى چۈشىنىش ناھايىتى كەم، تۇرمۇش ھەقىقەتكە خىلاپلىق قىلىنىدۇ، نۇرغۇن ئەسەرلەرنىڭ ئىدىيىۋى سەۋىيىسى ۋە بەدىئىي سەۋىيىسى ئانچە يۇقىرى ئەمەس. بىر قىسىم ئەدىبلەر ئىچىدە ئىنتايىن خاتا ھەم زىيانلىق بولغان "توقۇنۇشسىزلىق" نەزەرىيىسى تارالغان، بۇ نەزەرىيە سوۋېت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا زىددىيەت مەۋجۇتلۇقىنى، يېڭى بىلەن كونا ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ مۇقەررەرلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ. بۇنداق نەزەرىيە سوۋېت سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ، سوۋېت سەنئىتىنى كىشىلەر ئېڭىدىكى كاپىتالىستىك قالدۇقلارنى يېپىپ قويۇش يولىغا ئىتتىرىدۇ، سوۋېت سەنئىتىنىڭ ئەمگەكچىلەرگە كوممۇنىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىشتىكى غايەت زور رولىنى تۆۋەنلىتىپ قويىدۇ. پارتىيە سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلىرىنىڭ ئۇلۇغ رۇس ھەججۇي يازغۇچىلىرى گوگول ۋە شېدرىنلارنىڭ مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كوممۇنىزىمغا قاراپ ئىلگىرىلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان بارلىق نەرسىلەرگە شەپقەتسىز زەربە بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىلىرى 2-قۇرۇلتىيىغا يوللىغان تەبرىك سۆزى سوۋېت ئەدەبىياتى ۋە

يۈتكۈل سوتسىيالىستىك سەنئەتنىڭ راۋاجلىنىشىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە، ئۇ كوممۇنىستىك قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ دەۋرگە مۇناسىپ بولغان سەنئەت ئۈچۈن داۋاملىق كۈرەش قىلىش يولىنى بەلگىلەپ بەردى.

**Причинность, Каузальность** **因果性** **سەۋەبىيەت**
(لاتىنچىسى *Causa* — سەۋەب) ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى ھادىسىلەرنىڭ ئومۇمىي يۈزلۈك بىر - بىرىگە تەقەززا بولۇش شەكىللىرىنىڭ بىرى. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: سەۋەبىيەت مەسىلىسى ھەرقانداق مەزھەپ-نىڭ پەلسەپە لۇشيەنىنى بەلگىلەشتە ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىدىيالىزىم تەبىئەت دۇنياسى ۋە جەمئىيەتتىكى ئوبيېكتىپ سەۋەبىيەتنى ئەزەلدىن ئىنكار قىلىپ، تەبىئەت دۇنياسى ۋە جەمئى-يەتنىڭ ئۆزى كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا باغلىق بولمىغان ھېچقانداق تەرتىپكە ئىگە ئەمەس، دەپ ھېساپلايدۇ. ئىدىيالىستلار تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى سەۋەب-نەتىجە باغلىنىشى بولمىغان ھادىسە ۋە ئىشلارنىڭ قالايمىقان دۆۋىسى دەۋالىدۇ. مەسىلەن، كانت: ئىدراك ئۆز قانۇنىيىتىنى تەبىئەت دۇنياسىغا قاتىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. ئۇ سەۋەبىيەت تۇغمىلىق كاتېگورىيىسى، يەنى تەجرىبىدىن ئاۋال مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، تەجرىبىگە بېقىنمىغان ھالدا ئىنسانلار ئىدراكىدا ئەزەلدىن بار بولغان كاتېگورىيە، دەپ ھېساپلايدۇ. يۇمنىڭ سەۋەبىيەت نەزەرىيىسى ئاساسلانغان قائىدە مۇنداق: ئوبيېكتىپ دۇنيادا ھېچقانداق ھادىسىدە سەۋەب-نەتىجە تەقەززالىقى بولمايدۇ، سەۋەبىيەت ئادەتنىڭ نەتىجىسى، تۇيغۇ ۋە سەزگۈنىڭ ئادەت بويىچە باغلىنىشىنىڭ نەتىجىسىدىنلا ئىبارەت، خالاس. جاھانگىرلىك دەۋرىدىكى ئەكسىيەتچىل بۇرژۇئا پەلسەپى-سىدە، ئوبيېكتىپ سەۋەبىيەتنى ئىنكار قىلىش ئىلىم-پەنگە قارشى كۈرەشنىڭ ئاساسلىرىنىڭ بىرى. سۇبىي ئىستىمالچىلار ۋە بىۋاستە

سىزىمچىلىك تەرەپدارلىرى، ماخىزىمچىلار ۋە دەللىچىلەر، بۇرژۇئا-
زىيىنىڭ بارلىق پەلسەپىۋى ئىدىيىۋى ئېقىمى ۋە پەلسەپىۋى
مەزھەپلىرىنىڭ ھەممىسى ھادىسىلەردىكى سەۋەپ-نەتىجە باغلىنىشى-
نىڭ ئوبيېكتىپ خاراكتېرىنى بىردەك ئىنكار قىلىدۇ. ماخ: "تەبىئەت
دۇنياسىدا سەۋەبمۇ يوق، نەتىجىمۇ يوق" دەپ دەۋا قىلىدۇ. لوگى-
كىلىق دەللىچىلىك*، پېرسونالىزىم*، پاشاش ھەسلىگى* قاتارلىق
ئەكسىيەتچىل ئىلىم ئېقىملىرى ۋەكىللىكىدىكى ھازىرقى زامان
بۇرژۇئا پەلسەپىسى سەۋەبىيەت پىرىنسىپىغا تېخىمۇ غالجىرلىق بىلەن
قارشى تۇرىدۇ. تۇرغۇن بۇرژۇئا پەيلاسوپلىرى فىزىكىدىكى ئۈزلۈك-
سىز بولۇپ تۇرىدىغان كىرىزىستىن پايدىلىنىپ، يېڭىدىن ئىلىم-پەن
ماتېرىياللىرىنى ئۆيدۇرۇپ چىقىرىپ، بۇ ئارقىلىق ئوبيېكتىپ سەۋەبى-
يەتنى ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. "فىزىكا" ئىدىيالىزىمى، ۋېيسمانى-
زىم-مورگانىزىم ۋە نەپسى پەلدىكى باشقا ئىدىيالىستىك مەزھەپلەر-
نىڭ ھەممىسى تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئوبيېكتىپ سەۋەبىيەتنى
ئىنكار قىلىشنى ئاساس قىلغان. ھادىسىلەرنىڭ سەۋەپ-نەتىجە
تەقەززالىقىنى ئېچىپ تاشلىغان بىلىشلا، ئىلمىي بىلىش بولۇپ
ھساپلىنىدۇ. سەۋەبىيەتكە سەل قارىغان بىلىش ئىلمىي بىلىش
ھساپلانمايدۇ. بۇرژۇئا پەيلاسوپلىرى سەۋەبىيەتكە قارشى تۇرىدۇ،
چۈنكى ئۇلار ئاممىنىڭ ئېڭىنى قايمۇقتۇرۇپ، دىنىي ئېتىقادنى
ئىلىم-پەننىڭ ئورنىغا دەسسەتمەكچى بولۇشىدۇ.

لېنىن ماخىزىمچىلارنى پاش قىلغان چاغدا، بىزنىڭ سەۋەبىيەت
مەسىلىسى جەھەتتىكى ئىككى لۇشيەننىڭ چەك-چېگرىسىنى ئېنىق
ئايرىشىمىزنى تەلەپ قىلغان ئىدى. لېنىن مۇنداق يازىدۇ: "چۈنكى
ئەمەلىيەتتىمۇ ناھايىتى روشەنكى، سەۋەبىيەت مەسىلىسىدىكى
سۇبيېكتىپچىلىق لۇشيەنى يەنى تەبىئەت دۇنياسىدىكى تەرتىپ ۋە
زۆرۈرىيەتنى تاشقى ئوبيېكتىپ دۇنيادىن ئەمەس، بەلكى ئاڭ،

ئەقىل، لوگىكا ۋاقاكازالاردىن كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سۇبيېكتىپچىلىق لۇشيەنى ئىنسان ئەقلىنى تەبىئەت دۇنياسىدىن ئايرىۋېتىش، ئالدىنقىسىنى كېيىنكىسى بىلەن قارىمۇ-قارشى قىلىپ قويۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئەقلىنى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ كىچىك بىر قىسمى دەپ قاراش ئورنىغا، تەبىئەت دۇنياسىنى ئەقلنىڭ بىر قىسمى، دەپ قارايدۇ. سەۋەبىيەت مەسىلىسىدىكى سۇبيېكتىپچىلىق لۇشيەنى — پەلسەپىۋى ئىدىيالىزىم (يۇم ۋە كانتنىڭ سەۋەبىيەت نەزەرىيىسى ئۇنىڭ ئۆزگەرگەن تۈرى)، شۇنداقلا ئاز-تولا ئاجىزلاشقان، سۇسلاشقان ئېتىقاتچىلىق. تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنى ۋە بۇ قانۇنىيەتنىڭ ئادەم مېڭىسىدىكى تەخمىنى توغرا ئىنكاسىنى ئېتىراپ قىلىش — ماتېرىيالىزىم." (لېنىن. «ماتېرىيالىزىم ۋە تەجرىبە تەنقىدچىلىكى»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 269 — 270-بەتلەر)

لېنىن بىزگە تەلىم بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: بىلىش نەزەرىيىسى جەھەتتىكى سەۋەبىيەت مەسىلىسىنىڭ تومۇمى ھەل قىلىنىشى بىلەن ئىلىم-پەننىڭ سەۋەب-نەتىجە باغلىنىشىنى بايان قىلىش جەھەتتە يەتكەن توغرىلىق دەرىجىسىنى پەرقلەندۈرۈش لازىم؛ ئىلىم-پەننىڭ سەۋەب-نەتىجىنىڭ قانۇنىيەتلىك باغلىنىشىنى ئېنىق ئېچىپ بېرىش جەھەتتە قانداق سەۋىيىگە يەتكەنلىكىدىن قەتئىي نەزەر، بىلىش نەزەرىيىسىدىكى سەۋەبىيەت مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىشى جەھەتتە تۆۋەندىكى نۇقتىنى چىقىش قىلىش لازىم: تەبىئەت دۇنياسىدا ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان سەۋەبىيەت ۋە قانۇنىيەت بىزنىڭ سەۋەب-نەتىجە باغلىنىشقا بولغان بىلىشىمىزنىڭ مەنبەسى.

دىيالېكتىك ماتېرىيالىزىمنىڭ سەۋەبىيەت تەلىماتىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە تۈپ قائىدىگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: دۇنيادا سەۋەبسىز ھادىسە بولمايدۇ: تەبىئەت دۇنياسى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرقانداق ھادىسە مەلۇم سەۋەبنىڭ تەقەززاسىدا بولىدۇ، مەلۇم سەۋەبنىڭ

نەتىجىسى ھېساپلىنىدۇ؛ سەۋەپ بىلەن نەتىجە بىر - بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ سەۋەپتىن نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ، لېكىن نەتىجىمۇ پاسسىپ بولمايدۇ. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۆزىنىڭ سەۋەبىگە تەسىر قىلىدۇ. مەسىلەن، مۇئەييەن ئىقتىسادىي بازىس ئۆزىگە مۇناسىپ بولغان جەمئىيەت ئۈستقۇرۇلمىسىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ، لېكىن جەمئىيەت ئۈستقۇرۇلمىسى نوقۇل، پاسسىپ نەتىجە ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاكتىپ رول ئوينايدۇ، ئۇ بازىسقا تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە بازىسنى مۇستەھكەملەيدۇ ھەم راۋاجلاندۇرىدۇ. سەۋەپ بىلەن نەتىجە ئۆمۈمى يۈزلۈك ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش جەريانىدا ئورۇن ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ، مەلۇم باغلىنىشتا نەتىجە بولغان نەرسە يەنە بىر باغلىنىشتا سەۋەپ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، ۋاھاكازالار. سەۋەپ بىلەن نەتىجە ئوتتۇرىسىدا ئىچكى قانۇنىيەتلىك باغلىنىش بار. سەۋەپ بىلەن نەتىجىنىڭ بىر - بىرىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى كۆزىتىشتە بۇنداق تەسىرنى پەيدا قىلغان كونكرېت ئەھۋالدىن چەتلەشكە بولمايدۇ. مەسىلەن، سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا، تېخنىكا تەرەققىياتى ئەمگەكچىلەرنىڭ پاراۋانلىقىنىڭ ئۆسۈشىدىكى سەۋەپلەرنىڭ بىرى؛ كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە بولسا تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرمەيلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇ ئىشسىزلىق ۋە نامراتلىق ھادىسىلىرىنىڭ كۆپىيىشىدىكى سەۋەپلەرنىڭ بىرى.

ئەمەلىيەت ۋە كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي پائالىيىتى — تەبىئەت دۇنياسى ۋە جەمئىيەتتىكى سەۋەپ - نەتىجە باغلىنىشىنىڭ ئوبيېكتىپ خاراكتېرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۆلچىمى ۋە ئىسپاتى. مەسىلەن، بىئولوگىيە ئورگانىك ماددىلارنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى ۋە نەسىلداشلىقىنىڭ تاشقى مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە باغلىق بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. ئەمەلىيەت بۇ خىل سەۋەپ - نەتىجە بېقىندىلىقىنى تامامەن ئىسپات-

لندى. ئىجتىمائى ئۆزگىرىشىمۇ شۇنداق بولىدۇ. بىزگە مەلۇمكى، كاپىتالىزم تۈزۈمى ۋە ئۇنىڭدا ئەزەلدىن بار بولغان زىددىيەتلەر كاپىتالىزم جەمئىيىتىدىكى دەۋرىي خاراكتېرلىق ئىقتىسادىي كرىزىسنىڭ بولۇشىغا سەۋەپ بولىدۇ. ئەمەلىيەت ۋە جەمئىيەت تارىخىنىڭ تەجرىبىلىرى بىزنىڭ بۇ خىل سەۋەپ-نەتىجە باغلىنىشىغا بولغان چۈشەنچىمىزنىڭ توغرىلىقىنى دەلىللىدى: سوۋېت ئىتتىپاقىدا كاپىتالىزم يوقىتىلدى، ئۇنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى كاپىتالىزم تۈزۈمىنىڭ مۇقەررەر ھەمراسى بولغان ئىقتىسادىي كرىزىسنىڭ يوقىلىشىدىن ئىبارەت. (**«مۇئەييەنلىك نەزەرىيىسى ۋە غەيرى مۇئەييەنلىك نەزەرىيىسى»**گە قاراڭ)

## Качество и количество 质和量 سۈپەت ۋە سان

شەيئىلەر ۋە جەريانلارنىڭ مۇھىم تەرەپلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكىنىڭ كاتېگورىيىسى. سۈپەت شەيئىنىڭ ماھىيەتلىك مۇئەييەنلىكى، يەنى شەيئىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكى ۋە خۇسۇسىيىتىنىڭ مۇئەييەنلىكى، مۇشۇنداق خاراكتېر، ئالاھىدىلىك ۋە خۇسۇسىيەتلەر تۈپەيلىدىن، شەيئى ئۇنداق شەيئى بولماستىن، بۇنداق شەيئى بولىدۇ، باشقا شەيئىدىن پەرقلىنىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىدا ۋە جەمئىيەتتە، ھەممە نەرسە دائىم ھەركەت قىلىپ تۇرىدۇ ۋە تەرەققى قىلىپ تۇرىدۇ، ھەر ۋاقىت مەلۇم نەرسىلەر يوقىلىپ تۇرىدۇ ياكى مەلۇم نەرسىلەر پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن بۇنىڭدىن تۈرلۈك شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەردە مۇئەييەن مەزمۇن ۋە مۇئەييەن مەۋجۇدىيەت شەكلى بولمايدۇ، ئۇلار تۇراقسىز بولىدۇ، دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولمايدۇ. شەيئىنىڭ سۈپەت مۇئەييەنلىكى شەيئىنى مۇھىم نەرسىگە ئايلاندۇرىدۇ ۋە ھەر بىر شەيئىنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ كونكرېت خىلمۇ-خىللىقىنى ھاسىل

قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ماركسىزملىق دىيالېكتىكا مېخانىكىچىلىققا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. بۇنداق نەزەرىيە شەيئىنىڭ سۈپىتى شەيئىنىڭ ئوبيېكتىپ مۇئەييەنلىكى بولىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ ھەمدە دۇنيادىكى ھەممە خىلمۇ-خىللىقنى ساپلا سان جەھەتتىكى پەرقتىن ئىبارەت قىلىپ قويىدۇ. دۇنيادىكى ھەممە خىلمۇ-خىللىقنى ساپلا ساننىڭ پەرقىدىن ئىبارەت قىلىپ قويۇشنىڭ ئۆزى شەيئىنىڭ سۈپەت جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى يوققا چىقارغانلىق ھەمدە پەنگە قارشى بولغان تۈرلۈك كوزقاراشلارغا كەڭ يول ئېچىپ بەرگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى بۇ كوزقاراشلار بويىچە، تەرەققىيات ساپلا ساننىڭ ئۆزگىرىشىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سەكرەش ھاجەتسىز بولىدۇ. ئۇ كونا شەيئىلەرگە قارشى كۆرەشتە ئىنقىلاۋىي ئۇسۇل ۋاھاكازالارنى قوللىنىشنىمۇ تەلەپ قىلمايدۇ. مەسىلەن، ئىسلاھاتچىلارنىڭ كوزقارىشى ئەنە شۇنداق كوزقاراش. ئۇلار: تۈپكى سۈپەت ئۆزگىرىشى قىلماي، ئىنقىلاب قىلماي ۋە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئورناتماي، پەقەت قانۇن جەھەتتىكى بەزىبىر ئىسلاھاتلار ۋە ئۆزگەرتىشلەر كاپىتالىزمدا پەيدا قىلغان سان ئۆزگىرىشىگە تايىنىش ئارقىلىقمۇ "ئاخىر بىر كۈنى" سوتسىيالىزمنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. ئەمەلىيەتتە، كاپىتالىزم بىلەن سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ سۈپەت جەھەتتىكى مۇئەييەنلىكىدىن ئېيتقاندا، ئۇلار بىر بىرىگە تۈپتىن قارىمۇ-قارشى كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۆزىگە خاس تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرى بولىدۇ ھەمدە دەل ئۇلار سۈپەت جەھەتتىن بىر بىرىگە تۈپتىن قارىمۇ-قارشى بولغانلىقى ئۈچۈن، بىر خىل ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدىن ئىككىنچى بىر خىل ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا يەنى كاپىتالىزمدىن سوتسىيالىزمغا ئۆتۈشتە، كونا كاپىتالىستىك تۈزۈمنى تۈپتىن بىتچىت قىلىشقا،

ئىنقىلاپ ۋاستىسى ئارقىلىق بۇنداق تۈزۈمنى يوقىتىشقا ۋە يېڭى سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئورنىتىشقا توغرا كېلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، سۈپەت دېگەن بۇ ئۇقۇم زور نەزەرىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىلمىي بىلىشتە ھەممىدىن ئاۋۋال بىز تەتقىق قىلىدىغان ھادىسىلەرنىڭ سۈپەت مۇئەييەنلىكىنى بەلگىلىشىمىز، يەنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئۆزىنى باشقا ھادىسىلەردىن ئايرىپ تۇرىدىغان خۇسۇسىيەتلىرى ئېنىچ بىرىلىشى كېرەك. شەيئىلەرنىڭ سۈپىتىنى بەلگىلىمەي تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئاچقىلى بولمايدۇ. شەيئىلەرنىڭ ۋە ھادىسىلەرنىڭ سۈپەت مۇئەييەنلىكى ئېتىراپ قىلىنمايدىكەن، دۇنيادىكى خىلمۇ-خىللىقنىڭ ھەممىسى سۇبيېكت تۇيغۇنىڭ نەتىجىسى دەيدىغان سۇبيېكتىپ ئىدىيالىستىك ھۆكۈم كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن، بىرلەمچى سۈپەت ۋە ئىككىلەمچى سۈپەت توغرىسىدىكى نەزەرىيە ئەنە شۇنداق. بۇنداق نەزەرىيە بويىچە بولغاندا، جىسىملارنىڭ سوزۇلۇشچانلىقى، ھەجىمى ۋە شەكلىلا ئوبيېكتىپ بولىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ رەڭگى، پۇرىقى، ئاۋازى ۋە تەمى قاتارلىقلار بولسا سۇبيېكتىپ بولىدۇ. بۇنداق كۆزقاراش ئەمەلىي ئەھۋالغا تۈپتىن زىت كېلىدۇ.

شەيئىلەر بىلەن ھادىسىلەرنىڭ سۈپىتى مەڭگۈلۈك بولمايدۇ، بەلكى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. مېتافىزىكىچىلار تەرەققىيات ئوخشاش بىر خىل سۈپەت دائىرىسىدە داۋام قىلىدىغان، ھېچقانداق يېڭى نەرسىلەرنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرمەيدىغان شۇنىڭدەك ھېچقانداق كونا نەرسىلەرنىمۇ يوقاتمايدىغان ھەرىكەت دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، ۋېيسمان-مورگانىزىمچىلارنىڭ جانلىقلارنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدىكى يەنىگە قارشى ئۆقتىسنەزەرلىرى شۇنىڭدەك ۋىرخوۋچىلارنىڭ ھۈجەيرە توغرىسىدىكى يەنىگە قارشى ئۆقتىسنەزەرلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار ئەنە شۇنداق. بۇنىڭ ئەكسىچە، دىيالېكتىكىلىق ئۇسۇل تەرەققىيات

جەرياننى دەۋر قىلىپ تۇرىدىغان ھەركەت دەپ چۈشەنمەستىن، ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ھەركەت، كونا سۈپەتتىن يېڭى سۈپەتكە ئايلىنىدىغان، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە قاراپ تەرەققىي قىلىدىغان، تۆۋەن باسقۇچتىن يۇقىرى باسقۇچقا قاراپ تەرەققىي قىلىدىغان جەريان دەپ چۈشىنىش كېرەك، دەپ قارىلىدۇ. يېڭى سۈپەتنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى بىر خىل سۈپەتنىڭ ئىككىنچى بىر خىل سۈپەتكە سەكرەش شەكلىدە ئۆزگەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، يېڭى سۈپەتنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى تاسادىپى بولمايدۇ، بەلكى قانۇنىيەتلىك بولىدۇ، ئۇ روشەن بولمىغان ۋە پەيدىن-پەي بولىدىغان ئۇرغۇن سان ئۆزگىرىشىنىڭ توپلىنىشى نەتىجىسىدە ۋۇجۇتقا چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم بىر خىل سۈپەتنىڭ ئىككىنچى بىر خىل سۈپەتكە ئايلىنىش مەسىلىسى شەيئىلەر ۋە جەريانلارنىڭ سان ئۆزگىرىشى مەسىلىسى بىلەن زىچ باغلانغان دەپ ھېسابلايدۇ.

شەيئىلەرنىڭ سان جەھەتتىكى مۇئەييەنلىكى بولمىسا، شەيئىلەرنىڭ سۈپىتىمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ. شەيئىلەرنىڭ سۈپەت تەرىپى بىلەن سان تەرىپى بىرلىككە كەلگەن بولىدۇ. سان كاتېگورىيىسى شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ دەرىجىسى، سەۋىيىسى ۋە ئۇنىڭ سان جەھەتتىكى تەركىۋى ۋاھاكازالارنى كۆرسىتىدىغان تەرەپنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شەيئىلەرنىڭ سۈپىتى شەيئىلەرنىڭ سان تەرىپى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولىدۇ ھەمدە شەيئىلەرنىڭ سان تەرىپىگە بېقىنىدۇ. مەسىلەن، سۈپىتى ئوخشاش بولمىغان تۈرلۈك خىمىيۋى ئېلېمېنتلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق سان جەھەتتىكى تەركىبىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقىدا بولىدۇ؛ مەسىلەن، ۋودورود ئاتومىنىڭ يادروسى بىر پروتوندىن تەركىب تاپىدۇ ھەمدە بۇ يادرونىڭ ئەتراپىدا بىر ئېلېكترون ئايلىنىپ تۇرىدۇ؛ ئۇران ئاتومىنىڭ يادروسى 92 پروتون ۋە 146 نېيتروندىن تەركىب تاپىدۇ، بۇ يادرونىڭ ئەتراپىدا 92

ئېلېكترون ئايلىنىپ تۇرىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي مىساللاردىنمۇ شەيئىلەر بىلەن ھادىسىلەر سۈپىتىنىڭ سانغا بولغان بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ سەۋىيىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ سەۋىيىسى، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، بۇنداق ياكى ئۇنداق ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ھالەتنىڭ پەيدا بولۇشىدا ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن، ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمى ئەڭ تۆۋەن ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئۆسۈشى بۇ تۈزۈمنى ئىچكى قىسمىدىن بۇزۇپ تاشلاپ، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى، خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە سىنىپنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن، يېڭى سۈپەتكە ئىگە بولغان قۇلدارلىق تۈزۈمىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ھالەت كېلىپ چىقتى. كوممۇنىزمنىڭ غەلىبە قىلىشى بىزنىڭ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى سەۋىيىسىنى كاپىتالىزم يەتكەن ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان سەۋىيىگە يەتكۈزۈشىمىزگە باغلىق.

سۈپەت تەرەپنى سان تەرەپتىن ئاجرىتىۋەتكىلى بولمايدىكەن، ئۇنداقتا مېتافىزىكچىلارغا ئوخشاش سۈپەت ئۆزگىرىشىدىن چەتلەپ تۇرۇپ سان ئۆزگىرىشىنى كۆزىتىشكىمۇ بولمايدۇ؛ مېتافىزىكچىلارنىڭ قارىشىچە، تەرەققىيات ساننىڭ ئاددىيغىنا كۆپىيىشىدىن ئىبارەت بولمىش. تارىخىي رىياللىقنى مېتافىزىكىلىق سان نۇقتىنەزىرى بويىچە تەتقىق قىلىش نارودنىكلارنىڭ خۇسۇسىيىتى. 19-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىدا روسىيەدە دېھقانلار نەچچە ئون مىليونغا يېتىدىغانلىقى، ئىشچىلار بولسا ئىنتايىن ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، نارودنىكلار سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنى ئىشچىلار ئەمەس، بەلكى دېھقانلار ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەك دەپ قارىدى. نارودنىكلار دېھقانلار بىلەن ئىشچى-

لارنىڭ سانىنىلا سېلىشتۇرۇپ، بۇ ئىككى سىنىپنىڭ ئىجتىمائىي جەمەئەتتىكى ۋە سۈپەت جەمەئەتتىكى تەبىستىگە تامامەن سەل قارىدى؛ تارىخىي جەريانىنىڭ قانۇنىيىتىنى پەقەت نەزەرگە ئالمىدى. دېھقانلار كۆتىنىدىن بولۇۋاتقان بىر سىنىپ، پرولېتارىيات بولسا تەرەققىي قىلىۋاتقان بىر سىنىپ. ئۇ تارىخىي جەمەئەتتە ۋە سىياسىي جەمەئەتتە قۇدرەتلىك كۈچ بولۇپ قالدى.

ئۇۋئا، ماركسىزىملىق ئۇسۇل بىزنىڭ شەيئىلەر بىلەن جەريانىنىڭ سان تەرىپى ۋە سۈپەت تەرىپىنى، سان ئۆزگىرىشى بىلەن سۈپەت ئۆزگىرىشىنى بىر بىرىگە باغلىنىدۇ ۋە بىر بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ دەپ قارىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. سان تەرەپ بىلەن سۈپەت تەرەپنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدىغان دىيالېكتىك مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى بىلىم تەرەققىياتنىڭ ماھىيىتىنى ئىلمىي يوسۇندا چۈشىنىشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. (**ئۆلچەم*، سان ئۆزگىرىشىدىن سۈپەت ئۆزگىرىشكە ئايلىنىش*؛ سەكرەش*؛ تەدرىجى تەرەققىيات ۋە ئىنقىلاپ***قا قاراڭ.)

**سۈپى ئىستىمالچىلىق** Прагматизм 实用主义 (گرېكچىسى πραγμα —ھەرىكەت، ئەمەلىيەت) ئامېرىكىدا ئالاھىدە كەڭ تارقالغان ئەكسىيەتچىل سۇبيېكتىپ ئىدىيالىزىملىق ئىدىيىۋى ئېقىم. سۈپى ئىستىمالچىلىق جاھانگىرلىك دەۋرىدە ئىدىيالىزىملىق پەلسەپىنىڭ ئامېرىكىدىكى ئۆزگەرگەن تۈرى بولۇپ، ئۇ فرانسىيىدىكى **بىۋاستە سېزىمچىلىك***كە شۇنىڭدەك گېرمانىيىدىكى ئاتالمىش "تۇرمۇش پەلسەپىسى"گە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ بۇرژۇئا پەلسەپىسى ئىدىيىۋى ئېقىملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى دۇنيانىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىنى ئىنكار قىلىشتىن ۋە كىشىلەرنىڭ بىردىن-بىر رىياللىق قىلىپ كۆرسىتىلگەن بىۋاستە "تەسىراتى" ۋە تۇيغۇسىنى بۇ قانۇنىيەتلەرنىڭ ئورنىغا قويۇشتىن ئىبارەت. سۈپى ئىستىمالچىلىق ئۇسۇلىنىڭ تۈپ

پىرىنسىپىنى ئەڭ دەسلەپتە چارلىز پىرس (1839—1914) بايان قىلغان ئىدى. سۈيىي ئىستىمالچىلىق پەلسەپىسىنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق ۋەكىلى ۋىلىيام جېمس* بولۇپ، ئۇنىڭ تەشۋىقاتى بىلەن، سۈيىي ئىستىمالچىلىق پەلسەپىسى ئەكسىيەتچى مۇتەپەككۇرلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالدى. كېيىن جون دېۋىي* سۈيىي ئىستىمالچىلىق ئېقىمىنىڭ باشلىغى بولۇپ قالدى. بۇ خىل پەلسەپىنى تەشۋىق قىلغۇچىلار ئەنگلىيىدە شىللېر، ئىتالىيىدە پاپىن ئىدى.

پەلسەپىدىكى تۈپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا، سۈيىي ئىستىمالچىلىق ئىرادىچىلىك ۋە ماخىزىمدىن پەرقلەنمەيدۇ. لېنىن: "ھەقىقەتنى بىلىشنىڭ قورالى دەپ قاراش، ئەمەلىيەتتە، بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى تەرەپكە بۇرالغانلىق، شۇنداقلا ماتېرىيالىزمدىن چەتلىگەنلىك. بۇ نۇقتىدا شۇنىڭدەك بارلىق تۈپ نۇقتىلاردا، سۈيىي ئىستىمالچىلار، ماخىزىمچىلار ۋە تەجرىبە بىر مەنبەچىلىكى تەرەپدارلىرى بىر جاڭگاللىنىڭ بۆرىلىرى" («لېنىن ئەسەرلىرى»، 4-نەشرى، 34-توم، 366-بەت) دەپ يازىدۇ. ماخىزىم بىلەن سۈيىي ئىستىمالچىلىقنىڭ پەرقى دەل لېنىن كۆرسەتكىنىدەك، ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدۇ ۋە ھېچقانچە مۇھىم ئەمەس. سۈيىي ئىستىمالچىلىق رىياللىقنى سۇبيېكتىپ تەجرىبە ۋە تۇيغۇنىڭ يىغىندىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ، سۇبيېكتىپ ئىدىيالىزمنىڭ بۇنداق شەكلىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىكى كېرەكلىك، پايدىلىق نەرسىلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. سۈيىي ئىستىمالچىلار ئەسقاتىدىغىنىلا ھەقىقەت دەيدۇ. بۇ بۇرژۇئازىيە مەنپەئەتى نۇقتىسىنەزەرىنى ئاساس قىلغان "سۈيىي ئىستىمالچىلىق". سۈيىي ئىستىمالچىلىق ھەقىقەت ئوبيېكتىپ رىياللىقنىڭ ئاڭدىكى ئىنكاسى دېگەن بۇ ئۇقۇمنى ئىنكار قىلىدۇ. لېكىن دىنىي نۇقتىنەزەرلەرنى ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ بارلىق ئەكسىيەتچىل غەرەز-

لىرنى بولسا ھەقىقەت دەپ قارايدۇ، چۈنكى دىنىي نۇقتىنەزەرلەر ۋە ئەكسىيەتچىل غەرەزلەر ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ ياكى سۈيى ئىستېمالچىلارنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ئۈچۈن "كەتمەن چاپىدۇ". سۈيى ئىستېمالچىلىقنىڭ نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى دىيالېكتىك ماتېرىيالىزمنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى تەلىماتى بىلەن تۈپتىن قارىمۇقارشى. سۈيى ئىستېمالچىلىق ھەقىقەتنى ھايانكەش سودىگەرلەرنىڭ چۈشەنچىسىدىكى ئۆلچەم ۋە مەنپەئەت بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىش بىلەنلا، ئەكسىيەتچىل ئىدىيە ۋە ئەكسىيەتچىل سىياسىغا خۇشامەت قىلىش ئۈچۈن باشباشتاقلىق ۋە خالىغانچە ساختىپەزلىك قىلىشنىڭ قورالىغا ئايلىنىپ قالدى ھەمدە ئەكسىيەتچىل كۈچلەر ئۈچۈن چەكسىز كەڭ ھەرىكەت مەيدانى ئېچىپ بەردى. "ھەقىقەت" مۇشۇنداق چۈشەندۈرۈلۈش ئارقىسىدا، جاھانگىرلارنىڭ ھەرقانداق تەۋەككۇلچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئاقلىغۇچى ۋاستە بولۇپ قالدى، شۇنىڭدەك ئۇلار ئىلمىي ئىدىيىگە ۋە سوتسىيال ئىدىيىگە قارشى قورالغا، ئاممىنى بىخۇتلاشتۇرۇش قورالىغا ئايلىنىپ قالدى. (ۋاستىپەرەسلىك" كە قاراڭ.)

# ش

**شپېنگلېر، ئوسۋالد** **Шпенглер. Освальд** **施本格勒，奥斯渥特** (1880—1936) نېمىس ئىدېئالىستىك پەيلاسوپى، ئەكسىيەتچى، پرۇسسىيە ئاقسۆڭەك يۇنكېرلىرىنىڭ مۇتەپەككۇرى، فاشىزم ئىدىيىسىنىڭ ئەجدادلىرىدىن بىرى. شپېنگلېرنىڭ ئۆزىنىڭ تارىخ پەلسەپىسىنى شەرھلەپ يازغان ئاساسلىق ئەسىرى «ياۋروپانىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى»، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا گېرمانىيە مەغلۇپ بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي نەشىردىن چىققان، بۇ ئەسەر جاھانگىرلىك مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. شپېنگلېر بۇ كىتاۋىدا كاپىتالىزم مەدەنىيىتىنىڭ مۇقەررەر ھالدا يىمىرىلىدىغانلىقىنى ئالدىنالا ھۆكۈم قىلغان، لېكىن ئۇ كاپىتالىزم مەدەنىيىتى بىلەن ياۋروپا مەدەنىيىتىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن. شپېنگلېرنىڭ پەلسەپىسى ئەمگەكچى خەلققە، سوتسىيالىزمغا ۋە ئىنقىلاپقا بولغان ئۆچمەنلىك بىلەن تولغان. ئۇ ئىشچىلار ("تۆتىنچى تەبىقە") "مەدەنىيەتنىڭ سىرتىدا"، "تارىخنىڭ سىرتىدا" تۇرىدۇ دەيدۇ؛ — ئەمما ئەڭ كىچىك نەرسە، — دەيدۇ ئۇ — ئەمما "زادىلا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ". شپېنگلېر "كونا پرۇسسىيە روھى"نى، پادىشالىق ھاكىمىيىتى، ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىنى ۋە مىلىتارىزمنى مەدھىيىلەيدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئۇرۇش "يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ مەڭگۈلۈك شەكلى". شپېنگلېرنىڭ "تارىخ پەلسەپىسى" ئىلمىي بىلىشنى ئىنكار قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ. ئۇ بىر تارىخ تەتقىقاتچىسىنىڭ ئىلىم-پەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتتىق ئاز

بولسا، ئۇ شۇنچە ئۇلۇغ بولىدۇ دەپ ھېساپلايدۇ. شپېنگلېر بىۋاستە سېزىم ئارقىلىق لوگىكىلىق، ئەقلىي بىلىشكە قارشى تۇرىدۇ. ئۇ ئىلمىي ماتېرىيالىستىك تارىخقاراشقا قارشى تۇرۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى سەۋەبىيەت ۋە قانۇنىيەت پىرىنسىپلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇ مۇتلەق نىسپىچىلىقتە چىڭ تۇرۇپ، ئىنسانلاردا ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى بىلىش مۇمكىنچىلىكىنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. شپېنگلېر تارىخ تەرەققىياتى ئۇقۇمى بىلەن تارىخ قانۇنىيىتىنى بىرلىكتە چۆرۈۋېتىپ، تارىخنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق، ھېچقانداق تەرەققىياتمۇ يوق دېگەننى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇ تارىخ تەقدىرچىلىكى — تەقدىرنىڭ يازمىشى، "تەقدىر" ئارقىلىق قانۇنىيەتلىك تارىخ تەرەققىياتى توغرىسىدىكى ئىلمىي نۇقتىنەزەرگە قارشى تۇرىدۇ. شپېنگلېر پۈتۈن دۇنيا تارىخىنىڭ بىر توتاشلىقىنىمۇ ئىنكار قىلىدۇ. ئۇنىڭ تەلىماتىدا، تارىخ پۈتۈنلەي مۇستەقىل بولغان، ھەرگىز ئوخشاش بولمىغان نۇرغۇن خىلدىكى "مەدەنىيەت"كە، يەنى ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز تەقدىرى بولغان ھەممە پەيدا بولۇش، گۈللىنىش ۋە يوقىلىش قاتارلىق دەۋرلەرنى باشتىن كەچۈرگەن نۇرغۇن خىلدىكى پەۋقۇلئاددە يۇقىرى ئورگانىك جىسىملارغا بۆلۈنگەن. ئۇ مۇنداق دەپ ھېساپلايدۇ: تارىخ پەلسەپىسىنىڭ ۋەزىپىسى ھەر بىر خىل "مەدەنىيەت"نىڭ "ھالەت تۈزۈلمىسى"نى ئىگەللەشتىن ئىبارەت، "ھالەت تۈزۈلمىسى"نىڭ ئاساسى بولسا "مەدەنىيەتنىڭ جېنى". شپېنگلېرنىڭ قارىشىچە، غەربىي ياۋروپا مەدەنىيىتى 19-ئەسىردىن باشلاپ يەنى كاپىتالىزمنىڭ غەلىبىسىدىن باشلاپ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇش باسقۇچىغا كىرگەن، غەربىي ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى فېئودالىزم دەۋرى بولغان. شپېنگلېرنىڭ ئۇرۇشخۇمار قارا گۇرۇھ ئەكسىيەتچىل ئىدىيىسى گېرمانىيە فاشىزم ئىدىيىسى — "دۆلەت سوتسىيالىزمى"نىڭ مەنبەلىرىدىن بىرى، ئۇ ئىلمىي

تەپەككۇرگە ئوچمەنلىك بىلەن قارايدۇ ھەمدە "گېرمانىيە سوتسىيالىزمى" ئارقىلىق "ماركسىزىملىق سوتسىيالىزم"غا قارشى تۇرىدۇ، ئاتالمىش "گېرمانىيە سوتسىيالىزمى" كونا پىرۇسسىيىنىڭ فېودال مىلىتارىزىملىق تۈزۈمىنىڭ تىرىلىشىدىن ئىبارەت. ھازىر ئەنگلىيەلىك تارىخشۇناس تائىنبى شپېنگلېرنىڭ نۇقتىنەزىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل "تارىخ پەلسەپىسى"نى تەرغىپ قىلماقتا.

**شېلگۇنوۋ، نىكولاي ۋاسىلېۋىچ 舍尔古诺夫，尼古拉·瓦西里也维奇** (1891—1824) **Шелгунов, Николай Васильевич**

مەشھۇر رۇس سىياسى مۇھاكىمىچىسى ۋە جەمئىيەت ئەربابى، ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزىمچى، **چېرنىشېۋسكى***نىڭ سەپدىشى. شېلگۇنوۋ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىلا **گېرتسېن***، **بېلىنسكى***، چېرنىشېۋسكىلارنىڭ ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغان. 19-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدا، ئۇ چەتئەللەردە گېرتسېن ۋە كەڭ روسىيە ئىنقىلاۋىي مۇھاجىرلىرى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقان. شېلگۇنوۋ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن چېرنىشېۋسكى تەسىس قىلغان «زامانداشلار» ژۇرنىلى بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان. شېلگۇنوۋنىڭ سىياسى مۇھاكىمە ئەسەرلىرى ئىچىدە، تەبىي پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئەدەبىي تەنقىتكە دائىر ئەسەرلەر گەرچە كۆرۈنەرلىك ئورۇننى ئىگىلىسىمۇ، لېكىن تارىخ، سىياسى ۋە ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت قاتارلىق جەھەتتىكى مەسىلىلەر بايان قىلىنغان ئەسەرلەر ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. شېلگۇنوۋ چېرنىشېۋسكىنىڭ بىر تۇتاش ماددى تەبىئەت دۇنياسى توغرىسىدىكى، بىر تۇتاش ئادەم بەدىنى ماددى دۇنيانىڭ بىر قىسمى، ماددى تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى ۋە باشقىلار توغرىسىدىكى ماتېرىيالىستىك قائىدىلىرىگە ئاساسەن پەلسەپىدىكى تۈپ مەسىلىنى ھەل قىلدى. شېلگۇنوۋ توغمىلىق ئىدىيىسى ۋە ئاڭ بىرلەمچى دېگەن ئىدېيالىستىك قائىدىنى تەنقىت قىلدى. شېلگۇنوۋ مۇنداق دەيدۇ: ئىد-

رەك تاشقى شەيئىلەر ئۆزىتىدىكى تەسى-
راتتىن تەشكىل قىلىنغان ماتېرىياللارنىڭ
پىششىقلاپ ئىشلىنىشىدىن باشقا نەرسە
ئەمەس. شېلگۇنوۋ 1861-يىلى «زامان-
داشلار» ژورنىلىدا «ئەنگلىيە ۋە فران-
سىيىدىكى ئىشچى پرولېتارلار» دېگەن
ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. ئۇ بۇ ماقالىسىدا
ئېنگېلس يازغان «ئەنگلىيىدىكى ئىشچىلار



سىنىپىنىڭ ئەھۋالى» دېگەن كىتابىنىڭ مەزمۇنلىرىنى شەرھىلەپ،
روسىيىدىكى جەمئىيەت ئەرباپلىرىغا ئېنگېلسنىڭ بۇ مەشھۇر ماركسىزى-
لىق ئەسىرىنى تونۇشتۇردى. بۇ شەك-شۈبھىسىز ھالدا روسىيىنىڭ
ئىجتىمائىي ئىدىيىسىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتتى. روسىيىدىكى
ئەكسىيەتچىل ئاخبارات ساھەسى ئېنگېلسقا ھۇجۇم قىلدى. شېلگۇ-
نوۋ بولسا ئېنگېلسنى قوغدىدى. ئۇ مۇنداق دەپ يازدى: "كىلى-
دېبرانت ھۇجۇم قىلغان يازغۇچىلار ئىچىدە، يەنە گېرمانىيىلىك
ئىنتايىن مۇنەۋۋەر ۋە ئىنتايىن ئالىجاناب بىر كىشى بار. بۇ كىشى—
ئېنگېلس. بۇ ئىسىم بىزگە پۈتۈنلەي ناتونۇش. گەرچە ياۋروپا ئىق-
تىسادىي ئەسەرلىرى ئىچىدە ئۇنىڭ ئەنگلىيە ئىشچىلىرىنىڭ ئىقتىسا-
دىي تۇرمۇشى توغرىسىدىكى ئىسىل ئەسىرى بار بولسىمۇ.....
ئېنگېلس يامان نەرسىلەرنى قىلچە يوشۇرماي ئېيتىدۇ ھەمدە ئۇلار-
دىن نەپرەتلىنىدۇ......" شېلگۇنوۋنىڭ پەلسەپە جەھەتتە يۇقۇرقى
ئەسەرلىرىدىن باشقا، يەنە دىققەت قىلىشقا ھەممىدىن بەك ئەرزىي-
دىغان ماقالىلىرى بار. بۇلار: «ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەقدىرچى-
لىك»، «بىلىمسىزلىكنىڭ زىيىنى»، «رۇس ئېغىنىڭ غەرىزى»،
«ماتارىپ ھەققىدە خەت-چەكلەر». ئىجتىمائىي كۆزقاراش جەھەتتە،
شېلگۇنوۋ گەرچە خەلق ئاممىسىنىڭ تارىختىكى رولىنى دائىم تېگىش-

لىك مولچەرلىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاساسىي جەھەتتىن يەنىلا ئىدىيالىس-
تىك مەرىپەتچى ئىدى. شېلگونوۋ ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تەنقىت ئەسەر-
لىرىدە سەنئەتنىڭ ئىلغار رولى ئۈچۈن كۆرەش قىلدى، جەمىيەت
تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان سەنئەت ئۈچۈن كۆرەش قىلدى.
شېلگونوۋ بىر تالانتلىق سىياسىي مۇھاكىمىچى، ئۇ پانچىلىق تۈزۈمى-
نىڭ زۇلمى ۋە كاپىتالىزىمنىڭ ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ماھىيىتىنى
ئېچىپ تاشلىدى، ئۇ ئۆز زامانداشلىرىغا ئىلغار تەسىر كورسەتتى.
چار ھوكۇمىتى شېلگونوۋغا دەھشەتلىك زىيانكەشلىك قىلدى. ئۇ
بىرنەچچە يىل تۈرمىگە قامالغان ھەمدە ئۇزاق ۋاقىت سۈرگۈن
قىلىنغان.

**شېللىڭ،** فرىدرىخ ۋىلگېلىم **Шеллинг, Фридрих Вильгельм** **谢林，弗里德里希·威廉**
(1775—1854) مەشھۇر نېمىس
پەيلاسوپى. نېمىس كىلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ۋەكىللىرىدىن
بىرى، ئوبيېكتىپ ئىدىيالىست. شېللىڭ دەسلەپتە **فىشت***نىڭ
ۋارىسى ئىدى، ئەمما ئۇزاق ئۆتمەيلا ئوبيېكتىپ ئىدىيالىزىملىق
مەيدانغا ئۆتۈپ كەتتى ھەمدە "ئوخشاشلىق پەلسەپىسى"نى بەرپا
قىلدى. بۇ پەلسەپە مەۋجۇدىيەت بىلەن تەپەككۇر، ماددا بىلەن
روھ، ئوبيېكت بىلەن سۇبيېكتنىڭ مۇتلەق ئوخشاشلىقى كائىناتنىڭ
باشلانمىسى ۋە مەنبەسى دەپ قارايدۇ. لېكىن، شېللىڭنىڭ تەلى-
ماتى بويىچە، بۇنداق دەسلەپكى ئوخشاشلىق مەلۇم بىر ئالەم روھى-
نىڭ ئاڭسىز ھالىتىدىن ئىبارەت، بۇنداق ھالەتتە ئەتراپىمىزدىكى
تەبىئەت دۇنياسىدا تېخى ھېچقانداق سەزگۈ پەرقى مەۋجۇت ئەمەس
ئىكەن. شېللىڭنىڭ نەزىرىيىسى بويىچە بولغاندا، تەبىئەت ھادىسى-
لىرى ۋە جەمىيەت ھادىسىلىرىنىڭ چەكسىز، ماھىيەتلىك خىلمۇ-
خىللىقىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دەسلەپكى ھالەت بولغان مۇتلەق
ئوخشاشلىقتىن پەيدا بولغانىمىش. شېللىڭ بىرتەرەپتىن، مۇشۇ

نەزەرىيىسىنى ئاڭ ماددىدىن كېلىدۇ دەپ قارايدىغان ماتېرىيالىزمغا قارشى قويىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ يەنە مۇشۇ نەزەرىيىسىنى فىشتىنىڭ كائىناتنى دۇنيانى ئۆزىدىن ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدىغان مەلۇم مۇتلەق "مەن"نىڭ ئۆز پائالىيىتىگە تۈگەللەش كېرەك دېگەن سۇبيېكتىپ ئىدىيالىستىك تەلىماتىغا قارشى قويىدۇ. لېكىن، بۇ، شېللىڭنىڭ ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدىيالىزم ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئوتتۇرا مەيداندا تۇردى، دېگەنلىك ئەمەس.

شېللىڭنىڭ "مۇتلەق ئوخشاشلىق" دېگىنى ئۆز ئۆزىگە تەڭ دەرىجىلىك بولغان، پۈتۈنلەي بىردەك بولغان، ھەر جەھەتتە ئوخشاش بولغان نەرسە، ئۇ ھېچقانداق ھەركەت ۋە ئۆزگىرىشنىڭ مەنبەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، شۇڭا تەبىئەت دۇنياسىغا خاس بولغان ماھىيەتلىك خىلمۇ-خىللىقنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئۇنىڭغا ئاساسەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. شېللىڭ دەسلەپكى مۇتلەق ئوخشاشلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىقرار قىلىش ئارقىسىدا كېلىپ چىققان قىيىنچىلىقنى يېڭىش مەقسىدىدە، مۇتلەق ئوخشاش-لىق ئۈستىگە ئاڭسىز ئارزۇ ھەۋەس، ھەركەت ۋە ئىرادىنى قوشتى. شېللىڭنىڭ ئېيتىشىچە، تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئىنسانلارنىڭ ئەقلى مۇشۇ ئاڭسىز، قارىغۇلارچە ھەركەتتىن پەيدا بولغان ۋە راۋاجلان-غان ئىمىش. مۇشۇ نۇقتىنەزەر بويىچە بولغاندا، تەرەققىيات ئالەم روھىنىڭ ئاڭسىز ھالەتتىن ئاڭغا ۋە تەپەككۇرگە ئايلىنىشتىن ئىبا-رەت بولىدۇ. شېللىڭ ئالەم روھىنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىر باسقۇچتىن يەنە بىر يۇقىرىراق باسقۇچقا ئۆتۈشى دەيدۇ. ئۇ، قارىمۇ-قارشى كۈچلەرنىڭ بىرلىكى ۋە بىر بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى مۇشۇ تەرەققىياتنىڭ مەنبەسى، دەپ قارايدۇ. شېللىڭنىڭ پەل-سەپىۋى نۇقتىنەزىرىدىكى دىيالېكتىك ئامىل مانا مۇشۇ يەردە ئىپا-

دىلىندۇ؛ بىراق، ئۇ تەبىەت دۇنياسىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدىكى پۈشەنچىنى سىرلىقلاشتۇردى ۋە بۇرمىلىدى، چۈنكى ئۇ تەرەققىيات جەريانىنى ئەپسانىۋى ئالەم روھى ئىچىدە پەيدا بولغان ئۆزگىرىش-تىن ئىبارەت قىلىپ قويىدى. شېللىڭ تەبىەت دۇنياسىغا خاس بولغان ھەممە ماھىيەتنى ئاڭسىز ھالەتتىن ئۆزىنى ئاڭقىرىشقا ئايلانغان ئالەم روھىنىڭ تۆۋەنغۇسى دەپ تەسەۋۋۇرلىدى؛ مۇشۇ نۇقتىنەزەردىن قارىغاندا، تەبىەت دۇنياسىدىكى ھەممە جىسىملار ئالەم روھىنىڭ ئۆز ئۆزىنى بىۋاستە كۆزىتىشتىن ئىبارەت، پۈتكۈل تەبىەت دۇنيا-سى بولسا "پىشىپ يېتىلمىگەن ئەقىلدىن ئىبارەت، خالاس". دېمەك، شېللىڭنىڭ نەزىرىدە، تەبىەت دۇنياسىنىڭ تارىخى روھنىڭ تارىخى-دىن ئىبارەت، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، بۇنداق روھ يەنىلا فىشت ئېيتقان مۇتلەق "مەن" بولۇپ قالدى. ئەمما، شېللىڭنىڭ تەلىما-تىدا، بۇنداق مۇتلەق "مەن" ئالەم روھى تەرەققىياتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى-دىن ئىبارەت.

شۇ چاغدا ماگنىت ئىلمى ۋە ئېلېكتر ئىلمى جەھەتتە بولغان كارامەت كەشپىياتلار، شېللىڭنىڭ تەبىەت پەلسەپىسىدە ئەكس ئەتتۈرۈلدى شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئىدىيالىستىك چۈشەنچە بېرىلدى. مەسىلەن، مۇسبەت ئېلېكتر بىلەن مەنپىي ئېلېكترنىڭ كەشپ قىلى-نىشى بىلەن، شېللىڭ: "ئومۇمىي بولغان ئىككى ياقلىمىلىق"، قارى-مۇ-قارشى كۈچلەرنىڭ بىرلىكى بارلىق تەبىەت جەريانلىرىنىڭ مۇكەممەل ماھىيىتى، دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن. شېللىڭ شۇ زامان-دىكى ئىلغار تەبىي پەن ئالىملىرى بىلەن بىرلىكتە كويىگۈچى ماددا، يورۇقلۇق ماددىسى، ئېلېكترلىق، ماگنىتلىق ۋە باشقا "ئېغىرلىقى بولمىغان ماددىلار" دېگەن نەرسىگە رەددىيە بەردى. ئۇ ئېرستېت 1820-يىلى ئورۇۋتلىغان ئېلېكتر بىلەن ماگنىت ئوتتۇرىسىدىكى

باغلىنىش توغرىسىدىكى كەشپىياتىنى بېشارەت بەرگەن ئىدى. ئەمما، شېللىڭ ئىدىيالىست ئىدى، ئۇ ئېلېكتىر، ماگنىت ۋە يورۇقلۇقنى ماددا ھەرىكىتىنىڭ ئالاھىدە شەكلى دەپ قارىماستىن، ئۇلارنى ساپ روھنىڭ قۇدرىتى دەپ قارايدۇ. بۇنداق قۇدرەت ماددىدىن بۇرۇن مەۋجۇت ئىمىش ھەممە ماددىغا خاس بولغان بارلىق ئالاھىدىلىك ۋە ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلارمىش. تەبىئەت دۇنياسىنى ئاڭسىز روھنىڭ باشلانمىسىدىن ئىبارەت قىلىپ قويغاندا، ئورگانىك ماددا بىلەن غەيرى ئورگانىك ماددا، جانلىق ماددا بىلەن ئۆلۈك، جانسىز ماددا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسىنى ئىلمىي يوسۇندا ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس. دەرۋەقە، شېللىڭ جانلىقلار دۇنياسى بىلەن جانسىزلار دۇنياسى ئوتتۇرىسىدا ئۆتكىلى بولمايدىغان ھاڭنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ھەتتا جانلىقلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى چۈشەندۈرمەكچى بولغان. شۇنداقلا پۈتۈلمىچىلىككە ۋە تەبىي پەن جەھەتتىكى باشقا ئەكسىيەتچىل نۇقتىئىنەزەرلەرگە قارشى تۇرغان ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ جانلىق ۋە روھىي نەرسىلەرنىڭ بىرلەمچى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئىدىيالىستىك ئىدىيىسى بۇ چوڭقۇر قىياسلارنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتتى.

شېللىڭ تەرەققىيات ئىدىيىسىنى ئىنسانلار تارىخىغا تەتبىق قىلىپ كۆرگەن ئىدى، ئۇ ئىنسانلار تارىخىنى "قانۇن تۈزۈمى"نىڭ تەييارلىقى، پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىياتى دەپ قارىدى، ئەمما "قانۇن تۈزۈمى" دېگەن ئۇقۇم شېللىڭنىڭ تەلىماتىدا غايىۋىلەشتۈرۈلگەن بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىگە خاس كېلىدۇ. شېللىڭ فېودالىلىق تۈزۈمىنى ئەيىبلەپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: "تازا قاملاشمىغان ۋە ئەڭ قەبىھ ئەھۋال ئەنە شۇ تۈزۈم، بۇنداق تۈزۈم شارائىتىدا، قانۇن ئەمەس، بەلكى قانۇن چىقارغۇچىلارنىڭ ئىرادىسى ۋە زوراۋانلىقى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدۇ......" بىراق، كېيىن ئۇ بۇ ئىلغار نۇقتىئىنەزەرلەردىن

ۋازكېچىپ، ئىتتىپاقنى تەقلىدىن، دىننى پەن ۋە پەلسەپىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دەپ مەدھىيىلەيدىغان ئەكسىيەتچىلەردىن بولۇپ قالدى.

پرۇسسىيە پادىشاسى فرىدرىخ ۋىلگېلم گېرمانىيىدىكى رادىكال بۇرژۇئازىيە ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان **ياش گېگېلچىلار*** بىلەن كۈرەش قىلىش ئۈچۈن، شېللىڭنى بېرلىن داشۆيىنىڭ پىرو- فېسسورلۇقىغا ئالاھىدە تەكلىپ قىلدى. دەل مۇشۇ مەزگىلدە ئۇ ئەكسىيەتچىل سىرلىق "ئويغىنىش پەلسەپىسى"نى بەرپا قىلدى؛ ھەمدە ئېنگېلس ئېيتقاندەك، ئۇ "خىرىستىيان پەيلاسوپى" بولۇپ قالدى. ياش ئېنگېلس شۇ چاغدا گەرچە تېخى يىتىر ئىدىيالىست بولسىمۇ، ئەمما ئۇزىنىڭ «شېللىڭ ۋە ئويغىنىش» دېگەن ئەسىرىدە بۇ خىل پەلسەپىنى ئەجەللىك بىرىنگە تەككۈزۈپ تەنقىت قىلغان ئىدى. چېرنىشېۋسكى ئومرىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى شېللىڭنى ئادىللىق بىلەن "جاھالەتچىلىكنىڭ سىمۋولى" دەپ ئاتىغان ئىدى.

شېللىڭنىڭ ئاساسلىق ئەسىرى — «ئەزىلىلىك ئىدىيالىزىم سىستېمىسى».

**شېۋچېنكو، تاراس گرىگورىۋىچ** 舍夫琴柯，塔拉斯·格里 (1861—1814) Шевченко, Тарас Григорьевич 哥里也维奇

ئۇكرائىنالىق ئۇلۇغ شائىر، ئىنقىلابچى ۋە مۇتەپەككۇر، روسىيە ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزىمچىلىرىنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى سەپدىشى، ئۇكرائىنانىڭ ئىجتىمائىي، ئىدىيىۋى تارىخىدىكى ئىنقىلاۋىي دېموك- راتىزىمچىلارنىڭ ئاساسچىسى. ئۇنىڭ دۇنياقارىشى ئىلغار روسىيە ئەدىبىياتى، بولۇپمۇ روسىيە ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزىمچىلىرى ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن. ئۇنىڭ كۆزقارىشى 19-ئەسىر- نىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى روسىيە فېودال ياتچىلىق تۈزۈمى كىرىزىسقا ئۇچرىغان دەۋردىكى ئىنقىلاۋىي ئۇكرائىنا دېھقانلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى

ئەكس ئەتتۈردى.



شېۋچېنكو جىسمانى ئەركىنى سىتتۇۋال-
غان ياتچى ئىدى، دوبروليۇبوۋنىڭ سۆزى
بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ "سېرى ئوزىسىدىن
بولغان خەلق شائىرى..... ئۇ خەلق
ئارىسىدىن كەلگەن، خەلق بىلەن بىرلىكتە
تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئۇ ئىدىيە جەھەتتىلا
ئەمەس، بەلكى تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى
جەھەتتىمۇ خەلق بىلەن قان بىلەن گوش-
تەك مۇناسىۋەت باغلىغان". شېۋچېنكو ئۇكرائىنادىكى مەخپى سىياسى
تەشكىلات — "كىرىللو — مېفودىي ئاكا-ئۇكىلار ئۇيۇشمىسى"نىڭ
ئەڭ ئاكتىپ قاتناشچىلىرىدىن بىرى ئىدى ھەمدە ئۇيۇشمىدا
ئىنقىلاۋىي ئاياتچىلارغا رەھبەرلىك قىلغان ئىدى. ئۇ **پېتراشېۋسكى-
چىلار*** بىلەن مۇناسىۋەت باغلىغان، ئۇلار ئوزلىرىنىڭ دىخانلار
قوزغىلىشى پىلانىدا، ئۇنىڭ ئۇكرائىنادىكى ئىنقىلاۋىي پائالىيەتلىرى-
دىن پايدىلىنىشنى ئۈمىت قىلغان. ئۇ ئومۇر بويى چار ھۆكۈمىتىنىڭ
زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان. 1847-يىلى قولغا ئېلىنغان ھەمدە
ئىسكەرلىككە ئۇتتۇپ بېرىلگەن ۋە يىراق قازاق يايلىقىغا سۈرگۈن
قىلىنىپ، 10 يىل (1847—1857) سۈرگۈنلۈك تۇرمۇشنى كەچۈر-
گەن. شېۋچېنكو سۈرگۈندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، «زاماندىشلار»
ژورنىلىنىڭ خىزمەتچىلىرى ۋە تەھرىرلىرى **چېرنىشېۋسكى***، **دوبرو-
ليۇبوۋ***لار بىلەن يېقىنلاشقان. ئۇمۇ چېرنىشېۋسكىغا ئوخشاش خەلقنى
قولىغا پالتا ئېلىشقا چاقىرغان. ئۇ ئوزىنىڭ قايناق شېئىرلىرى
(«چۈش»، «كاۋكاز»، «ۋەسىيەت») ۋە بارلىق ئىنقىلاۋىي پائالىيەت-
لىرىدە "تەپسانىيەتچى پومېشىك ياسىمچىلار"غا ۋە "تاج
تاقىۋالغان جاللات" — چار پادىشاغا، "يۇندىخورلار" — لىبېراللارغا،

"دوت چوشقىغا ئوخشاش شائىرلار"— يانچىلىق تۈزۈمنىڭ قوغدىغۇچىلىرىغا قارشى تۇردى. شېۋچېنكو خەلق جۇمھۇرىيىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان جەڭچى. ئۇ خەلققە: "...... بەدىنىڭنى چىرمىۋالغان كىشەننى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئەشەددىي دۈشمەننىڭ قېنى بىلەن ئىرادەڭنى سۇغار" دەپ چاقىرىق قىلدى. شېۋچېنكو روسسىيە پومېششىكلىرى ۋە چارپادىشانىڭ چوڭ دۆلەتچىلىك زۇلمىنى غەزەپ بىلەن پاش قىلدى، رۇس خەلقى بىلەن ئۇكرائىنا خەلقىنىڭ دوستانە ئۆتۈشىنى تەشەببۇس قىلدى؛ ئۇ "شەرەپلىك كىشىلەر ئىچىدىكى شەرەپلىك كىشىلەر"نى يەنى ئۇكرائىنا بىلەن روسسىيىنىڭ قايتىدىن قوشۇلۇشى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان جەڭچى بوگدان خېمىلنىتسكىينى مەدھىيىلىدى، سلاۋيان مىللەتلىرىنىڭ دېموكراتىيە پرىنسىپىغا ئاساسەن جىپىلىشىشىنى تەشەببۇس قىلدى. شېۋچېنكو پۈتۈن ھاياتىنى خەلققە بېغىشلىغان قىزغىن ۋەتەنپەرۋەر، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇكرائىنە مىللىتىنىڭ مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى، ئۇنىڭ ئۇكرائىن تىلىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئوينىغان رولى پۇشكىننىڭ رۇس تىلىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئوينىغان رولى بىلەن ئوخشاش. ئۇ جاھانچىلىق تەرەپدارلىرىنى پاش قىلدى، ئۇكرائىنادىكى بۇرژۇئا مىللەتچىلىرى (كۇلىش، كوستوماروۋ)گە قارشى تۇردى. ئۇكرائىنادىكى بۇرژۇئا مىللەتچىلىرى شېۋچېنكونى قىلچە ئاساسسىزلا مىللەتچى، لىبېرال ۋە "خرىستىيان مۇرىدى" قىلىپ كورسەتمەكچى بولۇشتى.

شېۋچېنكو ئۇ چاغدىكى مەۋجۇت ئىجتىمائىي تۈزۈمنى بۇزۇپ تاشلىغىلى بولمايدۇ دەپ ھېسابلىمايتتى، ئۇ يانچىلىق تۈزۈمنىڭ ھامىلا يەردە يوقىتىلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى، يانچىلىق تۈزۈمنىڭ يوقىتىلىشى پار ماشىنىسى— تېخنىكىنىڭ تەرەققىي تېپىشىدىن ئايرىلمايدۇ، تېخنىكا "پومېششىك— جاللاتلار"نى "يوقىتىدۇ" دەپ ھېسابلىدى، ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى تۈپ

ئۆزگىرىشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. شېۋچېنكو دۇنياقاراش جەھەتتىن ئېيتقاندا ماتېرىيالىست ئىدى، ئۇ مەنىۋى كۈچ ماددىدىن ئايرىلسا، ئىپادىلىنەلمەيدۇ دەپ كېسىپ ئېيتـدۇ. لېكىن شېۋچېنكو ئۆزىنىڭ پەلسەپە نۇقتىسىنەزىرىنى ماتېرىيالىزىم دەپ ئاتىمىغان. ئۇ خاتا ھالدا بۇ ئاتالغۇ ماتېرىيالىزىمنىڭ چاكىنا شەكلىنى كۆرسىتىدۇ دەپ ھېسابلىغان. شېۋچېنكو دىن*نىڭ يالغانـچىلىقىنى پاش قىلدى، خەلقنىڭ قان-تەرى بەدىلىگە ئۆزى ھالاۋەت كۆرىدىغان پوپلارنىڭ ساختا سېخىيلىقىنى ۋە شەخسىيەتچىلىكىنى ئېچىپ تاشلىدى. خۇداسىزلىق تەرەپدارى شېۋچېنكو ئۇ دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قەتئىي ئىنكار قىلدى. شېۋچېنكو ئۆزىنىڭ «يات دىندىكىلەر» دېگەن داستانىدا "دۇنياغا تېچلىق ۋە شەرەپ ئېلىپ كەلگەن" گۇسنىڭ "ئادەتتىكى كىشىلەر"نىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن، سلاۋيانلارنىڭ بىرلىشىشى ئۈچۈن قانداق كۆرەش قىلغانلىقىنى؛ "ئەسھابىلەر تەختىدە ئولتۇرغان" "يوغان قوساق راھىپ"—رىم پاپاسىنىڭ قانداق قىلىپ كىنەزلەر، بارونلار ۋە پادىشا بىلەن بىر-لىكتە دىنىي نىقاپ ئاستىدا گۇسقا قارشى تۇرغانلىقىنى، قانداق قىلىپ "قاۋاقخانا سودىسىغا ئوخشاش قالتىس سودا قىلغانلىقىنى" كۆرسەتتى.

شېۋچېنكونىڭ خۇداسىزلىقىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىكى بار. ئۇ دائىم "خۇدا"، "پەيغەمبەر" دېگەن سۆزلەرنى ئىشلەتسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ سۆزلەرگە پۈتۈنلەي دىنىي مەزمۇن قوشمىدى، شېۋچېنكونىڭ "خۇدا" دېگىنى خەلق ئادەتتە چۈشىنىدىغان ھەقىقەت ئىدى. ئۇ ئېستېتىكىدىكى تۈپ مەسىلىنىمۇ ماتېرىيالىستىك ھالدا ھەل قىلدى؛ تەبىئەت گۈزەللىكىنىڭ مەنبەسى، "تەبىئەتتىن ئىبارەت بۇ مەڭگۈلۈك ساھىپجامال"دىن ئايرىلماقچى بولغان غەرەزلەرنىڭ ھەرقانداق سەنئەتكارلارنى "مەنىۋى جەھەتتىكى غەيرىي نورمال باللار"غا

ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. شېۋچېنكو سەنئەتنىڭ تۇرمۇشتىكى چىنلىقى، ئاممىۋىلىقى ۋە يۈكسەك ئىدىيىۋىلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلدى. ئۇ رېئاللىقتىكى ئىدىيالىزمغا قارشى تۇردى. بۇنى ئۆزى بىلەن قارىمۇ-قارشى ئىدىيىۋى مەزھەپ دەپ ھېسابلىدى. شېۋچېنكونىڭ بۇ كۆزقاراشلىرى ئۇنىڭ "خاتىرە"سىدە روشەن ھالدا ئەكس ئېتىلگەن.

19-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرى ۋە 50-يىللىرىدا، يەنى چېرنى-شېۋسكى دەۋرىدە، ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدىيالىزمدىن ئىبارەت ئىككى لاگېر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە، شېۋچېنكو روسىيە ئىنقىلاۋىي دېمو-كراتىزمچىلىرى ۋە ماتېرىيالىستلىرى تەرەپتە تۇردى. ئۇنىڭ مەخپى تارالغان جەڭگىۋار شېئىرلىرى، يالىچىلىق تۈزۈمگە قارشى كۈرەشتىكى ئۆتكۈر قورال بولدى. شېۋچېنكو ئۇكرائىنادىكى ئىنقىلاۋىي ئىجتىمائى ئىدىيە ۋە ئۇكرائىنا مەدەنىيىتى (**فرانكو***، كوچيۇبىنسكى، لېسيا ئۇكرائىنكا قاتارلىق كىشىلەر)نىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا راۋاجلىنىشىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى.

**شيۇ جېڭجۇيى** **修正主义** **Ревизионизм** **ئىسلاھاتچىلىق*قا** قاراڭ

**شوپېنخاۋېر، ئارتۇر** **叔本华, 阿尔都尔** **Шопенгауэр, Артур** (1788—1860) گېرمانىيىنىڭ ئەكسىيەتچى ئىدىيالىست پەيلاسوپى، پرۇسسىيە ئاقسۆڭەك پومېشچىكلىرىنىڭ مۇتەپەككۇرى. شوپېنخاۋېرنىڭ «دۇنيا ئىرادە ۋە تەسەۋۋۇردۇر» دېگەن ئاساسىي ئەسىرى 1818-يىلى نەشر قىلىنغان، لېكىن شوپېنخاۋېر پەلسەپىسىنىڭ ئىناۋىتى 1848-يىل ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، يەنى بۇرژۇئازىيە خەلق ئاممىسىنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەركىتىدىن قورقۇپ كېتىپ، ئەكسىيەتچىلەر-نىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئاتقان چاغدا تىكلەنگەن ئىدى. شوپېنخاۋېر ئۆلگەندىن كېيىن. جاھانگىرلىك دەۋرىدە، ئۇنىڭ پەلسەپىسىنىڭ

تەسىرى ئېلىمىز كېڭەيدى. شوپېنخوئېر — ماتېرىيالىزم ۋە دىيالېكتىكىنىڭ دۈشمىنى، ئۇ مېتافىزىكىلىق ئىدىيالىزم ئارقىلىق ماتېرىيالىستىك دۇنياقاراش بىلەن قارشىلاشتى. شوپېنخوئېر **كانت*** نىڭ ھادىسە ئالەم تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ دېيدىغان سۇبيېكتىپ ئىدىيالىستىك نۇقتىسنەزىرىنى قوبۇل قىلدى، لېكىن كانتنىڭ بىلگىلى بولمايدىغان "ئۆزىدىكى نەرسە"سىنى ئىرغىتىپ تاشلىدى، ئۇ دۇنيانىڭ ئىرادىسى دۇنيانىڭ ماھىيىتىدىن ئىبارەت، دەپ تۇرۇۋالدى. شوپېنخوئېرنىڭ ئىرادىچىلىكىنىڭ ئومۇمى دىنىي نۇقتىسنەزەردىن پەرقلىنىدىغان يېرى شۇ يەردىكى، بۇنداق ئىرادىچىلىك دۇنيانىڭ قارغۇ، غەيرى ئەقلىي ۋە بىمەنە ئىرادىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇڭا شوپېنخوئېرنىڭ ئوبيېكتىپ ئىدىيالىزمى غەيرى ئەقلىيچىلىكىنىڭ بىر خىل شەكلى، چۈنكى ئۇنىڭ قارىشىچە، مەۋجۇداتلارنىڭ ئاساسى غەيرى ئەقلىي ئىرادىدىن ئىبارەت، بۇ خىل غەيرى ئەقلىي ئىرادە تەبىئەت دۇنياسى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىكلىكىنى چەتكە قاقىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىلمىي، لوگىكىلىق بىلىشنىڭ مۇمكىنلىكىنىمۇ چەتكە قاقىدۇ. شوپېنخوئېرنىڭ ئىدىيالىزمى ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە كەڭ يول ئېچىپ بەردى. شوپېنخوئېر ئىدىيالىزمىنىڭ شوپېنخوئېرنى جاھانگىر بۇرژۇئا مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتۈرگەن يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ئۈمىدسىزلىكتىن يەنى ئۆزىنىڭ ئىرادىچىلىككە ئاساسەن ھەرقانداق تارىخىي ئىلغار ھادىسىلەرنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت. شوپېنخوئېرنىڭ دۇنياقارىشى ئىنقىلاپقا، خەلققە، دېموكراتىيىگە نىسبەتەن ئۆچمەنلىككە تولغان؛ ئۇ ھەتتا بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىسلاھاتىدىنمۇ نەپرەتلىنىدۇ. شوپېنخوئېر ئىدىيۇلىگى بولغان، ئىلغار ۋە رېئالىستىك سەنئەتكە قارشى تۇرىدۇ. كىشىلەرنىڭ جانىجان مەنپەئەتىنى چەتكە قاقىدىغان، رېئاللىقتىن يىرگىنىدىغان ئەكسىيەتچىل

ئېستېتزىمنى تەرغىپ قىلىدۇ. ئۇ سالقىن، مەقسەتسىز ۋە ياسىپ بولغان بەدىي بۇۋاستە كۆزىتىشنى ئاكتىپ، ئىلغار، ئىدىيۇلىكى بار بەدىي ئىجادىيەتكە قارشى قويىدۇ. شوپېنخوئېر پەلسەپىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئالىدامچىلىق شۇكى، ئۇ بۇددا دىنىدىن ئۇغرىلىۋالغان ئېيىكېلىنىشكەن سىرلىق قايغۇ "نېرۋانە"، يەنى "ھاياتىي ئىرادە"نى بوغىۋېتىشنى مۇتلەق جىمجىتلىقنى تەرغىپ قىلىدۇ. جاھانگىرلىك مۇتەپەككۇرلىرى بۇ خىل ئەكسىيەتچىل پەلسەپىنى دەستەك قىلىپ، ئۇنى ئىجتىمائىي ئاڭنى زەھەرلەيدىغان بىر خىل ۋاستە قىلدى. شوپېنخوئېرنىڭ ئىرادىچىلىكى ۋە ئىنسانىيەتنى ئۆچ كۆرۈش ئىدىيىسى گېرمانىيە فاشىزىم ئىدىيە سېستېمىسىنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرى.

**Шулятиковщина 舒里雅齐柯夫主义 شۇلياتىكوۋچىلىق**

تارىخىي ماتېرىيالىزم نەزەرىيىسىنى چاكىنىلاشتۇرغان بىر خىل تەلىمات، روسىيە سوتسىيال دېموكراتى، ئەدىبىي شۇلياتىكوۋ (1872—1912)نىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. شۇلياتىكوۋچىلىقنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەشكىلىي شەكلىدىن بىۋاستە ئىدىيە ھادىسىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئىلىم-پەن، ئەدەبىيات ۋە پەلسەپىلەرنىڭ نىسبىي مۇستەقىللىقىنى ئىنكار قىلىپ، ھەرقانداق پەلسەپە كاتېگورىيىسى ئۈچۈن چاكىنىلىق بىلەن چۈشىنىلگەن "ئىجتىمائىي سىنىپلارنىڭ قىسمەتداشلىرى"نى تاپماقچى بولىدۇ. شۇلياتىكوۋچىلىق تارىخىي ماتېرىيالىزم نەزەرىيىسىنى قوپاللىق بىلەن بۇرمىلىدى. لېنىن شۇلياتىكوۋچىلىقنى ئەجەللىك پىرىنگە تەككۈزۈپ تەنقىت قىلغان ئىدى.

**Роль личности в истории 个人在历史上的作用 شەخسنىڭ تارىختىكى رولى**

بۇرژۇئا نەزەرىيىچىلىرى يا تارىخنىڭ ھەرقانداق قانۇنىيىتىدىن كوز يۇمۇپ، تارىخنى "ئۇلۇغ شەخسلەر" (خان، پادىشا، لەشكەر بېشى ۋە ۋەزىرلەر)نىڭ ئاڭلىق پائالىيىتى

دەپ قارايدۇ، يا كىشىلەر پائالىيىتىنىڭ ئەھمىيىتىنى چوكۇرۇپ، ئادەمنى قارىغۇلارچە مۇقەررەرلىكنىڭ، خۇدانىڭ ئىرادىسىنىڭ ياكى بىلگىلى بولمايدىغان تەقدىرنىڭ قورالى دەپ قارايدۇ. ئالدىنقىدەك ئەھۋالدا ئىرادىچىلىك نۇقتىنەزىرى ئاساس قىلىنىپ، تارىخ ھەمىشە "ئەنقەدىي ئاساستا پەيكەر قىلىدىغان" زىيالىلارنىڭ ياكى "قەھرىمان-لار"نىڭ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشى، ئارزۇسى ۋە غايىسى بويىچە يارىتىلغان بىر ساھە دەپ قارىلىدۇ. مەسىلەن، نارودنىكلارنىڭ "قەھرىمانلار" ۋە پاسسىپ "قارا خەلق" توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى ئەنە شۇنداق. كېيىنكىدەك ئەھۋالدا تارىخ تەقدىرچىلىك خاراكتې-رىغا ئىگە بولىدۇ: تارىختىكى ھەممە ئىشلار ئالدىن بەلگىلەنگەن، ئۇنىڭ يۈز بېرىشى كىشىلەرنىڭ پائالىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەپ قارىلىدۇ. مەسىلەن، "ئىقتىساتۇۋازلار"، مېنشېۋىكلار قاتارلىق چاكىنا ئىقتىسادىي ماتېرىيالىستلارنىڭ كۆزقارىشى مۇقەررەر ھالدا مۇشۇنداق تارىخ قاراشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ، ئىنقىلاۋىي پارتىيىنىڭ ئاكتىپ پائالىيىتىنىڭ ئەھمىيىتىنى چوكۇرۇپ، ئۆز مەيلىگە قويۇپ بېرىشنى قۇۋۋەتلەش، ئىلغار نەزەرىيە ۋە ئىلغار ئىدىيىنىڭ ئۇلۇغ رولىنى ئىنكار قىلىش — مانا بۇلار چاكىنا ئىقتىساتۇۋازلىق تارىخ قارىشىنىڭ ماھىيىتى.

ئىدىيالىستلار ۋە چاكىنا ماتېرىيالىستلارنىڭ ئەكسىچە، ماركسىزم-لېنىنىزم مۇنداق دەپ تەلىم بېرىدۇ: كىشىلەر ئۆز تارىخىنى ئۆزى يارىتىدۇ، لېكىن ئۇ مەڭگۈ كىشىلەرنىڭ تارىختىكى مۇئەييەن ماددىي شارائىتىغا باغلىق بولىدۇ. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئوبيېكتىپ ئىقتى-سادىي قانۇنىيەتلەرنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ قانۇنىيەتلەرنى كىشىلەر ھەم بىكار قىلالمايدۇ، ھەم يوقىتالمايدۇ. ئەمما كىشىلەر بۇ قانۇنى-يەتلەرنى بىلىۋالغان ھەمدە تارىخنىڭ مۇقەررەرلىكى بويىچە ھەركەت قىلغان ۋاقىتتا ئۆزگىرىشنىڭ جەريانىنى زور دەرىجىدە تېزلىتەلەيدۇ.

ئىلغار سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتى ھامان يېتىلگەن تارىخىي تەلەپلەرنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ، شۇڭا بۇ سىنىپلار ۋە ئۇلارنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى تارىختا پەيدا بولغان ۋەزىپىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ ۋە ئايرىم شەخسلەرنىڭ كۈچى دەل ئۇلارنىڭ ئوبيېكتىپ تارىخ جەريانىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان پائالىيەتلىرىدە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. "ئەگەر ئاتاقلىق شەخسلەرنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئارزۇسى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا، ئىلغار سىنىپنىڭ تەلەپلىرىگە زىت بولسا، ئۇ ھالدا، بۇنداق ئاتاقلىق شەخسلەر يارامسىز ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ؛ ئەكسىچە، ئاتاقلىق شەخسلەرنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئارزۇسى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ تەلەپلىرىنى، ئىلغار سىنىپنىڭ تەلەپلىرىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرسە، ئۇ ھالدا، ئۇلار ھەقىقىي ئاتاقلىق شەخسلەردىن بولالايدۇ." («سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى (بولشېۋىكلار) تارىخى قىسقىچە كۇرسى»، 1978-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 29-بەت) ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەرباپلىرى دەل مۇشۇنداق ھەقىقىي ئاتاقلىق شەخسلەرنىڭ ئۈلگىسى. پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتلىرىدە دۇنيا تارىخىدا تەڭ ئاتاقلىق ئەرباپلار مەيدانغا كېلىدۇ، ئۇلار ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنىڭ جەريانىغا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ماركسىزم كلاسسىكلىرى ئوبيېكتىپ بولغان يەنى كىشىلەرنىڭ ئىرادىسى ۋە ئېڭىنىڭ سىرتىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان، كىشىلەرنىڭ ئىرادىسى ۋە ئېڭىغا باغلىق بولمىغان جەمئىيەت تەرەققىياتى قانۇنىيىتىنىڭ ئېنىق بىلىملىرى بىلەن ئىشچىلار سىنىپىنى ۋە بارلىق ئەمگەكچى ئاممىنى قوراللاندۇردى ھەمدە بارلىق ئېكسپلاتاتسىيىگە، قۇل قىلىشقا قارشى تۇرۇش ۋە كوممۇنىزمنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بەردى. ماركس بىلەن

ئېنگېلس كوممۇنىزىم نەزەرىيىسىگە ئاساس سېلىپ بېرىپلا قالماستىن. بەلكى ئەڭ دەسلەپكى پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىي قوشۇنىنى تەشكىللىدى ھەمدە ئۇنى زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىگە قارشى تۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى. لېنىن ماركسىزىم تەلىماتىنى ئىجادىي رەۋىشتە راۋاجلاندۇردى، ئۇ، دۇنيادا تۇنجى ئىشچى-دېھقانلار سوتسىيالىستىك دۆلىتىنىڭ يەنى سوتسىيالىزىمنىڭ غەلىبە قىلىش دەۋرىنى ئاچقان دۆلەتنىڭ ئىلھامچىسى ۋە تەشكىلاتچىسى. لېنىن ئىشلىرىنىڭ ئۇلۇغ ۋارىسى ستالىن باشچىلىقىدىكى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىزىم سوۋېت ئىتتىپاقىدا غەلىبە قازاندى. ھازىر ياۋروپادا ۋە ئاسىيادا نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ خەلقلىرى ماركسىزىم-لېنىنىزىم ئىدىيىسىنىڭ ئىلھامى ئارقىسىدا سوتسىيالىزىمغا قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە. پرولېتارىيات داھىيلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى دۇنيانى ئۆزگەرتىدىغان تەشكىلىي پائالىيەتلەر، ئىنقىلاپ ئەمەلىيىتى پائالىيەتلىرىنى ئوبيېكتىپ تارىخ تەرەققىياتى توغرىسىدىكى چوڭقۇر نەزەرىيىۋى يىغىنچاقلاش بىلەن ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋى ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش داۋامىدا ئىشچىلار ۋە دېھقانلار ئارىسىدىن مۇنەۋۋەر سىياسىي ئەربابلار، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە ھەربىي ئىشلار ئەربابلىرى يېتىشىپ چىقتى. ماركسىزىم مۇنداق دەپ تەلىم بېرىدۇ: ھەقىقىي كوممۇنىزىمچى رەھبەرلەر شۇنداق رەھبەرلەر بولۇشى لازىمكى، ئۇلار ئەمگەكچى ئامما بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلايدىغان ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ بىلىمى ۋە قابىلىيىتى ئارقىلىق مۇشۇ ئامما ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بولۇشى، ئۇلار ئىشچىلار ۋە دېھقانلارنى تەربىيىلەشكە ماھىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىشچىلار ۋە دېھقانلاردىن ئۆگىنىشكىمۇ ماھىر بولۇشى. يۈز مىليونلىغان ئەمگەكچى

ئامما — تارىختىكى ئاساسىي شەخسلەر، تارىختىكى ھەل قىلغۇچ كۈچ. بۇرژۇئازىيە ئەرباپلىرىنىڭ ئاجىز-ئىقتىدارسىز بولۇشى ۋە مۇقەررەر ھالدا مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇلار پەقەت ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدىغان تار تەبىقىنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىنلا ئىبارەت. پىرولېتارىياتنىڭ داھىسى، ئەمگەكچى ئاممىنىڭ رەھبىرى شۇنىڭ ئۈچۈن كۈچ-قۇدرەتكە ئىگىكى، ئۇلار خەلق بىلەن، ئامما بىلەن مۇناسىۋەت باغلايدۇ، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ.

ماركسىزم-لېنىنىزم، تارىخنىڭ ئاساسىي كۈچىسى، مەيلى ئۇنىڭ قانچىلىك ئاتاقلىق شەخس بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، شەخس ئەمەس، بەلكى خەلق ئاممىسى يەنى ھەممە بايلىقنى ئىشلەپچىقارغۇچىلاردۇر، دېگەننى چىقىش نۇقتىسى قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ماركسىزم-لېنىنىزم شەخسكە چوقۇنۇشنىڭ ھەرقاندىقىغا قارشى تۇرىدۇ. شەخسكە چوقۇنۇش بۇرژۇئازىيىنىڭ خەلققە قارشى پارتىيە-گۇرۇھلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتى بولۇپ، بۇ پارتىيە-گۇرۇھلار ئەمگەكچى ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە ئۆپپەتتىن قارىمۇ-قارشى بولغان مەنپەئەتنى قوغدايدۇ، ئۇلار بۇنىڭدا پەنگە قارشى بولغان ئىدىيالىستىك جەمئىيەت تەرەققىياتى نۇقتىئەزىرىنى ئاساس قىلىدۇ. پىرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازلىرى ئايرىم شەخسلەرنى ئۇچۇرۇپ كۆككە كۆتۈرۈشكە قارشى تۇرۇپ كەلدى ھەمدە خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدىغان قاراشقا رەددىيە بېرىپ كەلدى. ماركس مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: "...... شەخسكە چوقۇنۇشنىڭ ھەرقاندىقىنى يامان كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن، ئىنتېرناتسىونال تېخى مەۋجۇت ۋاقتىدا مەن زادىلا مېنىڭ تۆھپەمنى ئېتىراپ قىلىپ ۋە مېنى بىزار قىلىپ ھەرقايسى مەملىكەتلەردىن كەلگەن نۇرغۇنلىغان

خەتلەرنى ئېلان قىلدۇرمايتتىم، ــ ئاندا ــ ساندا ئۇلارغا رەددىيە
بېرىش ئۈچۈن جاۋاپ قايتۇرغاندىن باشقا زادى جاۋاپ قايتۇرمايتتىم.
ئېنگېلس بىلەن ئىككىمىز دەسلەپتە كوممۇنىزمچىلارنىڭ مەخپىي
تەشكىلاتىغا قاتنىشىدىغان چاغدا نىزامنامىدىكى نوپۇزلۇق كىشىلەرگە
قارىغۇلارچە چوقۇنۇشنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممى-
سىنى چىقىرىۋېتىشنى شەرت قىلغان ئىدۇق......" («ماركس-
ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، رۇسچە 1-نەشرى، 26-توم، 487—488-
بەتلەر) ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلار ئۆزىنىڭ پۈتۈن
زېھنى كۈچىنى ۋە بىلىمىنى يۈز مىليونلىغان ئەمگەكچى خەلقنى
تەربىيىلەشكە ۋە تەشكىللەشكە، ئۇلارنى ئاڭلىق ھالدا ئىجادىي
پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا ھەركەتلەندۈرۈشكە سەرپ قىلدى. چۈنكى
ئۇلار شۇنداق قىلغاندا، پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا سوتسىيالىستىك
ھەركەتنىڭ غەلبىسىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ دەپ قارايتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ توھپىسى
شۇ بولدىكى، ئۇ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى
بويىچە مەملىكەت ئىچىدىكى ئىشچىلار سىنىپىنى ۋە ئەمگەكچى دېھقان-
لارنى زەتىپ، چىرىك پومىششىك ۋە كاپىتالىزم تۈزۈمىگە ھۇجۇم
قىلىپ، يېڭى سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى قۇرۇشقا رىغبەتلەندۈردى ۋە
ئۇيۇشتۇردى. كوممۇنىستىك پارتىيە سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ
رەھبىرى، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ پۈتۈن پائالىيىتىنى بىر
نىشانغا ــ مۇكەممەل كوممۇنىزم جەمئىيىتى قۇرۇشقا يېتەكلىدى.

**شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ پەرقلەر ۋە بۇ**
**城市和乡村间的重大差别以及 پەرقلەرنى يوقىتىشنىڭ يولى**
**Существенное различие между 消灭这些差别的途径**
**городом и деревней и пути его ликвидации**

كوممۇ-
نىستىك پارتىيە ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە ئاساسەن سوۋېت

جەمئىيەتنىڭ سوتسىيالىزمدىن كوممۇنىزمغا قاراپ راۋاجلىنىش يولىنى بەلگىلىدى. سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ پەرقلەرنى يوقىتىش مەسىلىسى كوممۇنىزمغا ئۆتۈش مەسىلىسىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھىسابلىنىدۇ.

سوتسىيالىزمنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا غەلىبە قىلىشى بىلەن **شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىق*** يوقىتىلدى. كوممۇنىزم قۇرۇش جەريانىدا سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ ئالدىغا بىر يېڭى مەسىلە يەنى شەھەر (سانائەت) بىلەن يېزا (يېزا ئىگىلىكى) ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ پەرقلەرنى يوقىتىش مەسىلىسى قويۇلدى. بۇ مەسىلە خاراكتېر جەھەتتىن شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىقنى يوقىتىش مەسىلىسىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ، ئىلگىرى ماركسىزىم كلاسسىكلىرى بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويمىغان، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدا سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

يېزا ئىگىلىكى بىلەن سانائەت ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ پەرقلەر ئالدى بىلەن، بەلكى ئاساسەن توۋەندىكىچە: سوۋېت ئىتتىپاقىدا سانائەتتە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە ۋە مەھسۇلاتلارغا بولغان ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى مەۋجۇت. يېزا ئىگىلىكىدە بولسا كوللىكتىپ ۋە كولخوز مۈلۈكچىلىكى مەۋجۇت. بۇ ئىككى خىل مۈلۈكچىلىك شەكلى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى ئىككى سىنىپ يەنى ئىشچىلار سىنىپى بىلەن دېھقانلارنىڭ ئورنى جەھەتتىكى پەرقنى بەلگىلىگەن. بىردە ئىككى خىل ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى يەنى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تارماقلار بىلەن كولخوز تارماقلىرى مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن تاۋار مۇئامىلىسى خەلق ئىگىلىكى سېستېمىسىدىكى زۆرۈر ۋە

ئىنتايىن پايدىلىق بولغان ئامىل سۈپىتىدە ساقلىنىپ قېلىشى كېرەك. نۆۋەتتە سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ خاراكتېرىغا تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. ۋاھالەنكى، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى تەرەققىيات جەريانىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدىن ئارقىدا قېلىش ئەھۋالى بولۇپ تۇرىدۇ ھەمدە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا قانۇنىيەتلىك ھالدا زىددىيەت پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ، ئالدى بىلەن، كوللېكتىپ ۋە كولخوز مۈلۈكچىلىكى شۇنىڭدەك تاۋار مۇئامىلىسى قاتارلىق ئىقتىسادىي ھادىسىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ھازىرقى باسقۇچتا سوۋېت جەمئىيىتى بۇ ئىقتىسادىي ھادىسىلەردىن ئۈنۈملۈك ھالدا پايدىلىنىپ سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرماقتا. ئۇلار بىزنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن زور پايدا يەتكۈزمەكتە ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ پايدا يەتكۈزىدۇ. شۇڭلاشقا، ھازىرقى باسقۇچتىكى ۋەزىپە كولخوز تۈزۈمىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، سوۋېتلەر سودىسىنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت. مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىقلا كېلىچەكتە كولخوز مۈلۈكچىلىكىنى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى سەۋىيىسىگە ئۆستۈرۈش ئۈچۈن شارائىت ياراتقىلى بولىدۇ.

پۈتۈن ئىشلەپچىقىرىشنى جۈملىدىن كولخوزنىڭ ئومۇمىي ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرغاندىلا، ئاندىن شەھەر (سانائەت) بىلەن يېزا (يېزا ئىگىلىكى) ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ پەرقلەرنى يوقىتىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغىلى بولىدۇ. كوممۇنىستىك پارتىيە يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ سۈرئىتىنىڭ سانائەت تەرەققىياتىنىڭكىدىن زور دەرىجىدە ئارقىدا قالغانلىقىدەك ئەھۋالنى كۆرسىتىپ بەردى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك تارىخىي خاراكتېرلىق قارارلىرىدا يېزا ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشتىن

ئىبارەت جەڭگىۋار پىروگراممىلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. پارتىيە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش (پۈتۈن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسى) توغرىسىدا، بوز يەر ۋە بىنەم يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈش توغرىسىدا، ئومۇمى ئىگىدارلىقىدىكى چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش، شۇنىڭدەك پاختا ۋە كوكتات ئىشلەپچىقىرىشنى ئۇستۈرۈش توغرىسىدا، يېزا ئىگىلىكىدىكى قۇدرەتلىك سانائەت بازىسى بولغان ماشىنا-تىراكتور پونكىتلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا كونكرېت پىروگراممىلارنى تۈزۈپ چىقتى. پارتىيە تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ كولخوز ۋە كولخوزچىلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدىكى ماددى مەنپەئەت پىرىنسىپىغا ئەستايىدىللىق بىلەن رىئايە قىلدى.

پارتىيىنىڭ بۇ قارارلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى كوممۇنىستىك قۇرۇلۇش يولىدا زور بىر قەدەم ئاتلانغانلىقىنى دېرەك بېرىدۇ.

كولخوز مۈلۈكچىلىكىنىڭ ئومۇمى خەلق مۈلۈكچىلىكى سەۋىيىسىگە ئۇستۈرۈلۈشى ۋە شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ پەرقلەرنىڭ يوقىتىلىشىغا ئەگىشىپ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسىنى باشقۇرۇشقا ھوقۇقلۇق بولغان، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى پەيدا بولۇپ، ھىلىقى ئىككى ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش تارمىقىنىڭ يەنى دولەت ئىگىلىكىدىكى تارماقلار بىلەن كولخوز تارماقلىرىنىڭ ئورنىغا دەسسەيدۇ. سوتسىيالىزم باسقۇچىدا، ئىككى خىل سوتسىيالىستىك مۈلۈكچىلىك شەكلى مەۋجۇت بولغان شارائىتتا ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ تەقسىم قىلىنىشى ئاساسىي جەھەتتىن سودا ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. سوۋېتلەر سودىسى دولەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت بىلەن سوتسىيالىستىك يېزا ئىگىلىكى ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنىڭ ئومۇمى سىستېمىسى ئىچىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر

ھالقا. شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ پەرقلەر كوممۇنىزم جەمئىيىتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىغا بارغاندا يوقىلىدۇ. شۇ چاغدىلا تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى، تاۋار مۇئامىلىسى ۋە پۇل يوقىلىدۇ، ئىشچىلار سىنىپى بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرىسىدىكى سىنىپىي پەرق يوقىلىدۇ. بۇ ھال جەمئىيەتنىڭ سوتسىيالىزمدىن كوممۇنىزمغا ئۆتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ھالبۇكى، سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكى ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ پەرقلەرنىڭ يوقىلىشى بىلەن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەممە پەرق يوقىلىپ كەتمەيدۇ، سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكىدىكى خىزمەت شارائىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، مەلۇم پەرق، گەرچە چوڭ پەرق بولمىسىمۇ، شەك-شۈبھىسىز يەنە ساقلىنىپ قالىدۇ.

**شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىق**

**Противоположность между городом и деревней 城市和乡村间的对立**

ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ راۋاجلىنىشى، جەمئىيەتنىڭ سىنىپلارغا بۆلۈنۈشى ۋە شەھەرلەرنىڭ يېزىلاردىن ئايرىلىپ چىقىشىغا ئەگىشىپ، تارىختا شەھەر ۋە يېزا ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈر قارىمۇ-قارشىلىق ۋە يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە شەھەرلەرگە قارىغاندا ئىنتايىن ئارقىدا قېلىش ئەھۋالى شەكىللەندى. پەقەت خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك دائىرىسىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بۇنداق قارىمۇ-قارشىلىق كاپىتالىزم شارائىتىدا ئىنتايىن كەسكىنلىشىدۇ. كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە، يېزا ئىگىلىكى قالاق تېخنىكا ئاساسىدا، تالان-تاراج قىلىش ئۇسۇلى بىلەن باشقۇرۇلىدۇ. يەر ئىجارىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشى، دېھقان ئۇششاق خۇسۇسىي مۈلۈكدارلارنىڭ قەرزگە بوغۇلۇپ كېتىشى ھەمدە كۈندىن-كۈنگە ۋەيران بولۇشى، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئىنتايىن تۆۋەن بولۇشى ئارقىسىدا، يېزىلار شەھەرلەردىن كۈندىن-كۈنگە

ئارقىدا قالىدۇ.

شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىقنى مەنپەئەت جەھەتتىكى قارىمۇ-قارشىلىق دەپ چۈشىنىش كېرەك. بۇنداق قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى شەھەرلەرنىڭ يېزىلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشى، ئەمگەكچى دېھقانلارنىڭ كاپىتالىزم تەرەققىياتى جەريانىدا ۋەيران بولۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ۋەكىللىكىدىكى شەھەرلەر يېزىلارنى (يەنى ئەمگەكچى دېھقانلارنى) ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. "كاپىتالىزم شارائىتىدا، شەھەرلەر يېزىلارغا يېزىلارنى سىياسى، ئىقتىسات، ئەخلاق ۋە جىسمانى جەھەتلەردىن چىرىتىدىغان نەرسىلەرنى بېرىدۇ." («لېنىن ئەسەرلىرى»، 1957-يىل خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 33-توم، 421-بەت) جاھانگىرلىك شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىقنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى، بۇنداق قارىمۇ-قارشىلىق مۇستەملىكىچى دۆلەت بىلەن مۇستەملىكىلەر، سانائەت دۆلىتى بىلەن يېزا ئىگىلىك دۆلىتى ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىق بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ھازىرقى زامان مونوپول كاپىتالىزمى ئەڭ زور دەرىجىدىكى پايدىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، تۈرلۈك ئۇسۇللار (مەسىلەن، سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ باھاسىنى ناھايىتى يۇقىرى، يېزا ئىگىلىك بۇيۇملىرىنىڭ باھاسىنى بەك تۆۋەن بەلگىلەش، يەر باھاسىنى يۇقىرى بەلگىلەش، ئېغىر يەر ئىجارىسى ئېلىش شەكىللىرى قاتارلىقلار) ئارقىلىق دېھقانلار ئۈستىدىكى ئېكسپلاتاتسىيىسىنى كۈچەيتىدۇ.

ماركس بىلەن ئېنگېلس: شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىقنى پەقەت كاپىتالىزم يوقىتىلغاندىن كېيىنلا ئاندىن يوقاتقىلى بولىدىغانلىقىنى؛ شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ يوقىتىلىشى خۇددى جىسمانى ئەمگەك بىلەن

ئەقلىي ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ يوقىتىلىشىغا ئوخشاش جەمئىيەتتىكى ھەرقانداق سىنىپىي پەرقنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇۋېتىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ئىلمىي ھالدا دەلىللەپ بەردى. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "سىنىپلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىش ئۈچۈن، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنى، يەنى پومېشچىك ۋە كاپىتالىستلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ھەم ئۇلارنىڭ مۈلۈكچىلىكىنى بىكار قىلىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان **ھەرقانداق** خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى بىكار قىلىش، شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى، جىسمانىي ئەمگەكچىلەر بىلەن ئەقلىي ئەمگەكچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى يوقىتىش لازىم." («ئۇلۇغ باشلىنىش»، 1975-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 23-بەت)

ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىقنى يوقىتىش ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق ھالدا ئورۇنلاش ئۈچۈن بارلىق زۆرۈر شەرتلەرنى ھازىرلاپ بەردى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئالدىنقى شەرت ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى يوقىتىشتىن ئىبارەت. چار روسىيىدە دېھقانلار ئاھالىسىنىڭ 65 پىرسەنتى كەمبەغەل دېھقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش قورالى ياغاچ ساپان ئىدى. ئۇ چاغدا يېزىلار نامراتلىق، قالاقلىق ۋە نادانلىق ھالىتىدە ئىدى. دۆلەتنىڭ سانائەتلەشتۈرۈلۈشى ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ كوللېكتىپلاشتۇرۇلۇشى سوۋېت ئىتتىپاقى يېزىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تۈپ-ئاساسىدىن ئۆزگەرتىۋەتتى. دۇنيادا كۆلىمى ئەڭ زور بولغان، سوتسىيالىستىك مۈلۈكچىلىكنى ئاساس قىلغان، ئەڭ ئىلغار يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى بىلەن قوراللانغان يېزا ئىگىلىكى مەيدانغا كەلدى. سوتسىيالىستىك مۈلۈكچىلىك يېزا ئىگىلىكىدە

پۈتۈنلەي ھوكۇمران ئورۇننى ئىگەللىدى. شەھەرلەرنىڭ يېزىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى دوستانە مۇناسىۋەت، شەھەرلەر يېزىلاردىكى مىڭلىغان يىللاردىن بۇيانقى ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى قالاقلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن زور كۈچ بىلەن ياردەم قىلدى. سوۋېت دۆلىتى يەرلەرنى كولخوزنىڭ مەڭگۈ ئىشلىتىشىگە تاپشۇرۇپ بەردى. سوۋېت ھاكىمىيىتى يىللىرىدا، سوۋېت ئىتتىپاقى يېزىلىرى ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا غايەت زور سەكرەپ ئىلگىرىلەشنى باشتىن كەچۈردى. يېزا ئىگىلىكىدە يۈز مىڭلىغان مەلىكىلىك تىراكتورچىلار، كومباينچىلار، ۋە شوپۇرلار قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ، يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇردى. دۆلەت دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋە ماشىنا-تىراكتور ئىستانسىلىرى يۈكسەك سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى يېزىلارغا ئېلىپ كىردى. ئۆزۈن-ئۆزۈن يېڭى يوللار ياسالدى. توك يېزىلاردىكى كۆندىلىك تۇرمۇشتا ئومۇمىي يۈزلۈك ئىشلىتىلىشكە باشلىدى، تېلېفون، تېلېگرامما ۋە رادىيو يېزىلارنى باشقا جايلار بىلەن تۇتاشتۇردى. كۇلۇپ، قىرائەتخانا، تەجرىبىخانا، كىنوخانا ۋە كۈتۈپخانىلار ئومۇمىي يۈزلۈك قۇرۇلدى. يېزا ئىگىلىك ئىلمى كوللېكتىپ دېھقانلارنى مول ھوسۇل ئېلىش توغرىسىدىكى بىلىملەر بىلەن قوراللاندۇردى، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدا شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ يوقىتىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ھازىر، كوممۇنىستىك پارتىيە ۋە سوۋېت دۆلىتى يېزا ئىگىلىكىنى يېڭى ۋە كۈچلۈك دەرىجىدە يۈكسىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان پۇروگراممىنى يولغا قويماقتا، بۇ پۇروگراممىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئاھالىلەرنىڭ خەلق ئىستېمال بۇيۇملىرىغا بولغان كۈندىن-كۈنگە ئۆسۈۋاتقان تەلىۋىنى تولۇق قاندۇرىدۇ ھەمدە يېنىك سانائەتنى ۋە يېمەك-ئىچمەك سانائىتىنى خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەيدۇ.

شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا سوتسىيالىزىمنىڭ غەلىبە قىلىشى بىلەن يوقالدى. لېكىن بۇ شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدا ھازىر ھېچقانداق پەرق قالمىدى دېگەنلىك ئەمەس. شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدا يەنە چوڭ پەرقلەر مەۋجۇت. بۇ پەرقلەرنى سوتسىيالىزىمدىن تەدرىجىي ھالدا كوممۇنىزىمغا ئۆتۈش جەريانىدا تۈگىتىپ كەتكىلى بولىدۇ. (**شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ پەرقلەر ۋە بۇ پەرقلەرنى يوقىتىشنىڭ يولى***غا قاراڭ)

**شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىقنىڭ يوقىتىلىشى** Уничтожение противоположности между городом и деревней 城市和乡村间对立的消灭 **شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىق***قا قاراڭ.

**شەكىل لوگىكىسى** Формальная логика 形式逻辑 تەپەككۇر قانۇنىيىتى ۋە تەپەككۇر شەكلى توغرىسىدىكى پەن. ئۇ **ئارىستوتېل*** دەۋرىدىن باشلاپلا شەكىللەنگەن. شەكىل لوگىكىسى بىزگە توغرا تەپەككۇر قىلىش لازىملىقىنى، پىكىرنىڭ مەنىداشلىقى، زىددىيەتسىزلىكى، مۇئەييەنلىكى، چىنلىقى، تۇتاشلىقىغا رىئايە قىلىش لازىملىقىنى ئۆگىتىدۇ. ئەگەر تەپەككۇرنىڭ ئىچكى زىددىيىتى بولسا، ئۇ قالايمىقان بولسا، تۇتاشلىقى بولمىسا، ئۇنداقتا، ئۇ ھەر-قانداق پەننى بىلمىگە، يا ئۇنداق، يا مۇنداق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى مەقسەت قىلغان، تولۇق ئاساسقا ئىگە ھۆكۈملەرگە ئىگە بولالمايدۇ. "'لوگىكا جەھەتتىكى زىددىيەتلىكلىك'— ئەلۋەتتە توغرا لوگىكىلىق تەپەككۇر شارائىتىدا— مەيلى ئىقتىسادىي تەھلىلدە بولسۇن، ياكى سىياسىي تەھلىلدە بولسۇن، ھېچقايسىدا بولماسلىقى لازىم." («لېنىن ئەسەرلىرى»، رۇسچە 4-نەشرى، 23-توم، 29-بەت)

شەكىل لوگىكىسى تەپەككۇرنىڭ 4 تۈپ قانۇنىيىتىنى ئوتتۇرىغا قويىدى: (1) پىكىر مەنىداش بولۇشى كېرەك. ئوخشاشلىق قانۇنىيىتىدە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلىدۇ: تۈرلۈك شەيئىلەرنى توغرا ھالدا تونۇش، تۈرگە ئايرىش ياكى پەرقلەندۈرۈشكە ماھىر بولۇش لازىم، بىر ئۇقۇمنى يەنە بىر ئۇقۇمنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ھەرقانداق ھۆكۈم، تالاش-تارتىش ۋە مۇھاكىمىلەردە، ھەر بىر ئۇقۇم ئوخشاش مەنىدە قوللىنىلىشى كېرەك. (2) پىكىردە زىددىيەت بولماسلىقى لازىم. لوگىكىنىڭ زىددىيەت قانۇنىيىتى مەسىلىلەر توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ياكى تەھلىل قىلىش جەريانىدا زىتلىقنىڭ بولۇشىنى مەنئى قىلىدۇ. ناتوغرا ھۆكۈمدىكى زىددىيەتنى ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى زىددىيەتتىن، دىيالېكتىك زىددىيەتتىن پەرقلەندۈرۈش لازىم. ناتوغرا ھۆكۈمدىكى زىددىيەتلەرگە يول قويۇلمايدۇ. مەسىلەن، توغرا دەپ ھېسابلىغان قائىدىسىنى يەنە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ناتوغرا دېيىشكە بولمايدۇ. (3) ئوتتۇرا ھالەتنى رەت قىلىش قانۇنىيىتى بىرگە مۇنۇلارنى ئۇقتۇرىدۇ: توغرا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە توغرا چۈشىنىلگەن ئوخشاش بىر مەسىلىگە پىكىرنىڭ ھەرقانداق مۇئەييەنلىكىنى قايرىپ قويۇپ، قارارلاشتۇرۇپ جاۋاپ بەرمەسلىككە ـ يەنى يا "ھە"، يا "ياق" دەپ جاۋاپ بەرمەسلىككە يول قويۇلمايدۇ. مەسىلىنى تېگىشلىك يوسۇندا مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قارارلاشتۇرۇپ جاۋاپ بېرىش لازىم. بىر بىرىگە زىت بولغان ئىككى ھۆكۈمنىڭ چوقۇم بىرى راست، بىرى يالغان ھۆكۈم بولىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا 3-خىلى بولمايدۇ، ياكى ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا: A دىگەن B بولىدۇ، ياكى B بولمايدۇ. (4) ھەرقانداق پىكىر ئاساسقا ئىگە بولغان چاغدا، ئۇ يەنە بىر خىل توغرا ئىدىيە (بۇ خىل توغرا ئىدىيە شۇ چاغدىكى ئەھۋال ئاستىدا ئۇنىڭ سەۋەبى بولىدۇ)دىن چىقىرىلغان نەتىجە

بولغان چاغدا، ئۇ ئاندىن توغرا (تولۇق ئاساس قانۇنى) بولىدۇ. شۇڭا، تەبىئەتكى تۇتاش بولۇشى كېرەك. تولۇق ئاساس قانۇنى بىزگە: A نىڭ بولۇشىغا B نىڭ بولۇشى سەۋەب بولىدۇ، دەپ ئۆگىتىدۇ. مەسىلەن، ستالىن ئامېرىكىنىڭ تۇنجى ئىشچىلار ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن قىلغان سۆھبىتىدە تاشقى سودىدىكى مونوپولىيە تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش مۇمكىنمۇ، يوق؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب بەرگەندە مۇنداق دېگەن ئىدى: "ۋەكىللەر ئۆمىكى سوۋېت ئىتتىپاقى پرولېتارىياتىنىڭ بۇرژۇئازىيە ۋە پومېشىكلارنى زاۋۇت-فابرىكا، يەر، تۆمۈريول، بانكا ۋە كانلاردىن مەھرۇم قىلغانلىقىغا بەلكىم قارشى بولمىسا كېرەك.

لېكىن مەن ۋەكىللەر ئۆمىكى پرولېتارىياتنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماي، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، بۇرژۇئازىيىنى سىياسىي ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلغانلىقىنى كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمەيرەك تۇرىدۇغۇ، دەپ ئويلايمەن. مېنىڭچە بۇ لوگىكىغا ئانچە تولۇق ئۇيغۇن ئەمەس ياكى توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، لوگىكىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن ئەمەس..... مېنىڭچە، لوگىكا جەھەتتە چوقۇم شۇنداق بولىدۇ، ئومۇمەن سىياسىي ھوقۇقنى بۇرژۇئازىيىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە بولىدۇ، دەپ ھېسابلىغان كىشى، ئەگەر لوگىكىغا ئۇيغۇن قىلماقچى بولىدىكەن، ئۇنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، زاۋۇت-فابرىكىلار، تۆمۈريول ۋە بانكىلارنىمۇ بۇرژۇئازىيىگە قايتۇرۇپ بېرىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇقەررەر." («ستالىن ئەسەرلىرى»، 1954-يىل خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 10-توم، 100-بەت) بۇ مىسال پىكىرنىڭ تۇتاشلىقى ۋە لوگىكىلىقىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغان تەپەككۇرنىڭ 4 لوگىكىلىق قانۇنىيىتىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، شەكىل لوگىكىسى پىكىرنىڭ تۇتاشلىقى ۋە لوگىكىلىقى توغرىسىدىكى ئەڭ

ئومۇمى قائىدىنى رىئايە قىلىش شەرت بولغان، ئەڭ ئومۇمى ۋە دەسلەپكى تەپەككۇر قانۇنىيىتى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

شەكىل لوگىكىسى تەپەككۇرنىڭ تۈپ قانۇنىيىتى ۋە قائىدىلىرىنى بەلگىلەيدۇ. ئاندىن كېيىن تەپەككۇر جەريانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى تۈرلۈك شەكىللەرنى تەكشۈرىدۇ. ئۇقۇم، ھۆكۈم ۋە ئەقلىي خۇلاسە شەكىل لوگىكىسىنىڭ ئۈچ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلغان تەپەككۇر شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇقۇم قىسمىدا شەكىل لوگىكىسى ئۇقۇمنىڭ تۈرلىرى، تۈرلۈك ئۇقۇملارنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشى، ئۇقۇمنى شەكىللەندۈرۈشتىكى لوگىكىلىق ئۇسۇل، ئۇقۇمنىڭ دائىرىسى بىلەن خاس مەزمۇنى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى بەلگىلەيدۇ، ئۇقۇمنىڭ تەبىرى، تۈرگە ئايرىلىش ئۇسۇلى ۋە قائىدىلىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھۆكۈم قىسمىدا، شەكىل لوگىكىسى ھۆكۈمنىڭ قۇرۇلۇشى، ھۆكۈمنىڭ ئاساسىي تۈرلىرى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ. شەكىل لوگىكىسى ئۆزىنىڭ بۇ ئەڭ كەڭ مەزمۇنغا ئىگە قىسمىدا ئەقلىي خۇلاسە توغرىسىدىكى ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئەقلىي خۇلاسىنىڭ خىللىرى ۋە ئۇسۇللىرىنى تۈرگە ئايرىيدۇ، ئۈچ باسقۇچلۇق يەكۈن چىقىرىش ئۇسۇلى، ئۈچ باسقۇچلۇق يەكۈن چىقىرىش ئۇسۇلى قائىدىسى، ئۈچ باسقۇچلۇق يەكۈن چىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ شەكلى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى راۋاجلاندۇرىدۇ، يەنە ئەقلىي خۇلاسە بىلەن يىغما ئەقلىي خۇلاسىنىڭ بىلىش جەريانىدىكى ئەھمىيىتى، رولى ۋە باشقىلارنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئاخىرىدا شەكىل لوگىكىسى ئىسپاتلاش ئۇسۇلى ۋە قائىدىسىنى تەتقىق قىلىدۇ، ئىسپاتلاشنىڭ لوگىكىلىق تەپەككۇر جەريانىدىكى رولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شەكىل لوگىكىسىنىڭ مەزمۇن ۋە ۋەزىپىلىرىنى تەتقىق قىلغاندا مۇنداق بىر يەكۈننى چىقىرىشقا بولىدۇ؛ شەكىل لوگىكىسى گويا لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ گىرامماتىكىسىغا

ئوخشايدۇ. گىراماتىكا سۆزنىڭ ئۆزگىرىش قائىدىسى ۋە سۆزدىن جۈملە تۈزۈش قائىدىسىنى بەلگىلەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن تىل رەتلىك، مەزمۇنلۇق خاراكتېرغا ئىگە بولىدۇ. لوگىكا دەل گىراماتىكىغا ئوخشاش، تەپەككۇرنى رەتلىك، مەزمۇنلۇق خاراكتېرغا ئىگە قىلىدۇ. گىراماتىكا بىلەن لوگىكىنىڭ مۇنداق بىر ئورتاقلىقى بار: ئۇلار قىسمەن ۋە كونكرېت نەرسىلەردىن ئابستراكسىيە قىلىپ چىقىلغان، ئۇلار ئومۇمىي قائىدە ۋە قانۇنىيەتلەرنى بەلگىلەيدۇ. بۇ قائىدە ۋە قانۇنىيەتلەر كىشىلەرنى توغرا ھالدا سۆزلەردىن جۈملە تۈزۈش، سۆز (گىراماتىكا)نى ئۆزگەرتىش، ئۆز پىكرىنى توغرا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇستىلىق بىلەن ئۇقۇم ئارقىلىق ھۆكۈم ھاسىل قىلىش، ھۆكۈم ئارقىلىق ئەقلىي يەكۈن ھاسىل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ، ۋاھاكازالار (لوگىكا).

شەكىل لوگىكىسىنىڭ قانۇنىيەت ۋە قائىدىلىرى ئومۇمىي يۈزلۈك بولىدۇ، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولىدۇ. بۇ قانۇنىيەت ۋە قائىدىلەر بولمىسا، ھەرقانداق بىلىش جەريانىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. لوگىكا قانۇنىيىتى ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى ھادىسىلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئوبيېكتىپ ئىلمىي قانۇنىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تىلغا ئوخشاش، بۇ قانۇنىيەت ۋە قائىدىلەر ھەممە ئادەمنىڭ تەپەككۇر قىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ قايسى سىنىپتىن بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر. شۇڭا، خۇددى سىنىپىيلىققا ئىگە گىراماتىكىنىڭ بولمىغىنىدەك ۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن بولمىغىنىدەك، ئۇلاردىمۇ سىنىپىيلىق بولمايدۇ ۋە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئوخشاش بولمىغان سىنىپلارغا تەۋە كىشىلەر بىر بىرىنى چۈشىنەلمەي قالىدۇ. شەكىل لوگىكىسىنىڭ قانۇنىيەت ۋە قائىدىلىرى تەپەككۇرنىڭ تەبىي جەريانىنىڭ قانۇنىيىتى ۋە قائىدىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، لوگىكىلىق تەپەك-

كۆرنىڭ بۇ قانۇنىيەت ۋە قائىدىلىرى توغرىسىدىكى تۈرلۈك تەلىماتلار تەپەككۇر قانۇنىيىتىنى بۇرمىلىشى مۇمكىن، بەلكى بۇرمىلاۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئىدىيالىستلار شەكىل لوگىكىسىنى تۇققۇل شەكىللۇۋازلىقچە بولغان، ئوبيېكتىپ رېئاللىقتىن ئايرىلغان بىر پەن قىلىپ قويىدۇ. ئۇنىڭغا، لېنىن شەكىل لوگىكىسىنى تەنقىد قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ئۈستىدە توختالغان چاغدا، كونا لوگىكىغا "تۈزىتىش كىرگۈزۈش"نى، يەنى شەكىل لوگىكىسىنى تۈرلۈك بۇرمىلاشلار ۋە ئىدىيالىستىك شاكاللاردىن قۇتقۇلدۇرۇۋېلىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. لېكىن، شەكىل لوگىكىسى شەيئىلەرنىڭ ئەڭ ئاددىي باغلىنىشى ۋە مۇناسىۋىتىنى ئېچىپ كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭغا قانداق تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ دىيالېكتىك لوگىكىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ بىردىن-بىر قورالى تەبىئەت دۇنياسى، جەمئىيەت ۋە ئىنسانلار تەپەككۇرىنىڭ ئەڭ ئومۇمىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىدىغان ماركسىزمچە دىيالېكتىك ئۇسۇلىدىن ئىبارەت. (دىيالېكتىكا بىلەن شەكىل لوگىكىسىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى مەسىلىسى توغرىسىدا **لوگىكا***غا قاراڭ.)

**شەكىل لوگىكىسى قانۇنىيىتى** 形式逻辑的规律 Законы Формальной логики
**شەكىل لوگىكىسى***غا قاراڭ.

**شەكىل ۋە مەزمۇن** 形式和内容 Форма и содержание

ماتېرىيالىستىك دىيالېكتىكىنىڭ ئىككى كاتېگورىيىسى، ئۇلار تەرەققىيات جەريانىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. تەبىئەت دۇنياسى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرقانداق شەيئى ۋە ھەرقانداق ھادىسىنىڭ ئۆز مەزمۇنى ۋە ئۆز شەكلى بولىدۇ. مەزمۇننى شەيئىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرىپى، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىدىغان تەرەپ، يەنى شەيئىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە خۇسۇسىيىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان ئاساس دەپ چۈشىنىش كېرەك. شەكىل

مەزمۇننىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى بولۇپ، ئۇ مەزمۇننىڭ ئامىللىرىنى بىر بىرىگە باغلاپ تۇرىدۇ. شەكىل بولمايدىكەن، مەزمۇننىڭ ئۆزىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. شەكىلنى مەزمۇندىن ئاجرىتىۋېتىش — كوپ ساندىكى ئىدىيالىستىك ۋە مېتافىزىكىلىق پەلسەپە سىستېمىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم شەكىل بىلەن مەزمۇننى بىر پۈتۈنلۈك، مۇنداق بىر پۈتۈنلۈكتە مەزمۇن ھەل قىلغۇچ نەرسە دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ مەزمۇنى. ئەمما، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى پەقەت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىر تەرىپىدىنلا ئىبارەت. كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى يەنى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بولسا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يەنە بىر تەرىپى، ئۇ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ شەكلى. شەكىل سۈپىتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى مەزمۇن سۈپىتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى ۋە خاراكتېرى قانداق بولسا، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تۈرىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ماركس: «سۇ تۈگمىنى فېودال خوجىلار باشچىلىقىدىكى جەمئىيەتنى پەيدا قىلدى، پار تۈگمىنى بولسا كاپىتالىستلار باشچىلىقىدىكى جەمئىيەتنى پەيدا قىلدى» دەپ كورسەتكەن ئىدى. ماركسىزم شەكىلگە قانداقتۇ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل نەرسە سۈپىتىدە باھا بەرمەستىن، مۇئەييەن، تولۇق مەزمۇنغا ئىگە شەكىل سۈپىتىدە باھا بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. «سوۋېتلەر سىياسىي تەشكىلاتنىڭ سوتسىيالىستىك شەكلى بولغىنىدەك، كولخوزلار ئىگىلىك تەشكىلاتىنىڭ سوتسىيالىستىك شەكلى. كولخوزلارمۇ ياكى سوۋېتلەرمۇ ئىنقىلاۋىمىزنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ نەتىجىسى، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ نەتىجىسى. لېكىن كولخوزلار ۋە سوۋېتلەر پەقەتلا بىر خىل تەشكىلىي شەكىل، دۇرۇس،

ئۇ سوتسىيالىستىك تەشكىلىي **شەكىل**، لېكىن ئۇ بەرىبىر تەشكىلىي **شەكىل**. ھەممە گەپ بۇ شەكىلنىڭ قانداق **مەزمۇننى** ئۆز ئىچىگە ئېلىشىدا.» («ستالىن ئەسەرلىرى»، 1956-يىل خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 13-توم، 202-بەت)

سوۋېت تۈزۈمىنىڭ دۈشمەنلىرى كولخوز ۋە سوۋېتتىن ئىبارەت بۇ شەكىلدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭغا بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي مەزمۇننى كىرگۈزۈشكە ئۇرۇنىدۇ. شۇڭا ئۇچۇن، كوممۇنىستىك پارتىيە بىزگە شەكىلگە تولىمۇ يۇقىرى باھا بەرمەسلىك كېرەك، شەكىلنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل رول ئوينىمايدىغانلىقىنى ھەم مۇستەقىل رول ئوينىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئەستە تۇتۇش كېرەك، دەپ تەلىم بېرىدۇ.

دىيالېكتىك ئۇسۇل: شەكىلگە نىسبەتەن ئېيتقاندا مەزمۇن مۇھىم، دەپ كۆرسىتىدۇ. لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەكىل مەزمۇنغا نىسبەتەن ھېچبىر مۇناسىۋەتسىز، پاسسىپ نەرسىمۇ ئەمەس، دەپ كۆرسىتىدۇ. مەزمۇن بولمىسا، شەكىل بولمايدۇ، شۇنداقلا شەكىل بولمىسا، مەزمۇنمۇ بولمايدۇ. شەكىلسىز مەزمۇن مەزمۇن بولالمايدۇ؛ مەلۇم كونكرېت مەزمۇن مۇئەييەن شەكىلدىكى بىرلىك ئىچىدىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، سوتسىيالىستىك مەزمۇنغا ئىگە يېزا ئىگىلىكى مۇئەييەن شەكىلگە يەنى كولخوز شەكلىگە ئىگە بولمىغان بولسا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمىغان بولاتتى. ئىنقىلاۋىي پائالىيەت مەزمۇنىغا ۋە نىشانىغا ئىگە پرولېتارىيات پارتىيىسى مۇئەييەن تەشكىلىي شەكىلگە يەنى دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ قاتتىق ئىنتىزامى قاتارلىقلارنى ئاساس قىلغان تەشكىلىي شەكىلگە ئىگە بولغاندىلا، پائالىيەت ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ. پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ بۇنداق شەكىلدىن ئايرىلىپ ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى مۇمكىن

ئەمەس.

شەكىل مەزمۇنغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ياكى ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. مەسىلەن، چىرىك كاپىتالىزم شارائىتىدا، كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ كىشەنى. ئۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ داۋاملىق تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ خاراكتېرىغا ئۇيغۇن بولغان يېڭى سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ كۈچتۇر. مەسىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنىڭ ئىجتىمائىيلىقىغا تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ، شۇڭا، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىدىغان كۈچلۈك ئامىل.

مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ بىرلىكى ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى رەت قىلمايلا قالماي، بەلكى ئۇنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. گەپ شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ھامان شەيئىلەر مەزمۇنىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىن باشلىنىدىغانلىقىدا ۋە مەزمۇننىڭ شەيئى ۋە جەريان ئىچىدە ئەڭ پائالىيەتچان ئامىل ئىكەنلىكىدە. مەزمۇن ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىش ھالىتىدە تۇرىدۇ، شۇ سەۋەبتىن مەزمۇن بىلەن شەكىل ئوتتۇرىسىدا مۇتلەق ئۇيغۇنلىشىشنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، شۇڭلاشقا، شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا شەكىل بىلەن مەزمۇن ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت تۇغۇلىدۇ، بۇ زىددىيەت دەسلىۋىدە مەۋجۇت شەكىلنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلمايدۇ. لېكىن، كېيىن بۇ زىددىيەت راۋاجلىنىپ شۇنداق بىر پەيتكە ئېلىپ كېلىدۇكى، شەكىل ئۆزىنىڭ بارلىق يوشۇرۇن كۈچىنى جارى قىلىپ بولىدۇ ھەم تەرەققىياتنىڭ توسالغۇسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا، شەكىل

بىلەن مەزمۇننىڭ ئۆزئارا باغلىنىشىدىكى دىيالېكتىك مۇناسىۋەت شۇكى، شەيئىنىڭ مەزمۇنى ئۆز تەرەققىياتى جەريانىدا، يېڭى مەزمۇنغا ئۆزگىرىدۇ. كەلمەي قالغان كونا شەكىل بىلەن زىددىيەت ھاسىل قىلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن كۈرەش قىلىدۇ؛ بۇنداق زىددىيەتنىڭ ھەل قىلىنىش ئۇسۇلى يېڭى مەزمۇننىڭ كونىرىغان شەكىلنى يوقىتىشى ۋە تاشلىۋېتىشىدىن ئىبارەت. ماركسىزمنىڭ شەكىل بىلەن مەزمۇن ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى قائىدىسىنى مۇنداق چۈشىنىش كېرەك: توقۇنۇش ئادەتتىكى مەزمۇن ۋە شەكىللەر ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولماستىن، بەلكى كونا شەكىل بىلەن يېڭى مەزمۇن ئوتتۇرىسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، چۈنكى يېڭى مەزمۇن يېڭى شەكىلگە مۇھتاج ھەمدە يېڭى شەكىلگە ئىنتىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇلۇغ ئوكتەبىر سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى ئارقىلىق ئورنىتىلغان پىرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى بۇرژۇئا پارلامېنت تۈزۈمىدىكى دۆلەت شەكلىگە زىت كېلىدۇ، يېڭى مەزمۇن يېڭى شەكىلنى — سوۋېتنى بارلىققا كەلتۈردى، ئۇ — پىرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ دۆلەت شەكلى.

شەكىل بىلەن مەزمۇن ھەققىدىكى دىيالېكتىك تەلىماتتىن ئىنتايىن مۇھىم بولغان بەزى ئەمەلىي ۋە سىياسىي يەكۈنلەر كېلىپ چىقىدۇ. مەزمۇن شەكىلنى بەلگىلەيدىكەن، ئۇنداقتا سوتسىيالىزم قۇرۇش، سوۋېتلەرنى، كولخوزلارنى ۋە سوۋېت مەدەنىيىتىنى داۋاملىق مۇستەھكەملەش ھەم راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەردە ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك مەزمۇنغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. شەكىل مەزمۇنغا نىسبەتەن ھېچبىر مۇناسىۋەتسىز پاسسىپ نەرسە ئەمەس ئىكەن، ئۇ ھالدا بۇنداق ياكى ئۇنداق ھادىسىنىڭ قانداق شەكىلگە ئىگە بولۇشى مەسىلىسىمۇ قىلچە مۇناسىۋەتسىز مەسىلە ئەمەس. مەسىلەن، پەقەت سوۋېت مەدەنىيىتىنىڭ مىللىي شەكىللا ھازىرقى تارىخىي

باسقۇچتا سوۋېت ئىتتىپاقى مەدەنىيىتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەزمۇنىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى؛ بەقەت سوۋېتتىن ئىبارەت بۇ پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ دۆلەت شەكلىلا سوۋېت ئىتتىپاقىدا سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ۋە مۇستەھكەملىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى ۋە باشقىلار، كوممۇنىستىك پارتىيە ئۆزىنىڭ تۈرلۈك يوليورۇقلىرى ئارقىلىق سوۋېت سەنئىتىنى سوتسىيالىستىك رېئالىزم يولىغا يېتەكلەپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتكە خىلاپ بولغان ھەر-قانداق بۇرژۇئا شەكىلۋازلىقىغا قارشى تۇردى. شەكىلۋازلىق سەنئەتنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىن ۋە كىشىلەرنىڭ كوممۇنىزىمنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرىشىدىن ئايرىۋېتىدۇ، شەكىلنى مەزمۇندىن خالىي بولغان يەككە مەقسەتكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. كوممۇنىستىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئۆزىنىڭ ئىدىيە مەسىلىسى توغرىسىدىكى قارارىدا سوۋېت سەنئىتىدىكى بۇرژۇئازىيە قالدۇقلىرىنى قاتتىق تەنقىت قىلدى ھەمدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: سوۋېت سەنئىتى سوۋېت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى يۈكسەك ئىدىيىۋىلىك ئاساسىدا ئومۇمىي يۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرگەندىلا، كوممۇنىزىمنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەندىلا غەلىبىلىك راۋاجلىنالايدۇ، شۇنىڭدەك كوممۇنىستىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارارىدا سەنئەتكارلاردىن بەدىي شەكلىنى تېخىمۇ ياخشىلاش تەلەپ قىلىندى، چۈنكى مۇكەممەل بەدىي شەكىل بولمىغاندا، سەنئەتنىڭ چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ، رېئاللىقنى توغرا ۋە رېئالىزم ئاساسىدا ئەكس ئەتتۈرگىلى بولمايدۇ.

يەنە شۇنىڭغا دىققەت قىلىش زۆرۈركى، يېڭى مەزمۇن مەلۇم كونا شەكىلدىن پايدىلىنىدۇ. ئۇ كونا شەكىلنى بۇزۇپ تاشلىمايدۇ، بەلكى كونا شەكىلنى ئۆزىنىڭ مەقسىدىگە ئويغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن،

كونا شەكىل ئىچىگە سىڭىپ كىرىپ، ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىدۇ. مەسىلەن، سوۋېت جەمئىيىتىدە يەنىلا ئەنە شۇ كونا ئىقتىسادىي شەكىللەردىن، ئالايلۇق پۇل، تاۋار، بانكا قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىلماقتا. ئەمما ئۇلارنىڭ مەزمۇنى ۋە رولى كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تۈپتىن ئۆزگەردى. كاپىتالىزمنىڭ بۇ كونا كاتېگورىيىلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىگىلىكتە ساقلىنىپ قالغىنى ئاساسەن ئۇنىڭ شەكلىدىن ئىبارەت. ھالبۇكى ماھىيەتتە بۇ كاتېگورىيىلەر تۈپتىن ئۆزگىرىپ سوتسىيالىستىك خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇلدى.

**شۈبھىچىلىك** 怀疑论 Скептицизм (گرېكچىسى σκέψις; σκέπτομαι — تەكشۈرۈش) ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى توغرا بىلىش مۇمكىنلىكىدىن شۈبھىلەنگۈچى پەلسەپىۋى مەزھەپ. شۈبھىچىلىك تەرەپدارلىرى شۈبھىلىنىشنى پرىنسىپ قىلىپ كۆتەردى؛ ئۇلار: ھەر بىر شەيئىگە نىسبەتەن بىر بىرىنى چەتكە قاقىدىغان ئىككى خىل پىكىردە يەنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ۋە ئىنكار قىلىش پىكرىدە بولۇشقا بولىدۇ، شۇڭا بىزنىڭ شەيئىلەر توغرىسىدىكى بىلىمىمىز ئىشەنچلىك ئەمەس، دەيدۇ. شۈبھىچىلىكتىن ئىبارەت پەلسەپىۋى مەزھەپ قەدىمقى يۇناندا پەيدا بولغان. ئۇنىڭ ئاساسچىسى پىررون (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرى 360—270). قەدىمقى زاماندىكى شۈبھىچىلىك تەرەپدارلىرىنىڭ قارىشىچە بولغاندا، شەيئىلەرنى بىلگىلى بولمايدىغانلىقىغا چۈمپۈتكەندىن كېيىن، نەزىرىيە جەھەتتە "ھۆكۈم قىلىشتىن ۋازكېچىش" كېرەك، ئەمەلىيەتتە بولسا شەيئىلەرگە نىسبەتەن كۆڭۈل بۆلمەيدىغان سوغاق پوزىتسىيىدە بولۇش، يەنى كۆڭۈلنىڭ "تېچلىقى"نى ساقلاش كېرەك. ماركس، قەدىمقى زاماندىكى شۈبھىچىلىك تەرەپدارلىرىنىڭ تەلىماتىدا بىر مەھەل ئەۋج ئالغان قەدىمقى يۇنان-رىم پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنىڭ زەئىپلىكى ئىپادىلەنگەن، دەپ

كۆرسەتكەن ئىدى. ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ گۈللىنىش دەۋرىدە، شۈبھىچىلىككە يەنە باشقا بىر مەزمۇن قوشۇلغان، ئۇ ئوتتۇرا ئەسىر ئىدېئولوگىيىسىگە قارشى كۆرەشتە، چېركاۋنىڭ ئابرويىنى توكۈش جەريانىدا ناھايىتى زور رول ئوينىدى. مونتېن (1533 — 1592) دىن كېيىن **بېيىل پېئېر*** "مېتافىزىكىنى شۈبھىچىلىك بىلەن بىتچىت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن فرانسىيىدە ماتېرىيالىزىمنى ئىگەللەش ۋە ئەقلىي پەلسەپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەردى......" («ماركس-ئېنگېلس ئەسەرلىرى»، 1957-يىلى خەلق نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى، 2-توم، 16-بەت) يەنە بىر تەرەپتىن، فرانسىيە پەيلاسوپى ۋە ماتېماتىكى پاسكال (1623 — 1662) يەنە شۈبھىچىلىكتىن سىرلىقلاشتۇرمىچىلىققا پايدىلىق بولغان خۇلاسىنى چىقاردى، ئۇ دىنىي ھېسسىياتنى بىلىش جەريانىدا ئىككىلىنىپ تۇرىدىغان ئەقلىنىڭ ئۈستىگە قويىدى. 18-ئەسىردە، شۈبھىچىلىك **بىلگىلى بولماسلىق نەزەرىيىسى*** شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقتى، ئۇنىڭ ۋەكىلى ئەسلى زات، سەۋەبىيەت قاتارلىق ئەڭ مۇھىم پەلسەپۋى كاتېگورىيىنىڭ ئوبيېكتىپ ئەھمىيىتىنى ئىنكار قىلغۇچى **يۇم*** ئىدى. شۈبھىچىلىك تەرەپدارلىرىنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈشكە تېگىشلىكلەردىن يەنە **كانت*** بار، ئۇ "ئۆزىدىكى نەرسە" (**"ئۆزىدىكى نەرسە" ۋە "بىز ئۈچۈن نەرسە"***"گە قاراڭ) نى بىلگىلى بولمايدۇ دېگەننى تەشەببۇس قىلدۇ.

ئىلىم-پەننىڭ يۈكسەك تارىخىي تەرەققىياتى ۋە ئىنسانلارنىڭ تەجرىبىلىرى ماركسىزملىق پەلسەپىنىڭ دۇنيانى بىلىش مۇمكىنلىكى توغرىسىدىكى قائىدىسىنى ئىسپاتلىدى، ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى بىلىش مۇمكىنلىكىنى پىرىنسىپ جەھەتتە ئىنكار قىلىدىغان شۈبھىچىلىكنى رەت قىلدى. دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم: دۇنيادا بىلگىلى بولمايدىغان نەرسە يوق، ھازىر بىلىنمىگەن نەرسىلەر كەلگۈسىدە ئىلىم-

پەن ۋە ئەمەلىيەتنىڭ كۈچى بىلەن ئېچىلىدۇ ۋە بىلىۋېلىنىدۇ، دېگەننى چىقىش نۇقتىسى قىلىدۇ. شۇبھىچىلىك ئۆزىنىڭ كىشىلەر شەيئىلەرنى بىلەلمەيدۇ دېگەن پىكرىنى ئاقلاش ئۈچۈن، كاززاپ-لىقتىن باشقا، ھېچقانداق ئاساس كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. ماركس-ىزملىق ماتېرىيالىزم دۇنيانى بىلگىلى بولىدىغانلىقىنى ئەمەلىيەت، ئەمەلىي پائالىيەتتىن ئىبارەت رەت قىلغىلى بولمايدىغان دەلىل-ئىسپاتلار بىلەن مۇئەييەنلەشتۈردى. ئەمەلىيەت بارلىق بىمەنە، ئىلمىي بولمىغان قائىدىلەرنى رەھىمسىز ھالدا ئېچىپ تاشلىدى، يەنە بىر تەرەپتىن بارلىق توغرا ۋە ئىلمىي ھەقىقەتنى دەلىللىدى. ئاۋادا، شۇبھىچىلىك تەرەپدارلىرىنىڭ ئېيتقىنىدەك، كىشىلەر شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى بىلەلمەيدىغان بولسا، ئۇ ھالدا كىشىلەرنىڭ قانداق پائالىيەتلىرىنى چۈشەنگىلى بولماي قالىدۇ، چۈنكى كىشى-لەرنىڭ ياشىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى بىلىش ۋە تەبىئەت دۇنياسىغا تەسىر كۆرسىتىش، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى كىشىلەرنىڭ ئىلكىگە ئېلىشتىن ئىبارەت. ئادەملا ئەمەس، ھەتتا ھايۋانلارمۇ، ئەگەر ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇش ئېھتىمالى بولغان تەسەۋۋۇرى ئۆزى سەزگەن ھادىسىلەرگە ئۇيغۇن كەلمىسە، ئۇ ھالدا ئۇلار تەبىئىي تەقدىرى بويىچە ئەتراپىدىكى مۇھىتقا لايىقلى-شالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەم ھايۋاناتقا ئوخشىمايدۇ، ئادەم ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياسايدۇ، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىدىن پايدىلىنىپ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىدۇ ھەمدە تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش داۋامىدا شەيئىلەرنىڭ تەڭ چوڭقۇر سىرلىرىنى بىلىۋالىدۇ. لېنىن مۇنداق دەيدۇ: "بىلىش پەقەت ئادەمگە باغلىق بولمىغان ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى ئەكس ئەتتۈرگەن چاغدىلا، ئىنساندىن ئىبارەت ئورگانىك جىسىمغا پايدىلىق بىلىش بولالايدۇ، ئادەمنىڭ ئەمەلىيىتىگە، ھايا-تىنى ساقلاشقا، نەسلىنى داۋاملاشتۇرۇشقا پايدىلىق بىلىش بولا-

لايدۇ. ماتېرىيالىستلار، ئىنسانلار ئەمەلىيىتىنىڭ "مۇۋەپپەقىيىتى" تەسەۋۋۇرىمىزنىڭ بىز سەزگەن شەيئىنىڭ ئوبيېكتىپ تەبىئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ، دەپ قارايدۇ." («ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىتچىلىكى»، 1972-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 239-بەت) ھازىرقى زامان بۇرژۇئازىيە پەلسەپىسىدە كەڭ تارقالغان شۇبھىچىلىك، بۇرژۇئا مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ "ئەقىل ئىقتىدارسىزلىقى" ھەققىدىكى تەشۋىقاتى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئىلىم-پەنگە ۋە ئىلمىي ماتېرىيالىزمغا قارشى تۇرۇشىدىكى بىر خىل كۆرۈنۈش شەكلى بولۇپ، ئۇ كاپىتالىستىك مەدەنىيەتنىڭ چىرىكلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

# غ

**غەيرى لوگىكىچىلىق** 非逻辑主义 Алогизм غەيرى لوگىكىچىلىق لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ توغرا بىلىشكە ئىگە بولۇشتىكى ئىلمىي قورال ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش دېمەكتۇر. ئۇ شۈبھىچىلىك، سىرلىقلاشتۇرمىچىلىق ۋە ئېتىقاتچىلىقنى ئاقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق ئەمىلىي پائالىيەتلىرى ۋە ئىلىم-پەننىڭ بارلىق تارىخى غەيرى لوگىكىچىلىق نەزەرىيىسىنى رەت قىلىپ تاشلىدى. ھازىرقى زامان ئىدىيالىستلىرى غەيرى لوگىكىچىلىقنى ھەدەپ تەشۋىق قىلىدۇ، بۇ نۇقتا جاھانگىرلىك دەۋرىدىكى بۇرژۇئا پەلسەپىسىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقىنى ۋە چىرىكلەشكەنلىكىنى راسا چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

**غەيرى مۇئەييەنلىك نەزەرىيىسى** 非决定论 Индетерминизм مۇئەييەنلىك نەزەرىيىسى ۋە غەيرى مۇئەييەنلىك نەزەرىيىسى*گە قاراڭ.

**غەيرى ئەخلاقچىلىق** 非道德主义 Аморализм غەيرى ئەخلاقچىلىق ھەممە ئەخلاقلارنى ئىنكار قىلىش، ئەخلاق-پەزىلەتنى چەتكە قېقىش، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ يوقىلىشىدىن ئاساس ئىزدەشكە كۆچەپ ئۆرۈنۈش، ۋىجدان ۋە شوھرەتتىن بىزار بولۇش دېمەكتۇر. غەيرى ئەخلاقچىلىق—فاشىزمنىڭ ۋە ئۇرغۇنلىغان باشقا ھەر خىل-ھەر رەڭدىكى جاھانگىرلىك ئىدىيە سېستىملىرى ۋە سىياسەتلىرىنىڭ بەلگىسى.

**غەيرى ئەقلىي** 非理性的 Иррациональный (لاتىنچىسى irrationalis; ir—ئىنكار، rationalis—ئەقلىي) ئەقىل، تەپەك-

كۆر چۈشىنەلمەيدىغان، لوگىكا ئۇقۇمى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. "غەيرى ئەقلىي" دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئادەتتە بىر خىل ئىدىيالىستىك پەلسەپە ئېقىمىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇنداق پەلسەپە ئېقىمى ئەقلىنىڭ، ئەقلىي تەپەككۇرنىڭ قابىلىيىتىنى ئىنكار قىلىدۇ، پەننىڭ ھەقىقەتنى بىلىدىغان قابىلىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ، ئىرادە، تەبىئىي ئىقتىدار، بىۋاستە سېزىم، ئاڭسىز قارىغۇلارچە كۈچ ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ دەپ تەرغىپ قىلىدۇ. شوپېنخاۋېر،* نىتسشې*دىن تارتىپ بېرگسون* جېمىس*، راسسېل* ۋە دېيۇئې* قاتارلىق كىشىلەرگىچە بولغان غەيرى ئەقلىيچىلىك تەرەپدارلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ قارىشى مۇشۇنداق. بۇنداق پەلسەپىۋى ئىدىيە ھازىرقى زامان بۇرژۇئازىيەسىنىڭ پەلسەپە، سىياسىي مۇھاكىمىسىدە كەڭ تارقالغان ھەمدە بىولوگىيە، پسىخولوگىيە، ئىجتىمائىيەت قاتارلىق ئىلىم-پەن ساھەلىرىگە كىرمەكتە. ئۇنىڭ مۇرتىلىرى ماركسىزمغا، ماتېرىيالىزمغا قارشى تۇرىدۇ. ھەتتا ئەقلىي بىلىشنىڭ كۈچىگە ۋە ئۇنىڭ مۇمكىنچىلىكىگە ئاز-تولا ئىشىنىدىغان ئىدىيالىزمنىمۇ قارشى تۇرىدۇ، ئەتراپىتىكى دۇنيانى بىلىش مۇمكىنلىكىنى ئىنكار قىلىش، پەننى ئىنكار قىلىش، ئوچۇق-ئاشكارا ئەكسىيەتچىل ئىدىيە ۋە سىرلىقلاشتۇرمىچىلىق — بۇلار غەيرى ئەقلىي بىلىشنى تەشۋىق قىلىدىغان پەلسەپىۋى تەلىماتنىڭ ئاساسى. ئەكسىيەتچى بۇرژۇئا مۇتەپەككۇرلىرى دۇنيا توغرىسىدىكى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى توغرىسىدىكى ئېنىق، قىلچە مۇجمەل بولمىغان ماتېرىيالىستىك ئۇقۇمنەزەرلەرنىڭ تارقىلىشىغا كۈچىنىڭ بېرىچە توسقۇنلۇق قىلىدۇ، غەيرى ئەقلىيچىلىكنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسى مانا شۇ.

**غەيرى ئۈزلۈكسىزلىك** Дискретность 非连续性 يەنى **ئۈزۈلمىلىك** (**ئۈزۈلمىلىك ۋە ئۈزۈلمىسىزلىك***كە قاراڭ).